دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر

国家出版基金项目
NATIONAL PUBLICATION FOUNDATION

# ئاننا كارېننا

2

لېۋ تولستوي ( رۇسىيە )



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

لېۋ تولستوي ( رۇسىيە )
ئاننا كارېننا
2
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

چەت ئەل نادىر ئەسەرلىرى تەرجىمە قۇرۇلۇشى

外国文学经典翻译工程

دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر



ئاننا كارېننا

ISBN 978-7-228-13372-7
9 787228 133727 >
定价：65.00 元



国家出版基金项目



لېف تولستوي ( رۇسىيە )

# ئاننا كارېنىنا

2

تەرجىمە قىلغۇچى : راخمان مامۇت

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

安娜·卡列尼娜 2：维吾尔文/(俄罗斯) 托尔斯泰 (Tolstoy, L.N.)著:热合曼·马木提译. 一 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2010.5
ISBN 978-7-228-13372-7

Ⅰ.①安... Ⅱ.①托... ②热... Ⅲ.①长篇小说 — 俄罗斯 — 近代 — 维吾尔语 (中国少数民族语言) Ⅳ. ①I512.44

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2010)第081742号

| | |
|---|---|
| 责任编辑 | 穆纳尔江·托合塔洪 |
| 责任校对 | 古丽夏尔·尼格买提 |
| 特约校对 | 万力·在顿 |
| 封面设计 | 买买提·诺贝提 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 电　　话 | 0991-2827472 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 印　　刷 | 北京顺诚彩色印刷有限公司 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230毫米 32开本 |
| 印　　张 | 23.625 |
| 版　　次 | 2014年9月第2版 |
| 印　　次 | 2014年9月第1次印刷 |
| 定　　价 | 65.00 元 |

*Anna Karenina*

# بەشنچی قسسم

# 1

كىنەز شېرباتسكىي خانىم ئەسلىدە توينى پەرھىز ئېيى كىرىشتىن ئىلگىرى قىلغىلى بولمايدۇ، چۈنكى پەرھىز ئېيىغا بەش ھەپتە قالدى، بەش ھەپتىنىڭ ئىچىدە قىز مېلىنىڭ يېرىمىمۇ پۈتمەيدۇ، دېگەنىدى. لېكىن، كىنەز شېرباتسكىينىڭ ھاممىسىنىڭ كېسىلى ئېغىر بولغاچقا، بىر ئىش بولۇپ قالسا تويىنىڭ تېخىمۇ كېچىكىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، لېۋىن دېگەن ۋاقىتتا قوشۇلۇشقا مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن توي پەرھىز ئېيىغىچە بولىدىغان، تويلۇق مالنى ئىككىگە بۆلۈپ، ئازراقىنى تويغىچە، جىقراقىنى تويدىن كېيىن تەييارلاپ بېرىدىغان بولدى. لېۋىنىنىڭ ھازىرغىچە شۇنداق قىلىشقا رازى - رازى ئەمەسلىكىنى بىلدۈرمىگىنىگە كىنەز خانىمنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەلدى. ياش ئەر - خوتۇن تويدىن كېيىن كېتىدىغان بولغاچقا، چوڭ تويلۇق مالنىڭ ئۇ يەردە پەقەتلا كېرىكى يوق ئىدى. بۇنىڭ بىلەن كىنەز خانىمنىڭ دېگىنى ئورۇنلۇق بولۇپ چىقتى.

لېۋىن ھېلىغىچە ئۆزىگە كەلگەن بۇ بەختتىن مەست يۈرەتتى، ئۆزى ۋە ئۆزىنىڭ بەختى پۈتكۈل ئۆمرىنىڭ بىردىنبىر مەقسىتى بولۇپ كۆرۈنەتتى. ئەمدى ئۇنىڭغا بىرەر نەرسىنى ئويلاشنىڭ، قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى، ھەممە ئىشنى باشقىلار ئۇنىڭغا قىلىپ بېرىۋاتاتتى. ئۇنىڭدا كەلگۈسى تۇرمۇشى توغرىسىدا نە بىر پىلان، نە بىر مەقسەت يوق ئىدى، ھەممە ئىشنى باشقىلارغا تاشلاپ بەرگەنىدى. ئۇلارنىڭ ئۇ ئىشلارنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئاكىسى كوزنىشېف، ئوبلونسكىي، كىنەز خانىملار ئۇنىڭغا نېمىنى قىلىپ، نېمىنى قويۇشنى دەپ تۇراتتى، ئۇ بولسا ئۇلارنىڭ

بارلىق تەكلىپلىرىگە قوشۇلۇپ بەرسىلا بولاتتى. ئاكىسى ئۇنىڭغا كېتىدىغان خىراجەتنى ھازىرلاپ بەردى، كىنەز خانىم تويدىن كېيىن موسكۋادىن كېتىش مەسلىھەتنى قىلدى، ئوبلونسكىي چەت ئەلگە چىقىپ كىرىڭلار، دەپ مەسلىھەت بەردى. لېۋىن ھەممىگە ماقۇل بولدى. «سىلەرنىڭ كۆڭلۈڭلارغا نېمە ياقسا شۇنى قىلىۋېرىڭلار. مەن شۇنچىلىك بەختلىك، نېمىلا ئىش قىلساڭلار مەيلى، مېنىڭ بەختىمگە زىيان يەتكۈزەلمەيسىلەر» دەپ ئويلايتتى ئۇ. ئۇ ئوبلونسكىينىڭ چەت ئەلگە چىقىپ كېلىڭلار، دېگەن مەسلىھەتنى كىتىگە دېگەندى، كىتى قوشۇلمىدى. كىتىنىڭ كەلگۈسىدىكى تۇرمۇشنى قانداق ئۆتكۈزۈشتە ئۆز ئالدىغا ئويلىغانلىرى بار ئىدى، بۇنى ئاڭلاپ لېۋىن ھەيران قالدى. كىتى لېۋىننىڭ يېزىدا ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئىگىلىكنىڭ بارلىقىنى بىلەتتى. لېۋىننىڭ سېزىشىچە، كىتى ئۇنىڭ ئۇ ئىشنى چۈشەنمەيتتى ھەم چۈشىنىشنىمۇ خالىمايتتى، ئەمما بۇ ئۇنىڭ بۇ ئىشنى مۇھىم ئىش دەپ قارىشىغا ھېچقانداق تەسىر كۆرسىتەلمەيتتى. كىتى ئۆزىنىڭ ئائىلىسىنىڭ يېزىدا بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى، شۇڭا ئۇزاق تۇرۇشنى ئويلاشمىغان چەت ئەلگە ئەمەس، ئۆزلىرى ئائىلە قۇرىدىغان يەرگە كېتىشنى خالايتتى. لېۋىننى ھەيران قالدۇرغىنى كىتىنىڭ مانا مۇشۇ ئېنىق پىكرى ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭ ئۆزىگە نەدە تۇرسا بەرىبىر بولغاچقا، ئوبلونسكىيدىن دەررۇ يېزىغا بېرىپ — خۇددى بۇ ئۇنىڭ رەت قىلىپ بولمايدىغان ۋەزىپىسىدەك — ئۇ يەردىكى ئىشلارنى ئۆزىنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ كېلىشنى ئىلتىماس قىلغانىدى.

— مەن سەندىن بىر ئىشنى سورىماقچى، — دېدى ئوبلونسكىي يېزىدا بۇ ياش ئەر - خوتۇننىڭ كېلىشىگە ھەممە نەرسىنى تەييارلاپ قويۇپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، — توۋا - ئىستىغپار ئوقۇغىنىڭغا بېرىلگەن گۇۋاھنامەڭ بارمۇ؟

— يوق، نېمە بولدى؟

— ئۇ گۇۋاھنامەڭ بولمىسا توي قىلالمايسەن.

— ھۆي - ھۆي - ھۆي، — دەپ توۋلاپ كەتتى لېۋىن، — مېنىڭ پەرھىز تۇتۇپ باقمىغىنىمغا سەككىز - توققۇز يىلچە بولۇپ قالدىغۇ دەيمەن. بۇ مېنىڭ خىيالىمغىمۇ كەلمەپتۇ.

— بەللى ! — دېدى ئوبلونسكىي كۈلۈپ كېتىپ، — سەن تېخى مېنى دىنسىز دەيسىنا. ئۇ گۇۋاھنامىسىز توي قىلىشىڭ مۇمكىن ئەمەس، چوقۇم تۇۋا - ئىستىغپار ئوقۇشۇڭ كېرەك.

— قاچان ئوقۇيمەن، تۆت كۈنلا قالغان تۇرسا.

ئوبلونسكىي ئۇنىڭ بۇ ئىشىنىمۇ توغرىلاپ بەردى. شۇنداق قىلىپ، لېۋىن تۇۋا - ئىستىغپار ئوقۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭغا ئوخشاش دىنغا ئىشەنمەيدىغان، ئەمما باشقىلارنىڭ ئېتىقادىغا ھۆرمەت قىلىدىغان ئادەملەر ئۇچۇن ھەر خىل دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش تولىمۇ ئېغىر ئىش ئىدى. ھازىر ھەممە نېمىدىن تەسىرلىنىپ، كۆڭلى ئېرىپ يۈرگەن چاغدا ئۆزىنى ياسالمىلىقتا مەجبۇرلاش ئۇنىڭغا ئېغىر بىلىنگەندىن باشقا، خىيالىغا كەلتۈرۈشمۇ مۇمكىن ئەمەستەك ئىدى. ئەمما، مۇشۇنداق كۆڭۈللۈك كۈنلەردە ئۇنىڭغا يالغان گەپ قىلىش ياكى ئۆزىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى يەرگە ئۇرۇشقا توغرا كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ بۇ ئىككى ئىشنىڭ ھېچقايسىسىنى قىلغۇسى يوق ئىدى، شۇڭا ئوبلونسكىيدىن تۇۋا - ئىستىغپار ئوقۇماي ئۇ گۇۋاھنامىگە ئېرىشكىلى بولمامدۇ، دەپ بىرنەچچە قېتىم سورىغانىدى، ئوبلونسكىي ئۇنداق قىلىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئۇنىڭغا چۈشەندۈردى.

— ئىككى كۈن سەن ئۈچۈن نېمە؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، نىكاھ ئوقۇيدىغان بوۋاي تولىمۇ ئەقىللىق ھەم ئىشنىڭ يولىنى ئۇقىدىغان ئادەم، ئاغرىق چىشىڭنى شۇنچىلىك چاققانلىق بىلەن تارتىۋېتىدۇكى، سەزمەيلا قالىسەن.

لېۋىن بىرىنچى قېتىم ئىبادەت قىلغاندا، ئۇن ئالتە - ئون يەتتە ياش ۋاقتىدىكى دىنغا بولغان كۈچلۈك تەلپۈنۈشنى

ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە بار ئىمكانىيىتى بىلەن تىرىشىپ باقتى، لېكىن شۇئان يەنە ئۇنىڭ تامامەن مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتتى، ئۇنى قىلچە ئەھمىيىتى يوق ئۆرپ ـ ئادەت، ئادەتتىكى زىيارەتكە ئوخشايدىغان ئىش دەپمۇ ئويلاپ باقتى، ئۇمۇ بولمىدى. لېۋىنىنىڭ دىنغا تۇتقان مۇئامىلىسى زامانداشلىرىغا ئوخشاش تەۋرىنىپ تۇراتتى، دىنغا ئىشەنمەيتتى، ئەمما دىنىنىڭ ھەممە ئەقىدىلىرىنى بىمەنە ئەقىدىلەر دەپمۇ قارىمايتتى، شۇڭا ئۆزى ھازىر قىلىۋاتقان ئىشىنىڭ ئەھمىيىتىگە ئىشەنمەيتتى ھەم ئۇنىڭغا ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا قارىغاندەك سۇس قاراپمۇ كەتمەيتتى. تۇۋا ـ ئىستىغپار ئوقۇۋاتقان مۇشۇ ۋاقىتنىڭ ئىچىدە ئۆزى چۈشەنمەيدىغان ئىشنى قىلىۋاتقاندەك، كۆڭلىدە بىر ئاۋاز ئاگاھلاندۇرۇپ، سەن يامان ئىش قىلىۋاتىسەن، كۆز بوياۋاتىسەن، دەۋاتقاندەك، ئۆزىدىن ئۆزى نومۇسلىنىشقا، خاتىرجەمسىزلىنىشكە باشلىدى.

ئىبادەت قىلىۋاتقاندا، لېۋىن بىردەم ئىبادەتنى ئۆز قاراشلىرىنىڭ ئەھمىيىتىگە خىلاپلىق قىلماي تۇرۇپ چۈشىنىشكە تىرىشىپ باقاتتى، بىردەم يەنە ئۇ يول بىلەن چۈشىنەلمەي، ھەتتا ئۇنى يامانلاپ، ئامال بار ئىبادەتكە قۇلاق سالماسلىققا تىرىشىپ، ئۆز پىكىرلىرى، بايقىغانلىرى ۋە ئەسلىمىلىرى ئىچىگە چۆكۈپ كېتەتتى. چىركاۋدا ئۆرە تۇرۇپ ئىبادەت قىلىۋاتقان بۇ مەنىسىز مىنۇتلاردا كاللىسىدا ئەنە شۇ خىياللار توختىماي ئايلىنىپ تۇرۇۋاتاتتى.

ئۇ سەھەرلىك، ئاخشاملىق، كېچىلىك ئىبادەتلەرنى ئەنە شۇنداق ئۆتىدى. ئەتىسى ئورنىدىن ئادەتتىكىدىن بالدۇر تۇرۇپ، ئەتىگەنلىك ئىبادەتكە، تۇۋا ـ ئىستىغپارغا بېرىش ئۈچۈن چېيىنىمۇ ئىچمەي سائەت سەككىزدىلا مېڭىپ كەتتى.

چېركاۋدا بىر تىلەمچى ئەسكەر، ئىككى موماي ۋە چېركاۋ خىزمەتچىسىدىن باشقا ھېچكىم يوق ئىدى.

پوپلار كېيىدىغان نېپىز پەشمەتتىن ئېگىز بەدىنىنىڭ ئىككى تاغىقى داردىيىپ چىقىپ تۇرغان ياردەمچى ياش روھانىي لېۋىنىنىڭ ئالدىغا چىقتى ۋە ئۇنى تامنىڭ تۈۋىدىكى كىچىك بىر ئۇستەلنىڭ يېنىغا باشلاپ كېلىپ قىرائەتنى باشلىۋەتتى. ياردەمچى روھانىي ناھايىتى ئىتتىك قىرائەت قىلىۋېتىپ، ئارىلاپلا: «يا خۇدا، كەچۈرگەيسەن» — گەپنى ئىتتىك قىلغاچقا، «ياخدا چەرگەيسەن، ياخدا چەرگەيسەن» دەپ ئاڭلىناتتى — دېگەنلىرىدە، لېۋىن خۇددى مېڭىسىنى قولۇپلىنىپ قالغاندەك، پېچەتلىنىپ كەتكەندەك ھېس قىلىپ قالدى، كاللىسىدا ھېچقانداق پائالىيەت يوق ئىدى. شۇنداق بولغىنىمۇ بولدى، بولمىسا مېڭىسى قالايمىقانلىشىپ كەتكەن بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ياردەمچى روھانىينىڭ كەينىدە تۇرۇپ، ئۇنىڭ قىرائەتلىرىگە قۇلاق سالماي، دىققەتمۇ قىلماي، ئۆزىنىڭ خىياللىرى بىلەن بولدى. «ئۇنىڭ قوللىرىغا ئاجايىپ مەنىلەر يوشۇرۇنغان - ھە !» دەپ ئويلىدى لېۋىن ئۆزى بىلەن كىتىنىڭ تونۇگۈن ئۇستەل يېنىدا ئولتۇرغان چېغىنى ئەسلەپ. شۇنداق چاغلاردا ئۇلار قىلىدىغان گەپ تاپالماي قېلىشاتتى، بۇ قېتىممۇ شۇنداق بولدى. كىتى بىر قولىنى ئۇستەل ئۈستىگە قويۇپ ئالىقىنىنى بىردەم يۇماتتى، بىردەم ئاچاتتى، قولىنىڭ بۇ ھەرىكىتىگە قاراپ ئارىلاپ كۈلۈپمۇ كەتكەنىدى. لېۋىن ئۇنىڭ قولىغا قانداق سۆيۈۋالغانلىقىنى، قىپقىزىل ئالىقىنىدىكى جىرىم - جىرىم سىزىقلارغا تەپسىلىي قاراپ كەتكەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى. «يەنە كەچۈرگەيسەن باشلاندىغۇ، — دەپ ئويلىدى لېۋىن ۋە بۇ ئويى بىلەن تەڭ مەيدىسىگە كرېست سىزىپ تۇرۇپ چوقۇنۇپ قويدى، ئاندىن ئۆزىنىڭ ئىبادىتىنى قوبۇل قىلىۋاتقان ياردەمچى روھانىينىڭ دومبىسىدىكى گۆشلىرىنىڭ لىپىلداپ تۇرۇۋاتقانلىقىغا قاراپ قويدى، — كېيىن كىتى مېنىڭ قولۇمنى قوللىرى ئارىسىغا ئېلىپ، ئالىقىنىمدىكى ئۇششاق سىزىقچىلارغا ئۇزاق قاراپ كېتىپ: ‹سىزنىڭ قوللىرىڭىز

ئاجايىپ قوللار ئىكەن، دېدى، — لېۋىن دەررۇ ئۆزىنىڭ قوللىرىغا، ئاندىن ياردەمچى روھانىينىڭ قوللىرىغا قاراپ قويدى، — خەيرىيەت، ئۇنىڭ قىرائىتى تۈگەي دەپ قالدى. ياق، ئۇنداق ئەمەستەك، يەنە باشتىن باشلىغاندەك قىلىدۇ، — ئۇ ئۇنىڭ ئوقۇۋاتقىنىغا دىققەت قىلىۋېتىپ شۇنداق ئويلاپ قالدى، — ياق، تۈگەپ قاپتۇ. ئۇ بېشىنى يەرگە تەگكۈدەك ئېگىۋاتامدۇ؟ قىرائەت ئاخىرلىشىپ قالغاندا شۇنداق قىلىشىدۇ.»

ياردەمچى روھانىي پەشمىتىنىڭ مەخمەلدىن قايرىما تۇتۇلغان يېڭى ئىچىدىن قولىنى چىقىرىپ، ئۆزىگە سۇنۇلغان ئۈچ رۇبىلىلىق قەغەز پۇلنى چاندۇرماي ئالدى، ئاندىن، ئىسمىڭىزنى بىلىۋالدىم، خاتىرجەم بولۇڭ، دەپ قويۇپ، يېڭى ئۆتۈك كىيگەن پۇتلىرىدا چىركاۋنىڭ تاش پەلەمپىيىنى مەزمۇت دەسسەپ مېھراب تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. بىرئازدىن كېيىن مېھرابنىڭ ئىچىدىن بېشىنى چىقىرىپ لېۋىنغا مېھرابقا يېقىن كېلىشنى قولى بىلەن شەرەت قىلدى. لېۋىننىڭ شۇنىڭغىچە بېسىلىپ تۇرغان ئويلىرى يەنە جانلىنىشقا باشلىغانىدى، لېۋىن ئالدىراپ ئۇنى يەنە بېسىشقا ئۇرۇندى ۋە: «بۇمۇ ئاخىر تۈگەيدۇغۇ» دەپ ئويلاپ، پەلەمپەي بىلەن چىقىپ ئوڭغا بۇرۇلۇپ، شۇ يەردە تۇرغان روھانىينى كۆردى. ئۇ جىۋەك، چار ساقال، كۆزلىرىدىن ھارغىنلىق چىقىپ تۇرغان بىر بوۋاي ئىدى، مېھرابنىڭ يېنىدا «ئىنجىل»نى ۋاراقلاپ ئۆرە تۇراتتى. ئۇ لېۋىنغا قاراپ بېشىنى بوش لىڭشىتىپ قويۇپ، ئادەتلەنگەن ئاۋازى بىلەن دەررۇ «ئىنجىل»نىڭ پارىلىرىدىن ئوقۇشقا باشلىدى. ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن يەرگىچە ئېگىلىپ قويۇپ، ئاندىن لېۋىنغا يۈزلەندى.

— شۇ تۇرقىدا ئىيسا پەيغەمبەر ئۆزى كۆرۈنمەي تۇرۇپ سىزنىڭ توۋا ـ ئىستىغپارىڭىزنى ئاڭلاپ تۇرۇۋاتىدۇ، — دېدى روھانىي كرېستقا مىخلاقلىق تۇرغان ئىيسانىڭ رەسىمىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — سىز ئۇنىڭ مۇقەددەس مۇخلىسلىرىنىڭ چېركاۋى بېكىتكەن دىنىي ئەقىدىلىرىگە ئىشىنەمسىز؟ — دېدى

ئۇ سۆزىنى داۋام قىلىپ. ئۇ لېۋىنغا قارىمايتتى، ئىككى قولى بويىنغا ئېسىۋالغان مۇقەددەس نىشانىنىڭ تېگىدە تۇراتتى.

— مەن بۇرۇنمۇ ھەممە نېمىدىن گۇمانلىناتتىم، ھازىرمۇ گۇمانلىنىمەن، — دېدى لېۋىن ئۆزى ئاڭلاپمۇ بىزار بولغان ئاھاڭدا. ئۇ شۇ گەپنى قىلىپ بولۇپلا جىم تۇرۇۋالدى.

روھانىي ئۇنىڭ يەنە دەيدىغانلىرى بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلاپ، كۆزلىرىنى يۇمغان ھالدا بىرنەچچە سېكۇنت جىمجىت تۇردى، ئاندىن ۋلادىمىرلىقلارنىڭ شېۋىسىدە ئىتتىك سۆزلەپ:

— گۇمان بەندىلەرنىڭ تۇغما ئاجىزلىقىدۇر. ئەمما، بىز شەپقەتلىك خۇدانىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىشنى ئويلىساق ئىبادەت قىلىشىمىز كېرەك. سىزنىڭ نېمە ئېغىر گۇناھلىرىڭىز بار؟ — ئۇ خۇددى ئازراق ۋاقىتنىمۇ بوش ئۆتكۈزۈۋەتمەي دەپ ئويلىغاندەك توختاپ قالماي سۆزلىدى.

— مېنىڭ ئاساسلىق گۇناھىم گۇمانخورلۇق، ھەممە نەرسىدىن گۇمانلىنىمەن. نۇرغۇن ۋاقتىم گۇمان - شۇبھە بىلەن ئۆتىدۇ.

— گۇمان بەندىلەرنىڭ تۇغما ئاجىزلىقىدۇر، — دېدى روھانىي بايىقى سۆزىنى تەكرارلاپ، — ئاساسەن نېمىدىن گۇمانلىنىسىز؟

— ھەممە نېمىدىن، بەزىدە ھەتتا خۇدانىڭ مەۋجۇتلۇقىدىنمۇ گۇمانلىنىمەن، — ئىختىيارسىز راست گېپىنى دەۋەتتى لېۋىن ۋە خىيالىغا كەلگەننى دەۋەتكەنلىكىنى ئويلاپ قورقۇپمۇ قالدى. لېكىن، ئۇنىڭ ئۇ گېپى روھانىيغا تەسىر قىلغاندەك ئەمەس ئىدى.

— خۇدانىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىدىن نېمىشقا گۇمانلىنىسىز؟ — دەپ سورىدى روھانىي بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلۈپ قويۇپ.

لېۋىن زۇۋان سۈرمىدى.

— خۇدانىڭ جىمى مەۋجۇداتلارنى ياراتقانلىقى ئېنىق تۇرسا،

يەنە نېمىشقا ھەممىگە قادىر خۇدانىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن گۇمان قىلىسىز؟ — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى باش روھانىي ئادەتلەنگەن تەلەپپۇز بىلەن ئىلدام ـ ئىلدام سۆزلەپ، — ئاسماننى سەييارىلەر بىلەن بېزەپ چىققان كىم؟ زېمىننى شۇنچە چىرايلىق قىلىپ ياراتقان كىم؟ خۇدا بولمىسا شۇ نەرسىلەر بولارمىدى؟ — دېدى ئۇ سوئال نەزىرى بىلەن لېۋىنغا تىكىلىپ.

لېۋىن ئۇنىڭ بىلەن بۇ پەلسەپىلىك مەسىلىلەردە تالىشىپ بىر باشقا ئېلىپ چىقالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئۇ سورىغان سوئاللارغىلا جاۋاب بېرىپ تۇردى.

— بىلمەيمەن، — دېدى ئۇ.

— بىلمەمسىز؟ ئۇنداق بولسا نېمىشقا جىمى مەۋجۇداتلارنى خۇدانىڭ ياراتقانلىقىدىن گۇمانلىنىسىز؟ — باش روھانىي ئۇنىڭ جاۋابىنى چۈشەنمىگەندەك، ئەمما خاپا بولماي سورىدى.

— مەن ھېچنېمىنى چۈشەنمەيمەن، — دەپ جاۋاب بەردى لېۋىن قىزىرىپ كېتىپ. ئۇنىڭ بۇ سوئالى ئۇنىڭغا تولىمۇ ئەخمىقانە سوئال بولۇپ تۇيۇلغانىدى. بۇنداق سورۇندا ئاشۇنداق سوئاللارنى سوراش دېمىسىمۇ ئۆتۈپ كەتكەن بىمەنىلىك ئىدى.

— خۇداغا ئىبادەت قىلىڭ، خۇداغا سېغىنىڭ. بىز روھانىيلارمۇ بەزىدە شۇنداق گۇمانلاردا بولۇپ قالىمىز، ئەمما بىز يەنە خۇدادىن كەچۈرۈم سوراپ، ئېتىقادىمىزنى تېخىمۇ چىڭىتىشنى تىلەيمىز. شەيتان يامان نەرسە، ئۇنىڭ ئېزىقتۇرۇشلىرىغا ئالدانماسلىقىمىز كېرەك. خۇداغا تېۋىنايلى، خۇداغا سېغىنىپ تۇرايلى، خۇدا يولىدا ئىبادەت قىلايلى! — روھانىي بۇ گەپلەرنى ئىتتىك ـ ئىتتىك دېدى.

روھانىي خۇددى بىر ئىشنى ئويلاۋاتقاندەك، بىردەم گەپتىن توختاپ قالدى.

— ئاڭلىسام، سىز كىنەز شېرباتسكىينىڭ چېركاۋىمىزغا كېلىپ داۋاملىق ئىبادەت قىلىپ، توۋا ـ ئىستىغپار ئوقۇپ تۇرىدىغان خانقىزى بىلەن توي قىلغۇدەكسىز.

— شۇنداق، — دېدى لېۋىن روھانىينىڭ بۇ گېپىدىن قىزىرىپ كېتىپ. ئارقىدىن: «توۋا ـ ئىستىغپار ئوقۇۋاتقان چاغدا بۇ گەپنى سوراشنىڭ ھاجىتى نېمە؟» دەپ ئويلىدى.

— سىز ئۆيلەنمەكچى بولۇۋېتىپسىز، خۇدا سىزگە نۇرغۇن پەرزەنتلەرنى بېرىپمۇ قالار، شۇنداقمۇ؟ — دېدى روھانىي ئۇنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇۋاتقاندەك، — خوش، ئەگەر سىز خۇداغا ئىشەنمە، دەپ ئازدۇرۇۋاتقان شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشىغا تاقابىل تۇرالمىسىڭىز، ئۇ چاغدا پەرزەنتلىرىڭىزنى قانداق تەربىيىلەيسىز؟ — دېدى ئۇ لېۋىننى سەل ئەيىبلىگەندەك تەلەپپۇزدا گەپنى ئايلاندۇرۇپ قىلىپ، — ئەگەر سىز مېھرىبان ئاتا بولۇشنى ئويلىسىڭىز، پەرزەنتلىرىڭىزنىڭ دۆلەتمەن، شۆھرەتلىك ئادەملەردىن بولۇشىنىلا تىلەپ قالماستىن، يەنە ئۇلارنىڭ روھىنىڭ پاك بولۇشىنىمۇ، قەلبلىرىنىڭ ھەقىقەت نۇرلىرى بىلەن نۇرلىنىپ تۇرۇشىنىمۇ تىلىشىڭىز كېرەك. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ناۋادا نارەسىدە باللىرىڭىز سىزدىن: «دادا، يەر ـ زېمىننى، دەريا ـ ئۆستەڭلەرنى، قۇياشنى، گۈل ـ چېچەكلەرنى، دۇنيادىكى مەن ياخشى كۆرىدىغان ھەممە نەرسىنى كىم ياراتقان؟» دەپ سوراپ قالسا، ئۇلارغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىسىز؟ «مەن بىلمەيمەن!» دەمسىز؟ خۇدا سىزگە ئۆزىنىڭ رەھىمدىللىكى بىلەن جىمى نەرسىنى يارىتىپ بەرگەن تۇرسا، سىزنىڭ ئۇنى بىلمەسلىكىڭىز مۇمكىنمۇ؟ مۇبادا باللىڭىز سىزدىن: «ئۇ دۇنيادا بىزنى نېمە كۈتۈپ تۇرىدۇ؟» دەپ سوراپ قالسا، سىز ئۇ توغرۇلۇق ھېچ نەرسە بىلمىسىڭىز، نېمە دەپ جاۋاب بېرىسىز؟ ئۇنى پانىي ئالەم بىلەن شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشىغا تاشلاپ بېرەمسىز؟ ئۇنداق قىلسىڭىز ياخشى بولماس، — روھانىي سۆزىنى توختىتىپ، بېشىنى سىڭارىيان قىلىپ تۇرۇپ لېۋىننىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدى.

لېۋىن ئۇنىڭ گەپلىرىگە جاۋابەن ھېچنېمە دېمىدى. ئۇ روھانىي بىلەن تالىشىپ ئولتۇرۇشنى خالىمىغىنىدىن ئەمەس،

مۇشۇ كەمگىچە ھېچقانداق بىر ئادەم ئۆزىدىن بۇنداق گەپلەرنى سوراپ باقمىغانلىقى ئۈچۈن جاۋاب بېرەلمىگەنىدى. بالىلىرى چوڭ بولۇپ بۇنداق سوئاللارنى سورىغۇچە يەنە نۇرغۇن ۋاقىت بار، شۇنىڭغىچە قانداق جاۋاب بېرىشنى بىلىپمۇ قالار.

— سىز ھاياتنىڭ شۇنداق بىر دەۋرىگە قەدەم قويۇۋاتىسىزكى، — دېدى روھانىي سۆزىنى داۋام قىلىپ، — بۇ دەۋردە سىز قەتئىي ئىرادە بىلەن بىر يولنى تاللاپ، ئېغىشماي شۇ يولدا مېڭىشىڭىز كېرەك. خۇداغا ئىبادەت قىلىپ، خۇدانىڭ رەھىم ـ شەپقەت قىلىشىنى، گۇناھلىرىڭىزدىن ئۆتۈشىنى تىلەڭ، — ئاخىرىدا ئۇ شۇنداق دېدى، — ئەي خۇدا، ئەي پەيغەمبىرىمىز ئىيسا، بەندىلىرىڭگە كۆرسىتىدىغان ھىممىتىڭ بىلەن بۇ ئوغلۇڭنى مەغپىرەت قىلغايسەن ... — روھانىي خۇداغا شۇ تىلىكىنى بىلدۈرۈپ ۋە لېۋىنغا بەخت تىلەپ بولۇپ، ئاندىن ئۇنىڭ كېتىشىگە ئىجازەت بەردى.

لېۋىن ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، ئۇ يەردىكى قولايسىز ئەھۋالدىن بىر ئېغىزمۇ يالغان گەپ قىلماي قۇتۇلغىنىغا بەكمۇ خۇشال بولدى. ئۇ يېقىملىق بوۋاينىڭ ئېسىدە غۇۋا قالغان گەپلىرى ئەمدى ئۇنىڭغا دەسلەپتىكىدەك ئۇنداق ئەخمىقانە گەپلەر بولۇپ تۇيۇلمىدى، بەزى گەپلىرى ھەتتا ئوبدان ئويلىنىپ چۈشىنىۋېلىشقا تېگىشلىك گەپلەردەك سېزىلدى.

«ئەلۋەتتە، ھازىر ئەمەس، — ئويلىدى ئۇ، — كېيىنرەك ئويلىنىپ كۆرەرمەن.» لېۋىن روھىدا قانداقتۇر بىر نامەلۇملۇقنىڭ، ناپاكلىقنىڭ بارلىقىنى سېزەتتى، ئەمما دىنغا باشقىلارغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىپ كەلگەنىدى. لېكىن، كېيىن ئۇنداق بولمىدى، بەزىلەرگە مۇشۇ ئىشتا زەربىمۇ بەردى، ھەتتا دوستى سۋىيەژسكىينى ئەيىبلەپمۇ كەتكەنىدى.

شۇ كۈنى ئاخشىمى ئۇ كىتى بىلەن بىللە دوللىنىڭكىدە بولدى، كەيپى تولىمۇ چاغ ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ خۇشاللىقىنى ئوبلونسكىيغا سۆزلەپ بېرىپ، بۇ خۇشاللىقى ئىگىسىنىڭ

مۇددىئاسىنى چۈشىنىپ، خۇشاللىقىدا غىڭشىپ، قۇيرۇقىنى شىپپاڭشىتىپ ئۇستەلگە، ئۇستەلدىن دېرىزە تەكچىسىگە سەكرەپ يۈرگەن ئىتنىڭ خۇشاللىقىغا ئوخشاتتى.

## 2

توي كۈنى، لېۋىن ئادەت بويىچە (كىنەز خانىم بىلەن دوللى ئۇنىڭدىن ھەممە ئۆرپ ـ ئادەتلەرگە قەتئىي ئەمەل قىلىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالغانىدى) قىز بىلەن كۆرۈشمەي، مېھمانخانىدا ئۇچرىشىپ قالغان ئاكىسى كوزنىشېف ۋە ئىككى ئاغىنىسى بىلەن بىللە تاماق يېدى، ئۇ ئۈچى بويتاق ئادەملەر ئىدى. ئىككى ئاغىنىسىنىڭ بىرى، لېۋىننىڭ ئۇنىۋېرسىتېتتا بىللە ئوقۇغان ساۋاقدىشى، ئىجتىمائىي پەن پروفېسسورى كاتاۋاسوف (لېۋىن ئۇنى كوچىدا ئۇچرىتىپ قېلىپ باشلاپ كىرگەنىدى)، يەنە بىرى، موسكۋادا كېلىشتۈرگۈچى سوتچى بولۇپ ئىشلەۋاتقان، دائىم بىللە ئېيىق ئوۋلىغىلى چىقىدىغان ئاغىنىسى، يىگىت قولدىشى چىرىكوف ئىدى. ئۇلار ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشتى. كوزنىشېفنىڭ كەيپىياتى بەكمۇ يۇقىرى ئىدى، ئۇنىڭغا كاتاۋاسوفنىڭ ئاجايىپ چاقچاقلىرى بەكمۇ ياراپ كەتتى. كاتاۋاسوف چاقچاقلىرىنىڭ ئۇلارغا ياققانلىقىنى كۆرۈپ تېخىمۇ ئېچىلىپ كېتىۋاتاتتى. چىرىكوف ھەرقانداق پاراڭغا كۆڭۈللۈك ۋە خۇشخۇيلۇق بىلەن قاتنىشىدىغان ئادەم ئىدى.

— قاراڭلار، — دېدى كاتاۋاسوف سىنىپتا دەرس سۆزلەپ ئۆگىنىپ قالغان ئادىتى بويىچە سوزۇپ گەپ قىلىپ، — ئاغىنىمىز كونستانتىن دمىترىچ بۇرۇن قانداق قابىلىيەتلىك يىگىت ئىدى. مەن ئۇنىڭ ئۆتمۈشىنى دەۋاتىمەن، ھازىر ئۇ

ئۇنداق ئەمەس. ئۇنىۋېرسىتېتنى تۈگەتكەن چاغلاردا ئىلىم ـ پەنگە شۇنچىلىك قىزىقاتتى، ھەممىدىن خەۋەردار ئىدى. ھازىرچۇ؟ ھازىر ئۇنىڭ يېرىمى ئۆزىنى ئالداپ ئۆتۈۋاتىدۇ، قالغان يېرىمى شۇ ئالدامچىلىقنى ئاقلاۋاتىدۇ.

— مەن ساڭا ئوخشاش توي قىلىشقا جاھىللىق بىلەن قارشى تۇرىدىغان ئادەمنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغان، — دېدى كوزنىشېف.

— يوقسۇ، مەن توي قىلىشقا قارشى ئەمەسمەن. مەن ئەمگەك تەقسىماتىنى ياقلايمەن. قولىدىن ھېچقانداق ئىش كەلمەيدىغان ئادەملەر بالا تۇغۇشلىرى كېرەك، قالغانلار ئۇلارنى تەربىيىلەيدىغان، ئۇلارغا بەخت ـ سائادەت يارىتىپ بېرىدىغان بولسۇن. مېنىڭ قارىشىم ئاشۇنداق. بۇ ئىككى ئىشنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىدىغان ئادەملەر خېلى بار، ئەمما مەن ئۇلارنىڭ قاتارىدا ئەمەس.

— بىر كۈنلەردە سېنىڭمۇ بىرەرىگە ئاشىق بولغىنىڭنى ئاڭلاپ قالسام ئاجايىپ خۇشال بولۇپ كېتەتتىم ـ دە، — دېدى لېۋىن، — شۇ چاغدا مېنى توي شارابىغا چوقۇم تەكلىپ قىل.

— مەن ھازىرمۇ ئاشىقمەن.

— توغرا، سەن كاركاتىتسىغا[1] ئاشىق. بىلەمسەن؟ — دېدى لېۋىن ئاكىسىغا قايرىلىپ، — مىخائىل سېمىيونىچ ئوزۇقلۇق ھەققىدە بىر كىتاب يېزىۋاتىدۇ.

— يوق گەپنى قىلماڭ !؟ ئادەم نېمىنىلا يازسا بەربىرغۇ. راست، مەن كاركاتىتسا بىلىقىنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم.

— ئۇ سىزنىڭ خوتۇنىڭىزنى ياخشى كۆرۈشىڭىزگە كاشىلا قىلمايدۇغۇ.

— ئۇغۇ كاشىلا قىلمايدۇ، لېكىن خوتۇنۇم كاشىلا قىلىدۇ ـ دە.

— نېمىشقا؟

— بۇنى كېيىن بىلىپ قالىسىز. سىز دېھقانچىلىقنى، ئوۋ ئوۋلاشنى ياخشى كۆرىسىز، لېكىن ئاخىرىدا نېمىنى ياخشى

---

① دېڭىزدا ياشايدىغان يۇمشاق تەنلىك بىر خىل بېلىق.

كۆرىدىغىنىڭىزنى كۆرىمىز تېخى.

— بۈگۈن ئارخىپ كەلگەن، پرۇدىنىي ئورمىنىدا بۇغا ناھايىتى كۆپ دەپ ئېيتتى، يەنە ئىككى ئېيىقنىمۇ كۆرۈپتۇ، — دېدى چىرىكوف.

— مەن بارمايمەن، سىلەر بېرىپ ئوۋلاپ كېلىڭلار.

— ئۇنىڭ دېگىنىمۇ توغرا، — دېدى كوزنىشېف، — بۇنىڭدىن كېيىن ئېيىق ئوۋلاشقا چىقمايلا قوي، ئوۋغا چىقمەن دېسەڭمۇ بەرىبىر خوتۇنۇڭ بارغۇزمايدۇ.

لېۋىن مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. ئۇ خوتۇنىنىڭ ئۆزىنى ئېيىق ئوۋلاشقا بارغۇزمايدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئەگەر ئۇ شۇنداقلا قىلىدىغان بولسا، ئېيىق ئوۋلاشنى ئۆمۈرۋايەت تاشلىغان بولاتتىم، دەپ قىزىقلا ئويلاپ قالدى.

— ئۇ ئىككى ئېيىقنى ئوۋلىغىلى چىقمىسىڭىز تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولىدۇ. خاپىلوۋدىكى ئوۋ ئېسىڭىزدىمۇ؟ شۇ ئوۋ قانداق كۆڭۈللۈك بولغان! — دېدى چىرىكوف.

چىرىكوف توي قىلمايمۇ خۇشال - خۇرام ياشىغىلى بولىدۇ، دەپ قارايتتى، لېۋىن ئۇنى رەنجىتكۈسى كەلمەي ئۇنىڭغا قارشى ھېچنېمە دېمىدى.

— بويتاقلىقتىن ئايرىلىشنىڭ بۇ ئادىتىمۇ بىر ھېسابتا ياخشى، — دېدى كوزنىشېف، — بىراق، توي قىلىپ قانچە بەختلىك بولۇپ كەتسەڭمۇ، ئەركىنلىكتىن مەھرۇم بولغىنىڭغا ئېچىنماي قالمايسەن.

— گوگولنىڭ كىتابىدىكى ئۆيلەنگەن ئاشۇ يىگىتكە[1] ئوخشاش، دېرىزىدىن سەكرەپ قېچىپ كېتىش خىيالىڭىزنىڭ

---

① گوگولنىڭ «توي» ناملىق ئەسىرىدىكى يەتتىنچى دەرىجىلىك ئەمەلدار پودكولىشىننى دېمەكچى. ئۇ ئەلچى بىلەن دوستلىرىنىڭ تېپىشتۇرۇشى بىلەن بىر سودىگەرنىڭ قىزى بىلەن توي قىلماقچى بولىدۇ. لېكىن، نېمىشقىدۇر ئىچىگە بىر قورقۇنچ چۈشۈپ قېلىپ، توي مۇراسىمى باشلانماي تۇرۇپلا دېرىزىدىن سەكرەپ قېچىپ كېتىدۇ.

بارلىقىنى ئىقرار قىلىسىڭىزلا بولمىدىمۇ؟
— شۇنداق قىلغۇسى بار، لېكىن ئىقرار قىلغۇسى يوق، — دېدى كاتاۋاسوف قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ.
— شۇنداق قىلسامۇ بولىدۇ، دېرىزە ئوچۇق بولغاندىكىن ... هازىرلا تۆۋەنگە ماڭمايلىمۇ! ئۇ يەردە بىر چىشى ئېيىق بار، ئۇدۇل ئۇۋىسىغىلا باستۇرۇپ كىرىمىز. راست دەۋاتىمەن، سائەت بەشنىڭ پويىزىغا ئولتۇرىمىز. بۇ يەرنىڭ ئىشلىرىنى ئۇلار قىلغاچ تۇرىدۇ، — دېدى چىرىكوف كۈلۈپ تۇرۇپ.
— راستىمنى دېسەم، — دېدى لېۋىن كۈلۈپ تۇرۇپ، — مېنىڭ ئەركىنلىكىمنى يوقىتىپ قويغىنىمغا پەقەتلا ئېچىنغۇم كەلمەيدۇ.
— راست دەيسەن، هازىر سېنىڭ كۆڭلۈڭ شۇنچىلىك مالىماتاڭكى، نېمىگە ئېچىنىپ، نېمىگە ئېچىنماسلىقىڭنى بىلمەيسەن، — دېدى كاتاۋاسوف، — ئۆزۈڭنى سەل بېسىۋالغاندىن كېيىن بىلىسەن.
— ياق، هېسسىياتىم (ئۇ ئۇلارنىڭ ئالدىدا مۇھەببىتىم، دېيىشكە جۈرئەت قىلالمىدى) بىلەن بەخت - سائادىتىمنى دەپ ئەركىنلىكتىن مەھرۇم بولغىنىمغا سەل - پەل ئېچىنىشىم مۇمكىن ... ئەمما، يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا، ئەركىنلىكتىن ئايرىلىپ قالغىنىمغىمۇ خۇشالمەن.
— ئەمدى تۈگىشىپسەن، سېنى قۇتۇلدۇرۇۋالغىلىمۇ بولمىغۇدەك، — دېدى كاتاۋاسوف، — قېنى، ھەممىمىز ئۇنىڭ سالامەتلىكى، ياكى شېرىن خىياللىرىنىڭ ئەڭ بولمىغاندا بىرىنىڭ بولسىمۇ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن بىر قەدەھتىن ئىچەيلى. تىلەكلىرىنىڭ بىرەرى بولسىمۇ ئەمەلگە ئاشسا، ئۇمۇ جاھاندا ئەڭ چوڭ بەخت ھېسابلىنىدۇ.
تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن مېھمانلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، تويغا بېرىش ئۈچۈن كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەپ كېلىشكە كېتىشتى.

لېۋىن ئۆزى يالغۇز قېلىپ، ئۇ بويتاقلارنىڭ قىلىشقان پاراڭلىرىنى بىر قۇر ئەسلەپ چىقتى، ئاندىن ئۆزىدىن ئۆزى يەنە بىر قېتىم، ئۇلار ئېيتقاندەك، ئەركىنلىكىمدىن مەھرۇم بولغىنىمغا ئېچىنىش تۇيغۇسى مېنىڭدە بارمۇ، يوق، دەپ سوراپ قويدى. ئاندىن ئۆزىچە كۈلۈپ كېتىپ: « ئەركىنلىك دەمسەن؟ ئۇ ئەركىنلىكنىڭ ماڭا نېمە لازىمى بار؟ بەخت مۇھەببەت ۋە ئۈمىد ـ ئارزۇ دېگەن گەپ، ئۇ ئارزۇ قىلغاننى ئارزۇ قىلىش، ئۇ ئويلىغاننى ئويلاش بەختىنىڭ ئۆزى شۇ، ئۇنىڭسىز ئەركىنلىكنىڭ ماڭا لازىمى يوق !»

«لېكىن، مەن ئۇ قىزنىڭ نېمە ئويلايدىغانلىقىنى، نېمىنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى بىلىمەنمۇ؟ — تۇيۇقسىز، بىرى ئۆزىدىن شۇنداق دەپ سوراۋاتقاندەك، چىرايىدىكى بايىقى كۈلكە ئۆچۈپ ئۇنى خىيال بېسىپ قالدى. ئارقىدىن كۆڭلىدە غەلىتە بىر تۇيغۇ پەيدا بولۇپ، ۋەھىمە ۋە گۇمان، ھەممىدىن گۇمانلىنىدىغان بىر خىل روھىي ھالەت يۈرىكىنى چىرمىۋالدى.

«ناۋادا ئۇ مېنى ياخشى كۆرمىسىچۇ؟ مەن بىلەن توي قىلىش ئۈچۈنلا توي قىلغان بولسىچۇ؟ ئۇ چاغدا قانداق قىلىشىم كېرەك؟ ئۆزىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمىسىچۇ؟ — سورىدى ئۇ يەنە ئۆزىدىن ئۆزى، — ئۇ كېيىنرەك ئېسىگە كېلىپ، ماڭا كۆڭلىنىڭ يوقلۇقىنى، بولۇشىنىڭمۇ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ماڭا تەگكەندىن كېيىن ھېس قىلىپ قالامدۇ تېخى.» شۇ خىياللار بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئاجايىپ غەلىتە ۋە مۇدھىش بىر ئوي كېلىپ، بىر يىلنىڭ ئالدىدىكى ئۇنىڭ ۋرونسكىي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە يەنە رەشك قىلىشقا، ۋرونسكىي بىلەن بولغان ئىشى تۈنۈگۈنكىلا ئىشتەك تۇيۇلۇشقا باشلىدى ۋە كىتى ماڭا ھەممە گەپنى دېمىگەن ئوخشايدۇ، دەپ گۇمان قىلىپمۇ قالدى.

ئۇ شۇ خىياللار بىلەن ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى. «ياق، بۇنداق بولسا بولمايدۇ ! — دېدى ئۇ ھەممىنى ئۇنتۇپ

ئۆزىگە ئۆزى، — ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا، ھەر ئىككىمىز ئەركىن ئادەملەر، ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتى مەشەگچە بولسۇنمۇ؟ ئىشنىڭ ئالدىنى ئالساق بىر ئۆمۈر بەختسىز بولۇپ قالمايمىز، خورلۇق تارتمايمىز، پاكلىقىمىز بىلەن قالىمىز، دەيمەن، ئۇنىڭغا ئاخىرقى قېتىم شۇ گەپلەرنى قىلىمەن !» لېۋىن پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئەلەم چۇلغىغان، بارلىق كىشىلەرگە — ئۆزىگىمۇ، كىتىگىمۇ قەھرى يانغان ھالەتتە مېھمانخانىدىن چىقىپ كىتى تەرەپكە قاراپ يول ئالدى.

لېۋىن ئۇنى ئىچكەركى ھۇجرىدىن تاپتى. كىتى ساندۇقنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، خىزمەتكارى بىلەن بىر نېمىلەرنى رەتلەۋاتقان، ئورۇندۇقلارنىڭ يۆلەنچۈكلىرىگە ئارتىۋېتىلگەن، يەردە يېيىلىپ ياتقان كىيىملەرنىڭ ئىچىدىن ئۆزىگە لايىقلىرىنى تاللاۋاتقانىكەن.

— ۋىيەي ! — دەپ تۇۋلاپ كەتتى كىتى لېۋىننى كۆرۈپ، خۇشاللىقىدا قىن ـ قىنىغا پاتماي، — قانداق كەلدىڭ، قانداق كېلىپ قالدىڭىز (يېقىنقى بىرنەچچە كۈندىن بېرى ئۇ لېۋىننى ھېلى «سەن» لەپ، ھېلى «سىز» لەپ كېلىۋاتاتتى)؟ قىز ۋاقتىمدىكى كىيىملىرىمدىن ئۆزۈم كىيمەيدىغانلىرىنى تاللاپ باشقىلارغا بېرىۋېتەيمىكىن، دەپ ئولتۇراتتىم.

— ھە ! ناھايىتى ياخشى بوپتۇ ! — دېدى لېۋىن غەمكىن قىياپەتتە خىزمەتكار قىزغا قاراپ قويۇپ.

— دۇنە، سەن چىقىپ تۇرغىن، سەل تۇرۇپ چاقىرىمەن، — دېدى كىتى ئۇ قىزغا، — ساڭا نېمە بولدى؟ — سورىدى كىتى خىزمەتكار قىز چىقىپ كېتىشىگىلا ئۇنى «سەن» لەپ تۇرۇپ. ئۇ ئۇنىڭ چىرايىنىڭ ئۆمىسەلىكىنى، قاپاقلىرىنىڭ تۈرۈلۈپ قورقۇنچلۇق قىياپەتكە كىرىپ قالغانلىقىنى بىر قاراپلا بىلگەنىدى.

— كىتى، مەن تولىمۇ ئازابتا قالدىم، بىر ئۆزۈم بۇ ئازابنى كۆتۈرەلمەيمەن، — دېدى لېۋىن ئەلەملىك ئاۋاز بىلەن سۆزلەپ

ۋە ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ كۆزلىرىگە يېلىنغاندەك تىكىلىپ تۇرۇپ. شۇ ئارىلىقتا ئۇ كىتىنىڭ ئۆزىگە ھەيرانلىقتا قاراپ قالغان كۆزلىرىنىڭ ئوتلۇق ھېسسىيات بىلەن چاقناپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى بىلدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇنىڭ ئۆز ئاغزىدىن گەپ ئاڭلاپ كۆڭلىدىكى گۇماننى كۆتۈرۈۋەتمەكچى بولۇپ:

— مېنىڭ ساڭا دېمەكچى بولغىنىم، ھېلىمۇ كېچىكمەيمىز، بۇ ئىشنى توختىتىپ قويساق، ئىشلارنى تۈزۈۋالغىلى بولىدۇ.

— نېمە؟ نېمە دەۋاتقىنىڭنى ھېچ چۈشەنمىدىمغۇ، ساڭا نېمە بولدى؟

— ساڭا ماڭ قېتىملاپ ئېيتقانمەن، سېنى ئويلىماسلىققا ئىلاجىم يوق ... مەن ساڭا لايىق ئەمەس، سەن ماڭا تېگىشكە تازا رازى ئەمەس. سەن ئوبدان ئويلان! سەن خاتا قىلىۋاتىسەن! سەن ياخشىراق ئويلان! سەن مېنى ھەقىقىي ياخشى كۆرمەيسەن ... ئەگەر ... ياخشىسى، گېپىڭنى ئوچۇق قىلغىن، — بۇ گەپلەرنى ئۇ كىتىگە قارىماي تۇرۇپ سۆزلەۋاتاتتى، — مەن قاتتىق ئازابقا قالىمەن. خەق نېمە دېسە دەۋەرسۇن، بەختسىز بولۇپ قېلىشتىن شۇ ياخشىراق ... ھازىر دەل ۋاقتى، ئۈلگۈرەلەيمىز ...

— مەن ھېچنېمىنى چۈشەنمىدىم، — دېدى كىتى قورقۇپ كېتىپ، — سەن توينى بىكار قىلماقچى ... سەن توي قىلىشنى خالىمايسەن، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، ئەگەر ماڭا كۆڭلۈك بولمىسا.

— ساراڭ بولدۇڭمۇ؟ — كىتى ئەلەمدىن بىردىنلا قىزىرىپ كېتىپ ئىختىيارسىز توۋلاپ كەتتى.

لېكىن، لېۋىننىڭ چىرايى شۇنچىلىك ئېچىنارلىق ئىدى، كىتى ئاچچىقىغا ھاي بېرىپ، قولىدىكى كىيىملەرنى تاشلاپلا ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— نېمە ئويلاۋاتىسەن، ماڭا ھەممىنى دېگىن.

— مەن سېنى مېنى ياخشى كۆرمەيدۇ، دەپ ئويلاپ قالدىم. سەن قانداق بولۇپ مېنىڭدەك ئادەمنى ياخشى كۆرۈپ قالىسەن؟

— ۋاي خۇدايىم ! ئەمدى مەن قانداق قىلارمەن؟ ... — كىتى ئۆزىنى باسالماي يىغلاپ كەتتى.

— مېنىڭ نېمە قىلغىنىم بۇ ! — لېۋىن بىردىنلا تۇۋلاپ كېتىپ، كىتىنىڭ ئالدىدا تىزلاندى، قوللىرىغا سۆيۈپ كەتتى.

بەش مىنۇتتىن كېيىن كىنەز خانىم كىرگەندە ئىككىسى ياخشىلىشىپ قالغانىدى. كىتى ئۆزىنىڭ لېۋىننى ياخشى كۆرىدىغانلىقىغا ئۇنى ئىشەندۇرۇپلا قالماي، ئۇنىڭ مېنى قانداق بولۇپ ياخشى كۆرۈپ قالدىڭ، دېگەن سوئالىغىمۇ جاۋاب بېرىپ، ئۇنى تولۇق چۈشىنىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ نېمىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، ئۇ ياخشى كۆرگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ياخشى نەرسىلەر ئىكەنلىكى ئۈچۈن ياخشى كۆرگەنلىكىنى دېدى. لېۋىن ئۇنىڭ جاۋابىدىن قانائەتلەندى ھەم ئۇنى تېخىمۇ ئېنىق چۈشەندى. كىنەز خانىم كىرگەندە، ئۇلار كۆڭلەكلەرنى بىللە ئىلغىشىپ ساندۇق ئۈستىدە بىر - بىرگە يېقىن ئولتۇرۇشاتتى. لېۋىن ئۇنىڭ ئۆتكەندە مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلغاندا كىتىنىڭ ئۈچىسىدا كۆرگەن بىنەپشە رەڭ كۆڭلەكنى دۇنەگە بېرىۋېتىشكە قەتئىي ئۇنىماي، بەرسىڭىز مۇنۇ كۆك رەڭلىكىنى بېرىڭ، دەپ تالىشىۋاتاتتى.

— نېمىشقا چۈشەنمەيدىغانسىز؟ ئۇ قارا چاچلىق قىز، كۆك رەڭ ئۇنى ئاچمايدۇ ... مەن ھەممىنى ئويلاپ قويغان.

كىنەز خانىم لېۋىننىڭ نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى بىلىپ، يېرىم چاقچاق، يېرىم جىددىي قىياپەتتە خاپا بولغاندەك قىلىپ، ئۇنىڭغا دەررۇ ئۆيىگە بېرىپ كىيىملىرىنى كىيىپ كېلىشنى، كىتىنىڭ بىر ئازدىن كېيىن ساتىراش شارل كەلگۈچە چېچىنى تارىۋېلىشىغا كاشىلا قىلماسلىقنى دېدى.

— كىتى بىرنەچچە كۈندىن بېرى تۈزۈك بىر نېمە يېمەي قىلتىرىقتەك بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز ئۇنى يەنە بولمىغۇر گەپلىرىڭىز بىلەن خاپا قىپسىز، — دېدى كىنەز خانىم لېۋىنغا، — سادىغاڭ كېتەي، ئەمدى چىقىپ كېتىڭ.

لېۋىن ئۆزىنىڭ ئۇ ئىشىدىن خىجالەت بولدى ھەم ئۇيالدى، ئەمما كۆڭلى تىنچىپ مېھمانخانىغا قايتىپ كەلدى. ئاكىسى، دوللى ۋە ئوبلونسكىي يېڭى كىيىملىرىنى كىيىشىپ، ئۇنى مۇبارەكلەش ئۈچۈن تەييار بولۇپ تۇرۇشقانىدى، ئەمدى كېچىكىشكە بولمايتتى. دوللى ئۆيىگە قايتىپ بېرىپ، چېچىنى مايلاپ، بۇدۇر قىلىپ تەييار بولۇپ تۇرغان ئوغلىنى ئېلىپ كېلىشى كېرەك ئىدى، ئوغلى مۇقەددەس ھەيكەلنى كۆتۈرۈپ كېلىنچەك بىلەن چېركاۋغا بىللە باراتتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قولداشقا پەيتۇن ئەۋەتىشى، يەنە بىر پەيتۇن كوزنىشېفنى چېركاۋغا ئاپىرىپ قويۇپ قايتىپ كېلىشى كېرەك ئىدى ... قىسقىسى، بىر تەرەپ قىلىشنى كۈتۈپ تۇرغان ئۇششاق ئىشلار خېلى بار ئىدى. بىرلا ئىش، ئەمدى كېچىكمەسلىك كېرەك ئىدى، سائەت ئالتە بولۇپ قالغانىدى.

پاتىھە بېرىش مۇراسىمى كۆڭۈلدىكىدەك بولمىدى. ئوبلونسكىي كۈلكىلىك بىر قىياپەتتە خوتۇنىنىڭ يېنىغا كېلىپ تۇرۇپ، قولىدا مۇقەددەس ھەيكەل، لېۋىنغا سەجدە قىلىشنى بۇيرۇدى، ئاندىن لېۋىننى ئۈچ قېتىم سۆيۈپ قويدى. دوللىمۇ شۇنداق قىلىپ، ئاندىن پەيتۇنلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن ماڭدى، بۇ ئاۋارىچىلىكى تولا ئىش ئىدى.

— مۇنداق قىلايلى، سەن بىزنىڭ پەيتۇن بىلەن بېرىپ ئۇنى ئېلىپ كەلگىن. سېرگېي ئىۋانوۋىچ قوشۇلسا، ئۇنى ئاپىرىپ قويۇپ قايتىپ كەلگىن.

— بولىدۇ، چوقۇم دېگىنىڭىزدەك قىلىپ كېلىمەن.

— بىز ئۇنى ئېلىپ ھازىرلا يېتىپ كېلىمىز. نەرسىلەرنى ئاپىرىپ بەردىڭلارمۇ؟ — سورىدى ئوبلونسكىي.

— ئاپىرىپ بەردۇق، — دېدى لېۋىن جاۋاب بېرىپ. ئاندىن كوزماغا ئۆزىنىڭ كىيىملىرىنى ئەكېلىشىنى بۇيرۇدى.

# 3

توي شەرىپىگە شاملار يېقىلىپ كۈندۈزدەك يورۇپ كەتكەن چېركاۋنىڭ ئىچى ئادەم بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى، نۇرغۇنى ئاياللار ئىدى، ئىچىگە قىستىلىپ كىرەلمىگەنلەر دېرىزىلەرگە قاپلىشىپ، ھەدەپ قىستاپ ئىچىدىكى ئىشلارنى كۆرۈشكە ئىنتىلەتتى.

ساقچىلار يىگىرمىدىن ئارتۇق پەيتۇننى كوچا بويلاپ قاتار تىزىۋەتتى. بىر ساقچى ئوفىتسېرى پاگونلىرىنى پارقىرىتىپ، سوغۇقنى سوغۇق دېمەي چېركاۋنىڭ ئىشىكى ئالدىدا تۇراتتى. پەيتۇنلار كەينى ـ كەينىدىن كېلىپ چېركاۋ ئالدىدا توختىماقتا، پەيتۇنلاردىن چۈشۈۋاتقان خېنىملار ھەر خىل كۆڭلەكلىرىنىڭ يەرگە سۆرىلىپ تۇرغان ئۇزۇن ئېتەكلىرىنى كۆتۈرۈپ، ئەرلەر ھەربىي شەپكىلىرىنى ياكى شلەپىلىرىنى قوللىرىغا ئېلىپ ئارقا ـ ئارقىدىن چېركاۋغا كىرىپ كەلمەكتە. چېركاۋ ئىچىدىكى يوغان ئىككى ئاسما چىراغ بىلەن مۇقەددەس ھەيكەل ئالدىدىكى شامدانلاردىكى شاملار تولۇق يېقىۋېتىلگەن، مۇقەددەس ھەيكەللەر ئېسىلغان ۋە ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن تاملار، ھەيكەللەردىكى زەر ئويما نەقىشلەر، شاخسىمان چوڭ چىراغلار، كۈمۈش شامدانلار، يەرگە ياتقۇزۇلغان مەرمەر تاشلار، گىلەملەر، چېركاۋ مۇناجاتچىلىرى تۇرىدىغان سۇپىنىڭ چەت ـ چۆرىلىرى، يوپ قىرائەت قىلىدىغان مۇنبەر، كونىراپ قارىداپ كەتكەن «ئىنجىل»، باش روھانىي بىلەن ياردەمچى روھانىينىڭ تونلىرى شاملارنىڭ يورۇقىدا تېخىمۇ جۇلالىنىپ كەتكەنىدى. ئىللىق

چېركاۋنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى فراكلار، ئاپئاق گالستۇكلار، كاستۇملار، تاۋار ـ دۇردۇنلار، ئاق قۇ پەيلىرى، چاچلار، گۇللەر، ئۇزۇن پەلەيلەر ... ئاشۇ نەرسىلەر بىلەن ئورالغان ئادەملەر توپىدىن پىچىرلاشلار، خۇشال مۇلاھىزىلەر، ئۇلارنىڭ ئاۋازلىرىنىڭ چېركاۋنىڭ ئېگىز تورۇسىدىن قايتقان ئەكس سادالىرى توختىماي ئاڭلىنىپ تۇرۇۋاتاتتى. ھەر قېتىم چېركاۋنىڭ ئېغىر ئىشىكى غىچىرلاپ ئېچىلغاندا، ئۇ ئاۋازلار بىردىنلا توختاپ، ھەممەيلەن يىگىت بىلەن قىز كىرىپ كەلدىمىكىن، دەپ كەينىگە قايرىلىپ قارىشاتتى. ئىشىك ئون نەچچە قېتىم ئېچىلدى، ھەر قېتىمدا كىرىپ كەلگىنى ئوڭ تەرەپكە مەنسۇپ كېچىكىپ كەلگەن مېھمانلار، ياكى بولمىسا ساقچىلارنى ئالداپ ھەم گەپ بىلەن قايىل قىلىپ كىرىۋالغان سول تەرەپكە مەنسۇپ تاماشىچىلار ئىدى. ئۇرۇق ـ تۇغقانلار بىلەن دوستلارنىڭ، تاماشىچىلارنىڭ ئۇلارنى ساقلاپ تاقىتى تاق بولدى.

دەسلەپتە ئۇلار قىز بىلەن يىگىتنى ھازىرلا يېتىپ كېلىدۇ، دەپ ئويلاپ، ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن كېچىكىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سۈرۈشتۈرمىگەنىدى، كېيىن ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئەنسىرەشكە باشلىدى، شۇنداقتىمۇ چاندۇرۇشماي ئۆزلىرىنىڭ گېپىنى قىلىپ تۇرۇشىۋەردى.

باش روھانىي كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ ۋاقتىنىڭ تولىمۇ قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويماقچى بولۇۋاتقاندەك، توختىماي يۆتىلىپ قويۇۋاتاتتى، ئۇنىڭ يۆتىلىنىڭ قاتتىقلىقىدىن چېركاۋنىڭ دېرىزىلىرى دىرىلدەپ كېتەتتى. مۇناجاتچىلار سۇپىسىدا تۇرغان مۇناجاتچىلارمۇ تاقەتسىزلىنىپ ئاۋازلىرىنى تەڭشىمەكتە، بەزىلىرى بۇرۇنلىرىنى قاقماقتا ئىدى. باش روھانىي بىردەم جورۇقچىنى، بىردەم ياردەمچى روھانىينى قىز بىلەن يىگىت كېلىۋاتامدۇ، يوق، قاراپ بېقىشقا چىقىرىپ تۇرۇۋاتاتتى. بەزىدە ئۆزىمۇ ئۈچىسىدا بىنەپشە رەڭ تون، تونىنىڭ

ئۇستىدىن بىلىنى باغلىۋالغان ھالدا ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ تالاغا قاراپ باقاتتى. بىر ئايال تاقەت قىلالماي، سائىتىگە قاراپ: «غەلىتە بىر ئىش بولدىغۇ بۇ!» دەپ قويۇۋىدى، باشقا مېھمانلارنىڭمۇ ئەندىشىسى كۈچىيىپ، ئۇنلۇك ئاۋازدا نارازى بولۇشقا، ھەيران قېلىشقا باشلىدى. قولداشلارنىڭ بىرى پەيتۇنغا ئولتۇرۇپ ئەھۋالنى بىلىپ كېلىشكە ماڭدى. بۇ چاغدا كىتى ئاپئاق توي كىيىمنى كىيىپ، توي كىيىمىنىڭ ئۇستىگە ئۇزۇن تويلۇق تور ياغلىق ئارتىپ، بېشىغا شېرىنگۈلدىن توقۇغان گۈلچەمبىرەكنى كىيىپ توي رىياسەتچىسى ئايال ۋە ئىككىنچى ھەدىسى تانيە بىلەن بىللە شېرباتسكىيلارنىڭ مېھمانخانا ئۆيىدە تەييار بولۇپ تۇراتتى، كۆزلىرى ئىشىكتە، يىگىت قولدىشىنىڭ يىگىتنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلىپ كىرىشىنى ساقلاپ تۇرۇشاتتى. ئۇلارنىڭ يىگىتنى ساقلىغىنىغا يېرىم سائەتتىن ئاشتى.

بۇ چاغدا لېۋىن تويلۇق ئىشتىنىنى كىيىپ، پىنجىكى بىلەن فراكنى كىيمەي، ئۆينىڭ ئىچىدە مېڭىپ يۈرەتتى، پات ـ پات ئىشىكتىن بېشىنى چىقىرىپ كارىدورغا قاراپ قوياتتى، لېكىن ساقلاۋاتقان ئادىمى ھازىرغىچە كۆرۈنمەيتتى. ئاخىر ئامالسىز قولىنى سىلكىپ قويۇپ، خىرامان تاماكا چېكىپ ئولتۇرغان ئوبلونسكىيغا گەپ قىلدى.

— ئادەمنى رەسلە قىلىدىغان مۇشۇنداق ئىشقا ئۇچراپ باققان ئادەممۇ بارمىدۇ بۇ دۇنيادا، — دېدى ئۇ.

— شۇ ئەمەسمۇ، ئادەمنى تەقەززا قىلىپ جېنىنى ئالىدىغۇ ئۇ بىر نېمە، — دېدى ئوبلونسكىي ھېلىقىدەك كۈلۈمسىرىشى بىلەن كۈلۈمسىرەپ قويۇپ، — خاتىرجەم بولغىنا، كېلىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى.

— نېمە قىلغىنى بۇ ئۇنىڭ، — دېدى لېۋىن ئاچچىقىنى باسالماي، — ئۇنداق ئالدى ئوچۇق پىنجىكمۇ كىيىم بولامدۇ؟ بولمىدى بۇ ئىش، — دېدى ئۇ يەنە ئالدى پۈرلىشىپ كەتكەن

كۆڭلىكىگە قاراپ قويۇپ، — يۈك - تاقىنى پويىزغا سېلىۋەتكەن بولسا قانداق قىلىمىز ! — دەپ تىوۋلاپ كەتتى ئۇ يەنە تۇرۇپلا ئەنسىرەپ قېلىپ.
— ئۇنداق بولسا مېنىڭكىنى كىيىپ تۇرمامسەن !
— بالدۇرراق شۇنداق دېسەڭ بولمامدۇ.
— ياق، خەقلەرنىڭ كۆلكىسىگە قالمايلى يەنە ... توختاپ تۇر، ئامالى تېپىلىپ قالار.
بۇ مۇنداق ئىش ئىدى: لېۋىن كىيىم ئالماشتۇرىدىغان چاغدا قېرى خىزمەتكار ئۇنىڭ فراكى بىلەن پىنجىكىنى ھەم باشقا كېرەكلىك نەرسىلىرىنى ئەكېلىپ بەرگەنىدى.
— كۆڭلەكچۇ ! — دەپ توۋلاپ كەتتى لېۋىن ئۇنىڭغا.
— كۆڭلەك ئۇچىڭىزدا تۇرمامدۇ ! — دېدى كۇزما خاتىرجەم كۈلۈپ تۇرۇپ.
كۇزما پاكىز كۆڭلەكتىن بىرنى ئېلىپ قېلىش كېرەكلىكىنى ئويلاپ باقماي، بىر قۇر فراكنى ئېلىپ قېلىپ، خوجايىنىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قالغان نەرسىلەرنى تېڭىپ شېرباتسكىيلارنىڭ ئۆيىگە ماڭدۇرۇۋەتكەنىدى — ياش ئەر - خوتۇنلار نىكاھى ئوقۇلۇپ بولۇنغاندىن كېيىن بۈگۈن ئاخشاملا يېزىغا كەتمەكچى ئىدى — لېۋىنىنىڭ ئۇچىسىدىكى كۆڭلەك ئەتىگەندىن بېرى سالماي كىيگەچكە پۇرلىشىپ كەتكەنىدى، ئۇستىگە ئالدى ئوچۇق پىنجەك كىيىۋىدى، پۇرلىشىپ كەتكەن يەرنى ياپالمىدى. شېرباتسكىيلارنىڭكىگە ئادەم ئەۋەتىپ تېڭىقنى ئاچقۇزاي دېسە ئارىلىق يىراق، ئۆلگۈرەلمەيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بازاردىن سېتىۋېلىش ئۇچۇن ئادەم ئەۋەتىۋىدى، ئەۋەتكەن ئادىمى، بۈگۈن يەكشەنبە بولغاچقا دۇكانلار تاقىلىپ كېتىپتۇ، دەپ كەلدى. ئاخىر ئوبلونسكىينىڭ ئۆيىگە ئادەم ئەۋەتتى، لېكىن ئۇ يەردىن ئېلىپ كەلگىنى ھەم يوغان، ھەم كالتە كېلىپ قالدى. ئاخىر بولماي، شېرباتسكىيلارنىڭكىگە تېڭىقلارنى يېشىپ ئۆزىنىڭ كۆڭلىكىنى ئېلىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى. ھەممەيلەن

چېركاۋدا ئۇنى ساقلاپ تۇرۇشاتتى، ئۇ بولسا ئۆينىڭ ئىچىدە خۇددى قەپەسنىڭ ئىچىدىكى يىرتقۇچ ھايۋاندەك تىنماي مېڭىپ يۈرەتتى، پات ـ پات ئىشىكتىن چىقىپ كارىدورغا قاراپ قوياتتى ۋە قورقۇنچ ھەم ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە كىتىگە دېگەن گەپلىرىنى ئەسلەيتتى، يا ئۇنىڭ ھازىر نېمىلەرنى ئويلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى.

ئاخىر، كۇزما كۆڭلەكىنى كۆتۈرۈپ ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ ياتاققا كىرىپ كەلدى.

— ئۇلار يوك ـ تاقلارنى ھارۋىغا بېسىۋاتقانىكەن، ئاران ئۇلگۈردۇم، — دېدى كۇزما.

ئۈچ مىنۇتتىن كېيىن لېۋىن سائەتكىمۇ قارىماي — سائەتكە قارىسا كۆڭلىنىڭ تېخىمۇ پاراكەندە بولۇشىدىن قورققانىدى — كارىدورغا ئۆزىنى ئاتتى.

— ئۇنچىلا ئالدىراپمۇ كەتمە! — دېدى ئوبلونسكىي يەنە شۇ كۈلۈمسىرىشى بىلەن ئۇنىڭ كەينىدىن ئالدىرىماي چىقىۋېتىپ، — مەن ساڭا ئامالى تېپىلىدۇ دېگەنغۇ ... ئاخىر تېپىلدى.

## 4

— كەلدى!
— ئاشۇ شۇ!
— قايسىسى؟
— ئاۋۇ ياشراقىمۇ؟
— مېنىڭ كىتىيىم، ئوماق قوزام! شۇنچىلىك بىتاقەت بولۇپ كەتتىڭغۇ ئۇ!

لېۋىن كېلىنچەكنى چېركاۋنىڭ ئالدىدا ساقلاپ تۇرۇۋاتقان،

كېيىن ئۇنىڭ بىلەن بىللە چېركاۋغا كىرىۋاتقان چاغدا كىشىلەر ئۇلارنى بىر ـ بىرىگە كۆرسىتىشىپ غۇلغۇلا قىلىشىپ كەتتى.

ئوبلونسكىي كېچىكىپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى خوتۇنىغا سۆزلەپ بېرىۋاتقاندا، مېھمانلار بىر ـ بىرىنىڭ قۇلاقلىرىغا شىۋىرلىشىپ، كۈلۈشۈپ كېتىۋاتاتتى. لېۋىننىڭ كۆزلىرىگە ھېچكىم، ھېچقانداق نەرسە كۆرۈنمەيتتى، كىتىگە تىكىلىپلا قالغانىدى.

ھەممىسى كىتىنى مۇشۇ بىرنەچچە كۈننىڭ ئىچىدە ئورۇقلاپ، چىرايى سارغىيىپ قاپتۇ، بېشىغا گۈلچەمبىرەك كىيمىسە چىرايلىق تۇراتتى، دېيىشىۋاتاتتى. لېكىن، لېۋىن ئۇنداق ئويلىمايتتى، كۆزلىرى ئۇنىڭ نېپىز ئاق تور ياغلىق يېپىنىۋالغان قىياپىتىدە، ئېگىز قىلىپ تۇرمەكلىۋېلىپ، ئاق گۈللەرنى قادىۋالغان چىرايلىق چاچلىرىدا، بوينىنى ئىككى ياندىن ۋە كەينىدىن يېپىپ تۇرغان ئالدى ئوچۇق ئېگىز ياقىسىدا ۋە ئىنچىكە بېلىدە ئىدى. كىتىنىڭ پۈتۈن سىياقى ھەر قانداق چاغدىكىدىن مەپتۇن قىلارلىق ئىدى. ئۇنىڭ گۈزەللىكى بېشىغا چىرايلىق گۈللەرنى تاقىۋالغانلىقى، نېپىز ئاق تور ياغلىق ئارتىۋالغانلىقى، پارىژغا بۇيرۇتۇپ تىكتۈرگەن توي كۆڭلىكى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئوماق چىرايى، يېقىملىق بېقىشلىرى، لەۋلىرىدە جىلۋىلىنىپ تۇرغان نازۇك تەبەسسۇمى بىلەن ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى ھەم شۇنچىلىك بىغۇبار، شۇنچىلىك مەسۇمە كۆرۈنەتتى.

— مەن تېخى سىزنى قېچىپ كەتكەن ئوخشايدۇ دەپتىمەن، — دېدى ئۇ لېۋىنغا قاراپ پىسىڭگىدە كۈلۈپ قويۇپ.

— مەن شۇنداق بىر ئەخمىقانە ئىش قىلدىمكى، ئۇنى ئاغزىمدىن چىقىرىشقا ئۇيىلىپ تۇرۇپتىمەن، — دېدى لېۋىن قىزىرىپ كېتىپ. شۇ ئارىلىقتا ئۇ يېنىغا كەلگەن كوزنىشېفنى كۆرۈپ قېلىپ ئۇنىڭ بىلەن ئەھۋاللاشتى.

— كۆڭلەك ۋەقەسى تولىمۇ قىزىق بوپتۇ، — دېدى

كوزنىشېۋ بېشىنى چايقاپ كۇلۇپ قويۇپ.

— شۇنداق ! شۇنداق ! — دېدى لېۋىن ئۇنىڭ ئۆزىگە نېمە دېگەنلىكىنى ئېنىق ئاڭلىمايلا.

— ھەي، كونستانتىن، سەن قارار قىلمىدىغان يەنە بىر ئىش چىقىپ قالدى، — دېدى ئوبلونسكىي نېمە قىلارىنى بىلمىگەن قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، — ئۇ تولىمۇ مۇھىم بىر مەسىلە، قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكىنى ھازىرلا بىلىپ قالىسەن. ئۇلار مەندىن يېقىلغان شامالارنى ياندۇرايلىمۇ ياكى يېقىلمىغانلىرىنىمۇ، دەپ سوراۋاتىدۇ، پەرقى ئون رۇبلىلا ئىكەن، — ئۇ كۇلۇپ تۇرۇپ لەۋلىرىنى پۇرۇشتۇرۇپ قويدى، — مەنمۇ بىر قارارغا كېلىپ بولدۇم، لېكىن سېنىڭ قوشۇلماسلىقىڭدىن ئەنسىرەپ تۇرۇۋاتىمەن.

لېۋىن بۇ گەپنىڭ چاقچاق ئىكەنلىكىنى بىلدى، لېكىن ئۇنىڭغا كۈلەلمىدى.

— زادى قانداق قىلىش كېرەك؟ يېقىلغانلىرىنى ياقىمىزمۇ ياكى يېقىلمىغانلىرىنىمۇ؟ مەسىلە مانا مەشەدە.

— بۇنىمۇ سوراش كېتەمدۇ، يېقىلمىغانلىرىنى ياقسۇن !

— ئاھا، مېنى تولىمۇ خۇشال قىلدىڭ سەن، مەسىلە ھەل بولدى دېگەن گەپ، — دېدى ئوبلونسكىي كۇلۇپ كېتىپ، — ئادەم مۇشۇنداق چاغدا بولمىغۇر ئىشلارنى قىلىپ قويىدۇچۇ، — دېدى ئۇ چىرىكوفقا قاراپ. لېۋىن ئۇنىڭغا پەرىشان قاراپ قويۇپ، ئاندىن كىتىنىڭ قېشىغا ماڭدى.

— ئېسىڭدە بولسۇن، كىتى، پاياندازغا بىرىنچى بولۇپ سەن قەدەم قوي، — دېدى گراف نوردستون خانىم كىتىنىڭ يېنىغا كېلىپ، — سىز ئاجايىپ ئېسىل ئادەم جۇمۇ، — دېدى ئۇ يەنە لېۋىنغا قاراپ.

— ھە، قانداق، قورقۇۋاتمايدىغانسەن؟ — دېدى كىتىنىڭ ياشقا چوڭ ھاممىسى مارىيە دمىترىيېۋنا كىتىگە.

— مۇزلىدىڭمۇ؟ تاتىرىپ كېتىپسەن. توختا، بېشىڭنى سەل

پەس قىل، — كىتتىنىڭ كۈلۈپ تۇرغان ئىككىنچى ھەدىسى
ناتالىيە چىرايلىق، سېمىز قوللىرىنى كۆتۈرۈپ كىتتىنىڭ
بېشىدىكى گۈللەرنى تۈزەشتۈرۈپ قويدى.
دوللى كېلىپ ئۇنىڭغا بىرنېمە دېمەكچى ئىدى، دېيەلمەي،
بىردىنلا كۆزلىرىگە ياش ئالدى، كېيىن ئاززاق كۈلگەنمۇ بولدى.
كىتتىمۇ لېۋىنغا ئوخشاش ئەتراپتىكىلەرگە چاقناپ تۇرغان
كۆزلىرىدە قارايتتى، ئۆزىگە قارىتىپ ئېيتىلغان سۆزلەرگە پەقەت
بەختلىك تەبەسسۇمى بىلەنلا جاۋاب بېرەتتى، تەبەسسۇمى
شۇنچىلىك تەبىئىي ئىدى.
شۇ ئارىدا چېركاۋنىڭ پوپلىرى تونلىرىنى كىيىپ چىقىپ
كېلىشتى. روھانىي بىلەن ياردەمچى روھانىي چېركاۋنىڭ ئالدى
تەرىپىدىكى مۇنبەرنىڭ يېنىغا كەلدى. روھانىي كەينىگە قارىلىپ
لېۋىنغا بىر نېمە دېگەنىدى، لېۋىن ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى
بىلەلمىدى.
— قىزنىڭ قولىنى تۇتۇپ باشلاپ مېڭىڭ، — دېدى يىگىت
قولدىشى لېۋىنغا.
لېۋىن خېلىغىچە ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن نېمە تەلەپ
قىلىدىغانلىقىنى بىلەلمەي كەتتى. ئۇلار ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىنى
توغرىلايمىز دەپ ئۇزاق ئاۋارە بولۇشتى، بەزىدە مەيلىگە قويۇپمۇ
بەردى. چۈنكى، ئۇ كېرەك ئەمەس يەرگە ئارىلاپ قولىنى سوزۇپ
قوياتتى، تۇتمايدىغان چاغدا كىتتىنىڭ قولىنى تۇتۇۋالاتتى. بىر
ھازادىن كېيىن ئاندىن تۇرغان ئورنىنى ئۆزگەرتمەسلىكى،
كىتتىنىڭ قولىنى ئوڭ قولى بىلەن تۇتۇشى كېرەكلىكىنى
بىلىۋالدى. ئۇ كېلىنچەكنىڭ قولىنى ئادەت بويىچە توغرا
تۇتىدىغان بولغاندا، روھانىي ئالدىغا بىرنەچچە قەدەم مېڭىپ
مۇنبەرنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى. ئۇرۇق - تۇغقان، دوست -
بۇرادەرلىرى بولۇپ بىر توپ ئادەم گۇدۇڭ - گۇدۇڭ پاراڭلار
بىلەن كىيىملىرىنى شىلدىرلىتىپ ئۇ ئىككىسىنىڭ يېنىغا
كېلىشتى. كىمدۇر بىرى ئېڭىشىپ قىزنىڭ ئۇزۇن كۆڭلىكىنىڭ

پۈرلىشىپ قالغان يەرلىرىنى تارتىپ تۈزەپ قويدى. چېركاۋنىڭ ئىچى شۇنچىلىك جىمجىت ئىدىكى، شاملارنىڭ چىرسىلداپ كۆيۈۋاتقان ئاۋازلىرىنىمۇ ئاڭلىغىلى بولاتتى.

كۈمۈشتەك پارقىراپ تۇرغان ئاپئاق چېچىنى ئىككىگە بۆلۈپ قۇلىقىنىڭ كەينىگە ئۆتكۈزۈۋالغان، دۈمبىسىگە كىرپىست باغلىۋالغان، بېشىغا ئىبادەتتە كىيىۋالىدىغان تاج كىيگەن ۋىجىك روھانىي ئۈستىدىكى ئېغىر تونىنىڭ يەڭلىرى ئىچىدىن ئورۇق، تومۇرلىرى كۆرۈنۈپ تۇرغان قوللىرىنى چىقىرىپ نېمىنىدۇر ئۆرۈپ - چۆرۈپ تۇرۇۋاتاتتى.

ئوبلونسكىي سىلىق دەسسەپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە قۇلىقىغا بىرنېمىلەرنى دەپ شىۋىرلىدى، ئاندىن لېۋىنغا قاراپ كۆزىنى قىسىپ قويۇپ، يەنە جايىغا كېلىپ تۇردى.

روھانىي گۈللۈك شامدىن ئىككىنى ياقتى، ئاندىن قىيسىق تۇتقاچقا ئېقىپ كېتىۋاتقان ئۇ شاملارنى سول قولىغا ئېلىپ يىگىت بىلەن قىزغا قارىدى. ئۇ ئاشۇ كۈنى لېۋىننىڭ توۋا - ئىستىغپارىنى قوبۇل قىلغان قېرى روھانىي ئىدى. ئۇ ھارغىن ۋە غەمكىن كۆزلىرىدە لېۋىنغا قاراپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويدى - دە، تونىنىڭ يېڭى ئىچىدىن ئوڭ قولىنى چىقىرىپ يىگىتنى چوقۇندۇردى، ئارقىدىن يەنە شۇ ھەرىكىتى بىلەن بايىقىغا ئوخشىمايدىغان بىر خىل مېھرىبانلىق بىلەن قولىنى كىتىنىڭ بېشىغا تەگكۈزۈپ قويدى، ئاندىن سول قولىدىكى شامداندىن ئىككى تال شامنى ئېلىپ ئىككىسىنىڭ قولىغا بېرىپ، ئۆزى شامدانلارنى كۆتۈرۈپ ئاستا قەدەم بىلەن نېرى كەتتى.

«بۇنىڭ ھەممىسى راست بولۇۋاتقان ئىشلارمۇ؟» دەپ ئويلىدى لېۋىن ۋە كۆزلىرىنى ئازراق پەسكە چۈشۈرۈپ، كىتىنىڭ يېنىچە تۇرغان يۈزىگە قاراپ، لەۋلىرى بىلەن كىرپىكلىرىنىڭ پەرق ئېتىش تەس ھەرىكىتىدىن ئۇنىڭ ئۆزىگە قاراۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئۇ لېۋىنغا قايرىلىپ قارىمىغان بىلەن،

ئېگىز ياقىسىغا تېگىپ تۇرغان كىچىككىنە قۇلاقلىرى ئۇنى گەپ قىلىسىكەن، دېگەندەك بىلىنەر ـ بىلىنمەس مىدىرلاپ تۇراتتى. لېۋىن ئۇنىڭ چوڭقۇر تىنىقلىرىنىڭ كۆكرىكىگە كېلىپ توختاپ قېلىۋاتقانلىقىنى، ئۇزۇن پەلەي ئىچىدىكى شام تۇتۇپ تۇرغان كىچىككىنە قولىنىڭ تىترەپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك بولدى.

كۆڭلەكنىڭ ھەلەكچىلىكى بىلەن كېچىكىپ قېلىپ، تونۇش ـ بىلىشلىرى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ بىر ـ بىرىگە پىچىرلىشىپ ئۆزىدىن رەنجىشكەنلىرى، ئۆزىنىڭ كۈلكىلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقى ــ بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى لېۋىنىنىڭ خىيالىدىن بىردىنلا كۆتۈرۈلۈپ كېتىپ، ئۇلارنىڭ ئورنىنى بىر خىل خۇشاللىق ۋە ئەندىشە چۇلغىۋالدى.

بۇدۇر چېچىنى ئىككى يانغا چۇشۇرۇپ تارىۋالغان، ئۇستىگە كۇمۇش رەڭ ئىبادەت تونى كىيگەن بەستلىك ھەم كېلىشكەن باش روھانىي ئادەت بولۇپ كەتكەن ھەرىكەت بىلەن ئىككى بارمىقىدا بوينىغا ئېسىۋالغان لېنتىنى تۇتۇپ، دادىل قەدەم بىلەن روھانىينىڭ ئالدىغا كەلدى.

«يا خۇدا، رەھمىتىڭنى بەندىلىرىڭدىن ئايىماسسەن !» تەنتەنە بىلەن توۋلانغان بۇ ئاۋاز ئاستا ـ ئاستا چېركاۋنىڭ ئىچىنى بىر ئېلىپ، ھاۋانى بوش تىترىتىۋەتتى.

«تەڭرىمنىڭ رەھمىتى چەكسىزدۇر !» دەپ جاۋاب ياندۇردى ۋىجىك قېرى روھانىي مۇنبەردە تۇرۇپ بىرنېمىنى قوللىرى بىلەن ئايرىۋېتىپ، خۇددى ناخشا ئېيتىۋاتقاندەك ئاھاڭدا تەنتەنە بىلەن. كۆزگە كۆرۈنمەس مۇناجاتچىلارنىڭ ئاۋازى تەكشى تارقىلىپ ھەم بارغانسېرى كۈچىيىپ، دېرىزىلەردىن، تورۇستىن يېنىپ پۈتكۈل چېركاۋنى بىر ئالدى.

ھەممەيلەن ھەرقاچانقىدەك خۇدا يەتكۈزگەن تىنچلىقنى، خۇدانىڭ روھلىرىنى قۇتۇلدۇرۇشىنى، پراۋوسلاۋىيە دىنىنىڭ ئەڭ ئالىي كېڭەشمىسىنىڭ، پادىشاھنىڭ ئامانلىقىنى، نىكاھدىن

ئۆتتۇۋاتقان كونستانتىن بىلەن يېكاتېرىنانىڭ بەختىنى تىلەپ ئىبادەت قىلىشتى.

باش روھانىي يەنە : «بۇ بەندىلىرىڭگە پاك، تىنچ مۇھەببەت ئاتا قىلغايسەن ! ئۇلاردىن ياردىمىڭنى ئايىماسسەن !» دېگەندە، پۈتۈن چېركاۋ خۇددى ئۇنىڭ ئاۋازىدىن لەرزىگە كېلىپ كەتكەندەك بولدى.

لېۋىن ئۇنىڭ تىلاۋەتلىرىنى ھەيران بولۇپ ئاڭلاۋاتاتتى. «ئۇ مېنىڭ ياردەمگە موھتاج ئىكەنلىكىمنى نەدىن بىلگەندۇ؟ — ئۇ ئۆزىنىڭ يېقىندىن بېرىقى تەشۋىش ۋە گۇمانلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ ئويلىنىپ قالدى، — مەن نېمىنى بىلەتتىم؟ بۇ قورقۇنچلۇق ئىشلاردا ياردەمسىز بىر ئۆزۈم نېمىمۇ قىلالايتتىم؟ شۇڭا، ماڭا ھازىر لازىمى دەل مۇشۇ ياردەم !»

ياردەمچى روھانىي قىرائىتىنى تۈگەتكەندىن كېيىن روھانىي قولىدا ئىنجىل، قىز - يىگىتكە قاراپ تۇرۇپ سۆزىنى باشلىدى:

— ئەي ئۇلۇغ خۇدا، بۈگۈن سەن يالغۇز ياشاۋاتقان ئىككى بەندەڭنىڭ بېشىنى قوشتۇڭ، — دەپ ئوقۇدى ئۇ خۇددى ناخشا ئېيتىۋاتقاندەك يېقىملىق ئاۋازى بىلەن، — ئۇلارغا مەڭگۈلۈك مۇھەببەت ئاتا قىلدىڭ؛ سەن ھىممەت قىلىپ ئىسھاق بىلەن رېبېبانىڭمۇ① بېشىنى قوشقان، كېيىن ئۇلارنىڭ ۋارىسلىرىغىمۇ ھىممىتىڭنى كۆرسەتكەنىدىڭ. بۈگۈن قۇللىرىڭ كونستانتىن بىلەن يېكاتېرىنا ئەر - خوتۇن ئىككىسىدىنمۇ شۇ ھىممىتىڭنى ئايىماسسەن، ئۇلارنى دىيانەت يولىغا باشلىغايسەن. يا، بەندىلىرىنى سۆيگەن رەھمىتى ئۇلۇغ خۇدا، بىز ساڭا بۈگۈن، ئەتە ۋە مەڭگۈ شان - شەرەپلەر تىلەيمىز.

سانسىزلىغان ئادەمنىڭ ئاغزىدىن بىرلا ۋاقىتتا چىققان گۆزگە كۆرۈنمەس «ئامىن» ساداسى چېركاۋ ئىچىنى لەرزىگە

---

① «ئىنجىل»دا ئۇلار ئىيسا پەيغەمبەر دۇنياغا كېلىشتىن ئىلگىرى خۇدانىڭ رازىلىقى بىلەن نىكاھلانغان تۇنجى ئەر - خوتۇن، دېيىلگەن.

كەلتۈرۈۋەتتى.
«بۈگۈن سەن ئۆزلىرى يالغۇز ياشاۋاتقان ئىككى بەندەڭنىڭ بېشىنى قوشتۇڭ، ئۇلارغا مەڭگۈلۈك مۇھەببەت ئاتا قىلدىڭ» دېگەن سۆز قانداق چوڭقۇر مەنىگە ئىگە ـ ھە! خۇددى مېنىڭ شۇ تۇرقىدىكى ھېس ـ تۇيغۇلىرىمنى بىلىپ سۆزلىگەندەك، ــ ئويلاپ كەتتى لېۋىن ئىختىيارسىز، ــ كىتىمۇ مەندەك ئويلاۋاتامدىغاندۇ؟»
لېۋىن ئۇنىڭغا قاراپ، ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە قاراۋاتقانلىقىنى كۆردى، كىتىنىڭ ئۆزىگە قاراپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ئۇنىڭمۇ ئۆزى ئويلىغاننى ئويلاپ تۇرغانلىقىنى بىلگەندەك قىلدى. لېكىن، كىتى ئۇنداق ئويلىمىغان، روھانىينىڭ سۆزلىرىنىڭ بىرىنىمۇ چۈشەنمىگەن، ھەتتا ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاقمۇ سالمىغانىدى، قۇلاق سېلىپ چۈشەنگۈدەك ئەھۋالدىمۇ ئەمەس ئىدى. چۈنكى، بىر يېرىم ئايدىن بېرى ئۇنىڭ يۈرىكىنى بىر خىل تۇيغۇ چۇلغىۋالغان بولۇپ، بۇ ئۇنى ئۆزلۈكسىز خۇشال قىلىپ ۋە ئازابقا سېلىپ كېلىۋاتقان ئىشنىڭ بۈگۈن ئاخىر ئەمەلگە ئاشقانلىقىنىڭ خۇشاللىق تۇيغۇسى ئىدى. ئاربات كوچىسىدىكى ھېلىقى ئۆيدە بېغىر رەڭ كۆڭلىكى بىلەن لېۋىننىڭ ئالدىغا ئۇنچىقماي كېلىپ ئۆزىنى ئۇنىڭ ئىختىيارىغا تاشلىغان ئاشۇ كۈن، ئاشۇ سائەتتىن باشلاپ ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى ھاياتى بىلەن ئۇزۇل ـ كېسىل خوشلاشقان، گەرچە ھازىر ئەسلىدىكى تۇرمۇشى ئىچىدە ياشاۋاتقان بولسىمۇ، شۇنىڭدىن باشلاپ ئۆزى ئۈچۈن تامامەن ناتونۇش بولغان يېڭى بىر ھايات باشلانغانىدى. بۇ ئالتە ھەپتە ئۇنىڭ ھاياتىدا ئەڭ بەختلىك، ئەڭ قىيىن بىر دەۋر بولدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ھاياتى، بارلىق ئارزۇ ـ تىلەكلىرى، بارلىق ئۈمىدى ئۆزى تېخى تولۇق چۈشىنىپ بولمىغان شۇ ئادەمگە باغلىنىپ بولغانىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇشۇنداق بىر ئادەم بىلەن بىللە ياشاش ھېسسىياتى چۈشىنىش تېخىمۇ قىيىن بولغان بىر خىل ھېسسىيات ئىدى، ئۇنى ئۆزىگە تارتىپمۇ ھەم بىزار

قىلىپمۇ تۇراتتى. شۇنداق ھالەتتىمۇ ئۇ ئادەمگە قىزغىن بېرىلەتتى. ھازىرغىچە كونا تۇرمۇشنىڭ قېلىپىدىن چىقماي ياشاۋاتقان كىتتى بىر تەرەپتىن ئۆزىگە، ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىگە بىپەرۋا بولۇپ قالغىنىغا ھەيران ئىدى. ھەممە ئىشلارغا — ئۆزىنىڭ ئادەتلىرىگە، ئۆزىنى ياخشى كۆرگەن، ھازىرمۇ ياخشى كۆرۈۋاتقان بارلىق ئادەملەرگە، ئۆزىنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىدىن كۆڭلى يېرىم يۈرۈۋاتقان ئايپىسىغا، دۇنيادا ھېچقانداق ئادەمنى تەڭ قىلمايدىغان مېھرىبان دادىسىغا بولغان مۇئامىلىسىنىڭ تۈزىتىۋېلىش مۇمكىن بولمايدىغاندەك سۇسلىشىپ قېلىۋاتقىنىغا بەزىدە ئەجەبلىنىپمۇ قالاتتى، بەزىدە شۇنداق بولۇپ قالغىنىنىڭ سەۋەبىنى ئويلاپ خۇشالمۇ بولاتتى. شۇ تۇرقىدا ئۇنىڭ كاللىسىدا يېنىدا تۇرغان مۇشۇ ئادەم بىلەن بىللە ياشاشتىن باشقا ھېچقانداق ئوي - خىيالى، ھېچقانداق ئارزۇ - تىلەكلىرى يوق ئىدى. تېخى يېتىپ كەلمىگەن يېڭى تۇرمۇشى ئۈستىدىمۇ ئېنىق بىر تەسەۋۋۇرغا، ئوي - پىلانلارغا ئىگە ئەمەس ئىدى، ئۆزى چۈشەنمەيدىغان ئۇ خىل تۇرمۇشنى پەقەت قورقۇمسىراپ ھەم ئىچىگە پاتمىغان خۇشاللىقى بىلەنلا كۈتۈپ كەلگەنىدى. بۈگۈن شۇ كۈتكەنلىرىنىڭ، شۇ نامەلۇمسىزلىقلارنىڭ، بۇرۇنقى تۇرمۇشىغا خاتىمە بېرىلىدىغانلىقىغا بولغان ئېچىنىشلارنىڭ ھەممىسى ئاياغلىشىپ يېڭى تۇرمۇشى باشلىنىش ئالدىدا تۇراتتى. بۇ يېڭى تۇرمۇش زادى قانداق ئىش، بىلىپ بولمايتتى، بۇ بىلىپ بولماسلىقمۇ ئۇنى قورقۇنچىقا سېلىپ تۇراتتى. لېكىن، قورقسۇن - قورقمىسۇن، ئۇ ئالتە ھەپتىدىن بېرى يۈرىكىدە شەكىللىنىپ بولغان، ئەمدى رەسمىي مۇقىملىشىش ئالدىدا تۇراتتى.

روھانىي يەنە مۇنبەرگە يۈزلىنىپ، مۇنبەرنىڭ ئۈستىدىن كىتىنىڭ كىچىككىنە ئۈزۈكىنى قولىغا ئالدى، ئاندىن لېۋىنىنىڭ

قولىنى ئۆزىگە تەڭلەتكۈزۈپ، ئۇ ئۈزۈكنى ئۇنىڭ كۆرسەتكۈچ بارمىقىنىڭ بىرىنچى ئۇگىسىگە سىيلىپ قويۇپ: «خۇدانىڭ قولى كونسانتىن بىلەن خۇدانىڭ قولى يېكاتېرىنا نىكاھلانماقتا» دېدى. ئاندىن كىتىنىڭ ئىنچىكىلىكىدىن ئادەمنىڭ ئىچى ئاغرىغۇدەك نازۇك قولىغا يوغان بىر ئۈزۈكنى سىيلىپ قويۇپ بايىقى گەپنى يەنە تەكرارلىدى.

قىز بىلەن يىگىت نىمە قىلىشلىرى كېرەكلىكىنى پەملىۋېلىشقا بىرقانچە قېتىم ئۇرۇنۇپ كۆرۈپمۇ خاتالىشىۋەرگەچكە، روھانىي شىۋىرلاپ تۇرۇپ ئۇلارنىڭ خاتالىقلىرىنى تۈزىتىپ تۇردى. ئاخىرىدا، قىلىشقا تېگىشلىك بىرقانچە رەسمىيەتنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ ھەر ئىككىسىنىڭ بارماقلىرىدىن ئۈزۈكلەرنى ئېلىپ ئىككىسىنى ئۈزۈكلەر بىلەن چوقۇندۇردى، ئاندىن يەنە كىچىكىنى لېۋىننىڭ، چوڭىنى كىتىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى. ئىككىسى يەنە ئادىشىپ كېتىپ، ئۈزۈكنى ئىككى قېتىم بىر - بىرىگە بېرىپ چىقتى، شۇنداقتىمۇ توغرا قىلالمىدى.

دوللى بىلەن چىرىكوف، ئوبلونسكىيلار ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ ھەرىكەتلىرىنى تۈزەتمەكچى بولۇۋىدى، ئۇلارمۇ ئەپلەشتۈرەلمەي بىرمۇنچە پىچىرلىشىشلار، كۈلكىلەر بولدى، ئەمما قىز بىلەن يىگىتنىڭ چىرايىدىكى تەنتەنىلىك قىياپەتلەر ئۆزگەرمىدى، ئەكسىچە قوللىرى ئادىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، كۆزلىرى ئىلگىرىكىدەكلا جىددىي ۋە چاقناپ تۇراتتى. ئوبلونسكىي ئۇلارغا بوش ئاۋازدا: «ئەمدى ئۆزۈڭلارنىڭ ئۈزۈكىنى ئۆزۈڭلار قوللىرىڭلارغا سېلىۋېلىڭلار» دېگەندە، ئۇنىڭ لەۋلىرىدە ئويناپ تۇرغان كۈلكە شۇئان ئۆچتى. بۇ كۈلكە ئۆچمىسىمۇ بولمايتتى، چۈنكى بۇنداق چاغدىكى ھەرقانداق كۈلكە ئۇلارنى خاپا قىلىپ قويۇشى مۇمكىن ئىدى.

— يا تەڭرىم، بەندىلىرىڭنى ئەركەك ۋە ئايال قىلىپ

ياراتتىڭ، — دەپ ئويلىدى داۋاملاشتۇردى روھانىي ئۇزۇكلەر ئالماشتۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، — ئاندىن ئۇلارنى ئەر - خوتۇن قىلىپ جۈپلەشتۈردۈڭ، يەنە ئۇلارغا پەرزەنت ئاتا قىلىپ، ئۇلارنىڭ ۋارىسلىرىنى ئەۋلادمۇئەۋلاد ئۇزۇپ قويمۇدۇڭ. ئەي، ئۆزۈڭ ياراتقان بەندىلىرىڭگە سائادەت كەلتۈرۈپ بېرىۋاتقان ئىگەم، بۈگۈن ئالدىڭدا تۇرۇۋاتقان قۇللىرىڭ كونستانتىن بىلەن يېكاتېرىناغىمۇ غەمخور بولۇپ، ئۇلارغا تەۋرەنمەس ئېتىقاد، توغرا پىكىر، ئادىللىق ۋە مەڭگۈلۈك مۇھەببەت ئاتا قىلغايسەن ...

لېۋىن ئۆزىنىڭ ئۆيلىنىش توغرىسىدىكى بارلىق خىياللىرىنىڭ، تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتىكى بارلىق تەسەۋۋۇرلىرىنىڭ ھازىرغىچە چۈشىنىپ يېتەلمىگەن باللارچە خىيال ۋە تەسەۋۋۇرلار ئىكەنلىكىنى، گەرچە شۇ تۇرقىدا بۇ ئىشنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ تۇرسىمۇ، ئۇنى تېخىچە تولۇق بىلىپ كېتەلمىگەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، ھاياجاندىن ئۆزىنى باسالماي قالدى، كۆزلىرىگە تولغان ياشنى تۇتۇپ قالالماي، ئاخىر ئۇنى ئىختىيارىغا قويۇۋەتتى.

## 5

ئىككى ئائىلىنىڭ موسكۋادىكى بارلىق ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرى بۈگۈن چېركاۋغا يىغىلغانىدى. سۈتتەك ئاپئاق يورۇپ كەتكەن چېركاۋ ئىچىدىكى پار - پۇر كىيىملەرگە پۈركەنگەن خانىملار بىلەن قىزلار، ئاق گالستۇكلار تاقاشقان، چىرايلىق فراك ۋە مۇراسىم كىيىملىرىنى كىيىشكەن ئەرلەر نىكاھنىڭ پۈتكۈل جەريانىدا ئەدەپ بىلەن بوش شىۋىرلىشىپ تۇرۇشاتتى. شىۋىرلاپ سۆزلىشىۋاتقانلارنىڭ كۆپچىلىكى ئەرلەر

ئىدى، ئاياللار ئۆزلىرىگە شۇنچىلىك كۆچلۈك تەسىر قىلىۋاتقان بۇ دىنىي مۇراسىمنىڭ بارلىق تەپسىلاتلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن جىمجىت تۇرۇپ كۆزىتىشىۋاتاتتى.

كېلىنچەكنىڭ يېنىدا ھەدىسى دوللى بىلەن يېقىلا چەت ئەلدىن تويغا ئۇلگۇرۇپ كەلگەن ئىككىنچى ھەدىسى گۈزەل ناتالىيە تۇراتتى.

— ئاۋۇ مارىنىڭ تويغا بىنەپشە رەڭ كۆڭلەك كىيىپ كەلگىنى نېمىسى؟ قاپقارىلا كۆرۈنىدىكىنە! — دېدى كورسۇنسكايا خانىم.

— ئۇنىڭ چىرايىنى پەقەت رەڭگىلا ئېچىپ تۇرىدىكەن ... — دېدى درۇبېتسكايا ئۇنىڭغا جاۋابەن، — ھەيرانمەن، ئۇلار توينى نېمىشقا كەچتە ئۆتكۈزگەندۇ؟ بۇ سودىگەرلەرنىڭ قىلىقىغۇ ...

— بۇنىڭدا توي تېخىمۇ كۆڭۈللۈك بولىدۇ، مېنىڭ تويۇممۇ كەچتە بولغان، — دېدى كورسۇنسكايا. شۇ گەپ بىلەن تەڭ ئۇ ئۆزىنىڭ توي كۈنى قانداق گۈزەللىشىپ كەتكەنلىكىنى، ئېرىنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرگەنلىكىنى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىپ كۈلكىگە قالغانلىقىنى ئەسلەپ قالدى. ئەمدى ھازىر ئىشلار پۈتۈنلەي باشقىچە بولۇپ، ھەممە نەرسە ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى. كورسۇنسكايا ئەپسۇسلىنىپ ئېغىر بىر تىنىپ قويدى.

— ئاڭلىسام، ئون قېتىمدىن ئارتۇق يىگىت قولدىشى بولغان ئادەمنىڭ ئۆيلەنگۈسى كەلمەسمىش. مەنمۇ شۇنداق قىلايمىكىن دەپ ئويلىسام، ئەپسۇس، بۇ قېتىم ئۇ ئورۇننى باشقا بىرى ئىگىلىۋاپتۇ، — دېدى گراف سىنەۋىن ئۆزىگە كۆز تاشلاپ يۈرگەن كىنەز قىزى چارسكاياغا.

چارسكايا ئۇنىڭ گېپىگە پەقەت كۈلۈمسىرەپلا قويدى. ئۇ كىتىدىن كۆزىنى ئالماي تۇرۇپ، كىتى تۇرغان شۇ جايدا ئۆزىنىڭ قاچان ۋە قانداق قىلىپ گراف سىنەۋىن بىلەن يانمۇ يان تۇرىدىغىنىنى، شۇ چاغدا سىنەۋىنىنىڭ ھازىرقى چاقچىقىنى ئۆزىگە ئەسلىتىپ قويىدىغىنىنى ئويلاۋاتاتتى.

قىرى شېرباتسكىي ئوردىدا ئەمەلى بار قىرى قىز نىكولايېۋناغا، كىتىنىڭ بەختلىك بولۇشى ئۈچۈن يالغان چېچىغا گۈلچەمبىرەك كىيگۈزۈپ قويايمىكىن دەيمەن، دېدى[1].

— كىتى يالغان چاچ كىيمىسىمۇ بولاتتى، — دېدى نىكولايېۋنا جاۋابەن. ئۇ ئۆزى كۆز سېلىپ يۈرگەن ھېلىقى قىرى بويتاق بىلەن توي قىلىپ قالسا، توينى ناھايىتى ئاددىي قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغانىدى، — مەن ئۇنداق ئىسراپچىلىقنى ياخشى كۆرمەيمەن.

كوزنىشېۋ دارىيە دمىترىيېۋنا بىلەن پاراڭلىشىپ تۇراتتى. ئۇ چاقچاق قىلىپ، قىز - يىگىتنىڭ تويدىن كېيىن ساياھەتكە كېتىشلىرى خەقتىن ئۆيالغىنىدىن، دېدى.

— ئىنىڭىز سىڭلىم بىلەن توي قىلغىنىدىن پەخىرلەنسە بولىدۇ. سىڭلىم تولىمۇ ئوماق قىز. سىزنىڭ ئىنىڭىزغا ھەۋەسىڭىزمۇ كېلىدىغاندۇ؟

— ھەۋەس قىلىدىغان چاغلار ئاللىبۇرۇن ئۆتۈپ كەتتى، دارىيە دمىترىيېۋنا، — دېدى كوزنىشېۋ جاۋاب بېرىپ. ئۇنىڭ چىرايىدا شۇئان غەمكىن ۋە جىددىي ھالەت پەيدا بولدى.

ئوبلونسكىي قېينىسىڭلىسىغا نىكاھتىن ئاجرىشىش توغرۇلۇق قىزىق بىر پاراڭ قىلىپ بېرىۋاتاتتى.

— ئۇنىڭ بېشىدىكى گۈلچەمبىرەكنى تۈزەپ قويۇش كېرەك ئىدى، — دېدى قېينىسىڭلىسى ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي.

— كىتىنىڭ چىرايىنىڭ سارغىيىپ كەتكىنىگە ئادەمنىڭ ئىچى ئاغرىيدۇ، — دېدى گراف نوردستون خانىم ناتالىيەگە، — شۇنداقتىمۇ لېۋىن ئۇنىڭ ئىلىشۋەتكەن تىرنىقىغىمۇ تەڭ كەلمەيدۇ.

— ياق، مەن ئۇنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرىمەن، سىڭلىمنىڭ

---

[1] رۇسلاردا قىز بالا توي قىلغاندا بېشىغا گۈلچەمبىرەك تاقىسا بەختلىك بولىدۇ، دەيدىغان گەپ بار.

ئېرى بولىدىغانلىقى ئۇچۇنلا ئەمەس، — دەپ جاۋاب بەردى ناتالىيە ئۇنىڭغا، — ئۇ ئاجايىپ مەردانە ئادەم. مۇشۇنداق سورۇندا ئۆزىنى ئاشۇنداق تۇتۇش، كىشىلەرنىڭ كۆلكىسىگە قالماسلىق ئاسان ئەمەس. ئۇنىڭ كۆلگۈدەك ھېچقانداق بىر يېرى يوق، يا ئازراق بولسىمۇ جىددىيلەشمىسە. شۇ تۇرقىدا قاتتىق ھاياجان ئىچىدە تۇرۇۋاتقاندۇ دەيمەن.

— سىز شۇنداق بولۇشنى ئارزۇ قىلسىڭىز كېرەك ـ ھە؟

— راست دېدىڭىز. كىتى ئۇنى بۇرۇندىن ياخشى كۆرەتتى.

— قېنى، قاراپ تۇرايلى، پاياندازغا قايسىسى بۇرۇن دەسسەيدىكىن. مەن كىتىگە بىرىنچى بولۇپ دەسسىۋال دەپ مەسلىھەت بەرگەن.

— قايسىسىلا دەسسىسە بەرىبىر ئەمەسمۇ، — دېدى ناتالىيە، — بىز ئاياللار تۇغۇلۇشىمىزدىن ئىتائەتچان خەق.

— مەن توي قىلغان چاغدا پاياندازغا ئەتەي ۋاسلىيدىن بۇرۇن دەسسىۋالغان. سىزچۇ، دوللى؟

دوللى ئۇلارنىڭ يېنىدا گەپلىرىگە قۇلاق سېلىپ تۇراتتى، لېكىن جاۋاب بەرمىدى. ئۇ قاتتىق ھاياجاندا، كۆزلىرىدە ياش ئويناپ تۇراتتى، گەپ قىلسىلا يىغلىۋېتىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ لېۋىن بىلەن كىتىدىن شۇنچىلىك خۇشال ئىدى، ئۆزىنىڭ توي قىلغان چاغلىرىنى ئەسلەپ، چىرايى پارقىراپ تۇرغان ئوبلونسكىيغا پات ـ پات قاراپ قوياتتى ۋە كۆز ئالدىدا بولۇۋاتقان ئىشلارنى ئۇنتۇپ قېلىپ، ئۆزىنىڭ گۈلدەك ۋاقتىدىكى تۇنجى مۇھەببىتىنى ئەسلەپ كېتىۋاتاتتى. ئۆزىنىڭلا ئەمەس، دوستلىرىنىڭمۇ بۇرۇنقى ئىشلىرىنى ئەسلەپ، ھاياتىدىكى ئەڭ سەلتەنەتلىك چاغلىرىنى، كىتىگە ئوخشاش باشلىرىغا گۈلچەمبىرەكلەرنى تاقاپ ئاشۇ يەردە ئۆرە تۇرۇشقانلىرىنى، قەلبىدە تولۇپ تۇرغان مۇھەببەت، ئۈمىد، ۋەھىمە، ئۆتمۈش بىلەن خوشلىشىپ، سىرلىق كەلگۈسىگە قەدەم تاشلىغانلىرىنى بىر ـ بىرلەپ كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى. ئۇ ئەسلىمىلىرىنىڭ ئىچىدە

ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئاننامۇ بار ئىدى. ئاننانىڭ ئاجرىشىدىغان خەۋىرىنى ئۇ يېقىندىلا ئاڭلىدى. ئاننامۇ ئۆز ۋاقتىدا بېشىغا ئاشۇنداق گۈلچەمبىرەك تاقىغان، ئاق تور ياغلىق يېپىنغان هالدا چېركاۋنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغان، زىبا قامەتلىك شۇنچىلىك ئۇز ئىدى. لېكىن، هازىرچۇ؟ «نېمىدېگەن تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان ئىشلار بۇ !» دەۋەتتى ئىختىيارسىز دوللى.

نىكاھ مۇراسىمىنىڭ پۈتۈن تەپسىلاتىنى دىققەت بىلەن كۆزىتىپ تۇرۇۋاتقانلار يالغۇز قىز بىلەن يىگىت ۋە ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، دوستلىرىلا ئەمەس ئىدى، مۇراسىمنى كۆرگىلى كەلگەن يات ئاياللارمۇ قىز بىلەن يىگىتنىڭ بىرەر هەرىكىتى ۋە بىرەر چىراي ئىپادىسىنى بولسىمۇ كۆرمەي قالمايلى دېگەندەك، جىددىيلىشىپ هاياجان بىلەن كۆرۈپ تۇرۇشۇۋاتاتتى، مۇراسىم بىلەن كارى يوق، ئۆزلىرىنىڭ پارىڭىنى سېلىشىپ تۇرغان ئەرلەرنى مەنسىتمەيتتى ۋە ئۇلارنىڭ گەپلىرىگە قۇلاقمۇ سېلىشمايتتى.

— ئۇ نېمىشقا يىغلايدىغاندۇ؟ يىگىتنى ياراتمامدۇ يا؟

— شۇنداق كېلىشكەن يىگىتنى نېمىدەپ ياراتمىسۇن؟ ئۇ يىگىت كىنەزمۇ؟

— ئاۋۇ ئاق چۈنچەن كۆڭلەك كىيىۋالغىنى قىزنىڭ هەدىسىمۇ؟ ۋۇي، ئاڭلىغىنا، ئاۋۇ روھانىي: «خوتۇن كىشى ئېرىدىن قورقىدىغان بولسۇن» دەۋاتىدۇ.

— ئاۋۇلار چۇدوۋو چېركاۋىنىڭ مۇناجاتچىلىرىمۇ نېمە؟

— ياق، سىنودالنويد چېركاۋىنىڭ مۇناجاتچىلىرى.

— مەن يىگىتنىڭ چاكىرىدىن سورىدىم، قىزنى نىكاھتىن كېيىنلا ئۆزىنىڭ يېزىسىغا ئېلىپ كەتكۈدەك. ئاڭلىسام، تولى قىلىۋاتقان يىگىت ناهايىتى بايمىش، شۇڭا ئۇلار قىزنى ئۇنىڭغا بېرىپتۇدەك.

— ياق، ئۇلار بۇرۇندىن بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈشەتتىكەن.

— مارىيە ۋلاسىيېۋنا، سىز كۆڭلەكنىڭ ئېتىكىگە پۈرمە

تۇتمىسا ياخشى دەۋاتاتتىڭىز، ئاۋۇ بىنەپشە رەڭ مەخمەل كۆڭلەك كىيىۋالغان خانىمغا قاراڭا، ئۇنى ئەلچىنىڭ خوتۇنى دەمدۇ نېمە، كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكى چېچىلىپ تۇرىدۇ ... خۇددى شامال ئۇچۇرۇپ تۇرغاندەك.

— پاھ، ئۇ قىز نېمىدېگەن ئوماق، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇنى قونچاقتەك ياسىۋېتىپتۇ. نېملا دېگەن بىلەن بىز ئايالالار يەنىلا ئۆزىمىزنىڭ قاياشىمىزغا كۆپرەك كۆڭۈل بۆلىمىز.

چېركاۋنىڭ ئىچىگە كىرىشىۋالغان ئايالالارنىڭ ئىچىدە ئەنە شۇنداق پاراڭلار بولۇۋاتاتتى.

# 6

نىكاھ مۇراسىمى ئاياغلاشقاندا، چېركاۋ خىزمەتچىسى مۇنبەرنىڭ ئالدىغا ئۆزۈن بىر پارچە ھال رەڭ تاۋارنى يايدى. يۇقىرى ۋە تۆۋەن ئاۋازلىق ئەر مۇناجاتچىلار بىر ـ بىرىگە ماسلىشىپ يېقىملىق ئاۋازلىرى بىلەن مۇناجات ئېيتىشقا باشلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن روھانىي كەينىگە بۇرۇلۇپ قىز بىلەن يىگىتنى پايانداز غا تەكلىپ قىلدى. لېۋىن بىلەن كىتى ئىككىلىسى پايانداز غا كىم بىرىنچى بولۇپ دەسسىۋالسا ئۆينىڭ خوجايىنى شۇ بولىدۇ، دېگەن گەپنى كۆپ ئاڭلىغانىدى. لېكىن. ئىككىسى پايانداز غا قاراپ ماڭغاندا ئۇ گەپلەر ئېسىدە يوق، ئۇدۇل مېڭىۋەردى، ئەتراپتىكىلەرنىڭ ئۇنلۇك توۋلاشلىرى بىلەن تالاش ـ تارتىشلىرىمۇ قۇلاقلىرىغا كىرمىدى. بەزىلەر، يىگىت بىرىنچى بولۇپ پايانداز غا دەسسىدى، دېسە، بەزىلەر، ئىككىسى تەڭ دەسسىدى، دەپ توۋلىشاتتى.

ئادەت بويىچە، ئەر ـ خوتۇن بولۇشقا رازىمۇ سىلەر، باشقا بىرلىرى بىلەن دېيىشىپ قويغان ئىشلىرىڭلار يوقتۇ، دېگەندەك

سوئاللار ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگىمۇ غەلىتە ئاڭلانغان جاۋابلاردىن كېيىن ئىككىنچى بىر خىل مۇراسىم باشلاندى. كىتى ئىبادەتتە دېيىلگەن گەپلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ باققۇسى كېلىپ ھەرقانچە دىققەت قىلسىمۇ چۈشىنەلمىدى. چۈنكى، ئىچى ـ ئىچىگە پاتماي كېتىۋاتقان خۇشاللىقى، ھاياجىنى ئۇنىڭ يۈرىكىنى چۇلغاپ، ئۇنى دىققەت بىلەن تىڭشاش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قىلىۋاتاتتى.

ئاخىرىدا ئۇلار دۇئا قىلىپ: «خۇدا، ئۇلارغا مەڭگۈلۈك پاكلىق، ديانەت ۋە پەرزەنت ئاتا قىلغايسەن، ئەۋلادلىرىنى ئۈزۈپ قويمىغايسەن» دېيىشتى. بىر يەرلىرىگە كەلگەندە، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ قوۋۇرغىسىدىن ھەۋۋا ئانامنى ياراتقانلىقى، شۇ سەۋەبلىك «ئەركەك كىشى ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلىپ خوتۇن كىشىگە قوشۇلىدۇ، ئىككى تەن بىرلىشىدۇ» غانلىقى، «بۇ تېگىگە يېتىپ بولماس چوڭ بىر سىر» ئىكەنلىكى دېيىلدى. خۇدادىن ئىسھاق ۋە رېبېببا، يۈسۈپ، مۇسا ۋە ھېپفورلارغا ئوخشاش، بۇلارغىمۇ بەخت ـ سائادەت بېرىشنى، ئوغۇللىرىنىڭ ئوغۇللىرىنى كۆرۈشكە نېسىپ بولۇشنى تىلەشتى. «نېمىدېگەن گۈزەل تىلەكلەر بۇ، — دەپ ئويلىدى كىتى بۇ گەپلەرنى ئاڭلاۋېتىپ، — ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىرى كەلگەي، ئىلاھىم.» شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ چىرايى تېخىمۇ ئېچىلىپ، بەخت كۈلكىسى يايراپ تۇرغان جامالى تېخىمۇ چىرايلىق جىلۋىلىنىشكە باشلىدى. ئۇنىڭدىكى خۇشاللىق ئۇنىڭغا قارىشىپ تۇرغان كىشىلەرگىمۇ تەسىر قىلىپ، ئۇلارمۇ چەكسىز خۇشاللىققا چۆمۈلدى.

روھانىي ئۇ ئىككىسىنىڭ بېشىغا گۈلچەمبىرەك كىيگۈزۈۋاتقان، شېرباتسكىي ئۈچ تۈگمىلىك پەلەي كىيگەن قوللىرى بىلەن گۈلچەمبىرەكنى كىتىنىڭ بېشى ئۈستىدە ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرغان شۇ ئارىلىقتا، بىرىنىڭ:

— ياخشىلاپ كىيگۈزۈپ قويۇڭ! — دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

— كىيگۈزۈڭ ! — دېدى شىۋىرلىغان ئاۋازدا كىتى.

لېۋىن ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ قاراپ، ئۇنىڭ يۈزىدە خۇشاللىقىدىن پارلاپ تۇرغان بىر نۇرنى كۆرۈپ ھەيران قالدى، كىتىدىكى ئۇ خىل ھالەت ئۇنىڭغىمۇ ئۆتۈپ، ئۇنىڭ چىرايىمۇ ئېچىلىپ كەتتى.

«ئاپوستول» مۇناجاتى ئوقۇلۇپ، روھانىي ئۇنىڭ ئەڭ تەسىرلىك ئاخىرقى قىسمىنى — مېھمانلارنىڭ تەقەززا بولۇپ كۈتۈۋاتقىنى دەل مۇشۇ ئىدى — جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن ئوقۇپ تۈگەتكەندە، لېۋىن بىلەن كىتى ئىككىسى شۇنچىلىك ھاياجانلاندى. ياپىلاق كاسىدا بېرىلگەن سۇ ئارىلاشتۇرۇلغان ئىللىق قىزىل شاراب ئىچىشمۇ ئۇلارغا ئاجايىپ كۆڭۈللۈك تۇيۇلدى. «خۇداغا شان - شەرەپلەر بولسۇن !» دېگەن ئىبادەت ناخشىسىنىڭ پەس ئاۋازدا ئېيتىلىۋاتقان ھاياجانلىق ساداسى ئاستىدا، روھانىي ئۇستىدىكى ئىبادەت يېپىنچىسىنى تاشلاپ، قىز - يىگىتنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ مۇنبەرنى ئايلاندۇرۇپ ماڭغاندا، ئۇ ئىككىسىنىڭ ھاياجىنى، خۇشاللىقى پەلەككە يەتتى. گۈلچەمبىرەك كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان ياش شېرباتسكىي بىلەن چىرىكوف پات - پاتلا كېلىنچەكنىڭ كۆڭلىكىنىڭ پەردە سۆرىلىپ كېتىۋاتقان ئۇزۇن ئېتىكىگە دەسسىۋېلىپ ئىختىيارسىز كۈلۈشۈپ كېتەتتى، روھانىي توختىغاندا، بىر بولسا كېلىنچەككە ئۇسۇۋالاتتى، بىر بولسا كەينىدە قالاتتى.

كىتىنىڭ چىرايىدا پارلىنىپ تۇرغان بەخت كۈلكىسى چېركاۋ ئىچىدىكى ھەربىر ئادەمگە يۇقۇۋاتقاندەك، ھەممەيلەننىڭ يۈزىدە شۇ تەبەسسۇم ئويناپ تۇراتتى، لېۋىنغا روھانىي بىلەن ياردەمچى روھانىيمۇ ئاشۇ ئادەملەرگە ئوخشاش خۇشال كۈلۈشۈپ مېڭىۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى.

روھانىي ئۇلارنىڭ باشلىرىدىن گۈلچەمبىرەكلەرنى ئالدى ۋە ئاخىرقى قېتىم دۇئا قىلىپ ئۇلارغا بەخت تىلىدى. لېۋىن كىتىگە قاراپ، ئۇنىڭدا ئۆزى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان بىر خىل

هالەتنى كۆردى. كىتىنىڭ چىرايىدا چاقناپ تۇرغان يېڭى بىر خىل بەخت نۇرى ئۇنى باشقىچە بىر گۈزەللىككە پۈركەپ تۇراتتى. لېۋىنىڭ شۇ تۇرقىدا ئۇنىڭغا گەپ قىلغۇسى كېلىپ كەتتى، لېكىن مۇراسىمنىڭ تۈگىگەن ـ تۈگىمىگەنلىكىنى بىلمىگەچكە ئېغىز ئاچالمىدى. دەل شۇ چاغدا روھانىي خۇددى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىپ قالغاندەك، چىرايىغا يېقىملىق بىر كۈلكە يۈگۈرتۈپ، پەس ئاۋازدا:

— سىز خوتۇنىڭىزنى سۆيۈپ قويۇڭ، سىزمۇ ئېرىڭىزنى سۆيۈپ قويۇڭ، — دېدى ۋە شۇئان ئۇلارنىڭ قوللىرىدىن شاملارنى ئېلىۋالدى.

لېۋىن كىتىنىڭ تەبەسسۇم چاقنىتىپ تۇرغان لەۋلىرىگە ئېھتىيات بىلەن سۆيۈپ قويۈپ، ئاندىن ئۇنى قولتۇقلىۋالدى ۋە ۋۇجۇدىنى ئوت بولۇپ ياندۇرۇۋاتقان ئالاھىدە بىر يېقىنلىق بىلەن چېركاۋدىن سىرتقا قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ بۇ ئىشلارنىڭ راستلىقىغا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى ھەم ئىشىنەلمەيتتى، ئىككىسىنىڭ ھەيرانلىق ۋە تارتىنىش چىقىپ تۇرغان كۆزلىرى بىر ـ بىرىگە ئۇچراشقاندا ئاندىن ئىشەندى ۋە ئىككىسىنىڭ ئەمدى بىر گەۋدىگە ئايلانغانلىقىنى تولۇق ھېس قىلىپ يەتتى.

شۇ كۈنى كەچكى غىزادىن كېيىن يىگىت بىلەن قىز يېزىغا قاراپ ماڭدى.

# 7

ۋرونسكىي بىلەن ئاننانىڭ ياۋروپانى ساياھەت قىلىپ يۈرگىنىگە ئۈچ ئايدىن ئاشتى. ۋېنېتسىيە، نېئاپول، رىملارغا بېرىپ، ئىتالىيىنىڭ كىچىك بىر شەھىرىگە كەلگەندە، شۇ شەھەردە بىرنەچچە كۈن تۇرماقچى بولدى.

مايلانغان قويۇق چېچىنى ئوتتۇرىدىن ئايرىپ سىلىق تارىۋالغان، قارلىغاچ قۇيرۇقلۇق كاستۇم كىيىۋالغان، كاستۇمىنىڭ ياقىسىدىن ئاق بەتىس كۆڭلىكى كۆرۈنۈپ تۇرغان، بوينىغا ئېسىۋالغان زەنجىرى يۇمىلاق قورسىقى ئۈستىدە ساڭگىلاپ قالغان چىرايلىق باش خىزمەتكار ئىككى قولى يانچۇقىدا، كۆزلىرىدە تەكەببۇرلۇق، ئالدىدا تۇرغان بىر ئەپەندىنىڭ سورىغان سوئاللىرىغا جىددىي تۇرۇپ جاۋاب بېرىۋاتاتتى. ئۇ يەنە بىر تەرەپتىكى پەلەمپەيدىن يۇقىرىغا چىقىپ كېتىۋاتقان بىر ئادەم كەينىگە قايرىلىپ قارىغان شۇ بىر دەقىقىدە، ئۇنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ياتاقنى ئىجارىگە ئالغان رۇسىيىلىك گراف ئىكەنلىكىنى تونۇپ قېلىپ دەررۇ يېنىغا باردى ـ دە، ئىككى قولىنى يانچۇقىدىن چىقىرىپ ئۇنىڭغا ئېگىلىپ سالام بەردى ۋە بايا بىر خىزمەتكارنىڭ كېلىپ ئۇ ئىجارىگە ئالماقچى بولغان داچىنىڭ ئىشىنىڭ پۈتكەنلىكىنى، دىرېكتورنىڭ توختام تۈزۈشنى ساقلاپ قالغانلىقىنى مەلۇم قىلغانلىقىنى ئېيتتى.

— هە ! تولىمۇ ياخشى ئىش بوپتۇ، — دېدى ۋرونسكىي، — خانىم ياتاقتىمۇ؟

— خانىم سىرتقا ئايلىنىپ كەلگىلى چىقىپ كېتىپ تېخى يېڭىلا قايتىپ كەلدى، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ.

ۋرونسكىي بېشىدىن كەڭ گىرۋەكلىك شىلەپىسىنى ئېلىپ، قولياغلىقى بىلەن پېشانىسىنى، چاچلىرىنى سۈرتۈپ قويدى. ئىككى تەرىپىگە چۈشۈپ تۇرغان چاچلىرىنى قولى بىلەن ئۈستىگە تارىۋەتكەنىدى، بېشىنىڭ چوققىسىدىكى چېچى يوق ياغاق يېرى يېپىلىپ قالدى. ئۇ تېخىچە ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان ئۇ ئەپەندىگە پەرۋاسىز قاراپ قويۇپ يۇقىرىغا ماڭغانىدى، باش خىزمەتكار:

— بۇ رۇسىيىلىك ئەپەندى سىزنى سوراۋاتىدۇ، — دېدى.

ۋرونسكىي بىر خىل بىزارلىق ۋە ئازراق ئۈمىد ئارىلاشقان

مۇرەككەپ ـــــ بىزارلىقى، نەگىلا بارسا تونۇش ـ بىلىشلىرىنىڭ ئۇچراپ تۇرىدىغانلىقى، ئۇمىدى، بىرەر ئىش قىلىپ، بىر قېلىپتا كېتىۋاتقان تۇرمۇشىنى تەڭشەپ تۇرۇشنى ئويلاپ قىلىۋاتقانلىقى سەۋەبىدىن ئىدى ـــــ ھېسسىياتى بىلەن كەينىگە يېنىپ، مېڭىپ بولۇپ يەنە توختاپ قالغان ئۇ ئەپەندىگە قاراپ قويدى. شۇ ئارىلىقتا ئىككىسىنىڭ كۆزلىرى ئۇچرىشىپ قېلىپ بىردىنلا جانلىنىپ كەتتى.

ـــ گولېنىششېۋ!

ـــ ۋرونسكىي!

ئۇ ۋرونسكىينىڭ پاژلار ئوفىتسېرلار مەكتىپىدە بىللە ئوقۇغان ساۋاقدىشى گولېنىششېۋ ئىدى. گولېنىششېۋ مەكتەپتىكى چاغدا لىبېراللار پارتىيىسىگە قاتناشقان، مەكتەپنى مۇلكىي ئەمەلدارلىق بويىچە پۈتكۈزگەن ئادەم ئىدى، ئەمما ھېچقانداق يەردە ئىشلىمەيتتى. ئىككى دوست مەكتەپنى پۈتكۈزۈپلا ئۆز ئىشلىرىغا كېتىشكەن بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق ئۇچرىشىشى ئىدى.

تۇنجى قېتىم ئۇچراشقاندا، ۋرونسكىي ئۇنىڭ ئىستىقبالى بار دەپ قارالغان لىبېراللارنىڭ پائالىيەتلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقانلىقىنى بىلگەنىدى. شۇ چاغدا گولېنىششېۋ ۋرونسكىينىڭ قىلىۋاتقان ئىشىنى، تۇتقان مەنسىپىنى ياراتمىغاندەك گەپلەرنى قىلغان بولغاچقا، ۋرونسكىي ئۇنىڭغا تەكەببۇرلۇق بىلەن سوغۇقلا مۇئامىلە قىلغانىدى. بۇ ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۇ: «سەن مېنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلۇمنى ياقتۇرامسەن ـ ياقتۇرمامسەن، پەرۋايىم پەلەك. مېنى چۈشىنىمەن دەيدىكەنسەن، ئالدى بىلەن مېنى ھۆرمەتلىشىڭ كېرەك» دېمەكچى بولاتتى. ئەمما، گولېنىششېۋنىڭ ۋرونسكىيغا تۇتقان مۇئامىلىسى، قىلغان گەپلىرى يەنىلا شۇنداق كەمسىتكەندەك سوغۇقلا بولغان ۋە بۇ ئۇچرىشىش ئۇلارنى تېخىمۇ يىراقلاشتۇرۇۋەتكەنىدى. لېكىن، ھازىر ئۇلار بىر ـ بىرىنى تونۇغاندىن كېيىن ئۇنداق بولمىدى،

ھەر ئىككىسىنىڭ چىرايى ئېچىلىپ، خۇشاللىقىدا تىۋىلىشىپ كەتتى. ۋرونسكىي ئۇنى بىرەر يەردە ئۇچرىتىپ قالسام بۇنچىلىك خۇشال بولۇپ كېتەرمەن دەپ ھەرگىز ئويلىمىغانىدى. بەلكىم ئۇ بۇنچىلا قىزغىن بولۇپ كېتىشىنىڭ تولىمۇ بىمەنە ئىش ئىكەنلىكىنى ئويلىمىغان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا، ئۇ ئۆتكەن قېتىمقى ئۇچرىشىشىنىڭ كۆڭۈلسىز تەسىراتىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتىپ، چىرايىدا كۈلكە، ساۋاقدىشىغا خۇشال قولىنى ئۇزاتتى. گولېنىششېفنىڭ چىرايىدىكى بايىقى تەشۋىشلىك قىياپەتنى ئەمدى خۇشاللىق ئىگىلىدى.

— سېنى كۆرۈپ تولىمۇ خۇشال بولدۇم، — دېدى ۋرونسكىي ئاپئاق، مۇستەھكەم چىشلىرىنى چىقىرىپ كۈلگىنىچە.

— مەن بىرىدىن ۋرونسكىي ئىسىملىك بىرى كەپتۇ، دەپ ئاڭلىدىم، ئەمما سەن ئىكەنلىكىڭنى بىلمەپتىمەن. مەنمۇ سېنى كۆرۈپ بۆلەكچىلا خۇرسەن بولدۇم.

— يۈر، ياتاققا كىرىپ ئولتۇرايلى. خوش، ھازىر نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرۈۋاتىسەن؟

— بۇ يەردە تۇرۇۋاتقىنىمغا بىر يىلدىن ئاشتى. بىرنەرسە يېزىۋاتىمەن.

— شۇنداقمۇ ! — دېدى ۋرونسكىي ئۇنىڭ گېپىگە قىزىقىپ، — قېنى، ئۆيگە كىرەيلى.

ئارقىدىن ئۇ رۇسلارنىڭ ئادىتى بويىچە، خىزمەتكاردىن يوشۇرۇپ رۇسچە سۆزلىمەي، فرانسۇزچە سۆزلىدى.

— سەن كارېنىن خانىمنى تونۇمسەن؟ ھازىر ئىككىمىز بىللە ساياھەت قىلىۋاتىمىز. شۇ تۇرقىدا مەن شۇنىڭ قېشىغا كىرىپ كېتىۋاتاتتىم، — دېدى ئۇ گولېنىششېفنىڭ چىرايىدىكى ئىپادىگە دىققەت بىلەن تىكىلگىنىچە فرانسۇزچە سۆزلەپ.

— شۇنداقمۇ ! ئۇياقنى تونۇمايدىكەنمەن (ئەمەلىيەتتە تونۇيتتى)، — گولېنىششېف ھېچنېمە بىلمەيدىغاندەك تەلەپپۇزدا جاۋاب بەردى، — بۇ يەرگە كەلگىنىڭگە ئۇزاق

بولدىمۇ؟ — ئاخىرىدا بۇ گەپنى قوشۇپ قويدى ئۇ.

— ماڭىمۇ؟ تۆت كۈن بولدى، — دەپ جاۋاب بەردى ۋرونسكىي ساۋاقدىشىنىڭ چىرايىغا يەنە بىر قېتىم دىققەت قىلىپ.

«بۇ خېلى تۈزۈك ئادەم، ئىشلارغا توغرا قارىيالايدۇ، — ئىچىدە ئويلىدى ۋرونسكىي گولېنىشچېفنىڭ چىرايىدىكى ئىپادىگە ۋە گەپنى تېزلا باشقا مەزمۇنغا يۆتكىۋەتكىنىگە قاراپ، — ئۇنى ئانناغا تونۇشتۇرۇپ قويسام بولغۇدەك، خېلى ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغاندەك قىلىدۇ.»

ۋرونسكىي چەت ئەلدە ئاننا بىلەن ئۈچ ئاي بىللە يۈرۈش جەريانىدا، قانداقلا ئادەم ئۇچرىسا، ئالدى بىلەن ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ئاننا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە قانداق قارايدىغانلىقىغا دىققەت قىلاتتى. بۇ جەرياندا ئۇ ئەرلەرنىڭ ئومۇمەن توغرا قارايدىغانلىقىنى بىلدى. ئەمما، مەيلى گولېنىشچېفتىن ياكى بۇ ئىشقا «توغرا قارايدىغان» باشقىلاردىن بۇ ئىشقا زادى قانداق قارايدىغانلىقىنى بىۋاسىتە سورايدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئۆزىنىڭمۇ باشقىلارنىڭمۇ قانداق جاۋاب بېرىشىنى بىلمەي تېڭىرقاپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى.

ۋرونسكىينىڭ خىيالىچە، بۇ خىلدىكى ئىشلارغا «توغرا قارايدىغانلار» بۇنداق ئىشنى ھېچقانچە چۈشەنمەيتتى، تەربىيە كۆرگەن ئادەملەر تۇرمۇشنى ھەممە تەرەپتىن قورشاپ تۇرغان بارلىق مۇرەككەپ ۋە ھەل قىلىش قىيىن مەسىلىلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلسا، ئۇ كىشىلەرمۇ شۇنداق مۇئامىلىدە بولۇپ، كىنايە قىلىش، كۆڭۈلسىز سوئاللار بېرىشتىن ساقلىنىپ، ئۆزلىرىنى ئەدەپ چېگراسىدا تۇتۇپ تۇرۇشاتتى، ئۆزلىرىنى بۇنداق ئىشلارنى پۈتۈنلەي چۈشىنىدىغان، ئۇنى ئېتىراپ قىلىدىغان، ھەتتا ئۇنى ياقىلايدىغان قىياپەتكە سېلىۋالالايتتى، ئەمما شۇ توغرۇلۇق مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشنى ئەخلاقغا توغرا كەلمەيدىغان ئارتۇقچە ئىش دەپ بىلەتتى.

ۋرونسكي گولېنىشىېفنىڭمۇ شۇنداق ئادەملەردىن ئىكەنلىكىنى دەررۇ چۈشىنىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالغىنىغا بەكمۇ خۇشال بولدى. ئەمەلىيەتتىمۇ گولېنىشىېف ئاننا بىلەن كۆرۈشكەندە، ئۆزىنى دەل ۋرونسكىي ئۇمىد قىلغاندەك تۇتتى ۋە ئوڭايسىزلىنىشلارغا سەۋەب بولۇشى مۇمكىن بولغان ھەرقانداق پاراڭدىن ئۆزىنى تارتتى.

ئۇ بۇرۇن ئاننانى كۆرۈپ باقمىغان، كۆرۈشى مۇشۇ ئىدى. ئۇنىڭ گۈزەللىكى، بولۇپمۇ قانداقلا ئىشقا ئۇچرىسا ئۆزىنى تۇتالايدىغان مەردانىلىكىگە ھەيران قالدى. ۋرونسكىي ئۇنى ئۆيگە باشلاپ كىرگەندە ئاننا قىزىرىپ كەتتى. گولېنىشىېف ئاننانىڭ ئوچۇق ۋە گۈزەل چىرايىدىكى بالىلارغا خاس بۇ قىزىللىقنى تولىمۇ ياقتۇردى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ مېھماننى خاتا ئويلاپ قالمىسۇن، دەپ ۋرونسكىينى مەقسەتلىك ھالدا قىزغىنلىق بىلەن «ئالېكسېي» دەپ ئاتىغانلىقى، ئۆزلىرىنىڭ بۇ يەردىكىلەر داچا دەپ ئاتايدىغان باشقا بىر يېڭى جايغا كۆچۈپ كەتمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بېرىشلىرى ئۇنىڭغا بەكلا ياققاندى. گولېنىشىېف يەنە ئۇنىڭ مۇشۇنداق ھالەتكە چۈشۈپ قېلىپمۇ ئۆزىنى ھېچ ئىشقا يولۇقمىغاندەك دادىل تۇتۇشىنىمۇ ياخشى كۆردى. ئۇ ۋرونسكىينىمۇ، كارېنىننىمۇ تونۇيتتى، شۇڭا ئاننانىڭ بۇنچىلىك سەمىمىي، بۇنچىلىك خۇشخۇي، ئاجايىپ تېتىك قىياپىتىگە قاراپ، بىرى چۈشەندۈرۈپ قويمىسىمۇ ئۇنى چۈشەنگەندەك، ئاننانىڭ ئۆزىمۇ تولۇق چۈشىنىپ كېتەلمىگەن، يەنى ئېرى بىلەن ئوغلىدىن ۋاز كېچىپ، ئېرىنى توگىمەس ئازابقا مۇپتىلا قىلغان، ئۆزىنىڭ نامىنىمۇ بۇلغىغان، شۇنداق تۇرۇپمۇ ئۆزىنى شۇنچىلىك جانلىق، خۇشخۇي، بەختلىك تۇتقان بۇ خىل روھىي ھالىتىنىڭ تېگىگىمۇ يەتكەندەك بولدى.

— بۇ ئۆيلەر ساياھەت كۆرسەتكۈچىدە بار، — دېدى گولېنىشىېف ۋرونسكىي ئۆزلىرىنىڭ بىر يەردىن بىر داچىنى ئىجارىگە ئالماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى تىلغا ئالغاندا، — ئۇ يەردە

تىنتورېتتونىڭ[1] ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدىكى مەشھۇر ئەسەرلىرى ساقلاقلىق.

— بۇگۈن ھاۋا ناھايىتى ياخشى، يۇرۇڭ، بېرىپ ئۇ يەرنى يەنە بىر كۆرۈپ كېلەيلى، — دېدى ۋرونسكىي ئاننىغا.

— بەك ئوبدان بولدى، مەن كىرىپ شىلەپەمنى كىيىپ چىقاي، ھازىرلا چىقىمەن. بۇگۈن ھاۋا ئىسسىق دېدىڭىزمۇ ؟ — ئاننا ئىشىكنىڭ ئالدىغا بېرىپ توختاپ ۋرونسكىيغا سوئال نەزىرى بىلەن قاراپ قويدى ۋە بۇ گەپنى قىلغاندا يەنە قىزىرىپ كەتتى.

ۋرونسكىي ئاننانىڭ بۇ قارىشىدىن گولېنىشىشېفقا قانداق مۇئامىلە قىلسا بولىدىغانلىقىنى بىلمەي، ئۇنىڭ كۆڭلىگە ياقمايدىغان گەپ - سۆزلەرنى قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ قېلىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ، ئۇنىڭغا بىرخىل مېھرىبانلىق بىلەن قاراپ قويۇپ:

— ياق، ئانچە ئىسسىق ئەمەس، — دەپ قويدى.

ئاننا ئۇنىڭ بۇ جاۋابىدىن ھەممىنى چۈشەندى، بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ گولېنىشىشېفقا تۇتقان مۇئامىلىسىدىن ۋرونسكىينىڭ رازى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنىڭغا قاراپ پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويۇپ، تېز قەدەملەر بىلەن ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

ئىككى دوست بىر - بىرىگە قارىشىپ قويدى، ھەر ئىككىسىنىڭ چىرايىدا بىر خىل ئوڭايسىزلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. ئاننادىن زوقلانغان گولېنىشىشېف ئۇنى ماختاپ بىر نېمە دېگۈسى كېلەتتى، لېكىن نېمە دېيىشنى بىلمەيتتى. ۋرونسكىي بولسا بىر تۇرۇپ ئۇنىڭ بىر نېمە دېيىشىنى خالايتتى، بىر تۇرۇپ نېمە دەيدىكىن دەپمۇ ئەنسىرەيتتى.

— بۇ گەپچە، — دېدى ۋرونسكىي بىرەر نېمە دېيىش ئۈچۈنلا گەپ باشلاپ، — سەن بۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالىدىغان

---

[1] تىنتورېتتو (1516 — 1594) — ئىتالىيىنىڭ ئەدەبىيات گۈللىنىش دەۋرىدىكى ۋېنېتسىيە رەسساملىرى ئېقىمىغا مەنسۇپ رەسسام. ئۇنىڭ «جەننەت»، «مۇقەددەس مارك ياراتقان مۆجىزە»، «ئاخىرقى كەچلىك تاماق» قاتارلىق رەسىملىرى بار.

ئوخشىمامسەن؟ يەنە شۇ ئىشىڭنى قىلماقچىمۇ؟ — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى ۋرونسكىي كىشىلەردىن گولېنىشچېفنى بىر نېمە يېزىۋاتىدۇ، دەپ ئاڭلىغان گەپنى يادىغا ئېلىپ ...

— مەن «ئىككى ئاساس» نىڭ ئىككىنچى قىسمىنى يېزىۋاتىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى گولېنىشچېف بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خۇشاللىقىدا قىزىرىپ كېتىپ، — ئېنىقراق قىلىپ ئېيتسام، تېخى يېزىشنى باشلىغىنىم يوق، تەييارلىقىنى قىلىۋاتىمەن، ماتېرىيال توپلاۋاتىمەن. بۇ كىتابنىڭ ئىككىنچى قىسمىنىڭ مەزمۇن دائىرىسى ناھايىتى كەڭ، ھەممە مەسىلىلەرگە دېگۇدەك چېتىلىدۇ. بىزنىڭ ۋىزانتىيىنىڭ ئەۋلادلىرى ئىكەنلىكىمىزنى رۇسىيىدىكىلەرنىڭ ئىقرار قىلغۇسى يوق، — دېدى ئۇ قىزغىن كەيپىياتتا توختىماي سۆزلەپ.

گولېنىشچېف «ئىككى ئاساس» نىڭ بىرىنچى قىسمىنى خۇددى مەشھۇر بىر ئەسەرنى سۆزلەپ بېرىۋاتقاندەك ئاجايىپ جانلىق سۆزلەشكە باشلىدى. ۋرونسكىي ئۇنىڭ سۆزلىگەنلىرىنى پەقەتلا چۈشىنەلمەي بىر قىسما بولۇپ كېتىۋاتاتتى. كېيىن گولېنىشچېف بۇ كىتابنىڭ مەزمۇنىغا بولغان قاراشلىرى ھەققىدە سۆزلىگەندە، گەرچە «ئىككى ئاساس» ھەققىدە ھېچقانداق چۈشەنچىگە ئىگە بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ مەزمۇنىنى ئانچە - مۇنچە چۈشەنگەندەك بولۇپ دىققىتىنى قويۇپ ئاڭلاشقا باشلىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە گولېنىشچېفمۇ ناھايىتى قىزىقارلىق قىلىپ سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى. ئەمما، گولېنىشچېفنىڭ ئۆزى تەتقىق قىلىۋاتقان مەسىلىلەرنى قىزىشىپ ۋە تېرىكىپ، ئاچچىقى كېلىپ تۇرۇپ سۆزلەشلىرى ۋرونسكىينى ھەيران قالدۇردى ھەم كۆڭلىنى ئازراق غەش قىلىپ قويدى. گولېنىشچېف سۆزلىگەنسېرى كۆزلىرى يوغىناپ، غايىبانە دۈشمەنلىرىگە بىرنېمىلەرنى دەپ رەددىيە بېرىپ، چىرايىمۇ ئۆزگىرىپ بىر خىل غەزەپلىك تۈسكە كىرىپ قېلىۋاتاتتى، ھاياجىنىنى زادىلا باسالمايتتى. ۋرونسكىي گولېنىشچېفنىڭ بالا چاغلىرىدىكى ياداڭغۇ، تېتىك، ئاق

كۆڭۈل، پەزىلەتلىك ھالەتلىرىنى، ئوقۇشتا دائىم بىرىنچىلىكنى قولدىن بەرمەيدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ھازىرقى بۇ سەپرا مىجەزىنىڭ ئۇنىڭغا نەدىن كەلگەنلىكىنى زادىلا چۈشىنەلمىدى ھەم ئۇنىڭ بۇ تېرىككەكلىكىنى پەقەتلا ياقتۇرمىدى. شۇنداق ياخشى ئوقۇغان، ياخشى تەربىيە كۆرگەن بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنى تۇتۇرۇقسىز ئەدىبلەر قاتارىغا چۈشۈرۈپ قويغانلىقى ۋرونسكىينى تېخىمۇ خاپا قىلدى. مۇشۇنداق بولۇشنىڭ ھاجىتى بارمىدى؟ ئومۇمەن، ئۇ ۋرونسكىيغا پەقەتلا ياقمىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ بەختسىز ئادەم بولۇپ قالغانلىقىنى ئويلاپ ئۇنىڭغا ئىچىندى. ئۇنىڭ بەختسىزلىكى ھەتتا مېڭىسىدىن ئادىشىپ قېلىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەندەكمۇ قىلاتتى، بۇنى ئۇنىڭ ھاياجىنى پەلەككە يېتىۋاتقان چىرايلىق يۈزىدىنمۇ كۆرۈۋالغىلى بولاتتى، ھەتتا ئۇ ئاننانىڭ ئۆيگە كىرىپ كېلىۋاتقىنىنىمۇ سەزمەي، يەنە شۇنداق ھاياجان بىلەن قىزىشىپ، ئالدىراپ سۆزلەپ ئولتۇراتتى.

ئاننا شىلەپىسىنى كىيىپ، ئۈستىگە نېپىز يېپىنچىسىنى ئارتىپ، نازۇك قوللىرىدا كۈنلۈكىنى ئويناپ تۇرۇپ ئۇلارنىڭ يېنىغا كىرىپ كەلگەندە، ۋرونسكىي ئەمدى ئۇنىڭ گەپلىرىدىن قۇتۇلىدىغانلىقىنى ئويلاپ يېنىك بىر تىنىپ قويدى ۋە گولېنىششېفنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان جىددىي كۆزلىرىدىن كۆزلىرىنى ئېلىپ، جەلپكار، ھاياتىي كۈچكە تولۇپ تۇرغان، خۇشال چىراي ئانناغا يېڭىچە بىر خىل مۇھەببىتى بىلەن قاراپ قويدى. گولېنىششېف زورغا ئېسىنى يىغىۋالدى. باشتا چىرايى غەمكىن ھەم تۇتۇق ئىدى، لېكىن ھەممە ئادەمگە ئوچۇق چىراي بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان ئاننانىڭ ئاق كۆڭۈل، خۇشخۇي مۇئامىلىسى بىردەمدىلا ئۇنىڭ چىرايىنى ئوڭلاپ خۇشال ھالەتكە كەلتۈرۈۋەتتى. ئاننا ھەر خىل مەزمۇنلاردا سۆزلەپ، ئاخىرىدا ئۇنى رەسساملىق سەنئىتى توغرىسىدا گەپكە سالدى. گولېنىششېف بۇ ھەقتە ئاجايىپ ياخشى گەپلەرنى قىلدى، ئاننا

ئۇنىڭ گەپلىرىنى دىققەتتىنى قويۇپ تۇرۇپ ئاڭلىدى. ئاخىرىدا ئۇلار ئۆيدىن چىقىپ، ئىجارىگە ئالماقچى بولغان داچىغا بېرىپ ئۇنىڭ ئىچىنى بىر قۇر كۆرۈپ چىقتى.

— مەن بىرىنەرسىگە ناھايىتى خۇشالمەن، — دېدى ئاننا قايتىپ كېلىۋېتىپ گولېنىشچېۋقا، — ئالېكسېينىڭ كەلگۈسىدە ناھايىتى ياخشى بېزەلگەن بىر رەسىمخانىسى بار بولىدۇ، شۇ چاغدا سەن چوقۇم ئاشۇ رەسىمخانىنى ئىشلىتىشىڭ كېرەك، — دېدى ئۇ ۋرونسكىينى «سەن» لەپ رۇسچە سۆزلەپ. گولېنىشچېفنىڭ ئۆزلىرىنىڭ يوشۇرۇن بىللە تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلگەن يېقىن دوستى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى بىلگەچكىمۇ، ئاننا ئۇنىڭ ئالدىدا قورۇنۇپ ئولتۇرمىغانىدى.

— سەن رەسىم سىزامسەن؟ — سورىدى گولېنىشچېف ئىتتىك ۋرونسكىيغا قاراپ.

— ھەئە، خېلى بۇرۇن ئۆگەنگەن، ھازىرمۇ ئاندا ـ ساندا سىزىپ قويىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى ۋرونسكىي قىزىرىپ كېتىپ.

— ئۇ بۇ جەھەتتىمۇ ناھايىتى قابىلىيەتلىك، — دېدى ئاننا خۇشال كۈلۈپ تۇرۇپ، — مەنغۇ ئۇ ئىشنىڭ ئەھلى ئەمەس، سىزگە ئەھلى ئادەملەرنىڭ بەرگەن باھاسىنى دەپ بېرىۋاتىمەن.

## 8

ئاننا ئەركىنلىككە ئېرىشكەن ۋە سالامەتلىكى تېز ئەسلىگە كېلىۋاتقان ئاشۇ دەسلەپكى چاغلاردا ئۆزىنى ھەددىدىن تاشقىرى بەختلىك، بەختلىك بولغاندىمۇ تەسۋىرلەپ بەرگۈسىز بەختلىك دەپ ھېس قىلغان، ھايات خۇشاللىقىغا چۆمۈلگەنىدى. ئېرىنىڭ بەختسىزلىكىنى ئەسلىگەندىمۇ ئۇنىڭ بەختىگە ھېچقاچان سايە چۈشۈپ باققىنى يوق ئىدى، ئۇنى ئەسلەش ئىنتايىن قورقۇنچلۇق

بىر ئىش بولغاچقا، ئۇنى ئەسلىمەيلا قوياتتى. يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئېرىنىڭ بەختسىزلىكى ئۇنىڭ بەختى سانالغاچقىمۇ، قىلغان ئىشىغا ھەرگىز پۇشايمان قىلمايتتى. ئاغرىپ ساقايغاندىن كېيىن يۈز بەرگەن ۋەقەلەر: ئېرى بىلەن ياخشىلىشىپ قالغانلىقى، ئارىنىڭ يەنە بۇزۇلغانلىقى، ۋرونسكىينىڭ ئۆزىنى ئېتىۋالغىنى، ساقىيىپ يەنە ئالدىدا پەيدا بولغانلىقى، ئېرى بىلەن ئاجراشماقچى بولغىنى، ئېرىنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ كەتكەنلىكى، ئوغلىنى تاشلاپ ماڭغانلىقى — مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى يادىغا كەلسە، ئۆزىنى خۇددى غەلىتە چۈشلەرنى كۆرۈپ، بۇ چۈشلىرىدىن پەقەت ۋرونسكىي بىلەن بىللە چەت ئەلگە كەلگەندىن كېيىنلا ئويغانغاندەك ھېس قىلىپ قالاتتى. ئېرىگە قىلغان يامانلىقلىرىنى ئويلىسا، خۇددى جېنىدىن كەچكەن ئادەم ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇۋالماقچى بولۇپ قۇچاقلىۋالغان ئادەمنى سۇغا ئىتتىرىۋەتكەنگە ئوخشاش، ئۆزىدە بىر خىل نەپرەتلىك تۇيغۇ سېزەتتى. ئۇ ئادەم ئەلۋەتتە سۇغا چۆكۈپ ئۆلىدۇ - دە، بۇ ئۇچىغا چىققان نومۇسسىزلىق ئىدى. لېكىن، ئانناغا شۇ چارە ئارقىلىق ئۆزىنى قۇتۇلدۇرماقتىن باشقا ئامال يوق ئىدى. ئەڭ ياخشىسى، بۇ قورقۇنچلۇق ئىشلارنى ئەسلىمىگەنلا ياخشى.

ئېرى بىلەن يېڭى مۇناسىۋىتى بۇزۇلغان چاغلاردا، ئاننانىڭ كۆڭلىگە قىلغان - ئەتكەنلىرىگە تەسەللى بېرەلەيدىغان بىر خىيال كەچكەنىدى، ھازىر شۇ ئىشلارنى ئەسلىگەندىمۇ يەنە شۇ خىيال كاللىسىغا كەلدى. «مەن ئۇ ئادەمنى ئامالنىڭ يوقىدىن ئازابقا پاتۇردۇم، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — ئەمما ئۇنىڭ ئۇ ئازابىدىن پايدىلىنىشنى خالىمايمەن. مەنمۇ ھازىر ئازاب ئىچىدە، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇ ئازابتىن خالىي بولالمايمەن. چۈنكى، مەن ئۆزۈم ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك بولغان ئوغلۇم بىلەن نامىشەرىپىمدىن مەھرۇم بولدۇم. مەن يامان ئىش قىلدىم، شۇڭا بەختتىن تەمەيىم يوق، ئاجرىشىشنىمۇ خالىمايمەن، نومۇسقا،

ئوغلۇمدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىنىڭ ئازابىغا چىداپ ياشايمەن.»
لېكىن، ئاننا ئازاب ئىچىدە ياشاشنى قانچىلىك خالىسۇن، هامان ئازابتىن خالىي ئىدى، نومۇس ئىچىدىمۇ يۈرۈۋاتمايتتى. ئۇلار چەت ئەلدە ئامال بار رۇسىيىلىك ئاياللار بىلەن ئۇچرىشىپ قالماسلىقنى ئىزدەيتتى، يالغان سۆزلەش، ياسالمىلىق قىلىشتىن ئەپچىللىك بىلەن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ساختا تۇرمۇش ئىچىدە ياشاپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلارغا هەر يەرلەردە ئۇچرىغان ئادەملەر ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۆزلىرىدىنمۇ بەكرەك چۈشىنىدىغاندەك قىياپەتلەردە گەپ قىلاتتى. ئاننا ئوغلىدىن يېڭى ئايرىلغان كۈنلەردە بەكمۇ ئازابلىنىپ كەتمىدى، چۈنكى ئۇنىڭ چىرايلىق، ئوماق بىر قىزى بار ئىدى، ئاننا ئۇنى تولىمۇ ئاززۇلايتتى، شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، ئوغلىنى ئانچە ئويلاپ كەتمەيتتى.
سالامەتلىكى ئەسلىگە كېلىپ، هاياتقا بولغان ئارزۇ ـ ئارمانلىرى تېخىمۇ كۈچىيىۋاتقان، تۇرمۇش شارائىتى يېڭىلىنىپ شۇنچىلىك كۆڭۈللۈك ياشاۋاتقان بولغاچقىمۇ، ئاننا ئۆزىنى هېسابسىز بەخت ئىچىدە تۇرۇۋاتقاندەك هېس قىلاتتى، ۋرونسكىينى چۈشەنگەنسېرى شۇنچە ياخشى كۆرۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ۋرونسكىينى ئۇنىڭ تۇرغان ـ پۈتكىنى ئۈچۈن، ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى ئۈچۈن ياخشى كۆرەتتى، ئۇنى پۈتۈنلەي ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالغىنى ئۈچۈن هەر دائىم خۇشال ئىدى، ۋرونسكىي يېنىدىلا بولسا كۆڭلى توق يۈرەتتى، ئۇنىڭ خۇلق ـ مىجەزىنى بارغانسېرى چۈشىنىپ بېرىۋاتاتتى ۋە چۈشەنگەنسېرى شۇ خۇلق ـ مىجەزلىرىدىكى پەزىلەتلىرىنىڭ هەممىسى ئېيتقۇسىز دەرىجىدە ئەزىز كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتى. ۋرونسكىينىڭ پۇقراچە كىيىملەردە ئۆزگىرىپ كەتكەن تاشقى قىياپىتى خۇددى ياش قىزلارنى مەپتۇن قىلغاندەك، ئاننانى بۆلەكچىلا ئۆزىگە تارتاتتى. ۋرونسكىي نېمىلا دېسۇن، نېمىلا قىلسۇن، نېمىلا ئويلىسۇن، ئۇنىڭ هەممىسى ئانناغا ئالىيجاناب ۋە يۈكسەك پەزىلەت بولۇپ كۆرۈنەتتى. ئاننا ئۇنىڭغا شۇنچىلىك بېرىلىپ

كەتكىنىدىن ئۆزىدىن ئۆزى پات ـ پات چۆچۈپ قالاتتى ۋە ۋۇجۇدىدىن ۋرونسكىيغا ياقمايدىغان بىرەر ئەيىب ئىزدەپ باقاتتى، لېكىن تاپالمايتتى. بەزىدە، ئۆزۈمنى ئۇنىڭ ئالدىدا ھەرگىز تۆۋەن ئويلاپ قالماي، ناۋادا ئۇ مېنىڭ بۇ ھالىتىمنى سېزىپ قالسا، ماڭا بولغان مۇھەببىتى سوۋۇپ قېلىشى مۇمكىن، دەپ ئويلاپ قالاتتى. ۋرونسكىينىڭ مۇھەببىتىدىن ئايرىلىپ قالارمەنمۇ، دەپ قورقۇشقا ھېچقانداق ئاساسى بولمىسىمۇ، دۇنيادا ئۇنىڭ مۇھەببىتىدىن مەھرۇم قېلىشتىن قورقۇنچلۇق ئىش بولمىسا كېرەك، دەپ ئويلاپمۇ قوياتتى. ئاننا ۋرونسكىينىڭ ئۆزىگە بولغان مۇھەببىتىدىن تولىمۇ سۆيۈنەتتى ۋە شۇ مۇھەببەتنى قەدىرلىمەي ۋە ئۇنىڭ قەدرىگە يەتمەيمۇ قالمايتتى. ئۇنىڭ ئويىچە، ۋرونسكىي دۆلەت ئىشلىرىنى ئىشلەشتە قابىلىيىتى بار، مۇھىم ئىشلارنى ئۈستىگە ئېلىپ ئىشلىيەلەيدىغان بولسىمۇ، ئاننانى دەپ شۇ شۆھرەتلەردىن ۋاز كەچكەن ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن بىرەر قېتىممۇ پۇشايمان يەپ باقمىغاندى، ئەكسىچە ئۇنى تېخىمۇ ياخشى كۆرۈپ، قەدىرلەپ كېلىۋاتاتتى، ئۇنى ھازىرقى ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغىنىدىن نومۇس قىلدۇرماسلىققا بار كۈچى، بار ئىمكانىيىتى بىلەن تىرىشىۋاتاتتى، ھەممە تەرەپتىن ياراملىق بىر ئەركەك تۇرۇپ، ئاننانىڭ ئارزۇلىرىغا خىلابەن ئىش قىلىش بۇياقتا تۇرسۇن، خۇددى ھېچقانداق ئىشقا ئىرادىسى يوقتەك، ھەممىلا ئىشتا ئۇنىڭغا يول قوياتتى. ئاننا ئۇنىڭ ئۆزىگە زىيادە غەمخورلۇق قىلىشلىرىنى، شۇنچىلىك ئەتىۋارلاشلىرىنى بەزىدە سەل ئاشۇرۇۋېتىۋاتقاندەك ئويلاپ قالسىمۇ، لېكىن يەنە ئۇنىڭ بۇ ياخشىلىقلىرىنى قەدىرلىمەي قالمايتتى.

لېكىن، ۋرونسكىي ئارزۇلىرىغا يەتكەندىن كېيىن ئۆزىنى ئالاھىدە بەختلىكمەن، دەپ ئويلىمايدىغان بولۇپ قېلىۋاتاتتى. ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئۇ مەقسىتىگە يەتكەن بۇ ئىشنى ئۆزى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن بەختلىك ئىشلارنىڭ پەقەت بىر تامچىسىلا، دەپ

ئويلايدىغان بولدى. ئۇ ئاننا بىلەن بىللە بولۇش ئارزۇسىغا يېتىۋالغاندىن كېيىن ئۆزىنى بەختىمگە يەتتىم دەپ ئويلاپ قېلىپ، بىر ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشسىلا ئۆزىنى بەختلىك سانايدىغان ئادەملەرگە ئوخشاش قۇتۇلغۇسىز خاتالىقتىن بىرنى ئۆتكۈزۈپ قويغانلىقىنى ھېس قىلاتتى. ئاننا بىلەن بىرلەشكەن، ھەربىي كىيىملىرىنى پۇقراچە كىيىملەرگە ئۆزگەرتكەن دەسلەپكى كۈنلەردە، ئىلگىرى بىلمەي يۈرگەن ئەركىنلىكنىڭ، مۇھەببەت ئەركىنلىكىنىڭ خۇشاللىقىنى زادىلا ھېس قىلىپ باقمىغانىدى، ئۇنى ھېس قىلىپ ھەم ئۇنىڭدىن تولىمۇ مەمنۇن بولغان چاغدا، بۇ خىل تۇيغۇ ئۇزاققا سوزۇلمىدى، كۆپ ئۆتمەيلا كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرىدىن قاندۇرۇپ كېتىش ئەڭ قىيىن بولغان بىر خىل يېڭى تىلەك، ئىچىنى پۇشۇرىدىغان يېڭى بىر كەيپىيات پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ۋرونسكىي شۇ دەقىقىلەردە كاللىسىدا شەكىللىنىپ قېلىۋاتقان شۇ غەلىتە خىياللىرىنى ئۆزىگە مەقسەت ھەم ئارزۇ قىلىۋېلىپ، شۇنىڭ بىلەنلا بولۇپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى. بىر كۈننىڭ ئون سائەت ۋاقتىنى بىر نېمىلەرنى قىلىپ ئۆتكۈزۈش كېرەك ئىدى، پېتېربۇرگدىكىگە ئوخشاش ۋاقتىنى ھەر خىل ئىجتىمائىي ئالاقىلەر بىلەن ئۆتكۈزگىلى بولمايتتى، چەت ئەلدە ئۇنداق پائالىيەتلەر يوق، ئۆزى بىلگەننى، ئويلىغاننى قىلىپ ياشايتتى. ئىلگىرى بويتاق چاغلىرىدا چەت ئەللەردە ئۆزى خان، ئۆز بەگ ياشىغان تۇرمۇشىنىڭ لەززەتلىرىنى ئۇ ھازىر ئويلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتى. ئەگەر شۇنداق قىلىشنى ئويلاپ، بىرنەچچە ئاغىنىسى بىلەن بىر يەردە بولۇپ ئۆيگە ئازراقلا كەچ قايتىدىغان بولسا، ئاننا تۇتۇلۇپ، خاپا بولۇپ بۆلەكچىلا بولۇپ قالاتتى. يەرلىك ئادەملەر ياكى رۇسىيىلىك مۇھاجىرلار بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتەي دېسە، ئۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەت روشەن بولمىغاچقا، گەپلىرى بىر يەردىن چىقمايتتى. مەشھۇر جايلارنى زىيارەت قىلىپ كېلەيلى دېسە، ئۇنداق جايلاردىن بارمىغان يېرى قالمىغانىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە رۇسىيە

زىيالىيلىرى بۇ ئىشقا ئەنگلىيە زىيالىيلىرىغا ئوخشاش ئۆنچىلىك ئەھمىيەت بېرىپمۇ كەتمەيتتى.
شۇنىڭ بىلەن ۋرونسكىي ئاچ قالغان ھايۋان ھەر نېمىگە ئۆزىنى ئۇرغاندەك، تۈرلۈپ سىياسەت تەتقىق قىلاتتى، تۈرلۈپ يېڭى كىتابلارنى ئوقۇپ قوياتتى، تۈرلۈپ رەسىم سىزىپ كېتەتتى.
ئۇنىڭ بالا ۋاقتىدىن تارتىپ رەسساملىقتا تالانتى بار ئىدى، ئەمدى ھازىر پۇلنى خەجلەيدىغان يەر تاپالماي، ھەر خىل رەسىملەرنى سېتىۋېلىپ توپلاشقا، ئۆزىمۇ سىزىشقا، بىكار ۋاقتىنى، زېھنىنى مۇشۇ ئىشقا سەرپ قىلىشقا باشلىدى.
ۋرونسكىي سەنئەتتىن ھوزۇرلىنىشنى بىلەتتى، سەنئەت بۇيۇملىرىنى تەقلىد قىلىپ سىزىشقىمۇ ئۇستا ئىدى، شۇڭا رەسسام ھازىرلاشقا تېگىشلىك ھەممە شەرتلەر مەندە تولۇق بار، دەپ ئويلايتتى، ئەمما رەسساملىق سەنئىتىنىڭ قايسى تۈرىنى — دىن، تارىخ ژانىرىنىمۇ ياكى مەنزىرە ۋە رېئال ژانىرىنىمۇ، شۇنى تاللاشتا قىينىلاتتى. ئۇ رەسساملىقنىڭ ھەممە تۈرلىرىنى چۈشىنەتتى، قايسىلا تۈرىنى سىزىشقا باشلىسا ئىلھامى كېلىۋېرەتتى، ئەمما رەسساملىقنىڭ قانداق تۈرلىرىنىڭ بارلىقىنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ قويمايتتى، ئۆزىنىڭ ئىلھامىغا تايىنىپ قايسىلا مەزھەپنىڭ رەسىمىنى بولسۇن سىزىۋېرەتتى، ئوخشىمىسۇن - ئوخشىمىسۇن كارى يوق ئىدى. ئۇنىڭ رەسىم سىزىشتىكى ئىلھامى بىۋاسىتە تۇرمۇشتىن ئەمەس، بەلكى سەنئەت بۇيۇمىدا گەۋدىلەنگەن تۇرمۇشتىن كېلەتتى، شۇڭا ئىلھامى تېز ھەم ئاسان كېلەتتى، سىزغان رەسىملىرىمۇ تەقلىد قىلىپ سىزغان رەسىملەرگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى.
ھەر خىل ئېقىملارنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭغا ئەڭ يارايدىغىنى كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان ھەم كۆركەم فرانسۇز رەسىملىرى ئىدى. ئۇ شۇ ئۇسلۇبتا ئاننانىڭ ئىتاليانچە كىيىم كىيىپ

تۇرغان رەسىمنى سىزغانىدى، ئۇ رەسىم ئۆزىگىمۇ ۋە ئۇ
رەسىمنى كۆرگەن باشقا كىشىلەرگىمۇ يارىدى.

# 9

ئۇلار كۆچۈپ كىرگەن داچا ئۇزاقتىن بېرى ئادەم ئولتۇرماي
تاشلىنىپ قالغان، ئوردىغا ئوخشايدىغان قەدىمىي داچا ئىدى.
تورۇسلىرى ئېگىز، نەقىشلەنگەن، تاملىرىغا رەسىملەر
سىزىلغان، ئاستىغا رەڭمۇرەڭ تاختايلار قوراشتۇرۇلۇپ
ياتقۇزۇلغان، ئېگىز دېرىزىلىرىگە ئېغىر سېرىق پەردىلەر
تارتىلغان، جاۋەن ۋە تام مەشلەر ئۈستىگە لوڭقىلار
تىزىۋېتىلگەن، ئىشىكلىرىگە گۈللەر ئويۇپ نەقىشلەنگەن،
سۈرلۈك زاللىرىنىڭ تاملىرىغا رەسىملەر ئېسىلغانىدى. ئۇلار
كۆچۈپ كىرگەندىن كېيىن ۋرونسكىي ئۆزىنى رۇسىيىلىك
پومېشچىك، ھەربىيلىكتىن چېكىنگەن ئوفىتسېر ئەمەس، بەلكى
مەرىپەتلىك سەنئەت ھەۋەسكارىدەك، سەنئەت ھامىيسىدەك،
ياخشى كۆرگەن ئايالنى دەپ ئېسىلزادىلەر جەمئىيىتىنى،
ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىنى، نام - شۆھرىتىنى
تاشلاپ كەلگەن كىچىك پېئىل سەنئەتكاردەك ئويلاپ قالدى.

ۋرونسكىي داچىغا كۆچۈپ كىرگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ
پائالىيەتلىرىنى كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇنلاشتۇردى. گولېنىشچېۋ
ئارقىلىق ئۆزى قىزىققان بىرنەچچە ئادەم بىلەن تونۇشۇپ، ئۇلار
بىلەن ئەركىن ئارىلىشىپ يۈردى. ئىتالىيىلىك بىر گۈزەل
سەنئەت پروفېسسورىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئوبرازغا قاراپ رەسىم
سىزىشنى مەشىق قىلدى، ئىتالىيىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى
تۇرمۇشلىرىنى تەتقىق قىلدى. ئۇ تۇرمۇش ئۇنى بەكمۇ
قىزىقتۇردى، ھەتتا ئۇ شلەپىسىنى شۇ دەۋرنىڭ قىياپىتىدە

كېيدىغان، ئۇستىگە شۇ دەۋرنىڭ پەدىسى بويىچە قېلىن ياغلىقنى يەلكىسىدىن ئارتىلدۇرۇپ باغلاپ يۈرىدىغان بولدى، بۇ خىل ياسىنىش ئۆزىگىمۇ خېلى يارىشىپ قالدى.

— بىز مەشەدە تۇرۇپ ھېچنېمە بىلمەي يۈرۈپتىمىز، — دېدى ئۇ بىر كۈنى ئەتىگەندىلا ئۆزىنى كۆرگىلى كەلگەن گولېنىششېفقا، — سەن مىخايلوفنىڭ رەسىملىرىنى كۆردۈڭمۇ؟ — ئۇ يېڭىلا تاپشۇرۇۋالغان رۇسچە گېزىتتىكى بىر پارچە ماقالىنى ئۇنىڭغا كۆرسەتتى. بۇ مۇشۇ شەھەردە تۇرىدىغان رۇسىيىلىك بىر رەسسام توغرۇلۇق يېزىلغان ماقالە ئىدى. ئۇ رەسسام خېلىدىن بېرى داۋرىڭى بولۇپ كەلگەن بىر پارچە رەسىمنى سىزغان، ئۇ رەسىمنى تېخى يېقىندىلا بىرەيلەن تالىشىپ سېتىۋالغانىدى. ماقالە ھۆكۈمەت بىلەن گۈزەل سەنئەت ئىنستىتۇتىنى ئاشۇنداق بىر مەشھۇر رەسسامنى مۇكاپاتلىمىغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن تەنقىد قىلغانىدى.

— كۆردۈم، — دېدى گولېنىششېف جاۋابەن، — ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ قابىلىيىتى يوق ئەمەس، ئەمما پۈتۈنلەي تەتۈر يول تۇتقان ئادەم. ئىيساغا، دىنىي رەسساملىقتا يەنىلا ئىۋانوفچە، شترائوسوفچە، رېنانوفچە[1] قارايدۇ.

— ئۇ نېمىنى سىزىپتىكەن؟ — سورىدى ئاننا.

— ئىيسا پىلاتنىڭ[2] ئالدىدا، دېگەن نام بىلەن سىزىلغان رەسىم. رەسىمدە ئىيسانى يېڭى ئېقىم رېئالىزمى بويىچە يەھۇدىي قىلىپ سىزىپ قويۇپتۇ.

---

① ئىۋانوف (1806 — 1858) — رۇسىيىلىك رەسسام، دىنىي رەسىملىرىدە پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن تەبىئەت رەڭلىرىنىڭ مۇرەككەپلىكىنى ئىپادىلەپ بەرگەن. شترائوسوف (1808 — 1874) — گېرمانىيىلىك پەيلاسوپ، ئىيسانى ئەۋلىيا ئەمەس، تارىختا ئۆتكەن بىر شەخس، دەپ قارايدۇ. رېنانوف (1823 — 1892) — فرانسىيىلىك دىنىي تارىخشۇناس، «ئىيسانىڭ تەرجىمىھالى» ناملىق كىتابى بار.

② پىلات — قەدىمكى رىمنىڭ ھۆكۈمرانى، ئىيسانى كرېستقا مىخلىغان ئادەم.

گەپ گولېنىششېۋ ياخشى كۆرىدىغان رەسساملىقتا يۆتكەلگەندە، ئۇ يەنە توختىماي سۆزلەپ كەتتى.

— مەن ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنچىلىك دەرىجىدە خاتالىشىدىغانلىقىغا ھەيران. بۈيۈك رەسساملارنىڭ ئىجادىيەتلىرىدە ئىيسانىڭ ئوبرازى ئاللىبۇرۇن مۇقىملىشىپ بولغان. ئەگەر ئۇلار خۇدانىڭ رەسىمىنى سىزمايمىز، ئىنقىلابچىلارنىڭ ياكى دانىشمەنلەرنىڭ رەسىملىرىنى سىزىمىز دېسە، تارىخىي شەخسلەردىن بولغان سوقراتنى، فرانكلىننى، شارلوتا كوردېنى سىزسۇن، نېمىشقا ئىيسانىڭ رەسىمىنىلا سىزىشىدۇ؟ ئۇلار سەنئەت يولى بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدىغان ئىيسانى تاللىۋېلىشقان، ئۇنىڭدىن باشقا ...

— مىخايلوف دېگەن ئادەم راستتىنلا شۇنداق كەمبەغەلمۇ؟ — دەپ سورىدى ۋرونسكىي ئۆزىنى سەنئەتنى ھىمايە قىلىدىغان روسىيىلىك باي چاغلاپ. شۇڭا، ئۇ، ئۇ ئادەم قانداقلا رەسىم سىزغان بولسۇن، ئۇنىڭغا ياردەم بېرىش كېرەك، دەپ ئويلىغانىدى.

— مېنىڭچە، ئۇنچىلىكمۇ ئەمەس. ئۇ ناھايىتى مەشھۇر پورترېت رەسسام. ئۇنىڭ ۋاسىلچىكوۋانىڭ رەسىمىنى قانداق سىزغانلىقىنى كۆرگەنمىدىڭىز؟ ھازىر پورترېت سىزماسلىقى مۇمكىن، شۇ سەۋەبلىك موھتاجلىقتا قالغاندۇر بەلكىم. دېمەكچىمەنكى ...

— ئۇ ئاننا ئاركادىيېۋنانىڭ رەسىمىنى سىزىپ بېرەلەرمۇ؟ — سورىدى ۋرونسكىي.

— مېنىڭ رەسىمىمنى سىزدۇرۇپ نېمە قىلماقچىسەن؟ — دېدى ئاننا، — ماڭا سېنىڭ سىزغىنىڭدىن باشقىسى كېرەك ئەمەس. ياخشىسى، ئانىنىڭكىنى (ئۇ قىزىنى ئانىنى دەپ ئاتايتتى) سىزسۇن. ئەنە، ئۇمۇ كەلدى، — ئاننا بوۋاقنى كۆتۈرۈپ باغقا كىرىۋاتقان ئىتالىيىلىك ئىنىكئانىنى دېرىزىدىن كۆرۈپ

دېدى، ئاندىن ۋرونسكىيغا يەرنىڭ تېگىدىن قاراپ قويدى. ۋرونسكىي بۇ چىرايلىق ئىتاليان ئايالنىڭ باش رەسىمنى پات ـ پات سىزىپ قوياتتى، بۇ ئەھۋال ئاننادا ئازراق رەشك قوزغاپ قويغانىدى. ۋرونسكىي ئۇنى گۈزەللىكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىر ئاياللىرىغا خاس بىر خىل ئالاھىدىلىككە ئىگە تۇرقىغا ھەۋىسى كېلىپلا سىزىپ قوياتتى. ئاننانىڭ قىزىنى ئەمدۇرۇۋاتقان بۇ جۇۋانغا قارىتا ئۆزىدە شۇنداق رەشكنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمەيتتى، شۇڭلاشقا ئۇ جۇۋان بىلەن ئۇنىڭ ئوغلىغا ئالاھىدە ياخشى مۇئامىلە قىلاتتى.

ۋرونسكىيمۇ دېرىزىدىن ھويلىغا قاراپ قويدى، ئارقىدىنلا ئانناغا نەزىرىنى ئاغدۇرۇپ، شۇئانلا گولېنىششېۋ بىلەن يەنە پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى.

— سەن مىخايلوفنى تونۇمسەن؟

— مەن ئۇنى كۆرگەن، غەلىتە مىجەزلىك ساپاسىز بىر ئادەم. توغرىراقىنى ئېيتسام، ھازىرقى ۋاقىتتا كۆپ ئۇچرايدىغان يېڭى ياۋايى ئادەملەرنىڭ بىرى، ئېتىقادى يوق، ھەممىنى ئىنكار قىلىدىغان ماتېرىيالىزملىق ئىدىيىنىڭ بىۋاسىتە تەربىيىسىدە يېتىشىپ چىققان ئەركىن پىكىرلىك مۇتەپەككۇر. ئىلگىرىكى زامانلاردىكى، — گولېنىششېۋ ۋرونسكىي بىلەن ئاننانىڭ گەپ قىلىشقا تەمشىلىپ تۇرۇشقانلىقىغا دىققەتمۇ قىلماي گېپىنى قىلىۋەردى، — ئۇ مۇتەپەككۇرلار دىن، قانۇن ۋە ئەخلاق قاراشلىرى بىلەن تەربىيىلىنىپ، ئەركىن پىكىرگە كۆرەش ۋە تىرىشىش ئارقىلىق يېتەتتى. ھازىر بولسا ئۇنداقلار دۇنيادا ئەخلاق، دىن ۋە نوپۇز دېگەنلەرنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى پىسەنتىگە ئالماي، ھەممە ئىدىيىلەرنى ئىنكار قىلىپ، ئۆزلۈكىدىنلا يېڭى مۇتەپەككۇرلارغا ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ، شۇڭا

ئۇنداق ئادەملەر ياۋايى ئادەملەر دەپ ئاتىلىۋاتىدۇ. مىخايلوفمۇ ئەنە شۇنداق ئادەملەر تىپىدىن. ئۇ موسكۋادىكى ئوردا باش خوجىدارىنىڭ ئوغلى بولسا كېرەك، بىلىمى يوق، كۆپ ئوقۇمىغان ئادەم ئىكەن. كېيىن گۈزەل سەنئەت ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا كىرىپ شۇ يەردە ئازراق نام چىقىرىپتۇ، مېڭىسى ھەرھالدا جايىدا بولغاچقا ئازراق بىلىمگىمۇ ئىگە بوپتۇ، ئۆزى بىلىم بۇلىقى دەپ ھېسابلىغان ژۇرناللارنى تېپىپ ئوقۇپتۇ. سىزگە دېسەم، ئىلگىرى كىمدۇر بىرى، فرانسۇز بولسا كېرەك، ئازراق بىلىمگە ئىگە بولاي دېسەڭ دىنغا، تارىخقا، پەلسەپىگە، تىراگېدىيىگە ئائىت ھەر خىل كلاسسىك ئەسەرلەرنى تەتقىق قىلىشىڭ كېرەك. ئۇ ئەسەرلەر سېنىڭ ئالدىڭدا قۇچاق ئېچىپ تۇرغان ئەقىل دۇردانىلىرىدۇر، دېگەنىكەن. لېكىن، ھازىر كىشىلەر بىردىنلا ئىنكارچىلىققا ئائىت كىتابلار دۆۋىسى ئىچىگە كىرىپ كېتىپ، ئۆزلىرىگە ئىنكارچىلىقنىڭ ئىللەتلىرىنى يۇقتۇرۇۋېلىۋاتىدۇ. يىگىرمە يىلنىڭ ئالدىدا بۇ خىل كىتابلاردىن نوپۇزلۇقلارغا، بىرنەچچە ئەسىردىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى قاراشلارغا تاقابىل تۇرىدىغان نەرسىلەرنى بايقىغىلى بولاتتى. ھازىرچۇ؟ ھازىر كىشىلەر بۇ كىتابلارنىڭ ئىچىگە پېتىپ قېلىپ، كونا قاراشلار ئۈستىدە تالاش - تارتىش قىلىش بۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئوچۇق - ئاشكارىلا، بۇ ئەسەرلەردە تەدرىجىي تەرەققىيات، تەبىئىي شاللىنىپ كېتىش ۋە ياشاش رىقابىتىدىن باشقا ھېچ نەرسە يوق ئىكەن، دېيىشىۋاتىدۇ. مەن ماقالەمدە ...

— ماڭا قاراڭ، — دېدى ئاننا قىزغىن سۆزلەۋاتقان گولېنىششېفنىڭ سۆزىنى بىردىنلا بۆلۈپ. ئۇ بايىلا ۋرونسكىي بىلەن كۆز ېېقىشىۋېلىپ، ئۇنىڭمۇ بۇ سەنئەتكارنىڭ تۇگىمەس تەلىماتلىرىدىن زېرىككەنلىكىنى بىلگەنىدى. ۋرونسكىينىڭ

خىيالى ئۇنىڭ ياردىمى ئارقىلىق مىخايلوفنى تەكلىپ قىلىپ ئانىنانىڭ رەسىمىنى سىزدۇرۇۋېلىشتا ئىدى، — يۇرۇڭلار، بىز ھازىرلا شۇ ئادەمنىڭ ئالدىغا بارايلى.

گولېنىششېف بىردەم تۇرۇپ قېلىپ، ئاندىن ئانىنانىڭ گېپىگە قوشۇلدى. ئۇ رەسسامنىڭ تۇرىدىغان يېرى يىراقتا بولغاچقا، ئۇلار پەيتۇنغا ئولتۇرۇپ بارماقچى بولدى.

ئۇلار پەيتۇنغا چىقىپ، ئاننا گولېنىششېف بىلەن كەينىدىكى ئورۇندا، ۋرونسكىي ئالدىدىكى ئورۇندا ئولتۇردى. بىر سائەتتىن كېيىن پەيتۇن يىراق بىر يەردىكى ئولتۇراق رايون ئىچىگە جايلاشقان چىرايلىق بىر ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئىشىككە قارايدىغان ئادەمنىڭ خوتۇنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ، مىخايلوف ئەپەندى ئادەتتە مېھمانلارنى رەسىمخانىدا قوبۇل قىلاتتى، ھازىر نېرىراقتىكى بىر ئۆيدە بولۇپ قالدى، دېدى. ئۇلار ئۇنىڭغا ئىسىم كارتىسىنى بەردى.

# 10

گراف ۋرونسكىي بىلەن گولېنىششېفنىڭ ئىسىم كارتىسى كىرگۈزۈپ بېرىلگەندە، رەسسام مىخايلوف ئىش ئۈستىدە ئىدى. ئەتىگەندە رەسىمخانىسىدا زور بىر ماي بوياق رەسىم ئۈستىدە ئىشلىگەن، كېيىن ئۆيىگە كىرىپ، ئىجارە پۇلىنى سوراپ كىرگەن ئۆي ئىگىسىگە تۇزۇكرەك مۇئامىلە قىلىشنى بىلمىدىڭ، دەپ خوتۇنىغا قاتتىق چىچىلىغانىدى.

— مەن ساڭا خەقكە چۈشەندۈرمەن دەپ تىلىڭنى تولا چاينىما، دەپ كۆپ قېتىم ئېيتتىم. ئۆزۈڭ ئەسلىدىلا بىر

ئەخمەق، ئىتالىيانچە گەپ قىلساڭ ئېخمۇ بەتتەر ئەخمەقلىشىپ كېتىسەن، — دېدى ئۇ خوتۇنى بىلەن خېلى دەتالاش قىلغاندىن كېيىن ئاخىرىدا.
— ئۇنداق بولسا نېمىشقا خەقنىڭ پۇلىنى ۋاقتىدا بەرمەي كەينىگە سۇرىسەن؟ بۇنى مەندىن كۆرسەڭ بولامدۇ. مېنىڭ پۇلۇم بولغان بولسا ...
— خۇدا ھەققى، ماڭا تىنچلىق بەرگىن ! — مىخايلوف يىغلامسىراپ ۋە قوللىرى بىلەن قۇلىقىنى ئېتىۋېلىپ، ياندىكى خىزمەت ئۆيىگە كىردى ـ دە، ئىشىكنى ئىچىدىن قۇلۇپلىۋالدى. ئاندىن «ساراڭ خوتۇن» دەپ قويۇپ، سىزىۋاتقان رەسىمگە يېپىپ قويغان يوغان بىر پارچە رەختنى ئېلىۋېتىپ، باشلاپ قويغان رەسىمنى بۆلەكچىلا زوق بىلەن سىزىشقا ئولتۇردى.
ئۇ تۇرمۇشتا قىيىنچىلىققا ئۇچرىغان، بولۇپمۇ خوتۇنى بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغان چاغلاردا رەسىمنى ئاجايىپ بېرىلىپ تۇرۇپ سىزاتتى، سىزغانلىرىمۇ شۇنچىلىك ياخشى چىقاتتى. «ئۇھ، ئىشنى تاشلاپ بىر ياققا قېچىپ كەتكۇدەك بولدۇم ـ دە، — دېدى ئۇ رەسىمنى سىزىۋېتىپ. شۇ تۇرقىدا ئۇ غەزىپى ئۆرلەپ تۇرۇۋاتقان بىر ئادەمنىڭ ئوبرازىنى سىزىۋاتاتتى. بۇ رەسىمنى بۇرۇنمۇ سىزغان، ئەمما سىزغىنىدىن تازا رازى بولمىغانىدى، — ياق، ئاشۇ سىزغىنىم ياخشىراق ئوخشايدۇ ... ئۇنى نەگە قويغاندىمەن؟» ئۇ ئىشىكنى ئېچىپ خوتۇنىنىڭ قېشىغا چىقىپ، قاپىقىنى ئاچماي ھەم خوتۇنىغا قارىماي تۇرۇپ، چوڭ قىزىدىن ئۆزىنىڭ ئۇلارغا بەرگەن ھېلىقى رەسىمنىڭ قەيەردىلىكىنى سورىدى. ئۇ رەسىم تاشلىۋېتىلگەن يەردىن تېپىلدى، لېكىن ئۇستىگە شام تېمىپ ناھايىتى مەينەت بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ رەسىمنى ئۇستەل ئۇستىگە يېيىپ، ئۆزى يىراقىراق چېكىنىپ، كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ تۇرۇپ رەسىمگە بىر ھازا

قاراپ كەتتى ۋە بىردىنلا كۆلۈپ كېتىپ، خۇشال ھالدا قولىنى سىلكىپ قويدى.

— بەللى، بەللى ! — ئۇ شۇئان قېرىنداشنى قولىغا ئېلىپ ئىلدام - ئىلدام سىزىشقا باشلىدى. شامنىڭ ئاقىقان داغلىرى رەسىمدىكى ئادەمنىڭ ئوبرازىغا باشقىچە بىر قىياپەت بېرىپ تۇراتتى.

رەسىمنى سىزىۋېتىپ، بىردىنلا ئۆزى سىگارت سېتىۋالغان بىر سىگارت سودىگىرىنىڭ چىرايى بىلەن ئېڭىكى يادىغا كېلىپ قېلىپ، سىزىۋاتقان ئادىمىنىڭ يۈزى بىلەن ئېڭىكىنى شۇ ئادەمنىڭكىگە تەقلىد قىلىپ سىزىشقا باشلىدى، بۇنىڭغا ئۆزىمۇ كۆلۈپ كەتتى. خىيالەن سىزىلىۋاتقان بۇ رەسىم شۇ بىر تەقلىد بىلەن ئاجايىپ جانلىنىپ، ھېچقانداق بىر يېرىنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان ھالەتكە يەتتى، مۇنداقچە ئېيتقاندا، رەسىمگە جان كىردى، ئومۇمىي قىياپەت روشەنلەشتى، مۇقىملاشتى. ئوبرازنىڭ ئېھتىياجى بويىچە ئازراق ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلۈشكە، يەنى ئىككى پۇتنىڭ تۇرۇش ھالىتىنى سەل ئۆزگەرتىشكە، سول بىلەكنىڭ ھالىتىنى قايتا سىزىشقا، چاچلىرىنى كەينىگە تارىۋېتىشكە توغرا كېلەتتى، ئەمما بۇ ئۆزگەرتىشلەرنىڭ ھېچقايسىسى ئوبرازنىڭ ئومۇمىي قىياپىتىگە ھېچقانچە تەسىر كۆرسىتەلمەيتتى، پېرسوناژنىڭ خاراكتېرىنى يېپىپ تۇرۇۋاتقان ئازراقلا بىرنەرسىنى، خۇددى رەسىمنىڭ ئۈستىنى يېپىپ قويىدىغان يوغان لاتىنى ئېلىۋەتكەنگە ئوخشاش ئېلىۋېتىدىغانلا ئىش ئىدى. يېڭى قوشۇلغان ھەربىر قەلەم پېرسوناژنىڭ ئوبرازىنى تېخىمۇ يارقىنلاشتۇرۇشتا خۇددى شام داغلىرىدىن ئاجايىپ بىر ئۈنۈم ھاسىل بولغاندەك شۇنچىلىك ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. خىزمەتكار ئىسىم كارتىسىنى ئېلىپ كىرگەندە، ئۇ ئاشۇ رەسىم ئۈستىدە جىددىي ئىشلەۋاتاتتى.

— هازىر، هازىر !

ئۇ خوتۇنىنىڭ قېشىغا چىقىپ كەتتى.

— بولدى ئەمدى، ماشا، خاپا بولما ! — دېدى ئۇ سەل ئۇيالغاندەك بولۇپ مۇلايىم ئاھاڭدا كۈلۈپ تۇرۇپ، — سەندىنمۇ ئۆتتى، مەندىنمۇ ئۆتتى. بۇ ئىشنى مەن ئۆزۈم توغرىلايمەن، — ئۇ خوتۇنىغا ناماقۇل بولۇپ، ئاندىن مەخمەل ياقىلىق كۆكۈچ سېرىق پەلتوسى بىلەن قۇلاقچىسىنى كىيىپ رەسىمخانىسىغا چىقىپ كەتتى. بايىقى مۇۋەپپەقىيەتلىك سىزىلغان رەسىمى تۆت چاقلىق پەيتۇندا كەلگەن رۇسىيىلىك مېھمانلارنىڭ خۇشاللىقىدا ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى.

ئۇ ئۆزىچە ئۇ رەسىمنى مۇشۇ كەمگىچە ھېچكىم سىزىپ باقمىغان دەپ ئويلايتتى. گەرچە ئۇ رەسىمنى رافائېلنىڭ رەسىمگە سېلىشتۇرالمىسىمۇ، ئەمما ئۇ رەسىمدە ئىپادىلەنگەن مەزمۇننى ھېچقانداق بىر رەسىمدە ئىپادىلەنگەن ئەمەس، دەپ بىلەتتى. بۇنىڭدا ئۇنىڭ قارىشى ئېنىق ئىدى، شۇنداقتىمۇ باشقىلارنىڭ ئۇ رەسىمگە بېرىدىغان باھاسى، قانداقلا باھا بولسۇن، ئۇنىڭ ئۇچۇن ئىنتايىن قىممەتلىك ئىدى، ئۇنى كۈچلۈك ھاياجانغا سالاتتى. ئۇلارنىڭ بەرگەن ھەرقانداق باھاسى ئەڭ ئەرزىمەس باھا بولسىمۇ، زەررىچىلىك يېرىنى باھالاپ گەپ قىلسىمۇ، خۇشاللىقتا بېشى كۆككە يېتەتتى. ئۇ باھالىغۇچىلارنى ئەسەرنى مېنىڭدىنمۇ چوڭقۇر چۈشىنىدۇ، دەپ ئويلايتتى، شۇڭا باشقىلارنىڭ ئۆزى بايقىيالمىغان كەمچىلىكلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى ۋە دائىم دېگۈدەك ئۆزىنىڭ رەسىملىرىنى كۆرگەن ئادەملەرنىڭ پىكىرلىرى ئىچىدىن مەسىلە تېپىپ تۇراتتى.

ئۇ چوڭ - چوڭ چامداپ ھاياجان بىلەن كېتىۋېتىپ ئىشىكنىڭ ئالدىغا بارغاندا، كۆلەڭگىدە تۇرغان ئاننىنىڭ كېلىشكەن قامىتىنى كۆرۈپ ھەيرانلا قالدى. ئاننا گولېنىشچېفنىڭ تۇگىمەس گەپلىرىگە قۇلاق سالغاچ، ئۆزلىرىگە

قاراپ كېلىۋاتقان ئۇ رەسسامغا قاراپ تۇرۇۋاتاتتى. رەسسام بۇنىڭغا ئانچە دىققەت قىلمىغانىدى، يېقىن كەلگەندە، ئاننانىڭ شۇ تۇرقىدىكى گۈزەللىكىگە تېخىمۇ تاڭ قېلىپ، خۇددى سىگارت سودىگىرىنى تۇنجى كۆرگەندە ئۇنىڭ ئېڭىكىنى خاتىرىسىگە كىرگۈزۈۋالغاندەك، ئاننانىڭ شۇ قىياپىتىنىمۇ كېيىنكى ئەسەرلىرىگە ئۆرنەك قىلىش ئۈچۈن خاتىرىسىگە مەھكەم ئورنىتىۋالدى. ۋرونسكىي بىلەن ئاننا گولېنىششېفنىڭ دەسلەپكى تونۇشتۇرۇشى بىلەن بۇ رەسسامغا باشقىچە قاراشتا بولغانىدى، ھازىر ئۇنىڭ ئومۇمىي تۇرقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن تېخىمۇ كۆڭلى سوۋۇپ قالدى. ئۇ ئوتتۇرا بوي، تەمبەل، تايتاڭلاپراق ماڭىدىغان ئادەم ئىدى. بېشىغا بېغىر رەڭ شىلەپە، ئۇستىگە كۆكۈچ سېرىق پەلتو، ئاستىغا تار ئىشتان — گەرچە ئۇ چاغلاردا ئىتالىيىدە كەڭ پۇچقاقلىق ئىشتان كىيىش ئومۇملىشىپ قالغان بولسىمۇ — كىيىۋالغانىدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ سەھرالىقلارغا خاس ياپىلاق يۈزى، ئەندىكىپ ھەم ئۆزىنى مەغرۇر تۇتۇشقا تىرىشىپ تۇرىدىغان قىياپىتى ئادەمگە كۆڭۈلسىز بىر تەسىرات بېرىپ قوياتتى.

— ئۆيگە كىرىڭلار! — دېدى ئۇ ئۆزىنى ئامال بار پەرۋاسىز تۇتۇشقا تىرىشىپ. دالانغا كىرگەندىن كېيىن يانچۇقىدىن ئاچقۇچنى ئېلىپ ئىشىكنى ئاچتى.

## *11*

رەسىمخانىغا كىرگەندىن كېيىن، مىخايلوف مېھمانلارنى يەنە بىر قېتىم كۆز ئۆڭىدىن ئۆتكۈزۈپ، بىردەمدىلا ۋرونسكىينىڭ چىرايىنى، بولۇپمۇ مەڭىز سۆڭەكلىرىنى خاتىرىسىگە ئېلىۋالدى. ئۇ سەنئەتكارغا خاس ئالاھىدىلىكى بىلەن توختىماي ماتېرىيال

تۇيلاپ ماڭاتتى، بۇ ئۈچ ئادەمنىڭ ھازىرلا ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىگە باھا بېرىدىغانلىقىنى ئويلاپ ھاياجانلىنىپ تۇرغاندىمۇ، ئۇلارنىڭ بايقاش قىيىن بولغان ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىنچىكە كۆزىتىپ، ئۆزىگە بەرگەن تەسىرىنى كاللىسىدا شەكىللەندۈرۈپ بولغانىدى. ئاۋۇسى (گولېنىششېۋ) مۇشۇ يەردە تۇرۇشلۇق رۇس. ئۇنىڭ ئىسمى، ئۇنى قەيەردە كۆرگەنلىكى، ئۇنىڭ بىلەن قانداق پاراڭلاشقانلىقى مىخايلوفنىڭ ئېسىدە قالمىغانىدى. لېكىن، بىر كۆرگەن ئادىمىنىڭ تۇرقىنى ئېسىدىن چىقارمايدىغان مىخايلوف گولېنىششېۋنىڭ چىرايىنى ئۇنتۇپ قالمىغانىدى، ھەتتا ئۇنىڭ ئۆزىنى چوڭ تۇتۇشلىرى، ھېچقانداق ئىپادە يوق چىرايلىرىغىچە ئېسىدە ئىدى. قويۇق چاچلىرى، كەڭ ماڭلىيى ئۇنى بىر ئاز ھەيۋەت كۆرسىتىپ تۇراتتى، ئەمما چىرايىدا، بولۇپمۇ قاڭشىرىنىڭ ئۈستىدە بالىلارچە سەبىيلىككە ئوخشاپراق كېتىدىغان بىر خىل ئىپادىمۇ بىلىنىپ تۇراتتى. مىخايلوف ۋرونسكىي بىلەن ئاننانى پۇلى ھەم تەسىرى بار، ئەمما باشقا پۇلدار رۇسلارغا ئوخشاش سەنئەتنى قىلچە چۈشەنمەيدىغان، شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۆزلىرىنى سەنئەتنى سۆيىدىغان، ئۇنىڭدىن ھۇزۇر ئېلىشنى بىلىدىغان قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشىدىغان ئادەملەر تىپىدىن بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدى. «بۇ ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى كونا ئاسارئەتىقىلەرنى، ئاندىن ھازىرقى زامان رەسساملىرىنىڭ، نېمىس ئالدامچىلىرىنىڭ، ئەخمەق رافائېلدىن ئىلگىرىكى ئەخمەق رەسساملارنىڭ رەسىمخانىلىرىنى كۆرۈپ، ئەمدى كۆرگەن نېمىلىرىنى كۆپەيتىش مەقسىتىدە مېنىڭكىگە كەپتۇ ـ دە» دەپ ئويلىدى ئۇ. ئۇ سەنئەت بىلىمى يۈزە ئادەملەرنىڭ (ئۇلار قانچە ئەقىللىق بولسا، شۇنچە يامان بولاتتى) ھازىرقى زامان رەسساملىرىنىڭ رەسىمخانىلىرىنى پەقەت بىرلا مەقسەت، يەنى گۈزەل سەنئەت ھازىر چۈشكۈنلۈككە يۈزلەندى، ھازىرقى زامان رەسساملىرىنىڭ رەسىملىرىنى قانچە كۆپ كۆرسىڭىز، قەدىمكى زاماندا ئۆتكەن ئۇلۇغ رەسساملارنىڭ

رەسىملىرىگە تەڭ كېلىدىغان رەسىملەرنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى شۇنچە ھېس قىلىسىز، دېگەن مەقسەت بىلەن كۆرىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى، بۇنى ئۇ ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدىن كۆرۈپ تۇرۇۋاتاتتى. بىر - بىرىگە بوش ئاۋازدا قىلىشىۋاتقان سۆزلىرى، ئادەم مودېللىرىغا قاراشلىرى، پەرۋاسىز ئەركىن ئايلىنىپ يۈرۈشلىرى، سىزىۋاتقان رەسىمگە يېپىپ قويۇلغان رەختنى ئېلىۋېتىشنى ساقلاپ تۇرۇشقان قىياپەتلىرىدىن ھەم شۇ نەرسە چىقىپ تۇراتتى. شۇنداق بولسىمۇ، مىخايلوف خۇشال ھالدا ئۆزى سىزغان رەسىملەرنى بىر - بىرلەپ كۆرسەتتى، دېرىزىلەرنىڭ پەردىلىرىنى ئېچىۋەتتى. باي رۇسلارنىڭ ھەممىسىنى دېگۇدەك ھايۋان مىجەزلىك، ئەخمەق ئادەملەر، دەپ بىلسىمۇ، نېمىشقىدۇر، ۋرونسكىينى، بولۇپمۇ ئاننانى ياقتۇرۇپ قالغانىدى.

— بۇنى كۆرۈپ بېقىڭلار! — دېدى ئۇ بىر پارچە رەسىمنى كۆرسىتىپ، — بۇ پىلاتوننىڭ يېلىنىپ تۇرغان قىياپىتى، «مەتتەي ئىنجىل» نىڭ 27 - سۈرىسىدىن ئېلىنغان، — ھاياجانلانغىنىدىن ئۇنىڭ لەۋلىرى تىترەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ بىرنەچچە قەدەم چېكىنىپ مېھمانلارنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ تۇردى.

بۇ رەسىمنى مېھمانلار كۆرۈۋاتقان شۇ بىرنەچچە مىنۇت ئىچىدە مىخايلوفنىڭ ئۆزىمۇ ئۇنىڭغا باشقا بىر ئادەمنىڭ سوغۇق قان نەزىرىدە ئەستايىدىل قاراپ چىقتى. شۇ قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە ئۇ بايا ئۆزى كۆزگە ئىلمىغان بۇ ئېكسكۇرسىيىچىلەرنى بۇ ئەسىرگە ئەڭ يۇقىرى، ئەڭ ئادىل باھا بېرىدۇ، دەپ ئويلىغانىدى. ئۆزىمۇ ئۈچ يىل سىزغان ئەسىرىگە بولغان ئويلىرىنى، ئۇنى نۇقسانسىز، دەپ ئويلىغانلىرىنى ئۇنتۇپ، ئىككىنچى بىر ئادەمنىڭ نەزىرى بىلەن ئۇنى ئىنچىكە كۆرۈپ چىققانىدى، ئۆزى بۇرۇن بايقىغان بىرمۇ ئالاھىدىلىكنى كۆرمىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى رەسىمنىڭ ئالدى تەرىپىدە تۇرغان

پىلاتوننىڭ غەزەپلىك، ئىسانىڭ خاتىرجەم چىرايىغا، ئارقىدا تۇرغان پىلاتوننىڭ خىزمەتكارىغا، بولۇۋاتقان ئىشلارغا دىققەت قىلىپ تۇرغان يوھاننىڭ تۇرقىغا تىكىلىپ قالدى. ئۇ ھەربىر ئادەمنىڭ چىرايى ئۇستىدە نۇرغۇن ئويلانغان، نۇرغۇن ئۆزگەرتكەن، ئاخىرىدا ئوخشىمىغان خاراكتېرلەرنى ياراتقانىدى. ھەربىر چىراي ئۇستىدىكى ئىزدىنىشلىرىدە جاپامۇ تارتقان، خۇشاللىقىمۇ چۆمگەن، رەسىمنىڭ پۈتۈن كۆرۈنۈشىنىڭ ماسلىقى ئۈچۈن ئۇنى قانچە ـ قانچە قېتىملاپ ئۆزگەرتىپ سىزىپ چىققان، رەڭلەرنىڭ قېنىق ـ سۇسلۇقىنى نۇرنىڭ يورۇق ـ گۇڭگالىقىنى تەڭشەش ئۈچۈنمۇ ئاز كۈچىمىگەنىدى. مانا ئەمدى ئىككىنچى بىر ئادەمنىڭ نەزىرى بىلەن قارىغاندا، بۇنىڭ ھەممىسى ھېچقانداق ئۆزگىچىلىكى يوق يارىماس بىرنەرسە بولۇپ چىقىۋاتىدۇ. ئۇ رەسىمدىكى مەركىزىي ئورۇندا تۇرغان ئىسانىڭ چىرايىدىن ئەينى چاغدا ئاجايىپ قانائەتلەنگەن، رەسىم پۈتكەندىن كېيىن شۇنچىلىك خۇشال بولغانىدى، ئەمدى ھازىر باشقا بىر ئادەمنىڭ كۆزى بىلەن قارىغاندا شۇ چاغدىكى قىممىتىنى يوقىتىپ تۇراتتى. ئۇنىڭغا بۇ رەسىم تىزىئانو، رافئېللو ۋە رۇبېنسلار تەرىپىدىن يارىتىلغان ئىسانىڭ، ئۇلارنىڭ جەڭچىلىرىنىڭ، پىلاتوننىڭ ۋە باشقا سانسىز رەسىملەرگە ئوخشىتىپ سىزىلغان تەكرار رەسىمدەك كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتى (شۇنىڭدىمۇ ئوبدان سىزىلغان ئەمەس، ھازىر ئۇ رەسىمدىكى نۇرغۇن كەمچىلىكلەرنى كۆرۈپ تۇرۇپتۇ). شۇنداق قىلىپ، بۇ رەسىم ئۇنىڭ كۆزىگە چاكىنا، يۈزە، كونا، رەڭلىرى ماسلاشمىغان، قەلەم كۈچى ئاجىز، ئىنتايىن ناچار سىزىلغان رەسىم بولۇپ كۆرۈندى. مېھمانلار بۇ رەسىمنى يالغاندىن بىرنەچچە ئېغىز ماختاپ قويۇپ، ئىچىدە ئۇنىڭغا ئېچىنغاندەك، ئۇنى مەسخىرە قىلىشقاندەك ئىپادىدە بولۇشتى. ئۇلاردىن خاپا بولغىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

ئۇلار بىر مىنۇتچە جىممىپ كەتتى. شۇ ۋاقىتتا ئىچىدە مىخايلوف تولىمۇ ئوڭايسىزلاندى. ئارىدىكى بۇ ئېغىر ھالەتنى بۇزۇش ۋە ئۆزىنى ھاياجانلانمىغاندەك كۆرسىتىش ئۈچۈن، ئۆزىنى زورغا تۇتۇۋېلىپ گولېنىشىشېفقا گەپ قىلدى.

— مەن سىزنى بىر يەردە كۆرگەندەكلا قىلىمەن، — ئۇ شۇ گەپنى قىلغاچ، ئاننا بىلەن ۋرونسكىينىڭ چىرايلىرىدا ئىپادىلەنگەن بىرەر ئالامەتنى كۆرمەي قالماي، دېگەندەك، ئۇ ئىككىسىگە ئەنسىز قاراپ قويدى.

— توغرا! بىز روسسىنىڭ ئۆيىدىكى بىر كەچلىك زىياپەتتە كۆرۈشكەن. ئېسىڭىزدىمۇ، شۇ كېچىدە ئىتالىيىلىك بىر قىز — يېڭى راشېل[1] بىزگە بىر درامىدىن دېكلاماتسىيە قىلىپ بەرگەن، — دېدى گولېنىشىشېف رەسىمدىن قىلچە تارتىنماي كۆزىنى ئۈزگىنىگە.

ئەمما، ئۇ مىخايلوفنىڭ بۇ رەسىم توغرىسىدا پىكىر بېرىشىنى ساقلاپ تۇرغانلىقىنى بىلىپ، ئۇنىڭغا شۇنداق دېدى:

— رەسىملىرىڭىزدە مەن ئۆتكەندە كۆرگەنگە قارىغاندا ئىلگىرىلەش خېلى بار. پىلاتونىڭ ئوبرازى ھازىرمۇ مېنى ئاشۇ قېتىمقىدەك كۈچلۈك ھاياجانغا سالدى. سىز ئۇ پېرسوناژنى بەكمۇ ياخشى چۈشىنىدىكەنسىز. ئۇ ئاق كۆڭۈل، يېقىملىق ئادەم، ئەمما ئۆتۈپ كەتكەن بيۇروكرات، ئۆزىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ. شۇنداقتىمۇ مەن ...

مىخايلوفنىڭ تېتىك چىرايى بىردىنلا ئېچىلىپ، كۆزلىرى نۇرلىنىپ كەتتى، بىر نېمە دېمەكچى بولدى، لېكىن ئاغزىغا گەپ كەلمەي، يۆتەلگەندەك بولۇۋالدى. گولېنىشىشېفنىڭ سەنئەتتىن بەھرىلىنىش ئىقتىدارىنى كۆزگە ئىلمىسىمۇ، پىلاتونىڭ چىرايىدا ئىپادىلەنگەن بيۇروكراتلىقىقا بەرگە توغرا باھاسىنىڭ

---

① راشېل — فرانسىيىنىڭ مەشھۇر تراگېدىيە ئارتىسى.

قىلچە قىممىتى بولمىسىمۇ، باھاسى ئادەمنىڭ كۆڭلىنى قالدۇرىدىغان، مەسىلىنىڭ جان يېرىگە بېرىپ تەگمىگەن بولسىمۇ، مىخايلوف يەنىلا ئۇنىڭدىن خۇشال بولۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ پىلاتوغا بولغان قارىشى گولېنىشچېفنىڭ قارىشى بىلەن ئوخشاش ئىدى ھەم مىخايلوفنىڭ سانسىزلىغان توغرا پىكىرلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىناتتى. ئەمما، بۇنىڭلىق بىلەن ئۇ گولېنىشچېفنىڭ قارىشىنى ھەرگىز چۆكتۈرمىدى، ئەكسىچە ئۇنىڭ شۇ باھاسى بىلەن ئۇنىڭغا قىزىقىپ قالدى ۋە بايىقى كۆڭۈلسىزلىكلىرىنى خۇشاللىقتا ئايلاندۇرۇۋەتتى. ئۇ رەسىم شۇئان ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ھاياتنىڭ تەسۋىرلەپ بولمايدىغان پۈتۈن مۇرەككەپ تەرەپلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، بىردىنلا جانلىنىپ كەتكەندەك بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ پىلاتونى ياخشى چۈشىنىدىغانلىقىنى ئېيتقۇسى كەلدى، لېكىن لەۋلىرى ئىختىيارسىز تارتىشىپ قېلىۋاتقاندەك بولۇپ گەپ قىلالماي قالدى. ۋرونسكىي بىلەن ئاننا پەس ئاۋازدا بىر نېمىلەرنى دېيىشىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ بوش گەپ قىلىشلىرى بىر تەرەپتىن رەسسامنىڭ دىلىغا ئازار يەتكۈزۈپ قويۇشتىن قورققانلىقتىن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن قاملاشمىغان گەپلەرنى قىلىپ قويۇپ ئۇلارنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەنلىكىدىن ئىدى. كىشىلەر ئادەتتە گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرىنى كۆرۈشكە بارغانلىرىدا ئاشۇنداق گەپلەرنى ئاسانلا دەپ سالاتتى. مىخايلوف بۇ رەسىم ئۇلاردىمۇ ئوخشىمىغان تەسىرلەرنى قالدۇرغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلاپ ئۇلارنىڭ يېنىغا باردى.

— ئىيسانىڭ چېھرى قانداق ئاجايىپ - ھە! — دېدى ئاننا. رەسىمدە كۆرگەنلىرىنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭغا ھەممىدىن بەك شۇ چىراي ياققان، رەسىمنىڭ جان يېرى شۇ يەردە ئىكەنلىكىنى، ئۇنى ماختىسا رەسسامنىڭ خۇشال بولىدىغانلىقىنى بىلگەنىدى، — ئۇنىڭ پىلاتوغا ئىچىنىۋاتقانلىقى چىرايىدىن بىلىنىپ تۇرۇپتۇ، — دەپ قويدى ئۇ يەنە.

بۇمۇ بۇ رەسىم ۋە ئىيسانىڭ ئوبرازى ھەققىدە دېيىلىدىغان

كۈرمەك قاراشلارنىڭ بىرى ئىدى، خالاس. ئاننا ئىيسانىڭ پىلاتوغا ئىچىنىۋاتقانلىقى چىرايىدىن بىلىنىپ تۇرۇپتۇ، دېدى. توغرا، ئىيسانىڭ قىياپىتىدە ئىچىنىش ئىپادىسى بولۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە. چۈنكى، ئۇنىڭدا مۇھەببەت، ئىلاھىي ۋەزىنلىك، ئۆلۈمگە پىسەنت قىلماسلىق، قورۇق گەپكە بېرىلمەسلىكتەك خىسلەتلەر مۇجەسسەملەنگەن. پىلاتو جىسمانىي ھاياتنىڭ، ئىيسا روھىي ھاياتنىڭ نەمۇنىلىرى ئىكەن، ئالدىنقىسىنىڭ ئەمەلدارلىق كىبىرىگە، كېيىنكىسىنىڭ روھىي مېھرىبانلىققا ئىگە بولىدىغانلىقى مۇقەررەر ئىش. مىخايلوفنىڭ خىيالىغا شۇ ۋە ئۇنىڭدىن باشقىمۇ نۇرغۇن ئويلار كېلىپ، چىرايى خۇشاللىقتىن يەنە نۇرلىنىپ كەتتى.

— ھۇي، مۇنۇ رەسىم قانداق سىزىلغان - ھە! ئەتراپىدىكى بوشلۇق شۇنچە كەڭ، ئادەم ئۇنىڭ ئىچىدە ئايلىنىپ يۈرسىمۇ بولغۇدەك، — دېدى گولېنىشچېۋ بۇ رەسىمنىڭ مەزمۇنى بىلەن قۇرۇلمىسى كۆڭلىگە ياقمىغاندەك بىر خىل تەلەپپۇزدا.

— شۇنداق، يۇقىرى ماھارەت بىلەن سىزىلىپتۇ، — دېدى ۋرونسكىي ئۇنى تەستىقلاپ، — ئارقا مەنزىرە ئىچىدە تۇرغان پېرسوناژلار ئاجايىپ يارقىن سىزىلغان، ھەقىقىي ماھارەت دېگەن مۇشۇ، — بۇ گەپنى ئۇ گولېنىشچېۋقا قاراپ دېدى ۋە بۇ گەپ ئارقىلىق ئۆتكەن كۈنى ئىككىسى پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندا، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا ئاشۇنداق ماھارەتكە يېتىش ئارزۇسىنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى ئېيتقانلىقىنى پۇرىتىپ قويدى.

— راست، راست، — دەپ ئۇنىڭ گېپىنى تەستىقلىدى گولېنىشچېۋ بىلەن ئاننا. مىخايلوف ناھايىتى خۇشال ئىدى، ئەمما ماھارەت توغرىسىدىكى بۇ گەپ يۈرىكىگە قاتتىق تەگدى ۋە بىردىنلا قايغۇلۇق تۈسكە كىرىپ ۋرونسكىيغا ئاچچىقى بىلەن قاراپ قويدى. ئۇ ماھارەت دېگەن بۇ سۆزنى پات - پات ئاڭلاپ تۇراتتى، ئەمما ئۇنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى تازا بىلىپ كەتمەيتتى، پەقەت



مەزمۇن بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولغان رەسىم سىزىش تېخنىكىسىغا قارىتىلغان سۆز ئىكەنلىكىنىلا بىلەتتى. ئۇ يەنە كۆپ ھاللاردا كىشىلەرنىڭ ماھارەت بىلەن ئىچكى قىممەتنى بىر - بىرىگە قارشى ئورۇنغا قويۇۋېلىپ، خۇددى ھازىر ئۇلار ماختىغاندەك، يامان نەرسىنى ماھارەت ئارقىلىق ياخشى نەرسە قىلىپ سىزىپ چىققىلى بولىدىغاندەك گەپ قىلىشىدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتى. ئۇ رەسىمنىڭ يۈزىدىكى ئۇششاق داغلارنى ئەسەرنىڭ قىممىتىگە زىيان يەتكۈزمەسلىك شەرتى بىلەن ئېلىپ تاشلاشتا ئىنتايىن ئېھتىيات قىلىش كېرەكلىكىنى، بەدىئىي ئەسەرلەرنى سىزىشتا ماھارەتكىلا تايىنىشقا بولمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشىنەتتى. ئۇنىڭ سىزغان رەسىملىرىنى كىچىك بالا ياكى ئاشپەز ئايال كۆرسىمۇ رەسىم يۈزىدىكى ئۇ ئارتۇقچە نەرسىلەرنى ئويلىماي، خىيالىغا كەلتۈرمەي تۇرۇپ كۆرىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. ماھارەتتە پىشقان قېرى رەسساملارمۇ ئەگەر كاللىسىدا مەزمۇن بولمايدىكەن، ماھارىتى ھەرقانچە يۇقىرى بولسىمۇ ياخشى رەسىم سىزىپ چىقالمايتتى. مىخايلوفمۇ ماھارەت توغرىسىدا گەپ بولغاندا ئۆزىنى ماختاشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوقلۇقىنى ياخشى بىلەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ پۈتتۈرگەن ۋە پۈتتۈرمىگەن ئەسەرلىرىدىكى كەمچىلىكلەرنى سېزىپ تۇراتتى، بۇ رەسىمنىڭ يۈزىدىكى ئۇ داغلارنى تازىلىغاندا ئېھتىياتسىزلىقتىن بۇزۇپ قويغان يەرلەر بولۇپ، ئۇنى ئەمدى تۈزەيمەن دېسە پۈتكۈل رەسىمنى بۇزۇپ قوياتتى. ھازىرمۇ ئۇ ھەر بىر پېرسوناژنىڭ بەدىنىدە، يۈزىدە رەسىمنى بۇزۇپ تۇرغان، تازىلىۋېتىلمىگەن نەرسىلەرنىڭ بار ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتاتتى.

— ئەگەر سىز باشقىچە ئويلاپ قالمىسىڭىز، ئېيتىدىغان بىرلا پىكرىم بار ئىدى ... — دېدى گولېنىششېف.

— ياخشى گەپ. مەنمۇ سىلەردىن كۆرسەتمە ئالاي دەپ تۇراتتىم، — دەپ جاۋاب بەردى مىخايلوف چىرايىغا مەجبۇرىي

كۆلكە يۈگۈرتۈپ.

— سىز رەسىمىڭىزدە ئىيسانى ئىلاھ ئەمەس، ئادىمىي ئىلاھ قىلىپ سىزىپسىز. بەلكىم مەقسەتلىك شۇنداق سىزغانسىز.

— مەن ئىيسانى قانداق قىلىپ كۆڭۈلۈمدىكىدىن ئۆزگىچە قىلىپ سىزالايمەن، — دېدى مىخايلوف سەل تۇتۇلۇپراق سۆزلەپ.

— ئۇغۇ شۇنداق. ئەگەر كۆڭۈلۈمدىكىنى ئېيتىشقا ئىجازەت بەرسىڭىز ... رەسىمىڭىز نۇقسانسىز سىزىلغان، مېنىڭ بۇ پىكرىم ئۇنىڭغا ھېچقانداق زەرەر يەتكۈزەلمەيدۇ. بۇ مەن بىر ئادەمنىڭ پىكرى. سىزنىڭمۇ ئۆز ئالدىڭىزغا ئويلىغىنىڭىز بار، مەقسىتىڭىزمۇ ئوخشىمايدۇ. ئەمما، ئىۋانوفنى ئالساق، ئەگەر ئىيسانى تارىخىي شەخس ئورنىغا چۈشۈرۈپ قويىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ ھېچكىم سىزىپ باقمىغان باشقا تارىخىي تېمىلارنى تاللىغىنى ياخشىراق.

— لېكىن، بۇ سەنئەت ئۈچۈن ئەنتايىن بۈيۈك بىر تېما ئەمەسمۇ؟

— ئەگەر مەقسەتلىك ئىزدەنسە باشقا تېمىلارمۇ تېپىلىدۇ. بۇ يەردىكى مەسىلە، سەنئەتنىڭ تالاش - تارتىش ۋە مۇنازىرىگە يول قويماسلىقىدا. ئىۋانوفنىڭ رەسىمىنى كۆرگەندە، دىنسىزمۇ، دىندارمۇ بۇ ئىلاھمۇ، ئەمەسمۇ، دەپ سورايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئادەملەر ئورتاق بىر تەسىراتقا ئىگە بولالمايدۇ.

— نېمە ئۈچۈن؟ — دېدى مىخايلوف، — مېنىڭچە، ئوقۇمۇشلۇق ئادەملەر بۇ مەسىلىنى تالىشىپ ئولتۇرمايدۇ.

گولېنىششېۋ بۇ پىكىرگە قوشۇلماي، سەنئەت ئۈچۈن تەسىرات بىرلىكى كېرەك، دېگەن پىكىردە چىڭ تۇرۇپ مىخايلوفقا رەددىيە بەردى.

مىخايلوف ھاياجانلىنىپ تۇرغاچقا، ئۆزىنىڭ قارىشىنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن ھېچنېمە دېيەلمىدى.

# 12

ئاننا بىلەن ۋرونسكىي بۇ دوستىنىڭ گەپدانلىقىدىن زېرىكىپ بايىلا بىر ـ بىرىگە قارىشىۋالغانىدى. ئاخىر ۋرونسكىي ئۆي ئىگىسىنى كۈتمەيلا، ئۆزى يالغۇز ئانچە چوڭ بولمىغان بىر پارچە رەسىمنىڭ ئالدىغا باردى.

— پاھ، قانداق چىرايلىق، قانداق ياخشى سىزىلغان ـ ھە! — تەڭلا توۋلىشىپ كەتتى ئاننا ئىككىسى.

«قايسى رەسىمنى ياخشى كۆرۈپ قالغاندۇ بۇلار؟» دەپ ئويلىدى مىخايلوف. ئۇ ئۈچ يىل ئىلگىرى سىزغان ئۇ رەسىمنى ئاللىبۇرۇن ئېسىدىن چىقىرىپ قويغانىدى. بىرنەچچە ئايدىن بېرى بۇ رەسىمنى قايتا سىزىپ ئوڭلايمەن دەپ كېچە ـ كۈندۈز ئىشلەپ تارتقان جاپالىرىنى ۋە خۇشاللىقلىرىنى سىزىپ بولغان رەسىملىرىنى ئۇنتۇپ قالىدىغان ئادىتى بويىچە ئۇنتۇپ قالغانىدى. ئۇ ئادەتتە ئۇ رەسىمگە قاراپمۇ قويمايتتى، بۈگۈن ئۇنى سېتىۋالماقچى بولغان بىر ئىنگلىزنى دەپ چىقىرىپ قويغانىدى.

— ھە، بۇ بۇرۇن مۇنداقلا سىزىپ قويغان رەسىم ئىدى، — دېدى ئۇ.

— نېمىدېگەن چىرايلىق سىزىلغان، — دېدى گولېنىشچېف. بۇ گەپتىن ئۇنىڭمۇ بۇ رەسىمنىڭ گۈزەللىكىگە قىزىقىپ قالغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

رەسىمدە ئىككى بالا تالنىڭ سايىسىدا بېلىق تۇتۇپ ئولتۇراتتى. چوڭى قارماقنى يېڭىلا تاشلاپ، چۆپلۈك ئىچىدە پۈتۈن دىققىتى بىلەن قارماقىقا قاراپ ئولتۇرۇپتۇ، كىچىكى چۆپلۈكنىڭ ئۈستىدە ئىككى قولىنى سېرىق چاچلىرى چۇۋۇلۇپ

كەتكەن بېشى ئاستىغا قويۇپ، كۆك كۆزلىرىنى سۇ يۈزىگە تىكىپ ئۇخلىمىغا يېتىپتۇ. ئۇ نېمىنى ئويلاپ ياتقاندۇ؟

بۇ رەسىمنى ماختاش سادالىرى مىخايلوفنىڭ ئىلگىرىكى خۇشاللىقىنى قوزغاپ قويغاندەك بولدى. ئۇ ئۆتۈپ كەتكەن مەنىسىز ئىشلارنى ئەسلەشتىن قورقاتتى ھەم ياخشى كۆرمەيتتى، شۇڭا بۇ ماختاشلاردىن خۇشال بولغاندەك قىلسىمۇ، ئۇلارنى دەررۇ ئۈچىنچى پارچە رەسىمنىڭ ئالدىغا باشلاپ كەتمەكچى بولدى.

ۋرونسكىي بۇ رەسىمنى ساتىدىغان ـ ساتمايدىغانلىقىنى سورىۋىدى، مېھمانلارنىڭ بايىقى ماختاشلىرىدىن خۇشال بولۇپ تۇرغان مىخايلوف پۇلنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ شۇئان تۇتۇلۇپ قالدى.

ــ چىقىرىپ قويغاندىكىن ساتىدىغان گەپ ـ دە، ــ دېدى ئۇ قاپاقلىرى تۈرۈلگەن، خاپا چىراي بىلەن.

مېھمانلار كەتكەندىن كېيىن مىخايلوف پىلاتو بىلەن ئىيسانىڭ رەسىمى ئالدىغا بېرىپ ئولتۇرۇپ، بايا دېيىلگەن ۋە دېيىلمىگەن، ئەمما پۈرىتىپ ئۆتۈپ كەتكەن گەپلەرنى خىيالىدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتكۈزۈپ چىقتى. قىزىق يېرى، بايا ئۇلار بۇ يەردىكى چاغدا دېگەن گەپلەرنىڭ بەزىلىرىنى مۇھىم گەپلەر، دەپ ئويلىغانىدى، ھازىر ئويلاپ باقسا قىلچە ئەھمىيىتى يوق گەپلەر ئىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىگە ھەقىقىي سەنئەتكارغا خاس نەزىرى بىلەن قاراشقا باشلاپ، ئۇ رەسىملىرىنىڭ مۇكەممەل سىزىلغان رەسىملەر ئىكەنلىكىگە، قىممىتىنىڭمۇ يۇقىرىلىقىغا ئىشىنىشكە باشلىدى. مانا مۇشۇنداق ئىشەنچ بولغاندىلا بارلىق كاشىلىلارنى يېڭىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ سىزالايتتى، رەسىملىرى ئۈستىدە داۋاملىق ئىشلىيەلەيتتى.

ئىيسانىڭ بىر پۇتى نۇرنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئىلمى بويىچە قارىغاندا توغرا سىزىلمىغاندەك قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بوياق تاختىسىنى قولىغا ئېلىپ ئىش باشلاپ كەتتى. ئىيسانىڭ پۇتىنى ئۆزگەرتىپ سىزىۋېتىپ، ئارقا مەنزىرە ئىچىدە تۇرغان يوھاننىڭ

ئوبرازىغا پات ـ پات قاراپ قوياتتى. زىيارەتكە كەلگەنلەر يوھانغا ئانچە دىققەت قىلىشىپ كەتمىگەنىدى، مىخايلوف ئۇنىڭ سىزىلىشىنى مۇكەممەللىككە ئىگە دەپ ئويلايتتى. پۈتنى ئوڭلاش ئۈچۈن پۈتۈن بەدەنگىمۇ ماس ھالدا ئۆزگەرتىش كىرگۈزمىسە بولمايتتى، لېكىن ئۇ ھاياجانلىنىپ تۇرۇۋاتقاچقا، رەسىمنىڭ باشقا يەرلىرىگە قەلەمنى تەگكۈزەلمەي تۇراتتى. ئۇ تولىمۇ سوغۇق قان بولۇپ كەتكەن چاغلىرىدا ھېچنېمە سىزالمايتتى، قاتتىق خۇشال بولۇپ كېتىپ ھەممىنى روشەن كۆرۈپ تۇرغان چاغلىرىدىمۇ ئوخشاشلا سىزالمايتتى، پەقەت سوغۇق قانلىقتا تۇرۇپ ئىلھامغا ئېرىشىۋاتقان مۇشۇ ئۆتكۈنچى ۋاقىتتىلا قولىغا قەلەم ئالالايتتى. لېكىن، بۈگۈن ئۇ تولىمۇ خۇشال ئىدى، شۇڭا رەسىمنىڭ ئۈستىنى يېپىپ قويماقچى بولۇۋېتىپ يەنە توختاپ قالدى. قولىدا ياپقۇچ، مەغرۇر كۈلۈپ قويۇپ، يوھاننىڭ ئوبرازىغا بىر ھازا قاراپ تۇرۇپ كەتتى. ئاخىرىدا كۆزى قىيمىغان ھالدا ياپقۇچنى يېپىپ قويۇپ، ھەم چارچىغان، ھەم بەختكە چۆمگەن ھالدا ئۆيگە يېنىپ چىقتى.

ۋرونسكىي، ئاننا، گولېنىششېف ئۈچى ئۆيگە بۆلەكچىلا خۇشال ۋە كۆڭلى كۆتۈرۈلگەن ھالدا قايتىپ كېلىشتى. ئۇلار مىخايلوف ۋە ئۇنىڭ رەسىملىرى توغرۇلۇق گەپلەرنى قىلىشتى. «تالانت» دېگەن بۇ سۆز ئۇلارنىڭ قارىشىچە ئەقىل ۋە ھېسسىيات بىلەن مۇناسىۋىتى يوق، فىزىئولوگىيە جەھەتتىكى تۇغما قابىلىيەتكە يېقىنراق بىرنەرسە ئىدى. ئۇلار رەساملارنىڭ بارلىق ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى شۇ قاراش بويىچە چۈشەندۈردى، سۆزلىرىدە «تالانت» سۆزىنى ناھايىتى كۆپ ئىشلەتتى. چۈنكى، ئۆزلىرى قىلچە چۈشەنمەيدىغان نەرسىلەرنى شۇ سۆز بىلەن يېپىپ پەردازلىمىسا بولمايدۇ ـ دە. ئۇلار مىخايلوفنىڭ قابىلىيىتىنى ئىنكار قىلمىدى، ئەمما مەلۇماتىنىڭ يېتەرسىزلىكىدىن — بۇ رۇسىيە رەساملىرىنىڭ ئومۇمىي كەمچىلىكى — شۇ قابىلىيىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرالمىغان،

دېيىشتى. ئىككى بالىنىڭ رەسىمى ئۇچىلىسىنىڭ كاللىسىدا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغاچقىمۇ، شۇ رەسىم ئۈستىدە كۆپرەك گەپ قىلىشتى.

— ھەقىقەتەن چىرايلىق سىزىلىپتۇ! نېمىدېگەن سادا سىزىلغان! قانداق مۆۋەپپەقىيەتلىك چىققان! بۇ رەسىمنىڭ قانچىلىك ئېسىل سىزىلغانلىقىنى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بىلمەيدىكەن، — دېدى ۋرونسكىي.

# 13

مىخايلوف بالىلارنىڭ رەسىمىنى ۋورنسكىيغا سېتىپ بەردى ھەم ئاننانىڭ رەسىمىنى سىزىپ بېرىشكە ماقۇل بولۇپ، دېيىشكەن كۈنى ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئىشنى باشلاپ كەتتى.

ئۇ ئاننانىڭ رەسىمىنى بەش پارچە سىزىپ، ئەڭ ئاخىرىدا ھەممىنى ھەيران قالدۇرغان، بولۇپمۇ ۋرونسكىينى ھەيران قالدۇرغان بىر پارچىسىنى سىزىپ تاماملىدى. ئۇ رەسىمدە ئاننا ئۆزىگە قويۇپ قويغاندەك ئوخشاپلا قالماي، ئالاھىدە بىر گۈزەللىككە ئىگە بولغانىدى. قىزىق ئىش، مىخايلوف ئاننانىڭ ئۆزىگە خاس ئۇ خىل ئالاھىدە گۈزەللىكىنى قانداق بايقىغاندۇ؟ «ئاننانى مەندەك چۈشەنگەن، مەندەك سۆيگەندىلا، ئۇنىڭ ئەنە شۇ ئەڭ سۆيۈملۈك روھىي قىياپىتىنى بايقىغىلى بولاتتىمغۇ؟» ئويلىدى ۋرونسكىي ئىچىدە. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئاننانىڭ ئاشۇ سۆيۈملۈك روھىي قىياپىتىنى پەقەت مۇشۇ رەسىمدىنلا ھەقىقىي ھېس قىلىپ يەتكەنىدى. ئاننانىڭ بۇ قىياپىتى شۇنچىلىك توغرا، شۇنچىلىك ئەينەن ئىپادىلەنگەن بولغاچقا، ئۇنى كۆرگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنى خۇددى ئۇنىڭ شۇ خىل روھىي قىياپىتى بىلەن بۇرۇندىنلا تونۇشتەك

ھېس قىلىشىپ قالدى.

— مەن شۇنچە كۆپ ۋاقىت تىرىشىپ سىزىپمۇ ئوخشىتالمىغانىدىم، — دېدى ۋرونسكىي ئۆزىنىڭ ئانىنىڭ رەسىمىنى سىزغانلىقى توغرىسىدا سۆزلەپ، — ئۇ بىر قاراپلا شۇنداق ياخشى سىزىپ چىقتى. ماھارەت دېگەن مۇشۇ ـ دە.

— ئالدىرىما ! — دېدى گولېنىششېۋ ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ. ئۇنىڭچە، ۋرونسكىي تالانتىقىمۇ ھەم سەنئەتتە يۇكسەك بىلىمگىمۇ ئىگە ئىدى. گولېنىششېفنىڭ ۋرونسكىينى تالانتلىق دەپ ئىشىنىشىگە سەۋەب بولغان يەنە بىر ئىش، ئۇ ئۆزىنىڭ ماقالىلىرى ۋە پىكىرلىرىنىڭ ۋرونسكىي تەرىپىدىن ماقۇللىنىپ ۋە ماختاپ تۇرۇلۇشىغا موھتاج ئىدى. ئۇنىڭ ئويىچە، ماختاش ۋە ماقۇللىنىشلار ئىككى تەرەپتە تەڭ بولۇشى كېرەك ئىدى.

مىخايلوف يات ئۆيدە، بولۇپمۇ ۋرونسكىينىڭ داچىسىدا ئۆزىنىڭ رەسىمخانىسىدىكىدەك ئەركىن بولالمايۋاتاتتى، خۇددى باشقا بىر ئادەم قىياپىتىگە كىرىپ قالغاندەك، ئۇلارغا خۇددى ئۆزى ھۆرمەت قىلمايدىغان ئادەمگە يېقىنلىشىشتىن قورققاندەك ئۆزىنى قاچۇرۇپ مۇئامىلە قىلاتتى، ۋرونسكىينى «جانابىي ئالىيلىرى» دەپ ئاتايتتى، ۋرونسكىي بىلەن ئاننا قانچە تۇتسىمۇ ئۇلارنىڭ ئۆيىدە زادىلا تاماق يېمەيتتى، رەسىم سىزغىلى بارغاندىن باشقا چاغلاردا بېرىپ باقمايتتى. ئاننا ئۆزىنىڭ رەسىمى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن بەكمۇ رازى بولغاچقىمۇ، باشقىلارغا قارىغاندا ئۇنىڭغا بەكرەك قىزغىن مۇئامىلە قىلاتتى. ۋرونسكىي تېخىمۇ شۇنداق ئىدى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئۆزى سىزغان رەسىملەرگە بولغان قاراشلىرىنى بەكمۇ ئاڭلىغۇسى بار ئىدى. گولېنىششېۋ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، ئۆزىنىڭ ھەقىقىي سەنئەت قاراشلىرىنى مىخايلوفنىڭ كاللىسىغا قۇيۇشقا تىرىشاتتى. شۇنداق بولسىمۇ، مىخايلوف ئۇلارغا ئوخشاشلا سوغۇق مۇئامىلە تۇتاتتى. ئاننا ئۇنىڭ ئۆزىگە كۆپرەك قارىغۇسى بارلىقىنى سېزىپ تۇراتتى، ئەمما ئۇ ئاننا بىلەن پاراڭلىشىشتىن

ئۆزىنى تارتىپ تۇراتتى. ۋرونسكىي ئۇنىڭ رەسىملىرى توغرۇلۇق گەپ قىلسا، ئۇ جاھىللىق بىلەن جىم تۇرۇۋېلىپ گەپ قىلمايتتى، باشقىلار ۋرونسكىينىڭ سىزغان رەسىملىرىنى كۆرسەتسىمۇ، شۇ جاھىللىقى بىلەن ئوخشاشلا گەپ قىلماي تۇرۇۋالاتتى. مۇشۇ ھالەتلىرىدىن ئۇنىڭ گولېنىششېفنىڭ گەپلىرىدىن بىزارلىقىنى، سۆزمۇ قايتۇرغۇسى كەلمەيۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى.

ئۇلار مىخايلوفنىڭ دائىملا خاپا يۈرىدىغان، ھەممىگىلا دۈشمەنلىك بىلەن قارايدىغان مىجەزىنى ئوبدانلا بىلىپ قالغاندىن كېيىن، ئاستا ـ ئاستا ئۇنىڭدىن زېرىكىشكە باشلىدى. رەسىم سىزىلىپ بولۇپ، ئۇلار ئاننانىڭ ئاجايىپ نەپىس سىزىلغان رەسىمىنى قوللىرىغا ئېلىشقاندىن كېيىن مىخايلوف ئۇلارنىڭكىگە ئاياغ باسمىدى، ئۇلارمۇ ئۇنىڭدىن قۇتۇلغىنىغا خۇش بولۇشتى.

گولېنىششېف ھەممىسىنىڭ خىيالىدا بار پىكىرنى، يەنى مىخايلوف ۋرونسكىيغا رەشك قىلىپ قالغان بولسا كېرەك، دېگەن پىكىرنى بىرىنچى بولۇپ ئېيتتى.

— ئۇنىڭ تالانتى بار، شۇ سەۋەبلىك ۋرونسكىيغا ئىچى تارلىق قىلمايدۇ، دېگەن تەقدىردىمۇ، ئۇردا ئەمەلدارى، باينىڭ بالىسى، ئۇنىڭ ئۈستىگە گراف (بۇنداق ئادەملەرنىڭ گراف دېگەن گەپنى ئاڭلىسا جېنى چىقىدۇ) ئۇنىۋانى بار بىر ئادەمنىڭ رەسساملىقنى ئۆگەنمەي، جاپالىق مەشىق قىلمايمۇ، ئۆزىنىڭ بىر ئۆمۈر جاپا تارتىپ قىلىۋاتقان ئىشىنى (ئۆزىدىن ئېشىپ كېتەلمىسىمۇ) قىلىۋاتقىنىنى كۆرگەندە، ئەلۋەتتە ئىچى ئاچچىق بولىدۇ ـ دە. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇنىڭ تۇزۇك مەلۇماتىمۇ يوق.

ۋرونسكىي ئاغزىدا مىخايلوفنى ياقلاپ تۇرسىمۇ، ئەمما ئىچىدە گولېنىششېفنىڭ گەپلىرىگە ئىشىنىپ تۇرۇۋاتاتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ چۈشەنچىسى بويىچە، تۆۋەن قاتلامدىكى كىشىلەر ئۇنداق ئىچى تارلىقتىن خالىي ئەمەس ئىدى.

ۋرونسكىي مىخايلوف ئىككىسى ئايرىم - ئايرىم سىزغان ئاننانىڭ رەسىملىرىنى بىر - بىرىگە سېلىشتۇرۇپ، ئۇلاردىكى پەرقلەرنى تېپىپ چىقىشى كېرەك ئىدى، لېكىن سېلىشتۇرۇپ ئۇ پەرقنى تاپالمىدى. ئەمما، مىخايلوف ئاننانىڭ رەسىمىنى سىزىپ بولغاندىن كېيىن، ئەمدى ئۇنىڭ رەسىمىنى داۋاملىق سىزىش ھاجەتسىز، دەپ ئويلاپ، سىزىشنى توختىتىش قارارىغا كېلىپ، ئوتتۇرا ئەسىر ھاياتىغا دائىر رەسىملىرىنى سىزىشنى داۋاملاشتۇردى. بولمىسا ئۇنىڭ ئۆزىمۇ، گولېنىشىشېفمۇ، بولۇپمۇ ئاننا ئۇنىڭ ئۇ رەسىمىنى ياخشى، مىخايلوفنىڭ سىزغىنىغا قارىغاندا مەشھۇر رەسىمگە تېخىمۇ يېقىن كېلىدۇ، دېيىشكەنىدى.

مىخايلوفقا كەلسەك، ئۇ ئاننانىڭ رەسىمىنى شۇنچىلىك زوق ۋە ھەۋەس بىلەن سىزغىنىغا قارىماي، گولېنىشىشېفنىڭ سەنئەت توغرىسىدىكى قۇرۇق گەپلىرىنى ئاڭلاۋېرىشتىن زېرىكىپ، ۋرونسكىينىڭ رەسىمىنىمۇ خىيالىغا كەلتۈرمەي، ئاننانىڭ رەسىمىنى سىزىپ بولۇپلا ئۇلارنىڭكىدىن كېتىپ قالدى، ۋاقتىدا كېتىۋالغىنىغا خۇشالمۇ بولدى. ئۇ ۋرونسكىينىڭ رەسىم سىزىش ھەۋەسىگە، رەسىم سەنئىتى توغرىسىدىكى بىلىمىنىڭ يېرىم چېلەك سۇدەك شالاقشىپ تۇرغانلىقىنى بىلمىگەن ئادەمنىڭ نېمىنى خالىسا شۇنى سىزىش قىزغىنلىقىغا سوغۇق سۇ چېچىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى، شۇنداقتىمۇ ۋرونسكىينىڭ شۇ تەرىپى ئۇنىڭغا پەقەتلا ياقمىدى. مومدىن قونچاق ياساپ ئۇنى سۆيۈپ ئولتۇرغان ئادەمنى ئۇنداق قىلىشتىن چەكلىسە بولمايدۇ - دە. لېكىن، ئۇ ئادەم قونچىقىنى ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ قېشىغا كۆتۈرۈپ كېلىپ، ئۇنى خۇددى ئۆزىنىڭ ئاشىقىدەك ئويناپ ئولتۇرسا، ئۇنىڭ بۇ قىلىقىدىن ئۇ ئاشىق - مەشۇقلار يىرگىنىدۇ، ئەلۋەتتە. ۋرونسكىينىڭ رەسىملىرىنى كۆرگەندە مىخايلوفمۇ ئەنە شۇنداق يېقىمسىز تۇيغۇدا بولۇپ، ئۇنىڭغا ھەم كۈلكىلىك، ھەم ئەلەملىك تۇيۇلدى، ئۇنىڭغا ئېچىندى، ئاچچىقىمۇ كەلدى.

ۋرونسكىينىڭ رەسساملىقتا ۋە ئوتتۇرا ئەسىر ھاياتىغا بولغان ھەۋەسى ئۇزاققا بارمىدى. ئۇنىڭ رەسساملىققا قىزىقىشى شۇنچىلىكلا ئىدى، شۇڭا سىزغان رەسىمىنى ئاخىرىغا چىقىرالمايتتى. شۇنداق قىلىپ، سىزىۋاتقان رەسىمى يېرىم يولدا توختاپ قالدى. ئۇ رەسىم سىزىشنى داۋاملاشتۇرۇۋەرسەم، باشتا ئانچە ئېنىق بولمىغان كەمچىلىكلىرىم بارغانسېرى ئۇلغىيىپ كېتىدۇ، دەپ غۇۋا ھېس قىلاتتى. بۇ ۋاقىتتا ئۇ گولېنىششېف بىلەن ئوخشاش ھېسسىياتتا ئىدى. گولېنىششېف قىلىدىغانغا گەپ تاپالماي قالغانلىرىدا، كالللىسىدا تېخى پىشۇرۇپ ئۇلگۈرمىگەن ۋە يېڭى توپلاۋاتقان ماتېرىياللىرى بىلەن ئۆزىنى ئالدايتتى ۋە بۇ خىل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغىنى ئۈچۈن ئۆزىگە ئاچچىقىمۇ كېلەتتى؛ ۋرونسكىي بولسا ئۆزىنى ئالدىمايتتى ھەم قىينىمايتتى، ئۆزىگە تېخىمۇ ئاچچىقى كەلمەيتتى. قەتئىي قارارلىق بولغاچقا، ئۆزىنى ئاقلىماي، چۈشەندۈرۈپمۇ ئولتۇرماي قەلەمنى تاشلىدى.

لېكىن، رەسىم سىزمىسا نېمە ئىش قىلىدۇ؟ ئاننا ئىككىسىنىڭ — ئاننا ئۇنىڭ روھسىزلىنىپ كېتىۋاتقىنىغا ھەيران قېلىۋاتاتتى — ئىتالىيىدىكى تۇرمۇشمۇ زېرىكىشلىك بولۇپ كېتىۋاتاتتى: ئوردىغا ئوخشايدىغان داچا بىردىنلا ۋەيرانە، مەينەت، دېرىزە پەردىلىرىدىكى داغلار، پولدىكى يېرىقلار، دېرىزە بېشىدىكى سۇۋاقلىرى چۈشۈپ كەتكەن يەرلەر شۇنچىلىك كۆڭۈلسىز كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان ئادەملەرمۇ يەنىلا شۇ گولېنىششېف، ئىتالىيىلىك پروفېسسور، گېرمانىيىلىك ساياھەتچى. ۋرونسكىي ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن زېرىكىپ، تۇرمۇشنى ئۆزگەرتمىسە بولمايدىغاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالدى. ئۇلار ئاخىر دۆلەتكە قايتىپ كېتىش قارارىغا كېلىپ، ۋرونسكىي ئاكىسى بىلەن مىراسىنى بۆلۈشىدىغان، ئاننا ئوغلىنى كۆرۈپ كەلگەندىن كېيىن ۋرونسكىي بىلەن يازنى يېزىدا ئۆتكۈزىدىغان بولدى.

# 14

لېۋىننىڭ ئۆيلەنگىنىگە ئىككى ئايدىن ئاشتى. ئۇ بەختلىك ئىدى، لېكىن بەختى ئۆزى ئويلىغاندەك بولمىدى، ماڭدامدا بىر ئويلىمىغان يېڭى ئىشلارغا دۇچ كېلىپ تۇردى. ئۇ بەختلىكقۇ بولدى، ئەمما ئائىلە تۇرمۇشىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈشكە باشلىغاندىن كېيىن، بۇ ئىشنىڭ ئۆزى خىيال قىلغاندىن پۈتۈنلەي باشقىچە بولىۋاتقانلىقىنى قەدەمدە بىر كۆرۈپ تۇرۇۋاتاتتى. كۆلدە تىپتىنچ ئۈزۈپ يۈرگەن قولۋاقنى كۆرۈپ ھەۋىسى كەلگەن ئادەم شۇ قولۋاققا ئۆزى چۈشكەندىن كېيىن نېمىنى ھېس قىلسا، لېۋىنمۇ شۇنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. قولۋاقتا ئىرغاڭلىماي بىر خىلدا ئولتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، قاياققا قاراپ ئۈزۈشنى، قولۋاق ئاستىدا سۇنىڭ ئېقىپ تۇرغىنىنى ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايتتى، بىردەممۇ توختىماي پالاق ئۇرۇپ تۇرۇش كېرەك ئىدى، قوللار ئاغرىپ كېتەتتى. بۇ ئىشلار قارىماققا ئوڭايدەك قىلغىنى بىلەن، قىلغاندا تولىمۇ قىزىقارلىق ھەم ئىنتايىن كۆپ كۈچ تەلەپ قىلاتتى.

بويتاق چاغلىرىدا ئۇ باشقا ئەر - خوتۇنلارنىڭ تۇرمۇشىغا، ئۇششاق - چۈششەك ئۆي ئىشلىرىغا، ئۇرۇش - تالاشلىرىغا، بىر - بىرىنىڭ كۈنداشلىقىغا قاراپ ئىچىدە ئۇلارنى مەسخىرە قىلاتتى، كەلگۈسىدە توي قىلغاندا ئەر - خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇنداق ئىشلار بولمايدىغاندەك، ياشاش ئۇسۇللىرى باشقىلارنىڭكىگە ئوخشىمايدىغاندەك ئويلايتتى. كىم بىلسۇن، توي قىلغاندىن كېيىن ئىككىسىنىڭ تۇرمۇشىدا باشقىلارنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان ھېچقانداق نەرسە يوق بولغانىنىڭ ئۈستىگە، ئۇششاق ئائىلە ئىشلىرىنىڭ كۆپلۈكى ئۇنىڭ ئويلىمىغان

يېرىدىن چىقىپ قالدى. بۇ ئىشلارغا ئۇ باشتا بەكمۇ سەل قارىغانىدى، ھازىر قارىسا ئۇ ئىشلارمۇ تۇرمۇشتا مۇھىم بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. لېۋىن يەنە ئائىلىنىڭ بارلىق ئىشلىرىنىڭ ئۇ بۇرۇن ئويلىغاندەك ئۇنداق ئاسان بىر تەرەپ قىلىپ كەتكىلى بولىدىغان ئىشلار ئەمەسلىكىنىمۇ چۈشىنىپ قالدى. لېۋىن ئائىلە تۇرمۇشى توغرۇلۇق ئەڭ توغرا چۈشەنچىگە ئىگىمەن، دەپ ئويلىغىنى بىلەن، باشقا ئەركەكلەرگە ئوخشاش، ئۆزى بىلىپ ـ بىلمەي ئائىلە تۇرمۇشىنى پەقەت مۇھەببەتتىن راھەتلىنىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس، شۇڭا ئۇ ھەرقانداق نەرسىنىڭ چەكلىمىسىگە ۋە ھەرقانداق ئۇششاق ئىشلارنىڭ كاشىلىسىغا ئۇچرىماسلىقى كېرەك، دەپ ئويلاپ، ئىشىمنى بېرىلىپ ئىشلىسەم، ئىشتىن كېيىن مۇھەببەتنىڭ بەخت قۇچىقىدا يېتىپ ئارام ئالسام، خوتۇنۇم مېنى پۈۋلەپ تۇرسا، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق تەلىپىم بولمايتتى، دەپ ئارزۇ قىلىپ كەلگەن، باشقا بارلىق ئەرلەرگە ئوخشاش، خوتۇنىنىڭمۇ خىزمەت قىلىشى كېرەكلىكىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. ئۇنى بىرىنچى بولۇپ ھەيران قالدۇرغىنى، قىزىلگۈلدەك چىرايلىق خوتۇنىنىڭ توي قىلغان بىرىنچە ھەپتە، ھەتتا توي قىلىپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىنلا ئۇستەللەرگە يايىدىغان داستىخان، ئۆي سايمانلىرى، كارىۋات ياپقۇچلىرى، پەتنۇس، ئاشپەز، تاماق ۋەھاكازالار توغرىسىدا ئويلاپ، غەم يەپ، پايپاسلاپ يۈرگىنى بولدى. چاي ئىچكۈزۈلۈپ بولۇپلا، خۇددى نېمە قىلسا بولىدىغانلىقىنى، نېمە قىلسا بولمايدىغانلىقىنى بۇرۇندىنلا بىلىدىغاندەك، چەت ئەلگە چىقمايدىغان بولۇپ، يېزىغا بېرىپ تۇرىدىغانلىقىنى قارار قىلىپ بولغانىدى. لېۋىن ئۇنىڭ مۇھەببەتتىن باشقىمۇ نەرسىلەرنى ئويلايدىغانلىقىغا، كەسكىنلىكىگە تېخىمۇ ھەيران قالغان، بۇ ئىشىغا شۇ چاغدىلا نارازى بولغانىدى، ئەمدى بۇگۈن ئۆي ئىشلىرىغىمۇ بۇنچىۋالا پالاقلاپ كېتىشلىرى ئۇنىڭ رەسمىي

چىشىغا تەگدى. ئۇنىڭ مۇشۇنداق ئاۋارىچىلىكلەرنى تارتىشقا رازىلىقى قىزىقلا بىر ئىش ئىدى، لېۋىن ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن ئەتىدىن كەچكىچە ئالدىراپلا يۈرىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيتتى، موسكۋادىن ئېلىپ كەلگەن ئۆي سايمانلىرىنى تىزىشلىرىغا، ئىككىسىنىڭ ھۇجرىلىرىنى باشقىدىن تۈزەشتۈرۈشلىرىگە، دېرىزە پەردىلىرىنى ئېسىشلىرىغا، كېلىدىغان باشقا مېھمانلار ۋە دوللى ئۈچۈن ياتاق ئۆيلەرنى جايلاشتۇرۇشلىرىغا، ئۆزىنىڭ يېڭى خىزمەتكارىنىڭ ھۇجرىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىغا، ئاشپەز ئايالغا تاماقنى قانداق تەييارلاشنى تاپىلاشلىرىغا، ئاگافىيە بىلەن تەرگىشىپ قېلىشلىرىغا، ئۇنىڭدىن يېمەكلىكلەر ساقلىنىدىغان ئامبارنىڭ ئاچقۇچىنى ئېلىۋالغىنىغا قاراپ مەسخىرە ئارىلاش كۈلۈپ قوياتتى. ئۇ قېرى ئاشپەزنىڭ تەجرىبىسى يوق بۇ ياش خوجايىنىنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان تاپشۇرۇقلىرىنى ئاڭلاپ، ئامراقلىقى كېلىپ، گەپ ـ سۆز قىلماي كۈلۈپلا تۇرغانلىقىنى، ئاگافىيەنىڭ ئۇنىڭ ئامبارنى باشقىدىن رەتلەپ چىقىشلىرىغا قاراپ، مېھرىبانلىق بىلەن بېشىنى چايقاپ قويۇشلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇراتتى. بەزىدە ئۇ ئۇنىڭ يېنىغا خىزمەتكارى ماشانى مېنى ھازىرغىچە خانقىز دەۋەرگەچكە، ھېچكىم مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىمايۋاتىدۇ، دەپ دادلاپ، يىغلاپ ھەم كۈلۈپ كىرەتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ لېۋىنىنىڭ كۆزىگە شۇنچىلىك ئوماق كۆرۈنۈپ كېتەتتى، بۇ ئىشلىرى ھەم قىزىق، ھەم يېڭىلىق بولۇپ تۇيۇلاتتى، لېكىن يەنە مۇشۇ ئىشلىرى بولمىغان بولسا تېخىمۇ ئوبدان بولاتتىغۇ، دەپ ئويلاپمۇ قالاتتى.

لېۋىن ئۇنىڭ تويدىن كېيىنكى ھالەتلىرىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى بىلمەيتتى. كىتى ئۆز ئۆيىدىكى چېغىدا پىچىنە، كاپۇسكا، كەمپۈت دېگەندەك نەرسىلەرنى يېگۈسى، كۈۋاس ئىچكۈسى كەلسە قانغۇدەك يېيەلمەيتتى، ئىچەلمەيتتى. ھازىر بولسا نېمىنى خالىسا شۇنى بۇيرۇتالايتتى، قانچىلىك يەيمەن

دېسە شۇنچىلىك يېپەلەيتتى، قانچىلىك پۇل خەجلەيمەن دېسە خەجلىيەلەيتتى.

هازىر ئۇ دوللىنىڭ بالىلىرىنى ئېلىپ كېلىشىنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلار كەلسە بالىلارغا خالىغان پىچىنىلەرنى بۇيرۇتۇپ پىشۇرغۇزۇپ بەرسەم، دوللى ئۆيۈمنى چىرايلىق سەرەمجانلاشتۇرۇۋالغىنىمنى كۆرۈپ ماختاپ كەتسە، دەپ ئويلايتتى. ئۇ ئۆي ئىشلىرىغا بۆلەكچىلا بېرىلىپ كېتىۋاتاتتى، نېمە ئۈچۈن، قانداق بىر كۈچنىڭ تەسىرى بىلەن شۇنداق بولۇپ كېتىۋاتقىنىنى چۈشەنمەيتتى. ئۇ باھارنىڭ يېقىنلىشىپ قېلىۋاتقانلىقىنى، سىم ـ سىم يامغۇر پەسلىنىڭ يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى تۇيغۇسى بىلەن سېزىپ، ھەدەپ ئۆزىگە ئۇۋا سېلىۋاتاتتى، ئۇۋا سالغاچ ئۇنى قانداق سېلىشنى ئۆگىنىۋاتاتتى.

كىتىنىڭ ئۆي ئىشلىرىنى شۇنچىلىك ئىنچىكىلىك بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇشلىرى لېۋىننىڭ ئەسلىدە يۈكسەك ئورۇندا تۇرۇپ كېلىۋاتقان بەخت قارىشىغا زادىلا ماس كەلمىدى، بۇمۇ ئۇنىڭ ئىخلاسىنى قايتۇرغان ئىشلارنىڭ بىرى ئىدى. گەرچە ئۇنىڭ بۇنچىلىك جان كۆيدۈرۈپ كېتىۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنمىسىمۇ، يەنىلا ئۇ لېۋىننىڭ كۆزلىرىگە چىرايلىق، ئوماق كۆرۈنەتتى، ئىختىيارسىز ئۆزىگە مەپتۇن قىلىپ، شۇ ئىشلىرى بىلەنمۇ يەنە ئۇنى ھەۋەس ئوتىغا ئىتتىرىپ تۇراتتى.

ئۇنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ ھەم خۇشالمۇ قىلىپ تۇرىدىغان ئىككىنچى ئىش، پات ـ پات تەرگىشىپ قېلىشلار ئىدى. لېۋىن ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا مېھرىبانلىق، مۇھەببەت، ئۆزئارا ھۆرمەتلەشتىن باشقا ھېچقانداق ئىش بولمايدۇ، دەپ ئويلىغانىدى. ئەپسۇس، توي قىلىپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىنلا ئىككىسى تۇيۇقسىز تەرگىشىپ قالدى. كىتى ئۇنى مېنى ياخشى

كۆرمەيسىز، ئۆزىڭىزنىلا ياخشى كۆرسىز، دەپ ئەيىبلەپ يىغلاپ قوللىرىنى سىلكىپ كەتتى.

شۇ كۈنى لېۋىن يېڭى سېتىۋالغان جاكىزىسىغا بارغان، قايتىشىدا يېقىن يول بىلەن قايتىمەن دەپ باشقا يول بىلەن مېڭىپ ئېزىپ كەتكەن، نەتىجىدە ئۆيگە يېرىم سائەتچە كېچىكىپ كەلگەنىدى. بولمىسا ئۇ كەلگۈچە كىتىنى، ئۇنىڭ مۇھەببىتىنى، ئۆزىنىڭ بەختلىك ئىكەنلىكىنى ئويلاپ كەلگەن، ئۆيگە يېقىن قالغانسېرى ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتى ئۇلغىيىپ بارغانىدى. ئۇ كىتىنىڭ ئۆيگە بىرىنچى قېتىم بېرىپ ئۆزىنىڭ مۇھەببىتىنى بىلدۈرگەن چاغدىكى قىزغىنلىقى، بەلكىم ئۇنىڭدىنمۇ ئېشىپ تۇرغان قىزغىنلىقى بىلەن ئۆيگە كىرىپ كەلگەندە، ئۇنىڭ چىرايىدا ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان ھەم كۆرەرمەن دەپ ئويلاپمۇ باقمىغان بىر خىل تۇتۇقلۇقنى كۆردى، سۆيۈشكە تەمشىلىۋىدى، ئىتتىرىۋەتتى.

— ساڭا نېمە بولدى؟

— سەن شۇنداق ئويناپ يۈر ... — دېدى كىتى ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشىپ، ئەمما ئاچچىق بىلەن.

لېكىن، ئۇ گەپكە ئاغزىنى ئاچار - ئاچمايلا، دېرىزە تۈۋىدە يېرىم سائەت بۇرۇقتۇرما بولۇپ ئولتۇرغان چاغدىكى ئاچچىق ئەلەم ۋە نامەلۇم بىر رەشك ئوتلىرى بىراقلا ئېتىلىپ چىقتى. لېۋىن شۇندىلا تويى مۇراسىمى تۈگەپ ئۇنى چىركاۋدىن ئاچىقىۋاتقان چاغدا چۈشەنمىگەن نەرسىنى ئەمدى ئېنىق چۈشەنگەندەك بولدى. ئۇ ئۇنىڭ ئۆزىگە تولىمۇ يېقىن ئىكەنلىكىنىلا ئەمەس، ئىككىسىنىڭ ئاللىبۇرۇن بىر جان، بىر تەن بولۇپ بولغانلىقىنى، ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق چېگرىنىڭ يوقلۇقىنى چۈشەنگەنىدى. بۇنى ئۇ ئۇنىڭ شۇ دەقىقە ئىچىدىكى قوش بىسلىق ھېسسىياتىدىن بىلدى. ئۇ دەسلەپتە ئۇنىڭدىن قاتتىق رەنجىگەن، كېيىنلا ئۇنىڭدىن رەنجىشكە بولمايدىغانلىقىنى، چۈنكى ئىككىسىنىڭ ئايرىلماس بىر گەۋدىگە

ئايلىنىپ بولغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالغانىدى. ئۇ شۇ مىنۇتتا تۇيۇقسىز كەينىدىن تاياق يەپ، ئۆزىنى ئۇرغان ئادەمدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن كەينىگە قايرىلغان ئادەم ئۆزىنى باشقا ئادەم ئەمەس، ئۆزى ئۇرغانلىقىنى سېزىپ، ھېچكىمدىن رەنجىيەلمەي ئاغرىقتا چىداپ ۋە ئۆزىگە هاي بېرىپ تۇرغىنىغا ئوخشاش ھالەتكە چۈشۈپ قالدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ھېچقاچان ئىشنى بۇ دەرىجىدە كۆچلۈك ھېس قىلىپ باقمىدى، لېكىن شۇ ئىش بولغاندا ئۇزاققىچە ئۆزىنى باسالماي قالدى، ھەتتا ئۆزىنى ئاقلاپ، ئۇنىڭ ئۆزىنى خاتا ئەيىبلەۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقماقچىمۇ بولدى. لېكىن، ئۇنداق قىلسا كىتىنىڭ تېخىمۇ جۇدۇنى ئۆرلەپ، ھەممە ئازابنىڭ مەنبەسى بولۇپ تۇرۇۋاتقان يېرىقنىڭ تېخىمۇ يوغىناپ كېتىش ئېھتىمالى بار ئىدى. شۇنداقتىمۇ، قېنىغا سىڭىپ كەتكەن بىر خۇي ئۇنى بارلىق ئەيىبنى خوتۇنىنىڭ ئۈستىگە ئارتىشقا سۆرەيتتى، ئۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈكرەك بىر ئىدراك بولسا ئۇنى ئامال بار ئۇ يېرىقنى ياماشقا، ئۇنى يوغىنىتىۋەتمەسلىككە ئۈندەيتتى. ناھەق ئەيىبلىنىش ئۇنى كۈچلۈك ئازابقا سېلىۋاتاتتى، لېكىن شۇنى دەپ ئۆزىنى ئاقلىسا كىتى ئازابلىناتتى، بۇنىڭدا تېخىمۇ يامان بولاتتى. چالا ئويغۇدا ياتقان ئادەم بىر يېرىنىڭ ئاغرىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، ئاغرىغان يېرىنى كېسىپ ئېلىۋەتكۈسى كەلگەندەك، ئويغانغاندىن كېيىن راستتىنلا پۈتۈن بەدىنى سىرقىراپ ئاغرىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، ئۇنىڭ ئاغرىقىغا چىداپ ياشاشقا مەجبۇر بولغاندەك، لېۋىنمۇ ئۆزىنى بېسىۋېلىپ شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

ئىككىسى ياخشىلىشىپ قالدى. كىتى ئۆزىنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى بىلدى، لېكىن ئىقرار قىلغۇسى كەلمەي، ئېرىگە تېخىمۇ مېھرىبان بولۇپ كەتتى، ئىككىسىنىڭ مۇھەببىتى ھەسسىلەپ ئۇلغىيىشقا باشلىدى. بۇ بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق توقۇنۇشلار ئىككىنچى سادىر بولمايدۇ، دېگەندىن دېرەك

بەرمەيتتى. شۇنىڭدىن كېيىنمۇ كۆپ توقۇنۇشلار يۈز بەردى، بۇ توقۇنۇشلار يەنە كېلىپ ئويلاپ باقمىغان ئۈششاق ئىشلاردىن كېلىپ چىقىۋاتاتتى. بۇ ئىشلار ئىككىلىسى قارشى تەرەپنىڭ خۇي - پەيلىنى چۈشەنمىگەنلىكتىن، توي قىلغان دەسلەپكى چاغلاردا ئىككىلىسىنىڭ مىجەزىنىڭ تۇراقسىزلىقىدىن پەيدا بولۇۋاتاتتى. بىرىنىڭ كەيپى ياخشى، بىرىنىڭ يامان بولغان چاغلاردا، بۇنىڭ ئىككىسىنىڭ ئىناقلىقىغا تەسىرى ئانچە چوڭ بولمايتتى، ئىككىلىسىنىڭ يامان بولغاندا، ئاندىن ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈن جېدەللىشىپ قالاتتى، جېدەل بېسىلغاندا نېمە ئۈچۈن جېدەللەشكەنلىكىنى ئۆزلىرى ئۇقمايتتى. دەرۋەقە، ئىككىلىسىنىڭ كەيپى چاغ ۋاقىتلاردا كۆڭلىرى شۇنچىلىك خاتىرجەم، شۇنچىلىك بەختلىك ئۆتتى. شۇنداقتىمۇ، توينىڭ دەسلەپكى كۆنلىرى ئۇلار ئۈچۈن خېلى مۇشكۈل كۈنلەر بولدى.

توي بولۇپ بىرنەچچە ۋاقىتقىچە ئىككىسى خۇددى توم سىم ئارغامچا بىلەن بىر - بىرىگە چېتىپ مەھكەم باغلاپ قويۇلغاندەك ئىنتايىن جىددىيچىلىك ئىچىدە ياشىدى. قىسقىسى، ئۇلارنىڭ شېرىن ئايلىرىدا، يەنى توي قىلىپ بىر ئايغىچە لېۋىن بۇ كۈنلەرگە ئاجايىپ ئۈمىدۋار ئىدى، ئەمما ئۇنىڭغا ئۇنچىلىك شېرىن تېتىمىدى، ئەكسىچە بۇ ھەر ئىككىسىنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ ئازارلىق، ئەڭ ئازابلىق كۈنلەر بولدى. ئۇ چاغلاردا ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىدە ئۆزگىچە ھاي بېرىشلەر ئاز بولدى، ھاياجىنىنى بېسىشقا ئامالسىز ئىدى. كېيىن ئۇلار ئۇ كۆڭۈلسىز كۈنلەردىكى خىلمۇ خىل بىنورمال ئۇيياتلىق ئىشلارنى خاتىرىلىرىدىن ئۆچۈرۈپ تاشلاشقا خېلى خوپ تىرىشتى.

توينىڭ ئۈچىنچى ئېيىدا موسكۋاغا بېرىپ بىر ئاي تۇرۇپ كەلگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ئاندىن ئىزىغا چۈشكەن بولدى.

# 15

ئۇلار موسكۋادىن قايتىپ كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئوڭچە تۇرمۇشىدىن شۇنچىلىك خۇشال بولۇشتى. لېۋىن كۇتۇپخانىسىدىكى ئۇستەلدە ئولتۇرۇپ بىرنېمە يېزىۋاتاتتى. كىتى توي بولۇپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۆزى ياخشى كۆرۈپ كىيگەن چەيزە رەڭ چىرايلىق كۆڭلىكى بىلەن ئىدى، لېۋىننىڭ بوۋىسىدىن تارتىپ مۇشۇ كۇتۇپخانىدا قويۇقلۇق خۇرۇم ساپادا ئۇنىڭغا قاراپ كەشتە بېسىپ ئولتۇراتتى. لېۋىن ئويلانغاچ يازاتتى، كىتىنىڭ يېنىدا ئۆزىگە قاراپ ئولتۇرۇۋاتقانلىقىنى خۇشال تۇيغۇسى بىلەن ھېس قىلاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى تاشلىمىغانىدى، يېڭى دېھقانچىلىق تۈزۈلمىسى ھەققىدىكى قاراشلىرىنى شەرھلەپ يېزىۋاتقان كىتابىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى. ئىلگىرى ئۇ ئېلىپ بېرىۋاتقان پائالىيەتلىرى بىلەن پىكىرلىرىنى ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى چۇلغىۋالغان بۇرۇقتۇرمىلىق بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئۇلارنى ئەرزىمەس بىرنەرسىلەر قاتارىدا كۆرگەن بولسا، ھازىر ئۇلارنى كەلگۈسى تۇرمۇشىنىڭ شانلىق بەختى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئوخشاشلا شۇنداق ھېسسىياتتا بولۇۋاتاتتى. ھازىر ئۇ ئۆزىنىڭ ئىشلىرىنى يەنە داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى، ئەمما ئاساسلىق دىققىتى ئۆزگەرگەنلىكتىن، قىلىۋاتقان ئىشلىرىغا قارىتا تېخىمۇ روشەن قاراشقا ئىگە بولغانىدى. ئىلگىرى ئۇ بۇ ئىشلارنى تۇرمۇشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇشىنىڭ ۋاستىسى قىلىۋالغانىدى. ئۇ چاغلاردا بۇ ئىشلىرى بولمىغان بولسا تۇرمۇشى ئۇنىڭغا تولىمۇ مەنىسىز بىرنەرسە بولۇپ تۇيۇلاتتى. ھازىر ئۇ بۇ ئىشلىرىنى بەختلىك تۇرمۇشىنىڭ زىيادە مەنىسىز ئۆتمەسلىكى ئۈچۈن قىلىۋاتاتتى.

لېۋىن يېزىپ بولغان بىر بەتنى قولىغا ئېلىپ قايتا ئوقۇپ چىقىپ، يېزىقچىلىقىنى داۋاملاشتۇرغانلىقىنىڭ ئەرزىگۈدەك ئىش بولغانلىقىدىن خۇشال بولدى. بۇ يېڭى ھەم پايدىلىق ئىش ئىدى. لېۋىن بۇرۇنقى نۇرغۇن پىكىرلىرىنىڭ ئارتۇقچە، چەكتىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. قىلغان پۈتۈن ئىشلىرىنى ئەسلىگەندە، ھەل قىلىنمىغان نۇرغۇن مەسىلىلەر روشەنلىشىشكە باشلاۋاتاتتى. ھازىر يېزىۋاتقان يېڭى بابتا، ئۇ رۇسىيە يېزا ئىگىلىكىنىڭ خارابلىشىۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنى شەرھلەپ، رۇسىيىنىڭ كەمبەغەللىكى يەرنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ ناتوغرا تەقسىم قىلىنغانلىقى ۋە يۆنىلىشىنىڭ خاتالىقىدىنلا ئەمەس، بەلكى يەنە رۇسىيىنىڭ يېقىندىن بېرى چەت ئەللەرنىڭ مەدەنىيىتىنى، بولۇپمۇ قاتناش، تۆمۈريول قۇرۇلۇشلىرىنى نامۇۋاپىق ھالدا دۆلەت ئىچىگە كىرگۈزۈۋاتقانلىقىدىن بولۇۋاتىدۇ، ئۇ نەرسىلەر ئاھالىلەرنىڭ شەھەرگە مەركەزلىشىشىنى، ھەشەمەتچىلىكنى، سانائەت، پۇل ئامانەت، ئۇلارغا ئەگىشىپ كۆرۈلۈۋاتقان بازار ھايانكەشلىكىنىڭ يامان تەرەپكە قاراپ تەرەققىي قىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، يېزا ئىگىلىكىگە زىيان يەتكۈزۈۋاتىدۇ، دېگەن قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ قارىشىچە، دۆلەت بايلىقى نورمال راۋاجلانغاندا، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئەمگەك كۈچلىرىنى يېزا ئىگىلىكىگە سالغاندا، يېزا ئىگىلىكى مۇۋاپىق، ئەڭ بولمىغاندا مۇقىم ھالەتتە تۇرغاندا، ئاندىن ھەقىقىي مەدەنىيەت بارلىققا كېلەتتى. دۆلەت بايلىقلىرى تەكشى تەرەققىي قىلىشى، بولۇپمۇ باشقا ساھە بايلىقلىرى يېزا ئىگىلىكىنىڭكىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى، قاتناش ئىشلىرىمۇ يېزا ئىگىلىكىنىڭ مەلۇم ھالەتتىكى ئەھۋالىغا مۇۋاپىق بولۇشى كېرەك ئىدى. يەردىن ناتوغرا پايدىلىنىۋاتقان چاغدا، ئىقتىسادىي زۆرۈرىيەت ئەمەس، بەلكى سىياسىي زۆرۈرىيەت سەۋەبى بىلەن بىمەھەل پەيدا بولغان تۆمۈريوللار ئەسلىدە دېيىلگىنى بويىچە يېزا ئىگىلىكىنى

ئىلگىرى سۈرمەي، ئەكسىچە ئۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلىپ، سانائەت بىلەن كىرىدىتنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈۋەتكەنىدى. خۇددى بىرەر ھايۋاننىڭ مەلۇم ئورگانىزمى مەزگىلىدىن بۇرۇن تەرەققىي قىلىپ كەتسە، باشقا ئەزالىرىنىڭ ئۆسۈشىگە تەسىر كۆرسەتكەنگە ئوخشاش، ياۋروپادا زۆرۈر بولغان، پۈرسەت يېتىلگەن كىرىدىت، قاتناش، زاۋۇت ـ كارخانىلارنىڭ تەرەققىي قىلدۇرۇلۇشى رۇسىيىنىڭ بايلىقلىرىنىڭ ئومۇمىي تەرەققىياتىدىن ئېيتقاندا، نۆۋەتتە ئەڭ زۆرۈر بولۇپ تۇرۇۋاتقان يېزا ئىگىلىكىنى چەتكە قېقىپ، ئۇنىڭغا نۇرغۇن زىيانلارنى ئېلىپ كەلگەنىدى.

لېۋىن يېزىش بىلەن بولۇۋاتقاندا، كىتى موسكۋادىن قايتىدىغان كۈننىڭ ھارپا كېچىسىدە بولغان ئىشنى ئويلاپ ئولتۇراتتى. شۇ كۈنى ياش كىنەز چارسكىي ئۆزىگە غەلىتە قىلىقلار بىلەن خۇشامەت قىلغاندا، لېۋىننىڭ خۇيى تۇتۇپ قالغانىدى. «مېنى ئۇنىڭدىن كۈنلىدى، — دەپ ئويلىدى كىتى، — ۋاي خۇدايىم! بۇ ئادەم قانداق يېقىملىق ھەم قانداق نادان ـ ھە! مېنى ئۇنىڭدىن كۈنلەپ يۈرگىنىنى قارىمامدىغان. ئۇ ئادەملەرنىڭ مېنىڭ نەزىرىمدە ئاشپەز پيوترچىلىكمۇ ئەمەسلىكىنى چۈشەنمىسە كېرەك، — ئۇ شۇنداق ئويلاپ ئولتۇرۇپ، ئۆزىمۇ ھەيران قالغان خىيالغا — ئۇ مېنىڭكى ـ ھە، دېگەن خىيالغا كېلىپ قېلىپ، لېۋىننىڭ گەجگىسىگە، قىپقىزىل بوينىغا قاراپ قويدى، — ئۇنى ئىشىدىن قالدۇرغۇم كەلمەيدۇ (ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ ۋاقتى ئازادە ئىدى). ئۇنىڭ شۇ تۇرقىدىكى چىرايىنى شۇنچىلىك كۆرگۈم بار. ئۇ مېنىڭ ئۆزىگە قاراپ ئولتۇرغىنىمنى سېزىۋاتامدىغاندۇ؟ بۇرۇلۇپ ماڭا بىر قاراپ قويسا نېمە بولار ... ئاھ، شۇنداق قىلغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى!» كىتى ئۇنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈپ تۇرۇش ئۈچۈن كۆزلىرىنى بەكرەك يوغان ئېچىپ ئولتۇردى.

— شۇنداق، ئۇلار شىرىنىسىنى تامامەن سۈمۈرۈۋېلىپ، بىزگە

قۇرۇق گەۋدىسىنى قالدۇرۇپ قويۇۋاتىدۇ، ــ دەپ شىۋىرلىدى لىۋىن قەلىمىنى توختىتىپ. شۇ ئارىدا كىتىنىڭ ئۆزىگە قاراپ ئولتۇرغىنىنى بايقىغاندەك بولۇپ ئىتتىك كەينىگە بۇرۇلدى.
ــ نىمە بولدى؟ ــ سورىدى ئۇ ئورنىدىن تۇرغاچ كۈلۈپ تۇرۇپ.
«ئۇ ئاخىر ماڭا قارىدى» دەپ ئويلىدى كىتى.
ــ ھېچنىمە. سىزنى قايرىلىپ ماڭا بىر قارىسىكەن، دەپ ئولتۇراتتىم، ــ دېدى كىتى دىققىتىنى بۆلگىنى ئۈچۈن ئۇنىڭ خاپا بولغان - بولمىغانلىقىنى بىلمەكچى بولغاندەك كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن ئالماي تۇرۇپ.
ــ ئىككىمىز يالغۇز تۇرساق قانداق ياخشى ! مەن شۇنداق ئويلايمەن، ــ دېدى لېۋىن خوتۇنىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، چىرايىدىن بەخت تەبەسسۇمى چاقناپ تۇراتتى.
ــ مەنمۇ شۇنداق ئويلايمەن ! ھېچ يەرگە بارغۇم يوق، بولۇپمۇ موسكۋاغا.
ــ سەن نېمە توغرۇلۇق ئويلاۋاتاتتىڭ؟
ــ مەنمۇ؟ مەن ... ياق، ياق، يېزىشىڭنى داۋاملاشتۇر، دىققىتىڭنى بۆلمە، ــ دېدى كىتى لەۋلىرىنى پۈرۈپ تۇرۇپ، ــ مەن مانا مۇنۇ تۆشۈكلەرنى قىيىپ چىقىرىشىم كېرەك، كۆرۈۋاتامسەن؟
كىتى قايچىنى ئېلىپ قىيىشقا باشلىدى.
ــ ياق، ئېيتقىنا، زادى نېمە ئويلاۋاتاتتىڭ؟ ــ دېدى لېۋىن خوتۇنىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ ۋە تۆشۈكنىڭ قايچا بىلەن قانداق قىيىلىۋاتقىنىغا قارىغاچ.
ــ مەن نېمە ئويلايتتىم؟ موسكۋانى، سېنىڭ گەجگەڭنى ئويلىدىم شۇ.
ــ بۇ بەخت قانداق بولۇپ مېنىڭ بېشىمغا قونۇپ قالغاندۇ؟ ھەيرانمەن. قانداق گۈزەل ئامەت بۇ ! ــ دېدى لېۋىن ئۇنىڭ قولىغا سۆيۈپ قويۇپ.
ــ ماڭا ئەكسىچە، قانچە بەختلىك بولسام، بەختىم شۇنچە

تەبئىي كۆرۈندۇ.

— چېچىڭنىڭ ئالدى ئازراق چۇۋۇلۇپ قاپتۇ، — دېدى لېۋىن كىتىنىڭ بېشىنى ئاستا ئۆزى تەرەپكە ئايلاندۇرۇپ، — قارا، مانا مۇنۇ چېچىڭ. ياق، ياق، بىز ھازىر ئىش بىلەن مەشغۇل.

لېكىن، ئۇلار ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرالمىدى، كۇزما چاينىڭ تەييار بولغانلىقىنى خەۋەر قىلىپ كىرگەندە، ئىككىسى خۇددى خاتا ئىش قىلىپ قويۇشقاندەك ئىتتىك ئايرىلىشتى.

— ئۇلار شەھەردىن قايتىپ كەلدىمۇ؟ — دەپ سورىدى لېۋىن كۇزمادىن.

— ھازىرلا كېلىشتى، يوچتا خالتىلىرىنى ئېچىشىۋاتىدۇ.

— ئالدام بول ! — دېدى كىتى ئۇنىڭغا كۇتۇپخانىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ، — بولمىسا خەتلىرىڭنى سېنى ساقلىمايلا ئوقۇۋالىمەن. چاينى ئىچىپ بولۇپ ئىككىمىز رويال چالىمىز.

لېۋىن كۇتۇپخانىسىدا ئۆزى يالغۇز قېلىپ، ئورىگىنالىلىرىنى كىتى يېڭىدىن سېتىۋېلىپ كەلگەن ھۆججەت قىسقۇچقا قىستۇرۇپ قويۇپ، ئاندىن كىتى بىلەن تەڭ پەيدا بولغان، يۈز - قولىنى يۇغاندا ئىشلىتىدىغان بىر يۇرۇش چىرايلىق نەرسىلىرى بار چىلاپچىدا قوللىرىنى يۇدى. لېۋىن ئۆزىنىڭ خىيالىغا كەلگەن بەزى ئويلىرىغا كۈلگۈسى كېلىپ، ئۇ ئويلىرىنى ماقۇللىمىغاندەك بېشىنى چايقاپ قويدى. پۇشايمانغا ئوخشاپراق كېتىدىغان بىر تۇيغۇ ئۇنىڭ كۆڭلىنى خىرە قىلىپ تۇراتتى. ھازىرقى تۇرمۇشىدا بىر خىل ئۇياتلىق، ھۇرۇنلۇق ۋە راھەت قوغلىشىۋاتقاندەك بىر ھالەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئۇ ھېس قىلىپ تۇرۇۋاتاتتى. «بۇنداق كېتىۋېرىشكە بولمايدۇ، — دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە، — ئۈچ ئاي بولدى، ھېچ ئىش قىلغىنىم يوق. مانا بۈگۈن مەھكەم ئولتۇرۇپ بىر ئىش قىلاي دېسەم يەنە نېمە بولدى؟ قولۇمغا قەلەمنى ئېلىپلا يەنە تاشلاشقا مەجبۇر بولدۇم. كۈندە قىلىدىغان ئىشلىرىمۇ تاشلىنىپ قېلىۋاتىدۇ. ئېتىز بېشىغا بېرىپ باقمىغىنىمغا خېلى كۈنلەر بولۇپ كەتتى. زېرىكىپ قالمىسۇن دەپ، يا ئۇنى تاشلاپ كەتكىلى بولمىغان.

بۇرۇن مەن ئۆيلىنىشتىن بۇرۇنقى تۇرمۇش زېرىكەرلىك، مەنىسىز، ئۆيلەنگەندىن كېيىن ھەقىقىي تۇرمۇش باشلىنىدۇ، دەپ ئويلايتتىم. توي قىلغىنىمغا ئۈچ ئاي بوپتۇ، ۋاقتىمنى ھېچقاچان بۇ كۈنلەردىكىدەك بوش ئۆتكۈزۈپ باققان ئەمەسمەن. ياق، بۇنداق كېتىۋېرىشكە بولمايدۇ، ئىشلارنى باشقىدىن باشلاش كېرەك. ئەلۋەتتە، بۇ ئىشتا كىتى ئەيىبكار ئەمەس، ئۇنى ئەيىبلەشكە ئاساسىمۇ يوق. گەپ ئۆزۈمدە، ئۆزۈم غەيرەتكە كېلىشىم، ئەركەككە خاس مۇستەقىللىقىمنى ساقلاپ قېلىشىم كېرەك ئىدى. مۇنداق كېتىۋەرسەم ۋاقتىم بىكار ئۆتۈپ كېتىۋېرىدۇ، ئۇنىمۇ يامان ئۆگىتىپ قويىمەن ... ئەلۋەتتە، بۇ ئىشتا ئۇنىڭ ھېچقانداق خاتالىقى يوق.»

بىر ئىشتىن نارازى ئادەمنىڭ ھەرگىز باشقىلارنى ئەيىبلىمەسلىكى، بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمىنى ئەيىبلىمەسلىكى تولىمۇ قىيىن. لېۋىن ئۇنى ئەيىبلىگىلى بولمايدىغانلىقىنى (ئۇنىڭدا ھېچقانداق ئەيىب يوق) غۇۋا ھېس قىلاتتى، ئەمما ئۇ ئالغان تەربىيىنى، ئۆتۈپ كەتكەن چاكىنا، مەنىسىز تەربىيىنى ئەيىبلەيتتى («كىتىگە خۇشامەت قىلىپ كەتكەن ھېلىقى ئەخمەق چارسكىينى قارىمامدىغان! بىلىمەن، كىتى ئۇنىڭ ئىزگىنىنى تارتماقچى بولدى، لېكىن قانداق تارتىشنىڭ يولىنى تاپالمىدى» دەپ ئويلىدى لېۋىن). «راست، ئۆي ئىشلىرىنى قىلىش (ئۇ بۇ ئىشلارغا قىزىقىدۇ)، ياسىنىش، كەشتە تىكىشتىن باشقا ئۇنىڭ قىزىقىپ قىلىدىغان ئىشىمۇ يوق. مېنىڭ ئىشلىرىمغىمۇ، دېھقانچىلىققىمۇ، دېھقانلارغىمۇ، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان مۇزىكىغىمۇ، كىتاب ئوقۇشقىمۇ قىزىقمايدۇ، ھېچنېمىمۇ قىلمايدۇ، ئەمما ھەممە نېمىدىن رازى.» لېۋىن كۆڭلىدە شۇنداق ئويلاپ ئۇنىڭدىن نارازى بولاتتى، ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئېغىر ئائىلە ئىشلىرىغا ئاكتىپ تەييارلىق قىلىۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭغا ھەم خوتۇن، ھەم ئۆي ئىگىسى، ھەم بالىلىرىنىڭ ئانىسى بولىدىغان، ئۇلارنى تەربىيىلەشكە

باشلايدىغان كۈنلەرگە ئۇزاق قالمىغانلىقىنى بىلمەيتتى، سەزگۈسىگە تايىنىپ تۇرۇپ كەلگۈسىدىكى تۇرمۇشىنىڭ قانداق ئۆتىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ھەم ئاشۇ ئېغىر ئەمگەكلەرنى كۆتۈۋېلىشقا تەييارلىنىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى، مۇشۇ كۈنلەردىكى غەمسىز تۇرمۇشى ۋە مۇھەببىتىدىن باشقا ئىشلارنى ئويلىماي ئولتۇرمايدىغانلىقىنى، ئەكسىچە كەلگۈسى ئۈچۈن شاد - خۇراملىق بىلەن ئۇۋا تەييارلاۋاتقانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرمەيتتى.

# 16

لېۋىن ئۈستىگە چىققاندا، خوتۇنى يېڭى كۆمۈش ساماۋار بىلەن يېڭى چىنە - قاچىلارنىڭ يېنىدا دوللىنىڭ خېتىنى ئوقۇپ ئولتۇراتتى، ئاگافيە ئۇنىڭغا چاي قۇيۇپ بېرىۋاتاتتى. دوللى ئىككىسى بىر - بىرىگە ئۈزمەي خەت يېزىشىپ تۇراتتى.

— كۆردىڭىزمۇ، ئاغىچىڭىز ماڭا ھەمراھ بولۇڭ، دەپ مېنى يېنىدا ئولتۇرغۇزۇۋالدى، — دېدى ئاگافيە كىتىگە قاراپ مېھرىبانلىق بىلەن كۈلۈپ قويۇپ.

لېۋىن ئاگافيەنىڭ بۇ گېپىدىن يېقىندا ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولغان غەلۋىلەرنىڭ بېسىققانلىقىنى چۈشەندى. بۇ يېڭى خوجايىن ئاگافيەنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋېلىپ ئۇنى رەنجىتىپ قويغاندىن كېيىن، يەنە ئۇنى - بۇنى دەپ يۈرۈپ ئۆزىگە قارىتىۋالغان ۋە ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغان قىلىۋالغانىدى.

— قارا، مەن سېنىڭ خېتىڭنىمۇ ئوقۇۋالدىم، — دېدى كىتى گەپ - سۆزلىرى باغلاشمىغان بىر پارچە خەتنى لېۋىنغا بېرىۋېتىپ، — بۇ خەتنى ئاكاڭنىڭ ھېلىقى ئايالى يازغاندەك قىلىدۇ. تولۇق ئوقۇپ چىقمىدىم. بۇ بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر بىلەن

دوللىنىڭ خېتى. بىلەمسەن، دوللى گىرىشا بىلەن تانەنى سارمانسكىيلارنىڭكىگە باللار ئويۇنىغا قاتناشتۇرغىلى ئاپىرىپتۇ، تانە گرېتسوگ خانىمنىڭ رولىنى ئويناپتۇ.

لېۋىن ئۇنىڭ ئۇ گەپلىرىگە قۇلاق سالمىدى ۋە بىردىنلا قىزىرىپ كېتىپ، ئاكىسىنىڭ ئىلگىرىكى ئاشنىسى مارىيە نىكولايېۋنادىن كەلگەن خەتنى ئوقۇشقا باشلىدى. بۇ ئۇنىڭ ئىككىنچى پارچە خېتى ئىدى. بىرىنچى خېتىدە، لېۋىننىڭ ئاكىسىنىڭ ئۆزىنى سەۋەبسىزلا ھەيدىۋەتكەنلىكىنى، شۇنىڭدىن كېيىن يەنە گادايلىققا چۈشۈپ قالسىمۇ ئۇنىڭدىن ھېچنېمە تەلەپ قىلمىغانلىقىنى، نىكولاي دمىترىچنىڭ سالامەتلىكىدىنلا ئەنسىرەيدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ سالامەتلىكىنىڭ ناچارلاپ كەتكەنلىكىنى، يېنىدا ئۆزى بولمىسا بىر يەرلەردە ئۆلۈپ قالىدىغانلىقىنى، ئىنىسى بولغاندىكىن ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ قويۇشى كېرەكلىكىنى ناھايىتى تەسىرلىك قىلىپ يازغانىدى. بۇ قېتىمقى خېتىدە، ئۆزىنىڭ ئۇنى ئىزدەپ تېپىپ موسكۋادا بىللە تۇرغانلىقىنى، ئۇ يەردىن ئۆلكە مەركىزىگە كېلىپ بىر خىزمەت تېپىپ ئىشلىگەنلىكىنى، ئۇزاق ئۆتمەي باشلىقى بىلەن ئۇرۇشۇپ قېلىپ موسكۋاغا قايتىپ كەتكەنلىكىنى، يولدا كېتىۋېتىپ قاتتىق ئاغرىپ قالغانلىقىنى، ئەمدى ئورنىدىن قوپالماسلىقى مۇمكىنلىكىنى يېزىپ، خەتنىڭ ئاخىرىغا: «ئۇ سىزنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇ. يەنە بىر گەپ، ھازىر يېنىدا بىر تىيىنمۇ قالمىدى» دەپ قويۇپتۇ.

— قارا، قارا، دوللى سېنىڭ ئەھۋالىڭنى سوراپتۇ، — دېدى كىتتى كۈلۈپ كېتىپ. شۇ ئارىدا لېۋىننىڭ چىرايىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ دەررۇ ئاغزىنى يۇمدى.

— نېمە بولدۇڭ؟ نېمە بوپتۇ؟

— ئۇ خوتۇن نىكولاي ئاكامنى ئۆلۈم ئالدىدا ياتىدۇ، دەپ يېزىپتۇ. بېرىپ ئۇنى كۆرۈپ كېلەي.

كىتتىنىڭ چىرايى بىردىنلا ئۆزگىرىپ، تانەنىڭ گرېتسوگ

خانىمنىڭ رولىغا چىققىنى ۋە دوللى توغرىسىدىكى خىياللىرى قاياققىدۇر ئۇچۇپ كەتتى.

— قاچان يولغا چىقىسەن؟ — دەپ سورىدى كىتى.

— ئەته.

— مەنمۇ سىنىڭ بىلەن بىللە بارسام بولامدۇ؟

— كىتى، بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ — دېدى لېۋىن ئۇنىڭغا كايىغاندەك ئاھاڭدا.

— «نېمە دېگىنىڭ» دېگەن نېمە گەپ؟ — دېدى كىتى ئېرىنىڭ ئۆزىنىڭ تەكلىپىنى خالىماي خاپا بولۇۋاتقىنىدىن رەنجىپ، — بارسام نېمىشقا بولمايدىكەن؟ مەن ساڭا كاشىلا قىلمايمەن. مەن ...

— مەن ئاكام ئۆلۈم ئالدىدا ياتقانلىقى ئۈچۈن بارماقچىمەن، سەنچۇ؟ سەن نېمىگە ...

— مەن نېمىگە باراتتىم، ساڭا ئوخشاش مەقسەتتە بارىمەن.

«مۇشۇنداق جىددىي بىر چاغدا ئۇ يەدە ئۆزۈم يالغۇز قالسام زېرىكىپ كېتىمەن، دەپ ئويلاۋاتقىنىنى قاراڭلار بۇنىڭ.» كىتىنىڭ مۇشۇنداق چاغدا ئۆزى بىلەن تەڭ تۇرۇۋاتقىنى لېۋىننىڭ جېنىغا تەگدى.

— سەن بارساڭ بولمايدۇ! — دېدى ئۇ جىددىي تەرزدە.

ئاگافىيە ئەر - خوتۇن ئىككىسىنىڭ سوقۇشۇپ قالىدىغانلىقىنى پەملەپ، قولىدىكى چىنىنى قويۇپ ئاستا مېڭىپ چىقىپ كەتتى، كىتى ئۇنى سەزمىدى. ئېرىنىڭ ئۆزىگە ئىشەنمىگەندەك قىلغان ئاخىرقى گېپى كۆڭلىگە قاتتىق تەگكەندى.

— مەن ساڭا دەپ قوياي، ئەگەر سەنلا بارىدىكەنسەن، مەنمۇ سەن بىلەن بارىمەن، بارماي قويمايمەن! — دېدى كىتى ئالدىراپ ۋە ئاچچىقى بىلەن، — مەن بارسام نېمىشقا بولمايدۇ؟ نېمىشقا مېنى بارساڭ بولمايدۇ دەيسەن؟

— چۈنكى، قانداق يوللار بىلەن مېڭىپ، قانداق مېھمانخانىلاردا يېتىپ، نەگە بېرىشىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن.

بۇنداق ئەھۋالدا سەن ماڭا ئاۋارىچىلىك تېپىپ بېرىسەن، — دېدى لېۋىن ئۆزىنى تەستە تۇتۇۋېلىپ تۇرۇپ.
— ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ، مېنىڭ ھېچقانداق تەلىپىممۇ يوق، سەن نەدە بولساڭ مەنمۇ شۇ يەردە بولىمەن ...
— باشقىسىنى قويۇپ تۇرۇپ ئاشۇ ئايالىنىلا ئالايلى، ئۇنىڭ بىلەن سەن قانداق بىر يەردە تۇرالايسەن؟
— كىمنىڭ قەيەردە تۇرىدىغانلىقىنى، نېمە ئىشى بارلىقىنى بىلمەيمەن ھەم بىلىشنىمۇ خالىمايمەن، پەقەت ئېرىمنىڭ ئاكىسىنىڭ ئۆلۈم ئالدىدا ياتقانلىقىنىلا بىلىمەن. ئېرىم ئۇنى كۆرگىلى بارىدىكەن، مەنمۇ بېرىشىم كېرەك، شۇنىڭدا ياخشى بولىدۇ ...
— كىتى، ئاچچىقلىنىڭ كەلمىسۇن! ئويلاپ باققىنا، ئەھۋال مۇشۇنداق تۇرسا، ئۆيدە يالغۇز قېلىشنى خالىمىساڭ، مېنى قىيناپ قويمامسەن. ئەگەر يالغۇز قالسام زېرىكىپ قالىمەن دېسەڭ، ئەمىسە موسكۋاغا بېرىپ تۇر.
ـ سەن زادى مېنى بولمىغۇر، ئۇياتسىز خوتۇنلار قاتارىدا كۆرىسەن، — دېدى كىتى ئاچچىق ۋە رەنجىشتىن ئۆزىنى باسالماي كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ، — مەن ھېچقانداق ئەمەس، يا يول يۈرەلمەيدىغان ئىنجىقارۇق ئەمەس، يا ... ئېرىمنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولىمەن دەيدىغانلا ئويۇم بار تۇرسا، سەن شۇنى بىلىپ تۇرۇپ دىلىمغا ئازار بېرىۋاتىسەن ...
— نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق گەپلەر بۇ! بەئەينى قۇلنىڭ ئۆزى بولدۇمغۇ مەن، — لېۋىن ئەمدى غەزىپىنى باسالماي، ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ ۋارقىراپ كەتتى. شۇنداق ۋارقىراۋېتىپ، بىردىنلا بۇ گېپى بىلەن ئۆزىنى ئۆزى كاچاتلاۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدى.
— ئۇنداق بولسا نېمىشقا ئۆيلەندىڭ؟ ئۆيلەنمىگەن بولساڭ ئەركىن ياشاۋېرەتتىڭ ئەمەسمۇ؟ پۇشايمان قىلىدىغان ئادەم ئۆز

ۋاقتىدا ئۆيلەنمىسەڭ بولاتتىغۇ؟ — ئۇ شۇ گەپنى دەپلا ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ مېھمانخانىغا يۈگۈرۈپ كىرىپ كەتتى.

لېۋىن كەينىدىن كىرگەندە، كىتى ئۆكسۈپ يىغلاۋاتاتتى.

لېۋىن ئۇنى نىيىتىدىن ياندۇرىدىغان ئەمەس، بەزلەيدىغان سۆزلەرنى تېپىپ تىنماي سۆزلەيتتى، كىتى ئاڭلىمايتتى، نېمىلا دېسە بولدى قىلمايتتى. لېۋىن ئۇنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ باقتى، ئۆزىنى ئىتتىرىپ تۇرغان قوللىرىنى تۇتۇپ سۆيۈپ باقتى، چاچلىرىغا سۆيدى، قوللىرىغا يەنە سۆيدى، لېكىن كىتى بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. لېۋىن ئۇنىڭ يۈزىنى ئىككى قولىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ تۇرۇپ «كىتى!» دەپ يېلىنغاندەك گەپ قىلغاندىلا، ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ قاتتىق يىغلاپ كەتتى، يىغىسى پەسلىگەندىن كېيىن ئىككىسى ياخشىلىشىپ قالدى.

ئاخىر ئەر - خوتۇن ئىككىسى ئەتىسى بىللە يولغا چىقىدىغان بولۇشتى. لېۋىن خوتۇنىغا، سېنىڭ بېرەر ياردىمىم تېگىپ قالارمىكىن، دېگەن مەقسەتتە كېتىۋاتقىنىڭغا ئىشىنىمەن، دېدى ۋە خوتۇنىنىڭ، مارىيە نىكولايېۋنا ئاكىڭنىڭ يېنىدا تۇرۇۋېرىدۇ، بىزگە ھېچقانداق كاشىلا قىلمايدۇ، دېگەن گېپىگىمۇ قوشۇلدى. ئەمما، يولدا كېتىۋېتىپ، ئىچىدە ئۆزىدىنمۇ، ئۇنىڭدىنمۇ رەنجىپ ماڭدى. ئۇنىڭدىن مۇشۇنداق چاغدا ئۆزىنى يالغۇز قويۇپ بەرمىگىنىدىن رەنجىگەن بولسا (تېخى يېقىنىدىلا ئۇ ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىش بەختىگە ئىگە بولغىنىغا ئۆزىنى ئىشەندۈرەلمەي يۈرەتتى، مانا ئەمدى بەك ياخشى كۆرۈپ كېتىۋاتقىنىدىن ئۆزىنى بەختسىزدەك ھېس قىلىپ قالدى. ئويلىسا بۇمۇ غەلىتىلا بىر ئىش - دە)، ئۆزىدىن ئۆزىنىڭ گېپىدە چىڭ تۇرمىغانلىقىدىن رەنجىدى. ئۇنى تېخىمۇ بەكرەك رەنجىتكىنى، ئۇنىڭ ئاكىسىنىڭ يېنىدىكى ئۇ خوتۇن توغرۇلۇق ھېچنېمە ئويلىمىغىنى بولدى. لېۋىن ئىككىسىنىڭ زىددىيەتلىشىپ قېلىشىدىن بەكرەك ئەنسىرەيتتى. خوتۇنىنىڭ،

سۆيۈملۈك كىتىسىنىڭ ئاشۇ بۇزۇق خوتۇن بىلەن بىر ئۆيدە تۇرىدىغانلىقىنى ئويلىسىلا، يىرگىنىش ۋە قورقۇنچتىن پۈتۈن بەدىنىگە تىترەك ئولىشىپ كېتەتتى.

# 17

نىكولاي لېۋىن ياتقان ئۆلكە مەركىزىدىكى بۇ مېھمانخانا ئەسلىدە يېڭىچە لايىھىلىنىپ سېلىنغان پاكىز، ئازادە ۋە تولىمۇ چىرايلىق مېھمانخانا ئىدى، ساپاسىز مېھمانلارنىڭ قالايمىقان يېتىپ ـ قوپۇشلىرى، مەينەتلىكى، ئەسلىھەلەرنى ئاسرىماسلىقلىرى بىلەن ئۇزاق ئۆتمەي كونا مېھمانخانىلاردىنمۇ بەتتەر مەينەتلىشىپ، بەئەينى ئىپلاس قاۋاقخانىلارنىڭ ئۆزىلا بولۇپ قالغانىدى. مېھمانخانىنىڭ ۋەيرانىلىكى بىلەن قوشۇلۇپ، كىيىملىرى كىرلىشىپ كەتكەن، كۆرۈنۈشىدىن ئىشىككە قارايدىغاندەك تۇرغان بىر ئەسكەر، تىك قويۇلغان سۆرۈن، قاراڭغۇ تۆمۈر پەلەمپەي، كىرلىشىپ كەتكەن فراك كىيىۋالغان بوشاڭ چاكار، ئامموۋى ئاشخانىدىكى ئۈستەللەرنى بېزەش ئۈچۈن ئۈستىلىرىگە قويۇپ قويغان مومدىن ياسىغان مەينەت گۈللەر، ئۇلارغا قوشۇلۇپ زامانىۋى تۆمۈريول ئېلىپ كەلگەن ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ۋە قالايمىقانچىلىقلار لېۋىن ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىگە تويدىن كېيىن ئۇچراپ باقمىغان ئەڭ ئېغىر، ئەڭ كۆڭۈلسىز تەسىرات ئېلىپ كەلدى. بولۇپمۇ بۇ مېھمانخانىنىڭ ساختا ھەشەمەتى بىلەن ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئۇ كۆرۈنۈشلەر پۈتۈنلەي باشقا ـ باشقا ھالەت شەكىللەندۈرۈپ تۇراتتى.

مېھمانخانىنىڭ خوجايىنى ئادىتى بويىچە ئۇ ئىككىسىدىن قانداق نەرختىكى ياتاق لازىملىقىنى سورىغاندىلا، ئۇلار ياخشى ياتاقتىن بىرمۇ بوش ياتاقنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۇنداق

ياتاقـلارنىڭ بىـرىنى تۆمـۆريولنـىڭ رېۋىزورى، يەنە بىرىنـى موسكۋادىـن كەلگەن بىر ئادۋوكات، ئۈچىنچىسىنـى يېزىـدىـن كەلگەن كىنەز ئاستافيېۋا خانىم ئىگىلىۋېلىپ، مەيىنەت ياتاقتىن پەقەت بىرىلا قاپتۇ. خوجايىن لېۋىنغا ياندىكى ياتاقنىڭ كەچتـە بوشايدىغانلىقىنى دېدى. لېۋىـن بۇ ئەھۋالـلارنـى كۆرگەنـدىـن كېيىن، ئۆزى ئـويلىـغـانـدەك ئىش بـولۇپ، بۇ يەرگە يېتىـپ كېلىپلا ئاكىسىنىڭ يېنىغا كىرىپ ئەھـۋالىنى بىلمەي تـۇرۇپ ئالدى بىلەن خوتۇنىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىۋاتقىنىدىـن خوتۇنىغا ئاچچىقى كەلدى. ئامالسىز، ئاۋۋال خوتۇنىنى ئۆزلـىرى ئالغان ياتاققا ئەكىرىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى.

— چاپسان ئاكاڭنىڭ قېشىغا كىرىپ چىـق ! — دېدى كىتى خىجالەت ئارىلاش قورقۇمسىراپ تۇرۇپ.

لېۋىن ئۇنچىقماي ئىشىكتىن چىقىشىغىلا، ئۇنىڭ كەلگىنىنى ئاڭلاپ ئالدىغا كىرىشكە پېتىنالماي تۇرغان مارىيە نىكولايېۋنا بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. لېۋىن ئۇنى موسكۋادا قانداق هالەتتە كۆرگەن بولسا، هازىرمۇ شۇنداق هالەتتە ئىكەن. ئۇستىدە يەنە شۇ يۇڭ كۆڭلەك، مۇرىسى بىلەن بوينى يەنە شۇنداق ئوچۇق، ئازراق سەمرىپ قالغان، مۇلايىم هەم گالۋاڭ كۆرۈنىدىغان چوقۇر يۈزى شۇ پېتى.

— خوش، قانداق؟ ئەھۋالى ياخشىمۇ؟ قانداقراق تۇرۇۋاتىدۇ؟

— كېسىلى ئېغىر، ئورنىدىن تۇرالمايدۇ. هازىرغىچە سىزنى ساقلاپ يېتىپتۇ. ئۇ ... سىز ... خوتۇنىڭىز بىللە كەلدىڭىزمۇ؟

لېۋىن ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنداق قورۇنۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى چۈشەنمىگەندى، ئاخىرىدىكى گەپنى قىلغاندا ئاندىن بىلدى.

— مەن ماڭاي، ئاشخانىغا كىرمەكچىدىم، — دېدى ئۇ، — ئۇ سىلەرنى كۆرسە چوقۇم خۇشال بولىدۇ. ئۇ توي قىلغىنىڭلارنى ئاڭلىدى، ئۇياقنى كۆرگەن هەم تونۇيدىكەن، چەت ئەلدە كۆرگىنى ئېسىدە ئىكەن.

لېۋىن ئۇنىڭ كىتىنى دەۋاتقانلىقىنى بىلدى، لېكىن نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى.

— ماقۇل، ئىشىڭىزغا مېڭىڭ! — لېۋىن شۇ گەپنى قىلىپ تۇراتتى، ياتاقنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، كىتى بېشىنى چىقىرىپ قارىدى. لېۋىن ئۇنىڭ ئۇ ئىككىسىنى تەمتىرىتىپ قويغىنى ئۈچۈن قىزىرىپ، ئۇيىلىپ ھەم ئاچچىقى كېلىپ تۇرۇپلا قالدى. مارىيە نىكولايېۋنا ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك قىزىرىپ كەتتى، كۆزلىرىگە ياش كەلگەندەك بولۇپ، نېمە دېيىشىنى، نېمە قىلىشىنى بىلمەي، ئىككى قولى بىلەن ياغلىقىنىڭ ئۇچىنى مىجىقلاشقا باشلىدى.

لېۋىن شۇ دەقىقە ئىچىدە، كىتىنىڭ ئۆزى چۈشەنمەيدىغان بۇ قورقۇنچلۇق ئايالغا قاراپ قالغان كۆزلىرىدىن بىر خىل ھەيرانلىقنى كۆردى، ئەمما بۇ ھالەت ناھايىتى قىسقىلا ۋاقىت داۋام قىلدى.

— ھە، قانداق ئىكەن؟ ئۇ قانداقراق تۇرۇۋاتىدۇ؟ — سورىدى كىتى باشتا ئېرىدىن، ئاندىن ئۇ ئايالدىن.

— كارىدوردا تۇرۇپ سۆزلەپ بولغىلى بولمايدۇ! — دېدى لېۋىن كارىدوردا يالاڭ ئاياغ مېڭىپ يۈرگەن، پۇتلىرى تىترەپ تۇرغان بىرىگە غەزەپ بىلەن ھومىيىپ قويۇپ.

— قېنى، ياتاققا كىرىڭ! — دېدى كىتى ئاڭغىچە ئۆزىنى ئوڭلىۋالغان مارىيە نىكولايېۋناغا قاراپ. ئەمما، ئېرىنىڭ چىرايىدىكى بىئەپلىكنى كۆرۈپ يەنە دەررۇلا، — ئۇنداق بولسا ئاۋۋال سىلەر كىرىپ تۇرۇڭلار، سەل تۇرۇپ مېنى چاقىرارسىلەر، — دېدى - دە، يالغۇز ئۆزى ياتاققا كىرىپ كەتتى. لېۋىن ئاكىسىنىڭ ياتىقىغا قاراپ ماڭدى.

ئۇ ئاكىسىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ پۇتۇنلەي ئۆزى ئويلىغاندەك ئەمەسلىكىنى بىلدى. ئۇ ئاكىسىنى كۈزدە يېنىغا بارغان چاغدىكىگە ئوخشاش ئۆزىنى ئۆزى ئالداۋاتقاندەك ھالەتتە دەپ ئويلىغانىدى. باشقىلاردىن ئاڭلىشىچىمۇ، ئۆپكە كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغانلار ئومۇمەن شۇنداق بولارمىش. ئۇنىڭدا ئۆلۈمگە

يۈزلىنىۋاتقانلاردا بولىدىغان ئالامەتلەرنى، تېنىنىڭ تېخىمۇ ئاجىزلىشىپ، تېخىمۇ ئورۇقلاپ كەتكىنىنى كۆرسىمەن دەپ كەلسە، ئۇنچىلا ناچار ئەمەس، ئاساسەن بۇرۇنقىدەك تۇرۇپتۇ. ئۇ ياخشى كۆرىدىغان ئاكىسىنى ئۆتكەنكىگە ئوخشاش ئازاب ۋە ئۆلۈم ۋەھىمىسى ئىچىدە كۆرۈپ ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇشتىن قورققان ۋە كاللىسىدا شۇ بويىچە تەييارلىق كۆرۈپمۇ قويغانىدى. ئەمدى قارىسا، ئۇنچىلىكمۇ ئەمەس، ئاساسەن ئۆتكەنكىدەك، ئۇنىڭدىن سەل ئېغىرراق ئىكەن.

تاملىرى تۈكۈرۈكلەر بىلەن بۇلغانغان، ئاراتامنىڭ نېپىزلىقىدىن ياندىكى ئۆيدە قىلىشقان پاراڭلارنى ئاڭلىغىلى بولىدىغان، هاۋاسىنىڭ ناچارلىقىدىن نەپەس ئالغىلى بولمايدىغان بۇ مەينەت ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدا بىر كارىۋات تۇراتتى، كارىۋات ئۈستىدىكى يوتقان ئىچىدە بىر ئادەم ئوڭدىسىغا ياتاتتى، يوتقاندىن بىر قول چىقىپ تۇراتتى، بۇ قولنىڭ ئارىغا ئوخشايدىغان يوغان پەنجىسى بېشىدىن تارتىپ ئايىغىچە سوزۇلغان ئۇزۇن بىر ئۈستىخانغا ئۇلاپ قويۇلغاندەك كۆرۈنەتتى. ئاكىسى بېشىنى ياستۇققا يېنىچە قويۇپ ياتقانىكەن، لېۋىن ئۇنىڭ ئىككى چېكىسىدىكى تەردىن هۆل بولۇپ كەتكەن شالاڭ چاچلىرى بىلەن گاڭ ئۈستىخىنىلا قالغان پېشانىسىنى ئېنىق كۆردى.

«بۇ قورقۇنچلۇق ئادەمنىڭ مېنىڭ ئاكام نىكولاي بولۇشى مۇمكىن ئەمەس» دەپ ئويلىدى لېۋىن. لېكىن، يېقىنراق بېرىپ ئۇنىڭ چىرايىنى ئېنىق كۆرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ شۈبھىلىنىشىگە ئورۇن قالمىدى. نىكولاينىڭ چىرايى شۇ دەرىجىدە ئۆزگىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئىشىكتىن كىرىپ كەلگەن ئادەمگە لەپپىدە قارىغان ئاشۇ ئۆتكۈر كۆزلەرنىڭ قاراشلىرىدىن، تەرلەپ كەتكەن بۇرۇتى ئاستىدىكى لەۋلەرنىڭ بوش تىترەپ تۇرۇشلىرىدىن بۇ قورقۇنچلۇق رېئاللىقنى، يەنى بۇ مۇردىدەك ياتقان ئادەمنىڭ تېخى هايات تۇرۇۋاتقان ئاكىسى

نىكولاي ئىكەنلىكىنى جەزم قىلغىلى بولاتتى.
پارقىراپ قالغان كۆزلەر ئىشىكتىن كىرىپ كېلىۋاتقان ئۈكىسىغا جىملىگەندەك بىر تەرزدە جىددىي تاشلاندى. شۇ قاراشتىن كېيىنلا تىرىكلەر ئوتتۇرىسىدا تىرىكلەرگە خاس مۇناسىۋەت ئورنىتىلدى. لېۋىن ئۆزىگە تىكىلىپ قارىغان شۇ كۆزلەردىن شۇ خىل جىملەشنى سەزگەندىن كېيىن، ئاكىسىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ بەختىدىن خىجالەت بولغاندەك بولۇپ قالدى.
لېۋىن ئۇنىڭ قولىنى تۇتقاندا، نىكولاي كۈلۈمسىرەپ قويدى، بۇ ئاجىز ۋە بىلىنەر ـ بىلىنمەس كۈلۈمسىرەش ئىدى، لېكىن كۈلۈمسىرىگىنى بىلەن چىرايىدىكى جىددىي قىياپەت ئۆزگەرمىگەنىدى.
— سەن مېنى بۇ ھالەتتە كۆرىمەن دەپ ئويلىمىغان بولغىيدىڭ؟ — دەپ ئارانلا دېيەلىدى نىكولاي.
— ھەئە ... ياق ! — دېدى لېۋىن سۆزىدە ئادىشىپ، — ماڭا نېمىشقا بالدۇرراق خەۋەر قىلمىدىڭ؟ تويغا قوپقان چاغدا دېمەكچىمەن. سېنى ئىزدىمىگەن يېرىم قالمىدى.
شۇك ئولتۇرۇپ قالماسلىق ئۈچۈن گەپ قىلىپ تۇرۇش كېرەك ئىدى، لېكىن لېۋىن نېمە دېسە ئوبدان بولىدىغانلىقىنى بىلەلمەي ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاكىسى ئۇنىڭ ھەر بىر ئېغىز سۆزى ئۈستىدە ئويلىنىۋاتقاندەك، كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن ئالماي ياتاتتى. لېۋىن ئۇنىڭغا خوتۇنىنىڭمۇ ئۆزى بىلەن كەلگەنلىكىنى دېگەنىدى، نىكولاي ئاڭلاپ خۇشال بولدى، لېكىن يەنە مۇشۇ سىياقىم بىلەن ئۇنىڭغا كۆرۈنسەم ئۇ چۆچۈپ كېتىشى مۇمكىن، دەپ ئويلاۋاتقاندەكمۇ قىلاتتى. ئارقىدىن ئارىنى جىمجىتلىق باستى. بىر چاغدا نىكولاي تۇيۇقسىز ئۆرۈلۈپ گەپ قىلىشقا باشلىدى. لېۋىن ئۇنىڭ چىراي ئىپادىسىدىن مۇھىم گەپتىن بىرنى قىلسا كېرەك، دەپ پەرەز قىلىۋىدى، قىلغان گېپى ئۆزىنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالى توغرۇلۇق بولدى. ئۇ دوختۇردىن ئاغرىناتتى، بۇ يەردە موسكۋادىكىدەك داڭلىق

دوختۇرلار يوق ئىكەن، دەپ ئۆكۈنەتتى. لېۋىن بۇ گەپلىرىدىن ئۇنىڭ ياشاشتىن ئۈمىدىنىڭ بارلىقىنى بىلدى.

پاراڭ توختىغاندا، لېۋىن بۇ ئازابلىق تۇيغۇدىن بىر مىنۇت بولسىمۇ ئۆزىنى ئارام ئالدۇرۇش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇپ، چىقىپ خوتۇنۇمنى باشلاپ كىرەي، دېدى.

— بوپتۇ، مەن ئۇلارغا ياتاقنى تازىلاتقۇزۇپ قوياي. بۇ يەر بەك مەينەت ھەم بىر خىل پۇراق بار. ماشا، ياتاقنى بىر قۇر تازىلاپ قويغىنا، — دېدى كېسەل ناھايىتى زورۇقۇپ تۇرۇپ، — تازىلاپ بولۇپ چىقىپ كەتسەڭ بولىدۇ، — ئۇ شۇ گەپلەرنى قىلىۋېتىپ سوئال نەزىرى بىلەن ئىنىسىغا قاراپ قويدى.

لېۋىن ھېچنېمە دېمەي كارىدورغا چىقىپ بىردەم تۇرۇپ قالدى. ئۇ ئاكىسىنىڭ يېنىدىن خوتۇنۇمنى باشلاپ كىرەي دەپ چىققانىدى، ھازىر ئويلاپ بېقىپ، ئامال بار ئۇنى كېسەلنىڭ يېنىغا ئېلىپ كىرمەسلىكنى قارار قىلدى. «ئۇنىمۇ ئۆزۈمگە ئوخشاش ئازابلاپ نېمە قىلاي !» دەپ ئويلىدى ئۇ.

— ھە، قانداق؟ ئەھۋالى ياخشىمىكەن؟ — دەپ سورىدى كىتى ئەنسىزلىك بىلەن.

— ئەھۋالى بەكمۇ قورقۇنچلۇق ! بەكمۇ قورقۇنچلۇق ! سەن كەلمىسەڭمۇ بوپتىكەن، — دېدى لېۋىن.

كىتى بىرنەچچە مىنۇت جىمىپ كېتىپ، ئېرىگە ئەندىشە ۋە ئېچىنىش بىلەن قاراپ قويدى، ئاندىن ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئىككى قولى بىلەن ئۇنىڭ ئىككى جەينىكىنى تۇتتى.

— كونستانتىن، مېنى ئۇنىڭ ئالدىغا باشلاپ كىر، بىللە بولساق ئىككىمىزگە يېنىكرەك بولىدۇ. مېنى ئەكىرىپ قويۇپ ئۆزۈڭ چىقىپ كەتسەڭمۇ مەيلى، — دېدى كىتى، — شۇنى چۈشەنگىنكى، سېنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئۇياقنى كۆرمىسەم ماڭا تېخىمۇ ئېغىر كېلىدۇ. كىرسەم، بەلكىم ساڭىمۇ، ئۇياققىمۇ پايدام تېگىپ قالار. سادىغاڭ كېتەي، رۇخسەت قىلغىن، — دېدى ئۇ پۈتۈن ھاياتىنىڭ بەخت - سائادىتى شۇ ئىشقا باغلىقتەك

لېۋىنغا يالۋۇرۇپ.

لېۋىن ئامالسىز ئۇنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولۇپ، ئۇنى ئاكىسىنىڭ ياتىقىغا باشلاپ كىردى، مارىيە نىكولايېۋنا ئۇنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى.

كىتى يېنىك دەسسەپ، ئېرىدىن كۆزىنى ئالماي، ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى قورقماس تۇتۇپ كېسەلنىڭ ياتىقىغا كىرىپ كەلدى، ئاندىن ئىشىكنى ئالدىرىماي بوش يېپىپ قويۇپ، ئازراقمۇ تىۋىش چىقارماي كارىۋاتنىڭ يېنىغا تېز مېڭىپ باردى ۋە ئۇنى بېشىنى بۇراپ ئاۋارە بولمىسۇن دەپ ئويلاپ، ئەپلەك تەرەپتىن ئۇنىڭ يېنىغا ئۆتتى، ئاندىن كېسەلنىڭ قۇرۇق ئۇستىخان بولۇپ قالغان قولىنى ئۆزىنىڭ يۇمشاق قولىغا ئېلىپ، ئاياللارغا خاس قويۇق ھېسداشلىققا ئىگە مۇلايىم ئاۋازى بىلەن ئۇنىڭغا گەپ قىلدى.

— بىز سودېندا كۆرۈشكەن، ئەمما تونۇشمايتتۇق، — دېدى كىتى، — مېنىڭ ئىنىڭىزنىڭ ئايالى بولۇپ قالىدىغىنىمنى ئويلاپ باقمىغان بولغىيدىڭىز؟

— سىز مېنى ئاكام دەپ بىلمەيسىز ھەرقاچان؟ — دېدى نىكولاي كىتى ئىشىكتىن كىرىپ كەلگەندە باشلانغان كۈلۈمسىرىشىنى يىغىۋالماي تۇرۇپ.

— نېمىشقا؟ سىزنى ئەلۋەتتە ئاكام دەپ بىلىمەن. بىزگە خەۋەر بەرگۈزۈپ بەك ئوبدان قىپسىز. كونستانتىنىنىڭ سىزنى ئويلىمايدىغان، سىزنىڭ غېمىڭىزنى يېمەيدىغان كۈنى يوق.

لېكىن، كېسەلنىڭ خۇشاللىقى ئۇزاققا بارمىدى.

تېخى گېپى تۈگىمەي تۇرۇپلا چىرايىدا ئۆلۈم ئالدىدا ياتقان ئادەم ساغلام ئادەمگە ھەۋەس بىلەن قارىغاندەك بىر خىل جىددىي قىياپەت پەيدا بولۇپ قالدى.

— بۇ ياتاقتا سىزنى راھەت ياتالماسمىكىن دەپ ئويلاپ قېلىۋاتىمەن، — دېدى كىتى ئۇنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن كۆزلىرىنى ئېلىپ، ياتاقنىڭ ئىچىگە كۆز

يۇگۇرتكەچ، — خوجايىنغا دەپ يەنە بىر ياتاق ئاچقۇزايلى، — دېدى ئۇ ئەمدى ئېرىگە قاراپ، — شۇ چاغدا بىر - بىرىمىزگە يېقىنراق تۇرىمىز.

## *18*

لېۋىن ئاكىسىغا خاتىرجەم قاراپ تۇرالماي ھەم ئۆزىنى ئادەتتىكىدەك تەمكىن، بېسىقمۇ تۇتالماي قېلىۋاتاتتى. ئۇ كېسەل ياتقان ئۆيگە كىرىشىگىلا كۆزلىرى ۋە دىققىتى غۇۋالىشىپ، ئاكىسىنىڭ بەدىنىنى ۋە ھەر بىر ئەزاسىنى ئېنىق كۆرەلمەي قالدى. بۇرنىغا ئۇرۇلۇۋاتقان سېسىق ھاۋا، كۆزىگە كۆرۈنۈپ تۇرۇۋاتقان مەينەتچىلىك، قالايمىقانچىلىق، ئازابلىق كۆرۈنۈشلەر، قۇلىقىغا كىرىپ تۇرغان ئىڭراشلار توختىماي ئۇنىڭ ئارامىنى بۇزۇپ، پۇت - قوللىرى، مېڭىسى چۈشەپ قويۇلغاندەك نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قېلىۋاتاتتى. كېسەلنىڭ ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىش، يوتقان ئىچىدىكى بەدەنىنىڭ قانداق ھالەتتە ياتقانلىقىنى ئويلاش، يىغىلىپ قالغان قۇرۇق ئۇستىخان تىزلىرى، يانپاشلىرى ۋە ئومۇرتقىلىرىنىڭ راھەت تاپقۇدەك ئەھۋالىنىڭ بار - يوقلۇقىنى بىلىش، قانداق ياتسا راھەت ياتىدىغانلىقىنى، راھەت ياتالمىسىمۇ ئازراق بولسىمۇ ئارام ئالىدىغانلىقىغا كاللا ئىشلىتىش دېگەنلەرنى ئويلاپمۇ باقمايتتى، ئويلىسىلا ئۇنى قورقۇنچ باسىدىغاندەك قىلاتتى. ئاكىسىنىڭ ھاياتىنى ئۇزارتىشنىڭ ياكى ئازابىنى يەڭگىللىتىشنىڭ ھېچقانداق چارىسىنىڭ يوقلۇقى ئۇنىڭغا ناھايىتى ئېنىق ئىدى، كېسەلمۇ بۇنى سېزەتتى ۋە ھېچقانداق ئۈمىدنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە مىجەزى تېخىمۇ ئوساللىشىپ كېتىۋاتاتتى. لېۋىننىڭ بۇنىڭغا كۆڭلى تولىمۇ يېرىم بولاتتى.

كېسەلنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇش ئۇنىڭ ئۈچۈن ئازاب ئىدى، يېنىدىن كەتسە تېخىمۇ بىئارام بولاتتى، پات ـ پات بىر ئىشلارنى باھانە قىلىپ ياتاقتىن چىقىپ كېتەتتى، چىقىپ كېتىپ ئۆزى يالغۇز تۇرالماي يەنە قايتىپ كىرەتتى.

لېكىن، كىتىنىڭ ئويلايدىغىنى، ھېس قىلىۋاتقىنى ۋە قىلىۋاتقان ئىشلىرى ئۇنىڭكىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايتتى. ئۇ كېسەلنى كۆرۈپلا ئۇنىڭغا قاتتىق ئېچىندى، ئېچىنىش ئۇنىڭ ئاياللىق يۈرىكىدە ئېرىنىڭكىگە ئوخشاش ھەرگىزمۇ ۋەھىمە ۋە يىرگىنىش پەيدا قىلمىدى، بەلكى ئاكتىپ ھەرىكەت، كېسەلنىڭ ئەھۋالىنى بىلىش، ئۇنىڭغا ياردەم بېرىش ئىستىكىنى قوزغىدى. شۇڭا، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشىدىن ۋە ياردەم بېرەلىشىدىن قىلچە گۇمان قىلماي دەررۇ ھەرىكەتكە كەلدى. ياتاقنىڭ ئىچىدىكى قىلىشقا تېگىشلىك ئۇششاق ئىشلارنىڭ كۆپلۈكى ئۇنىڭ ئېرىنى قورقۇنچقا سالغان بولسا، كىتىنىڭ دىققىتىنى ناھايىتى تېزلا ئۆزىگە تارتتى: دوختۇر چاقىرىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى، دورىخانىدىن دورا ئالدۇردى، ئۆزى ئېلىپ كەلگەن چاكىرى بىلەن مارىيە نىكولايېۋنا ئۈچى بىرلىشىپ ياتاقنى سۈپۈرۈپ چىقتى، تاختايىنى سۈرتتى، نەرسىلەرنى يۇدى، ئۆزى ئايرىممۇ ئۇنى ـ بۇنى يۇيۇپ چىقتى، كېسەلنىڭ ئاستىغا بىر نېمىلەرنى سېلىپ قېلىنلاتتى. ئۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بەزى نەرسىلەر ياتاقتىن چىقىرىۋېتىلدى، بەزى نەرسىلەر كىرگۈزۈلدى، بىرنەچچە قېتىم ئۆزىنىڭ ياتىقىغا چىقىپ، ئۇچرىغان ئەرلەرگە قاراپمۇ قويماي، كارىۋات كىرلىكى، ياستۇق قاپ، لۆڭگە، كۆڭلەك دېگەندەك نەرسىلەرنى ئېلىپ كىردى.

ئاشخانىدا بىرنەچچە ئىنژېنېرغا تاماق بېرىۋاتقان چاكار كىتى چاقىرغاندا ئاچچىقى كەلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى ئورۇندىماسلىققا ئامال قىلالمىدى، چۈنكى كىتى بۇيرۇقلىرىنى شۇنداق مۇلايىم، تەلەپچانلىق بىلەن بېرەتتىكى،

ئۇنىڭ سۆزىنى قايتۇرۇش زادىلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. كىتىنىڭ بۇ ئىشلىرى لېۋىنغا ياقمىدى. ئۇ ئۇنىڭ بۇ ئىشلىرىنىڭ كېسەل ئۈچۈن پايدىسى بارلىقىغا ئىشەنمەيتتى. ئۇ ھەممىدىن بەكرەك كېسەلنىڭ خاپا بولۇپ كېتىشىدىن قورقاتتى، لېكىن كېسەل بۇ ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسىغا پەرۋا قىلمىدى، خاپىمۇ بولمىدى، پەقەت خىجالەتلا بولدى. ئومۇمەن، كىتىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن قىلىۋاتقان بۇ ئىشلىرى ئۇنىڭغا يېقىملىق بولۇپ تۇيۇلدى. لېۋىن كىتىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە دوختۇر چاقىرىپ كېلىپ، ئىشىكتىن كىرىپلا قالغانلارنىڭ كىتىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە نىكولاي ئاكىسىنىڭ كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ دارىغان يوغان كۆرەك سۆڭىكى، قوۋۇرغىلىرى ۋە ئومۇرتقىلىرى كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاپئاق، كەڭ غولى قىپيالىڭاچ ئىدى. مارىيە نىكولايېۋنا بىلەن چاكار ئىككىسى كۆڭلەكنىڭ يېڭىنى تاپالماي، كېسەلنىڭ ئېسىلىپ تۇرغان جانسىز قوللىرىنى يەڭگە كىرگۈزەلمەي ئاۋارە بولۇپ كېتىۋاتاتتى. لېۋىن كىرگەندىن كېيىن كىتى ئىشىكنى تاقاپ قويۇپ كېسەلگە قارىماي تۇردى، لېكىن كېسەل دەرمانسىزلىنىپ كەتكەندە ئىتتىك ئۇنىڭ يېنىغا ماڭدى.

— چاپسان بولۇڭلار ! — دېدى ئۇ.

— سىز كەلمەڭ، — دېدى كېسەل ئاچچىقى بىلەن، — مەن ئۆزۈم ...

— نېمە دەۋاتىسىز؟ — سورىدى مارىيە نىكولايېۋنا ئۇنىڭدىن.

كىتى ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ئۆزىنىڭ ئالدىدا يالىڭاچ تۇرۇپ قېلىشىدىن ئۇيىلىۋاتقانلىقىنى چۈشەندى.

— مەن قارىمايمەن، قارىمايمەن ! — دېدى كىتى ئۇنىڭ قوللىرىنى كۆڭلەكنىڭ يېڭى ئىچىگە كىرگۈزۈۋېتىپ، — مارىيە نىكولايېۋنا، سىز بۇياقىقا ئۆتۈپ كۆڭلىكىنى ئوڭلاپ قويۇڭ ! — دېدى ئۇ يەنە.

— سىز چىقىپ، مېنىڭ سومكامدا بىر شىشە بار، — دېدى



ئۇ ئېرىنى ئىشقا بۇيرۇپ، — سومكىنىڭ يان خالتىسىدا، شۇنى
ماڭا ئەكىرىپ بېرىڭ، ئاڭغىچە بىز بۇ يەرنى يىغىشتۇرۇپ
بولىمىز.

لېۋىن شېشىنى ئېلىپ كىرگەندە، كېسەلنىڭ كىيىملىرىنى
ئالماشتۇرۇپ چىرايلىق ياتقۇزۇپ قويۇشقان، ئۆينىڭ ئىچى
پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى. كىتى لەۋلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ،
لالەرەڭ مەڭزىلىرىنى كۆپتۈرۈپ تۇرۇپ شېشىنىڭ
تۈرۈپكىسىدىن خۇشبۇي ئەتىرنى پۈركىگەندە، ئۆينىڭ
چىدىغۇسىز يامان ھاۋاسى بىردىنلا ئۆزگىرىپ، بۆلەكچىلا شېرىن
پۇراققا تولدى. ھېچقانداق يەردە چاڭ كۆرۈنمەيتتى. كارىۋاتنىڭ
تېگىگە گىلەم سېلىنغان، ئۈستەل ئۈستىگە دورا قۇتىلىرى بىلەن
چوڭ ئەينەك قۇتا، كىرەكلىك كىيىملەر ۋە كىتىنىڭ كەشتە
تىككىشتە ئىشلىتىدىغان كىرىچى رەتلىك تىزىپ قويۇلغانىدى.
كېسەلنىڭ يېنىدىكى ئىككىنچى ئۈستەلدە ئىچىدىغان سۇ، شام،
پاراشوك دورا دېگەندەكلەر تۇراتتى. چاچلىرى تارالغان، يۈزى
يۇيۇپ قويۇلغان كېسەل ئىنچىكە بوينى ئارانلا كۆرۈنۈپ تۇرغان
ئاپئاق كۆڭلەك كىيىپ، پاكىز كىرلىك ئۈستىدە بېشىنى ئېگىز
قويۇلغان ياستۇقلارغا قويۇپ، ھاياتقا بولغان يېڭى ئۈمىدى بىلەن
كىتىگە قاراپ ياتاتتى.

لېۋىن باشلاپ كەلگەن دوختۇر — بۇ دوختۇرنى ئۇ
كۇلۇبتىن تاپقانىدى — بۇرۇن نىكولاينىڭ كېسىلىنى كۆرگەن،
نىكولاي نارازى بولۇپ يۈرگەن دوختۇر ئەمەس ئىدى. يېڭى
كەلگەن بۇ دوختۇر تىڭشىغۇچ بىلەن كېسەلنىڭ ئۆپكىسى بىلەن
يۈرىكىنى تىڭشاپ كۆرۈپ بېشىنى چايقاپ قويدى، ئاندىن دورا
يېزىپ بەردى، دورىنى ئىچىش ئۇسۇللىرىنى تەپسىلىي
چۈشەندۈردى، يەيدىغان تاماقلىرىنى بېكىتىپ بەردى. تۇخۇمنى
خام ئىچىپ بېرىش ياكى چالا پىشۇرۇپ يېيىش، يېڭى سۈتكە
بۇلاق سۈيىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىپ بېرىشكە مەسلىھەت بەردى.
دوختۇر كەتكەندىن كېيىن نىكولاي ئۇكىسىغا بىر نېمىلەرنى

دېدى. ئۇنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ئىچىدىن ئۇ پەقەت «سېنىڭ كىتىبىڭ» دېگەن گەپنىلا ئاڭلىيالىدى، ئەمما كۆزلىرىدىن ئۇنىڭ كىتىنى ماختاۋاتقانلىقىنى بىلدى. ئۇ كىتىنى لېۋىنغا ئوخشاش «كىتى» دەپ چاقىرىپ كارىۋات يېنىغا كەلتۈردى.

— مەن ئۆزۈمنى ناھايىتى ياخشى سېزىۋاتىمەن، — دېدى ئۇ، — ئەگەر مەن سىلەر بىللە تۇرغان بولسام بۇرۇنلا ساقىيىپ كېتەتتىكەنمەن. بەك ياخشى بولدى، — ئۇ كىتىنىڭ قولىغا سۆيۈپ قويماقچى بولۇپ ئالدىغا تارتىپ بولۇپ، لېكىن يەنە كۆڭلىگە ياقماي قالمىسۇن، دەپ ئويلاپ قېلىپ ئۇ نىيىتىدىن ياندى ۋە قولىنى قويۇۋېتىپ بوش سىلاپ قويدى. كىتى ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ چىڭ سىقىپ قويدى.

— مېنى سول تەرىپىمگە ئۆرۈپ قويۇپ، ئاندىن چىقىپ ئۇخلاڭلار، — دېدى نىكولاي.

ئۇنىڭ ئۇ گېپىنى كىتىدىن باشقا ھېچكىم ئاڭلىمىدى. كىتى ئۇنىڭ نېمىگە ھاجەت ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلىپ تۇرۇۋاتاتچقا نېمە دەۋاتقانلىقىنى دەررۇ بىلگەنىدى.

— ئۇنى سول تەرىپىگە ئۆرۈپ قويايلى، — دېدى كىتى ئېرىگە، — دائىم سول يېقىنىنى بېسىپ ئۇخلايدىكەن، خىزمەتكارلارنى چاقىرىش بىر ئاۋارىچىلىك، ئۇنىڭدىن سەنلا ئۆرۈپ قويغىن. مېنىڭ كۈچۈم يەتمەيدۇ. سىز نىڭچۇ؟ — سورىدى ئۇ مارىيە نىكولايېۋنادىن.

— مېنىڭمۇ كۈچۈم يەتمەسلىكى مۇمكىن، — دېدى مارىيە نىكولايېۋنا جاۋاب بېرىپ.

بۇ قورقۇنچلۇق بەدەننى ئىككى قولى بىلەن قۇچاقلاپ كۆتۈرۈش، كۆرپىگە چاپلىشىپ ياتقان، كۆرمىسەم، تۇتمىسام ئىكەن، دەپ ئويلىغان بەدەننىڭ دۈمبە قىسمىنى تۇتۇش لېۋىنغا قانچىلىك دەھشەتلىك بىلىنسىمۇ، لېكىن خوتۇنىنىڭ بۇيرۇقىنى ئورۇندىماي بولمىغاچقا، بىر خوتۇنغىلا تونۇشلۇق بولغان جىددىي قىياپەتتە ئىككى قولىنى ئاكىسىنىڭ بەدىنىنىڭ

ئاستىغا كىرگۈزۈپ كۆچەپ كۆتۈردى. لېۋىن كۆچلۈك بولسىمۇ، قۇرۇق ئۇستىخان بولۇپ قالغان بۇ تەننىڭ ئېغىرلىقى ئۇنى ھەيران قالدۇردى. لېۋىن گۆشى يوق ئورۇق قوللىرى بىلەن بوينىنى مەھكەم قۇچاقلىۋالغان ئاكىسىنى كۆتۈرۈپ ئۇ تەرىپىگە ئۆرۈپ بولغۇچە، كىتى تېز ھەرىكەت بىلەن ياستۇقنى قولىغا ئېلىپ بىر ـ ئىككىنى ئۇرۇۋېتىپ جايىغا قويۇپ، نىكولاينىڭ بېشىنى ياتقۇزۇپمۇ بولدى، يەنە تېخى چېكىسىگە چاپلىشىپ قالغان چاچلىرىنى قولى بىلەن تاراپمۇ ئۈلگۈردى.

نىكولاي ئۇكىسىنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇۋالدى، لېۋىن ئۇنىڭ بىر ئىش قىلىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىپ ئۇنىڭ ئىختىيارىغا بېرىلدى. دېگەندەك، ئاكىسى ئۇنىڭ قولىنى لەۋلىرىگە يېقىن تارتىپ بىرنى سۆيۈپ قويدى. لېۋىن يىغا تۇتۇپ، يا گەپ قىلالماي، ئىتتىك كەينىگە بۇرۇلۇپ ياتاقتىن چىقىپ كەتتى.

## *19*

لېۋىن شۇ ئاخشىمى خوتۇنى بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، «ئىنجىل» دا دېيىلگەن: «سەن كارامىتىڭنى ئىشىنىڭ يولىنى بىلىدىغان ئەقىللىق ئادەملەردىن پىنھان تۇت، ئەمما نارەسىدىلەر بىلەن ناتىۋانلاردىن ئايىما !»[1] دېگەن سۆزنى ئېسىگە ئېلىپ كىتىگە تەتبىقلاپ باقتى.

لېۋىن «ئىنجىل»دىكى بۇ ھېكمەتلىك سۆزنى ئۆزىنى ئىشىنىڭ يولىنى بىلىدىغان ئەقىللىق ئادەم چاغلاپ ئەسلىمەيۋاتاتتى ھەم ئۆزىنى ئۇنچىلىك ئەقىللىقمەن دەپمۇ ئويلىمايتتى، ئەمما ئۆزىنىڭ خوتۇنى بىلەن ئاگافيەدىن ئەقىللىق ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ پۈتۈن دىققىتىنى يىغىپ تۇرۇپ

---

[1] «ئىنجىل. مەتتەي ئىنجىل» دىكى 11 ـ سۈرە، 250 ـ ئايەت.

ئۆلۈم ئۈستىدە ئويلىنىۋاتقانلىقىغىمۇ ئىشىنەتتى، ئۇلۇغ ئەر مۇتەپەككۇرلارنىڭ (ئۇ ئۇلارنىڭ ئۆلۈم توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى كىتابلاردىن ئوقۇغان) بۇ مەسىلە ئۈستىدە تۇرغۇن كاللا قاتۇرغانلىقلىرىنىمۇ بىلەتتى. لېكىن، ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتە بىلىدىغانلىرى ئۇنىڭ خوتۇنى بىلەن ئاگافيەنىڭ بىلىدىغانلىرىنىڭ بىر پىرسەنتىگىمۇ يەتمەيتتى. گەرچە بۇ ئىككى ئايال بىر ـ بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمىسىمۇ، ئەمما بۇ جەھەتتە ئاجايىپ ئوخشىشاتتى. ھاياتنىڭ نېمىلىكىنى، ئۆلۈمنىڭ نېمىلىكىنى ئىككىلىسى شۈبھىسىز بىلەتتى. گەرچە لېۋىننىڭ ئويلىغانلىرىغا جاۋاب تاپالمىسىمۇ، ھەتتا ئۇنى چۈشەنمىسىمۇ، ئەمما ھايات بىلەن ئۆلۈمنىڭ ئەھمىيىتىدىن قىلچە گۇمانلانمايتتى. بۇ مەسىلىدە يالغۇز ئىككىسىنىڭلا قاراشلىرى بىردەك بولۇپ قالماي، يەنە مىليونلىغان ئادەملەرنىڭ قاراشلىرى بىلەنمۇ بىردەك ئىدى. ئۇلار ئۆلۈمنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ قالغان ئادەملەرنى قانداق كۈتۈش كېرەكلىكىنى دەررۇ بىلىۋالاتتى، ئۇلاردىن قورقۇپمۇ كەتمەيتتى. لېۋىنغا ئوخشاش ئادەملەر ئۆلۈم توغرىسىدا ئاجايىپ پاراگىلارنى قىلىشسىمۇ، لېكىن ئۆلۈمنى قىلچە چۈشەنمەيتتى، چۈنكى ئۇلار ئۆلۈمدىن قورقاتتى، ئۆلۈم ئاغزىدا ياتقان ئادەملەرنى كۆرسە تەمتىرەپ نېمە قىلىشلىرىنى بىلمەيتتى. ئەگەر ئۇ شۇ تۇرقىدا ئۆزى يالغۇز ئاكىسى بىلەن بىللە تۇرغان بولسا، ئۇنىڭغا قورقۇپ قاراپلا قالغان، نېمە بولۇشىنى تېخىمۇ قورقۇنچ ئىچىدە ساقلاپ تۇرغان، ھېچ ئىش قىلالمىغان بولاتتى.

يالغۇز بۇلا ئەمەس، يەنە نېمە دېيىشنى، نەگە قارىشنى، قانداق مېڭىشنى بىلمەيمۇ تۇرغۇن قېنىپ كەتكەن بولاتتى. مۇناسىۋەتسىز گەپلەرنى قىلسا يۈزىگە سەت بولاتتى، ئۆلۈم توغرۇلۇق، يوقىلاڭ ئىشلار توغرۇلۇق گەپ قىلسىمۇ بولمايتتى. جىم ئولتۇرۇۋالسا تېخىمۇ قاملاشمايتتى. «ئەگەر ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇرغان بولسام، ئاكام مېنى كۆزىتىۋاتىسەن دېيىشى، قارىماي

ئولتۇرسام، باشقا ئىشلارنى ئويلاپ ئولتۇرۇۋاتسەن دېيىشى، پۇتۇمنىڭ ئۇچىدا ماڭسام خاپا بولۇپ قېلىشى، گۇس ـ گۇس دەسسەپ مېڭىشتىن ئۆزۈم خىجىل بولۇپ قېلىشىم مۇمكىن ئىدى.» كىتى بولسا ئۆزىنى ئۇنچىلا ئويلاپ كەتمەيتتى، ئويلاشقىمۇ چولىسى يوق ئىدى، پەقەت قېيناكىسىنىلا ئويلايتتى، نېمە قىلىشى كېرەكلىكىنى بىلەتتى، شۇڭا قىلغان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى ئوڭۇشلۇق كېتىۋاتاتتى. ئۇ تېخى ئۆزىنىڭ بەزى ئىشلىرىنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردى، تويى توغرۇلۇق سۆزلىگەندە، ئاكىسى خۇشال بولغاندەك كۈلۈمسىرەپ قويدى. كىتى ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلاتتى، تەسەللى بېرەتتى، باشقىلارنىڭ ئۇنىڭكىگە ئوخشاش كېسەللىرىنىڭ ساقىيىپ كەتكەن مىساللىرىنى سۆزلەپ بېرەتتى. ھەممە ئىشلار جايىدا كېتىۋاتاتتى، ئۇنىڭ ئىشىنىڭ يولىنى بىلىدىغانلىقىدىن شۇنداق بولۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ بىلەن ئاگافيە ئىككىسىنىڭ ئىشلىرى تۇغما سەزگۈدىن بولۇۋاتقان، ھاياتنىڭ بىر قېلىپتىكى ھەرىكىتىگە ئوخشايدىغان ئىدراكسىز ھەرىكەتمۇ ئەمەس ئىدى. چۈنكى، ئۇ ئىككىسى ئۆلۈم ئالدىدا ياتقان كىشىنى جىسمانىي جەھەتتىنلا ئاسراپ ۋە ئازابىنى يەڭگىللىتىپ قالماي، ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىم بولغان كۆڭۈل بۆلۈش، غەمخورلۇق قىلىشنى تەڭ ئويلاپ ماڭاتتى، كېيىنكىسى جىسمانىيەت بىلەن پۈتۈنلەي ئالاقىسىز، روھىيەتكە ياتىدىغان ئىش ئىدى. ئاگافيە ئۆلۈپ كەتكەن بىر بوۋاي توغرۇلۇق گەپ قىلىپ: «خۇداغا شۈكۈر، ئۇ مۇقەددەس تائامدىن ئېغىز تەگدى، بەدىنىگە مۇقەددەس ماي سۈركەلدى. خۇدا ھەر بەندىسىگە ئاشۇنداق ئۆلۈم بەرسۇن» دېگەنىدى. كىتىمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاشلا، كېسەل قېيناكىسىنىڭ كۆڭلىكى، تولا يېتىپ قاپىرىپ كەتكەن دۈمبىسى، ئىچىدىغان سۇلىرىغىچە كۆڭۈل بۆلگەندىن باشقا، بىرىنچى كۈنىلا مۇقەددەس تائامغا ئېغىز تەگكۈزۈش، بەدىنىنى مايلاش توغرۇلۇق نەسىھەت قىلىپ ئۇنى كۆندۈردى.

لېۋىن كەچتە ياتقىغا نېمە قىلىشىنى بىلمەي قالغان ئادەمدەك روھسىز قايتىپ كىردى. كەچلىك تاماق، ئۇخلاش، ئۆزلىرىنىڭ قانداق قىلىشلىرى توغرۇلۇق خوتۇنى بىلەن ئارامخۇدا سۆزلىشەلمەيتتى، سۆزلىشىشنى ئويلىسىلا نومۇس قىلىپ قالاتتى. كىتى دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئادەتتىكىدىنمۇ بەكرەك تېتىكلىشىپ، چاققانلىشىپ كېتىۋاتاتتى: كەچلىك تاماقنى بۇيرۇۋەتتى، يوك ــ تاقلىرىنى يەشتى، خىزمەتكارىنىڭ ئورۇن سېلىشىغا ياردەملەشتى، چۇسا دورىسى سېپىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالمىدى، روھىي تېتىك، كاللىسى ئىنتىك ئىدى، خۇددى ھەل قىلغۇچ جەڭ ئالدىدا، مۇھىم پەيتلەردە ئەرلىك جاسارىتىنى كۆرسىتىدىغان، ئۆمرىنى بىھۇدە ئۆتكۈزمەي مۇشۇنداق جەڭلەرگە ھەرقاچان تەييار تۇرغان ئەركەكلەرگە ئوخشايتتى.

كىتى قانداقلا ئىشنى قولىغا ئالسا شۇ ئىشنى كۆڭۈلدىكىدەك پۈتتۈرەتتى. سائەت ئون ئىككى بولمايلا ھەممە ئىشلارنى جاي ــ جايىدا ئورۇنلاشتۇرۇپ، مېھمانخانا خۇددى ئۆزىنىڭ ئۆيىدەك، ئورۇن سالدى، چىش چوتكىلىرىنى، تارغاقلارنى، ئەينەكلەرنى جاي ــ جايىغا رەتلىك تىزىۋەتتى، ئۈستەلگە داستىخانمۇ سېلىپ قويدى.

لېۋىن خۇددى ھازىر تاماق يېسە، ئۇخلىسا، ھەتتا گەپ قىلىشىمۇ بولمايدىغاندەك، ھەربىر ھەرىكەت، ھەربىر سۆزى ئەدەپكە توغرا كەلمەيۋاتقاندەك، ئۆزىنى ئىنتايىن ئېغىر سېزىپ يۈرۈۋاتاتتى. كىتى ئۇنداق ئەمەس ئىدى، چوتكا، ئەينەك، تارغاقلىرىنى جاي ــ جايىغا قويۇۋاتقان ھەرىكەتلىرىنى باشقىلارغا باشقىچە تەسىر بېرىپ قالامدىكىن، دەپ قىلچە ئويلىمايتتى.

شۇنداقتىمۇ، ئۇلارنىڭ گېلىدىن تاماق ئۆتمىدى، ناھايىتى كەچ ياتتى، يېتىپمۇ ئۇزاققىچە ئۇخلىيالمىدى.

— ئۇياقنى ئەتە بەدىنىگە مۇقەددەس مايدىن سۈرتۈشكە كۆندۈرگىنىمگە شۇنداق خۇشال بولدۇم، — دېدى كىتى قىسقا ئىچ كىيىمى بىلەن قاتلىما ئەينەك ئالدىدا ئولتۇرۇپ خوش پۇراق

چېچىنى قېلىن تارغاق بىلەن تاراۋېتىپ، — ئۇ كۆرۈنۈشنى مەن پەقەتلا كۆرۈپ باقمىغان، ئەمما ئاپامدىن، بىر خىل ئايەت بار، ئۇنى ئوقۇسا ئاغرىق ئادەمنىڭ سالامەتلىكى ياخشىلىنىدۇ، دەپ ئاڭلىغانمەن.

— سەن راستىنلا ئۇنىڭ سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كېلىدۇ، دەپ ئويلامسەن؟ — دېدى لېۋىن كىتىنىڭ دۈگىلەك بېشىنىڭ كەينىدىكى بىر تۇتام چېچىنى تىنماي تارغاق بىلەن تاراۋاتقىنىغا قاراپ ئولتۇرۇپ.

— مەن دوختۇردىن سورىدىم، دوختۇر ئۇنى ئاران ئۈچ كۈنگىچە ئۆمۈر كۆرەلەيدۇ، دېدى. دوختۇر نېمىنى بىلىدۇ؟ قانداقلا بولسۇن، ئاكىڭىزنى مۇقەددەس مايىنى سۈرتۈشكە قايىل قىلغىنىمدىن خۇشالمەن، — دېدى كىتى ئالدىغا چۈشۈپ تۇرغان چاچلىرىنىڭ ئارىلىرىدىن لېۋىنغا قاراپ تۇرۇپ، — ھەرقانداق ئىشقا بىرنېمە دېمەك قىيىن، — دەپ قوشۇپ قويدى ئۇ دىن توغرۇلۇق گەپ قىلغاندا چاقچاق ئارىلاشتۇرۇپ گەپ قىلىدىغان ئادىتى بويىچە كۈلۈپ قويۇپ.

ئۇ ئىككىسى توي قىلىشقا پۈتۈشكەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە دىن توغرۇلۇق گەپ قىلىشقان، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ھەقتە ھېچنېمە دېيىشمىگەنىدى، ئەمما كىتى ئوخشاشلا چېركاۋغا بېرىپ ئىبادەت قىلىپ ھەم بۇ ئىشنى باشتىن ـ ئاخىر زۆرۈر دەپ كېلىۋاتاتتى. بەزىدە لېۋىن ئەكسىچە گەپلەرنى قىلىپ قويسا، كېرەك يوق، ئەمەلىيەتتە ئۇ مەندىنمۇ ئۆتە خرىستىئان، ئاغزىدا شۇنداق دېگىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭدا ئۇنداق نەرسە يوق، پۈتۈنلەي دېگۈدەك غەلىتە ھەم كۈلكىلىك مىجەزىدىن كېلىۋاتقان ئىش، خۇددى مېنى باشقىلار كەشتە تىكسە تۆشۈكىنى تورلاپ ئېتىدىكەن، سەن تۆشۈك چىقىرىپ قويىدىكەنسەن، دېگەندەك، دەپ ئۆزىنى ئۆزى بەزلەپ قوياتتى.

— ئاۋۇ خوتۇن، مارىيە نىكولايېۋنا ئۇنداق ئىشلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى بىلمەيدىكەنە، — دېدى لېۋىن، — سېنىڭ

مەن بىللە كەلگىنىڭدىن تولىمۇ خۇشال بولدۇم، بۇنىڭغا ئىقرارمەن، ئاجايىپ خۇشال بولدۇم. سەن شۇنچىلىك پاك ... — لېۋىن ئۇنىڭ قولىنى تۇتتى، ئەمما سۆيمىدى (ئۇ ئاكىسى جان قايغۇسىدا ياتقاندا خوتۇنىنى سۆيۈشنى ياخشى ئىش ئەمەس، دەپ ئويلىغانىدى)، ئەيىبلىك ئادەمدەك ئۇنىڭ چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇردى.

— ئەگەر يالغۇز كەلگەن بولساڭ بەك قىينىلاتتىڭكەن، — دېدى كىتتى خۇشاللىقتىن قىزىرىپ كەتكەن مەڭزىلىرىنى توسۇپ، ئېگىز كۆتۈرۈلگەن قوللىرى بىلەن چېچىنى كەينىگە تۇرۇپ ئىلگەك بىلەن ئىلىپ تۇرۇپ، — بولمىسا، — دېدى ئۇ يەنە گەپ قىلىپ، — مارىيە نېمە قىلىشنى بىلمەي تەمتىرەپ قالاتتىكەن ... ھېلىمۇ ياخشى مەن سودېندا كۆپ ئىشلارنى ئۆگىنىپ قويۇپتىكەنمەن.

— چەت ئەلدىكى ئۇ ئارىشاڭدىمۇ مۇشۇنداق كېسەللەر بارمىدى؟

— بۇنىڭدىنمۇ ئېغىرلىرى بار ئىدى.

— ئۇنىڭ ياش ۋاقتىدىكى قىياپىتىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈش مېنى ھەممىدىن بەك بىئارام قىلىدۇ ... دېسەم ئىشەنمەسلىكىڭ مۇمكىن، ياش ۋاقتىدا ئۇ ئاجايىپ كېلىشكەن يىگىت ئىدى، ئۇ چاغلاردا مەن ئۇنى تازا چۈشەنمەپتىكەنمەن.

— پۈتۈنلەي ئىشىنىمەن. بىز ئاكىڭىز بىلەن بىللە تۇرغان بولساق چوقۇم ئىناق ئۆتەتتۇق، — ئۇ بۇ گەپنى قىلىپ بولۇپ، ئۆزىنىڭ گېپىدىن ئۆزى قورققاندەك ئىتتىك ئېرىگە قاراپ قويدى، كۆزلىرىگە ياش كەلدى.

— ھەئە، چوقۇم شۇنداق بولاتتى، — دېدى لېۋىن غەمكىن بىر قىياپەتتە، — ھەي، بەزىدە ئادەمنىڭ ئۇنى بۇ دۇنياغا ئوشۇقچە يارىلىپ قالغان ئادەم، دېگۈسىمۇ كېلىپ قالىدۇ.

— ئالدىمىزدا كۈنلەر ئۇزاق تېخى، ئەمدى يېتىپ ئۇخلايلىچۇ، — دېدى كىتتى ئۆزىنىڭ كىچىككىنە سائىتىگە قاراپ قويۇپ.

# 20

## ئۆلۈم

ئەتىسى كېسەلگە مۇقەددەس غىزا بېرىلدى، تېنىگە مۇقەددەس ماي سۈركەلدى. بۇ مۇراسىملار بولۇۋاتقاندا نىكولاي قىزغىن ئىبادەت قىلىپ تۇردى. ئۇنىڭ گۈللۈك داستىخان يېپىلغان ئۈستەل ئۈستىدىكى ئەيسانىڭ ھەيكىلىگە تىكىلگەن كۆزلىرىدە قىزغىن يېلىنىش ۋە ئۈمىد پارلاپ تۇراتتى. لېۋىن ئاكىسىغا قاراپ ئىچى سىيرىلىپ باشقا ياققا قارىۋالدى. ئۇ خىل يېلىنىش ۋە ئۈمىدنىڭ ئاكىسىنىڭ ھاياتتىن جۇدا بولۇش دەردىنى كۆچەيتىۋېتىدىغانلىقىنى لېۋىن ئوبدان بىلەتتى، چۈنكى ئاكىسى ھاياتنى شۇنچىلىك سۆيەتتى. لېۋىن ئاكىسىنى چۈشىنەتتى، ئوي - پىكىرلىرىنى بىلەتتى. ئۇنىڭ دىنسىزلىقى دىنسىز ياشاشنىڭ ئوڭايلىقىدىن ئەمەس، بەلكى پەننىڭ تەبىئەت ھادىسىلىرىگە بولغان چۈشەندۈرۈشلىرىنىڭ ئۇنىڭ دىنغا بولغان ئېتىقادىنى ئاستا - ئاستا كۆڭلىدىن سىقىپ چىقىرىۋەتكەنلىكىدىن ئىدى، شۇڭا ئاكىسىنىڭ يەنە دىنغا ئىشىنىدىغان بولۇپ قېلىۋاتقىنى نورمال ئەھۋال ئەمەس، ئەكسىچە ئۆزىنىڭ ساقىيىپ كېتىشىگە بولغان ۋاقىتلىق ئەسەبىي ئۈمىدىدىن بولۇۋاتقانلىقى لېۋىنگە ئېنىق ئىدى. كىتىنىڭ بۇنداق كېسەللەرنىڭ ساقىيىپ كېتىۋاتقىنى توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرگەنلىرىمۇ ئۇنىڭدا يېڭى ئۈمىدلەرنى پەيدا قىلىپ تۇرۇۋاتاتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى لېۋىن بىلىپ تۇراتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئۈمىدكە تولغان، يېلىنىپ قارىغان كۆزلىرىنى، كەيپىياتى جىددىي ھالدا پېشانىسىگە، ئىككى مۈرىسىگە كىرىپ سىزىۋاتقان ئۈستىخىنى كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاجىز قولىنى، داردىيىپ تۇرغان

ئىككى مۇرىسىنى، كېسەل يېلىنىپ سوراۋاتقان ھاياتنى ئەمدى سىغدۇرۇپ كەتكىلى بولمايدىغان ئىچى بوش خىرىلداپ قالغان كۆكرىكىنى كۆرۈپ، لىيۇنىنىڭ يۈرىكى پارە ـ پارە بولۇپ كېتىۋاتاتتى. مۇقەددەس مۇراسىم داۋاملىشىۋاتقاندا، لىيۇنىمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ئىبادەت قىلىپ، ئۆزى دەھرىي بولسىمۇ كۇرمىڭ قېتىم قىلغانلىرىنى بۈگۈن يەنە تەكرارلىدى، خۇداغا مۇراجىئەت قىلىپ: «يارەببىم، ئەگەر سەن راستتىنلا مەۋجۇت بولساڭ، مۇشۇ ئادەمنىڭ ساقىيىپ كېتىشىگە سەۋەب قىلغايسەن (بۇ دۇئا نەچچە ـ نەچچە قېتىم تەكرارلانغان)، ئۇنى قۇتۇلدۇرۇپ قالالىساڭ، مېنىمۇ قۇتۇلدۇرغان بولاتتىڭ !» دېدى.

مۇقەددەس ماي سۈرتۈلۈپ بولغاندىن كېيىن كېسەل خېلى ياخشى بولۇپ قالغاندەك قىلدى، بىر سائەت ئىچىدە بىر قېتىممۇ يۆتەلمەي باقمىدى، كىتتىنىڭ قوللىرىغا كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ، رەھمەت ئېيتقاندەك سۆيۈپ قويدى. ياخشى بولۇپ قېلىۋاتىمەن، ھېچ يېرىم ئاغرىمايۋاتىدۇ، ئىشتىھايىممۇ ياخشى، ماغدۇرۇمغا كېلىپ قالغاندەكمۇ قىلىۋاتىمەن، دېدى. شورپا ئېلىپ كەلگەندە، ئۆرە ئولتۇرۇپ كىچىك بىر پارچە گۆش يېدى. ئۇنىڭ تۇزۇلۇپ كېتىشىدىن ئۈمىد بولمىسىمۇ، بىر قاراپلا ئەمدى بولالمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇۋاتسىمۇ، لېۋىن بىلەن كىتتىنىڭ كۆڭلى خېلىلا ئېچىلىپ قالدى، شۇنداقتىمۇ ئۈمىدلىرىنىڭ يوقىلىپ قېلىشىدىن قورقۇپ تۇرۇشۇۋاتاتتى.

— خېلى ياخشى بولۇپ قېلىۋاتامسەن؟

— شۇنداق، ئوبدانلا بولۇپ قېلىۋاتىمەن.

— ئاجايىپ ئىش ـ ھە !

— بۇ ھەيران قالىدىغانمۇ ئىش ئەمەس.

— ئاخىر خېلى ياخشى بولۇپ قالدىم دېيىشەتتى ئۇلار بىر ـ بىرىگە شىۋىرلىشىپ ۋە كۈلۈشۈپ.

بۇ شېرىن خىيال ۋە ئارزۇلار ئۇزاققا بارمىدى. كېسەل تىنىچ يېتىپ ئۇخلاپ قالدى. يېرىم سائەتتىن كېيىن تۇيۇقسىز كەلگەن

يۆتەلدىن ئويغىنىپ كېتىپ، ئۆزىنىڭمۇ، ئەتراپىدا تۇرغانلارنىڭمۇ ئۇمىدلىرى تۇزغاقتەك تۇزۇپ كەتتى. ئازابلىق رېئاللىق لېۋىن بىلەن كىتىنىڭ ۋە نىكولاي ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئۇمىدلىرى، ھەتتا تېخى ھېلىلا كۆتكەن ئۇمىدلىرىنىڭ پۈتۈنلەي يوققا چىققانلىقىنى ئېنىق ئىسپاتلاپ قويۇۋاتاتتى.

ئۇ يېرىم سائەتنىڭ ئالدىدا ئىشەنگەن ئىشقا ئەمدى ئىشىنەلمەيتتى، ئۇنى ئويلاشتىنمۇ نومۇس قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاغزىغا ئۇ يەر - بۇ يېرىدە تۆشۈكى بار قەغەز تىقىپ قويۇلغان يود شىېشىسىنى سورىدى، لېۋىن شىېشىنى ئېلىپ بېرىۋاتقاندا، ئۇنىڭ مۇقەددەس غىزاغا ئېغىز تەگكەن چاغدىكى ئۇمىدكە تولغان كۆزلىرى دوختۇرنىڭ يودنى پۈراپ بەرسە پايدىسى بولىدۇ، دېگەن گېپىنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلاتقۇزماقچى بولۇۋاتقاندەك، ئىنىسىغا تىكىلىپ قالدى.

— كىتى يوقمۇ نېمە؟ — دېدى كېسەل ئۆپچۆرىسىگە قاراپ قويۇپ خىرىلدىغان ئاۋازدا. لېۋىن دوختۇرنىڭ راست شۇنداق دېگەنلىكىنى زورۇقۇپراق تەستىقلىدى، — ئۇ يوق بولسا ئېيتاي ... بۇ ئويۇننى مەن كىتى ئۈچۈنلا ئوينىدىم. ئۇ شۇنچىلىك ئوماق قىز ئىكەن، لېكىن ئەمدى بىزلا ئۆزىمىزنى ئالداۋەرسەك بولمايدۇ. مەن بۇ ئىشنىڭ مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن، — ئۇ شۇنداق دەپ بولۇپ، قورايدەك بولۇپ قالغان قوللىرى بىلەن شىېشىنى بۇرنىغا يېقىن ئېلىپ بېرىپ يودنى پۈرىدى.

كەچ سائەت يەتتىدىن ئاشقاندا لېۋىن ئەر - خوتۇن ئىككىسى ياتىقىدا چاي ئىچىپ ئولتۇراتتى، مارىيە نىكولايېۋنا ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ ئۇلارنىڭ يېنىغا كىرىپ كەلدى، چىرايى تاتىرىپ كەتكەن، لەۋلىرى تىترەپ توختىمايتتى.

— ئۇ سەكراتقا چۈشۈپ قالدى، — دېدى ئۇ بوش گەپ قىلىپ، — ئۇنى ھازىرلا ئۆلۈپ قالامدىكىن، دەپ بەك قورقۇپ كەتتىم.

ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى يۈگۈرۈپ كىرىپ كېسەلنىڭ قېشىغا كىردى. نىكولاي ئۆزۈن، ئۇرۇق بىر قولى بىلەن كارىۋاتنى تىرەپ قالغان، ئۆزۈن گەۋدىسى ئالدىغا ئېگىلىپ، بېشى ساڭگىلاپ قالغان ھالەتتە تۇراتتى.

— ئۆزۈڭنى قانداق سېزىۋاتىسەن؟ — دەپ سورىدى لېۋىن بىرپەس جىمجىت تۇرۇۋالغاندىن كېيىن پەس ئاۋازدا.

— ئۇ دۇنياغا كېتىدىغاندەك تۇرىمەن، — دېدى نىكولاي ناھايىتى تەستە گەپ قىلىپ، ئەمما گەپلىرى ناھايىتى ئېنىق ئىدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرمەي، كۆزلىرىنى ئاستا ئۈستىگە كۆتۈرۈپ، لېۋىنغا قارىماي تۇرۇپ، — كىتى، سەن چىقىپ تۇرغىن، — دېدى.

لېۋىن ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ، خوتۇنىنى چىقىپ كېتىشكە بوش ئاۋازدا بۇيرۇدى.

— مەن ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدۇم، — دېدى ئۇ يەنە.

— نېمىشقا ئۇنداق ئويلايسەن؟ — دېدى لېۋىن قىلىدىغان باشقا گەپ تاپالماي.

— چۈنكى، مەن ئۇ دۇنياغا كېتىۋاتىمەن، — دېدى ئۇ خۇددى ئۇ گەپ ئۆزىگە يېقىپ قالغاندەك يەنە تەكرارلاپ، — تۈگەشتىم.

مارىيە نىكولايېۋنا ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ياتسىڭىز ياخشىراق بولاتتىمىكىن، — دېدى ئۇ.

— مانا ھازىرلا جىمجىت ياتىمەن، — دېدى ئۇ، — ئۆلۈپ كېتىمەن، — دەپ قوشۇپ قويدى مەسخىرە ھەم ئاچچىق بىلەن، — بوپتۇ، مېنى ياتقۇزغۇڭلار كەلگەن بولسا، يۆلەپ ياتقۇزۇپ قويۇڭلار.

لېۋىن ئاكىسىنى يۆلەپ ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇپ قويۇپ، يېنىدا دېمىنى چىقارماي چىرايىغا قاراپ ئولتۇردى. سەكراتتا ياتقان ئاكىسى كۆزلىرىنى يۇمۇپ جىمجىت ياتاتتى، خۇددى جىددىي بىر ئويغا بېرىلگەن ئادەمدەك، ماڭلىيىنىڭ تېرىسى تۈرۈپ ـ تۈرۈپ لىپىلداپ قوياتتى. لېۋىن ئىختىيارسىز ھالدا ئاكىسىنى شۇ

تۇرقىدا نىمە ئويلاۋاتقاندۇ، دەپ ئويلاپ قالدى. لېكىن، ئۇ ئۇنىڭ ئويلاۋاتقان نىمىسىنىڭ نىمە ئىكەنلىكىگە قانچىلىك كاللا قاتۇرسۇن، كۆرۈپ تۇرغىنى پەقەت جىمجىت ۋە جىددىي چىراي، ماڭلىيىنىڭ توختىماي لىپىلداپ تۇرۇشلىرىلا ئىدى. ئىچىدىكىسى ئۇنىڭغا قاراڭغۇ، جان تالىشىۋاتقان ئادەمگە بارغانسېرى روشەنلىشىپ تۇرۇۋاتقان نەرسە ئىدى، خالاس.

— ھەئە، ھەئە، دەل شۇنداق، — دېدى ئۆلۈم ئالدىدا ياتقان ئادەم ئاستا، دانە ـ دانە سۆزلەپ، — توختاڭلار، — ئۇ يەنە جىمىپ كەتتى، — شۇنداق بولسۇن، — ئۇ بىردىنلا خۇددى ھەممە ئىشلىرى ئاخىرلاشقاندەك خاتىرجەم ئاۋازدا سوزۇپ سۆزلەپ، — يا رەببىم، — دېدى بوشقىنا، ئاخىرىدا ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويدى.

مارىيە نىكولايېۋنا ئۇنىڭ پۇتىنى تۇتۇپ كۆردى.

— سوۋۇپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ شىۋىرلاپ.

لېۋىنغا كېسەل قىمىر قىلماي ئۇزاق، ناھايىتى ئۇزاق يېتىپ كېتىۋاتقاندەك بىلىندى. لېكىن، ئۇ ھايات ئىدى، ئارىلاپ چوڭقۇر تىنىپ قوياتتى. لېۋىننىڭ نېرۋىلىرى جىددىيلىشىپ چارچىغاندەك بولدى، شۇنچە كۆپ ئويلىنىپمۇ ئاكىسىنىڭ «شۇنداق بولسۇن» دېگەن گېپىنىڭ تېگىگە يېتەلمىدى، ئۆزىنى خۇددى جان ئۈزۈۋاتقان ئادەمدىن خېلى خوپ كەينىدە قالغاندەك ئويلاپ قالدى. ئۇ ئەمدى ئۆلۈم توغرىسىدا ئويلىمايتتى، خىيالى ئىختىيارسىز ئۆزىنىڭ ئەمدى نىمىلەرنى قىلىشى كېرەكلىكىگە، يەنى مۇردىنىڭ كۆزلىرىنى يۇمدۇرۇش، كىيىندۈرۈش، مېيىت ساندۇقى بۇيرۇتۇش دېگەندەكلەرگە كېتىۋاتاتتى. قىزىق ئىش، ئۇنىڭدا ئەمدى جىددىيلىشىش، ئازابلىنىش، قايغۇ دېگەنلەر يوق ئىدى، ئۆزىدە ئىچىنىشنىمۇ سەزمەيتتى، ئىنتايىن سالماق ئىدى. ئۇنىڭدا بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن بىر تەسىرات بار دېيىلسە، بۇ تەسىرات ئۇ چۈشەنمىگەن نەرسىنى ئۇ دۇنياغا كېتىۋاتقان بۇ ئادەمنىڭ چۈشەنگىنىگە ھەۋەس قىلىشلا ئىدى.

ئۇ ئۆلۈم ئالدىدىكى بۇ ئادەمنىڭ يېنىدا ئۇنىڭ قاچان جان تەسلىم قىلىدىغانلىقىنى ساقلاپ يەنە ئۇزاق ئولتۇردى، لېكىن جان تەسلىم قىلىش بولمىدى. بىر چاغدا ئىشىك ئېچىلىپ كىتى كىرىپ كەلدى. لېۋىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنى توسۇماقچى بولۇۋىدى، شۇ ئارىلىقتا جان ئۈزۈش ئالدىدا ياتقان ئادەمنىڭ مىدىرلىغاندەك قىلغىنى قۇلىقىغا كىرىپ قالدى.

— چىقىپ كەتمە! — دېدى نىكولاي قولىنى سوزۇپ. لېۋىن دەررۇ بىر قولىنى ئاكى‍ ـغا بېرىپ، يەنە بىر قولى بىلەن خوتۇنىغا ئاچچىقى بىلەن چىقىپ كەت، دەپ شەرەت قىلدى.

ئۇ ئاكىسىنىڭ قولىنى تۇتۇپ يەنە يېرىم سائەتچە ئولتۇردى ... بىر سائەتمۇ بولدى، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر سائەت ئۆتتى. ئاكىسى جان ئۈزىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. لېۋىن كىتىنى نېمە قىلىۋاتقاندۇ، ياندىكى ئۆيدە كىم ياتىدىغاندۇ، دوختۇر ئۆزىنىڭ ياتىقىدا يېتىۋاتقاندىمۇ، دېگەنلەرنى ئويلاپ ئولتۇراتتى. بىر چاغدا قورسىقى ئېچىپ، ئۇيقۇسى كېلىپ، قولىنى ئاكىسىنىڭ قولىدىن ئاستا تارتىۋېلىپ، ئاندىن ئۇنىڭ پۇتىنى تۇتۇپ باقتى، پۇتى مۇزلاپ كەتكەنىدى، ئەمما نەپىسى تېخىچە بار ئىدى. لېۋىن پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ يەنە ئىشىككە قاراپ ماڭغۇۋىدى، ئاكىسى يەنە مىدىرلاپ:

— چىقىپ كەتمە! — دېدى.

تاڭمۇ ئاتتى، كېسەلدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش يوق ئىدى. لېۋىن قولىنى ئاستا تارتىۋېلىپ، ئاكىسىنىڭ چىرايىغا قارىماي ياتاقتىن چىقىپ ياتىقىغا كىرىپ ئۇخلىدى. ئويغىنىپ، پەرىزىدىكى ئاكىسىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلايمەنمىكىن دەپ ئويلىۋىدى، ئەكسىچە ئۇنىڭغا ئۇنىڭ يەنە بۇرۇنقى ھالىتىگە كېلىپ قالغانلىقىنى خەۋەر قىلىشتى، ئۇ يەنە ئورنىدىن قوپۇپ ئولتۇرغان، تاماق يېگەن، گەپ قىلغان، ئۆلۈمنىڭ گېپىنى قىلمايدىغان بولۇپ قالغان، سالامەتلىكىم ئەسلىگە كېلىپ قېلىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ، تېخىمۇ بەتتەر ئاچچىقى يامان، تېخىمۇ

تېرىككەك بولۇپ كەتكەندى. كىتتىمۇ، ئىنىسىمۇ ئۇنى تىنچلاندۇرالمايۋاتاتتى، ھەممىلا ئادەمگە خاپا بولاتتى، ھەممىلا ئادەمگە توڭلۇق قىلاتتى، ئۆزىنىڭ تارتىۋاتقان ئازابىنىڭ ئۆچىنى باشقىلاردىن ئالاتتى، موسكۋادىن داڭلىق دوختۇر چاقىرىپ كېلىش، دەپ بۇيرۇقلارنى بېرەتتى، باشقىلار ئەھۋالىنى سورىسا، ھەممىسىدىن ئاغرىنىپ:

— قاتتىق ئازابلىنىۋاتىمەن، بۇ ئازابقا چىدىماي قېلىۋاتىمەن! — دەپ جاۋاب بېرەتتى.

كېسەلنىڭ ئازابى بارغانسېرى ئېغىرلىشىۋاتاتتى، بولۇپمۇ داۋالاش مۇمكىن بولمايۋاتقان يوتقان يارىسى ئۇنى بەك قىيناپ كېتىۋاتاتتى. ئەتراپىدىكى ئادەملەرگە بولغان خاپىلىقى تېخىمۇ بەكرەك ئەدەپ كېتىۋاتاتتى، ھېچ گەپتىن ھېچ گەپ يوق ئۇلارنى ئەيىبلەيتتى، بولۇپمۇ موسكۋادىن داڭلىق دوختۇر چاقىرىپ كېلىشمىگىنى ئۈچۈن ئۇلارنى تېخىمۇ تىل ئاستىغا ئالاتتى. كىتتى بار ئامالى بىلەن ئۇنىڭغا غەمخورلۇق قىلاتتى، تەسەللى بېرەتتى، لېكىن بۇ تىرىشچانلىقلىرىنىڭ ھەممىسى بىكار بولۇپ كېتىۋاتاتتى. لېۋىن كىتتىنىڭ ئۆزى ئىقرار قىلمىسىمۇ، روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتە چارچاپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇۋاتاتتى. ئاشۇ كۈنى كەچتە نىكولاي ئىنىسىنى چاقىرىۋېلىپ ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىدىغان ۋاقتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى دېگەندە، ھەممەيلەن ئۇنى ئەمدى ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدى دەپ ئويلاشقان، ئۇنىڭغا ئېچىنىشقانىدى، ئەمدى ئۇ ھېسسىياتلىرى كۆككە سورۇلۇپ، بەربىر ئۆلىدۇ، ھازىرمۇ يېرىم ئۆلۈپ بولدى، ئۇنداق بولغاندىكىن تېزرەك ئۆلۈپ كەتسە بولمامدىغاندۇ دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى تىلەيدىغان بولدى. شۇنداقتىمۇ، بۇ تىلەكلىرىنى ئىچىدە بىلىشىپ، ئۇنىڭغا دورا ئىچكۈزۈشەتتى، دوختۇر ئىزدىشەتتى ۋە شۇ ئىشلار بىلەن ئۇنىمۇ، ئۆزلىرىنىمۇ ھەم بىر - بىرىنىمۇ ئالدىشاتتى. بۇنىڭ ھەممىسى ساختىلىق، ئىنسانىي خىسلەتلىرىگە قىلىنىۋاتقان

هاقارەت، كۆڭۈلنى تەھقىر قىلىدىغان يىرگىنەرلىك كۆز بوياماچىلىق ئىدى. لېۋىن تۇغما خۇسۇسىيىتى، ئۆلۈم ئاغزىدا ياتقان ئاكىسىغا بولغان قىزغىن مۇھەببىتى بىلەن بۇ ساختىلىقلارنى ھەممىدىن بەك كۆچلۈك ھېس قىلىپ تۇرۇۋاتاتتى.

لېۋىن ئىككى ئاكىسىنى ياخشىلاشتۇرۇپ قويۇشنى بۇرۇندىن ئويلاپ يۈرۈۋاتاتتى، نىكولاي ئۆلۈپ كېتىشتىن بۇرۇن بولسىمۇ شۇ نىيىتىگە يېتىش ئۈچۈن چوڭ ئاكىسى كوزنىشېفقا خەت يېزىۋىدى، كوزنىشېف ئۇنىڭغا تېز جاۋاب ياندۇردى. لېۋىن نىكولايغا ئاكىسىنىڭ يازغان خېتىنى ئوقۇپ بەردى. كوزنىشېف خېتىدە ئۆزىنىڭ بارالمايدىغانلىقىنى، ئىنىسىنىڭ ئۆزىنى كەچۈرۈۋېتىشىنى تەسىرلىك گەپلەر بىلەن ئۆتۈنگەنىدى.

نىكولاي بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى.

— مەن ئۇنىڭغا نېمە دەپ جاۋاب يېزىشىم كېرەك، — دەپ سورىدى لېۋىن ئۇنىڭدىن، — ئۇنىڭدىن رەنجىمەيدىغانسەن؟

— ياق، ئازراقمۇ رەنجىمەيمەن، — دېدى نىكولاي ئۇنىڭ بۇ سوئالىغا ئاچچىقى بىلەن جاۋاب بېرىپ، — ئۇنىڭغا خەت ياز، ماڭا بىر دوختۇر ئەۋەتسۇن.

ئازابلىق كۈنلەردىن يەنە ئۈچ كۈن ئۆتتى، كېسەلنىڭ ئەھۋالى بىر خىل ئىدى. ئەمدى ئۇنى كۆرگەنلەرنىڭ — مېھمانخانىنىڭ خىزمەتچىسى بولامدۇ، خوجايىنى بولامدۇ، مېھمانلار بولامدۇ، دوختۇر بولامدۇ، مارىيە نىكولايېۋنا بولامدۇ، لېۋىن بولامدۇ، كىتى بولامدۇ، ھەممىسىلا بالدۇرراق ئۆلۈپ كەتكىنى ياخشى ئىدى، دەپ ئويلايدىغان بولدى. پەقەت كېسەلنىڭ ئۆزىدىلا بۇنداق خىيال يوق ئىدى، ئەكسىچە ئۆزىگە دوختۇر چاقىرىپ بېرىشمىگىنى ئۈچۈن خاپا بولاتتى ۋە توختىماي دورا ئىچىپ تۇراتتى، ھايات ياشاش ھەققىدە سۆزلەيتتى. ئەپيۇنىنىڭ كۈچى بىلەن ئاغرىق ۋاقىتلىق قويۇپ بەرگەن چاغلاردا چالا ئۇيقۇدا يېتىپ تۇرۇپ: «ئۇھ، چاپسانراق كەتسەمىدىم»، «بۇ ئازابلار

قاچانمۇ تۇگەر» دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ، كۆڭلىدە ئويلاۋاتقىنىنى دەپ سالاتتى.
بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان ئازابنىڭ دەردى بىلەن ئۇ ئەمدى ئۆلۈمگە تەييارلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى. قانداقلا ھالەتتە ياتسۇن، ئاراملىق يوق ئىدى، بىر مىنۇتمۇ ئاغرىقسىز ياتالمايتتى، بەدىنىنىڭ ئاغرىمايدىغان، ئاغرىق سەزمەيدىغان، ئۇنى ئازابلىمايدىغان بىرمۇ يېرى يوق ئىدى، ھەتتا ئۆزىنىڭ بەدىنىنىڭ ھەممە ئەزالىرىغا بولغان ئەسلەشلىرى، تەسىراتلىرى، ئوي ـ پىكىرلىرىمۇ ئۇنىڭدا شۇ بەدەنگە قارىتا يىرگىنىش قوزغاپ تۇراتتى. باشقىلارنىڭ قىياپەتلىرى، گەپ ـ سۆزلىرى، ئۆزىنىڭ ئەسلىمىلىرى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئازاب ئىدى. ئەتراپىدىكىلەر ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى چۈشىنىپ تۇرۇشاتتى، ئۇنىڭ ئالدىدا ئىختىيارىي ھەرىكەت قىلغىلى، گەپ ـ سۆز قىلغىلى، ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرىنى سۆزلىگىلى بولمايدىغانلىقىنى ئاستا ـ ئاستا چۈشىنىپمۇ قېلىشىۋاتاتتى. ئەمدى ئۇنىڭ پۈتكۈل ھاياتىدا ئازاب ۋە شۇ ئازابتىن قۇتۇلۇش ئارزۇسىلا قېلىپ قالغانىدى.
ھازىر ئۇنىڭدا ئۆلۈمنى ئۆز خاھىشىنى قاندۇرىدىغان بەخت دەپ قاراشقا مەجبۇر قىلىۋاتقان بىر ئۆزگىرىش يۈز بېرىۋاتقاندەك ئىدى. بۇرۇن ئازاب ياكى موھتاجلىق كەلتۈرگەن ھەر خىل ئارزۇلار، مەسىلەن، ئاچلىق، چارچاش، ئۇسساش دېگەنلەر ۋاقتى ـ ۋاقتىدا قاندۇرۇلۇپ تەنگە راھەت بېرەتتى، ھازىرچۇ؟ ھازىر تارتىۋاتقان ئازابى بىلەن موھتاجلىقى قاندۇرۇلۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئۇلار ئۇنىڭغا يېڭى ئازابلارنى ئېلىپ كېلىۋاتاتتى. ئەمدى شۇ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنىڭ ھەممىسى يىغىلىپ، بىرلا نەرسىدىن، يەنى شۇ ئازابلار ۋە ئۇلارنىڭ مەنبەسى بولغان تەندىن قۇتۇلۇشقا ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى. لېكىن، ئۇ قۇتۇلۇش توغرىسىدا ئويلىغان شۇ خىل ئارزۇسىنى ئىپادىلەشكە گەپ تاپالمايۋاتاتتى، شۇڭا ئۇ توغرۇلۇق

گەپ قىلماي، قاندۇرۇش مۇمكىن بولمايۋاتقان شۇ ئارزۇسىنىڭ قاندۇرۇلۇشىنى تەلەپ قىلىۋاتاتتى. «مېنى ئۇ تەرىپىمگە ئۆرۈپ قويۇڭلار ...» دەيتتى، لېكىن يەنە شۇئانلا ئىلگىرى قانداق ياتقان بولسا شۇنداق ياتقۇزۇشنى تەلەپ قىلاتتى. «شورپا بېرىڭلار... شورپىنى ئېلىپ كېتىڭلار ... نېمىشقا جىم تۇرىسىلەر، گەپ قىلساڭلارچۇ !» دەپ توۋلايتتى. لېكىن، ئۇلار گەپ قىلسا كۆزلىرىنى يۇماتتى ـ دە، چىرايى شۇئان هارغىن، سۆرۈن ۋە بىر نەرسىدىن يىرگىنىۋاتقاندەك تۇس ئالاتتى.

ئۇلار بۇ شەهەرگە كېلىپ ئونىنچى كۈنى كىتى ئاغرىپ قالدى. ئۇنىڭ بېشى ئاغرىيتتى، كۆڭلى ئېلىشاتتى، ئەتىگەنلىرى ئورنىدىن تۇرالماي قالاتتى.

دوختۇر ئۇنى هارغىنلىق هەم غەم ـ تەشۋىشتىن ئاغرىغان دەپ، كۆپرەك ئارام ئېلىپ يېتىشقا مەسلىهەت بەردى.

لېكىن، كىتى چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇۋېلىپ، ئادىتى بويىچە يىڭنە ئىشىنى ئېلىپ كېسەلنىڭ قېشىغا كىردى. ئۇ كىرگەندە نىكولاي ئۇنىڭغا سۇرلۇك قاراپ، مىجەزىنىڭ يوقلۇقىنى ئاڭلىغاندا سوغۇق كۈلۈپ قويدى. شۇ كۈنى ئۇ تولا مىشقىرىپ، ئاھ ـ ئۇھ ئۇرۇپ ياتتى.

— ئەهۋالىڭىز قانداقراق؟ — دەپ سورىدى كىتى ئۇنىڭدىن.

— تېخىمۇ يامان، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ، — بەك ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ.

— قەيىرىڭىز ئاغرىۋاتىدۇ؟

— هەممە يېرىم.

— قاراپ تۇرۇڭلار، بۈگۈن كېتىپ قالىدۇ، — دېدى مارىيە نىكولايېۋنا.

ئۇ بۇ گەپنى شىۋىرلاپ تۇرۇپ دېگەن بولسىمۇ، لېۋىن كېسەلنى بەك سەزگۈر، ئاڭلىۋېلىشى مۇمكىن دەپ ئويلاپ، مارىيە نىكولايېۋناغا بوشىراق گەپ قىلىشقا شەرەت قىلىپ ئىنىنىڭ كېسەلگە قارىدى. نىكولاي راستىنلا ئاڭلاپ قالغانىدى،

لېكىن ئۇ گەپنىڭ ئۇنىڭغا ھېچقانداق تەسىرى بولمىغاندەك قىلاتتى، كۆزلىرى بايىقىدەكلا كايىغاندەك، جىددىي قىياپەتتە ياتاتتى.

— نېمىشقا ئۇنداق ئويلاپ قالدىڭىز؟ — دەپ سورىدى لېۋىن كارىدورغا چىقىپ مارىيە نىكولايېۋنادىن.

— ئۇ بەدىنىنى مىجىپ كېتىۋاتىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى مارىيە نىكولايېۋنا.

— قانداق مىجىدى؟

— مانا مۇنداق، — دېدى مارىيە نىكولايېۋنا يۇڭ كۆڭلىكىنىڭ پۈرمىلىرىنى مىجىپ كۆرسىتىپ. دېمىسىمۇ ئۇ بۈگۈن كەچكىچە بەدىنىنىڭ ھەممە يېرىنى خۇددى بىرنەرسىنى ئېلىۋەتمەكچى بولغاندەك مىجىپ چىققانىدى.

مارىيە نىكولايېۋنانىڭ پەرىزى توغرا چىقىۋاتاتتى، كەچكە يېقىن ئۇ قوللىرىنى كۆتۈرۈشكىمۇ مادارى يەتمەي، كۆزلىرى ئالدىغا تىكىلىپ، قېتىپ قالغاندەك ھەرىكەتسىز ياتاتتى. ئىنىسى بىلەن كىتى بىزنى كۆرۈۋاتامدۇ، يوق، دەپ ئۇنىڭغا يېقىن ئېڭىشىپ بارسىمۇ، ئۇلارنى كۆرمىگەندەك كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ، بىر نۇقتىدىن كۆزىنى ئۈزمەي ياتاتتى. كىتى ئۇنىڭغا دۇئا قىلدۇرۇش ئۈچۈن دەررۇ پوپ چاقىرىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى.

پوپ ۋىدالىشىش دۇئاسىنى ئوقۇۋاتقان چاغدا، جان ھەلقۇمىدا ياتقان ئادەمدە جان بارلىقىنىڭ ھېچقانداق ئىپادىسى كۆرۈنمىدى، كۆزلىرى يۇمۇلغانىدى. لېۋىن، كىتى ۋە مارىيە نىكولايېۋنا ئۈچى كارىۋاتنىڭ يېنىدا ئۆرە تۇراتتى. پوپ تېخى دۇئاسىنى ئوقۇپ بولمايلا كېسەل ئۈزۈن سوزۇلۇپ يېتىپ چوڭقۇر بىر تىنىدى ـ دە، كۆزلىرىنى ئاچتى. پوپ دۇئاسىنى ئوقۇپ بولۇپ، مۇزدەك كرېستنى ئۇنىڭ پېشانىسىگە تەگكۈزۈپ، ئۇزاق تۇرغۇزمايلا ئېلىۋېتىپ، مۇقەددەس خالتىسى ئىچىگە سېلىپ قويدى. بىر نەچچە مىنۇت جىمجىت تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، كېسەلنىڭ مۇزلاپ

كەتكەن قان دىدارى يوق قولىنى تۇتۇپ باقتى.

— تۇگىدى! — پوپ شۇنداق دەپ، قايتىشقا تەرەددۇت قىلىۋاتاتتى، مۇردىنىڭ چۈۋۈلۈپ غۇجمەك بولۇپ قالغان بۇرۇتى بىردىنلا مىدىرلاپ، كۆكرىكىنىڭ ئىچكىرى بىر يېرىدىن:

— پۈتۈنلەي ئەمەس ... ئاز قالدى ! — دېگەن بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. بىر مىنۇتتىن كېيىن چىرايى ئاقىرىپ، بۇرۇتىنىڭ ئاستىدا بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلكە پەيدا بولغاندەك بولدى. تەمتىرەپ كېتىشكەن ئاياللار دەررۇ مۇردىنىڭ ئۈستىنى يېپىپ قويۇشتى.

ئاكىسىنىڭ چىرايى ۋە ئۆلۈمىنىڭ كۆز ئالدىدا كۆرۈنۈپ تۇرغىنى لېۋىنىڭ كۆڭلىدە يەنە بىر قېتىم قورقۇنچ پەيدا قىلدى. بۇ خىل ھالەت ئاكىسى يېزىغا، ئۇنىڭ ئالدىغا كەلگەن چاغدىكى ئاشۇ كۆز ئاخشىمى ئاكىسىنى كۆرگەندە بىر قېتىم بولغان، يەنى ئۆلۈمنىڭ سىرلىقلىقى، يېقىنلاپ قالغانلىقى ۋە ئۇنىڭدىن ساقلىنىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىك قورقۇنچىسى ئۇنى قاتتىق ۋەھىمىگە سالغانىدى. لېكىن، ھازىر خوتۇنى يېنىدا بولغاچقىمۇ، بۇ خىل ھالەت ئۇنى ئۇ چاغدىكىدەك ئۈمىدسىزلىك گىردابىغا ئاپىرىپ تاشلىيالمىدى. ئۇ ئۆلۈمنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئاكىسىنىڭ ئۆلۈمىدىن ئېنىق كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن يەنە ياشاشنىڭ، مۇھەببەتنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلاتتى، مۇھەببەتنىڭ ئۆزىنى ئۈمىدسىزلىك ئىچىدىن قۇتۇلدۇرۇۋاتقىنىنى، ئۈمىدسىزلىك خەۋپى ئاستىدا تۇرغاندا بۇ خىل مۇھەببەتنىڭ تېخىمۇ كۈچىيىپ، تېخىمۇ پاكلىنىپ كېتىۋاتقىنىنى سېزەتتى.

ئۆلۈمنىڭ سىرى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تېخى تولۇق ئېچىلماي تۇرۇپ، ئوخشاشلا تېگىگە يېتىپ بولمايدىغان، كىشىلەرنى مۇھەببەتكە، ھاياتقا ئۈندەيدىغان يەنە بىر سىر پەيدا بولغانىدى.

دوختۇر ئۆزىنىڭ كىتى توغرىسىدىكى پەرىزىنىڭ توغرا چىققانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى: كىتى ھامىلىدار بولۇپ قالغانىدى.

# 21

بېتسى ۋە ئوبلونسكىي بىلەن پاراڭلاشقاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن ئاننانى ئىختىيارىغا قويۇۋېتىشنى، ئۇنىڭغا كاشىلا قىلماسلىقنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى، خوتۇنىنىڭمۇ شۇنداق ئويلايدىغانلىقىنى چۈشەنگەندىن باشلاپلا كارېنىنىڭ پىكىرلىرى چېچىلىشقا باشلىدى، پۈت - قوللىرىدا جان قالمىدى، نېمە قىلىشى كېرەكلىكىنىمۇ بىلمەي، ھەممىدە ئۆزىنىڭ ئىشلىرىغا قىزىقىدىغان ئادەملەرنىڭ ئىختىيارىغا بېرىلدى، ئۇلار نېمە دېسە شۇنىڭغا قوشۇلدى. ئاننا ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ، ئىنگلىز ئايال كىشى كىرگۈزۈپ ئۆزىنىڭ كەچلىك تاماقنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ يېيىشى ياكى ئايرىم يېيىشى توغرۇلۇق گەپ سوراتقۇزغاندىلا، كارېنىن ئۆزىنىڭ ھازىر قانداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئۇزۇل - كېسىل چۈشىنىپ، بىردىنلا خاتىرجەمسىزلىنىشكە باشلىدى.

بۇ ئەھۋالدا ئۇنىڭغا ئەڭ مۈشكۈل بولۇۋاتقىنى، ئۆتكەن ئىشلار بىلەن ھازىرقى رېئاللىقتا بولۇۋاتقان ئىشلارنى بىر - بىرىگە باغلاپ، شۇنىڭ ئىچىدىن مۇۋاپىق بىر يەكۈننى ئىزدەپ تاپالمايۋاتاتتى. كۆڭلىنى بىسەرەمجان قىلىدىغىنى خوتۇنى بىلەن ئۆتكەن ئىلگىرىكى بەختلىك تۇرمۇشى ئەمەس ئىدى. شۇ چاغدىن باشلاپ خوتۇنىنىڭ ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى سەزگەنگىچە بولغان مۇشۇ بىر مەزگىلنى ئۇ ئازاب ئىچىدە ئۆتكۈزگەنىدى. بۇ تولىمۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋال ئىدى، بۇنى ئۇ چۈشىنەتتى. ئەگەر خوتۇنى شۇ چاغدا كۆڭلىنىڭ بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكىنى ئىقرار قىلىپ ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كەتكەن بولسا، كارېنىن قاتتىق قايغۇرغان،

ئۆزىنى بەختسىز ھېس قىلغان بولاتتى، ئەمما ھازىرقىدەك نامەلۇم ئىلاجسىزلىققا چۈشۈپ قالمايتتى. ئەمدى ئۇ ئۆزىنىڭ ئاغرىق ياتقان خوتۇنى بىلەن باشقىلارنىڭ بالىسىنى قانداق بولۇپ كەچۈرۈۋېتەلەيدىغانلىقىنى، ئۇلارغا نېمىشقا ئىچىنىڭ ئاغرىغانلىقىنى ۋە ئۇلارغا يەنە نېمە ئۈچۈن مۇھەببىتىنى بەرگەنلىكىنى ئۆزىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى بىلەن زادىلا بىر يەرگە ئېلىپ كېلەلمەيۋاتاتتى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇ ھازىر تىكەندەك يالغۇز قالغان، ھاقارەت ۋە مەسخىرىلەرگە ئۇچرىغاندى، ھېچكىم ئۇنى كېرەك قىلمايتتى، ھەممىلا ئادەم كۆزگە ئىلمايتتى. بۇنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا خۇددى خوتۇنىغا كۆيۈنگەن ۋە ئۇنى كەچۈرۈۋېتەلىگەنلىكىنىڭ جازاسىدەك بىلىنىۋاتاتتى.

خوتۇنى كېتىپ ئىككى كۈندىن كېيىن كارىنىن ئەرز قىلىپ كەلگەنلەرنى، كاتىپىنى ئادەتتىكىگە ئوخشاش قوبۇل قىلىشقا باشلىدى، يىغىنلارغا قاتنىشىۋەردى، پەسكە چۈشۈپ تاماقنى كۈندىكىدەك يەپ تۇردى. بۇ ئىككى كۈن ئىچىدە ئۆزىنى خاتىرجەم تۇتۇشقا، ھەتتا سوغۇق تەلەتىنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشىپ باقتى، ئەمما نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىدىغانلىقىنى بىلمىدى. ئانىنىڭ نەرسىلىرى بىلەن ھۇجرىسىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش توغرۇلۇق سورالغان سوئاللارغا خۇددى يېقىندا يۈز بەرگەن ئىشلار ئۆزى ئۈچۈن تاسادىپىي ھەم غەيرىي ئىشلار ئەمەستەك پېتىنى بۇزماي تۇرۇپ جاۋاب بەردى. مۇشۇ ئىشلىرى بىلەن ئۇ مەقسىتىگە يەتكەندەك قىلاتتى. ھېچقانداق ئادەم ئۇنىڭ ئۈمىدسىزلىككە پاتقان روھىي ھالىتىنى قىلچە سەزگەندەك ئەمەس ئىدى. ئانىنا كېتىپ ئەتىسى كورنېي كىرىپ، ئانىنا بۇيرۇتقان كۆڭلەكنىڭ ئىش ھەققى تالونىنى ئۆزگە سۇنغاندا ۋە دۇكاندارنىڭ ئىشكىنىڭ ئالدىدا ساقلاپ تۇرغانلىقىنى خەۋەر قىلغاندا، كارىنىن ئۇ ئادەمنى كىرگۈزۈۋېتىشنى بۇيرۇدى.

— جانابلىرى، سىزگە مالاللىق يەتكۈزگىنىم ئۈچۈن مېنى

كەچۈرگەيسىز. ئەگەر سىز خانىمىنىڭ ئۆزىنى ئىزدەڭلار، دەيدىغان بولسىڭىز، ئۇ چاغدا ئۇياقنىڭ تۇرۇۋاتقان يېرىنىڭ ئادرېسىنى بىزگە ئېيتىپ بەرسىڭىز.

كارېنىن جىمىپ كەتتى — دۇكاندارغا شۇنداق بىلىندى — ئاندىن بىردىنلا كەينىگە بۇرۇلۇپ ئۇستەلگە كېلىپ ئولتۇردى، شۇ ئولتۇرۇشىدا خېلىغىچە ئولتۇرۇپ كەتتى، بىرنەچچە قېتىم گەپكە تەمشىلىپ بېقىپ، يەنە توختاپ قالدى.

خوجايىنىنىڭ كۆڭلىدە نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ تۇرۇۋاتقان كورنېيى دۇكاندارنى، يەنە بىر كېلەرسىز، دەپ قايتۇرۇۋەتتى. كارېنىن ئۆزى يالغۇز قېلىپ، ئۆزىنى ئەمدى كىشىلەرگە خاتىرجەم، ھېچ ئىش بولمىغاندەك كۆرسىتىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ، ئۆزىنى ساقلاپ تۇرغان پەيتۇندىن ئاتلارنى چىقىرىۋېتىشنى بۇيرۇدى ۋە ھېچكىمنى قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى، پەسكە چۈشۈپ تاماقمۇ يېمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئۇ ئۆزىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك بولۇۋاتقان كەمسىتىش ۋە رەھىمسىز بېسىملارغا ئەمدى بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقىنى چۈشەندى. ئۇ خىل ھالەتنى ئۇ دۇكاندارنىڭ، كورنېيىنىڭ ۋە ئىككى كۈندىن بېرى ئۇچراشقانلىكى ئادەملەرنىڭ چىرايلىرىدا ناھايىتى ئېنىق كۆرۈپ تۇرۇۋاتاتتى ۋە ئۆزىنىڭ باشقىلارنىڭ ئۇ خىل نەپرەتلىك قاراشلىرىدىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى بارغانسېرى چوڭقۇر ھېس قىلىۋاتاتتى. بۇ ئۇنىڭ يامان ئادەم ئىكەنلىكىدىن ئەمەس (ئەگەر شۇنداق تەرىپى بولسا تىرىشىپ تۈزەتسە بولاتتىغۇ)، بەلكى بەختسىزلىكى، يىرگىنەرلىك دەرىجىدىكى بەختسىز ئادەم بولۇپ قالغانلىقىدىن بولۇۋاتاتتى. شۇ بەختسىزلىكى ئۈچۈن يۈرەك - باغرى پارە - پارە بولۇپ كېتىۋاتقاچقىلا، كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە ئەنە شۇنداق نەپرەت بىلەن رەھىمسىز مۇئامىلە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، يارىلانغان، ئاغرىق ئازابىدىن كاڭشىپ كېتىۋاتقان بىر ئىتنى بىر توپ ئىت تالاپ

ئۆلتۈرۈۋەتكەنگە ئوخشاش، ئۇلارنىڭمۇ ئۆزىنى خاراب قىلىۋەتمەكچى بولۇشۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇراتتى، ئۇلارنىڭ شۇ خىل مۇئامىلىلىرىدىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر يولى جاراھەتنى يوشۇرۇش دەپ بىلىپ، بۇنى ئىككى كۈن سىناپ باققانىدى، لېكىن ئاخىرىدا بىر ئۆزى شۇنچە كۆپ ئادەمگە تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدى.

بۇ ئازابلار ئىچىدە تىكەندەك يالغۇز قالغىنى ئۇنى بارغانسېرى ئۈمىدسىزلىك ئىچىگە پاتۇرۇۋېتىۋاتاتتى. پۈتۈن پېتېربۇرگدا دەردىنى تۆكۈپ بېرەلەيدىغان بىرمۇ ئادەم تېپىلمايتتى، ئۆزىگە ئالىي ئەمەلدار، مەشھۇر جامائەت ئەربابى ئەمەس، ئازاب ئىچىدە قېلىۋاتقان ئادەتتىكى ئادەم قاتارىدا ھېسداشلىق قىلىدىغان، ئىچ ئاغرىتىدىغانمۇ ئادەم يوق ئىدى، ئۇنداق ئادەملەرنى ئۇ ھېچقانداق يەردىن تاپالمايتتى.

كارېنىن دادىسىنى ئۇقمايتتى، ئاپىسىدىن ئون يېشىدا قېلىپ، ئاكىسى ئىككىسى يېتىمچىلىكتە چوڭ بولغان، ئاتا ـ ئانىسىدىن ھېچقانچە مال ـ مۈلۈك قالمىغان، ئىككىسىنى ئۆز ۋاقتىدا پادىشاھنىڭ يېقىن ئادىمى بولغان، ئوردىدا ئەمەل تۇتقان بىر تاغىسى بېقىپ چوڭ قىلغانىدى.

كارېنىن ئوتتۇرا مەكتەپ بىلەن ئۇنىۋېرسىتېتنى ئەلا پۈتكۈزگەن، ئۇنىۋېرسىتېتنى تاماملىغاندىن كېيىنلا تاغىسىنىڭ ياردىمى بىلەن ياخشى بىر خىزمەتكە ئېرىشكەن، شۇنىڭدىن باشلاپ نام ـ ئاتاق ۋە شۆھرەتكە بېرىلىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتىمۇ، ئۇنىۋېرسىتېتتىمۇ بىرمۇ سىرداش ئاغىنىسى يوق ئىدى، مەنسەپ تۇتقاندىن كېيىنمۇ ئاغىنە تۇتمىغانىدى. ئەڭ يېقىن ئادىمى پەقەت بىرلا ئاكىسى ئىدى، لېكىن ئاكىسى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىدا ئىشلىگەچكە، دائىم چەت ئەللەردە يۈرەتتى، كارېنىن توي قىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي ئۇمۇ چەت ئەلدە ئۆلۈپ كەتتى.

كارېنىن بىر ئۆلكىدە ئۆلكە باشلىقى بولۇپ تۇرۇۋاتقان

چاغلىرىدا، شۇ يەرلىك بىر پۇلدار ئېسىلزادە خانىم، ئانىنىڭ ھامىمىسى ئۆزىنىڭ بۇ جىيەن قىزىنى ياشقا چوڭراق، ئەمما ئۆلكە باشلىقلىقىغا ياش كېلىپ قالغان بۇ ئادەمگە تونۇشتۇرۇپ قويىدى. بۇ ئىش كارېنىنى تولىمۇ ئارىسالدى قىلىپ قويىدى. ئەمدى ئۇ بىر بولسا بۇ قىز بىلەن توي قىلىشى، بىر بولسا ئۇ يەردىن كېتىشى كېرەك ئىدى. ئۇ خېلىغىچە ئىككىلىنىپ يۈردى، بۇ ئىشقا رازى بولۇشنىڭ قانچىلىك سەۋەبلىرى بولسا، ئۇنى رەت قىلىشنىڭمۇ شۇنچىلىك سەۋەبلىرى بار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭدا قىيىن مەسىلىلەرگە يولۇققاندا ئۇنى كەسكىن بىر تەرەپ قىلىدىغان تەدبىر كەمچىل ئىدى. لېكىن، ئانىنىڭ ھامىمىسى بىر تونۇشى ئارقىلىق ئۇنىڭغا، ئۇ بۇ قىزنىڭ ئابرۇيىنى تۆكۈپ قويدى، ۋىجدانى بار ئادەم بولسا ئۇنىڭغا ئۆيلىنىشى كېرەك، دېگەن گەپنى يەتكۈزگەندىن كېيىن، ئۇ ئامالسىز ئۇ قىزغا تەكلىپ قويۇپ، ئالدىغان قىزغا توي قىلغاندىن كېيىنكى خوتۇنىغا بىلدۈرەلەيدىغان بارلىق ھېسسىياتىنى بار ئىمكانىيىتى بىلەن بىلدۈرۈپ كەلدى.

ئۇنىڭ ئانىغا بولغان ئامراقلىقى باشقىلار بىلەن يېقىن ئۆتۈش ئېھتىياجىنى ئۇزۇل - كېسىل يوق قىلىۋەتكەنىدى، شۇڭا ھازىرغىچە ئۇنىڭ بارلىق تونۇشلىرى ئىچىدە ئىچ سىرىنى ئېيتالايدىغان بىرمۇ ئاغىنىسى يوق ئىدى، مۇناسىۋەت دائىرىسى كەڭ بولغىنى بىلەن، ھەقىقىي دوستلۇققا ئىگە ئەمەس ئىدى. نۇرغۇن ئادەملەرنى ئۆيىگە چاقىرىپ بىللە غىزالىنالايتتى، ئۇلارنى ئۆزى كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىشلارغا تارتالايتتى، ئەرز - داد ئېيتىپ كەلگەن مەلۇم ئادەملەرنىڭ ئىشلىرىنى ئۇلارغا ھاۋالە قىلالايتتى ھەم ئۇلار بىلەن باشقىلارنىڭ ئىشلىرى، يۇقىرى ئورۇنلارنىڭ مەسىلىلىرى ئۈستىدە كەڭ - كۇشادە ئولتۇرۇپ پاراڭلىشالايتتى، ئەمما ئۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھۆرمەت ۋە ئادەت يۈزىدىنلا بولاتتى، ئۇنىڭدىن ئىچكىرىلەپ كېتەلمەيتتى. ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدا ياخشى ئۆتكەن

بىر ساۋاقداشى بار بولۇپ، ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتى تولىمۇ يېقىن بولۇپ كەتكەندى، ئەنە شۇ ساۋاقداشىغا دەرد - ئەلەملىرىنى تۆكۈپ بەرسە بولاتتى، لېكىن ئۇ تولىمۇ يىراق بىر يەردىكى مائارىپ ئورنىدا مۇپەتتىشلىك قىلىۋاتاتتى. پېتېربۇرگدا ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمى ئىشخانا مۇدىرى بىلەن خۇسۇسىي دوختۇرى ئىدى.

ئىشخانا مۇدىرى سىليۇدىن ئاددىي، ئەقىللىق، ئاق كۆڭۈل ۋە ئەخلاقلىق ئادەم ئىدى، كارېنىن ئۇنى شۇ پەزىلەتلىرى بىلەن ياخشى كۆرەتتى. لېكىن، بەش يىللىق خىزمەتداشلىق مۇناسىۋىتى ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا دوستانە مۇئامىلە قىلىشلىرىغا توسۇق پەيدا قىلىپ قويغانىدى.

كارېنىن ھۆججەتلەرگە قول قويۇپ بولۇپ خېلىغىچە جىمجىت ئولتۇرۇپ كەتتى، پات - پات سىليۇدىنغا قاراپ قوياتتى، بىرنەچچە قېتىم ئىچىدىكىنى ئۇنىڭغا دېيىشكە تەمشىلىپ يەنە توختاپ قالدى. ئۇ ئىچىدە: «سىز مېنىڭ بېشىمغا چۈشكەن بەختسىزلىكلەردىن خەۋىرىڭىز بارمۇ؟» دېگەن گەپنى دەيمەن دەپ تەييارلاپ قويۇپ، دەيدىغان چاغدا: «بۇ ئىشلارنى مېنىڭ ئورنۇمدا بېجىرىۋېتەرسىز» دېگەن ئادەتتىكى گېپىنى قىلىپ ئۇنى ماڭدۇرۇۋەتتى.

ئۇنىڭ يەنە بىر يېقىن ئادىمى دوختۇرى بولۇپ، ئۇمۇ كارېنىنغا ناھايىتى ياخشى مۇئامىلە قىلاتتى. لېكىن، ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۈنسىز بىر ئارىلىق بار ئىدى، ھەر ئىككىسى ئۆزىنىڭ ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش، پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشقا ۋاقىتلىرىمۇ يوق ئىدى.

ئاياللارنىڭ ئىچىدىكى دوستىنى، بولۇپمۇ گىراف لىدىيە خانىمنى ئۇ ئويلاپمۇ قويمىغانىدى. ئايال كىشى ھامان ئاياللىقىنى قىلىدۇ، دەپ ئويلايدىغان بولغاچقىمۇ، ئۇلار ئۇنىڭ كۆزىگە قورقۇنچلۇق ھەم بىزارى كۆرۈنەتتى.

# 22

كارىنىن گراف لىدىيه خانىمنى ئۇنتۇپ قالغىنى بىلەن، گراف خانىم ئۇنى ئۇنتۇمىغانىدى. ئەنە شۇنداق ئۇمىدسىزلىك ئىچىدە يۈرۈپ گاڭگىراپ قېلىۋاتقان ئازابلىق كۆنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ خانىم ئۇنى كۆرگىلى كېلىپ قالدى ۋە ئۆزىنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەرمۇ بەرگۈزمەي ئۇدۇل ئۇنىڭ كۇتۇپخانىسىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ كىرگەندە كارىنىن بۇرۇنقىدەكلا ئىككى قولى بىلەن بېشىنى چاڭگاللاپ ئولتۇراتتى.

— *ئىجازەتسىزلا كىرىپ كەلدىم* ! — دېدى ئۇ ئىتتىك مېڭىپ كىرگەچكىمۇ سەل ھاسىراپ تۇرۇپ فرانسۇزچە، — مەن ھەممە گەپنى ئاڭلىدىم، ئالېكسېي ئالېكساندرووۋىچ ! قەدىرلىكىم ! — دېدى ئۇ ئىككى قولى بىلەن ئۇنىڭ قوللىرىنى چىڭ سىقىپ ۋە چىرايلىق خۇمار كۆزلىرىنى كۆزلىرىگە تىكىپ تۇرۇپ.

كارىنىن قاپاقلىرى تۈرۈك پېتى ئورنىدىن تۇردى ۋە قوللىرىنى ئۇنىڭ قوللىرىدىن ئاجرىتىۋېلىپ، ئۇنىڭغا ئورۇندۇق قويۇپ بەردى.

— مەرھەمەت، ئولتۇرۇڭ، گراف خانىم ! مىجەزىم يوق، مېھمان قوبۇل قىلمايۋاتاتتىم، گراف خانىم، — گەپ قىلىۋاتقاندا ئۇنىڭ لەۋلىرى تىترەپ كەتتى.

— قەدىرلىكىم، — دېدى گراف لىدىيه خانىم كۆزلىرىنى ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئالماي تۇرۇپ بايىقى گېپىنى تەكرارلاپ. بىردىنلا ئۇنىڭ قاشلىرى كۆتۈرۈلۈپ، پېشانىسىدە ئۈچ بۇلۇڭ شەكىللىنىپ، سەت ۋە تاتىراڭغۇ چىرايى تېخىمۇ سەتلىشىپ كەتتى. ئەمما، كارىنىن بۇنى مەن ئۈچۈن كۆڭلى بۇزۇلۇپ يىغلىۋېتىشكە ئاز قېلىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ، قاتتىق تەسىرلىنىپ،

ئۈنىڭ سىمىز قوللىرىنى قوللىرى ئۈستىگە ئېلىپ سۆيۈپ قويدى.

— قەدىرلىكىم، — دېدى گراف لىدىيە خانىم ھاياجاندىن تىترىگەن ئاۋاز بىلەن، — بۇنچىلا دەرد - ئەلەم چېكىپ كەتمەڭ. سىزنىڭ تارتىۋاتقان ئازابىڭىز بوش ئازاب ئەمەس، شۇنداقتىمۇ كۆڭلىڭىزنى ئازادىرەك تۇتۇڭ.

— مەن تۈگەشتىم، ۋەيران بولدۇم، خەقلەرنىڭ يۈزىگە قارىغۇدەك ئەھۋالىم قالمىدى، — كارېنىن ئۇنىڭ قولىنى قويۇۋەتتى، ئەمما كۆزلىرىنى ياش لىغىرلاپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ئۈزمىدى، — مېنىڭ ئەھۋالىم تولىمۇ يامان، ھېچقانداق يەردىن ئۆزۈمگە ياردەم تاپالمىدىم، ئۆزۈمدىنمۇ ھەم.

— سىز ئۆزىڭىزگە چوقۇم ياردەم تاپالايسىز. بۇ ياردەم سىزگە مەندىن بولمايدۇ، گەرچە مېنىڭ سىزگە بولغان دوستلۇقىمنىڭ چوڭقۇرلۇقىغا ئىشەنسىڭىزمۇ، — دېدى ئۇ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ، — بىزنى قوللايدىغىنى مۇھەببەت، خۇدا بىزگە ئاتا قىلغان مۇھەببەت. خۇدانىڭ بەندىسىنى قوللىمىقى، ئۇنىڭغا ياردەم بەرمىكى ئاسانلا ئىش، — دېدى ئۇ يەنە كارېنىنغا تونۇشلۇق بولغان كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىتىپ تۇرۇپ، — خۇدا سىزنى قوللايدۇ، سىزگە ياردەم بېرىدۇ.

بۇ سۆزلەر ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ يۈكسەك ھېس - تۇيغۇلىرى ئىچىگە غەرق بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھەم يېقىندا پېتېربۇرگدا كەڭ تارقالغان، كارېنىنغا ئارتۇقچە بىرنەرسە بولۇپ كۆرۈنگەن يېڭىچە سىرلىق بىر ئەقىدىگە بولغان ھاياجىنىنى باسالماي قېلىۋاتقانلىقىنى ئاشكارىلاپ تۇرۇۋاتاتتى. ئەمما، كارېنىن شۇ تۇرقىدا ئۇنىڭ ئۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ كەتتى.

— مەن تولىمۇ ئاجىز ئادەم ئىكەنمەن. مەن خاراب بولدۇم. بۇرۇن ئويلاپمۇ باقمىغانىكەنمەن، ئەمدى ھازىر بۇ ئىشلارغا زادىلا ئەقلىم يەتمەي كېتىۋاتىدۇ.

— قەدىرلىكىم، — دېدى لىدىيە يەنە شۇ سۆزنى تەكرارلاپ.
— مەن ھازىر قولدىن بېرىپ قويغان نەرسىلىرىمگە ئېچىنمايمەن، زادىلا ئېچىنمايمەن، — دېدى كارېنىن سۆزىنى داۋام قىلىپ، — كۆڭلۈممۇ يېرىم بولمايدۇ، پەقەت مۇشۇ كۆنلەردىكى ھالىتىمگىلا ئېچىنىمەن. ھازىر مەن كىشىلەرنىڭ چىرايىغا قاراشتىن نومۇس قىلىدىغان بولۇپ قالدىم، بۇ تولىمۇ يامان ئىش ئىكەن، ئەمما ئامالىم يوق، قىلچە ئامالسىزمەن.
— سىزنىڭ كىشىلەرنى كەڭ قورساقلىق بىلەن كەچۈرۈۋېتىدىغان ئالىيجاناب پەزىلىتىڭىزگە ھەممىمىز تولىمۇ قايىل. بۇ ئىشنى سىز ئۆزىڭىز قىلمىدىڭىز، بەلكى شۇنداق قىلىشنى ئۇلۇغ ئىگەم دىلىڭىزغا سالغان، — دېدى گىراف لىدىيە خانىم تولىمۇ ھاياجان بىلەن كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ تۇرۇپ، — شۇڭا، ئۇ ئىشىڭىزدىن ھەرگىز نومۇس قىلماڭ.
كارېنىن قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، قوللىرىنى بىر - بىرىگە كىرىشتۈرۈپ بارماقلىرى ئارىسىدىن قاس چىقىرىشقا باشلىدى.
— ھەرقانداق كىچىك ئىشنىمۇ ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك ئىكەن، — دېدى ئۇ ئىنچىكە ئاۋازى بىلەن، — بىر ئادەمنىڭ زېھنى چەكلىك بولىدىكەن، گىراف خانىم، مېنىڭ زېھنىم ئىشلىتىلىپ چېكىگە يەتتى. شۇ كۈنلەردە مەن ئەتىگەندىن كەچكىچە يالغۇز قالغىنىمدىن كېيىنكى يېڭى ئەھۋالىمدا يۈز بەرگەن (ئۇ «يۈز بەرگەن» دېگەن ئىككى سۆزنى ئالاھىدە ئۇرغۇ بىلەن ئېيتتى) ئائىلە ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش بىلەن بولۇۋاتىمەن. مەسىلەن، چاكارلارنىڭ، ئائىلە ئوقۇتقۇچىسىنىڭ، ھەر خىل تالونلارنىڭ ئىشلىرى دېگەندەك ... بۇ ئىشلار مېنىڭ زېھنىمنى خورىتىۋېتىۋاتىدۇ، ئەمدى بەرداشلىق بەرگۈچىلىكىم قالمىدى. تاماق ۋاقتىدا ... تۈنۈگۈن تاماقنى يېرىم يەپلا قوپۇپ كەتكىلى قىل قالدىم. ئوغلۇمنىڭ مېنىڭ شۇ

هالەتلىرىمگە قاراپ تۇرۇشلىرى ماڭا تولىمۇ ئېغىر كەلدى. ئۇ مەندىن نېمە بولۇۋاتىسەن، دەپ سورىمىسىمۇ، ئەمما سورىغۇسى باردەكلا كۆرۈنىدۇ، مەن ئۇنىڭ ماڭا ئاشۇنداق قاراشلىرىغا زادىلا چىدىماي قېلىۋاتىمەن. ئۇ ماڭا قاراۋېرىشتىن قورقۇپمۇ تۇرىدۇ. بۇنى ئاز دەپ ...

كارېنىن ئۆزىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىرگەن تالون ھەققىدىمۇ گەپ قىلماقچى ئىدى، لېكىن ئاۋازى تىترەپ كېتىپ توختاپ قالدى. شىلەپە بىلەن لېنتىلار ئۈچۈن ھەق تەلەپ قىلىنغان كۆك رەڭلىك ئاشۇ تالوننى ئويلىسىلا، ئۆزىنى تولىمۇ بىچارە ھالەتكە چۈشۈپ قالغاندەك ئويلاپ قالاتتى.

— ئەھۋالىڭىزنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن، قەدىرلىكىم، — دېدى گراف لىدىيە خانىم، — ھەممىنى بىلىمەن. سىزگە ياردەم ۋە تەسەللى بېرىدىغان ئادەم مەن بولمىساممۇ، مۇمكىن بولسا سىزگە ياردەم بېرىشنى ئويلاۋاتىمەن، سىزنىڭ شۇ ئۇششاق ئىشلاردا تارتىۋاتقان غەملىرىڭىزنى يەڭگىللىتىپ بەرگەن بولسام قانداق ياخشى بولاتتى ... مەن بۇ ئىشلاردا ئاياللارنىڭ تەدبىرلىك ئىكەنلىكىنى، پەم بىلەن ئىش قىلىدىغانلىقىنى بىلىمەن. شۇ ئىشلىرىڭىزنى ماڭا تاپشۇرارسىزمۇ؟

كارېنىن بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلماي، مىننەتدارلىق بىلەن گراف لىدىيە خانىمنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ قويدى.

— سېرىيوژانىڭ ھالىدىن تەڭ خەۋەر ئالىمىز. مەن ئىشلارغا تازا چېۋەر ئەمەس، شۇنداقتىمۇ سىزگە قارىشىپ ئائىلىڭىزنىڭ خوجىدارى بولۇشقا رازىمەن. ماڭا رەھمەت ئېيتىمەن دېمەڭ، بۇ ئىشلارنى مەن ئۆزۈمچىلا قىلىۋاتقىنىم يوق ...

— مەن سىزگە رەھمىتىمنى ئېيتماي تۇرالمايمەن.

— لېكىن، قەدىرلىكىم، ئۆزىڭىز ئېيتقان ھېلىقى ھېس - تۇيغۇلىرىڭىزغا تەسلىم بولماڭ، ئىيسانىڭ ئەڭ ئالىي پەزىلىتى بولغان ئۇ روھتىن نومۇسلىنىپ يۈرمەڭ. «كەمتەرىن ئادەم

ھۆرمەتكە سازاۋەر[1]». ماڭا رەھمىتىڭىز كېرەك ئەمەس، خۇدادىن مىننەتدار بولۇڭ، ئۇنىڭدىن مەدەت تىلەڭ. بىز بەندىلەر خۇدانىڭ ھىممىتى بىلەن ئامانلىق، خاتىرجەملىك ۋە مېھىر ـ مۇھەببەت تاپالايمىز، ــ گراف لىدىيە خانىم سۆزلەۋېتىپ خۇددى تىلاۋەت قىلىۋاتقاندەك ئاسمانغا قاراپ قويدى، كارېنىن بۇنى ئۇنىڭ بىردەم جىمىپ كەتكىنىدىن بىلدى.

كارېنىن ئۇنىڭ تىلاۋەتلىرىگە قۇلاق سېلىپ ئولتۇرۇپ، ئىلگىرى بىزار بولمىغان، ئەمما ئۆزىگە ئارتۇقچە تۇيۇلىدىغان بۇ ئىشلارنىڭ تەبىئىي ۋە ئادەمگە تەسەللىي بولىدىغان ئىشلار ئىكەنلىكىنى ئەمدى ھېس قىلىشقا باشلىدى. كارېنىن ئەسلىدە يېڭىدىن پەيدا بولغان بۇ تەلۋىلەرچە ئەقىدىنى ياخشى كۆرمەيتتى، دىنغا ئاساسەن سىياسىي جەھەتتىن قىزىقىدىغان دىندار ئادەم ئىدى. ھازىرقى ئۇ يېڭى دىنىي تەلىماتلارنىڭ دىنغا بولغان چۈشەندۈرۈشلىرى نۇرغۇن تالاش ـ تارتىش ۋە مۇلاھىزىلەرگە سەۋەب بولغان بولۇپ، بۇ تەلىماتلار پرىنسىپ جەھەتتە ئۇنىڭغا ياقمايتتى. ئۇ بۇرۇندىن ئۇنىڭغا قارىتا سوغۇق مۇئامىلىدە بولۇپ كەلگەن، ھەتتا دۈشمەنلىك قاراشتىمۇ بولغان، بۇ يېڭى تەلىماتقا قاتتىق چوقۇنىدىغان لىدىيە بىلەن بىر قېتىممۇ بۇ توغرۇلۇق مۇنازىرىلىشىپ باقمىغان، ئۇنىڭ ئېتىرازلىرىغا جىمجىت تۇرۇۋېلىش يولى بىلەن تاقابىل تۇرۇپ كەلگەنىدى. ھازىر بولسا ئۇ ئۇنىڭ شۇ گەپلىرىنى بىرىنچى قېتىم خۇشاللىق بىلەن تىڭشىدى ۋە كۆڭلىدىمۇ قارشى چىقمىدى.

ــ سىزدىن تولىمۇ، تولىمۇ رازىمەن، قىلغان ئىشلىرىڭىز ھەم گەپلىرىڭىز ئۈچۈن سىزگە كۆپتىن ـ كۆپ رەھمەت، ــ دېدى كارېنىن گراف لىدىيە خانىمنىڭ دۇئاسى تۈگىگەندىن كېيىن.

---

[1] «تەۋرات. پەند ـ نەسىھەت» 29 ـ سۈرە، 23 ـ ئايەت.

گراف لىدىيە خانىم قورقۇپ يۈرۈۋاتقان دوستىنىڭ قوللىرىنى يەنە بىر قېتىم چىڭ سىقتى.

— ئەمدى مەن ئىشنى باشلىشىم كېرەك، — دېدى ئۇ بىر ئاز ۋاقىت جىمىپ كەتكەندىن كېيىن كۆزلىرىدىكى ياشنى سۈرتۈۋېتىپ كۈلگەن پېتى، — مەن سېرىيوژانى كۆرۈپ چىقاي، زادى ئامال بولمىغان چاغدىلا سىزنى ئاۋارە قىلىشىم مۇمكىن، — ئۇ گېپىنى قىلىپ بولۇپ ئورنىدىن تۇردى - دە، ئىتتىك مېڭىپ چىقىپ كەتتى.

گراف لىدىيە خانىم قورقۇپ يۈرۈۋاتقان سېرىيوژانىڭ قېشىغا كىرىپ، ئۇنىڭ ئىككى مەڭزىنى كۆزلىرىدىن ئېقىۋاتقان يېشى بىلەن ھۆل قىلىۋەتتى، يەنە تېخى ئۇنىڭ دادىسىنى ئەۋلىيا ئادەم، دېدى، ئاپىسىنى ئۆلدىگە چىقىرىۋەتتى.

گراف لىدىيە خانىم كارېنىنغا بەرگەن ۋەدىسىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، كارېنىننىڭ ئائىلىسىنىڭ پۈتۈن ئىشىنى قولىغا ئالدى. لېكىن، ئۆزى ئېيتقاندەك، ئىشلارنى باشقۇرۇشقا ئېپى يوق ئىدى، بۇ ئۇنىڭ كەمتەرلىك قىلىپ دېگىنى ئەمەس ئىدى. شۇڭا، چاكارلارغا چۈشۈرگەن بۇيرۇقلىرى ئورۇنلىغىلى بولمايدىغان بۇيرۇقلار بولغاچقا، ئۇلارنى پات - پات ئۆزگەرتىپ تۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. بۇنداق ئۆزگەرتىدىغان ئىشلارنى كارېنىننىڭ چاكىرى كورنېي قىلاتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئائىلىنىڭ پۈتۈن ھوقۇقى شۇنىڭ قولىدا ئىدى، كارېنىننىڭ كىيىمىنى كىيدۈرۈشكە ياردەملەشكەچ، ئۇنىڭغا مەلۇم قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى مەلۇم قىلىپ تۇراتتى. لىدىيەنىڭ ياردىمىمۇ كارېنىن ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئىدى. ئۇ ئۇنىڭغا مەنىۋى ياقتىن تايانچ بولغان، ئۆزىنىڭ دوستلۇقى ۋە ھۆرمىتىنى ھېس قىلدۇرغانىدى. بولۇپمۇ لىدىيەنىڭ خۇش بولغىنى، ئۇ كارېنىننى ھەقىقىي خرىستىئانغا، مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇ پەرۋاسىز، ئېتىقادى سۇس بەندىنى يېقىندا پېتېربۇرگدا تارقىلىۋاتقان خرىستىئان تەلىماتلىرىنى يېڭىچە ئىزاھلاشنىڭ

قەتئىي ۋە قىزغىن ھىمايىچىسىغا ئايلاندۇرۇۋالغانىدى. كارىنىن بۇ يېڭىچە تەلىماتقا ناھايىتى ئاسانلا ئىشىنىپ كەتتى. ئۇنىڭدىمۇ لىدىيە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش پىكىردىكى ئادەملەردەك چوڭقۇر تەسەۋۋۇر كۈچى ۋە روھىي كۈچ ئاجىز ئىدى. ئاشۇنداق كۈچ بولغاندا، ئاندىن تەسەۋۋۇر بىلەن پەيدا بولغان قاراشلار تېخىمۇ جانلىقلىقتا ئىگە بولاتتى، باشقا قاراشلار بىلەن رېئاللىقمۇ ئۇنىڭغا مۇۋاپىقلىشالايتتى. مەسىلەن، ئۆلۈم دىنسىزلار ئۈچۈن مەۋجۇت، ئەمما ئۇنىڭ ئۈچۈن مەۋجۇت ئەمەس ئىدى، شۇڭا ئۇ ئۆزىنى دىنغا مۇكەممەل ئېتىقاد قىلغۇچى ھەم دىنغا قانچىلىك دەرىجىدە ئېتىقاد قىلىنىۋاتقانلىقىغا ھۆكۈم قىلغۇچى، روھىي گۇناھىمۇ يوق، دۇنيانىڭ ھەرقانداق ئىشىدىن قۇتۇلۇپ قالغۇچى، دەپ ئويلايتتى، لېكىن ئۆزىنىڭ شۇ قاراشلىرىدا قانداق مەسىلىلەرنىڭ بارلىقىنى، رېئاللىققا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان جايلىرىنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى زادىلا كۆرۈپ يېتەلمەيتتى.

دۇرۇس، كارېنىن ئۆزىنىڭ دىنغا بولغان بۇ خىل قاراشلىرىنىڭ تولىمۇ يەڭگىل ۋە خاتا ئىكەنلىكىنى غۇۋا ھېس قىلىپمۇ تۇراتتى، ئەگەر ئۆزىنىڭ كەڭ قورساقلىقىنىڭ خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن بولغانلىقىنى پۈتۈنلەي بىلمىگەن، پۈتۈنلەي ئۆزۈمنىڭ تۇيغۇلىرىم ئارقىلىق بولغان، دەپ بىلگەن بولسا، ئۇ چاغدا ھۆججەتلەرگە قول قويۇشلىرىنىمۇ خۇدانىڭ ئەمرى بىلەن بولۇۋاتقان ئىش، دەپ بىلىپ، ئۆزىنى تېخىمۇ بەختلىك ئويلىغان بولاتتى. لېكىن، كارېنىنغا شۇنداق ئويلىماي بولمايتتى، ئۆزىنىڭ ھاقارەتلىك ئەھۋالىدا، تەسەۋۋۇرىدا بولسىمۇ پۈت دەسسەپ تۇرىدىغان يۈكسەك بىر ئورۇن كېرەك ئىدى. ئۇ چاغدا ئۇ ھەممە ئادەم كەمسىتىپ تۇرۇۋاتقان بوگۈنكىدەك كۈندە ئاشۇ ئورۇندا تۇرۇپ باشقىلارنى كەمسىتەلەيتتى. شۇ سەۋەبتىن ئۇ بۇ ساختا نىجاتكارغا مەھكەم ئېسىلىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ھەقىقىي قۇتقۇزغۇچىسى دەپ بىلىۋاتاتتى.

# 23

گراف لىدىيە خانىم شوخ، ئېتىك قىز چېغىدا ئاق كۆڭۈل، ئەمما ئەخلاقى بۇزۇلغان، ئۆزى باي، تەسىرىمۇ بار بىر ئادەمگە ياتلىق بولدى. تويى بولۇپ ئىككى يىل بولار - بولمايلا ئېرى ئۇنى تاشلىۋەتتى ھەم لىدىيەنىڭ ئۆزىگە بىلدۈرگەن قىزغىن مۇھەببىتىگە مەسخىرە ۋە دۈشمەنلىك بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ تۇردى. گرافنىڭ ئاق كۆڭۈل ئادەملىكىنى بىلگەن، لىدىيەدە ھېچقانداق كەمچىلىك كۆرمىگەن ئادەم گرافنىڭ ئۇنىڭغا نېمە ئۈچۈن بۇنداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئاجرىشىپ كەتمىدى، ئەمما ئايرىم تۇرۇشتى. ئېرى خوتۇنى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغانلىرىدا مەسخىرە قىلغاندەك ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ قوياتتى.

گراف لىدىيە خانىم بۇرۇندىنلا ئېرىنى ياخشى كۆرمەيتتى، شۇ چاغدىن باشلاپلا باشقىلار بىلەن ئوينايتتى ھەم بۇ ئىشنى پەقەتلا توختىتىپ باقمىغانىدى. بەزىدە ئۇنىڭ بىرنەچچە ئادەمنى ياخشى كۆرۈپ قالىدىغان ئىشلىرىمۇ بولغانىدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاياللارمۇ بولۇپ قالاتتى. ئىشقىلىپ، ئۇ قانداقلا ئادەم بولسا كۆيۈپ قېلىۋېرەتتى، ئۇنىڭ كۆيۈپ قالغانلىرىنىڭ ئىچىدە پادىشاھنىڭ تۇغقانلىرىمۇ بار ئىدى، بىر ئېپىسكوپنى، يەنە بىر ئورۇنباسار ئېپىسكوپنى، بىر پوپنى، بىر مۇخبىرنى، ئۈچ نەپەر سلاۋيانىنى، كومىساروفنى①، بىر ئوردا ۋەزىرىنى، بىر دوختۇرنى، ئەنگلىيىلىك بىر مىسسىئونېرنى، ھەتتا كارېنىنىنىمۇ ياخشى كۆرۈپ قالغانىدى. ئەمما، ئۇنىڭ كىمنىلا كۆرسە ياخشى كۆرۈپ

① ئۈچ نەپەر قاتىلنىڭ قولىدىكى تاپانچىلارنى ئۇرۇپ چۈشۈرۈۋېتىپ، چار پادشاھ ئالېكساندر II نىڭ جېنىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغان ئادەم.

قىلىۋېرىدىغان بۇ تېتىقسىزلىقلىرى ئۇنىڭ ئوردا ۋە يۇقىرى تەبىقە جەمئىيىتى بىلەن بولغان كەڭرى ۋە مۇرەككەپ مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ قېلىشىغا ھېچقانداق تەسىر كۆرسەتمەيتتى. لېكىن، ئۇ كارېنىنىڭ بېشىغا بەختسىزلىك كېلىپ ئۇنىڭ ھىماتچىسىغا ئايلىنىۋالغاندىن ۋە ئۇنىڭ بەختىگە، ئائىلە ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان بولۇۋالغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ باشقىلارغا بەرگەن مۇھەببەتلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ساختا ئىكەنلىكىنى، ھەقىقىي ياخشى كۆرىدىغان ئادىمىنىڭ بىر كارېنىن ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭغا بولغان ھېسسىياتىنىڭ باشقا ھەرقانداق ئادەمگە بولغان ھېسسىياتىدىن كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىنى تەھلىل قىلىپ ھەم ئىلگىرى باشقىلارغا بەرگەن مۇھەببىتى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، ئەگەر كومىساروف چار پادىشاھنىڭ جېنىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالمىغان بولسا، ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالمايدىغانلىقىنى، سلاۋيان مەسىلىسى ئوتتۇرىغا چىقمىغان بولسا، رىستىچ - كۇدژىتسكىينى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. ئۇ كارېنىنى ئاشۇ تۇرقى، تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان سىرلىق كۆڭلى، سوزۇپ سۆزلەيدىغان ئىنچىكە ئاۋازى، ھارغىن قاراشلىرى، خۇلق - مىجەزى، تومۇرلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ئاپئاق قوللىرى ئۈچۈن ياخشى كۆرەتتى. ئۇ ئۇنى كۆرگىنىگىلا خۇشال بولۇپ قالماي، ئۇنىڭ چىرايىدا ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا قانچىلىك دەرىجىدە ياققانلىقىنىڭ ئىپادىسىنى كۆرسەم، دەيتتى، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ سۆزلىگەن سۆزلىرى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن تۇرقى بىلەن يېقىشىنى خالايتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىلگىرىكى ھەرقانداق چاغدىكىگە قارىغاندا ھازىر تېخىمۇ ياسىنىدىغان بولۇپ كېتىۋاتاتتى. پات - پات مەنمۇ ئەرگە تەگمىگەن، ئۇمۇ ئۆيلەنمىگەن بولسا قانداق ئىشلار بولاتتىكىن، دېگەندەك شېرىن خىياللارنى قىلىپ قوياتتى. كارېنىن سىرتتىن

كىرىپ كەلسە خۇشاللىقىدا چوغدەك قىزىرىپ كېتەتتى، ئەگەر كارېنىن قىزىقراق بىرەر ئېغىز گەپ قىلىپ قويسا كۈلكىدىن ئۆزىنى يىغىۋالالماي قالاتتى.

گراف لىدىيە خانىمنىڭ تەشۋىش ئىچىدە ئۆتۈۋاتقىنىغا بىر نەچچە كۈن بولۇپ قالدى. ئۇ ئاننا بىلەن ۋرونسكىينىڭ پېتېربۇرگقا قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدى. كارېنىننى ئاننا بىلەن كۆرۈشتۈرمەسلىك، ھەتتا ئۇنىڭ پېتېربۇرگقا كەلگەنلىكىدەك بۇ ئازابلىق ئىشنى ئۇنىڭغا ئۇقتۇرماسلىق كېرەك ئىدى. ئەگەر ئۇ ئۇ قورقۇنچلۇق ئايالنىڭ ھازىر ئۆزى بىلەن بىر شەھەردە تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ قالىدىغان بولسا، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ قېلىشى ئېھتىمالغا يېقىن ئىدى.

كارېنىننىڭ ئۇلار بىلەن كۆرۈشمەسلىكى ئۈچۈن، لىدىيە تونۇشلىرى ئارقىلىق ئۇ ئىككى «نەپرەتلىك ئادەم» نىڭ ــــ لىدىيە ئاننا بىلەن ۋرونسكىينى شۇنداق دەپ ئاتايتتى ھازىر نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، ئۆزىنىڭ بۇ دوستىنىڭ ھەربىر كەتلىرىنى كونترول قىلىپ تۇرۇۋاتاتتى. ياش بىر ئادىيوتانت، ۋرونسكىينىڭ دوستى ــــ لىدىيە ئۇنىڭدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرماقچى، ئۇنىڭ بەدىلىگە ئۇ يىگىتكە ئالاھىدە بىر ئىمتىياز ئېلىپ بەرمەكچى بولۇپ پۇتۇشكەنىدى ــــ لىدىيەگە ئۇ ئىككىسىنىڭ ئىشلىرىنى تۈگىتىپ بولۇپ ئەتە پېتېربۇرگدىن كەتمەكچى ئىكەنلىكىنى دەپ كەلدى. لىدىيە بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئەمدىلا خاتىرجەم بولۇپ تۇراتتى، ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇنىڭغا بىر پارچە خەت كېلىپ قالدى. كونۋېرت ئۈستىدىكى ئۆزى ئۈچۈن قورقۇنچلۇق بولغان ئىمزانى كۆرۈپ، بۇنىڭ ئاننانىڭ خېتى ئىكەنلىكىنى بىلدى. كونۋېرت تېرىدەك قېلىن قەغەزدە ياسالغانىدى، ئۇزۇن قەغەزگە دانە ـ دانە يېزىلغان خەتتىن خۇشبۇي ھىد كېلىپ تۇراتتى.

ــــ خەتنى كىم ئېلىپ كەلدى؟

ــــ مېھمانخانىنىڭ بىر خىزمەتچىسى.

گراف لىندىيە خانىم خېلىغىچە خەتنى ئېچىپ ئوقۇماي ئولتۇرۇپ كەتتى. قاتتىق ھاياجانلىنىپ كەتكەچكىمۇ، زىققە كېسىلى قوزغىلىپ كېتىپ، تىنىقى بېسىلغاندىن كېيىن ئاندىن فرانسۇزچە يېزىلغان تۆۋەندىكى خەتنى ئوقۇدى.

*گراف خانىم، قەلبىڭىزگە تولۇپ تاشقان خىرىستىئانلىق ھېسسىياتىڭىز مېنىڭ سىزگە بۇ خەتنى قورقماي يېزىشىمغا جۈرئەت بەردى. ئوغلۇمدىن جۇدا بولۇپ بەختسىز بولۇپ قالدىم. بۇ يەردىن كېتىش ئالدىدا ئوغلۇم بىلەن كۆرۈشۈۋېلىشىمغا ئىجازەت بېرىشىڭىزنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سورايمەن. سىزگە مالاللىق يەتكۈزگىنىمنى كەچۈرگەيسىز. بۇ خېتىمنى ئالېكسېي ئالېكساندروۋىچقا يازماي، سىزگە يېزىشىمنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۆزۈمنى ئەسلىتىپ، بۇ رەھىمدىل ئادەمنىڭ كۆڭلىدىكى ئەلەمگە ئەلەم قوشۇشنى خالىمىدىم، مەن سىزنىڭ ئۇنىڭغا بولغان دوستلۇقىڭىزنى بىلىمەن ھەم سىزنى مېنى ياخشى چۈشىنىدۇ، دەپ ئويلايمەن. سېرىيوژانى مېنىڭ يېنىمغا ئەۋەتىپ بېرەمسىز، ياكى مەن ئۆيگە بېرىپ كۆرۈشىدىغان ۋاقىتنى بەلگىلەپ بېرەمسىز ۋە ياكى ئۇنىڭ بىلەن قايسى ۋاقىتتا، قەيەردە كۆرۈشۈشۈم مۇمكىنلىكىنى ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟ بۇ ئىشنى قارار قىلالايدىغان كىشىنىڭ رەھىمدىللىكىنى بىلگەنلىكىم ئۈچۈن، بۇ ئىلتىماسىمنىڭ يەردە قالمايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. سىز مېنىڭ ئوغلۇمنى كۆرۈشكە قانچىلىك ئىنتىزار بولۇپ تۇرغىنىمنى تەسەۋۋۇر قىلالمىغاندەك، سىزنىڭ ياردىمىڭىزنىڭ مېنى قانچىلىك خۇشال قىلىدىغانلىقىنىمۇ كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرەلمەيسىز.*

*ئاننا*

بۇ خەتتە يېزىلغان گەپلەر — خەتنىڭ مەزمۇنىمۇ، «رەھىمدىل» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىمۇ، بولۇپمۇ ئۇ ھەددىدىن ئاشقانلىق دەپ بىلگەن خەتتىكى گەپلەرنىڭ سالمىقىمۇ گراف لىدىيە خانىمنىڭ ئوغىسىنى قاينىتىۋەتكەنىدى.

— خەت ئېلىپ كەلگەن ئادەمگە، جاۋاب بېرىلمەيدۇ، دەپ ئېيتىپ قوي، — دېدى گراف لىدىيە خانىم خىزمەتكارغا. ئاندىن دەررۇلا كارېنىنغا بىر پارچە خەت يېزىپ، چۈشتە ئوردىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان تەبرىكلەش مۇراسىمىدا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى ئېيتتى.

*سىز بىلەن مۇھىم ھەم ئازابلىق بىر ئىش توغرۇلۇق سۆزلەشمەكچىمەن. قەيەردە سۆزلىشىمىز، كۆرۈشكەندە دېيىشەيلى. ئەڭ ياخشىسى، بىزنىڭ ئۆيدە بولسۇن، مەن سىز ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان چايدىن تەييارلاپ قويىمەن. كەلمەي قويماڭ. خۇدا بىزگە كرېست ئاتا قىلغان، شۇنىڭ بىلەن تەڭ بەرداشلىق كۈچىنىمۇ بەرگەن.*

گراف لىدىيە خانىم كارېنىنغا مۇشۇنداق خەتتىن ھەر كۈنى ئىككى ـ ئۈچ پارچە يېزىپ تۇراتتى. خەت يېزىش يۇزتۇرا پاراڭلاشقانغا قارىغاندا لىرىكىلىق تۇيغۇغا ھەم سىرلىق تۇسكە ئىگە بولغاچقا، گراف لىدىيە خانىم ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇرۇشنىڭ بۇ ئۇسۇلىنى تولىمۇ ياقتۇراتتى.

# 24

تەبرىكلەش مۇراسىمى تۈگىدى. مۇراسىمدىن چىققانلار ئۆزئارا كۆرۈشۈپ، يېڭى خەۋەرلەر ۋە مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلەرنىڭ مەنسەپلىرىنىڭ كۆتۈرۈلىدىغانلىقى توغرۇلۇق سۆزلىشىپ مېڭىشتى.

— گراف مارىيە بورىسوۋنا خانىم قۇرۇقلۇق ئارمىيە مىنىستىرلىقىغا مىنىستىر بولۇپ، كىنەز ۋاتكوۋسكايا خانىمنى شتاب باشلىقى قىلىپ قويغان بولسا تولىمۇ ئوبدان بولاتتى، —

دېدى زەر پاگون تاقىۋالغان ئاق چاچلىق بوۋاي ئۆزىدىن يېڭىدىن خىزمەتكە تەيىنلەنگەن كىشىلەر ھەققىدە سورىغان ئېگىزرەك كەلگەن چىرايلىق بىر ئايال ئەمەلدارغا.

— مېنى ئاديوتانت قىلىپ قويغان بولسىمۇ بولاتتى، — دېدى ئۇ چىرايلىق خېنىم كۈلۈپ قويۇپ.

— سىز ئالىلقاچان يېڭى خىزمەتكە تەيىنلىنىپ بولدىڭىز. سىز دىنىي ئىشلار مىنىستىرلىقىغا بارسىز، كارېنىن سىزنىڭ ياردەمچىڭىز بولىدۇ.

— ياخشىمۇ سىز، كىنەز! — دېدى بوۋاي يېنىغا كەلگەن بىرەيلەن بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ.

— كارېنىننى نېمە بولىدۇ دېدىڭىز؟ — سورىدى ئۇ كىنەز.

— پۇتەتوف ئىككىسى نېۋسكىي ئوردېنى ئېلىشتى.

— مەن تېخى ئۇنى ئۇ ئوردېننى بۇرۇنلا ئالغان دەپ ئويلاپتىكەنمەن.

— ياق. ئۇنىڭغا قاراڭە، — بوۋاي قولىغا ئېلىۋالغان زەر گۈللۈك شلەپىسى بىلەن كارېنىننى كۆرسەتتى. ساراي ئەھلى كىيىدىغان چاپىنىنىڭ ئۈستىدىن ئارتىلدۇرۇپ قىزىل لېنتا تاقىۋالغان كارېنىن پارلامېنتنىڭ ئابرۇيلۇق بىر ئەزاسى بىلەن ئىشىك تۈۋىدە پاراڭلىشىپ تۇراتتى، — بۇگۈن ئۇ بەكمۇ جانلىنىپ كېتىپتۇ، — دەپ قوشۇپ قويدى ئۇ گەۋدىلىك كەلگەن چىرايلىق بىر ئوردا خىزمەتچىسى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ تۇرۇپ.

— ئۇنىڭغا ئازراق قېرىلىق يېتىپتۇ، — دېدى ئوردا خىزمەتچىسى.

— ئۇ ئادەمنىڭ ئىشى كۆپ، چارچايدۇ. ھازىر يەنە بىر پىلان ئۈستىدە ئىشلەۋاتىدۇ. مانا ئەمدى ئۇ ئۆزىنىڭ پىلانىنى ماددىمۇ ماددا چۈشەندۈرۈپ بولمىغۇچە ئۇ بىچارىنى قويۇپ بەرمەيدۇ.

— ئۇ قانداق قېرىسۇن؟ ئۇ ھازىرغىچە مۇھەببەتنىڭ پەيزىنى سۈرۈۋاتىدۇ. گراف لىدىيە خانىم ھازىر ئۇنى ئۆزىنىڭ

خوتۇندىنمۇ كۆنلەپ يۇرۇۋاتىدۇ.

— قويىسىڭىزچۇ ! گراف لىدىيە خانىمنىڭ يامان گېپىنى قىلماڭ.

— ئۇ كارېنىننى ياخشى كۆرۈپ قالغان تۇرسا، بۇنىڭ نېمە يامىنى بولسۇن؟

— كارېنىن خانىمنى ھازىر مەشەدە دەپ ئاڭلىدىم، راستمىدۇ؟

— ئوردىدا ئەمەس، پېتېربۇرگدا، تۇنۇگۈن ۋرونسكىي بىلەن قول تۇتۇشۇپ دېڭىز بويىدا يۇرۇشكىنىنى كۆردۈم.

— بۇنداق ئادەملەر ... — ئوردا خىزمەتچىسى ئەمدىلا گېپىنى باشلاپ تۇراتتى، شۇ ئارىلىقتا پادىشاھنىڭ تۇغقانلىرىدىن بىر خېنىم كېلىپ قېلىپ، ئۇنىڭغا ئېگىلىپ تۇرۇپ يول بېرىمەن دەپ گېپىدىن توختاپ قالدى.

كىشىلەر شۇ تەرىقىدە كارېنىننى مەسخىرە قىلىپ، قارىلاپ تۇرۇشاتتى. كارېنىن بولسا ھەدەپ پارلامېنت ئەزاسىغا خۇددى ئۇنىڭ كېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەۋاتقاندەك ئىتتىك - ئىتتىك سۆزلەپ، ئۆزىنىڭ مالىيە پىلانىنى توختىماي چۈشەندۈرۈۋاتاتتى.

خوتۇنى ئۆيدىن چىقىپ كېتىش بىلەن تەڭلا، كارېنىن خىزمەتتە ئۆسۈشتىن توختاپ قېلىشتەك ئەڭ كۆڭۈلسىز ئىشقا دۇچ كەلگەنىدى، بۇنى ھەممە ئادەم بىلىپ تۇرۇۋاتاتتى، ئەمما كارېنىن شۇ ئىش بىلەن ئىستىقبالىم تۈگەشتى، دەپ ئويلىمايتتى. كىشىلەر سترېموف بىلەن بولغان زىددىيەتكە ياكى خوتۇنى بىلەن بولغان پاجىئەلىك ئىشلارغا ۋە ياكى مەنسەپكە ئۆسۈشلىرى چەككە يەتتى، دەپ قاراشلارغا ئاساسلىنىپمۇ، ئىشقىلىپ، كارېنىننىڭ ئىشى تۈگىدى، دەپ بىلىشەتتى. ئۇ ھازىرمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇرۇۋاتاتتى، نۇرغۇن كومىتېتلارنىڭ ھەيئەت ئەزاسى ئىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ۋاقتى ئۆتكەنىدى، ھېچكىم ئۇنىڭدىن يېڭى ئۈمىدلەرنى كۈتمەيتتى، نېمىلا دېسۇن، قانداق تەكلىپلەرنى بەرسۇن، كىشىلەر ئۇلارنى ئەھمىيىتى



قالمىغان كونا گەپلەر، دەپ بىلىشەتتى.

ئەمما، كارىنىن بۇلارنى قىلىچە سەزمەيتتى. ئەكسىچە، ھۆكۈمەت پائالىيەتلىرىگە بىۋاسىتە قاتناشمىغاچقا، باشقىلارنىڭ خىزمەتتىكى كەمچىلىكلىرى بىلەن خاتالىقلىرىنى بۇرۇنقىغا قارىغاندا تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈپ تۇرىدىغان ھەم ئۇ خاتالىقلارنى تۈزىتىش تەدبىرلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىش مەجبۇرىيىتىم بار، دەپ ئويلايدىغان بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ خوتۇنىدىن ئايرىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، يېڭى سوت بەلگىلىمىلىرى ھەققىدە بىرنېمە يېزىپ چىقتى. بۇ ئۇ يازماي تۇرالمايدىغان، ئەمما ھېچكىمگە كېرەك بولمايدىغان سانسىز قوللانمىلارنىڭ بىرى ئىدى.

كارىنىن ئۆزىنىڭ ئەمەلدارلار سورۇنلىرىدا ئاللىقاچان سەپتىن چۈشۈپ قالغانلىقىنى، بۇ ئىشى ئۇچۇن ئەمدى كاللا قاتۇرمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئويلاش بۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە شۇ ئىشلىرىدىن ئىلگىرىكى ھەرقانداق چاغدىكىدىن بەكرەك مەمنۇن بولۇپ يۈرەتتى.

«خوتۇنى يوق ئادەم خۇدانى رازى قىلىش ئۈچۈن خۇدانىڭ ئىشلىرىنىڭ غېمىنى يەيدۇ؛ خوتۇنى بار ئادەم خوتۇنىنى رازى قىلىش ئۈچۈن تىرىكچىلىكنىڭ غېمىنى قىلىدۇ.»① دېگەنىكەن ئېيسانىڭ مۇرىتى پاۋېل. ھازىر ھەممە ئىشىدا «ئىنجىل» تەلىماتىغا بويسۇنىدىغان بولۇپ قالغان كارىنىن بۇ گەپنى پات - پات ئويلاپ قالاتتى ۋە خوتۇنىدىن ئايرىلىپ قالغاندىن بۇيان شۇ ئىشلىرى بىلەن ئۆزىنى خۇدا يولىدا ئىشلەۋاتىمەن، دەپ سېزەتتى.

پارلامېنت ئەزاسى ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنى ئويلاپ بارغانسېرى تىتىلداپ كېتىۋاتاتتى، كارىنىن بولسا بۇنى سەزمەيتتى. پادىشاھنىڭ تۇغقىنى ئۇ ئىككىسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە، پارلامېنت ئەزاسى ئۇنىڭ بىلەن تەڭلا كېتىپ قېلىپ،

① «ئىنجىل. كورىنتلارغا ئەۋەتىلگەن ئاۋۋالقى مەكتۇپ» 7 ـ سۇرە، 32 ـ ئايەت.

كارېنىنىڭ ئاغزى شۇندىلا يۇمۇلدى.

كارېنىن يالغۇز قالغاندىن كېيىن بېشىنى ساڭگىلىتىپ بىردەم ئويلىنىۋېلىپ، ئاندىن ئەتراپىغا پەرىشان قاراپ قويدى ـ دە، گراف لىدىيە خانىمنى شۇ يەردىن تاپسام كېرەك، دېگەن ئۇمىد بىلەن ئىشىك تەرەپكە ماڭدى.

«ئۇلار نېمىدېگەن بەقۇۋۋەت، — دەپ ئويلىدى كارېنىن قامەتلىك، بۇرۇتى چېكە چاچلىرى بىلەن تۇتىشىپ كەتكەن ئوردا خىزمەتكارى بىلەن ھەربىي كىيىم ئىچىدىكى كىنەزنىڭ قىپقىزىل بويىنىغا قاراپ قويۇپ. ئۇ ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ يەنە ئوردا خىزمەتچىسىنىڭ سېمىز پاچىقىغا قىيا قاراپ قويدى، — دۇنيا رەزىللىككە تولغان، دەپ بىكار دېيىلمەپتىكەن ـ دە» دەپ ئويلىدى ئۇ.

كارېنىن ئادەتتىكى ھارغىن ۋە سورلۇق قىياپىتى بىلەن ئالدىرىماي مېڭىپ كېتىۋاتاتتى. ئۆزى توغرۇلۇق گەپ قىلىشىۋاتقانلارنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە ئۇلارغا قاراپ بېشىنى سەل ئېگىپ قويۇپ ئۆتۈپ كەتتى، كۆزلىرى يەنىلا ئىشىكتە، گراف لىدىيە خانىمنى ئىزدەيتتى.

— ھۇي، ئالېكسېي ئالېكساندروۋىچ، — كارېنىن ۋىجىكرەك بىر بوۋاينىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئۇنىڭغا سوغۇقلا بېشىنى لىڭشىتىپ قويغانىدى، ئۇ بوۋاي بىر خىل ئۆچمەنلىك بىلەن ئۇنىڭغا گەپ قىلدى، — ئويلاپ باقسام، مەن سىزنى تەبرىكلىمەپتىمەن، — دېدى ئۇ كارېنىنىنىڭ بويىنىدىكى لېنتىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

— رەھمەت سىزگە، — دېدى كارېنىن جاۋاب بېرىپ، — بۇگۇن ھاۋا ئاجايىپ ياخشى ـ ھە، — دەپ قوشۇپ قويدى ئۇ ئادىتى بويىچە «ياخشى» دېگەن سۆزنى سوزۇپراق ئېيتىپ.

ئۇ ئۇلارنىڭ ئۆزىنى مەسخىرە قىلىشىۋاتقىنىنى بىلىپ تۇرۇۋاتاتتى. ئەمما، ئۇلاردىن دۇشمەنلىكتىن باشقا ھېچقانداق نەرسە كۇتمەيتتى ھەم بۇ خىل ئەھۋاللارغا كۆنۈپمۇ قالغانىدى.

كارېنىن گراف لىدىيە خانىمنىڭ ئىشىكتىن كىرىپ كېلىۋاتقىنىنى كۆردى ۋە ئۇنىڭ بەدىنىگە چىڭ كەلگەن كۆڭلىكىدىن چىقىپ تۇرغان سېرىق مۈرىلىرىنى، بىر جۈپ جەلپكار چىرايلىق كۆزلىرىنى كۆرۈپ، ئاپئاق چىشلىرىنى پارقىرىتىپ كۈلگەن پېتى ئۇنىڭ ئالدىغا قاراپ ماڭدى.

لىدىيە يېقىندىن بېرى بۆلەكچىلا ياسىنىدىغان بولۇپ كەتكەنىدى، بۈگۈنمۇ كۆڭۈل قويۇپ ياسىنىپ ـ تارىنىپ كەلگەنىدەك قىلاتتى. ئۇنىڭ ھازىرقى كىيىنىشلىرى ئوتتۇز يىلنىڭ ئالدىدىكىسىگە ھەرگىز ئوخشىمايتتى، پۈتۈنلەي ئەكسىچە ئىدى. ئۇ چاغلاردا ئۇ ئىمكان بار ئۆزىنى چىرايلىق كۆرسىتىشكە تىرىشاتتى، ھازىرمۇ شۇنداق ياسانسا، تارانسا يېشىغا، چىرايىغا مۇناسىپ كەلمەيدىغان بولغاچقا، ھەرگىز ئۇنداق ياسانمايتتى، ھازىرقى تۇرقىغا يارىشا تارىنىپ، ياسىنىپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كارېنىن ئۇنىڭ مۇشۇ تۇرقىنى يارىتىدىغان بولغاچقا، ئۆزىنى ياسىنىشتىمۇ مەقسىتىگە يەتتىم دەپ ئويلايتتى. لىدىيە كارېنىن ئۈچۈن ئۆزىنى ئوراپ تۇرغان دۈشمەنلىك ۋە مەسخىرە دېڭىزىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يالغۇز بىر ئارال بولۇپ، بۇ ئارال ئەڭ ياخشى مۇئامىلىنىڭلا ئەمەس، مۇھەببەتنىڭمۇ بىردىنبىر ئارىلى ئىدى.

ئۇ شۇنچىلىك كۆپ مەسخىرىلىك كۆزلەر ئىچىدىن مېڭىپ ئۆتۈپ، لىدىيەنىڭ چوڭقۇر ھېسسىيات ئۇرغۇپ تۇرغان كۆزلىرىگە تىكىلگىنىچە، خۇددى قۇياش نۇرىغا تەلپۈنۈپ تۇرىدىغان ئۆسۈملۈكلەرگە ئوخشاش تەبىئىي تەلپۈنۈش ئىچىدە ئۇنىڭغا قاراپ كېتىۋاتاتتى.

— مۇبارەك بولسۇن ! — دېدى لىدىيە كۆزلىرى بىلەن لېنتىنى شەرەت قىلىپ.

كارېنىن مەغرۇر كۈلكىسىنى زورغا بېسىپ، خۇددى بۇ ئىش ئۆزىنى ئۈنچىلىك خۇشال قىلمىغاندەك، كۆزلىرىنى يۇمۇپ تۇرۇپ مۈرىلىرىنى كۆتۈرۈپ قويدى. گراف لىدىيە خانىم

كارىنىن ئىقرار قىلمىسىمۇ، ئەمما ئۇردىن ئىپلىشىنىڭ ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ خۇشاللىق ئىش ئىكەنلىكىنى بىلەتتى.

— بىزنىڭ كىچىك پەرىشتەيىمىز قانداق تۇرۇۋاتىدۇ؟ — دەپ سورىدى گراف لىدىيە خانىم سېرىيوژانى كۆزدە تۇتۇپ.

— مەن ئۆزۈمنى ئۇنىڭدىن تولۇق رازىمەن، دەپ ئېيتالمايمەن، — دېدى كارىنىن قاپاقلىرى تۈرۈلگەن، كۆزلىرى چوڭ ئېچىلغان ھالدا، — ستىنكوفمۇ ئۇنىڭدىن تازا رازى ئەمەس (ستىنكوف سېرىيوژانىڭ دىنىدىن باشقا پەنلەردىن دەرس بېرىدىغان خۇسۇسىي ئوقۇتقۇچىسى). مەن سىزگىمۇ ئېيتقان، ئۇ ھەر بىر چوڭ ئادەمنىڭ ۋە ھەر بىر كىچىك بالىنىڭ يۈرىكىنى ھاياجانغا سالىدىغان زور مەسىلىلەرگە ناھايىتى سۇس قارايدۇ، — كارىنىن ھۆكۈمەت ئىشىدىن باشقا ئۆزى ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان ئوغلىنىڭ تەربىيىلىنىش مەسىلىسى ئۈستىدە سۆزلەپ كەتتى.

كارىنىن لىدىيەنىڭ ياردىمى ئارقىلىق ئەسلىدىكى تۇرمۇشى بىلەن پائالىيەتلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالغاندىن كېيىن، ئوغلىغا كۆڭۈل بۆلۈشنىڭمۇ ئۆزىنىڭ بۇرچى ئىكەنلىكىنى ئويلاپ قالغانىدى. ئۇ بۇرۇن مائارىپ مەسىلىلىرىگە پەقەتلا باش قاتۇرمايتتى، ھازىر ئازراق ۋاقىت چىقىرىپ مائارىپ نەزەرىيىلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ئىنسانشۇناسلىق، مائارىپشۇناسلىققا ئائىت بىرنەچچە كىتابنى ئوقۇپ چىقىپ، مائارىپ پىلانىدىن بىرنى تۈزۈپ چىقتى، بۇنىڭغا پېتەكچىلىك قىلىشقا، كونكرېت تۇتۇپ ئىشلەشكە پېتەربۇرگلۇق مەشھۇر بىر مائارىپچىنى تەكلىپ قىلدى ۋە بۇ خىزمەتكە دائىم كۆڭۈل بۆلۈپ تۇردى.

— ئوغۇ شۇنداق، ئەمما بىز ئۇنىڭ يۈرىكىنى چۈشىنىشىمىز كېرەك. مەن ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭمۇ دادىسىنىڭكىگە ئوخشاپ قېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن. بىر بالىدا ئاشۇنداق يۈرەكلا بولىدىكەن، ئۇ يامان بالا بولمايدۇ، — دېدى گراف لىدىيە خانىم ھاياجانلىنىپ تۇرۇپ.

— ئېھتىمال، شۇنداقتۇ ... ئۆزۈمگە كەلسەم، مەن ئۆز بۇرچۇمنى ئادا قىلىۋاتىمەن، خالاس، قولۇمدىن كېلىدىغىنىمۇ شۇ.

— بىزنىڭكىگە بارامسىز؟ — دېدى گراف لىدىيە خانىم بىردەم جىمىپ كېتىپ ئاندىن، — سىزنىڭ بېشىڭىزغا كەلگەن بىر كۆڭۈلسىز ئىش توغرۇلۇق سۆزلىشىمىز. مەن سىزنىڭ ئاشۇ كۆڭۈلسىز ئىشلارنى قايتا ئېسىڭىزگە كەلتۈرمەسلىككە ھەممە نەرسەمنى قۇربان قىلىپ بولسىمۇ تىرىشىمەن، ئەمما بەزىلەر ئۇنداق ئويلىمايدىكەن. مەن ئۇنىڭدىن بىر پارچە خەت ئالدىم، ھازىر ئۇ مەشەدە، پېتېربۇرگدا ئىكەن.

خوتۇنىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، كارېنىنىنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى تىترەك بېسىپ كەتتى، چىرايىمۇ خۇددى ئۆلۈكنىڭكىدەك تاتىرىپ، قان دىدارى قالمىدى، نېمە قىلىشىنى بىلمەي قېلىۋاتقاندەك قېتىپلا قالدى.

— شۇنداق بولىدىغانلىقىنى بۇرۇنلا سەزگەنمەن، — دېدى ئۇ بىر ھازادىن كېيىن.

گراف لىدىيە خانىم ئۇنىڭغا قاراپلا قالدى ۋە ئۇنىڭ شۇنچىلىك ئۇلۇغۋار روھقا ئىگە ئىنسان ئىكەنلىكىدىن ھاياجانلىنىپ كۆزلىرىگە لىق ياش ئالدى.

# 25

كارېنىن گراف لىدىيە خانىمنىڭ قەدىمي چىنە ـ قاچىلار تىزىۋېتىلگەن، تاملىرىغا تۈرلۈك ماي بوياق رەسىملەر ئېسىۋېتىلگەن، سەرەمجان كىچىككىنە كۈتۈپخانىسىغا كىرىپ كەلدى، خوجايىن تېخى كىرمىگەن، كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇۋاتاتتى.

ئۇستىگە داستىخان سېلىنغان دۈگىلەك ئۈستەلدە جۇڭگونىڭ جانان چىنە ـ چەينەكلىرى ۋە ئىسپىرتتا قايناۋاتقان كۈمۈش چاي چۆگۈنى تۇراتتى. كارېنىن بۇ ئۆينى بېزەپ تۇرغان سانسىز رەسىملەرگە پەرۋاسىز قاراپ قويۇپ ئۈستەلگە كېلىپ ئولتۇردى. ئۈستەل ئۈستىدە تۇرغان «ئىنجىل» نى ئەمدىلا ۋاراقلاپ تۇراتتى، گراف خانىمنىڭ ئۆي ئىچىلىك تاۋار كۆڭلىكىنىڭ شىلدىرلىغان ئاۋازى ئۇنىڭ دىققىتىنى بۆلدى.

— مانا ئەمدى ئىككىمىز، — دېدى گراف خانىم ۋە ھاياجان بىلەن كۈلگەن پېتى ئىتتىك مېڭىپ ئۈستەل بىلەن ساپانىڭ ئارىلىقىغا كېلىپ ئولتۇردى، — چاي ئىچكەچ خاتىرجەم ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىمىز.

گراف لىدىيە خانىم شۇ بىرنەچچە ئېغىز گەپنى قىلىپ بولۇپ، بىردىنلا قىزىرىپ ۋە نەپسى ئىتتىكلەپ، ئاننانىڭ خېتىنى كارېنىنغا ئۇزاتتى.

كارېنىن خەتنى ئوقۇپ بولۇپ خېلىغىچە جىمىپ كەتتى.

— مەن ئۇنىڭ بۇ ئىلتىماسىنى رەت قىلىشقا ھەقلىق ئەمەسمەن، — دېدى ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ جۈرئەتسىزلىك بىلەن.

— قەدىرلىكىم، سىز ھەممىلا ئادەمنى يامانلىقى يوق دەپلا ئويلايسىز.

— ئەكسىچە، دۇنيانى رەزىللىك قاپلاپ كەتكەن، دەپ بىلىمەن. ئەمما، بۇ ئىشتا ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى رەت قىلساق ئادىللىق بولماسمىكىن؟ ...

كارېنىنىڭ چىرايىدىن ئىككىلىنىپ بىر قارارغا كېلەلمەيۋاتقاندەك ۋە ياردەم تەلەپ قىلىۋاتقاندەك بىر ئىپادە چىقىپ تۇراتتى. دېمىسىمۇ، ئۇ ئۆزى تېگىگە يېتەلمەيۋاتقان بۇ مەسىلىدە باشقىلارنىڭ مەسلىھەتى، قوللىشى ۋە كۆرسەتمىسىگە موھتاج ئىدى.

— ياق ! — دېدى گراف لىدىيە خانىم ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — ھەممە ئىشنىڭ چېكى بولىدۇ. مەن ئەخلاقىي ياقتىن

بۇزۇلغان، دېگەن گەپنىڭ قانداق گەپ ئىكەنلىكىنى چۈشىنىمەن، — ئۇ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئۆزى چۈشەنمەيۋاتقاندەك گەپ قىلىۋاتاتتى، چۈنكى قانداق نەرسىنىڭ ئاياللارنىڭ ئەخلاقىي ياقتىن بۇزۇلۇشىغا سەۋەب بولىدىغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى، — مەن بۇ باغرى تاشلىقنىڭ كىمگە قىلىنىۋاتقانلىقىنى ھېچ چۈشىنەلمىدىمغۇ؟ سىزگە قىلىنغاندىمۇ؟ ئۇ سىز تۇرۇۋاتقان شەھەردە تۇرۇشقا قانداق جۈرئەت قىلالىدى؟ يۈز يىل ياشا، يۈز يىل ئۆگەن، دېگەن گەپ بار، مانا مەن سىزنىڭ ئالىيجانابلىقىڭىزنى، ئۇنىڭ نومۇسسىزلىقىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئىككىڭلاردىن ئۆگىنىۋاتىمەن.

— لېكىن، ئۆلگەننىڭ ئۈستىگە تەپمەك قىلسام ياخشى بولماس؟ — دېدى كارېنىن ئۆزىنىڭ بۇ گېپىدىن ئۆزى رازى بولغاندەك بىر خىل تەلەپپۇزدا، — مەن ئۇنىڭ ھەممە ئەيىبلىرىنى كەچۈردۈم، شۇڭا ئۇنى مېھىر - مۇھەببەتتىن، ئوغلىغا بولغان مۇھەببىتىدىن مەھرۇم قىلالمايمەن ...

— ئۇنىڭ شۇ قىلىقىنى مۇھەببەت دېگىلى بولامدۇ، قەدىرلىكىم؟ ئۇنى چىن دىلىدىن شۇنداق قىلماقچى دەپ ئويلاۋاتامسىز؟ ماقۇل، سىز ئۇنى كەچۈرۈپسىز، ھازىرمۇ كەچۈرۈۋېتىپسىز ... لېكىن، شۇنى دەپ ئاشۇ نارەسىدە پەرىشتەنىڭ يۈرىكىنى جاراھەتلەندۈرۈشكە ئۆزىمىزنى ھەقلىق سانىساق بولامدۇ؟ ئۇ ھازىر ئاپىسىنى ئۆلۈپ كەتتى دەپ بىلىپ، ئۇنىڭغا خۇدادىن مەغپىرەت تىلەۋاتىدۇ، گۇناھىدىن ئۆتۈشنى تىلەۋاتىدۇ ... مۇشۇنداق چاغدا ئۇ ئاپىسى بىلەن كۆرۈشسە نېمە ئويلايدۇ، بىلەمسىز؟

— مەن بۇ تەرىپىنى ئويلىماپتىمەن، — دېدى كارېنىن. بۇ گېپىدىن ئۇنىڭ لىدىيەنىڭ ئۇ گېپىگە قوشۇلغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

گراف لىدىيە خانىم ئىككى ئالىقىنى بىلەن يۈزىنى يېپىۋېلىپ جىم بولۇپ قالدى، بۇ ئۇنىڭ ئىچىدە ئايەت

ئوقۇۋاتقىنى ئىدى.

— مېنىڭ مەسلىھەتىمنى ئاڭلىماقچى بولسىڭىز، — دېدى ئۇ ئايىتىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن قوللىرىنى يۇزىدىن چۇشۇرۇپ، — ھەرگىز ئۇنىڭغا ماقۇل دېمەڭ. ئەجەبا، مەن سىزنىڭ تارتقان دەردلىرىڭىزنى، بۇ ئىشنىڭ شۇ دەردلىرىڭىزنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدىغانلىقىنى بىلمەيمەنمۇ؟ ماقۇل، سىزنى ئادەتتىكىگە ئوخشاش ئۆزىنىڭ نېمە بولۇشى بىلەن كارى يوق يۇرسۇنمۇ دەيلى، ئەمما بۇنىڭ قانداق ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟ سىزگە يېڭى ئازابلارنى ئېلىپ كېلىشتىن باشقا، ئوغلىڭىزنىڭ يۈرىكىنى ئازابقا پاتۇرمامدۇ؟ ئەگەر ئۇ خوتۇندا ئازراق بولسىمۇ ئادىمىيلىك بولىدىغان بولسا، سىزگە بۇنداق تەلەپنى قويمىسا بولاتتى. ياق، مەن قەتئىي تەۋرەنمەيمەن، سىزمۇ ئۇنىڭغا ماقۇل دېمەڭ. ئەگەر رۇخسەت قىلسىڭىز، مەن ئۇنىڭغا ھازىرلا خەت يازىمەن.

كارىبىنىن ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن گراف لىدىيە خانىم ئۈستەلدە ئولتۇرۇپ ئاناغا فرانسۇزچە مۇنداق خەت يازدى:

*قەدىرلىك خانىم!*

*ناۋادا سىز ئوغلۇمغا ئۆزۈمنى ئەسلىتىمەن دەپ بۇيلايدىغان بولسىڭىز، ئۇ چاغدا ئوغلىڭىزنىڭ كاللىسىدا بىرقاتار سوئاللار تۇغۇلۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۇ سوئاللىرىغا جاۋاب بەرسىڭىز، مۇقەررەركى، يۈرىكىگە بىر قارا سايە تاشلىنىپ، ئەسلىدە مۇقەددەس بىلىپ يۈرگەن نەرسىلىرىگە نەپرەت بىلەن قارايدىغان بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا، سىزدىن ئېرىڭىزنىڭ ئىلتىماسىڭىزنى رەت قىلغانلىقىنى خىرىستىئانلىق مېھىر - مۇھەببەت بىلەن توغرا چۈشىنىشىڭىزنى ئۆتۈنىمەن. خۇدا سىزگە ئالەمچە مېھىر - شەپقەت ياغدۇرغۇسى.*

*گراف لىدىيە خانىم*

گراف لىدىيە خانىم بۇ خېتى بىلەن ئۆزىمۇ ئىقرار قىلىشقا

پېتىنالمايدىغان رەزىل مەقسىتىگە يەتكەنىدى. خەت ئاننىغا ناھايىتى قاتتىق تەگدى.

كارېنىن لىدىيەنىڭ ئۆيىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بىر كۈن كەچكىچە قولى ئىشقا بارمىدى، يېقىندىن بېرىقى روھىي خاتىرجەملىكىمۇ بۇزۇلدى.

خوتۇنى ئۇنىڭ ئالدىدا چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزگەن، ئۆزى خۇددى گراف لىدىيە خانىم ئادىللىق بىلەن ئېيتقاندەك ئەۋلىيا سۈپەت ئادەم بولغاندىكىن، خوتۇنى خىيالىغا كېلىپ قالغان چاغلاردا ئۆزىنى ئۇنچىلىك يوقىتىپ قويماسلىقى كېرەك ئىدى، لېكىن ئۇنداق قىلالمىدى، خاتىرجەملىكى بۇزۇلدى، ھەتتا كىتابمۇ كۆرەلمىدى، كاللىسىدىكى ئۇ ئازابلىق خاتىرىلەرنى ئۆزىدىن نېرى قىلالمىدى، ئۇنىڭ بىلەن ئۆتكەن كۈنلىرىنى ئەسلەپ، خوتۇنىغا قىلغان خاتا ئىشلىرىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلىپ يەتكەندەك بولدى. بەيگىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن خوتۇنىنىڭ ئۆزىنىڭ ناپاك ئىشلىرىنى سۆزلەپ بەرگەنلىكىنى خۇددى تۈۋىنامە ئاڭلاۋاتقاندەك (بولۇپمۇ ئۇ خوتۇنىدىن پەقەت يۈز ـ ئابرۇيىنىلا ساقلاپ قېلىشنى تەلەپ قىلىپ، دۇئېلغا چىقىشنى ئويلىمىغانلىقىنى بەكرەك ئويلاپ كەتتى) ئاڭلىغانلىقىنى ئەسلەپ ئىچ ـ ئىچىدىن ئازابلىنىپ كەتتى. ئۇ يەنە خوتۇنىغا يازغان خېتىنى ئەسلەپمۇ كۆڭلى ئەسكى بولدى. بولۇپمۇ ھېچكىمگە كېرىكى بولمىغان كەچۈرۈشلەر بىلەن باشقا ئادەمنىڭ بالىسىغا قىلغان غەمخورلۇقلىرىنى ئويلىغاندا، نومۇستىن، پۇشايماندىن يۈرىكى ئوتتا پۇچىلانغاندەك قاتتىق ئازابقا پاتتى.

بۇ خىل نومۇسلىنىش ۋە پۇشايمان ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئۆتكەن بارلىق كۈنلىرىنى ئەسلىگەندە، ئۇزاق ۋاقىت ئىككىلىنىپ يۈرۈپ، ئاخىر ئۇنىڭغا توي قىلىش تەلىپىنى ئېيتقاندا قىلغان ھېلىقى ئەخمىقانە گەپلىرىنى ئەسلىگەندە يۈرىكىنى يەنە تاتىلاشقا باشلىدى.

«مەن زادى نېمە ئىشتا خاتا قىلدىم؟ — دەيتتى ئۇ ئۆزىگە ئۆزى. بۇ سوئال يەنە ئۇنىڭ كۆڭلىگە باشقا بىر خىياللارنى كەلتۈرۈپ، مېنىڭ ئورنۇمدا باشقىلار، مەسىلەن، ۋرونسكىي، ئوبلونسكىي ۋە ھېلىقى پاچاقلىرى سېمىز ئوردا خىزمەتچىسى بولغان بولسا، ئۇلارمۇ مۇشۇنداق مەسىلىگە ئۇچرىغاندا مەندىن باشقىچە قاراشلاردا بولارمىدى، ئۇلارنىڭ مۇھەببەتلىرى ۋە تۇرمۇشلىرىدا قانداق ئوخشىماسلىقلار بولۇشى مۇمكىن، دەپمۇ ئويلاپ قالاتتى. ئۇ يەنە تېنى ساغلام، ئۆزلىرىگە ئىشەنچى تولۇق بۇ ئادەملەرنى تەسەۋۋۇر غەلۋىرىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئۇلارغا ھەر ۋاقىت ھەۋەس قىلىپمۇ تۇراتتى. بەزىدە يەنە شۇنداق خىياللارنى ئۆزىدىن نېرى قىلىشقا تىرىشىپ، ئۆزىنىڭ ياشىشىنىڭ بۇ دۇنيادىكى ۋاقىتلىق ھايات ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى مەڭگۈلۈك ھايات، يۈرىكىدە تولۇپ ياتقان تىنچ مۇھەببەت ئۈچۈن ئىكەنلىكىگە ئۆزىنى ئىشەندۈرمەكچىمۇ بولاتتى. لېكىن، مانا مۇشۇ ئەرزىمەس ۋە ۋاقىتلىق ھايات ئىچىدە ئۇ بەزى خاتالىقلارنى سادىر قىلدى، شۇ خاتالىقلىرى ئۇنى شۇنچىلىك ئازابلايتتى، شۇنداق ئازابلانغان چاغلىرىدا كۆڭلىدە ئويلاپ يۈرگەن، ئۆزى ئېتىقاد قىلىۋاتقان مەڭگۈلۈك جەننەتنى بىردىنلا غايىب بولۇپ كەتكەندەك بولۇپ قالاتتى. ئەمما، بۇ خىل خام خىياللار ئۇزاق داۋام قىلمىدى، كۆڭلىدە يەنە خاتىرجەملىك ۋە ئۇلۇغۋارلىق ئەسلىگە كەلدى. كۆڭلى شۇنىڭغا تۇرغۇنلاشقاندىن كېيىن يادىغا ئالغۇسى كەلمىگەن ئۇ ئىشلارنى ئۇنتۇشقا باشلىدى.

## *26*

— قانداق، كاپىتونىچ؟ — دېدى تۇغۇلغان كۈنىنىڭ ھارپا كۈنى ئويۇندىن پوكاندەك قىزىرىپ خۇشال قايتىپ كەلگەن

سېرىيوژا ئۆزىگە ئىچكىشىپ كۆلۈمسىرەپ تۇرغان ئىشىكباقارغا پۇرمە چاپىنىنى بېرىۋېتىپ، ــ قانداق، ئىچكىكىنى تېگىشۋالغان ھېلىقى ئەمەلدار بۇگۈن كەلدىمۇ؟ دادام ئۇنى قوبۇل قىلدىمۇ؟

ــ قوبۇل قىلدى. ئىشخانا مۇدىرى كېتىشىگىلا كىرىپ دادىلىرىغا مەلۇم قىلدىم، ــ دېدى كاپىتونىچ كۆزىنى خۇشال قىسىپ قويۇپ، ــ مەن يېشىپ قوياي.

ــ سېرىيوژا! ــ دېدى ئىشىك تۈۋىدە تۇرغان سلاۋيان ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى، ــ ئۆزۈڭ يەش!

سېرىيوژا ئائىلە ئوقۇتقۇچىسىنىڭ بېسىق ئاۋازىنى ئاڭلىدى، ئەمما ئۇنىڭغا ئېتىبار بەرمىدى. ئۇ كاپىتونىچنىڭ بەلبېغىنى بىر قولىدا چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى.

ــ قانداق، دادام ئۇنىڭ تەلەپلىرىگە ماقۇل دەپتۇمۇ؟

كاپىتونىچ بېشىنى لىڭشىتتى.

ئىچكىكىنى داكا بىلەن تېگىشۋالغان ئۇ ئەمەلدار كارىپىنىنى ئىزدەپ يەتتە قېتىم كەلگەچكە، سېرىيوژا بىلەن كاپىتونىچ ئۇنىڭغا دىققەت قىلىپ قالغانىدى. بىر قېتىم ئۇ كاپىتونىچقا، مېنىڭ كەلگىنىمنى تۆرەمگە مەلۇم قىلىپ قويسىڭىز، بالىلىرىمنى، مەنمۇ ئاچتىن ئۆلەي دەپ قالدۇق، دەپ يالۋۇرۇۋاتقاندا، سېرىيوژا ئىچكىرىدىن چىقىپ قېلىپ ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغانىدى.

كېيىن سېرىيوژا ئۇنى ئىشىكنىڭ ئالدىدا يەنە بىر قېتىم كۆرۈپ قېلىپ، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

ــ قانداق، ئۇ خۇشال بولدىمۇ؟ ــ سورىدى ئۇ.

ــ خۇشال بولماي ئەمسە! خۇشاللىقىدىن قىن ـ قىنىغا پاتماي چىقىپ كەتتى.

سېرىيوژا بىردەم جىمىپ كېتىپ، ئاندىن يەنە:

ــ بىرەرى بىرنەرسە ئېلىپ كەلدىمۇ؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ ھەئە، بايۋەچچە، ــ دېدى كاپىتونىچ بېشىنى ئىرغاڭلىتىپ

تۇرۇپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا، — گىراف خانىم بىر نەرسە ئەۋەتىپتۇ.

سېرىيوژا ئۇ دېگەن خانىمنىڭ گىراف لىدىيە خانىم ئىكەنلىكىنى، سوۋغىنى شۇنىڭ ئەۋەتكەنلىكىنى دەررۇ چۈشەندى.

— راستمۇ؟ ئۇ نەرسە قەيەردە؟

— كورنېي دادىلىرىغا ئەكىرىپ بەردى. ئۇ چوقۇم ئېسىل نەرسە.

— قانچىلىك بار؟ مۇشۇنچىلىك كېلەمدۇ؟

— ئۇنىڭدىن كىچىكرەك، ئەمما ياخشى نەرسە.

— كىتابمۇ؟

— ياق. ئىشقىلىپ، ياخشى بىر نەرسە. بېرىڭ، سىزنى ۋاسىلىي لۇكىچ چاقىرىۋاتىدۇ، — دېدى ئىشىكباقار ئائىلە ئوقۇتقۇچىسىنىڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ ۋە ئۆزىنىڭ بەلبېغىنى تۇتۇپ تۇرغان بالىنىڭ قولىدىكى يېرىمى سۇغۇرۇلۇپ قالغان پەلىيىنى كىيگۈزۈپ تۇرۇپ. ئاندىن كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ تۇرۇپ، ئوقۇتقۇچى كېلىۋاتقان تەرەپكە قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— ۋاسىلىي لۇكىچ، مانا، ھازىرلا كىرىمەن! — دېدى سېرىيوژا خۇشخۇي تەبەسسۇمى بىلەن. ئۇ كۆپىنچە چاغلاردا تىرىشچان ۋاسىلىي لۇكىچنى ئاشۇ كۈلكىسى بىلەن ئۆزىگە بويسۇندۇراتتى.

بۈگۈن سېرىيوژا شۇنچىلىك خۇشال، شۇنچىلىك بەختلىك ئىدىكى، يازلىق باغدا ئويناۋاتقاندا گىراف لىدىيە خانىمنىڭ جىيەنىدىن ئاڭلىغان ئائىلىسىدىكى يەنە بىر خۇشاللىقنى ئۆزىنىڭ يېقىن ئادىمى بولغان قېرى ئىشىكباقارغا ئېيتىپ بەرمەي تۇرالمىدى. بۇ خۇشاللىق ھېلىقى ئەمەلدارنىڭ خۇشاللىقى، گىراف لىدىيە خانىمنىڭ سوۋغىسىنىڭ خۇشاللىقى بىلەن قوشۇلۇپ ئۇنى قالتىس سۆيۈندۈرگەن ھەم بۇ ئۈچ خۇشاللىق بىرلا ۋاقىتتا كەلگەنىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئويىچە، بۈگۈن ئالەمچە كاتتا كۈن بولۇپ، بۇ كۈندە ھەممە تەڭ خۇشال

بولۇشى، تەلى تەنتەنە قىلىشى كېرەك ئىدى.
— بىلەمسەن، دادام بۈگۈن نېۋسكىي ئوردىنى ئاپتۇ، سەن ئاڭلىدىڭمۇ؟
— ئاڭلىمىدىغان! كىشىلەر كېلىپ مۇبارەكلەپ كېتىشتى.
— قانداق، ئۇ خۇشالمۇ؟
— پادىشاھنىڭ ھەممىسىگە قانداقمۇ خۇشال بولماي تۇرالىسۇن؟ دادىلىرى كاتتا خىزمەت كۆرسەتكەن گەپ - دە، — دېدى كاپىتونىچ جىددىي تەرزدە.
سېرىيوژا ئۇنىڭ ئۆزىگە تولىمۇ تونۇش بولغان چىرايىغا، بولۇپمۇ كۆل رەڭ ساقىلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇچلۇق ئېڭىكىگە قاراپ بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ كەتتى. دائىم كۆرۈپ تۇرغاچقىمۇ، ئۇنىڭ ئېڭىكى سېرىيوژادىن باشقا ھېچقانداق ئادەمگە ئۇنچىلىك تونۇشلۇق ئەمەس ئىدى.
— ھە راست، قىزىڭىز ھازىر سىلەرنىڭ ئۆيدىمۇ؟
كاپىتونىچنىڭ قىزى بالېت ئارتىسى ئىدى.
— ياق. بۈگۈن يەكشەنبە تۇرسا ئۆيدە نېمە ئىش قىلىدۇ؟ ئۇلارمۇ دەرسكە بارىدۇ. ئەمدى سىزمۇ دەرسىڭىزگە كىرىڭ، بەگزادە، مېڭىڭ!
سېرىيوژا دەرسخانىسىغا كىرىپ ئۈستىلىگە بېرىپ ئولتۇرماي، مۇئەللىمگە ئۆزىگە ئەۋەتكەن سوۋغىنى چوقۇم ئويۇنچۇق پويىز، دېدى ۋە ئۇنىڭدىن:
— سىز ئۇنىڭ نېمىلىكىنى بىلدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى.
لېكىن، ۋاسىلىي لۇكىچنىڭ خىيالى گراماتىكا مۇئەللىمى كەلگۈچە سېرىيوژاغا گراماتىكىنى تەكرار قىلدۇرۇۋېلىشتا ئىدى، مۇئەللىمى ئىككى سائەتتىن كېيىن يېتىپ كېلەتتى.
— ماڭا قاراڭ، ۋاسىلىي لۇكىچ، — سېرىيوژا ئۈستىلىگە بېرىپ ئولتۇردى ۋە قولىغا كىتابنى ئېلىپ، تۇيۇقسىز ئۇنىڭدىن سوراپ قالدى، — نېۋسكىي ئوردېنىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئوردېن بارمۇ؟ سىز دادامنىڭ نېۋسكىي ئوردېنى ئالغانلىقىنى

ئاڭلىدىڭىزمۇ؟
ۋاسىلىي لوكىچ ئۇنىڭغا ۋلادىمىر ئوردېنىنىڭ نېۋىسكىي ئوردېنىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى دەپ بەردى.
— ئۇنىڭدىنمۇ ئۈستۈنچۇ؟
— ئۇنىڭدىنمۇ ئۈستۈنى ئاندرېي ئوردېنى.
— ئاندرېي ئوردېنىدىنمۇ يۇقىرىسىچۇ؟
— ئۇنى بىلمەيدىكەنمەن.
— نېمە، سىزمۇ بىلمەمسىز؟ — سېرىيوژا ئىككى جەينىكىگە تايىنىپ ئولتۇرۇپ خىيالغا چۆمدى.
ئۇنىڭ خىياللىرى خىلمۇخىل ۋە مۇرەككەپ، تەسەۋۋۇرلىرى ئاجايىپ مول ئىدى، دادىسى تۇيۇقسىز ۋلادىمىر ئوردېنى بىلەن ئاندرېي ئوردېنىغىمۇ ئېرىشكەندەك، شۇڭا ئۆزى بۈگۈن دەرس ۋاقتىدا ناھايىتى ياۋاش ئولتۇرغاندەك، چوڭ بولغاندا ئۆزىمۇ ھەممە ئوردېنلارغا ئىگە بولىدىغاندەك، ئۇ چاغلاردا ئاندرېي ئوردېنىدىنمۇ كاتتا ئوردېنلار بارلىقىنى كېلىدىغاندەك، كىشىلەر ئويلاپ تاپقان ئوردېنلارنىڭ ھەممىسىگە ئېرىشىدىغاندەك، ئۇلاردىنمۇ كاتتا ئوردېنلارنى تەسىس قىلىشسا، ئۇلارغىمۇ ئىگە بولىدىغاندەك تەسەۋۋۇر قىلاتتى.
ۋاقىت مۇشۇنداق خىياللار بىلەن ئۆتۈپ كېتىپ، مۇئەللىم كەلگەندە، ۋاقىت، ئورۇن ۋە رەۋىش ھالەتلىرى توغرىسىدا ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى تەييارلىماي، نەتىجىدە مۇئەللىم ئۇنىڭدىن نارازى بولدى، ھەتتا خاپىمۇ بولدى. مۇئەللىمنىڭ خاپا بولغىنى سېرىيوژاغا خېلى تەسىر قىلدى. دەرسنى ياخشى تەييارلىمىغانلىقىنى ئۇنىڭدىن كۆرۈۋېرىشمۇ بولمايتتى، چۈنكى ئۇ ھەرقانچە تەييارلىسىمۇ، تىرىشسىمۇ، ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى چۈشىنەلمەي كېلىۋاتاتتى. مۇئەللىم چۈشەندۈرگەندە بىلگەندەك قىلاتتى، ئۆزى يالغۇز قالغاندا ھېچنېمىنى ئېسىگە ئالالمايتتى، «بىردىنلا» دېگەن شۇنچىلىك ئاددىي، دائىم سۆزلىنىپ تۇرىدىغان بۇ سۆزنىڭ نېمە ئۈچۈن ھالەت رەۋىشى بولۇپ قالىدىغانلىقىغا

زادىلا ئەقلىنى يەتكۈزەلمەيتتى. بۈگۈن ئۇ ئوقۇتقۇچىسىنى رەنجىتىپ قويغىنى ئۈچۈن تولىمۇ خىجالەت بولۇپ، ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ كۆڭلىنى ياسىغۇسى كەلدى.

سېرىيوژا ئاخىر ئوقۇتقۇچىنىڭ جىمجىت ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇۋاتقان پەيتىنى تېپىپ، ئۇنىڭدىن:

— مىخائىل ئىۋانىچ، سىزنىڭ تۇغۇلغان كۈنىڭىز قاچان؟ — دەپ سورىدى.

— سىز ئۆزىڭىزنىڭ دەرسىنى ئويلىسىڭىز بولاتتى. ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغان ئادەملەر ئۈچۈن تۇغۇلغان كۈننىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق. تۇغۇلغان كۈنمۇ ئادەتتىكى كۈنلەرنىڭ بىرى، مۇھىمى تىرىشىش كېرەك.

سېرىيوژا ئوقۇتقۇچىغا، ئۇنىڭ شالاڭ ساقىلىغا، بۇرنىدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ قالغان كۆزەينىكىگە پۈتۈن دىققىتى بىلەن قاراپ قېلىپ، دەرسنى چۈشەندۈرۈشلىرىنىڭ بىرىنىمۇ ئاڭلىمىدى. ئۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ ھېچقانچە ئويلىمايلا سۆزلەۋاتقانلىقىنى ئاغزىنىڭ ھەرىكىتىدىن، سۆزلەۋاتقان ئاھاڭىدىن سېزىپ تۇرۇۋاتاتتى. «ئۇلار نېمە ئۈچۈن كىشىنى زېرىكتۈرۈۋېتىدىغان، كېرىكى يوق نەرسىلەرنى بىر خىللا ئاھاڭدا سۆزلەيدىغاندۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۇ مەندىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغاندۇ؟ نېمىشقا مېنى ياخشى كۆرمەيدىغاندۇ؟» ئۇ غەمكىن ئولتۇرۇپ ئۆزىدىن ئۆزى شۇنداق دەپ سوراپ قوياتتى، لېكىن ئۇنىڭغا جاۋاب تاپالمايتتى.

# 27

ئوقۇتقۇچىدىن كېيىن دادىسى دەرس بېرەتتى. سېرىيوژا دادىسى كەلگۈچە قەلەمتىرىچىنى ئويناپ ئولتۇرۇپ خىيالغا

بىرىلىپ كەتتى. سىرىيوژانىڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىشلىرىنىڭ بىرى، سەيلە قىلىپ يۈرۈپ ئاپىسىنى ئىزدەش ئىدى. ئۇ ئادەملەرنىڭ ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيتتى، بولۇپمۇ گراف لىدىيە خانىم ئاپىسىنى ئۆلۈپ كەتتى دېگەن، دادىسى ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى ئىسپاتلىغان بولسىمۇ، ئاپىسىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىگە پەقەتلا ئىشەنمىدى. شۇڭا، ئۇ ئادەملەر تىنماي شۇنداق دەپ يۈرۈشسىمۇ، سەيلىگە چىققانلىرىدا ئاپىسىنى ئىزدەشنى زادىلا توختىتىپ قويمىدى. بەدىنى تولۇق كەلگەن، لاتاپەتلىك، قارا چاچلىق، قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن ھەرقانداق بىر ئايال ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئاپىسىدەك كۆرۈنەتتى. شۇنداق ئاياللارنى كۆرگەندە كۆڭلىدە ئاجايىپ بىر يېقىملىق تۇيغۇ پەيدا بولۇپ، ھاياجاندىن نەپىسى بوغۇلۇپ، كۆزلىرىگە ياش كېلەتتى. ئۇ ئاپىسىنى ئەنە شۇنداق زور ئۈمىد بىلەن كۈتەتتى. ئاپىسىنىڭ كېلىپ، يۈزىدىكى تورنى ئېلىۋېتىپ چىرايلىق يۈزىنى كۆرسىتىپ ئۆزىگە قاراپ كۈلۈشىنى، ئۆزىنى باغرىغا بېسىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتەتتى. ئاپامنىڭ پۇرىقى بۇرنۇمغا ئۇرۇلۇپ، يۇمشاق، مېھرىبان قوللىرى بەدىنىمگە تەگكەندە، ھېلىقى كۈنى ئاخشىمى پۇتىغا يېتىۋېلىپ، ئۇنى غىدىقلاپ، قاقاقلاپ كۈلۈپ، ئۈزۈك سالغان ئاپئاق قوللىرىنى چىشلىگەن چېغىمدىكىدەك خۇشاللىقىمدىن بەختلىك يىغلاپ كەتسەم، دەپ ئويلايتتى. كېيىن ئۇ ئىنىكئانىسىنىڭ ئويلىمايلا دەپ قويغان بىر ئېغىز گېپىدىن ئاپىسىنىڭ ئۆلۈپ كەتمىگەنلىكىنى بىلىپ قالغاندا، دادىسى بىلەن لىدىيە ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ، ئاپاڭ سەن ئۈچۈن ئۆلگەنگە ھېساب، چۈنكى ئۇ يامان خوتۇن (سىرىيوژا بۇ گەپكە زادىلا ئىشەنمەيتتى، چۈنكى ئۇ ئاپىسىنى ياخشى كۆرەتتى) دېيىشتى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ ئاپىسىنى ئىزدەشنى توختاتمىدى، بارغانلا يېرىدە ئىزدىدى، ساقلىدى. بۈگۈن يازلىق باغدا، بىنەپشە رەڭ يۈزلۈك تارتىۋالغان بىر ئايالنىڭ ئۆزلىرىگە قاراپ

كىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇ چوقۇم مىنىڭ ئاپام دەپ، ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇرغانىدى، ئۇ ئايال بىردەمدىلا نەگىدۇر غايىب بولۇپ كەتتى. بۈگۈن سېرىيوژانىڭ ئاپىسىغا بولغان مۇھەببىتى ھەرقاچانقىدىن كۈچلۈك ئىدى. شۇ تۇرقىدا دادىسىنىڭ كىرىپ دەرس سۆزلىشىنى كۈتۈپ قەلەمتىرىچى بىلەن كونىراپ كەتكەن ئۈستەلنىڭ يۈزىنى جىجاپ ئولتۇرۇۋاتقىنى بىلەن، مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلىرى ئالدىغا تىكىلىپ قالغان، ئاپىسىنى ئويلاپ ئولتۇراتتى.

— دادىڭىز كىرىۋاتىدۇ ! — دەپ ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى ۋاسىلىي لۇكىچ.

سېرىيوژا ئورنىدىن دەس تۇرۇپ دادىسىغا قاراپ يۈگۈردى ۋە قولىغا سۆيۈپ قويۇپ، نېۋسكىي ئوردېنى ئالغىنىغا خۇشال بولغىنىنى كۆرۈش ئۈچۈن بېشىنى كۆتۈرۈپ چىرايىغا قارىدى.

— ئوبدان ئويناپ كەلدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى كارېنىن ئۆزىنىڭ ساپاسىغا كېلىپ ئولتۇرۇۋېتىپ. ئۇ «تەۋرات» نى ئالدىغا تارتىپ ۋاراقلاشقا باشلىدى. گەرچە كارېنىن سېرىيوژاغا دائىم ھەرقانداق بىر خرىستىئان پەيغەمبەرلىرىمىزنىڭ تارىخىنى ئوبدان بىلىشى كېرەك، دەپ تۇرسىمۇ، ئەمما ئۆزى دائىم «ئىنجىل» نى ۋاراقلاپ ئولتۇراتتى، بۇنىڭغا سېرىيوژا دىققەت قىلغانىدى.

— شۇنداق كۆڭۈللۈك ئويناپ كەلدىم، دادا، — دېدى سېرىيوژا ئولتۇرغان ئورۇندۇقنى تەۋرىتىپ ئولتۇرۇپ. بۇ ئۆيدە بۇنداق ھەرىكەت قاتتىق چەكلىنەتتى، — مەن بۈگۈن نادېنكانى (گراف لىدىيە خانىمنىڭ ئۆز قولى بىلەن تەربىيىلەۋاتقان جىيەن قىزى) كۆردۈم، ئۇ سىزنى يېڭى ئوردېن ئاپتۇ، دېدى. ئوردېنغا خۇشال بولدىڭىزمۇ، دادا؟

— بىرىنچى، ئورۇندۇقنى تەۋرەتمە، — دېدى كارېنىن، —

ئىككىنچى، ئەڭ قىممەتلىك نەرسە مۇكاپات ئەمەس، ئەمگەك، بۇنى ئېسىڭدە تۇت. ماڭا قارا، ئەگەر سەن مۇكاپات ئېلىش ئۈچۈنلا ئەمگەك قىلساڭ، ئوقۇساڭ، ئۇ چاغدا ئەمگەك ساڭا ئېغىر بىلىنىدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئەمگەك قىلغاندا، — ئۇ بوگۇن ئەتىگەندە ئۆزىنىڭ بىر يۈز ئون سەككىز ھۆججەتكە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن بۇرچى بويىچە قول قويۇپ، ئادەمنىڭ ئىچىنى پۇشۇرىدىغان ئاشۇ مەنىسىز ئىشنى ئاران تۈگەتكەنلىكىنى بىردىنلا ئېسىگە ئېلىپ قالدى، — قىلىۋاتقان شۇ ئەمگىكىڭنى سۆيۈپ تۇرۇپ قىلساڭ، ئالىدىغان مۇكاپاتىڭ شۇنىڭ ئىچىدە بولىدۇ.

سېرىيوژانىڭ خۇشال ۋە قىزغىن چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىدىكى نۇر بىردىنلا ئۆچۈپ، دادىسىنىڭ نەزىرى چۈشكەندە ئىتتىك يەرگە تىكىلىپ قالدى. دادىسى سېرىيوژاغا داۋاملىق ئاشۇنداق تەلەپپۇزدا گەپ قىلغاچقا، سېرىيوژا ئۇنىڭغا كۆنۈپ قالغان، تېخى دادىسىنى دوراپ شۇنداق تەلەپپۇزدا گەپ قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. دادىسى سېرىيوژاغا خىيالىدىكى قانداقتۇر بىر بالىغا، پەقەت كىتابلاردىلا بولىدىغان، سېرىيوژاغا پەقەتلا ئوخشىمايدىغان بالىلارغا گەپ قىلغاندەك گەپ قىلاتتى، بۇنى سېرىيوژا سېزىپ يۈرەتتى ھەم ئۆزىنى دادىسىنىڭ ئالدىدا كىتابلاردىكى ئاشۇ بالىلاردەك تۇتاتتى.

— ئۇنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى ئەمدى چۈشەنگەنسەن؟ — دېدى دادىسى.

— چۈشەندىم، دادا! — دەپ جاۋاب بەردى سېرىيوژا ئۆزىنى ئامال بار گەپ ئاڭلايدىغان بالىلار قىياپىتىگە سېلىپ.

ساۋاق «ئىنجىل»دىن بىرنەچچە ئايەتنى يادلاش ۋە «تەۋرات» نىڭ باش قىسمىنى تەكرارلاشتىن باشلاندى. «ئىنجىل»دىكى بىرنەچچە ئايەتنى سېرىيوژا يادقا بىلەتتى، لېكىن يادلىغان چاغدا دادىسىنىڭ ئالدىغا چىقىپ قالغان ماڭلىيىغا قاراپ ئولتۇرۇپ خىيالغا كېتىپ قېلىپ، بىر ئايەتنىڭ ئاخىرىدىكى گەپ بىلەن

يەنە بىر ئايەتنىڭ بېشىدىكى گەپنى ئالماشتۇرۇپ ئوقۇپ سالدى. دادىسى شۇنىڭغا قاراپلا ئۇنى ئۆزى ئوقۇۋاتقان ئايەتنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەپتۇ، دەپ ئويلاپ قېلىپ، ئۇنىڭغا قاتتىق كايىپ كەتتى.

كارىنىن قاپىقىنى تۈرۈپ، سىرىيوژا كۆپ قېتىم ئاڭلىغان، ئەمما ئېسىدە زادىلا تۇتالماي كېلىۋاتقان ئايەتنى ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى. سىرىيوژا بۇ ئايەت بىلەن بەكمۇ تونۇشلۇق ئىدى، ئەمما «بىردىنلا» دېگەن سۆزنىڭ قانداق بولۇپ ھالەت رەۋىشى بولۇپ قالغانلىقىنى چۈشەنمىگەنگە ئوخشاش، ئۇ ئايەتلەرنىمۇ چۈشەنمەي كېلىۋاتاتتى. ئۇ دادىسىغا قورقۇمسىراپ قاراپ قويۇپ، كۆڭلىدە بىرلا نەرسىنى، يەنى دادام ئۆزىنىڭ دېگەنلىرىنى ماڭا قايتۇرۇپ دېگۈزۈپ قالارمۇ، دېگەنىنىلا ئويلاپ قېلىۋاتاتتى. بەزىدە ئاشۇنداق ئىشلارمۇ بولۇپ قالاتتى، شۇڭا ئۇنى قورقۇنچ بېسىپ، كاللىسى ئېلىشىپ كەتتى. لېكىن، دادىسى ئۇ گەپلىرىنى قايتۇرۇپ دېگۈزمەي، ئۆتىدىغان دەرسنى «تەۋرات» قا ئۆزگەرتىۋەتتى. سىرىيوژا ئۇنىڭدىكى ۋەقەلەرنى ناھايىتى ياخشى سۆزلەپ بەردى، ئەمما بەزى ۋەقەلەرنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقى توغرۇلۇق سورالغان سوئاللارغا جاۋاب بېرەلمەي، قەلەمتىرىچى بىلەن ئۈستەلنىڭ يۈزىنى جىجاپ، ئورۇندۇقنى لىكىلدىتىپ، زادىلا خاتىرجەم ئولتۇرالمىدى. بولمىسا ئۆتكەندە مۇشۇ ئىشى ئۈچۈن جازالانغانىدى. ئۇنىڭ جاۋاب بېرەلمىگىنى توپان بالاسىدىن ئىلگىرىكى ئىنسانلارنىڭ ئەجدادلىرى ئىدى، ئۇلارنىڭ كىملەر ئىكەنلىكىنى زادىلا بىلمەيتتى، بىلىدىغىنى پەقەت ھايات قېلىپ خۇدا ئەرشكە ئاچقىپ كەتكەن ئېنو ئىدى. ئىلگىرى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىسمىنى بىلەتتى، ھازىر بىرىنىمۇ ئېسىدە قالماپتۇ. «تەۋرات» تىكىلەرنىڭ ئىچىدە ئېنونى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرگەچكىمۇ، ئۇنىڭ ئىسمى ئېسىدە قالغانىدى. ئەمدى سىرىيوزانىڭ خىيالىدا ئېنونىڭ ئەرشكە تىرىك ئاچقىپ

كېتىلگىنىگە باغلىق بىر قاتار ئويلار پەيدا بولۇپ، دادىسىنىڭ قويۇن سائىتىنىڭ زەنجىرىگە، جىلتىكىسىنىڭ يۇقىرىسىدىكى تۈگمىلەنمىگەن تۈگمىسىگە قاراپ ئولتۇرۇپ شۇ خىياللارغا بېرىلىپ كەتتى.

ئۇ كىشىلەرنىڭ ئۆلۈم توغرۇلۇق دائىم ئۆزىگە سۆزلەپ بېرىدىغان گەپلىرىگە پەقەتلا ئىشەنمەيتتى، ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرىدىغان ئادەملىرىنىڭ، بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىغا تېخىمۇ ئىشەنمەيتتى. ئۆلۈم ئۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈنلەي مۇمكىن بولمايدىغان ھەم چۈشىنىپ بولمايدىغان نەرسە ئىدى. ئەمما، ئادەملەر ئۇنىڭغا بۇ دۇنيادا ياشاۋاتقان ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىشەتتى، ئۆزى ئىشىنىدىغان ئادەملەردىن سوراپ كۆرگەنىدى، ئۇلارمۇ بۇ گەپنىڭ راستلىقىنى ئېيتىشتى، ھەتتا ئىنىكئانىسىمۇ ئۇنىڭ سوئالىغا خاپا بولغاندەك قىلىپ، ئۇلار دېگەندەك دېدى. ئېنو ئۆلمەيتۇغۇ؟ شۇنىڭغا قارىغاندا، ھەممىلا ئادەم ئۆلۈپ كەتمەيدىكەن. «نېمىشقا ھەممە ئادەم خۇدانىڭ ھەممىتىگە ئېرىشىپ، ئاسمانغا تىرىك چىقىپ كەتمەيدىغاندۇ؟» دەپ ئويلىدى سېرىيوژا. ئۇنىڭ خىيالىچە، يامان ئادەملەر، مۇنداقچە ئېيتقاندا، سېرىيوژا ياخشى كۆرمەيدىغان ئادەملەر ئۆلۈپ كېتىشى، ياخشى ئادەملەر ئېنوغا ئوخشاش ئەرشكە چىقىپ كېتىشى كېرەك ئىدى.

— خوش، يەنە قايسى ئەجدادلىرىمىزنى بىلىسەن؟

— ئېنو، ئېنونى.

— ئۇنى دەپ بولدۇڭ. ساڭا سەت، سېرىيوژا، بەكمۇ سەت. ئەگەر سەن بىر خىرىستىئان ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم ئىش ھېسابلىنىدىغان نەرسىلەرنى بىلىشكە تىرىشمىساڭ، — دېدى دادىسى ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ، — ئۇ چاغدا باشقىلىرىنى قانداق قىلىسەن. مەن سېنىڭدىن رازى ئەمەس، پيوتر ئىۋانىچمۇ (ئۇ ئاساسلىق ئوقۇتقۇچى ئىدى) رازى ئەمەس ... سېنى جازالىشىم كېرەك.

دادىسىمۇ، ئوقۇتقۇچىسىمۇ سىرىيوژادىن رازى ئەمەس ئىدى. دېمىسىمۇ ئۇ ياخشى ئوقۇمايتتى، بۇنىڭلىق بىلەن ئۇنى قابىلىيىتى يوق دېيىشكە بولمايتتى، ئەكسىچە ئوقۇتقۇچىسى مىسال كەلتۈرگەن ئەقىللىق بالىلاردىن نەچچە ھەسسە ئەقىللىق ئىدى. دادىسى ئۇنى ئوقۇتقۇچىسى ئۆتكەن دەرسلەرنى ئەستايىدىل تەكرار قىلمايدۇ، دەپلا ئويلايتتى. ئەمەلىيەتتە، سىرىيوژانىڭ ئوقۇغۇسى يوق ئىدى، چۈنكى ئۇنىڭ دادىسى بىلەن ئوقۇتقۇچىسىنىڭ تەلەپلىرىدىنمۇ مۇھىم تەلەپلىرى بار ئىدى، ئىككى تەرەپنىڭ تەلەپلىرى بىر - بىرىگە زىددىيەتلىك ئىدى، شۇڭا ئۇ ئۆزىنى تەربىيىلەۋاتقان ئۇ ئادەملەر بىلەن دائىم توقۇنۇشۇپ قالاتتى.

ئۇ ئەمدىلا توققۇز ياشقا كىرگەن، تېخى بالا ئىدى، ئەمما ئۆزىنىڭ قەلبىنى ئوبدان چۈشىنەتتى، ئۇنى خۇددى كۆز قارىچۇقىنى ئاسرىغاندەك ئاسرايتتى، مۇھەببەت ئاچقۇچى بولمىسا، ئۇنىڭ ئۇ قەلب دەرۋازىسىنى ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مۇئەللىمى ياخشى ئوقۇمايۋاتىسەن، دەپ ئۇنىڭدىن ئاغرىناتتى، ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇنىڭ قەلبى بىلىش - ئوقۇشقا تەشنا ئىدى، كاپىتونىچتىن، ئىنىكئانىسىدىن، نادېنكادىن، ۋاسىلىي لۇكىچتىن ئۆگىنەتتى، پەقەت ئوقۇتقۇچىلىرىدىنلا ئۆگەنمەيتتى. دادىسى بىلەن ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئۈمىد - ئارزۇلىرى چاقپەلەك بىلەن چىقىرىلىۋاتقان سۇ نەگىدۇر ئېقىپ كېتىپ ئېرىققا چۈشمىگەندەك، بىكارغا كېتىۋاتاتتى.

دادىسى بۈگۈن ئۇنى لىدىيەنىڭ جىيەن قىزى نادېنكا بىلەن كۆرۈشمەيسەن، دەپ جازالىغانىدى، بۇ جازا دەل سىرىيوژانىڭ كۆڭلىگە ياققان جازا بولدى. بۈگۈن ۋاسىلىي لۇكىچنىڭ كەيپى ياخشى ئىكەن، ئۇنىڭغا شامال تۈگمىنى ياساشنى ئۆگىتىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ پۈتۈن كەچلىك ۋاقتى ئويۇنچۇق شامال تۈگمىنى ياساش بىلەن، دەم شامال تۈگمىنىنىڭ ئۈستىگە

چىقىپ ئۇنى ئايلاندۇرۇپ، دەم ئىككى قولى بىلەن قاناتلىرىغا ئېسىلىۋېلىپ، دەم ئۆزىنى قاناتلارغا باغلىۋېلىپ خىيال سۈرۈشلەر بىلەن ئۆتتى، ئاپىسى پەقەتلا خىيالىغا كىرىپ باقمىدى. كارىۋىتىغا چىقىپ ياتقاندا، تۇيۇقسىز ئاپىسى ئېسىگە كېلىپ، ئاپام ئەتىكى تۇغۇلغان كۈنۈمدە باشقا ياققا كېتىپ قالماي ئۆيگە كەلگەي، دەپ ئۆزى بىلىدىغان ئايەتلەر بىلەن دۇئا قىلىشقا باشلىدى.

— ۋاسىلىي لۇكىچ، مەن يەنە نېمە توغرۇلۇق دۇئا ئوقۇدۇم، بىلەمسىز؟

— ياخشى ئوقۇيمەن، دەپ دۇئا قىلغانسىز؟

— ياق.

— ئويۇنچۇق ئۇچۇنمۇ؟

— ياق، تاپالمىدىڭىز. ئاجايىپ ياخشى دۇئا دەڭا ئۇ. بۇ مەخپىي، دۇئايىم ئىجابەت بولغاندا سىزگە دەپ بېرىمەن. تاپالمىدىڭىزمۇ؟

— شۇنداق، تاپالمىدىم، ئۆزىڭىز ئېيتىپ بېرىڭچۇ! — دېدى ۋاسىلىي لۇكىچ كۈلۈپ قويۇپ. بۇنداق كۈلكە ئۇنىڭدا ناھايىتى ئاز ئۇچرايتتى، — بوپتۇ، ئەمدى يېتىڭ، شامنى ئۆچۈرىمەن!

— شامنى ئۆچۈرۈۋەتسىڭىز، دۇئا قىلىپ تەلەپ قىلغان نەرسەمنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرەلەيمەن. سىرىمنى سىزگە دەپ قويغىلى تاس قالدىم ـ ھە! — سېرىيوژا خۇشاللىقىدا كۈلۈپ كەتتى.

شامنى ئاچىقىپ كەتكەندە، سېرىيوژا ئاپىسىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغاندەك ھەم سەزگەندەك بولدى. ئاپىسى كارىۋات يېنىدا ئېڭىشىپ، مېھرىبان كۆزلىرىدە ئۇنىڭغا قاراپ، ئۇنى ئەركىلىتىپ تۇراتتى. شۇ ئارىلىقتا شامال تۇگمىنى، قەلەمتىراچ دېگەندەكلەر كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ، ھەممە نەرسە گادىرماچ بولۇپ كەتتى، سېرىيوژامۇ ئاستا ـ ئاستا ئۇيقۇغا كەتتى.

# 28

ۋرونسكىي بىلەن ئاننا پېتېربۇرگقا قايتىپ كېلىپ ئەڭ ياخشى مېھمانخانىلارنىڭ بىرىگە چۈشتى. ۋرونسكىي تۆۋەندىكى يالغۇز كىشىلىك ئۆيگە، ئاننا بوۋىقى، ئىنىكئانا ۋە خىزمەتچى ئايال بىلەن تۆت ئېغىزلىق يوغان بىر ئۆيگە جايلاشتى.

ۋرونسكىي كەلگەن كۈنىلا ئاكىسى بىلەن كۆرۈشكىلى باردى، بىر ئىش بىلەن موسكۋادىن كەلگەن ئاپىسىمۇ شۇ يەردە ئىكەن، ئۇنىڭ بىلەنمۇ كۆرۈشتى. ئاپىسى بىلەن يەڭگىسى ئۇنى بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا كۈتۈۋالدى، چەت ئەللەرگە قىلغان ساياھەتلىرى توغرۇلۇق سوراشتۇردى، ھەممىسىگە ئورتاق ئادەملەرنىڭ گەپلىرىنى قىلىشتى، ئەمما ئاننا بىلەن ئۇنىڭ مۇناسىۋىتى توغرۇلۇق بىر ئېغىزمۇ گەپ بولمىدى. ئەتىسى ئەتىگەندە ئاكىسى ۋرونسكىيدىن ئاننانىڭ ئەھۋالىنى ئۆزىچىلا سوراپ قالدى. ۋرونسكىي ئاننا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ رەسمىي توي قىلغاندەك مۇناسىۋەت ئىكەنلىكىنى، ئاننا ئېرىدىن ئاجرىشىپ بولغاندىن كېيىنلا رەسمىي توي قىلىدىغانلىقىنى، ھازىر ئۇنى نىكاھلىق خوتۇنىدەك كۆرىدىغانلىقىنى ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردى ۋە ئاكىسىدىن ئۆزىنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاپىسى بىلەن يەڭگىسىگە يەتكۈزۈپ قويۇشنى ئۆتۈندى.

— جەمئىيەت ياقتۇرامدۇ - ياقتۇرمامدۇ، كارىم يوق، — دېدى ۋرونسكىي، — ئەگەر تۇغقانلىرىم مېنىڭ بىلەن تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋەتلىرىنى داۋاملىق ساقلاپ قالىمىز دېسە، ئۇ چاغدا مېنىڭ خوتۇنۇم بىلەنمۇ شۇنداق مۇناسىۋەتتە بولۇشلىرى كېرەك.

ئىنىسىنىڭ پىكىرلىرىگە ھەرقاچان ھۆرمەت قىلىدىغان ئاكىسى جەمئىيەت بىر نېمە دەپ ھۆكۈم قىلىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ بۇ ئىشىنىڭ توغرا ـ خاتالىقىغا ھېچنېمە دېيەلمەيتتى. ئۆزىدىن ئېيتقاندا، بۇ ئىشقا پۈتۈنلەي قارشى تۇرۇپمۇ كەتمەيتتى، شۇڭا ۋرونسكىي بىلەن بىللە ئاننانى كۆرگىلى باردى.

ۋرونسكىي ئاكىسىنىڭ ئالدىدا ئاننانى باشقىلارنىڭ ئالدىدا دېگەندەك «سىز» لەپ گەپ قىلدى ۋە ئەڭ يېقىن ئادىمىگە مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلدى. ئاكىسى ئاغزىدا دېمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ قانداق مۇناسىۋەت ئىكەنلىكىنى ئالىلىبۇرۇن بىلىپ بولغانىدى. ئۇلار ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنىڭ ۋرونسكىينىڭ قورۇقىدا تۇرماقچى بولۇشقانلىقىنى دەپ بەردى.

ۋرونسكىي جەمئىيەت تەجرىبىسىنىڭ موللۇقىغا قارىماي، ئۆزىنىڭ هازىرقى پەۋقۇلئاددە ئەھۋالىدىن گاڭگىراپلا قالغانىدى. قائىدە بويىچە، هازىر ئېسىلزادىلەر جەمئىيىتىنىڭ ئىشىكىنىڭ ئۆزى بىلەن ئاننا ئۇچۇن يېپىق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشى كېرەك ئىدى، لېكىن بېشى ئايلىنىپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تۇرۇۋاتقاچقا، بۇرۇنلاردا شۇنداق بولغان بولسا مەيلى ئىدى، لېكىن هازىر جەمئىيەت ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان (ئۇ هازىر ئۆزى بىلىپ ـ بىلمەي بارلىق ئىلغارلىقلارنى هىمايە قىلىدىغان ئادەم بولۇپ قېلىۋاتاتتى)، جامائەت پىكىرلىرىدە ئۆزگىرىشلەر بولۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ئېسىلزادىلەر جەمئىيىتىنى بىزنى قوينىغا ئالمايدۇ، دېگىلى بولمايدۇ، دەپمۇ ئويلاپ قالاتتى. «ئەلۋەتتە، — ئويلىدى ئۇ، — ساراي ئەھلى ئاننانى قوبۇل قىلمايدۇ، ئەمما ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرىمىز بىزنى توغرا چۈشىنىشلىرى كېرەكقۇ.»

ئەگەر بىر ئادەم ئىختىيارلىقى بىلەن بىرنەچچە سائەتكىچە چازا قۇرۇپ ئولتۇرسا ھېچنېمە بولماي ئولتۇرۇۋېرىدۇ، ناۋادا مەجبۇرىيەت بىلەن شۇنداق ئولتۇرىدىغان بولسا ئۇنچىلىك ئۇزاق ئولتۇرالمايدۇ، پۇتلىرى كۈيۈشۈپ، پۇتلىرىنى سوزۇپ

ئولتۇرغۇسى كېلىپ كېتىدۇ. ۋرونسكىي يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرگە قارىتا نەق شۇنداق ھېسسىياتتا ئىدى. ئۇ ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە ئىشكىلىرىنى يېپىۋالغانلىقىنى بىلەتتى، شۇنداقتىمۇ سىناپ باققۇسى، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە بولغان مۇئامىلىلىرىنىڭ ئۆزگەرگەن ـ ئۆزگەرمىگەنلىكىنى، ئۆزلىرىنى قوبۇل قىلىش ـ قىلماسلىقىنى بىلىپ باققۇسى كېلەتتى. لېكىن، ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇلارنىڭ ئىشكىلىرىنىڭ ئۆزىگە ئوچۇق، ئانناغا يېپىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتتى. خۇددى مۇشۇكنىڭ چاشقان تۇتۇشى دېگەن ئويۇندەك، ئۆزى كەلگەندە ئۇلار قوللىرىنى كۆتۈرۈشۈپ ئۇنى ئۆتكۈزۈۋېتەتتى، ئاننا كەلگەندە دەررۇ قوللىرىنى چۈشۈرۈپ ئۇنى توسۇۋالاتتى.

ۋرونسكىينىڭ پېتېربۇرگقا كېلىپ تۇنجى كۆرگەن ئادىمى بىر نەۋرە ھەدىسى بېتسى بولدى.

— ئاخىر قايتىپ كەپسىلەر ـ دە، — دېدى بېتسى ۋرونسكىي بىلەن خۇشال كۆرۈشۈپ، — ئاننا قېنى؟ سېنى كۆرۈپ تولىمۇ خۇشال بولدۇم. سىلەر ھازىر نەدە تۇرۇۋاتىسىلەر؟ بىلىشىمچە، گۈزەل جايلارنى ساياھەت قىلىپ كەلگەندىن كېيىن بىزنىڭ پېتېربۇرگ كۆزۈڭلارغا سەت كۆرۈنۈپ قېلىۋاتقاندۇ، ھەرقاچان. سىلەرنىڭ رىمدىكى ساياھىتىڭلار توغرۇلۇق بەزىدە ئاجايىپ تەسەۋۋۇرلارنى قىلىپ كېتىمەن. ئاننانىڭ ئاجرىشىش ئىشى قانداق بولدى؟ رەسمىيەتلەرنى ئۆتەپ بولدىمۇ؟

ۋرونسكىي بېتسىنىڭ ئاننانىڭ تېخىچە ئاجرىشىش رەسمىيىتىنى ئۆتىمىگەنلىكىنى ئاڭلاپ، بايىقى قىزغىنلىقىنىڭ بىردىنلا سۇسلاپ قالغانلىقىنى سېزىپ قالدى.

— مەن خەقلەرنىڭ ماڭا ھۇجۇم قىلىشىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرىمەن، — دېدى ئۇ، — شۇنداق بولسىمۇ بېرىپ ئاننانى كۆرۈپ كېلەي. راست شۇنداق، چوقۇم بارىمەن. بۇ يەردە ئۇزاق تۇرمايدىغانسىلەر؟

دېگەندەك، ئۇ شۇ كۈنىلا ئاننا بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدى،

ئەمما گەپلىرىنىڭ ئۇرانى بۇرۇنقىغا زادىلا ئوخشىمايتتى. ئۇ ئانىنىڭ يېنىغا كېلىشكە جۈرئەت قىلغىنىدىن پەخىرلەنگەندەك، ئانىنىڭ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنى قەدىرلىشى كېرەكتەك گەپلەرنى قىلدى ۋە ئون مىنۇت بولار ـ بولمايلا كېتىشكە تەييارلىنىپ، ماڭار چاغدا:

— سىلەر ماڭا ئاجرىشىش رەسمىيىتىنى قاچان ئۆتەيدىغىنىڭلارنى تېخى دېمىدىڭلار. مەنغۇ خەقلەرنىڭ ئۇششاق گەپلىرىگە پەرۋا قىلماي يۈرۈۋاتىمەن، ئەمما توي قىلمىساڭلار ئۇ سۆرۈن تەلەت بىرنېمىلەر سىلەرنى يەكلەپ قويىدۇ. بۇنداق ئەھۋاللار ھازىر ھېچقانچە يېڭىلىق بولمايدىغان بولۇپ قالدى. دېمەك، سىلەر جۈمە كۈنى كېتەمسىلەر؟ ئۇنداق بولسا كۆرۈشكىنىمىز مۇشۇ بولۇپ قالغۇدەك ـ دە.

ۋرونسكىي بېتسىنىڭ گەپلىرىدىن يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ ئۆزلىرىگە قانداق قارايدىغانلىقىنى بىلىپ بولدى، شۇنداقتىمۇ ئۆزىنىڭ ئائىلىسى ئىچىدە يەنە بىر قېتىم تىرىشىپ بېقىشنى ئويلاپ قالدى. ئۇ ئاپىسىدىن ئۈمىد كۈتمەيتتى، ئاپىسىنىڭ ئانىنى دەسلەپ كۆرگەندە ماختاپ كەتكىنى بىلەن، كېيىن ئۆچ بولۇپ قالغانلىقىنى ئوبدان چۈشىنەتتى، چۈنكى ئۇ ئوغلىنىڭ ئىستىقبالىنى نابۇت قىلدى ـ دە. ۋرونسكىي ئاكىسىنىڭ خوتۇنى ۋارەگە زور ئۈمىد باغلاپ، ئۇ بىزنى ئەيىبلىمەيدۇ، قەتئىي نىيەت بىلەن ئانىنىڭ ئالدىغا بارىدۇ، ئۇنى ئۆيىدە قوبۇل قىلىدۇ، دەپ ئويلىدى.

پېتېربۇرگقا كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى ۋرونسكىي يەڭگىسى بىلەن كۆرۈشكىلى بېرىپ، ئۇنىڭ ئۆزى يالغۇز ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئۈمىدلىرىنى ئۇنىڭغا توغرىدىن توغرىلا ئېيتتى.

— ساڭىمۇ مەلۇم، ئالېكسېي، — دېدى ۋارە ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، — مەن سېنى تولىمۇ ياخشى كۆرىمەن ھەم سېنىڭ ئۈچۈن ھەممىنى قىلىشقا

تەييارمەن. لېكىن، سەن بىلەن ئاننا ئاركادىيېۋناغا پايدام تەگمەيدىغانلىقىنى بىلگىنىمدىن كېيىن گەپ قىلماسلىقنى ئويلاپ قالدىم، — ئۇ «ئاننا ئاركادىيېۋنا» دېگەن گەپنى ئالاھىدە ئۇرغۇ بىلەن دېدى، — سەن مېنى ئۇنىڭغا ئاچچىقى بار ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالما، مەندە ئۇنداق خىيال يوق، ئەگەر ئۇنىڭ ئورنىدا بولغان بولسام مەنمۇ شۇنداق قىلىشىم مۇمكىن. مېنىڭ ئۇنىڭ ئىشلىرىنى ئىنچىكە سۈرۈشتۈرگۈم يوق، — ۋارە ۋرونسكىينىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشكە قورقۇمسىراپ قاراپ قويدى، — ئەمما، پاكىتقا توغرا قارىماي بولمايدۇ. سەن مەندىن بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ كېلىشنى، ئۇنى ئۆيگە چاقىرىشىمنى، ئىبسىلزادىلەر سورۇنلىرىدىكى نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ياردەم بېرىشىمنى تەلەپ قىلىشىڭ مۇمكىن. ئەمما، چۈشەنسەڭ بولىدۇ، مەن ئۇنداق قىلالمايمەن. مېنىڭ بويىغا يېتىپ قالغان ئىككى قىزىم بار. ئۇنىڭدىن باشقا، ئېرىم ئۈچۈنمۇ ئۇ جەمئىيەتنىڭ ئىشلىرىغا ماسلىشىشىم كېرەك. بوپتۇ، ئاننا ئاركادىيېۋنانىڭ قېشىغا بېرىپ كۆرۈشۈپ كېلەي، ئەمما ئۇنى ئۆيۈمگە تەكلىپ قىلالمايمەن، تەكلىپ قىلساممۇ، ئۆزىگە باشقىچە قاراشتا بولۇۋاتقانلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالمايدىغان قىلىپ تەكلىپ قىلىشىم مۇمكىن، بولمىسا ئاننا مېنىڭدىن رەنجىيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇنىڭ ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە مېنىڭ چامام يەتمەيدۇ ...

— ئۇ سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى چۈشكۈنلىشىپ كېتىۋاتقان يۈزلەرچە ئاياللاردەك ئەمەس، — دېدى قايىقى تۇرۇلۇپ كېتىۋاتقان ۋرونسكىي ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ. ئاخىر ئۇ يەڭگىسىنىڭ قارارىنى ئۆزگەرتمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— ئالېكسېي، مېنىڭدىن رەنجىمە، بۇ ئىش ئۈچۈن مېنى ئەيىبلىسەڭ بولمايدۇ، — دېدى ۋارە قورۇنۇپراق كۈلۈپ قويۇپ.

— سەندىن رەنجىمەيمەن، — دېدى ئۇ يەنىلا قاپىقىنى تۇرۇپ

تۇرۇپ، — ئەما، كۆڭلۈم ھەسسىلەپ يېرىم. مۇشۇنداقلا مۇئامىلىدە بولساڭ، دوستلۇقىمىزغا زىيىنى يېتىپ قېلىشتىن ئەنسىرەيمەن، زىيىنى يەتمىگەن تەقدىردىمۇ، ئۇ خىل مۇناسىۋەت ئاجىزلىشىشى مۇمكىن. شۇنى چۈشەنگىنىكى، مەن ھازىر پۈتۈنلەي ئامالسىز ھالەتتە قالدىم.

ئۇ شۇ گەپنى قىلىپلا ئۇنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ كەتتى.

ۋرونسكىي بۇ ئىشقا يەنە ئۇرۇنغاندىن نەتىجە چىقمايدىغانلىقىنى بىلىپ، ئۆزلىرى ئۈچۈن ناتونۇش بولۇپ قالغاندەك كۆرۈنۈۋاتقان بۇ شەھەردىن بىرنەچچە كۈن تۇرۇپلا كېتىش كېرەكلىكىنى، كۆڭۈلسىز ئىشلار ۋە ھاقارەتلەرگە ئۇچراپ قالماسلىق ئۈچۈن، ئىلگىرى ئارىلىشىپ يۈرگەن ئېسىلزادىلەر جەمئىيىتىدىكىلەردىن ئۆزىنى تارتىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىپ قالدى. پېتېربۇرگدا ئۇنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلغان يەنە بىر ئىش، نەگىلا بارسا كارېنىن بىلەن ئۇنىڭ ئىسمىنى ئۇچرىتىپ تۇرۇش بولدى. قانداقلا گەپلەر بولۇنسا ئۇ گەپلەرنىڭ ئىچىدە كارېنىننىڭ گېپى بولماي، نەگىلا بارسا كارېنىننى ئۇچراتماي قالمايتتى. بۇ كۈنلەردە ۋرونسكىي سەينەك بولۇپ قالغان قولىنى ئايىغانسېرى بىر يەرلەرگە ئۇرۇۋېلىۋاتقان ئادەمدەك بولۇپ قالغاندى.

ۋرونسكىي پېتېربۇرگدا تۇرۇشنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن ئازابلىق بىر ئىش بولۇپ قالغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئاننادىمۇ يېقىندىن بېرى بىلىپ بولمايدىغان غەلىتە بىر خىل كەيپىيات پەيدا بولۇپ قېلىۋاتاتتى، ئۇ تۇرۇپ ۋرونسكىينى ياخشى كۆرگەندەك، تۇرۇپ ئۇنىڭدىن سوۋۇپ قېلىۋاتقاندەك بولاتتى، يوق ئىشلارغا چېچىلاتتى، نېمىگە چېچىلىدىغانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى، نېمىدىندۇر ئازابلىناتتى. خۇددى بىر ئىشلارنى ۋرونسكىيدىن يوشۇرۇۋاتقاندەكمۇ، ۋرونسكىينىڭ ھاياتىنى زەھەرلەۋاتقان ھاقارەتلەرنى سەزمەيۋاتقاندەكمۇ قىلاتتى. ئۇنىڭ سەزگۈرلۈكىدىن ئېيتقاندا، ئۇ بۇ ھاقارەتلەرنى سېزىشى ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن بىئارام بولۇشى كېرەك ئىدى.

# 29

ئانىنىڭ روسىيىگە قايتىپ كېلىشتىكى مەقسەتلىرىنىڭ بىرى ئوغلىنى كۆرۈش ئىدى. ئىتالىيىدىن يولغا چىققان كۈندىن باشلاپ شۇ خىيال ئۇنى تىنىماي ھاياجانغا سېلىپ كەلگەنىدى. پېتېربۇرگقا ئاز قالغانسېرى، ئوغلى بىلەن كۆرۈشۈشنىڭ خۇشاللىقى بىلەن ئەھمىيىتى بارغانسېرى ئۇلغىيىپ بېرىۋاتاتتى. ئەمما، ئوغلى بىلەن قانداق كۆرۈشۈش كېرەكلىكى خىيالىغا كەلمەيتتى، ئوغلۇم بىلەن بىر شەھەردە بولغاندىكىن، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش ئاسان ھەم تەبىئىي ئىش، دەپ بىلەتتى. پېتېربۇرگقا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ جەمئىيەتتىكى ھازىرقى ئورنى بىلەن ئوغلىنى كۆرۈشنىڭ ئىنتايىن قىيىن ئىكەنلىكىنى چۈشەندى.

ئۇنىڭ پېتېربۇرگقا كەلگىنىگە ئىككى كۈن بولدى، ئوغلى بىلەن كۆرۈشۈش خىيالى كاللىسىدىن بىر مىنۇتمۇ نېرى بولمىدى، لېكىن ھازىرغىچە كۆرۈشەلمەيۋاتاتتى. ئۇدۇل ئۆيگە باراي دېسە، كارېنىن بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلاتتى ھەم ئۆزىنى ئۇنداق قىلىشقا ھەقلىق دەپ قارىمايتتى. يەنە تېخى ئۇ ئۇنى ئۆيگە كىرگۈزمەسلىكىمۇ، ئۇنى ھاقارەتلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. ئېرىگە خەت يېزىپ ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىلىشىشمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئازاب ئىدى، چۈنكى ئېرىنى ئويلىسىلا كۆڭلى پاراكەندە بولاتتى. ئوغلىنىڭ قاچان، قەيەرگە بېرىپ ئوينايدىغانلىقىنى بىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن شۇ يەردە ئۇچرىشىش ئۇنىڭ ئۈچۈن يېتەرلىك ئەمەس ئىدى، چۈنكى ئۇ ئوغلى بىلەن كۆرۈشۈشكە شۇنچە ئۇزاق تەييارلىق قىلغان، ئۇنىڭغا دەيدىغان گەپلىرىمۇ كۆپ ئىدى. ئۇنى باغرىغا باسقۇسى،

قېنىپ ـ قېنىپ سۆيگۈسى كېلەتتى، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بۇ مەقسەتلىرىگە يېتەلمەيتتى. سېرىيوژانىڭ قېرى تەربىيىچىسى بولغان بولسا، ئۇنىڭغا ياردەم بەرگەن، قانداق قىلسا بولىدىغانلىقىغا يول كۆرسەتكەن بولاتتى، لېكىن ئۇ كارېنىنلارنىڭ ئائىلىسىدىن خېلى بۇرۇنلا كېتىپ قالغانىدى. ئەنە شۇنداق ئىككىلىنىشلەر ۋە قېرى تەربىيىچىنى ئىزدەش بىلەن ئىككى كۈن ئۆتۈپ كەتتى.

ئاننا گراف لىدىيە خانىمنىڭ هازىر كارېنىن بىلەن ناهايىتى يېقىن بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۈچىنچى كۈنى ئۇنىڭغا خەت يازدى. خېلى مۇشەققەت بىلەن يېزىلغان بۇ خەتكە ئۇ ئوغلۇمنى كۆرۈشۈمگە ئىجازەت بېرىلىش ـ بېرىلمەسلىكى پۈتۈنلەي ئالېكسېي ئالېكساندروۋىچنىڭ رەھىمدىللىكىگە باغلىق، دېگەن سۆزنى ئەتەي يېزىپ قويغانىدى. ئەگەر خەتنى ئېرىنىڭ قولىغا تەگكۈزۈشسە، ئۇنىڭ چوقۇم ئۆزىنى مەرد كۆرسىتىپ بۇ ئىلتىماسىنى رەت قىلمايدىغانلىقىنى ئاننا بىلەتتى.

خەتنى ئاپىرىپ بەرگەن ئادەم «جاۋاب قايتۇرۇلمايدۇ» دېگەن ئەڭ شەپقەتسىز جاۋابنى ئېلىپ كەلدى. ئاننا ئۇ ئادەمنى چاقىرتىۋېلىپ، ئۇنىڭ جاۋابنى كۈتۈپ ئۇزاق ساقلىغانلىقىنى، بىر چاغدا خىزمەتكارنىڭ «جاۋاب قايتۇرۇلمايدۇ» دېگەن گەپنى ئېلىپ چىققانلىقىنى تولۇق سوراپ بىلىپ، ئۆزىنى قاتتىق هاقارەتلەنگەندەك هېس قىلىپ قالدى. ئۇ ئەزەلدىن ۋە هېچكىم تەرىپىدىن بۇنچىلىك هاقارەتلىنىپ باقمىغان، بۇنچىلىك روهىي زەربىگە ئۇچراپ باقمىغانىدى. شۇنداقتىمۇ، گراف لىدىيە خانىمنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ ئويلاپ بېقىپ، ئۇنىڭ قىلغىنىنىڭ توغرا تەرىپىنىڭ بارلىقىنىمۇ ئويلىدى. ئۇ بۇ دەردنى ئۆزى يالغۇز تارتماي ئامالى يوق ئىدى، بۇمۇ ئۇنىڭغا شۇنچىلىك ئېغىر كېلەتتى، ۋرونسكىينىڭ بۇ دەردنى تەڭ تارتىشىپ بېرىشىنى خالىمايتتى ھەم بۇنى ئۇنىڭغا بىلدۈرۈشكىمۇ ئاغزى بارمايتتى. بۇ بەختسىزلىكلەرنى ئاساسەن ئاشۇ ئادەم كەلتۈرۈپ

چىقارغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئوغلى بىلەن كۆرۈشۈش - كۆرۈشمەسلىكى ئۇنىڭ ئۈچۈن ھېچقانچە ئىش ئەمەسلىكىنى، شۇ كۈنلەردە تارتىۋاتقان ئازابلىرىنىڭ قانچىلىك ئېغىر ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭ چۈشەنمەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. ئەگەر ئۇ بۇ دەردلىرىنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ، ئۇنىڭ سوغۇق تەلەپپۇزدىكى گەپلىرىنى ئاڭلاپ قالسا، ئۇنىڭغا ئۆچ بولۇپ كېتىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. بۇنداق بولۇشىنى ئۇ دۇنيادا ئەڭ قورقۇنچلۇق ئىش دەپ بىلەتتى، شۇڭا ئوغلىغا مۇناسىۋەتلىكلا ئىش بولسا ئۇنىڭدىن يوشۇراتتى.

ئاننا ئۆيدە بىر كۈن ئولتۇرۇپ، ئوغلى بىلەن كۆرۈشۈشنىڭ چارىلىرىنى ئويلاپ چىقتى، ئاخىر ئۇ چارىسىمۇ ئويلاپ تېپىپ ئېرىگە خەت يازدى. لىدىيەنىڭ خېتى يېتىپ كەلگەندە ئېرىگە يازىدىغان خېتىنى يېزىپ بولغانىدى. گراف لىدىيە خانىمنىڭ ئۆزىنىڭ خېتىگە جاۋاب قايتۇرماي جىم بولۇۋالغانلىقى ئانناغا ھاقارەت بولۇپ تۇيۇلغان بولسا، بۇ قېتىم يازغان خېتىنىڭ ھەربىر قۇرىنىڭ مەزمۇنى ئۇنىڭ غەزىپىنى پەلەككە يەتكۈزۈۋەتتى. ئەمدى ئۇ ئۇنىڭ بۇ زەھەرخەندىلىكى بىلەن ئۆزىنىڭ ئوغلىغا بولغان قىزغىن مۇھەببىتىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، ئۆزىنى ھاقارەت ئىچىدە تۇرغاندەك ھېس قىلمايدىغان، ئۇ خېنىمغا نەپرەت بىلەن قارايدىغان بولدى.

«ئۇلار شۇنداق باغرى تاشلىق، شۇنداق ساختىلىق بىلەن، — دەيتتى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە، — مېنى ھاقارەتلىمەكچى، ئوغلۇمنى قىينىماقچى بولۇۋاتسا، مەن ئۇلارغا ئىتائەت قىلىپ تۇرىمەنمۇ؟ ياق، بۇ مۇمكىن ئەمەس! لىدىيە مېنىڭدىنمۇ ئوسال خوتۇن ئىكەن، ھېچبولمىغاندا مەن يالغان گەپ قىلمايمەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ شۇ مىنۇتنىڭ ئىچىدە ئەتىسى، يەنى ئوغلىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىدە ئېرىنىڭ ئۆيىگە توپتوغرا بارىدىغان، ئۇلارنىڭ ئوغلىغا سۆزلەپ يۈرگەن ئۆزى توغرىسىدا توقۇغان نومۇسسىز يالغانچىلىقلىرىنى ئېچىپ تاشلايدىغان بولدى.

ئۇ ئويۇنچۇق دۇكىنىغا بېرىپ نۇرغۇن ئويۇنچۇق سېتىۋالدى، ئۇ يەرگە قانداق بېرىپ، قانداق كىرىدىغانلىقىنى ئوبدان ئويلىۋېلىپ، ئەتىسى ئەتىگەن سائەت سەككىزدە بارىدىغان بولدى. ئۇ چاغدا كارېنىن ئورنىدىن تۇرماسلىقى مۇمكىن ئىدى. ئاننا خىزمەتكارلارغا بېرىش ئۈچۈن بىرمۇنچە پۇلنى پارچىلىۋالدى، پۇل بەرسە ئۇلار ئۇنى ئۆيگە كىرگۈزۈۋېتىشى ئېھتىمال ئىدى. ئۇ ئۇ يەرگە بارغاندا يۈزىدىكى تورنى ئالمايدىغان، خىزمەتكارلارغا ئۆزىنى ئېپىسكوپ سېريوژانىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلەپ كېلىشكە ئەۋەتكەن ئەلچى، دەپ تونۇشتۇرىدىغان، ئاپارغان ئويۇنچۇقلىرىنى سېريوژانىڭ كارىۋىتى يېنىغا قويۇپ قويىدىغان بولدى. لېكىن، ئوغلىغا نېمە گەپلەرنى قىلىدىغانلىقىنى ئويلاپ قويمىغانىدى، ئەمدى ھەرقانچە ئويلىغان بىلەنمۇ ئېسىگە ھېچنېمە كەلمەيۋاتاتتى.

ئەتىسى ئەتىگەن سائەت سەككىزدە ئاننا كىرا پەيتونغا ئولتۇرۇپ ماڭدى. كارېنىنىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا بارغاندا پەيتوندىن چۈشۈپ، ئەسلىدىكى ئۆزىنىڭ ئۆيىنىڭ قوڭغۇرىقىنى باستى.

— چىقىپ قاراپ باققىنا، قوڭغۇراق باسقىنى ئايال كىشىدەك قىلىدۇغۇ، — دېدى ئىشىكباقار كاپىتونىچ پەلتوسىنى يېپىنچاقلاپ ۋە كالىچىنى كىيىپلا دېرىزىگە بېرىپ پەسكە قاراپ. ئۇ ئىشىك ئالدىدا بىر ئايال كىشىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرگەنىدى.

كاپىتونىچنىڭ ئانناغا تونۇش بولمىغان ياش ياردەمچىسى ئىشىكنى ئەمدىلا ئېچىشىغا، ئاننا ئالدىن تەييارلاپ قويغان ئۈچ رۇبلىنى پەلىيى ئىچىدىن ئېلىپ ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى.

— سېريوژا ... بەگزادە، — ئاننا شۇ گەپنى قىلغاچ ئۇدۇل ئىچكىرىگە قاراپ ماڭدى، كاپىتونىچنىڭ ياردەمچىسى قولىدىكى پۇلغا قاراپ قويۇپ، ئىتتىك مېڭىپ ئەينەك ئىشىكنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنى توسۇۋالدى.

— ئۆزلىرىگە كىم لازىم؟ — سورىدى ئۇ.

ئاننا ئۇنىڭ نېمە دېگىنىنى ئاڭلىمىغاچقا، جاۋاب بەرمەي ئالدىغا مېڭىۋەردى.

بۇ ناتونۇش ئايالنىڭ ھودۇقۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەن كاپىتونىچ ئۆزى چىقىپ ئۇنى ئىشىكتىن كىرگۈزۈۋەتتى، ئاندىن ئۇنىڭدىن نېمە ئىشى بارلىقىنى سورىدى.

— مېنى كىنەز سكورودۇموف بەگزادىنى كۆرۈپ كېلىشكە ئەۋەتكەن، — دەپ جاۋاب بەردى ئاننا.

— ئۇ تېخى ئورنىدىن تۇرمىدى، — دېدى كاپىتونىچ بۇ ئايالغا تەپسىلىي سەپسېلىپ تۇرۇپ.

ئاننا ئۆزى توققۇز يىل تۇرغان بۇ ئۆينىڭ دالىنىدىكى نەرسىلەرنىڭ ئۆز پېتى تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ بۇنچىلىك ھاياجانلىنىپ كېتىدىغانلىقىنى پەقەتلا ئويلاپ باقمىغانىدى. بۇرۇنقى خىلمۇخىل خۇشاللىقلىرى ۋە يۈرەكنى ئېزىدىغان خىلمۇ خىل ئىشلار بىردىنلا يۈرىكىنى چىرمىۋېلىپ، شۇ قىسقا ۋاقىت ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە نېمە ئىش بىلەن كەلگەنلىكىنى ئېسىدىن كۆتۈرۈۋەتتى.

— سەل تەخىر قىلىپ تۇرسىڭىز قانداق؟ — دېدى كاپىتونىچ مېھماننىڭ پەلتوسىنى سېلىشىغا ياردەملىشىۋېتىپ.

كاپىتونىچ ئۇنىڭ پەلتوسىنى يەشكۈزۈپ بولۇپ چىرايىغا قاراپلا ئۇنى تونۇۋالدى - دە، بىر ئېغىز زۇۋان سۈرمەي ئۇنىڭغا ئېگىلىپ سالام بەردى.

— خانىم، قېنى مەرھەمەت! — دېدى ئۇ ئۇنىڭغا.

ئاننا ئۇنىڭغا بىرنېمە دېمەكچى بولدىيۇ، لېكىن گېلىغا بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك بولۇپ، دېمەكچى بولغان گېپىنى دېيەلمىدى، بوۋايغا ئەيىبلىك ئادەمنىڭ يېلىنىشىدەك بىر خىل يېلىنىش بىلەن قاراپ قويۇپ، يېنىك دەسسەپ پەلەمپەيگە قاراپ ماڭدى. كاپىتونىچ پۈتۈن گەۋدىسى ئېگىلگەن ھالدا كالىچىنى سۆرەپ ئۇنىڭ كەينىدىن قالماي كېتىۋاتاتتى.

— ئۆيدە ئوقۇتقۇچى بار، تېخى كىيىملىرىنى كىيىپ بولمىدىمىكىن، مەن كىرىپ خەۋەر قىلىپ قوياي.

ئانا بوۋاينىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىماي، تونۇش پەلەمپەي بىلەن يۇقىرىغا چىقىپ كېتىۋەردى.

— مانا بۇياققا، سول تەرەپكە مېڭىڭ. كەچۈرۈڭ، بۇ يەرنى تېخى يېسىقتۇرمىغان، سەل قالايمىقانىراق. بەگزادە ئەسلىدىكى قوبۇلخانىدا تۇرۇۋاتىدۇ، — دەپ ھاسىراپ سۆزلەپ كېلىۋاتاتتى ئىشىكباقار، — كەچۈرۈڭ، خانىم، مەشەدە بىردەم ساقلاپ تۇرسىڭىز، مەن كىرىپ قاراپ باقسام، — ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە، ئىتتىك مېڭىپ ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، ئېگىز ئىشىكنىڭ بىر قانىتىنى ئاستا ئېچىپ كىرىپ كۆزدىن غايىب بولدى، ئانا ئىشىك تۈۋىدە ساقلاپ تۇردى، — بالا يېڭىلا ئويغىنىپتۇ، — دېدى كاپىتونىچ ئۆيدىن چىقىپ.

ئۇ شۇ گەپنى قىلىۋاتقان ئارىلىقتا ئانا ئوغلىنىڭ ئەسنەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى ۋە شۇ ئەسنەك ئاۋازىدىن ئوغلىنى تونۇپ، خۇددى ئوغلى شۇ تۇرقىدا كۆز ئالدىدا تۇرغاندەك ئويلىدى.

— مېنى كىرگۈزۈۋەت! مېنى كىرگۈزۈۋەت! ئەمدى سەن كەتسەڭ بولىدۇ، — ئانا شۇ گەپنى قىلىۋېتىپ ئېگىز ئىشىكتىن كىرىپ كەتتى. ئىشىكنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بىر كارىۋات قويۇقلۇق ئىدى، كارىۋاتتا بىر ئوغۇل بالا ئولتۇراتتى. ئۇستىگە ئالدى ئوچۇق كۆڭلەك كىيىۋالغان ئۇ بالا بەدىنىنى ئالدىغا سەل ئېگىپ، كېرىلگەچ يەنە ئەسنەۋاتاتتى، كۆزلىرى يۇمۇق، ئىككى جاۋغىيىدا تېخى ئۇيقۇسىغا قانمىغان بىر خىل بەخت تەبەسسۇمى ئويناپ تۇراتتى. ئۇ شۇ كۆلكىسىنى ئۆچۈرمەي، ئېرىنچەكلىك بىلەن ئاستا ـ ئاستا كارىۋىتىغا قىڭغىيىشقا باشلىدى.

ئاشۇ جۇدالىق كۈنلەردە، ئوغلىغا بولغان مېھىر ـ مۇھەببىتى ئۆرلەپ تۇرغان يېقىنقى ۋاقىتلاردا، ئانا ھامان ئوغلىنىڭ تۆت ياش ۋاقتىدىكى قىياپىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ تۇراتتى.

هازىر ئۇ ئۈنىڭدىن ئايرىلغان چاغدىكىدىن جىق ئۆزگىرىپ، بويلىرى ئۆسۈپ، ئۇ ۋاقتىدىكىگە پەقەتلا ئوخشىماي قاپتۇ، ئازراق ئورۇقلاپ قالغاندەكمۇ قىلىدۇ. ۋاي، بۇ نېمە ئىش! چىرايى شۇنچە جۇدەڭ، چاچلىرى قىسقا! قوللىرى نېمانچە ئۇزۇن! ئۇ چاغدىكىدىن جىق ئۆزگىرىپ كېتىپتۇغۇ! ئۇنىڭ سىرىيوژا ئىكەنلىكىدە گەپ يوق، بېشىنىڭ شەكلى شۇ، ئاغزىمۇ شۇ، ئىنچىكە بوينى، كەڭ يەلكىسى ئەينەن شۇنىڭ.

— سىرىيوژا! — ئانىا ئېگىشىپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا بوش توۋلىدى.

سىرىيوژا ئىككى جەينىكىگە تايىنىپ ئورنىدىن يېرىم تۇرۇپ، بىر نېمە ئىزدەۋاتقاندەك، چاچلىرى چۇۋۇلۇپ كەتكەن بېشىنى ئىككى تەرەپكە بۇراپ كۆزلىرىنى پاللىدە ئاچتى ۋە كۆز ئالدىدا قىمىر قىلماي تۇرغان ئانىسىغا خاراموش كۆزلىرىدە بىرنەچچە سېكۇنت قاراپ كەتكەندىن كېيىن، بىردىنلا بەختلىك كۈلۈمسىرەپ، ئۇيقۇسى ئېچىلمىغان كۆزلىرىنى يەنە يۇمدى-دە، بىردىنلا ئۆزىنى تاشلىۋەتتى، بۇ قېتىم ئۇ ئۆزىنى كەينىگە ئەمەس، ئانىسىنىڭ باغرىغا تاشلىغانىدى.

— سىرىيوژا! مېنىڭ قوزام! — ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كەتتى ئۇ ئوغلىنىڭ تولۇق گەۋدىسىنى باغرىغا مەھكەم بېسىپ تۇرۇپ.

— ئاپا! — دەپ خۇشال توۋلاپ كەتتى سىرىيوژامۇ بەدىنىنىڭ ھەممە يېرىنى ئانىسىنىڭ باغرىغا تولۇق يېقىۋېلىش ئۈچۈن تولغىنىپ تۇرۇپ.

سىرىيوژا تېخىچە كۈلۈمسىرەپ تۇرغان ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىنى ئاچماي، بۇدرۇق قوللىرىنى ئانىسىنىڭ مۈرىسىگە تاشلاپ ئۇنىڭغا مەھكەم يېپىشتى، پەقەت ئۇيقۇلۇق باللاردىلا بولىدىغان ئىللىق ۋە يېقىملىق بىر پۇراق ئانىسىنىڭ بۇرنىغا پۇراپ كەتتى. سىرىيوژا مەڭزىلىرىنى ھەدەپ ئانىسىنىڭ بوينىغا، مۈرىلىرىگە سۈركەيتتى.

— مەن بىلىپ يۈرەتتىم، — دېدى سېرىيوژا كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، — بۈگۈنكى تۇغۇلغان كۈنۈمگە چوقۇم كېلىدىغانلىقىڭنى بىلىپ يۈرەتتىم. مەن ئورنۇمدىن هازىرلا تۇرۇپ كېتىمەن.

ئۇ شۇنداق دەپ تۇرۇپ يەنە مۈگدەشكە باشلىدى.

ئاننا ئوغلىدىن بىردەممۇ كۆزلىرىنى ئالمىدى، ئۆزى كەتكەن چاغدىكىدىن بويىنىڭ ئۆسۈپ كەتكەنلىكىنى، چىرايىنىڭمۇ ئۆزگەرگەنلىكىنى كۆردى. ئوغلى ئەدىيالنى ئۈستىدىن ئېلىپ تاشلىغاندا كۆزىگە چېلىققان، شۇنچە يوغىناپ كەتكەن پۇتلىرىنى بىر تونۇپ، بىر تونۇماي قالدى، جۇدەڭ مەڭزىلىرى، ئۆزى پات - پات سۆيۈپ قويىدىغان گەجگىسى، بۇرۇن بويىنىغىچە چۈشۈپ تۇرىدىغان، هازىر قىسقا قىلىپ ياسىتىۋېتىلگەن چاچلىرى كۆزلىرىگە ئاجايىپ ئىسسىق كۆرۈنۈپ كەتتى.

— نېمىشقا يىغلايسەن، ئاپا؟ — دېدى ئۇيقۇسى پۈتۈنلەي ئېچىلىپ كەتكەن سېرىيوژا، — ئاپا، نېمىگە يىغلايسەن؟ — دېدى ئۇ يەنە يىغلامسىرىغان ئاۋازدا.

— مەنمۇ؟ ئەمدى يىغلىمايمەن ... خۇشاللىقىمدىن يىغلاپ تاشلىدىم. سېنى كۆرمىگىنىمگە شۇنچە ئۇزاق بولدى ئەمەسمۇ. بولدى، ئەمدى يىغلىمايمەن، يىغلىمايمەن، — دېدى ئاننا يىغىسىنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن دەررۇ كەينىگە قارىۋېلىپ، — ئورنۇڭدىن تۇرۇپ كىيىملىرىڭنى كىيىۋالغىن، — دېدى ئۇ بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن يەنە گەپ قىلىپ. ئاندىن ئوغلىنىڭ قولىنى قويۇۋەتمەي، ئوغلى كىيىملىرىنى تاشلاپ قويغان ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى.

— مەن يوق چاغلاردا كىيىملىرىڭنى قانداق كىيىپ يۈردۈڭ؟ قانداق ... — ئۇ ئۆزىنى ئەركىن تۇتۇشقا شۇنچە تىرىشقان بولسىمۇ، يىغا يامىشىپ، يەنە بىر قېتىم تەتۈر قارىۋالدى.

— هازىر مەن سوغۇق سۇدا يۇيۇنمايدىغان بولدۇم، دادام ئۇنىمىدى. سەن ۋاسىلىي لۇكىچنى كۆردۈڭمۇ؟ ئۇ هازىرلا

كىرىدۇ. ھۆي، سەن مېنىڭ كىيىملىرىمنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرۇۋاپسەنغۇ؟ — ئۇ شۇ گەپنى قىلىپلا قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

ئۇنىڭغا قاراپ ئاننامۇ كۈلۈۋەتتى.

— ئاپا، جېنىم ئاپا، چىرايلىق ئاپا! — دەپ توۋلاپ كەتتى ئۇ ئاپىسىنىڭ كۆلگىنىنى كۆرگەندىن كېيىنلا نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلگەندەك ئاپىسىغا مەھكەم ئېسىلىپ، — بۇنى كىيمىگىنە، — ئۇ شۇنداق دەپ، ئاپىسىنىڭ بېشىدىن شىلەپىسىنى ئېلىۋەتتى ۋە ئاپىسىنى شىلەپىسىز تۇرغاندا ھەقىقىي كۆرۈۋاتقاندەك، ئۆزىنى يەنە ئۇنىڭغا ئېتىپ ئۇنى سۆيۈپ كەتتى.

— مېنى سەن قانداق ئويلىدىڭ؟ مېنى ئۆلۈپ كەتتى دەپ ئويلىمىغانسەن؟

— مەن ئۇ گەپكە پەقەتلا ئىشەنمىدىم.

— راست ئىشەنمىدىڭمۇ، قوزام؟

— بىلىپ يۈرەتتىم! بىلىپ يۈرەتتىم! — ئۇ ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان بۇ گەپنى قايتا - قايتا دېدى ۋە ئاپىسىنىڭ بېشىنى سىلاۋاتقان قولىنى تۇتۇۋېلىپ، ئالىقىنىنى ئاغزىغا يېقىن ئەكېلىپ سۆيۈپ كەتتى.

## 30

ۋاسىلىي لۇكىچ باشتا ئۇ ئايالنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدى، كېيىن خىزمەتكارلارنىڭ گەپلىرىدىن ئۇنىڭ سېرىيوژانىڭ ئېرىنى تاشلاپ ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن ئاپىسى ئىكەنلىكىنى بىلىپ (ئۇ ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كەلگەن چاغدا ئاننا يوق ئىدى)، كىرىش - كىرمەسلىكنى ياكى كارېنىنغا مەلۇم قىلىش - قىلماسلىقنى بىلەلمەي ئىككىلىنىپ قالدى. ئاخىر

ئۆزىنىڭ سېرىيوژانى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ئويغىتىش ۋەزىپىسىنىڭ بارلىقىنى، شۇڭا سېرىيوژانىڭ يېنىدا ئاپىسى بارمۇ ياكى باشقا بىرىمۇ، ئۇنى ئويلاپ ئولتۇرماي، ئۆزىنىڭ دائىرىسىدىكى ئىشنى قىلىشى كېرەكلىكىنى ئويلىدى ـ دە، دەررۇ كىيىملىرىنى كىيىپ، ئىشكىنىڭ تۇۋىگە بېرىپ ئىشىكنى ئاستا ئاچتى.

لېكىن، ئۇ ئانا ـ بالا ئىككىسىنىڭ قىزغىن كەيپىياتىنى، پاراڭلىرىنى، گەپلىرىنىڭ ئاھاڭلىرىنى ئاڭلاپ، بايا ئويلىغان ئويىدىن يېنىپ، بېشىنى چايقىغان، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنغان ھالدا ئىشىكنى يېپىپ قويۇپ كەينىگە ياندى. «يەنە ئون مىنۇت ساقلاي» دېدى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە كۆزلىرىدىكى ياشنى سۈرتكەچ يەڭگىل يۆتىلىپ قويۇپ.

شۇ ئارىدا ئۆيدىكى ھەممە خىزمەتكارلار پاتىپاراق بولۇشۇپ كەتتى، ھەممىسىلا خانىمنىڭ كەلگەنلىكىنى، ئۇنى كاپىتونىچنىڭ كىرگۈزۈۋەتكەنلىكىنى، ھازىر ئۇنىڭ سېرىيوژانىڭ ھۇجرىسىدا ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولۇشقانىدى. خوجايىن سائەت سەككىزدىن كېيىن سېرىيوژانىڭ قېشىغا چوقۇم كىرەتتى، شۇڭا ھەممىسىلا ئىككىسىنىڭ ئۇچرىشىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، بۇنىڭ بىر ئامالىنى قىلىساق بولاتتى، دەپ تىت ـ تىت بولۇشاتتى. كورنېي ئىشىككە قارايدىغانلارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئانىنى كىمنىڭ، قانداق قىلىپ كىرگۈزۈۋەتكەنلىكىنى سۈرۈشتۈردى. كىرگۈزۈۋەتكەن ۋە ئۇستىدىكى ئۆيگە باشلاپ چىققان ئادەمنىڭ كاپىتونىچ ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا قاتتىق ئاھانەت قىلىشقا باشلىدى. كاپىتونىچ باشتا گەپ قىلماي جىم تۇرۇۋالدى، كېيىن كورنېي ئۇنى ھەيدەتكۈزۈۋېتىمەن، دەپ تەھدىت سالغاندا ئۇنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، قوللىرىنى شىلتىپ تۇرۇپ ۋارقىراپ كەتتى:

— سەن بولغان بولساڭ، ئەلۋەتتە، ئۇياقنى كىرگۈزمەيتتىڭ. مېنىڭ بۇ ئائىلىدە ئىشلەۋاتقىنىمغا ئون يىل بولدى، بۇ جەرياندا

مەن ئۇلاردىن ياخشىلىقتىن باشقا نەرسىنى كۆرمىدىم. ئەمدى سەن چىقىپ ئۇياققا: «ماڭ! يوقال!» دېگىن. نېمىدېگەن پىت ئۇچەي نېمە سەن! مەن كىرگۈزۈۋەتتىم، قانداق قىلاتتىڭ! خوجايىنىنىڭ چاپىنىدا تەرلەپ يۈرگىنىڭنى، يەنە تېخى ئۇنىڭ سۆسەر جۇۋىسىنى ئوغرىلىغىنىڭنى ئۇنتۇپ قالما!

— خۇمپەر! — دېدى نەپرەت بىلەن كورنېي ۋە ئۆيگە كىرىپ كېلىۋاتقان بالا باققۇچىغا قاراپ دېدى، — مۇنۇنىڭغا بىر نېمە دەڭا، ماريە يېفىموۋنا، ھېچكىمگە گەپ قىلمايلا ئۇياقنى ئۆيگە كىرگۈزۈۋېتىپتۇ. ئالېكسېي ئالېكساندروۋىچ ھازىرلا چىقىپ بالىنىڭ ئۆيىگە كىرىدىغان تۇرسا.

— بۇ بولماپتۇ، بولماپتۇ! كورنېي ۋاسىلىيېۋىچ، بىر ئامال قىلىپ بېگىمنى تۇتۇپ تۇرۇڭ، مەن كىرىپ ئۇنى ياندۇرۇپ چىقاي. ۋاي خۇدايىم، قانداقمۇ قىلارمەن!

ماريە كىرگەندە، سېريوژا ئاپىسىغا نادېنكا ئىككىسىنىڭ قار تېيىلىۋېتىپ دۆڭدىن قانداق يىقىلىپ، قانداق ئۈچ قېتىم يۇمىلاپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى. ئانىنا ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ھاياجان چىرايىغا قاراپ ۋە قولىنى سىلاپلا ئولتۇراتتى، نېمە سۆزلەۋاتقانلىقى قۇلىقىغا كىرمەيتتى. ئەمدى بۇ يەردىن كېتىشى، ئوغلىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشى كېرەك ئىدى، ئۇنىڭ ئويلايدىغىنىمۇ، ھېس قىلىۋاتقىنىمۇ شۇ ئىدى. ئۇ ئىشىكنىڭ ئالدىغا كەلگەن ۋە يۆتىلىپ قويغان ۋاسىلىي لۇكىچنىڭ قەدەم تىۋىشىنىمۇ، ماريەنىڭ كىرىپ كەلگەنلىكىنىمۇ ئاڭلىدى، لېكىن نە گەپ قىلىشنى، نە ئورنىدىن تۇرۇشنى بىلمەي تاشتەك قېتىپ ئولتۇرۇۋەردى.

— خانىم، ئوبدان خانىم، — ماريە ئاننانىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ قوللىرىغا، مۈرىلىرىگە سۆيۈپ كەتتى، — خۇدا ئوغلىمىزنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە قۇتلۇق بەرگەي، خانىم، شۇ پېتى تۇرۇپسىز، قىلچە ئۆزگەرمەپسىز.

— ۋاي، جېنىم ھەدە، سىزنىڭ ئۆيدە ئىكەنلىكىڭىزنى پەقەتلا

بىلمەيتمەن، — دېدى ئاننا بىر پەسكە ئۆزىگە كېلىپ.

— مەن ھازىر بۇ يەردە ئەمەس، قىزىمنىڭ يېنىدا تۇرۇۋاتىمەن. بەگزادەمنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى مۇبارەكلىگىلى كېلىۋىدىم. ئاننا ئاركادىيېۋنا، سادىغاڭ كېتەي.

مارىيە بىردىنلا يىغلاپ كېتىپ، ئاننانىڭ قوللىرىغا يەنە سۆيۈپ كەتتى.

سېرىيوژانىڭ كۆزلىرى چاقناپ، كۆزلىرىدە كۈلكە ئويناپ كەتتى، بىر قولىدا ئاپىسىنىڭ، بىر قولىدا تەربىيىچىسىنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ، بۇدرۇققىنا پۇتلىرى بىلەن گىلەم ئۈستىدە تېپچەكلەپ كېتىۋاتاتتى. سۆيۈملۈك تەربىيىچىسىنىڭ ئاپىسىغا كۆرسىتىۋاتقان بۇ قىزغىنلىقىنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدا قىن ـ قىنىغا پاتماي قالغانىدى.

— ئاپا ! مارىيە ئاپام دائىم مېنى كۆرگىلى كېلىپ تۇرىدۇ، ھەر كەلگىنىدە ... — سېرىيوژا تەربىيىچىسىنىڭ ئاپىسىنىڭ قۇلىقىغا بىر نېمە دەپ پىچىرلىغىنىنى، ئاپىسىنىڭ چىرايىدا شۇئان قورققاندەك ھەم ئۇيالغاندەك بىر خىل ھالەتنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى كۆرۈپ، قىلىۋاتقان گېپىنى چىپپىدە توختىتىۋالدى.

ئاپىسى ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى.

— قوزام ! — دېدى ئۇ ئوغلىغا.

ئاننا ئوغلىغا «خوش، ئوغلۇم» دېگەن گەپنى قىلالمايۋاتاتتى، ئەمما چىرايىدىن شۇ گەپنى دېمەكچى ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى، بۇنى سېرىيوژامۇ سەزدى.

— قوزام، مېنىڭ قارچىغام ! — دېدى ئاننا ئوغلىنى كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپ ئاتاپ ئۆگىنىپ قالغان سۆز بىلەن ئاتاپ تۇرۇپ، — مېنى ئۇنتۇپ قالماسەن ـ ھە؟ سەن ... — ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمىدى.

كېيىنرەك ئۇ شۇ ۋاقىتتا ئوغلىغا دېيىشكە تېگىشلىك نۇرغۇن گەپلەرنى ئويلاپ تاپتى. لېكىن، ھازىر كاللىسىغا



ھېچقانداق گەپ كەلمەي، ھېچنېمە دېيەلمەي قېلىۋاتاتتى. سېريوژا بولسا ئاپىسىنىڭ ئۆزىگە نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ تۇرۇۋاتاتتى. ئۇ ئاپىسىنىڭ بەختسىز ئىكەنلىكىنى، لېكىن ئۆزىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلەتتى، ھەتتا تەربىيىچىسىنىڭ ئاپىسىنىڭ قولىقىغا نېمە دەپ پىچىرلىغانلىقىنىمۇ بىلىپ بولغانىدى. ئۇ: «ئۇيىاق ھەر كۈنى سائەت سەككىزدىن كېيىن سېرىيوژانىڭ ھوجرىسىغا كىرىدۇ» دېگەن گەپنى قىلغان، ئۇ گەپنى سېرىيوژا ئاڭلاپ قالغانىدى. ئۇنىڭ دەۋاتقان ئادىمى دادىسى ئىدى، ئاپىسى دادىسى بىلەن كۆرۈشمەيتتى، بۇنى ئۇ بىلەتتى، بىلمەيدىغىنى پەقەت ئاپىسىنىڭ چىرايىدىكى قورقىغاندەك ھەم ئۇيالغاندەك كۆرۈنگەن ھالەت ئىدى ... ئاپىسى ھېچقانداق سەۋەنلىكى يوق تۇرۇپ نېمىشقا دادىسىدىن قورقىدۇ، نېمىشقا دادىسىدىن ئۇيىلىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئىشلارنى ئاپىسىدىن سوراپ كۆڭلىدىكى تۈگۈننى يېشىۋەتكۈسى كېلەتتى، لېكىن ئۇنىڭغا جۈرئەت قىلالمايتتى، چۈنكى ئاپىسى شۇ تۇرقىدا تولىمۇ ئازابلىنىپ تۇرۇۋاتاتتى، بۇنى كۆرۈپ سېريوژانىڭ كۆڭلى بەكمۇ يېرىم بولدى. ئۇ ئۇنچىقماي ئاپىسىنى قۇچاقلاپ، قولىقىغا:

— ئاپا، كەتمىگىن، ئۇ ھازىر كىرمەيدۇ، — دەپ شىۋىرلىدى.

ئاپىسى ئۇنى بۇ گەپنى ئويلاپ قىلىۋاتامدۇ، قانداق، دەپ بىلىپ باقماقچى بولۇپ، ئۆزىدىن ئازراق ئىتتىرىپ چىرايىغا قاراپ باقتى ۋە ئۇنىڭ ھودۇقۇپ تۇرغان چىرايىدىن دادىسى توغرۇلۇقلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئۆزىدىن، دادام توغرۇلۇق قانداق ئويلاردا بولسام بولىدۇ، دەپ سوراۋاتقاندەك بىر خىل ئىپادىنى كۆردى.

— سېريوژا، ئوبدان بالام، — دېدى ئاننا، — داداڭنى ياخشى كۆر، ئۇ مېنىڭدىن ياخشى، مېنىڭدىن ئاق كۆڭۈل، مەن ئۇنىڭ ئالدىدا ئەيىبدار. چوڭ بولغاندا ھەممىنى بىلىپ قالىسەن.

— دۇنيادا سېنىڭدىن ياخشى ھېچكىم يوق ! ... — سېريوژا

ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماي، كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ ۋارقىراپ كەتتى ۋە ئاپىسىنىڭ مۇرىسىدىن تۇتۇۋېلىپ، تىترەپ تۇرۇۋاتقان قوللىرى بىلەن ئاپىسىنى تېخىمۇ مەھكەم قۇچاقلىۋالدى.

— ئوغلۇم، سادىغاڭ كېتەي قوزام، — دەپ زارلايتتى ئانىسى ۋە ئوغلىغا ئوخشاش، بالىلارچە يىغا بىلەن ئۆزىنى باسالماي يىغلاپ كېتىۋاتاتتى.

دەل شۇ چاغدا ئىشىك ئېچىلىپ ۋاسىلىي لۇكىچ كىرىپ كەلدى. ئىككىنچى ئىشىكنىڭ نېرىسىدىن قەدەم ئاۋازى ئاڭلىنىپ، مارىيە چۆچۈگەن ئاۋازدا ئانىغا شىۋىرلىدى:

— ئۇياق كەلدى !

ئارقىدىنلا ئۇ ئانىنىڭ شىلەپىسىنى ئۇنىڭغا سۇندى.

سېرىيوژا ئۆزىنى كارىۋاتقا ئېتىۋېتىپ، ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى يېپىپ تۇرۇپ يىغلاپ كەتتى. ئانىسى ئۇنىڭ قوللىرىنى يۈزىدىن ئاجرىتىپ ياشتىن ھۆل بولۇپ كەتكەن مەڭزىلىرىگە يەنە بىر قېتىم سۆيۈپ قويۇپ، ئىتتىك ئىشىككە قاراپ ماڭدى. ئىشىكتىن چىقىپلا كارېنىن بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. كارېنىن ئۇنى كۆرۈپلا جايىدا توختاپ بېشىنى ئېگىپ تۇردى.

ئانىسى ئۇنى تېخى ھازىرلا مېنىڭدىن ياخشى، مېنىڭدىن ئاق كۆڭۈل، دېگەنىدى، ھازىر بىر پەستىلا ئۇنىڭ پۈتۈن تۇرقىنى تېز سۈرئەتتە كۆزدىن كەچۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، يۈرىكى ئۇنىڭغا بولغان نەپرەت ۋە ئاچچىق ھەم ئوغلىنى تارتىۋالغىنىغا بولغان ئۆچمەنلىك بىلەن ئۆرتىنىشكە باشلىدى. ھايال ئۆتمەيلا نېپىز تورنى يۈزىگە چۈشۈرۈپ، يۈگۈرۈپ دېگۈدەك مېڭىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

ئۇ تۈنۈگۈن شۇنچىلىك چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببەت ۋە يۈرىكىنى بېسىپ تۇرغان مۇڭ بىلەن تاللاپ سېتىۋالغان ئويۇنچۇقلارنى ئوغلىغا بېرىشكە ئۇلگۇرەلمەي قايتۇرۇپ كەلگەنىدى.

# 31

ئاننا ئوغلىنى كۆرۈشكە تەشنا بولۇپ، كاللىسىدا بۇرۇنلا تەييارلىق كۆرۈپ قويغان، ئەمما ئوغلى بىلەن كۆرۈشكەندە بۇنچىلىك دەرىجىدە هاياجانلىنىپ كېتىشىنى پەقەتلا ئويلاپ باقمىغانىدى. ئۇ مېھمانخانىغا قايتىپ كېلىپ ياتىقىغا كىرگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالغانلىقىنى بىلمىدى. «شۇنداق، ھەممە ئىش تۈگىدى، مەن يەنە يالغۇز قالدىم» دېدى ئۇ شىلەپىسىنىمۇ ئالماي، تام مەشنىڭ تۆۋىدىكى ساپاغا كېلىپ ئولتۇرۇپ ئۆزىگە ئۆزى. ئۇ ئىككى دېرىزىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۈستەل ئۈستىدە تۇرغان برونزا سائەتكە قاراپ ئولتۇرۇپ چوڭقۇر خىيالغا پاتتى.

چەت ئەلدىن بىللە ئېلىپ كەلگەن فرانسۇز خىزمەتكار قىز كىرىپ ئۇنىڭغا كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇۋېلىشنى ئېيتتى. ئاننا ھەيران قالغاندەك ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ:

— سەل تۇرۇپ! — دەپ قويدى.

ئەر خىزمەتكار كىرىپ قەھۋە ئىچىدىغان ـ ئىچمەيدىغانلىقىنى سورىدى. ئاننا ئۇنىڭغىمۇ:

— سەل تۇرۇپ! — دەپ جاۋاب بەردى.

ئىتالىيىلىك ئىنىكئانا چىرايلىق ياساندۇرۇپ قويغان كىچىك قىزنى ئېلىپ كىرىپ ئانناغا بەردى. بۇدرۇققىنا چوڭ بولغان قىز ئاپىسىنى كۆرۈپلا، سېمىز لىكىدىن بېغىشلىرىدىن سىزىق چىقىپ كەتكەن قوللىرىنى سوزۇپ، چىشلىرى يوق ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ۋىلىقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئىككى قولى بېلىقنىڭ قاناتلىرىدەك ھەدەپ ئالدىغا تاشلىناتتى، كۆڭلىكىنىڭ كراخماللانغان پۈرمىلىرى شىلدىرلاپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ بۇ

ھالىتىنى كۆرگەن ھەرقانداق ئادەم ئۇنىڭغا قاراپ كۈلمەي، ئۇنى بىرنى سۆيۈپ قويماي، ئۇياق - بۇياقتا مىدىرلىتىپ خۇشال ئوينىشى ئۇچۇن كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى ئۇنىڭغا تەڭلىمەي، تۇمشۇقىنى ئۇچلىتىش ئۇچۇن، ئاغزىنى پۈرۈپ ئۇنىڭغا يېقىن ئاپىرىپ سۆيۈپ قويىدىغاندەك ھەرىكەت قىلماي قالمايتتى. ئاننا مۇشۇ ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ ئۇنى قولىغا ئالدى، سەكرىتىپ ئويناتتى، يۇمران مەڭزىلىرىگە، ئوچۇق تۇرغان بىلەكلىرىگە سۆيدى. ئاننا ئۇنىڭغا بولغان مېھرى بىلەن سېرىيوژاغا بولغان مېھرىنى سېلىشتۇرۇشقا توغرا كېلىپ قالسا، بۇ قىزغا مېھىر - مۇھەببەتتىن سۆز ئېچىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى تېخمۇ ئېنىق ھېس قىلىشقا باشلىدى. بۇ قىزچاق ھەممە جەھەتتىن شۇنچىلىك ئوماق، شۇنچىلىك يېقىملىق ئىدى، شۇنداقتىمۇ، نېمە سەۋەبتىنكىن، ئۇنىڭ يۈرىكىنى ھاياجانغا سالالمايتتى. ئۇ پۈتۈن ئانىلىق مېھىر - مۇھەببىتىنى ئۆزى ياخشى كۆرمەيدىغان ئەردىن تۇغۇلغان تۇنجى بالىسىغا بېرىۋەتكەنىدى، يەنە تېخى شۇ مېھىر - مۇھەببىتىدىن رازى ئەمەس ئىدى. كىچىك قىزى ئەڭ ئازابلىق كۈنلەردە تۇغۇلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا بەرگەن مېھرى تۇنجى بالىسىغا بەرگەن مېھرىنىڭ بىر پىرسەنتىگىمۇ يەتمەيتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، قىزى تېخى كىچىك ئىدى، كېيىن نېمە ئىشلار بولىدۇ، بىلىپ بولمايتتى؛ سېرىيوژا بولسا چوڭ ئادەملەردەك بولۇپ قالغان ھەم شۇنچىلىك ئوماق ئىدى، ھەر خىل پىكىر - ھېسسىياتلار ۋۇجۇدىدا ئېلىشىپ تۇرىدىغان بىر خىل ھالەت شەكىللىنىشكە باشلىغانىدى. ئۇ ئاپىسىنى چۈشىنەتتى، ياخشى كۆرەتتى، ئاپىسىغا باھامۇ بېرەلەيتتى. بۇنى ئۇ ئۇنىڭ گەپلىرىدىن، قاراشلىرىدىن بىلىپ شۇنداق خىيالغا كېلىپ قالغانىدى. لېكىن، ئۇ ئۇنىڭدىن مەڭگۈگە ئايرىلىپ قالغان، جىسمانىي ياقتىنلا ئەمەس، روھىي ياقتىنمۇ مەڭگۈگە ئايرىلىپ قالغانىدى، ئەمدى ئۇنى ئورنىغا كەلتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئانىا قىزنى ئىنكئانىسغا قايتۇرۇپ بېرىپ، ئۇلارنى ئۆيدىن چىقىرىۋەتتى. ئۆزى يالغۇز قالغاندا، بويىنغا ئېسىۋالغان مېداليوننى ئېچىپ، ئۇنىڭغا سېلىۋالغان سېرىيوژانىڭ سۈرىتىگە قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتى، بۇ ئۇنىڭ قىزچىلىك چاغدا تارتقۇزغان سۈرىتى ئىدى. ئانىا ئورنىدىن تۇرۇپ شىلەپىسىنى بېشىدىن ئېلىۋېتىپ، ئۈستەل ئۈستىدىن سېرىيوژانىڭ ئوخشىمىغان ياشلىرىدا چۈشكەن سۈرەتلىرى ئېلىنغان ئالبۇمنى قولىغا ئالدى ۋە سۈرەتلەرنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈش مەقسىتىدە بىر - بىرلەپ سويۇپ ئېلىشقا باشلىدى، يېقىندا چۈشكەن ۋە ئەڭ ياخشى تارتىلغان بىر پارچە سۈرەتتىن باشقا بارلىق سۈرەتلەرنى ئېلىپ بولدى. بۇ ئۇنىڭ ئۈستىدە ئاق كۆڭلەك، ئورۇندۇققا مىنىپ ئولتۇرۇپ چۈشكەن سۈرىتى ئىدى، قاپىقى ئازراق تۈرۈلگەن، ئەمما لەۋلىرىدە تەبەسسۇم ئوينىاپ تۇراتتى. بۇ ئۇنىڭ ئەڭ خاسلىقىقا ئىگە ۋە ئەڭ ئوماق چىراي ئىپادىسى ئىدى. ئانىا ئەپچىل قوللىرى، بۈگۈن كۆچلۈك ھاياجاندىن تىترەپ توختىمىغان ئاپئاق ۋە نازۇك بارماقلىرى بىلەن ئۇ سۈرەتنى چۆرىسىدىن بوشىتىش ئۈچۈن خېلى ھەرىكەت قىلىپ باقتى، لېكىن سويۇۋالالمىدى، يا ئۈستەلدە قەلەمتىراچ كۆرۈنمەيتتى. ئاخىر بولماي، ئۇ سۈرەتنىڭ يېنىدىكى سۈرەتنى سويۇۋېلىپ (بۇ ۋرونسكىينىڭ بېشىغا دۇگىلەك شىلەپە كىيىپ چۈشكەن سۈرىتى ئىدى، چېچى كەجگىسىگە چۈشۈپ تۇراتتى)، شۇ سۈرەتنى بىر ئامال قىلىپ ئوغلىنىڭ ئۇ سۈرىتىنىڭ تېگىگە كىرگۈزۈپ تۇرۇپ سويۇۋالماقچى بولدى. «ھۆي، ئۇنىڭ سۈرىتى ئىكەنغۇ !» ئۇ ۋرونسكىينىڭ سۈرىتىگە سىنچىلاپ قاراپ كېتىپ، بۈگۈنكى بۇ بەختسىزلىكلىرىنىڭ باش ئەيىبدارىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئويلاپ قالدى. ئەتىگەندىن بېرى ئۇنى پەقەتلا خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى، ھازىر ئۆزىگە شۇنچىلىك تونۇش، شۇنچىلىك يېقىن، چىرايىمۇ شۇنداق قاملاشقان بۇ ئادەمنى كۆرۈپ، ئىختىيارسىز يۈرىكىدە مۇھەببەت دولقۇنلىرى

مەۋج ئۇرۇۋاتقاندەك بولدى.

«ئۇ ھازىر نەدىدۇ؟ نېمىشقا مېنى يالغۇز تاشلاپ قويۇپ بۇ ئازابلارغا سالدىغاندۇ؟» ئۇ ئۆزىنىڭ ئوغلىنىڭ ئىشلىرىنى ئۇنىڭدىن خۇپىيانە تۇتقانلىقىنى ئۇنتۇپ قېلىپ، بىردىنلا ئۇنى ئەيىبلىگەندەك بىر خىياللارغا بېرىلىپ كەتتى. ئۇ ئۇنى چاقىرىپ كېلىشكە دەررۇ ئادەم ئەۋەتتى، ئۇ كەلگەندە نېمىلەرنى دېيىدىغانلىقىنى خېلى كاللا قاتۇرۇپ ئويلاپ، ھەممىنى ئۇنىڭغا دېمەكچىمۇ بولدى، ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، ئۆزىگە قىزغىن تەسەللى بېرىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا باشلىدى ۋە شۇ ئوي ـ خىياللار بىلەن ئۇنى ساقلاپ ئولتۇردى. ئۇنى چاقىرىپ كەلگىلى كەتكەن خىزمەتكار كىرىپ، ئۇنىڭ بىر مېھمان بىلەن بىللە ئىكەنلىكىنى، سەل تۇرۇپ بارىمەن، پېتېربۇرگقا يېڭىلا كەلگەن كىنەز ياشۋىننى باشلاپ بارسام بولامدۇ، سوراپ باق، دېگەنلىكىنى دېدى. «ئۇ ئۆزى يالغۇز ئەمەس ئىكەن ـ دە. ئۇ تۈنۈگۈن چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن تا ھازىرغىچە مېنى كۆرگىلى كېلىپ باقمىغان، ـــ دەپ ئويلىدى ئاننا، ـــ ئۆزى يالغۇز كەلگەن بولسا ئۇنىڭغا ئۇ گەپلەرنى دېسەم بولاتتى، لېكىن ياشۋىن بىلەن بىللە كېلىدىكەن ـ دە». تۇيۇقسىز، ئاننانىڭ كاللىسىغا ئۇنىڭ مەندىن كۆڭلى سوۋۇپ قالغان بولسا قانداق قىلىمەن، دېگەن غەلىتە بىر ئوي كېلىپ قالدى.

ئۇ بىرنەچچە كۈندىن بېرى يۈز بەرگەن خىلمۇخىل ئىشلارنى: تۈنۈگۈن چۈشلۈك تاماققا كەلمىگەنلىكىنى، پېتېربۇرگقا كەلگەندىن كېيىن ئايرىم تۇرايلى دەپ چىڭ تۇرۇۋاتقانلىقىنى، ھازىرمۇ ئۆزى بىلەن يالغۇز كۆرۈشۈشتىن ئۆزىنى قاچۇرغاندەك بىرىنى باشلاپ كەلمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئەسلەپ، ئۆزىنىڭ شۇ قورقۇنچلۇق خىيالىنىڭ راستلىقىنى قەيت قىلىشقا باشلىدى.

«شۇنداق ئويى بولسا ماڭا دېسە، مەن ئۇنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى بىلسەم بولاتتىغۇ! ئۇنى بىلسەم، ئاندىن قانداق قىلىشىم كېرەكلىكىنى ئويلىمامدىمەن.» ئۇ ئۆزى بىلەن ئۆزى

سۆزلىشىپ، ئۇنىڭ راستىتىنلا ئۆزىدىن كۆڭلى سوۋۇپ قالغان بولسا، ئۆزىنىڭ قانداق ئاقىۋەتكە قالىدىغانلىقىنى ھەرقانداق قىلىپمۇ تەسەۋۋۇر قىلىپ بولالمىدى. ئەگەر ئۇ ئۆزىنى ياخشى كۆرمەيدىغان بولۇپ قالغان بولسا، ئۆزىنىڭ ئۈمىدسىزلىك گىردابىغا بېرىپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپ تېخىمۇ خاتىرجەمسىزلىنىشكە باشلىدى ۋە دەررۇ خىزمەتكار قىزغا قوڭغۇراق بېرىپ، مۇنچىنى تەييارلاشنى بۇيرۇدى. مۇنچىغا كىرىپ يۇيۇندى، خۇددى پاكىز يۇيۇنۇپ، تارىنىپ، ئەڭ يارىشىملىق كىيىملىرىنى كىيىپ، چاچلىرىنىمۇ چىرايلىق تاراپ ئولتۇرسا، ۋرونسكىي كۆرۈپلا باشقىدىن ياخشى كۆرۈپ قالىدىغاندەك، ئادەتتىكى كۇندىكىدىنمۇ بەكرەك ياساندى.

ئىشىك قوڭغۇرىقى جىرىڭلىغاندا، ئۇ تېخى ياسىنىپ بولمىغانىدى.

ئۇ مېھمانخانىغا چىققاندا، ئۇنىڭغا بىرىنچى بولۇپ ۋرونسكىي ئەمەس، ياشۋىن دىققەت قىلدى، ۋرونسكىي ئۇستەل ئۈستىدىكى ئاننا يىغىشتۇرۇۋېتىشنى ئۇنتۇپ قالغان ئوغلىنىڭ سۈرەتلىرىنى كۆرۈپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا دەررۇ قارىيالمىغانىدى.

— بىز تونۇشىمىز، — دېدى ئاننا قورۇنۇپ قېلىۋاتقان ياشۋىننىڭ يوغان ئالقىنىغا ئۆزىنىڭ كىچىككىنە قولىنى قويۇپ. ياشۋىننىڭ بۇنداق قورۇنۇپ تۇرۇشى يوغان بەستى بىلەن قوپال يۈزىگە زادىلا ماسلاشمىغانىدى، — بۇلتۇرقى بەيگىدە تونۇشقان بىز، ماڭا بېرىڭ، — ئۇ ۋرونسكىي كۆرۈۋاتقان ئوغلىنىڭ سۈرەتلىرىنى ئۇنىڭ قولىدىن چەبدەسلىك بىلەن ئېلىۋالدى ۋە چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىدە ئۇنىڭغا مەنىلىك قاراپ قويدى، — بۇ يىلقى بەيگە ياخشى بولدىمۇ؟ مەن رىمدىكى كورسودا بولغان بەيگىنى كۆردۈم. سىز ھەرقاچان چەت ئەل ھاياتىنى ياخشى كۆرمەيسىز، — دېدى ئۇ كۈلۈپ كېتىپ، — گەرچە بىز ناھايىتى ئاز ئۇچراشساقمۇ، ئەمما سىزنى ھەم سىزنىڭ ھەۋەس قىلىدىغان نەرسىلىرىڭىزنى بىلىمەن.

— مىڭ ئەپسۇس، مېنىڭ ھەۋەس قىلىدىغان نەرسىلىرىمنىڭ يېرىمى ياخشى نەرسىلەر ئەمەس، — دېدى ياشۋىن سول تەرىپىدىكى بۇرۇتىنى چىشلەپ تۇرۇپ.

ئۇلار يەنە بىردەم پاراڭلاشتى. ياشۋىن ۋرونسكىينىڭ سائىتىگە قاراپ قويۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ پېتېربۇرگدا يەنە قانچىلىك تۇرىدىغانلىقىنى سوراپ، ئاندىن يوغان گەۋدىسىنى رۇسلاپ شەپكىسىنى قولىغا ئالدى.

— قارىغاندا، ئۇزاق تۇرالمايدىغان ئوخشايمىز، — دېدى ئاننا ئىككىلىنىپ قېلىۋاتقاندەك ۋرونسكىيغا قاراپ قويۇپ.

— ئۇنداق بولسا قايتا كۆرۈشەلمەيدىغان ئوخشىمامدۇق؟ — دېدى ياشۋىن ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ. ئاندىن ۋرونسكىيغا يۈزلىنىپ تۇرۇپ دېدى، — سەن چۈشلۈك تاماقنى نەدە يېمەكچى؟

— چۈشلۈك تاماقتا مېنىڭكىگە كېلىڭ، — دېدى ئاننا ئۆزىنىڭ سەل قورۇنۇپ قېلىۋاتقىنىغا ئاچچىقى كەلگەندەك كېسىپلا. شۇنىڭ بىلەن تەڭ، ناتونۇش ئادەمنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئەھۋالىدىن گەپ قىلسا قىزىرىپ كېتىدىغان ئادىتى بويىچە بۇ قېتىممۇ قىزىرىپ كەتتى، — بۇ يەرنىڭ تاماقلىرى ياخشى بولمىسىمۇ، ئىككىڭلار تاماق ۋاقتىدا يەنە بىر-بىرىڭلار بىلەن كۆرۈشەلەيسىلەر. ئالېكسېي پولكتىكى كونا ئاغىنىلىرىنىڭ ئىچىدە سىزنى ئەڭ ياخشى كۆرىدۇ.

— بۇ گېپىڭىزگە تولىمۇ خۇشالمەن! — دېدى ياشۋىن كۈلۈپ تۇرۇپ. ۋرونسكىي ئۇنىڭ كۈلكىسىدىن ئاننانى بەكمۇ ياقتۇرۇپ قالغانلىقىنى چۈشەندى.

ياشۋىن ئاننا بىلەن ئېگىلىپ خوشلىشىپ ئىشىككە قاراپ ماڭغاندى، ۋرونسكىيمۇ كەينىدىن ماڭدى.

— سەنمۇ كېتەمسەن؟ — دەپ سورىدى ئاننا ئۇنىڭدىن.

— كېچىكىپ قالدىم، — دەپ جاۋاب بەردى ۋرونسكىي ئۇنىڭغا، — سەن مېڭىپ تۇرغىن، كەينىڭدىن يېتىشىۋالىمەن، — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ ياشۋىنغا.

ئاننا ۋرونسكىينىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ، نېمە دېسەم يېنىمدىن كەتمەيدىغان بولار، دېگەن خىيال بىلەن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇردى.

— توختاپ تۇر، ساڭا دەيدىغان گېپىم بار، — دېدى ئاننا ۋرونسكىينىڭ دىقماق قوللىرىنى ئۆزىنىڭ بوينىغا يېقىپ تۇرۇپ، — ئۇنى چۈشلۈك تاماقتا تەكلىپ قىلغىنىم يامان بولمىغاندۇ؟

— ناھايىتى ياخشى قىلدىڭ! — دېدى ۋرونسكىي تەكشى چىشلىرىنى كۆرسىتىپ ۋەزمىن كۈلۈمسىرەپ، ئاندىن ئاننانىڭ قولىنى سۆيۈپ قويدى.

— ئالېكسېي، مەندىن كۆڭلۈڭ سوۋۇپ قالمىغاندۇ - ھە؟ — دېدى ئاننا ئۇنىڭ بىر قولىنى ئىككى قولى بىلەن چىڭ سىقىپ تۇرۇپ، — ئالېكسېي، بۇ يەردە بەك ئىچىم سىقىلىپ كېتىۋاتىدۇ، قاچان كېتىمىز؟

— ئاز قالدى، ئاز قالدى! ئىشىنەمسەن، بۇ يەردىكى تۇرمۇشىمىز ماڭىمۇ ئىنتايىن مۇشكۇل تۇيۇلۇۋاتىدۇ! — ئۇ شۇ گەپ بىلەن تەڭ ئۇنىڭ قوللىرىدىن قولىنى تارتىۋالدى.

— بوپتۇ، بارغىن، بارغىن! — دېدى ئاننا رەنجىگەندەك قىلىپ ۋە ئىتتىك مېڭىپ ئۇنىڭ يېنىدىن كەتتى.

## 32

ۋرونسكىي قايتىپ كەلگەندە ئاننا ئۆيدە يوق ئىدى. ۋرونسكىيغا ئۇ كېتىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا بىر خېنىم كېلىپ، ئاننا ئىككىسىنىڭ بىر ياققا كەتكەنلىكىنى ئېيتىشتى. ئاننانىڭ نەگە بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قويماي چىقىپ كەتكەنلىكى، شۇ چاغقىچە قايتىپ كەلمىگەنلىكى، ئۇنىڭ نەگە بېرىشى مۇمكىنلىكى، بارىدىغان يېرىنى ئۆزىگىمۇ دەپ قويمىغانلىقى،

ئۇنىڭ ئۈستىگە بۈگۈن ئەتىگەندىكى بۆلەكچىلا خۇشال بولۇپ كەتكەن غەلىتە ھالىتى، ياشۋىنىنىڭ ئالدىدىلا ئۆزىنىڭ قولىدىن ئوغلىنىڭ سۈرەتلىرىنى تارتىۋېلىپ ئۆزىگە دۈشمىنىدەك قاراپ قويغانلىقى — مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى قاتتىق ئويلاندۇرۇپ قويۇۋاتاتتى. ئاخىر ئۇ ئانىنا بىلەن ئوچۇق سۆزلىشىش قارارىغا كېلىپ، ئۇنى قوبۇلخانىدا ساقلاپ ئولتۇردى. لېكىن، ئانىنا ئۆزى يالغۇز ئەمەس، ھامىمىسى — قېرى قىز كىنەز ئوبلونسكايا خېنىم بىلەن بىللە كەلگەنىدى. بۈگۈن ئەتىگەن ئانىنانى كۆرگىلى كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بىر نەرسىلەرنى سېتىۋالغىلى بازارغا كەتكەن خېنىم شۇ ئىدى. ئانىنا ۋرونسكىينىڭ تەشۋىش ۋە سوئال نەزىرى بىلەن ئۆزىگە قاراپ تۇرغانلىقىنى سەزمەي، خۇشال ھالدا ئۆزىنىڭ نېمە نەرسىلەرنى سېتىۋالغانلىقىنى سۆزلەپ كەتتى. ۋرونسكىي ئۇنىڭ كەيپىياتىغا قاراپ، ئۇنىڭدا ئالاھىدە بىر ئۆزگىرىشنىڭ يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى سەزگەندەك بولدى. ئانىنانىڭ چاقناپ تۇرغان خۇشال كۆزلىرى بىردىنلا ۋرونسكىينىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، شۇئان جىددىيلىشىشكە ۋە خاتىرجەمسىزلىنىشكە باشلىدى. ئانىنانىڭ گەپلىرى ۋە ھەرىكەتلىرىدە بىر خىل ئەسەبىي خۇشاللىق ۋە جىلۋە ئويناپ تۇراتتى. ئۇنىڭدىكى بۇ ھالەت ئىككىسى يېڭى تونۇشقان چاغلاردا ۋرونسكىينى ئەقىل - ھوشىدىن ئايرىغان بولسا، ھازىر تەشۋىشكە سېلىپ تۇرۇۋاتاتتى.

ئۈستەلگە تۆت كىشىلىك تاماق راسلانغان، مېھمانلارمۇ كېلىپ بولۇپ تاماقخانىغا كىرەيلى دەپ تۇرغان شۇ ئارىلىقتا، تۇشكېۋىچ كىنەز بېتسى خانىمنىڭ ئانىناغا دەيدىغان ئاغزاكى گېپىنى ئېلىپ كىرىپ كەلدى. كىنەز بېتسى خانىم ئۆزىنىڭ ئانىنانى ئۈزىتىپ بارالمايدىغانلىقى ئۈچۈن ئانىناغا كۆڭۈل ئېيتقانىدى. سالامەتلىكى ياخشى ئەمەس ئىكەن، شۇڭا ئانىناغا سائەت ئالتە يېرىم بىلەن توققۇزنىڭ ئارىلىقىدا ئۆيىگە بىر

كېلىپ كېتىشىنى ئېيتىپتۇ. ۋرونسكىي ئۇنىڭ ئاننا بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغان ۋاقتىنى ئاڭلاپ — بۇ ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئاننانى بىر كىم بىلەن ئۇچرىشىپ قالمىسۇن دېگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى — ئانناغا لەپپىدە بىر قاراپ قويدى. ئاننا ئۇنىڭ بۇ قارىشىنى سەزمىگەندەك ئىدى.

— ئەپسۇس، سائەت ئالتە يېرىم بىلەن توققۇزنىڭ ئارىلىقىدا ئىشىم بار، بارالمايمەن، — دېدى ئاننا مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ.

— كىنەز خانىم ئەپسۇسلىنىپ قالىدىغان بولدى ـ دە.

— مەنمۇ شۇ.

— سىز ئېھتىمال پاتتىنىڭ ئوپېراسىنى كۆرگىلى بارماقچى بولۇۋاتسىڭىز كېرەك؟ — دېدى تۇشكېۋىچ.

— پاتتى دەمسىز؟ ئەجەبمۇ ياخشى گەپ قىلدىڭىز، ئەگەر لوژىدىن ئورۇن ئېلىش مۇمكىن بولسا چوقۇم باراتتىم.

— مەن ئېلىپ بېرەي، — دەپ مەيدىسىگە ئۇردى تۇشكېۋىچ.

— شۇنداق قىلالىسىڭىز سىزدىن تولىمۇ، تولىمۇ مىننەتدار بولاتتىم، — دېدى ئاننا، — بىز بىلەن تاماقتا بىللە بولالامسىز؟

ۋرونسكىي ئاننانىڭ مەقسىتىنىڭ نېمىلىكىنى چۈشىنەلمەي، مۈرىسىنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس كۆتۈرۈپ قويدى. ئۇ بۇ كىنەز خېنىمنى نېمىشقا باشلاپ كېلىدۇ؟ نېمىشقا تۇشكېۋىچنى تاماققا تۇتۇپ قالىدۇ؟ ئادەمنى تېخىمۇ ھەيرانلىقتا قالدۇرىدىغىنى، نېمە ئۈچۈن تۇشكېۋىچنى لوژا ئېلىپ بېرىشكە بۇيرۇيدۇ؟ ئەگەر ئۇ ھازىرقى ھالىتىدە پاتتىنىڭ ئوپېراسىنى كۆرگىلى بارسا، ئۇ يەردە يۇقىرى قاتلامدىكى نۇرغۇن تونۇشلارنىڭ كۆزىگە چېلىقمامدۇ؟ ئۇ ئويۇنغا بېرىش ئەمەس، بېرىشنى ئويلاشمۇ تەسەۋۋۇرغا سىغمىدىغان ئىشمۇ؟ ۋرونسكىي ئانناغا جىددىي نەزەر تاشلىۋىدى، ئاننا ئۇنىڭغا نە خۇشال بولغانلىقىنى، نە ئۈمىدسىزلەنگەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان بىر خىل قارىشى بىلەن جاۋابەن قاراپ قويۇپ تۇرىۋەردى. تاماق ۋاقتىدا ۋرونسكىيغا نېمە قىلالايتتىڭ، دېگەندەك، ياشۋىن بىلەن

تۇشكېۋېچقا نازلىنىۋاتقاندەك بىر خىل خۇشخۇي كەيپىيات ئىچىدە ئولتۇردى. تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن تۇشكېۋىچ لوۋزا ئۇقۇشقىلى ماڭدى، ياشۋىن تاماكا چەككىلى چىقىپ كەتتى. ۋرونسكىي ئۇنىڭ كەينىدىن ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا چۈشۈپ كەتتى. ئۇ ھۇجرىسىدا بىردەم ئولتۇرۇپ بېقىپ، يەنە يۇقىرىغا چىقتى. ئاننا پارىژدا تىكتۈرگەن، چۆرىسىگە مەخمەل تۇتۇلغان، ياقىسى كەڭ ئېلىنغان سۇس رەڭلىك يىپەك كۆڭلىكىنى كىيىپ، بېشىغا ئاق رەڭلىك ئاجايىپ جۇلالىق لېنتا تاقاپ، يۈزىگە قىممەت باھالىق تور تارتىپ تەييار بولۇپ تۇرغانىدى. بۇ نەرسىلەر ئۇنىڭ چاقناپ تۇرغان گۈزەللىكىنى تېخىمۇ ئاچقانىدى.

— سىز راستىنلا ئويۇن كۆرگىلى بارامسىز؟ — سورىدى ۋرونسكىي ئامال بار ئۇنىڭغا قارىماسلىققا تىرىشىپ.

— سىز نېمىشقا بۇنچىۋالا تەمتىرەپ، ھودۇقۇپ كېتىسىز؟ — دېدى ئاننا ئۇنىڭ ئۆزىگە قارىمايۋاتقىنىدىن رەنجىپ، — مەن ئويۇن كۆرگىلى بارسام نېمىشقا بولمايدىكەن؟

ئۇ ۋرونسكىينىڭ گېپىنى چۈشەنمىگەندەك قىلاتتى.

— ئەلۋەتتە، دېگۈدەك تۈزۈك سەۋەبمۇ يوق، — دېدى ۋرونسكىي قاپىقىنى تۈرۈپ تۇرۇپ.

— مەنمۇ شۇنى دېمەكچى! — دېدى ئاننا ئۇنىڭ سۆزىدىكى مەسخىرىنى چۈشەنمىگەنگە سېلىپ ۋە ئەتىر پۇراپ تۇرغان پەلەيىنى ھېچ ئىش بولمىغاندەك، خاتىرجەم ھالدا قولىغا كىرگۈزۈپ تۇرۇپ.

— ئاننا، خۇدا ھەققىدە ئېيتىڭا، سىزگە نېمە بولدى؟ — دېدى ۋرونسكىي ئانناغا ئېرى ئۆز ۋاقتىدا دېگەنگە ئوخشاش تەلەپپۇزدا.

— مەندىن نېمىنى سوراۋاتقىنىڭنى بىلەلمىدىم.

— ئويۇنغا بارسىڭىز بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىشىڭىز كېرەككىغۇ ئاخىر.

— نېمىشقا بولمايدىكەن؟ ئۆزۈم يالغۇز بارىمەن دېمىدىمغۇ؟ ۋارۋارا خانقىز بىللە بارماقچى، كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ

كېلىشكە كەتتى.

ۋرونسكىي ھەيران قالغان ۋە ئاچچىق قىلغاندەك قىياپەتتە مۇرىلىرىنى كۆتۈرۈپ قويدى.

— نېمە ئىشلىقىنى تېخىچە بىلمەيۋاتامسىز؟ ... — ۋرونسكىي گەپنى ئەمدىلا باشلاپ تۇراتتى، ئاننا ۋارقىراپ دېگۈدەك سۆزلەپ كەتتى.

— بىلگۈم يوق، بىلىشنىمۇ خالىمايمەن، — دېدى ئۇ، — مەن قىلغان ئىشلىرىمغا پۇشايمان قىلىپ باققانمۇ؟ ياق، ياق، ياق! ھەممىنى باشتىن باشلاشقا توغرا كەلسىمۇ بەربىر، ھېچ نەرسە ئۆزگەرمەيدۇ. بىزگە، ساڭا، ماڭا مۇھىمى بىرلا نەرسە: بىر - بىرىمىزگە مۇھەببىتىمىز بارمۇ، يوق! ئۇنىڭدىن باشقىسى بىكار. بىز نېمە ئۈچۈن بۇ يەردە ئايرىم تۇرىمىز؟ بىر - بىرىمىز بىلەن ئاز ئۇچرىشىمىز؟ نېمە ئۈچۈن مېنىڭ ئويۇنغا بېرىشىمغا بولمايدۇ؟ مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن، ئۇنىڭدىن باشقىسى ماڭا كېرەك ئەمەس، — ئاننا ۋرونسكىي تېگىگە يېتەلمەيدىغان بىر خىل ئالاھىدە نەزەردە ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ، رۇسچە، — ئەگەر سەن ئۆزگەرمىگەن بولساڭ، نېمىشقا ماڭا تىكىلىپ قارىيالمايسەن؟ — دېدى.

ۋرونسكىي بېشىنى كۆتۈرۈپ ئانناغا قاراپ، ئۇنىڭ چىرايىدىكى ۋە ھەرقاچان بەدىنىگە چىپپىدە كەلتۈرۈپ تىكتۈرىدىغان كىيىملىرى ئىچىدىكى بەدەن گۈزەللىكىنى كۆردى. لېكىن، بۇگۈن ئۇنىڭدىكى ئۇ گۈزەللىك بىلەن لاتاپەت ئۇنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ تۇراتتى.

— مېنىڭ ھېسسىياتىمدا ئۆزگىرىش بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، بۇنى سىزمۇ بىلىسىز. لېكىن، ئويۇنغا بارماڭ، سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، — ۋرونسكىي فرانسۇزچە تولىمۇ مۇلايىم سۆزلىدى، ئەمما كۆزلىرىدە بىر خىل سالقىنلىق بار ئىدى.

ئاننا ئۇنىڭ سۆزىنى ئېنىق ئاڭلىمىدى، ئەمما كۆزلىرىدىكى سالقىنلىقنى كۆرۈپ غەزەپ بىلەن سۆزلەپ كەتتى:

— بارسام نېمە ئۈچۈن بولمايدىغانلىقىنى ماڭا چۈشەندۈرۈپ قويسىڭىز.

— بارسىڭىز سىزگە ... — ۋرونسكىي ئىككىلىنىپ توختاپ قالدى.

— ھېچ چۈشەنمىدىم. ياشۋىن مېنىڭ ئابرۇيۇمغا زىيان يەتكۈزىدىغان ئادەم ئەمەس، ۋارۋارامۇ يامان ئايال ئەمەس. ئەنە، ئۇمۇ كەلدى.

# 33

ئاننانىڭ ئۆزىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى ئەتەي بىلمىگەنگە سېلىۋالغانلىقى ۋرونسكىينىڭ تۇنجى قېتىم ئاچچىقىنى كەلتۈردى، ھەتتا غەزىپىنى قوزغاپ قويدى. ئۇنىڭغا بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرەلمىگەنسېرى، ئۇنىڭدىكى ئۇ خىل كەيپىيات تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىۋاتاتتى. ئەگەر ئۇ ئۆزىنىڭ ئويلىغىنىنى ئوچۇق ئېيتقان بولسا: «سەن مۇشۇنداق ياسىنىپ ھەم ھەممە بىلىدىغان كىنەز خانقىز بىلەن بىللە بېرىپ ئويۇن كۆرىدىغان بولساڭ، ئۆزۈڭنىڭ چۈشكۈنلىشىپ كەتكەن ئاياللىقىڭنى ئىقرار قىلغان بولۇپلا قالماي، يەنە يۇقىرى قاتلامدىكى پۈتۈن ئادەمگە خىرىس قىلغان، مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۈگۈندىن باشلاپ ئۇلار بىلەن ئادا ــ جۇدا بولۇپ كەتكەندەكمۇ كۆرۈنۈپ قالىسەن» دېگەن بولاتتى. لېكىن، ئۇنداق دېيەلمىدى.

«مۇشۇنچىلىك ئىشنىمۇ چۈشەنمەمدۇ؟ ئۇنىڭدا زادى نېمە ئۆزگىرىشلەر بولۇۋاتقاندۇ؟» ئۇ ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەيتتى، ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىنىڭ ئازلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتى، لېكىن يەنە ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە تېخىمۇ مەپتۇن بولاتتى.

ئۇ قاپاقلىرى تۈرۈلگەن هالدا ئۆزىنىڭ ياتىقىغا چۈشۈپ، ئۇزۇن پۇتلىرىنى ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە ئېلىپ قويۇپ ياتقان ياشۇىننىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. ياشۇىن كونياك بىلەن گاز سۈيى ئىچىپ ئولتۇراتتى، ۋرونسكىي خىزمەتكارغا ئۆزىگىمۇ شۇ نەرسىلەردىن كەلتۈرۈشنى بۇيرۇدى.

— لانكوۋسكىينىڭ «پالۋان» ى ياخشى ئات، ئات سېتىۋالماقچى بولساڭ شۇ ئاتنى سېتىۋال، — دېدى ياشۇىن دوستىنىڭ غەمكىن چىرايىغا قاراپ، — ئۇنىڭ ساغرىسى سەل بوشاپ قاپتۇ، ئەمما پۇتلىرى بىلەن بېشى ئاجايىپ قاملاشقان، شۇنچىلىك چىرايلىق.

— مەنمۇ ئۇنى سېتىۋالايمىكىن دەۋاتىمەن، — دېدى ۋرونسكىي ئۇنىڭ گېپىگە جاۋابەن.

ئاتنىڭ گېپى ئۇنىڭغا ياققان بولسىمۇ، لېكىن ئانىنى بىر مىنۇتمۇ ئېسىدىن نېرى قىلمىغانىدى، پۈتۈن دىققىتى كارىدوردىكى ئاياغ ئاۋازىدا، كۆزلىرى تام مەشىنىڭ ئۈستىدىكى سائەتتە ئىدى.

— ئاننا ئاركادىيېۋنا تىياتىرغا ماڭغانلىقىنى سىزگە دەپ قويۇشۇمنى تاپشۇردى.

ياشۇىن بۇزغۇپ تۇرغان گاز سۈيىنىڭ ئۈستىگە كونياكتىن قۇيۇپ ئىچىۋېلىپ، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ تۈگمىلىرىنى ئېتىشكە باشلىدى.

— قانداق، بىللە بارىمىزمۇ؟ — دېدى ئۇ بۇرۇتىنىڭ ئاستىدىن مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ. ئۇ ۋرونسكىينىڭ نېمىگە خاپا بولۇپ ئولتۇرغانلىقىنى بىلەتتى، ئەمما ئۇنىڭغا ئانچە ئېرەنشىپ كەتمىدى.

— مەن بارمايمەن، — دەپ جاۋاب بەردى ۋرونسكىي يەنە شۇ خاپىلىقى بىلەن.

— ئەمما، مەن بېرىشىم كېرەك، بىرىگە ۋەدە قىلىپ قويغانمەن. ئەمىسە خەير. بارغۇڭ بولسا يۈر، پەستىكى زالدا

ئولتۇرسەن، كراسىنسكىينىڭ ئورنى بار، — دەپ قوشۇپ قويدى ياشۇن ئىشكىنىڭ تۈۋىگە بارغاندا.

— ياق، بارمايمەن، ئىشىم بار.

«خوتۇنۇڭ بولسا ئاۋارىچىلىكىڭ، ئاشناڭ بولسا غەم - ئەندىشەڭ تۈگىمەيدىغان گەپ ئىكەن - دە» دەپ ئويلىدى ياشۇن مېھمانخانىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ.

ئۆزى يالغۇز قالغان ۋرونسكىي ئورنىدىن تۇرۇپ ياتاقنىڭ ئىچىدە مېڭىپ يۈردى.

«بۈگۈن نېمە ئويۇندۇ؟ ئۆتكەنكىسىنىڭ تۆتىنچى پەردىسىمىدۇ ... يېگور بىلەن خوتۇنىمۇ شۇ پەردە ھەرقاچان، ئاپاممۇ بارغاندۇ. پېتېربۇرگدىكى ئېسىلزادىلەرنىڭ ھەممىسى شۇ پەردىدۇ بەلكىم. شۇ تۇرقىدا ئانىنا كۇلۇبقا كىرىپ، پەلتوسىنى يېشىپ چىراغنىڭ ئاستىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ بولدى. تۇشكېۋىچ، ياشۇن، ۋارۋارا ... — ۋرونسكىي ئۇلارنى بىر - بىرلەپ كۆز ئالدىغا كەلتۈردى، — مەن نېمە بولدۇم؟ بۇ مېنىڭ قورقۇۋاتقىنىممۇ ياكى ئۇنى قوغداش ھوقۇقىنى تۇشكېۋىچقا ئۆتكۈزۈپ بەرگىنىممۇ؟ قانداقلا ئويلا، بۇ بىر ئەخمەقلىق، ئەخمەقلىق ... ئۇ نېمە ئۈچۈن مېنى بۇ ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ؟» دېدى ئۇ قولىنى سىلكىپ قويۇپ ئۆزىگە ئۆزى.

قولىنى سىلكىگەندە، گاز سۈيى بىلەن كونياك بار ئۈستەلگە قولى تېگىپ كېتىپ ئۇ نەرسىلەرنى ئۆرۈۋەتكىلى تاس قالدى، ئىتتىك تۇتۇۋالمىغان بولسا ئۆرۈلۈپمۇ كېتەتتى. لېكىن، ئۇ بىردىنلا ئۆزىنى باسالماي ئۈستەلنى غەزەپ بىلەن بىرنى تېپىپ ئۈستىدىكى ھەممە نەرسىنى ئۆرۈۋەتتى، ئارقىدىن قوڭغۇراقنى جىرىڭلاتتى.

— ئەگەر سەن مېنىڭ يېنىمدا داۋاملىق ئىشلەيمەن دەيدىكەنسەن، — دېدى ئۇ ياتاققا كىرىپ كەلگەن خىزمەتكارغا، — ئۆزۈڭنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلىشىڭ

كىرەكلىكىنى ئىسىڭدە مەھكەم تۇت، مۇنداق ئەھۋالنى كۆزۈم كۆرمىسۇن، چاپسان يىغىشتۇرۇۋەت.

بۇ ئىشتا ئۆزىنىڭ ئەيىبلىك ئەمەسلىكىنى بىلگەن خىزمەتكار ئۆزىنى ئاقلىماقچى بولۇپ ۋرونسكىيغا قاراپ، شۇئان ئۇ نىيىتىدىن ياندى ـ دە، ئىڭىشىپ، سۇنغان ۋە سۇنمىغان بوتۇلكا ـ رومكىلارنى يىغىشتۇرۇشقا باشلىدى.

— سېنىڭ ئىشىڭ بۇ ئەمەس، چاكارنى چاقىر، شۇ تازىلىۋەتسۇن. سەن مېنىڭ فراكىمنى تەييارلا.

ۋرونسكىي تىياتىرخانىغا سائەت سەككىزدە كىرىپ كەلدى. بۇ چاغدا ئويۇن پەللىگە چىققانىدى. لوژىغا قارايدىغان پاكار بويلۇق خىزمەتچى بوۋاي ۋرونسكىينىڭ پەلتوسىنى سېلىشقا ياردەملىشىۋېتىپ ئۇنى تونۇپ قالدى ۋە شۇئان «تەقسىر» دەپ ئاتاپ، ئۇنىڭغا پەلتو ساقلايدىغان تاختا بەرمەي، ئالدىغان چېغىڭىزدا «فېدور» دەپ چاقىرسىڭىزلا بولدى، دېدى. چىراغلار چاقناپ تۇرغان كارىدوردا ئاشۇ قېرى خىزمەتچى بىلەن قوللىرىدا پەلتو، ئىشىك تۆۋىدە ناخشا تىڭشاپ تۇرغان ئىككى خىزمەتكاردىن باشقا ھېچكىم يوق ئىدى. قىيا ئوچۇق تۇرغان ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن سىلىق تەڭكەش قىلىۋاتقان ئوركېستىر بىلەن سۆزلىرىنى ئېنىق ئېلىپ ناخشا ئېيتىۋاتقان ئايال ناخشىچىنىڭ ناخشا ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرۇۋاتاتتى. ئىشىك ئېچىلىپ، لوژا خىزمەتچىسى ئىچكىرىگە كىرىپ كەتكەن شۇ ئارىلىقتا، ناخشىنىڭ ئاخىرىدىكى سۆزلىرى ۋرونسكىينىڭ قۇلىقىغا ناھايىتى ئېنىق ئاڭلاندى. ئىشىك يەنە يېپىلىپ قالغاندى، ۋرونسكىي ناخشا بىلەن مۇزىكىنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلىيالماي قالدى. ئىچكىرىدىن ئاڭلانغان گۈلدۈراس ئالقىشلار مۇزىكا بىلەن ناخشىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىدىن دېرەك بەردى. ۋرونسكىي شام ۋە گازۋاي لامپىلار بىلەن كۈندۈزدەك يورۇپ كەتكەن زالغا كىرگەندە شاۋقۇن ـ سۈرەنلەر تېخى

بىسلىمغانىدى. سەھنىدە تۇرغان ناخشىچى ئايالنىڭ يالىڭاچ مۇرىسى بىلەن تاقىۋالغان برىلىيانت زىبۇزىننەتلىرى چىراغنىڭ يورۇقىدا ئالاھىدە جۇلالىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرغان يۇقىرى ئاۋازلىق ئەر ناخشىچىنىڭ ياردىمى بىلەن، چىرايىدا كۈلكە، ئېگىلىپ تۇرۇپ ئۆزىگە تاشلانغان گۈللەرنى تېرىۋاتاتتى. مايلاپ پارقىرىتىۋەتكەن چىچىنى ئوتتۇرىدىن ئايرىپ سىلىق تارىۋالغان بىر ئەر كىشى سەھنىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، قولىدىكى بىرنەرسىنى ھەدەپ ئۇ ئايال ناخشىچىغا سۇنۇپ بېرىۋاتاتتى. زالدا، لوژىلاردا ئولتۇرغان تاماشىبىنلار ۋارقىرىشىپ، چاۋاك چېلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئېگىز ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان دىرىژور ئۇ ئادەمنىڭ قولىدىكى نەرسىنى ئېلىپ ئايال ناخشىچىغا سۇنۇپ بېرىپ، ئارقىدىنلا ئۆزىنىڭ ئاق گالستۇكىنى ئوڭلاپ قويدى. ۋرونسكىي زالنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە توختاپ ئەتراپىغا قارىدى. بۈگۈن ئاخشام ئۇ زالنىڭ تولا كۆرۈپ كۆزىگە سىڭىپ قالغان ئومۇمىي كۆرۈنۈشىگە، سەھنىگە، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلارغا، زالغا پاتماي دېگۈدەك ئولتۇرۇپ كەتكەن ئۆزىگە تونۇش خىلمۇخىل چىرايلاردىكى تاماشىبىنلارغا ئادەتتىكى كۈنلەردىكىدەكمۇ دىققەت قىلمىدى.

لوژىلاردا يەنە شۇ ئوفىتسېرلار ھەمراھ بولۇپ ئولتۇرۇشقان سۆلەتۋاز خېنىملار، سالاھىيىتى ئېنىق ئەمەس، غەلىتە كىيىملەرنى كىيىشىۋالغان ئاياللار، ھەربىي كىيىملەر ياكى فراكلاردىكى ئەرلەر، ئەڭ يۇقىرىدىكى تۆۋەن دەرىجىلىك ئورۇنلاردا يەنە شۇ مەينەت تاماشىبىنلار ئىدى. لوژىدا ۋە پەستىكى ئەڭ ئالدىدىكى ئورۇندا ئولتۇرغان يۈز ـ ئابرۇيلۇق ئادەملەر قىرىقچە كېلەتتى. ۋرونسكىي قۇملۇقتىكى بۇ بوستانلىققا ناھايىتى تېزلا دىققىتىنى بېرىپ، ئۇلار بىلەن سالاملىشىپ قويدى.

ئۇ زالغا كىرگەندە ئويۇننىڭ بىرىنچى پەردىسى يېڭىلا تۈگىگەنىدى، شۇڭا ئاكىسى ئولتۇرغان لوژىغا بارماي، پەستىكى

بىرىنچى رەتكە بىرىپ، تام تۈۋىگە ئورنىتىلغان چىراغنىڭ يېنىدا سىپخوبوۋسكىي بىلەن بىللە ئۆرە تۇردى. سىپخوبوۋسكىي ئۇنى يىراقتىن كۆرۈپ، خۇشال كۈلۈپ يېنىغا چاقىرىۋالغانىدى.

ۋرونسكىي تېخىچە ئانىنى كۆرمىگەن، ئۆزىمۇ ئەتەي ئۇ ئولتۇرغان تەرەپكە قارىمىغانىدى، ئەمما كىشىلەرنىڭ قاراشلىرىدىن ئۇ ئولتۇرغان جاينى بىلىپ بولغانىدى. ئۇ ئىشى يوق ئادەمدەك ئەتراپىغا توختىماي قارايتتى، ئەمما ئۇنى ئىزدەۋاتقاندەك ئەمەس ئىدى، كارېنىننى ئىزدەيتتى، كۆزلىرى ئۇنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان چاغدىكى قولايسىز ئەھۋالغا تەييارلىقمۇ قىلىپ قويغانىدى. ھېلىمۇ ياخشى ئۇنىڭ تەلىيى بار ئىكەن، كارېنىن بۇ گۈن ئويۇن كۆرگىلى كەلمىگەنىدى.

— سېنىڭدە ھازىر ھەربىيلەرگە خاس ئالامەتلەر ئازلاپ كېتىپتۇ، — دېدى سىپخوبوۋسكىي ئۇنىڭغا، — دىپلوماتقىمۇ، ئارتىسقىمۇ، ئىشقىلىپ، ئاللىقانداق ئادەملەرگە ئوخشاپ قاپسەن.

— راست دەيسەن، مەن ھەربىيلىكتىن چىقىپلا فراك كىيىپ يۈرۈۋاتىمەن - دە، — ۋرونسكىي ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ جاۋاب بېرىپ، ئاندىن يېنىدىن دۇربۇننى ئاستا ھەرىكەت بىلەن قولىغا ئالدى.

— راستىمنى دېسەم، بۇ جەھەتتە مەن ساڭا ھەۋەس قىلىمەن. مەن ئىتالىيىدىن قايتىپ كېلىپ يەنە مۇشۇ كىيىمنى كىيگەندە، — دېدى سىپخوبوۋسكىي پاگوننى سىلاپ قويۇپ، — بۇ كىيىمسىز يۈرگەن چاغلاردىكى ئەركىنلىكىمنى قىيالماي قالدىم.

سىپخوبوۋسكىي ۋرونسكىينىڭ ئىستىقبالىدىن ئاللىبۇرۇنلا ئۈمىدىنى ئۈزگەنىدى، ئەمما ئۇنى بۇرۇنقىدەكلا ياخشى كۆرەتتى، ئۇنىڭغا سەمىمىي مۇئامىلە قىلاتتى.

— مەن سېنىڭ ئويۇننىڭ بىرىنچى پەردىسىنى

كۆرەلمىگىنىڭگە كۆپ ئەپسۇسلاندىم.

ۋرونسكىي خىيالى باشقا نىمىدە، ئۇنىڭ گەپلىرىنى تۈزۈك ئاڭلىماي، پەستە تۇرۇپ دۇربۇنى بىلەن ئىككىنچى قەۋەتكە، ئاندىن لوژىلارغا بىر - بىرلەپ قاراپ چىقتى. بىر لوژىغا كەلگەندە، ئۇنىڭدىكى چاچلىرىنى كەينىگە ئېگىز قىلىپ تۈرمەكلىۋالغان بىر خېنىم بىلەن چىرايىدا ئاچچىق قايناپ تۇرغان ياغاق باش، قولىدىكى دۇربۇنىنى ئۇياق - بۇياققا چۆرگىلىتىپ يۈرگەن بىر بوۋاينىڭ يېنىدا ئولتۇرغان تەكەببۇر ۋە ھەيران قالغۇدەك گۈزەل ئاننانىڭ ئەتراپىدىكى گۈللەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۈلۈپ تۇرغان يۈزىنى تۇيۇقسىز كۆرۈپ قالدى. ئۇ بەشىنچى نومۇرلۇق لوژا بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ئارىلىقى يىگىرمە قەدەمچە كېلەتتى. ئۇ ئالدىدا ئولتۇرۇپتۇ، ئارىلاپ كەينىدە ئولتۇرغان ياشۋىنغا قايرىلىپ بىر نىمىلەرنى دەيدۇ. چىرايلىق مۈرىلىرى ئۈستىدىكى بېشى، كۆزلىرى ۋە چىرايىنىڭ ھەممە يېرىدىن قىن - قىنىغا پاتمىغان خۇشاللىقتىن پەيدا بولغان بىر خىل نۇر چاقناپ تۇرۇپتۇ. ۋرونسكىينىڭ كۆز ئالدىغا شۇئان ئاننانىڭ موسكۋادىكى ئاشۇ تانسىدا كۆرگەن چىرايى كەلدى. ئەمما، ئۇنىڭ ئاننانىڭ شۇ تۇرقىدىكى گۈزەللىكىگە بولغان مەپتۇنلۇقى شۇ چاغدىكىسىگە زادىلا ئوخشىمايتتى. ھازىر ئۇنىڭ ئانناغا بولغان ھېسسىياتىدا ھېچقانداق سىرلىق تۇيغۇلار يوق ئىدى، شۇ سەۋەبتىنمۇ، ئۇنىڭ گۈزەللىكى ئۆزىنى ئىلگىرىكىدىن بەكرەك مەپتۇن قىلىپ تۇرسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭغا پەقەتلا بېرىلەلمەيۋاتاتتى. ئاننا ئۇ تۇرغان تەرەپكە قارىمىسىمۇ، ۋرونسكىي ئۇنىڭ ئۆزىنى ئاللىبۇرۇن كۆرگەنلىكىنى سېزىپ تۇرۇۋاتاتتى.

ۋرونسكىي دۇربۇنىنى شۇ تەرەپكە قارىتىپ، كىنەز ۋارۋارا خانقىزنىڭ بۆلەكچىلا قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى، چىرايىدىكى سۈنئىي كۈلكىنى، توختىماي يان تەرەپتىكى لوژىغا قاراپ قويۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئاننا بولسا يىغىۋالغان



يەلپۈگۈچىنى لوژىنىڭ قىزىل مەخمەلدە ئوراپ قويغان ئالدى رىشاتكىسىغا ئۇرۇپ، كۆزلىرى ئاللىقانداق بىر يەردە، يېنىدىكى لوژىدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنى كۆرمىگەن ۋە كۆرۈشنىمۇ خالىمىغان بىر قىياپەتتە ئولتۇراتتى. ياشۋىنىنىڭ چىرايى قىماردا ئۇتتۇرۇۋەتكەن قىمارۋازنىڭ ئەينەن چىرايى ئىدى، قاپاقلىرى تۈرۈك، ھەدەپ سول تەرىپىدىكى بۇرۇتىنى ئاغزىغا تىقاتتى، تىققانسېرى بۇرۇتى ئاغزى ئىچىگە تېخىمۇ كۆپ كىرىپ كېتىۋاتاتتى، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە يان لوژىغا قىيا قاراپ قوياتتى.

يانىدىكى لوژىدا ئەر ـ ئايال كارتاسوفلار ئولتۇراتتى، ۋرونسكىي ئۇلارنى تونۇيتتى، ئاننانىڭمۇ ئۇلار بىلەن تونۇشىدىغانلىقىنى بىلەتتى. كارتاسوفنىڭ خوتۇنى تولىمۇ ئورۇق ئايال ئىدى، شۇ تۇرقىدا ئۇ ئۆزىنىڭ لوژىسىدا ئاننىغا كەينىنى قىلىپ تۇرۇپ، ئېرى سۇنۇپ بەرگەن پەلتوسىنى ئاچچىقى بىلەن بىرنېمىلەرنى دەپ تۇرۇپ كىيىۋاتاتتى، چىرايى تاتىرىپ كەتكەن، تولىمۇ غەزەپلىك ئىدى. ياغاق باش، سېمىز كارتاسوف ئاننىغا تىنماي كۆز تاشلاپ تۇرۇپ خوتۇنىنىڭ ئاچچىقىنى بېسىشقا تىرىشاتتى. خوتۇنى كەتكەندىن كېيىن ئېرى بىر پەسكە ئىككىلىنىپ قېلىپ، ئاننىغا ئېگىلىپ بىر تەزىم قىلىۋېلىش مەقسىتىدە كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭ كۆزلىرىنى ئىزدىدى. لېكىن، ئاننا ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماي، دۈمبىسىنى قىلىپ تۇرۇپ، چاچلىرىنى قىسقا قىلىپ ياسىتىۋالغان ياشۋىن بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇۋەردى. كارتاسوف ئۇنىڭغا تەزىم قىلالماي، لوژىنى بوش قالدۇرۇپ چىقىپ كەتتى.

ۋرونسكىي كارتاسوف ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى بىلەن ئاننانىڭ ئوتتۇرىسىدا نېمە ۋەقە يۈز بەرگەنلىكىنى بىلەلمىدى، ئەمما قانداقتۇر بىر ئىشنىڭ ئاننانىڭ غۇرۇرىغا تەگكەنلىكىنى جەزم قىلدى. بۇنى ئۇ ئۆزى كۆرگەن كۆرۈنۈشلەر، بولۇپمۇ ئاننانىڭ روھىي ھالىتىدىن بىلگەنىدى. ۋرونسكىي ئاننانىڭ شۇ تۇرقىدا

ئۆزى ئېلىۋاتقان رولنىڭ ئابروينى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن چىشىنى چىشلەپ ئولتۇرۇۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ تۇرۇۋاتاتتى. ئاننا سىرتىدىن ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇپ ئولتۇرغاندەك كۆرسىتىۋاتقان بۇ رولنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنداۋاتاتتى. ئۇنى تونۇمايدىغان، ئۇ ئارىلىشىدىغان دائىرىنى بىلمەيدىغان، خوتۇنلارنىڭ بۇ خوتۇن شۇنچە جىق ئادەمنىڭ ئالدىغا قايسى يۈزى بىلەن كەلگەندۇ؟ يەنە تېخى يۈزىگە تور تارتىپ، جىندەك ياسىنىپ ئولتۇرغىنىنى كۆرمەيدىغان، دېگەندەك غەيۋەتلىرىنى ئاڭلىمىغان ئادەملەر ئۇنى كۆرىدىغان بولسا، ئۇنىڭ تەڭداشسىز گۈزەللىكىگە، ئۆزىگە ياراشقان لاتاپىتىگە ئاپىرىن ئوقۇماي قالمايتتى، ئەمما ئۇنىڭ شۇ تۇرقىدا نومۇس تۈۋرۈكىگە مىخلىنىپ سازايى قىلىنىۋاتقاندەك روھىي ھالەتتە ئولتۇرۇۋاتقانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمايتتى.

ۋرونسكىي بىر ئىش بولغانلىقىنى بىلدى، لېكىن ئۇ ئىشنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي تەشۋىش ئازابىدا قېلىپ، ئۇنى بىلىش مەقسىتىدە ئاكىسى ئولتۇرغان لوژىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ ئەتەي ئاننانىڭ لوژىسىنىڭ ئۇدۇلىغا توغرا كېلىدىغان ئارىلىق بىلەن كېتىۋېتىپ، قېرى پولك كوماندىرىنىڭ ئىككى تونۇشى بىلەن شۇ يەردە پاراڭلىشىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى ۋە ئۇلارنىڭ كارىپىن ئەر - خوتۇنلارنىڭ گېپىنى قىلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى، پولك كوماندىرىنىڭ ئۇ ئىككىسىگە قاراپ ئىتتىك كۆزىنى قىسىپ قويۇۋاتقانلىقىنىمۇ كۆزى چۈشۈپ قالدى. ئاندىن ئۇ ئادەم ۋرونسكىينىڭ ئىسمىنى ئۈنلۈك توۋلىدى.

— ھۇي، ۋرونسكىيمۇ سەن! بىزنىڭ پولكقا قاچان بارىسەن؟ بارساڭ سېنى زىياپەت بېرىپ كۈتۈۋالمىغۇچە قويۇپ بەرمەيمىز جۇمۇ. سەن دېگەن بىزنىڭ ئەڭ كونا سەپدىشىمىز!

— ھازىر ۋاقتىم يوق، كەچۈرگىن! — ۋرونسكىي شۇنداق

دەپلا، ئىتتىك مېڭىپ، يۇقىرىدىكى ئاكىسىنىڭ لوژىسىغا چىقىپ كەتتى.

ۋرونسكىينىڭ چاچلىرى ئاپئاق ئاقارغان ئاپىسى، قېرى گراف خانىم چوڭ ئوغلىنىڭ لوژىسىدا ئولتۇراتتى. ۋارە بىلەن كىنەز سوروكىنا خانىم ئۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى قەۋەتتىكى كارىدوردا كۆرۈشكەنىدى.

ۋارە كىنەز سوروكىنا خانىمنى ئاپىسىنىڭ ئالدىغا ئەكىرىپ قويۇپ چىقىپ، قېينىسىغا قولىنى بەردى ۋە شۇئانلا ۋرونسكىينى قىزىقتۇرغان ئىش توغرىسىدا سۆز باشلىدى. ۋرونسكىي يەڭگىسىنى بۇنداق ھاياجانلانغان ھالەتتە زادىلا كۆرۈپ باقمىغانىدى.

— مېنىڭچە، — دېدى ۋارە گەپنى باشلاپ، — بۇ ئىنتايىن نومۇسسىز ھەم قەبىھ بىر ئىش، كارتاسوۋانىڭ ئۇنداق قىلىشقا ھېچقانداق ھەققى يوق. كارېنىنا ...

— نېمە ئىش بولدى؟ مېنىڭ زادىلا خەۋىرىم يوق.

— نېمە، سەن تېخى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟

— راستىنى دېسەم، بۇنداق ئىشلار مېنىڭ قۇلىقىمغا ھەممىدىن كېيىن يېتىپ كېلىدۇ.

— دۇنيادا كارتاسوۋادىن رەزىل ئادەم بارمۇ زادى؟

— ئۇ زادى نېمە ئىش قىلدى؟

— ئېرىم ماڭا دەپ بەردى ... ئۇ كارېنىنانى ھاقارەتلەپتۇ. ئۇنىڭ ئېرى لوژىدا ئولتۇرۇپ كارېنىنا بىلەن گەپلىشىپتىكەن، كارتاسوۋا ئېرى بىلەن جېدەللىشىپتۇ. كېيىن قانداقتۇر بىر ھاقارەتلىك گەپنى قىلىپ لوژىدىن چىقىپ كېتىپتۇمىش.

— گراف، سىزنى ئاپىڭىز چاقىرىۋاتىدۇ، — دېدى كىنەز سوروكىنا خانىم لوژىنىڭ ئىشىكىدىن بېشىنى چىقىرىپ.

— سېنى ئۇزاق ساقلىدىم، — دېدى ئاپىسى مەسخىرە قىلغاندەك كۈلۈپ قويۇپ ئۇنىڭغا، — ئۆزۈڭنى پەقەتلا كۆرسەتمەي كەتتىڭا.

ئوغلى ئاپىسىنىڭ خۇشاللىقتىن كۈلكىسىنى باسالماي

قبلىۋاتقانلىقىنى كۆردى.
— ياخشىمۇ سىز، ئاپا، سىزنى كۆرگىلى كەلدىم، — دېدى ئۇ سوغۇقلا جاۋاب بېرىپ.
— نېمىشقا كارېنىنانىڭ يېنىغا كىرىپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ قويمايسەن؟ — دېدى ئاپىسى كىنەز سوروكىنا خانىم نېرىراق كەتكەندە فرانسۇزچە سۆزلەپ، — ئۇ پۈتۈن تىياتىرخانىنى ئۆكتەي - توكتەي قىلىۋەتتى، ئۇنىڭغا قارايمىز دەپ، ھەممە ئادەم پاتتىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويدى.
— ئاپا، مەن سىزدىن ماڭا ئۇنداق ئىشلار توغرۇلۇق گەپ قىلماسلىقىڭىزنى ئۆتۈنگەن، — دەپ جاۋاب بەردى ۋرونسكىي ئاپىسىغا قاپىقىنى ئاچماي تۇرۇپ.
— مەن ساڭا ھەممە ئادەم دەۋاتقان گەپنى دەۋاتىمەن.
ۋرونسكىي ئاپىسىغا ئارتۇق گەپ قىلماي، كىنەز سوروكىنا خانىمغا بىر - ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ قويۇپ لوژىدىن چىقىپ كەتتى. ئىشىكنىڭ ئالدىغا چىققاندا ئاكىسىغا ئۇچراپ قالدى.
— ھە، ئالېكسېي! — دېدى ئاكىسى، — قانداق رەزىللىك بۇ! ئۇچىغا چىققان ئەخمەق خوتۇن - دە، ئۇ ... مەن ھازىر ئۇنىڭ قېشىغا كىرمەكچى. يۈر، ئىككىمىز بىللە كىرەيلى.
ۋرونسكىي ئۇنىڭغا قارايمۇ قويماي، ئالدىراپ پەسكە چۈشۈپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ شۇ تۇرقىدا بىر ئىش قىلىشى كېرەكلىكىنى ئويلايتتى، لېكىن نېمە ئىش قىلسا ياخشى بولىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى، ئانىنىڭ ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىماي، ئۆزىنىمۇ، ئۇنىمۇ ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغىنىغا ئاچچىقى كېلەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە بېشىغا كەلگەن دەرد - ئەلەملەر ئۈچۈن ئۇنىڭغىمۇ ئېچىناتتى، ئىچى ئاغرىيتتى ۋە بۇ خىل روھىي ئەلەملەردىن ئىچى قاتتىق سىقىلاتتى. ئۇ چوڭ زالغا چۈشۈپ ئۇدۇل ئاننانىڭ لوژىسىغا قاراپ ماڭدى. لوژىنىڭ يېنىدا سترېموف ئاننا بىلەن پاراڭلىشىپ تۇراتتى.

— يۇقىرى ئاۋازلىق، ئەڭ ياخشى ئەر ئارتىسلار قالمىدى، هازىر بارى بىر شۇ، ئۇنىڭغا يېتىدىغىنى يوق.

ۋرونسكىي توختاپ ئانناغا قاراپ ئېگىلىپ قويۇپ، ئاندىن سترېموف بىلەن ئەھۋاللاشتى.

— سىز كېچىكىپ قېلىپ ئەڭ ياخشى ئارىيەنى كۆرەلمەي قالدىڭىز، — دېدى ئاننا ئۇنىڭغا زاڭلىق قىلغاندەك قاراپ قويۇپ. ۋرونسكىيغا شۇنداق تۇيۇلۇپ كەتتى.

— مەن مۇزىكىنى پەقەتلا چۈشەنمەيمەن، — دېدى ۋرونسكىي ئانناغا جىددىي تىكىلىپ.

— كىنەز ياشۇينغا ئوخشايدىكەنسىز - دە، — دېدى ئاننا كۈلۈپ كېتىپ، — ئۇ پاتتىنى بەكمۇ قاتتىق ئاۋازدا ئېيتتى، دەيدۇ.

— رەھمەت سىزگە، — دېدى ئۇ ۋرونسكىي ئېلىپ بەرگەن يەرگە چۈشۈپ كەتكەن ئويۇن نومۇرلىرىنىڭ تىزىملىكىنى ئاق پەلەي كىيگەن چىرايلىق قولىغا ئېلىۋېتىپ. دەل شۇ چاغدا ئۇنىڭ چىرايلىق يۈزى بىردىنلا تارتىشىپ كېتىۋاتقاندەك بولۇپ، ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ لوژىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

ۋرونسكىي ئىككىنچى پەردە باشلانغاندا ئاننا ئولتۇرغان لوژىنىڭ بوش تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى - دە، تاماشىبىنلار جىمجىت ئولتۇرۇپ ئايال ناخشىچىنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاۋاتقان شۇ ئارىلىقتا ئورنىدىن تۇرۇپ، تەرتىپىنى بۇزغىنى ئۈچۈن كۆتۈرۈلگەن بوش ئاۋازدىكى نارازىلىقلارغا قارىماي تىياتىرخانىدىن چىقىپ، پەيتۇن بىلەن مېھمانخانىغا قاراپ ماڭدى.

ئاننا ئاللىبۇرۇن قايتىپ كېلىپ، ئۆيۈنغا كىيىپ بارغان كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇۋەتمەي، دېرىزە تۈۋىدىكى ساپادا كۆزلىرىنى ئالدىغا تىكىپ ئۆزى يالغۇز ئولتۇراتتى، ۋرونسكىينى كۆرۈپ شۇئان ئەسلىي هالىتىگە ياندى.

— ئاننا! — دېدى ۋرونسكىي.

— سەن، سەن، ھەممىنى قىلغان سەن، — ئاننا ئاچچىقىغا

چىدىماي يىغا ئارىلاش ۋارقىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— مەن ساڭا بارمىغىن دەپ شۇنچە يېلىنىدىم. ساڭا بىر كۆڭۈلسىزلىكنىڭ بولىدىغانلىقىنى كۆڭلۈم تۇيغان...

— شۇنچىلىك كۆڭۈلسىز بىر ئىش بولدى، — دەپ تېخىمۇ قاتتىق توۋلاپ كەتتى ئۇ، — شۇنچىلىك قورقۇنچلۇق. ھاياتىلا بولىدىكەنمەن، ئۇ ئىشنى ئۇنتۇپ كېتەلمەيمەن. ئۇ مېنىڭ يېنىمدا ئولتۇرۇشنى شەرمەندىلىك، دېدى.

— بۇ بىر ئەخمەق خوتۇننىڭ گېپى، — دېدى ۋرونسكىي، — سەنمۇ نېمىشقا بۇ ئىشتا ئۇنداق قاراملىق قىلىپ ئۆزۈڭگە ئىش تاپىسەن ...

— سېنىڭ مۇشۇنداق سوغۇق قان تەلەتىڭنى كۆرەرگە كۆزۈم يوق. سەن مېنى مۇشۇنداق ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويماسلىقىڭ كېرەك ئىدى. ئەگەر سەن مېنى ھەقىقىي ياخشى كۆرگەن بولساڭ ...

— ئاننا، بۇ ئىشنىڭ مېنىڭ سېنى ياخشى كۆرۈشۈم بىلەن نېمە ئالاقىسى بار ...

— ئەگەر سەن مېنى مەن سېنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرگەن بولساڭ ... — ئۇ ۋرونسكىيغا قورقۇپ تۇرۇۋاتقاندەك بىر خىل ھالەتتە قاراپ قويدى.

ۋرونسكىينىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ قالدى ھەم ئاچچىقىمۇ كەلدى، ئۇنى مەڭگۈ ياخشى كۆرىدىغانلىقىغا ۋەدە بەرگەنمۇ بولدى. چۈنكى، ئۇ ئۇنى پەقەت مۇشۇ گەپ بىلەنلا بەزلەش مۇمكىن ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇۋاتاتتى. ئۇ ئاننانى ئاغزىدا ئەيىبلىمىسىمۇ، ئەمما ئىچىدە ئۇنىڭدىن تولىمۇ نارازى ئىدى.

ۋرونسكىينىڭ ئۆزىگە بىمەززە تۇيۇلۇپ، ئاغزىدىن چىقىرىشقا خىجالەت بولۇپ تۇرغان، سېنى مەڭگۈ ياخشى كۆرىمەن، دېگەن بۇ گەپ شۇنداق گەپلەرگە تەشنا بولۇپ تۇرغان ئاننانىڭ كۆڭلىگە يېقىپ، ئاستا ـ ئاستا بېسىلىپ قالدى. ئەتىسى ئىككىسى تولۇق ئەپلىشىپ، يېزىغا قاراپ ماڭدى.

*Anna Karenina*

# ئالتىنچى قىسىم

# 1

دوللى يازنى بالىلىرى بىلەن بىللە پوكرووۋسك يېزىسىدىكى سىڭلىسى كىتىنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزمەكچى بولدى. ئۆزىنىڭ قورۇقمىدىكى ئۆيلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆرۈلۈپ كەتكەن بولغاچقا، لېۋىن ئەر - خوتۇن ئىككىسى ئۇلارنى يازدا ئۆزلىرىنىڭكىگە كېلىشنى ئېيتقانىدى. ئوبلونسكىي بۇ پىلاننى قوش قوللاپ قوللىدى، ئەمما ئۆزى خىزمىتىم ئالدىراش، بولمىسا مەنمۇ يازنى بالىلىرىم بىلەن بىللە يېزىدا ئۆتكۈزگەن بولسام ئالتۇندەك ئىش بولاتتى، دېگەندەك گەپلەر بىلەن ئۆزرىسىنى قويدى. ئۇ موسكۋادا قېلىپ، ئارىلاپ بېرىپ بىر - ئىككى كۈن تۇرۇپ كېلەتتى. ئوبلونسكىينىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ھەم ئۇلارنىڭ بالىلىرىنىڭ ئوقۇتقۇچىسىدىن باشقا، بۇ يەرگە مېھمان بولۇپ كەلگەنلەرنىڭ ئىچىدە يەنە قېرى كىنەز خانىممۇ بار ئىدى. ئۇ ئىككى قات بولۇپ قالغان تەجرىبىسى يوق قىزىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرمىسام بولمايدۇ، دېگەن بۇرچ تۇيغۇسى بىلەن كەلگەنىدى. ئۇلاردىن باشقا، كىتى چەت ئەلگە چىققاندا تونۇشقان دوستى ۋارېنكامۇ كىتى ئەرگە تەگكەندە كېلىمەن، دېگەن ۋەدىسى بويىچە مېھمان بولۇپ كەلگەنىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى كىتىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، دوستلىرى ئىدى. گەرچە لېۋىن ئۇلارنى ياخشى كۆرسىمۇ، ئەمما ئۆزىنىڭ كىچىككىنە دۇنياسى بىلەن تۇرمۇش تەرتىپىنىڭ «شېرباتسكىيلار ئامىللىرى» نىڭ تەسىرى بىلەن قالايمىقانلىشىپ كېتىۋاتقىنىدىن ئازراق ئەپسۇسلىنىپ قالاتتى. بۇ يىل يازدا ئۆزىنىڭ تۇغقانلىرىدىن ئاكىسى كوزنىشېفتىن باشقا ھېچكىم كېلىپ باقمىغانىدى، سورۇشتۇرۇپ كەلسە، كوزنىشېفنىمۇ پۇتۇنلەي لېۋىن جەمەتىدىن دەپ

كەتكىنلىمۇ بولمايتتى، كوزنىشىفلار ئەۋلادىدىن ئىدى، شۇڭا ئائىلىسىدە هازىر لىۋىنلار روهى توگەپ كېتىۋاتاتتى.
ئۇزاقتىن بېرى ئادەم ياتماي بوش تۇرغان ئۆيلەردە هازىر شۇنچىلىك كۆپ ئادەم تۇراتتى، بىرمۇ ئۆي بوش ئەمەس ئىدى. هەر كۈنى تاماق ۋاقتىدا قېرى گراف خانىم ئۇستەلگە كېلىپ ئولتۇرغانلارنى ساناپ چىقاتتى. ئون ئۈچىنچىسى قىز نەۋرىسى ياكى ئوغۇل نەۋرىسى بولۇپ چىقامدۇ، كارى يوق، ئۇنىڭغا ئايرىم ئۇستەلدە تاماق بەرگۈزەتتى. ئۆي ئىشلىرىنى تىرىشىپ سەرەمجانلاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان كىتى ئۈچۈنمۇ تەس بولدى، توخۇ، كۈرگە، ئۆردەك دېگەندەك نەرسىلەرنى تاپمەن دەپ نۇرغۇن ئاۋارە بولۇپ كېتىۋاتاتتى، چۈنكى يازدا مېهمانلار بىلەن بالىلارنىڭ ئىشتىهالىرى ئالاهىدە ئېچىلىپ كېتىپ، يېمەكلىك يەتكۈزۈش قىيىن بولۇۋاتاتتى.
مېهمانلار تاماقتا ئولتۇرغاندا، دوللىنىڭ بالىلىرى، بالىلارنىڭ ئوقۇتقۇچىسى، ۋارېنكا قەيەرگىدۇر بېرىپ موگۇ تېرىپ كېلىدىغانلىقلىرىنى دېيىشتى. ئەقلىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى ۋە بىلىمىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن هەممىنىڭ هۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان كوزنىشىف موگۇ توغرىسىدىكى گەپكە ئارىلىشىپ هەممىنى هەيران قالدۇردى.
— مېنىمۇ بىللە ئېلىپ بېرىڭلار، مەن موگۇ تېرىشنى بەكمۇ ياخشى كۆرىمەن، — دېدى ئۇ ۋارېنكاغا قاراپ قويۇپ، — موگۇ تېرىش تولىمۇ مەنىلىك ئىش.
— سىز بارسىڭىز بىزنى تېخىمۇ خۇشال قىلىسىز، — دەپ جاۋاب بەردى ۋارېنكا قىزىرىپ كېتىپ. كىتى بىلەن دوللى بىر ـ بىرىگە مەنىلىك قاراپ قويۇشتى. بىلىملىك كوزنىشىف بىلەن ۋارېنكانىڭ بىللە موگۇ تېرىپ كېلىشكە بارماقچى بولغىنى كىتىنىڭ كاللىسىدىن زادى نېرى كەتمەيۋاتقان بىر پەرىزنىڭ توغرىلىقىنى ئەستىقلاپ تۇراتتى. ئۇ ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە دىققەت قىلىپ قالغانلىقىنى سېزىپ قالماسلىقى

ئۇچۇن دەررۇلا ئاپسىغا گەپ قىلغان بولۇپ تۇرۇۋالدى. تاماقتىن كېيىن كوزنىشېف بىر ئىستاكان قەھۋەنى ئېلىپ دېرىزىنىڭ تۈۋىگە كېلىپ، بالىلار موگۇ تېرىپ كېلىشكە ماڭغاندا ئۆتىدىغان ئىشىككە قاراپ ئولتۇرغاچ، ئىنىسى بىلەن بولغان بايىقى پارىڭنى داۋاملاشتۇردى. لېۋىن ئاكىسىنىڭ يېنىدىكى دېرىزە تەكچىسىدە ئولتۇراتتى.

كىتى ئېرىنىڭ يېنىدا تۇراتتى، ئۇنىڭغا بىرنېمە دېمەكچى بولۇپ، ئۇلارنىڭ قىزىقى يوق پاراڭلىرىنىڭ تۈگىشىنى ساقلاپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى.

— ئۆيلەنگىنىڭدىن كېيىن نۇرغۇن تەرەپلىرىڭ ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ، ئۆزگەرگەندىمۇ ياخشى تەرەپكە ئۆزگىرىپتۇ، — دېدى كوزنىشېف لېۋىنغا، ئارقىدىن كىتىگە قاراپ كۈلۈپ قويۇپ. ئۇنىڭ بۇ پاراڭلارنى خۇشياقمايراق قىلىۋاتقانلىقى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى، — ئەمما، غەلىتە پاراڭلارنى قىلىدىغان ئادىتىڭ ئۆزگەرمەپتۇ.

— كىتى، سەن بۇنداق ئۆرە تۇرساڭ بولمايدۇ، — دېدى ئېرى ئۇنىڭغا مېھرى بىلەن قاراپ قويۇپ ئورۇندۇق قويۇپ بېرىپ.

— ھە راست، سەن بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرىدىغانغا ۋاقتىم يوقتەك قىلىدۇ، — دېدى كوزنىشېف بالىلارنىڭ يۈگۈرۈپ كىرىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يەنە.

ئۇزۇن پايپاق كىيىۋالغان تانە بىر سېۋەت بىلەن كوزنىشېفنىڭ شىلەپىسىنى قولىدا پۇلاڭلىتىپ، ھەممىنىڭ ئالدىدا يېنىچە قىيغىتىپ، ئۇدۇل كوزنىشېفقا قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتاتتى.

تانە دادىللىق بىلەن كوزنىشېفنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ، دادىسىنىڭكىگە ئوخشايدىغان چىرايلىق كۆزلىرىنى چاقنىتىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا شىلەپىسىنى سۇندى ۋە قىزغىن، مۇلايىم كۈلۈمسىرىشى بىلەن ئۆزىنىڭ بەڭۋاشلىقىنى يوشۇرۇپ، شىلەپىنى ئۇنىڭ بېشىغا كىيگۈزۈپ قويماقچى بولدى.

— ۋارېنكا ساقلاپ تۇرىدۇ، — دېدى ئۇ كوزنىشىنىڭ كۇلۇپ قارىشىدىن شۇنداق قىلسا بولىدىغانلىقىنى بىلگەندەك بېشىغا شىلەپىسىنى كىيگۈزۈپ تۇرۇپ.

بېشىغا ئاپئاق ياغلىق تېڭىۋالغان ۋارېنكا سېرىق چىت كۆڭلەكنى بىلەن ئىشىكنىڭ ئالدىدا تۇراتتى.

— مانا، مانا، ماڭىدىم، ۋارۋارا ئاندرېيېۋنا، — دېدى كوزنىشېۋ ئىستاكاندىكى قەھۋەسىنى ئىچمۇەتكەندىن كېيىن قولياغلىقى بىلەن تاماكا قۇتىسىنى يانچۇقىغا سېلىپ تۇرۇپ.

— بىزنىڭ ۋارېنكا قانداق چىرايلىق قىز - ھە؟ — دېدى كىتى كوزنىشېۋ ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭغاندا ئېرىگە كوزنىشېۋ ئاڭلىغۇدەك قىلىپ. بۇ گەپنى ئۇنىڭ مەقسەتلىك قىلغانلىقى ئېنىق ئىدى، — ئۇ شۇنچىلىك چىرايلىق، چىرايىغا ماس لاتاپىتىچۇ تېخى. ۋارېنكا! — كىتى ئۇنى چاقىردى، — سىلەر تۈگمەن تەرەپتىكى ئورمانغا بارامسىلەر؟ بىزمۇ كەينىڭلاردىن بارىمىز.

— كىتى، سەن ئۆزۈڭنىڭ قانداق ئەھۋالدا ئىكەنلىكىڭنى ئۇنتۇپ قىلىۋاتىسەن، — دېدى قېرى كىنەز خانىم ئالدىراپ ئىشىكنىڭ ئالدىغا كېلىپ، — بۇنداق ۋارقىراش ساڭا ياقمايدۇ.

ۋارېنكا كىتىنىڭ ئاۋازىنى ۋە ئاپىسىنىڭ ئۇنى ئەيىبلەپ دېگەن گەپلىرىنى ئاڭلاپ، يەڭگىل دەسسەپ كىتىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇنىڭ ھەرىكىتىنىڭ چەبدەسلىكى، كۆزلىرىنىڭ چاقناپ، مەڭزىلىرىنىڭ قىزىرىپ كېتىۋاتقانلىقى كۆڭلىدە ئاللىقانداق بىر ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇۋاتاتتى. كىتى ئۇنىڭ قانداق ئەھۋال ئىكەنلىكىنى بىلەتتى ھەم ئۇنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىگە دىققەت قىلىپ كېلىۋاتاتتى. شۇ تۇرقىدا ئۇنىڭ خۇددى ئورماندا زور بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى كۆڭلى تويۇپ تۇرۇۋاتقاندەك، دوستىغا بەخت تىلەپ چاقىرغىنى ئىدى.

— ۋارېنكا، ئەگەر بۈگۈن سەندە بىرەر ئىش يۈز بېرىدىغان

بولسا مەن شۇنچىلىك خۇشال بولاتتىم، ــ دېدى ئۇ دوستىنى سۆيۈپ تۇرۇپ بوش ئاۋازدا.

ــ سىزمۇ بىز بىلەن بىللە بارامسىز؟ ــ دېدى ۋارېنكا ئۆيلىپ تۇرۇپ لېۋىنغا كىتىنىڭ ئۆزىگە نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلىمىغانغا سېلىپ.

ــ مەن سىلەر بىلەن خامانغىچە بىللە بېرىپ شۇ يەردە قالىمەن.

ــ ئۇ يەردە نېمە ئىشىڭ بار؟ ــ سورىدى كىتى.

ــ يېڭى سېتىۋالغان هارۋىلارنى كۆرۈپ هەم ئۇنىڭ پۇلىنى هېسابلىتىپ كېلىمەن، ــ دېدى لېۋىن جاۋابەن، ــ ئۆزۈڭ نەدە بولىسەن.

ــ بالكوندا.

# 2

ئاياللارنىڭ هەممىسى بالكوندا يىغىلىپ ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلار تاماقتىن كېيىن شۇ يەرگە چىقىپ ئولتۇرۇشنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ ئۇ يەردە قىلىدىغان ئىشلىرى بار ئىدى، يېڭىدىن تۇغۇلىدىغان بوۋاققا كۆڭلەك، ئىشتان ۋە يۆگەكلەرنى تەييارلاشتىن باشقا مۇراببانى، سۇ قوشماي قاينىتىدىغان مۇراببانى سىناق قىلىشىپ باقماقچى ئىدى. بۇنداق مۇراببا قاينىتىش ئاگافيە ئۇچۇن يېڭىلىق ئىدى. كىتى ئاپىسىنىڭ ئۆيىدە مۇراببانى مۇشۇنداق قاينىتىدىغانلىقىنى تونۇشتۇرغان بولسىمۇ، بۇ ئۆينىڭ مۇرابباسىنى ئىزچىل ئۆزى قاينىتىپ كېلىۋاتقان ئاگافيە، لېۋىنلارنىڭ ئائىلىسىدە ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان مۇراببا قاينىتىش ئۇسۇللىرىنىڭ بىرىدىمۇ خاتالىق يوق، باشقىلارنىڭكىدە چوقۇم چاتاق بار، دەپ

ئويلاپ، قاينىتىۋاتقان مالىنا مۇراباباسىغا ئۆزىنىڭ ئۇسۇلى بويىچە سۇ قوشۇۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ بۇ ئىشى ئاشكارىلىنىپ قالغاندىن كېيىن، ئۇلار بۆلجۈرگەن مۇراباباسىنى ئۆزلىرى قاراپ تۇرۇپ قاينىتىپ، مۇراباباني سۇ قوشمايمۇ ياخشى قايناتقىلى بولىدىغانلىقىغا ئاگافيەنى ئىشەندۈرمەكچى بولۇشتى.

ئاچچىقى كېلىپ قىزىرىپ، چاچلىرى چۇۋۇلۇپ كەتكەن ئاگافيە يېڭىنى بىلىكىگىچە تۇرۇپ قويۇپ، ئورۇق قوللىرى بىلەن مۇرابابا قاينىتىۋاتقان مەشنىڭ ئوتىنى كوچىلىغۇچ بىلەن پات - پات چۇقچىلاپ قويۇپ، قايناۋاتقان مۇراباباغا قاراپ ئولتۇراتتى، ئىچىدە مۇرابابانىڭ قېتىپ قېلىپ، مۇراباباغا ئوخشىمايدىغان بىرنېمە بولۇپ چىقىشىنى جان - دىلى بىلەن تىلەۋاتاتتى. قېرى كىنەز خانىم ئاگافيەنىڭ ئۆزىگە ئاچچىقى بارلىقىنى ــــ چۈنكى ئۇ مۇرابابا قاينىتىشنىڭ يېڭى ئۇسۇلىنىڭ مەسلىھەتچىسى ئىدى ــــ بىلىپ، ئامال بار ئۆزىنى باشقا ئىشلار بىلەن ئالدىراپ يۈرۈۋاتقانغا سېلىپ، مۇرابابا قايناۋاتقان مەش تەرەپكە قارىمايۋاتاتتى، باشقا گەپلەرنى قىلىپ ئولتۇراتتى، شۇنداقتىمۇ پات - پات كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قىيا قاراپ قوياتتى.

ــــ مەن دائىم خىزمەتكارلاغا ئەرزان رەختلەردىن كۆڭلەك تىكتۇرۇپ بېرىمەن، ــــ دېدى قېرى كىنەز خانىم بايىقى گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ ... ــــ كۆپۈكىنى ئېلىۋەتسەكمىكىن، سادىغاڭ كېتەي؟ ــــ دېدى ئۇ ئاگافيەگە قاراپ، ــــ سېنىڭ ئارىلىشىشىڭ هاجەتسىز، ئۇ يەر ئىسسىق، ــــ دېدى كىنەز خانىم مەشنىڭ يېنىغا كېتىۋاتقان كىتىنى توسۇۋېلىپ.

ــــ مەن قىلاي ! ــــ دەپ ئورنىدىن تۇردى دوللى. ئۇ قوشۇق بىلەن بوش قايناۋاتقان مۇرابابانىڭ يۈزىدىكى سېرىق كۆپۈكىنى ئاۋايلاپ ئېلىپ، ئۇستىدە ئالتۇندەك كۆپۈك، تېگىدە قىپقىزىل قىيام تىنىپ قالغان تەخسىنىڭ گىرۋىكىگە بوش ئۇرۇپ قوشۇقتىكى كۆپۈكنى چۈشۈرۈۋەتتى. «ئۇلار چاي ۋاقتىدا بۇ تەخسىدىكى قىيامنى يالىۋالغان بولسا قانچىلىك خۇش بولۇپ

كېتەر ـ ھە !» دەپ ئويلىدى ئۇ بالىلىرنى ئويلاپ ھەم كىچىك ۋاقتىدا چوڭلارنىڭ مۇرابىبانىڭ كۆپۈكىنى يېمەيدىغانلىقىغا ھەيران قالىدىغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ.

— ستىۋا پۇل بەرگەن ياخشىراق، دەيدۇ، — دېدى دوللى خىزمەتكارلارغا قانداق نەرسە ئىنئام قىلسا ئەڭ مۇۋاپىق بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق قىلىشىۋاتقان قىزىق پاراڭنى داۋام قىلىپ، — لېكىن ...

— پۇل بەرسە قانداق بولىدۇ ! — دېدى كىنەز خانىم بىلەن كىتى بىردەك ئۇنىڭ گېپىگە قارشى چىقىپ، — ئۇلار نەرسە بەرگەننى كۆپرەك ئەتىۋارلايدۇ.

— مېنى دېسەڭلار، بۇلتۇر مەن بىزنىڭ ماتريوناغا گۈللىرى پوپىلىنغا ئوخشاپ قالىدىغان رەختتىن بىر كۆڭلەكلىك سېتىۋېلىپ بەرگەنىدىم، — دېدى كىنەز خانىم.

— توغرا، تۇغۇلغان كۈنىڭىزنى ئۆتكۈزگەن كۈنى مەن ئۇنى شۇ كۆڭلەكتە كۆرۈۋىدىم.

— گۈللىرى ئاجايىپ چىرايلىق، ئاددىي ھەم كۆركەم. ئەگەر ئۇ شۇ رەختتىن كۆڭلەك كىيمىگەن بولسا، ئۆزۈمگە بىر كۆڭلەكلىك ئېلىپ تىكتۈرۈۋالاتتىم. ۋارېنكانىڭ كۆڭلىكىگە ئوخشاپراق كېتىدۇ، شۇنداق سۈپەتلىك ھەم ئەرزان.

— ئەمدى بولغاندەك قىلىدۇ، — دېدى دوللى مۇراببادىن بىر قوشۇق ئېلىپ قىيامىنى ئېقىتىپ كۆرۈپ.

— قىيامى ئىنچىكە سوزۇلۇپ چۈشسە بولغان بولىدۇ، يەنە ئازراق قاينىسۇن، ئاگافيە.

— ئەجەبمۇ جېنىمغا تەگدى بۇ چىۋىنلار، — دېدى ئاچچىقى كېلىپ تۇرغان ئاگافيە، — قانداقلا بولسۇن بەربىرغۇ، — دەپ غودۇڭشىپ قويدى ئۇ يەنە.

— ھۇي، قاراڭلار ئۇنىڭ ئوماقلىقىنى، ئۇنى ئۈركۈتۈۋەتمەڭلار ! — دېدى كىتى سالاسۇنغا قونۇۋېلىپ مالىنانى سايىقىنى قايرىپ تۇرۇپ چوقۇپ يەۋاتقان قۇشقاچنى

كۆرۈپ تۇيۇقسىزلا.

— راست، نېمىدېگەن ئوماق. كىتى، مەشتىن يىراقراق تۇرسالڭ بولارمىكىن، — دېدى ئاپىسى ئۇنىڭغا.

— مۇشۇ پۇرسەتتە ۋارېنكانىڭ ئىشلىرى توغرۇلۇق پاراڭلىشايلىلا، — دېدى كىتى فرانسۇزچە سۆزلەپ، — بىلەمسىز، ئاپا، مەن نېمىشقىدۇر بۇگۈن ئۇلارنىڭ ئىشى بىر تەرەپ بولۇپ كەتسىكەن، دېگەن ئۈمىدتە ئولتۇرىمەن... نېمە دېمەكچى بولۇۋاتقىنىمنى چۈشەندىڭىزمۇ؟ شۇنداق بولغان بولسا ئاجايىپ ياخشى ئىش بولاتتى ـ دە.

— بۇ ئەلچىنىڭ يامانلىقىنى قاراڭلار! — دېدى دوللى، — ئۇلارنى نېمىدېگەن ئۇستىلىق بىلەن تېپىشتۇرغان بۇ...

— ياق، ئاپا، سىزنىڭ قانداق ئويلىرىڭىز بار؟

— مېنىڭ نېمە ئويلىرىم بولاتتى؟ ئۇ (كوزنىشېفنى دېمەكچى) ھەرقانداق چاغدا رۇسىيىدىن ئۆزىگە ئەڭ ياخشى لايىق تاپالايدۇ، گەرچە يېشى سەل چوڭىيىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭغا تېگىشنى خالايدىغان قىزلارمۇ كۆپ. ۋارېنكا ياخشى قىز، لېكىن ئۇياق (كوزنىشېف) ...

— ياق، گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ، ئاپا، نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغىمۇ، ئۇنىڭغىمۇ مۇشۇ كەمگىچە كۆڭۈلدىكىدەك لايىق چىقماي كەلگەن؟ بىرىنچىدىن، ئۇ شۇنچىلىك چىرايلىق! — دېدى كىتى بىر بارمىقىنى پۈكۈپ.

— ۋارېنكانىڭ ئۇياققا ياراپ قالغىنى راست، — دەپ تەستىقلىدى ئۇنىڭ گېپىنى دوللى.

— ئىككىنچىدىن، ئۇياققا جەمئىيەتتىكى ئورنىدىن قارىغاندا، خوتۇن بولغۇچىنىڭ بايلىقى، جەمئىيەتتىكى تەسىرىنىڭ لازىمى يوق، پەقەت دىيانەتلىك، ئۆزىنى تۇتقان خوتۇن بولسىلا بولىدى.

— راست، ۋارېنكا بىلەن تويى قىلالىسا خاتىرجەم بولسا بولغۇدەك، — دېدى دوللى ئۇنىڭ ئۇ سۆزىنى يەنە قۇۋۋەتلەپ.

— ئۆچىنچىدىن، ۋارېنكا ئۆياقنى ياخشى كۆرىدۇ. دېمەكچى ... دېمەكچى، ئىشلار چوقۇم كۆڭۈلدىكىدەك بولۇپ كېتىدۇ ... ماڭا ئۇلار ئورماندىن ئىشلىرىنى ھەل قىلىپ چىقىدىغاندەكلا تۇيۇلۇۋاتىدۇ. شۇنداق بولىدىغان بولسا بولەكچىلا خۇشال بولۇپ كېتەتتىم ـ دە. سەن قانداق بولاتتىڭ، دوللى؟

— سەن ئۇنچىلا ھاياجانلىنىپ كەتمە، ساڭا ھاياجانلىنىش پەقەتلا بولمايدۇ.

— مەن ھاياجانلانمىدىم، ئاپا. مەن ئۆياقنى بۈگۈن چوقۇم ۋارېنكاغا تەلەپ قويىدۇ، دەپ ئويلايمەن.

— ئاھ، ئەرلەرنىڭ قىزلارغا قانداق ۋە قاچان تەلەپ قويۇشى ئاجايىپلا بىر ئىش ... قانداقتۇر بىر توسالغۇنى بىردىنلا بۆسۈپ تاشلىغاندەك بولىدۇ، — دېدى دوللى ئوبلونسكىي بىلەن بولغان بۇرۇنقى ئىشلىرىنى ئەسلەپ، بىر خىل خىيال بىلەن كۈلۈپ قويۇپ.

— ئاپا، دادام ئۆز ۋاقتىدا سىزگە قانداق تەلەپ قويغان؟ — تۇيۇقسىز سوراپ قالدى كىتى ئاپىسىدىن.

— سىلەرگە دەپ بەرگۇدەك ھېچبىر ئالاھىدىلىكمۇ يوق، ئادەتتىكىدەكلا، — دېدى كىنەز خانىم جاۋابەن. بۇرۇنقى ئىشلار ئېسىگە كېلىپ بىردىنلا كۈلۈپ كەتتى ئۇ.

— ياق، زادى قانداق بولغان؟ سۆزلەپ بەرسىڭىزچۇ؟ ئىككىڭلار شۇ ئىشلار توغرۇلۇق سۆزلىشىشتىن ئىلگىرى سىز دادامنى ياخشى كۆرۈپ قالغانمىدىڭىز؟

كىتى ئاپىسى بىلەن ئايال كىشىنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم ئىشلار توغرۇلۇق باراۋەر ئولتۇرۇپ سۆزلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغىنىدىن ئۆزىنى خۇشال سېزىپ ئولتۇراتتى.

— ئەلۋەتتە، ياخشى كۆرۈپ قالغانمەن. ئۇ يىللىرى ئۇ دائىم بىزنىڭ يېزىغا كېلىپ تۇراتتى.

— كېيىن قانداق قارار قىلدىڭلار، ئاپا؟

— سەن چوقۇم ئۆزۈڭلارنىڭ ھازىرقى تېپىشىشىڭلارنى بىز

ياراتقان يىگىلىق، دەپ ئويلىساڭ كىرەك، شۇنداقمۇ؟ ئەمەلىيەتتە، شۇ چاغدىمۇ شۇنداق ئىدۇق، قاش ئېتىشىپ، كۆز قىسىشىپ، كۆڭلىمىزدىكىنى كۈلكىلىرىمىز بىلەن بىلدۈرۈپ ...

— ئاجايىپ ئوبرازلىق گەپ قىلدىڭىز، ئاپا! راست، قاش ئېتىشىپ، كۆز قىسىشىپ، كۆڭۈلدىكىنى كۈلكە بىلەن ئىپادىلەيدىغان گەپ ئىكەن، — دېدى دوللى ئاپىسىغا ماسلىشىپ.

— دادام سىزگە نېمە گەپلەرنى قىلغان؟

— لېۋىن ساڭا نېمە دېگەن؟

— ئۇ دەيدىغان گېپىنى بور بىلەن يېزىپ بىلدۈرگەن. ئاجايىپلا بىر ئىش بولغان دەڭا ... ماڭا بۇ ئىشقا ناھايىتى ئۇزاق بولۇپ كەتكەندەك تۇيۇلىدۇ، — دېدى كىتى.

ئۈچ ئايال بىر ئىش ئۈستىدە ئويلىنىپ قېلىپ، بىر ھازاغىچە جىمىپ كېتىشتى. بۇ جىمجىتلىقنى بىرىنچى بولۇپ كىتى بۇزدى. ئۇ ئاشۇ يىلىدىكى قىش پەسلىنى، ئۆزىنىڭ ۋرونسكىينى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى ئويلاپ قالغانىدى.

— شۇنىسى ... ۋارېنكا ئىلگىرى بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قاپتىكەن، — دېدى كىتى ئۇ ئىش تەبىئىيلا خىيالىغا كېلىپ قېلىپ، — مەن ئۇنىڭ ئۇ ئىشىنى سېرگېي ئىۋانوۋىچقا دەپ قويايمىكىن دەيمەن، كېيىن بىلگەندىن ھازىر بىلگىنى ياخشىمىكىن دەيمەنغۇ. ئەرلەر ئايالالارنىڭ بۇرۇنقى ئىشلىرىغا بۆلەكچىلا رەشك قىلىشىدۇ ئەمەسمۇ.

— ھەممىسىلا ئۇنداق ئەمەس، — دېدى دوللى، — سەن ئېرىڭنىڭ مىجەزىگە قاراپ شۇنداق دەۋاتىسەن. لېۋىن ھازىرغىچە ۋرونسكىي ئېسىگە كېلىپ قالسا كۆڭلى ئەسكى بولۇپ يۈرىدۇ.

— ئۇ شۇنداق، — دېدى كىتى كۆزلىرىدە كۈلكە، خۇددى بىر ئىشنى ئويلاۋاتقاندەك قىلىپ.

— مەن سېنىڭ ئۆتمۈشۈڭدە ئېرىڭنى تەشۋىشكە سالغۇدەك قانداق ئىشىڭنىڭ بارلىقىنى بىلمەيدىكەنمەن، — دېدى كىنەز

خانىم ئانا بولغۇچىنىڭ قىزىغا بولغان كۆيۈنۈشى بويىچە سۆز قىستۇرۇپ، — ۋرونسكىينىڭ كەينىڭگە كىرگىنى ئۇچۇنمۇ؟ ئۇنداق ئىشلار ھەرقانداق بىر قىزنىڭ بېشىدىن ئۆتىدۇغۇ؟

— ھەي، بۇ توغرۇلۇق پاراڭلاشمايلىچۇ، — دېدى كىتى قىزىرىپ كېتىپ.

— ياق، توختا، — دېدى ئاپىسى گېپىنى داۋام قىلىپ، — شۇ چاغدا مەن ۋرونسكىي بىلەن سۆزلىشەي دېسەم ئۆزۈڭ ئۇنىمىغانغۇ، ئېسىڭدىمۇ؟

— ۋاي - ۋۇي، ئاپا! — كىتىنىڭ چىرايىدا ئازابلىق بىر ئىپادە يالت قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى.

— مانا ھازىر ھېچكىم سىلەرگە بىر نىمە دېيەلمەيدۇ... ئۇنىڭ ئۈستىگە، سېنىڭ ۋرونسكىي بىلەن تاپتىن چىقىپ كەتكەن ئىشلىرىڭمۇ يوق. مېنىڭ شۇ تۇرقىدا ئۇنىڭ بىلەن يۈزتۇرا ئولتۇرۇپ پاراڭلاشقۇم كېلىپ كېتىۋاتىدۇ. ھەر ھالدا قوزام، ساڭا ھاياجانلىنىش ياخشى ئەمەس، بۇ گەپ ئېسىڭدە بولسۇن، ئۆزۈڭنى بىر خىل تۇتۇپ يۈر!

— مەن بىر خىل كېتىۋاتىمەن، ئاپا.

— ھېلىمۇ ياخشى، كىتىنىڭ بەختىگە ئاننا كېلىپ قالدى، — دېدى دوللى، — ئەمما، ئاننانى نەس باستى، پۈتۈنلەي ئەكسىچە ئىش بولۇپ كەتتى، — دوللى سىڭلىسىنىڭ شۇ بالاغا تىقىلىپ قالمىغىنىغا خۇش بولغاندەك گەپ قىلدى، — ئاننا شۇ چاغلاردا شۇنچىلىك بەختلىك ئىدى، كىتى بولسا ئۆزىنى بەختسىزلەر قاتارىدا كۆرگەنىدى. ئەمدى بۇگۈن ئىشنىڭ پۈتۈنلەي ئەكسىچە بولۇپ چىققىنىنى كۆرۈڭلار. مەن ئاننانى دائىم ئويلاپ تۇرىمەن.

— نېمىسىنى ئويلايسەن ئۇ خوتۇننىڭ! ئۇياتنى بىلمەيدىغان، ۋىجدانى يوق بىر خوتۇنغۇ ئۇ، — دېدى كىنەز خانىم. ئۇ كىتىنىڭ ۋرونسكىيغا ئەمەس، لېۋىنغا ياتلىق بولۇپ قالغانلىقىنى كۆڭلىدىن چىقىرىۋېتەلمەي يۈرەتتى.

— شۇنىڭدىن باشقا قىلىدىغان گەپ تېپىلمىدىمۇ سىلەرگە! — دېدى ئاچچىقى بىلەن كىتى، — مەن ئۇ ئىشنى ئويلىمايمەن، ئويلاشنىمۇ خالىمايمەن ... ئويلىغىنىممۇ ھەم يوق، — ئۇ ئېرىنىڭ پەلەمپەيدىن چىقىۋاتقان تونۇش ئاياغ تىۋشىنى ئاڭلاپلا كەينىدىكى گەپنى قوشۇپ قويدى.

— ھۆي، ئويلىغۇڭىز كەلمەيدىغان نېمە ئىش ئۇ؟ — دېدى لېۋىن بالكونغا چىققاندىن كېيىن.

ئۇنىڭ ئۇ سۆزىگە ھېچكىم جاۋاب بەرمىدى، ئۆزىمۇ قايتا سوراپ كەتمىدى.

— كەچۈرۈڭلار، شېرىن سۆھبىتىڭلارنى بۇزۇپ قويدۇم، — لېۋىن ئۇلارنىڭ ئۆزىگە دېگىلى بولمايدىغان قانداقتۇر بىر ئىش توغرۇلۇق پاراڭلىشىپ ئولتۇرغانلىقىنى بىلىپ، ھەممەيلەنگە بىر خىل سوغۇق نەزەر بىلەن بىر - بىرلەپ قاراپ چىقتى.

شۇ بىر دەقىقىدە ئىچىدە ئۇ ئاگافىيە بىلەن ئوخشاش ھېسسىياتتا بولۇپ قالدى. ئاگافىيە مۇرابباغا سۇ قوشماي قايناتقان ئىشتىن، ئومۇمەن، شېرباتسكىيلار ئائىلىسىنىڭ ئۆزىگە بەرگەن تەسىرىدىن رەنجىگەنىدى. لېكىن، لېۋىن ئۇنىڭدەك تۇتۇلۇۋالماي، كۆلۈپ تۇرۇپ كىتىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— خوش، قانداقراق تۇرۇۋاتىسەن؟ — سورىدى ئۇ كىتىدىن ھازىرقى چاغدا ھەممە ئۇنىڭغا قارايدىغان ھالەتتە قاراپ تۇرۇپ.

— يامان ئەمەس، ياخشى تۇرۇۋاتىمەن، — دېدى جاۋابەن كىتى يېقىملىق كۈلۈپ قويۇپ، — ئۆزۈڭنىڭ ئىشلىرى قانداق؟

— ئۇ يېڭى ھارۋىغا كونا ھارۋىلارغا قارىغاندا ئۈچ ھەسسە كۆپ يۈك باسقىلى بولىدىكەن. ئىككىمىز بېرىپ بالىلارنى ئېلىپ كېلەيلىمۇ؟ ھارۋىكەشكە ھارۋىنى قېتىپ قويۇشنى دەپ قويدۇم.

— نېمە؟ سەن كىتىنى كۆتەك ھارۋاڭغا ئولتۇرغۇزۇپ ئېلىپ ماڭماقچىمۇ؟ — دېدى ئاپىسى ئۇنىڭ ئۇ ئىشىغا نارازى بولۇپ.

— بىر قەدەم - بىر قەدەمدىن ئاستا ماڭىمىز، كىنەز خانىم.

لېۋىن مۇشۇ كەمگىچە گراف خانىمنى كۈيئوغۇللار

قېينانىسىنى «ئاپا» دەپ ئاتىغانغا ئوخشاش ئاتاپ باقمىغانىدى، ئۇنىڭ بۇ ئىشى كىنەز خانىمغا ياقمايتتى. لېۋىن كىنەز خانىمنى ھەرقانچە ھۆرمەتلىسىمۇ، ئەمما ئۇنى «ئاپا» دەپ ئاتاپ، ئۆزىنىڭ مەرھۇم ئاپىسىنىڭ خاتىرىسىنى سۇسلاشتۇرۇشقا كۆڭلى ئۇنىمايتتى.

— ئاپا، سىز بىز بىلەن بىللە بېرىڭ، — دېدى كىتى.

— مېنىڭ سىلەرنىڭ بۇ تەنتەكلىكلىرىڭلارنى كۆرگۈم يوق.

— بوپتۇ، سالامەتلىكىم ياخشى بولغاندىكىن مەن پىيادە ماڭاي، — دېدى كىتى ئورنىدىن تۇرۇپ. ئۇ ئېرىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنى قولتۇقلىۋالدى.

— تېنىڭ ساق بولسىمۇ، ھەر نەرسىنىڭ چېكى بولىدۇ، — دېدى كىنەز خانىم.

— ھۇي، ئاگافىيە، مۇراببا تەييار بولدىمۇ؟ — دەپ سوراپ قويدى لېۋىن ئاگافىيەنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ قويۇش مەقسىتىدە ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ قويۇپ، — مۇراببا قاينىتىشنىڭ يېڭى ئۇسۇلى بولامدىكەن؟

— بولۇپ قالىدىكەن، ئەمما بىزنىڭكىگە قارىغاندا ئۇزاقراق قاينىتىۋېتىدىكەن.

— شۇنداق بولغىنى ياخشى، ئاگافىيە، ئېچىپ قالمايدۇ. مۇزلىرىمىزمۇ ئېرىپ تۈگىدى، بولمىسا نەدە ساقلايتتۇق، — دېدى كىتى ئېرىنىڭ مەقسىتىنى دەررۇ چۈشىنىپ ۋە ئېرىگە ئوخشاش ھېسسىيات بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ، — سىزنىڭ چىلىغان نەرسىلىرىڭىز ئاپامغا تېتىپ كېتىپ، ھېچقانداق يەردە بۇنداق ياخشى چىلانغان نەرسىلەرنى يەپ باقمىغانمەن، دېدى، — دەپ قوشۇپ قويدى كىتى بېشىدىكى ياغلىقىنى تۈزەشتۈرۈپ تۇرۇپ.

ئاگافىيە كىتىگە ئاچچىقى بىلەن قاراپ قويدى.

— كۆڭلۈمنى ياسىمەن دەپ ئاۋارە بولماڭ، خېنىم، مېنىڭ

ئىككىڭلارنى كۆرۈپ تۇرسام كۆڭلۇم ئىچىلىپ قالىدۇ، — دېدى ئۇ. ئۇنىڭ قوپاللىراق دېيىلگەن «ئىككىڭلارنى» دېگەن سۆزىدىن كىتى تەسىرلىنىپ قالدى.

— بىز بىلەن بىللە موگۇ تېرىپ كەلگىلى بىرىڭچۇ! بىزنى موگۇ بار يەرلەرگە باشلاپ باراتتىڭىز، — دېدى كىتى ئاگافيەگە. ئاگافيە خۇددى «سىزگە ئازراق ئاچچىقلانغۇم بار ئىدى، لېكىن ئۇنداق قىلالمايدىكەنمەن» دېگەندەك قىلىپ، بېشىنى چايقاپ كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— مېنىڭ دېگىنىمدەك قىلىڭلار، — دېدى كىنەز خانىم، — ئاۋۇ قەغەز بىلەن مۇرابباننىڭ ئۈستىنى يېپىپ، قەغەزنىڭ ئۈستىگە روم ھارىقىدىن بىرنەچچە تېمىم تېمىتىۋېتىسىلەر، شۇنىڭدا مۇراببا مۇز بولمىسىمۇ كۆكىرىپ قالمايدۇ.

# 3

كىتى ئېرى بىلەن ئۇچچە قالغىنىغا بەكمۇ خۇشال بولدى، چۈنكى ئۇ ئېرى بايا بالكونغا چىقىپ، نېمە دېيىشىۋاتىسىلەر، دەپ سورىغان، ھېچكىم جاۋاب بەرمىگەندە، ئېرىنىڭ ئىچىدە ئويلىغىنىنى تېشىغا ئاسانلا تېپىپ چىقىدىغان چىرايىدا خاپا بولغاندەك بىرخىل ھالەتنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى بايقاپ قالغانىدى.

ئىككىسى ئۆيدىن ھەممىنىڭ ئالدىدا چىقىپ، ئۆي كۆرۈنمەيدىغان يەردىكى قارا بۇغداي باشاقلىرى بىلەن دانلىرى تۆكۈلۈپ قالغان توپىلىق يولغا كەلگەندە، كىتى ئېرىگە چىڭ يېپىشىپ، ئېرىنىڭ ئۆزىنى قۇچاقلاپ كېتىۋاتقان قولىنى مەھكەم تۇتۇپ ماڭدى. ئېرى بايىقى كۆڭۈلسىزلىكنى ئۇنتۇپ كەتكەنىدى. خوتۇنى بىلەن يالغۇز قالغانلىقىنىڭ خۇشاللىقى،

ئېغىر ئاياغ بولۇپ قالغان خوتۇنىنىڭ تېز ئارىدا ئانا بولىدىغانلىقىنىڭ خىيالى ئۇنى بىر خىل تاتلىق سېزىم ئىچىگە شۇڭغۇتۇپ تۇراتتى. خوتۇنى بىلەن مۇشۇنداق چاپلىشىپ دېگۈدەك كېتىۋاتقاندا، ئۇ سېزىم يەنە ئۇنى جىنسىي راھەتتىنمۇ بەكرەك راھەتلەندۈرۈپ، پاكلىق ئالىمىدە پەرۋاز قىلدۇراتتى. ئىككىسىنىڭ قىلىشىدىغان گەپلىرىمۇ يوق ئىدى، ئەمما لېۋىن ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاشنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرەتتى. چۈنكى، كىتى ھامىلىدار بولۇپ قالغاندىن كېيىن ئاۋازىمۇ بىر نەرسىلەرگە قاراشلىرىغا ئوخشاش ئۆزگىرىپ قالغان، خۇددى ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان خىزمەتنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ ئىشلەۋاتقاندەك، ئاۋازى بىلەن قاراشلىرىدا بىر خىل جىددىيلىك ۋە مۇلايىملىق ئەكس ئېتىپ تۇرىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

— چارچىدىڭمۇ؟ ماڭا تېخىمۇ يۆلىنىپرەك ماڭغىن، — دېدى لېۋىن.

— چارچىمىدىم. سەن بىلەن يالغۇز ماڭغىنىمدىن شۇنچىلىك خۇشالمەن. راستىمنى دېسەم، ئۇلار بىلەن بىللە بولسام، ھەرقانچە كۆڭۈللۈك ئولتۇرساقمۇ ئىچىمنىڭ بىر يېرى زادىلا ئېچىلمايدۇ. ئىككىمىز بىللە بولغان ئاشۇ كۆڭۈللۈك قىش ئاخشىمى پەقەتلا ئېسىمدىن چىقمايدۇ.

— ئۇ چاغلار راست كۆڭۈللۈك ئىدى، ھازىر ئۇنىڭدىنمۇ كۆڭۈللۈك، ھەر ئىككى چاغلىرىمىز ئوخشاشلا ياخشى، — دېدى لېۋىن ئۇنىڭ قولىنى تېخىمۇ چىڭ سىقىپ تۇرۇپ.

— سەن ئۆيگە كىرگەن چاغدا نېمە توغرۇلۇق پاراڭلىشىۋاتقىنىمىزنى بىلەمسەن؟

— مۇراببا توغرۇلۇقتۇ؟

— توغرا، مۇراببا توغرۇلۇقمۇ پاراڭلاشتۇق، ئۇنىڭدىن باشقا، ئەرلەرنىڭ قىزلارغا قانداق تەلەپ قويىدىغانلىقلىرى توغرۇلۇقمۇ پاراڭلار بولدى.

— شۇنداقمۇ، — دېدى لېۋىن. شۇ تۇرقىدا ئۇنى كىتىنىڭ گېپىنى ئاڭلاۋاتىدۇ دېگەندىن، ئاۋازىنى ئاڭلاۋاتىدۇ، دېگەن تۇزۇك ئىدى. ئاڭغىچە ئۇلار ئورمانىدىكى چىغىر يولغا كىرىپ قالغانىدى، لېۋىن ئۇنى يىقىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن يولنىڭ ئويمان - چوڭقۇر يەرلىرىدىن ئەگىلدۇرۇپ ئېلىپ ماڭدى.

— بىز يەنە سېرگېي ئىۋانوۋىچ بىلەن ۋارېنكا توغرۇلۇقمۇ سۆزلەشتۇق. سەن بۇنى سەزمىدىڭمۇ؟ ... مەن ئۇلارنىڭ ئىشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلىمەن، — دېدى كىتى سۆزىنى داۋام قىلىپ، — سېنىڭ بۇ ئىشقا قارىشىڭ قانداق؟ — كىتى شۇ گەپ بىلەن تەڭ لېۋىنىڭ چىرايىغا قارىدى.

— قانداق قارىشىم كېرەكلىكىنى بىلمەيمەن، — دەپ جاۋاب بەردى لېۋىن گېپىگە كۈلكە ئارىلاشتۇرۇپ، — سېرگېي ماڭا باشقىچىلا كۆرۈنىدۇ. بۇ ھەقتە مەن ساڭا سۆزلەپ بېرىۋىدىم ...

— شۇنداق، ئۇ ئۆلۈپ كەتكەن ئاشۇ قىزنى ياخشى كۆرەتتىكەن ...

— ئۇ چاغلاردا مەن كىچىك ئىدىم، بۇ ئىشنى كېيىن باشقىلاردىن ئاڭلىدىم. ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى ھالىتى ھازىرمۇ ئېسىمدە، ئۇ قىزنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرۈپتىكەن. شۇنىڭدىن تارتىپ مەن ئۇنىڭ قىزلارغا قانداق قارايدىغانلىقىنى كۆزىتىپ كەلدىم، قىزلارغا ئاجايىپ ياخشى مۇئامىلە قىلىدۇ، بىرنەچچە قىزنى ياخشى كۆرۈپمۇ قالغان. ئۇنىڭ يامان يېرى، ئاياللارغا بۇ بىر ئايال كىشىغۇ، دەپ ئەمەس، ئادەمغۇ، دەپ قارايدۇ.

— توغرا. لېكىن، ھازىر ۋارېنكا بىلەن ... قارىغاندا، ئازراق ...

— ئېھتىمال ... ئەمما، بىز ئۇنىڭ مىجەزىنى ياخشى چۈشىنىشىمىز كېرەك ... ئۇ ھېچكىمگە ئوخشىمايدىغان باشقىچىلا ئادەم، ساپ روھىي ھايات ئىچىدە ياشايدۇ، تولىمۇ ئالىيجاناب، ساپ دىل بىر ئىنسان.

— نېمە؟ ئۇنداق بولسا بۇ ئىش ئۇنىڭ روھىيىتىگە تېگىپ كېتەرمۇ؟

— ئۇنداق بولمايدۇ. ئۇ ساپ روھىي ھايات ئىچىدە ياشاشقا ئۆگىنىپ كەتكەن، رېئال ھاياتقا كۆنمەيدۇ. ئەمما، ۋارېنكا قانداقلا بولسۇن رېئاللىق ئىچىدە ياشايدىغان قىز.

لېۋىن ھازىر ئۆزىنىڭ قاراشلىرىنى دادىل ئوتتۇرىغا قويالايدىغان، سۆزلىرىنى قېلىپقا سالىمەن دەپ ئاۋارە بولمايدىغان بولۇپ قالغانىدى، خوتۇنىنىڭ مۇشۇنداق ئىشقىي ھەۋەس ئىچىدە تۇرۇۋاتقان مىنۇتلاردا ئازراقلا شەپە بېرىپ قويسا ئۆزىنىڭ نېمە دېمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشىنىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇراتتى. دېگەندەك، بۇ قېتىم ئۇ راستتىنلا چۈشەندى.

— ئۇ شۇنداق، ئەمما ئۇ ماڭا ئوخشاش ئەمەلىيەتچان ئەمەس. ئاكاڭنىڭ ماڭا ئوخشاشلارنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى بىلىمەن. ۋارېنكامۇ ئۇياققا ئوخشاش روھىي ھاياتنى قوغلىشىدىغانلاردىن.

— ياق، سېرگېي سېنى ياخشى كۆرىدۇ. بىزنىڭ ئائىلىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى سېنى قەۋەتلا ياقتۇرىدۇ، بۇنىڭدىن مەن ئاجايىپ خۇشال ...

— توغرا دەيسەن، ئۇياق ماڭا قىزغىن مۇئامىلە قىلىدۇ، ئەمما ...

— ئۇ مېنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن نىكولاي ئاكامغا ئوخشىمايدۇ ... ئۇ ئىككىڭلار بىر - بىرىڭلارغا ئامراق بولۇپ قېلىشىدىڭلار، — كىتىنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرىنى لېۋىن قىلىپ تۈگەتتى، — نېمىشقا گەپ قىلمايسەن؟ — دېدى لېۋىن داۋاملىق سۆزلەپ، — بەزىدە مەن، ئۇنى ئۇنتۇپ قېلىۋاتىسەن، دەپ ئۆزۈمنى ئۆزۈم ئەيىبلەپ قويىمەن. ھەي، ئۇ ھەم قورقۇنچلۇق، ھەم يېقىشلىق ئادەم ئىدى ... بايا بىز نېمە توغرۇلۇق سۆزلىشىۋاتاتتۇق؟ — لېۋىن بىردەم جىمىپ كەتتى.

— سەن ئاكاڭنى قىزلار بىلەن مۇھەببەتلىشەلمەيدۇ دەپ ئويلايسەن، شۇنداقمۇ؟ — دېدى كىتى ئادىتى بويىچە گەپنى تۈزلا قىلىپ.

— مۇھەببەتلىشەلمەيدۇ ئەمەس، — دېدى لېۋىن كۈلۈپ كېتىپ، — ئۇنىڭدا ئىنسانلاردا بولماي قالمايدىغان ئاشۇ خىل كەمچىللىك يوق ... مېنىڭ ئۇنىڭغا دائىم ھەۋەسىم كېلىدۇ، ھازىر شۇنچىلىك بەختلىك تۇرۇپمۇ يەنە شۇنداق ھەۋەس قىلىمەن.

— قىزلار بىلەن مۇھەببەتلىشەلمەيدىغانلىقىغا ھەۋەس قىلامسەن؟

— ئۇنىڭ مېنىڭدىن كۈچلۈك ئىكەنلىكىگە ھەۋەس قىلىمەن، — دېدى لېۋىن كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئۇ ئۆزى ئۈچۈن ياشىمايدۇ، پۈتۈن ھاياتى ئۆزىنىڭ بۇرچىنى ئادا قىلىشقا بېغىشلانغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭ كۆڭلى توق، ئارتۇقچە تەلەپلىرى يوق، خاتىرجەم.

— ئۇنداقتا، سەنچۇ؟ — دەپ سورىدى كىتتى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك ھەم چوڭقۇر مۇھەببەتتە بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ.

كىتتى ئۆزىنىڭ نېمىنى ئويلاپ كۈلگەنلىكىنى ھەرقانداق قىلىپمۇ ئىپادىلەپ بېرەلمەي، ئاخىرىدا ئۇنى ئېرىنىڭ ئاكىسىنى ھەدەپ ماختاپ، ئۆزىنى چۆكۈرگەنلىكىنى چىن دىلىدىن ئېيتىلغان گەپلەر ئەمەس، دېگەنگە يىغىنچاقلىدى. ئۇ ئېرىنىڭ ئۇنداق قىلىشىنىڭ ئاكىسىنى قىزغىن سۆيىدىغانلىقىدىن، ئۆزىنىڭ زىيادە بەختىدىن ئۇنىڭ ئالدىدا خىجالەت بولىدىغانلىقىدىن، بولۇپمۇ بەختنى قوغلىشىشنىڭ چەكسىز بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ تۇراتتى ۋە ئۇنىڭ شۇ خىل خىسسىياتىنى چۈشەنگەنلىكى ئۈچۈن كۈلگەنىدى.

— ئۆزۈڭچۇ؟ سەن زادى يەنە قانداق نەرسىدىن رازى ئەمەس؟ — كىتتى يەنە شۇنداق كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ سورىدى.

ئۇ ئېرىنىڭ يەنە قانداقتۇر بىر ئىشلاردا ئۆزىدىن رازى بولماي يۈرۈۋاتقىنىغا ئىشەنمەيتتى، بۇ ئەھۋال لېۋىننى خۇشال قىلاتتى. لېۋىن ئويلاپ باقمىغان بىر گەپ بىلەن ئۇنىڭ ئۇ خىل

ئىشەنمەسلىكىنىڭ سەۋەبىنى بىلىپ قالدى.

— مەن بەختلىك، — دېدى لېۋىن، — ئەمما ئۆزۈمدىن تازا رازى ئەمەس ...

— ئەگەر بەختلىك بولساڭ، يەنە قانداق بولۇپ ئۆزۈڭدىن رازى بولمايسەن؟ — دېدى كىتى.

— ساڭا نېمە دەپ چۈشەندۈرسەم بولار؟ ... هازىر مېنىڭ سېنى پۇتلىشىپ كەتمىسىكەن، دېگەندىن باشقا ھېچقانداق ئارزۇيۇم يوق. ئەستاغپۇرۇللا، بۇنداق سەكرىسەڭ قانداق بولىدۇ! — كىتى يولدا توغرىسىغا ياتقان بىر شاختىن يەڭگىل ئاتلاپ ئۆتۈۋىدى، لېۋىن قىلىۋاتقان گېپىنى توختىتىپ ئۇنىڭغا سۆزلەپ كەتتى، — مەن ئۆزۈمدىن ئۆزۈم قانداق ئادەملىكىمنى سورىسام، باشقىلارغا، بولۇپمۇ ئاكامغا سېلىشتۇرسام، ئۆزۈمنى تولىمۇ يارىماس ئادەمدەك ئويلاپ قالىمەن.

— سېنىڭ زادى نەرىڭ يارىماس؟ — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى كىتى يەنە بايىقى كۈلۈمسىرىشى بىلەن، — سەنمۇ باشقىلار ئۈچۈن ئىشلەۋاتىسەنغۇ؟ سېنىڭ ئېتىزلىقلىرىڭ، دېھقانچىلىقىڭ، يېزىۋاتقان ئەسەرلىرىڭ ھېساب ئەمەسمۇ؟ ...

— ياق، ئويلىسام ـ ئويلىسام، بۇنى سەن كەلتۈرۈپ چىقىرىۋېتىپسەن! — دېدى لېۋىن ئۇنىڭ قولىنى تېخىمۇ چىڭ تۇتۇپ، — ئۇ نەرسىلەر ھېچنېمىگە ھېساب ئەمەس. مەن ئۇ ئىشلارنى ھېچقانچە كۆچىمەيلا قىلىمەن. ئۇ ئىشلارنى سېنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرگەن بولسام ئالامەت ياخشى بولاتتى ... ئەمەلىيەتتە، مەن كېيىنكى چاغلاردا ئۇ ئىشلارنى ھاشارغا ئىشلىگەندەك ئىشلەيدىغان بولۇپ قالدىم.

— ئۇنداق بولسا دادام قانداق، دەپ باقىمنا؟ — سورىدى كىتى، — ئۇ ئومۇمنىڭ ئىشىنى زادىلا قىلمايدۇ، سېنىڭ قارىشىڭچە ئۇمۇ يارىماس ئادەممۇ؟

— ئۇمۇ؟ ياق! ئادەم دېگەن داداڭغا ئوخشاش ئاددىي ـ سادىدا، ئوچۇق، ئاق كۆڭۈل بولۇشى كېرەك. ئويلاپ باقىمنا، ئاشۇ

ئالاھىدىلىكلەر مەندە بارمۇ؟ مەن ھېچنېمە قىلالماي يۈرگىنىمگە ئازابلىنىمەن، بۇنىڭ ھەممىسىگە سەن ئەيىبلىك. سەن ھەم «بۇ» بولمىغاندا، ــ ئۇ دەررۇ كىتىنىڭ قورسىقىغا قاراپ قويغانىدى، كىتى ئۇنىڭ «بۇ» دەپ كىمنى دەۋاتقانلىقىنى دەررۇ چۈشەندى، ــ بارلىق زېھنىمنى ئىشىمغا قارىتاتتىم. ھازىر ئۇنداق قىلىشقا ئامالسىزمەن. شۇڭا، ئۆزۈمدىن ئۆزۈم خىجالەت بولىمەن. ئىشىمغا كىرىشەي دەپ ئويلىسام، ئۆزۈمنى خۇددى بىرى مېنى مەجبۇري ئىش قىلدۇرۇۋاتقاندەك، يالغاندەك بىر نېمىلەرنى قىلىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ قالىمەن ...

ــ ئۇنداق بولسا ھازىر قىلىۋاتقان ئىشىڭنى سېرگېي ئىۋانوۋىچنىڭ ئىشىغا تېگىش دېسە ماقۇل دەمسەن؟ ــ دېدى كىتى ئۇنىڭغا، ــ ئومۇمنىڭ ئىشى بىلەن بولۇپ، قىلمىساڭ بولمايدىغان ئاشۇ ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى ياخشى كۆرۈپ يۈرسەڭ، شۇنىڭدا رازى بولاتتىڭمۇ؟

ــ ئەلۋەتتە، رازى بولمايتتىم، ــ دېدى لېۋىن، ــ مەن ھازىر شۇنچىلىك بەختلىك، ئەمما بەخت مېنى ھېچنېمىنى چۈشەنمەيدىغان قىلىپ قويۇۋاتىدۇ. دەپ باقىنا، ئاكام بۈگۈن ئۇنىڭغا تەكلىپ قويارمۇ؟ ــ سورىدى لېۋىن يەنە بىردەم جىمىپ كەتكەندىن كېيىن.

ــ تەكلىپ قويامدۇ ـ قويمامدۇ، بىلمىدىم، ئەمما مەن شۇنداق قىلسىكەن دەپ ئويلايمەن. توختاپ تۇرغىنا، ــ كىتى ئېڭىشىپ، يولنىڭ بويىدىكى ياۋا مايچېچەكنى يۇلۇۋالدى، ــ بۇنى ساناپ باقساڭ، تەكلىپ قويىدىغان ـ قويمايدىغانلىقىنى بىلىسەن، ــ كىتى گۈلنى ئېرىگە بەردى.

ــ بۇ قويىدىغىنى، بۇ قويمايدىغىنى، ــ لېۋىن شۇنداق دەپ، گۈلنىڭ بەرگىلىرىنى بىردىن ـ بىردىن يۇلۇپ، ساناپ تۇرۇپ يەرگە تاشلاشقا باشلىدى.

ــ ياق، ياق، ئىككىنى بىر يۇلۇۋېتىڭ، ــ دېدى ئېرىنىڭ قولىغا خۇشال قاراپ تۇرغان كىتى.

— ئۇنداق بولسا بۇنى ھېساب قىلمايلى، — دېدى لېۋىن رەزگىرەك بىر بەرگنى يولۇپ تۇرۇپ، — ئەنە، ھارۋىمۇ كەلدى !

— ھېرىپ قالدىڭمۇ، كىتى ؟ — دېدى كىنەز خانىم يىراقتىن توۋلاپ.

— ياق، قىلچە ھارمىدىم.

— ئاتلار ياۋاش ھەم ئاستا ماڭىدىكەن، شۇڭا ھارۋىغا چىقىۋالساڭ بولارمىكىن.

بارىدىغان يەرگە ئاز قالغاچقا، ھارۋىغا چۈشۈۋېلىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى، ھارۋىدىكىلەرمۇ پەسكە چۈشۈپ پىيادە مېڭىشتى.

# 4

قاپقارا چاچلىرى ئۇستىگە ياغلىقىنى مەھكەم چىگىۋالغان ۋارېنكا بىر توپ بالىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا خۇشال ئويناپ، كۈلۈپ كېلىۋاتاتتى، كۆرۈنۈشىدىن كۆڭلىگە يېقىپ قالغان ئەرنىڭ ئۆزىگە مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىش ئېھتىمالى بارلىقىدىن تولىمۇ ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى، چىرايى گۈلدەك ئېچىلىپ كەتكەنىدى. ياندىشىپ كېتىۋاتقان كوزنىشېۋ ئۇنىڭ گۈزەل رۇخسارىغا تويماي قارايتتى، كۆزلىرى ۋارېنكادا، ئۇنىڭ يېقىملىق گەپلىرىنى، ھەممە ياخشى پەزىلەتلىرىنى ئويلاپ مېڭىۋاتاتتى. بۇنداق پەۋقۇلئاددە ھېسسىيات ئۇنىڭدا ياش ۋاقتىدا بىر قېتىم بولغاندىن باشقا، ھازىرغىچە پەقەتلا بولۇپ باقمىغانىدى، ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشتىن پەيدا بولۇۋاتقان بىر خىل تاتلىق سېزىم ۋۇجۇدىدا بارغانسېرى ئۇلغىيىپ بېرىۋاتاتتى. ئۇ يىلتىزى ئىنچىكە، قالپىقىنىڭ چۆرىسى قايرىلىپ كەتكەن يوغان بىر قېيىن موگۈسىنى يەردىن يۇلۇۋېلىپ ئۇنىڭ سېۋىتىگە

سالدى ۋە شۇ بىر دەقىقىدە، كۆزلىرىگە لەپپىدە بىر قاراپ، مەڭزىلىرىنىڭ چۆچۈش ھەم خۇشاللىقتىن ئاناردەك قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى ۋە ئۆزىمۇ ئوڭايسىزلانغاندەك بولۇپ، ئۇنىڭغا قاراپ جىمجىت كۈلۈپ قويدى، بۇ كۈلكىنىڭ تېگىدە نۇرغۇن مەنە بار ئىدى.

«شۇنداق بولىدىغانلا بولسا، — دېدى كوزنىشېف ئۆزىگە ئۆزى، — كىچىك بالىلارغا ئوخشاش بىردەملىك ھەۋەسكە مەست بولۇپ يۈرمەي، ئوبدان ئويلىنىپ بىر قارارغا كېلىشىم كېرەك.»

— مەن ھېچكىمگە قوشۇلماي، ئۆزۈم ئايرىم موگۇ تېرىپ كېلەيمىكىن دەيمەن، بولمىسا مېنىڭ قىلغان ئىشلىرىم كۆزگە كۆرۈنمەي قالىدىكەن، — دېدى كوزنىشېف ۋە شۇئان كۆپچىلىكتىن ئايرىلىپ — ئۇلار ئورمانىنىڭ چېتىدىكى شالاڭ ئۆسكەن قېرى قېيىنلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يۇمران چۆپلۈكتە كېتىۋاتاتتى — ئاپئاق غوللۇق قېيىن دەرەخلىرى بىلەن كۈمۈش رەڭ غوللىرى پارقىراپ تۇرغان قاپاقتېرەك ۋە ياڭاق دەرەخلىرى ئارىلىشىپ ئۆسكەن ئورمانىنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ ماڭدى. قىرىق قەدەمچە ماڭغاندىن كېيىن غۇچچىدە ئېچىلىپ كەتكەن، قىزغۇچ ھالقىلىرى ساڭگىلاپ تۇرغان بىر توپ جىن چاتقىلىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، ئەمدى مېنى ھېچكىم كۆرمەيدۇ، دېگەن ئوي بىلەن شۇ يەردە توختىدى. ئەتراپ جىمجىت، بېشى ئۈستىدىكى قېيىن شاخلىرى ئارىلىرىدا ئۇچۇپ يۈرگەن چىۋىنلارنىڭ گاژىلداشلىرىدىن باشقا ئاۋاز يوق ئىدى، ئارىلاپ بالىلارنىڭ ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ قالاتتى. تۇيۇقسىز، ۋارېنكانىڭ گىرىشانى بوش چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ، كوزنىشېفنىڭ چىرايىدا ئىختىيارسىز خۇشال تەبەسسۇم ئويناپ كەتتى. كوزنىشېف بۇ تەبەسسۇمنى ھېس قىلىپ ۋە ئۆزىنىڭ شۇ تۇرقىدىكى ھالىتىگە ھەيران قالغاندەك بولۇپ بېشىنى چايقاپ قويدى، ئارقىدىنلا يېنىدىن بىر تال سىگارت چىقىرىپ، تۇتاشتۇرۇش ئۈچۈن سەرەڭگە تېلىنى قېيىن دەرىخىنىڭ غولىغا

بىرنەچچە قېتىم سۈركەپ پەقەتلا ياندۇرالمىدى، دەرەخنىڭ قاسىرىقى سىلىق بولغاچقىمۇ، سەرەڭگە تېلىنىڭ ئۇچىدىكى فوسفور زادىلا ئوت ئالماي كېتىۋاتاتتى. سەرەڭگە تېلى ئاخىر ئوت ئېلىپ، ياندۇرۇلغان سىگارتتىن كۆتۈرۈلگەن پۇراقلىق ئىس دولقۇنلىنىپ، يېيىلىۋاتقان كەڭ داستىخانغا ئوخشاش، چاتقال ۋە قېيىن دەرىخىنىڭ شاخ ـ يوپۇرماقلىرى ئارىسىدىن ئاستا ـ ئاستا كۆككە كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. كوزنىشېف كۆتۈرۈلۈپ كېتىۋاتقان سىگارت ئىسىدىن كۆزىنى ئۈزمەي، ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئىشلىرىنى ئويلىغاچ ئالدىغا قاراپ ئاستا ماڭدى.

«ئىشلار شۇنداق بولسا نېمىشقا بولمايدۇ؟ — ئويلايتتى ئۇ، — بۇ بىردەملىك ھاياجاندىن ياكى بىر خىل ھەۋەستىن، ئىككىلا تەرەپتە بولۇۋاتقان ھەۋەستىن (ئىشىنىمەنكى، بۇ ھەۋەس ئىككى تەرەپتە تەڭ بولۇۋاتىدۇ) بولۇۋاتقان ئىشمۇ؟ لېكىن، بۇنداق ھەۋەس مەن ئۈچۈن نورمال ئەھۋال ئەمەس، ئەگەر ئۇ خىل ھەۋەسلەرگە بېرىلىپ كېتىدىغان بولسام، ئۇ چاغدا ئۆزۈمنىڭ بۇرچۇم ۋە مەسئۇلىيىتىمدىن يۈز ئۆرۈگەن بولۇپ قالىمەن ... لېكىن، ھەقىقىي ئەھۋال ئۇنداق ئەمەس، مېنىڭ ئۇنى رەت قىلىشىمدا بىرلا سەۋەب بار، ئۇ بولسىمۇ، مەن مارىيەدىن جۇدا بولغاندا ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق ئادەمگە كۆڭلۈمنى بەرمەيمەن، دەپ قەسەم قىلغان ... بۇ ئىنتايىن مۇھىم ئىش، — كوزنىشېف ئۆزىگە ئۆزى شۇنداق دەيتتى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ يەنە بۇ خىل ئارىسالدىلىقنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوقلۇقىنىمۇ، قەسىمىگە خىلابەن ئىش قىلسا، باشقىلارنىڭ ئۇنى پەقەت شائىرلارغا ئوخشايدىغان خاسلىقىنى يوقىتىپ قويىدى، دەپلا قويىدىغانلىقىنىمۇ ئويلايتتى، — قانچە ئىزدەنگىنىم بىلەنمۇ ۋەدەمگە خىلاپلىق قىلغىنىمغا ئۇنىڭدىن باشقا سەۋەب تاپالمايمەن. ئەگەر ئەقىل بىلەن ئىش قىلىشقا توغرا كەلسە، ئۇنىڭدىن ياخشى قىزنى تېپىشىم ئەمدى مۇمكىن ئەمەس.»

ئۇ ئۆزى تونۇشقان نۇرغۇن قىزلار بىلەن ئاياللارنى ئەسلەپ باقتى، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئۆزى ئەستايىدىل ئويلىغاندىكىدەك، ئۆزىنىڭ پۈتۈن تەلەپلىرىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئۇنىڭدەك پەزىلەتلىك بىرىنىمۇ تاپالمىدى. ئۇ بالىلىق قىلىقلىرى بولمىغان قىزلارغا خاس نازاكەت ۋە جەلپكارلىققا ئىگە قىز ئىدى، ئۆزىنى توختاتقان بىر ئايالنىڭ ئاڭلىق ھالدا بىر ئەرگە كۆڭلىنى بەرگىنىگە ئوخشاش، ئۇنىڭغا كۆڭلىنى بېرەلەيتتى، بۇ ئۇنىڭ بىرىنچى ئارتۇقچىلىقى ئىدى. ئىككىنچى ئارتۇقچىلىقى، چاكىنا قىزلاردىن ئەمەس ئىدى، ئېسىلزادىلەر تەبىقىسىدىن يىرگىنەتتى، لېكىن يەنە ئۇ تەبىقىنىمۇ چۈشىنەتتى، ئۇلار بىلەن قانداق مۇئامىلە قىلىشنىمۇ بىلەتتى، تەربىيە كۆرگەن ئاياللارغا خاس لاتاپەت ۋە ئەخلاقنىمۇ ئىگە ئىدى. ئۇنداق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولمىسا، كوزنىشېفمۇ ئۇنى ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك ھەمراھىغا تاللىمايتتى. ئۈچىنچى ئارتۇقچىلىقى، ئۆزىنىڭ دىنىغا بولغان ئېتىقادىنىڭ كۈچلۈكلۈكى ئىدى. ئۇنىڭ ئېتىقادى كىتىنىڭكىگە ئوخشاش دەم قىزىپ، دەم سوۋۇپ تۇرىدىغان ئېتىقاد ئەمەس، پۈتۈن ھاياتى ئاشۇ ئېتىقاد ئۈستىگە قۇرۇلغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، كوزنىشېف بەزى تەپسىلاتلىرىغا قاراپمۇ ۋارېنكانى ئۆزىگە خوتۇن بولۇشقا ئەڭ لايىق قىز دەپمۇ ئويلاپ قالغانىدى: ۋارېنكا كەمبەغەل ھەم يالغۇز ئىدى، كىتىگە ئوخشاش بىر توپ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ تەسىرلىرىنى ئۆيگە سۆرەپ كەلمەيتتى. ئېرى بىلەنلا بولاتتى، ئېرىگىلا تايىناتتى. ئۇنىڭ بۇ ئەھۋالىمۇ كوزنىشېفنىڭ كەلگۈسىدىكى ئائىلە تۇرمۇشىدىن كۈتكەنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. بۇ قىزنىڭ ۋۇجۇدىغا تۇرلۇك ياخشى خىسلەتلەر مۇجەسسەملەنگەنىدى. كوزنىشېفنىمۇ ياخشى كۆرەتتى. كوزنىشېف ھەممىگە ئەقلىنى يەتكۈزەلەيدىغان ئادەم بولغاچقا، بۇنى بىلمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، شۇڭا ئۇمۇ ئۇنى ياخشى كۆرگەنىدى. كوزنىشېفنى پەقەت ئۆزىنىڭ يېشىلا ئويلاندۇرۇپ

قويۇۋاتاتتى. لېكىن، ئۇنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى ئۇزاق ئۆمۈر كۆرگەن ئادەملەر ئىدى، ئۇنىمۇ ھازىر ھېچكىم قىرىق ياشقا كىرگەن دەپ ئويلىمايتتى، بېشىدا بىر تالمۇ ئاق چاچ يوق ئىدى. ۋارېنكانىڭ ئۇنىڭغا، روسىيىدە ئەللىك ياشقا كىرگەن ئادەملەرنى بوۋاي دەپ بىلىشىدىكەن، فرانسىيىدە ئۇنداق ئەمەس، كىشىلەر ئەللىككە كىرگەندە ئۆزىنى قىرانىغا يەتكەن، قىرىققا كىرگەندە بىز تېخى ياش دەپ بىلىشىدۇ، دېگەن گېپى ھازىرمۇ ئېسىدە تۇرۇپتۇ. تۇرۇپلا ئۇ يەنە يۈرىكىم يېگىرمە يىلنىڭ ئالدىدىكىدەك تۇرۇۋاتسا، ياشنىڭ چوڭىيىپ كېتىشى قانچىلىك ئىش ئىدى، دەپمۇ ئويلاپ قالاتتى. شۇ خىياللاردىن كېيىن ئۇ ئورمانىنىڭ بايا كەلگەن يېرىگە قايتىپ كېلىپ، ۋارېنكانىڭ قۇياشنىڭ قىيپاش نۇرى ئاستىدا تۇرغان گۈزەل قامىتىنى كۆردى. ئۇ ئۈستىدە سېرىق كۆڭلىكى، قولىدا سېۋەت، يەڭگىل قەدەملىرى بىلەن بىر تۈپ قېرى قېيىننىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. ۋارېنكانىڭ غۇنچە بويى كوزنىشىپ ھەممىدىن بەك ھەۋەسلىنىدىغان، قۇياشنىڭ قىيپاش نۇرىدا تاۋلىنىپ تۇرىدىغان ساپسېرىق بۇغدايلار بىلەن، ئېتىزلىقلارنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى چەكسىز كەتكەن كەڭرى دالا قوينىغا سىڭىپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ تۇرغان يىراقتىكى ئالتۇن رەڭ ئورمانىنىڭ ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرىلىرى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن، بۇ يارقىن كۆرۈنۈشنى كۆرگەندە ئۇنىڭ يۈرىكىنى كۈچلۈك ھاياجانغا سېلىۋاتقىنى ياشلىق بولماي نېمە؟ ئۇنىڭ يۈرىكى شۇ ھاياجاندىن تېپىچەكلەپ، ئاللىقانداق بىر ئوت ۋۇجۇدىنى كۆيدۈرۈپ كېتىۋاتقاندەك بولدى. شۇ ئوت بىلەن تەڭ ئۆزىنى بىر قارارغا كېلىپ بولغاندەك ھېس قىلىشقا باشلىدى. بىر تال موگۈنى ئۈزۈۋېلىش ئۈچۈن ئەمدىلا ئولتۇرغان ۋارېنكا يەنە ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ ئارقىسىغا قارىدى. كوزنىشىپ قولىدىكى سىگارتنى تاشلىۋېتىپ، دادىل قەدەم بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ كېلىۋاتاتتى.

# 5

«ۋارۋارا ئاندرېيېۋنا، مەن ياش چاغلىرىمدا ئۆزۈم ياخشى كۆرىدىغان ھەم مېنى خوتۇنۇم دەپ ئاتاش بەختىگە ئىگە قىلىدىغان شۇنداق بىر قىزنى خىيالىمدا دائىم كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ تۇراتتىم. ئۇزاق كۈنلەرنى بېشىمدىن ئۆتكۈزۈپ، تەسەۋۋۇرۇمدىكى ھەم كۆڭلۈمدىكى شۇ قىزنىڭ سىز ئىكەنلىكىڭىزنى مانا بۈگۈن بىرىنچى قېتىم كۆردۈم. سىزگە مېنىڭ كۆڭلۈم چۈشتى، سىز بىلەن توي قىلىشنى خالايمەن.»

ۋارېنكاغا ئون قەدەم ئارىلىق قالغاندا، كوزنىشېف ئۆزىگە ئۆزى ئاشۇنداق گەپلەرنى قىلىپ كەلدى. ۋارېنكا يەردە ئولتۇرۇپ، ئۆزى تاپقان بىرنەچچە موگۇنى گىرىشانىڭ ئېلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئىككى قولى بىلەن مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرغاچ ھەدەپ ماشانى قىچقىرىۋاتاتتى.

— بۇ ياققا كەل! بۇ ياققا كەل، ماشا! بۇ يەردە موگۇ جىق ئىكەن! — دەپ تووۋلايتتى ئۇ يېقىملىق ئاۋازى بىلەن.

ئۇ كوزنىشېفنىڭ يېنىغا كەلگەنلىكىنى كۆرۈپمۇ ئورنىدىن تۇرمىدى، ئولتۇرغان ھالىتىنىمۇ ئۆزگەرتمىدى. ئەمما، خىلمۇ خىل ئالامەتلەر ئۇنىڭ كوزنىشېفنىڭ ئۆزىنىڭ يېنىغا كەلگەنلىكىدىن تولىمۇ خۇشال ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ تۇرۇۋاتاتتى.

— قانداق، بىر نەرسە تاپالىدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى ۋارېنكا ئاق ياغلىق تېڭىۋالغان بېشى ئاستىدىكى چىرايلىق يۈزىنى ئۇ تەرەپكە بۇراپ.

— ھېچنېمە تاپالمىدىم، — دېدى كوزنىشېف جاۋاب بېرىپ، — سىزچۇ! سىز تاپالىدىڭىزمۇ؟

ۋارىنكا ئۆزىنى ئورىۋالغان بالىلار بىلەن بولۇپ كېتىپ ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمىدى.

— ئەنە، ئاۋۇ شاخنىڭ يېنىدا يەنە بىرى تۇرىدۇ، — دېدى ۋارىنكا كىچىك بىر قىزىل موگۇنى ماشاغا كۆرسىتىپ. ئۇ موگۇ بىر تۈپ ئوتنىڭ يېنىدىن ئۆسۈپ چىققان، يۇمشاق قالپىقى قۇرۇپ قالغان شۇ ئوتنىڭ ئاستىدا بېسىلىپ قالغانىدى. ماشا ئۇ موگۇنى ئوتتۇرىدىن يېرىپ، ئوتتۇرىسىدىكى ئاپئاق گۆشىنى ئېلىۋالدى. ئاندىن ۋارىنكا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — موگۇ تېرىش ماڭا كىچىك چاغلىرىمنى ئەسلىتىدۇ، — دېدى ئۇ بالىلاردىن ئايرىلىپ كوزنىشېۋ بىلەن يانمۇيان كېتىۋاتقاندا يەنە.

ئۇلار بىرنەچچە مىنۇتقىچە جىمجىت ماڭدى. ۋارىنكا ئۇنىڭ ئۆزىگە بىرنېمە دېمەكچى بولۇۋاتقىنىنى سېزىپ تۇرۇۋاتاتتى. نېمە دېمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇۋاتاتچقىمۇ، خۇشال بولۇپ ھەم قورقۇپ، يۈرىكى سىيلىپ كېتىۋاتاتتى. بالىلاردىن خېلىلا ئۇزاپ كەتكەن، قىلىشقان گەپلىرىنى ئەمدى ھېچكىم ئاڭلىيالمايدىغان بولسىمۇ، كوزنىشېۋ تېخىچە ئېغىز ئاچمايۋاتاتتى. ۋارىنكا ئۈچۈن ئۇ گەپ قىلماي ماڭسا ياخشى ئىدى. يېڭىلا موگۇنىڭ گېپىنى قىلىشتى، ئەمدى يەنە ئازراق جىمجىت مېڭىپ، ئاندىن گەپ قىلىشسىمۇ بولاتتى، شۇنىڭدا كۆڭلىدىكى گەپلەرنى قىلىشى ئاسانغا چۈشەتتى. لېكىن، ۋارىنكا ئۆزىنىڭ ئويلىغىنىغا زىت ھالدا بىلىپ - بىلمەيلا گەپ قىلىپ سالدى:

— شۇنداق قىلىپ، ھېچنېمە تاپالمىدىڭىزمۇ؟ موگۇ ئۆزىمۇ ئورمانىنىڭ ئىچكىرىسىدە ئاز بولىدۇ.

كوزنىشېۋ ئېغىر بىر تىنىپ قويۇپ، ئۇنىڭغا جاۋابەن ھېچنېمە دېمىدى. ۋارىنكانىڭ موگۇنىڭلا گېپىنى قىلىشى ئۇنى ئازراق خاپا قىلىپ قويۇۋاتاتتى. ئۇ ۋارىنكانىڭ بالىلىق چاغلىرى توغرىسىدا باشتا سۆزلىگەن سۆزلىرىنى ئېسىگە سېلىپ، ئۇنى

شۇ ھەقتە سۆزلەتمەكچى بولۇۋىتىپ، بىردەملىك جىمجىتلىقتىن كېيىن خۇددى ئېزىپ قىلىۋاتقاندەك، ۋارىنكا دېگەن شۇ گەپنى يەنە تەكرارلىدى:

— مەن ئاق موگۇنى ئاساسەن ئورماننىڭ چېتىدە بولىدۇ، دەپ ئاڭلىغان، ئەمما ئۇنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئۆزۈم بىلمەيمەن.

يەنە بىرنەچچە مىنۇت ئۆتۈپ، ئۇلار بالىلاردىن تېخىمۇ يىراقلىشىپ كەتتى، بۇ يەردە ئەمدى پەقەت ئىككىسىلا قالغانىدى. ۋارىنكانىڭ يۈرىكى ھاياجاندىن ئاۋازىنى ئۆزى ئاڭلىغۇدەك دەرىجىدە دۈپۈلدەپ كېتىۋاتاتتى، دەم قىزىرىپ، دەم بوزىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنىمۇ سېزىپ تۇرۇۋاتاتتى.

ۋارىنكا شتال خانىمنىڭ يېنىدا شۇنچە يىللار تۇرۇپ، باشقىلارغا بېقىنىپ ياشاشنىڭ ئاچچىقىنى خېلى تېتىغان بولغاچقىمۇ، كوزنىشېفتەك مۇشۇنداق بىر ئادەمگە خوتۇن بولۇشنىڭ قانچىلىك بەختلىك ئىش ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشىنەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھازىر ئۇ ئۆزىنىڭ كوزنىشېفنى ھەقىقىي ياخشى كۆرۈپ قېلىۋاتقىنىغا بارغانسېرى ئىشىنىپ قېلىۋاتاتتى ھەم بۇ ئىش راستقا چىقىش ئالدىدىمۇ تۇراتتى. شۇنداق بولغانسېرى ئۇنى قورقۇنچ باساتتى، ئۇنىڭ ئۆزىگە بىر نېمە دېيىشىدىنىمۇ ھەم ھېچنېمە دېمەسلىكىدىنىمۇ قورقاتتى.

گېپىڭ بولسا ھازىر قىل، بولمىسا قىلمايلا قوي. كوزنىشېف شۇنداق ئويلايتتى، لېكىن گېپىنى قىلالمايتتى. ۋارىنكانىڭ قاراشلىرىدىن، قىزىرىپ تۇرۇشلىرىدىن، پەسكە قاراپ تۇرغان كۆزلىرىدىن، ئىشقىلىپ، ھەممە ھالەتلىرىدىن ئۇنىڭ بىر ئېغىز گېپىنى شۇنچىلىك تەقەززالىق بىلەن ساقلاپ تۇرۇۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. كوزنىشېف بۇنى سېزەتتى ھەم ئۇنىڭ شۇ ھالىتى ئۈچۈن كۆڭلىمۇ يېرىم بولاتتى، ھەتتا گەپ قىلماسلىقنى ئۇنىڭغا قىلىنغان ھاقارەت، دەپمۇ بىلىۋاتاتتى ھەم بىر قارارغا كېلىشكە ياردەم بېرىدىغان سەۋەبلەرنى ئىچىدە تەكرارلاپمۇ،

ئۈنىڭغا تەلەپ قويغاندا دەيدىغان گەپلەرنى ئىچىدە قايتا - قايتا دەپ پىششىقلاپمۇ تۇرۇۋاتاتتى. لېكىن، ئۇ شۇ گەپلەرنى دېيىشنىڭ ئورنىغا، ئۈشتۈمتۈتلا باشقا بىر گەپنى سوراپ قالدى:
— ئاق موگۇ بىلەن قېيىن موگۇسىنىڭ نېمە پەرقى بار؟
ئۈنىڭ كېيىنكى جاۋاب بېرىۋاتقاندا، ۋارېنكانىڭ ھاياجاندىن لەۋلىرى تىترەپ كەتتى.
— قالپىقىدا پەرق يوق دېيەرلىك، پەرق يىلتىزىدا.
شۇ سۆزلەر بىلەن تەڭ، كوزنىشېف بىلەن ۋارېنكا ئىشىنىڭ تۈگىگەنلىكىنى، دېيىشكە تېگىشلىك گەپنىڭ ئەمدى دېيىلمەيدىغانلىقىنى دەررۇ چۈشەندى، ئىككىسىنىڭ باياتىندىن بېرىقى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەن ھاياجانلىنىشلىرىمۇ شاپپىدە بېسىلدى.
— قېيىن موگۇسىنىڭ يىلتىزى ئىككى كۈن ساقلىنىپ قالمىغان ئادەمنىڭ قارا ساقىلىغا ئوخشايدىكەن، — دېدى كوزنىشېف يەنە. ئۈنىڭ ئاۋازى خېلىلا بېسىق، ھاياجانسىز ئىدى.
— راست، ئۇ شۇنداق، — دەپ جاۋاب بەردى ۋارېنكا كۈلۈپ تۇرۇپ. ئۇلار ئىختىيارسىز كېتىۋاتقان يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ بالىلار تەرەپكە يول ئالدى. ۋارېنكا خورسىناتتى ھەم ئۇيىلاتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئۆزىنى يېنىكلەپ قالغاندەكمۇ ھېس قىلاتتى.
ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، كوزنىشېف ھەر خىل سەۋەبلەرنى قايتا - قايتا ئويلاپ چىقىپ، بۇرۇن ئويلىغانلىرىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى، مارىيەنى ئۇنتۇپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتى.

— ئاستىراق يوگۇرۇڭلار، بالىلار، ئاستىراق! — دەپ بىردىنلا توۋلاپ كەتتى لېۋىن ئۇلار تەرەپكە قاراپ ۋارقىرىشىپ، چىرقىرىشىپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان بالىلاردىن كىتىنى توسۇپ تۇرۇپ ۋە ئۇلارغا ئاچچىقى كېلىپ.

كوزنىشىپ بىلەن ۋارېنكا باللارنىڭ كەينىدىن مېڭىپ ئورماندىن چىقىپ كېلىشتى. كىتى ۋارېنكادىن سورىمايمۇ، ئىككىسىنىڭ خاتىرجەم ھەم ئازراق خىجىل بولۇشۇۋاتقاندەك چىرايىدىن ئۆزىنىڭ پىلانىنىڭ نەتىجىسىز قالغانلىقىنى بىلىپ بولدى.

— قانداق بوپتۇ؟ — دەپ سورىدى ئېرى ئۆيگە قايتىپ كېتىۋېتىپ ئۇنىڭدىن.

— بولماپتۇ، — دېدى كىتى جاۋاب بېرىپ. كىتىنىڭ كۈلكىسى بىلەن گەپ قىلىشلىرى دادىسىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى، لېۋىن ئۇنىڭ ئاشۇ تۇرقىغا ئامراق ئىدى.

— قانداق بولماپتۇ؟

— مانا مۇنداق، — كىتى ئېرىنىڭ بىر قولىنى ئاغزىغا ئاپىرىپ، لەۋلىرىنى قورۇپ تۇرۇپ سۆيۈپ قويدى، — ئېپىسكوپنىڭ قولىنى مانا مۇشۇنداق سۆيگەندەك.

— قايسىسى ئۇنىماپتۇ؟ — دەپ يەنە سورىدى لېۋىن كۈلۈپ كېتىپ.

— ئىككىلىسى. ھەي، بىر ھېسابتا شۇنداق بولغىنىمۇ بوپتۇ.

— قاراڭ، دېھقانلار كېلىۋاتىدۇ ...

— ياق، ئۇلار بىزنى كۆرمىدى.

# 6

باللار چاي ئىچىشىۋاتقاندا، چوڭلار (بولۇپمۇ كوزنىشىپ بىلەن ۋارېنكا) كۆڭۈلسىز ھەم مۇھىم بىر ئىشنىڭ بولغانلىقىنى كۆڭۈللىرىدە بىلىپ تۇرۇشسىمۇ، گويا ھېچ ئىش بولمىغاندەك بالكوندا ئازادە پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشاتتى. ئۇ ئىككىسىنىڭ

هالىتى ئىمتىهاندىن ئۆتەلمەي سىنىپىدا قالغان ياكى مەكتەپتىن قوغلاندى بولغان بالىنىڭ هالىتىگە ئوخشايتتى. قالغانلار بىر ئىش بولغانلىقىنى سېزىشكەن بولسىمۇ، ئەمما چاندۇرماي، باشقا ئىشلار توغرۇلۇق قىزغىن پاراڭلىشىۋاتاتتى. بۈگۈن ئاخشام لېۋىن بىلەن كىتى ئىككىسى ئۆزلىرىنى ئاجايىپ بەختلىك هەم بىر ـ بىرىگە شۇنچىلىك مېهرىبان سېزىشەتتى. دېمىسىمۇ ئۇلار مۇهەببەتتە بەختلىك ئىدى، ئۇلارنىڭ بەختى بەختكە ئىنتىلىدىغان، ئەمما ئۇنىڭغا ئېرىشەلمەي كېلىۋاتقانلارنىڭ كۆڭلىنى بىئارام قىلىپ تۇراتتى هەم شۇ سەۋەبلىك ئۇيىلىپمۇ ئولتۇرۇشاتتى.

— قاراپ تۇرۇڭلار، ئالېكساندر كەلمەيدۇ، — دېدى قېرى كىنەز خانىم.

بۈگۈن ئاخشام هەممەيلەن پويىزدا كەلمەكچى بولغان ئوبلونسكىينى ساقلاپ تۇرۇشاتتى. قېرى كىنەزمۇ خېتىدە ئۆزىنىڭ كۈيئوغلى بىلەن بىللە بېرىپ قېلىشىنىڭ مۇمكىنلىكىنى يازغانىدى.

— ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن كەلمەيدىغانلىقىنى بىلىمەن، — دېدى گراف خانىم سۆزىنى داۋام قىلىپ، — ئۇ دائىم يېڭى توي قىلغان ياش ئەر ـ خوتۇنلارنى دەسلەپكى چاغلاردا مەلۇم ۋاقىت ئۆگچە قويۇش كېرەك، دەيتتى.

— دادام بىزنى راستىنلا مۇشۇنداق كارى بولماي تاشلىۋېتەرمۇ ! ئۇنى كۆرمىگىنىمىزگىمۇ ئۇزاق بولدى، — دېدى كىتى، — بىزنى يېڭى توي قىلغان ئەر ـ خوتۇن دېسە قانداق بولىدۇ؟ بىزمۇ هازىر قېرىپ قالدۇق.

— ئەگەر داداڭلار كەلمىسە، ئامال يوق، مەن سىلەردىن ئايرىلىمەن، بالىلىرىم، — دېدى كۆڭلى يېرىم بولغان كىنەز خانىم ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويۇپ.

— سىزگە نېمە بولدى، ئاپا ! — دېدى ئىككى قىزى تەڭلا.

— ئويلاپ بېقىڭلارچۇ، يالغۇز تۇرسا ئۇنىڭغا ياخشىمۇ؟ ھازىر ئۇ ...

كىنەز خانىمنىڭ ئاۋازى تۇيۇقسىز تىترەپ كەتتى، ئىككى قىزى شۇئان بىر - بىرىگە قارىشىپ قويدى، كۆزلىرىدىن «ئاپىمىز دائىم ئۆزىگە ئۆزى خاپىلىق تېپىۋالىدۇ» دېگەندەك مەنە چىقىپ تۇراتتى. قىزلىرىنىڭ ئالدىدا تۇرۇش قانچە كۆڭۈللۈك بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ بۇ يەردە بولۇشى قىزلىرى ئۈچۈن زۆرۈر ئىكەنلىكىنى قانچە ھېس قىلسىمۇ، ئاخىرقى ئامراق قىزىنى ئەرگە بېرىۋېتىپ، ئەر - خوتۇن ئىككىسى ھۇۋۇلاپ قالغان ئۆيدە يالغۇز قالغاندىن بېرى، ئۆزىنى ھەم ئېرىنى ئويلىسا كىنەز خانىمنىڭ يۈرىكى ئېزىلىپ كېتەتتى، بۇنى قىزلىرى بىلمەيتتى.

— ئىشىڭ بارمۇ، ئاگافيە؟ — دەپ تۇيۇقسىز سوراپ قالدى كىتى ئالدىغا كېلىپ تۇرغان ئاگافيەنىڭ سىرلىق ۋە جىددىي تۇس ئالغان چىرايىنى كۆرۈپلا.

— كەچلىك تاماقتا نېمە يېيىشىلىكىن؟

— ھە، كەچلىك تاماقنى سەن چىقىپ ئورۇنلاشتۇرغىن، — دېدى دوللى كىتىغا، — مەن گرىشانىڭ دەرسىنى تەكرارلاتقۇزاي، بۈگۈن ئۇ دەرسلىرىگە قاراپمۇ قويمىدى.

— ياق، دوللى، بۇ مېنىڭ ئىشىم، ئۇنىڭغا دەرسلىرىنى مەن تەكرارلاتقۇزاي، — دېدى لېۋىن ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ.

گرىشا بۇ يىل ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققانىدى، تەتىلدە دەرسلىرىنى ياخشى تەكرار قىلمىسا بولمايتتى. دوللى موسكۋادىكى چېغىدا ئوغلى بىلەن بىللە لاتىن تىلىنى ئۆگىنىشكە باشلىغانىدى. لېۋىنلارنىڭكىگە كەلگەندىن كېيىنمۇ ماتېماتىكا بىلەن لاتىن تىلىنىڭ ئەڭ قىيىن يەرلىرىنى ئۇنىڭغا تەكرارلاتقۇزۇۋاتاتتى. كېيىن لېۋىن بۇ ئىشنى دوللىنىڭ ئورنىدا ئۆزى قىلماقچى بولۇپ مەيدىسىگە ئۇرۇپ چىققاندا، دوللى ماقۇل بولغانىدى. لېكىن، ئۇنىڭ دەرسىنى ئاڭلاپ بېقىپ، موسكۋادىكى

مۇئەللىمدەك تەكرارلاتمايدىكەن دەپ ئويلاپ كۆڭلى يېرىم بولۇپ قالغان، يا لېۋىنغا رەنجىتىپ قويارمەنمىكىن دەپ ئويلىغىنىنى دېيەلمەي يۈرگەن، ئاخىر بولالماي، گرىشاغا دەرسنى ئوقۇتقۇچىسىغا ئوخشاش كىتاب بويىچە تەكرارلاتقۇزۇش كېرەك ئىدى، ئەڭ ياخشىسى، بۇ ئىشنى ئۆزۈم قىلايچۇ، دېگەنىدى. لېۋىنىنىڭ ئوبلونسكىيغا پىكرى بار ئىدى، چۈنكى ئۇ بىغەملىكى، مەسئۇلىيەتسىزلىكى تۈپەيلىدىن، بالىلارنى تەربىيىلەشتەك مۇشۇنداق بىر چوڭ ئىشنى بالا تەربىيىلەشنى بىلمەيدىغان بىر ئايالغا تاشلاپ قويغانىدى. لېۋىنىنىڭ بالىلارغا بولۇشىغا دەرس ئۆتىدىغان ئوقۇتقۇچىلارغىمۇ پىكرى بار ئىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ قېيناچىسىغا، بوپتۇ، سىنىڭ دېگىنىڭ بويىچە تەكرارلاتقۇزاي، دەپ ۋەدە بېرىپ، دوللىنىڭ تەلىپى بويىچە كىتابقا قاراپ تۇرۇپ تەكرارلاتقۇزىدىغان بولغانىدى، شۇڭلاشقىمىكىن، دىققىتى بىر يەردە ئەمەس ئىدى، بەزىدە دەرس ۋاقتىنى ئۇنتۇپ قالاتتى، بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى.

— توختا، دوللى، سەن ئولتۇر، مەن چىقاي، — دېدى لېۋىن، — بالىنىڭ دەرسىنى سەن دېگەندەك كىتاب بويىچە تەكرارلاتقۇزىمەن. لېكىن، ستىۋا كەلگەندە ئوۋغا چىقىدىغان ئىشىمىز بار، شۇ چاغدا دەرس توختاپ تۇرىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، لېۋىن گرىشانىڭ يېنىغا چىقىپ كەتتى.

ۋارېنكامۇ كىتىنگە شۇ خىلدىكى گەپلەرنى قىلدى ۋە لېۋىنلارنىڭ ھەممە نەرسىسى تولۇق بەختلىك ئائىلىسىدە ئۆزىنىڭ پايدىسى تېگىدىغانلىكى ئىشلارنى تېپىپ قىلىپ يۈردى.

— كەچلىك تاماقنى مەن ئورۇنلاشتۇراي، سىز چىقماڭ، — دېدى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئاگافيەنىڭ ئالدىغا چىقىپ كېتىۋېتىپ.

— ماقۇل، ماقۇل، — دېدى كىتى، — ئۇلار چۈجە تاپالمىغان ئوخشايدۇ، شۇڭا ئۆزىمىز باقىقان توخۇلارنى سويارسىلەر ...

— بۇ ئىشلارنى ئاگافىيە ئىككىمىزگە قويۇپ بېرىڭ، — ۋارېنكا شۇنداق دەپلا ئاگافىيە بىلەن بىللە چىقىپ كەتتى.
— قانداق ياخشى قىز ! — دېدى كىنەز خانىم.
— ياخشىلا ئەمەس، ئاپا، يەنە شۇنداق چىرايلىق قىز دېگىنە. بۇنداق قىزلارنى ھېچ يەردىن تاپالمايسەن.
— بۈگۈن سىلەرگە ستېپان ئاركادىيېچ كېلىدىكەن ـ دە، — دېدى كوزنىشېۋ ۋارېنكا توغرىسىدىكى گەپلەرنى ئاڭلىغۇسى كەلمىگەندەك قىلىپ. — بىر ـ بىرىگە بۇنداق ئوخشاپ كېتىدىغان باجىلارنى تېپىش ھەقىقەتەن تەس جۇمۇ، — دېدى ئۇ يەنە مەنىلىك كۈلۈپ قويۇپ، — بىرى تېتىك، پائالىيەتچان، ئالاقە سورۇنلىرىدا خۇددى سۇدىكى بېلىقتەك يايراپ كېتىدۇ؛ يەنە بىرى، بىزنىڭ لېۋىن، ئەقىللىق، چېچەن، ئەمما ئالاقە سورۇنلىرىغا كىرىپ قالسا ياغاچتەك قېتىپ تۇرىدۇ ياكى سۇدىن ئايرىلىپ جان ھەلەكچىلىكىدە قالغان بېلىقتەك پالاقلاپ قالىدۇ.
— ئۇ شۇنداق، يەنە ئازراق بىغەملىكىمۇ بار ئىكەن، — دېدى كىنەز خانىم كوزنىشېۋقا، — مېنىڭ سىزگە بىر ئىلتىماسىم بار ئىدى، ئۇنىڭغا دېسىڭىز، ئۇ (كىتىنى دېمەكچى) بۇ يەردە تۇرىۋەرسە بولمايدۇ. چوقۇم موسكۋاغا كېتىشى كېرەك. ئۇنى دوختۇر چاقىرىپ كۆرسەتمىسەك بولمايدۇ ...
— ئاپا، ئۇ ھەممە ئىشنى قىلالايدۇ، قانداقلا ئىلتىماسىم بولسا ئورۇندايدۇ، — دېدى كىتى ئاپىسىنىڭ كوزنىشېۋقا ئىلتىماس قىلغان ئىشىدىن نارازى بولۇپ.
ئۇلارنىڭ گەپلىرى تۈگىمىگەنىدى، دەرەخلىك يول تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئاتلارنىڭ پۇرقىراشلىرى بىلەن چاقلارنىڭ گۈلدۈرلەشلىرى گەپلىرىنى بۆلۈۋەتتى.
دوللى ئورنىدىن تۇرۇپ ئېرىنىڭ ئالدىغا چىقىپ بولغۇچە، گرىشاغا دەرس تەييارلاتقۇزۇۋاتقان لېۋىن دېرىزىدىن سەكرەپ چۈشتى، گرىشانىمۇ دېرىزىدىن ئاچىقىۋالدى.

— ستىۋا كەلدى ! — دەپ توۋلىدى لېۋىن بالكوننىڭ ئاستىدا تۇرۇپ، — دەرسنى ئۆتۈپ بولدۇم، دوللى، غەم قىلما ! — لېۋىن گېپىنى دەپ بولۇپلا، خۇددى كىچىك بالىغا ئوخشاش يۈگۈرۈپ پەيتۇننىڭ ئالدىغا كەتتى.

— ئۇ، ئۇ، ئۇ، ئۇنىڭ، ئۇنىڭ، ئۇنىڭ، — گرىشا لاتىنچە ئالماشلارنى يادلاپ ماڭغاچ، پەيتۇن كېلىۋاتقان تەرەپكە قاراپ سەكرەپ، يۈگۈرۈپ كېتىۋاتاتتى.

— يەنە كىملەر كەلگەندۇ. توغرا، دادام كەلدى ! — دەپ توۋلىدى لېۋىن يولنىڭ ئېغىزىغا كەلگەندە توختاپ، — كىتى، پەلەمپەي ئېگىز، ئۇنىڭدىن چۈشمەي، ئۆي تەرەپتىن چىققىن !

لېۋىن پەيتۇندا قېرى كىنەزنى چوقۇم بار دەپ ئويلىغانىدى، لېكىن ئۇنداق بولۇپ چىقمىدى. پەيتۇن يېقىنلاشقاندا كۆرگىنى ئوبلونسكىي بىلەن بېشىغا كەينىدە ئۇزۇن لېنتىسى بار، ئالدى تەرىپى تۈز شوتلاندىيە شەپكىسى كىيىۋالغان، ئۆزى سىپمىزراق كەلگەن قاملاشقان بىر ياش بالا بولدى. ئۇ كىتىنىڭ بىرنەۋرە ئاكىسى، موسكۋا بىلەن پېتېربۇرگدا نامى بار ۋېسلوۋسكىي ئىدى. ئۇ يەنە ۋرونسكىي تونۇشتۇرغاندەك «داغلىق شەخس، ئوۋغا ئىشقى بار ياخشى ئوۋچى» مۇ ئىدى.

ۋېسلوۋسكىي قېرى كىنەز كەلمەي ئۆزىنىڭ كەلگەنلىكى لېۋىننىڭ كۆڭلىنى خىرە قىلغىنىغا قىلچە خىجالەت بولماي، ئىلگىرى كۆرۈشكەنلىكىنى ئەسلىتىپ، لېۋىن بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى، ئارقىدىن گرىشانى كۆتۈرۈۋېلىپ، ۋرونسكىي ئېلىپ كەلگەن ئوۋ ئىتىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ پەيتۇنغا چىقىرىپ قويدى.

لېۋىن پەيتۇنغا چىقماي كەينىدىن ماڭدى. قانچە چۈشەنگەنسېرى شۇنچە ئامراق بولۇپ كېتىۋاتقان قېرى كىنەزنىڭ كەلمىگىنى، ئۇنىڭ ئورنىدا پۈتۈنلەي يات ۋە ئارتۇقچە ئادەم بولغان ۋېسلوۋسكىينىڭ كەلگەنلىكى لېۋىنغا ئەلەم قىلغانىدى. لېۋىن بىر توپ بالىلار بىلەن چوڭلار سۈرەن

سىلىشىپ تۇرغان ئىشىكنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ۋىسلوۋسكىينىڭ كىتىنىڭ قولىنى بۆلەكچىلا بىر خىل خۇلق ۋە خۇشامەت بىلەن سۆيگىنىنى كۆرۈپ، ئۇنى تېخىمۇ يات ھەم ئارتۇقچە ئادەم سېزىشكە باشلىدى.

— سىزنىڭ ھۆرمەتلىك خانىمىڭىز بىلەن مەن بىر نەۋرە ئاكا - سىڭىللاردىن بولىمىز ھەم كونا دوست، — دېدى ۋىسلوۋسكىي لېۋىننىڭ قولىنى يەنە بىر قېتىم چىڭ سىقىپ قويۇپ.

— قانداق، ئوۋ قىلارلىق قۇشلار بارمۇ؟ — دەپ سورىدى ھەممىسى بىلەن بىر - بىرلەپ كۆرۈشۈپ چىققان ئوبلونسكىي ئاخىرىدا لېۋىننىڭ يېنىغا كېلىپ، — ئىككىمىزنىڭ ئىرادىسى ناھايىتى چوڭ. ھە راست، ئاپا، بۇ ئىككىسى توي قىلغاندىن كېيىن موسكۋاغا بېرىپ باقمىدى - ھە! تانە، بۇ سېنىڭ! سېنىڭ پەيتۇننىڭ كەينىدە بار، شۇ يەردىن ئېلىۋال! — ئۇ ھەممىسىگە بىر - بىرلەپ گەپ قىلىپ چىقىۋاتاتتى، — سېنىڭ چىرايىڭ شۇنداق ياخشى بولۇپ قاپتۇ، قەدىرلىكىم دوللى، — دېدى ئۇ دوللىنىڭ قولىنى يەنە بىر قېتىم سۆيۈپ ۋە ئىككىنچى قولى بىلەن قولىنىڭ دۈمبىسىنى سىلاپ تۇرۇپ.

تېخى بايىلا خۇشال تۇرغان لېۋىن ئەمدى ھەممىسىگە بىر خىل خاپا چىرايدا قاراپ تۇراتتى، ھەممىسىنىڭ قىلىقلىرى ئۇنىڭغا ياقمايتتى.

«ئۇ ئاخشام شۇ لەۋلىرى بىلەن كىمنى سۆيگەن بولغىيدىكىن؟ » دەپ ئويلىدى لېۋىن ئوبلونسكىينىڭ خوتۇنىغا قىزغىن مۇئامىلە قىلىپ كېتىۋاتقىنىغا قاراپ ئىچىدە. ئۇ دوللىغىمۇ قارىدى، ئۇمۇ كۆڭلىگە ياقمىدى.

«ئۇ ئۇنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىپ تۇرۇپ، يەنە نېمىشقا شۇنداق خۇشالدۇ؟ نېمىدېگەن يىرگىنىشلىك ئىشلار بۇ!» ئويلىدى لېۋىن يەنە.

لېۋىن بىر مىنۇت ئىلگىرى كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنگەن

كىنەز خانىمغىمۇ قاراپ، ئۇنىڭ بېشىدا لېنتىلار پۇلاڭلاپ تۇرغان ۋېسلوۋسكىي بىلەن خۇددى ئۆزىنىڭ ئۆيىدىكىدەك قىزغىن كۆرۈشۈپ كېتىۋاتقىنىنىمۇ ياقتۇرمىدى.

لېۋىنغا كوزنىشېفمۇ يارىمىدى، ئۇمۇ پەلەمپەيگە چىقىپ، ئوبلونسكىي بىلەن يالغان دوستلۇق كۆرسىتىپ قىزغىن كۆرۈشۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئاكىسىنىڭ ئەزەلدىن ئوبلونسكىينى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى، ياراتمايدىغانلىقىنى بىلەتتى.

لېۋىنغا ھەتتا ۋارېنكامۇ يارىمىدى، ئۇمۇ چىرايىنى پەرىشتىدەك قىلىپ، شەھەردىن كەلگەنلەر بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈپ كېتىۋاتاتتى، ئۇنىڭ شۇ تۇرقىدىكى خىيالىدا بۇ ئادەملەر ئەمەس، ئەرگە تېگىۋېلىش ھۆكۈم سۈرەتتى.

ئۇنىڭ ھەممىدىن بەك بىزار بولغىنى كىتى بولدى. ئۇ يېزىغا ساياھەت قىلىپ كېلىش ئەڭ كۆڭۈللۈك ئىش، دەپ ئويلايدىغان بۇ شەھەرلىكلەر بىلەن كۈلۈشۈپ، چاقچاقلىشىپ قىن - قىنىغا پاتماي قېلىۋاتاتتى. لېۋىننى ھەممىدىن ئۆتە يىرگەندۈرگىنى كىتىنىڭ ۋېسلوۋسكىيغا قاراپ كۈلۈشلىرى ۋە كۈلگەن چاغدىكى چىرايى بولدى.

ھەممىسى ۋاز - ۋۇر، جار - جۇر قىلىشىپ ئۆيگە كىرىشتى. ئۇلار كىرىپ ئولتۇرۇشۇپ بولغاندىن كېيىن لېۋىن كەينىگە بۇرۇلۇپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

كىتى ئېرىنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتاتتى، شۇڭا ئۇنىڭ بىلەن ئايرىم پاراڭلاشماقچى بولۇۋىدى، لېۋىن دەپتەرخانىغا بارىدىغان ئىشىم بار، دەپ ئالدىراپ كېتىپ قالدى. ئۇ ئۇزاقتىن بېرى ئېتىز - ئېرىقلىرىنىڭ ئىشلىرىغا بۈگۈنكىدەك كۆڭۈل بۆلۈپ باقمىغانىدى. «ئۇلار قاچانلا قارىسا خۇددى بايرام ئۆتكۈزۈۋاتقاندەك خۇشاللا يۈرىشىدىكەن، — دەپ ئويلىدى لېۋىن ئىچىدە، — ھازىر بايرام ۋاقتى ئەمەس - دە. ئىشلار ئادەمنى ساقلاپ تۇرۇۋەرمەيدۇ، ئىشسىز ياشاش مۇمكىنمۇ !»

# 7

لېۋىن كەچلىك تاماقتا خىزمەتكار بېرىپ خەۋەر قىلغاندىلا قايتىپ كەلدى. كىتى پەلەمپەينىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ ئاگافىيە بىلەن بۈگۈن مېھمانلارغا قانداق ھاراق قويۇش توغرۇلۇق مەسلىھەتلىشىۋاتاتتى.

— نېمىگە شۇنچە *ئالدىراش*[1] سىلەر؟ ئادەتتىكىسىنى قويۇپ بەرسەڭلار بولمىدىمۇ؟

— ياق، ستىۋا ھاراق ئىچمەيدۇ ... كونستانتىن، توختىغىنا! ساڭا نېمە بولدى؟ — دېدى كىتى ئىتتىك ئۇنىڭ كەينىدىن مېڭىپ. لېكىن، لېۋىن توختىماي، تەرىنى تۇرگەن پېتى يوغان ـ يوغان چامداپ تاماقخانىغا كىرىپ، ئۇ يەردىكى ئوبلونسكىي بىلەن ۋېسلوۋسكىينى مەركەز قىلىپ بولۇۋاتقان قىزغىن پاراڭغا ئارىلىشىپ كەتتى.

— ھەي، ئەتە ئوۋغا چىقساق قانداق؟ — دېدى ئوبلونسكىي.

— بولىدۇ، چىقايلى، — دېدى ۋېسلوۋسكىي. ئۇ يەنە بىر ئورۇندۇقتا يۆتكىلىپ يېنىچە ئولتۇرۇپ، بىر پۇتىنى يەنە بىر پۇتىغا مىنگەشتۇردى.

— سىلەر بىلەن بىللە ئوۋغا چىقىدىغىنىمدىن تولىمۇ خۇشالمەن. سىز بۇ يىل ئوۋغا چىقىپ باقتىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى لېۋىن ۋېسلوۋسكىيدىن. ئۇنىڭ كۆزلىرى ۋېسلوسكىينىڭ پۇتلىرىدا ئىدى، ئەمما ئۆزىنى ئەتەي خۇشال تۇتۇپ ئولتۇراتتى. كىتى ئۇنىڭ بۇ خۇشاللىقىنىڭ يالغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇۋاتاتتى، بۇ يالغانلىق ئۇنىڭ تەبىئىي خاراكتېرىگە زادىلا ماس كەلمەيتتى، — چوڭ لايخورەكلەرنى تاپقىلى

---

① بۇ سۆزنىڭ ئەسلىسى ئىنگلىزچە.

بولامدۇ ـ بولمامدۇ، بىلمەيمەن، ئەمما تاغ لايخورەكلىرى ناھايىتى كۆپ. ئۇنىڭ ئۇچۇن ئورنىمىزدىن سەھەر تۇرۇشىمىز كېرەك. چارچىدىڭلارمۇ؟ ستىۋا، سەن چارچىمىغانسەن؟

— مەن چارچايمەنمۇ؟ ئەزەلدىن چارچاشنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيمەن. بۇگۇن كېچە تۇنەيمىز دېگىنە. يۇرۇڭلار، سىرتنى ئايلىنىپ كېلەيلى.

— ئۆزۈڭنىڭمۇ ئۇخلىمايدىغانلىقىڭغا، باشقىلارغىمۇ ئۇيقۇ بەرمەيدىغانلىقىڭغا ئىشىنىمىز، — دېدى دوللى ئېرىگە ئازراق كىنايە بىلەن. كېيىنكى چاغلاردا ئۇ ئېرىگە پات ـ پات ئاشۇنداق تەلەپپۇزدا گەپ قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى، — مېنىڭچە، ھازىر ئۇخلايدىغان چاغ بولدى، ئۇخلاڭلار ... مەن چىقىپ كەتتىم، كەچلىك تاماق يېمەيمەن.

— يەنە بىر پەس ئولتۇرغىنا، قەدىرلىكىم، — دېدى ئوبلونسكىي تاماقتا ئولتۇرغان ئۇستەلنىڭ ئۇ تەرىپىدە ئولتۇرغان دوللىنىڭ يېنىغا كېتىۋېتىپ، — مېنىڭ ساڭا دەيدىغان نۇرغۇن گەپلىرىم بار.

— ئۇنداقمۇ ئەمەستۇ.

— بىلەمسەن، ۋېسلوۋسكىي ئاننانىڭ يېنىغا بېرىپ كەپتۇ، يەنە بارغۇدەك. ئۇلار ھازىر بۇ يەرگە يەتمىش چاقىرىم كېلىدىغان بىر يەردە تۇرىدىكەن. مەنمۇ بېرىپ كېلەيمىكىن دەۋاتىمەن. ۋېسلوۋسكىي، بۇياققا كەلگىنە.

ۋېسلوۋسكىي ئاياللار ئولتۇرغان تەرەپكە ئۆتۈپ كىتىنىڭ يېنىدا ئولتۇردى.

— ئۇنىڭ يېنىغا قانداق بېرىپ قالغانلىقىڭىزنى سۆزلەپ بېرىڭا، ئۇ قانداقراق تۇرۇۋېتىپتۇ؟ — سورىدى دوللى.

ئۇستەلنىڭ يەنە بىر بېشىدا كىنەز خانىم ھەم ۋارېنكا بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان لېۋىن ئوبلونسكىي، دوللى، كىتى ۋە ۋېسلوۋسكىيلارنىڭ ناھايىتى خۇشال ۋە تولىمۇ سىرلىق قىياپەتتە پاراڭلىشىپ ئولتۇرغانلىقىنى، بىر ئىشقا ھەيران

قىلىۋاتقاندەك كۆزلىرى يوغىناپ كېتىۋاتقان كىتتىنىڭ توختىماي گەپ قىلىۋاتقان ۋېسلوۋسكىينىڭ چىرايلىق يۈزىگە دىققەت بىلەن قادىلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ئولتۇراتتى.

— ئۇلار ناھايىتى ياخشى تۇرۇۋېتىپتۇ، — دېدى ۋېسلوۋسكىي ئۇلارغا ۋرونسكىي بىلەن ئاننانىڭ گەپلىرىنى قىلىپ بېرىپ، — ئۇنداق دەپقۇ قەتئىي ئېيتالمايمەن، ئەمما ئۇلارنىڭ ئۆيىدە ئادەم ئۆزىنى خۇددى ئۆزىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلىدىكەن.

— ئۇلارنىڭ قانداق خىياللىرى باردەك؟

— قىشنى موسكۋادا ئۆتكۈزۈشنى ئويلىشىۋاتسا كېرەك.

— ھەممىمىز ئۇلارنىڭكىگە بىللە بېرىپ كەلسەك قانداق ياخشى بولاتتى - ھە ! سەن يەنە قاچان بارماقچى؟ — سورىدى ئوبلونسكىي ۋېسلوۋسكىيدىن.

— مەن يەتتىنچى ئاينى شۇلارنىڭكىدە ئۆتكۈزۈشنى ئويلاۋاتىمەن.

— سەنمۇ بارامسەن؟ — سورىدى ئوبلونسكىي خوتۇنىدىن.

— مەن خېلىدىن بېرى بېرىپ كېلىشكە نىيەت قىلىپ يۈرەتتىم، چوقۇم بارىمەن، — دېدى دوللى، — ئاننانى ئويلىسام كۆڭلۈم شۇنچىلىك يېرىم بولىدۇ. مەن ئۇنى بەك چۈشىنىمەن، ئالامەت ياخشى ئايال. سەن بۇ يەردىن كەتكەندىن كېيىن ئۆزۈم يالغۇز بارىمەن، ھەممىمىز تەڭ بارساق ئۇلارنى ئاۋارە قىلىپ قويىمىز. سېنىڭ بارمىغىنىڭ ياخشى.

— ناھايىتى ياخشى، — دېدى ئوبلونسكىي، — سەنچۇ، كىتتى؟

— مەنمۇ؟ مەن بېرىپ نېمە قىلىمەن؟ — دېدى كىتتى بىردىنلا قىزىرىپ كېتىپ. ئۇ دەررۇ لېۋىنغا قاراپ قويدى.

— سىز ئاننا كارېنىنا بىلەنمۇ تونۇشىسىزغۇ؟ — دېدى ۋېسلوۋسكىي كىتتىگە، — ئاجايىپ لاتاپەتلىك ئايال ئۇ.

— ئۇغۇ شۇنداق، — كىتتى ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىۋېتىپ

تېخىمۇ قىزىرىپ كەتتى ۋە دەررۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئېرىنىڭ يېنىغا ماڭدى.

— شۇنداق قىلىپ، ئەتە ئۇۋغا چىقىدىغان بولدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئېرىدىن.

بۇ بىرنەچچە مىنۇت ئىچىدە، بولۇپمۇ ۋېسلوۋسكىي بىلەن پاراڭلىشىۋېتىپ كىتىنىڭ ئىككى مەڭزى قىزىرىپ كەتكەن چاغدا، لېۋىننىڭ كۆنداشلىقى شۇنچىلىك كۆچىيىپ كەتكەندى. شۇڭا، ئۇ كىتىنىڭ قىلغان گېپىنى ئۆزى ئويلىغان مەنىدە چۈشەندى. كېيىن ئەسلىگەندە بۇ قىلىقى ناھايىتى بىمەنە تۇيۇلغان بولسىمۇ، شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە ئۇنىڭ «ئەتە ئۇۋغا چىقىدىغان بولدىڭىزمۇ» دەپ سورىغان ئاددىيلا بىر سوئالىنى، ۋېسلوۋسكىينى ياخشى كۆرۈپ قالغاچقا، ئۇنى ئويىنىتىپ كۆڭلىنى خۇش قىلىپ قويۇشنى خالامسەن، قانداق، دېگەندەك گەپ قىلىۋاتىدۇ، دەپ چۈشىنىپ قالغانىدى.

— ھەئە، ئۇۋغا چىقىمەن، — ئۆزىگىمۇ نەپرەتلىك ئاڭلانغان غەيرىي تەبىئىي ئاۋازدا جاۋاب بەردى لېۋىن.

— ياق، ياخشىسى ئەتە بىر كۈن تۇرۇپ تۇرۇڭلار، دوللىنىڭ ئېرى بىلەن بىر يەردە بىللە تۇرۇپ باقمىغىنىغا ئۇزاق بولدى. ئۇۋغا ئۆگۈنلۈككە چىقساڭلارمۇ بولىدۇ، — دېدى كىتى.

لېۋىن كىتىنىڭ بۇ گېپىنى ئەمدى تېخىمۇ بۇرمىلاپ: «ئىككىمىزنى ئايرىۋەتمىگىن. سەن بارامسەن، بارمامسەن، كارىم يوق، ئەمما بۇ ئوماق يىگىت بىلەن بىللە بولۇپ ئۇنىڭدىن راھەت ئېلىشىمغا يول قويغىن» دەۋاتىدۇ دەپ چۈشەندى.

— بوپتۇ، سەنلا شۇنداق ئارزۇدا بولساڭ، ئەتە بىر كۈن ئۆيدە بولايلى، — دەپ جاۋاب بەردى لېۋىن بۆلەكچىلا تەكەللۇپ بىلەن.

ۋېسلوۋسكىي ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىنىڭ باشقىلارنى بۇنچىۋالا ئازابقا سېلىپ قويىدىغانلىقىنى مۇتلەق ئويلاپ باقمىغانىدى. ئۇ كىتى بىلەن تەڭلا ئورنىدىن تۇرۇپ، يېقىملىق تەبەسسۇم چاقنىتىپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن ئالماي

كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭدى.

ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى ئۇ ھالەتنى كۆرگەن لېۋىنىڭ بىردىنلا چىرايى تاتىرىپ، نەپسى قىسىلىشقا باشلىدى. «ئۇ نېمىشقا مېنىڭ خوتۇنۇمغا مۇنداق تىكىلىپ قاراپ كېتىدۇ !» دەپ ئويلىدى ئۇ غەزەپتىن يېرىلىپ كەتكۇدەك بولۇپ.

— ئەتە شۇنداق بولىدىغان بولدىمۇ؟ ھەممىمىز بىللە بارايلى ! — دېدى ۋېسلوۋسكىي ئورۇندۇقتا ھېلىقى قىياپىتى بىلەن پۇتلىرىنى ئالماپ ئولتۇرۇپ.

لېۋىنىڭ رەشكى تېخىمۇ كۈچىيىپ، ئۆزىنى ئالدانغان ئەر، ئۇلارنى ئۆزى يارىتىپ بەرگەن راھەت تۇرمۇشتىن پايدىلىنىپ پەيزى سۇرۇۋاتقان ئاشنىلار دەپ بىلىشكە باشلىدى ... گەرچە شۇنداق ئويلاۋاتسىمۇ، ئەمما يەنىلا ۋېسلوۋسكىيدىن ئوۋ، ئوۋ مىلتىقى، ئۆتۈك توغرىسىدىكى بەزى ئىشلارنى ناھايىتى ئەدەپ بىلەن سوراپ تۇردى ۋە ئەتە ئوۋغا چىقىشقا ماقۇل بولدى.

بەختىگە، كىنەز خانىم ئورنىدىن تۇرۇپ كىتىنى چىقىپ ئۇخلاشقا ھەيدىگەندىلا، لېۋىن بۇ روھىي ئازابتىن قۇتۇلغان بولدى، لېكىن يەنە شۇ ھامان يېڭى ئازابقا مۇپتىلا بولدى: ۋېسلوۋسكىي كىتى ئۇخلاشقا ماڭغاندا ئۇنىڭ قولىنى سۆيۈپ قويماقچى بولۇۋىدى، كىتى قىزىرىپ كېتىپ، ساددا توڭلۇق بىلەن قولىنى تارتىۋېلىپ:

— بىزنىڭ بۇ يەردە بۇنداق ئادەت يوق، — دېدى. شۇ توڭلۇقى ئۇچۇن ئاپىسى ئۇنى خېلى جىملىدى.

لېۋىن ۋېسلوۋسكىينىڭ ئاشۇنداق يەڭگىلتەكلىك قىلىشىغا كىتىنىڭ يول قويغانلىقى سەۋەب بولدى، بۇ ئۇنىڭ خاتالىقى ئىدى، كېيىن قىلغان قوپاللىقى ئۇنىڭ ئۇ خاتالىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى، دەپ بىلدى.

— ھوي، ئۇخلاشقا ئالدىراپ نېمە كەپتۇ ! — دېدى ئوبلونسكىي. ئۇ كەچلىك تاماقتا بىرنەچچە ئىستاكان ۋىنو ئىچىۋالغان بولغاچقا، كەيپى خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ قالغان، شائىرانە

ھېس ـ تۇيغۇلار بابىغا يەتكەندى، ــ قارىغىنا، كىتى، ــ دېدى ئۇ لېپا دەرەخلىرىنىڭ ئارىسىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىقىۋاتقان تولۇن ئاينى كۆرسىتىپ، ــ قانداق چىرايلىق ـ ھە ! ۋېسلوۋسكىي، مانا مۇشۇنداق چاغدا مۇھەببەت ناخشىلىرىنى ئېيتساڭ ئاجايىپ ـ دە. ساڭا دېسەم، ئۇنىڭ ئاۋازى ئاجايىپ ياخشى، يولدا كەلگۈچە ئىككىمىز ناخشا ئېيتىپ كەلدۇق. ئۇ تولىمۇ لىرىكىلىق ئىككى ناخشىنىڭ نوتىسىنى ئېلىۋاپتىكەن، ئىككىلىسى يېڭى ناخشىلار ئىكەن. ۋارۋارا ئاندرېيېۋنا بىلەن بىللە ئېيتقان بولساڭ، ۋېسلوۋسكىي، ئاجايىپ ياخشى ئېيتاتتىڭلار ـ دە.

ھەممىسى تارقاپ كېتىشكەندىن كېيىن، ئوبلونسكىي بىلەن ۋېسلوۋسكىي ئىككىسى دەرەخلىك يولدا ئۇزاق ئايلىنىپ يۈردى. ئۇلار بىللە ئېيتىۋاتقان يېڭى لىرىك ناخشىنىڭ ئاۋازى يىراقتىن ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ كەتكەن لېۋىن خوتۇنىنىڭ ھۇجرىسىدىكى ساپادا، خوتۇنىنىڭ ساڭا نېمە بولدى، دەپ سورىغان سوئالىغا جاۋاب بەرمەي، ئۇلارنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاپ ئولتۇراتتى. ئاخىر كىتى جۈرئەتسىزلىك بىلەن كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ: «ۋېسلوۋسكىينىڭ بىرەر قىلىقى ساڭا ياقمىدىمۇ يا؟» دەپ سورىغاندىلا، ئاندىن لېۋىن ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، كۆڭلىدە ئويلىغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى تۆكۈپ تاشلىدى. لېكىن، شۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقاندا ئۆزىدىن ئۆزى نومۇس قىلىپ تېخىمۇ ئاچچىقى كېلىشكە باشلىدى.

لېۋىن تەرى تۈرۈلگەن، تۈرۈلگەن قوشۇمىسىنىڭ ئاستىدىكى كۆزلىرى قورقۇنچلۇق چاقناپ تۇرغان، كۈچلۈك قوللىرىنى ئاچچىقىنى بېسىپ تۇرماقچى بولۇۋاتقاندەك مەيدىسى ئۈستىگە مەھكەم قوۋۇشتۇرۇپ قويۇۋالغاندى. ئەگەر ئۇنىڭ چىرايىدا كىتىنى ھاياجانغا سالغان ئازاب تۇسى بولمىغان بولسا، ئۇنىڭ چىرايى تېخىمۇ جىددىي، تېخىمۇ رەھىمسىز قىياپەتكە كىرىپ قالغان بولاتتى. ئۇنىڭ ئېڭىكى توختىماي تىترەپ، سۆزلىگەندە

ئاۋازى دۇدۇقلاپ چىقتى.

— بىلىپ قويغىنىكى، مەن سېنى كۆنلەۋاتقىنىم يوق، كۆنلەش نومۇسسىز، يارىماس ئىش. مەن سېنى كۆنلەيدىغىنىمغا ئىشەنمەيمەن ... كۆڭلۈمدە ھېس قىلىپ تۇرۇۋاتقىنىمنى ئېيتىپ بېرەلمەيمەن. ئۇنى دېيىشنىڭ ئۆزى بىر دەھشەتلىك ئىش ... مەن سېنى كۆنلىمىدىم، لېكىن بەزىلەرنىڭ سېنىڭ توغراڭدا ئويلاپ، ساڭا ئاشۇنداق نەزەردە قاراشقا جۈرئەت قىلىشلىرى ماڭا ئېغىر كەلدى، ئۆزۈمنى ھاقارەتلىنىۋاتقاندەك، خورلىنىۋاتقادەك ئويلاپ قالدىم ...

— ئۇ ئادەم ماڭا قانداق نەزەردە قاراپتۇ؟ — دەپ سورىدى كىتى ئۇنىڭدىن شۇ كەچتە قىلىشقان ھەر بىر ئېغىز سۆز، ھەر بىر ھەرىكەت ۋە ئۇلارنىڭ قاراتمىلىقلىرى ئۇستىدە تەھلىل يۈرگۈزۈپ تۇرۇپ.

ۋېسلوۋسكىي ئۆزىنىڭ كەينىدىن ئۇستەلنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتكەندە، كىتى كۆڭلىدە غەلىتىلا بىر خىيالغا كېلىپ قالغانىدى، ئەمما ئۇ خىيالنىڭ راستلىقىغا ئۆزىمۇ كېسىپ بىر نېمە دېيەلمەيتتى، لېۋىنغا تېخىمۇ دېگىلى بولمايتتى، دېسە ئۇنىڭ ئازابىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋېتەتتى.

— مېنىڭ مۇشۇ ھالىتىمدە كىممۇ ماڭا كۆز تاشلار؟ ...

— ھەي! — دەپ تووۋلاپ كەتتى لېۋىن ئىككى قولى بىلەن بېشىنى چىڭ چاڭگاللىۋېلىپ، — بۇ گەپنى قىلمىساڭچۇ! ... ئەگەر تاشلاپ قالسىچۇ؟ ...

— ياق، كونستانتىن، توختا، گېپىمگە قۇلاق سال! — كىتى ئېرىگە ئېچىنغان ھەم دەردلىك قىياپەتتە تۇرۇپ قاراپ قويدى، — مېنىڭ كۆزلىرىمگە سېنىڭدىن باشقا ھېچقانداق ئادەم كۆرۈنمەيدۇ، ھېچقانداق ئادەم ... سەن مېنى بىرەمۇ ئەركەككە قارىغۇچى بولما، دېمەكچىمۇ؟

ئۇنىڭدىكى بۇ رەشك دەسلەپتە كىتىنىڭ قاتتىق ئاچچىقىنى كەلتۈرگەنىدى. ئۇنىڭ ئاچچىقلىنىدىغىنى كىشىلەر بىلەن

بولىدىغان ئاشۇنداق ئەڭ ئاددىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ خۇشاللىقىدىن بەھرىمەن بولۇشتىن چەكلىنىۋاتقىنى ئىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ لېۋىننى شۇ ئازابلاردىن قۇتۇلدۇرۇش، خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن بۇنداق ئۇششاق ئىشلاردىلا ئەمەس، بارلىق ئىشلاردا ئۆزىنى قۇربان قىلىشقا رازى بولدى.

— سەن مېنىڭ بۇ خىل ھەم قورقۇنچلۇق، ھەم كۈلكىلىك ئەھۋالىمنى توغرا چۈشەنگىن، — دېدى لېۋىن يەنە شۇ ئۇمىدسىزلىك پۇراپ تۇرغان زەئىپ ئاۋازى بىلەن، — بىزنىڭ ئۆيىمىزگە مېھمان بولۇپ كەلگەن ئۇ ياشنىڭ ئاشۇ يەڭگىلتەكلىكى ۋە پۇتلىرىنى ئالماپ ئولتۇرۇشلىرىدىن باشقا بىئەدەپلىكلىرى يوق، ئەمما كۆرەڭ ئىكەن، شۇنداق بولسىمۇ ئۇنىڭغا تەكەللۇپ بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا مەجبۇرمەن.

— كونستانتىن، بۇ گېپىڭ بەكمۇ ئېشىپ كەتتى، — كىتى شۇنداق دېسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ كۆڭلەشلىرى ئىچىدىن ئۆزىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى سېزىپ ئىچىدە خۇشال بولدى.

— ھەممىدىن يامىنى، سەن ئىلگىرىمۇ، ھازىرمۇ مېنىڭ ئۈچۈن بىر پەرىشتە ئىدىڭ، بىز شۇنچىلىك بەختلىك، بولەكچىلا بەختلىك ئىدۇق، تۇيۇقسىز بىر خومپەر كېلىپ ... ياق، ياق، خومپەر ئەمەس، مەن نېمىشقا ئۇنى تىللايمەن، ئۇنىڭ بىلەن مېنىڭ نېمە ئىشىم بار. لېكىن، ھازىر مېنىڭ، سېنىڭ، ئىككىمىزنىڭ بەختى نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ؟ ...

— مەن بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى ئەمدى چۈشىنىۋاتىمەن، — دېدى كىتى.

— قانداق سەۋەب؟ زادى قانداق سەۋەب ئۇ؟

— تاماق يېگەچ پاراڭلىشىۋاتقىنىمىزدا سېنىڭ بىزگە باشقىچە قاراۋاتقانلىقىڭغا كۆزۈم چۈشۈپ قالغان.

— توغرا، توغرا! — دېدى لېۋىن سەل قورقۇپ تۇرۇپ.

كىتى ئۆزلىرىنىڭ نېمە توغرۇلۇق پاراڭلاشقانلىقىنى لېۋىنغا سۆزلەپ بەردى. سۆزلەپ بېرىۋاتقاندا ھاياجانلىنىپ كېتىپ بىر

نەچچە قېتىم نەپىسى بوغۇلۇپ قالدى، لېۋىن گەپ قىلماي جىمجىت ئولتۇردى. بىر چاغدا يەرنىڭ تېگىدىن قاراپ كىتىنىڭ ئاپئاق تاتىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپلا، بىردىنلا ئىككى قولى بىلەن بېشىنى چاڭگاللىدى.

— كىتى، مەن سېنى بەك قىينىۋەتتىم! قەدىرلىكىم، مېنى كەچۈرگىن. مەن رەسمىي ساراڭ بوپتىمەن. كىتى، ھەممىسى مېنىڭ خاتالىقىم. شۇ بولمىغۇر ئىشلار ئۈچۈن ئۆزۈمنى قىيناپ نېمە قىلاتتىم؟

— ياق، سەن ئۈچۈن كۆڭلۈم يېرىم مېنىڭ!

— مەن ئۈچۈنمۇ؟ مەن ئۈچۈن كۆڭلۈڭ يېرىم بولۇۋاتامدۇ؟ كۆڭلۈڭ يېرىم بولىدىغانغا مەن قانچىلىك ئادەم ئىدىم؟ مەن بىر ساراڭ ... مەن سېنى نېمىشقا بۇنداق ئازابقا قويىمەن؟ بىرەرنى بىزنىڭ بەختىمىزنى ئىختىيارچىلا بۇزۇۋېتەلەيدۇ، دەپ ئويلاشنىڭ ئۆزى بىر قورقۇنچلۇق ئىشقۇ.

— ئەلۋەتتە، شۇنداق ـ دە. ئۇنداق بولىدىغان بولسا ئادەمگە ئەلەم قىلامدۇ ...

— بولدى، ئۇ بىزنىڭكىدە يازچە تۇرسىمۇ مەيلى، ئۇنىڭغا ياخشى مۇئامىلە قىلىمەن، ياخشى كۈتىمەن، — دېدى لېۋىن كىتىنىڭ قولىغا سۆيۈپ قويۇپ، — قاراپ تۇر، ئەتە ... توغرا، ئەتە مەن ئۇلار بىلەن بىللە ئوۋغا چىقىمەن.

# 8

ئەتىسى ئاياللار تېخى ئورۇنلىرىدىن تۇرمىغاندا، ئوۋچىلارنىڭ تۆت چاقلىق، ئىككى چاقلىق ھارۋىلىرى ئىشىك ئالدىدا تەييار بولۇپ تۇردى. لاسكا بۈگۈن سەھەردىلا ئۇلارنىڭ ئوۋغا چىقماقچى ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىپ، توختىماي غىڭشىپ، ئۇياق ـ بۇياققا

يۆگۆرۈپ، سەكرەپ يۈردى، ئاخىرىدا ھارۋىغا سەكرەپ چىقىۋېلىپ، ھارۋىكەشنىڭ يېنىدا دەرۋازا تەرەپكە قاراپ ئولتۇردى، ئۇۋچىلار ئاشۇ دەرۋازىدىن چىقىشاتتى. بىرىنچى بولۇپ چىققىنى پۇتىغا قونچى سېمىز پاچىقىغا لىق كەلگۈدەك يېڭى ئۆتۈك، ئۈستىگە يېشىل رەڭلىك چاپان كىيگەن، بېلىگە كۆنىنىڭ پۇرىقى كېلىپ تۇرىدىغان يېڭى كۆن ئوقدان باغلىۋالغان، بېشىغا ھېلىقى لېنتىسى كەينىدە ساڭگىلاپ تۇرغان شەپكىسىنى قوندۇرۇۋالغان، مۈرىسىگە ئېسىۋالىدىغان تاسمىسى يوق يېپيېڭى ئىنگلىز ئوۋ مىلتىقى كۆتۈرۈۋالغان ۋېسلوۋسكىي بولدى. لاسكا ئۇنى كۆرۈپلا ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشۈپ ئالدىغا يۈگۈرۈپ باردى ـ دە، ئالدى ئىككى پۇتىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا سالام بەردى، ئاندىن قالغانلار نېمىشقا چىقىپ بولالمايدۇ، دەپ سوراۋاتقاندەك تىنىماي قاۋاپ كەتتى. ۋېسلوۋسكىيدىن جاۋاب ئالالمىغاندىن كېيىن كەلگەن جايىغا قايتىپ، قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتقىنىچە دەرۋازا تەرەپكە بېشىنى سىڭارىيان قىلىپ جىمجىت قاراپ تۇردى. دەرۋازا ئاخىر غىچ قىلىپ ئېچىلىپ، ئوبلونسكىينىڭ سېرىق ئالا ئىتى كراك ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ چىقىپ، دەرۋازا ئالدىدىكى بوشلۇقتا چاقماق تېزلىكىدە بىرنەچچە قېتىم ئايلىنىۋەتتى. ئارقىدىنلا ئوبلونسكىي قولىدا مىلتىق، ئاغزىدا سىگارت، چىقىپ كەلدى. «جىم بول، جىم بول، كراك !» دەپ توۋلىدى ئۇ ئالدى پۇتلىرى بىلەن قورسىقىغا، مەيدىسىگە ئېسىلىپ، ئوۋ خالتىسىنى چىشلەپ كېتىۋاتقان كراكقا. ئۇنىڭ پۇتىدا يۇمشاق خۇرۇم ئۆتۈك، ئۇچىسىدا كونىراپ كەتكەن گەلەپى ئىشتان بىلەن قىسقا بىر پەلتو، بېشىدا كونىراپ ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن بىر شلەپە تۇراتتى، ئەمما مىلتىقى يېپيېڭى، قونچاقتەك چىرايلىق يېڭىچە مىلتىق ئىدى، ئوقدىنى بىلەن سەپەر خالتىسى كونا بولسىمۇ، ناھايىتى پۇختا ئىدى.

ھەقىقىي ئوۋچىنىڭ ئۈستىگە ئەسكى ـ تۈسكى نەرسىلەرنى

كىيىۋالسىمۇ، ئەمما ئۇ ئۆز جابدۇقلىرىنىڭ سۇپەتلىك، پۇختا بولۇشىنى قوغلىشىدىغانلىقىنى ۋىسلوۋسكىي شۇ كەمگىچە بىلمەيتتى. بۈگۈن ئوبلونسكىينىڭ سېمىز، كېلىشكەن، خۇشخۇي قامىتىنىڭ ئاشۇ كونا كىيىملەرنىڭ ئىچىدە ئۆزگىچە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇۋغا چىققاندا شۇنداق كىيىنىش كېرەكلىكىنى ئاندىن چۈشەندى ۋە كېلەر قېتىم ئۇۋغا ماڭغاندا ئاشۇنداق كىيىنىپ مېڭىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويدى.

— ھۇي، خوجايىنىمىزغا نېمە بولغاندۇ؟ — سورىدى ۋىسلوۋسكىي.

— خوتۇن ياش بولغاندىكىن شۇنداق بولىدىغان گەپ، — دەپ قويدى ئوبلونسكىي كۈلۈپ كېتىپ.

— ئۇ راست، ئۇنىڭ ئۈستىگە خوتۇنى كېلىشكەن خوتۇن ـ دە.

— ئۇ بايىلا جابدۇنۇپ بولغان. قارىغاندا، يەنە خوتۇنىنىڭ قېشىغا كىرىپ كەتكەن ئوخشايدۇ.

ئوبلونسكىينىڭ پەرىزى توغرا ئىدى. لېۋىن خوتۇنىنىڭ قېشىغا كىرىپ، ئۇنىڭدىن تۈنۈگۈنكى ساراڭدەك قىلغان ئىشىنى كەچۈرگەن ـ كەچۈرمىگەنلىكىنى سورىدى، يەنە خۇدا ھەققىدە ئۆزىگە ئالاھىدە ئېھتىيات قىلىشنى، بولۇپمۇ بالىلار يۈگۈرۈشۈپ، سەكرىشىپ ئوينايدىغان بولغاچقا، شۇلاردىن كۆپرەك ئېھتىيات قىلىشنى تاپىلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، خوتۇنىدىن ئۆزى ئۇۋغا كەتكەن بۇ ئىككى كۈن ئىچىدە ئۇ ئىشقا قايتا خاپا بولمايدىغانلىقىغا ۋەدە ئالدى، ئەتە ئەتىگەندە ئۆزىنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالى توغرۇلۇق ئىككىلىك بولسىمۇ خەت يېزىپ بېرىدىن ئاتلىق ئەۋەتىۋېتىشنى، شۇندىلا ئۆزىنىڭ خاتىرجەم بولىدىغانلىقىنى ئۆتۈندى.

ئېرىدىن ئىككى كۈن ئايرىلىدىغانلىقى ئۈچۈن كىتىنىڭمۇ كۆڭلى يېرىم ئىدى. لېكىن، ئېرىنىڭ ئوۋ ئۆتۈكى بىلەن ئاق كۆڭلىكىدە بولەكچىلا قامەتلىك كۆرۈنۈپ كېتىۋاتقان



قىياپىتىنى، ئۆزىگە نامەلۇم بولغان ئىچ - ئىچىدىن ئۇرغۇپ تۇرىۋاتقان ئۇۋ خۇشاللىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ ئۇ بىئاراملىقلىرىنى ئۇنتۇپ، ئۇنىڭ بىلەن خۇشال - خۇرام خوشلاشتى.

— كەچۇرۇڭلار، ئەپەندىلەر، — دېدى لېۋىن دەرۋازىدىن چىقىپلا، — چۇشلۇك تاماقلىرىڭلارنى ئېلىۋالدىڭلارمۇ؟ نېمىشقا جەرەن ئاتنى ئۇلاڭ تەرەپكە قاتتىڭلار؟ بوپتۇ، بەربىرغۇ. لاسكا، جىم بول، يات! ئۇلارنى ئۇرۇۋقلاندۇرمىغان قويلارغا قوشۇۋەت، — دېدى ئۇ پىچىۋەتكەن قوچقارلارنى قانداق قىلىمەن دەپ سوراپ كەلگەن مالچىغا، — كەچۇرۇڭلار، يەنە بىر ناكەس كېلىۋاتىدۇ.

لېۋىن هارۋىدىن سەكرەپ چۇشۇپ، قولىدا مېتىر، پەلەمپەي تەرەپكە كېتىۋاتقان ياغاچچىنىڭ يېنىغا ماڭدى.

— تۇنۇگۇن دەپتەرخانىغا بارماي، بۈگۈن كېلىپ مېنىڭ ۋاقتىمنى ئېلىۋاتىسەن. خوش، نېمە گەپ؟

— يەنە بىر ئايلانما ئېلىشىمغا رۇخسەت قىلغان بولسىڭىز، ئۈچ باسقۇچلا قوشۇلىدۇ. چوقۇم ياخشى ياسايمىز، شۇنىڭدا پەلەمپەي پۇختا بولىدۇ.

— سەن بۇرۇنلا مېنىڭ گېپىمگە كىرگەن بولساڭ بولاتتى، — دېدى لېۋىن ئاچچىقى بىلەن جاۋاب بېرىپ، — مەن ساڭا ئاۋۋال يىپ تارتىپ، ئاندىن پەلەمپەيگە تۇتۇش قىل دېگەن. ئەمدى بۇنى تۈزىيەلمەيسەن. مېنىڭ گېپىمگە كىرىپ باسقۇچنى باشقىدىن ياسا.

ئەسلىدە ياغاچچى يان هۇجرىلارغا كىرىدىغان پەلەمپەينىڭ ئېگىزلىكىنى توغرا ئۆلچىمىگەچكە، پەلەمپەينىڭ تاختايلىرى پۈتۈپ قۇراشتۇرغاندا مايماق بولۇپ قالغانىدى. ئەمدى هازىر ئۇنىڭ پەلەمپەينى شۇ پېتى قالدۇرۇپ، ئۇنىڭغا يەنە ئۈچ باسقۇچ ئۇلىماقچى بولۇپ كېلىشى ئىدى.

— شۇنداق قىلساق ياخشى بولاتتى، خوجايىن.

— يەنە ئۈچ باسقۇچ ئۆلاپ پەلەمپەينى نەگىچە سوزماقچىدىڭ؟

— خاپا بولماڭ، بېگىم، — دېدى ياغاچچى كەيپى چاغ هالدا كۈلۈپ قويۇپ، — ئېگىزمۇ، پەسمۇ بولماي دەل جايىدا بولىدۇ. باسقۇچنى پەسكە ئۆلايمىز، — دېدى ئۇ يەنە ناهايىتى ئىشەنچلىك هالدا قوللىرى بىلەن كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — بىر باسقۇچ، بىر باسقۇچتىن مېڭىپ، ئاخىرىدا ئۇستىگە چىقىدىغان گەپ.

— هەي، بۇنىڭغا يەنە ئۈچ باسقۇچ قوشۇلسا پەلەمپەي ئۈزىراپ كەتمەمدۇ ... ئۇ چاغدا ئۇ ئۈزىراپ نەگە بارىدۇ؟

— مانا مۇنداق، پەستىن بىر باسقۇچ، بىر باسقۇچ مېڭىپ يۇقىرىغا ئۆرلىمەمدۇ، — دېدى ياغاچچى جاهىللىق قىلىپ.

— ئۇ چاغدا ياسىغان پەلەمپىيىڭ تورۇسقا تاقىشىپ، تورۇسنى تېشىپ چىقىدۇ شۇ.

— خاپا بولماڭ، بېگىم. تۆۋەندىن باشلىنىدۇ - دە. بىر باسقۇچ، بىر باسقۇچتىن يۇقىرىغا ئۆرلەيدۇ شۇ.

لېۋىن قولىدىكى مىلتىقنىڭ سومبىسىنى سۇغۇرۇۋېلىپ، يەرگە پەلەمپەينىڭ سخېمىسىنى سىزىپ ئۇنىڭغا كۆرسەتتى.

— بۇنىڭغا قارا، كۆردۈڭمۇ؟

— ئىختىيارىڭىز، خوجايىن، — دېدى ياغاچچى. ئۇ لېۋىننىڭ سۆزىنى ئەمدى چۈشەنگەن بولسا كېرەك، كۆزلىرى بىردىنلا جانلىنىپ كەتتى، — بۇ گەپچە، باشقىدىن ياسايدىغان ئوخشايمەن.

— شۇنداق. ئەمدى مېنىڭ دېگىنىم بويىچە قىل! — لېۋىن ئىشنى تۈگىتىپ هارۋىغا چىقتى، — كەتتۇق! فىلىپ، ئىتلارنى تۇتۇپ ماڭايلى.

لېۋىن هازىر ئۆيىنىڭ ئىشلىرى بىلەن دېهقانچىلىقنىڭ ئىشلىرىنى پۈتۈنلەي كەينىگە تاشلىۋېتىپ، هايات ۋە ئۈمىد - ئارزۇلار خۇشاللىقىغا چۆمگەن هالدا كېتىۋاتاتتى، گەپ قىلغۇسىمۇ كەلمەيتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، هەرقانداق بىر

ئوۋچىغا ئوخشاش، ئوۋ ئوۋلايدىغان يېرىگە ئاز قالغانسېرى دىققىتى مەركەزلىشىپ، جىددىيلىشىپ قېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ خىيالىنى بەند قىلىپ تۇرغان باشقا ئىشلارمۇ بار دېيىلسە، ئۇ كولپىن سازلىقىدا بىر نەرسە تاپالارمىزمىكىن، كىراك بىلەن لاسكا ئىككىسىدىن قايسىسى يامانراقتۇ، دېگەن ئويلار ئىدى. بۈگۈن ئۆزۈمنىڭ ئېتىشىم قانداقراق بولار؟ بۇ يېڭى مېھماننىڭ ئالدىدا يۈزۈم چۈشۈپ كەتمىسە بولاتتىغۇ؟ قانداق قىلسام ئوبلونسكىي مېنىڭدىن جىقراق ئېتىۋالماس، دېگەنلەرمۇ ئۇنىڭ خىيالىغا كېلەتتى.

ئوبلونسكىيمۇ شۇ خىياللاردا كېتىۋاتقاچقا، لېۋىنغا ئوخشاشلا گەپ قىلماي ئولتۇراتتى، پەقەت ۋېسلوۋسكىيلا ئاغزى بېسىلماي سۆزلەپ كېتىۋاتاتتى. لېۋىن ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ، تۈنۈگۈن قىلغانلىرىدىن نومۇس قىلىپ قالدى. ۋېسلوۋسكىي ھەقىقەتەن ئاددىي، ئاق كۆڭۈل، خۇش چاقچاق ئوبدان يىگىت ئىكەن. ئەگەر لېۋىن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشتىن بۇرۇن تونۇشقان بولسا چوقۇم ياخشى دوستلاردىن بولۇپ قالاتتىكەن. لېۋىن ئۇنى ئىختىيارسىي ۋە ئۆزىنى مەيلىگە قويۇۋەتكەن مىجەزىگە قاراپلا ئۆچ كۆرۈپ قالغانىدى. دېمىسىمۇ، ئۇنىڭ ئېلىۋەتمەي قويۇۋەتكەن ئۇزۇن تىرناقلىرى، كەينىدە لېنتىسى بار شوتلاندىيە شەپكىسى، كىيگەن كىيىملىرىنىڭ ھەررەڭ ـ سەررەڭلىكى، ئۆزىنى ھېچكىمگە ئوخشاتماسلىقلىرى ئۇنىڭغا ياخشى تەسىر بەرمىگەنىدى. شۇنداقتىمۇ، ئاق كۆڭۈل، سۆز ـ ھەرىكەتلىرى يېقىشلىق بولغىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ھەرقانداق ئىشنى كەچۈرۈۋەتكىلى بولاتتى. ئۇ ياخشى تەربىيە كۆرگەنلىكى، فرانسۇز، ئىنگلىز تىللىرىنى ناھايىتى چىرايلىق سۆزلەيدىغانلىقى بىلەن لېۋىنغا يېقىپ قېلىۋاتاتتى

ۋېسلوۋسكىي سول ياندىكى دون دالا ئېتىنى ياقتۇرۇپ قېلىپ، ئاغزى بېسىلماي ماختاپ ماڭدى.

— دالا ئېتىغا مىنىپ، دالادا چېپىپ يۈرۈش قانداق

كۆكۈللۈك ـ هه ! شۇنداق ئەمەسمۇ؟ — دېدى ئۇ.

ئۇ دالا ئىتىغا مىنىپ، دالادا چېپىپ يۈرۈشنى رومانتىك تۇيغۇغا تويۇنغان بىر خىل گۈزەل ھەرىكەت دەپ بىلەتتى، ئەمەلىيەتتە پۈتۈنلەي ئۇنداق ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ باللارچە يارقىن قىياپىتى، ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ كېلىشكەن چىرايى، ئوماق كۆلۈمسىرەشلىرى ۋە سۆز ـ ھەرىكەتلىرىدىكى لاتاپەت ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرەتتى. لېۋىنغا ئۇنىڭ ئاشۇ خىل تەبىئىي خۇلقلىرى ياراپ قالدىمۇ ياكى ئۇ تۈنۈگۈن قىلغان قوپاللىقىنى ياپماقچى بولدىمۇ، بىلىپ بولمايدۇ، ئىشقىلىپ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى خىلمۇخىل ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇشلار لېۋىننى بۆلەكچىلا خۇشال قىلغانىدى.

ئۇلار ئۈچ چاقىرىمچە يول ماڭغاندىن كېيىن، ۋېسلوۋسكىي تۇيۇقسىز سىگارتلىرى بىلەن پۇل قاپچۇقىنىڭ يوق تۇرغانلىقىنى بىلىپ قالدى، چۈشۈرۈپ قويدىمۇ ياكى ئۈستەل ئۈستىدە ئۇنتۇپ قالدىمۇ، بىلمەيتتى. پۇل قاپچۇقىدا ئۈچ يۈز يەتمىش رۇبلى بار بولغاچقا، بولدى قىلىشقا بولمايتتى.

— لېۋىن، مەن مۇشۇ دون دالا ئىتىغا مىنىپ ئۆيگە بىر بېرىپ كەلسەم دەپ ئويلاۋاتىمەن، شۇنىڭدا ئاجايىپ مەنىلىك بىر ئىش بولاتتى، بولامدۇ؟ — دېدى ۋېسلوۋسكىي هارۋىدىن چۈشمەكچى بولۇپ.

— ياق، قويۇڭ، بۇ ئىشقىمۇ سىز ئاۋارە بولامسىز؟ — دېدى لېۋىن ئاتلىرىنى بەك ئاسرايدىغان بولغاچقا، ۋېسلوۋسكىينى كەم دېگەندە يۈز كىلوگرام كېلىشى مۇمكىن دەپ ئويلاپ، — هارۋىكەش بېرىپ كەلسىمۇ بولىدۇ.

هارۋىكەش ياندىكى ئاتنى مىنىپ ئۆي تەرەپكە قاراپ چېپىپ كەتتى، لېۋىن قالغان ئىككى ئاتنى ئۆزى ھەيدەپ ماڭدى.

# 9

— خوش، بىزنىڭ يولىمىز زادى قاياققا؟ بۇنى بىزگە ئوبدانراق چۈشەندۈرۈپ قويغىن، — دېدى ئوبلونسكىي.

— پىلانىمىز مۇنداق: ھازىر بىز ئالدى بىلەن گۋوزدېۋغا بارىمىز. گۋوزدېۋا تەرەپتە تاغ لايخورەكلىرى ئەڭ كۆپ. گۋوزدېۋادىن ئۆتكەن يەردىكى سازلىقتا چوڭ لايخورەكلەر توپلىشىپ ياشايدۇ، تاغ لايخورەكلىرىمۇ بار. ھازىر كۈن بەك ئىسسىق بولغاچقا، ئۇ يەرگە گۇگۇم مەھەلدە يېتىپ بارىمىز (تەخمىنەن يىگىرمە چاقىرىم كېلىدۇ). ئوۋنى كەچقۇرۇن باشلايمىز. ئۇ يەردە بىر كېچە يېتىپ، ئەتە چوڭ سازلىقلارغا ئۆتۈپ كېتىمىز.

— ئەجەبا، يولدا ھېچنېمە يوقمۇ؟

— بارلىقى بار، لېكىن يولدا توختاپ ماڭساق بارىدىغان مەنزىلىمىزگە ھايال قالىمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۈن بەك ئىسسىق. يول بويىدا ئىككى يەر بار، ئەمما ئۇ يەردە بىر نېمىنىڭ بولۇشى ناتايىن.

لېۋىننىڭمۇ ئاشۇ ئىككى يەرگە بېرىپ ئۆتۈپ كەتكۈسى بار ئىدى. لېكىن، ئۇ يەرلەر ئۆيگە يېقىن بولغاچقا، قاچانلا بارسا بولىۋېرەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە دائىرىسى كىچىك، ئۈچ ئادەم بىرلا ۋاقىتتا ھەرىكەت قىلىش قىيىن ئىدى. لېۋىننىڭ ئۇلارغا ئۇ يەرلەردە بىرنېمىلەرنىڭ بولۇشى ناتايىن، دېگىنى شۇنىڭدىن ئىدى. ئۇلار كىچىك بىر سازلىققا يېتىپ بارغاندا لېۋىن ھارۋىنى توختاتماي ئۇ يەردىن يانداپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولۇۋىدى، ئوبلونسكىينىڭ تەجرىبىلىك كۆزلىرى ئۇ يەردە بىر سازلىقنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ قالدى.

— ئاۋۇ تەرەپكە بىرىپ باقمايمىزمۇ؟ — دىدى ئۇ سازلىق تەرەپنى كۆرسىتىپ.

— لىۋىن، شۇ تەرەپكە بىرىپ باقايلىچۇ، ياخشى يەردەك قىلىدۇ، — دىدى ۋىسلوۋسكىيمۇ يىلىنغاندەك قىلىپ. لىۋىن ئاخىر ماقۇل بولدى.

ھارۋا توختار - توختىمايلا، ئىككى ئىت ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشۈپ بەس - بەس بىلەن سازلىق تەرەپكە قاراپ چىپىشىپ كەتتى.

— كراك! لاسكا! ...

ئىتلار ئاۋازنى ئاڭلاپ دەررۇ كەينىگە قايتتى.

— ئۇ يەر ئۈچىمىزگە تارلىق قىلىدۇ، مەن مەشەدە تۇرۇپ تۇراي، — دىدى لىۋىن ئۇ يەردە ئىتلار ئۈركۈتۈۋەتكەن، سازلىق ئۈستىدىكى ئاسماندا يىغلاۋاتقاندەك مۇڭلۇق سايراپ ئايلىنىپ يۈرىدىغان قۇتاندىن باشقا ھىچنىمە يوق، دىگەن ئىشەنچلىك خىيال بىلەن.

— ياق، بىللە بارايلى. لىۋىن، ئۈچىمىز بىللە بارايلىچۇ! — دىدى ۋىسلوۋسكىي ئۈنلۈك سۆزلەپ.

— راست دەۋاتىمەن، ئۇ يەردە ئۈچىمىز قىستىلىپ قالىمىز. لاسكا، قايت! لاسكا! ئىككىڭلارغا بىر ئىت بولسا بولار؟

لىۋىن ھارۋىنىڭ يىنىدا ئۇ ئوۋچىلارغا رەشك بىلەن قاراپ قالدى. ئۇ ئىككىسى سازلىقنىڭ ھەممە يىرىنى ئارالاپ چىقىپ، قىرغاۋۇل بىلەن قۇتاندىن باشقا (ۋىسلوۋسكىي قۇتاندىن بىرنى ئىتىۋالدى) ھىچنىمە ئۇچراتمىدى.

— مىنىڭ بۇ سازلىقنى نىمىشقا ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىمنى ئەمدى چۈشەنگەنسىلەر، — دىدى لىۋىن، — ۋاقتىڭلارنى ئىسراپ قىلغىنىڭلار قالدى.

— ياق، ھەر ھالدا كۆڭۈللۈك بولدى. ماۋۇنى كۆردىڭىزمۇ؟ — دىدى ۋىسلوۋسكىي قولىدا قۇتان بىلەن مىلتىق، ھارۋىغا تەستە چىقىۋىتىپ، — بۇنى مەن ئاجايىپ

كېلىشتۇرۇپ ئېيتىۋالدىم دەڭا ! راستمۇ، ئوبلونسكىي؟ خوش، ھەقىقىي ئوۋ مەيدانىغا ئاز قالغاندۇق؟

ئاتلار ئۇشتۇمتۇت مېڭىپ كېتىپ، لېۋىننىڭ بېشى كىمنىڭدۇر مىلتىقىغا تېگىپ «ۋاڭ» قىلغان بىر ئاۋاز چىقتى. ئوق لېۋىننىڭ بېشى مىلتىققا تېگىپ كېتىشىنىڭ ئالدىدىلا ئېتىلغان، لېۋىن بۇنى ئۇقماي، بېشىم مىلتىققا تەگكەندە ئېتىلىپ كەتتى، دەپ ئويلاپ قالغاندى. ئەسلىدە ۋېسلوۋسكىي قوش ئاتار مىلتىقنىڭ تەپكىلىرىنى ئېتىۋېتىمەن دەۋېتىپ، بىرىنى ئېتىپ، يەنە بىرىگە كەلگەندە بېسىۋېتىپ قالغانكەن. ھېلىمۇ ياخشى مىلتىقنىڭ ئوقى يەرگە قاراپ تۇرغاچقا، ئوق يەرگە كىرىپ كېتىپ ئادەمگە تەگمەپتۇ. ئوبلونسكىي ۋېسلوۋسكىينى جىملىگەندەك قىلىپ بېشىنى چايقاپ كۈلۈپ قويدى. ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن لېۋىننىڭ ئۇنى ئەيىبلىگۈسى كەلمىدى، بولار ئىش بولۇپ بولغان، ئەيىبلىسىمۇ ئورنىغا كەلمەيتتى، پېشانىسىدىكى ئىششىق ھېچ گەپ ئەمەس ئىدى. ۋېسلوۋسكىي باشتا باللارچە بىر خىل خىجىللىق ئىچىدە قالغان، كېيىن ئۇچىلىسى چۈچۈپ پاتىپاراق بولۇشۇپ كەتكەندە ئىچ ـ ئىچىدىن كۈلۈپ كەتكەنىدى، ئۇنىڭ بۇ ساددا كۈلكىسىگە قاراپ لېۋىنمۇ كۈلۈپ كەتتى.

ئۇلار دائىرىسى ناھايىتى چوڭ بىر سازلىققا يېتىپ كەلدى، بۇ يەردە ئوۋ قىلىشقا نۇرغۇن ۋاقىت كېتەتتى، شۇڭا لېۋىن ئۇلارنى ھارۋىدىن چۈشمەسلىككە كۈندۈرمەكچى بولۇۋىدى، ۋېسلوۋسكىي ئالدىراپ كېتىپ ئۇنىڭدىن ھارۋىنى توختىتىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرىۋالدى. سازلىق چوڭ بولغىنى بىلەن، ئوۋ قىلىدىغان دائىرە تار بولغاچقا، لېۋىن كەڭ قورساقلىق قىلىپ ھارۋىنىڭ يېنىدا قالدى.

كراك ھارۋا توختىشى بىلەن تەڭ سازلىقتىكى بىر دۆڭگە ئۆزىنى ئاتتى. ۋېسلوۋسكىي ئىتنىڭ كەينىدىن بىرىنچى بولۇپ ماڭدى. ئوبلونسكىي كېلەر ـ كەلمەيلا بىر چوڭ لايخورەك ياتقان

يېرىدىن پۈررىدە قىلىپ ئۈچۈپ چىققانىدى، ۋېسلوۋسكىي ئوق ئۈزۈپ تەگكۈزەلمەي، ئۇ لايخورەك چۆپى چېپىلمىغان يايلاق تەرەپكە قاراپ ئۈچۈپ كەتتى. لېكىن، ۋېسلوۋسكىي ئۇنى بوش قويۇۋەتمەي، كەينىدىن يەنە بىر قېتىم ئېتىپ چۈشۈرۈۋالدى، كراك ئۈچقاندەك يۈگۈرۈپ بېرىپ ئوق تەگكەن چوڭ لايخورەكنى چىشلەپ ئېلىپ كەلدى، شۇندىلا ۋېسلوۋسكىي هارۋىلار تۇرغان يەرگە قايتىپ كەلدى.

— ئەمدى سىز بېرىڭ، ئاتلارغا مەن قاراپ تۇراي، — دېدى ئۇ لېۋىنغا.

لېۋىن ئوۋچىلاردا بولىدىغان كۆرەلمەسلىكنىڭ ئوتىدا پۇچىلىنىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپلا، ئاتنىڭ بوجىسىنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ سازلىق تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

خېلىدىن بېرى بۇ ئادالەتسىز مۇئامىلە ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ غىڭشىپ تۇرغان لاسكا لېۋىنغا ناهايىتى تونۇش، كراك يەقەتلا بېرىپ باقمىغان بىر دۆڭگە قاراپ ئۈچقاندەك چاپتى.

— سەن نېمىشقا ئۇنى تۇتۇۋالمايسەن؟ — دېدى ئوبلونسكىي لېۋىنغا.

— ئۇ قۇشلارنى هەرگىز چۆچۈتۈۋەتمەيدۇ، — دېدى لېۋىن ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ. ئاندىن ئىتىدىن پەخىرلەنگەن هالدا ئۇنىڭ كەينىدىن ئالدىراپ مېڭىپ كەتتى.

ئۆزى بىلىدىغان جايلارغا يېقىنلاشقانسېرى، لاسكانىڭ هەرىكىتى ئاستىلاپ شۇنچىلىك ئېھتىيات بىلەن كېتىۋاتاتتى. بىر چاغدا بىردىنلا بىر كىچىك قۇشقا دىققىتى بۆلۈنۈپ، دۆڭنىڭ ئەتراپىنى بىر ئايلىنىپ چىقتى، ئىككىنچى قېتىم ئايلىنىۋاتقاندا تۇيۇقسىز پۈتۈن بەدىنىگە تىترەك ئولىشىپ جايىدا توختاپ قالدى.

— ستىۋا، بۇياققا كەل! تېز بول! — دەپ توۋلىدى لېۋىن. ئۇنىڭ يۈرىكى نېمىشقىدۇر قاتتىق سوقۇپ كېتىۋاتاتتى. تۇيۇقسىز، قۇلىقىنى توسۇپ تۇرغان بىر پەردە ئېلىپ

تاشلانغاندەك، يىراق ـ يېقىندىن كېلىۋاتقان ھەر خىل ئاۋازلار قۇلىقىغا گاژىلداپ ئاڭلىنىشقا باشلاپ، ئۇنى ئويدانلا قورقۇنچقا سالدى. ئۇ ئوبلونسكىينىڭ ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ، يىراقتىن ئاڭلىنىۋاتقان ئاتنىڭ تۇياق ئاۋازىمىكىن دەپ قالدى، ئايىغى ئاستىدىكى كىچىك بىر دۆمبەلچەكنىڭ بىر چېتىنى دەسسىۋېلىپ، ئۇ يەر گۈمۈرۈلۈپ چۈشكەندە چىققان ئاۋازنى چوڭ لايخورەكنىڭ قانات قېقىپ ئۇچۇۋاتقان ئاۋازىغا ئوخشاتتى. ئۇ يەنە ئارقا تەرىپىدىكى سۇدا بىر نەرسىنىڭ پالاقلىغىنىنى ئاڭلىدى، ئەمما ئۇنىڭ نېمە نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدى.

لېۋىن پۇتىنى قويىدىغان يەرنى تاللاپ تۇرۇپ ئىت تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

— ئۇنى تۇتۇۋال!

ئىتنىڭ ئالدىدىن ئۇچۇپ چىققىنى چوڭ لايخورەك ئەمەس، تاغ لايخورىكى ئىدى. لېۋىن مىلتىقىنى كۆتۈرۈپ ئۇنى ئەمدىلا قارىغا ئالاي دەپ تۇراتتى، ھېلىقى پالاقلىغان ئاۋاز بارغانسېرى كۈچىيىپ يېقىنلاپ كەلدى، ئۇنىڭغا ۋېسلوۋسكىينىڭ چىرقىراق ئاۋازىمۇ ئارىلىشىپ كەتكەندى. لېۋىن ئۇنىڭ لايخورەكنى قارىغا ئېلىشتا كېچىكىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ تۇردى، شۇنداق بولسىمۇ ئوق چىقاردى.

لېۋىن ئۇنىڭ ئوقنى تەگكۈزەلمىگەنلىكىنى شۇئان بىلدى. ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ، ئاتلار بىلەن ھارۋىنىڭ يولدا ئەمەس، سازلىقتا پېتىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

ۋېسلوۋسكىي ئۇلارنىڭ قانداق ئاتىدىغانلىقىنى كۆرىمەن دەپ ھارۋىنى سازلىققا ھەيدەپ كېلىپ، ئىككى ئات بىلەن ھارۋىنى سازلىققا پاتۇرۇپ قويغانىدى.

«ھۇ، ئۆلگۈر!» لېۋىن ئۇنى ئىچىدە تىللىغاچ، ھارۋا پېتىپ قالغان يەرگە قاراپ ماڭدى.

— ھارۋىنى بۇ يەرگە نېمىدەپ ھەيدەپ كەلدىڭىز؟ — دېدى ئۇ سەل توڭلۇق قىلىپ. ئاندىن ھارۋىكەشنى چاقىرىپ، بىر

ئاماللارنى قىلىپ ئاتلارنى پاتقاقتىن تارتىپ چىقىرىۋالدى.
لېۋىننىڭ ئۆز ئۆۋلىشىغا كاشىلا قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا ئاچچىقى كەلگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاتلارنى پاتقاقتا پاتۇرۇپ قويۇپ ئۇنىڭغا بىرمۇنچە ئىش تېپىپ بەرگەن، يەنە تېخى ئۇنىڭ ئاتلارنى سازلىقتىن چىقىرىشى، جابدۇقلىرىنى ئۈستىدىن ئېلىشلىرىغا بىرى بولسىمۇ كېلىپ ياردەملەشمىگەنىدى، ئۇلار ياردەملىشەي دېسىمۇ ياردەملىشەلمەيتتى، چۈنكى ئىككىلىسىنىڭ قولىدىن ھېچنېمە كەلمەيتتى. ۋېسلوۋسكىينىڭ ئۇنى ئىشەندۈرمەكچى بولۇپ ئېيتقان، بۇ يەرنى قۇرۇق قىمىكىن دەپ ھەيدەپ كەپتىمەن، دېگەن گېپىگە لېۋىن جاۋاب قايتۇرماي، ھارۋىكەش بىلەن بىللە ئاتلارنى پاتقاقتىن چىقىرىۋېلىش بىلەن بولدى. ئۇلار شۇ ئىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتكەن ئارىلىقتا، ۋېسلوۋسكىي ئۇلارغا ياردەملىشىمەن دەپ ھارۋىنىڭ بىر يېرىنى كۆچەپ تارتىپ سۇندۇرۇۋەتتى. لېۋىن بايا تونۇگۈنكى ئاچچىقى بىلەن ئۇنىڭغا سوغۇق مۇئامىلە قىلىپ قويغىنى ئۈچۈن ئۆزىنى كايىپ تۇراتتى، ئۈستىلەپ بۇ ئىش بولغاندا، ئۆزىنىڭ شۇ يامان مۇئامىلىسىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش مەقسىتىدە ئۇنىڭغا ئالاھىدە ياخشى مۇئامىلە قىلدى. ھارۋا بىلەن ئاتلار تارتىپ چىقىرىلىپ ھەممە ئىش تەخ بولغاندا، لېۋىن ئۇلارغا تاماق يەۋالايلى، دېدى.

*— كىمكى ۋىجدانلىق ئىنسان بولسا، شۇنىڭ ئىشتىھاسى ياخشىدۇر*
*شۇنچە! بۇ چۈجە كىرىپ قورسىقىمغا، ئايلانغۇسى شۇ دەم قان ۋە*
*گۆشكە،* — كەيپى كۆتۈرۈلۈپ قالغان ۋېسلوۋسكىي ئىككىنچى چۈجىنىڭ گۆشىنى يەپ بولۇپ، فرانسۇزلارنىڭ بۇ چاقچىقىنى سۆزلەپ قويدى، — ئۇھ، بالا - قازادىن ئاخىر قۇتۇلدۇق، ئەمدىكى ئىشلىرىمىز ئوڭۇشلۇق بولغۇسى. قىلغان گۇناھىم ئۈچۈن ھارۋىنى مەن ھەيدەي. شۇنداق قىلغىنىم توغرىدۇ؟ شۇنداقمۇ؟ ياق، ياق. مەن ئەڭ ئۇستا ھارۋىكەش. مەن سىلەرنى كۆزلىگەن يەرگە قانداق ئېلىپ بارىمەنكىن، كۆرىسىلەر، —

لېۋىن ئۇنىڭغا ھارۋا ھەيدەشنى ھارۋىكەشكە قويۇپ بېرىشنى ئېيتقانىدى، ئۇ بوجىنى مەھكەم تۇتۇۋېلىپ، — ياق، مەن خىزمەت كۆرسىتىپ گۇناھىمنى يۇيۇشۇم كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھارۋىكەشنىڭ ئورنىدا ئولتۇرسا ئادەم بىر خىل لىرىك تۇيغۇغا كېلىپ قالىدىكەن، — دېدى.

لېۋىن ئۇنى ئاتلارنى، بولۇپمۇ سول تەرەپتىكى ياندىق جەرەن ئاتنى قانداق باشقۇرۇپ مېڭىشنى بىلمەي زورۇقتۇرۇپ قويارمىكىن، دەپ ئەنسىرىگەنىدى، لېكىن بىلىپ - بىلمەيلا ئۇنىڭ خۇشال كەيپىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ جىملا بولدى. ۋېسلوۋسكىي يول بويى لىرىك ناخشىلارنى ئېيتىپ، ئىنگلىزلارنىڭ *ھارۋىنى قانداق ھەيدەيدىغانلىقىنى*① دوراپ ماڭدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار گۇۋزدېيېۋاغا كۈن قايرىلغاندا خۇشال - خۇرام يېتىپ كەلدى.

## 10

ۋېسلوۋسكىي ئاتلارنى ناھايىتى ئىتتىك ھەيدىگەچكە، ئۇلار بۇ سازلىققا دېگەن ۋاقتىدىن بۇرۇن يېتىپ كېلىشكەن، كۈن يەنە ئىسسىق ئىدى.

لېۋىن سازلىققا يېتىپ كېلىپلا ۋېسلوۋسكىي بىلەن بىللە ماڭماسلىقنى، ئۆزى يالغۇز ھەرىكەت قىلسا ئەركىن بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ قالدى. ئوبلونسكىيمۇ شۇ خىيالدىراق ئىدى. لېۋىن ئۇنىڭ چىرايىدىن ئوۋنى باشلاشتىن ئىلگىرى ھەقىقىي ئوۋچىلاردا بولىدىغان جىددىي ھالەتنى ۋە ئۆزىگىلا خاس مۇلايىملىق ۋە خۇش چاقچاقلىقنى كۆردى.

① بۇ سۆزنىڭ ئەسلىسى ئىنگلىزچە.

— قانداق ماڭىمىز؟ بۇ سازلىق بولىدىكەن، مەن ئاسماندا قۇرغۇيلارنىڭ ئايلىنىپ يۈرگەنلىكىنى كۆردۈم، — دېدى ئوبلونسكىي كۆكتە ئۇچۇپ يۈرگەن قۇشلارنى كۆرسىتىپ، — قۇرغۇي بار يەردە ياۋا قۇشلار بولماي قالمايدۇ.

— ئەپەندىلەر، — دېدى لېۋىن ئۆتۈكىنىڭ قونچىنى تارتىپ ۋە بەتلەنگەن ئوقنىڭ پىستانىغا قاراپ قويۇپ سەل خاپا چىرايدا، — ئەنە ئاۋۇ پىچانلىقنى كۆردۈڭلارمۇ؟ — ئۇ ئالدى تەرەپتىكى دەريانىڭ ئوڭ تەرىپىدە قارىيىپ ياتقان، يېرىمى ئورۇۋېلىنغان چۆپلۈكنى كۆرسەتتى. ئۇ يەردە سۇس يېشىل بىر ئارال كۆرۈنۈپ تۇراتتى، — سازلىق ئەنە شۇ يەردىن باشلىنىپ بىزنىڭ بۇ يەرگىچە كېلىدۇ. سازلىقنىڭ ئۇ تەرىپى قويۇق يېشىللىق، كۆرۈۋاتامسىلەر؟ سازلىق ئۇ يەردىن ئوڭ تەرەپكە قاراپمۇ يېيىلغان. ئۇ تەرەپلەردە يىلقا يايلايدۇ، ئۇ يەرنىڭ چۆپلىرى قويۇق، شۇڭا لايخورەك جىق. شۇ يەرنى چۆرىدەپ، ئاۋۇ كۆرۈنۈپ تۇرغان زىرىقلىقتىن تۈگمەنگىچە بولغان ئارىلىقمۇ سازلىق. دەريانىڭ ئاۋۇ ئەگمىسىنى كۆرۈۋاتامسىلەر؟ ئۇ ئەڭ ياخشى يەر. بىر قېتىم مەن شۇ يەردە ئون يەتتە لايخورەكنى ئېتىۋالغان. بىز بىردىن ئىتنى ئېلىپ بۆلۈنۈپ ماڭايلى، تۈگمەندە ئۇچرىشىمىز.

— قايسىمىز ئوڭ ياققا، قايسىمىز سول ياققا ماڭىمىز؟ — سورىدى ئوبلونسكىي، — ئوڭ تەرەپ كەڭرىدەك قىلىدۇ، ئىككىڭلار شۇ ياققا مېڭىڭلار، مەن سول تەرەپكە ماڭاي، — دېدى ئۇ ھېچنېمىنى ئويلىمىغاندەك ئىختىيارىي گەپ قىلىپ.

— ياخشى بولدى! بىز چوقۇم ئۇنىڭدىن كۆپ ئېتىۋالىمىز. بوپتۇ، يۈرۈڭ. كەتتۇق، كەتتۇق! — دېدى ۋېسلوۋسكىي دەررۇ قوشۇلۇپ.

لېۋىن ئامالسىز قوشۇلۇپ ئوبلونسكىيدىن ئايرىلدى.

سازلىققا كىرگەن ھامان ئىككى ئىت كۆكۈچ كۆرۈنۈپ تۇرغان كۆلگە قاراپ ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كەتتى. لېۋىن لاسكانىڭ

ئېھتىيات ھەم ئىككىلىنىپ،ەك قوش ئىزدەيدىغان مىجەزىنى ئوبدان بىلەتتى. ئىتلار كېتىۋاتقان تەرەپمۇ ئۇنىڭغا تونۇشلۇق ئىدى، شۇڭا ئۇ يەردە بىر توپ لايخورەك ئۇچراپ قالسىكەن، دېگەن ئارزۇمۇ ئۇنىڭدا يوق ئەمەس ئىدى.

— ۋېسلوۋسكىي، مەن بىلەن قاتارلىشىپ مېڭىڭ، قاتارلىشىپ مېڭىڭ! — دېدى ئۇ كەينىدىن سۇنى شالاقشىتىپ كېچىپ كېلىۋاتقان ۋېسلوۋسكىيغا. كولېن سازلىقىدا ئۇنىڭ مىلتىقىدىن ئوق چىقىپ كەتكەنىدىن بېرى لېۋىن ئۇنىڭ مىلتىقىنىڭ ئۇچىنىڭ قاياققا قاراپ تۇرۇۋاتقانلىقىغا بەكمۇ دىققەت قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

— ياق، مەن سىزگە كاشىلا قىلمايمەن، مەندىن ئەنسىرىمەڭ.

لېكىن، لېۋىن يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى خوتۇنىنىڭ ئۆزىگە: «بەكمۇ دىققەت قىلىڭ، ئوقىڭىز باشقىلارغا تېگىپ كېتىدىغان ئىش بولۇپ قالمىسۇن» دېگەن گېپىنى ئىختىيارسىز ئەسلەپ قالدى. ئىتلار نىشانغا يېقىنلاشقانسېرى بىر - بىرىدىن قىزغىنىپ، ئاخىر چىدىمىغاندەك ئىككى تەرەپكە بۆلۈنۈپ يۈگۈرۈپ كەتتى. لېۋىننىڭ پۈتۈن خىيالى لايخورەكتە قالغاچقىمۇ، پۈتلىرىنى پاتقاقتىن تارتقاندا چىققان ئاۋازىمۇ ئۇنىڭغا لايخورەكنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاش ئاڭلىنىپ، دەررۇ مىلتىقىنىڭ پاينىكىنى مەيدىسىگە تىرەپ، ئاتىدىغاندەكلا قىلىپ قالاتتى.

بىردىنلا، لېۋىننىڭ قۇلاق تۈۋىدە «پاڭ! پوڭ!» قىلغان ئوق ئاۋازى ياڭراپ كەتتى. ۋېسلوۋسكىي ئاسماندا ئايلىنىپ يۈرگەن ياۋا ئۆردەكلەرنى ئاتقانىكەن، ئۇ ئاتقاندا ئۇ ئۆردەكلەر باش ئۈستىگە كەلمىگەن، تېخى يىراقتا ئىدى. لېۋىن بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ بولغۇچە نەدىندۇر بىر يەردىن «پۈررىدە» قىلىپ بىر لايخورەك ئۇچۇپ چىقتى. ئارقىدىن ئىككىنچىسى، ئۈچىنچىسى ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى، جەمئىي سەككىز ئىدى.

بىر لايخورەك ھېلى ئوڭغا، ھېلى سولغا ئۇچۇپ يۈرگەنىدى،

ئوبلونسكىي بىر پاي ئوق بىلەن ئۇنى ئېتىپ چۈشۈرۈۋالدى. ئۇ لايخورەك خۇددى ئاسماندىن چۈشۈۋاتقان تاشتەك ناھايىتى ئىتتىك چۈشتى. ئوبلونسكىي پىچانلىقتا پەس ئۇچۇپ كېتىۋاتقان يەنە بىر لايخورەكنى ئالدىرىماي تۇرۇپ قارىغا ئېلىپ، ئۇنىمۇ بىر پاي ئوق بىلەن ئېتىپ چۈشۈردى. ئۇ لايخورەك ئۆلمىگەنىدى، چۆپى ئورۇلۇپ بولغان يەردىن چىقىپ، ئوق تەگمىگەن ئاق قانىتىنى پالاقشىتىپ جان تالىشىشقا باشلىدى.

لېۋىننىڭ ئىشى تازا ئوڭغا تارتمايۋاتاتتى، تۇنجى لايخورەككە ئاتقان ئوقى بەك يېقىندىن ئېتىلغان بولغاچقىمۇ، تەگمەي قالدى. ئۇ لايخورەك ئىككىنچى قېتىم ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەندە يەنە ئاتماقچى بولۇپ قارىغا ئېلىپ تۇرغاننىڭ ئارىلىقىدا، پۇتىنىڭ ئاستىدىن يەنە بىرى «پۇررىدە» ئۇچۇپ چىقىپ، نەتىجىدە دىققىتى چېچىلىپ كېتىپ ئوقنى يەنە تەگكۈزەلمىدى.

ئۇلار مىلتىقلىرىغا ئوق سېلىۋاتقان ئارىلىقتا يەنە بىر لايخورەك ئۇچۇپ چىققانىدى، ۋېسلوۋسكىي ئوق سېلىشنى تېزلىتىپ، سۇنىڭ يۈزىنى بويلىتىپ ئىككى پاي ئوق ئۈزدى. ئۆزى ئېتىۋالغان ئىككى لايخورەكنى كۆتۈرۈۋالغان ئوبلونسكىي مەغرۇر كۈلۈپ قويۇپ لېۋىنغا لەپپىدە بىر قاراپ قويدى.

— ياخشى، ئەمدى بۆلۈنۈپ ماڭايلى، — دېدى ئوبلونسكىي. ئاندىن سول پۇتى سەل ئاقسىغان ھالدا، قولىدا مىلتىقى، ئىتقا قاراپ ئىسقىرتىپ قويۇپ، سول تەرەپكە قاراپ مېڭىپ كەتتى. لېۋىن ۋېسلوۋسكىي بىلەن ئوڭ تەرەپكە ماڭدى.

لېۋىننىڭ بىر ئادىتى، دەسلەپتە بىرنەچچە پاي ئوقتا تەگكۈزەلمەيلا قالسا، ئاچچىقى كېلىپ، تېرىكىپ، كەچكىچە تۈزۈك بىر نەرسە ئوۋلىيالمايتتى. بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى. قۇشلار كۆپ ئىدى، ئىتلار بىلەن ئوۋچىلارنىڭ ئايىغى ئاستىدىن ئۇچۇپ چىقىپ تۇراتتى، ئۆزىنى توختىتىپ تۇرۇپ ئاتسا تامامەن تەگكۈزەلەيتتى. لېكىن، ۋېسلوۋسكىينىڭ ئالدىدا قانچە قېتىم

ئاتسا شۇنچە قېتىم يۈزى چۈشۈپ كېتىدىغاندەك ئويلاپ تۈزۈك ئاتالمايۋاتاتتى. ۋېسلوۋسكىي بولسا، قوشلار ئېتىش دائىرىسىدىمۇ، ئەمەس، كارى يوق، كەيپى چاغ، ئېتىۋەردى. نەتىجىدە، ئۇمۇ بىرنىمۇ ئېتىپ چۈشۈرەلمىدى، ئەمما ئۇ بۇنىڭلىق بىلەن روھىنى چۈشۈرمىدى، ھېچ ئىش بولمىغاندەك خۇشال كېتىۋەردى، نومۇس قىلىپمۇ كەتمىدى. ئەكسىچە، لېۋىن ھودۇقۇپ، ئۆزىنى باسالماي، بارغانسېرى تىتىلداپ كېتىۋاتاتتى، توختىماي ئېتىۋاتقان بولسىمۇ، كۆڭلىدە بىرنى بولسىمۇ ئېتىپ چۈشۈرۈۋېلىشتىن ئۈمىدى يوق ئىدى. لاسكامۇ ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىپ قالغاندەك، بارغانسېرى قوش ئىزدەش قىزغىنلىقى سوۋۇپ قېلىپ، ئوۋچىلارغا پات - پات گۇمان ۋە ئەيىبلەش نەزىرى بىلەن قاراپ قويىدىغان بولۇپ قالدى. ئوق ئۈزۈلمەي ئېتىلىپ تۇرۇۋاتقان، ئەتراپنى مىلتىق دورىسىنىڭ ئىسى بىر ئالغان بولسىمۇ، ئىككىسىنىڭ يوغان خالتىلىرىدا تېخىچە ئۈچلا لايخورەك بار ئىدى. ئۇنىڭ بىرىنى لېۋىن، بىرىنى ۋېسلوۋسكىي ئېتىۋالغان، يەنە بىرىگە ئىككىسىنىڭ ئوقى تەڭلا تېگىپ يەرگە چۈشكەنىدى. ئەمما، سازلىقنىڭ ئۇ تەرىپىدە بىر خىلدا ئېتىلىپ تۇرۇۋاتقان ئوق ئاۋازلىرى ئۈزۈلمەي ئاڭلىنىپ تۇرۇۋاتاتتى، بۇ ناھايىتى قائىدىلىك ئېتىلىۋاتقان ئوقلارنىڭ ئاۋازى ئىدى، ئوق ئاۋازى بىلەن تەڭلا: كراك، كراك ! چاپسان بول، ئۇنى ئېلىپ كەل !» دېگەن ئاۋازمۇ ئاڭلىناتتى.

بۇ ئەھۋال لېۋىننى تېخىمۇ بەك جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى. لايخورەكلەر توپ - توپى بىلەن سازلىق ئۈستىدە ئۈچۈپ يۈرەتتى، يەردىكى ۋىچىرلاشلار بىلەن ئاسماندىكى غاقىلداشلار بىر - بىرىگە جور بولۇپ ئەتراپنى بىر ئالغانىدى. توپ - توپ تاغ لايخورەكلىرى ئاسمانغا چىقىپ بىردەم ئايلىنىۋەتكەندىن كېيىن يەنە سازلىققا ئۈچۈپ چۈشەتتى. ئاسماندا لاچىنلارمۇ بىر - ئىككى ئەمەس، بىرنەچچە ئۇنغا يەتكەنىدى.

لېۋىن بىلەن ۋېسلوۋسكىي سازلىقنىڭ يېرىمىدىن كۆپ يېرىنى ئايلىنىپ، بىر چاغدا دېھقانلارنىڭ چۆپلۈكىگە چىقىپ قالدى. بۇ چۆپلۈكلەر ئۇزۇن كېسەكلەر بويىچە بۆلۈنگەن، چېگرىلىرى تولا دەسسىلىپ چىقىپ قالغان يالغۇز ئاياغ يوللار، ئورۇلغان سوللار بىلەن ئايرىلىپ تۇراتتى، پۈتۈن چۆپلۈكنىڭ يېرىمى چېپىلىپ بولغانىدى.

چۆپى چېپىلمىغان يەرلەردە چۆپى چېپىلغان يەرلەرگە قارىغاندا لايىخورەك كۆپ دەپ كەتكىلىمۇ بولمايتتى. لېكىن، لېۋىن ئوبلونسكىيغا ئۇچرىشىدىغان جايىنى دەپ قويغان بولغاچقا، شېرىكىنى باشلاپ، چۆپى ئورۇلغان، ئورۇلمىغان يەرلىرنى ئوخشاش كېزىپ يولىنى داۋام قىلىۋەردى.

— ھەي، ئوۋچى ئەپەندىلەر! — دەپ ۋارقىرىدى ئاتلىرى چىقىرىۋېتىلگەن ھارۋىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان بىر دېھقان، — كېلىپ بىزنىڭ غىزالىرىمىزغا، ۋىنولىرىمىزغا ئېغىز تېگىڭلار!

لېۋىن كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىدى.

— كېلىڭلار، ھېچ گەپ يوق! — دەپ توۋلىدى ساقاللىق، مەڭزىلىرى قىزىرىپ تۇرغان، كۆلكىدىن ئېچىلىپ قالغان ئاغزىدىكى چىشلىرى يالتىراپ تۇرغان بىر دېھقان قولىدىكى كۆن نۇرىدا پارقىراپ تۇرغان شارابدانىنى پۇلاڭلىتىپ تۇرۇپ.

— *ئۇ نېمە دەۋاتىدۇ؟* — دەپ فرانسۇزچە سورىدى ۋېسلوۋسكىي لېۋىندىن.

— يېنىمىزغا كېلىپ ۋوتكا ئىچىڭلار، دەۋاتىدۇ. قارىغاندا، ئوتلاقلىرىنى بۆلۈشۈپ بولغان ئوخشايدۇ. مېنىڭ بېرىپ بىر رومكا ئىچىپ كەلگۈم بار، — دېدى لېۋىن ئەتەي ۋېسلوۋسكىينى ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ ۋوتكا ئىچىپ كېلىشكە قىزىقتۇرۇپ.

— ئۇلار نېمە ئۈچۈن بىزنى مېھمان قىلماقچى؟

— ھېچنېمە ئۈچۈن ئەمەس، بىردەم بولسىمۇ پاراڭلىشىپ

خۇشـال ئولتۇرايـلى دەيدىغـاندۇ. قانداق، بـارامسىز؟ بـارسىڭـىز كۆڭلىڭىز ئېچىلىپ قالىدۇ.

— *بوپتۇ، بىرىپ باقايلى، بۇمۇ بىر قىزىق ئىش ئىكەن.*

— سىز بىـرىڭ، بىـرىـڭ. تۇگـمـەنگە بـارىـدىغان يـولـنـى تـاپالايسىـز، — دەپ تووۋلىدى لېۋىن. بىـر چاغدا ئۇ كـەيىنـگـە قايرىلىپ، ۋېسلوۋسكىينىڭ بەللىرى ئېگىلىپ، دەرمانى قاچقـان پۇتلىرى ماڭدامـدا بىر پۇتـلىشـىـپ، قولىدا مـىلتـىق، دېھقانـلار ئولتۇرغان يەرگە قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

— كەلدىڭىزمۇ! — دېدى بىر دېھقان ئۇنىڭغا، — قورقماڭ! بىزنىڭ چەلپەكلىرىمىزگە ئېغىز تېگىڭ.

لېۋىننىڭ شۇنداق هـاراق ئىچكۈسى ۋە بىـر پـارچە بولـكـا يەۋالغۇسى بار ئىدى، چارچاپ هالى قالمىغانىدى، بىـر - بىرىگـە چىرمىشىپ كېتىۋاتقان پۇتلىرىنى پاتقاقتىـن ئاران تارتىـپ كېتىۋاتاتتى. بارايمۇ، بارمايمۇ، دەپ ئىككىلىنىپ تۇرغان شـۇ ئارىلىقتا، لاسكا تۇيۇقسىز مىـڭىشتىـن توختـاپ قالدى. ئۇنـى كۆرۈپ لېـۋىننـىـڭ هارغىنلىقلىـرى بىـردىنلا ۋۇجۇدىـدىـن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندەك بولۇپ، پاتقاق كېچىپ ئىتنىڭ كەينىدىـن يۈگۈردى. يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقاندا پۇتىنىڭ تېگىدىن بىر لايخورەك ئۇچۇپ چىقىۋىدى، شۇئان ئۇنى ئېتىپ چۈشۈرۈۋالدى. لېكىـن، ئىت يەنە ماڭماي تۇرۇۋالدى. «ئۇنى ئەكەل!» دەپ ۋارقىـرىـدى لېۋىن. دەل شۇ چاغدا پۇتى ئاستىدىن يەنە بىر لايخورەك ئۇچـۇپ چىقىۋىدى، لېۋىن ئۇنىمۇ ئاتتى. ئەپسۇس، بۇگۇن ئۇنىڭغا نېمـە بولدى، بۇ ئوقى قۇشقـا تەگمىـدى. بايا ئېتىۋالغـان لايخورەكنـى ئىزدەپ ئۇنىمۇ تاپالمىدى، شۇ ئەتراپنىڭ هەمـمە يېرىـگە بېرىـپ ئىـزدىدى، لېكىـن هېچ يـەردىن تېپـىلـمـىـدى، لاسكـامـۇ ئـۇ لايخورەكنىڭ ئۆلگەنلىكىگە ئىشەنمىگەندەك ئورنىدىن مىدىرلىماي تۇراتتى. ئۇنى ئىزدەپ تېپىپ كېلىشكـە مەجبۇرلىۋىدى، لاسكـا ئىزدىگـەن بولۇپ، ئـۇيـەر - بۇيەرگـە بېرىـپ كـەلـدى، لېكـىـن

ھەقىقىي ئىزدىمىدى.

لېۋىن باياتىندىن بېرى لايخورەك ئاتالمىغىنىنى ۋېسلوۋسكىيدىن كۆرگەنىدى، ۋېسلوۋسكىي كەتكەندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ ئەھۋالىدا ھېچقانداق ئىلگىرىلەش بولمىدى. بۇ ئەتراپتا تاغ لايخورەكلىرىمۇ كۆپ ئىدى، لېكىن لېۋىن ئۇرغۇن قېتىم ئېتىپمۇ بىرنى چۈشۈرەلمىدى.

كەچنىڭ ئاپتىپىنىڭمۇ خېلى تەپتى بار ئىدى، لېۋىن تەرلەپ كىيىملىرى بەدىنىگە چاپلىشىپ كەتتى، سول پۇتىدىكى ئۆتۈكنىڭ ئىچىگە لىق سۇ كىرىۋېلىپ، پۇتىنى كۆتۈرۈپ مېڭىش تەس بولدى، ھەربىر قەدەم ماڭغاندا شىلىق - شىلىق ئاۋاز چىقىرىپ تۇراتتى. ئوق دورىسىنىڭ ئىسىدىن قارىداپ كەتكەن يۈزىدىن تەر توختىماي قۇيۇلۇپ تۇراتتى، ئاغزى ئەمەن تېتىيتتى، بۇرنىدىن ئوقنىڭ دورا پۇرىقى، يەنە سازلىقنىڭ قانداقتۇر بىر پۇراقلىرى كەتمەيتتى. قۇلاقلىرىغا تاغ لايخورەكلىرىنىڭ ئاۋازلىرى توختىماي ئاڭلىنىپ تۇراتتى. مىلتىقنىڭ ئىستوۋۇلى تۇتسا قول كۆيگۈدەك قىزىپ كەتكەنىدى. يۈرىكى شۇنچىلىك تېز ۋە جىددىي سوقۇپ كېتىۋاتاتتى، قوللىرى تىترەپ توختىمايتتى. دەرمانسىزلىنىپ كەتكەن پۇتلىرى ھارغىنلىقتىن چۆپ ۋە پاتقاق ئىچىدە بىر - بىرىگە چىرمىشىپ زادىلا ماڭالماي قېلىۋاتاتتى، شۇنداقتىمۇ پۇتلىرىنى سۆرەپ، ئۇچۇپ چىقىۋاتقان لايخورەكلەرنى ئاتقاچ مېڭىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئاخىرقى قېتىممۇ ئېتىپ تەگكۈزەلمەي، مىلتىقى بىلەن شىلەپىسىنى يەرگە چۆرۈۋەتتى.

«ياق، ھوش - كاللاڭنى يىغىۋال، لېۋىن!» ئۇ ئىچىدە شۇنداق دەپ، مىلتىقى بىلەن شىلەپىسىنى يەردىن ئېلىپ، لاسكانى كەينىگە سېلىپ سازلىقتىن چىقىپ، دۆۋىلەپ قويۇلغان چۆپنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۆتۈكىنى سېلىپ ئىچىدىكى سۇنى تۆكۈۋەتتى. ئاندىن كۆلنىڭ يېنىغا بېرىپ لەش پۇراپ تۇرغان سۇدىن ئازراق ئىچتى، قىزىپ تۇرغان مىلتىقىنىڭ ئىستوۋۇلىنى

سۇغا تىقتى، سۇدا يۇز ـ قوللىرىنى يۇدى. شۇندىلا سەل تېتىكلىشىپ قالغاندەك بولۇپ، ئەمدى جىددىيلەشمەيمەن، دېگەن ئىرادە بىلەن تاغ لايخورەكلىرى چۈشىدىغان جايغا قاراپ يول ئالدى.

لېۋىن ئۆزىنى قاتتىق بېسىۋالماقچى ئىدى، لېكىن بولمىدى، لايخورەكنى تولۇق قارىغا ئېلىپ بولمايلا تەپكىنى بېسىۋېتەتتى، نەتىجىدە ئەھۋال بارغانسېرى ئوساللاشتى.

ئاخىر ئۇ سازلىقتىن چىقىپ، ئوبلونسكىي بىلەن ئۇچراشماقچى بولغان ئورمان تەرەپكە قاراپ ماڭدى، خالتىسىدا پەقەت بەشلا لايخورەك بار ئىدى.

ئۇ بىرىنچى بولۇپ ئوبلونسكىينى ئەمەس، ئۇنىڭ ئىتى كراكنى كۆردى. كراك بىر تۈپ دەرەخنىڭ ئوچۇق يىلتىزلىرى ئارىسىدىن چىقىپ كەلدى، پۈتۈن بەدىنى پاتقاقا مىلىنىپ، خۇددى قاپقارا قورۇمنىڭ ئىچىدىن چىققاندەك بولۇپ كەتكەنىدى، ھەممە يېرىدىن سېسىق پۇراق چىقىپ تۇراتتى. ئۇ غالىبلارچە بىرخىل قىياپەت بىلەن كېلىپ لاسكا بىلەن بىر ـ بىرىنى پۇراشتى. ئۇنىڭ كەينىدىنلا دەرەخ سايىسىدىن ئوبلونسكىينىڭ قامەتلىك گەۋدىسى كۆرۈندى. ئۇ چىپ ـ چىپ تەرلەپ، يۈز ـ كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن، كۆڭلىكىنىڭ ئالدىنى ئېچىۋەتكەن، لېۋىنغا قاراپ كەلدى، يەنە شۇنداق ئاقساپ ماڭاتتى.

ــــ ھە، قانداق؟ تازىمۇ جىق ئاتقانسىلەر! ــ دېدى ئۇ خۇشال كۈلۈپ.

ــــ ئۆزۈڭچۇ؟ ــــ دېدى لېۋىن. ئۇنىڭدىن قانچىلىك ئاتتىڭ دەپ سوراشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى، چۈنكى بويىنىغا ئېسىۋالغان يوغان خالتىسى لىق تۇراتتى.

ــــ يامان ئەمەس.

ئۇ لايخورەكتىن ئون تۆتنى ئېتىۋاپتۇ.

ــــ بۇ سازلىق بولىدىكەن! ساڭا ۋېسلوۋسكىي كاشىلا قىلغان بولسا كېرەك، ھە؟ ئىككى ئادەم بىر ئىتنى ئىشلەتسە ئەپسىز

بولىدۇ، — دېدى ئوبلونسكىي بۇ گەپ بىلەن ئۆزىنىڭ كۆرەڭلىكىنى سەل پەسەيتمەكچى بولغاندەك قىلىپ.

# 11

لېۋىن ئوبلونسكىي بىلەن بىللە ئۆزى دائىم كېلىپ تۇرىدىغان ئاشۇ دېھقانىنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە، ۋېسلوۋسكىي ئالللىبۇرۇن كېلىپ ئۇلارنى ساقلاپ ئولتۇرغان، ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىدا، كەينىگە قويۇپ بېرىلگەن ئۆزۈن ئورۇندۇقتا ئىككى جەينىكىنى قويۇپ، ئايال خوجايىنىنىڭ ئىنىسى — ئەسكەرگە لايىغا مىلىنىپ كەتكەن ئۆتۈكىنى تارتقۇزۇۋاتقانىكەن. كۇلكىسى يەنە ئۆزى بىلەن بىللە، قاقاقلاپ كۇلۇپ ئولتۇراتتى.

— مەن يېڭىلا كەلدىم. *بۇلار ئاجايىپ ئادەملەر ئىكەن*. ئۇلار مېنى هاراق هەم يەيدىغان نەرسىلەر بىلەن مېهمان قىلىشتى. بۇلارنىڭ بولكىسى نېمىدېگەن ئېسىل هەم *تەملىك*. ۋوتكىسىچۇ تېخى. مەن ئۆمرۈمدە بۇنداق ئېسىل هاراقنى ئىچىپ باقمىغان. پۇل بەرسەم زادىلا ئالمىدى، «بىزنى يات كۆرمەڭ، بىزنى يات كۆرمەڭ» لا دەيدۇ.

— ئۇلار سىزدىن نېمىشقا پۇل ئالسۇن؟ بۇ ئۇلارنىڭ سىزدەك قىممەتلىك مېهماننى ئۆزلىرى خالاپ مېهمان قىلغىنى. ئۇلارنى سىز هاراق ساتىدۇ، دەپ ئويلاپ قالدىڭىزمۇ؟ — دېدى ئەسكەر. ئۇ ئاخىر ئۇنىڭ پۇتىدىن پاتقاقتا مىلىنىپ، سۇدا هۆل بولۇپ مىچچىدە بولۇپ كەتكەن ئۆتۈكىنى تارتىۋالدى.

ئۆينىڭ ئىچى ئوۋچىلارنىڭ مەينەت ئۆتۈكلىرى ۋە بەدىنىنى يالاپ تۇرۇشقان ئىتلارنىڭ كۆز بىلەن كۆرگۈسىز بولۇپ كەتكەن قاپقارا لاي بەدەنلىرىدىن چىقىۋاتقان بەتبۇي پۇراق ۋە ئۇلارنىڭ هەممە نېمىسىدىن كېلىۋاتقان سازلىقنىڭ، ئوقنىڭ پۇراقلىرى

قوشۇلۇپ تىنغۇسىز دەرىجىدە پۈراپ كەتكەنىدى. ئۇۋچىلار قوشۇق ـ ۋېلكىلار بولمىسىمۇ كەچلىك تاماقنى مەززە قىلىپ يېيىشتى، چاي ئىچىشتى. بۇنداق پەۋقۇلئاددە غىزالىنىش پەقەت ئوۋغا چىققان چاغلاردىلا بولاتتى. ئۇلار باش ـ كۆزلىرىنى يۇيۇپ تازىلىنىۋالغاندىن كېيىن، پاكىز تازىلاپ قويۇلغان لەمپىگە كىرىپ يېتىشتى. ھارۇكەش ئۇلارغا شۇ يەرگە ئورۇن راسلاپ قويغانىدى.

قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى، لېكىن ئۇلار ئۇخلايدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

ئۇلار ئوۋچىلىق، ئوۋ ئىتلىرى ۋە ئوۋ ئوۋلاشتا يۈز بەرگەن قىزىق ۋەقەلەر توغرىلۇق نۇرغۇن سۆزلىشىپ، ئاخىرىدا ئۇچىلىسى ئۆزلىرى كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىشلار ھەققىدە پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. ۋېسلوۋسكىي لەمپىدە ئوت ـ چۆپلەرنىڭ پۇرىقىنى پۇراپ ئۇخلاشنىڭ قانچىلىك مەنىلىكلىكى، ئەبجەق ھارۋىنىڭ (ئۇ ئالدى چاقىنى ئېلىۋەتكەن ھارۋىنى ئەبجەق ھارۋا دەۋالغانىدى) ئۆزگىچىلىكى، ئۆزىنى ۋوتكا بىلەن مېھمان قىلغان دېھقاننىڭ مەردلىكى، مېھماندوستلۇقى ۋە ئاياغلىرى ئاستىدا سوُنايلىنىپ ياتقان ئىتلارنىڭ ئىگىلىرىگە سادىقلىقى توغرۇلۇق جىق پاراڭلارنى قىلدى. ئوبلونسكىي ئۆتكەن يىلى يازدا مالتۇسنىڭكىگە ئوۋ ئوۋلىغىلى بارغان چاغدا بولغان قىزىق ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى. مالتۇس مەشھۇر تۆمۈريول پادىشاھى ئىدى. ئوبلونسكىي ئۇنىڭ تۇۋېر ئۆلكىسىدىن ناھايىتى ياخشى بىر سازلىقنى ئىجارىگە ئالغانلىقىنى، سازلىقنى ناھايىتى ئوبدان ئاسرىغانلىقىنى، ئوۋچىلار بىلەن ئىتلارغا ئايرىم ھارۋا تەييارلىغانلىقىنى، سازلىقنىڭ چېتىگە ئوۋچىلارنىڭ ناشتا قىلىۋېلىشلىرى ئۈچۈن ئاجايىپ كۆركەم چېدىرلارنى تىكىۋەتكەنلىكىنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كەتتى.

— مەن سىنى چۈشىنەلمىدىم، ستىۋا، — دېدى لېۋىن ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ، — سەن ئاشۇنداق ئادەملەر بىلەن بىللە بولۇشتىن بىزار بولمامسەن؟ ئادەم ناشتىغا بىر رومكا ۋىنو ئىچىۋالسا بولىدى، ئۆزىنى شۇنداق تېتىك سېزىدۇ، شۇنىڭغىمۇ شۇنچىلا ھەشەمەتچىلىك كېتەمدۇ؟ ئۇنىڭ شۇ ئىشىدىنمۇ نەپرەتلەنمىدىڭمۇ؟ بۇ ئادەملەرمۇ ئىلگىرىكى ھاراق سودىگەرلىرىگە ئوخشاش ھارامدىن باي بولۇشقان، ئۇلاردىن ھەممە ئادەم نەپرەتلىنىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ پەرۋايى پەلەك، يەنە تېخى ھارامدىن كەلگەن شۇ پۇللىرى بىلەن كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئۇتماقچى بولۇشىدۇ.

— نەق شۇنداق، — دېدى ۋېسلوۋسكىي، — پۈتۈنلەي توغرا. ئەلۋەتتە، ئوبلونسكىي ئۇنىڭكىگە ياخشى نىيەت بىلەن بارغان، ئەمما كىشىلەر ئۇنداق چۈشەنمەي: «ئۇنىڭكىگە ئوبلونسكىيمۇ بېرىپتۇ» دېيىشىدۇ ...

— بۇ ئىش سىلەر دېگەندەك ئەمەس، — لېۋىن ئوبلونسكىينىڭ بۇ گەپىنى كۈلۈپ كېتىپ، ئاندىن دېگەنلىكىنى ئاڭلىدى، — مەن ئۇنى ھەرقانداق بىر سودىگەر ياكى ئاقسۆڭەكتىن ئۆتە نومۇسسىز ئادەم دەپ ئويلىمايمەن. ئۇنىڭغا ئوخشاش ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ ئەمگىكى ۋە ئەقىل - پاراستىگە تايىنىپ باي بولغان.

— ئۇ شۇنداق، ئەمما ئۇلارنىڭ تايىنىدىغىنى قانداق ئەمگەك؟ يەرلەرنى زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋېلىش، قاراڭغۇ بازارچىلىق قىلىشلارمۇ ئەمگەك ھېسابلىنامدۇ؟

— ئەلۋەتتە، ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا ئوخشاش ئادەملەر بولمىغان بولسا تۆمۈريول نەدە بولاتتى؟ ئۇنىڭ تۆمۈريول ياسىغىنى ئەمگەك ھېسابلانامدۇ؟

— ئۇنداق ئەمگەك دېھقانلار بىلەن ئالىملارنىڭ ئەمگەكلىرىگە ئوخشىمايدۇ.

— ماقۇل، ئۇنىڭغۇ ئەمگەك ھېسابلىماڭلار، ئەمىسە ئۇنىڭ

پائالىيەتلىرىنىڭ مەھسۇلى بولغان تۆمۈريولغا نېمە دەيسەن؟ سېنىڭچە، تۆمۈر يولنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوقمۇ؟

— ياق، بۇ باشقا گەپ. مەن تۆمۈريولنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشىنىمەن، ئەمما، كەتكەن ئەمگەككە لايىق بولمىغان كىرىمنىڭ ھەممىسى توغرا يول بىلەن كەلگەن كىرىملەر ئەمەس.

— خوش، ئۇنىڭ توغرا يول بىلەن كەلگەن - كەلمىگەنلىكىگە كىم ھۆكۈم قىلالايدۇ؟

— ئىشقىلىپ، نامۇۋاپىق ۋاسىتىلەر بىلەن، زورلۇق ۋە ئالدامچىلىقلار بىلەن كەلگەن بايلىقنىڭ ھەممىسى شۇنداق، — لېۋىن توغرا يول بىلەن ناتوغرا يولنىڭ چېگراسىنى دەماللىققا ئايرىۋالالماي قالدى، — مەسىلەن، بانكىنىڭ كىرىمىنى ئالايلى، — دېدى ئۇ سۆزىنى داۋام قىلىپ، — ئۇلار ئەمگەك قىلماي تۇرۇپ زور بايلىققا ئىگە بولىدۇ، بۇ بىر جىنايەت، ئۇلارنىڭ چارىسى ھاراق سودىگەرلىرىنىڭ چارىسىگە ئوخشمايدۇ. فرانسۇزلارنىڭ: «*پادىشاھ ئۆلدى، ياشىسۇن پادىشاھ!*» دېگەن تەمسىلىگە ئوخشاش، ھاراق سودىگەرلىرى يوقىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا تۆمۈريول، بانكا دېگەن نەرسىلەر پەيدا بولدى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەمگەك قىلماي بايلىق يىغىدىغانلار.

— بۇ گەپلىرىڭ بەلكىم توغرىدۇ ھەم خېلى قىزىقارلىق ... يات، كراك! — ئوبلونسكىي تىنماي پۇتى بىلەن بەدىنىنى قاشلاپ تۇرۇۋاتقان ئىتقا ۋارقىرىدى. ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ مەيدانىنىڭ توغرىلىقىغا بولغان ئىشەنچى كۈچلۈك ئىدى، شۇڭا ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئولتۇراتتى، — لېكىن سەن توغرا ئەمگەك بىلەن ناتوغرا ئەمگەكنىڭ چېگراسىنى ئايرىيالمايۋاتىسەن. مېنىڭ مائاشىم بۆلۈم باشلىقىنىڭ مائاشىدىن كۆپ، ئەمما ئۇ كەسپىي ئىشلارغا مەندىن پىششىق، خوش، شۇنداق تۇرۇپ مېنىڭ كۆپ مائاش ئېلىشىم مۇۋاپىقمۇ؟

— بۇنىڭغا بىر نېمە دېيەلمەيمەن.

— ئۇنداق بولسا مەن ساڭا دەپ بېرەي: سەن دېھقانچىلىق

بىلەن شۇغۇللىنىپ يىلىغا بەش مىڭ رۇبلى كىرىم قىلىسەن، بىزنى مېھمان قىلىۋاتقان دېھقان قانچىلىك تىرىشسۇن، يىلىغا ئەللىك رۇبلىمۇ تاپالمايدۇ. بۇمۇ مېنىڭ كىرىمىم بولۇم باشلىقىنىڭكىدىن، مالتۇسنىڭ كىرىمى تۆمۈريول ئىشچىلىرىنىڭكىدىن كۆپ بولغانغا ئوخشاشلا نامۇۋاپىق ئىش. ئەكسىچە، جەمئىيەتتە ئۇ ئادەملەرگە دۈشمەنلىك نەزەردە قارايدىغان ئىشلارنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز. مەن ئويلايمەن، بۇنىڭغا چوقۇم بىر خىل قىزغانچۇقلۇق ئارىلاشقان ...

— ياق، بۇ گېپىڭىز توغرا ئەمەس، — دېدى ۋېسلوۋسكىي، — بۇنى قىزغانچۇقلۇق دېسەك بولمايدۇ، ئازراق غەيرىيلىك دېسىڭىز توغرا بولار.

— ياق، مېنىڭ گېپىمگە قۇلاق سال، — دېدى لېۋىن بايىقى گېپىنى داۋام قىلىپ، — سەن مېنى بەش مىڭ رۇبلى كىرىم قىلىسەن، بۇ دېھقان ئەللىك رۇبلى كىرىم قىلىدۇ، بۇ ئادالەتسىزلىك، دېدىڭ. بۇ گېپىڭ توغرا، راست ئادالەتسىزلىك، بۇنى مەنمۇ ھېس قىلىمەن، ئەمما ...

— راست شۇنداق. نېمە ئۈچۈن بىز ئەمگەك قىلماي تۇرۇپمۇ ئەتىدىن - كەچكىچە ئويناپ - كۈلۈپ، يەپ - ئىچىپ، ئوۋ ئوۋلاپ يۈرەلەيمىز، دېھقانلار يىل بويى ئەمگەكتىن باش كۆتۈرەلمەيدۇ؟ — دېدى ۋېسلوۋسكىي بىردىنلا. ئۇ بۇ مەسىلىنى ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم ھېس قىلغان بولسا كېرەك، سۆزىدە بىر خىل راستچىللىق چىقىپ تۇراتتى.

— گېپىڭ توغرا. سەن بۈگۈن بۇ مەسىلىنى ھېس قىلدىڭ، ئەمما يەرلىرىڭنى ئۇلارغا بېرىۋېتىشنى ھەرگىزمۇ خالىمايسەن، — دېدى ئوبلونسكىي لېۋىنغا قارىتىپ دەۋاتقاندەك قىلىپ.

لېۋىن توي قىلغاندىن كېيىن بۇ ئىككى باجا بىر - بىرى بىلەن ئازراق قارشىلىشىپ قالغاندەك، خۇددى ئىككىمىزدىن

قايسىمىز تۇرمۇشىمىزنى تېخىمۇ ياخشى ئورۇنلاشتۇرىمىزكىن، دەپ رىقابەتكە چۈشۈپ قالغاندەك قىلاتتى. بۇ خىل قارشىلىششىش بۆگۈنكى خۇسۇسىي سۆھبەتتە بەكرەك بىلىنىپ قالدى.

— مەندىن ھېچكىم يەرلىرىڭنى بەرگىن، دەپ سورىغىنى يوق، شۇڭا بەرمەيمەن، بېرىشنى ئويلىغان تەقدىردىمۇ بېرەلمەيمەن، بەرسەممۇ ئالىدىغان ئادەم چىقمايدۇ.

— مانا مۇشۇ دېھقانغا بېرىۋەت، ئۇ ياق دېمەيدۇ.

— بولىدۇ. ئۇنىڭغا قانداق تەرىقىدە بېرىمەن؟ ئۇنىڭ بىلەن يەرنىڭ خېتىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش رەسمىيىتى ئۆتەيمەنمۇ؟

— بۇنىڭغا مەن بىر نېمە دېيەلمەيمەن. لېكىن، يەرگە بولغان ھوقۇقۇڭنىڭ يوقلۇقىغا ئىشەنسەڭ ...

— ئۇنىڭغا ھەرگىز ئىشەنمەيمەن. ئەكسىچە، يېرىمنى بىراۋغا بېرىۋېتىشكە ھەققىم يوق دەپ ئويلايمەن، چۈنكى يېرىمگە، ئائىلەمگە مەسئۇلىيىتىم بار - دە، مېنىڭ.

— توختا، گېپىمنى ئاڭلا، ئەگەر سەن بۇ خىل ئادالەتسىزلىكنى مۇۋاپىق ئەمەس دەپ ئويلىساڭ، ئەمىسە نېمىشقا ئۇنىڭغا تەدبىر قوللانمايسەن ...

— تەدبىر قوللىنىۋاتىمەن، ئەمما ئۇ پاسسىپ تەدبىر، ئامال بار ئۇلار بىلەن بولغان پەرقىمنى چوڭايتىۋەتمەسلىككە تىرىشىۋاتىمەن.

— ياق، مېنى كەچۈر، بۇ غەلىتىلا بىر گەپ بولدى.

— توغرا دەيسىز، گەپ تاپالماي قالغاندا قىلغان گەپتەك گەپ بولدى، — دېدى ۋېسلوۋسكىي ئۇنىڭ گېپىنى ماقۇللاپ، — ھەي، خوجايىن، — دېدى ئۇ يەنە ئىشىكنى غىچىلدىتىپ ئېچىۋاتقان دېھقانغا، — تېخىچە ئۇخلىمىدىڭمۇ، نېمە؟

— ياق، ئۇيقۇ كېلىدىغاندەك ئەمەس. بەگلىرىمنى ئۇخلاپ قالدىمىكىن دېسەم، پارىڭلار ئاڭلىنىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەردە بىر ئىلگەك بار ئىدى، شۇنى ئالاي دەپ كىردىم. بۇ ئىتلار چىشلىمەيدىغاندۇ؟ — ئۇ شۇ گەپتىن كېيىنلا يالاڭ ئاياغ

پۇتلىرى بىلەن ئاۋايلاپ دەسسەپ كىرىپ كەلدى.
— نەدە ئۇخلىدىڭ؟
— بىز كېچىسى ئات باقىمىز.
— پاھ، قانداق چىرايلىق كېچە ـ ھە ! — دېدى ۋېسلوۋسكىي كەڭ ئېچىپ قويۇلغان ئىشىكتىن قاراڭغۇدا كۆرۈنۈپ تۇرغان دېھقان ئۆيىنىڭ بىر بۇرجىكى بىلەن ئاتلىرى چىقىرىۋېتىلگەن ھارۋىلارغا قاراپ تۇرۇپ، — ئاڭلاۋاتامسىلەر، خوتۇنلار ناخشا ئېيتىۋاتىدۇ. راستىنى دېسەم، ناخشىنى يامان ئەمەس ئېيتىدىكەن، ناخشا ئېيتىۋاتقانلار كىملەر، ئۆي ئىگىلىرىمۇ؟
— چۆرە قىزلار ئېيتىشىۋاتىدۇ، يېقىنلا بىر يەردە.
— يۈرۈڭلار، ئايلىنىپ كېلەيلى، بەرىبىر ئۇخلىيالمىدۇق. ئوبلونسكىي، يۈرۈڭ !
— بارساقمۇ، ياتساقمۇ ئوخشاشلا ئوبدان بولاتتى، — دېدى ئوبلونسكىي ئورنىدا كېرىلىپ يېتىپ، — ئۇنىڭدىن يېتىپ ئۇخلىغان ياخشىراقمۇ نېمە.
— ئۇنداق بولسا ئۆزۈم باراي، — دېدى ۋېسلوۋسكىي ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ ئۆتۈكىنى كىيگەچ، — خەير، جانابلار. ئەگەر ئۇ يەر كۆڭۈللۈك بولسا، سىلەرنى چاقىرغىلى كېلىمەن. سىلەر مېنى قۇش گۆشى بىلەن مېھمان قىلغان، شۇڭا مەنمۇ سىلەرنى ئۇنتۇپ قالمايمەن.
— قانداق ياخشى يىگىت ـ ھە، بۇ؟ — دېدى ئوبلونسكىي ۋېسلوۋسكىي چىقىپ كېتىپ، دېھقان بېرىپ ئىشىكنى ياپقاندا.
— شۇ، قالتىس ياخشى يىگىت ئىكەن، — دېدى لېۋىن بايا پاراڭلاشقان گەپلەر ئۈستىدە ئويلانغاچ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرى بىلەن ھېس قىلغانلىرىنى ئوچۇق چۈشەندۈرۈپ ئۆتتۈم دەپ ئويلىغانىدى، لېكىن بۇ سەممىمىي دوستلىرى ئۇنچىلىك دۆت ئەمەس ئىكەن، گەپ تاپالمىغاندا شۇ گەپنى قىلدىڭ، دەپ ئۇنى سەل بىئارام قىلىپ قويدى.
— شۇنداق گەپ، دوستۇم، يا جەمئىيەتنىڭ ھازىرقى

تۈزۈملىرىنى مۇۋاپىق كۆرۈپ ئۆ ھوقۇقلىرىڭنى ھىمايە قىلىشىڭ ياكى ماڭا ئوخشاش نامۇۋاپىق ھوقۇقلىرىڭدىن پايدىلىنىپ يۈرۈۋاتقىنىڭغا ئىقرار بولۇشۇڭ كېرەك. ئىككىدىن بىرىنى تاللا، — دېدى ئوبلونسكىي.

— ياق. ئەگەر ئۇ نەرسىلەر ئەقىلگە مۇۋاپىق بولمىسا، سەن ئۇ ئالاھىدە ھوقۇقتىن بۇنداق بەھرىمەن بولالمايتتىڭ. مېنىڭ ئۇنداق قىلىشقا كۆڭلۈم تارتمايدۇ. مەن ئۈچۈن ئەڭ مۇھىمى ئۆزۈمنى ئەيىبسىز سېزىش، — دېدى لېۋىن.

— بىزمۇ تالانى ئايلىنىپ كىرمەيمىزمۇ؟ — دېدى ئوبلونسكىي گەپنى يۆتكەپ. بۇ گەپتىن ئۇنىڭ ئايىغى چىقمايدىغان بۇنداق جىددىي مەسىلىلەردە داۋاملىق مۇنازىرىلىشىشتىن زېرىككەنلىكى چىقىپ تۇراتتى، — بەربىر ئۇخلىيالمىدۇق، چىقىپ ئايلىنىپ كىرەيلى.

لېۋىن جاۋاب بەرمىدى. بايا ئۇلار سۆزلەشكەندە ئۆزىنىڭ ئادىل بولمىغان ئىشلارغا پاسسىپ تەدبىر قوللىنىمەن، دېگەنلىكىنى ئويلاپ، بۇ گەپنى كاللىسىدىن زادىلا چىقىرىۋېتەلمىدى: «ئەجەبا، ئادالەتسىزلىكلەرگە پەقەت پاسسىپ تەدبىر قوللىنىشلا كېرەكمۇ؟» ئۆزىگە ئاشۇنداق سوئال قوياتتى ئۇ.

— يېڭى ئورۇلغان چۆپ قانداق پۇراقلىق ـ ھە! — دېدى ئوبلونسكىي ئورنىدىن ئازراق كۆتۈرۈلۈپ، — ئۇيقۇمنى پەقەتلا تاپالمايۋاتىمەن. ۋېسلوۋسكىي ئۇ يەردە نېمە ئىشلارنى قىلىپ كېتىۋاتقاندۇ. كۈلكە ئاۋازلىرى بىلەن ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاۋاتامسەن؟ بىزمۇ بارىمىزمۇ؟ يۈرە!

— ياق، مەن بارمايمەن، — دېدى لېۋىن.

— سېنىڭ بۇ ئىشتىمۇ بەلگىلىمەڭ بارمۇ؟ — دېدى ئوبلونسكىي شلەپىسىنى ئىزدىگەچ كۈلۈپ كېتىپ.

— بۇنىڭغىمۇ بەلگىلىمە كېتەمدۇ. ئۇ يەرگە بېرىپ نېمە ئىش قىلىمەن؟

— ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ ئىش تاپىدىغان نېمىدە سەن، — ئوبلونسكىي شلەپىسىنى تېپىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

— مەن سېنىڭ خوتۇنۇڭ بىلەن قانداق كېتىۋاتقىنىڭنى بىلمەيمەنمۇ؟ ئىككىڭلارنىڭ سېنىڭ ئىككى كۆڭلۈك ئۇۋغا بېرىش - بارماسلىقىڭ توغرۇلۇق خۇددى بۇ بىر چوڭ ئىشتەك قىلىشقان پاراڭلىرىڭلارنى ئاڭلاپ قالدىم. يېڭى توي قىلغان چاغلاردا شۇنداق قىلىش ئەقىلگە سىغىدۇ. ئەمما، ئۇمۇرۋايەت شۇنداق ئۆتۈش، بۇ بىر ئازاب. ئەر كىشى دېگەن مۇستەقىلرەك بولۇشى كېرەك. ئەر كىشىنىڭ ئەر كىشىگە لايىق ئىشلىرى بولىدۇ، شۇڭا ئەر كىشىدەك ياشاش كېرەك، — دېدى ئوبلونسكىي گەپنى ئۇچۇقلا قىلىپ.

— بۇ گەپىڭنى قانداق چۈشەنسەم بولىدۇ؟ بېرىپ سەنمۇ ئاشۇ چۆرە قىزلار بىلەن ئوينا، دېمەكچىمۇ سەن.

— ئەگەر كۆڭلۈڭ تارتسا ئوينىساڭ نېمە بولاتتى؟ *بۇنىڭ ھېچقانداق يامان تەرىپى يوق*. مەنمۇ ئوينىمايمەن، ئەمما خوتۇنۇمغا زىيان سالماي ئويناپ كۆڭلۈمنى ئېچىپ يۈرىمەن. ئەڭ مۇھىمى ئائىلىنىڭ مۇقەددەسلىكىنى ساقلىساڭ بولىدى، ئائىلىدە بۇنداق ئىشلارنى قىلىشقا بولمايدۇ، ئەمما شۇنى دەپ پۇت - قولىرىڭنى مەھكەم چۈشەپ قويماسلىقىڭ كېرەك.

— ئېھتىمال، شۇنداقتۇ، — دەپ سوغۇقلا جاۋاب بەردى لېۋىن. ئاندىن ئۇخلىماقچى بولۇپ ئىككىنچى يېقىغا ئۆرۈلدى، — ئەتە سەھەردە تۇرۇپ مېڭىپ كېتىمەن. ھېچقايسىڭلارنى ئويغاتماي ئۆزۈم كېتىۋېرىمەن.

— *جانابلار، چاپسانراق كېلىڭلار* ! — ۋېسلوۋسكىينىڭ فرانسۇزچە سۆزلىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى، — ئاجايىپ چىرايلىق بىر قىزنى تاپتىم، گۈزەللىكتە چارمانتېنىڭ[1] ئۆزى. ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. راست، ئاجايىپ چىرايلىق قىز، —

---

[1] گېرمانىيە يازغۇچىسى گيوتېنىڭ «فائۇست» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدىكى ئايال پېرسوناژ.

ۋېسلوۋسكىي شۇ قىز بىلەن تونۇشۇپ قالغىنىدىن ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپ، ئۇ قىز خۇددى ئۇنىڭ ئۆزى ئۇچۇنلا يارالغاندەك ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كېتىۋاتاتتى.

لېۋىن ئۇخلىغان بولۇپ يېتىۋالدى، ئوبلونسكىي ئايىغىنى كىيىپ، بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ لەمپىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلارنىڭ ئاۋازى ئاڭلانمىدى.

لېۋىن ئۇزاققىچە ئۇخلىيالمىدى، ئاتلارنىڭ كارسىلدىتىپ ئوت يەۋاتقىنىنى، ئۆي ئىگىسىنىڭ چوڭ ئوغلىنى باشلاپ ئاتلارغا قاراپ باققىلى چىقىپ كەتكەنلىكىنى، ئەسكەرنىڭ جىيەنىنى ــ ئۆي ئىگىسىنىڭ كىچىك ئوغلىنى باشلاپ كىرىپ لەمپىنىڭ بىر چېتىدە ياتقانلىقىنى ئاڭلاپ ياتتى. ئۇ بالا تاغىسىغا ھەم يوغان، ھەم قورقۇنچلۇق ئۇ ئىتلاردىن ئالغان تەسىراتىنى ئىنچىكە ئاۋازى بىلەن سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى. كېيىن بالا ئۇنىڭدىن ئۇ ئىككى ئىتنىڭ نېمە تۇتىدىغانلىقىنى سورىۋىدى، ئۇ ئۇيقۇلۇقتىكى گاراڭ ـ گۇرۇڭ ئاۋازى بىلەن ئەتە ئوۋچىلارنىڭ سازلىقتا ئوۋ ئوۋلايدىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپ، ئاخىرىدا بالىنىڭ سوئاللىرىدىن قۇتۇلۇش ئۇچۇن: «بولدى، ۋاسكا، ئۇخلا، بولمىسا ئەتە ئورنۇڭدىن تۇرالمايسەن» دېدى ۋە ئۇزاق ئۆتمەيلا خورەك تارتىپ ئۇخلاپ كەتتى، شۇندىلا لەمپىنىڭ ئىچى جىمجىتلىققا چۆمدى. ئاتنىڭ پۇرقۇشلىرى بىلەن تاغ لايخورەكلىرىنىڭ ئاندا ـ ساندا سايراپ قويۇشلىرىدىن باشقا ئاۋاز يوق ئىدى. «ئەجەبا، پاسسىپ پوزىتسىيىدە بولۇشلا كۇپايە قىلامدۇ؟ ــ دەيتتى لېۋىن ئۆزىگە ئۆزى يەنە، ــ شۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟ بۇ مېنىڭ سەۋەنلىكىم ئەمەس ـ دە !» ئارقىدىن ئۇ ئەتىكى ئىشلار توغرۇلۇق ئويلاپ كەتتى.

«ئەتە سەھەردە چىقىپ كېتىمەن، ئۇلارغا ھەرگىز ئاچچىقلانمايمەن. تاغ لايخورىكى دېگەن تولا گەپ، چوڭ لايخورەكلەرمۇ بار. قايتىپ كەلگەندە چوقۇم كىتى ئەۋەتكەن خەتنى كۆرىمەن. ستىۋانىڭ دېگىنىمۇ بىر ھېسابتا توغرا،

كىتىنىڭ ئالدىدا ئەرلەردەك يۈرەكلىك ئەمەسمەن، خوتۇن كىشىدەك ئەزمەمەنى ئېزىمەن ... ئىلاجىم قانچە! يەنە شۇ پاسسىپ مۇئامىلە!»

لېۋىن ئۇيقۇلۇق يېتىپ، ۋېسلوۋسكىي بىلەن ئوبلونسكىينىڭ كۈلكىلىرىنى، خۇشال پاراڭلىشىۋاتقان ئاۋازلىرىنى ئاڭلىغاندەك بولدى. بىر چاغدا كۆزلىرىنى پاللىدە ئېچىپ، ئاينىڭ چىققانلىقىنى، ئۇ ئىككىسىنىڭ لەمپىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا تۇرۇپ پاراڭلىشىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئوبلونسكىي ئۆزى تونۇشقان قىزنىڭ چىرايلىقلىقى توغرۇلۇق سۆزلەپ، تىرىسىنىڭ سۈزۈك ھەم يۇمرانلىقىنى يېڭى ئۈزۈۋېلىنغان ياڭاقنىڭ مېغىزىغا ئوخشىتىۋاتاتتى. ۋېسلوۋسكىي بولسا ئۆزىنىڭ قاقاقلاپ كۈلىدىغان ئاشۇ كۈلكىسى بىلەن بايىقى دېھقاننىڭ: «چاپسانراق خوتۇندىن بىرنى ئېلىۋېلىڭ!» دېگەن گېپىنى يەنە دەۋاتاتتى.

# 12

لېۋىن سەھەر ئويغىنىپ ئۇ ئىككىسىنى ئويغاتماقچى بولدى. بىر پۇتىدىكى پايپاقنى سالماي ياتقان ۋېسلوۋسكىي كارىۋاتتا دۈم يېتىپ قاتتىق ئۇخلاۋاتاتتى، ئۇنىڭ چاقىرغىنىغا جاۋاب بېرىشى مۇمكىن ئەمەس.

ئوبلونسكىي چالا ئۇيقۇلۇق يېتىپ، بۇنداق سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇشنى رەت قىلدى. بىر دۆۋە قۇرۇق ئوتنىڭ ئۈستىدە تۈگۈلۈپ ياتقان لاسكامۇ ئېرىنچەكلىك بىلەن ناھايىتى تەستە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاۋۋال بىر پۇتىنى، كېيىن ئىككىنچى پۇتىنى كەينىگە سوزۇپ قاتتىق بىر كېرىلىۋالدى. لېۋىن ئۆتۈكىنى كىيىپ، مىلتىقىنى ئېلىپ، ئىشىكنى غىچىلداتماي ئاۋايلاپ ئېچىپ كوچىغا چىقتى. ھارۋىكەش ھارۋىنىڭ يېنىدا ئۇخلاۋاتاتتى،

ئاتلارمۇ مۆگدەكتە، پەقەت بىرلا ئات سۇلۇنى ئوقۇرنىڭ ئۇياق ـ بۇيىقىغا چىچىپ ئىرىنچەكلىك بىلەن يەۋاتاتتى. دالا يەنىلا قاراڭغۇ ئىدى.

— هۆي، ياخشى ئادەم، نىمانچىلا ئەتىگەن تۇرۇۋالدىڭ؟ — ئۆي ئىگىسى موماي ئۆيدىن چىقىپ، لېۋىن بىلەن دوستانە كۆرۈشتى.

— ئوۋغا ماڭدىم، يەڭگە. سازلىقتا مۇشۇ تەرەپ بىلەن ماڭسام بارامدىمەن؟

— ئارقا هويلىدىن چىقىپ، بىزنىڭ خامانىمىزنىڭ يېنى بىلەن ئۇدۇل ماڭساڭ بىر كەندىرلىككە چىقىسەن، شۇ يەردە بىر يالغۇز ئاياغ يول بار، بىگىم.

ياشىنىپ قالغان يالاڭ ئاياغ بۇ موماي ئاۋايلاپ مېڭىپ لېۋىننى باشلاپ، خامانغا بارىدىغان ئارقا هويلىنىڭ ساتمىسىنى ئېچىپ بەردى.

— مەشەدىن ئۇدۇل ماڭساڭ سازلىقتا بارىسەن. بىزنىڭ ئۆيدىكىلەردىن بىرنەچچىسى تۈنۈگۈن كېچىدە شۇ تەرەپكە ئات باققىلى كەتكەن.

لاسكا ئىگىسىنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ، يالغۇز ئاياغ يول بىلەن خۇشال يۈرۈپ كەتتى. لېۋىن ئىتىنىڭ كەينىدىن ئىلدام ۋە يېنىك قەدەم تاشلاپ، ئاسمانغا قارىغاچ كېتىۋاتاتتى. ئۇ سازلىققا يېتىپ بارماي تۇرۇپ كۈن چىقىپ قالمىسا بولاتتى، دېگەن خىيالدا ئىدى. لېكىن، كۈنمۇ كەينىدە سۆرىلىپ قالمىغانىدى. ئاي ئەمدى ئاسماندا بىر پارچە سىماپقا ئوخشاش سۇس پارقىراپ تۇراتتى. بايا ئاسماندا ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرغان شولا ئەمدى تازا سىنچىلاپ قارىمىغۇچە كۆزگە كۆرۈنمەيتتى. ئۇزاق دالادا بايا غۇۋا بولۇپ كۆرۈنگەن داغلار هازىر روشەن كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئەسلىدە بۇ داغلار دۆۋىلەپ قويۇلغان قارا بۇغداي باغلىرى ئىدى. خۇش پۇراق چىچىپ تۇرغان ئېگىز كەندىرلىكتىكى ئەركەك كەندىرلەر ئاللىبۇرۇن ئورۇۋېلىنغان، ئورۇلماي قالغانلىرىدىكى كۈننىڭ

نۇرى چۈشمىگۈچە كۆرگىلى بولمايدىغان شەبنەم لېۋىنىنىڭ پۇتلىرىنى، كىيىملىرىنى بىلىگىچە ھۆل قىلىۋەتتى. تاڭ سەھەرنىڭ تىنىق جىمجىتلىقىدا ئەڭ ئاجىز ئاۋازلارنىمۇ ئېنىق ئاڭلىغىلى بولاتتى. بىر تال ھەسەل ھەرىسى لېۋىنىنىڭ قۇلىقى تۈۋىدىن ئوقتەك ئۇچۇپ ئۆتۈپ كەتتى. لېۋىن دىققىتىنى يىغىپ ئىككىنچىسىنىمۇ، ئۈچىنچىسىنىمۇ كۆردى. ئۇلار قاشانىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئۆۋىسىدىن ئۇچۇپ چىقىۋاتقان ھەرىلەر ئىدى، كەندىرلىكتىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ، سازلىق تەرەپتە كۆزدىن غايىب بولدى. بۇ يول ئۇدۇل سازلىققا تۇتىشاتتى، سۇس كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان تۇمان ئىچىدىن سازلىقنى پەرق قىلغىلى بولاتتى. تۇمان بەزى يەرلەردە قويۇق، بەزى يەرلەردە شالاڭ ئىدى، غاز كوكاتلار بىلەن تاللار تۇمان ئىچىگە غەرق بولۇپ، كۆرۈنمەي قالغانىدى. سازلىق بىلەن سازلىقنىڭ يېنىدىكى چوڭ يولدا ئات باققىلى چىققان باللار بىلەن دېھقانلار تاڭغا يېقىن چاپانلىرىنى يېپىنىپ ئۇخلاپ قېلىشقانىدى. سەل نېرىدا ئالدى ئىككى پۇتى چۇشەپ قويۇلغان ئۈچ ئات ئوتلاپ يۈرەتتى. بىر ئاتنىڭ پۇتىدىكى كىشەن ھەربىر سەكرىگەندە شاراقشىپ قوياتتى. ئىگىسىنىڭ يېنىدا ئۇيان - بۇيان قاراپ كېتىۋاتقان لاسكا خۇددى ئالدىدا ماڭسام دەپ ئىلتىماس قىلغاندەك، ئۇنىڭغا قاراپ - قاراپ قوياتتى. لېۋىن ئۇخلاۋاتقان دېھقانلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ، ئالدى تەرەپتىكى بىرىنچى كۆلنىڭ بويىغا يېتىپ كەلدى - دە، ئوقلارنى بىر قۇر كۆزدىن كەچۈرۈۋېتىپ، ئاندىن ئىتنى قويۇۋەتتى. ئۈچ ياشلاردىكى سېمىز بىر كۈل رەڭ ئات ئىتتىن ئۈركۈپ كېتىپ، چۇشەكلىك پۇتلىرىنى كۆتۈرۈپ بىر سەكرىدى، قۇيرۇقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ قاتتىق بىر پۇرقۇپ قويدى. چۇشەكلىك قالغان ئاتلارمۇ ئۈركۈپ، پاتقاق ئىچىدىكى ئالدى ئىككى پۇتىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پاتقاقنى شالاپلىتىپ، لىكىلداپ سەكرىگەن پېتى سازلىقتىن چەتكە قېچىشتى. لاسكا ئاتلارغا مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك قاراپ قويدى، كەينىدىن لېۋىنغا سوئال نەزىرى

بىلەن قاراپ توختاپ قالدى. لېۋىن ئۇنى سىلاپ قويۇپ، ئەمدى باشلىساق بولىدۇ، دېگەننى بىلدۈرمەكچى بولغاندەك ئىسقىرتىپ قويدى.

لاسكا لۆمشىپ تۇرغان سازلىقنىڭ ئۈستىدىن ئەندىشە ھەم خۇشاللىق بىلەن يۈگۈرۈپ كەتتى.

ئۇ سازلىققا كىرىپلا، پۇراقلىرى بۇرنىغا سىڭىپ قالغان يىلتىزلار، سۇ ئوتلىرى، پاتقاق ۋە ئۆزگىچە ناتونۇش ئات تېزەكلىرىنىڭ پۇراقلىرى ئىچىدىن ئۆزىنى ئەڭ جەلپ قىلىدىغان قۇشلارنىڭ پۇراقلىرىنى ئىلىپ قالدى. مۇخ ۋە قېرىقىزلارنىڭ ئارىسىدا بۇ خىل پۇراق ئەڭ كۈچلۈك ئىدى، ئەمما ئۇ پۇراقنىڭ قايسى تەرەپتە كۈچلۈك، قايسى تەرەپتە سۇس ئىكەنلىكىنى پەرق قىلماق قىيىن ئىدى، بۇنى بىلىش ئۈچۈن شامالنىڭ يۆنىلىشى بىلەن يىراق يەرلەرگىچە بېرىش كېرەك ئىدى. لاسكا پۇتلىرى يەرگە تەگمەي دېگۈدەك يۈگۈرۈپ كېتىۋاتاتتى. شۇنداق يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ، زۆرۈر بولۇپ قالغان يەرلەردە توختاپمۇ قالاتتى. ئۇ تاڭ شامىلى ئۇرۇپ تۇرۇۋاتقان شەرق تەرەپتىن ئوڭغا بۇرۇلدى، ئاندىن شامالغا قارشى يۈگۈردى. ئۇ بۇرنىنىڭ تۆشۈكلىرىنى يوغان كېرىپ تۇرۇپ چوڭقۇر بىر تىنىۋېلىپ، بۇ يەردە قۇشلارنىڭ ئىزلىرىلا ئەمەس، ئۆزلىرىنىڭ يوشۇرۇن ياتقانلىقىنى، يالغۇز بىرلا ئەمەس، نۇرغۇن ئىكەنلىكىنى سېزىپ، بىردىنلا يۈگۈرۈشنى ئاستىلاتتى. قۇشلار مۇشۇ ئەتراپتا ئىدى، ئەمما زادى قەيەردە ئىكەنلىكىنى تازا پەرق قىلىپ كېتەلمەيۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ نەق جايىنى تېپىش ئۈچۈن پىرقىراپ يۈرگەندە، ئىگىسى بىردىنلا «لاسكا! بۇ يەردە!» دەپ چاقىرىپ قالدى باشقا بىر تەرەپنى كۆرسىتىپ. لاسكا توختاپ، ئۆزۈمنىڭ يۆنىلىشىم بويىچە ئىزدەۋېرەيمۇ، دەۋاتقاندەك، بېشىنى كۆتۈرۈپ ئىگىسىگە قاراپ قويدى. لېكىن، ئىگىسى غەزەپ بىلەن بايىقى بۇيرۇقنى تەكرارلاپ، بىرنەرسە بولۇشى مۇمكىن ئەمەسلا بىر دۆڭنى كۆرسەتتى. لاسكا خوجايىنىنىڭ بۇيرۇقىنى ئورۇنداپ

ئۇنىڭغا ياخشى كۆرۈنمەكچى بولغاندەك، ئۆزىنى ئىزدەۋاتقانغا سېلىپ، دۆڭنىڭ ئەتراپىنى بىر ئايلىنىۋېتىپ يەنە بايىقى جايىغا كېلىپ تۇردى ۋە شۇئان قۇشلارنىڭ پۇرىقىنى ئېلىپ قالدى. ئەمدى ئىگىسى ئارىلاشمىسىلا ئۆزىنىڭ قانداق قىلىشىنى ئۆزى بىلەتتى. پۇتىغا قارىماي، دۆمبەلچەكلەرگە پۇتلىشىپ، بەزىدە سۇغا چۈشۈپ كەتكەنلەردە ئاچچىقى كەلسىمۇ، لېكىن يەنە دەررۇلا ئۆزىنى ئوڭلىۋېلىپ، كۈچلۈك، ئەپچىل پۇتلىرى بىلەن توسالغۇلاردىن ئۆتۈپ، ئەتراپنى ئايلىنىپ ئىزدەشكە باشلىدى. قۇشلارنىڭ پۇرىقى ئۇنىڭ بۇرنىغا بارغانسېرى كۈچلۈك، بارغانسېرى ئېنىق ئۇرۇلۇپ تۇرۇۋاتاتتى. بىردىنلا قۇشلارنىڭ بىرى مۇشۇ يەردە، ئاشۇ دۆڭنىڭ كەينىدە، بەش چامدام كېلىدىغان يەردە ياتقانلىقى لاسكاغا مەلۇم بولۇپ قالدى. ئۇ چىپپىدە توختاپ قىمىر قىلماي تۇردى، پۇتى قىسقا بولغاچقا، ئۆرە تۇرۇپ ھېچنېمىنى كۆرەلمەيتتى، ئەمما ئۇ نەرسىنىڭ ھىدى بەش مېتىر يەردىن بۇرنىغا ئۇرۇلۇپ تۇرۇۋاتاتتى. ئۇ قىمىر قىلماي تۇرغىنى بىلەن، ئۇ نەرسىنى بارغانسېرى ئېنىق ھېس قىلىپ ۋە ئۇنىڭدىن لەززەت ئېلىپ مىدىر قىلماي تۇراتتى. جىددىيچىلىكتە قۇيرۇقى تىك كۆتۈرۈلۈپ قالغانىدى، قۇيرۇقىنىڭ ئۇچىلا ئازراق مىدىرلاپ تۇراتتى. ئاغزى سەل ئېچىلغان، قۇلاقلىرى دىڭ تۇرۇپ قالغانىدى، يۈگۈرگەندە بىر قۇلىقى كەينىگە قايرىلىپ قالاتتى. ئۇ ئېغىر، ئەمما ئېھتىيات بىلەن نەپەس ئېلىپ، ئىگىسىگە باشقا چاغلاردىكىدىنمۇ بەكرەك دىققەت قىلىۋاتقاندەك بېشىنى بۇراپ قارىماي، قىيا قاراپ قويۇپ كېتىۋاتاتتى. لېۋىن لاسكاغا تونۇشلۇق بولغان قورقۇنچلۇق قاراشلىرى بىلەن ئەتراپىغا توختىماي قاراپ، مۈدۈرۈپ دېگۈدەك دۆڭگە قاراپ كېتىۋاتاتتى. لاسكاغا خوجايىنى بەكمۇ ئاستا مېڭىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى، ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتاتتى.

لاسكانىڭ قۇشلارنى بايقىغاندا يەرگە چاپلىشىپ دېگۈدەك

ئۆمىلەپ، خۇددى ئارقا ئىككى پۇتى بىلەن مېڭىۋاتقاندەك ئاغزىنى يېرىم ئېچىپ ماڭىدىغان خاس بىر ئالاھىدىلىكى بار ئىدى. بوگۈنمۇ شۇنداق مېڭىۋىدى، لېۋىن ئۇنىڭ چوڭ لايخورەكنى بايقىغانلىقىنى بىلىپ، ئىچىدە خۇدادىن ئۇنىڭغا ئاسانلىق تىلەشكە باشلىدى، بۇ ئۇلار بوگۈن تۇنجى ئۇچراتقان قۇش ئىدى. لېۋىن شۇئان يوگۈرۈپ ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ پەسكە قاراپ، لاسكا پۇرىقىنى ئالغان نەرسىنىڭ ئىككى مېتىر نېرىدا تۇرغان چوڭ بىر لايخورەك ئىكەنلىكىنى كۆردى. لايخورەك بېشىنى سىڭارىيان قىلىپ بىر نېمىنى تىڭشاۋاتقاندەك تۇراتتى. ئارقىدىنلا ئۇ قاناتلىرىنى ئازراق كېرىپ يەنە دەررۇ يىغىۋالدى ـ دە، قۇيرۇقىنى ئەپسىز بىر شىپپاڭلىتىپ، دۆڭنىڭ بىر يېرىگە كىرىپ كېتىپ كۆزدىن غايىب بولدى.

— ئال ! ئال ! — دەپ توۋلاپ كەتتى لېۋىن ھەدەپ ئىتنىڭ قوڭىدىن ئىتتىرىپ.

— «مەن بارالمايمەن، — دەپ ئويلايتتى لاسكا، — ئۇنى نەدىن ئىزدەيمەن؟ مەن بۇ يەردە ئۇنىڭ ھىدىنى پۇراپ تۇرغىنىم بىلەن، ئالدىغا ماڭىدىملا ئۇلارنىڭ نەدىلىكىنى، قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلمەي قالىمەن.» لېكىن، خوجايىنى ھەدەپ ئۇنى تىزلىرى بىلەن ئالدىغا ئىتتىرەتتى، ھاياجان بىلەن: «ئال، لاسكا، ئۇنى ئال !» دەپ بوش پىچىرلايتتى.

«ئەگەر سەن مېنى شۇنداق قىل دېسەڭ، بوپتۇ، دېگىنىڭدەك قىلاي، ئەمما تاپالمىسام مەن جاۋابكار ئەمەس.» لاسكا ئىچىدە شۇنداق ئويلاپ، دۆڭنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۆزىنى ئاتتى. ئەمدى ئۇنىڭ بۇرنى ھېچنېمىنى سەزمەيتتى، ھەممە نېمىگە ھاڭۋېقىپ قارايتتى، تىڭشايتتى.

بايىقى ئورۇندىن ئون قەدەم نېرىدا چوڭ بىر لايخورەك لايخورەكلەرگە خاس ئاۋازى بىلەن سايراپ، قانات قېقىپ بىردىنلا ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەندى، «پاڭ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئاپئاق پوكىنى بىلەن لايغا شالاققىدە چۈشتى. يەنە بىر لايخورەك ئىتنىڭ

ئۈركۈتۈشىنى كۈتمەيلا لېۋىننىڭ كەينىدىن ئۇچۇپ چىقىپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى.

لېۋىن كەينىگە قايرىلىپ بولغۇچە ئۇ خېلىلا يىراقلاپ كەتكەنىدى، لېكىن ئوق شۇئان ئۇنىڭغا يېتىشىۋالدى. يىگىرمە قەدەمچە ئۇچقان بولسا كېرەك، ئوق تېگىپ، خۇددى ئاسماندىن تاشلانغان پومزەكتەك قۇرۇق يەرگە خېلى سالماق بىلەن گۈپ قىلىپ چۈشتى.

«ھەببەللى، مانا بۇ بولدى! — دەپ ئويلىدى لېۋىن ئىسسىق سېمىز لايخورەكلەرنى يەردىن ئېلىپ خالتىسىغا سېلىۋېتىپ، — ھە، لاسكام، ئىش ئوڭغا تارتتى - ھە؟»

لېۋىن مىلتىقىنى ئوقلاپ، داۋاملىق ئالدىغا قاراپ ماڭدى. بۇ چاغدا ھاۋانى بۇلۇت قاپلاپ تۇرغان بولسىمۇ، ئاللىقاچان كۈن چىقىپ بولغان، ئاينىڭ يورۇقىمۇ تۈگەپ، كىچىك بىر پارچە بۇلۇتقا ئوخشاش ئاسماندا ئېسىلىپ قالغانىدى، بىرمۇ يۇلتۇز كۆرۈنمەيتتى. بايىلا شەبنەملەر سىمابتەك پارقىراپ تۇرغان ئوت - چۆپلەر ئەمدى سېرىق رەڭدە كۆرۈنۈۋاتاتتى، سازلىقنىڭ ئۈستى كەھرىۋادەك تاۋلىنىپ تۇراتتى. كۆكپۆك ئوتلار ئەمدىلىكتە سارغىيىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. سۇ بويىغا ئۇزۇن سايىلىرىنى تاشلاپ شەبنەمدە پارقىراپ تۇرغان چاتقاللارنىڭ ئارىلىرىدا ساز قۇشلىرى توختىماي ۋىچىرلىشاتتى. يېڭىلا ئويغىنىپ ئۇچۇپ چىققان بىر لاچىن بىر ئوت دۆۋىسىنىڭ ئۈستىگە قونۇپ، بېشىنى بىر ئۇياققا، بىر بۇياققا تولغاپ، نارازى بولۇۋاتقاندەك بىر نەزەردە سازلىققا قاراپ تۇراتتى. چاڭ قاغىلار ئېتىزلىق تەرەپكە قاراپ ئۇچۇپ كېتىۋاتاتتى. يالاڭ ئاياغ بىر ئوغۇل بالا بىر توپ ئاتنى بوۋاينىڭ يېنىغا ھەيدەپ كەلدى، بوۋاي كۆڭلىكىنى سېلىپ تاشلاپ بەدىنىنى قاشلاپ ئولتۇراتتى. ئارقا - ئارقىدىن ئېتىلغان ئوقلاردىن كۆتۈرۈلگەن ئاپئاق ئىس كۆكپۆك ئوتلار ئۈستىدە خۇددى سۈتتەك يېيىلىپ تۇراتتى.

بىر بالا لېۋىننىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ كەلدى.

— تاغا، تۈنۈگۈنلا بۇ يەردە جىق ياۋا ئۆردەكلەر بار ئىدى، — دەپ ۋارقىراپ گەپ قىلدى ئۇ لېۋىننىڭ كەينىدىن قالماي كېلىۋېتىپ.

لېۋىن ئۆزىنى تىنماي ماختاپ كېلىۋاتقان ئۇ بالىنىڭ كۆز ئالدىدا يەنە ئۈچ لايخورەكنى ئېتىۋېلىپ بۆلەكچىلا خۇشال بولۇپ كەتتى.

# 13

ئوۋچىلارنىڭ بىرىنچى هايۋان ياكى قۇشنى ئېتىۋالغان ئوۋچىنىڭ شۇ بىر كۈنلۈك ئوۋدا تەلىيى كەلگەن بولىدۇ، دېگەن گېپى توغرا ئېيتىلغان گەپ ئىدى.

لېۋىن ئوتتۇز چاقىرىم يول يۈرۈپ، خالتىسىنى قانلىرى ئېقىپ تۇرغان ئون توققۇز قۇش بىلەن تولدۇرۇپ، بىر ياۋا ئۆردەكنى بېلىگە ئېسىپ (خالتىسىغا پاتماي قالغان)، ئەتىگەن سائەت توققۇزلاردا هېرىپ - ئېچىپ هەم خۇشال كەيپىيات بىلەن قونالغۇغا قايتىپ كەلدى. ئىككى دوستى بايىلا ئويغىنىپ، قورساقلىرى ئېچىپ كەتكەچكە ناشتا قىلىپ بولۇپ ئولتۇرۇشقانىدى.

— توختاڭلار، توختاڭلار! ئېنىق ئېسىمدە، ئون توققۇز ئىدى، — دېدى لېۋىن ئوۋلىغان چوڭ لايخورەك بىلەن تاغ لايخورەكلىرىنى يەنە بىر قېتىم ساناۋېتىپ. ئۇ قۇشلارنىڭ ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرگەن قىياپەتلىرى يوق، باشلىرى شالاقشىپ، قانلىرى قېتىپ، هەممە يېرى قان بىلەن بۇلغىنىپ كەتكەن، بىر - بىرىگە چاپلىشىپ غۇژمەكلا بولۇپ قالغانىدى.

قۇشلارنىڭ سانىدىن چاتاق چىقمىدى. ئوبلونسكىينىڭ چىدىماي قېلىۋاتقاندەك تۇرقىدىن لېۋىن خۇشال ئىدى. ئۇنى

خۇشال قىلغان يەنە بىر ئىش، ئۇ قونالغۇغا يېتىپ كەلگەندە كىتى ئەۋەتكەن پوچتىكەش ئۇنىڭ خېتىنى ئېلىپ كەلگەندى.

«سالامەتلىكىم شۇنداق ياخشى، ئاجايىپ خۇشالمەن. مەندىن ئەنسىرەپ تۇرغان بولساڭ ئەمدى خاتىرجەم بولساڭ بولىدۇ. مېنىڭ هازىر يېڭى بىر قوغدىغۇچىم بار بولدى، ئۇنىڭ ئىسمى ماريە ۋلاسيېۋنا (بۇ ئايال تۇغۇت ئانىسى بولۇپ، لېۋىننىڭ ئائىلىسىگە قوشۇلغان مۇھىم بىر ئەزا ئىدى). ئۇ كېلىپ سالامەتلىكىمنى تەكشۈرۈپ، ناهايىتى ساغلام تۇرۇۋېتىپسىز، دېدى. ئۇنى سەن كەلگەندىن كېيىن كەتسۇن، دەپ ئېلىپ قالدىم. هەممىمىز شۇنداق خۇشال، ساغلام تۇرۇۋاتىمىز. بىزدىن ئەنسىرىمە، ئەگەر ئوۋلىرىڭ ئوڭۇشلۇق كېتىۋاتقان بولسا يەنە بىر كۈن ئۇزارتساڭمۇ مەيلى.»

ئوۋنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشى بىلەن خوتۇنىدىن كەلگەن خەتنىڭ خۇشاللىقى ئالەمچە خۇشاللىق بولۇپ، كېيىن يۈز بەرگەن ئىككى كۆڭۈلسىز ئىش ئۇ خۇشاللىقلارنىڭ ئالدىدا لېۋىنغا ئانچە تەسىر قىلىپ كەتمىدى. ئۇ كۆڭۈلسىز ئىشلارنىڭ بىرى، جەرەن ياندىكى ئات تۈنۈگۈن چارچاپ كەتكەنمۇ، بۈگۈن هېچنېمە يېمەي، بېشىنى ساڭگىلىتىپ روهسىز تۇراتتى. هارۋىكەش ئۇنى تۈنۈگۈن زورۇقۇپ قالغاندەك قىلىدۇ، دېدى.

— تۈنۈگۈن بەكرەك ئىتتىك هەيدىۋەتتۇق، كونستانتىن دمىترىچ، — دېدى هارۋىكەش، — ئون چاقىرىم يەردىن چاپتۇرۇپ كەلدۇق، ئاسانمۇ دەيسىز!

لېۋىننىڭ دەسلەپتە كەيپىنى ئۇچۇرغان، كېيىن يەنە كۈلكىلىك تۇيۇلغان ئىككىنچى ئىش، كىتىنىڭ ئۇلارغا ئەۋەتكەن تاماقلىرى ئىدى. ئۇ ئىككىسى كۆرۈپلا بىر هەپتىدىمۇ يەپ بولالماسمىز، دېيىشكەن، كېيىن ئازراقمۇ قالدۇرۇپ قويماي هەممىسىنى يەپ بولۇشتى. لېۋىن چارچاپ هەم قورسىقى ئېچىپ كەلگەن ۋە كېلىپلا سامسا بولسا تويغۇدەك يەۋالسام، دەپ ئويلىغانىدى. ئۆيگە ئاز قالغاندا لاسكامۇ خۇددى ياۋا قۇشلارنىڭ

ھەدىنى تېز ئالغىنىدەك، تاماقنىڭ پۇرىقىنىمۇ ناھايىتى تېز ھىدلاپ ئاغزىغا سېرىق سۇ كەلگەنىدى. لېۋىن ئۆيگە كىرىپلا فىلىپقا دەررۇ سامسا كەلتۈرۈشنى بۇيرۇدى. لېكىن، سامسا تۈرماق، چۈجە گۆشلىرىمۇ قالمىغانىدى.

— پاھ، ئۇ ئاجايىپ ئىشتىھالىق ئىكەن، — دېدى ئوبلونسكىي ۋېسلوۋسكىينى كۆرسىتىپ كۈلگەن بويىچە، — مېنىڭمۇ قورسىقىم يامان، ئەمما ئۇنىڭكىچىلىك ئەمەس، ئۇنىڭ ھەيران قالغۇدەكلا ئىكەن ...

— ئۇنىڭغا ئامال يوق، — دېدى لېۋىن ۋېسلوۋسكىيغا تۇتۇق چىراي قاراپ قويۇپ، — فىلىپ، كالا گۆشىدىن بولسىمۇ كەلتۈرگىن.

— ئۇلار كالا گۆشىنىمۇ يەپ بولۇشتى، ئۇستىخانلىرىنى ئىتلارغا تاشلاپ بەردىم، — دېدى فىلىپ جاۋاب بېرىپ.

لېۋىن قاتتىق ئاچچىقى كېلىپ تىترەپ كەتتى.

— ئازراق بولسىمۇ ماڭا قالدۇرۇپ قويساڭلار بولمايتتىمۇ! — دېدى ئۇ يىغلىۋېتىشكە تاسلا قېلىپ، — ئەمىسە لايخورەكتىن بىرنى يۇڭداپ، ئۇستىگە ئازراق كەندىر سېپىپ پىشۇرۇپ كەل. شۇنىڭغىچە، — لېۋىننىڭ ئاچچىقىدا ئاۋازى تىترەپ كېتىۋاتاتتى، ئامال بار ۋېسلوۋسكىيغا قارىماسلىققا تىرىشاتتى، — بىر ئامال قىلىپ ئازراق بولسىمۇ سۈت تېپىپ كەلگىن.

لېۋىن سۈت بىلەن قورسىقىنى تويدۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئۆزىگە يات بىر ئادەمگە خاپا بولغىنىدىن ئازراق ئۇيىلىپ قالدى ھەم قورسىقىنىڭ ئېچىپ شۇ ھالەتكە يەتكىنىگە كۈلگۈسىمۇ كەلدى.

گۇگۇم مەھەلدە ئۇلار يەنە بىر قېتىم ئوۋغا چىقىپ، ۋېسلوۋسكىي جىنىدا بىرنەچچە لايخورەك ئېتىۋالدى، ئاندىن كېچىلەپ ئۆيگە قايتىشتى.

قايتقىچىمۇ ئۇلار شۇنداق كۆڭۈللۈك قايتتى. ۋېسلوۋسكىي بىردەم ناخشا ئېيتاتتى، بىردەم دېھقانلارنىڭ ئۆزىگە قانداق ھاراق

زورلىغانلىقىنى، «بىزنى يات كۆرمىسىلە، يات كۆرمىسىلە» دەپ كەتكەنلىكىنى، بىردەم ئاخشام قىز ئوۋلىغىلى چىقىپ چىرايلىق بىر قىز بىلەن تونۇشۇپ قالغانلىقىنى، بىر دېھقاننىڭ ئۆزىدىن توي قىلغان ـ قىلمىغانلىقىنى سورىغانلىقىنى، توي قىلمىغانلىقىنى ئاڭلاپ: «باشقىلارنىڭ خوتۇنىنىڭ كەينىگە كىرىۋالماي، ئەڭ ياخشىسى، ئۆيلىنىۋالسىلا» دېگەنلىكىنى، بۇ گەپنىڭ ئۆزىگە بەكمۇ قىزىق تۇيۇلۇپ كەتكەنلىكىنى ئەسلەپ تىنماي سۆزلەيتتى.

— ئومۇمەن، بۇ سەپىرىمىزدىن مەن ناھايىتى خۇشال بولدۇم، سىزچۇ، لېۋىن؟

— مەنمۇ شۇنداق خۇشال، — دېدى لېۋىن چىن كۆڭلىدىن. ئۇ ۋېسلوۋسكىيغا ئۆيدىكى چاغدىكىدەك ئۇنداق دۈشمەنلىك تۇيغۇدا بولمىغىنىدىن خۇشال ئىدى. ئەكسىچە ۋېسلوۋسكىي ئۇنىڭغا تولىمۇ يېقىملىق ھەم شۇنچىلىك ئوچۇق كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتى.

# 14

ئەتىسى ئەتىگەن سائەت ئوندا، لېۋىن ئېتىزلىقلىرىنى ئايلىنىپ كېلىپ ۋېسلوۋسكىي ياتقان ئۆينىڭ ئىشىكىنى چەكتى.

— *كىرىڭ* ! — دېدى ۋېسلوۋسكىي فرانسۇزچە سۆزلەپ، — كەچۈرۈڭ، سىز ئىشىك چەككەندە *مەن يۇيۇنۇۋاتاتتىم*، — دېدى ئۇ ئىچ كىيىمى بىلەن لېۋىننىڭ ئالدىغا كۇلۇپ چىقىپ.

— خىجىل بولمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، — دېدى لېۋىن دېرىزىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، — ياخشى ئۇخلاپسىزمۇ؟

— ئۇخلاپ قېتىپلا كېتىپتىمەن. بۈگۈن ئوۋغا چىقىدىغان

ھاۋا بوپتۇمۇ نېمە!
— نېمە ئىچىسىز؟ چايمۇ، قەھۋەمۇ؟
— كەچۈرۈڭ، ھېچقايسىغا زوقۇم يوق، ئازراق ناشتا قىلىۋالسام بولدى. بۇ چاغقا خانىملارمۇ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ بولغاندۇ، دەپ ئويلايمەن. ئەتىگەننىڭ ھاۋاسىدا سىرتنى ئايلىنىش تولىمۇ كۆڭۈللۈك. ماڭا ئاتلىرىڭىزنى كۆرسىتىڭچۇ.
لېۋىن مېھماننى باشلاپ باغنى بىر ئايلىنىپ چىقتى، ئاتلىرىنى كۆرسەتتى، قوش تورنىك ئوينىدى، ئاندىن ئۆيگە قايتىپ كېلىپ مېھمانخانىغا كىردى.
— ئاجايىپ ئوبدان ئوۋ قىلدۇق. مەن ئوۋ جەريانىدا نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگەندىم، — دېدى ۋېسلوۋسكىي ساماۋار يېنىدا ئولتۇرغان كىتىنىڭ يېنىغا كېلىپ، — ئەپسۇس، سىلەر ئاياللار شۇ لەززەتتىن مەھرۇم - دە.
«بۇنىڭغا نېمە بولاتتى، ئۆي ئىگىسى بولغاندىكىن مېھمان ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشسە بولىۋېرىدۇغۇ» دېدى لېۋىن ئۆزىگە ئۆزى ئىچىدە. ئەمما، مېھماننىڭ گەپ قىلىۋېتىپ كىتىگە كۈلۈپ قاراشلىرى بىلەن كۆرەڭ قىياپىتى ئۇنىڭ سەل ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويدى.
كىنەز خانىم بىلەن مارىيە ۋاسىلىيېۋنا، ئوبلونسكىي ئۈچى ئۈستەلنىڭ ئۇ تەرىپىدە ئولتۇراتتى. كىنەز خانىم لېۋىننى يېنىغا چاقىرىۋېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن كىتىنىڭ موسكۋاغا بېرىپ يەڭگىشى ۋە سېلىنىۋاتقان ئۆي توغرۇلۇق پاراڭلاشتى. توي قىلغان كۈنلەردە لېۋىن خىلمۇ خىل ئەرزىمەس ئىشلارنىڭ توي تەنتەنىسىگە تەسىر يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن ئەنسىرىگەن بولسا، ئەمدى بۈگۈن يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان تۇغۇتنىڭ ھەر خىل تەييارلىقلىرىمۇ ئۇنى سەل جىددىيلەشتۈرۈپ قويۇۋاتاتتى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ بوۋاقنىڭ زاكىلىرىنىڭ شەكلى توغرۇلۇق قىلىشقان پاراڭلىرىنى ئاڭلىغۇسى، دوللى تېخىچە توقۇپ تۈگىتەلمەيۋاتقان ئالىلقانداق بىر سىرلىق لېنتىلارنى، يىرىك رەختتىن قىلغان

ئۈچ بۆلۈكلۈك سالفىتكىلارنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشايدىغان خىلمۇ خىل ئىشلارنى كۆرگۈسى كەلمەيتتى. ئۇنىڭ بالىسىنىڭ ئوغۇل بولۇشىغا (ئۇ چوقۇم ئوغۇل تۇغۇلىدۇ، دەپ ئويلايتتى) ئۈمىدى چوڭ ئىدى، لېكىن يەنە كېسىپ ئېيتالمايتتى. ئۇنىڭ قارىشىچە، تۇغۇت باشقا ھەرقانداق ئىشقا ئوخشىمايدىغان پەۋقۇلئاددە ئىش ئىدى، بىر تەرەپتىن ئۇ ئاجايىپ زور ۋە ئېرىشىش قىيىن بولغان بەخت ھېسابلانسا، يەنە بىر تەرەپتىن تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان سىرلىقمۇ ئىش ئىدى. مۇشۇنداق بىر ئىشقا بۇ ئادەملەر ئۆزلىرىنى ئەقىللىق چاغلىشىپ، ئادەتتىكىدەك ۋە ئۆزلىرى ئويان ـ بۇيان قىلالايدىغان ئىشتەك مۇئامىلە قىلىشاتتى. ئۇلارنىڭ بۇ قىلىقلىرى لېۋىنىنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرەتتى ۋە رەنجىتەتتى.

لېكىن، كىنەز خانىم ئۇنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنمەي، بۇ ئىشنى ئادەتتىكى ئىشتەك ئويلاپ بىپەرۋالىق قىلىۋاتىدۇ، كارى بولمايۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ، ئۇنى زادىلا ئارامىدا قويمايۋاتاتتى. كىنەز خانىم ئوبلونسكىيغا ئۆيلەرنى كۆرۈپ كېلىشنى تاپشۇرۇپ، لېۋىننى ئالدىغا چاقىرتىپ كىردى.

— مەن ھېچنېمىنى بىلمەيمەن، كىنەز خانىم. قانداق ئويلىغان بولسىڭىز شۇنداق قىلىۋېرىڭ، — دېدى لېۋىن.

— قاچان كۆچىدىغىنىڭلار توغرۇلۇق بىرنېمە دېيىشىۋالايلى.

— مەن بۇ ئىشنى زادىلا بىلەلمەي قالدىم، مىليونلىغان بالىلار موسكۋاسىزمۇ، دوختۇرسىزمۇ سالامەت تۇغۇلۇۋاتىدۇغۇ ... شۇنداق تۇرۇپ يەنە نېمە ئۈچۈن ...

— ناۋادا تاسادىپىي بىر ئىش بولۇپ قالسا ...

— ئىشقىلىپ، كىتىنىڭ خالىغىنىدەك بولسۇنچۇ.

— بۇ ئىشنى كىتىگە دېگىلى بولمايدۇ. ئۇنى سەن قورقۇپ يۈرىكى چىقىپ كەتسۇن دەمسەن؟ ئاڭلا، بۇ يىل باھاردا ناتالى گولىتسىنا ناچار تۇغۇت ئانىسىنىڭ قولىدا ئۆلۈپ قالدى.

— سىز نېمە دېسىڭىز مەن شۇ، — دېدى لېۋىن پەركايى

ئۇچۇپ ئاخىر.
كىنەز خانىم بىرنېمىلەرنى دەپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى، لېۋىن خىيالى باشقا ياقتا، خۇشياقماي ئاڭلاپ ئولتۇردى. كىنەز خانىمنىڭ گەپلىرى لېۋىننىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلاتتى، ئەمما خاپا قىلىنىۋاتقىنى ساماۋارنىڭ يېنىدا بولۇۋاتقان ئىشلار ئىدى.
«ياق، ئۇنداق ئىش ئەمەس» دەپ ئويلىدى لېۋىن ئارىلاپ كىتىگە، چىرايىدا يېقىملىق كۈلكە، كىتىگە بىرنېمىلەرنى دەۋاتقان ۋېسلوۋسكىيغا، يەنە مەڭزىلىرى قىزىرىپ ھاياجان بىلەن ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان كىتىگە قاراپ قويۇپ.
ۋېسلوۋسكىينىڭ تۇرقى، قاراشلىرى ۋە كۈلۈشلىرىدە بىر ناپاك نەرسە باردەك قىلاتتى، ھەتتا لېۋىن كىتىنىڭ تۇرقى ۋە قاراشلىرىدىنمۇ شۇنداق نەرسىنىڭ بارلىقىنى سەزگەندەك بولۇپ، بېشى پىرقىراۋاتقاندەك، كۆزلىرىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلىۋاتقاندەك بولدى، يەنە تۈنۈگۈنكىگە ئوخشاش ئۆزىنى بەخت، خاتىرجەملىك ۋە غۇرۇرنىڭ چوققىسىدىن ئۈمىدسىزلىك، نەپرەت ۋە ھاقارەت ھاڭغا غۇلاپ كېتىۋاتقاندەك سېزىپ، ھەممە ئادەمدىن، ھەممە ئىشتىن بىزار بولۇشقا باشلىدى.
— بولىدۇ، سىزنىڭ دېگىنىڭىزدەك بولسۇن، كىنەز خانىم، — دېدى لېۋىن ئۇ تەرەپكە يەنە بىر قېتىم قاراپ قويۇپ.
— مۇستەبىتنىڭ تاجى ئەنە شۇنداق ئېغىردۇر![1] — دېدى ئوبلونسكىي چاقچاق قىلىپ. بۇ گەپ ئارقىلىق ئۇ كىنەز خانىمغىلا دارىتمىلاپ قالماي، لېۋىننى ھاياجانغا سېلىۋاتقان ئىشنى بايقاپ قېلىپ، شۇنىڭغىمۇ قارىتىپ دېگەنىدى، — بۈگۈن ئەجەبمۇ ۋاقىچە تۇردۇڭغا، دوللى.
ھەممەيلەن دوللىنىڭ ھۆرمىتىگە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. ۋېسلوۋسكىي بىرپەسكىلا ئورنىدىن تۇرۇپ، ياشلارنىڭ ئاياللارنى

[1] پۇشكىننىڭ «بورىس گودۇنوف» ناملىق ئەسىرىدىكى بىر جۈملە سۆز.

ھۆرمەتلەشكە ئادەتلەنمىگەن ئورتاق كېسىلى بويىچە بېشىنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس ئېگىپ قويۇپ، يەنە شۇ كۆلكىسى بىلەن سۆزلەپ كەتتى.

ـــ كىچىچە ماشا مېنى ئۇخلاتمىدى، ئۆزىمۇ ياخشى ئۇخلىمىدى. مىجەزى ئوسال ئۇنىڭ، ـــ دېدى دوللى.

ۋىسلوۋسكىينىڭ كىتتىگە قىلغۇاتقان گەپلىرى يەنە شۇ تۇنۇگۇنكى: ئانىنانىڭ ئىشلىرى، مۇھەببەتنى جەمئىيەت شارائىتىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، دېيىشكە بولامدۇ، دېگەندەك گەپلەر ئىدى. كىتتى بۇ ھەقتە پاراڭ قىلىشنى ياخشى كۆرمەيتتى، چۈنكى ۋىسلوۋسكىينىڭ بۇ توغرۇلۇق گەپ قىلغان چاغدىكى گەپ ئۇرانى ئۇنى ئەنسىرىتىپ قوياتتى، بولۇپمۇ بۇ ئىشنىڭ ئېرىگە يامان تەسىر بېرىپ قويىدىغانلىقىنى چۈشىنەتتى. شۇنداقتىمۇ، بەكمۇ ساددا ھەم كۆڭلى تۈز بولغاچقىمۇ، ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئۈزۈۋېتەلمەيتتى، ئەڭ ئاددىيسى، ئۆزىگە ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق يېقىنچىلىق قىلىپ قىلغان گەپلىرىدىن پەيدا بولۇۋاتقان خۇشاللىقلىرىنىمۇ يوشۇرۇشنى بىلمەيتتى. ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋېتىشنى بەزىدە ئويلاپمۇ قالاتتى، لېكىن قانداق بۆلۈۋېتىشنى بىلمەيتتى. نېمىلا قىلسۇن، ئېرىنىڭ ئۇنى سېزىپ تۇرىدىغانلىقىنى، يامان تەرەپكە بۇرايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇراتتى. ئاخىر ئۇ دوللىدىن ساشاغا نېمە بولدى، دەپ سورىدى، ۋىسلوۋسكىي ئۇ ئىككىسىنىڭ مەنىسىز پاراڭلىرىنىڭ چاپسانراق تۈگىشىنى ساقلاپ دوللىغا سوغۇق قاراپ ئولتۇردى. لېكىن، لېۋىنغا كىتتىنىڭ بۇ سوئالى يالغاندىن سوراپ قويۇۋاتقان ئەشەددىي بىر ھىيلە بولۇپ تۇيۇلدى.

ـــ بۈگۈن موگۇ تېرىپ كېلىشكە بارىمىزمۇ؟ ـــ دېدى دوللى.

ـــ بارايلى، مەنمۇ بارىمەن، ـــ دېدى كىتتى قىزىرىپ كېتىپ. ئۇ ئەدەپ يۈزىدىنلا ۋىسلوۋسكىيدىن سىزمۇ بارامسىز، دەپ سوراپ قويماقچى بولدىيۇ، لېكىن سورىمىدى، ـــ سەن نەگە

بارسەن، لېۋىن؟ ــ ئېرى يېنىدىن چوڭ ـ چوڭ چامداپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا خىجالەت بولغاندەك سوراپ قويىدى ئۇنىڭدىن كىتى. ئۇنىڭ ئويالغاندەك كۆرۈنگەن بۇ ھالىتى لېۋىننىڭ گۇمانىنى تېخىمۇ ئىسپاتلىدى.

ــ مەن يوق چاغدا بىر تېخىنىك مېنى ئىزدەپ كەپتىكەن، ئۇنىڭ بىلەن تېخىچە كۆرۈشمىگەن، ــ دېدى لېۋىن ئۇنىڭغا قارىماي تۇرۇپ.

ئۇ پەسكە چۈشۈپ كۇتۇپخانىسىدىن چىقار ـ چىقمايلا، كەينىدىن خوتۇنىنىڭ ئالدىراپ كېلىۋاتقان تونۇش ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى.

ــ ھە، نېمە دەيسەن؟ ــ دېدى لېۋىن سوغۇقلا، ــ بىزنىڭ ئىشىمىز بار.

ــ كەچۈرۈڭ، ــ دېدى كىتى نېمىس تېخنىكقا قاراپ، ــ ئېرىمگە دەيدىغان ئىككى ئېغىز گېپىم بار ئىدى.

ئۇ نېمىس ماڭماقچى بولۇپ تۇراتتى، لېۋىن ئۇنىڭغا:

ــ خاتىرجەم مېڭىۋېرىڭ، ــ دېدى.

ــ پويىز سائەت ئۈچتە ماڭامدۇ؟ ــ دەپ سورىدى نېمىس، ــ كېچىكىپ قالمىسام بولاتتىغۇ.

لېۋىن جاۋاب بەرمەي، خوتۇنى بىلەن بىللە سىرتقا چىقتى.

ــ *خوش، ماڭا دەيدىغان قانداق گېپىڭىز بولسا دەۋېرىڭ* ، ــ دېدى لېۋىن فرانسۇزچە سۆزلەپ.

ئۇ خوتۇنىنىڭ چىرايىغا قارىمىدى. خوتۇنىنىڭ تومپىيىپ تۇرغان قورسىقىغا، ئەلەمدىن تىترەپ، ئېچىنارلىق تۇس ئالغان تۇرقىغا قارىغۇسى كەلمەي قېلىۋاتاتتى.

ــ سىزگە ... سىزگە دېمەكچى بولغىنىم، بىز يەنە مۇشۇنداق كېتىۋەرمەيلى، بۇ ماڭا بىر ئازاب بولۇۋاتىدۇ، ــ دېدى كىتى سەل دۇدۇقلاپ.

ــ مېھمانخانا ئۆيدە خىزمەتكارلار بار، ــ دېدى لېۋىن ئاچچىقى بىلەن ئۇنىڭغا، ــ بۇ يەردە بۇنداق يىغلامسىراپ

تۇرساڭ سەت.

— ئەمىسە ئاۋۇ يەرگە بارايلى.

ئۇلار كارىدورنىڭ ئۇ بېشىغا كېلىپ تۇردى. كىتىنىڭ ياندىكى ئۆيگە كىرگۈسى بار ئىدى، لېكىن ئۇ ئۆيدە ئىنگلىز تىلى ئوقۇتقۇچىسى تانەگە دەرس ئۆتۈۋېتىپتۇ.

— بۇ يەرمۇ بولمايدۇ، باغقا كىرەيلى.

باغدا ئۇلارغا يەر سۈپۈرۈۋاتقان بىر دېھقان ئۇچراپ قالدى. ئىككىسى ئۇ دېھقانىنىڭ كىتىنىڭ ياش يۇقى چىرايىغا، لېۋىنىڭ هاياجانلىنىپ تۇرۇۋاتقان هالىتىگە دىققەت قىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىمەي، ئالدىغا قاراپ ئىتتىك ماڭدى. ئىككىلىسى ئىچىدىكى گەپلىرىنى دەۋېلىپ، قارشى تەرەپنىڭ ئۇقۇشماسلىقىنى كۆڭلىدىن كۆتۈرۈۋەتمەكچى، ئۆزلىرىنى ئازابلاپ كېلىۋاتقان نەرسىدىن دەرقەمتە تۇرۇپ سۆزلىشىش ئارقىلىق قۇتۇلۇپ كەتمەكچى بولۇشاتتى.

— بۇنداق كېتىۋەرمەيلى! بۇ ئىككىلىمىز ئۈچۈن بىر ئازاب. مەن بەكمۇ قىيىنىلىپ كېتىۋاتىمەن، سەنمۇ شۇنداق. نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىمىز؟ — ئۇلار ئىككى تەرىپىدە لىپپا دەرىخى ئېگىز ئۆسۈپ كەتكەن يول ئۈستىگە قويۇپ قويۇلغان ئۇزۇن ئورۇندۇقنىڭ يېنىغا كەلگەندە كىتى شۇ گەپنى قىلدى.

— سەن ماڭا بىر گەپنىلا دېگىن، ئۇنىڭ گەپلىرىدە ئەدەپ ـ ئەخلاققا يات، ئۆزىنى سورىمىغان قىلىقسىزلىقلار بارمۇ، يوق؟ — لېۋىن ئاشۇ كۈنى كېچىدىكىگە ئوخشاش، مۇشتىنى مەيدىسىگە مەھكەم يېقىۋېلىپ تۇرۇپ گەپ قىلدى.

— بار، — دېدى كىتى تىترىگەن ئاۋازدا، — لېكىن، سەن مېنىڭ بۇ ئىشتا ئەيىبلىك ئەمەسلىكىمنى بايقىمىدىڭمۇ؟ مەن بۈگۈن ئەتىگەن ئورنۇمدىن تۇرغان چاغدىن باشلاپلا ئۇنىڭغا باشقىچە مۇئامىلىدە بولۇشنى ئويلىغان، لېكىن بۇ ئادەملەر ... ئۇ بۇ يەرگە نېمىشقا كەلگەندۇ؟ ئۇ كەلمەستە شۇنچىلىك تىنچ، بەختلىك كېتىۋاتاتتۇق! — ئۇ شۇنداق دەپلا ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ

يىغلاپ كەتتى، ئىسەدەشلىرى بىلەن تەڭ يوغان قورسىقى سىلكىنىپ گەپ قىلالماي قالدى.
ئۇلارنى كەينىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان نەرسىمۇ يوق، قېچىشلىرى تېخىمۇ ھاجەتسىز، يا ئۇزۇن ئورۇندۇقتا ئولتۇرغىنىغا خۇشال بولۇپ كەتكۇدەك ئىشمۇ يوق ئىدى، ئەمما باغۋەن ئۇلارنىڭ ئۆيگە قايتقاندا يېڭى باغقا كىرگەن چاغدىكىدەك ئەمەس، چىرايىدىن خاتىرجەملىك ۋە بەخت نۇرلىرىنى پارلىتىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىغا ھەيران بولۇپ قاراپ قالدى.

# 15

لېۋىن خوتۇنىنى ئۇستىگە ئاچقىپ قويۇپ، ئۆزى دوللىنىڭ ئۆيىگە كىردى. بۈگۈن دوللىمۇ بىئارام ئىدى. ئۇ ئۆيىنىڭ ئىچىدە ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىپ تۇرۇپ، بۇلۇڭدا بار ئاۋازى بىلەن يىغلاپ تۇرغان كىچىك قىزىغا ھەدەپ ۋارقىراۋاتاتتى.
— بۈگۈن بىر كۈن ئاشۇ بۇلۇڭدا مۇشۇنداق ئۆرە تۇرىسەن، تاماقمۇ يېمەيسەن، قونچاقمۇ ئوينىمايسەن، ساڭا يېڭى كۆڭلەكمۇ تىكىپ بەرمەيمەن، — دوللى ئۇنى قانداق جازالاشنى بىلمەي قېلىۋاتقاندەك ئۇنى ـ بۇنى دەپ ۋارقىراپ بېقىۋاتاتتى.
— بۇ شۇنداق بىر يارىماس قىز بولدىكى، — دېدى دوللى لېۋىنغا، — بىلمەيمەن، بۇنداق يامان ئادەتنى نەدىن يۇقتۇرۇۋالدىكىن؟
— ئۇ زادى نېمە ئىش قىلدى؟ — دەپ سورىدى لېۋىن سوغۇق قانلىق بىلەن. ئۇ ئەسلىدە دوللى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىشلىرىنى مەسلىھەت قىلغىلى كىرگەنىدى، بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئەمەسلا بىر چاغدا كىرىپ قالغىنى ئۈچۈن ئۆزىگە ئازراق كايىپ قويدى.

— گىرىشا ئىككىسى مالىنا تېرىپ كېلىشكە بېرىپ، شۇ يەردە ... ئۇنىڭ ئۇ يەردە قىلغان ئىشىنى ئېيتىشقا ھەتتا تىلىممۇ بارمايۋاتىدۇ. ئېلىلئوت خانقىزمۇ زە، تازىمۇ بولۇۋالدى، ھېچنېمە بىلەن كارى يوق، خۇددى ماشىنا ئادەمنىڭ ئۆزى ... *ئويلاپ بېقىڭا، قىز بالا تۇرۇپ ...*

شۇنىڭ بىلەن دوللى ماشانىڭ جىنايىتىنى سۆزلەپ بەردى.

— ھېچ ۋەقەسى يوق. بۇنىڭ نېمىسى يامان قىلىق بولسۇن. شوخلۇقتىن قىلغان ئىش ئىكەن، — دېدى لېۋىن ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ.

— سەن نېمىگە خاپا بولۇپ قالدىڭ؟ مېنىڭ يېنىمغا نېمە ئىش بىلەن كىردىڭ؟ — دەپ سورىدى دوللى، — ئۇ تەرەپتە نېمە ئىش بولدى؟

لېۋىن ئۇنىڭ گېپىنىڭ ئۇرانىدىن ئىچىدىكى گەپلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىگە تۆكۈپ بەرگۈسى كېلىۋاتقانلىقىنى بىلدى.

— مەن ئۇ تەرەپكە ئۆتمىدىم، كىتى بىلەن باغ تەرەپكە بېرىپ كەلدۇق. ئۇ ئىككىمىز ... ۋېسلوۋسكىي كەلگەندىن بېرى ئىككى قېتىم ئۇرۇشۇپ قالدۇق.

دوللى ھەممىنى بىلىپ تۇرىدىغان ئەقىللىق كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكتى.

— قولۇڭنى يۈرىكىڭگە سېلىپ تۇرۇپ ئېيتقىنا، كىتىنىڭ ئەمەس، ئاشۇ ئەپەندىنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىدە ئەر بولغۇچىنى خاپا قىلىدىغان، خاپا قىلىدىغانلا ئەمەس، قورقۇنچلۇق، ھەتتا ھاقارەت كەلتۈرىدىغان بىر نەرسىنى سەزدىڭمۇ؟ ساڭا قانداق چۈشەندۈرسەم بولار ... مىدىرلىما ! بۇلۇڭدا قىمىر قىلماي تۇر ! — دېدى دوللى ماشاغا تۇۋلاپ. ماشا ئاپىسىنىڭ چىرايىدىكى ئازراق كۈلكىنى كۆرۈپ بىر يانغا ئۆرۈلمەكچى بولغانىدى، — يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر ئۇنىڭغا ئوخشاشلارنىڭ ئۇنداق قىلىقلىرىنى، ئادەتتە ياشلاردا بولىدىغان، *چىرايلىق*

*ئاياللارنى كۆرسە كەينىگە كىرىۋالىدىغان* بىر خىل ئادەت، دەپ بىلىدۇ، ھەتتا ئەرلەر ئاشۇنداق قىلىقلىرىدىن پەخىرلىنىدۇ، — دېدى دوللى فرانسۇزچىنى ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلەپ.

— شۇنداق، شۇنداق، — دېدى قاپىقى چۈشكەن لېۋىن، — بۇ گەپچە، سەنمۇ بۇنى سېزىپسەن - دە؟

— يالغۇز مەنلا ئەمەس، ستىۋامۇ سېزىپتۇ. چايدىن كېيىن ئۇ ماشا ئوچۇقنى ئېيتىپ، *مېنىڭچە، ۋېسلوۋسكىي كىتىنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇۋاتقاندەك قىلىدۇ* ، دېدى.

— بۇ ياخشى بولدى، ئەمدى بىر قارارغا كەلدىم، ئۇنى بۇ يەردىن ھەيدىۋېتىمەن، — دېدى لېۋىن.

— ۋىييەي، ساراڭ بولدۇڭمۇ؟ — دېدى دوللى چۆچۈپ كېتىپ، — ساڭا نېمە بولدى، لېۋىن؟ ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال جۇمۇ ! — دوللى كۈلۈپ كەتتى، — ماڭ، ئەمدى فاننىنىڭ ئالدىغا كىرسەڭ بولىدۇ، — دېدى ئۇ ماشاغا، — ئەگەر شۇنداق قىلماي قويمايمەن دەيدىغان بولساڭ، ئەمىسە بۇ گېپىڭنى مەن ستىۋاغا دەپ باقاي، ياخشىسى، ئۇنى ستىۋا ئېلىپ كەتسۇن. ئۇنىڭغا لېۋىننىڭ ئۆيىگە يەنە مېھمان كېلىدىغان بوپتۇ، دەپ قويسا بولىدۇ. ئومۇمەن، ئۇنىڭ بىزنىڭ بۇ يەردە تۇرۇشى مۇۋاپىق ئەمەس ئىكەن.

— ياق، ياق، ئۇنىڭغا ئۆزۈم دەيمەن.

— ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇپ قالارسەنمۇ؟...

— ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ، ئىشنى خۇشال بىر تەرەپ قىلىمەن، — دېدى لېۋىن راستتىنلا خۇشال گەپ قىلىپ، — دوللى، ئۇنى كەچۈرۈۋەتكىن، ئەمدى ئىككىنچى ئۇنداق قىلمايدۇ، — دېدى لېۋىن ئۇ كىچىك جىنايەتچىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ. ماشا فاننىنىڭ ئالدىغا چىقماي، ئاپىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، قاپاقلىرىنى تۈرگەن پېتى ئۇنىڭ ئۆزىگە قارىشىنى ساقلاپ تۇراتتى.

ئاپىسى ئۇنىڭغا قارىغاندا، ئۇ يۈزىنى ئاپىسىنىڭ تىزلىرى ئارىسىغا قويۇپ پاڭىدە يىغلىۋەتتى. دوللى ئىنچىكە، يۇمشاق

قوللىرىنى ئۇنىڭ بېشى ئۈستىگە قويدى.

«ئۇنىڭ بىز بىلەن نېمە ئورتاقلىقى بار؟» لېۋىن شۇ خىيال بىلەن ۋېسلوۋسكىينى ئىزدەپ چىقىپ كەتتى.

ئۇ ئالدىنقى خانىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، خىزمەتكارىغا پويىز ۋوگزالىغا بارىدىغانغا پەيتۇنىنى قوشۇپ قويۇشنى بۇيرۇدى.

— پەيتۇنىنىڭ رېسسورى تونۇگۇن سۇنۇپ كەتكەن، — دېدى خىزمەتكار ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ.

— ئۇنداق بولسا خادىكنى قېتىڭلار. مېھمان قەيەردە؟

— ئۇياق ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتكەن.

لېۋىن ۋېسلوۋسكىينى ئىزدەپ تاپقاندا، ئۇ چامادانىدىن بىر نەرسىلىرىنى ئېلىپ، ناخشا نوتىلىرىنى كارىۋاتقا يېيىۋەتكەن، ئاتلىق بىر يەرگە بېرىپ كېلىش ئۈچۈن قونچلۇقنى كىيىپ كۆرۈۋاتقانىكەن.

لېۋىننىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ كەتكەنمۇ ياكى ۋېسلوۋسكىي بىراۋنىڭ ئۆيىدە ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ قالغانمۇ، ئىشقىلىپ، لېۋىن كىرىپ كەلگەندە چىرايى (مۇشۇنداق ئەھۋالدا يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر قانداق بولسا ئۇمۇ شۇنداق بولدى) ئۆزگىرىپ كەتتى.

— قونچلۇق كىيىپ ئات مىنمەكچىمۇسىز؟

— شۇنداق، ئات مىنگەندە قونچلۇق كىيىۋالسا ئىشتان پاكىز تۇرىدۇ، — دېدى ۋېسلوۋسكىي ئورۇندۇققا قويۇۋالغان پۇتىدىكى قونچلۇقنىڭ ئاخىرقى ئىزمىسىنى ئېتىپ تۇرۇپ خۇشال ۋە مۇلايىم كۈلكىسى بىلەن.

ۋېسلوۋسكىي شۈبھىسىز ئوبدان يىگىت ئىدى. لېۋىن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى ئۇياتچانلىقنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ ئۆي ئىگىسى تۇرۇپ مۇشۇنداق ئىشنى قىلىۋاتقىنىدىن نومۇس قىلىپ قالدى ھەم بىئارامىمۇ بولدى.

ئۈستەل ئۈستىدە بۈگۈن ئەتىگەن ئىككىسى ئېگىلىپ قالغان

قوش تورنىكنى تۈزلىمەكچى بولۇپ سۇندۇرۇۋەتكەن ياغاچنىڭ يېرىمى ياتاتتى. لېۋىن سۇنۇق ياغاچنى قولىغا ئېلىپ، نېمە دېيىشىنى بىلمەي، ياغاچنىڭ سۇنغان يېرىدىن چىقىپ قالغان ئۇششاق تارىشىلىرىنى بىر - بىرلەپ سۇندۇرۇشقا باشلىدى.

— مەن شۇنى ... — لېۋىن گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمىدى، لېكىن كىتى بىلەن باشقا ئىشلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، بىردىنلا غەيرەتكە كەلگەندەك بولدى - دە، ۋىرسلوۋسكىينىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — مەن خىزمەتكارغا دەپ سىزگە پەيتۇن تەييارلىتىپ قويدۇم.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ — ۋىرسلوۋسكي ھەيران قېلىپ سورىدى، — نەگە بارىدىغانغا؟

— سىزنى پويىز ۋوگزالىغا ئاپىرىپ قويىدىغانغا! — دېدى لېۋىن قولىدىكى ياغاچنى سۇندۇرۇپ تۇرۇپ تەرى تۇرۇلگەن ھالدا.

— سىز بىر يەرگە بارامسىز ياكى بىرەر ئىش يۈز بەردىمۇ؟

— بىزنىڭ ئۆيگە ئويلىمىغان يەردىن بىر مېھمان كېلىدىغان بولۇپ قالدى، — دەپ جاۋاب بەردى لېۋىن قولىدىكى سۇنۇق ياغاچنى سۇندۇرۇشنى بارغانسېرى ئىتتىكلىتىپ، — ياق، مېھمانمۇ كەلمەيدۇ، ئۆيدە بىرەر ئىشمۇ بولمىدى، لېكىن مەن سىزنىڭ قايتىپ كېتىشىڭىزنى لايىق تېپىپ قالدىم. مېنىڭ قىلغان بۇ ھۆرمەتسىزلىكىمنى قانداق چۈشەنسىڭىز شۇنداق چۈشىنىڭ.

ۋىرسلوۋسكي قەددىنى رۇسلاپ تىك تۇردى.

— مەن سىزدىن بۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشىڭىزنى سورايمەن ... — دېدى ۋىرسلوۋسكي ئاخىر ئېسىگە كېلىپ، ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىگە مۇناسىپ ھالدا.

— مەن سىزگە بۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيمەن، — دېدى لېۋىن ئېڭىكىنىڭ تىترەپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدۈرمەسلىك ئۈچۈن ئالدىرىماي ۋە ئاستا

سۆزلەپ، ــــ ئەڭ ياخشىسى، سەۋەبىنى سورىماڭ.
لېۋىن ياغاچىنىڭ سۇنغان يېرىدىكى چىقىپ قالغان ئۇششاق تارىشىلىرىنى سۇندۇرۇپ بولۇپ، ئاندىن ئىككى قولى بىلەن ئىككى بېشىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ ئوتتۇرىدىن سۇندۇردى، سۇنغان بىر پارچىسى قولىدىن چىقىپ كېتىۋىدى، يەرگە چۈشۈپ كەتكۈچە چاققانلىق بىلەن تۇتۇۋالدى.
لېۋىننىڭ ئاشۇ كۈچلۈك قوللىرى، بوگۇن ئەتىگەن گىمناستىكا ئوينىغاندا ئۆزى تۇتۇپ كۆرگەن مۇسكۇللىرى، چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى، ئاستا چىقىۋاتقان ئاۋازى ۋە ئېڭىكىنىڭ بوش تىترەشلىرى ۋېسلوۋسكىينى ھەرقانداق سۆزدىنمۇ بەكرەك ئۆزىگە بويسۇندۇرغان بولسا كېرەك، مۇرىسىنى كۆتۈرۈپ بوش كۈلۈپ ۋە بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.
ــــ ئوبلونسكىي بىلەن كۆرۈشۈشمىگە بولامدۇ؟
ئۇنىڭ مۇرىسىنى كۆتۈرۈپ قويۇشلىرى بىلەن سوغۇق كۈلكىسى لېۋىننىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرمىدى. «ئۇ يەنە نېمە قىلماقچى؟» دەپ ئويلىدى ئىچىدە.
ــــ بولىدۇ، ئۇنى سىزگە ھازىرلا چاقىرىپ بېرەي.
ــــ نېمىدېگەن بىمەنىلىك بۇ! ــــ دېدى ئاغىنىسىدىن لېۋىننىڭ ئۇنى ئۆيدىن قوغلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان ئوبلونسكىي مېھماننىڭ كېتىشىنى ساقلاپ باغدا ئايلىنىپ يۈرگەن لېۋىننىڭ يېنىغا كېلىپ، ــــ *ئاجايىپ بىر كۈلكىلىك گەپقۇ بۇ*! نېمە بولدۇڭ؟ چايان چېقىۋالمىغاندۇ سېنى؟ كۈلكىلىك بولغاندىمۇ ھەددىدىن زىيادە كۈلكىلىك ئىشتە بۇ! يىگىتلىكىگە قاراپلا ... ئۇنى سەن ...
لېۋىننىڭ چايان چېقىۋالغان يېرىنىڭ ئاغرىقى تېخى بېسىلمىغانىدى، ئوبلونسكىينىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ، چىرايى بىردىنلا ئاقىرىپ، شۇئان ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى.

— مەندىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىمايلا قوي ! ئىلاجىم يوق ! شۇ تاپتا مەن سەندىنمۇ، ئۇنىڭدىنمۇ ئۆيىلىپ تۇرۇپتىمەن. ئەمما، مېنىڭچە، ئۇ بۇ يەردىن كەتسە بەكمۇ ئازابلىنىپ كەتمەيدۇ، كەتمىسە خوتۇنۇم ئىككىمىز بىئارامچىلىق ئىچىدە قالىدىغاندەك قىلىمىز.

*— بۇنداق قىلساڭ ئۇ بەك رەنجىپ كېتىدۇ ! ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىشنىڭ تولىمۇ كۈلكىلىك ئىش !*

— ئەمما، مەن ھەم بىئارامچىلىق، ھەم ئازاب ئىچىدە قالىدىكەنمەن. مېنىڭ ھېچقانداق ئەيىبىم بولمىسا نېمە ئۈچۈن ئۇنداق ئازاب تارتىشىم كېرەك !

— قويساڭچۇ ! مەن سېنى بۇنداق قىلىدۇ دەپ ئويلىماپتىكەنمەن. *كۆڭلەشكە بولىدۇ، ئەمما بۇ دەرىجىگە يېتىش تولىمۇ كۈلكىلىك بىر ئىش !* — دېدى ئوبلونسكىي يەنە فرانسۇزچىنى ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلەپ.

لېۋىن ئىتتىك كەينىگە بۇرۇلۇپ ئوبلونسكىينىڭ يېنىدىن كەتتى ۋە دەرەخلىك يولنىڭ ئىچكىرىسىدىكى بىر يەردە توختاپ ئۆزى يالغۇز ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ يۈردى. ئۇزاق ئۆتمەي خادىكىنىڭ چاقلىرىنىڭ تاراقلىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدى ۋە خادىكقا سېلىپ قويغان چۆپنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغان (قېرىشقاندەك، بۇ خادىكىنىڭ ئۈستىدە سېلىنچا يوق ئىدى) ۋېسلوۋسكىينىڭ بېشىدا ھېلىقى شوتلاندىيە شەپكىسى، ئوڭغۇل - دوڭغۇل يولدا سىلكىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

«يەنە نېمە ئىش بولغاندۇ؟» دەپ ئويلىدى لېۋىن بىر ئادەمنىڭ ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ خادىكىنىڭ ئالدىنى توسۇۋالغانلىقىنى كۆرۈپ. ئەسلىدە ئۇ گېرمانىيىلىك ھېلىقى ماشىنىست بولۇپ، لېۋىن ئۇنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغانىدى. ئۇ ۋېسلوۋسكىيغا تەزىم قىلىپ بىر نېمىلەرنى دېدى، ئاندىن خادىكقا چىقىپ ئۇنىڭ بىلەن بىللە مېڭىپ كەتتى.

لىۋىننىڭ قىلغىنىغا ئوبلونسكىي بىلەن كىنەز خانىم قاتتىق خاپا بولدى. لىۋىن ئۆزىنىڭ بىمەنىلىكتە ئۇچىغا چىققانلىقىنى، گۇناھلىق ئىش قىلىپ قويغانلىقىنى ئويلاپ، باشقىلارنىڭ يۈزىگە قاراشتىن ئۇيالغانمۇ بولدى. لېكىن، يەنە خوتۇنى ئىككىسىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ئۇ ئازابلىق ئىشلارنى ئويلاپ، ئۆزىدىن ئۆزى، ئەگەر مۇشۇنداق ئىشقا يەنە ئۇچراپ قالساڭ قانداق قىلىسەن، دەپ سوراپ قويدى، ئارقىدىنلا ئۇ سوئالىغا، يەنە مۇشۇنداق قىلىمەن، دەپ جاۋاب بەردى.

شۇنداق بولسىمۇ، كەچ كىرگەندە، لىۋىننىڭ قىلغىنىنى تېخىچە كەچۈرمىگەن كىنەز خانىمدىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى خۇددى گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويۇپ، چوڭلار كەچۈرۈۋەتكەندىن كېيىن قىن ـ قىنىغا پاتماي خۇشال بولۇپ كەتكەن كىچىك باللارغا ئوخشاش ئاجايىپ ئېچىلىپ ئولتۇرۇشتى. كەچتە كىنەز خانىم ئۇخلىغىلى چىقىپ كەتكەندە، ئۇلار ۋېسلوۋسكىينىڭ ھەيدىۋېتىلگىنى توغرۇلۇق خۇددى ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى بولغان ئىشلار ئۈستىدە پاراڭلاشقاندەك پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشتى. دادىسىغا ئوخشاش قىزىق گەپ قىلىدىغان دوللى قىزىقارلىق گەپلەرنى قىلىپ ۋارېنكانى ئۇچپىيى ئۈزۈلگۈدەك كۈلدۈردى. ئۇنىڭ ۋېسلوۋسكىي توغرۇلۇق قىلغان ھەربىر ئېغىز سۆزىدە بىر كۈلكىلىك گەپ، بىر كۈلكىلىك مەزمۇن بار ئىدى.

— مېھماننىڭ ئالدىغا چىقىش ئۈچۈن يانتىكىمنى چىگىپ ئەمدىلا مېھمانخانىدىن چىقىپ تۇراتتىم، خادىكىنىڭ تاراقلاپ كېتىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلاندى. خادىكتا كەلگەن كىمدۇ، دەپ شۇنداقلا قارىسام، ۋېسلوۋسكىي ئىكەن، بېشىدا شوتلاندىيە شەپكىسى، قولىدا لىرىك ناخشىلارنىڭ نوتىسى، پۇتىغا قونچلۇق كىيىۋالغان، ئۆزى پاخالنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپتۇ. پەيتۇن قوشقۇزۇپ بەرسەڭمىچۇ كاشكى! ئۇنداقمۇ قىلماپسەن. كېيىن بىرىنىڭ: «ھاي، توختاڭلار!» دەپ ۋارقىرىغىنىنى ئاڭلاپ،

خەيرىيەت، رەھمى كەلگەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قاپتىمەن. نەدىكىنى ! قارىسام، ئۇنىڭ يېنىغا سىمىز نىمىس چىقىپ ئولتۇرۇۋاتىدۇ. ئۇ ئۇلارنى ئاشۇنداق يولغا سېلىپ قويىدى، مېنىڭ ئالايىتەن بانتىك باغلىغىنىمۇ بىكارغا كەتتى ! ...

# 16

دوللى ئۆزىنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئانىنىڭ ئالدىغا كەتتى. سىڭلىسىنى خاپا قىلىشقا، ئۇنىڭ ئېرىنىڭ كۆڭلىنى خىرە قىلىشقا دوللىنىڭ زادىلا كۆڭلى تارتمايتتى، شۇنداقتىمۇ ئامالسىز كېتىۋاتاتتى. ئۇ لېۋىن ئەر - خوتۇن ئىككىسىنىڭ ۋرونسكىي بىلەن ھېچقانداق ئالاقىدە بولماسلىق نىيىتىنىڭ دۇرۇسلۇقىنى چۈشىنىپ تۇراتتى، شۇنداقتىمۇ ئانىنى يوقلاپ كېلىشنى ئۆزىنىڭ مەجبۇرىيىتى دەپ بىلەتتى. ئۇنىڭ يەنە ئانىنىڭ ئەھۋالىدا ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان كۆڭلىنىڭ ئۆزگەرمىگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇش نىيىتىمۇ بار ئىدى.

دوللى ئۇ يەرگە بېرىپ كېلىشتە لېۋىنلارغا يۆلىنىۋېلىشنى خالىماي، ئىجارىگە ئات تېپىپ كېلىشكە مەھەللىگە ئادەم ئەۋەتتى. لېۋىن بۇ گەپنى ئاڭلاپلا ئۇنىڭ ئالدىغا كىرىپ ئۇنى ئەيىبلەپ كەتتى.

— سەن نېمىشقا ئۇ يەرگە بېرىپ كېلىشىڭنى مېنىڭ كۆڭلۈمنى خىرە قىلىدۇ دەپ ئويلايسەن؟ ئەگەر سەن مېنى شۇ ئىشىڭغا خاپا بولىدۇ دەپ ئويلىساڭ، ئۇ چاغدا مېنىڭ ئاتلىرىمنى ئىشلەتمىگىنىڭگە تېخىمۇ بەكرەك خاپا بولىمەن، — دېدى لېۋىن، — سەن ماڭا ئۇ يەرگە بارمىسام زادى بولمايدۇ، دېگەن گەپنى قىلمايلا، مەھەللىگە ئادەم ئەۋەتىپ ئىجارىگە ئات ئېلىپ

كەلمەكچى بوپسەن، بۇ ئىشنىڭ مېنىڭ ئوغامنى تېخىمۇ قايناتتى. ئۇلار ساڭا ئات بېرىپ تۇرىدۇ، ئەمما سېنى ئۇ يەرگە ئاپىرىپ قويمايدۇ. مېنىڭ ئاتلىرىم بار، ئەگەر مېنى خاپا قىلماي دېسەڭ، مېنىڭ ئاتلىرىمنى ئىشلەت.

دوللى ئۇنىڭ گېپىگە كىرىشكە مەجبۇر بولدى. يولغا چىقىدىغان كۈنى لېۋىن قېيناچىسىغا تۆت ئاتلىق پەيتۈن، يەنە يولدا ئالماشتۇرۇپ ماڭىدىغانغا زاپاس ئات تەييارلاپ بەردى. بۇ ئاتلار بەكمۇ چىرايلىق بولمىسىمۇ، ئەمما ناھايىتى قاۋۇل ئىدى، ئۇلارنى بىر كۈندە بارىدىغان يېرىگە يەتكۈزەلەيتتى، ھەممىسى تېرىلغۇغا ئىشلىتىدىغان، مىنىدىغان ئاتلاردىن ئىدى. شۇ كۈنلەردە كىنەز خانىمنى پويىز ئىستانسىسىغا ئاپىرىپ قويىدىغانغا، تۇغۇت ئانىسىنى ئېلىپ كېلىدىغانغا ئاتلار لازىم ئىدى، لېۋىننىڭ بېشىنى قاتۇرۇپ تۇرۇۋاتقانمۇ مۇشۇ ئىش ئىدى. لېكىن، ساھىبخانلىقتىن ئالغاندا، ئۇ دوللىنى باشقىلاردىن ئىجارىگە ئالغان ئات بىلەن يولغا سېلىپ قويالمايتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتلارنى ئىجارىگە ئېلىشقا يىگىرمە رۇبلى كېتەتتى، بۇ پۇل دوللى ئۈچۈن ئاز پۇل ئەمەس ئىدى، دوللىنىڭ قولى قىسقا ئىدى، بۇ جەھەتتە ئۇ دوللىغا ھېسداشلىق قىلاتتى.

دوللى لېۋىننىڭ مەسلىھەتى بىلەن تاڭ ئاتمايلا يولغا چىقتى. يوللار تۈز، پەيتۈن راھەت ئىدى، ئاتلار ئويناقلاپ چېپىپ باراتتى. پەيتۈننىڭ ئالدىدا پەيتۈنكەشتىن باشقا خوجىدارمۇ ئولتۇراتتى، ئۇنى لېۋىن چاكارلارنىڭ ئورنىدا دوللىنى دېگەن يېرىگە سالامەت ئاپىرىپ قويۇشقا ئورۇنلاشتۇرغانىدى. دوللى پەيتۈندا مۈگدەپ ئولتۇراتتى، ئاتلارنى ئالماشتۇرىدىغان دەڭگە يېتىپ كەلگەندىلا ئويغاندى.

دوللى لېۋىن سۆيەزسكىينىڭكىگە كېتىۋېتىپ چۈشۈپ ئۆتكەن ئاشۇ باي دېھقاننىڭ ئۆيىگە چاي ئىچكىلى كىرىپ، دېھقان

ئاياللار بىلەن بالىلار توغرۇلۇق پاراڭلاشتى، قېرى دېھقان بىلەنمۇ ئۇ ماختاپ توختىمىغان گراف ۋرونسكىي ئۇستىدە پاراڭلىشىپ، سائەت ئون بولغاندا يولىنى داۋاملاشتۇردى. ئۆيدە بالىلارنىڭ غېمىدە بولۇپ بىر ئىشلارنى ئويلايدىغان ۋاقتىمۇ بولمايتتى، بۇگۈنكى تۆت سائەتلىك سەپەر ئۇستىدە ئۇزاقتىن بېرى بېسىلىپ قالغان ئوي - پىكىرلىرى بىردىنلا كاللىسىغا كېلىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ پۈتۈن ھاياتىنى ھەممە تەرەپتىن بىر قۇر ئەسلەپ چىقتى. ئىلگىرى ئۇ ھېچقاچان مۇنداق ئازادە ئولتۇرۇپ خىيال سۈرۈپ باقمىغانىدى. بىردىنلا ئۆزىنىڭ بەزى ئوي - خىياللىرى ئۆزىگە غەلىتە تۇيۇلۇپ كەتتى. باشتا ئۇ بالىلىرىنى ئويلىدى، كىنەز خانىم، ئاساسەن كىتى (دولىلى كۆپرەك كىتىگە ئىشىنەتتى) بالىلارغا ئوبدان قارايمىز، دەپ ۋەدە بەرگەن بولسىمۇ، يەنىلا بالىلىرىدىن: «ماشا يەنە بەڭۋاشلىق قىلمىسا بولاتتىغۇ. گرىشانى ئات تېپىۋەتمىسىدى. لىشانىڭ قورسىقى ئاغرىپ قالمىغاي ئىلاھىم» دەپ ئەنسىرەپ ماڭدى. ئارقىدىنلا كەلگۈسىدە يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان بەزى ئىشلار رېئال مەسىلىلەرنىڭ ئورنىغا ئۆتۈۋېلىپ، بۇ يىل قىشتا موسكۋادىن يېڭى ئۆي سېتىۋېلىش، مېھمانخانا ئۆيىنىڭ سايمانلىرىنى يەڭگۈشلەش، چوڭ قىزىغا نوركا پەلتو تىكتۈرۈپ بېرىش دېگەندەك ئىشلار توغرۇلۇق خىيال سۈرۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن خىيالى تېخىمۇ يىراق كەلگۈسىدىكى ئىشلارغا كېتىپ، بالىلىرىنى قانداق چوڭ قىلىپ قاتارغا قوشۇشلارنى ئويلاپ كەتتى. «قىزلار ئانچە ئەمەس، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — ئوغۇللارنى قانداق قىلىش كېرەك.»

«ھازىرغۇ ياخشى، گرىشانى ئۆزۈم باشقۇرۇپ كېتەلەيمەن، قورسىقىمدا قالمىغاندىكىن ۋاقتىمۇ يېتەرلىك. ستىۋانى بالىلارنى باشقۇر دېگىلى بولمايدۇ ھەم ئۇ باشقۇرۇپمۇ كېتەلمەيدۇ. بالىلارنى باشقىلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆزۈم قاتارغا قوشۇپقۇ كېتەلەيمەن، لېكىن يەنە ھامىلدار بولۇپ قالسام، ئۇ

چاغدا تەس ...» ئۇشتۇمتۇت ئۇنىڭ ئېسىگە: «خوتۇن كىشى بالا تۇغۇش قارغىشىغا كەتكەن» دېگەن بىر گەپ كېلىپ قالدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، بۇ گەپ توغرا ئەمەس ئىدى. «تۇغۇشقۇ ئانچە ئەمەس، ئەمما قورساق كۆتۈرۈپ يۈرۈش ئازابلىق ئىش.» ئۇ ئاخىرقى هامىلدار ۋاقتىنى ۋە شۇ قېتىمقى تۇغۇتتا بالىسىنىڭ ئۆلۈپ قالغانلىقىنى ئەسلەپ شۇنداق ئويلاپ قېلىۋاتاتتى. ئۇ يەنە بايا چاي ئىچىپ چىققان دېھقانىنىڭ ئۆيىدىكى ياش بىر ئايال بىلەن قىلىشقان پاراڭلىرىنى ئەسلىدى. ئۇنىڭدىن بالىسىنىڭ بار - يوقلۇقىنى سورىغاندا، ئۇ چىرايلىق جۇۋان كۈلۈپ تۇرۇپ:

— بىر قىزىم بار ئىدى، خۇدا ئۇنى دەرگاھىغا ئېلىپ كەتتى، پەرھىز ئېيىنىڭ تۆتىنچى ھەپتىسىدە كۆمۈپ قويدۇق، — دەپ جاۋاب بەرگەنىدى.

— ئۇنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىگە قايغۇردۇڭمۇ؟

— قايغۇرىدىغان نېمىسى بار؟ بوۋاينىڭ نەۋرىلىرى ئۇنىڭسىزمۇ خېلى بار. بالا بولسا بىر ئاۋارىچىلىك، ئىشىڭىز ئىش بولمايدۇ، پۇت - قولىڭىز چۇشلىنىپلا قالىدىغان گەپ.

دوللى شۇ چاغدا ئۇنىڭ بەرگەن بۇ جاۋابىدىن نەپرەتلەنگەنىدى. ئۇ جۇۋان يېقىملىق، مۇلايىم بولغاچقىمۇ، دوللى ئۇنىڭ شۇ گېپىنى ئەسلەپ قالدى. بۇ گەرچە ئادىمىيلىكنى يوقاتقان گەپ بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ يوللۇق تەرىپى يوقمۇ ئەمەس ئىدى.

«قىسقىسى، — دەپ ئويلىدى دوللى ئون بەش يىللىق ھاياتىنى ئەسلەپ تۇرۇپ، — ھامىلدار بولۇش، كۆڭۈل ئاينىش، گاراڭلىق، ھېچ ئىشقا قولى بارماسلىق، ئاساسلىقى سەتلىشىپ كېتىشلەر قانداق يامان - ھە! كىتىمۇ شۇغۇ، شۇنداق چىرايلىق بىر قىز ھازىر قانداق سەتلىشىپ كەتكەن، مەنمۇ ھامىلدار بولغاندا ئاشۇنداق سەتلىشىپ كېتىمەن. تولغاق ئازابى، تۇغۇت ۋە باشقا چىدىغۇسىز ئازابلار، ئاخىرقى مىنۇتلاردىكى ...

ئۇنىڭدىن كېيىنكى بالا ئېمىتىشلەر، كىرپىك قاقماي ئۇيقۇسىز ئۆتكەن كېچىلەر... بۇ قورقۇنچلۇق ئازابلار ....»

دوللىنىڭ ھەر بىر بالىسىدا دېگۈدەك ئەمچىكىنىڭ توپچىسى يېرىلىپ كېتەتتى، شۇ چاغلاردا تارتقان ئازابلىرىنى ئەسلەپ بىردىنلا شۈركۈنۈپ كەتتى. «ئۇنىڭدىن باشقا، بالىلارنىڭ ئاغرىق - سىلاقلىرى، تۈگىمەس غەم - ئەندىشىلەر، بالىلارنىڭ تەربىيىسى، خىلمۇخىل يامان ئىللەتلىرى (ماشانىڭ مالىنا تېرىۋېتىپ قىلغان ئىشى يادىغا كېلىپ قالدى)، ئوقۇش، لاتىن تىلى ئۆگىنىش — مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى قىلىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان شۇنچىلىك مۇشكۇل ئىشلار. ئەڭ قورقۇنچلۇقى بالىلارنىڭ ئۆلۈپ قېلىشى.» بۇ خىياللارنىڭ كەينىدىنلا ئانا بولغۇچىنىڭ يۈرىكىنى پارە - پارە قىلىدىغان بەزى ئەسلىمىلەر كاللىسىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى: تاماق ئاغرىقى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن ئەڭ كىچىك ئوغلىنىڭ دەپنە كۈنى، ئادەملەرنىڭ ھال رەڭ كىچىككىنە مېيىت ساندۇقىغا پەرۋاسىز قاراپ تۇرۇشقانلىرى، ئۈستىدە زەر رەڭلىك كرېست بار مېيىت ساندۇقىنىڭ ھال رەڭ قاپقىقىنى يېپىۋاتقان ئاشۇ بىر دەقىقە ئىچىدە ئوغلىنىڭ بۇدۇر چاچلىق كىچىككىنە بېشىغا كۆزى چۈشۈپ، يۈرەك - باغرىنىڭ پارە - پارە بولغانلىقى ...

«ئۇ ئىشلار نېمە ئۈچۈن زادى؟ شۇنچە جاپالارنى تارتقانغا لايىق نېمە ھالاۋەت كۆردۈم؟ كۆرگىنىم پەقەت ئۆمۈربويى بىر مىنۇتمۇ ئارام تاپماي، دەم ئېغىر ئاياغ بولۇپ، دەم بالا ئېمىتىپ، دائىم خاپا بولۇپ، غودۇڭشىپ، ئۆزۈمنىمۇ، ئۆزگىلەرنىمۇ قىيناپ، ئېرىمنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ ئۆتۈش بولدى. مۇشۇنداق كېتىۋەرسەم ئاخىرىدا بالىلىرىم تەربىيە كۆرمىگەن بەختسىز بىچارىلەرگە ئايلىنىپ قالىدۇ شۇ. ئەگەر بۇ يىل يازنى لېۋىنلارنىڭكىدە ئۆتكۈزمىگەن بولسام، بىلمىدىم، كۈنىمىز نېمە بولارئىدىكىن. ئەلۋەتتە، لېۋىن بىلەن كىتى شۇنچىلىك ئوبدان،

شۇڭا بىز قىلچە قىسىلىپ قالمىدۇق. لېكىن، داۋاملىق تۇرۇۋېرىشكىمۇ بولمايدۇ ـ دە. ئۇلارنىڭ بالىسى بولغاندا بىزگە يەنە ياردەم بېرىشى يوق گەپ. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىمۇ تازا ياخشى ئەمەس. ئۆزىگە ھېچنېمە دېگۈدەك قالدۇرمىغان دادامنىڭ بىزگە ياردەم بېرەلىشى مۇمكىنمۇ؟ دېمەك، ھازىرقى ئەھۋالدا بالىلارنى ئۆزۈم يالغۇز بېقىپ كېتەلمەيمەن، باشقىلاردىن يېلىنىپ ياردەم تىلەشكىمۇ بولمايدۇ. بالىلارنىڭ بىرەرىگە قازا يېتىپ قالمىسىلا بولغىنى، بىر ئامالىلارنى قىلىپ بېقىپ كېتەرمەن. ئۇلاردىن يامان بالىلار چىقىپ قالمىسىلا بولدى، ئەڭ چوڭ ئۈمىدىممۇ شۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن مەن يەنە قانچىلىك جاپا تارتىمەن، قانچىلىك قان ـ تەر ئاققۇزىمەن، بىلىپ بولمايدۇ ... مېنىڭ ئۆمرۈم مۇشۇنداق ئۆتۈپ كېتىدۇ.» دوللى ئۇ ياش جۇۋاننىڭ سۆزىنى يەنە ئېسىگە ئېلىپ، ئازاب بىلەن شۇ ئىشلارنى ئەسلەپ قالدى، ئەمما ئۇنىڭ شۇ گەپلىرىنىڭ ئىچىدە قوپال بىر ھەقىقەتنىڭ بارلىقىغا قوشۇلمايمۇ تۇرالمىدى.

— قانداق، مىخايلا، يەنە قانچىلىك يول بار؟ — ئۇ ئۆزىنى قورقۇنچقا سېلىۋاتقان خىياللاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن خوجىداردىن سورىدى.

— مۇشۇ يېزىدىن ھېسابلىغاندا يەنە يەتتە چاقىرىم بار دېيىشىدۇغۇ.

پەيتۇن مەھەللە ئىچى بىلەن مېڭىپ كىچىك بىر كۆۋرۈككە يېتىپ باردى. چىگە ئارغامچىلارنى ئۆشنىسىگە ئارتىۋالغان بىر توپ دېھقان خوتۇنلار كۈلكە ـ چاقچاقلار بىلەن خۇشال پاراڭلىشىپ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. پەيتۇننى كۆرۈپ ھەممىسى جايىدا توختاپ ھەيران بولۇشقان ھالدا قاراپ قېلىشتى. بۇ ساغلام ئاياللارنىڭ خۇشال كەيپىياتلىرى دوللىغا خۇددى شۇ كەيپىياتلىرىنى كۆز ـ كۆز قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. «ھەممە ئادەم خۇشال، ھەممە ئادەم ھاياتنىڭ پەيزىنى

سوروۋېتىپتۇ، ــــ دوللى ئۇ خوتۇنلارنى ئارقىدا قالدۇرۇپ ئالدى تەرەپتىكى دۆڭگە قاراپ بوش تەۋرىنىپ كېتىۋاتقان كونا پاسوندىكى پەيتۇندا شۇ خىياللارنى قىلىپ ئولتۇراتتى، ــــ مەن بولسام يېڭىدىن تۇرمىدىن چىققان مەھبۇسقا ئوخشاش، ئويلايدىغىنىم كۆپ، جاپادا ئۆتۈۋاتىمەن. مانا مۇشۇ سەپەردىلا ماڭا ئازراق ئاراملىق بوپتۇ. ھەممىسى ــــ ئاشۇ دېھقان خوتۇنلارمۇ، سىڭلىم ناتالىيەمۇ، ۋارېنكامۇ، مەن ئالدىغا كېتىۋاتقان ئاننامۇ ھالاۋەت ئىچىدە خۇشال ياشاۋاتىدۇ، يالغۇز مەنلا شۇ خۇشاللىقنىڭ سىرتىدا.»

«ئۇلار ئاننانى ئەيىبلىشىدۇ. ئۇ نېمە قىپتۇ؟ مەن ئۇنىڭدىن ياخشىمۇ؟ ھەر ھالدا مېنىڭ ئۆزۈم ياخشى كۆرىدىغان ئېرىم بار، كۆڭلۈمدىكىدەك بولمىسىمۇ يەنىلا ئۇنى ياقتۇرىمەن. لېكىن، ئاننا ئېرىنى ياخشى كۆرمەيدۇ. ئاننانىڭ گۇناھى زادى نېمە؟ ئۇمۇ ياشىشنى كېرەك، خۇدا ھەممىمىزنىڭ دىلىغا ئاشۇ ئارزۇنى سالغان. ئەگەر ئۇنىڭ ئورنىدا بولغان بولسام مەنمۇ شۇنداق قىلىشىم مۇمكىن. ئاشۇ مۇشكۇل كۈنلەردە ئۇ موسكۋاغا مېنى دەپ بارغان. شۇ چاغدا ئۆزۈمنىڭ قىلغىنىمنىڭ توغرا ياكى خاتا بولغانلىقىنى ھازىرغىچە بىلەلمەي كېلىۋاتىمەن. شۇ كۈنلەردە مەن ئېرىمنى تاشلاپ تۇرمۇشۇمنى باشقىدىن باشلىسام بوپتىكەن. بەلكىم بىرەر ئادەمنى چىن كۆڭلۈمدىن ياخشى كۆرۈپ قېلىشىم ياكى باشقىلار تەرىپىدىن ياخشى كۆرۈلۈپ قېلىشىممۇ مۇمكىن ئىدى. بىر ھېسابتا ھازىرقىدەك مۇشۇنداق ياشىغىنىممۇ ياخشىدۇ ـ ھە؟ مەن ئېرىمنى ھۆرمەت قىلمايمەن، ئۇنىڭغا موھتاجمۇ ئەمەسمەن، ــــ ئۇ بىردىنلا ئېرىنى ئويلاپ قالدى، ــــ مەن ئۇنى مەيلىگە قويۇۋېتىپ قالدىم. شۇنداق قىلغىنىم توغرا بولدىمۇ؟ ئۇ چاغلاردا مېنى ياخشى كۆرىدىغانلار بار ئىدى، چىرايىمدىنمۇ كەتمىگەنىدىم.» دوللى شۇنداق خىياللاردا بولۇۋېتىپ، بىردىنلا ئەينەككە قاراپ باققۇسى كېلىپ قالدى. قول سومكىسىدا سەپەردە كۆرىدىغان ئەينىكى بار ئىدى،

ئەينەكنى ئېلىپ كۆرۈپ باققۇسى كەلدى، لېكىن كەينىگە قايرىلىپ، پەيتۇنكەش بىلەن ئىرغاڭلاپ ئولتۇرغان خوجىدارنىڭ دۈمبىسىگە قاراپ، ئىككىسىنىڭ بىرى كەينىگە قاراپ قالسا سەت بولمىسۇن، دەپ ئويلاپ ئەينەكنى ئالمىدى.

دوللى ئەينەككە قارىماي تۇرۇپمۇ، ئىچىدە يېشىنىڭ ئانچە چوڭ ئەمەسلىكىنى، بىر ئىش قىلاي دېسە ھازىرمۇ ئۈلگۈرىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئېرىنىڭ ئاغىنىسى سېرگېي ئىۋانوۋىچنى ئېسىگە ئالدى. ئۇ ئۇنىڭغا تولىمۇ ياخشى مۇئامىلە قىلاتتى، بالىلىرىغا قىزىل چىقىپ قالغاندا ئۇنىڭ بىلەن بىللە بالىلارغا بەكمۇ ياخشى قارىغان، ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر يىگىتمۇ بار بولۇپ، ئېرىنىڭ چاقچاق قىلىپ دېيىشىچە، ئۇ ئۇنى ئۇچ ئاچا ـ سىڭىلنىڭ ئىچىدە ئەڭ چىرايلىقى دېگەنىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن دوللى بىر مەزگىل ئەڭ قىزغىن ۋە ئەڭ بىمەنە ئىشق ئوتىدا پۆچىلىنىپ يۈردى. «ئاننا خويمۇ ئوبدان قىپتىكەن، مەن ئۇنى زادىلا يامانلىمايمەن. ئۇ ئۆزىنىمۇ، باشقا بىرىنىمۇ بەختلىك قىلدى، ماڭا ئوخشاش ئېزى نېمىلا دېسە ماقۇل دەپ تۇرمىدى. ئۇ ھەر قاچانقىدەك ھازىرمۇ چوقۇم شۇنداق گۈزەل، يېقىملىق، ئەقىللىق، ئوچۇق ـ يورۇق.» دوللى شۇلارنى خىيال قىلىپ، بولۇپمۇ ئاننانىڭ ھېسسىياتىغا بېرىلىدىغانلىقىنى ئويلاپ مېيىقىدا مەنىلىك كۈلۈپ قويدى ۋە ئۆزىنىمۇ ئانناغا ئوخشاش ئاشۇنداق ئىشقۋازلىققا بېرىلگەن، ۋۇجۇدىغا خىلمۇخىل ئالاھىدىلىكلەر مۇجەسسەملەنگەن تەسەۋۋۇرىدىكى بىر ئەرنى ئۆزىگە ئاشىق بولۇپ قالغان ھالەتتە كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئانناغا ئوخشاش مەنمۇ ھەممە سىرىمنى ئېرىمگە ئېيتسام، بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندا ستىۋا ھاڭ ـ تاڭ قېلىپ تەمتىرەپ كەتسە، دەپ ئويلاپ ئىختىيارسىز كۈلۈپ كەتتى.

ئۇ شۇنداق خىياللارنى قىلىپ ئولتۇرغاندا، ئۇ ئولتۇرغان پەيتۇن چوڭ يولدىن ۋوزدۋىژېنسك تەرەپكە قايرىلدى.

# 17

پەيتۇنكەش تۆت ئاتلىق پەيتۇننى توختىتىپ، ئوڭ تەرەپتىكى قارا بۇغدايلىقتا قارىدى، بۇغدايلىقتىكى بىر ھارۋىنىڭ يېنىدا بىرنەچچە دېهقان ئولتۇراتتى. خوجىدار پەيتۇندىن چۈشمەكچى بولۇۋېتىپ بىردىنلا توختاپ قالدى ـ دە، بۇيرۇق ئاھاڭدا ئۇلارغا توۋلاپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرىنى بېرى كېلىشكە قولى بىلەن شەرەت قىلدى. پەيتۇن بايا ئۇچقاندەك كېلىۋاتقاندا يەلپۈپ تۇرغان شامال پەيتۇن توختىغاندا چىپپىدە توختاپ، نۇرغۇن كۆكۈيۈن تەرگە پاتقان ئاتلارنىڭ دۈمبىلىرىگە قونۇۋېلىپ چېقىشقا باشلىدى، ئاتلار غەزەپ بىلەن ھەدەپ قۇيرۇقلىرىدا ئۆزىنى قورۇپ، ئۇلارنى ئۆزىدىن قاچۇرۇشقا تىرىشاتتى. ھارۋا يېنىدىكى چالغا چىڭداۋاتقان ئاۋازلار توختاپ، بىر دېهقان ئورنىدىن تۇرۇپ پەيتۇن تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

— نېمانداق مىسىلداپ ماڭىسەن! — دەپ ئاچچىقى بىلەن ۋارقىرىدى خوجىدار ھارۋىلارنىڭ چاقلىرى قالدۇرۇپ كەتكەن ئىز بىلەن ئاستا مېڭىپ كېلىۋاتقان يالاڭ ئاياغ دېهقانغا، — ئىلدام ماڭمامسەن!

بۇدۇر چېچى ئۇستىگە چۆپتىن توقۇۋالغان چەمبەر كىيىۋالغان، تەردىن ھۆل بولۇپ كەتكەن دۈمبىسى مۈكچىيىپ قالغان ئۇ بوۋاي قەدىمىنى ئىتتىكلىتىپ پەيتۇننىڭ يېنىغا كېلىپ، كۆندە قارىداپ كەتكەن بىر قولى بىلەن پەيتۇننىڭ قانىتىنى تۇتۇۋالدى.

— ۋوزدۇنژېنسكىغا بارامسىلەر؟ گراف بېگىمنىڭكىگىمۇ؟ — دەپ، كەينى ـ كەينىدىن سوراپ كەتتى ئۇ دېهقان، — ئالدىڭدىكى دۆڭدىن ئۆتۈپ سولغا قايرىلىسەن، ئاندىن چوڭ يولنى بويلاپ

ئۇدۇل ماڭساڭ يېتىپ بارسەن. سىلەرگە كىم كېرەك؟ گرافنىڭ ئۆزىمۇ؟
— ھىم. تاغا، ئۇلار ئۆيدىمۇ؟ — دوللى قېرى دېھقاندىن ئاننانىڭ ئەھۋالىنى قانداق سوراشنى بىلمەي، مۇجمەللا گەپ قىلدى.
— ئۇلار كۆپىنچە ئۆيدە بولىدۇ، — دېدى دېھقان لاي دەسسەپ تۇرغان پۇتلىرىنى پات ـ پات يۆتكەپ تۇرۇپ. ھەر قېتىم يۆتكىگەندە پاتقاقتا بەش بارمىقى بىلەن تاپىنىنىڭ ئىزلىرى ئېنىق قالاتتى، — ئۇلار كۆپىنچە ئۆيدە بولىدۇ، — دېدى ئۇ باشتىكى گېپىنى يەنە تەكرارلاپ. ئۇنىڭ ئۇلار بىلەن كۆپرەك پاراڭلاشقۇسى باردەك قىلاتتى، — تۈنۈگۈن ئۇلارغا مېھمان كەلدى، مېھمىنى بەكمۇ كۆپ ... ھە، نېمە دەيسەن؟ — ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ، ھارۋىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ئۆزىگە گەپ قىلغان يىگىتكە قاراپ ۋارقىرىدى، — ھە، توغرا ! ئۇلار تېخى يېڭىلا ئاتلىرىغا مىنىپ مەشەدىن ئۆتۈپ كېتىشكەن، بۇغداي ئورۇش ماشىنىسىنى كۆرگىلى بارسا كېرەك. قايتىدىغان ۋاقتىمۇ بولدى. نەدىن كېلىشىڭلار؟ ...
— بىز يىراقتىن كەلدۇق ! — دېدى پەيتونكەش پەيتونىدىكى ئورنىغا چىقىپ كېتىۋېتىپ، — بۇ گەپچە، ئۇلارنىڭكىگە ئاز قاپتۇق ـ دە؟
— دېدىمغۇ، ئاز قالدىڭلار دەپ، ئەنە ئاۋۇ دوقمۇشتىن ئايلانساڭلارلا ... — دېدى قېرى دېھقان پەيتونىنىڭ قانىتىنى بارماقلىرى بىلەن توكۇلدىتىپ تۇرۇپ.
گەۋدىلىك، كۈچلۈك بىر يىگىتمۇ پەيتونىنىڭ يېنىغا كەلدى.
— قانداق، ئورما ئورۇشقا ئادىمىڭلار يېتىشمەيۋاتامدۇ؟ — دەپ سورىدى يىگىت.
— بىلمەيمەن، ئۇكا.
— ئاۋۇ يەرگە بېرىپ سولغا قايرىلساڭلا يېتىپ بارسەن، — دېدى قېرى دېھقان يەنە، گېپىدىن ئۇلارنى قويۇۋەتمەي يەنە

پاراڭلاشقۇسى بارلىقى چىقىپ تۇراتتى.

پەيتۇنكەش ئاتلىرىنى قوزغاپ ئەمدىلا سولغا ئەگىلگەنىدى، قېرى دېھقان ئۇنى چاقىرىپ قالدى.

— توختا! ھاي، دوستۇم، توختا! — دەپ ۋارقىرىغان ئىككى كىشىنىڭ ئاۋازى تەڭلا ئاڭلاندى.

پەيتۇنكەش ئاتلارنى توختاتتى.

— ئەنە، ئۇلار كېلىشىۋاتىدۇ! كۆردۈڭمۇ، كېلىۋاتقانلار ئاشۇلار، — دەپ توۋلاپ كەتتى قېرى دېھقان، — توپ بولۇپ كېلىشىۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ يەنە تۆت ئاتلىق بىلەن سايىۋەنلىك ھارۋىدا كېلىۋاتقان ئىككى ئادەمنى كۆرسىتىپ.

ئاتلىق كېلىۋاتقانلار ۋرونسكىي، بەيگىچى ئادەم، ۋېسلوۋسكىي بىلەن ئاننا، ھارۋىدىكىسى ۋارۋارا بىلەن سۋىيەژسكىي ئىدى. بۇ ئۇلارنىڭ ئاتلىق سەيلە قىلىپ كەلگەچ ئاشلىق ئورۇش ماشىنىسىنى كۆرۈپ قايتىشى ئىدى.

پەيتۇن توختاپ تۇردى، ئاتلىقلارمۇ ئاستا ـ ئاستا يېقىنلاشتى. ئاننا بىلەن ۋېسلوۋسكىي ھەممىنىڭ ئالدىدا يانمۇ يان كېلىشىۋاتاتتى. ئاننا يالى قىرقىۋېتىلگەن كالتە قۇيرۇقلۇق، پۇتلىرى قىسقا ئىنگلىز ئېتىدا ئىدى. ئۇنىڭ چوقچايتىپ كىيىۋالغان شلەپىسىنىڭ تېگىدىن قاپقارا چاچلىرى چىقىپ تۇرغان چىرايلىق بېشى، تولۇق كەلگەن مۈرىلىرى، ئات مىنگەندە كىيىدىغان كۆڭلىكىدە نازۇك كۆرۈنۈپ تۇرغان بەدىنى، ئات ئۈستىدە جىلۋە بىلەن ۋەزمىن ئولتۇرۇشى دوللىنى ھەيران قالدۇردى.

ھە دېگەندىلا دوللىغا ئاننانىڭ ئات مىنىپ يۈرگىنى ئۇياتلىق ئىشتەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئايال كىشىنىڭ ئات مىنىشى ياش قىزلارنىڭ خۇلق چىقىرىپ نازلىنىپ كېتىشلىرى بىلەن پەرقسىز ئىدى، شۇڭا ئۇ ئاننانىڭ ئەھۋالىغا ئات مىنىپ يۈرۈش مۇۋاپىق كەلمەيدۇ، دەپ ئويلايتتى. لېكىن، ئاننانى يېقىن كەلگەندە كۆز ئۈزمەي تەپسىلىي ئۈتكۈزۈپ، ئات مىنسە ئۇنىڭغا

بەكمۇ يارىشىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدى. ئانىنىڭ لاتاپىتى، زىلۋا قامىتى، كىيگەن كىيىملىرى ۋە ھەرىكەتلىرىدە ئاددىيلىق، ۋەزمىنلىك، تەبىئىيلىك، چوڭ سۆپەتلىك ھۆكۈم سۈرەتتى.

كەينىدە لېنىنسى لەپىلدەپ تۇرىدىغان شوتلاندىيە شەپكىسىنى كىيىۋالغان، شاش بىر بوز ئاتنى مىنىۋالغان ۋېسلوۋسكىي سېمىز پۇتلىرىنى ئالدىغا سوزۇپ ئانىنىڭ يېنىدا گىدىيىپ كېلىۋاتاتتى. دوللى ئۇنى كۆرۈپلا تونۇپ، ئىختىيارسىز كۈلۈپ كەتتى. ئۇ ئىككىسىنىڭ كەينىدە ۋرونسكىي كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ مىنىۋالغان نەسىللىك جەرەن ئېتى پۇتۇن بەدىنىدىن پۇرقىراپ تەر قۇيۇلۇپ، تىزگىن سىيرىپ كېلىۋاتاتتى.

ۋرونسكىينىڭ كەينىدە بەيگىچىلەر كىيىمى كىيگەن پاكار بىر ئادەم كېلىۋاتاتتى. قاۋۇل بىر قارا ئات قوشۇلغان ئىككى چاقلىق لەمپىلىك يېڭى ھارۋىدا سۋىيەژسكىي بىلەن كىنەز خانقىز ئاتلىقلارنى قوغلىشىپ كېلىۋاتاتتى.

ئاننا بىر قاراپلا كونا پەيتونىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا تۈگۈلۈپ ئولتۇرغان ئورۇق ئايالنىڭ دوللى ئىكەنلىكىنى تونۇپ، چىرايىدا خۇشال كۈلكە چاقناپ كەتتى ۋە بىردىنلا توۋلاپ، ئېتىنى دېۋىتىپ پەيتونغا قاراپ چاپتۇردى. پەيتونىنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلگەندە بىرەرىنىڭ ئاتتىن چۈشۈرۈپ قويۇشىنى ساقلىماي ئۆزى ئىرغىپ چۈشتى ـ دە، قوللىرى بىلەن ئۇزۇن كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىنى كۆتۈرۈپ دوللىغا قاراپ يۈگۈردى.

— سېنى كەلسىكەن دەپ شۇنچىلىك زارىقتىم، لېكىن يەنە بۇ خىيالىمنى خام خىيال دەپمۇ بىلدىم. ئاھ، دوللى، كېلىپ مېنى ئالەمچە خۇشال قىلدىڭ! مېنىڭ قانچىلىك خۇشال بولغانلىقىمنى تەسەۋۋۇر قىلالمايسەن! — ئاننا دەم مەڭزىنى دوللىنىڭ مەڭزىگە ياقاتتى، ئۇنى سۆيۈپ قوياتتى، دەم ئۆزىدىن نېرى قىلىپ ئۇزاق قاراپ كېتەتتى.

— ئالېكسېي، مېنىڭ قانچىلىك خۇشال بولغىنىمنى بىلەمسەن! — دېدى ئاننا كەينىگە قايرىلىپ، ئېتىدىن چۈشۈپ ئۆزلىرى تەرەپكە كېلىۋاتقان ۋرونسكىيغا.

ۋرونسكىي كۆل رەڭ ئېگىز شەپكىسىنى بېشىدىن ئېلىپ دوللىنىڭ يېنىغا كەلدى.

— بىزگە مېھمان بولۇپ كېلىشىڭىزنىڭ بىزنى قانچىلىك خۇشال قىلىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايسىز، — دېدى ۋرونسكىي بۇ گەپنى ئالاھىدە ئۇرغۇ بىلەن دەپ. ئارقىدىن ئۇ كۈلگەندى، مۇستەھكەم ئاپئاق چىشلىرى كۆرۈنۈپ قالدى.

ۋېسلوۋسكىي ئاتتىن چۈشمەي، بېشىدىن شوتلاندىيە شەپكىسىنى ئېلىپ، لېنتىسىنى لەپىلدىتىپ تۇرۇپ مېھمانغا خۇشال سالام بەردى.

— بۇياق كىنەز ۋارۋارا خانقىز بولىدۇ! — دەپ تونۇشتۇردى ئاننا ئىككى چاقلىق ھاۋا يېتىپ كەلگەندە دوللىنىڭ سوئال نەزىرى بىلەن قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ.

— ھە! — دەپ قويدى دوللى چىرايى ئىختىيارسىز ئازراق تۇتۇلۇپ. كىنەز ۋارۋارا خانقىز ئۇنىڭ ئېرىنىڭ ھاممىسى ئىدى. دوللى ئۇنى بۇرۇندىنلا بىلەتتى ھەم ئانچە كۆزگە ئىلمايتتى. دوللى يەنە ۋارۋارانىڭ پۈتۈن ئۆمرىنى باي تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيلىرىدە تەييارتاپلىق بىلەن ئۆتكۈزۈپ كېلىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلەتتى. ھازىر ئۇنىڭ پۈتۈنلەي يات بىر ئادەمنىڭ — ۋرونسكىينىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئېرىنىڭ ھاممىسى ئىكەنلىكىنى ئويلاپ قاتتىق نومۇس قىلدى. ئاننا دوللىنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشنى دەررۇ سېزىپ بىر خىل بولۇپ قالدى ھەم ۋىللىدە قىزاردى. شۇ جىددىيچىلىكتە بىر قولىدا كۆتۈرۈۋالغان كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكى قولىدىن چۈشۈپ كېتىۋىدى، ئۇنى دەسسىۋېلىپ ئالدىغا مۈدۈرۈپ كەتتى.

دوللى توختىغان ئىككى چاقلىق ھارۋىنىڭ يېنىغا بېرىپ،

كىنەز ۋارۋارا خانقىز بىلەن سوغۇقلا سالاملىشىپ قويدى. ئۇ سۆيەژسكىينىمۇ بىلەتتى. ئۇ دوللىدىن غەلىتە تەبىئەتلىك دوستى بىلەن ئۇنىڭ ياش خوتۇنىنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. ئارقىدىن بىر - بىرىگە پار كەلمىگەن ئاتلار بىلەن قاناتلىرى يامالغان پەيتونغا لەپپىدە بىر قاراپ قويۇپ، خانىملارنى ئۆزىنىڭ لەمپىلىك هارۋىسىدا ئولتۇرۇپ مېڭىشقا تەكلىپ قىلدى.

— مەن سىلەرنىڭ پەيتۇندا ئولتۇراي، — دېدى سۆيەژسكىي، — بۇ ئات ناھايىتى ياۋاش، ئۇنىڭ ئۈستىگە كىنەز خانقىزمۇ هارۋا هەيدەشكە ئۇستا.

— ياق، سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ هارۋاڭلاردا ئولتۇرۇپ مېڭىڭلار، — دېدى ئاننا ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، — بىز پەيتۇندا كېتىۋېرىمىز، — ئۇ شۇنداق دەپلا دوللىنى قولتۇقلاپ ماڭدى.

دوللى ھېچقاچان كۆرۈپ باقمىغان بۇ ھەشەمەتلىك هارۋىنى، ھەم ئاجايىپ چىرايلىق ئاتلارنى، ئەتراپىدىكى سۆلەتلىك ئېسىلزادىلەرنى كۆرۈپ كۆزلىرى ئالاچەكمەن بولۇپ كەتتى. ئۇنى ھەممىدىن بەكرەك ھەيران قالدۇرغان نەرسە ئۆزىگە تونۇشلۇق ھەم ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئاننانىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئۆزگىرىشلەر بولدى. ئاننا ئانچە بىلىپ كەتمەيدىغان، بولۇپمۇ يولدا كەلگۈچە دوللى ئويلاپ كەلگەن خىياللارنى كاللىسىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان، ئاننانى دوللىغا ئوخشاش ئىنچىكە كۆزىتەلمەيدىغان ئايال بولغان بولسا، ئاننانىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايدىغان ئۆزگىچىلىكلەرنى كۆرۈپ يېتەلمىگەن بولاتتى. دوللى بولسا شۇ تۇرقىدا ئاننانىڭ چىرايىدىكى قىزغىن مۇھەببەت ئىچىدە تۇرۇۋاتقان ئاياللاردىلا بولىدىغان ئۆزگىچە بىر گۈزەللىكنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتاتتى ۋە كۆرۈپ ھەيران قېلىۋاتاتتى. ئاننانىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى ھەممە نەرسە چىرايىغا تېپىپ تۇراتتى، ئىككى مەڭزى ۋە ئىككى قوۋۇزىدىكى روشەن كۆرۈنۈپ تۇرغان زىنىخلىرى، لەۋلىرىنىڭ چىرايلىق نەپىس سىزىقلىرى، يۈزىنىڭ ھەممە يېرىدە ئوينىاپ



تۇرغان تەبەسسۇملىرى، كۆزلىرىدىكى تىنماي جىلۋىلىنىپ تۇرغان نۇر، يۇرۇش - تۇرۇشىدىكى نازاكەت ۋە چاققانلىق، ئاۋازىنىڭ تاتلىقلىقى ۋە يېقىملىقلىقى، ھەتتا ۋېسلوۋسكىينىڭ سوئالىغا (ئۇ ئانىنادىن ئۇ مىنگەن ئاتقا قوزغالغاندا بىرىنچى بولۇپ ئوڭ پۇتىنى چىقىرىپ مېڭىشنى ئۆگىتىپ قويۇشنى سورىغانىدى) يېرىم خاپا، يېرىم ناز بىلەن بەرگەن جاۋابى — ھەممە، ھەممە نەرسىسى ھەرقانداق ئادەمنى ئەقىل - ھوشىدىن ئايرىۋېتەتتى. بۇنى ئاننا ئۆزىمۇ بىلسە كېرەك، ناھايىتى مەغرۇر ئىدى.

ئىككىسى پەيتۇنغا چىقىپ ئولتۇرۇپ بولۇپ، خىجالەت بولغاندەك بىر - بىرىگە قارىشىپ قويدى. ئانىنانىڭ خىجالەت بولۇشى دوللىنىڭ ئۆزىگە سوئال نەزىرى بىلەن دىققەت قىلىپ قاراپ قىلىۋاتقىنىدىن بولسا، دوللىنىڭ خىجالەت بولغىنى سۋىيەژسكىينىڭ ئۆزى ئولتۇرۇپ كەلگەن پەيتۇننى ياراتمىغاندەك قىلغان گېپى ھەم ئاننا ئىككىسىنىڭ بۇ ئەبجەق پەيتۇنغا ئولتۇرۇپ ماڭغانلىقىدىن بولۇۋاتاتتى. پەيتۇنكەش فىلىپ بىلەن خوجىدارمۇ خۇددى شۇنداق ئويدا ئىدى. خوجىدار ئۆزىدىكى بۇ خىجىلچىلىقنى چاندۇرماسلىق ئۈچۈن ئالدىراپ - تېنەپ خېنىملارنى يۆلەپ پەيتۇنغا چىقىرىپ قويدى. فىلىپ خاپا چىراي ئىدى، ئۇلارنىڭ ھارۋىسىنىڭ تاشقى ھەشەمىتىنى كۆرۈپ ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويسام بولمايدۇ، دەۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ ئۇلارنىڭ ئۇ قاراگىر ئايغىرىغا قاراپ، ئىچىدە، ئۇ پەقەت مۇشۇنداق «ساياھەت ھارۋىلىرى» غىلا يارايدۇ، بىزنىڭ ئاتلارغا ئوخشاش بۇگۇنكىدەك قاتتىق ئىسسىقتا قىرىق چاقىرىم يول ماڭالمايدۇ، دەپ ئويلاپ، دىمىغىدا كۈلۈپ قويدى.

ھارۋىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان دېھقانلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ مېھمانلارنىڭ بۇ ئاجايىپ ئۇچرىشىشىغا ھەيران بولۇپ قاراپ قېلىشتى ۋە ھەر كىم ئۆزىنىڭ ئويلىغىنىنى دېيىشتى.

— پاھ، خۇشال بولۇشۇپ كەتكىنىنى قارا ۋۇي ئۇلارنىڭ !

كۆرۈشمىگىنىگە ئۇزاق بولغان بولسا كېرەك، — دېدى بېشىغا شاخ - شۇمبىدىن چەمبىرەك كىيىۋالغان بۇدۇر چاچلىق قېرى دېھقان.

— گېراسىم تاغا، ئاۋۇ قاراگىر ئايغىر بىلەن باغ توشۇساڭ قانداق كۆڭۈللۈك - ھە !

— قارا، ئاۋۇ گەلەپى ئىشتان كىيىۋالغىنى خوتۇن كىشىمۇ نېمە؟ — دېدى بىر دېھقان ئايالچە ئېگەر ئۇستىدە ئولتۇرۇۋالغان ۋېسلوۋسكىينى كۆرسىتىپ.

— ياق، ئەر كىشى. ئاتقا مىنگەن چاغدىكى چاققانلىقىدىنمۇ بىلمىدىڭمۇ !

— ھەي، بۇرادەرلەر، ئازراق بولسىمۇ ئۇخلىۋالمايمىزمۇ؟

— شۇ تۇرقىدا كۆزلەرگە ئۇيقۇ كېلەمدۇ؟ — دېدى قېرى دېھقان كۈنگە سىڭارىيان قاراپ قويۇپ، — كۈن قايرىلىپتۇ ! چالغىلىرىمىزنى ئېلىپ ئىشىمىزغا ماڭايلى.

## 18

ئاننا دوللىنىڭ جۈدەڭ، تاتىراڭغۇ، قورۇق باسقان يۈزىگە قاراپ، نېمانچە ئورۇقلاپ كەتتىڭ، دېمەكچى ئىدى، لېكىن ئۆزىنىڭ تېخىمۇ تولۇپ چىرايلىقلىشىپ كەتكەنلىكىنى، دوللىنىڭ ئۆزىگە قاراپ تۇرغان كۆزلىرىدىنمۇ شۇنداق مەنە چىقىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويدى - دە، ئۆزى توغرۇلۇق سۆزلەپ كەتتى.

— سەن ماڭا قاراپ، — دېدى ئاننا، — ئىچىڭدە، چوقۇم شۇ ئەھۋالدا تۇرۇپمۇ يەنە بەختلىكمىدۇ، دەپ ئويلاۋاتقان بولۇشۇڭ مۇمكىن. ساڭا سۆزلەپ بېرىشتىن ئازراق خىجىل بولۇۋاتساممۇ، بوپتۇ، سۆزلەپ بېرەي. مەن ... مەن ھەددىدىن تاشقىرى

بەختلىكمەن. مەن ئاجايىپ بىر مۆجىزىگە يولۇققاندەك بولدۇم. قورقۇنچلۇق چۈش كۆرۈپ، چۆشۈمدىن تۇيۇقسىز ئويغىنىپ، ئۇنىڭ چۈش ئىكەنلىكىنى بىلىپ خاتىرجەم بولغان ئادەمدەك بولۇپ قالدىم. مەن ئويغاندىم، شۇنچە دەھشەتلىك ئازابلارنى، شۇنچە ئوقۇبەتلەرنى بېشىمدىن كەچۈردۈم. ھازىر ھەممە ئىشلار ئۆتۈپ كەتتى. بولۇپمۇ بىز بۇ يەرگە كەلگەندىن بېرى ئۆزۈمنى تېخىمۇ بەختلىك سېزىدىغان بولدۇم! ... — ئاننا شۇ گەپلەرنى قىلىۋېتىپ، ئىنزا تارتىۋاتقاندەك ۋە دوللىنى نېمە ئويلاۋاتىدىكىن دەۋاتقاندەك ئۇنىڭغا قاراپ - قاراپ قوياتتى.

— سېنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ قەۋەتلا خۇشال بولدۇم، — دېدى دوللى كۈلۈپ تۇرۇپ، ئەمما تەلەپپۇزى سوغۇقراق ئىدى، — سەن ئۈچۈن تولىمۇ خۇشالمەن. نېمىشقا ماڭا خەت يازمىدىڭ؟

— نېمىشقا دەمسەن؟ ... جۈرئەت قىلالمىدىم ... مېنىڭ قانداق ئەھۋالدا تۇرۇۋاتقىنىمنى ئۇنتۇپ كەتكىن ...

— ماڭا ھە؟ ماڭا خەت يېزىشقا پېتىنالمىدىڭ؟ بىلسەڭ ئىدىڭ ... مېنىڭ قانچىلىك ...

دوللى بۈگۈن يولدا كەلگۈچە ئويلىغانلىرىنى ئانناغا دەۋېتىشكە تاس قېلىپ، ئۇنداق قىلىشنىڭ مۇۋاپىق ئەمەسلىكىنى ئويلىدىمۇ، توختاپ قالدى.

— بۇ ئىشلار توغرۇلۇق كېيىن پاراڭلىشايلىلا. ھوي، ئاۋۇ قانداق ئىمارەتلەر؟ — دوللى گەپنى باشقىغا يۆتكەش مەقسىتىدە، قاتار ئاكاتسىيە دەرەخلىرى بىلەن ئىپار گۈللەرنىڭ ئارىلىرىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان قىزىل ۋە يېشىل ئۆگزىلىك ئىمارەتلەرنى كۆرسىتىپ سورىدى، — بۇ كىچىك بىر شەھەرنىڭ ئۆزىلىغۇ.

لېكىن، ئاننا ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمىدى.

— توختا، توختا! مېنىڭ ئەھۋالىم توغرۇلۇق سەن قانداق ئويلايسەن؟ — سورىدى ئاننا ئۇنىڭدىن.

— مەن سېنى ... — دوللى ئەمدىلا گېپىنى باشلاپ تۇراتتى، ئاتقا ئولتۇرغان ئىلشىنى ئۆگىتىپ بولغان ۋېسلوۋسكىينىڭ

ئايالچە ئىگەرنىڭ ئۈستىدە قوپال چايقىلىپ تۇرغان گەۋدىسى پەيتۇن يىنىدا پەيدا بولۇپ قالدى.

— ئاننا ئاركادىيېۋنا، ئۆگىنىپ بولدى ! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ.

ئاننا ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمىدى. پەيتۇندا ئولتۇرۇپ ئۇزاق گەپنى باشلاش دوللىغا بىئەپ بىلىندىمۇ قانداق، گەپنى قىسقىلا قىلىپ مۇنداق جاۋاب بەردى:

— مېنىڭ باشقىچە ئويۇممۇ يوق، سىنى مەن ئىزچىل ياخشى كۆرۈپ كېلىۋاتىمەن. ئەگەر سەن بىر ئادەمنى ياخشى كۆرسەڭ، تەسەۋۋۇرۇڭدىكىدەك ئادەمنى ئەمەس، بەلكى خاسلىقىدا ئىگە ھەقىقىي بىر ئادەمنى ياخشى كۆرۈشۈڭ كېرەك.

ئاننا دوستىنىڭ چىرايىغا قارىماي، كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ (بۇ ئۇنىڭ يېڭى ئادىتى بولۇپ، دوللى ئىلگىرى ئۇنىڭدا بۇنداق ھالەتنى پەقەتلا كۆرۈپ باقمىغانىدى)، ئۇنىڭ ئۇ سۆزى ئۈستىدە چوڭقۇر ئويغا پاتتى. ئۇنىڭ سۆزىنى ئۆزى خالىغاندەك چۈشەنگەن بولسا كېرەك، بىر چاغدا كۆزلىرىنى تولۇق ئېچىپ دوللىغا قارىدى.

— ئەگەر سىنىڭ گۇناھىڭ بولغان بولسا، — دېدى ئاننا، — مۇشۇ كەلگىنىڭ ئۈچۈن ھەم مۇشۇ سۆزلىرىڭ ئۈچۈن شۇ گۇناھلىرىڭنىڭ ھەممىسى كەچۈرۈلگەن بولاتتى.

دوللى ئاننانىڭ كۆزلىرىدىكى لىق ياشنى كۆرۈپ، ئۈنچىقماي ئۇنىڭ قولىنى سىقىپ قويدى.

— بۇ ئىمارەتلەر زادى قانداق ئىمارەتلەر؟ نېمانچە كۆپ؟ — سورىدى دوللى يەنە بىردەملىك خىيالدىن كېيىن.

— بۇلار خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆيلىرى، ئات فېرمىلىرى ھەم ئات ئېغىللىرى، — دەپ جاۋاب بەردى ئاننا، — باغ مانا مەشەدىن باشلىنىدۇ. ئىلگىرى تاشلىنىپ قالغان يەرلەر ئىكەن، ئالېكسېي قايتىدىن تۈزەشتۈرۈپ، رەتلەپ چىقتى. ئۇ بۇ يەرنى تولىمۇ ياخشى كۆرىدۇ. ئۇنىڭ ئىقتىسادنى تۇتۇشقا بۇنچە

ھېرىسمەنلىكىنى پەقەتلا ئويلاپ باقماپتىكەنمەن، تالانتىمۇ بار ئىكەن، قانداقلا بىر ئىشنى تۇتۇپ ئىشلىسە شۇ ئىشىدىن نەتىجە قازانماي قالمايدىكەن. قىلىۋاتقان ئىشىدىن زېرىكىش بۇياقتا تۇرسۇن، بارغانسېرى كىرىشىپ كېتىدىكەن. ئۇ قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئاجايىپ چېۋەر بىر ئىگىلىك باشقۇرغۇچى ئىكەن، دېھقانچىلىق ئىشلىرىغىمۇ شۇنچىلىك ئىنچىكە. ئۇنىڭ بۇ تەرەپلىرىنى بارغانسېرى چۈشىنىپ يېتىۋاتىمەن. لېكىن، دېھقانچىلىق بىلەنلا چەكلىنىپ قېلىۋاتقاچقىمۇ، نەچچە ئون مىڭ رۇبلىلىق كىرىم - چىقىملارنى ھېسابلاشقا سەل گاللىراق، — ئانىنا سۆزلەۋاتقاندا چىرايىدىن مەغرۇر ۋە شوخ بىر خىل كۈلكە پەقەتلا نېرى بولمىدى. بۇ خىل ھالەت ئەرلەرنىڭ بەزى ئارتۇقچىلىقلىرىنى يېڭىلا بايقىغان ئاياللارنىڭ چىرايلىرىدا كۆپرەك كۆرۈنۈپ قالاتتى، — ئاۋۇ ئېگىز ئىمارەتنى كۆردۈڭمۇ؟ ئۇ يېڭىدىن سېلىنغان دوختۇرخانا، ئۇنىڭغا يۈز مىڭ رۇبلىدەك خەجلەندى. بۇ ئۇنىڭ *ئەڭ ماختىنىدىغان ئەسىرى*. بۇ دوختۇرخانا قانداق سېلىنىپ قالدى، بىلەمسەن؟ دېھقانلار ئۇنىڭدىن ئوتلاقنىڭ ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىۋىدى، ئۇ قەتئىي ئۇنىمىدى. كېيىن مەن ئۇنى بېخىللىق قىلىۋاتىسەن، دەپ ئەيىبلىدىم. پۈتۈنلەي مېنىڭ بۇ گېپىم ئۈچۈنلا ئەمەس، باشقا سەۋەبلەرمۇ بولۇشى مۇمكىن، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ بېخىل ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن مۇشۇ دوختۇرخانىنى سېلىشقا تۇتۇش قىلدى. راستىمنى دېسەم، بۇ بىر كىچىك ئىش بولسىمۇ، شۇ ئىشتىن كېيىن مەن ئۇنى تېخىمۇ ياخشى كۆردۈم. ھە مانا، ھازىرلا بىزنىڭ تۇرالغۇ ئۆيلىرىمىزنى كۆرىسەن. ئۇ ئۆيلەر ئۇنىڭ بوۋىسىدىن قالغانىكەن، ھازىرغىچە سىرتقى كۆرۈنۈشىنى ئۆزگەرتىپ باقماپتۇ.

— پاھ، نېمىدېگەن چىرايلىق! — ھەيرانلىقتا كۆزلىرى چۆچەكتەك بولۇپ كەتكەن دوللى ئاسمان بويى كېلىدىغان

ياپىيىشىل قەدىمىي دەرەخلەرنىڭ ئارىلىرىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان يۇمىلاق تۈۋرۈكلۈك كاتتا بىر بىنانى كۆرۈپ ئىختىيارسىز ئاپىرىن ئوقۇپ كەتتى.

— ھەقىقەتەن چىرايلىق، شۇنداقمۇ؟ بىنانىڭ ئۈستىگە چىقىپ قارايدىغان بولساڭ ئەتراپىنىڭ مەنزىرىسى ئالامەت گۈزەل كۆرۈنىدۇ.

ئۇلارنىڭ پەيتۇنى ئۇششاق تاش يېيىتىلغان ھويلىغا كىرىپ بىنانىڭ ئالدىغا كەلگەندە توختىدى. ئىككى ئىشچى ھويلىدىكى دۈگىلەك گۈللۈكنىڭ چۆرىسىگە ئايلاندۇرۇپ تاش تىزىۋاتاتتى، گۈللۈكنىڭ توپىسىنى يۇمشىتىپ بولۇشقانىدى.

— ئۇلار بىزدىن بالدۇر كېلىپ بوپتۇغۇ، — دېدى ئاننا پەلەمپەينىڭ ئالدىدىن يېتىلەپ كېتىۋاتقان ئۆزىنىڭ ئېتىنى كۆرۈپ، — ئۇ ئاجايىپ ئېسىل ئات، سېنىڭچىچۇ؟ بۇ ئاتنىڭ پۇتلىرى قىسقا، ئۇنى مەن شۇنچىلىك ياخشى كۆرىمەن. بۇ ياققا ئەپكەل! ماڭا قەنت ئەكېلىپ بېرىڭلار! گراف قېنى؟ — سورىدى ئۇ بىنانىڭ ئىچىدىن چىقىپ كەلگەن رەتلىك كىيىنگەن ئىككى خىزمەتكاردىن، — ھە، ئەنە، ئۆزىمۇ چىقتى! — دېدى ئاننا ۋېسلوۋسكىي بىلەن بىللە ئۆزلىرىنىڭ ئالدىغا چىققان ۋرونسكىينى كۆرۈپ.

— *سىز كىنەز خانىمنى قايسى خانىغا ئورۇنلاشتۇرىسىز؟* — ۋرونسكىي ئانىنادىن فىرانسۇزچە سورىدى ۋە ئۇنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا دوللىدىن يەنە بىر قېتىم ئەھۋال سوراپ، قولىغا سۆيۈپ قويدى، — بالكونى بار چوڭ ئۆيدە تۇرسۇنمىكىن دەيمەنغۇ؟

— ياقلا، تولىمۇ يىراق بولۇپ كېتىدۇ! ئايلانمىدىكى ئۆيدە تۇرسۇن، ئۇ ئۆي ئىككىمىز كۆرۈشۈپ تۇرىدىغانغا ئەپلىك. شۇنداق بولسۇن، بىز ئۆيگە كىرىپ كەتتۇق، — دېدى ئاننا خىزمەتكار ئاچىقىپ بەرگەن قەنتنى ئامراق ئېتىغا بېرىۋېتىپ.

— *سىز ۋەزىپىڭىزنى ئۇنتۇپ قالدىڭىز*، — دېدى ئاننا ئۆزى

بىلەن بىللە پەلەمپەيدىن چىقىپ كېتىۋاتقان ۋېسلوۋسكىيغا فرانسۇزچە سۆزلەپ.

— *كەچۈرىسىز، مېنىڭ ۋەزىپىلىرىم يانچۇقلىرىمغا تولۇپ* كەتتى، — دەپ فرانسۇزچە جاۋاب بەردى ۋېسلوۋسكىي بارماقلىرىنى پىنجىكىنىڭ يانچۇقلىرىغا سېلىپ تۇرۇپ.

— *لېكىن، سىز تولىمۇ كەچ قالدىڭىز*، — دېدى ئاننا قولياغلىقى بىلەن ئاتنىڭ ئاغزى تەگكەن قولىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ يەنە فرانسۇزچە. ئاندىن دوللىغا بۇرۇلۇپ ئۇنىڭدىن سورىدى، — قانچىلىك تۇرىدىغان بولۇپ كەلدىڭ؟ بىر كۈنلىمۇ؟ قويساڭچۇ، بولمايدۇ.

— مەن ئۇلارغا بىر كۈنگىلا بېرىپ كېلىمەن دەپ ۋەدە بەرگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، باللار ... — بىردىنلا دوللىنىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ كەتتى، بۇ ئۇنىڭ پەيتۇنىدىن سومكىسىنى ئېلىۋالمىغانلىقى ھەم يولدا كەلگۈچە توپا - چاڭدا يۈز - كۆزىنى بۇلغىنىپ كەتتىمىكىن دەپ ئەنسىرەپ قالغانلىقىدىن ئىدى.

— ياق، دوللى، سادىغاڭ كېتەي ... مەيلى، كېيىن كۆرەرمىز. يۈر، يۈر! — ئاننا ئۇنى ئۇنىڭ خانىسىغا باشلاپ كىردى.

بۇ ۋرونسكىي كۆرسەتكەن ئۇ ھەشەمەتلىك يوغان ئۆي ئەمەس، ئاننا دوللىنى تۇرسۇن دېگەن ئۆي ئىدى. بۇ ئۆيمۇ يامان ئەمەس، خېلىلا ھەشەمەتلىك ئۆي بولۇپ، دوللى ئۆمرىدە بۇنداق ئۆيدە يېتىپ باقمىغانىدى، ئۆزىنى خۇددى چەت ئەلنىڭ كاتتا مېھمانخانىسىدا تۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلىپ قالدى.

— ئەزىزىم، سەن كېلىپ بېشىم ئاسمانغا يەتتى، — دېدى ئاننا ئات مىنگەندە كىيگەن كىيىملىرى بىلەن دوللىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، — ئەمدى ماڭا ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەققىدە سۆزلەپ بەرگىن. مەن ئۆتكەندە ستىۋا بىلەن چالا - پۇچۇقلا كۆرۈشۈپ

قالدىم، باللار توغرۇلۇق ماڭا ھېچنېمە دەپ بەرمىدى. مېنىڭ ئامراق قىزىم تانە قانداق؟ بۇ چاغقىچە چوكاڭلا قىز بولۇپ قالغاندۇ ـ ھە؟

ــ ھەئە، چوڭلا قىز بولۇپ قالدى، ــ دەپ قىسقىلا جاۋاب بەردى دوللى باللىرى توغرۇلۇق سوغۇقلا جاۋاب بېرىۋاتقىنىغا ئۆزىمۇ ھەيران قېلىپ، ــ بىز ھازىر لېۋىنلارنىڭكىدە ناھايىتى ياخشى تۇرىۋاتىمىز، ــ ئاخىرىدىكى گەپنى قوشۇپ قويدى ئۇ.

ــ ئەگەر سىنىڭ ماڭا يامان كۆزۈڭ بىلەن قارىمايدىغانلىقىڭنى بۇرۇنراق بىلگەن بولسام ... ــ دېدى ئاننا، ــ ھەممىڭلارنى ئۆيگە چاقىرغان بولاتتىم. بىلەمسەن، ستىۋا ئالېكسېينىڭ ئەڭ ياخشى دوستى، ــ ئاننا بۇ گەپنى قىلىپلا قىزىرىپ كەتتى.

ــ ئۇ شۇنداق، ــ دېدى دوللى سەل خىجىل بولغاندەك جاۋاب بېرىپ، ــ بىز ئۇ يەردە ناھايىتى ياخشى تۇرىۋاتىمىز.

ــ راستىمنى ئېيتسام، خۇشاللىقىمدا قىلىدىغان گېپىمنىمۇ تاپالماي قېلىۋاتىمەن. سادىغاڭ كېتەي، سېنى كۆرۈپ بېشىم ئاسمانغا تاقاشتى، ــ دېدى ئاننا دوللىنى يەنە سۆيۈپ، ــ سەن مەن توغرۇلۇق قانداق ئويلاردا بولغانلىقىڭنى تېخى دېگىنىڭ يوق، مېنىڭ ھەممىنى بىلگۈم كېلىدۇ. مېنىڭ قانداق تۇرىۋاتقىنىمنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرگىنىڭدىن شۇنچىلىك خۇشالمەن. سەن مېنى ئۆزىنى ماڭا پەردازلاپ كۆرسىتىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ قالما. مېنىڭ ھېچنېمىنى پەردازلاپ كۆرسەتكۈم يوق، پەقەت ياشاشنىلا خالايمەن، ئۆزۈمدىن باشقا ھېچقانداق ئادەمگە يامانلىق قىلغۇم كەلمەيدۇ. شۇنداق قىلىشقا ھوقۇقلۇقمەنغۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ئەمما، بۇ ئىشلارنى سۆزلەپ كەلسەم گەپ ئۇزۇن، كېيىن بىز يەنە مۇڭدىشىمىز. ئەمدى چىقىپ كىيىملىرىمنى ئالماشتۇرىۋالاي، ئالدىڭغا خىزمەتچى قىزنى كىرگۈزىمەن.

# 19

دوللى ئۆزى يالغۇز قالغاندا، ئۆي ئىچىنى خوتۇن كىشىنىڭ نەزىرى بىلەن بىر قۇر كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقتى. بايا ئۆيگە يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقاندا، هويلىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، هازىر بۇ ئۆيدە كۆرگەنلىرىنىڭ ھەممىسى دوللىدا باي ـ باياشاتلىق ۋە ياۋروپاچە ھەشەمەتلىك تۇرمۇش تەسىراتلىرىنى قالدۇردى. ئۇ بۇنداق ھەشەمەتلىك تۇرمۇش توغرىسىدا ئىنگلىزلارنىڭ رومانلىرىدىلا ئوقۇغان، رۇسىيىدە بۇنداق تۇرمۇشنى پەقەتلا كۆرۈپ باقمىغانىدى. يېڭىدا تېخىمۇ شۇنداق، ئەلۋەتتە. تاملارغا چاپلانغان فرانسۇزلارنىڭ گۈللۈك قەغەزلىرىدىن تارتىپ، ئۆيگە لىق سېلىنغان گىلەمگىچە ھەممە نەرسە يېڭى ئىدى. پۇرژىنىلىق كارىۋات ئۈستىگە قېلىن تەگلىك سېلىنغان، يوتقان ـ كۆرپىلەر ئۈستىگە قاپلىرى كەشتىلەنگەن كىچىك ـ كىچىك ياستۇقلار چىرايلىق تىزىپ قويۇلغان. مەرمەر تاشتىن قىلىنغان ئۇمىۋالنىڭ، پەرداز ئۈستىلى، ئۇزۇن ساپا، ئۈستەل، تام مەش ئۈستىدىكى برونزا سائەت، ئىشىك ـ دېرىزە پەردىلىرى — بۇلارنىڭ ھەممىسى قىممەت باھالىق يېڭى نەرسىلەر ئىدى.

دوللىدىنمۇ چىرايلىق كىيىنىپ، چېچىنى يېڭى پاسوندا تاراپ، دوللىنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ئۈچۈن كىرگەن خىزمەتكار ئايالنىڭ ياسىنىشلىرىمۇ بۇ ئۆيدىكى نەرسىلەرگە ئوخشاش يېڭىچە ۋە شۇنچىلىك كۆركەم ئىدى. دوللىغا ئۇنىڭ سىپايىلىكى، رەتلىكلىكى، پاكىزلىقى بەكمۇ ياقتى، لېكىن يەنە ئۇنىڭ بىلەن بىر يەردە تۇرۇشتىن ئازراق قورۇندى، ئۈستىدىكى ياماق چۈشكەن كەمزۇلىدىن خىجالەتمۇ بولدى. بۇ كەمزۇلنى

خىزمەتچىسى بوپىسىنىڭ ئىچىگە خاتا سېلىپ قويغانىدى. ئۆزىنىڭ ئۆيىدە بۇنداق ياماق كىيىملەرنى كىيىپ يۈرۈشتىن ماختانغان بولسا، بۇ يەردە نومۇس قىلىپ قېلىۋاتاتتى. ئۆز ئۆيىدە بۇنداق كەمزۇلدىن ئالتىنى تىكتۇرمەكچى بولسا، بىر گەزى ئاتمىش بەش كوپىيكىلىق پاختا رەختتىن يىگىرمە تۆت گەز سېتىۋالسىلا پۈتەتتى، ھەممىسىگە ئون بەش رۇبلىلا خەجلەيتتى، تىكىش ھەققى بىلەن زىغزىق ھەققىلىرى بۇنىڭ ئىچىدە ئەمەس ئىدى. بۇنىڭدا ئۇ يەنە ئون بەش رۇبلى تېجەپ قالاتتى. شۇ تۇرقىدا ئۇ بۇ خىزمەتكار ئايالنىڭ ئالدىدا ئۆيلىشىنغۇ ئۇيالمىدى، ئەمما خىجالەت بولدى.

ئۆيگە ئۆزى ئىلگىرىدىن تونۇيدىغان ئاننۇشكا كىرىپ كەلگەندە دوللى خېلىلا يەڭگىللەپ قالغاندەك بولدى. ئاننا بۇ ياسانچۇق خىزمەتكار ئايالنىڭ ئورنىغا ئاننۇشكانى دوللىنىڭ خىزمىتىگە كىرگۈزگەنىدى.

ئاننۇشكا بۇ مېھمان خانىمنىڭ كەلگىنىگە قەۋەتلا خۇش بولۇپ كەتكەچكە، ئاغزى بېسىقماي سۆزلەپ ئولتۇردى. دوللى ئۇنىڭ ئايال خوجايىنىنىڭ ئەھۋالى، بولۇپمۇ گرافنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتى، ۋاپادارلىقى توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ، ئۇنى ئامال بار ئۇنداق گەپلەردىن توسۇپ تۇردى.

— ئاننا ئاركادىيېۋنا ئىككىمىز كىچىكىمىزدىن بىللە چوڭ بولغان، شۇڭا ئۇ مەن ئۈچۈن ھەرقانداق نەرسىدىن قىممەتلىك. ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ ئىشىغا بىز بىر نېمە دېيەلمەيمىز. شۇنداقتىمۇ، مۇھەببەت ...

— مۇمكىن بولسا، بۇ نەرسەمنى يۇيغۇزۇپ قويساڭ، — دوللى شۇ گەپ بىلەن ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى.

— ئوبدان، خانىم. بىزنىڭ بۇ يەردە مەخسۇس كىر يۇيىدىغان ئىككى خوتۇن بار. ئەمما، كىرلىككە ئوخشاش نەرسىلەرنى ماشىنىدا يۇيۇشىدۇ. بىزنىڭ گراف ھەممە ئىشنى ئۆزى

ئورۇنلاشتۇرىدۇ، شۇنچىلىك ياخشى ئادەمكى ...
دوللى ئانىنىڭ كىرىپ ئانىنۇشكانىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتكىنىدىن بەكمۇ خۇشال بولدى.
ئاننا ئاددىيغىنا بەتىس كۆڭلەك كىيىپ كىرگەنىدى. دوللى ئۇنىڭ كۆڭلىكىگە قاراپ قالدى. ئۇ بۇ ئاددىيلىقنىڭ قانداق گەپ ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۇچۇن قانچىلىك بەدەل تۆلىنىدىغانلىقىنى بىلەتتى.
— بۇ مېنىڭ كونا دوستۇم، — دېدى ئاننا ئانىنۇشكانى كۆرسىتىپ.
ئەمدى ئاننا قورۇنماي گەپ قىلىۋاتاتتى، ئەركىن ۋە ۋەزمىن ئىدى. دوللى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ كەلگەنلىكى بىلەن كۆچلۈك قوزغالغان ھاياجىنىنى تولۇق بېسىۋالغانلىقىنى، سۆزلىرىنىڭ ئەركىن ۋە تەۋەززۇ بىلەن چىقىۋاتقانلىقىنى، ھەتتا يۈرىكىدىكى ھەقىقىي ئوي - پىكىرلىرى بىلەن ھېس - تۇيغۇلىرىغا تۇتىشىدىغان ئىشىكلىرىنى مەھكەم تاقىۋالغانلىقىنى سەزگەندەك بولدى.
— ھە راست، ئاننا، قىزىڭ قانداق؟ — دەپ سورىدى دوللى.
— ئاننىنى (ئۇ قىزىنى شۇنداق دەپ ئاتايتتى) دەمسەن؟ ياخشى، سەمرىپ ياخشى بولۇپ كەتتى. كۆرۈپ باقامسەن؟ يۈر، ساڭا كۆرسىتىپ قوياي. بالا باققۇچى ئۇچۇن شۇنچىلىك بېشىم قاتتىكى، نېمىسىنى دەي، — دەپ سۆز باشلىدى ئاننا، — باشتا بىز بىر ئىتالىيان ئايالنى ئىنىكئانىلىققا تاپقان. ئوبدان ئايال، ئەمما ئەخمەقلىقتە ئۇچىغا چىققان. ئۇنى قايتۇرۇۋەتمەكچىمۇ بولدۇق، لېكىن بالا ئۇنىڭغا ئۆگىنىپ قالغاچقا، ئامال يوق، يەنە ئىشلىتىۋاتىمىز.
— سىلەر ئۇ ئىشنى قانداق بىر تەرەپ قىلدىڭلار؟ — دوللى بۇ گېپى بىلەن، بالىنىڭ فامىلىسىنى قانداق قىلدىڭلار، دېمەكچى ئىدى، لېكىن ئاننانىڭ قاپىقىنىڭ بىردىنلا تۈرۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ، دەررۇ گېپىنى ئۆزگەرتىۋالدى، —

قانداق قىلدىڭلار ... ئۇنى ئەمچەكتىن ئايرىۋەتتىڭلارمۇ؟

لېكىن، ئاننا ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ بولغانىدى.

— سېنىڭ سورىماقچى بولغىنىڭ بۇ ئەمەستۇ؟ ئۇنىڭ فامىلىسىنىڭ نېمە بولغانلىقىنى سورىماقچىغۇ؟ شۇنداقمۇ؟ بۇ ئىشقا ئالېكسېينىڭ بېشى بەكمۇ قاتتى. ھازىرچە ئۇنىڭ فامىلىسى يوق، ياكى كارېنىن دەپ تۇرساقمۇ بولىدۇ، — ئاننانىڭ كۆزلىرى يۇمۇلۇپ، پەقەت كىرپىكلىرىلا كۆرۈنۈپ قالدى، — بىراق، — ئۇنىڭ چىرايى بىردىنلا ئېچىلىپ كەتتى، — بۇ ئىشلار توغرۇلۇق كېيىنرەك سۆزلىشەيلىلا. يۈر، مەن ساڭا ئۇنى كۆرسىتىپ قوياي. ئۇ شۇنچىلىك ئوماق قىز بولدى. ھازىر ئۆمىلەيدۇ.

بۇ ئۆينىڭ چىرايلىقلىقىدىن ھەيران بولۇپ ئاغزىنى يۇمالماي قېلىۋاتقان دوللى ئاننانىڭ قىزىنىڭ ئۆيىگە كىرگەندە، بۇ ئۆينىڭ تېخىمۇ ھەشەمەتلىكلىكىگە قاراپ تىلى گەپكە كەلمەي قالدى. ئەنگلىيىگە بۇيرۇتۇپ ياسىغان بوۋاقلار ھارۋىسى، مېڭىشنى مەشىق قىلدۇرىدىغان غالتەك ھارۋا، مەخسۇس ئۆمىلىگەن باللار ئۈچۈن ياسالغان پۈرژىنىلىق ئۇزۇن دىۋان، تەۋرەنمە ئورۇندۇق، ئالاھىدە ئىشلەنگەن يېپيېڭى ۋاننا — بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەنگلىيىنىڭ ماللىرى بولۇپ، مۇستەھكەم، پۇختا ئىدى، كۆرۈنۈشىدىنلا قىممەتلىكلىكى چىقىپ تۇراتتى. ئۆينىڭ ئىچى ئازادە، يورۇق ھەم ئېگىز ئىدى.

ئىككىسى كىرگەندە، قىز بىرلا كۆڭلەكتە، ئۈستەل يېنىدىكى ئۆزىنىڭ كىچىككىنە ئورۇندۇقىدا شورپا ئىچىپ ئولتۇراتتى، شورپا تۆكۈلۈپ ئالدىنىڭ بىرمۇنچە يېرى ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى. مەخسۇس بالىنىڭ تاماقىغا قارايدىغان رۇس خىزمەتكار ئايال بالىغا شورپا ئىچكۈزگەچ، ئۆزىمۇ ئانچە ـ مۇنچە بەھرىمەن بولۇۋاتقاندەك قىلاتتى. بالا باققۇچى بىلەن ئىنىكئانا كۆرۈنمەيتتى، يان ئۆيدە ئىدى، ئىككىسىنىڭ

فرانسۇزچە قوپال سۆزلىشىشلىرى ئاڭلىنىپ تۇرۇۋاتاتتى، بۇ ئۇلار بىر - بىرىنى چۈشىنىشلىرىدە ئىشلىتىدىغان بىردىنبىر تىل ئىدى.

ئانىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىشى بىلەنلا، ئازراق خاپا چىراي، ئۆزىنى تاشلىۋەتكەن، ئېگىز بوي، چىرايلىق بىر ئىنگلىز ئايال ئالدىراپ كىرىپ كېلىپ، ئانىنا جىمىلىمىسىمۇ ئۆزىنى ئاقلاپ سۆزلەپلا كەتتى. ئانىنا بىر ئېغىز گەپ قىلالار - قىلمايلا، ئۇ ئىنگلىزچە: «شۇنداق، خانىم، شۇنداق» دەپ تۇراتتى.

قارا چاچ، قارا قاش ئۇ قىزنىڭ مەڭزىلىرى قىزىرىپ تۇراتتى، بۇدرۇق بەدىنى توخۇئەت بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ ئۆيگە كىرگەن ناتونۇش ئادەمگە قاراپ قاپىقىنى تۈرگەنىدى، دوللىنىڭ ئۇنىڭغا بەكمۇ ئامراقلىقى كېلىپ كەتتى، ھەتتا ئۇنىڭ ساغلاملىقىغا ھەۋىسىمۇ كەلدى، ئۇنىڭ ئۆملەشلىرىمۇ كۆزگە چىرايلىق كۆرۈندى. ئۇنىڭ باللىرىنىڭ بىرىمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش ئۆملەپ باقمىغانىدى. كۆڭلەكنىڭ ئۇستىگە خالات كىيگۈزۈپ گىلەمگە قويۇۋەتكەنىدى، ئۇنىڭ شۇ تۇرقى تېخىمۇ چىرايلىق كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇ خۇددى كۈچۈك ياكى ئاسلانغا ئوخشاش قاپقارا كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، چوڭلارنىڭ ئۆزىگە ئامراقلىقى كېلىپ قاراپ تۇرۇۋاتقانلىقىغا خۇشال بولۇپ، ۋىلىقلاپ كۈلگەن پېتى پۇتلىرىنى ئاستا كۆتۈرۈپ ئۇلارغا تەڭلەيتتى، كىچىككىنە قوللىرى بىلەن يەرنى تىرەجەپ ئورنىدىن تۇرماقچى بولاتتى، ئارقىدىنلا يەنە پۇتلىرىنى يىغىۋېلىپ ئالدىغا قاراپ ئۆملەپ كېتەتتى.

لېكىن، دوللىغا بالىنىڭ ئۆيىنىڭ ئومۇمىي كەيپىياتى، بولۇپمۇ ئىنگلىز ئايال زادىلا ياقمىدى. ئۇ ئانىنىڭكىگە ئوخشاش بۇنداق بىنورمال ئائىلىگە ياخشى ئاياللار كېلىپ ئىشلىمەيدۇ، دېگەن سەۋەب بىلەن، ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغان ئانىنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنداق سۈرۈن، ۋەزنى يوق ئىنگلىز خوتۇننى تەربىيىچىلىككە ياللىۋالغانلىقىنى ئىچىدە ئاقلىغان بولدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، دوللى ئۇلار ئارىسىدا بولۇنغان بىرنەچچە ئىغىز سۆزدىن ئاننا، ئىنىكئانا، تەربىيىچى ۋە بالا ئوتتۇرىسىدا ئۆچرىشىپ تۇرۇشنىڭ ناھايىتى ئاز بولىدىغانلىقىنى، ئاننانىڭ بالىنىڭ يېنىغا ناھايىتى ئاز كىرىدىغانلىقىنى بىلدى. ئاننا قىزىغا ئويۇنچۇقنى ئېلىپ بەرمەكچى بولۇپ ئارقا ـ ئالدىغا قاراپ تاپالمىدى.

دوللىنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرغىنى، قىزىغا نەچچە چىش چىققانلىقىنى سورىۋىدى، ئاننا كېيىن ئۇنىڭغا يەنە ئىككى چىش چىققانلىقىنى بىلمىگەچكە، توغرا جاۋاب بېرەلمىدى.

— بەزىدە ئۆزۈمنىڭ بۇ ئۆيدە ئارتۇقچە ئادەمدەك بولۇپ قېلىۋاتقىنىمنى ئويلاپ كۆڭلۈم يېرىم بولىدۇ، — دېدى ئاننا ئۆيدىن چىقىۋېتىپ. ئۇ ئىشىك تۈۋىدە تۇرغان ئويۇنچۇقلارغا پۇتلىشىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىنى كۆتۈرۈۋالدى، — تۇنجى بالامدا ئۇنداق بولمىغانىدىم.

— مېنىڭچە، دېگىنىڭنىڭ ئەكسىچە ئىدىڭ، — دېدى دوللى قورقۇمسىراپ تۇرۇپ.

— نەدىكىنى ! ساڭا دېسەم، مەن ئۇنى، سېرىيوژانى كۆردۈم، — دېدى ئاننا خۇددى يىراقتىكى بىر نەرسىگە قاراۋاتقاندەك كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ، — بۇ توغرۇلۇق كېيىن سۆزلىشەيلى. دېسەم ئىشەنمەسلىكىڭ مۇمكىن، مەن ھازىر ئالدىغا تەخسە ـ تەخسە كاتتا غىزالارنى قويۇپ قويسا، قايسىسىنى يېيىشنى بىلمەي قالغان ئاچ قورساق ئادەمدەك بولۇپ قالدىم. ئۇ غىزالارنى ماڭا سەن ئېلىپ كەلدىڭ. مەن سەندىن باشقا ھېچقانداق ئادەم بىلەن سۆزلىشىشنى خالىمايمەن. شۇ تۇرقىدا گەپنى نەدىن باشلىشىمنى بىلمەي تۇرىمەن. مەن سېنى ھەرگىز قويۇپ بەرمەيمەن. ئىچىمدىكى گەپلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ساڭا تۆكۈپ بېرىمەن. توغرا، ئاۋۋال ساڭا سەن بۇ يەردە ئۇچرىشىپ قېلىشىڭ ئېھتىمال بولغان بىرنەچچەيلەننى تونۇشتۇرۇپ قوياي، — دېدى ئاننا سۆزىنى داۋام قىلىپ، — ئاۋۋال

خانىملاردىن باشلاي، كىنەز ۋارۋارا خانقىز. سەن ئۇنى بىلىسەن، مەنمۇ ستىۋا ئىككىڭلارنىڭ ئۇنىڭغا قانداق قارايدىغىنىڭلارنى بىلىمەن. ستىۋا ئۇنى ئۇنىڭ بۇ دۇنيادا ياشاشتىن مەقسىتى، ئۆزىنىڭ كاتىپىرىنا پاۋلوۋنا چوڭ ئاپامدىن ئۇستۇن تۇرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، دەيدۇ. ئۇنىڭ دېگىنىمۇ توغرا. ئەمما، كىنەز ۋارۋارا خانقىز ئاق كۆڭۈل، ئۇنىڭدىن تولىمۇ مىننەتدارمەن. پېتېربۇرگدىكى چېغىمدا بىرەر ھەمراھقا شۇنچىلىك موھتاج بولغانىدىم، دەل شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇ راستتىنلا كۆڭلى ياخشى ئايال. شۇ چاغدا ئۇ مېنىڭ ئەھۋالىمنى خېلىلا يەڭگىللەتتى. مېنىڭ شۇ كۈنلەردىكى ئەھۋالىمنىڭ ... پېتېربۇرگدىكى ئەھۋالىمنىڭ، — ئاخىرىدىكى گەپنى قوشۇپ قويدى ئۇ، — قانچىلىك ئېغىر ئىكەنلىكىنى سەن تەسەۋۋۇر قىلالمايسەن. مەن بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىنلا خاتىرجەم ھەم بەختلىك بولدۇم. بۇ توغرۇلۇق كېيىن پاراڭلىشايلى. مەن يەنە بىر - بىرلەپ تونۇشتۇراي. يەنە بىرى سۋىيەژسكىي. ئۇ ئاقسۆڭەكلەرنىڭ رەھبىرى، دۇرۇس ئادەم. ئۇنىڭ ئالېكسېيغا قانداقتۇر بىر ئىلتىماسى بولسا كېرەك. ساڭا دەپ بەرسەم، ئالېكسېينىڭ دۇنياسى خېلى بار ئىكەن، شۇڭا بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەن كۈنىمىزدىن باشلاپ ئۇنىڭ تەسىرى ئۇلغىيىشقا باشلىدى. يەنە بىرەيلەن تۇشكېۋىچ. سەن ئۇنى كۆرگەن. ئۇ ئىلگىرى بېتسىنىڭكىگە دائىم بېرىپ تۇراتتى، كېيىن بېتسى ئۇنى تاشلىۋەتتى، ھازىر بىزنىڭ يېنىمىزدا تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇ خۇددى ئالېكسېي ئېيتقاندەك، ئۆزىنى قانداق ئادەم سىياقىدا كۆرسەتسە، باشقىلارمۇ ئۇنى شۇ سىياقى بىلەن بىلىدىغان، ئادەمنىڭ ئامراقلىقى كەلگۈدەك ئادەم. ۋارۋارا ئۇنى تولىمۇ *قائىدە - يوسۇنلۇق ئادەم،* دەپ ماختايدۇ. ئۇلاردىن باشقا يەنە ۋېسلوۋسكىيمۇ بار ... بۇ ئادەمنى سەن تونۇيسەن، ئاجايىپ يېقىملىق يىگىت، — شۇ گەپنى قىلغاندا ئاننانىڭ لەۋلىرىدە

شوخ تەبەسسۇم پەيدا بولدى، — لېۋىن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا سەت بىر ئىش بوپتۇمۇ نېمە؟ ئۇ ئالېكسېيغا سۆزلەپ بېرىۋىدى، ھېچقايسىمىز ئىشەنمىدۇق. *ئۇ تولىمۇ يېقىملىق ۋە ئاق كۆڭۈل بالا*، — دېدى ئاننا فرانسۇزچىنى ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلەپ ۋە بايىقىدەك كۈلۈپ، — ئەر كىشىلەر ئويۇن - تاماشىسىز يۈرەلمەيدۇغۇ. ئالېكسېيگىمۇ ئۇلپەت كېرەك، شۇڭا مەن ئۇلارنى تولىمۇ قەدىرلەيمەن. بىز قىزغىن، خۇشال كەيپىياتقا موھتاج، شۇندىلا ئالېكسېي باشقا خىياللارغا بېرىلمەيدىغان بولىدۇ. سەن يەنە بىزنىڭ غوجىدارىمىزنىمۇ كۆرسەن، گېرمانىيىلىك ئادەم، پەزىلىتى ياخشى ھەم قولىدىن ئىش كېلىدۇ. ئالېكسېي ئۇنى تولىمۇ قەدىرلەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بىر دوختۇرمۇ بار، ئۆزى ياش، يېڭىلىق تەرەپدارى، ئەمما پىچاق بىلەن تاماق يەيدۇ ... ناھايىتى ياخشى دوختۇر. يەنە بىر ئارخىتېكتورمۇ بار ... بىزنىڭ بۇ يەر بەئەينى كىچىك بىر ئوردىنىڭ ئۆزى!

## 20

— مەن سىزگە دوللىنى باشلاپ كەلدىم، كىنەز خانقىز! سىز ئۇنىڭ بىلەن بىر كۆرۈشسەم دېۋىدىڭىزغۇ؟ — دېدى ئاننا تاش پەلەمپەيلىك پېشايۋاندا گراف ۋرونسكىينىڭ ساياسىغا كەشتە تىكىپ ئولتۇرغان كىنەز ۋارۋارا خانقىزنىڭ ئالدىغا دوللىنى باشلاپ چىقىۋېتىپ، — ئۇ كەچلىك تاماقتىن ئىلگىرى بىرنەرسە يېمەيدىغانلىقىنى دەۋاتىدۇ، شۇنداقتىمۇ خىزمەتكارلارنى بۇيرۇسىڭىز، ئۇنىڭغا ئازراق پىچىنە - پىرەنىك ئاچىقىپ بەرسە. مەن ئالېكسېينى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بۇ يەرگە باشلاپ كېلەي.

كىنەز ۋارۋارا خانقىز دوللىنى ناھايىتى قىزغىن كۈتۈۋالدى، ئەمما ئۆزىنىڭ چوڭلۇقىنى ئازراق پەش قىلغاندەك قىلىقلارنىمۇ قىلىپ قويدى. ئۇ دوللى بىلەن كۆرۈشۈپلا، ئۇنىڭغا ئانىنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنى چۈشەندۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئانىنى بېقىپ چوڭ قىلغان ھەدىسى كاتېرىنا پاۋلوۋنادىنمۇ بەكرەك ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، ھەممىسى ئانىنى تاشلىۋەتكەن ئاشۇ ئېغىر كۈنلەردە، ئۇنىڭ ئاشۇ ئازابلىق كۈنلەردىن ئۆتۈۋېلىشىغا ياردەم بېرىشنى ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتى دەپ بىلگەنلىكىنى سۆزلەپ كەتتى.

— ئۇنىڭ ئېرى ئاجرىشىشقا قوشۇلغاندىن كېيىن قايتىپ كېتىپ پىنھان تۇرمۇشۇمدا ياشايمەن. ھازىر ئازراق بولسىمۇ ئۇنىڭغا پايدام تېگىۋاتىدۇ، شۇڭا مەسئۇلىيىتىمنى داۋاملىق ئادا قىلماقچىمەن، قانچىلىك ئاۋارىچىلىككە ئۇچرىساممۇ مەيلى، باشقىلارغا ئوخشاش ئۇنى تاشلىۋەتمەيمەن. سەن كېلىپ تولىمۇ ياخشى ئىش قىلدىڭ. ئۇ ئىككىسى ناھايىتى ياخشى ئەر - خوتۇنلاردەك كېتىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا بىز ئەمەس، خۇدانىڭ ئۆزى بىرنېمە دەيدۇ. بىز يۇزووۋسكىي بىلەن ئاۋېنىيېۋانى ... نىكاندروفنى، ۋاسلىيېف بىلەن مامونوۋانى، لىزا نېپتۇنوۋانى ئالايلى ... ئۇلارنىڭ يامان گېپىنى قىلمىغان ئادەممۇ بولغانمۇ؟ ئاخىرىغا كەلگەندە ئۇلارنى يەنە ھەممەيلەن قوبۇل قىلدىغۇ؟ *ئۇلار بولسا ھەممە ئادەمنىڭ ھۆرمىتىگە ئېگە ئېسىلزادە ئائىلىنىڭ ئادەملىرى، خۇددى ئىنگلىزلاردەك ياشايدۇ. ناشتىدا بىللە بولىدۇ، ناشتىدىن كېيىن تارقىلىپ ھەممىسى ئۆزىنىڭ ئىشلىرىغا ماڭىدۇ.* كەچلىك تاماقتىن ئىلگىرى نېمىنى خالىسا شۇنى قىلىشىدۇ. سائەت يەتتىدە كەچلىك تاماق يەيدۇ. ستىۋا سېنى بۇ يەرگە ئەۋەتىپ بەك ياخشى ئىش قىپتۇ. ۋرونسكىي كىشىلەر بىلەن كۆپرەك بېرىش - كېلىش قىلىپ تۇرسام دەيدىكەن. ساڭا ئېيتسام، ئۇ ئاپىسى بىلەن ئاكىسىنىڭ مۇناسىۋەتلىرى ئارقىلىق ھەرقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا

چىقىرالايدىكەن. دېمىسىمۇ، ئۇلار نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىپتۇ. ئۇ ساڭا ئۆزىنىڭ دوختۇرخانىسى توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرمىدىمۇ؟ *قەۋەتلا ياخشى دېگىنە،* ھەممە نەرسىنى پارىژدىن كەلتۈرۈپتۇ.

ئاننا ئەرلەرنى بىلياردخانىدىن تېپىپ پېشايۋانغا باشلاپ كەلگەندە، ۋاراۋار بىلەن دوللىنىڭ پارىڭى ئۈزۈلۈپ قالدى. كەچلىك تاماق ۋاقتىغا يەنە بىرمۇنچە ۋاقىت بار ئىدى، ئۈنىڭ ئۈستىگە ھاۋامۇ ياخشى بولغاچقا، كۆپچىلىك قالغان ئىككى سائەتنى ئۆتكۈزۈشنىڭ خىلمۇ خىل چارىلىرىنى ئويلاشتۇرۇشقا قويۇشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ۋېسلوۋسكىي كۆرسەتكەن چارىلەر ئەڭ كۆپ بولۇپ، پوكروۋسكىدىكىگە تۈپتىن ئوخشىمايتتى.

— *تور توپ ئوينايلى*، — دېدى ئۇ ئوماققىنە كۈلۈپ قويۇپ فرانسۇزچە، — ئاننا ئاركادىيېۋنا، ئىككىمىز يەنە بىللە بولىمىز.

— ياق، ھاۋا بەك ئىسسىق، ئۈنىڭدىن كۆرە باغدا سەيلە قىلغىنىمىز ياخشى، يا بولمىسا قولۋاقتا چۈشۈپ ئوينايلى، دوللى ئىككى قىرغاقنىڭ مەنزىرىلىرىنى كۆرسۇن، — دېدى ۋرونسكىي تەكلىپ بېرىپ.

— سىلەر نېمە دېسەڭلار مەن شۇ، — دېدى سۋىيەژسكىي.

— مەن دوللىنى پىيادە ئايلىنىپ كېلىشنى ياخشى كۆرىدۇ، دەپ ئويلايمەن، شۇنداقمۇ؟ قولۋاقتا كېيىن چۈشۈۋالارمىز، — دېدى ئاننا.

ھەممەيلەن شۇ پىكىرگە قوشۇلدى. ۋېسلوۋسكىي بىلەن تۇشكېۋىچ سۇغا چۆمۈلىدىغان جايغا بېرىپ، قېيىقنى تەييارلاپ تۇرماقچى بولۇپ شۇ ياققا قاراپ كېتىشتى.

ئاننا سۋىيەژسكىي بىلەن، دوللى ۋرونسكىي بىلەن ئىككى جۈپ بولۇشۇپ باغدىكى چىغىر يول بىلەن ئاستا مېڭىشتى. دوللى پۈتۈنلەي ناتونۇش بىر مۇھىت ئىچىگە كىرىپ قالغان بولغاچقا ئازراق قورۇنۇپ قېلىۋاتاتتى. ئۇ ئاننانىڭ ئىشىنى نەزەرىيە جەھەتتىن چۈشىنىپلا قالماي، ئەمەلىيەتتىمۇ

قوللايتتى. ئەخلاقىي ھاياتىنىڭ پاكلىقىغا قىل سىغمايدىغان، ئەمما بىر خىللا ئۆتىدىغان مەنىسىز تۇرمۇشتىن زېرىككەن ئاياللارغا ئوخشاش، ئۇمۇ قانۇنسىز مۇھەببەتنى ئەيىبلىمەيتتى، ئەكسىچە ئۇ خىل مۇھەببەتكە ھەۋەس قىلاتتى. ئۇنىڭدىن تاشقىرى، ئۇ ئانىنانى چىن دىلىدىن ياخشى كۆرەتتى. لېكىن، ئۇنى گەپ ـ سۆزلىرى ئۆزى ئۇچۇن پۇتۇنلەي يېڭى بولغان، قايناتسا قېنى قوشۇلمايدىغان بۇ بىر توپ ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا كۆرگەندە دوللىنىڭ كۆڭلى بىر قىسىملا بولۇپ قالدى. بولۇپمۇ ئۆزىگە راھەت تۇرمۇش مۇھتى يارىتىپ بەرگەنلىكى ئۇچۇن ئۇ ئىككىسىنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىۋاتقان كىنەز ۋارۋارا خانىمنىڭ بۇ يەردە بولۇشى دوللىنىڭ كۆڭلىگە زادىلا ياقمىدى.

قىسقىسى، دوللى ئانىنانىڭ ئىشىنى ئابستراكت ھالدا قوللايتتى، ئەمما ئۇنى شۇ ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان ئەرنى كۆرگەندە خاپا بولۇپ قالاتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۇ ۋرونسكىينى بۇرۇندىنلا ياخشى كۆرمەيتتى، ھاكاۋۇر، بايلىقىدىن باشقا ماختانغۇدەك ھېچنېمىسى يوق، دەپ بىلەتتى. ۋرونسكىي ئۆزىنىڭ ئۆيىدە دوللىنى خۇشال قىلسام، دەپ ئويلايتتى، ئەمما دوللى قورۇنۇپ زادىلا ئېچىلالمايۋاتاتتى، ياماق چۈشكەن كەمزۇلى ئۇچۇن خىزمەتچى ئايالنىڭ ئالدىدا قانداق ھېسسىياتتا بولغان بولسا، ۋرونسكىينىڭ ئالدىدىمۇ شۇنداق ھېسسىياتتا بولۇۋاتاتتى. ئۇ خىزمەتكار ئايالنىڭ ئالدىدا نومۇس قىلىپ قالغان ئەمەس، بەلكى قورۇنۇپ قالغانىدى، ۋرونسكىينىڭ ئالدىدىكىسىمۇ نومۇس قىلىش ئەمەس، بەلكى قورۇنۇش، خاتىرجەمسىزلىنىش ئىدى.

دوللى ئەركىن بولالمىغانسېرى، قىلىدىغان گېپىنى تاپالماي قېلىۋاتاتتى. ۋرونسكىينى تەكەببۇر دەپ بىلگەچكە، تۇرالغۇسى بىلەن بېغىنى ماختىسام ياخشى كۆرىدۇ، دەپ ئويلاپ، شۇنداقتىمۇ ئاشۇرۇپ ماختىغۇدەك گەپ تاپالماي، ئۆيۈڭلارنى ياخشى كۆردۇم، دېگەن گەپنىلا قىلالىدى.

— شۇنداق، بۇ ئىمارەت ناھايىتى چىرايلىق، ئۇسلۇبى قەدىمىي، — دېدى ۋرونسكىي.

— مەن تاشقىرىقى ھويلىنى ياخشى كۆردۈم، ئىلگىرىمۇ شۇنداقمىدى؟

— ھە، ياقەي، — دېدى ۋرونسكىي مەغرۇر كۈلۈپ قويۇپ، — بۇ ھويلىنى بۇ يىل ئەتىيازدا كۆرگەن بولسىڭىز باشقىچە ھېسسىياتتا بولاتتىڭىز.

ۋرونسكىي دەسلەپتە سەل ئېھتىيات بىلەن، كېيىن بارغانسېرى قىزىشىپ، دوللىنىڭ دىققىتىنى ئۆيىنىڭ تۈرلۈك زىننەتلىرىگە ۋە باغقا جەلپ قىلدى. باغ بىلەن ئۆيلەرنى زىننەتلەشكە نۇرغۇن ئەجىر قىلغان ۋرونسكىي ئۆزۈمنى يېڭى كەلگەن مېھمانلارنىڭ ئالدىدا چوقۇم كۆرسىتىشىم كېرەك، دەپ ئويلايدىغاندەك قىلاتتى، شۇڭا دوللىنىڭ ماختاشلىرى ئۇنى تولىمۇ خۇشال قىلدى.

— ئەگەر چارچىمىغان بولسىڭىز، دوختۇرخانىنى كۆرگۈڭىز كەلسە، يېقىنلا يەردە، كۆرۈپ كەلسەك بولىدۇ، — ۋرونسكىي دوللىنىڭ چارچىغان - چارچىمىغانلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن چىرايىغا قاراپ بېقىپ، ئاندىن شۇنداق دېدى.

— سەنمۇ بارامسەن، ئاننا؟ — سورىدى ئۇ ئاننادىن.

— بىزمۇ بارايلى، بارىمىزمۇ؟ — دېدى ئاننا سۋىيەژسكىيغا قاراپ، — *ئەمما، بىچارە ۋېسلوۋسكىي بىلەن تۇشكېۋىچنى قولۋاقتا ئۇزاق ساقلىتىپ قويمايلى،* سەن ئۇلارغا ئادەم ئەۋەتىپ ئۇقتۇرۇپ قويغىن. بۇ دوختۇرخانا ئۇنىڭ بۇ يەردە قۇرغان خاتىرە مۇنارى، — دېدى ئاننا دوللىغا قاراپ. بۇ گەپنى قىلغاندا چىرايىدا بايا دوختۇرخانا توغرۇلۇق گەپ قىلغاندا ئەكس ئەتكەن شوخ ۋە ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغاندەك بىر خىل تەبەسسۇم پارلاپ قالدى.

— پاھ، بۇ ئاجايىپ بىر مۇكەممەل قۇرۇلۇشقۇ! — دېدى سۋىيەژسكىي. ئارقىدىنلا يەنە باشقىلارنىڭ ۋرونسكىيغا خۇشامەت

قىلىۋاتىدۇ، دەپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئازراق تەنقىدىنىمۇ قوشۇپ قويىدى، — لېكىن، گراف، سەھىيە جەھەتتە پۇقرالار ئۈچۈن نۇرغۇن ئىش قىلدىڭىز، مەكتەپلەرگە نىمىشقا ئاشۇنچىلىك بولسىمۇ كۆڭۈل بۆلۈپ قويمايسىز؟

— *هازىر مەكتەپ سېلىش ئالاھىدە ئىش سانالمايدىغان بولۇپ قالدى،* — دېدى ۋرونسكىي فرانسۇزچە سۆزلەپ، — بىلىپ قېلىڭكى، مەسىلە يەنە بۇنىڭدىمۇ ئەمەس، ئاساسلىقى، مەن دوختۇرخانىغا بەكرەك قىزىقىمەن. دوختۇرخانىغا مانا بۇ ياقتىن ماڭىمىز، — دېدى ئۇ دەرەخلىك بىر يولنى دوللىغا كۆرسىتىپ.

ئاياللار كۈنلۈكلىرىنى ئېچىشىپ ۋرونسكىي كۆرسەتكەن يولغا چىقىشتى. بىرنەچچە بۇرۇلۇشلاردىن ئۆتۈپ، كىچىك بىر ساتما ئىشىكتىن چىققاندىن كېيىن، دوللى ئالدى تەرەپتىكى ئېگىزلىكتە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان پۈتۈش ئالدىدىكى ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا سېلىنغان قىزىل رەڭلىك كاتتا بىر ئىمارەتنى كۆردى. تېخى سىر بېرىلمىگەن ئۆگزىنىڭ قەلەيلىرى قۇياشنىڭ نۇرىدا كۆزلەرنى چېقىپ تۇراتتى. پۈتەي دەپ قالغان بۇ ئىمارەتنىڭ يېنىدىكى جازىلىرى قۇراشتۇرۇلۇپ ئاللىبۇرۇن ئىش باشلاپ كەتكەن يەنە بىر ئىمارەتتىمۇ ئالدىلىرىغا پەرتۇق تارتىۋالغان تامچىلار جازا ئۈستىدە تۇرۇپ لايلارنى يېيىتىپ، تاملارغا خىش قويۇۋاتاتتى.

— سۇرئىتىڭلار بەكمۇ تېزغۇ، — دېدى سۋىيەژسكىي، — ئۆتكەندە كەلگىنىمدە ئۆيلەرنىڭ ئۈستى يېپىلمىغانىدى.

— كۈزگىچە ھەممە قۇرۇلۇش پۈتىدۇ، ئىچىنىڭ ئىنچىكە ئىشلىرى ئاساسەن تۈگەپ قالدى، — دېدى ئاننا.

— يېڭىدىن سېلىنىۋاتقان ئۆيلەرنى نېمىگە ئىشلىتىسىلەر؟

— ئۇلار داۋالاش ئۆيلىرى بىلەن دورىخانىلار، — دەپ جاۋاب بەردى ۋرونسكىي. شۇ ئارىدا قىسقا پەلتو كىيىۋالغان ئىنژېنېرنىڭ ئۆزى تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، خانىملاردىن ئەپۇ سوراپ ئۇنىڭ ئالدىغا ماڭدى.

ۋرونسكىي ھاك لاي ئېتىۋاتقان كۆلچەكتىن ئۆتۈپ، ئىنژېنېر بىلەن ئۇچراشتى ۋە شۇ يەردە تۇرۇپ نېمە توغرۇلۇقتۇ قىزغىن پاراڭلىشىپ كەتتى.

— ئۇدۇل تام سەل پەسرەك بولۇپ قاپتۇ، — دېدى ۋرونسكىي ئاننانىڭ، ئۇ نېمە دەيدۇ، دەپ سورىغان سوئالىغا جاۋاب بېرىپ.

— مەن بىنانىڭ ئۇلىنى ئاززاق كۆتۈرۈش كېرەك دېگەنغۇ ساڭا، — دېدى ئاننا.

— توغرا، ئاننا ئاركادىيېۋنا، شۇنداق قىلغان بولساق تېخىمۇ ياخشى بولاتتى، — دېدى ئىنژېنېر، — ئەپسۇس، كېچىكتۇق.

— شۇنداق، مەن بۇ قۇرۇلۇشقا ناھايىتى قىزىقىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى ئاننا ئۆزىنىڭ بىناكارلىقتىنمۇ خەۋىرى بارلىقىغا ھەيران قالغان سۋىيەژسكىيغا، — بۇ ئىمارەت چوقۇم دوختۇرخانىنىڭ تەلىپىگە مۇۋاپىق بولۇشى كېرەك. بىراق، ئىمارەتنىڭ بەزى يەرلىرىنى ئۆزگەرتىش كېرەكلىكىنى پۇتۇپ بولغاندا ئويلاپ قالدۇق، ئىمارەتنىڭ ئۆزىمۇ پىلانسىزلا باشلانغان.

ۋرونسكىي ئىنژېنېر بىلەن پاراڭنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئاياللارنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىپ، ئۇلارنى دوختۇرخانىنىڭ ئىچىگە باشلاپ ماڭدى.

بىنانىڭ سىرتىدىكى گەرنىزلەر تېخى پۈتمىگەن، تۆۋەنكى قەۋەت سىرلىنىۋاتقان بولسىمۇ، يۇقىرىقى قەۋەتنىڭ ئىچى باشتىن ـ ئاياغ دېگۈدەك پەردازلىنىپ بولغانىدى. كىرگەنلەر تۆمۈر سالاسۇنلۇق كەڭ پەلەمپەيدىن چىقىپ چوڭ بىر ئۆيگە كىردى. تاملار مەرمەر رەڭگىدە سۇۋالغان، ئەينەكلىك ئېگىز دېرىزىلەر قويۇلۇپ بولغانىدى، پۈتمىگىنى پەقەت يەرنىڭ تاختايلىرى ئىدى. تاختاي رەندىلەۋاتقان ياغاچچىلار ئىشلىرىنى توختىتىپ، باشلىرىغا چىگىۋالغان لاتىلىرىنى ئېلىۋېتىپ، كىرىپ كەلگەن بېگىملەرگە ئېگىلىپ سالام قىلىشتى.

— بۇ قوبۇلخانا، — دېدى ۋرونسكىي، — بۇ يەرگە كېيىن

بىر يېزىق ئۈستىلى، بىر ئۈستەل، بىر كىتاب جازىسىدىن باشقا ھېچنېمە قويۇلمايدۇ.
— قېنى، بۇياققا مېڭىڭلار. دېرىزىگە يېقىن كەلمەڭلار، — دېدى ئانىنا سىرى قۇرۇدىمىكىن دەپ دېرىزىنىڭ رامكىسىنى تۇتۇپ كۆرۈۋېتىپ، — ئالېكسېي، سىر قۇرۇپتۇ، — دەپ قوشۇپ قويدى ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىغا.
ئۇلار قوبۇلخانىدىن كارىدورغا چىقىشتى. ۋرونسكىي بۇ يەردە مېھمانلارغا ھاۋا ئالماشتۇرۇش ئۈسكۈنىلىرىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن مەرمەر ۋاننىلارنى، ئالاھىدە ياسالغان پۇرژىنىلىق كارىۋاتلارنى كۆرسەتتى. ئۇنىڭغا ئۇلاپلا يەنە كېسەلخانىلارنى، ئامبار ئۆيلەرنى، كىر يۇيۇش ئۆيلىرىنى، يېڭىچە ياسالغان ئىسسىتىش ئۈسكۈنىلىرىنى، نەرسە - كېرەك توشۇيدىغان ئاۋازسىز ھارۋىلارنى ۋە باشقا نۇرغۇن - نۇرغۇن نەرسىلەرنى كۆرسىتىپ چىقتى. سۋىيەژسكىي خۇددى بۇ يېڭى نەرسىلەرنى بىلىدىغاندەك، ھەممىلا نېمىنى ماختاپ توختىمايتتى. دوللى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان بۇ نەرسىلەر يېڭىلىق تۇيۇلۇپ ھەيران قېلىۋاتاتتى، ئۇ نەرسىلەرنى بىلىش ئۈچۈن ئىنچىكە سورايتتى. بۇ ئەھۋال ۋرونسكىينى خېلىلا خۇشال قىلدى.
— دۇرۇس، بۇ رۇسىيە بويىچە ئۈسكۈنىلىرى ئەڭ تولۇق بىردىنبىر دوختۇرخانا بولۇپ قالىدۇ، — دېدى سۋىيەژسكىي.
— تۇغۇت بۆلۈمى يوقمۇ؟ — دەپ سورىدى دوللى، — بۇ يېزىدا بەك لازىم نەرسە. مەن پات - پات ...
ۋرونسكىي ئەدەپ - قائىدىگە بەكمۇ ئېتىبار بېرىدىغان ئادەم ئىدى، لېكىن بۇ قېتىم دوللىنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى.
— بۇ تۇغۇتخانا ئەمەس، كېسەلخانا، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەردىن باشقا تۈرلۈك كېسەللىكلەرنى داۋالايدۇ، — دېدى ئۇ، — بۇنىڭغا قاراڭ ... — ئۇ يېقىندا چەت ئەلدىن كىرگۈزگەن چاقلىق ئورۇندۇقنى دوللىنىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ ئەكەلدى، — بۇ ماغدۇرسىز ياكى پۇتىدا كېسەل بار،

ماڭالمايدىغان، ئەمما ساپ ھاۋاغا موھتاج بىمارلارنى ئولتۇرغۇزۇپ سىرتلارغا ئاچىقىپ ئايلاندۇرۇپ كىرىدىغان چاقلىق ئورۇندۇق ...

دوللى ھەممىگە قىزىقتى، ھەممىنى ياخشى كۆردى، بولۇپمۇ ساددا تەبىئەتلىك، قىزغىن ۋرونسكىينى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرۈپ قالدى. «راست، ناھايىتى يېقىملىق ئادەم ئىكەن» دەپ ئويلىدى دوللى. بەزىدە ئۇ ۋرونسكىينىڭ گەپلىرىگە دىققەت قىلماي، ئۇنىڭغا تىكىلىپ قالاتتى، ئۇنىڭ چىراي ئىپادىلىرىنى كۆزىتەتتى، تۇرۇپلا يەنە پۈتۈن خىيالى ئانناغا كېتەتتى. ۋرونسكىينىڭ جۇشقۇن قامىتىگە زوق بىلەن قاراپ قېلىپ، ئاننانىڭ نىمە ئۇچۇن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى چۈشەنگەندەك بولاتتى.

# 21

— ياق، كىنەز خانىم چوقۇم چارچىدى، ئاتقىمۇ ئانچە ھەۋەس قىلىپ كەتمىسە كېرەك، — دېدى ۋرونسكىي ئات فېرمىسىغا بېرىپ كېلىشنى تەكلىپ قىلغان ئانناغا. سۋىيەژسكىيمۇ ئات فېرمىسىغا بېرىپ يېڭى ئېلىپ كەلگەن نەسىللىك ئايغىرنى كۆرۈپ كەلمەكچى بولغانىدى، — سىلەر بېرىپ كېلىڭلار، كىنەز خانىمنى مەن ئۆيگە ئاپىرىپ قوياي. ئەگەر خالىسىڭىز، سىز بىلەن ئازراق پاراڭلاشقۇم بار ئىدى، — دېدى ئۇ دوللىغا.

— ناھايىتى ئوبدان. مەن ئات توغرىسىدا ھېچنېمە بىلمەيمەن، ئەمما سىز بىلەن پاراڭلاشقىنىمدىن خۇشالمەن، — دەپ جاۋاب بەردى سەل ھەيران قالغان دوللى ۋرونسكىيغا.

ئۇ ۋرونسكىينىڭ چىرايىدىن ئۆزىگە قىلىدىغان گېپى بارلىقىنى بايىلا بىلگەنىدى، ئۇنىڭ پەرىزى توغرا بولۇپ چىقتى.

ئىككىسى ساتما ئىشكتىن چىقىپ باغقا كىرگەنـدە، ۋرونسكىي ئانىنا كەتكەن تەرەپكە قاراپ قويۇپ، ئۇنىڭ ئۆزلىرىنىڭ پارىڭىنى ئاڭلىمايدىغانلىقىغا ھەم ئۆزلىرىنى كۆرمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن گەپكە ئېغىز ئاچتى.

— مېنىڭ سىزگە دەيدىغان گېپىم بارلىقىنى ئويلاپ باقمىغان بولغىيدىڭىز؟ — دېدى ۋرونسكىي كۈلۈپ تۇرغان كۆزلىرىنى دوللىغا تىكىپ، — مەن سىزنىڭ ئانىنىڭ يېقىن دوستى ئىكەنلىكىڭىزنى بىلىمەن، — ئۇ شەپكىسىنى بېشىدىن ئېلىپ، چېچى چۈشۈپ كەتكەن بېشىنى قولياغلىقى بىلەن سۈرتۈپ قويدى.

دوللى ئۈنچىقماي، ئۇنىڭغا قورقۇمسىراپ قاراپ قويدى. ئۇنىڭ بىلەن يالغۇز قالغاندا ئۇنى ئازراق قورقۇنچ باسقان، كۈلكە چىقىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن جىددىي چىرايىنى كۆرۈپ ھەيران قالغانىدى.

«ئۇ مەن بىلەن نېمە توغرۇلۇق پاراڭلاشىدىغاندۇ؟ — ھەر خىل پەرەزلەر بىردىنلا ئۇنىڭ كاللىسىغا يىغىلىپ قالدى، — ئەگەر ئۇ مەندىن بالىلىرىمنى ئېلىپ كېلىپ بۇ يەردە بىر مەزگىل تۇرۇپ كېتىشنى تەلەپ قىلىپ قالسا، ئۇنىڭ تەلىپىنى قەتئىي رەت قىلىمەن؛ ياكى موسكۋادا ئانىنا ئۈچۈن تانسا كېچىلىكى ئۆتكۈزۈپ بېرىشىمنى سورىماقچىمىكىن ... ۋېسلوۋسكىي بىلەن ئانىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى ئىشمىدۇ يا؟ ياكى كىتى توغرىسىدىكى گەپ بولۇپ، كىتىدىن ئەپۇ سورىماقچىمىدۇ؟» دوللى نۇرغۇن كۆڭۈلسىز تەخمىنلەرنى ئويلاپ كەتتى، لېكىن شۇنچە ئويلاپمۇ ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن نېمە توغرۇلۇق سۆزلىشىدىغانلىقىنى تاپالمىدى.

— ئانىنا سىزنىڭ گېپىڭىزنى بەك ئاڭلايدىكەن ھەم سىزنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرىدىكەن، — دېدى ۋرونسكىي، — سىز ماڭا ياردەم بەرسىڭىز.

دوللى ئۇنىڭ لىپا دەرەخلىرىنىڭ سايىسىدا كۈننىڭ شولىسى

دەم تۇتاش، دەم قىسمەن چۈشۈپ تۇرىدىغان، دەم قارا سايە تاشلىنىپ قالىدىغان قەتئىي چىرايىغا ئەندىشە بىلەن قاراپ قويۇپ، ئۇ ماڭا يەنە نېمە دەيدىغاندۇ، دەپ كۈتۈپ تۇراتتى. لېكىن، ئۇ قولىدىكى ھاسىسى بىلەن تاش ياتقۇزۇلغان يولغا توكۇلدىتىپ ئۇرۇپ قويۇپ، ئۇنىڭ يېنىدا جىمجىت كېتىۋاتاتتى.

— ئاننانىڭ دوستلىرى ئىچىدە بىزنى يوقلاپ كەلگىنى پەقەت سىزلا — كىنەز ۋارۋارا خانقىزنى مەن ئۇنىڭ دوستلىرى قاتارىدا سانىمايمەن — مەن سىزنى بىزنىڭ ئەھۋالىمىزنى نورمال دەپ بىلگەنلىكى ئۈچۈن كەلدى، دەپ ئەمەس، بەلكى ئەھۋالىمىزنىڭ ناھايىتى ئېغىر ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئاننانى ئىلگىرىكىدەك ياخشى كۆرۈپ ھەم ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىشنى ئويلاپ كەلدى، دەپ ئويلايمەن. قانداق، مېنىڭ ئويلىغىنىم توغرىمۇ؟ — دەپ سورىدى ۋرونسكىي دوللىغا قاراپ.

— ئەلۋەتتە، شۇنداق، — دېدى دوللى كۈنلۈكىنى يىغىۋېلىپ، — لېكىن ...

— ياق، — دېدى ۋرونسكىي ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋېتىپ، ۋرونسكىي بۇ سۆزى بىلەن قارشى تەرەپنى ئوڭايسىزلاندۇرۇپ قويغانلىقىنى سەزمەي، بىردىنلا مېڭىشتىن توختاپ قالدى. ئۇنى كۆرۈپ دوللىمۇ توختاشقا مەجبۇر بولدى، — ئاننانىڭ ئەھۋالىنىڭ قانچىلىك مۈشكۈل ئىكەنلىكىنى ھېچكىم مېنىڭدەك چۈشەنمەيدۇ. ئەگەر سىز مېنى ۋىجدانلىق ئەر دەپ ئويلىسىڭىز، مېنىڭ دېگىنىمنىڭ راست ئىكەنلىكىگە چوقۇم ئىشىنىسىز. ئۇنى شۇ ئەھۋالغا كەلتۈرۈپ قويغان ئادەم مەن بولغاچقا، بۇنى بەكمۇ چوڭقۇر بىلىمەن.

— بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن، — دېدى دوللى ۋرونسكىينىڭ ئۇ گەپنى چىن دىلىدىن ۋە قەتئىيلىك بىلەن ئېيتقىنىغا زوقى كېلىپ، — بۇ ئىشلارغا مەن سەۋەبچى بولدۇم دەپ ئويلىغانلىقىڭىز ئۈچۈن بەزى گەپلەرنى ئاشۇرۇپ دەۋاتامسىزكىنتاڭ. ئۇنىڭ ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەھۋالى

قىيىن، بۇنى مەن چۈشىنىمەن.

— ئۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا خۇددى دوزاختا تۇرغاندەك تۇرىدۇ، — دېدى ۋرونسكىي قاپاقلىرىنى تۈرۈپ، ئىلدام - ئىلدام سۆزلەپ، — ئۇ ئىككى ھەپتە ئىچىدە پېتېربۇرگدا تارتمىغان روھىي ئازابلارنى تارتىۋالدى ... بۇ گېپىم راست گەپ.

— بۇ گېپىڭىزگە ئىشىنىمەن. لېكىن ئاننامۇ ... سىزمۇ بۇ يەردە ئاقسۆڭەكلەر جەمئىيىتىگە موھتاج بولماي تۇرۇۋېتىپسىلەر ...

— ئاقسۆڭەكلەر جەمئىيىتى ! — دېدى ۋرونسكىي نەپرەت بىلەن، — ئۇ جەمئىيەتكە مېنىڭ نېمە ئېھتىياجىم بار دەيسىز.

— شۇ كەمگىچە سىلەر خاتىرجەم، بەختلىك تۇرۇۋېتىپسىلەر، مەڭگۈ مۇشۇنداق ئۆتۈپ كەتكەيسىلەر. مەن ئاننانى بەختلىك، تولىمۇ بەختلىك دەپ ئويلايمەن، ئۆزىمۇ ماڭا شۇنداق دېدى، — دېدى دوللى كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ. شۇ گەپنى قىلىۋېتىپ ئۇ يەنە ئاننا راستتىنلا شۇنداق بەختلىكمىدۇ، دەپ ئىختىيارسىز ئويلاپ قالدى.

شۇنداقلىقىدىن ۋرونسكىينىڭ گۇمان قىلمايدىغانلىقى چىرايىدىن بىلىنىپ تۇراتتى.

— راست، راست، — دېدى ئۇ، — ئۇنىڭ شۇنچە دەرد - ئەلەملەرنى تارتىپ ئەمدى خېلى تىنچىپ قالغانلىقىنىمۇ بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن. ئۇ ھازىر بەختلىك، ھەقىقىي بەختلىك. لېكىن، مەنچۇ؟ ... مەن كەلگۈسىمىزدىن ئەنسىرەيمەن ... كەچۈرۈڭ، ئۆيگە كىرىپ كەتكۈڭىز بارمۇ؟

— ياق، گېپىڭىزنى قىلىۋېرىڭ.

— ئۇنداق بولسا مەشەدە بىردەم ئولتۇرايلى.

دوللى يولنىڭ ئايلىنىدىغان يېرىدىكى ئۇزۇن ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. ۋرونسكىي يېنىدا ئۆرە تۇردى.

— مەن ئۇنىڭ بەختلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن، — دېدى ۋرونسكىي بايىقى گېپىنى تەكرارلاپ.

ئەمما، دوللى ئانىنىڭ ھەقىقىي بەختلىكلىكىدىن بارغانسېرى گۇمانلىنىپ قېلىۋاتاتتى، — لېكىن مۇشۇنداق ئەھۋالنىڭ داۋاملىشىپ كېتىۋېرىشى مۇمكىنمۇ؟ بىزنىڭ قىلىۋاتقىنىمىزنىڭ توغرا ـ خاتالىقى باشقا بىر مەسىلە. *بولار ئىش بولۇپ بولدى*، — بۇ گەپنى ئۇ فرانسۇزچە دېدى، — بىزنىڭ ئۆمرىمىز ئەمدى مەڭگۈلۈك قوشۇلدى، ئىككىمىز بىز ئۈچۈن ئەڭ مۇقەددەس بولغان مۇھەببەت بىلەن بىر ـ بىرىمىزگە مەھكەم باغلاندۇق. بىزنىڭ ھازىر بىر بالىمىز بار، بۇنىڭدىن كېيىن يەنە بالىلىرىمىز بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، قانۇن بىلەن بىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىمىز ئىنتايىن مۇرەككەپ، بىر ئېغىز گەپ بىلەن سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. ئۇ شۇنچە دەرد ـ ئەلەملەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، روھىي ئاراملىققا ئېرىشكەندىن كېيىن بۇ نۇقتىنى كۆرمەيۋاتىدۇ ياكى كۆرۈشنى خالىمايۋاتىدۇ، بۇنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. ئەمما، مەن كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن، كۆرمەسكە سېلىشىم مۇمكىن ئەمەس. مېنىڭ قىزىم قانۇنىي جەھەتتە مېنىڭ قىزىم ئەمەس، كارېنىنىنىڭ قىزى. مەن بۇ ئالدامچىلىققا چىداپ تۇرالمايمەن! — ۋرونسكىي قولىنى كۈچەپ بىر سىلكىپ قويۇپ، دوللىغا سوئال نەزىرى بىلەن غەمكىن قاراپ قويدى.

دوللى بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇراتتى. ۋرونسكىي سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ئەگەر ئۇ ئەتە بىر ئوغۇل تۇغسا، مېنىڭ ئوغلۇممۇ قانۇنىي جەھەتتە ماڭا ئەمەس، كارېنىنغا مەنسۇپ بولىدۇ، مېنىڭ فامىلەمنى قوللىنالمايدۇ، مال ـ مۈلكۈمگىمۇ ۋارىسلىق قىلالمايدۇ. بىز مەيلى قانچىلىك بەختلىك ياشايلى، قانچە بالىمىز بولسۇن، مېنىڭ ئۇلار بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتىم بولمايدۇ، ھەممىسى كارېنىنىنىڭ بالىلىرى بولۇپ كېتىدۇ. ئويلاپ بېقىڭ، بۇ ئەھۋال قانچىلىك ئازابلىق ھەم دەھشەتلىك. مەن بىرنەچچە قېتىم ئاننا بىلەن مۇشۇ ئىش توغرۇلۇق

پاراڭلاشماقچى بولۇپ، گەپنى ئەمدىلا باشلىشىمغا، ئۇ ماڭا خاپا بولۇپ كەتتى. ئۇ بۇ ئىشنىڭ قانچىلىك ئېغىر ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيدۇ، مەنمۇ ئۇنىڭغا ئېزىپ ئىچكۈزەلمەيمەن. يەنە بىر جەھەتتىن، مەن ئۇنىڭ ماڭا بولغان مۇھەببىتىدىن ئۆزۈمنى بەختلىك سېزىمەن، لېكىن مەن بىر ئىش بىلەن شۇغۇللىنىشىم كېرەككۇ! مەن ئاخىر ئۇ ئىشنىمۇ تاپتىم ھەم ئۇ ئىشىمدىن پەخىرلەندىم. ئۇ ئىش ئوردا بىلەن ھەربىي سەپتە تۇرۇۋاتقان سەپداشلىرىم قىلىۋاتقان ئىشلاردىنمۇ يۈكسەك ئىش. ئەلۋەتتە، بۇ ئىشىمنى مەن ئۇلار قىلىۋاتقان ئىشلارغا ھەرگىز تېگىشمەيمەن. مەن ھازىر يۇرتۇمغا ئورۇنلىشىپ ئۆز ئىشىمنى تاپتىم، شۇنىڭدىن بەختلىكمەن، مەمنۇنمەن، ئەمدى ماڭا ھېچقانداق نەرسىنىڭ لازىمى يوق. مەن ئۆزۈمنىڭ ئىشىنى ياخشى كۆرىمەن، بۇ ياخشى كۆرۈشۈم قىلىدىغانغا باشقا ئىشنىڭ يوقلۇقىدىن ئەمەس، دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە ...

دوللى ئۇنىڭ سۆزىنىڭ دەل شۇ يەرگە كەلگەندە سەل مۇجمەللىشىپ قالغانلىقىنى سەزدى ۋە نېمە ئۈچۈن باشقا گەپلەرنى ئارىلاپ كېتىۋاتقىنىنى بىلەلمىدى، لېكىن قىلىۋاتقان گەپلىرى ئاننا ئاڭلىسا بولمايدىغان گەپلەر بولمىغاچقا، گېپىنىڭ ئاخىرىنى چوقۇم دەيدۇ، دەپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ يېزىدا قىلىۋاتقان ئىشلىرىمۇ ئاننا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە ئوخشاشلا كۆڭلىدىكى مۇھىم ئىشلارنىڭ بىرى ئىدى.

— خوش، مەن گېپىمنى يەنە داۋام قىلاي، — دېدى ۋرونسكىي دىققىتىنى يىغىپ، — مۇھىم گەپ شۇكى، مەندە مېنىڭ ئىشلىرىم مەن بىلەن تەڭ تۈگەپ كەتمەيدۇ، مېنىڭمۇ مىراسخورلىرىم بولىدۇ، دەيدىغان ئىشەنچ بولۇشى كېرەك ئىدى، لېكىن ھازىر ئۇنداق ئىشەنچ يوق. ئويلاپ بېقىڭ، بىر ئادەم ئۆزى ۋە ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك خوتۇنىدىن بولغان بالىلىرىنىڭ كەلگۈسىدە ئۆزىگە مەنسۇپ بولماي، ئەكسىچە ئۆزلىرىگە نەپرەت بىلەن قارايدىغان، قىلچە كۆڭۈل بۆلمەيدىغان باشقا بىر ئادەمگە

مەنسۇپ بولىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسا، دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ ئازابلىق ئىش بولامدۇ! بۇ نېمىدېگەن دەھشەتلىك ئىش!

ۋرونسكىي گېپىنى قىلالماي قالدى، قاتتىق ھاياجانلىنىپ كەتكەنىدى.

— راست، بۇ تەرىپىنى مەنمۇ چۈشىنىپ تۇرۇۋاتىمەن. لېكىن، ئاننىنىڭ قولىدىن نېمە كېلىدۇ؟ — دېدى دوللى.

— توغرا، سىز بىلەن پاراڭلىشاي دېگىنىممۇ مۇشۇنىڭ ئۈچۈن ئىدى، — دېدى ۋرونسكىي ئۆزىنى زورغا بېسىۋېلىپ، — ئاننانىڭ قولىدىن كېلىدۇ، ھەممە ئىش شۇنىڭغا باغلىق ... ھەتتا بالىنى رەسمىيلەشتۈرۈش توغرۇلۇق پادىشاھدىن ئىجازەت سوراش ئۈچۈنمۇ ئالدى بىلەن ئاجرىشىش رەسمىيىتىنى ئۆتەش كېرەك. ئۇنىڭ ئېرى ئەسلىدە ئاجرىشىشقا ماقۇل بولغان، سىزنىڭ ئېرىڭىزمۇ شۇ چاغدا بەزى ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى قىلغان. پەرىزىمچە، ئۇ ھازىرمۇ بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىشنى رەت قىلمايدۇ، پەقەت ئۇنىڭغا قارىتىپ بىر پارچە خەت يېزىلسىلا بولاتتى. شۇ چاغدا ئۇ ئېنىق قىلىپ، ئەگەر ئاننا شۇ ئارزۇسىنى بىلدۈرىدىغانلا بولسا، ئۆزىنىڭ ئۇنى ھەرگىز رەت قىلمايدىغانلىقىنى ئېيتقانىكەن. ئەلۋەتتە، — دېدى ۋرونسكىي چىرايى تۈتۈلۈپ، — بۇنداق شەپقەتسىزلىك پەقەت تاش يۈرەك فارسېيلارنىڭلا قولىدىن كېلىدۇ. ئۆزىنى ئېسىگە كەلتۈرۈشنىڭ ئاننا ئۈچۈن قانچىلىك ئازاب ئىكەنلىكىنى ئۇ بىلىدۇ، بىلىپ تۇرۇپ يەنە ئاننادىن خەت يېزىشنى تەلەپ قىلىدۇ. مەن ئۇنىڭغا خەت يېزىشنىڭ ئاننا ئۈچۈن تولىمۇ قىيىن بىر ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىمەن. لېكىن، ئاجرىشىش رەسمىيىتىنى ئۆتەش بەكمۇ مۇھىم بىر ئىش ئىدى. شۇڭا، *ھەرقانچە قىيىن بولسىمۇ، ئۇ نازۇك تۇيغۇلارنى يېڭىش كېرەك. چۈنكى، بۇ ئىش ئاننا بىلەن ئۇنىڭ بالىلىرىنىڭ بەختى ۋە ئىستىقبالى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.*

بۇ ئىش ماڭىمۇ قىيىن ھەم ئازابلىق، — دېدى ۋرونسكىي ئۆزىگە مۇشۇ خاپىچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ بېرىۋاتقان ئادەمگە

تەھدىت سىلىۋاتقاندەك ئەلپازدا فرانسۇزچىنى ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلەپ، — شۇڭا، كىنەز خانىم، مەن نومۇسنى قايرىپ قويۇپ، سىزگە ئاخىرقى ئۈمىدىم دەپ ئويلاپ مەھكەم يېپىشتىم. ئانىنى ئېرىگە خەت يېزىپ ئاجرىشىش خېتى تەلەپ قىلىشقا كۆندۈرۈشكە ياردەم قىلىسىڭىز.

— بۇنىڭغا ئەلۋەتتە بولىدۇ، — دېدى دوللى كارېنىن بىلەن ئاخىرقى قېتىم ئۇچراشقىنىنى كۆز ئالدىغا ئېنىق كەلتۈرۈپ. — ئەلۋەتتە بولىدۇ، — ئۇ ئانىنى ئويلاپ ئۇ گەپنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى.

— ئۇنىڭغا بولغان تەسىرىڭىزدىن پايدىلىنىپ خەت يازغۇزۇڭ. بۇ توغرۇلۇق ئۇنىڭ بىلەن مەن پاراڭلاشماي، پاراڭلاشساممۇ بەربىر نەتىجىسى بولمايدۇ.

— بولىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزۈم سۆزلىشەي. لېكىن، ئانىنىڭ ئۆزى نېمىشقا بۇنى ئويلىمايدۇ؟ — دېدى دوللى ئانىنىڭ كۆزىنى يېرىم يۇمۇۋالىدىغان غەلىتە يېڭى ئادىتىنى بىردىنلا ئېسىگە كەلتۈرۈپ. ئانىنا ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي تۇرمۇشى توغرۇلۇق گەپ بولسىلا شۇنداق قىلاتتى، بۇنى دوللى سەزگەنىدى. «ئۇ ھاياتنى پۈتۈن ھالىتى بىلەن كۆرمەيلا، دەپ شۇنداق قىلسا كېرەك» دەپ ئويلىدى دوللى ئىچىدە. شۇنىڭ بىللە، ئۇ يەنە ۋرونسكىينىڭ مىننەتدارلىقىغا جاۋابەن، — ئۆزۈم ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈن بولسىمۇ ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىشىم كېرەك، — دېدى.

ئىككىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ئۆي تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

# 22

ئانىنا دوللىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ۋرونسكىي بىلەن نېمە توغرۇلۇق پاراڭلاشقانلىقىنى بىلمەكچى

بولغانىدەك دولىلىنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ قويدى، لېكىن سورىمىدى.

— قارىغاندا، تاماق يەيدىغان ئوخشايمىز، — دېدى ئاننا، — ئىككىمىز تېخى رەسمىي پاراڭلاشمىدۇق، كەچتە ئۇنىڭغا پۇرسەت چىقىپمۇ قالار. هازىر كىيىملىرىمىزنى ئالماشتۇرۇۋالايلى، سەنمۇ ئالماشتۇرۇۋالساڭ كېرەك دەيمەن، قورۇلۇش ئورنىدا كىيىملىرىمىز مەينەت بولۇپ كەتتى.

دوللى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئالماشتۇرىدىغان باشقا كىيىمى بولمىغاچقا كۆلگۆسى كەلدى. ئەڭ ياخشى كىيىمى ئۇچىسىدا بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا كىيىمى يوق ئىدى. شۇنداقتىمۇ كەچلىك تاماققا تەييارلىنىپ چىققانلىقىنى بىلدۇرۇش ئۈچۈن، خىزمەتكار قىزنى چاقىرتىپ ئۇستىدىكى كىيىمنى تازىلاتقۇزدى، ئاندىن يەڭلىكى بىلەن باتىنكىنى ئالماشتۇردى، چېچىغا چىلتەكلىك لېنتا تاقىدى.

— مېنىڭ ياسىنىشىم مۇشۇنچىلىكلا، — دېدى ئۇ كىيىمنى ئۇچىنچى قېتىم ئادديي، ئەمما كۆركەم كىيىمگە ئالماشتۇرۇپ كىرىپ كەلگەن ئانناغا قاراپ كۈلۈپ تۇرۇپ.

— بۇ يەردە بىز ياسىنىشقا تولىمۇ ئەهمىيەت بېرىپ كېتىمىز، — دېدى ئاننا ئۆزىنىڭ چىرايلىق كىيىنىۋالغىنىغا خىجالەت بولغاندەك قىلىپ، — ئالېكسېي سېنىڭ كەلگىنىڭگە بەكمۇ خۇشال بولدى، ئۇزاق بولغان بۇنداق خۇشال بولۇپ باقمىغىنىغا. ئۇ سېنى قەۋەتلا ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ، — دەپ قوشۇپ قويدى ئۇ، — چارچىمىدىڭمۇ؟

تاماق ۋاقتىغىچە پاراڭ سېلىشارلىق ۋاقىتمۇ بولمىدى. ئۇلار مېهمانخانىغا كىردى، كىنەز ۋارۋارا خانقىز بىلەن قارا كاستيۇم كىيىشىۋالغان ئەرلەر شۇ يەردە ئىكەن، ئىنژېنېر فراك كىيىۋاپتۇ. ۋرونسكىي دوختۇر بىلەن غوجىدارنى دوللىغا تونۇشتۇردى، ئىنژېنېرنى قورۇلۇش ئورنىدا تونۇشتۇرۇپ بولغانىدى.

ساقىلى پاكىز قىرىلغان، يۈزى دۈپدۈگىلەك، ئاپئاق گالستۇكى كىراخمالدا تۇپتۈز قاتۇرۇلغان قورساقلىق باش خىزمەتكار كىرىپ تاماقنىڭ تەييار بولغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. خانىملار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. ۋرونسكىي سۋىيەژسكىينى ئاننا بىلەن بىللە مېڭىشقا تەكلىپ قىلىپ، ئۆزى دوللىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ۋېسلوۋسكىي كىنەز ۋارۋارا خانقىزنى تۇشكېۋىچنىڭ ئالدىدا قولتۇقلاپ ماڭدى، نەتىجىدە تۇشكېۋىچ غوجىدار ۋە دوختۇر بىلەن ئايرىم ماڭدى.

كەچلىك تاماق، تاماقخانا، قاچا ـ قۇچىلار، خىزمەتكارلار، هاراقلار ۋە تاماقلار زامانغا لايىق بۇ ئۆينىڭ هەشەمەتلىكلىكىگە ماس كەلگەندىن تاشقىرى، يەنە تېخىمۇ هەشەمەتلىك، تېخىمۇ يېڭى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. دوللى ئۆزى ئۈچۈن پۈتۈنلەي يېڭىلىق بولغان بۇ هەشەمەتچىلىكلەرنى كۆز ئۆڭىدىن ئۆتكۈزۈپ ئولتۇراتتى، بۇ يەردە كۆرگەنلىرىنىڭ هېچقايسىسىنى ئۆز ئۆيىدە ئىشلىتىمەن دەپ ئۈمىد قىلمىسىمۇ، ئۆي ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ كېلىۋاتقان ئايال بولغانلىقتىن، هەر بىر نەرسىگە قالدۇرماي سەپسېلىپ چىقىۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە بۇنىڭ هەممىسىنى كىمنىڭ ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنىمۇ، قانداق ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنىمۇ ئويلاپ ئولتۇراتتى. ۋېسلوۋسكىي، ئۆزىنىڭ ئېرى، هەتتا سۋىيەژسكىيمۇ ۋە ئۆزى بىلىدىغان كۆپلىگەن ئەرلەرمۇ بۇنداق ئىشلار توغرۇلۇق هېچقاچان كاللا قاتۇرمايتتى، يەنە تېخى قائىدە ـ يوسۇنلارغا ئەهمىيەت بېرىدىغان هەرقانداق ئۆي ئىگىسى مېهمانلارنى شۇنچىلىك مۇكەممەل ئورۇنلاشتۇرۇشلارغا، هېچقانچە كۈچەپ كەتمىگەن، ئەسلىدە بار نەرسىلىرىنىلا ئۇستەلگە ئاچىقىقان گەپ، دېگەن هېسسىياتقا كەلتۈرۈشكە تىرىشىدۇ، دېگەن گەپكە ئىشىنەتتى. لېكىن، دوللى ناشتىدا باللارغا پىشۇرۇپ بېرىدىغان سۈت ئاشنىمۇ بىركىم ئاسماندىن تاشلاپ بەرمەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلگەچكە، مۇشۇنداق كاتتا هەم مۇرەككەپ ئائىلە تۇرمۇشىنى چوقۇم بىر ئادەم

ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن باشقۇرۇپ ۋە ئورۇنلاشتۇرۇپ تۇرىدۇ، دەپ ئويلىدى ۋە ۋرونسكىينىڭ ئۇستەلنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىغا پات ـ پات قاراپ قويۇشلىرى ھەم كۇتكۇچىلەرگە بېشى ئارقىلىق ئىشارەت قىلىپ ۋە ئۆزىدىن ئارىلاپ، سوغۇق شورپا ئىچەمسىز ياكى قىزىق شورپىمۇ، دەپ سوراپ تۇرۇشلىرىدىن، ھەممە نەرسىنىڭ مۇشۇ ئەر خوجايىنىنىڭ ئەستايىدىل ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بولۇۋاتقانلىقىنى بىلدى. قارىغاندا، ئاننانىڭ بۇ ئىشلارغا ئارىلىششى ۋېسلوۋسكىينىڭكىچىلىكلا بولسا كېرەك. شۇنداق بولغاندا، ئاننامۇ سۋىيەژسكىي، ۋارۋارا ۋە ۋېسلوۋسكىيگە ئوخشاشلا مېھمان ئىدى، ھەممىسى تەييار قىلىنغان نەرسىلەردىن ھۇزۇرلىناتتى.

ئاننا پەقەت پاراڭنى باشقۇرۇپ تۇرۇۋاتقاچقىلا، ئايال خوجايىنغا ئوخشاپ قالغانىدى. ئادەم كۆپ ئەمەس بۇ زىياپەتتە ئەر غوجىدار بىلەن ئىنژېنېرنىڭلا سالاھىيىتى ئوخشىمايتتى، ئۇلار ئادەمنىڭ كۆزىنى ئالاچەكمەن قىلىۋېتىدىغان بۇنداق كاتتا زىياپەتكە بار ئامالى بىلەن ماسلىشىپ ئولتۇرۇشقا تىرىشاتتى، ئەمما باشقىلارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىگە ئارىلىشالمايتتى. بۇ خىلدىكى زىياپەتلەردە قىلىنىۋاتقان گەپ ـ سۆز ۋە ھەرىكەتلەرنى ئۆز يولىدا باشقۇرۇپ مېڭىش ئاسان ئەمەس ئىدى، لېكىن دوللى ئاننانىڭ ھەر خىل مۇناسىۋەتلەرگە ماھىرلىقى بىلەن باشقۇرۇش قىيىن بۇ سورۇننى ئوڭۇشلۇق، ھەتتا غەلىبىلىك باشقۇرۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئولتۇردى.

گەپ تۇشكېۋىچ بىلەن ۋېسلوۋسكىي ئىككىسىنىڭ بۈگۈن قولۋاقتا ئۈزۈپ ئوينىغانلىقى توغرۇلۇق بولغاندا، تۇشكېۋىچ پېتېربۇرگدىكى ماتورلۇق قولۋاقتا ساياھەت قىلىش كۇلۇبى يېقىندا ئۇيۇشتۇرغان قولۋاق مۇسابىقىسى توغرۇلۇق گەپ قىلىپ قالدى. ئۇنىڭ گېپى تۈگىشى ھامان، ئاننا ئىنژېنېر بىلەن پاراڭلىشىپ، ئۇنىڭمۇ سۆزلىشىگە پۇرسەت يارىتىپ بەردى.

— نىكولاي ئىۋانوۋىچ، — دېدى ئۇ سۋىيەژسكىيگە قارىتىپ، —

ئۆتكەن قېتىم كەلگەندە قۇرۇلۇشنىڭ ناھايىتى تېز مېڭىۋاتقانلىقىدىن قاتتىق ھەيران قاپتۇ. مەنمۇ ھەر كۈنى قۇرۇلۇش ئورنىغا بېرىپ تۇرىمەن، ھەربىر بارغىنىمدا سۈرئەتنىڭ تېزلىكىگە مەنمۇ ھەيران قالىمەن.

— گراف جانابلىرى بىلەن ئىش قىلىش تولىمۇ ئوڭۇشلۇق ھەم كۆڭۈللۈك، — دېدى ئىنژېنېر كۈلۈپ تۇرۇپ جاۋابەن (ئۇ غۇرۇرى كۈچلۈك، قائىدىلىك ھەم تەمكىنى بار ئادەم ئىدى)، — يەرلىك ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىدەك ئەمەس، ئۇلار كىچىككىنە ئىشقىمۇ ئىلتىماس يېزىپ يولىيورۇق سورىشىدۇ. گرافقا ئىشلارنى ئاغزىمىزدىلا مەلۇم قىلىمىز، گرافمۇ بىر - ئىككى ئېغىز گەپ بىلەنلا مەسىلىنى ھەل قىلىۋېتىدۇ.

— ئامېرىكىلىقلارنىڭ خىزمەت ئۇسۇلى ئاشۇنداق، — دېدى سۋىيەژسكىي كۈلۈمسىرەپ.

— شۇنداق، شۇڭا ئۇ جايلاردا سېلىنغان ئىمارەتلەر تولىمۇ قۇلايلىق ھەم مۇۋاپىق...

گەپ ئامېرىكا دائىرىلىرىنىڭ ھوقۇقلىرىنى قالايمىقان ئىشلىتىدىغانلىقىغا كۆچكەندى، ئاننا دەررۇ باشقىغا يۆتكەپ، خوجىدارنىڭ گەپ قىلىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بەردى.

— سەن ئاشلىق ئورۇيدىغان ماشىنىنى كۆرگەنمۇ؟ — دەپ سورىدى ئاننا دوللىدىن، — سەن كەلگەندە بىز شۇ ماشىنىنى كۆرۈپ قايتىۋاتاتتۇق، مېنىڭمۇ تۇنجى كۆرۈشۈم.

— ئۇ ماشىنا ئاشلىقنى زادى قانداق ئورۇيدىكەن؟ — سورىدى دوللى.

— خۇددى قايچىغىلا ئوخشايدۇ. بىر تاختاينىڭ ئۈستىگە نۇرغۇن كىچىك قايچىلار ئورۇنلاشتۇرۇلغان، مانا مۇنداق ئورۇيدىكەن.

ئاننا ئۈزۈكلەر بىلەن توشۇپ كەتكەن ئاپئاق چىرايلىق قوللىرىغا ئىككى ئارىنى ئېلىپ ھەرىكەت بىلەن كۆرسىتىشكە باشلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇنداق چۈشەندۈرۈشىدىن باشقىلارنىڭ

ھېچنېمىنى چۈشەنمەيدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن قوللىرىنىڭ چىرايلىقلىقىغا ھەۋىسى كېلىپ، توختىماي ناھايىتى تەسىرلىك قىلىپ سۆزلەۋاتاتتى.

— قېرىنداش ئۇچلىغۇچقا ئوخشايدۇ دېسىڭىزا، — دېدى ئاننادىن كۆزىنى ئالماي ئولتۇرغان ۋېسلوۋسكىي خۇشامەت قىلغاندەك قىلىپ.

ئاننا بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلۈپ قويدى، ئەمما ئۇنىڭ گېپىگە جاۋاب بەرمىدى.

— قايچىغا ئوخشايدۇ - ھە، كارل فېدورىچ؟ — سورىدى ئۇ خوجىداردىن.

— شۇنداق، — دېدى ئۇ نېمىس نېمىسچە جاۋاب بېرىپ، — *ناھايىتى ئاددىيلا نەرسە*، — ئارقىدىن ئۇ ماشىنىنىڭ تۈزۈلۈشىنى چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى.

— ئەپسۇس، ئۇ ماشىنا باغ باغلىيالمايدۇ. مەن ۋېنادا ئېچىلغان بىر كۆرگەزمىدە سىم بىلەن باغ باغلايدىغان ماشىنىنى كۆرگەن، — دېدى سۋىيەژسكىي، — ئۇ ئىشلىتىشكە تولىمۇ قولايلىق ئىكەن.

*— ھەممە نەرسىنىڭ ... ئۇنىڭغا كېتىدىغان سىمنىڭ باھاسىنى ھېسابلاش كېرەك*، — ئۇ نېمىس گەپكە ئارىلىشىپ قېلىپ، ۋرونسكىيغا نېمىسچە سۆزلەپ كەتتى، — *ئۇنى ھېسابلاپ چىققىلى بولىدۇ، جانابلىرى* ، — ئۇ دائىم يېنىدىن ئايرىمايدىغان قېرىنداشى بىلەن خاتىرە دەپتىرىنى چىقىرىش ئۈچۈن قولىنى يانچۇقىغا سېلىپ بولۇپ، يەنە شۇئان ئۆزىنىڭ تاماق ئۈستىلىدە ئولتۇرغانلىقىنى ئويلاپ ۋە ۋرونسكىينىڭ ئۆزىگە سوغۇق نەزەردە قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ توختاپ قالدى، — *بۇ تولىمۇ مۇرەككەپ ئىش، ئاۋارىچىلىكى تولا* ، — دېدى ئۇ گېپىنى يىغىنچاقلاپ.

— پۇل تاپىمەن دەيدىغان ئادەم ئاۋارىچىلىكتىن قورقماسلىقى كېرەك، — دېدى ۋېسلوۋسكىي ئۇ نېمىسنىڭ چىشىغا تېگىپ نېمىسچە سۆزلەپ، — *مەن نېمىسچە سۆزلەشنى بەكمۇ ياخشى*

*كۆرىمەن*، — دېدى يەنە كولوپ تۇرۇپ فرانسۇزچە سۆزلەپ ئاننىغا.

— *جىم ئولتۇرۇڭچۇ* ! — دېدى ئاننا يېرىم چاقچاق، يېرىم جىملىگەندەك قىلىپ.

— *ۋاسىلىي سېمېنىچ*، بىز سىزنى ئېتىزلىقتا كۆرەرمىزمىكىن دېيىشۈدۇق، — دېدى ئاننا ئاغرىقچان ئادەمدەك ئولتۇرغان دوختۇرغا قاراپ، — ئېتىزلىققا باردىڭىزمۇ؟

— باردىم، بىرىپ يەنە قايتىپ كەتتىم، — دېدى دوختۇر چاقچاق ئارىلاش مەيۇس قىياپەتتە.

— بۇ گەپچە، ئۇ يەرگە بېرىش سىزگە بىر ھەرىكەت بوپتۇ - دە.

— ئۇنى بىر دېمەڭ.

— ئۇ موماينىڭ كېسىلى قانداقراق؟ كېزىك ئەمەستۇ؟

— كېزىك ئەمەس، ئەمما كېسىلى ئېغىر.

— بىچارە مەزلۇم، — دېدى ئاننا. ئۇ ئائىلىسىدىكى ئادەملەر بىلەن بىردەم پاراڭلىشىپ، ئاندىن مېھمانلارنىغا قاراپ گەپ باشلىدى.

— ئاننا ئاركادىيېۋنا، سىزنىڭ گەپلىرىڭىزدىن قارىغاندا، ماشىنا ياساش ئۇنچىلىك ئاسان ئىش ئەمەس ئوخشايدۇ، — دېدى سۋىيەژسكىي كولوپ چاقچاق قىلىپ.

— ياقەي، قىيىن دەپ كەتكىلىمۇ بولماس، — دېدى ئاننا تولىمۇ خۇشخۇيلۇق بىلەن. ئۇنىڭ شۇ ھالىتىدىن ئۆزىنىڭ ماشىنىنىڭ ئىشلىنىش ئەھۋالىنى چۈشەندۈرگەن ھەرىكەتلىرىدە سۋىيەژسكىينى ئالاھىدە تەسىرلەندۈرگەن بىرەر ھالەتنىڭ بولغانلىقىنى سەزگەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قىزلارغا خاس خۇلق بىلەن سۆزلەشتەك يېڭى ئادىتى دوللىنى خېلىلا ھەيران قالدۇردى.

— ئاننا ئاركادىيېۋنانىڭ بىناكارلىق جەھەتتىكى بىلىملىرى كىشىنى قايىل قىلماي قالمايدۇ، — دېدى تۇشكېۋىچ.

— شۇ ئەمەسمۇ. ئاننا ئاركادىيېۋنا تونۇگۇن يەنە نەملىك ئۆتكۈزمەيدىغان قاتلام، تام تۈۋى گىرۋەك تاختاي دېگەندەك گەپلەرنى قىلدى، — دېدى ۋېسلوۋسكىي، — دېگىنىم توغرىمۇ؟

— ئۇنىڭ ھەيران قالىدىغان نېمىسى بار؟ ئاڭلىغان، كۆرگەن نەرسىلىرىم كۆپ تۇرسا، ئۇنچىلىك نەرسىنىمۇ بىلمەمدىمەن ! — دېدى ئاننا، — قارىغاندا، سىز ئادەملەرنىڭ ئۆينى نېمىگە سالىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيدىغان ئوخشىمامسىز؟

دوللى ئاننانىڭ ۋېسلوۋسكىيغا قىلغان چاقچاقلىرىدىن تازا رازى ئەمەسلىكىنى، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭغا ئىختىيارىدىن سىرت ھالدا شۇنداق تەلەپپۇزدا گەپ قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ ئولتۇرۇۋاتاتتى.

ۋرونسكىي ئۆزىنى بۇنداق سورۇنلاردا لېۋىنغا قارىغاندا پۇتۇنلەي باشقىچە تۇتاتتى، ۋېسلوۋسكىينىڭ ۋالاقلاشلىرىغا ئېتىبار بەرمەيتتى، ئەكسىچە ئۇنىڭ شۇنداق قىلىشلىرىغا ئىلھام بېرەتتى.

— قېنى، ئېيتىڭچۇ، ۋېسلوۋسكىي، تاشلارنى نېمە بىلەن بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ تىزىپ چىققىلى بولىدۇ؟

— ئەلۋەتتە، سېمونت بىلەن.

— توغرا ! ئۇنداق بولسا سېمونت دېگەن نېمە؟

— ھىم، ئازراق سۇيۇق لايغا ئوخشايدىغان ... ياق، ھاك لايغا ئوخشايدىغان نەرسە، — ۋېسلوۋسكىينىڭ بۇ جاۋابىغا ھەممەيلەن قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

گەپلەرگە ئارىلاشماي جىددىي ھالەتتە جىمجىت ئولتۇرغان دوختۇر، ئىنژېنېر ۋە ئەر غوجىدارىدىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى دەم ئاسماندىن، دەم يەردىن دېگەندەك پاراڭلىشىپ تىنمىدى. ئۇلار دەم بىرەر ئىش ئۈستىدە تالىشىپ كىرىشىپ قالاتتى، دەم قىزىشىپ كېتەتتى، دەم بىر - بىرىنى گەپتە چېقىۋېلىپ، زاڭلىق قىلىشىپ كېتەتتى. بىر قېتىم بىرى دوللىنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇپ قاتتىق ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويدى، ھەتتا دوللى

بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى. كېيىن ئۇ كېلىشمىگەن گەپتىن بىرنى قىلىپ قويدۇممۇ نېمە، دەپ خېلى كۆپ ئويلاندى. سۋىيەژسكىي لېۋىن توغرۇلۇق گەپ قىلىپ، ئۇنىڭ ماشىنىلىشىش رۇسىيىنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە زىيانلىق، دەيدىغان غەلىتە بىر قارىشى بار ئىكەن، دېدى.

— مەن لېۋىن ئىسىملىك ئۇ ئەپەندى بىلەن تونۇشۇش شەرىپىگە ئېرىشەلمىدىم، — دېدى ۋرونسكىي كۈلۈپ تۇرۇپ، — لېكىن، ئۇ ئۆزى يامانلىغان ئۇ ماشىنىلارنى ھېچقاچان كۆرۈپ باقمىغان بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر كۆرگەن، ئىشلىتىپ باققان بولسا، ئۇ چوقۇم رۇسىيىنىڭ يەرلىك كونا ماشىنىلىرى، چەت ئەلنىڭ ئەمەس. شۇنداقلا بولىدىغان بولسا، ئۇنى مەلۇم بىر قاراشقا ئىگە دېگىلى بولامدۇ؟

— قىسقىسى، ئۇنىڭ قارىشى تۈركچە قاراش ئىكەن، — دېدى ۋېسلوۋسكىي ئانناغا قاراپ ھىجىيىپ قويۇپ.

— مەن ئۇنىڭ پىكىرلىرىنى ئاقلىماقچى ئەمەس، — دېدى دوللى غەزەپتىن قىزىرىپ كېتىپ، — پەقەت ئۇنىڭ ناھايىتى بىلىملىك ئادەم ئىكەنلىكىنىلا دەيمەن. ئەگەر بۇ يەردە ئۆزى بولغان بولسا سىلەرنىڭ گەپلىرىڭلارغا قانداق جاۋاب بېرىشنى چوقۇم بىلگەن بولاتتى. ئەپسۇس، مەن ھېچنېمە دېيەلمەيمەن.

— مەن ئۇ ئادەمنى ناھايىتى ياخشى كۆرىمەن، ئىككىمىز يېقىن ئاغىنە، — دېدى سۋىيەژسكىي مۇلايىم كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئەمما، بىر ئېغىز راست گەپنى قىلسام، ئازراق غەلىتىلىكلىرىمۇ يوق ئەمەس. مەسىلەن، ئۇ يەرلىك ئاپتونومىيە كومىتېتى بىلەن كېلىشتۈرگۈچى سودىيەلەرنىڭ ھېچنېمىگە كېرىكى يوق، دەپ چىڭ تۇرۇۋېلىپ، ئۇلارغا ئارىلاشمايلا قويدى.

— بۇ بىز رۇسلارنىڭ بىپەرۋالىقى، — دېدى ۋرونسكىي ئەينەك شىشىدىكى مۇز سۈيىنى ئېگىز پۇتلۇق رومكىغا قۇيۇۋېتىپ، — بىز ئۆز ھوقۇقلىرىمىزنىڭ زىممىمىزگە يۈكلىگەن مەجبۇرىيەتلىرىنى سەزمەستىن، ئۇنى ئۈستىمىزدىن

ئېلىپ تاشلاشقا ئۇرۇنىمىز.

— مەن ئۇستىدىكى مەجبۇرىيەتلەرنى ئورۇنداشتا ئۇنىڭدەك قەتئىي قارارلىق ئادەمنى تېخى كۆرگىنىم يوق، — دېدى دوللى ۋرونسكىينىڭ ئۆزىنى ھەممىنىڭ ئۇستىگە قويۇپ تۇرۇپ قىلغان بۇ سۆزىگە غەزىپى كېلىپ.

— مەن ئەكسىچە، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى ۋرونسكىي نېمىشقىدۇر بۇ گەپ زىتىغا تەگكەندەك بولۇپ، — مەن ئەكسىچە. ئۆزۈڭلارمۇ كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، مانا مۇشۇ نىكولاي ئىۋانوۋىچنىڭ (ئۇ سۋىيەژسكىينى كۆرسەتتى) كۆچلۈك قوللىشى بىلەن پەخرىي كېلىشتۇرگۈچى سودىيەلىككە سايلاندىم. مەن ئۇنىڭ ماڭا مۇشۇنداق شەرەپ ئاتا قىلغانلىقىدىن تولىمۇ مىننەتدارمەن. مەن يەرلىك ئاپتونومىيە كومىتېتى بىلەن دېھقانلارنىڭ ئات دەۋالىرىغا ئارىلىشىشنى ئۆزۈم ئۇستۈمگە ئالالايدىغان باشقا ھەرقانداق خىزمەتلەرگە ئوخشاش مۇھىم دەپ قارايمەن. ئەگەر يەرلىك ئاپتونومىيە كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا رەسمىي سايلىنىپ قالىدىغان بولسام، بۇنىمۇ ئۆزۈم ئۈچۈن شەرەپ دەپ بىلىمەن، يەر ئىگىسى بولۇپ ئېلىۋاتقان پايدىلىرىمنى شۇ ئىشلىرىم ئارقىلىق خەلققە قايتۇرىمەن. ئەپسۇسكى، چوڭ يەر ئىگىلىرىنىڭ دۆلەت ئۈچۈن قانچىلىك پايدىلىق ئىكەنلىكىنى كىشىلەر بىلىشمەيدۇ.

دوللى ۋرونسكىينىڭ ئۆز ئۆيىدىكى زىياپەتتە ئولتۇرۇپ ئۆزىنى ئۆزى شۇنچىلىك ئۇچۇرۇپ كېتىۋاتقىنىدىن تولىمۇ غەلىتىلىك سېزىشكە باشلىدى. لېۋىننىڭ قاراشلىرى بۇلارنىڭكىگە ئوخشىمىسىمۇ، ئۇنىڭدىمۇ ئۆز ئۆيىدىكى زىياپەتتە ئۆزىگە ھەددىدىن زىيادە ئىشىنىپ كېتىپ ئاشۇنداق گەپلەرنى قىلىپ قويىدىغان ئادىتى بولسىمۇ، نېمىشقىدۇر، دوللى ئۇنى ياخشى كۆرەتتى، شۇڭا بۇ يەردە يەنىلا ئۇنى ياقىلاپ گەپ قىلغاندى.

— بۇ گەپچە، گراف، نۆۋەتتىكى مەجلىسكە قاتنىشىدىكەنسىز ـ

دە؟ — دېدى سۋېيەژسكىي، — مەن سىزنىڭ بالدۇرراق بېرىشىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمەن، بولسا سائەت سەككىزدىن ئىلگىرى بېرىڭ. بىزگە ئىلتىپاتىڭىزنى كۆرسىتىپ، بىزنىڭ ئۆيلەرگىمۇ بارارسىزمۇ؟

— مەن سېنىڭ قېيىنىڭنىڭ قاراشلىرىغا ئازراق قوشۇلىمەن، — دېدى ئاننا، — ئەمما، ئۇ ئېيتقاندەك ئۇنچىلىك كەسكىن ئەمەس، — ئۇ كۇلۇپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — مەن هازىر بىزدە ئاشۇنداق جامائەت ئىشلىرىنىڭ كۆپىيىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ئەنسىرەپ قالدىم. ئىلگىرى ئەمەلدارلار هەددىدىن تاشقىرى كۆپىيىپ كەتكەچكە، هەرقانداق ئىشقا ئەمەلدار كېرەك بولغاندەك، هازىرمۇ هەممىلا ئادەم جامائەت ئەربابى بولۇپ كەتتى. ئالېكسېينىمۇ بۇ يەرگە كەلگىنىگە ئالتە ئاي بولار - بولمايلا بەش - ئالتە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارغا ئەزا قىلىپ سايلاپ قويۇشتى: ساخاۋەتخانىنىڭ ئەزاسى، كېلىشتۈرگۈچى سودىيە، يەرلىك ئاپتونومىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، زاسېداتېل، يەنە ئاتلار كومىتېتى دەمدۇ، بىر كومىتېتنىڭ ئەزاسى. *مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا* ، ئۇنىڭ نۇرغۇن ۋاقتى شۇ ئىشلارغا سەرپ قىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئىشلىرى بىر چەتتە قالىدۇ. مەن ئىشلار كۆپىيىپ كېتىپ، هەممىسىلا قەغەز يۈزىدىكى نەرسىلەرگە ئايلىنىپ قالارمىكىن، دەپ ئەنسىرەيمەن. سىز قانچە ئورۇننىڭ ئەزاسى، نىكولاي ئىۋانوۋىچ؟ — سورىدى ئۇ سۋېيەژسكىيدىن، — يىگىرمىدىن ئاشامدۇ؟

ئاننا چاقچاق قىلغاندەك قىلسىمۇ، لېكىن گەپلىرىنىڭ تېگىدە ئاچچىق بارلىقى سېزىلىپ تۇراتتى. ئاننا بىلەن ۋرونسكىينى دىققەت بىلەن كۆزىتىپ ئولتۇرغان دوللى بۇنى دەررۇ سېزىۋالدى. بۇ گەپلەر بولۇۋاتقاندا ۋرونسكىينىڭ چىرايىنىڭ دەررۇ جىددىي ۋە قەتئىي تۈس ئالغانلىقىنىمۇ بايقىدى. ئۇ يەنە كىنەز ۋارۋارا خانقىزنىڭ گەپنى باشقىغا يۆتكەش

ئۇچۇن ئىتتىكلا پىتىربۇرگدىكى يۈز بەرگەن بىر ئىش توغرۇلۇق گەپ باشلىغانلىقىغىمۇ دىققەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ يەنە ۋرونسكىينىڭ بايا باغدا ئۆزىنىڭ پائالىيەتلىرى توغرۇلۇق ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا سۆزلەپ كەتكەنلىرىنىمۇ ئېسىگە ئېلىپ، ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر توغرۇلۇق ئاننا بىلەن ۋرونسكىينىڭ ئوتتۇرىسىدا قانداقتۇر بىر يوشۇرۇن تالاش ـ تارتىشنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى چۈشەندى.

تۈرلۈك غىزالار، شارابلار، قاچا ـ قۇچىلار نامىخالىس، بىر ـ بىرىدىن ئېسىل ئىدى. لېكىن، ئۇ نەرسىلەر بىلەن دوللى ئۇزاق ۋاقىت قاتناشمىغان زىياپەت ۋە تانسا مەيدانلىرىدىلا كۆرۈپ يۈرگەن شۇ خىلدىكى نەرسىلەرنىڭ ھېچقانداق پەرقى يوق ئىدى، كىشىگە زوق بەرمەي، ئەكسىچە جىددىيلەشتۈرۈپ قوياتتى. ئادەتتىكى مېھماندارچىلىق ۋە دوستلار ئارا ئولتۇرۇشلاردىمۇ بۇنداق نەرسىلەر دوللىغا ياخشى تەسىر بەرمەيتتى.

تاماقتىن كېيىن ھەمميلەن بالكونغا چىقىپ ئولتۇرۇشتى، كېيىن سېتكا توپ ئويناشتى. توپچىلار ئىككىگە بۆلۈنۈپ، تەكشى چىڭدالغان مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زەر چەكزىلەرگە باغلانغان تورنىڭ ئىككى چېتىدە تۇرۇشتى. دوللىمۇ بىردەم ئوينىدى، لېكىن خېلىغىچە قانداق ئويناشنى بىلەلمەي، بىلگەندە چارچاپ كېتىپ، كىنەز ۋارۋارا خانقىزنىڭ يېنىغا كېلىپ ئويناۋاتقانلارنىڭ ئويۇنىغا قاراپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ جورىسى تۇشكېۋىچمۇ ئوينىيالماي توختاپ قالدى، قالغانلار ئۇزاققىچە داۋاملىق ئوينىدى. سۋىيەژسكىي بىلەن ۋرونسكىي ئىككىسى ئوبدان ھەم ئەستايىدىل ئوينايدىكەن. ئۆزلىرى تەرەپكە چۈشكەن توپ يەرگە چۈشۈپ قاڭقىپ چىققاندا، ئەمتىرىمەي ھەم قىلچە ئىككىلىنىپ تۇرماي، يۈگۈرۈپ بېرىپ پالاق بىلەن توپنى توردىن ئارتىلدۇرۇپ تۇرۇپ دەل چۈشۈرەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ۋېسلوۋسكىي ھەممىدىن يامان ئويناتتى، بەكمۇ ئالدىراڭغۇ ئىدى، ئەمما خۇشخۇيلۇقى ھەممىنىڭ زوقىنى كەلتۇرەتتى،

كۆلكىسى، ۋارقىراپ - جارقىراشلىرى بىردەممۇ توختىمايتتى. باشقا ئەركەكلەرگە ئوخشاش ئۇمۇ ئاياللارنىڭ رۇخستىنى ئېلىپ چاپىنىنى سېلىۋەتكەنىدى، ئاپئاق كۆڭلەكتىكى ساغلام، كېلىشكەن بەدىنى، تەرگە پاتقان، قىزىرىپ كەتكەن يۈزى، كەسكىن، چاقچاق ھەرىكەتلىرى ھەممەيلەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى.

شۇ كۈنى كەچتە، دوللى ئۇخلىغىلى يېتىپ كۆزىنى يۇمۇشى بىلەن تەڭ، ۋېسلوۋسكىينىڭ توپ مەيداندا ئۇياقتىن - بۇياققا چېپىپ يۈرگەن قىياپىتى كاللىسىغا كىرىۋالدى.

دوللى توپ ئويناۋاتقاندا سەل خاپا ئىدى. ۋېسلوۋسكىي بىلەن ئاننانىڭ تىنماي بىر - بىرىگە چاقچاق قىلىشلىرى، چوڭلارنىڭ باللارسىز باللاردەك قىلىقلارنى قىلىپ ئوينىشىۋاتقان چاغدىكى غەيرىي قىلىقلىرى ئۇنىڭغا زادىلا ياقمىغانىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ باشقىلارنىڭ كەيپىياتىغا تەسىر يەتكۈزمەسلىك ھەم ۋاقىت ئۆتكۈزۈش مەقسىتىدە، بىردەم ئارام ئېلىۋالغاندىن كېيىن يەنە ئويناپ كەتكەن ۋە ئۆزىنى ئامال بار خۇشال تۇتقانىدى. ئۇ كۈن بويى ئۆزىنى ئۆزىدىن نەچچە باراۋەر ئۇستا ئارتىسلار بىلەن سەھنىدە بىللە ئويۇن ئويناۋاتقاندەك، قاملاشمىغان ھەرىكەتلىرى بىلەن پۈتۈن ئويۇننى بۇزۇۋاتقاندەك ھېس قىلىپ يۈردى.

دوللى بۇ يەرگە كېلىشتە، ئەگەر كۆنەلىسەم ئىككى كۈن تۇرارمەن، دەپ كەلگەنىدى. لېكىن، كەچقۇرۇن توپ ئويناۋېتىپلا ئەتىسى قايتىپ كېتىشكە قارار قىلدى. ئانىلىق ئەنسىزلىكى يولدا كەلگۈچە ئۆزىگە غەلىتە ھەم يامان تۇيۇلغان بولسا، باللىرىدىن ئايرىلىپ بىر كۈن ئۆتكەندىن كېيىن پۈتۈنلەي ئەسلىگە يېنىپ، يەنە ئۆيىنى ئويلاشقا باشلىغانىدى.

كەچلىك چاينى ئىچىشىپ بولۇپ قېيىققا چۈشۈپ ئايلىنىپ كەلگەندىن كېيىن، دوللى ئۆزى يالغۇز خانىسىغا كىرىپ كىيىملىرىنى يېشىپ، شالاڭ چاچلىرىنى چۇۋۇپ ئۇخلاشقا

تەييارلاندى ۋە شۇندىلا ئۆزىنى ئاجايىپ راھەت سەزدى.

ئۇ ئاننانى ھازىرلا كىرىپ كېلىدۇ، دەپ ئويلاپ كۆڭلى يەنە تۇتۇلدى. ئۇنىڭ ئۆز خىياللىرى بىلەن ئۇڭچە ياتقۇسى بار ئىدى.

# 23

دوللى ئەمدىلا يېتىپ تۇراتتى، ئاننا كىچىلىك كىيىملىرى بىلەن كىرىپ كەلدى.

ئاننا كۆڭلىدىكى ئىشلار توغرۇلۇق كەچكىچە بىرنەچچە قېتىم ئېغىز ئېچىپ، بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلار ـ قىلمايلا: «كېيىن ئىككىمىز ئۇڭچە قالغاندا مۇڭدىشىمىز، ساڭا دەيدىغان نۇرغۇن گەپلىرىم بار» دەپ، باشلىغان گېپىنى توختىتىۋالغانىدى.

مانا ئەمدى ئىككىسى يالغۇز قالغاندا، ئاننا گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. ئۇ دېرىزە يېنىدا دوللىغا قاراپ ئولتۇرۇپ، ئىلگىرى سۆزلەپ تۈگىتەلمەيمەن، دەپ ئويلىغان گەپلىرىنى كاللىسىدىن كۆچەپ ئىزدەشكە باشلىدى، لېكىن بىرنىمۇ تاپالمىدى، ھەممە گەپلىرى سۆزلەپ بولغاندەك بىلىنىشكە باشلىدى.

ـــ ھە، كىتى قانداقراق تۇرۇۋاتىدۇ؟ ـــ دېدى ئۇ چوڭقۇر بىر تىنىپ ۋە دوللىغا ئەيىبلىك كىشىدەك قاراپ قويۇپ، ـــ راستىنى ئېيت، ئۇ مەندىن خاپىمۇ؟

ـــ خاپىمۇ دەمسەن؟ ياق ! ـــ دېدى دوللى كۈلۈپ كېتىپ.

ـــ ماڭا نەپرەتلىنىدىغاندۇ؟ مېنى نەزىرىگە ئىلمايدىغاندۇ؟

ـــ ھە، ياق. لېكىن، سەنمۇ بىلىسەن، بۇنداق ئىشنى ھەرقانداق ئادەم كەچۈرمەيدۇ.

ـــ ئۇ شۇنداق، ـــ دېدى ئاننا كەينىگە قايرىلىپ دېرىزىدىن

سىرتقا قاراپ تۇرۇپ، ــــ لېكىن، ئەيىب مەندە ئەمەس. ئۇنداق بولسا ئەيىب كىمدە، نەدە بولۇشى مۇمكىن؟ باشقىچە بولۇشى مۇمكىنمىدى؟ سېنىڭچە قانداق؟ مەسىلەن، سېنىڭ ستىۋاغا خوتۇن بولماسلىقىڭ مۇمكىنمۇ؟

ــــ ئۇنىڭغا بىر نېمە دېيەلمەيمەن. سەن ماڭا شۇنى ئېيتقىنا ...

ــــ توختا، توختا، بىز تېخى كىتى توغرۇلۇق سۆزلىشىپ بولمىدۇق. ئۇ ھازىر بەختلىكمۇ؟ ئېرىنى ياخشى ئادەم دېيىشىدۇغۇ.

ــــ ئۇنىڭغا ياخشى دەپ ئاتاش ئازلىق قىلىدۇ. مەن دۇنيادا ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى ئادەمنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمەن.

ــــ ھىم، بۇ گېپىڭ مېنى خۇشال قىلدى، راستتىنلا خۇشال بولدۇم. ياخشى دەپ ئاتاش ئازلىق قىلىدۇ، دېگىن، ــــ دېدى ئاننا دوللىنىڭ سۆزىنى تەكرارلاپ.

دوللى مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

ــــ قېنى، ماڭا ئۆزۈڭ توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرگىنە. سەن بىلەن ئۇبدان بىر پاراڭلاشقۇم بار مېنىڭ. ئۇياق بىلەن ... ــــ دوللى ۋرونسكىينى نېمە دەپ ئاتاشنى بىلەلمەي قالدى، «گراف» دەپ ئاتاشنىمۇ، ئالېكسېي كىرىلوۋىچ دەپ ئاتاشنىمۇ ئۆزىگە ئەپسىز كۆردى.

ــــ مەن سېنىڭ ئالېكسېي بىلەن پاراڭلاشقىنىڭنى بىلىمەن، ــــ دېدى ئاننا، ــــ سەندىن ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن سوراي، سەن ماڭا، مېنىڭ تۇرمۇشۇمغا قانداق قارايسەن؟

ــــ ھە دېگەندىلا بىر نېمە دېگىلى بولامدۇ؟ راستىمنى دېسەم، نېمە دېيىشىمنى بىلمەيمەن.

ــــ ياق، دەيسەن ... سەن مېنىڭ قانداق ياشاۋاتقانلىقىمنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆردۈڭ. لېكىن، شۇنى ئېسىڭدە تۇتقىنكى، سەن يازدا كېلىپ بىزنى يالغۇز ئەمەس چېغىمىزدا كۆرۈۋاتىسەن ... باش ئەتىيازدا كەلگەندە ئىككىمىز يالغۇزلا ئىدۇق، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ يەنە ئىككىمىز قالىمىز. مېنىڭ

باشقا ھېچقانداق ئارزۇلىرىم يوق. شۇنىمۇ بىلىپ قوي، ئۇنىڭسىز ئۆزۈم يالغۇز تۇرۇپ قالىدىغان كۈنلەرمۇ بولىدۇ ... ھەر جەھەتتىن قارىغاندا، ئۇنداق ئەھۋال كېيىن پات - پات يۈز بېرىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ يېرىم ۋاقتى ئۆيدە بولمايدۇ، — ئاننا ئورنىدىن تۇرۇپ دولىلىغا تېخىمۇ يېقىن كېلىپ ئولتۇردى.

— ئەلۋەتتە، — دېدى ئاننا ئۆزىگە نەسىھەت قىلماقچى بولۇۋاتقان دوللىنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، — ئەلۋەتتە، مەن ئۇنى ئۆيدە مەھكەم تۇتۇپ تۇرالمايمەن ھەم مەجبۇرىي ئېلىپمۇ قالالمايمەن. قايسى كۈنى بەيگە بولۇپ قالسا ئۇنىڭ ئېتى بەيگىگە قاتنىشىشى كېرەك، شۇ چاغدا ئۇمۇ كېتىدۇ. مەرھەمەت، بارسۇن. سەن مېنى، مېنىڭ ئەھۋالىمنى ئويلاپ باق ... ئوھۇش، مەن نېمىلەرنى دەپ كېتىۋاتىمەن - ھە! — ئۇ سۈس كۈلۈپ قويدى، — ئۇ سەن بىلەن زادى نېمە توغرۇلۇق سۆزلەشتى؟

— ئۇ مەن دېمەكچى بولۇۋاتقان ئىشلار توغرۇلۇق سۆزلىدى، شۇڭا ئۇنىڭغا ئاقىلغۇچى بولسامىمۇ بولغۇدەك. ئۇنىڭ دېگىنى ... مۇمكىن بولسا ... يەنە شۇ بىر گەپ، مۇمكىن بولسا تويۇڭلارنى قىلىۋېلىش ...

— ئاجرىشىش توغرۇلۇقمۇ؟ — سورىدى ئاننا، — بىلەمسەن، پېتېربۇرگدا مېنى بىردىنبىر كۆرگىلى كەلگەن ئايال بېتسى. سەن ئۇنى تونۇيسەنغۇ؟ ئەسلىدە ئۇ ئەڭ بۇزۇق خوتۇن، تۇشكېۋىچ بىلەن مۇناسىۋىتى بار، ئەڭ رەزىل ئۇسۇللار بىلەن ئېرىنى ئالدايدۇ. شۇنداق تۇرۇپ ماڭا نېمە دېدى، بىلەمسەن؟ ئەگەر سەن قانۇنسىز ئورنۇڭنى بىر كۈن ئۆزگەرتمەيدىكەنسەن، سېنىڭ بىلەن بىر كۈن ئالاقە قىلمايمەن، دېدى. سەن مېنى ئۆزىنى ئۇنىڭ بىلەن سېلىشتۇرۇۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ قالما ... مەن سېنى چۈشىنىمەن، ئوبدان دوستۇم. لېكىن، ئۇ ئىختىيارسىز ئېسىمگە كېلىپ قالدى ... دېگىنە، ئۇ زادى ساڭا نېمە دېدى؟ — ئاننا ئۇنىڭدىن يەنە سورىدى.

— ئۇ سەن ھەم ئۆزى ئۈچۈن قاتتىق ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى

دېدى. بەلكىم سەن ئۇنى شەخسىيەتچى دەيدىغانسەن، ئەمما بۇ خىل شەخسىيەتچىلىك ئەقىلغا مۇۋاپىق، ئالىيجاناب شەخسىيەتچىلىك. ئۇ ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ قىزىنى قانۇنلاشتۇرۇشنى، سېنىڭ ئۆزىنىڭ قانۇنلۇق خوتۇنى بولۇشۇڭنى، قانۇني هوقۇقۇڭدىن پايدىلىنىشىڭ كېرەكلىكىنى ئويلايدىكەن.

— مەن ئۇنىڭ قانداق خوتۇنى بولاي؟ قۇلى! هازىرقى هالىتىمدە مەن ئۇنىڭ قۇلى بولماي نېمە؟ — چىرايى غەمكىن تۇس ئالغان ئانىنا ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ ئاچچىقى بىلەن سۆزلەپ كەتتى.

— مۇھىمى، ئۇ سېنىڭ ... سېنىڭ قايتا ئازاب چەكمەسلىكىڭنى ئويلايدىكەن.

— بۇ مۇمكىن ئەمەس ئىش! يەنچۇ؟

— يەنە بىر ئەڭ مۇۋاپىق ئويى، بالىلىرىڭلارنىڭ قانۇنلۇق فامىلىسى بولۇشى كېرەكلىكىنى دەيدۇ.

— قايسى بالىلارنىڭ؟ — دېدى ئانىنا دوللىغا قارىماي قوشۇمىسىنى تۈرۈپ.

— ئاننى بىلەن كەلگۈسىدىكى بالىلىرىڭلارنىڭ بولمامدۇ ...

— ئۇ خاتىرجەم بولسۇن، ئەمدى بىزنىڭ بالىمىز بولمايدۇ.

— نېمىگە ئاساسەن بولمايدۇ دەيسەن؟

— ئۆتكەندە ئاغرىغىنىمدىن كېيىن دوختۇر ماڭا دېگەن ...

— مۇمكىن ئەمەس! — دېدى دوللى كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، بۇ گەپ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ چوڭ خەۋەر ئىدى. شۇ بىر دەقىقىنىڭ ئىچىدە بۇ گەپنىڭ تېگىگە يېتەلمىگەن دوللى، بۇ زادى نېمە گەپ، ئىنچىكە ئويلانماقچى بولدى. بۇ بايىقاش ئۇنىڭغا ئىلگىرى چۈشىنەلمەي كېلىۋاتقان بىر ئىشنى، يەنى نېمە ئۈچۈن بەزى ئائىلىلەرنىڭ بىر - ئىككىلا پەرزەنتلىك بولىدىغانلىقىنى بىر يولىلا چۈشەندۈرۈپ قويۇۋاتاتتى. بۇ بايىقاش ئۇنىڭدا يەنە نۇرغۇن ئوي - پىكىر ۋە بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى هېس - تۇيغۇلارنىمۇ قوزغاپ، نەتىجىدە هېچنېمە

دېيەلمەي، ھەيران بولغىنىچە كۆزلىرىنى چۆچەكتەك قىلىپ ئانىناغا قاراپلا قالدى. دوللى بۇ ئويلارنى بۇگۈن يولدا كېلىۋېتىپ ئويلىغانىدى. ئەمدى ھازىر ئۇ ئىشلارنىڭ مۇمكىنچىلىكىنىڭ بارلىقىنى بىلگەندە، يەنە قورقۇپ قېلىۋاتاتتى، ھەتتا ئۇنىڭغا تولىمۇ مۇرەككەپ مەسىلە تولىمۇ ئاددىي يول بىلەن ھەل قىلىنىۋاتقاندەك بىلىنىۋاتاتتى.

— *بۇ ئەخلاقلىقا توغرا كەلمەيدىغان ئىشمۇ، قانداق ؟* — دوللى بىردەم جىمىپ كېتىپ، ئاندىن فرانسۇزچە سورىدى.

— نېمىشقا ئۇنداق بولسۇن؟ سەنمۇ بىلىپ قوي، مەن ئىككىنىڭ بىرىنى تاللىماقچى: ياكى ئېغىر ئاياغ بولۇش، يەنى كېسەلگە چېقىلىش، ياكى ئېرىمنىڭ — ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇ ھازىر ئېرىمگە ئوخشاش — دوستى، ھەمراھى بولۇپ ئۆتۈپ كېتىش، — ئاننا بۇ گەپنى ئەتەي بىر خىل يەڭگىللىك بىلەن دېدى.

— توغرا، توغرا ! — دېدى دوللى. ئىلگىرى ئۆزىمۇ ئىچىدە شۇنداق سەۋەبلەرنى كەلتۈرگەنىدى، لېكىن ھازىر ئۇ سەۋەبلەر ئۇ چاغدىكىدەك قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە بولالمىدى.

— سەن ھەم باشقىلار، — دېدى ئاننا خۇددى دوللىنىڭ ئويىدىكىنى بىلىۋالغاندەك، — بۇنىڭدىن گۇمان قىلىشىڭلار مۇمكىن. ئەمما، مەن ... بىلىشىڭ كېرەككى، مەن ئۇنىڭ خوتۇنى ئەمەس. ئۇ مېنى قانچىلىك ۋاقىت ياخشى كۆرسە، مەن دېسە شۇنچىلىك ۋاقىتلا ياخشى كۆرىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا مەن ئۇنىڭ مۇھەببىتىنى نېمە بىلەن تۇتۇپ تۇرالايمەن؟ مۇشۇنىڭ بىلەنمۇ؟

ئۇ مامۇقتەك ئاپئاق، يۇمشاق قوللىرىنى ئالدىغا سوزدى.

ھاياجانلىنىپ قالىدىغان ئادەتتىكى چاغلىرىدىكىدەك، خىلمۇ خىل ئوي - خىياللار دوللىنىڭ كاللىسىغا ناھايىتى تېزلىك بىلەن كېلىشكە باشلىدى. «مەن ستىۋانى ئۆزۈمگە زادىلا مەپتۇن قىلالمىدىم، — دەپ ئويلىدى دوللى، — ئۇ مېنى تاشلاپ باشقا ئاياللارنىڭ كەينىدە يۈردى. لېكىن، ماڭا بىۋاپالىق قىلىپ

تېپىۋالغان بىرىنچى ئايال چىرايلىق ھەم خۇشخۇي بولسىمۇ، ئۇنى ئۆزاقىچە ئۆزىگە قارىتىۋالالمىدى، بەربىر ئۇنىمۇ تاشلىۋەتتى. خوش، ئاننامۇ ئۆزىنىڭ ئايدەك چىرايى بىلەن ۋرونسكىينى ئۆزىگە مەڭگۇ قارىتىۋالالارمۇ؟ ئەگەر ۋرونسكىيغا چىرايلا كېرەك بولىدىغان بولسا، ئۇ ھامان بىر كۈنى تېخىمۇ گۈزەل، تېخىمۇ جەلپكار ئايالدىن يەنە بىرىنى تاپماي قويمايدۇ. ئاننانىڭ يالىڭاچ مۈرىلىرى قانچىلىك ئاق، قانچىلىك چىرايلىق، سۇمباتلىق قەددى ـ قامىتى ۋە قۇندۇزدەك قاپقارا چاچلىرى ئارىسىدا نۇرلىنىپ تۇرغان مەڭزىلىرى قانچىلىك گۈزەل بولسىمۇ، ۋرونسكىي مېنىڭ ئۇ نەپرەتلىك ھەم ئۇماق، ھەم بىچارە ئېرىمگە ئوخشاش، ئاننادىنمۇ گۈزەللەرنى چوقۇم ئىزدەيدۇ.»

دوللى ئۇنىڭغا جاۋابەن ھېچنېمە دېمەي، پەقەت چوڭقۇر بىر تىنىپلا قويدى. ئاننا ئۇنىڭ بۇ تىنىشىنىڭ ئۆزىنىڭ گەپلىرىگە قوشۇلمايدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ، يەنە سۆزلەپ كەتتى. ئۇنىڭ نۇرغۇن دەلىللىرى بار ئىدى، دەلىللىرىنىڭ كۈچلۈكلۈكى ھېچقانداق ئادەمنى ئېغىز ئاچقۇزمايتتى.

— سەن بۇنداق قىلىشنى ياخشى ئىش ئەمەس دەپ ئويلامسەن؟ ئويدانراق ئويلاپ باق، — دېدى ئاننا سۆزىنى داۋام قىلىپ، — سەن مېنىڭ قانداق ھالەتتە تۇرۇۋاتقىنىمنى ئۇنتۇپ قېلىۋاتىسەن. مەن مۇشۇ ئەھۋالىمدا قانداقمۇ بالا تۇغۇشنى ئويلايمەن؟ تۇغۇت ئازابى توغرۇلۇق گەپ قىلمايلا قوياي. مەن ئازابتىن ھەرگىز قورقمايمەن. لېكىن، ئويلاپ باقىنا، بالا تۇغسام بالىلىرىم كەلگۈسىدە كىم بولىدۇ؟ باشقىلارنىڭ فامىلىسى بىلەن ياشايدىغان بەختسىز بالىلار بولىدۇ شۇ. ئۇ چاغدا ئۇلار بىر شۇ فامىلىنىڭ ئىشى بىلەن ئاتا ـ ئانىسىدىن، ئۆزىنىڭ بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە بولغانلىقىدىن نومۇس قىلىدىغان بولىدۇ.

— شۇنداق بولماسلىقى ئۈچۈن چوقۇم ئاجرىشىشىمىز كېرەك.

ئانىنا دوللىنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي، ئۆزىنى نۇرغۇن قېتىم قايىل قىلغان دەلىللىرىنى تولۇقى بىلەن دوللىغا سۆزلەپ بەرمەكچى بولدى.

— ئەگەر مەن ماڭا بېرىلگەن ئەقىل - پاراسىتىمنى ئۇ بەختسىز بالىلارنى بۇ دۇنياغا كەلتۈرمەسلىك ئۈچۈن ئىشلەتمىسەم، خۇدانىڭ ئۇ ئەقىل - پاراسەتنى ماڭا ئاتا قىلغانلىقىنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولىدۇ؟

ئۇ دوللىغا قاراپ قويۇپ، ئۇنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا يەنە سۆزلەپ كەتتى:

— ئۇ چاغدا مەن ئاشۇ بەختسىز بالىلارنىڭ ئالدىدا ئۆزۈمنى مەڭگۈ گۇناھكاردەك ئويلاپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولىمەن. ئۇلار بولمىسا، ئۇلارنىڭ بەختسىزلىكىمۇ بولمايدۇ. ئەگەر ئۇلار بەختسىز بولۇپ قالسا، بۇ بەختسىزلىكنىڭ گۇناھكارى مەن بولىمەن.

دوللى ئۆزىگە ئۆزى ئىچىدە دېگەن سەۋەبلەرمۇ دەل مۇشۇ سەۋەبلەر ئىدى، مانا ئەمدى ئۇنى ئانىنانىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغاندا، ئۇنىڭ تېگىگە يېتەلمەي قېلىۋاتاتتى. «كىشى دۇنياغا كەلمىگەن بالىلارنىڭ ئالدىدا نېمىشقا گۇناھكار بولۇپ قالىدۇ؟» دەپ ئويلىدى ئۇ ۋە بىردىنلا كاللىسىغا، ئەگەر مەن ياخشى كۆرىدىغان گرىشايىم مەۋجۇت بولمىغان بولسا، ئۇنىڭغا ياخشى بولىدۇ، يامان بولىدۇ دېگەنلى بولامدۇ، دېگەن بىر خىيال كېلىپ، نېمىدېگەن بىمەنە، نېمىدېگەن مەنتىقىسىز گەپ بۇ، دەپ ئويلاپ قالدى ۋە كاللىسىنى چىرمىۋالغان بۇ قالايمىقان خىياللارنى ئۆزىدىن نېرى قىلماقچى بولۇۋاتقاندەك بېشىنى چايقاپ قويدى.

— ياق، بۇنى مەن بىلمەيدىكەنمەن، لېكىن بۇ ياخشى ئەمەس، — دېدى دوللى چىرايىدا يىرگىنگەندەك بىر خىل ھالەت پەيدا بولۇپ.

— شۇنداق، لېكىن ئۆزۈڭنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىڭنى،

مېنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىمنى ئۇنتۇپ قالمىغىن ... ئۇنىڭدىن باشقا، ــ دەپ قوشۇپ قويدى ئانىنا ئۆزى كەلتۇرگەن دەلىللەرنىڭ تولۇق، دوللى كەلتۇرگەن دەلىللەرنىڭ كۈچسىزلىكىگە قارىماي، ئۆزى قىلمىۋاتقان شۇ ئىشنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىگە ئىقرار قىلغاندەك بولۇپ، ــ مۇھىمى، مېنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىمنىڭ سېنىڭ ئەھۋالىڭغا ئوخشىمايدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالمىغىن. سېنىڭ ئالدىڭدا يەنە بالا كۆرۈشنى خالاش ـ خالىماسلىق مەسىلىسى تۇرغان بولسا، مېنىڭ ئالدىمدا بالا كۆرۈشنى خالىماسلىق مەسىلىسى تۇرىدۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئىنتايىن چوڭ. سەن شۇنى چۈشەنگىنكى، مېنىڭ ئەھۋالىمدىن ئېيتقاندا، مەندە بالا كۆرۈش ئارزۇسى مەۋجۇت ئەمەس.

دوللى ئۇنىڭغا رەددىيە بەرمىدى. ئۇ ئانىنا ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىقنىڭ ئىنتايىن يىراق ئىكەنلىكىنى، بەزى مەسىلىلەرگە بولغان قاراشلىرىنىڭ مەڭگۈ بىرلىككە كەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، بۇ ئىشلار توغرۇلۇق گەپ قىلمايلا قويايلا، دەپ ئويلاپ قالغانىدى.

# 24

ــ شۇنداق بولغاندىن كېيىن، ئىمكانىيەت بولسا ئەھۋالىڭنى ئوڭلىشىڭ تېخىمۇ زۆرۈر ئىكەن، ــ دېدى دوللى.

ــ توغرا دېدىڭ، ئىمكانىيەت بولسا، ــ دېدى ئانىنا بىردىنلا مۇلايىم ۋە غەمكىن ئاھاڭدا.

ــ ئەجەبا، ئاجرىشىشىڭ مۇمكىن ئەمەسمۇ سېنىڭ؟ ئاڭلىسام، ئېرىڭ ئاجرىشىشقا قوشۇلۇپتۇدەكقۇ.

ــ دوللى، مېنىڭ شۇ توغرىدا گەپ قىلغۇم كەلمەيدۇ.

— بوپتۇ، خالىمىساڭ، گەپ قىلمايلا قوي ! — دېدى دوللى ئاناننىڭ چىرايىدىكى ئازابلىق ھالەتنى كۆرۈپ دەررۇلا، — مەن سېنىڭ ئىشلارغا تولىمۇ ئۈمىدسىز قارايدىغانلىقىڭنى بايقاۋاتىمەن.

— مەنمۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ناھايىتى خۇشال ھەم مەمنۇنمەن. سەنمۇ كۆردۈڭ، كەينىمگە كىرىۋاتقان ئادەم بار، ۋېسلوۋسكىي ...

— ئۇنى بىلدىم، ئەمما ساڭا راست گېپىمنى دېسەم، ماڭا ۋېسلوۋسكىينىڭ قىلىقلىرى پەقەتلا ياقمىدى، — دېدى دوللى گەپنى باشقا مەزمۇنغا يۆتكەش مەقسىتىدە.

— ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئويلىما ! بۇ ئەھۋال پەقەت ئالېكسېيغىلا غەلىتە تۇيۇلۇپ كېتىۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇ تېخى بالا، مەن ئۇنى ئالىقىنىمغا ئېلىپ ئوينىتىۋاتىمەن. راست گەپنى دېسەم، ئۇنى قانداق قىلىمەن دېسەم شۇنداق قىلالايمەن، ئۇ سېنىڭ گرىشايىڭنىڭ ئۆزى ... دوللى، — ئاننا بىردىنلا گېپىنى ئۆزگەرتتى، — سەن مېنى ئىشلارغا ئۈمىدسىز قارايدىكەنسەن، دېدىڭ، مۇشۇ گېپىڭدىنلا سېنىڭ مېنى چۈشەنمەيدىغانلىقىڭ چىقىپ تۇرىدۇ. پاكىت بەكمۇ قورقۇنچلۇق، شۇڭا ئامال بار ئۇنىڭغا يۈزلەنمەيمەن.

— مېنىڭچە، بۇ ئىشنى چوقۇم بىر تەرەپ قىلىشىڭ كېرەك، ھەرقانداق ئىمكانىيەتنى پايدىلىنىپ بولسىمۇ بىر تەرەپ قىلمىساڭ بولمايدۇ.

— لېكىن، مەن نېمىمۇ قىلالايمەن؟ قولۇمدىن ھېچنېمە كەلمەيدۇ. سەن مېنى ئالېكسېي بىلەن توي قىلىشىڭ كېرەك دەيسەن، سېنىڭچە، مەن بۇ ئىشنى ئويلىمايمەنمۇ؟ بۇ ئىشنى ئويلىمايمەنمۇ؟ — دېدى ئۇ بۇ گەپنى تەكرارلاپ ۋە ھۇپپىدە قىزىرىپ كېتىپ. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ قەددىنى رۇسلاپ، ئۇلۇغ - كىچىك تىنغان پېتى ئۆيىنىڭ ئىچىدە يەڭگىل دەسسەپ مېڭىشقا باشلىدى، ئارىلاپ ماڭماي توختاپمۇ قالاتتى، — مەن

ئويلىمايمەنمۇ؟ مېنىڭ ئويلىمايدىغان بىر كۈنۈممۇ يوق، ھەر سائەت، ھەر مىنۇت كاللامدىن چىقمايدۇ، بەزىدە ئۆزۈمنى ئۆزۈم نېمانچە ئويلايسەن، دەپ كايىپمۇ كېتىمەن ... مۇشۇنداق تىنماي ئويلاۋېرىشمۇ ئادەمنى ساراڭ قىلىپ قويىدۇ، ساراڭ قىلىپ قويىدۇ، — دېدى ئۇ بۇ گەپنى قايتىلاپ، — بۇ ئىش كاللامغا كىرىۋالدىمۇ، بولدى، مورفىن ئىچمەي ئۇخلىيالمايمەن. ماقۇل، ئىككىمىز بېسىقراق ئولتۇرۇپ پاراڭلىشايلى. ھەممىلا ئادەم مېنى ئۇنىڭدىن ئاجرىشىشىڭ كېرەك دەيدۇ. بىرىنچى، ئۇ ئاجرىشىشقا ئۇنىمايدۇ، چۈنكى ئۇنى گراف لىدىيە خانىم چاڭگىلىغا مەھكەم ئېلىۋالغان.

ئورۇندۇقتا گەۋدىسىنى تىك تۇتۇپ ئولتۇرغان دوللى چىرايىدا ئېچىنىش ۋە ئازاب، بېشىنى ئاننانىڭ قەدىمى بىلەن تەڭ بۇراپ، ئۇنىڭدىن كۆزلىرىنى ئۈزمەيتتى.

— ھەرىكەت قىلىپ باقمامسەن، — دېدى دوللى پەس ئاۋازدا.

— ماقۇل، ھەرىكەت قىلىپمۇ باقاي، لېكىن قىلغان ھەرىكىتىمدىن نېمە كېلىپ چىقىدۇ؟ — دېدى ئاننا تولا ئويلاپ ئۆزگە يادا بولۇپ كەتكەن ئوي - خىياللىرىنى سۆزلەشكە باشلاپ، — ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىدىغان بولساممۇ، ئۇنىڭ ئالدىدا بېشىمنى ئېگىپ گۇناھىمغا توۋا قىلغانلىقىم، ئۇنىڭ كەڭ قورساقلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ، تولىمۇ تۆۋەنچىلىك بىلەن ئۇنىڭغا خەت يازغانلىقىم كېلىپ چىقىدۇ ... ماقۇل، چىشىمنى چىشلەپ تۇرۇپ شۇنداقمۇ قىلىپ باقاي، بەلكىم ھاقارەت تۈسىنى ئالغان جاۋابىمۇ ئېرىشەرمەن، بەلكىم ئۇ قوشۇلۇپمۇ قالار. خوپ، ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئالدىممۇ دەيلى ... — ئاننا بۇ گەپنى قىلىۋاتقاندا مېڭىپ ئۆينىڭ ئۇ بېشىغا بېرىپ قالغانىدى، شۇ يەردە تۇرۇپ، دېرىزىنىڭ پەردىسىنى ئوڭشىغاچ گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېدى، — مەنغۇ ئۇنىڭ رازىلىقىنى ئالارمەن، لېكىن ئوغـ ... ئوغلۇمچۇ؟ ئۇلار ئوغلۇمنى ماڭا بېرىۋېتىدۇ دەپ ئويلامسەن؟ ئۇ مەن تاشلاپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن دادىسىنىڭ

يېنىدا چوڭ بولۇپ، كەلگۈسىدە مېنى كۆزگە ئىلمايدىغان بولىدۇ. بىلىپ قويغىنىكى، ئۇ ئىككىسىنى، سېرىيوژا بىلەن ئالېكسېينى ئوخشاشلا ياخشى كۆرىمەن، ئۆزۈمدىنمۇ ئارتۇق ياخشى كۆرىمەن.

ئۇ ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ، ئىككى قولى بىلەن كۆكرىكىنى مەھكەم باسقان پېتى دوللىنىڭ ئالدىدا توختىدى. ئاپئاق كېچىلىك كىيىمىدە ئۇ ئېگىز ۋە ساغلام كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئۇستىگە يامالغان كەمزۇل، بېشىغا كېچىلىك چېپىچىق كىيىۋالغان، ھاياجاندىن پۈتۈن بەدىنى تىترەپ كېتىۋاتقان جۇغى كىچىك بىچارە دوللىغا ئېگىلىشىپ، قوشۇمىسى تۈرۈلگەن ھالدا ياشتىن پارقىراپ تۇرۇۋاتقان كۆزلىرىدە قاراپ تۇرۇپ كەتتى.

— مەن دۇنيادا پەقەت مۇشۇ ئىككىلا ئادەمنى ياخشى كۆرىمەن، لېكىن ئۇ ئىككىسى بىر - بىرىنى چەتكە قېقىپ تۇرىدۇ، ئىككىسىنى زادىلا بىر يەرگە كەلتۈرەلمەيۋاتىمەن، ئۇلارنى بىر يەرگە كەلتۈرۈش مېنىڭ بىردىنبىر ئارزۇيۇم ئىدى. ئەگەر بۇ ئارزۇيۇمنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىسام پۈتۈن ئىشىم تۈگىشىدۇ دېگەن گەپ، پۈتۈن، پۈتۈن ئىشلار قىممىتىنى يوقىتىدۇ، ھەممە ئىشلار مەن ئۈچۈن بەربىر بولىدۇ، مېنىڭ بۇ ئىش توغرۇلۇق گەپ قىلىشنى خالىماسلىقىممۇ مۇشۇ سەۋەبتىن. سەنمۇ مېنى تولا كايىما ھەم قىينىما. مەن تولىمۇ نادان ئىكەنمەن، سېنىڭ مېنىڭ پۈتۈن ئازابلىرىمنىڭ تېگىگە يېتىپ كېتىشىڭ مۇمكىن ئەمەس.

ئاننا دوللىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇرۇپ، ئەيىبلىك ئادەمدەك كۆزلىرىگە تىكىلدى، قوللىرىنى قوللىرى ئارىسىغا ئالدى.

— سەن قانداق ئويلاۋاتىسەن؟ مەن توغرۇلۇق قانداق ئويلاردا بولۇۋاتىسەن؟ ئۆتۈنۈپ قالاي، مېنى كەمسىتمىگىن. مەن كەمسىتىلمەسلىكىم كېرەك. مەن بەختسىز ئادەممەن. دۇنيادا

بەختسىز ئادەم بار دېيىلسە، شۇ ئادەم مەن، — ئاننا بىر يانغا ئۆرۈلۈپ بىردىنلا يىغلاپ كەتتى.

دوللى ئۆيدە يالغۇز قالغاندا ئىبادەت قىلىۋېلىپ، ئاندىن ئورنىغا كىرىپ ياتتى. بايا ئاننا ئۇنىڭغا دەردىنى ئېيتىپ بېرىۋاتقاندا ئانناغا ئىچ ـ ئىچىدىن ئېچىنغانىدى، ئەمدى هازىر ئۇنى شۇنچە ئويلىسىمۇ خىيالىدا توختىتالمىدى، ئائىلىسىنى، بالىلىرىنى سېغىنىدى، سېغىنىشى شۇنچىلىك كۈچلۈك ئىدى، ئىچ ـ ئىچىدىن قايناپ تۇراتتى. ئۆزىنىڭ شۇ بىر كىچىككىنە دۇنياسى ئۇنىڭغا شۇ قەدەر قىممەتلىك، شۇ قەدەر يېقىملىق كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتىكى، ئارتۇقچە بىر كۈننىمۇ شۇ دۇنياسىدىن تاشقىرىدا ئۆتكۈزۈشكە كۆڭلى ئۇنىماي، ئەتىلا قايتىپ كېتىش قارارىغا كەلدى.

دەل شۇ چاغدا ئاننامۇ هۇجرىسىغا قايتىپ كىرىپ، رومكىغا بىرنەچچە تېمىم مورفىن قۇيۇپ ئىچىۋالدى، ياغاچتەك قېتىپ بىردەم ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۆزىنى خۇشال ۋە خاتىرجەم تۇتۇپ، ئىچكىرىدىكى ياتىدىغان ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

هۇجرىغا كىرگەندە، ۋرونسكىي ئۇنىڭغا دىققىتىنى ئاغدۇردى. ئۇ ئۇنىڭ دوللىنىڭ ئۆيدە ئۇزاق ئولتۇرۇپ قالغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ ئۇلارنى چوقۇم پاراڭلاشتى دەپ ئويلاپ، ئاننانىڭ چىرايىدىن ئۆزىنىڭ شۇ پەرىزىگە ئاساس ئىزدەۋاتاتتى. لېكىن، ئاننانىڭ نېمىنىدۇر يوشۇرۇپ تۇرغان هاياجان ئارىلاش چىرايىدا كۆزىگە سىڭىپ قالغان، هازىرغىچە ئۆزىنى مەپتۇن قىلىپ تۇرۇۋاتقان گۈزەللىكتىن، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ گۈزەللىكىگە بولغان هەۋەس ۋە شۇ گۈزەللىكى بىلەن ۋرونسكىينى ئۆزىگە باغلاپ تۇرۇشنى ئۇنتۇمايدىغان هوشيارلىقتىن باشقا هېچنېمە تاپالمىدى. ئۇنىڭ ئاننادىن ئۇلارنىڭ نېمە توغرۇلۇق گەپ قىلىشقانلىقىنى سورىغۇسى كەلمىدى، ئاننانى ئۆزى سۆزلەپ بېرەر دەپ ئويلىۋىدى، ئاننا باشقا بىر گەپلەرنى قىلدى.

— دوللىنىڭ ساڭا ياققانلىقىدىن خۇشالمەن. سەن ئۇنى

ياخشى كۆردۈڭ، شۇنداقمۇ؟ — دېدى ئۇ.

— ئەمەلىيەتتە، مەن ئۇياقنى بۇرۇنلا بىلەتتىم. ئۇ ناھايىتى ئاق كۆڭۈل ئايالدەك قىلىدۇ، ئەمما تولىمۇ ساددا ئىكەن، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ كەلگىنىگە ناھايىتى خۇشال بولدۇم.

ۋرونسكىي ئاننانىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ كۆزلىرىگە سوئال نەزىرىدە تىكىلدى.

ئاننا ئۇنىڭ بۇ قارىشىنى باشقىچە چۈشىنىپ، پىسىڭگىدە كۈلۈپ قويدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە دوللى ئۆي ئىگىلىرىنىڭ شۇنچە تۇتقىنىغا قارىماي قايتىپ كەتمەكچى بولدى. لېۋىننىڭ ئۇستىگە نىمچە پەلتو، بېشىغا ئادەتتىكى ھارۋىكەشلەر كىيىۋالىدىغان مالىخاي كىيگەن پەيتۇنكەشى رەڭلىرى ماس كەلمىگەن ئاتلار قوشۇلغان، قاناتلىرى يامالغان ۋە پاتقاق چاپراپ بۇلغىنىپ كەتكەن كونا پەيتۇننى سەيناسىغا قۇم سېپىلگەن دەرۋازا ئالدىغا ھەيدەپ كەلدى. ئۇنىڭ چىرايى تۇتۇق، ئەمما پەيتۇندا مەردانە ئولتۇراتتى.

دوللى كىنەز ۋارۋارا خانقىز ۋە باشقا ئەرلەر بىلەن ئانچە كۆڭۈللۈك خوشلاشمىدى. بىر كۈن تۇرۇپلا، دوللىمۇ، ئۆي ئىگىلىرىمۇ بىر - بىرىنىڭ دىتىغا تازا يېقىپ كەتمەيدىغان ئادەملەر ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭدىن كېيىن كۆرۈشمەيلا قويسا بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىشتى، پەقەت ئاننانىڭلا كۆڭلىنى مۇڭ باستى. ئۇ دوللىنىڭ كېلىشى بىلەن ئېچىلغان يۈرەك يارىلىرىنى ئەمدى ئۇ كەتكەندىن كېيىن ھېچكىمنىڭ كېلىپ قوزغىمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. بۇ يارىلار ئېچىلسا ئاننانىڭ جېنى سىرقىرايتتى، شۇنداقتىمۇ كۆڭلىنىڭ ئاشۇ تۈيغۇلار كۆمۈلگەن يېرى ئەڭ ياخشى يەر ئىدى، ئەپسۇس، ئۇ رېئال تۇرمۇش ئىچىدە ناھايىتى تېزلا يوقىلىپ كېتەتتى.

پەيتۇن دالاغا چىققاندا دوللى ئۆزىنى يېنىك ھېس قىلىپ، ئادەملىرىدىن ۋرونسكىينىڭ ئۆيىنىڭ ئۆزلىرىگە يارىغان -

يارىمىغانلىقىنى سوراي دەپ تۇراتتى، ئاگغىچە پەيتۇنكەش ئۇنىڭ خىيالىدىكىنى بىلىۋالغاندەك ئۆزىلا گەپ قىلىپ قالدى:
— پۇلى بار ئادەملەر باشقىچىلا بولىدىكەن، بىزنىڭ ئاتلىرىمىزغا ئاران ئۈچ توربىلا سۇلۇ بەردى، ئاتلىرىمىز ئۇ سۇلۇنى تاڭ ئاتماستىنلا يەپ تۈگەتتى. ئۈچ توربا سۇلۇ ئاتلارغا نېمە بولىدۇ دەيسىز؟ ئارىلىقلاردا يەيدىغان پىچىنە - پىرەنىكتەكلىدە. بۇ كۇنلەردە بىر كۇرە سۇلۇ ئاران قىرىق بەش كوپىيكا. ئەگەر ئۇلار بىز تەرەپكە بېرىپ قالىدىغان بولسا، ئاتلىرىغا قانچىلىك يېسە شۇنچىلىك بېرىمىزغۇ؟
— ئۇلارنىڭ خوجايىنى بەكمۇ بېخىل ئىكەن، — پەيتۇنكەشنىڭ سۆزىنى ماقۇللىدى غوجىدار.
— ئۇلارنىڭ ئاتلىرى قانداق ئىكەن، ساڭا ياقتىمۇ؟ — سورىدى دوللى.
— ئاتلىرىنىڭ ياخشىلىقىدا گەپ يوق، يەملىرىمۇ بەلەن. لېكىن، داريە ئالېكساندرووۋنا، سىز قانداق بولدىڭىزكىن، بىلمەيمەن، مەن بۇرۇقتۇرما بولۇپ ئۆلەيلا دېدىم، — دېدى غوجىدار چىرايلىق ۋە مۇلايىم چىرايىنى دوللى تەرەپكە بۇراپ.
— مەنمۇ شۇنداق بولدۇم. قانداق، زاۋۇلغىچە ئۆيگە يېتىپ بارالامدۇق؟
— چوقۇم يېتىپ بارىمىز.
دوللى ئۆيگە قايتىپ كېلىپ ھەممەيلەننىڭ سالامەت تۇرغانلىقىنى كۆردى ۋە ئۇلارغا ئۆزىنىڭ بۇ سەپىرى، ۋرونسكىيلارنىڭ ھەشەمەتلىك كاتتا تۇرمۇشى، ئويۇن - تاماشىلىرى ۋە ئۆزىنى ياخشى كۇتۇۋېلىشقانلىرى توغرۇلۇق زوقلىنىپ تۇرۇپ سۆزلەپ بەردى، ئۇلارنىڭ بىر ئېغىزمۇ يامان گېپىنى قىلمىدى، غوجىدار بىلەن پەيتۇنكەشكىمۇ دېگۈزمىدى.
— ئاننا بىلەن ۋرونسكىينى كۆرۈپ، ئۇلارنى ياخشى چۈشەندىم — مەن ئۇلارنى بۇ قېتىم ياخشى چۈشەندىم — ئاندىن ئۇلارنىڭ قانچىلىك ئوچۇق، قانچىلىك يېقىملىق ئادەملەر ئىكەنلىكىنى بىلدىكەنسەن، — دېدى دوللى ئۆزىنىڭ ئۇ يەردە قورۇنۇپ

قالغانلىقىنى ھەم ئۇلاردىن نارازى بولغانلىقىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ قېلىپ، تولىمۇ سەممىيلىك بىلەن.

# 25

ۋرونسكىي بىلەن ئاننا ئاننانىڭ ئاجرىشىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ ھېچقانداق چارىسىنى تاپماي، پۈتۈن بىر يازنى ۋە كۈزنىڭ بىر قىسمىنى يېزىدا ئۆتكۈزۈۋەتتى. ئىككىسى بۇ يەردىن باشقا ھېچ ياققا بارماسلىقنى قارار قىلىشقانىدى، لېكىن كۈزدە مېھمان كەلمەي، تويتىن ئايرىلىپ يالغۇز ياشاش ۋاقتى ئۇزارغانسېرى، بۇنداق ياشاش ئۇزاق داۋاملاشسا بولمايدىغانلىقىنى، بۇنداق ھالەتنى ئۆزگەرتىش كېرەكلىكىنى شۇنچە ھېس قىلىشقا باشلىدى.

مۇنداقلا قارىغاندا، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى بۇنىڭدىنمۇ ئېسىل بولۇپ كەتمەيتتى: دۆلەت دېسە دۆلىتى بار، بالا دېسە بالىسى بار، ئىش دېسە ھەر ئىككىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىشلىرى بار ئىدى. مېھمان كەلمىگەندىمۇ ئاننا ئۆزىنى چىرايلىق ياساپ يۈرەتتى، يەنە تېخى نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇپمۇ چىققانىدى. ھەممىسىلا داڭلىق رومانلار، ئىلمىي ئەسەرلەر ئىدى، چەت ئەللەردىن ئېلىپ ئوقۇيدىغان گېزىت ـ ژۇرناللاردا ماختاپ يېزىلغان كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى ئالدۇراتتى ھەم ئۇلارنى يالغۇز قالغانلىرىدا ئوقۇغاندەك پۈتۈن دىققىتىنى يىغىپ تۇرۇپ ئوقۇپ چىقاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇ يەنە ۋرونسكىي شۇغۇللىنىۋاتقان ئىشلارغا ئائىت كىتاب ۋە مەخسۇس ژۇرناللارنى ئوقۇپ ۋە ئۇلارنى تەتقىق قىلىپ تۇرىدىغان بولغاچقا، ۋرونسكىي دېھقانچىلىقتا، بىناكارلىقتا، ھەتتا ئاتلارنى قانداق بېقىشتا، تەنھەرىكەتتە ۋە باشقا ساھەلەردە ئۇچرىغان مەسىلىلەردە دائىم ئۇنىڭدىن

مەسلىھەتلەرنى ئېلىپ تۇراتتى. ۋرونسكىي ئۇنىڭ بىلىمىنىڭ موللۇقى، خاتىرىسىنىڭ كۈچلۈكلۈكىگە ھەيران قېلىپ، دەسلەپتە ئۇنىڭغا ئىشەنمەي، دىگەنلىرىنى دەللىلەپ بېرىشنى ئېيتقاندا، ئاننا كىتابلاردىن ئۇنىڭغا لازىم نەرسىلەرنى تېپىپ كۆرسىتىپ قوياتتى.

ئاننا دوختۇرخانىنىڭ ئىشلىرىغىمۇ ناھايىتى قىزىقاتتى. ئۇنىڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىپلا قالماي، ئۆزى نۇرغۇن ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى قىلغان، نۇرغۇن مەسلىھەتلەرنى بەرگەنىدى. لېكىن، ئۇنىڭ ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى يەنىلا ئۆزى، قانداق قىلسا ۋرونسكىينىڭ تېخىمۇ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشكىلى، ۋرونسكىينىڭ ئۆزىنى دەپ قۇربان قىلغان نەرسىلىرىنىڭ ئورنىنى تولدۇرغىلى بولىدىغانلىقى ئىدى. ئۇنىڭ تۇرمۇشىنىڭ بىردىنبىر مەقسىتى ئۇنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشىشلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئۇنىڭ قەدىر - قىممىتىنى قىلىش ئىدى. ۋرونسكىي ئۇنىڭ بۇ ئىشىدىن سۆيۈنەتتى، ئەمما ئۇنىڭ ئۆزىنى مۇھەببەت تورىغا مەھكەم چىرمىۋالماقچى بولىدىغىنىدىن ئېغىرسىناتتى. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ئۆزىنىڭ ئۇ تورغا چىرمىلىپ قېلىۋاتقىنىنى ئوچۇق سېزىشكە باشلاپ —— ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنى ئەمەس —— ئۇ ئۆزىنىڭ ئەركىنلىكىگە توسقۇنلۇق قىلامدۇ، قىلمامدۇ، شۇنى سىناپ باقماقچى بولاتتى. ئەگەر ئەركىنلىكتە بولغان تەلپۈنۈشى بارغانسېرى كۈچىيىپ بارمىغان، ھەر قېتىم شەھەرگە مەجلىسكە ياكى بەيگىگە ماڭغاندا جېدەل بولۇپ تۇرمىغان بولسا، ۋرونسكىي ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىدىن يۈزدە يۈز رازى بولۇپ ئۆتكەن بولاتتى. ئۆزىنىڭ ھازىرقى سالاھىيىتى —— رۇسىيە ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ مېغىزىنى تەشكىل قىلغان باي يەر ئىگىلىرى —— ئۇنىڭ ئارزۇسىغا پۈتۈنلەي مۇۋاپىق كېلىپلا قالماي، يەنە يېرىم يىل مۇشۇنداق ياشاپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا تېخىمۇ چوڭ شان - شۆھرەتلەر كېلەتتى. ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشلىرىغا سەرپ قىلىۋاتقان زېھنىي

كۈچى ۋە ۋاقتى بارغانسېرى كۈچىيىپ كېتىۋاتاتتى، ئېلىۋاتقان
ھاسىلاتلىرىمۇ ياخشى ئىدى. گەرچە ئۇ دوختۇرخانا، يېزا
ئىگىلىك ماشىنىلىرى ۋە شۋېيتسارىيىدىن سېتىۋالغان
نەسىللىك سىيىرلار ۋە باشقا نۇرغۇن نەرسىلەرگە زور مىقداردا
مەبلەغ سالغان بولسىمۇ، لېكىن ھېچقانداق ئىسراپچىلىق
بولمىغان، ئەكسىچە ئۇ مەبلەغلەر ئۇنىڭ بايلىقىنى ئاشۇرغانىدى.
ئۇنىڭ دارامىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە،
مەسىلەن، ئورمان، ئاشلىق، قوي يۇڭى سېتىش ياكى يەرلەرنى
ئىجارىگە بېرىش دېگەندەك ئىشلاردا، ئۇ تارىشىدەك چىڭ ئىدى،
باھادا زادىلا يول قويمايتتى، قايسىلا جاڭزىسىدا بولسۇن، نۇرغۇن
پۇللۇق ئىشلارغا يولۇققاندا ناھايىتى سالماقلىق بىلەن ئىش
كۆرەتتى، كىرىمى ئاز ئىشلارغىمۇ ئەستايىدىل، ئىنچىكە
مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇنىڭ گېرمانىيىلىك غوجىدارى ھېلىسى
كۆپ ئادەم ئىدى، بىرنەرسىنى سېتىش ياكى بىرنەرسىلەرگە باھا
قويۇش بولۇپ قالغانلاردا باھانى يۇقىرى قويۇپ، سېتىۋالغاندا
تۆۋەن باھادا سېتىۋېلىپ، ئارىدىن نۇرغۇن پايدا يەيتتى، ئەمما
ۋرونسكىي ئاسانلىقچە ئۇنىڭ گېپىگە كىرمەيتتى، سېتىۋالىدىغان
ياكى قۇرىدىغان نەرسىلىرى ئەڭ يېڭى، روسىيىدە پەقەتلا بولۇپ
باقمىغان، سېتىۋالسا كىشىلەر ھەيران قالىدىغان نەرسىلەر
بولسا، ئاندىن ئۇ نېمىس غوجىدار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ،
شۇنىڭ دېگىنى بويىچە قىلاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا چاغلاردا، قولىدا
ئېشىنچا پۇل بولغاندا، ئاندىن پۇل چىقىم قىلىشقا ماقۇل
دەيتتى، شۇ چاغدىمۇ يەنە مىڭ بىر ئويلاپ، يىپىدىن -
يىڭنىسىگىچە تەكشۈرۈپ ئاندىن چىقىراتتى ۋە ئالغان
نەرسىسىنىڭ ئەڭ ياخشى نەرسە بولۇشىنى تەلەپ قىلاتتى. شۇڭا،
ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئىگىلىكىنى باشقۇرۇشىدىن بايلىقىنى ئىسراپ
قىلماي، بەلكى تېخىمۇ كۆپەيتىۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولاتتى.

10 - ئايدا ۋرونسكىي، سۋىيەژسكىي، كوزنىشېف،
ئوبلونسكىيلارنىڭ يەر - زېمىنلىرى بىلەن لېۋىننىڭ بىر قىسىم

يەر ـ زېمىنى جايلاشقان كاشىن ئۆلكىسىدە ئاقسۆڭەكلەرنىڭ سايلىمى بولدى.

بۇ سايلام ھەر خىل سەۋەبلەر ۋە سايلامغا قاتناشقان كىشىلەر تۈپەيلى جامائەتچىلىكنىڭ دىققىتىنى تارتتى، سايلام توغرۇلۇق كۆپ گەپ ـ سۆزلەر بولدى، ئاكتىپ تەييارلىق كۆرۈلدى. موسكۋالىق، پېتېربۇرگلۇق كىشىلەر ۋە ھېچقاچان سايلامغا قاتنىشىپ باقمىغان چەت ئەللەردىكى مۇھاجىرلار بۇ يەرگە سايلامغا كېلىدىغان بولدى.

ۋرونسكىي سايلامغا قاتنىشىمەن دەپ بۇرۇنلا سۋىيەژسكىيگە ۋەدە بېرىپ قويغانىدى.

ۋوزدۋىژېنىسك يېزىسىغا پات ـ پات كېلىپ تۇرىدىغان سۋىيەژسكىي ۋرونسكىينى سايلامغا تەكلىپ قىلىپ سايلامنىڭ ئالدىدا بۇ يەرگە كەلدى.

بىر كۈن ئاۋۋال سايلامغا بارىدىغان ئىش توغرۇلۇق ۋرونسكىي بىلەن ئاننانىڭ ئوتتۇرىسىدا جېدەل چىققىلى تاس قالغانىدى. بۇ ئادەم يېزىدا ئەڭ زېرىكىدىغان كۈز پەسلى ئىدى، شۇ سەۋەبلىك ۋرونسكىي ئاننا بىلەن بولىدىغان كۆرەشكە تەييارلىنىپ، سايلامغا بارىدىغانلىقىنى ئانناغا قاپاقلىرىنى تۈرۈپ، سوغۇق قىياپەتتە بىلدۈردى — ئىلگىرى ئۇ ھەرگىز بۇنداق قىلمايتتى — لېكىن، ئاننا ۋرونسكىينى ھەيران قالدۇرۇپ، بۇ گەپنى ناھايىتى ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن ھېچ ئىش بولمىغاندەك تىڭشىدى، پەقەت قاچان قايتىپ كېلىدىغانلىقىنىلا سوراپ قويدى. ۋرونسكىي ئۇنىڭ بۇنچىلا تەمكىن بولۇپ كەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنەلمەي ھەيران قېلىپ ئۇنىڭغا دىققەت بىلەن قاراپ قالدى. ئاننا ئۇنىڭ ئۆزىگە قاراپ قېلىۋاتقىنىغا جاۋابەن كۈلۈپلا قويدى. ۋرونسكىي ئۇنىڭ ھەممىنى ئىچىدە بىلىپ چىراي ئۆزگەرتمەيدىغان بۇ ئالاھىدىلىكىنى ئوبدان بىلەتتى، بۇ ئالاھىدىلىكى ۋرونسكىيغا ئېيتمايدىغان بەزى پىلانلارنى ئىچىدە پىلانلاپ قويغان چاغلىرىدىلا كۆرۈنۈپ قالاتتى. ۋرونسكىي سەل ئەنسىرەپ قالدى،

لېكىن جېدەلدىن خالىي بولۇش ئۈچۈن ئۆزىنى ئۇنىڭغا (ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇنىڭغا كۆپىنچە چاغلاردا ئىشىنەتتى)، ئۇنىڭ كەڭ قورساقلىقىغا ئىشەنگەنگە سىلىنىۋالدى.

— مەن يوق زېرىكمىسەڭ كېرەك؟

— زېرىكىپمۇ كەتمەسمەن، — دېدى ئانىنا، — تۇنۇگۈن گونيې[①] كىتابخانىسى ئەۋەتكەن بىر يەشىك كىتابنى تاپشۇرۇۋالدىم، شۇ كىتابلار بىلەن زېرىكىپمۇ قالماسمەن.

«پەرۋاسىزلىقنى نېمىدېگەن ئوخشاتقان ـ ھە! — دەپ ئويلىدى ۋرونسكىي ئىچىدە، — بۇمۇ ئوبدان بولدى، بولمىسا يەنە غىژ ـ غاژ قىلىشىپ قالاتتۇق.»

شۇنداق قىلىپ، ۋرونسكىي ئىچىڭدىكىنى دەيسەن دەپ تۇرۇۋالماي سايلامغا مېڭىپ كەتتى. سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرمەي بۇنداق ئايرىلىش ئۇلار بىللە تۇرۇۋاتقاندىن بېرى بىرىنچى قېتىم يۈز بېرىۋاتاتتى. بۇ ئەھۋالدىن ئۇ ھەم ئەنسىرىدى، ھەم ۋاي بولدىلا، مۇشۇنداق بولغىنىمۇ ياخشى ئەمەسمۇ، دەپ ئويلىدى. «دەسلەپتە مۇشۇنداق غەلىتە تۇيۇلىدۇ. بارا ـ بارا كۆنۈپمۇ قالىمەن. ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەممە نېمەمنى قۇربان قىلىشقا رازىمەن، ئەمما ئەرلىك مۇستەقىللىقىمنى قۇربان قىلمايمەن» دەپ ئويلىدى ئۇ.

# 26

لېۋىن كىتىنىڭ تۇغۇتىغا تەييارلىق كۆرۈش مۇناسىۋىتى بىلەن 9 ـ ئايدا موسكۋاغا كېتىپ شۇ يەردە تۇرۇپ قالدى. كوزنىشېف — ئۇنىڭ كاشىن ئۆلكىسىدە زېمىنى بار ئىدى ھەم ئۇ بولغۇسى سايلامغا بەكمۇ كۆڭۈل بۆلەتتى — لېۋىنغا

[①] موسكۋادىكى فرانسىيە كىتابخانىسى.

ئۆزىنىڭ كاشىندىكى سايلامغا بارىدىغانلىقىنى ئېيتقان كۈنلەردە لېۋىننىڭ موسكۋادا تۇرۇۋاتقىنىغا بىر ئاي بولۇپ قالغانىدى. كوزنىشېف ئىنىسىنى ئۆزى بىلەن بىللە بېرىشقا دەۋەت قىلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە لېۋىنمۇ سېلېزنېۋسك ناھىيىسىنىڭ نامزاتى ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، چەت ئەلدە مۇھاجىر بولۇپ تۇرۇۋاتقان ھەدىسىنىڭ كاشىن ئۆلكىسىدە ساتىدىغان زېمىنىغا بېرىدىغان زاكالەت پۇلىنىڭ ئىشى بار بولۇپ، بۇ ئىشنى ئۇ لېۋىنغا ھاۋالە قىلغانىدى.

لېۋىن تېخىچە ئىككىلىنىپ تۇراتتى. كىتى ئېرىنىڭ موسكۋادا زېرىكىپ قالغىنىنى كۆرۈپ، بېرىپ كېلىشنى بىرنەچچە قېتىم دېگەن ھەم سەكسەن رۇبلى خەجلەپ ئۇنىڭغا ئاقسۆڭەكلەر كىيىدىغان كاستۇم - بۇرۇلكا تىكتۇرۇپمۇ قويغانىدى. كاستۇم - بۇرۇلكا تىكتۈرگەن ئاشۇ سەكسەن رۇبلى لېۋىننىڭ كاشىنغا بېرىش قارارىغا كېلىشىگە تۈرتكە بولۇپ، ئاخىر ئۇ كاشىنغا قاراپ يولغا چىقتى.

لېۋىننىڭ كاشىنغا كەلگىنىگە ئالتە كۈن بولدى، ھەر كۈنى دېگۈدەك مەجلىسكە باراتتى، ھەدىسىنىڭ تېخىچە پۈتمەيۋاتقان ئىشىغا يۈگۈرەيتتى. ئاقسۆڭەكلەرنىڭ داھىيلىرىنىڭ ھەممىسى مەجلىس بىلەن ئاۋارە بولغاچقا، ھاۋالىگە مۇناسىۋەتلىك مۇشۇنداق ئەڭ ئاددىي ئىشمۇ ھەل بولماي تۇرۇۋاتاتتى، ئۇنىڭدىن باشقا، زاكالەت پۇلىنى تاپشۇرۇۋېلىش ئىشىمۇ قىيىنچىلىققا ئۇچراۋاتاتتى. نۇرغۇن يول مېڭىشلاردىن كېيىن چەكلەش بۇيرۇقى بىكار قىلىنىپ، زاكالەت پۇلىنى بېرىدىغان بولۇشتى. لېكىن، تولىمۇ قىزغىن جامائەت گۇۋاھچىسى رەئىس يوق، دېگەن باھانە بىلەن پۇلنىڭ چېكىگە قول قويۇپ بېرىشكە ئۇنىمىدى، رەئىس بولسا مەجلىسلەر بىلەن ئالدىراش ئىدى، ئورنىغا بىرەر ئادەمنى قويۇپ قويمىغاندەك قىلاتتى. ئۇياق - بۇياققا تىنماي قاتراشلار، ئەرز قىلغۇچىلارنىڭ تارتىۋاتقان جاپالىرىنى چۈشىنىپ تۇرۇۋاتقان، لېكىن ئۇلارغا ياردەم بېرەلمەيدىغان

ياخشى نىيەتلىك ئادەملەر بىلەن پاراڭلىشىشلار، شۇنچىلىك كۆپ جاپالارنى تارتىپمۇ ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمەسلىكلەر لېۋىننى جاق تويغۇزدى، خۇددى ئادەم چۈشىدە بىرەر نەرسىگە كۈچ ئىشلىتەي دەپ شۇنچە قىلسىمۇ مىدىر - سىدىر قىلالمىغاندەك تۇيغۇدا بولۇپ قالدى. ئۇ ئاشۇ ئاق كۆڭۈل ئادۋوكات بىلەن پاراڭلاشقانلىرىدا نەق شۇنداق بولۇپ قالاتتى. ئۇ ئادۋوكات كۆرۈنۈشتە لېۋىننىڭ مۇشكۈلاتىنى يەڭگىللىتىپ بېرىش ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ، بار ئىمكانىيىتى بىلەن ياردەم بېرىۋاتقاندەك قىلاتتى، مۇمكىن بولغان بارچە چارىنى كۆرۈۋاتاتتى. ئۇ: «ھىم، مۇنداق قىلىپ باقسىلا. پالانى يەرگە بېرىپ باقسىلا» دېگەن گەپنى بىر قېتىم ئەمەس، بىرنەچچە قېتىم دېگەنمۇ بولدى ۋە ھەممىلا جايدا ئىشقا كاشىلا قىلىۋاتقان توسالغۇلاردىن چەتنەپ ئۆتۈشنىڭ بىر قاتار پىلانلىرىنى تۈزۈپمۇ بەردى. ئارقىدىنلا يەنە : «بۇنىڭدىمۇ قىيىن بولارمىكىن، ھەر ھالدا ئۇرۇنۇپ كۆرسىلە» دەپ قوياتتى ئۇ. لېۋىن ئۇرۇنۇپمۇ كۆردى، مېڭىپمۇ باقتى. ئۇ مۇراجىئەت قىلغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى مۇلايىم، مەرھەمەتلىك كىشىلەر بولسىمۇ، چەتنەپ ئۆتۈلگەن ئۇ توسالغۇلار ئىشنىڭ ئاخىرىدا يەنە پەيدا بولۇپ، ئىشنىڭ ھەل بولۇشىغا كاشىلا قىلاتتى. لېۋىنغا ھەممىدىن بەك ئەلەم قىلغىنى شۇ بولدىكى، ئۆزىنىڭ كىم بىلەن توقۇنۇشۇپ قېلىۋاتقىنىنى، ئىشنىڭ ھەل بولماي بۇنداق ئۇزاققا سوزۇلۇپ كېتىشىنىڭ كىمگە پايدىلىق ئىكەنلىكىنى پەقەتلا بىلەلمەيۋاتاتتى، بۇنى بىلىدىغان ئادەممۇ يوقتەك قىلاتتى، ئادۋوكاتمۇ بىلمەيتتى. ئەگەر لېۋىن بۇ ئىشنى تۆمۈريول ئىستانسىسىدا پويىز بېلىتىنى ئۆچىرەتتە تۇرماي ئالغىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشەنگەندەك چۈشەنگەن بولسا ئىدى، بۇنچىلىك خاپىلىق تارتىپ كەتمىگەن بولاتتى. ئوخشاشلا، ئۆز ئىشىدا دۇچ كېلىۋاتقان توسالغۇلارنىڭ سەۋەبلىرىنى ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغانغىمۇ ئادەم چىقمايۋاتاتتى.

ئەمما، لېۋىن ئۆيلەنگەندىن بىرى خېلىلا ئۆزگىرىپ، سەۋر - تاقەتلىك بولۇپ قالغانىدى. بىرەر ئىشنىڭ نىمىشقا ئۇنداق ياكى بۇنداق بولۇپ قالغىنىنى چۈشەنمەي قالسا، ئىچىدە، ئەھۋالنى بىلمەي تۇرۇپ ئۇنىڭغا قالايمىقان ھۆكۈم قىلما، بەلكىم شۇنداقتۇ، دەپ ئويلاپ، ئامال بار ئاچچىقلانماسلىققا تىرىشاتتى.

ھازىرمۇ مەجلىسلەرگە، سايلامغا قاتنىشىۋېتىپ، بىرەرنى يامانلىماسلىققا، بىرەرى بىلەن تالاشماسلىققا، ئۆزى ھۆرمەت قىلىدىغان ئاق كۆڭۈل ئادەملەرنىڭ ئەستايىدىل ئىشلەۋاتقان ئىشلىرىنى بار ئىمكانىيىتى بىلەن چۈشىنىشكە تىرىشىۋاتاتتى. لېۋىن تويدىن كېيىن نۇرغۇن يېڭى، مۇھىم نەرسىلەرنى بايقىدى، ئىلگىرى ئۇنداق ئىشلارغا يەڭگىللىك بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى، جىددىي قارىمايتتى، سەل قارايتتى. سايلامغىمۇ ئۇ ھازىر جىددىي قارايدىغان ھەم ئۇنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىدىغان بولدى.

كوزنىشېف ئۇنىڭغا بۇ قېتىمقى سايلام ئارقىلىق بولىدىغان ئۆزگىرىشلەرنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈرۈپ قويدى. ئۆلكىنىڭ ئاقسۆڭەكلەر رەھبىرى قانۇن بويىچە نۇرغۇن مۇھىم ئىشلارغا مەسئۇل ئىدى: ۋەسىيلىك ئىشلىرى ئىدارىسىنى باشقۇراتتى (لېۋىننى نۇرغۇن مۇشەققەتلەرگە سالغىنى شۇ ئىدارە ئىدى)؛ ئاقسۆڭەكلەردىن يىغىلغان نۇرغۇن مىقداردىكى پۇللارنى ساقلايتتى؛ قىزلار، ئوغۇللار ئوتتۇرا مەكتەپلىرىنىڭ، ھەربىي مەكتەپنىڭ خىزمەتلىرىگە رىياسەتچىلىك قىلاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە يېڭىچە خەلق مائارىپ ئىشلىرىغىمۇ، يەرلىك ئاپتونومىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەتلىرىگىمۇ مەسئۇل ئىدى. ھازىرقى ئۆلكىلىك ئاقسۆڭەكلەر رەھبىرى سنېتكوف ناھايىتى نۇرغۇن بايلىقىنى سورۇپ تۈگەتكەن، خۇش مۇئامىلىلىك، ئاق كۆڭۈل، ئەمما يېڭى دەۋرنىڭ ئېھتىياجىنى قىلچە چۈشەنمەيدىغان ئادەم ئىدى، ھەممە ئىشتا ئاقسۆڭەكلەرنىڭ مەيدانىدا تۇراتتى،

خەلق مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق قارشى چىقاتتى، كەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە يەرلىك ئاپتونومىيە كومىتېتىنى تەبىقە چەكلىمىسى بىلەن چەكلەپ تۇراتتى. شۇڭلاشقا، بۇ قېتىمقى سايلامدا ئۇنىڭ ئورنىغا هازىرقى زامان ئىدىيىسىگە ئىگە، قولىدىن ئىش كېلىدىغان هەم ناهايىتى چېۋەر ئادەمنى سايلاپ چىقىش، شۇ ئارقىلىق ئاقسۆڭەكلەرنىڭ (ئاقسۆڭەكلىك سۈپىتى بىلەن ئەمەس، بەلكى يەرلىك ئاپتونومىيە كومىتېتىنىڭ بىر ئەزاسى سۈپىتىدە) ئالاهىدە هوقۇقىنىڭ ئاپتونومىيىگە پايدىلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك ئىدى. بۈگۈن هەممە ئىشتا ئالدىدا كېتىۋاتقان كاشىن ئۆلكىسىنىڭ مەركىزىگە نۇرغۇن مۇنەۋۋەر زاتلار يىغىلغانىدى. ئەگەر بۇ يەردىكى خىزمەتلەر ياخشى ئىشلىنىدىغان بولسا، ئۇنىڭ هەرقايسى ئۆلكە ۋە پۈتۈن رۇسىيىگە بولغان نەمۇنىلىك رولى ئالاهىدە بولاتتى، شۇڭا بۇ قېتىمقى سايلامنىڭ ئەهمىيىتى بەكمۇ چوڭ ئىدى. ئاقسۆڭەكلەرنىڭ هازىرقى رەهبىرى سىنېتكوفنىڭ ئورنىغا چىقىدىغان نامزاتلار سۋىيەژسكىي ياكى ئۇنىڭدىن ياخشى نامزات نېۋېدوۋسكىي ئىدى. ئۇ كوزنىشېفنىڭ يېقىن دوستى، پېنسىيىگە چىققان پروفېسسور ۋە ئاجايىپ ئەقىللىق ئادەم ئىدى.

يىغىندا ئۆلكە باشلىقى ئېچىلىش سۆزى سۆزلەپ، ئاقسۆڭەكلەرنى سايلانغۇچىنى ئۆز خاهىشلىرى بويىچە ئەمەس، بەلكى تۆهپىسىگە، ۋەتەننىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن ئىشلىگەن ئىشىغا قاراپ سايلاشقا دەۋەت قىلدى ۋە ئۇلاردىن ئىلگىرىكى سايلاملارغا ئوخشاش، ئۆزلىرىنىڭ بۇرچىنى شەرەپ بىلەن ئادا قىلىپ، پادىشاه ئالىيلىرىنىڭ ئىشەنچىنى ئاقلاشلىرىنى ئۈمىد قىلدى.

ئۆلكە باشلىقى سۆزىنى تۈگىتىپ يىغىن مەيدانىدىن چىقىپ كېتىۋاتقاندا، ئاقسۆڭەكلەر زوق ـ شوق بىلەن قىزغىن پاراڭلىشىپ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مېڭىشتى. ئۇ زالغا چىقىپ

پەلتوسنى كىيىپ، ئاقسۆڭەكلەر رەھبىرى بىلەن قىزغىن پاراڭلىشىپ تۇرغاندا، كىشلەر ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئورىۋېلىشتى. ھېچنېمىنى نەزىرىدىن ساقىت قىلمايدىغان، ھەممە نەرسىنىڭ تېگىگە يېتىشنى ئىزدەيدىغان لېۋىنمۇ شۇ يەردە، توپنىڭ ئىچىدە تۇراتتى. ئۇ ئۆلكە باشلىقىنىڭ بىرىگە: «مارىيە ئىۋانوناۋغا ئېيتىپ قويۇڭ، مىڭ ئەپسۇس، بىزنىڭ ئايال دارىلئېيتامىغا كېتىپ قالدى» دېگىنىنى ئاڭلىدى. ئاندىن ئاقسۆڭەكلەر پەلتولىرىنى كىيىشىپ چېركاۋغا قاراپ خۇشال كېتىشتى.

چېركاۋدا لېۋىنمۇ باشقىلار بىلەن بىللە قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پوپنىڭ ئېيتقانلىرىنى تەكرارلاپ، ئۆلكە باشلىقى ئۈمىد قىلغان ئىشلارنى ئادا قىلىشقا تەنتەنە بىلەن قەسەم بەردى. مۇنداق دىنىي مۇراسىملار لېۋىنغا بەكمۇ تەسىر قىلاتتى. بۈگۈنمۇ «كرېستنى سۆيۈپ تۇرۇپ» دېگەن گەپنى قىلىۋېتىپ، ئەتراپىدىكى شۇ گەپنى تەكرارلاۋاتقان قېرى - ياشلارغا قاراپ بۆلەكچىلا ھاياجانلىنىپ كەتتى.

ئەتىسى، ئۆگۈنى ئىككى كۈن ئاقسۆڭەكلەردىن يىغىلغان مەبلەغ بىلەن قىزلار ئوتتۇرا مەكتەپلىرىنىڭ مەسىلىلىرى قاراپ چىقىلدى. بۇ مەسىلىلەر كوزنىشېف ئېيتقاندەك مۇھىم مەسىلىلەرمۇ ئەمەس ئىدى. لېۋىن شۇ پۇرسەتتە ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي ئىشلىرىنى بېجىرگىلى چىقىپ كېتىپ، ئۇ ئىشلارغا ئانچە ئەھمىيەت بېرىپ كەتمىدى. تۆتىنچى كۈنى ئۆلكە يىغىنىدا ئۆلكىدە يىغىلغان مەبلەغ ئۈستىدە ئاشكارا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى. شۇ يىغىندا يېڭى، كونا گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدا بىرىنچى قېتىم توقۇنۇش يۈز بەردى. مەبلەغنى تەكشۈرۈپ چىقىش ئىشى تاپشۇرۇلغان كومىتېت ھېساباتتىن قىلچە چاتاق چىقمىدى، دەپ دوكلات قىلغاندا، ئاقسۆڭەكلەر رەھبىرى ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئۆزىگە ئىشەنگىنىگە رەھمەت ئېيتتى، ھەتتا ھاياجانلىنىپ كېتىپ كۆزلىرىگە ياش ئالدى، ئاقسۆڭەكلەر ئۇنىڭغا تەنتەنە قىلىشتى، بىر - بىرلەپ كېلىپ

ئۇنىڭ قوللىرىنى سىقىشتى. دەل شۇ چاغدا كوزنىشېف تەرەپتىكى بىر ئاقسۆڭەك ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاڭلىشىمچە، تەكشۈرۈش كومىتېتى ھېساباتنى تەكشۈرۈش ئاقسۆڭەكلەر رەھبىرىگە قىلىنغان ھاقارەت، دەپ ھېساباتنى تەكشۈرمەپتۇ، دېگەن گەپنى قىلدى. تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىدىن بىرى ئېھتىياتسىزلىق قىلىپ بۇ گەپنىڭ راستلىقىنى دەلىللەپمۇ قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن، كۆرۈنۈشى ياش، بويى پاكار، ناھايىتى ئاچچىق گەپ قىلىدىغان بىر جاناب ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەسلىدە بىزنىڭ رەھبىرىمىز مەبلەغنىڭ ئىشلەنگەن ئورۇنلىرى توغرۇلۇق دوكلات بېرىشنى بەكمۇ خالايتتى، لېكىن تەكشۈرۈش كومىتېتىدىكىلەر ئۇنىڭغا ئارتۇقچە ئىلتىپات كۆرسىتىپ، ئۇنى بۇ ئارزۇسىغا يەتكۈزمىدى، دېدى. بۇ گەپ بىلەن كومىتېتتىكىلەر ئۆزلىرى سۇنغان دوكلاتنى ياندۇرۇۋالغاندى، كوزنىشېف ئورنىدىن تۇرۇپ، تەكشۈرۈش كومىتېتى ھېسابات تەكشۈرۈلدى، دەپ بايانات ئېلان قىلسۇن ياكى تەكشۈرمىگەنلىكىنى ئىقرار قىلسۇن، ئىككىسىنىڭ بىرىدە ئۆزىنىڭ قاراشلىرىنى ئېنىق بىلدۈرمىسە بولمايدۇ، دېگەن مەزمۇندا ناھايىتى ئېنىق ۋە مەنتىقىلىق سۆز قىلدى. قارشى تەرەپنىڭ سۆزمەن بىر ئادىمى ئورنىدىن تۇرۇپ كوزنىشېفنىڭ گەپلىرىگە رەددىيە بەردى. ئۇنىڭ كەينىدىن سۋىيەژسكىي سۆز قىلدى، ئۇنىڭغا ئۇلاپلا ئاچچىق گەپ قىلىدىغان ھېلىقى تۆرە يەنە بىر قېتىم پىكرىنى بايان قىلدى. مۇنازىرە ئۇزاق داۋاملاشتى، لېكىن قىلچە نەتىجىسى بولمىدى. لېۋىننى ھەيران قالدۇرغىنى، مۇنازىرىنىڭ شۇنچە ئۇزاق داۋام قىلىپ، ئاخىرىدا كوزنىشېفتىن سەن مەبلەغنى ئوغرىلانغان دەپ ئويلامسەن، دەپ سورىسا، كوزنىشېفنىڭ: «ھە، ياق ! ئۇ ناھايىتى دۇرۇس ئادەم، ئۇنداق ئىشنى قىلمايدۇ. بىراق، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتىكى ئائىلە باشلىقلىق ئىستىلىنى چوقۇم تۈزىتىش كېرەك» دېگەن سۆزى بولدى.

بەشىنچى كۈنى ھەرقايسى ناھىيىلەرنىڭ ئاقسۆڭەكلەر رەھبەرلىرى سايلاندى. ئۇ كۈن بىرنەچچە ناھىيىدە ناھايىتى قىزغىن ئۆتتى. سىلىبزنىۋسك ناھىيىسىدە سۋىيەژسكىي ھەممە ئادەمنىڭ بىر ئېغىزدىن قوشۇلۇشى بىلەن سايلىنىپ كەتتى. شۇ كۈنى ئۇ زىياپەت بەردى.

# 27

ئالتىنچى كۈنى ئۆلكىنىڭ ئاقسۆڭەكلەر رەھبىرىنى سايلاش باشلاندى. چوڭ - كىچىك زاللارنىڭ ھەممىسىدە ھەر خىل كىيىملەردىكى ئاقسۆڭەكلەر لىققىدە ئولتۇرۇشۇپ كەتكەنىدى. كۆپلىرى شۇ كۈنى ئېلىپ بېرىلىدىغان سايلام ئۈچۈن ئالاھىدە يېتىپ كېلىشتى، بەزىلىرى قىرىمدىن، بەزىلىرى پېتېربۇرگدىن، بەزىلىرى چەت ئەللەردىن كەلگەن، بىر - بىرى بىلەن كۆرۈشمىگىنىگە ئۇزاق بولغان تونۇش - بىلىشلەر شۇ زاللاردا كۆرۈشتى. ئاقسۆڭەكلەر رەھبىرىنىڭ ئۈستىلى تەرەپتىكى تامدا پادىشاھنىڭ رەسىمى ئېسىقلىق ئىدى، كىشىلەر شۇ ئۈستەلنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ ئىشلارنى قىزغىن مۇزاكىرە قىلىشىۋاتاتتى.

چوڭ - كىچىك زاللاردا ئاقسۆڭەكلەر ئۈچتىن - تۆتتىن توپ بولۇشۇۋالغانىدى، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىكى دۈشمەنلىك ۋە شۈبھىلەردىن، سىرتتىن بىرەرى كىرىپ قالسا دەررۇ قىلىشىۋاتقان گەپلىرىنى توختىتىۋېلىشلىرىدىن، ھەتتا بەزىلىرىنىڭ زالنىڭ يىراقراق يېرىگە بېرىپ بىر - بىرىنىڭ قۇلاقلىرىغا كۇسۇرلاپ تۇرۇشلىرىدىن ھەر بىر تەرەپنىڭ ئىككىنچى تەرەپتىن يوشۇرىدىغان سىرلىرىنىڭ بارلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. كۆرۈنۈشتە ئۇلار كونىلار ۋە يېڭىلار دەپ

ئىككىگە بۆلۈنەتتى. كونىلارنىڭ نۇرغۇنى ئاقسۆڭەكلەر بۇرۇن كېيگەن بەدەنگە چىڭ كېلىدىغان چاپانلارنى، باشلىرىغا شلەپىلەرنى كىيىشىۋالغان، يانلىرىغا قىلىچ ئېسىشىۋالغان ياكى بولمىسا ھەرقايسىسى ئۆزلىرىنىڭ سالاھىيەتلىرى بويىچە دېڭىز ئارمىيە، ئاتلىق قوشۇن، پىيادە قوشۇن دېگەندەكلەرنىڭ فورمىلىرىنى كىيىشىۋالغاندى. ئۇلارنىڭ كىيىملىرىنىڭ پاسونى تولىمۇ كونا، مۇرىلىرىدە پاگونلىرى بار، تار ھەم قىسقا، مۇرىلىرى يىغىلىپ قالغاندەك ئىدى، بىر قاراشتا ئۇ كىيىملەرنىڭ ئىچىدىكى ئادەم تولىمۇ ئېگىز ئادەمدەك كۆرۈنەتتى. يېڭىلارنىڭ ئۇچىسىدا بېلى تۆۋەن، مۇرىسى كەڭ ئاقسۆڭەكلەرچە كىيىملەر ئىدى، ئىچىگە ئاق جىلىتكە ياكى ئەدلىيە ئەمەلدارلىرىنىڭ قارا ياقىلىق، ياقىسىدا لاۋر يوپۇرمىقىنىڭ بەلگىسى تىكىپ قويۇلغان چاپانلارنى كىيىشىۋالغاندى. ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ كىيىملىرىدەك كىيىملەرنى كىيىۋالغانلارمۇ يېڭىلار قاتارىدا ئىدى.

لېكىن، ياش ـ قېرىلىقتا قاراپ بۆلۈنۈش سىياسىي پارتىيىلەرنىڭ تەلەپلىرىگە پۈتۈنلەي ئۇيغۇن كەلمەيتتى. لېۋىنىنىڭ كۆزىتىشىچە، بەزى ياشلار كونىلار تەرەپتە ئىدى، ئەكسىچە، بەزى قېرى ئاقسۆڭەكلەر سۋىيەژسكىينىڭ قولىقىغا بىرنېمىلەرنى دەپ پىچىرلىشىپ تۇراتتى، بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ يېڭىلارنى قىزغىن قوللايدىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

لېۋىن تاماكا چېكىش ئۆيلىرىدە، تاماقخانىلاردا دوستلىرىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىنى تىڭشايتتى، شۇنچە دىققەت بىلەن تىڭشىسىمۇ، يەنە بەزى گەپلەرنى تازا چۈشىنىپ كېتەلمەيتتى. كوزنىشېۋ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى يادرولۇق شەخس ئىدى، شۇ تۇرقىدا سۋىيەژسكىي بىلەن خلىيۇستوفنىڭ پارىڭىنى ئاڭلاپ تۇرۇۋاتاتتى. خلىيۇستوف باشقا بىر ناھىيىنىڭ ئاقسۆڭەكلەر رەھبىرى ھەم ئۇلار بىلەن بىر مەزھەپتىكى ئادەم ئىدى. ئۇ ئۆز ناھىيىسىدىكىلەرنىڭ سىنىپتىكوفنى نامزاتلىققا



كۆرسىتىشكە قوشۇلمايتتى، ئەمما سۋىيەژىسكىي ئۇنى شۇنداق قىلىشقا ئۈندەۋاتاتتى، كوزنىشېفمۇ ئۇنى قوللىدى. لېۋىن ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆزلىرى ئاغدۇرۇۋەتمەكچى بولۇۋاتقان قارشى پارتىيىنىڭ ئاقسۆڭەكلەر رەھبىرىنى نامزاتلىققا كۆرسىتىدىغانلىقىنى پەقەتلا چۈشەنمىدى.

ئوردا ئەمەلدارلىرىنىڭ كىيىمىنى كىيىۋالغان ئوبلونسكىي تامىقىنى يەپ، ھارىقىنى ئىچىپ بولۇپ، چەت ـ چۆرىلىرى كەشتىلەنگەن خۇش پۇراق قولياغلىقى بىلەن ئاغزىنى سۈرتۈپ ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدى.

— جەڭگە تەييارلىنىمىزمۇ، سېرگېي ئىۋانوۋىچ، — دېدى ئۇ چېكە ساقىلىنى تۈزلەپ تۇرۇپ.

ئوبلونسكىي بولۇنۇۋاتقان گەپلەرنى ئاڭلاپ، سۋىيەژىسكىينىڭ پىكرىنى قوللىدى.

— بىر ناھىيە بولسىلا بولدى، سۋىيەژىسكىي ئاللىبۇرۇن قارشى تەرەپكە ئايلىنىپ بولدى، — ئوبلونسكىينىڭ بۇ گېپىنى لېۋىندىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى چۈشەنگەندى.

— ھە، لېۋىن، سەنمۇ بۇ گەپنىڭ مەنىسىگە يەتتىڭغۇ دەيمەن، شۇنداقمۇ؟ — دېدى ئۇ لېۋىن تەرەپكە بۇرۇلۇپ ۋە ئۇنى قولتۇقلىۋېلىپ. لېۋىن ئۇنىڭ مەنىسىگە يەتكەن بولسىغۇ ياخشى بولاتتى، لېكىن ئۇ بۇنىڭ زادى قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى پەقەتلا بىلەلمەي، ئۇنى چەتكە تارتىپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ھازىرقى ئاقسۆڭەكلەر رەھبىرىنى يەنە نېمە ئۈچۈن نامزاتلىققا كۆرسىتىدىغانلىقىنى چۈشەنمىگەنلىكىنى دېدى.

— *ھەي، سەن تولىمۇ ساددا ئىكەنسەن* ، — دېدى ئوبلونسكىي لاتىنچە سۆزلەپ. ئارقىدىن ئۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ قويدى.

— ئەگەر ئىلگىرىكى سايلاملارغا ئوخشاش، ھەممە ناھىيە ئۆلكە ئاقسۆڭەكلەر رەھبىرى نامزاتلىقىغا ئۆزلىرىنىڭ

نامزاتلىرىنى كۆرسەتسە، ئۇ چاغدا ئۇ سايلامسىزلا سايلىنىپ كېتىدۇ، شۇڭا بۇنداق قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. سىنېتكوفنى سەككىز ناھىيىدىن ئىككى ناھىيىلا نامزاتلىققا كۆرسىتىشكە قوشۇلمىسا، ئۇنىڭ نامزاتلىقىنى رەت قىلىشقا بولىدۇ. ئۇ چاغدا كونىلارنىڭ پىلانى بۇزۇلۇپ، باشقا بىرىنى نامزاتلىققا كۆرسىتىشى مۇمكىن. ئەگەر سۋىيەژسكىينىڭ بىرلا ناھىيىسى نامزات يوللىسا، ئۇ چاغدا سىنېتكوف نامزاتلارنىڭ قاتارىغا كىرىپ كېتىدۇ، ھەتتا ئۇلار ئۇنى سايلىۋېتىشىمۇ مۇمكىن. شۇڭا، بىز تەرەپنىڭ بىلەت سانىنى كۆپەيتىش كېرەك، شۇنىڭدا قارشى تەرەپنىڭ پىلانى قالايمىقانلىشىپ، باشقىلار بىز تەرەپنىڭ ئادىمىنى نامزاتلىققا كۆرسەتكەندە، ئۇلارمۇ ئۇنىڭغا بىلەت تاشلايدىغان بولىدۇ.

لېۋىن ئازراق چۈشەنگەندەك بولدى، لېكىن تولۇق ئەمەس ئىدى. ئۇ يەنە بىرنەچچە ئىشنى سورىماقچى بولۇپ تۇراتتى، ئاڭغىچە ئادەملەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشقىنىچە چوڭ زالغا قاراپ مېڭىشتى.

«نېمە؟ نېمە؟ كىمنى؟» «ۋاكالەتنامىمۇ؟ كىمگە ۋاكالەتلىك قىلماقچىكەن؟» «ۋاكالەتنامىسى يوق !» «خلېروفنى كىرگۈزۈشمەيۋاتىدۇ.» «سوتقا تارتىلسا نېمە بوپتۇ؟» «بۇنداق قىلسا ھېچكىم كىرەلمەيدۇ. بۇ ھەددىدىن ئاشقانلىق !» «قانۇنغا رىئايە قىلىش كېرەك - دە !» لېۋىن بۇ گەپلەرنى، ۋاراڭ - چۇرۇڭلارنى ئاڭلىغاچ، قانداقتۇر بىر پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويمايلى دېيىشكەندەك، ئالدىراپ كېتىشىۋاتقان ئاقسۆڭەكلەرنىڭ كەينىدىن چوڭ زالغا قاراپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ سىقىلىپ - تىقىلىپ دېگۈدەك مېڭىپ ئاقسۆڭەكلەر رەھبىرىنىڭ ئۈستىلى يېنىغا كېلىپ قالدى. ئۇ ئادەم سۋىيەژسكىي ۋە باشقا بىرنەچچە رەھبەر بىلەن قانداقتۇر بىر ئىش توغرۇلۇق قىزغىن تالاش - تارتىش قىلىۋاتاتتى.

# 28

لېۋىن خېلىلا يىراقتا ئىدى. يېنىدىكى بىر ئاقسۆڭەكنىڭ پۇشۇلداپ ئېغىر نەپەس ئېلىشى، يەنە بىرىنىڭ پۇتىدىكى ئۆتۈكنىڭ چەمىنىڭ غاچ - غۇچى لېۋىننىڭ بولۇۋاتقان گەپلەرنى ئېنىقراق ئاڭلىشىغا كاشىلا قىلىۋاتاتتى. ئۇ يىراقتىن ئاقسۆڭەكلەر رەھبىرىنىڭ يۇمشاق ئاۋازىنى، كېيىن ئاچچىق گەپ قىلىدىغان ھېلىقى ئاقسۆڭەكنىڭ چىرىلداپ چىقىۋاتقان ئۈنىنى، كېيىن يەنە سۋىيەژسكىينىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدى. لېۋىننىڭ ئۇقۇشىچە، ئۇ بىر قانۇننىڭ مەزمۇنى بىلەن «تەرگەۋدە بولغان» دېگەن سۆزنى قانداق چۈشىنىش توغرىسىدا تالىشىۋاتاتتى.

كىشىلەر توپى ئۇستەلگە قاراپ كېلىۋاتقان كوزنىشېفقا يول بېرىپ ئىككى تەرەپكە ئايرىلدى. كوزنىشېف ئاچچىق گەپ قىلىدىغان ئۇ ئاقسۆڭەكنىڭ گېپىنىڭ تۈگىشىنى ساقلاپ تۇرۇپ، ئاندىن ئەڭ ئىشەنچلىك چارىنىڭ قانۇننىڭ ماددىلىرىنى بىر - بىرلەپ كۆرۈپ چىقىش ئىكەنلىكىنى دېدى ۋە كاتىپتىن شۇ قانۇننى ئېلىپ ئۆزىگە بېرىشنى سورىدى. ئەسلىدە قانۇننىڭ بىر ماددىسىدا، پىكىردە ئىختىلاپ بولغاندا ئاۋازغا سېلىش كېرەك، دېيىلگەنىكەن.

كوزنىشېف ئۇ ماددىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى. شۇ ئارىدا ياقىسى گەجگىسىگە تىرىلىپ كەلگەن تار مۇندىر كىيىۋالغان، دۇمچەكرەك كەلگەن، بۇرۇتىنى بويىۋالغان ئېگىز بويلۇق، قورساقلىق بىر پومېشچىك ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى ۋە ئۇستەلگە يېقىن كېلىپ، قولىدىكى ئۈزۈكنىڭ يۈزى بىلەن ئۇستەلنى ئۇرۇپ تۇرۇپ:

— ئاۋازغا قويۇلسۇن! ئاۋاز ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىش

كىرەك ! قورۇق گەپنىڭ كېرىكى يوق ! بىلەت تاشلايلى، — دەپ ۋارقىرىدى.

بىردىنلا يەنە بىرنەچچە ئادەمنىڭ تەڭ گەپ قىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۆزۆكى بار ئىگىز بويلۇق بايىقى ئاقسۆڭەك تېخىمۇ چېچىلىپ، بارغانسېرى كۆچەپ توۋلاشقا باشلىدى، لېكىن نېمە دەپ توۋلاۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى.

ئەمەلىيەتتە، ئۇمۇ كوزنىشېف دېگەننى دەۋاتاتتى، ئەمما كوزنىشېف بىلەن ئۇنىڭ پارتىيىسىنى يامان كۆرگەچكىلا شۇنداق ۋارقىراپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ بۇ خىل مۇئامىلىسى كوزنىشېفنىڭ ئادەملىرىگە قاتتىق تەسىر قىلىپ، نەتىجىدە ئۇلارمۇ غەزەپ بىلەن توۋلاپ قارشى تەرەپكە رەددىيە بېرىشكە باشلىدى. ئەمما، بۇ غەزەپ، بۇ توۋلاشلار ئانچە كۆچلۈك ئەمەس ئىدى. ۋاڭ - چۇڭ كۆتۈرۈلۈپ، بىردەمدىلا ئەتراپ قالايمىقانلىشىپ كەتتى. ئاخىر ئاقسۆڭەكلەر رەھبىرى ئوتتۇرىغا چىقىپ كۆپچىلىكتىن تەرتىپ ساقلاشنى تەلەپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

«ئاۋازغا قويۇلسۇن ! ئاۋازغا قويۇلسۇن ! كىم ئاقسۆڭەك بولسا شۇ ئوبدان بىلىدۇ، بىز نۇرغۇن قۇربانلارنى بەرگەن ... پادىشاھ ئالىيلىرى بىزگە ئىشىنىدۇ ... رەھبىرىمىزنى تەكشۈرۈشكە يول قويۇلمىسۇن، ئۇ ئادەتتىكى ئادەم ئەمەس ... مەسىلە ئۇنىڭدا ئەمەس ... بىلەت تاشلانسۇن ! نېمىدېگەن نومۇسسىزلىق بۇ ! ...» دېگەندەك غەزەپلىك سادالار ياڭراپ كېتىۋاتاتتى، ھەممىلا ئادەم كۆزلىرى ۋە چىرايلىرىدىن سۆزلىرىدىنمۇ بەتتەردەك قەھر - غەزەپ چاچرىتىپ، خۇددى ئەشەددىي دۈشمىنى بىلەن ئېلىشىۋاتقاندەك بولۇپ كېتىشىۋاتاتتى. لېۋىن ئۇلارنىڭ فلېروفنىڭ ئىشىنى ئاۋازغا قويۇش - قويماسلىق مەسىلىسىدە مۇشۇنچىلا ھاياجانلىنىپ كېتىشىۋاتقانلىرىنى، بۇنىڭ زادى قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشىنەلمەي ھەيران قالدى. ئۇ كوزنىشېف ئۆزىگە چۈشەندۈرۈپ قويغان ئۈچ ئىشنى، يەنى: ئومۇمنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ئۆلكىنىڭ

ئاقسۆڭەكلەر رەھبىرىنى چوقۇم ئالماشتۇرۇش؛ ئۇنى ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن كۆپ ئاۋازغا ئېرىشىش؛ كۆپ ئاۋازغا ئېرىشىش ئۈچۈن چوقۇم *فېبروفقا* سايلىنىش ھوقۇقى بېرىش؛ *فېبروفنىڭ* سايلىنىش ھوقۇقىغا ئېرىشىشى ئۈچۈن قانۇننىڭ ماددىلىرىنى چۈشەندۈرۈش كېرەك، دېگەنلەرنى ئۇنتۇپ قالغانىدى.

— بەزىدە بىر ئاۋاز پۈتۈن سايلامنى ئۇيان - بۇيان قىلىۋېتەلەيدۇ، شۇڭا ئومۇمنىڭ ئىشلىرىغا ھەقىقىي كۆڭۈل بۆلىدىكەنمىز، چوقۇم ئەستايىدىل بولۇشىمىز، پىكرىمىزدە باشتىن - ئاياغ چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك، — دەپ خۇلاسە چىقارغانىدى كوزنىشېۋ.

لېكىن، لېۋىن بۇ گەپلەرنى ئۇنتۇپ قالغاچقا، ئۆزى ھۆرمەتلەپ كېلىۋاتقان بۇ ياخشى ئادەملەرنىڭ قىزىق قانلىق بىلەن بۇنچىلىك ئۆچەكىشىپ كېتىۋاتقىنىدىن كۆڭلى بەكمۇ يېرىم بولغانىدى. شۇڭا، ئۇ بۇ خىل ئازابلىق روھىي ھالەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن مۇنازىرە تۈگىمەيلا زالغا چىقىپ كەتتى. ئۇ يەردە خىزمەت قىلىپ يۈرگەن بىرنەچچە چاكاردىن باشقا ھېچكىم يوق ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۈستەللەرنى سۈرتۈش، تەخسە ۋە رومكىلارنى تىزىش بىلەن ئالدىراش يۈرۈشكەنلىكىنى، چىرايلىرىدىن بىر خىل خاتىرجەملىك ۋە خۇشاللىق چىقىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىدە بىردىنلا ئىس - تۈتەك قاپلىغان ئۆينىڭ ئىچىدىن ساپ ھاۋاغا چىقىپ قالغاندەك بىر خىل يەڭگىللىك ۋە راھەت سەزدى. خىزمەتكارلارنى كۆرۈپ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالغان لېۋىن ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى. چېكە ساقاللىرىغا ئاق كىرگەن بىر بوۋاي چاكار ئۆزىنىڭ چىشىغا تېگىۋاتقان چاكارلارغا ئاچچىقى كېلىپ، سالفېتكىلارنى قانداق قاتلاشنى ئۆگىتىۋاتاتتى. لېۋىن ئەمدىلا ئۇ بوۋاي بىلەن پاراڭلىشاي دەپ تۇرۇشىغا، ئاقسۆڭەكلەر ۋەسىيلىك كومىتېتىنىڭ كاتىپى، پۈتۈن ئۆلكىدىكى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ

ئىسىم ـ فامىلىلىرىنى يادقا دەپ بىرەلەيدىغان ئالاھىدىلىكى بىلەن كۆزگە كۆرۈنگەن بىر ۋىجىك بوۋاي چىقىپ ئۇنى چاقىرىپ قالدى.

— كونستانتىن دمىترىچ، مەرھەمەت قىلىڭ، — دېدى ئۇ، — سىزنى ئاكىڭىز ئىزدەۋاتىدۇ، بىلەت تاشلاش باشلىنىدىكەن.

لېۋىن زالغا كىرىپ كىچىككىنە بىر ئاپئاق شارنى ئالدى ـ دە، ئاكىسى كوزنىشېفنىڭ كەينىدىن مېڭىپ مۇنبەرگە چىقتى. ئۇستەل ئالدىدا چىرايى مەسخىرىلىك ھەم مەنىلىك تۇس ئالغان، سىقىمدىۋالغان ساقىلىنى بۇرنىغا يېقىن ئاپىرىپ پۇراپ تۇرغان سۋىيەژسكىي تۇراتتى. كوزنىشېف قولىنى يەشىكنىڭ ئىچىگە تىقتى ـ دە، قولىدىكى شارنى نەگىدۇر قويۇپ قويۇپ، ئاندىن بىر چەتكە ئۆتۈپ ئىنىسىغا يول بەردى. لېۋىن يەشىكنىڭ ئالدىغا كەلدى، لېكىن قانداق قىلىشنى بىلەلمەي، ھودۇقۇپ كېتىپ، ئاكىسىدىن: «قاياقىقا سالىمەن؟» دەپ بوش سورىدى. ئۆپچۆرىسىدىكىلەر شۇ پەيتتە بىر ـ بىرى بىلەن پاراڭلىشىپ تۇراتتى، شۇڭا ئۇلارنى ئاڭلاپ قالماس دەپ بوش سورىغانىدى، لېكىن ئۇلار بىردىنلا پاراڭلىرىنى توختىتىپ، ئۇنىڭ بۇ كۆلكىلىك سوئالىنى ئاڭلاپ قالدى. كوزنىشېفنىڭ بىردىنلا قاپىقى تۈرۈلدى.

— بۇ ھەر كىمنىڭ ئېتىقادىغا باغلىق! — دېدى ئۇ جىددىي تەرزدە.

بىرنەچچەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى. لېۋىن قىزىرىپ كېتىپ، يەشىكنىڭ ئۇستىگە يېپىلغان سوكنىنىڭ تېگىگە ئالدىراپ ـ تېنەپ قولىنى تىقتى ـ دە، شار ئوڭ قولىدا بولغاچقا ئوڭ تەرەپكە سالدى ۋە سېلىپ بولۇپ، سول قولىنىمۇ سېلىش كېرەكلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئۇ قولىنىمۇ سالدى، لېكىن كېچىككەنىدى، بۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ ئىزا تارتىپ، ئالدىراپ مېڭىپ توپنىڭ ئەڭ كەينىگە ئۆتۈپ كەتتى.

— قوشۇلغىنى بىر يۈز يىگىرمە ئالتە بىلەت! قارشى تۇرغىنى توقسان سەككىز بىلەت! — دەپ ئېلان قىلدى سۆزى ئېنىق ئەمەس كاتىپ. ئارقىدىنلا يەشكىنىڭ ئىچىدىن بىرلىرى تاشلاپ قويغان بىر دانە تۈگمە بىلەن ئىككى دانە ياڭاق چىققانىدى، پاراققىدە كۈلكە كۆتۈرۈلدى. شۇنداق قىلىپ، فلېروف نامزاتلىققا ئېرىشىپ، يېڭىلار غەلىبە قىلدى.

لېكىن، كونىلار يېڭىلگىنىگە قايىل بولمىدى. لېۋىن بەزىلەرنىڭ سىبېتكوفنى نامزاتلىققا كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى ۋە گەپ قىلىۋاتقان ئۇ ئادەمنى بىر توپ ئادەمنىڭ ئورىۋالغانلىقىنى كۆردى. لېۋىن ئۇلارغا يېقىنراق باردى. سىبېتكوف ئاقسۆڭەكلەرنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىۋېتىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە ئىشەنگىنىگە رەھمەت ئېيتتى، ئۆزىنىڭ شۇنىڭغا لايىق ئىش قىلىپ بېرەلمىگىنىگە ئۆكۈنىدىغانلىقىنى دېدى، ئاقسۆڭەكلەر ئۇچۇن ئون ئىككى يىل ئىشلىگەنلىكىنى، بۇنىڭ ئۆزىنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشى ئىكەنلىكىنى سۆزلىدى. «پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ ھىممىتىنى قايتۇرۇش ئۇچۇن جان ـ دىلىم بىلەن ئىشلىدىم. شۇنىڭغا لايىق، ھەرقايسىڭلارنىڭ ماڭا شۇنچىلىك ئىشەنگىنىڭلارغا مىڭ بىر تەشەككۈر!» دېگەن گەپنى بىرنەچچە قېتىم تەكرارلىدى. ئاندىن بىردىنلا كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ سۆزلىيەلمەي قېلىپ، يىغىن مەيدانىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ قورساق كۆپۈكى بىلەن كۆزىگە ياش ئالدىمۇ ياكى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قىزغىن مۇئامىلىسىدىن تەسىرلىنىپمۇ ۋە ياكى ھەممە تەرەپتىن نارازىلىققا ئۇچراپ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقتىن كۆزىگە ياش ئالدىمۇ، بىلىپ بولمايتتى. قانداقلا بولسۇن، ئۇنىڭ ھاياجانلىنىپ قالغىنى كۆپچىلىك ئاقسۆڭەكلەرگە تەسىر قىلدى، لېۋىننىڭمۇ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ قالدى.

سىبېتكوف ئىشىكتىن چىقىپ كېتىۋاتقاندا لېۋىن بىلەن ئۇسۇشۇپ كەتتى.

— كەچۈرۈڭ! كەچۈرۈڭ! — دېدى ئاقسۆڭەكلەر رەھبىرى لېۋىنغا خۇددى تونۇمىغان ئادەمگە گەپ قىلغاندەك گەپ قىلىپ. لېكىن، لېۋىننى تونۇپ قالغاندا جۇرئەتسىزلىك بىلەن كۈلۈپ قويدى. لېۋىنغا ئۇ بىرنېمە دېمەكچى بولۇۋاتقاندەك، لېكىن ھاياجانلىنىپ تۇرۇۋاتقاچقا گېپىنى قىلالمايۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى، ئۇنىڭ ئالدىراپ كېتىۋاتقان چاغدىكى چىرايى ۋە ئۈستىگە مۇندىر، ئاستىغا يانلىرىغا ئۇقا تۇتقان ئاق ئىشتان كىيىۋالغان، بوينىغا كرېست ئوردېن ئېسىۋالغان قىياپىتى لېۋىنغا ئارقىسىدىن ئوۋچىلار قوغلاپ كېلىۋاتقان يىرتقۇچ ھايۋاننىڭ قاچىدىغان يولى قالماي، ئۆلۈمنىڭ يېقىنلاپ قالغانلىقىنى سېزىۋاتقان ھالىتىنى ئەسلىتەتتى. ئۇنىڭ بۇ قىياپىتى لېۋىنغا بۆلەكچىلا تەسىر قىلدى. تېخى تۈنۈگۈنلا ئۇنىڭ ئۆيىگە ۋەسىيلىك ئىشى بىلەن بارغاندا ئۇنى ناھايىتى روھلۇق، قاملاشقان، مېھرىبان قىياپەتتە كۆرگەنىدى. قەدىمىي جاھازلار بىلەن جاھازلانغان كۆركەم، چىرايلىق ئۆيلىرى، ئۆز ۋاقتىدا خوجايىننىڭ ئۆيىدە قېلىپ قالغان قۇل بولسا كېرەك، ئۈستۈېشى كونا ھەم ئازراق مەينەت ھۆرمەتچان قېرى چاكىرى، بېشىغا ئەتراپىغا تور تۇتۇلغان چىپچىق كىيىۋالغان، ئۈستىگە تۈرك ياغلىقى ئارتىۋالغان، قىز نەۋرىلىرىنى ئويىنىتىپ ئولتۇرغان سېمىز، ئوچۇق چىراي خوتۇنى، مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ دادىسىنىڭ يوغان قوللىرىغا سۆيۈپ ھۆرمەت بىلدۈرگەن ئالتىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتقان ئوغلى، ئۆي ئىگىسىنىڭ سۈرلۈك ھەم سىلىق گەپلىرى — مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى تۈنۈگۈن لېۋىندا بۇ كىشىگە قارىتا ئىختىيارسىز ھۆرمەت ۋە خەيرخاھلىق قوزغىغانىدى. ئەمدى ھازىر ئۇنىڭ بۇ بوۋايغا ئىچى ئاغرىپ قالدى ۋە ئۇنىڭغا ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ كۆڭلىگە تەسەللى بەرگۈسى كەلدى.

— قارىغاندا، سىز يەنىلا بىزگە رەھبەر بولىغۇدەكسىز، — دېدى ئۇ.

— ئۇ ناتايىن، — دېدى ئۇ چۆچۈگەندەك ئەتراپىغا قاراپ قويۇپ، — چارچىدىم ھەم قېرىدىم. مېنىڭدىن ياش، مېنىڭدىن مۇناسىپ ئادەملەر بار، بۇ ئىشنى شۇلار ئۈستىگە ئالسا بولىدۇ.

ئۇ شۇ گەپنى قىلىپلا يان ئىشىكتىن كىرىپ كەتتى.

ئەڭ تەنتەنىلىك مىنۇتلار يېتىپ كەلدى، رەسمىي سايلام باشلىنىش ئالدىدا تۇراتتى. ئۇ پارتىيە، بۇ پارتىيىنىڭ داھىيلىرى بارماقلىرىنى پۈكۈشۈپ، ئاق، قارا شارلارنىڭ سانىنى تەخمىنەن ھېسابلىشىۋاتاتتى.

فلېروفنىڭ سايلىنىش سالاھىيىتى توغرىسىدىكى مەسىلىدە، يېڭىلار ئۇنىڭ بىر بېلىتىگە ئىگە بولۇپلا قالماي، يەنە ۋاقتىنى سوزۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇپ، كونىلار سۈيىقەست ئىشلىتىپ قاتناشتۇرمىغان ئۈچ نەپەر ئاقسۆڭەكنى چاقىرىپ كېلىپ ئۇلارغىمۇ بېلەت تاشلاتقۇزماقچى بولدى. ئۇ ئۈچىنىڭ ئىككىسى ھاراقنى كۆپ ئىچىدىغان بولغاچقا، سىنېتكوفنىڭ تەرەپدارلىرى ئۇلارغا ھاراق ئىچكۈزۈپ مەست قىلىۋەتكەن، يەنە بىرىنىڭ مۇندىرىنى تىقىۋالغانىدى.

يېڭىلار بۇ ئەھۋالنى بىلىپ قالغاندىن كېيىن، فلېروفنىڭ مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىۋاتقان پۇرسەتتە پەيتۇندا ئادەم ئەۋەتىپ ئۇ ئاقسۆڭەككە مۇندىر ئاپىرىپ بەردى، مەست بولۇپ قالغان ئىككى ئاقسۆڭەكنىڭ بىرىنى بىر ئامال قىلىپ بېلەت تاشلاشقا ئېلىپ كەلدى.

— بىرىنى يۈزىگە سوغۇق سۇ سېپىپ يۇيۇپ ھوشىغا كەلتۈرۈپ ئېلىپ كەلدىم، — دېدى پەيتۇن بىلەن ئۇ ئاقسۆڭەكنى ئېلىپ كەلگىلى كەتكەن ئاقسۆڭەك كېلىپ سۋىيەژسكىيغا، — ھېچ ۋەقەسى يوق، بېلەت تاشلاشقا يارايدۇ.

— بەكمۇ مەست ئەمەستۇ؟ يىقىلىپ چۈشمەس؟ — سورىدى سۋىيەژسكىي بېشىنى چايقاپ قويۇپ.

— ياق، خېلى مەھكەم، مەشەدە يەنە ئىچكۈزۈپ قويۇشمىسىلا. بۇ يەردىكى باش خىزمەتكارغا، بىر تامچىمۇ بەرمىگىن، دەپ ئېيتىپ قويدۇم.

# 29

مەخسۇس تاماكا چېكىدىغان، ئۇششاق - چۈششەك نەرسىلەرنى يەيدىغان كىچىك بىر زال ئادەملەرگە لىق تولغانىدى. ھەممىلا ئادەمنىڭ چىرايىدا كۈچلۈك ھاياجان، ئەندىشە ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. بولۇپمۇ سايلامنىڭ ئۇجۇر - بۇجۇرىنى ۋە شارلارنىڭ سانىنى ئوبدان بىلىدىغان ئىككى گۇرۇھنىڭ كاتتىۋاشلىرىنىڭ ئەندىشىلىرى ھەممىدىن كۈچلۈك ئىدى. ئۇلار بولغۇسى جەڭنىڭ قوماندانلىرى، قالغانلار جەڭگە ئاتلىنىش ئالدىدا تۇرغان جەڭچىلەر ئىدى، جەڭگە تەييار تۇرۇشاتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇلار راھەت قوغلىشىشتىن قالماي، بەزىلىرى ئۇستەل ئالدىدا ئولتۇرۇپ ياكى ئۆرە تۇرۇپ ئۇنى - بۇنى يەپ تۇراتتى، بەزىلىرى تاماكا چەككەچ، ئۇزاقتىن بېرى كۆرۈشمىگەن ئاغىنىلىرى بىلەن پاراڭ سېلىشىپ، ئۇزۇن زالدا ئۇيان - بۇيانغا مېڭىپ يۈرۈشەتتى.

لېۋىنىڭ ھېچنېمە يېگۈسى يوق ئىدى، تاماكىمۇ چەكمەيتتى. ئۆز ئادەملىرىنىڭ، يەنى كوزنىشېف، ئوبلونسكىي، سۋىيەژسكىي دېگەنلەرنىڭ يېنىغا بارغۇسىمۇ كەلمەيتتى، چۈنكى ئوردا گۋاردىيە كىيىمى كىيگەن ۋرونسكىي ئۇ يەردە ئۇلار بىلەن قىزغىن پاراڭلىشىپ تۇراتتى. لېۋىن ئۇنى تۈنۈگۈنكى سايلام يىغىنىدا كۆرگەن ۋە ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ كۆرۈشمىگەنىدى. ئۇ دېرىزىنىڭ تۈۋىدىكى بىر ئورۇندۇقتا ئەتراپنى كۆزىتىپ، ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىغا قۇلاق سېلىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ كۆڭلى بەكرەك يېرىم ئىدى، ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى ناھايىتى جانلىق، ئۇياق - بۇياققا ئالدىراش مېڭىپ يۈرۈشكەن، پەقەت ئۆزىلا يېنىدىكى دېڭىز ئارمىيە كىيىمى

كىيىۋالغان، چىشلىرى يوق، سۆزلەپ تۇختىمايدىغان بوۋاي بىلەن ھېچنېمىگە قىزىقماي، قىلىدىغان ئىشى يوق بىكار ئولتۇراتتى.

— ئۇ بىر مۆتتەھەم! مەن ئۇنىڭغا ئۇنداق قىلساڭ بولمايدۇ، دەپ ئېيتقان. مانا، دېگىنىم راست چىقتىغۇ! ئۈچ يىلدىمۇ يىغىپ بولالمىدى، — دېدى ئېگىز بوي، سەل دۈمچەكرەك، خۇش پۇراق ماي سۇرتۇۋالغان چاچلىرى مۇندىرىنىڭ كەشتىلىك ياقىسىغا چۈشۈپ تۇرغان پومپىشچىك سايلام ھۆرمىتىگە كىيىپ كەلگەن يېڭى ئۆتۈكىنىڭ ئۆكچىسى بىلەن پولنى گۈپ - گۈپ تېپىپ تۇرۇپ. ئۇ لېۋىنغا لەپپىدە بىر قاراپ قويۇپ، يەنە ئىتتىك ئۇ تەرەپكە قارىۋالدى.

— شۇنداق، بۇ ياخشى ئىش بولمىدى، شۇنداقلىقىدا گەپ يوق، — دېدى ئاۋازى ئىنچىكە ئورۇق بوۋاي.

بىر توپ ئاقسۆڭەك سېمىز بىر گېنېرالنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ لېۋىن تەرەپكە قاراپ ئالدىراپ كېلىشىۋاتاتتى. ئۇلار گېنېرالنى خىلۋەت بىر يەرگە باشلاپ شۇ يەردە ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشماقچى بولسا كېرەك.

— ئۇ تەپ تارتماي مېنى ئۇنىڭ ئىشتىنىنى تىقىۋالدى، دەپ تۆھمەت قىلدى. مېنىڭ بىلىشىمچە، ئۇ ئىشتىنىنى ھاراققا تېگىشىۋەتكەن. ئۇنىڭ كىنەزلىكى ماڭا بىر تىيىن. ئۇ چوشقا بۇنداق گەپنى قىلماسلىقى كېرەك ئىدى.

— كەچۈرۈڭ، مېنىڭ گېپىمنىمۇ ئاڭلاپ بېقىڭ، — دېدى يەنە بىر توپنىڭ ئىچىدىكى بىرى، — ئۇلار قانۇننىڭ بىر ماددىسىغا ئېسىلىۋالغان، ئۇ تېخى خوتۇنىنى ئاقسۆڭەكنىڭ ئائىلە تەۋەسى دەپ تىزىملاتماقچى بوپتۇ.

— مېنىڭ ئۇنداق قانۇن - پانۇن دېگەنلەر بىلەن كارىم يوق. كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلسام، ئالىيجاناب ئاقسۆڭەكلەر مانا بىزگە ئوخشاش بولۇشلىرى كېرەك. بىز ئۆزىمىزگە ئىشىنەيلى.

— جانابىي ئالىيلىرى، يۇرۇڭ، كونياك ئىچەيلى!
يەنە بىر توپ ئادەم بىر نېمىلەرنى دەپ ۋارقىراپ كېتىۋاتقان بىر ئاقسۆڭەكنىڭ كەينىدىن كېتىشىۋاتاتتى. ئۇ ھاراق ئىچكۈزۈپ مەست قىلىپ قويغان ئۇچ ئاقسۆڭەكنىڭ بىرى ئىدى.
— مەن ماريە سېمېنوۋناغا يەرلىرىنى ئىجارىگە بېرىۋېتىشنى دائىم مەسلىھەت قىلاتتىم، چۈنكى ئىجارىگە بېرىۋەتمىسە ئۆزىگە پايدا يوق - دە، — دېدى ئىلگىرى شتاب پولكوۋنىكى بولغاندا كىيگەن فورمىسىنى كىيىۋالغان ئاۋازى يېقىمسىز، ساقال - بۇرۇتىغا ئاق كىرگەن بىر پومېشچىك. ئۇ دەل لېۋىن سۆيىەژسكىينىڭ ئۆيىدە كۆرگەن ئاشۇ پومېشچىك ئىدى، لېۋىن ئۇنى شۇئان تونۇدى. ئۇ پومېشچىكمۇ لېۋىننى تونۇپ، ئىككىسى سالاملاشتى.
— سىزنى كۆرۈپ بەك خۇش بولدۇم. شۇ ئەمەسمۇ، ھېلىمۇ ئېسىمدە، بۇلتۇر سىزنى بىزنىڭ رەھبىرىمىز نىكولاي ئىۋانوۋىچنىڭ ئۆيىدە كۆرگەنمەن.
— خوش، ئىگىلىكىڭىز ھازىر قانداقراق؟ — سورىدى لېۋىن.
— يەنىلا شۇ، ئىلگىرىكىدەكلا، زىياندىن باشقا نېمە يوق، — ئۇنىڭ چىرايىدا خۇدانىڭ بەرگىنىگە شۈكۈر دېگەندەك بىر خىل ئاچچىق كۈلكە ۋە ئامالسىزلىق ئىپادىلىرى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ لېۋىننىڭ يېنىغا كېلىپ توختاپ تۇردى، — سىز قانداق بولۇپ بىزنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭىز؟ — سورىدى ئۇ، — بىزنىڭ بۇ يەردىكى *سىياسىي ئۆزگىرىشكە* قاتناشماقچىمۇ سىز؟ — دېدى ئۇ «سىياسىي ئۆزگىرىش» دېگەن سۆزنى فرانسۇزچە بۇزۇپراق سۆزلەپ، — رۇسىيىنىڭ كاتتا ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كەپتۇ، ئۇردا مۇھاپىزەتچىلىرىدىن تارتىپ مىنىستىرلارغىچە بار، — دېدى ئۇ ئاق ئىشتان ۋە ئۇردا مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ فورمىسىنى

كىيىۋالغان سۆلەتلىك ئوبلونسكىينى كۆرسىتىپ.
— راستىمنى ئېيتسام، مەن ئاقسۆڭەكلەرنىڭ بۇ سايلىمىنىڭ ئەھمىيىتىنى زادىلا چۈشەنمەيمەن، — دېدى لېۋىن.
ئۇ يومىشچىك ئۇنىڭغا قاراپ قويدى.
— چۈشىنىدىغان نېمىسى بار دەيسىز؟ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق. بۇ بىر زاۋاللىققا يۈز تۇتقان، ئادەت كۈچى بويىچىلا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ھەرىكەت. بۇنى ئۇلارنىڭ ئۈچىسىدىكى كىيىملەرگە قارىسىڭىزلا بىلىۋالىسىز. ھەممىسىلا كېلىشتۈرگۈچى سوتچى، ئۆمۈرلۈك ئەمەلدار دېگەندەكلەر، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرمۇ ھەقىقىي ئاقسۆڭەك يوق.
— ئۇنداق بولسا سىز نېمىشقا كەلدىڭىز؟ — سورىدى لېۋىن.
— مەنمۇ ئادەت كۈچى بىلەن، ئۇنىڭدىن باشقا ئەخلاقىي جەھەتتىكى بۇرچۇمنى ئويلاپ كەلدىم. يەنە بىر جەھەتتىن، راستىمنى دېسەم، بۇنىڭ ئىچىدە مېنىڭ خۇسۇسىي مەنپەئىتىممۇ بار. مېنىڭ كۈيئوغلۇمغا ئۆمۈرلۈك بىر مەنسەپ لازىم بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ پۇلى يوق، شۇڭا مەنسىپىنى ئۆستۈرگۈزۈپ قويايمىكىن دەيمەن. ئاۋۇ قېرى تۆرە نېمىگە مۇنداق يۈگۈرۈپ يۈرىدىغاندۇ؟ — دېدى ئۇ مۇنبەرگە چىقىپ سۆز قىلغان ئاۋازى يېقىمسىز بوۋاينى كۆرسىتىپ.
— ئۇ يېڭى بىر ئەۋلاد ئاقسۆڭەكلەردىن.
— يېڭىلىقى يېڭى، ئەمما ئاقسۆڭەك ئەمەس. ئۇلار يومىشچىك، بىز بولساق يېزا تۆرىلىرى. ئۇ ئاقسۆڭەكلەر ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى ھالاكەتكە ئېلىپ كېتىۋاتىدۇ.
— سىز ھازىرقى بۇ تۈزۈمنى چۈشكۈنلەشكەن تۈزۈم دېمەكچىمۇ؟
— چۈشكۈنلەشكىنى چۈشكۈنلەشكەن، شۇنداقتىمۇ ئۇلارنى ئازراق ھۆرمەتلەپمۇ قويىمىز. مەسىلەن، سنېتكوفنى ئائىلىسى ... ياخشى بولسۇن، يامان بولسۇن، مىڭ يىللىق تارىخىمىز بار.

مەسىلەن، ئىشىكىمىزنىڭ ئالدىغا بىر باغ بەرپا قىلماقچى بولساق، ئۇنى ياخشى پىلانلايمىز. ئۇ يەردە بىر تۈپ يۈز يىللىق قېرى دەرەخ بار بولسا ... ئۇنىڭ غولى مودۇر - چوقۇر بولۇپ كەتكەن، قېرى، كۆرۈمسىز بولسىمۇ، باغقا تاقاشتى دەپ ئۇنى كېسىۋەتسەك بولمايدۇ، باغنى شۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ پىلانلاش كېرەك. دەرەخ بىر كۈندىلا ئۇنداق يوغىناپ كەتمەيدۇ، — دېدى ئۇ بوۋاي ئېھتىيات بىلەن سۆزلەپ. ئۇ بىردىنلا گېپىنى ئۆزگەرتتى، — خوش، سىزنىڭ ئىگىلىكىڭىز قانداق؟

— ياخشى ئەمەس، بەش پىرسەنتلا پايدا بار.

— بۇنىڭ ئىچىگە سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئەمگەك كۈچىڭىزنى كىرگۈزمىگەنسىز ھەرقاچان. سىزمۇ ئۇنىڭغا ئەمگەك سىڭدۈرگەن - دە؟ مېنى ئالسىڭىز، مەن دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشتىن ئىلگىرى يىلىغا ئۈچ مىڭ رۇبلى مائاش ئالاتتىم. ھازىر خىزمەتتىكى ۋاقتىمدىكىدىن كۆپرەك ئىشلەيمەن، ئەمما ئالىدىغان پايدام سىزنىڭكىگە ئوخشاش، بەش پىرسەنتلا، شۇنىڭغىمۇ شۈكۈر دەپ كېتىۋاتقان گەپ. بۇنىڭ ئىچىدە مېنىڭ ئۆزۈمنىڭ ئەمگەك كۈچۈم يوق.

— زىيانغا ئۇچراپ تۇرۇپ يەنە نېمىشقا ئۇ ئىشىڭىزنى داۋاملىق قىلىۋېرىسىز؟

— شۇنداق قىلىدىكەنمىزغۇتاڭ ! شۇنداق قىلماي نېمە چارە؟ ئۇنى قىلماي ئامال يوق. سىزگە يەنە شۇنىمۇ دەپ قوياي، — ئۇ ئادەم دېرىزىنىڭ تەكچىسىگە بىلىكىنى قويۇپ تۇرۇپ تىنماي سۆزلەپ كەتتى، — ئوغلۇمنىڭ دېھقانچىلىق بىلەن زادىلا خۇشى يوق، ئەتىمالىم، ئالىم بولغۇسى بار ئوخشايدۇ. دېمەك، مېنىڭ ئىشلىرىمغا ۋارىسلىق قىلىدىغان ئادىمىم يوق دېگەن گەپ. شۇنداقتىمۇ، ئىشلەپ كېتىۋاتىمەن. يېقىندا مېۋىلىك بىر باغ بەرپا قىلدىم.

— توغرا، توغرا، — دېدى لېۋىن، — دېگەنلىرىڭىزنىڭ

ھەممىسى توغرا. مەنمۇ دېھقانچىلىقتىن پايدا يوقلۇقىنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن، شۇنداقتىمۇ سىزگە ئوخشاش يەنە قىلىۋاتىمەن ... يەرگە قارىتا قانداقتۇر بىر بۇرچىمىز باردەكلا تۇيۇلىدۇ ماڭا.

— مەن سىزگە بىر ئىشنى سۆزلەپ بېرەي، — دېدى ئۇ يومىشچىك سۆزىنى داۋام قىلىپ، — تىجارەت قىلىدىغان بىر قوشنام مېنى ئىزدەپ كەپتۇ. ئىككىمىز مېنىڭ يەرلىرىمنى، بېغىمنى ئايلىنىپ چىقتۇق. ئاخىرىدا ئۇ ماڭا: «ھەي، ستېپان ۋاسلىيىچ، سىزنىڭ ھەممە نېمىڭىز بولىدىكەن، ئەمما بېغىڭىز كۇتۇمسىز قاپتۇ» دېدى. ئەمەلىيەتتە، بېغىم كۇتۇمسىز قالغان ئەمەس، ناھايىتى ياخشى ئىدى. ئۇ يەنە: «ئەگەر مەن بولسام، بۇ لىپا دەرىخىنى كېسىپ تاشلىغان بولاتتىم، ھازىر ئەمەس، تازا باراقسان بولغاندا كېسەتتىم. سىزنىڭ بۇ يەردە مىڭ تۇپتىن ئارتۇق لىپا دەرىخى بار ئىكەن، ھەر بىرىدىن تىلسىڭىز قېلىن ئىككى دانە پەن چىقىدۇ. ھازىر قېلىن پەن قىممەت، بۇ يەندە يەنە ئۆي ياپقىلىمۇ بولىدۇ» دېدى.

— ئۇنى سېتىپ پۇلىغا ئۇلاغ ئالسىڭىز ياكى ئەرزان يەردىن سېتىۋېلىپ دېھقانلارغا ئىجارىگە بەرسىڭىزمۇ بولىدۇ، — دېدى لېۋىن ئۇنىڭ تۇگىمىگەن گېپىنىڭ ئاخىرىنى دەپ. ئۇ بۇنداق پىلانلارنى بىر ئەمەس، بىرنەچچە قېتىم تۇزگەندەك قىلاتتى، — ئۇنداق ئادەملەر ئاشۇنداق يوللار بىلەن ئۆزىنىڭ بايلىقىنى ئاشۇرىدۇ، بىز بولساق يەر - زېمىنىمىزنى ساقلاپ قالالىساق، باللىرىمىزغا ئاز - تولىدىن قالدۇرۇپ قويالىساق شۇنىڭ ئۆزى چوڭ گەپ.

— ئاڭلىسام توي قىپسىز، شۇنداقمۇ؟ — سورىدى ئۇ يومىشچىك.

— شۇنداق، — دەپ جاۋاب بەردى لېۋىن مەغرۇر ھالدا.

— بىزنىڭ ئىچىمىزدىمۇ ئاشۇنىڭغا ئوخشاش ئادەملەر بار، مەسىلەن، بىزنىڭ دوستىمىز نىكولاي ئىۋانوۋىچ، يەنە يېقىندا

كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان گراف ۋرونسكىي دېگەندەكلەر. ئۇلارنىڭ ھەممىسى زامانىۋى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى بەرپا قىلماقچى بولۇشقان، لېكىن ھازىرغىچە ئىشلىرىدا زىيان بار، ھېچبىر ئىلگىرىلىيەلمىدى.

— نېمىشقا بىزمۇ سودىگەرلەرگە ئوخشاش قىلىپ باقمايمىز؟ نېمىشقا دەرەخلىرىمىزنى كېسىپ پەن قىلىپ تىلمايمىز؟ — دېدى لېۋىن ئۆزىنى قىزىقتۇرغان ئاشۇ گەپكە قايتىپ كېلىپ.

— بىز بايا سىز دېگەندەك، قىلىۋاتقان ئىشىمىزدىن ئۇياققا ئۆتەلمەيمىز. ئۇ دېگەن ئاقسۆڭەكلەر قىلىدىغان ئىش ئەمەس. بىز ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئىشى بۇ يەردىكى سايلامدا ئەمەس، ھەر قايسىمىزنىڭ ئۆزىمىزنىڭ ماكانىمىزدا. نېمىنى قىلىمىز، نېمىنى قىلمايمىز، ئۆزىمىزنىڭ تەبىقىمىز بويىچە ئويلايمىز. مەن دېھقانلاردىمۇ مۇشۇنداق ئەھۋالنى كۆردۈم. ياخشى بىر دېھقان بار ئىمكانىيىتى بىلەن كۆپرەك يەرنى ئىجارىگە ئېلىپ تېرىشنى ئويلايدىكەن، يەر ناچار بولسىمۇ تېرىۋېرىدىكەن، نەتىجىدە ئۇلار زىياندىن باشقىغا ئېرىشەلمەيدۇ.

— بىزمۇ شۇنداق، — دېدى لېۋىن، — سىز بىلەن ئۇچرىشىپ قالغىنىمدىن تولىمۇ خۇرسەنمەن، — دېگەن گەپنى قوشۇپ قويدى ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىغا سۋىيەژسكىينىڭ ئۆزلىرىگە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ.

— بۇياق بىلەن ئۆتكەندە سىزنىڭكىدە كۆرۈشكەندىن كېيىن بىرىنچى قېتىم ئۇچرىشىشىمىز، — دېدى ئۇ پومېشچىك سۋىيەژسكىي يېنىغا كەلگەندە ئۇنىڭغا، — ئەمما، ناھايىتى ياخشى پاراڭلاشتۇق.

— شۇنداقمۇ؟ يېڭى تۈزۈملەرنى تىللاۋاتمايدىغانسىلەر؟ — دېدى سۋىيەژسكىي كۈلۈپ قويۇپ.

— بىز ئۇنى ئىنكار قىلمايمىز.

— ناھايىتى كۆڭۈللۈك پاراڭلاشتۇق.

# 30

سۋىيەژسكىي لېۋىننى قولتۇقلاپ ئۆزىنىڭكىلەر تەرەپكە ئېلىپ ماڭدى.

ئەمدى ئۇنىڭ ۋرونسكىي بىلەن ئۇچراشماسلىقتا ئىلاجى يوق ئىدى. ئوبلونسكىي ۋە كوزنىشېۋ بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرغان ۋرونسكىي ئۆزلىرىگە يېقىنلىشىپ قالغان لېۋىنغا قاراپ قالدى.

— سىز بىلەن ئۇچراشقىنىمغا تولىمۇ خۇرسەنمەن، سىزنى قەيەردىدۇ ... ھە توغرا، شېرباتسكىيلارنىڭ ئۆيىدە كۆرۈۋىدىم، — دېدى ۋرونسكىي لېۋىنغا قولىنى بېرىۋېتىپ.

— توغرا، شۇ كۈنى كۆرۈشكىنىمىز ئېسىمدە ئېنىق تۇرۇپتۇ، — لېۋىن بىردىنىلا قىزىرىپ كېتىپ، دەررۇ ئاكىسى بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرۇۋالدى.

ۋرونسكىي مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، سۋىيەژسكىي بىلەن قىلىشىۋاتقان پارىڭىنى داۋام قىلدى. ئۇنىڭ لېۋىن بىلەن پاراڭلاشقۇسى يوقتەك قىلاتتى. ئەمما، لېۋىن ئاكىسى بىلەن پاراڭلىشىۋېتىپ، ۋرونسكىيغا پات ـ پات قاراپ قوياتتى ۋە بايا قىلغان ھۆرمەتسىزلىكىنى يۇيۇش ئۈچۈن قانداق گەپ قىلسا بولىدىغانلىقىنى ئويلايتتى.

— ھازىر مەسىلە زادى نەدە؟ — دەپ سورىدى ئۇ سۋىيەژسكىي بىلەن ۋرونسكىيغا قاراپ قويۇپ.

— مەسىلە سنېتكوفتا. ئۇ بىر بولسا ۋاز كېچىشى، بىر بولسا ئورنىدا قېلىشى كېرەك، — دېدى سۋىيەژسكىي ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ.

— قانداق، جاۋاب بەردىمۇ؟

— ھازىرقى گەپ، ئۇ ھەر ئىككى مەسىلىگە جاۋاب

بەرمەيۋاتىدۇ، — دېدى ۋرونسكىي.
— ئەگەر ئۇ ۋاز كەچسە، ئۇنىڭ ئورنىغا كىم نامزات بولىدۇ؟ — سورىدى ئۇ ۋرونسكىيغا قاراپ.
— كىملا بولسا بولىۋېرىدۇ، — دېدى سۋىيەژسكىي.
— سىز نامزات بولۇشنى خالامسىز؟
— ياق، مەندىن باشقىسى بولىدۇ، — دېدى سۋىيەژسكىي خىجىل بولغاندەك قىلىپ ۋە كوزنىشېفنىڭ يېنىدا تۇرغان ئاچچىق گەپ قىلىدىغان تۆرىگە ئەنسىرىشلىك قاراپ قويۇپ.
— ئەمىسە كىم بولىدۇ؟ نېۋېدوۋسكىيمۇ؟ — دېدى لېۋىن ئۆزىنىڭ گەپتە ئازراق كەتكۈزۈپ قويغانلىقىنى سېزىپ.
ئۇنىڭ بۇ گېپى تېخىمۇ بولمىدى، چۈنكى سۋىيەژسكىي بىلەن نېۋېدوۋسكىي ئىككىلىسى نامزات ئىدى.
— مەن بۇ ئىشنى ھەرگىز قىلمايمەن، — دېدى ئاچچىق گەپ قىلىدىغان جاناب.
ئەسلىدە نېۋېدوۋسكىي نەق شۇ ئادەم ئىدى. سۋىيەژسكىي ئۇنى لېۋىنغا تونۇشتۇرۇپ قويدى.
— نېمە، سەنمۇ ھەۋەس قىلىپ قېلىۋاتامسەن؟ — دېدى ئوبلونسكىي ۋرونسكىيغا قاراپ كۆزىنى قىسىپ قويۇپ، — بۇمۇ بەيگىگە ئوخشاش ئىش، ئۇتۇش، ئۇتتۇرۇش بولۇپ تۇرىدۇ، سەنمۇ چۈشۈپ باقمامسەن قېنى !
— بۇمۇ ھەۋەس قىلغۇدەكلا بىر ئىش، — دېدى ۋرونسكىي، — قولغا كېلىدىغانلا بولسا ئاخىرغىچە ئېلىشىپ باقسا بولىدۇ. بىر ھېسابتا بۇمۇ بىر كۈرەش، — ئۇنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ، چىرايى بىر خىل جىددىي تۈسكە كىرىپ قالدى.
— سۋىيەژسكىي ئىشقا ناھايىتى پۇختا ئادەم، بىر ئىشقا تۇتۇش قىلدىمۇ، بولدى، ئاخىرىغا چىقارمىغۇچە قويۇپ بەرمەيدۇ.
— راست، راست، — دېدى ۋرونسكىي پەرىشان ھالدا.
ئارقىدىنلا ھەممەيلەن جىمىپ كەتتى. ۋرونسكىي لېۋىننىڭ

پۇتلىرىغا (ئادەم هامان بىرنەرسىگە قارىشى كېرەكقۇ)، ئۇستىدىكى كىيىملىرىگە، چىرايىغا قارىدى ۋە ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئۆزىگە غەمكىن تىكىلىپ قالغانلىقىنى كۆرۇپ، خۇشياقمىغاندەك:

— سىز ئۇزاق ۋاقىت يېزىدا تۇرغان ئادەم تۇرۇپ نېمىشقا كېلىشتۇرگۇچى سودىيە بولمىدىڭىز؟ ئۇستىڭىزگە نېمىشقا شۇلارنىڭ كىيىمىنى كىيمەيسىز؟ — دەپ قالدى.

— كېلىشتۈرگۇچى سوت مەھكىمىسىنى ئەخمەق ئورگان دەپ بىلگىنىم ئۇچۇن، — دېدى باياتىندىن بېرى ۋرونسكىي بىلەن پاراڭلىشىشنىڭ پۇرسىتىنى تاپالماي تۇرۇۋاتقان لېۋىن بايا پەيدا بولغان قاتماللىقنى بۇزۇش مەقسىتىدە.

— مەن سىزنىڭ ئەكسىڭىزچە ئويلايمەن، — دېدى سەل هەيران قېلىۋاتقاندەك قىلىپ ۋرونسكىي.

— ئۇلارنىڭ ئىشى ئويۇندەكلا ئىش، — دېدى لېۋىن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۇپ، — بىزگە كېلىشتۇرگۇچى سودىيەنىڭ لازىمى يوق. سەككىز يىلدىن بېرى مەن بىر قېتىممۇ جېدەل - ماجىراغا ئۇچراپ باقمىدىم. شۇنداق ئىش چىقىپ قالسىمۇ، ئۇلار ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۇستۇن قىلىپ هۆكۇم چىقىرىشىدۇ. ئۇ سوت مەھكىمىسى بىزدىن قىرىق چاقىرىم يىراقتا، ئىككى رۇبلىلىق جېدەل بولۇپ قالسا، ئون بەش رۇبلى خەجلەپ ئۇ يەرگە بېرىپ ئادۋوكات تەكلىپ قىلىش كېرەك.

شۇنىڭ بىلەن لېۋىن بىر دېھقاننىڭ تۈگمەنچىنىڭ ئۇننى ئوغرىلىغانلىقىنى، تۈگمەنچى بۇ ئىشنى دېھقانغا چىرايلىقچە دېسە، ئۇ دېھقاننىڭ تۈگمەنچى ماڭا تۆهمەت قىلدى، دېگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. بۇ گەپنىڭ ئورۇنسىز، ئەخمىقانە گەپ ئىكەنلىكىنى لېۋىن سۆزلەۋېتىپ ئۆزىمۇ هېس قىلىپ قالدى.

— ئوھوي، ئاجايىپ غەلىتە ئادەم ئىكەنغۇ ئۇ، — دېدى ۋرونسكىي تاتلىقىنا كۈلۈپ قويۇپ، — كىرەيلى، ئاۋازغا قويۇش باشلانغاندەك قىلىدۇ.

شۇ گەپ بىلەن تەڭ ئۇلار تارقىلىپ كېتىشتى.

— ھەيرانمەن، — دېدى ئىنىسىنىڭ دۆتلۈكلىرىگە دىققەت قىلىپ تۇرغان كوزنىشېۋ، — ھەيرانمەن، سېنىڭ سىياسىي كاللاڭنىڭ شۇنچىلىك ئاددىيلىقىغا. بىز رۇسىيىلىكلەرگۇ شۇنداق خەق. ھازىرقى ئاقسۆڭەكلەر رەھبىرى بىزنىڭ رەقىبىمىز تۇرسا، ئۇنىڭغا شۇنچىۋالا قىزغىن بولۇپ كەتكىنىڭ نېمىسى؟ يەنە تېخى ئۇنى نامزات بولۇپ تۇرۇڭ دەپسەن. گراف ۋرونسكىي بولسا ... مەنغۇ ئۇنى دوست تۇتمايمەن. ئۇ مېنى ئۆيىگە تاماققا تەكلىپ قىلدى، بارمىدىم. لېكىن، ئۇ بىز تەرەپتە تۇرۇۋاتقان ئادەم، شۇنداق ئىكەن، ئۇنى ئۆزىمىزگە دۈشمەن قىلىۋېلىشنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟ ئۇنىڭدىن باشقا، نېۋېدوۋسكىيدىن، سىز نامزات بولامسىز، بولمامسىز، دەپ سوراۋاتىسەن، بۇ گېپىڭمۇ زادىلا قاملاشمىدى.

— مەن ھېچنېمىنى بىلمەيلا قالدىم. ھەممىسى كىچىك ئىشلار، — دېدى لېۋىن سەل مەيۈسلىنىپ.

— سەن بۇلارنى كىچىك ئىش دېگىنىڭ بىلەن، سېنىڭ قولۇڭ تەگدىلا بۇزۇلىدۇ.

لېۋىن ئۈنچىقمىدى، ھەممىسى بىللە چوڭ زالغا كىرىشتى.

ھازىرقى ئاقسۆڭەكلەر رەھبىرى ئۆزىگە قارشى بىر سۈيىقەستنىڭ پۈرىقىنى سېزىپ تۇرۇۋاتسىمۇ، ھەممىلا ئادەم ئۇنىڭ نامزات بولۇشىنى تەلەپ قىلمىسىمۇ، ئاخىرىدا يەنىلا سايلامغا قاتنىشىش قارارىغا كەلدى. زالنىڭ ئىچى جىمجىت ئىدى. كاتىپ ئورنىدىن تۇرۇپ، گۋاردىيە كاپىتانى سىنېتكوف ئۆلكىلىك ئاقسۆڭەكلەر رەھبەرلىك سايلىمىغا نامزاتلىققا كۆرسىتىلدى، دەپ ئېلان قىلدى.

بىرنەچچە ناھىيىنىڭ ئاقسۆڭەكلەر رەھبەرلىرى شارلار سېلىنغان تەخسىلەرنى كۆتۈرۈپ رەئىس سەھنىسىگە قاراپ مېڭىشتى، سايلام باشلاندى.

— ئوڭ تەرەپكە تاشلىغىن جۇمۇ! — دېدى ئوبلونسكىي

ئاكىسى بىلەن بىللە بىر ناھىيىنىڭ ئاقسۆڭەكلەر رەھبىرىنىڭ كەينىدىن رەئىس سەھنىسىگە يېقىنلىشىپ قالغان لېۋىنغا بوش تووۋلاپ. لېكىن، لېۋىن دەسلەپتە ئۆزىگە ئۇقتۇرغان چارىنى ئۇنتۇپ قېلىپ، ئوبلونسكىي «ئوڭ تەرەپكە تاشلا» دەپ خاتا ئېيتمىغاندۇ، دەپ ئويلاپ قالدى، چۈنكى سنېتكوف ئۇلارنىڭ دۈشمىنى ـ دە. ئۇ شارنى ئوڭ قولىدا تۇتۇپ بېلەت تاشلايدىغان يەشىككە يېقىنلاشتى، لېكىن ئويلىنىپ قېلىپ، خاتالىشىپ قالغان ئوخشايمەن، دېگەن خىيال بىلەن شارنى سول قولىغا يۆتكىدى ـ دە، تەبىئىي ھالدىلا سول تەرەپكە تاشلىدى. يەشىكنىڭ يېنىدا تۇرغان، ھەر بىر ئادەمنىڭ جەينىكىنىڭ قىمىرلىشىدىنلا شارنى كىمنىڭ قايسى تەرەپكە سالغىنىنى بىلىدىغان بۇ ئىشنىڭ ئۇستىسى ئادەم نارازى بولغاندەك قوشۇمىسىنى تۈرۈپ قويدى. لېۋىن ئۇ ئادەمنىڭ قىل چاغلىق نەرسىنىمۇ نەزىرىدىن ساقىت قىلمايدىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلسۇن.

ھەممە ئىشلار جايىغا چۈشۈپ زالنى جىمجىتلىق باستى، پەقەت شارلارنى ساناۋاتقان ئاۋازلارلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇزاق ئۆتمەيلا بىر ئادەم قوشۇلغانلار بىلەن قارشى تۇرغانلارنىڭ سانىنى ئېلان قىلدى.

ھازىرقى ئاقسۆڭەكلەر رەھبىرىگە چۈشكەن بېلەت ئىنتايىن كۆپ ئىدى. زالدا ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ كۆتۈرۈلۈپ، ھەممە ئادەم ئىشىك تەرەپكە قاراپ تەۋرىدى. سنېتكوف كىرىپ كەلگەندە ئاقسۆڭەكلەر ئۇنى قاتمۇقات ئورىۋېلىپ قىزغىن تەبرىكلىدى.

— قانداق، ئەمدى تۈگىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى لېۋىن ئاكىسىدىن.

— ياق، ئەمدى باشلاندى، — دېدى سۋىيەژسكىي كوزنىشېفنىڭ ئورنىدا كۈلۈپ تۇرۇپ جاۋاب بېرىپ، — قالغان ئىككى نامزاتنىڭ ئالغان بېلىتى ئۇنىڭكىدىنمۇ كۆپ بولۇشى مۇمكىن.

لېۋىن بۇ ئىشنىمۇ ئۇنتۇپ قاپتىكەن. بۇ ئىشتا قانداقتۇر

بىر نازۇك ئىشنىڭ بارلىقىنى ئېسىگە ئالغاندەك بولدى، لېكىن ئۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ئويلاپ تېپىشنى خالىماي، ئىچى پۇشۇپ، بۇ ئادەملەردىن نېرى كېتىشنى خىيال قىلدى.

ئۇنىڭغا ھېچكىم دىققەت قىلمىغاچقا ھەم ھېچكىمنىڭمۇ ئېھتىياجى چۈشمىگەچكە، ئۇ بايىقى دەم ئالىدىغان كىچىك زالغا چىقىپ كەتتى. ئۇ يەردە يەنە ھېلىقى بىرنەچچە خىزمەتكارنى كۆرۈپ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالغاندەك بولدى. قېرى خىزمەتكار ئۇنى ئازراق بىرنەرسە يەۋېلىشقا تەكلىپ قىلىۋىدى، ئۇ ماقۇل بولدى. پۇرچاق بىلەن كاتلىتتىن ئازراق يەۋېلىپ، بوۋاينىڭ بۇرۇنقى خوجايىنى توغرۇلۇق قىلىپ بەرگەن پاراڭلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇردى. بىر چاغدا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنى زېرىكتۈرۈۋەتكەن چوڭ زالغا كىرمەي، يۇقىرىغا ــ ياندىن ئاڭلىغۇچىلار ئولتۇرىدىغان يەرگە چىقىپ كەتتى.

بۇ يەردە ئالىيېشىل كىيىنىشۋالغان ئېسىلزادە خانىملار ئولتۇراتتى، ھەممىسىلا سالاسۇنغا ئېگىشىۋېلىپ، پەستە بولۇۋاتقان ھەر بىر ئېغىز گەپكە قۇلاق سالاتتى. ئۇلارنىڭ يانلىرىدا سالاپەتلىك ئادۋوكاتلار، كۆزەينەك تاقىشىۋالغان ئوتتۇرا مەكتەپ مۇئەللىملىرى ۋە ئوفىتسېرلار ئۆرە تۇرۇشاتتى، بەزىلىرى ئولتۇرۇۋالغانىدى. ھەممىلا ئادەم سايلامنىڭ ئىشلىرىنى غۇلغۇلا قىلىشاتتى، ئاقسۆڭەكلەر رەھبىرىنىڭ چىرايىنىڭ سارغىيىپ كەتكەنلىكىنى سۆزلىشەتتى، پاراڭلىرى تولىمۇ قىزىق ئىدى. لېۋىن بەزىلەرنىڭ ئاكىسىنى ماختاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى. بىر ئېسىلزادە خانىم يېنىدىكى ئادۋوكاتقا شۇنداق دېدى:

ــ مەن بىر قېتىم كوزنىشېفنىڭ نۇتقىنى ئاڭلاپ ئاجايىپ خۇش بولۇپ كەتكەنىدىم. نېمىدېگەن چىرايلىق سۆزلىگەن، گەپلىرى دانە ـ دانە، شۇنداق ئېنىق، سىلەرنىڭ سوتۇڭلاردا ھېچكىم ئۇنىڭچىلىك سۆزلىيەلمەيدۇ. مايدېل ھەرھالدا بولىدۇ، ئەمما ناتىقلىقتا ئۇ ئادەمگە ھەرگىز يەتمەيدۇ.

لېۋىن سالاسۇننىڭ يېنىدىن بىر بوش ئورۇن تېپىپ، سالاسۇنغا يۆلەنگەن ھالدا پەسنى كۆزىتىپ، گەپ - سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئولتۇردى.

ئاقسۆڭەكلەر ئۆز ناھىيىلىرى بويىچە ئايرىم - ئايرىم ئولتۇرۇشتى. مۇندىن كېيىن بىر بوۋاي چىرقىراق ئاۋازدا:

— ھازىر ئۆلكە ئاقسۆڭەكلەر رەھبەرلىك نامزاتلىقىغا كاپىتان ئاپۇختىن ئاۋازغا قويۇلىدۇ! — دەپ ۋارقىرىدى.

زالنىڭ ئىچى بىردىنلا جىمىپ كەتتى. بىرئازدىن كېيىن بىر بوۋاينىڭ زەئىپ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ھېچكىم قوشۇلمىدى!

— ھازىر يەتتىنچى دەرىجىلىك مۇلكىي ئەمەلدار بول ئاۋازغا قويۇلىدۇ، — دەپ ئېلان قىلدى يەنە ھېلىقى ئاۋاز.

— ھېچكىم قوشۇلمىدى! — بۇ قېتىم ياش بىرىنىڭ چىرقىراق ئاۋازى كەلدى.

يەنە شۇ ئېلان، يەنە شۇ «ھېچكىم قوشۇلمىدى» دېگەن سۆزلەر تەكرارلىنىۋەردى. شۇنداق قىلىپ، بىر سائەتچە ۋاقىت ئۆتتى. لېۋىن سالاسۇنغا ئىككى قولىنى قويۇپ قاراپ، تىڭشاپ ئولتۇرۇۋەردى. بۇ ئىش دەسلەپتە ئۇنىڭغا قىزىق تۇيۇلۇپ، بۇنىڭ زادى قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى بىلگۈسى كەلگەنىدى، كېيىن ئۇنى بىلىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى چۈشىنىپ زېرىكىشكە باشلىدى. بىردەمدىن كېيىن ئۇ ھەممە ئادەمنىڭ چىرايىدىن چىقىپ تۇرغان تەشۋىش ۋە قەھر - غەزەپلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ كۆڭلى يېرىم بولدى ۋە بۇ يەردىن چۈشۈپ كەتمەكچى بولۇپ پەسكە قاراپ ماڭدى. چۈشۈپ كېتىۋېتىپ، پەلەمپەينىڭ ئېغىزىدا بېشى ساڭگىلاپ، كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن بىر ئوقۇغۇچى بالىنىڭ ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ يۈرگەنلىكىنى، ئېگىز پاشنىلىق تۇپلەي كىيىۋالغان بىر ئېسىلزادە ئايال بىلەن چىرايىدىن شاللاقلىقى چىقىپ تۇرغان بىر ئادۋوكاتنىڭ پەلەمپەيدىن ئىتتىك مېڭىپ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

— مەن سىزگە كىچىكمەيمىز، دەپ ئېيتتىمغۇ، — دېدى ئۇ ئادۋوكات لېۋىن ئايالغا يول بېرىۋاتقان چاغدا.

لېۋىن پەلەمپەيدىن چۈشۈپ، يانچۇقىدىن پەلتوسىنىڭ نومۇرىنى ئىزدەۋاتقاندا، كاتىپ كېلىپ ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى.

— چاپسان بولۇڭ، كونستانتىن دمىترىچ، چاپسان بولۇڭ، سايلام باشلاندى، — دېدى ئۇ لېۋىنغا.

نامزاتلىقىقا رازىلىق بەرمەي تۇرۇۋالغان نېۋېدوۋسكىي دەل هازىر ئاۋازغا قويۇلۇۋاتاتتى.

لېۋىن يۇگۇرۇپ زالنىڭ ئىشىكى ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە، ئىشىك بىردىنلا تاقىلىپ قالدى. كاتىپ ئىشىكنى ئۇرۇپ يۇرۇپ ئاچقۇزدى. قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتكەن ئىككى پومېشچىك ئىشىكتىن غىپلا قىلىپ چىقىۋالدى.

— مېنىڭ چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى، — دېدى بىر پومېشچىك.

ئارقىدىنلا ئۆلكە ئاقسۆڭەكلەر رەھبىرىنىڭ چىرايى كۆرۈندى. ئۇنىڭ چىرايى هارغىنلىق ۋە قورقۇنچتىن بەكمۇ سەتلىشىپ كەتكەنىدى.

— مەن ساڭا ھېچقانداق ئادەمنى چىقارما، دېگەنغۇ! — دېدى ئۇ ئىشىكباقارغا كايىپ.

— مەن ئۇلارنى كىرگۈزۈۋەتتىم، بېگىم.

— ۋاي خۇدايىمەي! — ئاقسۆڭەكلەر رەھبىرى ئۇلۇغ - كىچىك تىنغان هالدا ئاپئاق ئىشتىنى ئىچىدىكى جانسىز پۇتلىرىنى سۆرەپ زالنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇستەلگە قاراپ كەتتى.

دېگەندەك، نېۋېدوۋسكىي ھەممىدىن كۆپ ئاۋازغا ئېرىشىپ، ئۆلكە ئاقسۆڭەكلەر رەھبەرلىكىگە سايلىنىپ كەتتى. بۇنىڭدىن نۇرغۇن ئادەم خۇشال بولدى ھەم چىن دىلىدىن رازى بولدى. لېكىن، يەنە نۇرغۇن ئادەمنىڭ غەمگە پېتىپ باشلىرى چۈشۈپ

كەتتى. ئىلگىرىكى ئاقسۆڭەكلەر رەھبىرىنىڭ روھى چۈشۈپ، ئۆزىنىڭ بۇ ھالىتىنى يوشۇرغۇدەكمۇ ھالى قالمىدى. نېۋېدوۋسكىي زالدىن ئايرىلغاندا كىشىلەر ئۇنى ئارىغا ئېلىۋېلىپ، قىن - قىنىغا پاتماي ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدى، بۇ كۆرۈنۈش سايلام باشلانغان كۈنى كىشىلەرنىڭ سايلامدا سۆز سۆزلىگىلى كەلگەن ئۆلكە باشلىقىغا كۆرسەتكەن قىزغىنلىقىدىن ۋە سنېتكوف ئاقسۆڭەكلەر رەھبىرىگە سايلانغان كۈنى ئۇنىڭغا قىلغان تەنتەنىلىرىدىن قېلىشمايتتى.

# 31

يېڭى سايلانغان ئاقسۆڭەكلەر رەھبىرى بىلەن غەلىبە قىلىشقان يېڭىلارنىڭ نۇرغۇن ئادەملىرى شۇ كەچتە ۋرونسكىينىڭ ئۆيىدە زىياپەتتە بولدى.

ۋرونسكىينىڭ سايلامغا كېلىشى يېزىدا تۇرۇۋېرىپ زېرىكىپ قالغانلىقىدىن ھەم ئاننىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئەركىن يۈرەلەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويۇش، يەنە بىر جەھەتتىن، سۋىيەژسكىينىڭ سايلىنىشىنى قوللاش، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ يەرلىك ئاپتونومىيە ئەزالىقىغا سايلىنىشىغا كۆچەپ يول ماڭغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىش، ئەڭ مۇھىمى، ئۆزى تاللىۋالغان ئاقسۆڭەكلىك ۋە پومېشچىكلىك سالاھىيىتىنىڭ پۈتكۈل بۇرچىنى قەتئىي ئورۇنداش ئۈچۈن ئىدى. لېكىن، ئۇ سايلام دېگەن بۇ ئىشنىڭ ئۆزىنى بۇنچىلىك قىزىقتۇرىدىغانلىقىنى، ئۆزىدە بۇنچىلىك ھەۋەس قوزغايدىغانلىقىنى ھەم بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن بۇنچىلىك ياخشى چىقالايدىغانلىقىنى پەقەتلا ئويلاپ باقمىغانىدى. ئۇ ئاقسۆڭەكلەر ئارىسىدا پۈتۈنلەي يېڭى ئادەم بولسىمۇ، ئەمما مۇۋەپپەقىيەت قازاندى، ئاقسۆڭەكلەر ئىچىدە مۇئەييەن تەسىرگە

ئىگە ئىكەنلىكىگە ئىشەندى، بۇ پاكىت ئىدى. ئۇنىڭ بايلىقى ۋە مەنسەپ نامى، شەھەردە ھەشەمەتلىك تۇرالغۇ جايىنىڭ — بۇ تۇرالغۇ جايىنى كاشىندا مالىيە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، تىجارىتى روناق تېپىۋاتقان بانكىسى بار كونا ئاغىنىسى شىركوف ئۇنىڭ ئولتۇرۇشى ئۈچۈن بەرگەنىدى — بولۇشى، يېزىدىن ئېلىپ كەلگەن تاماقتا ئۇستا ئاشپىزى، ھازىرقى ئۆلكە باشلىقى (ئۇ ئىلگىرى ۋرونسكىينىڭ ساۋاقدىشى ئىدى ھەم بىر چاغلاردا ئۇنىڭ ھامىيلىقىغىمۇ ئېرىشكەنىدى) بىلەن بولغان چوڭقۇر دوستلۇقى، ئەڭ مۇھىمى، ئۇنىڭ چىقىشقاق ۋە ئاددىيلىقى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئىچىدە تەسىرىنىڭ كۈچىيىپ بېرىشىغا سەۋەب بولدى. ئۇنىڭ شۇ خىل مىجەزىنى كۆرگەن ئاقسۆڭەكلەر ئۇنى تەكەببۇر ئادەم، دېگەن گەپنىڭ يالغانلىقىغا ئىشىنىپ، ئۇنى ئۇنداق دەپ ئويلىمايدىغان بولدى. كىتىگە ئۆيلەنگەن، چىرايىدىن قەھر ـ غەزەپ چاچرىتىپ ئۆزىگە ئورۇنسىز، بىمەنە گەپلەرنى قىلغان ئاشۇ تەكەببۇر بىرنېمىدىن باشقا، ئۆزى تونۇشقان ھەر بىر ئاقسۆڭەكنىڭ ئۆزىنى قوللاۋاتقانلىقىنى ۋرونسكىينىڭ ئۆزىمۇ ھېس قىلاتتى. نېۋېدوۋسكىينىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدا ئۇنىڭ بار كۈچ بىلەن قوللىشى زور رول ئوينىغانىدى، بۇنى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئېنىق بىلەتتى، باشقىلارمۇ ئېتىراپ قىلاتتى، شۇڭا نېۋېدوۋسكىينىڭ سايلانغانلىقىنى تەبرىكلەپ ئۆتكۈزۈلگەن زىياپەتتە ئۇ ناھايىتى مەغرۇر ئولتۇردى. ئۇ بۇ سايلامغا بۆلەكچىلا قىزىقىپ قالدى، ئەگەر ئۈچ يىلدىن كېيىن ئۆتكۈزۈلىدىغان يەنە بىر قېتىملىق سايلامغىچە توي قىلىۋالالايدىغان بولسام، شۇ قېتىمقى سايلامغا چوقۇم قاتنىشىمەن، دەپ ئويلىدى. بۇ خۇددى ئېتىنى باشقا بىر كىشىگە مىندۈرۈپ بەيگىدىن مۇكاپات ئالغان ئادەمنىڭ كېيىنكى بەيگىدە ئېتىنى ئۆزى مىنىپ بەيگىگە قاتناشماقچى بولغىنىدەك ئىش ئىدى.

ھازىر ئۇ ئۆزىنىڭ ئېتىغا مىنىپ بەيگىدە مۇكاپات ئالغان چەۋەندازنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلەۋاتاتتى. تۆردىكى ئورۇندا ۋرونسكىي، ئوڭ يېنىدا ياش ئۆلكە باشلىقى، پادىشاھ سارىيىنىڭ گېنېرالى ئولتۇراتتى. باشقىلارنىڭ نەزىرىدە سايلام باشلىنىشتىن ئىلگىرى تەنتەنە بىلەن نۇتۇق سۆزلىگەن ئۇ ئادەم بىر ئۆلكىنىڭ ئەڭ ئالىي رەھبىرى ئىدى، ۋرونسكىي ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك، ئۇلار ئۇنىڭغا ئېگىلىپ تەزىم قىلىشاتتى، خۇشامەت قىلىشاتتى، ھۆرمەت بىلدۈرۈشەتتى. ئەمما، ۋرونسكىينىڭ نەزىرىدە ئۇ يەنىلا شۇ كىچىك ماسلوف كاتكا (بۇ ئۇنىڭ ئاقسۆڭەك ئوفىتسېرلار مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان چېغىدىكى لەقىمى) ئىدى، ئۇنىڭ ئالدىدا نېمە قىلىشىنى بىلمەي تەمتىرەپ كېتەتتى، ۋرونسكىي بولسا ئۇنىڭغا بار ئامالى بىلەن مەدەت بېرىپ ئولتۇراتتى. سول تەرىپىدە ئولتۇرغىنى ياش، غەيرىتى ئۇرغۇپ تۇرغان، چىرايىدىن ئازراق شۇملۇق چىقىپ تۇرىدىغان نېۋېدوۋسكىي ئىدى، ۋرونسكىي ئۇنىڭغا ئوچۇق كۆڭۈل ۋە ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلىپ ئولتۇراتتى.

سۋىيەژسكىي ئۆزىنىڭ سايلامدىكى مەغلۇبىيىتىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى، بۇنى ھەرگىزمۇ مەغلۇبىيەت دەپ قارىمىدى، ھەتتا نېۋېدوۋسكىينى تەبرىكلەپ قەدەھ سۆزى سۆزلىگەندە، ئاقسۆڭەكلەرنى يېڭى ئېقىمنى بويلاپ باشلاپ مېڭىشقا نېۋېدوۋسكىيدىن ياخشىراق ۋەكىلنى تېپىش ئىنتايىن قىيىن ئىدى، شۇڭا ساپ دىللىق ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ھەممىسى بۈگۈنكى غەلىبىنى تەبرىكلەيدۇ ھەم ئۇنىڭغا تەنتەنە قىلىدۇ، دېدى.

ئوبلونسكىيمۇ بۇ بىرنەچچە كۈننىڭ ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئۆتكىنىدىن تولىمۇ خۇشال ئىدى، باشقىلارمۇ مەمنۇن ئىدى. ئۇلار مول زىياپەت ئۈستىلىدە ئولتۇرۇپ سايلام جەريانىدا بولغان خىلمۇخىل ۋەقەلەر توغرۇلۇق كەڭ ـ كۇشادە پاراڭ سېلىشتى. سۋىيەژسكىي سابىق ئاقسۆڭەكلەر رەھبىرىنىڭ يىغلامسىراپ

تۇرۇپ سۆزلىگەن سۆزىنى دوراپ بەردى ۋە نېۋېدوۋسكىيغا: «جانابلىرى ئۈچۈن ئاقسۆڭەكلىرىمىزدىن يىغىلغان مەبلەغنى تەكشۈرۈشكە كۆز يېشىدىنمۇ مۇرەككەپرەك بىر ئۇسۇلنى تېپىشقا توغرا كېلىدۇ» دېدى. يەنە بىر چاقچاقچى تۆرە چاقچاق قىلىپ، سابىق ئاقسۆڭەكلەر رەھبىرى تانسا كېچىلىكى ئۆتكۈزمەكچى بولۇپ، بالدا خىزمەت قىلىدىغان خىزمەتچىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئۇزۇن پايپاق كىيىپ كېلىشنى بۇيرۇپتىكەن، ئەمدىكى يېڭى رەھبىرىمىز ئەگەر ئۇنداق تانسا كېچىلىكى ئۆتكۈزۈشنى خالىمىسا، ئۇلارنى ئۇزۇن پايپاقلىرىنى سالغۇزۇۋېتىپ ئۆيلىرىگە قايتۇرۇۋەتسە بولىدۇ، دېدى.

زىياپەت جەريانىدا ھەممەيلەن نېۋېدوۋسكىينى باشتىن - ئاخىر «بىزنىڭ رەھبىرىمىز» «جانابىي ئالىيلىرى» دەپ ئولتۇرۇشتى.

نېۋېدوۋسكىي بۇ خۇشامەتلىك ئاتاشلارنى ئاڭلاپ، تويى بولغان قىز شۇ كۈندىن باشلاپ «خانىم» دەپ ئاتالسا ۋە ئۆزىنىڭ فامىلىسىنى قالدۇرۇۋېتىپ، ئېرىنىڭ فامىلىسى بىلەن قوشۇپ چاقىرىلسا قانداق خۇشال بولسا، ئۇمۇ شۇنداق خۇشال بولدى. ئۇ گەپلەرگە پىسەنت قىلمىغاندەك تۇرغانلىقى، كۆرەڭلەپ كەتمەسلىك ئۈچۈن ئۆزىنى مەھكەم تۇتۇپ ئولتۇرۇۋاتقانلىقى ئومۇمىي ھالەتتىن بىلىنىپ تۇراتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇرغان ئەركىن پىكىرلىك يېڭى ئېقىم تەرەپدارلىرى ئالدىدا مەغرۇرلىنىش تولىمۇ يەڭگىللىك ھېسابلىناتتى، بۇنى ئۇ بىلىپ ئولتۇراتتى.

زىياپەت داۋامىدا بۇ قېتىملىق سايلامغا قىزىققان كىشىلەرگە بىرنەچچە تېلېگرامما ئەۋەتىلدى. ئوبلونسكىيمۇ قىنىغا پاتمىغان خۇشاللىقى بىلەن دوللىغا: «نېۋېدوۋسكىي ئون ئىككى ئاۋازنىڭ كۆپلۈكى بىلەن ئاقسۆڭەكلەرنىڭ يېڭى رەھبەرلىكىگە سايلاندى. بۇ ئالاھىدە خۇشاللىقنى ساڭا يەتكۈزۈۋاتىمەن، قالغانلارغىمۇ يەتكۈز، ئۇلارمۇ خۇشال بولۇشسۇن» دېگەن مەزمۇندا تېلېگرامما

يوللىدى. دوللى بۇ تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋېلىپ خۇشمۇ بولۇپ كەتمىدى، ئۇنىڭغا كەتكەن بىر رۇبلىغا ئىچى ئاغرىپ ئېغىر تىنىپ قويدى ۋە ئۇنىڭ بۇ تېلېگراممىنى زىياپەتنىڭ ئاخىرىدا تەڭشىلىپ قالغاندا يازغانلىقىنى بىلدى. دوللى ئۇنىڭ ھەر قېتىم زىياپەت ئاخىرلاشقاندا «*قالايمىقان تېلېگramما*» بېرىدىغان قاملاشمىغان ئادىتىنىڭ بارلىقىنى بىلەتتى.

زىياپەتكە تەييارلانغان ئېسىل يېمەكلىكلەر، ئالىي پىرەنىكلەر، چەت ئەلدىن كىرگۈزۈلگەن داڭلىق ۋىنولار، شۇنچىلىك يېيىشلىك، شۇنچىلىك تەملىك ئىدى. بۇ يەردە ئولتۇرغان يىگىرمىدەك ئادەم سۆيىەژسكىي بىر مەسلەكتىكى ئەركىن پىكىرلىك يېڭى ئېقىم تەرەپدارلىرى ئىچىدىن تاللىۋالغان، ھەممىسىلا لاتاپەتلىك، گەپ ـ سۆزلىرى جايىدا ئادەملەر ئىدى. ئۇلار ھەم ئەستايىدىل، ھەم چاقچاق ئارىلاشتۇرۇپ، ئاقسۆڭەكلەر رەھبىرىنىڭ، ئۇلكە باشلىقىنىڭ، بانكىرنىڭ، «ئىلتىپاتلىق ساھىبخانىمىزنىڭ» سالامەتلىكلىرى ئۈچۈن قەدەھلەر كۆتۈرۈشتى.

ۋرونسكىينىڭ كۆڭلى خۇش ئىدى، مۇشۇنداق چەت ئۆلكىلەردىمۇ تۇرمۇشنىڭ بۇنداق كۆڭۈللۈك بولىدىغانلىقىنى پەقەتلا ئويلاپ باقمىغانىدى.

زىياپەتنىڭ ئاخىرىدا مېھمانلارنىڭ كەيپى تېخىمۇ كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئۆلكە باشلىقى ۋرونسكىينى ساخاۋەت ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلىدىغان كونسېرت كېچىلىكىگە قاتنىشىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى، بۇ كونسېرتنى ئۇنىڭ خوتۇنى ئۇيۇشتۇرغانىكەن ھەم ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ ۋرونسكىي بىلەن تونۇشقۇسى بار ئىكەن.

ــــ ئۇ يەرگە بارساڭ بىزنىڭ ئۇ گۈزەلنى كۆرىسەن، ئۇ ئاجايىپ چىرايلىق دېگىنە، ــــ دېدى ئۇ چاقچاق قىلغاندەك قىلىپ.

ــــ *مەن بۇ يەرنىڭ ئادىمى ئەمەس تۇرسام*، ــــ دېدى ۋرونسكىي

ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان بۇ ئىنگلىزچە سۆز بىلەن كۇلۇپ تۇرۇپ. ئاخىرىدا بىرىشقا ماقۇل بولدى.

ئۇلار ئۇستەلدىن ئايرىلىپ، ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇپ تاماكا چېكىشكە باشلىدى. بىر چاغدا ۋرونسكىينىڭ خىزمەتكارى كىرىپ، پەتنۇستا كۆتۈرۈپ كىرگەن خەتنى ئۇنىڭغا بەردى.

— ۋوزدۋىژېنسكويدىن چاپار ئېلىپ كەپتۇ، — دېدى خىزمەتكار ئۇنىڭغا مەنىلىك قاراپ قويۇپ.

ۋرونسكىي قوشۇمىسىنى تۇرۇپ خەتنى ئوقۇۋاتقاندا، مېھمانلاردىن بىرى ئۇنىڭ خىزمەتكارىغا سەپسېلىپ ئولتۇرۇپ:

— غەلىتە ئىش، بۇ ئادەم مۇئاۋىن پروكۇراتۇر سۋېنتسكىيغا ئەجەبمۇ ئوخشايدىكەنا، — دېدى.

خەت ئاننادىن كەلگەنىدى. ۋرونسكىي خەتنى ئوقۇماي تۇرۇپلا مەزمۇنىنى بىلىپ بولدى. ئۇ سايلام بەش كۈندە تۈگەپ قالار، دېگەن خىيال بىلەن ئاننىغا جۈمە كۈنى قايتىپ كېلىمەن، دەپ ۋەدە بەرگەنىدى. بۈگۈن شەنبە بولۇپ قالدى، شۇڭا ئۇ خەتنىڭ نېمىشقا ۋاقتىدا قايتىپ كەلمەيسەن، دېگەن مەزمۇندا ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولغانىدى. قارىغاندا، ئۇنىڭ تۈنۈگۈن سېلىۋەتكەن خېتى تېخىچە ئۇنىڭغا تەگمىگەن ئوخشايدۇ.

دېگەنىدەك، خەتنىڭ مەزمۇنى دەل ئۇ ئويلىغاندەك بولۇپ چىقتى، ئەمما شەكلى ئوخشىمايتتى، بۇ ئۇنىڭ كۆڭلىنى خېلىلا پاراكەندە قىلدى. «ئانىنىڭ كېسىلى ئېغىر، دوختۇر ئۆپكە ياللۇغى بولۇپ قاپتۇ، دەيدۇ. يالغۇز ئۆزۈم گاڭگىراپ قالدىم، ۋارۋارانىڭ ھېچقانداق ياردىمى تەگمەيۋاتىدۇ، ئەكسىچە ئىشلارغا كاشىلا بولۇۋاتىدۇ. تۈنۈگۈن، ئۈلۈشكۈن ئىككى كۈن يولۇڭغا تەلمۈردۇم. ئاخىر نەدىلىكىڭنى سۈرۈشتۈرۈپ ئادەم ئەۋەتتىم. نەدە سەن؟ نېمە بولدۇڭ؟ مەن سېنى ئىزدەپ ئۆزۈم بارماقچىدىم، لېكىن سېنىڭ خاپا بولىدىغانلىقىڭنى بىلىپ ئۇ نىيىتىمدىن ياندىم. قانداقلا بولسۇن، ماڭا جاۋاب يېزىۋەت، مەن قانداق قىلىشىمنى خېتىڭگە قاراپ بىلەي.»

بالا ئاغرىپ قالسا، مېنى ئىزدەپ بۇ يەرگە كەلمەكچى بوپتۇ. بالىنى ئاغرىپ قالدى دەپ يەنە بىرمۇنچە كىنايە قىلغىنىنى نېمىسى!

سايىلامنىڭ كۆڭۈللۈك داغدۇغىسى بىلەن ئۇنى قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلىۋاتقان مۇھەببەتنىڭ غەم - تەشۋىشىنىڭ قارىمۇقارشىلىقىنىڭ بۇنچىلىك كۈچلۈكلۈكى ۋرونسكىينى ئىختىيارسىز ھەيران قالدۇردى. لېكىن، قايتمىسا پەقەتلا بولمايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ شۇ كېچىسى تۈنجى پويىزغا ئولتۇرۇپ يېزىسىغا قايتىپ كەتتى.

# 32

ۋرونسكىي سايلامغا مېڭىشتىن ئىلگىرى، ئاننا ھەر قېتىم ئۇ سىرتقا بىر ئىشلارغا ماڭغاندا ئارىمىزدا جېدەل بولماي قالمايدۇ، بۇنداق كېتىۋەرسەك ئۇنىڭ مەندىن كۆڭلى سوۋۇپ قېلىشى ھەم مەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئۆزۈمگە قارىتالماي قېلىشىم مۇمكىن، دەپ ئويلاپ، بۇ قېتىم ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇۋېلىپ، بۇ ئاز ۋاقىتلىق جۇدالىققا چىداش قارارىغا كەلگەنىدى. لېكىن، ۋرونسكىينىڭ بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويغىلى يېنىغا كىرگەن چاغدىكى تۇتۇق چىرايى ھەم سوغۇق قاراشلىرى ئاننانىڭ يۈرىكىگە تېگىپ، ئۇ ئۆيدىن چىقماي تۇرۇپلا زورغا تۇتۇپ تۇرغان تىنچلىقى بىلەن ۋەزمىنلىكى پۈتۈنلەي بۇزۇلغانىدى.

ئاننا ئۆيدە يالغۇز قالغاندىن كېيىن، ۋرونسكىينىڭ ئەركىن يۈرۈش ھوقۇقىدىن بەھرىلىنىش ئارزۇسىنى ئىپادىلەپ تۇرغان قاراشلىرىنى قايتا - قايتا ئويلاپ، ئۆزىنى خورلۇقتا قېلىۋاتقاندەك ئويلاپ قالدى. «ئۇ قاچان ئۆيدىن چىقىپ كېتىمەن

دېسە چىقىپ كېتەلەيدىكەن، نەگە بارىمەن دېسە بارالايدىكەن. چىقىپ كېتىشلا ئەمەس، يەنە تېخى مېنى تاشلاپمۇ كېتەلەيدىكەن، نېمىلا ئىش قىلىمەن دېسە ھوقۇقلۇق ئىكەن، مېنىڭدە بولسا ھېچقانداق ھوقۇق يوق. بۇنى ئۇ بىلىدۇ، بىلىپ تۇرۇپ ئۇنداق قىلماسلىقى كېرەك ئىدىغۇ؟ لېكىن، ئۇ نېمە قىلدى؟ ... ئۇ چىرايى تۇتۇلۇپ، ماڭا يامان كۆزى بىلەن قارىدىغۇ؟ ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ ئۇ خىل قاراشلىرىنىڭ تېگىگە يەتكىلى بولمايدۇ، لېكىن بۇرۇن ئۇنداق ئەمەس ئىدىغۇ؟ ئۇنىڭ بۇ قارىشىدا نۇرغۇن مەنە بار، — ئويلايتتى ئاننا، — بۇ ئۇنىڭ مېنىڭدىن كۆڭلى سوۋۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.»

ۋرونسكىينىڭ ئۆزىدىن كۆڭلىنىڭ سوۋۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇۋاتسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا ئاننانىڭ ئامالى يوق ئىدى، ئۆزى بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ھەر نېمە قىلىپمۇ ئۆزگەرتەلمەيتتى، ئىلگىرىكىگە ئوخشاش، مۇھەببىتى ۋە ئايدەك چىرايى بىلەنلا ئۇنى تۇتۇپ تۇرۇشى مۇمكىن ئىدى. ئوخشاشلا، كۈندۈزى ئىشلار بىلەن بەند بولۇپ، كېچىلىرى مورفىن ئىچىپ، ياخشى كۆرۈلۈشتىن مەھرۇم بولۇشتىن كېلىۋاتقان غەم ـ ئەندىشىلىرىنى ئۇنتۇيتتى. توغرا، يەنە بىر چارىمۇ بار —— ئۇنىڭغا ئۇنىڭ مۇھەببىتىدىن باشقا ھېچنېمە لازىم ئەمەس —— ئۇ بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرۇش، ئۇنى ئۆزىدىن ۋاز كېچەلمەيدىغان ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇش. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن كارېنىنىدىن ئاجرىشىپ، ئاندىن ۋرونسكىي بىلەن توي قىلىش كېرەك. ئاننا ئاجرىشىش رەسمىيىتىنى ئۆتەشنى ئويلىدى ۋە قەتئىي قارارغا كەلدى. ئەمدى ئۇ ستىۋا ياكى كارېنىن نېمىلا دېسە شۇئان قوشۇلاتتى.

ئاننا ۋرونسكىي يوق بەش كۈننى ئەنە شۇنداق خىياللار بىلەن ئۆتكۈزدى.

ئاننانىڭ ۋاقتى تالا ـ تۈزگە چىقىپ ئايلىنىپ كېلىش،

كىنەز ۋارۋارا خانقىز بىلەن پاراڭلىشىش، دوختۇرخانىغا بېرىپ تۇرۇش، ئەڭ مۇھىمى، كىتاب ئوقۇش، توختىماي كىتاب ئوقۇش بىلەن ئۆتتى. ئالتىنچى كۈنى پەيتۇنكەش ۋرونسكىيسىز ئۆزى يالغۇز قايتىپ كەلگەندە، ۋرونسكىيغا بولغان سېغىنىشنى زادىلا باسالماي، ئاندىن ئۇنىڭ ئۇ يەردە نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىشكە ئالدىرىدى. دەل شۇ كۈنى قىزى ئاغرىپ قالدى. ئاننا ئۇنىڭغا ئۆزى قارىدى، شۇ ئالدىراشچىلىقتىمۇ ۋرونسكىي خىيالىدىن زادىلا نېرى كەتمىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە قىزىنىڭ كېسىلى ئانچىمۇ ئېغىر ئەمەس ئىدى. ئاننا ئۆزىنى قانچىلىك زورلىسۇن، قىزىغا مېھرىنى دېگەندەك بېرىپ كېتەلمەيۋاتاتتى، يا ئۆزىنى ئۇنى ياخشى كۆرۈۋاتقاندەك قىياپەتكە سالالمايتتى. شۇ كۈنى كېچىسى ئاننا ۋرونسكىينى ئويلاپ زادىلا بولالماي شەھەرگە بېرىش قارارىغا كەلدى، لېكىن يەنە ئىنچىكە ئويلىنىپ، ئۇ خىيالىدىن ۋاز كېچىپ، ۋرونسكىي تاپشۇرۇۋالغان ئالدى ـ كەينى زىددىيەتلىك ئاشۇ خەتنى يازدى ۋە ئوقۇپ چىقمايلا بىرىدىن ئۇنىڭغا ئەۋەتىۋەتتى. ئەتىسى ئەتىگەندە ئاننا ئۇنىڭدىن كەلگەن خەتنى تاپشۇرۇۋېلىپ، ئۇ خەتنى يېزىپ سېلىۋەتكىنىگە پۇشايمان قىلدى. «ئەمدى ئۇ ماڭا مېڭىشتىن ئىلگىرى سوغۇق نەزىرى بىلەن قارىغاندەك قارايدىغان بولدى، بولۇپمۇ بالىنىڭ كېسىلىنىڭ ئۇ دەرىجىدە ئېغىر ئەمەسلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن» دەپ ئويلاپ ئەندىشىگىمۇ چۈشۈپ قالدى. شۇنداق بولسىمۇ خەت يېزىۋەتكىنىگە يەنە خۇشالمۇ بولدى. «مەندىن ئاغرىنسا ئاغرىنىۋەرمەمدۇ، يېنىمدىلا بولسا، ئۇنى كۈندە كۆرۈپ تۇرسام، گەپ ـ سۆز، يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرىنى بىلىپ تۇرسام بولدى» دەپ ئويلىدى.

ئاننا مېھمانخانا ئۆيدە، قولىدا تېننىڭ[1] يېڭى ئەسىرى،

① تېن (1828 ــ 1893) ــ فرانسىيىلىك ئەدەبىيات نەزەرىيىچىسى، تارىخشۇناس، پەيلاسوپ، ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن «ئەنگلىيە ئەدەبىيات تارىخى»، «بەدىئىي پەلسەپە»، «19 ـ ئەسىردىكى فرانسىيە پەيلاسوپلىرىنىڭ تەتقىقاتلىرى» بار.

لامپىنىڭ تۈۋىدە ئوقۇپ ئولتۇراتتى. قولىقى تالادىكى شەپىدە، ھەر ۋاقىت پەيتۇنىنىڭ كېلىشىنى ساقلايتتى. بىرنەچچە قېتىم پەيتۇن چاقىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولدى، ئەمما ھەممە قېتىمدا خاتالىشىپ تۇردى. ئاخىرقى قېتىم ئۇ چاقنىڭلا ئاۋازىنى ئەمەس، پەيتۇنكەشنىڭ ئاتلارنى توختاتقان، لەمپىنىڭ ئاستىدا بىرىنىڭ گەپ قىلغان ئاۋازىنى ئاڭلىدى، ھەتتا قارتا بىلەن پال ئېچىپ ئولتۇرغان ۋارۋارامۇ شۇ ئاۋازلارنى ئاڭلىغانلىقىنى دەلىللىدى. ئاننا شۇئان قىزىرىپ كېتىپ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتتى، ئەمما ئالدىنقى قېتىمقىلاردىكىدەك پەسكە چۈشۈپ ئالدىغا چىقمىدى، مىدىر قىلماي جايىدا تۇرىۋەردى. لېكىن، بىردىنلا ۋرونسكىينى ئالدىغانلىقى ئۈچۈن بىرئاز نومۇس قىلىپ قالدى. ئۇنىڭ ھەممىدىن ئەنسىرەيدىغىنى ئۇنىڭ ئۆزىگە قانداق مۇئامىلىدە بولۇشى ئىدى. كۆڭلىدىكى خورلانغاندەك تۇيغۇ ئۆتۈپمۇ كەتتى، ئەمدىكى قورقۇنچىسى ئۇنىڭ خاپا چىرايىنى يەنە كۆرۈشتە ئىدى. قىزىنىڭ كېسىلى تۈنۈگۈن خەتنى ئەۋەتىۋېتىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ساقىيىپ قالغانىدى، بۇنىڭغا ئۇنىڭ شۇنچىلىك ئاچچىقى كەلدى. ئۇنىڭ خىيالى يەنە ۋرونسكىيغا، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە، ئۇنىڭ پۈتۈن تۇرقىغا كەتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى ئاڭلانغانىدى، ھەممىنى ئۇنتۇپ، قىن ـ قىنىغا پاتمىغاندەك يۈگۈرۈپ پەسكە، ئۇنىڭ ئالدىغا چۈشتى.

— ھە، ئاننى قانداق؟ — دەپ سورىدى ئەندىشە بىلەن ۋرونسكىي يۇقىرىدىن ئىتتىك چۈشۈۋاتقان ئانناغا قاراپ.

ئۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇرغانىدى، خىزمەتكار كېلىپ ئۇنىڭ ئۆتۈكىنى تارتىپ قويدى.

— ھېچ گەپ يوق، خېلى ياخشى بولۇپ قالدى.

— ئۆزۈڭچۇ؟ — دېدى ۋرونسكىي ئۈستىۋېشىنى قېقىپ تۇرۇپ.

ئاننا ئۇنىڭ بىر قولىنى قوش قوللاپ ئۆزىنىڭ بېلىگە ئېلىپ باردى، كۆزلىرىگە تىكىلدى.

— ساقىيىپ قالغىنى ياخشى بوپتۇ، — دېدى ۋرونسكىي ئانناغا، ئاننانىڭ چاچلىرىغا، ئۇستىدىكى كىيىملىرىگە سوغۇق نەزىرى بىلەن قاراپ قويۇپ. ۋرونسكىي ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ئالاھىدە ياسانغانلىقىنى قاراپلا بىلدى.

ۋرونسكىي ئۇنىڭ شۇ تۇرقىدىن ھۇزۇر ئالاتتى، ئەمما بۇنداق ھۇزۇر ئېلىشنىڭ قېتىم سانى كۆپ بولۇپ كېتىۋاتاتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ چىرايىدا ئاننا قاراشتىن قورقىدىغان مۇزغا ئوخشاش بىر ئىپادە كۆرۈنۈپ قالدى.

— بالا ساقىيىپ قېلىپ ياخشى بوپتۇ. خوش، ئۆزۈڭنىڭ سالامەتلىكى قانداق؟ — دېدى ئۇ ھۆل بولۇپ كەتكەن بۇرۇتىنى قولياغلىقى بىلەن سۈرتۈپ تۇرۇپ، ئاندىن ئاننانىڭ قولىغا سۆيۈپ قويدى.

«ماڭا بەرىبىر، — ئويلىدى ئاننا ئىچىدە، — ئۇ يېنىمدا بولسىلا بولدى. يېنىمدا بولسىلا مېنىڭدىن كۆڭلى سوۋۇپ قالمايدۇ، ياخشى كۆرمەيمۇ ئىلاجى بولمايدۇ.»

ئۇ ئىككىسى كىنەز ۋارۋارا خانقىز بىلەن بىللە بۇ كەچقۇرۇننى خۇشال ـ خۇرام ئۆتكۈزۈشتى، ۋارۋارا ئۇنىڭدىن رەنجىپ، سىز كېتىپ بۇ بىچارە يەنە مورفىنغا قالدى، دېدى.

— ئامالىم قانچە؟ ئۇخلىيالمايدىغان تۇرسام ... ئۆزۈم يالغۇز قالسام خىيالدىن باش كۆتۈرەلمەيدىكەنمەن. ئۇ بار چاغدا پەقەتلا مورفىن يېمەيمەن.

ۋرونسكىي ئۇلارغا سايلام ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەردى. ئاننا گەپكە ئۇستا بولغاچقا، ھەر خىل سوئاللار بىلەن ۋرونسكىينى ئۆزىگە ئەڭ ياقىدىغان ئىشلار — ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى توغرۇلۇق سۆزلەتكۈزدى. ئۆزىمۇ ئۇ قىزىقىدىغان ھەممە ئۆي ئىشلىرى ئۇستىدە سۆزلەپ بەردى. ئۇ سۆزلىگەن ھەر خىل ئىشلار ئادەمنى شۇنچىلىك خۇشال قىلاتتى.

تۈن يېرىملىشىپ ئىككىسى يالغۇز قالغاندا، ئاننا ئۇنى يەنە ئۆزىگە پۈتۈنلەي مەپتۇن قىلىۋالغانلىقىنى ھېس قىلدى ۋە

ھېلىقى خەت بىلەن پەيدا بولغان كۆڭۈلسىزلىكنى ئۇنىڭ كۆڭلىدىن كۆتۈرىۋېتىش ئۈچۈن:

— راستىڭنى ئېيتقىنا، مېنىڭ خېتىمنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ماڭا خاپا بولدۇڭمۇ؟ مېنىڭ دېگەنلىرىمگە ئىشەنمىدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى.

شۇ گەپ ئاغزىدىن چىقىش بىلەن تەڭ، ئاننا ئۇنىڭ ھازىر ئۆزىگە شۇنچىلىك قىزغىن بولۇۋاتىسىمۇ، ئەمما مۇشۇ ئىش ئۇستىدە ئۆزىنى كەچۈرمەيدىغانلىقىنى تېزلا چۈشىنىپ يەتتى.

— راست، — دېدى ۋرونسكىي، — ئۇ خېتىڭ بەكمۇ قورقۇنچلۇق. بىردە ئاننىنى ئاغرىپ قالدى دەپ، بىردە ئۆزۈم بارماقچى بولغان، دەپ يېزىپسەن.

— ئۇنىڭ ھەممىسى راست گەپلەر.

— راستلىقىدىن گۇمانلانغىنىم يوق.

— ياق، گۇمانلاندىڭ. خۇشال ئەمەسسەن، كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن.

— راست، قىلچە گۇمان قىلمىدىم، ئاززاق خاپا بولدۇم، بۇ ھەق گەپ. مېنىڭ يەنە قىلىدىغان ئىشلىرىمنىڭ بارلىقى بىلەن ھېسابلاشمىغىنىڭ ئۈچۈن خاپا بولدۇم ...

— كونسېرتقا بارىدىغان ئىشىڭمۇ؟ ...

— بولدىلا، بۇ گەپنى قىلىشمايلى! — دېدى ۋرونسكىي.

— نېمىشقا بۇ گەپنى قىلىشمايدىكەنمىز؟ — دېدى ئاننا.

— مەن ئۇ گەپنى قىلمىسا بولمايدىغان ئىشلارغا قارىتىپ دېگەن. مەسىلەن، مەن ئۆيىنىڭ مەسىلىسى بىلەن موسكۋاغا بارماقچى بولۇۋاتىمەن ... ئۇھ، ئاننا، سەن نېمە ئۈچۈن شۇنچە تېرىككەك بولۇپ كەتتىڭ ـ ھە؟ مېنىڭ سېنىڭسىز ياشىيالمايدىغانلىقىمنى بىلمەيدىغان ئوخشىمامسەن؟

— ئەگەر شۇنداق بولسا، — دېدى ئاننا بىردىن ئاۋازىنى ئۆزگەرتىپ، — سەن بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدىن زېرىككەن ئوخشىمامسەن. ھىم، قايتىپ كېلىپ بىر كۈن تۇرۇپلا يەنە

كەتمەكچى بولۇۋېتىپسەن ـ دە، خۇددى ئاشۇ ...

— ئاننا، سەن تولىمۇ يولسىزلىق قىلىۋاتىسەن. مەن سەن ئۈچۈن پۈتۈن ھاياتىمنى قۇربان قىلىشقا تەييارغۇ ...

لېكىن، ئاننا ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىدى.

— ئەگەر سەن موسكۋاغا بارساڭ، مەنمۇ بارىمەن، مەن بۇ يەردە ئۆزۈم يالغۇز قالمايمەن. ئىككىمىز يا ئايرىلىپ كېتىمىز، يا بىللە ياشايمىز.

— ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن، مېنىڭ بىردىنبىر ئارزۇ قىلىدىغىنىممۇ شۇ. ئەمما، بۇنىڭ ئۈچۈن ...

— چوقۇم نىكاھدىن ئاجرىشىشىم كېرەك، شۇنداقمۇ؟ مەن ئۇنىڭغا خەت يازىمەن، مەن ئەمدى بۇنداق ياشاۋېرىشنى خالىمايمەن ... ئەمما، سېنىڭ بىلەن چوقۇم موسكۋاغا بىللە بارىمەن.

— سەن ماڭا تەھدىت سالغاندەك قىلىۋاتىسەن. ئەگەر بىلسەڭ، مەن سېنىڭدىن مەڭگۈ ئايرىلمايمەن، مېنىڭ بۇنىڭدىن ئارتۇق ھېچقانداق ئارزۇيۇممۇ يوق، — دېدى ۋرونسكىي كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.

لېكىن، ئۇ شۇنداق يېقىملىق گەپ قىلغىنى بىلەن، كۆزلىرىدىن يەنە شۇنداق سوغۇق ۋە ئاچچىق چاقناپ تۇراتتى، شۇ تۇرقى بەئەينى ماڭارغا يول تاپالماي، ئۆزىنىڭ ھايات ـ ماماتى بىلەنمۇ كارى بولمايۋاتقان ئادەمنىڭ تۇرقىغا ئوخشايتتى.

ئاننا ئۇنىڭ قاراشلىرىدىكى ئۇ ھالەتنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ھەقىقىي مەنىسىگە يەتكەندەك بولدى.

«ئەگەر سەن بۇ گېپىڭدە چىڭ تۇرۇۋالساڭ، ئۇ چاغدا ئۇ بىزنى بەختسىزلىككە ئېلىپ بارىدۇ» 'دەيتتى ۋرونسكىينىڭ كۆزلىرىدە چاقنىغان شۇ نۇر. بۇ دەقىقە ئىچىدىكى تەسىرات بولسىمۇ، ئەمما ئاننا ئۇنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ كېتەلمەيتتى.

ئاننا ئېرىگە نىكاھدىن ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلىپ خەت يازدى. ئۇنىنچى ئاينىڭ ئاخىرىدا پېتېربۇرگقا قايتىپ كەتمەكچى

بولغان كىنەز ۋارۋارا خانقىز بىلەن خوشلىشىپ، ۋرونسكىي بىللە موسكۋاغا كۆچۈپ كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار كارېنىندىن جاۋاب كېلىپ ئاجرىشىش رەسمىيىتىنى ئۆتىۋالساق، ئاندىن توي قىلىمىز، دېگەن ئارزۇ بىلەن موسكۋادا ئەر ـ خوتۇندەك ياشاپ يۈرىۋەردى.

*Anna Karenina*

# یەتتنچی قسسم

# 1

لېۋىن ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ موسكۋادا تۇرۇۋاتقىنىغا ئىككى ئايدىن ئاشتى. تەجرىبىلىك ئاياللارنىڭ ھېسابلىشىچە، كىتىنىڭ يەڭگىيدىغان ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەنىدى، لېكىن تېخىچە يەڭگىمەي تۇرۇۋاتاتتى ھەم ئىككى ئايدىن ئىلگىرىكىگە قارىغاندا ھازىر تۇغۇتى يېقىنلىشىپ قىلىۋاتىدۇ، دەيدىغان ھېچقانداق بىر ئالامەتمۇ يوق ئىدى. دوختۇرمۇ، تۇغۇت ئانىسىمۇ، ئاپىسىمۇ، بولۇپمۇ تۇغۇتنىڭ يېقىنلىشىپ قالغانلىقى بىلەن تېخىمۇ بەك ئەندىشىگە چۈشۈپ قېلىۋاتقان لېۋىنمۇ كۈندىن ـ كۈنگە بىئارام بولۇپ تۇرۇۋاتاتتى، بىر كىتىلا بۇرۇنقىغا ئوخشاش ئۆزىنى تىنىچ ۋە بەختلىك سېزىپ يۈرۈۋاتاتتى.

كىتى كەلگۈسىدىكى بالىسىغا —— ئۇ بەزىدە بالىسىنى تۇغۇلۇپ بولغاندەكمۇ ئويلاپ قالاتتى —— ئىچ ـ ئىچىدىن بىر خىل مېھىر ـ مۇھەببەت ئويغىنىۋاتقانلىقىنى تولىمۇ روشەن ھېس قىلاتتى ھەم بۇ خىل يېڭىچە ھېسسىيات دولقۇنلىرى ئىچىدە خۇشال ئۈزۈپ يۈرەتتى. ئارىلاپ ئۇنىڭغا بالا قورسىقىدا ئۆزى بىلەن بىر جان، بىر تەن ئەمەس، ئاللىقاچان ئۆزىدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل ياشاۋاتقاندەكمۇ تۇيۇلۇپ كېتەتتى. بەزىدە شۇ خىيال بىلەن جىمىپ قالاتتى ھەم شۇ خىل يېڭىچە خۇشاللىق ئىچىدە ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ كۈلۈۋەتكۈسىمۇ كېلەتتى.

ئۇنىڭ ياخشى كۆرىدىغان ئادەملىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ يېنىدا، ئۇنىڭغا شۇنچىلىك مېھرىبان، شۇنچىلىك كۆيۈمچان ئىدى، ھەممە ئىشتا ئۇنى رازى قىلىشقا تىرىشاتتى، شۇڭا ئۇزاققا بارماي بۇ ئىشلار ئاياغلاشقاندىمۇ ئۇنىڭ ئارمىنى قالمايتتى، ئۇنىڭدىنمۇ گۈزەل تۇرمۇشقا ئىنتىلىپمۇ كەتمەيتتى.

بىرلا يېرى، ئېرى ئۆزى ئىلگىرى ياخشى كۆرگەن چاغلىرىدىكىدەك، يېزىدىكى ۋاقىتلىرىدەك ئەمەس ئىدى.

يېزىدىكى چاغلاردا كىتى ئۇنىڭ يېقىملىق، مۇلايىم، كۆيۈمچان، مېھماندوست خاراكتېرىنى ياخشى كۆرەتتى. شەھەرگە كەلگەندىن كېيىن دائىملا ئالاقزادە، خۇددى باشقىلارنىڭ ئۆزىنى، بولۇپمۇ كىتىنى بوزەك قىلىشلىرىدىن قورقۇپ تۇرۇۋاتقاندەك يۈرىدىغان بولۇپ قېلىۋاتاتتى. يېزىدىكى چاغدا لېۋىن ئۆزىنى ئازادە قويۇۋېتىپ يۈرەتتى، بەكمۇ ۋاقىت قوغلىشىپ كەتمەيتتى، شۇنداقتىمۇ بىكار ۋاقتى يوق ئىدى. شەھەرگە كەلگەندىن كېيىن خۇددى قولىدىن چىقىپ كېتىۋاتقان بىر ئىشى باردەك دائىملا ئالدىراش يۈرىدىغان بولۇپ قالدى، ئەمما تۇتۇپ قىلىدىغان ئىشى يوق ئىدى. شۇلارغا قاراپ كىتىنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ قالاتتى. ئەمما، باشقىلارنىڭ نەزىرىدە ئۇ ئۇنداق ئادەمنىڭ ئىچى ئاغرىپ قالىدىغان ئادەم ئەمەس، دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە ئىدى. ئەر ـ خوتۇنلار بىللە بولىدىغان سورۇنلاردا ــ بەزى ئاياللار ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئادەملىرىگە ئارىلاپ دىققەت قىلىپ قالىدىغاندەك، كىتىمۇ بىر چەتتە تۇرۇپ، ئۇنىڭ باشقىلارغا قانداق تەسىر بېرىدىغانلىقىنى كۆزىتىپ باقاتتى ــ كىتى بىر خىل رەشك بىلەن ئۇنى كۆزىتىپ، ئۇنىڭ ئۆزى ئويلىغاندەك بىچارە ئەمەس، بەلكى كىچىكىدىن ياخشى تەربىيىلەنگەن، ئەخلاقلىق، ئاياللارغا ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان، نومۇسچان، سالاپەتلىك، بەقۇۋۋەت، بولۇپمۇ كىتى ياخشى كۆرىدىغان ھەر خىل ئىپادىلەرگە باي چىرايىغا ئىگە، ھەممىلا ئادەمنىڭ ئامراقلىقى كېلىدىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلاتتى. كىتى كۆپرەك ئۇنىڭ چىرايىغا ئەمەس، يۈرىكىگە باقاتتى. نېمىشقىدۇر، لېۋىن شەھەرگە كېلىپ بىر قىسما بولۇپ قېلىۋاتاتتى، يا كىتى ئۇنىڭ سەۋەبىنى بىلمەيتتى. بەزىدە ئۇنىڭ شەھەر تۇرمۇشىغا كۆنەلمىگەنلىكىدىن ئاغرىنىپمۇ قالاتتى، بەزىدە شەھەردىكى تۇرمۇشنى كۆڭلىدىكىدەك

ئورۇنلاشتۇرالمىغانلىقىغا ئىقرار بولۇپمۇ قالاتتى.

راست، ئۇنىڭ نېمە ئامالى بولسۇن؟ ئۇ يا قارتا ئوينىمىسا، يا كۇلۇبلارغا بېرىپ ئويناپ كەلمىسە. كىتى ئوبلونسكىيغا ئوخشاش ئويۇن ـ تاماشا بىلەنلا ئۆتىدىغان ئەرلەرنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى مانا ئەمدى چۈشىنىشكە باشلىدى ... ئۇلار ھاراقنى بولۇشىچە ئىچىپ، ئاندىن كۆڭۈللىرىنى ئېچىپ كېلىشكە بىر يەرلەرگە كېتىشىدۇ. كىتى ئۇلارنىڭ شۇنداق چاغلاردا نەلەرگە بارىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ئىختىيارسىز شۈركىنىپ كەتتى. ئۇ لېۋىننى ئويۇنخانىلارغا بار دېسۇنمۇ؟ كىتى ئۇ يەرلەردە ئەرلەر ياش ئاياللار بىلەن بىر يەردە بولسا، ئاندىن كۆڭۈللۈك ئوينايدىغانلىقىنى بىلىدۇ، لېكىن كىتى ئۇنىڭ ئۇنداق قىلىشىنى خالىمايدۇ. ئۇنى ئۆزى، ئاپىسى، ئاچا ـ سىڭىللىرى بىلەن كەچكىچە ئۆيدە بىللە ئولتۇرغۇزۇپ قويسۇنمۇ؟ كىتىغۇ ئۇلار بىلەن بىللە بولۇپ «ئۇنىڭ ـ بۇنىڭ گەپلىرىنى قىلىشىپ» —— قېرى گراف ئاچا ـ سىڭىللارنىڭ پاراڭلىرىنى شۇنداق تەرىپلەيتتى —— ئولتۇرسا كۆڭلى ئېچىلىپ قالىدۇ، لېكىن لېۋىن ئوخشىمايدۇ ـ دە. ئۇنىڭغا ئۇنداق ئولتۇرۇش ئىنتايىن مەنىسىز، ئەلۋەتتە. ئۇنداق بولسا، ئۇ زادى قانداق ئىش بىلەن شۇغۇللانسا بولار؟ داۋاملىق كىتابىنى يازسۇنمۇ؟ ئۇ شۇنداقمۇ قىلىپ باقتى، كۇتۇپخانىلارغا بېرىپ كىتاب ئوقۇپ، ماتېرىيال يىغىپمۇ كەلدى. لېكىن، خۇددى ئۇ ئۆزى دېگەندەك، بىر ئىشلارنى قىلغانسېرى ۋاقتى شۇنچە ئازلاپ كەتتى. ئۇ تېخى كىتىگە بۇ يەردە كىتابى توغرۇلۇق كۆپ گەپ قىلغانسېرى كاللىسىنىڭ ئېلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن، قىزىقىشىنىڭ سۇسلاپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ئاغرىنىپ بىرمۇنچە گەپلەرنىمۇ قىلدى.

شەھەر تۇرمۇشىنىڭ ئۇلارغا ئېلىپ كەلگەن بىرلا ياخشىلىقى، ئىككىسى بىر قېتىممۇ گەپ تەرگىشىپ قالمىدى. شەھەر شارائىتى ئوخشىمامدۇ ياكى ئۇلار بۇ جەھەتتە بۇرۇنقىدىن

ئېھتىياتچان ھەم ئەقىللىق بولۇپ قالدىمۇ، ئىشقىلىپ، موسكۋادا تۇرۇۋاتقان كۈنلىرىدە رەشك ۋە باشقا سەۋەبلەر بىلەن پەقەتلا بىر ـ بىرىگە تەتۈر قاراشمىدى، موسكۋاغا يېڭى كەلگەن كۈنلىرىدە شۇنداق ئىشلارمۇ بولۇپ قالارمۇ دەپ بەكمۇ ئەنسىرەشكەنىدى.

بۇنداق ئىشلار بولمىدىمۇ ئەمەس، بولدى، ئەمما ئۇ دەرىجىدە ئەمەس، پەقەت كىتىنىڭ ۋرونسكىي بىلەن كۆرۈشكەنلىكى توغرۇلۇق ئازراقلا گەپ بولۇپ ئۆتۈپ كەتتى.

كىتىنىڭ چوقۇندۇرغۇچى ئانىسى مارىيە پورسوۋنا خانىم كىتىنى بۇرۇندىن ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى، موسكۋاغا كەلگەندىن كېيىن ئۇ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمىسەم بولمايدۇ، دەپ تۇرۇۋېلىۋالدى. كىتى ئېغىرئاياغ بولغاچقا، ئۇنى ھۆرمەتكە سازاۋەر ئۇ خانىم بىلەن كۆرۈشتۇرۈپ كېلىشكە دادىسى بىللە ئېلىپ باردى. شۇ يەردە ئۇ ۋرونسكىي بىلەن كۆرۈشۈپ قالغانىدى.

شۇ قېتىمقى ئىشتا كىتىنىڭ ئۆزىنى ئەيىبلەيدىغىنى، ئادەتتىكىدەك كىيىنىۋالغان ئۇ ئادەمنى تونۇغاندىن كېيىن، نەپىسىنىڭ تېزلىشىپ، تومۇرلىرىدىكى قانلىرىنىڭ ئىتتىكلەپ، يۈرىكىنىڭ قاتتىق سېلىپ كەتكەنلىكى ۋە قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتكەنلىكى ئىدى. لېكىن، بۇ خىل ئەھۋال بىرنەچچە سېكۇنتلا داۋاملاشتى. شۇ ئارىلىقتا دادىسى ۋرونسكىي بىلەن ئەتەي ئۈنلۈك سۆزلىشىپ تۇردى، كىتى ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ، ئۇ ئىككىسىنىڭ پارىڭى تۈگىگۈچە روھىي جەھەتتە تەييارلىنىۋالدى. ئەمدى ئۇ ۋرونسكىيغا دادىل يۈزلىنەلەيتتى، زۆرۈر تېپىلغاندا خۇددى كىنەز مارىيە خانىم بىلەن پاراڭلاشقاندەك ئەركىن ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن بىر ـ ئىككى ئېغىز پاراڭلىشالايتتى. ئەڭ مۇھىمى، ھەربىر سۆز ـ ھەرىكىتى، سۆزلىرىنىڭ ھەر بىر ئىنچىكە تەلەپپۇزلىرى ۋە كۈلكىلىرى ئىدى، بۇنىڭ ھەممىسىنى ئېرى قوبۇل قىلالايدىغان دەرىجىدە قىلىشى، خۇددى ئېرىنى شۇ تۇرقىدا يېنىدا ئولتۇرۇۋاتقاندەك

ئويلىشى كېرەك ئىدى.

كىتى ۋرونسكىي بىلەن بىرنەچچە ئېغىز پاراڭلاشتى. ۋرونسكىي چاقچاق قىلىپ سايلامنى «بىزنىڭ پارلامېنت» دەپ ئاتىغانىدى، كىتىگە قىزىق تۇيۇلۇپ كېتىپ، تىنچقىنا كۈلۈپ قويدى (بۇ يەردە ئۇ بۇ گەپنى چاقچاق دەپ چۈشەنگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ كۈلۈپ قويۇشى زۆرۈر ئىدى). شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كىنەز مارىيە خانىمغا يۈزلىنىپ، ۋرونسكىي ئورنىدىن تۇرۇپ خوشلاشقۇچە ئۇنىڭغا بىر قېتىممۇ قاراپ قويمىدى، ئۇ چىقىپ كېتىدىغان چاغدىلا قارىدى، ۋرونسكىي ئۇنىڭغا تەزىم قىلىپ خوشلىشىۋاتقاندا قارىماسلىق ئەدەپسىزلىك بولاتتى.

كىتى دادىسىدىن تولىمۇ رازى بولدى، چۈنكى ئۇ ۋرونسكىي بىلەن ئۇچرىشىپ قالغانلىق توغرۇلۇق ئۇنىڭغا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن سىرتلارغا ئايلىنىپ كەلگىلى بىللە چىققانلىرىدا دادىسى ئۇنىڭغا بۆلەكچىلا ئامراقلىق قىلىدىغان بولۇپ قالدى، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ شۇ چاغدىكى ھەرىكىتىدىن ئىنتايىن رازى بولغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. كىتىمۇ ئۆزىدىن بەك رازى ئىدى، ئۆزىنىڭ ۋرونسكىيگە بولغان كونا مۇھەببىتىنى ئىچىگە شۇنچىلىك زور كۈچ بىلەن پۈتۈنلەي دېگۈدەك بەند قىلىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى ئاشۇنداق خىرامان، ئاشۇنداق ئەركىن تۇتالايمەن دەپ ھەرگىز ئويلاپ باقمىغانىدى.

ئۇ لېۋىنغا كىنەز مارىيە پورسوۋنا خانىمنىڭ ئۆيىدە ۋرونسكىي بىلەن ئۇچرىشىپ قالغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى، لېۋىن گەدىنىگىچە قىزىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۇ سۆزى تۈگىگۈچە بىر ئېغىزمۇ گەپ سورىماي ئۇنىڭغا قادىلىپ ئولتۇرغاچقا، كىتى تەستە ئېغىز ئاچقان بۇ ئىشنىڭ تەپسىلاتلىرىنى سۆزلىگۈچە تېخىمۇ قىينالدى ۋە ئوسانلاشتى.

— ئەپسۇس، شۇ چاغدا سەن يوق ـ دە، — دېدى كىتى، — مەن سېنى شۇ ئۆيدە يوق بولۇپ قالدىڭ دېمەكچى ئەمەس، ئەگەر

سەن بولغان بولساڭ ... مەن ئۈنچىلىك ئەركىن بولالمايتتىم ... ئۇ چاغدا مەن ھازىرقىدىنمۇ بەكرەك قىزىرىپ كەتكەنىدىم، شۇنچىلىك قىزىرىپ كەتكەن، — ئۇ بۇ گەپنى قىلىۋاتقاندىمۇ قىزىرىپ يىغلىۋېتىشكە تاس قېلىۋاتقاندەك ئولتۇردى، — ئەگەر ئىشكىنىڭ يوچۇقىدىن قاراپ تۇرغان بولساڭ بىلەتتىڭ.

لېۋىن ئۇنىڭ سەممىيلىكى چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ قىلغان سۆزلىرىگە ئىشەندى. كىتى ئۆزىنىڭ شۇ چاغدىكى ئىشىدىن رازى ئىدى، قىزىرىپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، لېۋىن ئۇنىڭدىن خاتىرجەم ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭدىن ئۇ جاۋاب بېرىشنى خالايدىغان ئەھۋاللارنى سوراشقا باشلىدى. ئۇ بارلىق ئىشلارنىڭ تەپسىلاتىنى بىلىپ، ھەتتا كىتىنىڭ دەسلەپتە ئىختىيارسىز قىزىرىپ كېتىپ، ئارقىدىنلا يەنە ھېچ ئىش بولمىغاندەك خاتىرجەم ئولتۇرغانلىقىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇشال بولدى، ئۇنىڭغا تۇتقان مۇئامىلىسىدىن رازى بولدى، ئۆزىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن سايلام ۋاقتىدىكىدەك ئۇنداق قوپال ئىشلارنى ھەرگىز قىلمايدىغانلىقىنى، ۋرونسكىي بىلەن يەنە ئۇچرىشىپ قالسا ئۇنىڭغا چوقۇم ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى دېدى.

— بۇرۇن مەن دۇنيادا ئەسلىدىنلا مەۋجۇت ئەمەس رەقىبلىرىمنى ئويلىسام بەكمۇ بىئارام بولاتتىم، — دېدى لېۋىن، — ھازىر خۇشال بولىدىغان، بەكمۇ خۇشال بولىدىغان بولدۇم.

## 2

— پاۋل ئەر - خوتۇن ئىككىسىنى يوقلاپ قويغىن! — دېدى كىتى مېڭىشتىن ئىلگىرى ئۆزىنى كۆرگىلى كىرگەن لېۋىنغا، — كەچتە سېنىڭ كۇلۇبقا تاماقا بارىدىغانلىقىڭدىن

خەۋىرىم بار، دادام ساڭا تاماق بۇيرۇپ قويۇپتۇ. چۈشتىن بۇرۇن نېمە ئىش قىلماقچى بولۇۋاتىسەن؟

— كاتاۋاسوفنىڭ يېنىغا بارماقچىمەن، — دېدى لېۋىن ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ.

— ئۇنىڭكىگە نېمىشقا بۇنداق ئەتىگەندە بارىسەن؟

— ئۇ ماڭا مېتروفنى تونۇشتۇرۇپ قويماقچىدى. ئۇنىڭ بىلەن يېزىۋاتقان كىتابىم توغرۇلۇق پاراڭلاشماقچىمەن. ئۇ پېتېربۇرگدا نامى بار ئالىم، — دېدى لېۋىن.

— ئۆتكەندە سەن بۆلەكچىلا ماختاپ كەتكەن ماقالە شۇنىڭ ماقالىسىمىدى؟ خوش، ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟ — دېدى كىتى يەنە.

— ھەددەمنىڭ ئىشلىرى بىلەن سوتقا بېرىشىم مۇمكىن.

— مۇزىكا كېچىلىكىگە بارمايدىغان ئوخشىمامسەن؟

— ئۆزۈم يالغۇز بارسام ئۇنىڭ نېمە مەنىسى بولسۇن؟

— ياق، بېرىۋەرگىن، يېڭى نومۇرلار بولۇشى مۇمكىن ... بۇرۇندىن ياخشى كۆرەتتىڭغۇ، بېرىۋەرگىن.

— قانداقلا بولسۇن، كەچلىك تاماقتىن ئىلگىرى چوقۇم قايتىپ كېلىمەن، — دېدى لېۋىن سائىتىگە قاراپ قويۇپ.

— كاستۇم - بۇرۇلكاڭنى كىيىۋال، پاۋللارنىڭكىگە بېرىپ قالساڭمۇ ياخشى.

— ئۇلارنىڭكىگە بارمىسام زادى بولمامدۇ؟

— بارمىساڭ راستىنلا بولمايدۇ، ئۇلار بىزنى يوقلاپ كەلگەن. بارساڭ نېمەڭ كېتىدۇ؟ بېرىپ بىردەم ئولتۇرىسەن، ئۇنى - بۇنى پاراڭلاشقۇچە ۋاقىتمۇ بىر يەرگە بارىدۇ، قايتىسەن شۇ !

— سەندىن يوشۇرمايمەن، قۇرۇق پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇش بىلەن خۇشۇم يوق، غەلىتىلا بولۇپ قالىدىكەنمەن. ئۇنداق قىلىپ نېمە كەپتۇ؟ تونۇشمايدىغان بىر ئادەمنىڭكىگە بېرىپ، ھېچبىر گەپ - سۆزسىزلا ئۇلار بىلەن قۇرۇق پاراڭلىشىپ ئولتۇرسام، ئۇلارنى ئاۋارە قىلىپ قويىمەن ھەم ئۆزۈممۇ ئەركىن

بولالمايمەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە بىردەم ئولتۇرۇپلا كېتىدىكەنمەن.
كىتى كۈلۈپ كەتتى.
— بويتاق ۋاقتىڭدىمۇ باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ ئولتۇرۇپ كېلەتتىڭكەنسەنغۇ؟
— بېرىشىم بارغان، ئەمما ئەركىن بولالمىغان، ھازىر تېخىمۇ شۇنداق بولۇپ قېلىۋاتىمەن. راستىمنى دېسەم، ئىككى كۈن تاماق يېمەسلىككە رازىمەن، ئەمما ئۇنداق زىيارەتنى خالىمايمەن. بارسام بىر خىللا بولۇپ قالىدىكەنمەن. باشقىلارنىڭ: «ئىشى يوق ئادەممۇ نېمە بۇ، نېمىگە كېلىدىغاندۇ» دەپ خاپا بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن.
— ياق، ھېچكىم خاپا بولمايدۇ، ھۆددە قىلالايمەن، — دېدى كىتى ئۇنىڭ چىرايىغا كۈلۈپ قاراپ ۋە ئىككى قولىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ، — ھىم، خەير ... ئۇنداق قىلماي بېرىپ كەلگىن.
لېۋىن قولىنى خوتۇنىنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ ماڭاي دەپ تۇراتتى، كىتى ئۇنى توختىتىۋالدى:
— كونستانتىن، ساڭا دېسەم، يېنىمدا ئەللىك رۇبلىلا پۇل قالدى.
— ھە، ئۇنداق بولسا مەن بانكىغا بېرىپ پۇل ئېلىپ كېلەي. قانچىلىك لازىم؟ — دېدى لېۋىن كىتىگە تونۇش بولغان خاپا چىرايدا.
— ياق، توختا، — دېدى كىتى ئېرىنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، — بىز ئوبدان بىر سۆزلىشەيلى، بۇ ئىش مېنى ئازراق غەمگە سېلىپ قويىۋاتىدۇ، خەجلىگىنىمىزنىڭ تايىنى يوق، پۇل سۇدەك كېتىۋاتىدۇ. بىز قانداقتۇر بىر ئىشنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرالمىدۇقمۇ، قانداق.
— ئۇنداق ئىش يوق، — دېدى لېۋىن گېلىنى قىرىپ، قاپاقلىرى تۈرۈك ھالدا كىتىگە قاراپ قويۇپ.
كىتى ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن گېلىنى قىرىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى، ئۇنىڭغا ئەمەس، ئۆزىگە ئاچچىقى كېلىپ قالغاندا

شۇنداق قىلاتتى. ئۇنىڭ شۇ تۇرقىدا راستتىنلا ئاچچىقى كېلىۋاتاتتى، پۇلنىڭ كۆپ خەجلىنىپ كېتىۋاتقىنىغا ئەمەس، ئۆزى ئۇنتۇپ كېتىشكە ئۇرۇنۇۋاتقان بىر ئىشقا ئاچچىقى كېلىپ قالغانىدى.

— مەن سوكولوفقا بۇغداينى سېتىۋېتىشنى، تۇگمەننىڭ ئىجارىسىنى يىغىۋېلىشنى تاپشۇرغان. شۇ ئىشلار پۈتسە پۇلمۇ بار بولىدۇ.

— ياق، مەن پۇلنىڭ جىق خەجلىنىپ كېتىۋاتقىنىدىن ئەنسىرەپ قىلىۋاتىمەن ...

— جىق ئەمەس، جىق ئەمەس، — دېدى لېۋىن قايتا - قايتا دەپ، — خەير، مەن كەتتىم، ئامرىقىم.

— ياق، راستىمنى دېسەم، بەزىدە ئاپامنىڭ گېپىگە كىرگىنىمگە پۇشايمان قىلىپمۇ قالىمەن. يېزىدا تۇرىۋەرگەن بولساق قانداق ياخشى بولاتتى. بۇ يەرگە كېلىپ ھەممىڭلارنى جاپادا قويدۇم، پۇلمۇ ...

— پۇل جىق خەجلەنمىدى، جىق خەجلەنمىدى. بىز توي قىلغاندىن بۇيان، ھازىرقىدىنمۇ ياخشى ياشايمىز، دېگەندەك ئارزۇلاردا بولۇپ باقمىغانمەن ...

— راستمۇ؟ — دېدى كىتى ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ تۇرۇپ.

لېۋىن بۇ گەپنى ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىش ئۈچۈن ھېچبىر ئويلانمايلا دېگەنىدى. گەپنى دەپ بولۇپ ئىتتىك ئۇنىڭغا قاراپ، ئۇنىڭ سەممىي ۋە ئوماق كۆزلىرىنىڭ ئۆزىگە سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى ۋە چىن نىيەت، چىن كۆڭلى بىلەن: «مەن ئۇنى ئېسىمدىن چىقىرىپ قويۇۋاتىمەنمۇ قانداق» دەپ ئويلاپ قالدى، پات ئارىدا بولىدىغان ئىشنى يادىغا ئېلىپ، يەنە دەررۇ ئېسىگە كەلدى.

— ئاز قېلىۋاتامدۇ؟ ئۆزۈڭنى قانداقراق ھېس قىلىۋاتىسەن؟ — سورىدى لېۋىن ئۇنىڭ ئىككى قولىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ بوش ئاۋازدا.

— بۇرۇن جىق ئويلاپ كېتەتتىم، ھازىر ئويلىمايدىغانلا بولدۇم، نېمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىنىمۇ ھەم بىلمەيمەن.

— قورقماسەن؟

كىتى سۈس كۈلۈپ قويدى.

— ياق، قىلچىلىكمۇ قورقمايمەن، — دېدى ئۇ.

— بىرەر ئىش بولۇپ قالسا، مېنى كاتاۋاسوفنىڭ ئۆيىدىن ئىزدەڭلار.

— ياق، ياق، ھېچ ئىش بولمايدۇ، خاتىرجەم بولغىن. دادام بىلەن دەرەخلىك يولغا بېرىپ ئايلىنىپ كېلىمىز، ئۇ يەردىن يېنىپ دوللىنىڭ ئۆيىگە بارىمىز، ئاڭغىچە سەنمۇ كەچلىك تاماققا قايتىپ كېلىسەن. ھە راست، بىلەمسەن، دوللىنىڭ ئەھۋالى تولىمۇ يامان، قەرزگە بوغۇلۇپ كېتىپتۇ، يېنىدا بىر تىيىنمۇ يوق. تۈنۈگۈن ئاپام بىلەن ئارسېنىي (ئۇ ھەدىسىنىڭ ئېرى لۋوفنى شۇنداق ئاتايتتى) ئۈچىمىز پاراڭلىشىپ ستىۋانىڭ ئەدىپىنى بېرىپ قويايلى، دېيىشتۇق. ئۇنىڭ ئىشلىرى زادىلا قاملاشمىدى. بۇ ئىشنى يا دادامغا دېگىلى بولمايدۇ ... ئەگەر سەن ئۇنىڭ بىلەن ...

— ئۇنىڭغا بىزنىڭ نېمە ئامالىمىز بار؟ — دېدى لېۋىن.

— قانداقلا بولسۇن، سەن ئارسېنىينىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ باققىن، ئۇ بىزنىڭ قانداق ئويغا كەلگەنلىكىمىزنى ساڭا دەپ بېرىدۇ.

— بولىدۇ، ئارسېنىينىڭ پىكرىنى مەن قوللايمەن، قايتىشىمدا باراي. يەنە بىر گەپ، ئەگەر مەن كونسېرت كۆرگىلى بېرىپ قالسام ناتالىيە بىللە بارىمەن. بولىدۇ، مەن كەتتىم.

لېۋىن دەرۋازا ئالدىغا چىقىپ تۇراتتى، كونا خىزمەتكارى كۇزما — ئۇ لېۋىن توي قىلىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولغان، ھازىر لېۋىننىڭ شەھەردىكى بىساتىنى باشقۇرۇۋاتاتتى — ئۇنى توسۇۋالدى.

— بىزنىڭ ئۇ چىرايلىق خوجامغا (يېزىدىن ئېلىپ كەلگەن

سول تەرەپكە قاتىدىغان ياندىق ئات) تاقا قاقتۇرغان، يەنە ئاقساۋاتىدۇ، — دېدى كۇزما ئۇنىڭغا، — ئۇنى قانداق قىلساق بولار؟

موسكۋاغا يېڭى كەلگەندە، لېۋىن يېزىدىن ئېلىپ كەلگەن ئاتلىرىغا بەكمۇ كۆڭۈل بۆلگەن، ئامال بار ئۇلارنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشقا، ئۇلارغا ئاز پۇل خەجلەشكە تىرىشقانىدى. لېكىن، ئويلىمىغان يەردىن ئۆزىنىڭ ئاتلىرىنىڭ ئىجارىگە ئېلىپ كەلگەن ئاتلارغا قارىغاندا چىقىمى كۆپ بولۇپ كېتىپ، ئامالسىز پەيتۇن ئىجارىگە ئېلىپ شۇنىڭغا ئولتۇرۇۋاتاتتى.

— مال دوختۇرىنى چاقىرىپ كېلىپ كۆرسىتىپ باق، تېشىرقاپ قالغان ئوخشايدۇ.

— كاتېرىنا ئالېكساندروۋنانى قانداق قىلىمىز؟ — سورىدى كۇزما.

قوش ئاتلىق چوڭ پەيتۇننى كىرا قىلىپ شەھەرنىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغا چارەك چاقىرىم يول يۈرسە، ئوتتۇرىدا بىرەر يەرگە كىرىپ تۆت سائەت ساقلاتسا، كىرا ھەققىگە بەش رۇبلى كېتەتتى. لېۋىن بۇنىڭغا ئەمدى يېڭى كەلگەن چاغدىكىدەك ئۈنچىلا ۋايساپ كەتمەيدىغان بولدى، ئۆگىنىپمۇ قالدى.

— ئاتتىن ئىككىنى ئىجارىگە ئېلىپ كېلىپ بىزنىڭ پەيتۇنغا قوشقۇزۇپ كاتېرىنانى ئاپىرىپ قويۇڭلار، — دېدى لېۋىن.

— خوپ، بېگىم.

شەھەر تۇرمۇشى قولايلىق بولغاچقا، لېۋىن يېزىدا نۇرغۇن ئاۋارىچىلىكلەر بىلەن ھەل بولىدىغان ئىشنى ناھايىتى ئاسانلا بىر تەرەپ قىلىۋەتتى. ئاندىن دەرۋازىنىڭ ئالدىغا چىقىپ پەيتۇندىن بىرنى توسۇپ نېكىتا كوچىسىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. يولدا ماڭغۇچە پۇلنىڭ ئىشنى ئويلىماي، پېتېربۇرگدىن كەلگەن ئالىم بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئەسىرى توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرىشنى خىيال قىلىپ ماڭدى.

موسكۋاغا يېڭى كەلگەن سەھرالىقلار بۇ يەرنىڭ (خەجلەمەي بولمايدىغان) چىقىملىرىغا ھەيران قالغاندەك، لېۋىنمۇ بۇ نىمە ئىشتۇ، دەپ پەقەتلا كاللىسىدىن ئۆتكۈزەلمىگەنىدى، ئەمدى ھازىر ئۇنىڭغا ئۆگىنىپمۇ قالدى. ئۇنىڭ ئەھۋالى مەست ئادەمنىڭ: «بىرىنچى رومكا ئېغىر، ئىككىنچى رومكا چاقپەلەكتەك پىر - پىر، ئۈچىنچى رومكا شامالدەك غىر - غىر» دېگىنىدەك بولۇۋاتاتتى. لېۋىن بىرىنچى قېتىم يۈز رۇبلىلىق قەغەز پۇلدىن بىرنى ئېلىپ خىزمەتكارىغا بىر قۇر كاستۇم - بۇرۇلكا سېتىۋېلىپ كېلىشكە بېرىۋېتىپ، ئىختىيارسىز ھالدا كاللىسىدا بىر ھېسابات پەيدا بولۇپ قالغانىدى. قىلچە ئەھمىيىتى يوق، ئەمما بولمىسا بولمايدىغان (ئۇنىڭ بۇ كىيىمنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق، دەپ قويغان بىر ئېغىز گېپىگە كىنەز خانىم بىلەن كىتى ئىككىسى ھەيران قېلىشقانىدى) بۇ كىيىمگە كېتىدىغان پۇل ئىككى ئىشلەمچىنىڭ بىر ياز ئىشلەيدىغان ئىش ھەققىگە، يەنى باش يازدىن پەرھىز ئېيىغىچە بولغان ئۈچ يۈز كۈن ئىچىدە بىر ئىشچىنىڭ ئەتىگەندىن - كەچكىچە ئېغىر ئەمگەكتىن باش كۆتۈرمەي ئىشلىگەن ئىشىنىڭ ئىش ھەققىگە باراۋەر ئىدى، شۇڭا بۇ پۇلنى خەجلەش لېۋىنغا خۇددى بىرىنچى رومكا ھاراقنى ئىچكەن چاغدىكىدەك شۇنچىلىك ئېغىر كەلگەن. ئىككىنچى يۈز رۇبلىنى خەجلەيدىغان چاغدا ـــ ئۇرۇق - تۇغقانلارنى مېھمان قىلىشقا يىگىرمە سەككىز رۇبلى خەجلىگەندە ـــ لېۋىن يەنە بۇ يىگىرمە سەككىز رۇبلىغا دېھقانلارغا چۆپ چاپتۇرۇش، باغلىتىش، دان ئايرىش، ئاشلىقنى ئاپتاپقا سېلىش، توققۇز دادەن[1] ئارپىنى تاغارلارغا قاچىلىتىش دېگەندەك ئىشلارنى قىلدۇرالايدىغانلىقىنى ئويلاپ قالغان، لېكىن بىرىنچى رومكىدەك بولماي، ئىككىنچى رومكىدەك پىر - پىرلا قىلىپ ئۆتۈپ كەتكەنىدى. ئەمدى ھازىر

① رۇسلارنىڭ ئۆلچەم بىرلىكى، بىر دادەن 209.91 لىتىرغا تەڭ.

ئۈچىنچى يۈز رۇبلىنى خەجلىگەندە، ئۇنىڭدا ھېچقانداق ئويلىنىش بولماي، ھېچقانداق نىمىگە تاقاشماي غىرلا قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى. پۇل خەجلەشنىڭ خۇشاللىقى شۇ پۇلنى تاپقۇچە كەتكەن ئەمگەكنىڭ بەدىلىگە توغرا كېلەمدۇ، يوق، دېگەن بۇ ئىقتىسادىي ھېساباتمۇ ئۇنىڭ كاللىسىدىن ئورۇن ئالالمىدى. ئۆزاقتىن بېرى باھادا زادىلا قويۇۋەتمەي كېلىۋاتقان بۇغدايمۇ بىر ئاينىڭ ئالدىدىكىدىن ئەللىك كوپېيكىدىن ئەرزان سېتىلدى. مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا، بىر ئايغا قالماي قەرزگە بوغۇلۇپ قېلىشى ئېھتىمال ئىدى. لېكىن، بۇنداق خىيالنى قىلىشنىڭ ھازىرچە ئەھمىيىتى يوق ئىدى، بانكىدا پۇل بولغان بولسا، ئۇ پۇلنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىدىن قەتئىينەزەر، شۇ پۇلغا ھەر كۈنى كالا گۆشى سېتىۋالالىسىلا بولاتتى، بۇنىڭدا، ھېچبولمىغاندا، بانكىدا پۇلۇم بارغۇ، دەپ ئۆزىگە تەسەللىي بېرەلەيتتى. لېكىن، ھازىر بانكىدا پۇلى قالمىغان، نەدىن پۇل تېپىشنىمۇ بىلمەيتتى. شۇڭا، بايا كىتى پۇلنىڭ گېپىنى قىلغاندا، لېۋىننىڭ كۆڭلى بىر پەس خىرە بولدى، لېكىن بۇ توغرىدا ئويلاپ ئولتۇرۇشقا ئۇنىڭ ۋاقتى يوق ئىدى. ئۇ يولدا كېتىۋېتىپ، كاتاۋاسوف ۋە پات ئارىدا كۆرۈشىدىغان مېتروف توغرۇلۇق ئويلاپ ماڭدى.

# 3

لېۋىن بۇ قېتىم موسكۋاغا كەلگىنىدە، ئۇنىۋېرسىتېتتا بىللە ئوقۇغان كونا ساۋاقدىشى پروفېسسور كاتاۋاسوف بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇپ قالدى، توي قىلغاندىن بېرى ئۇنىڭ بىلەن بىرىنچى قېتىم كۆرۈشۈشى ئىدى. لېۋىن ئۇنىڭ روشەن ۋە ساددا قاراشلىرىنى ياقتۇرۇپ قالغان، دۇنيا قارىشىنىڭ

بۇنچىلىك روشەن بولۇشىنى ئۇنىڭ ھەددىدىن زىيادە ئەقىللىقلىقىدىن دەپ بىلگەندى. كاتاۋاسوف لېۋىننىڭ ئىدىيىسىدىكى زىددىيەتلىك ھالەتلەرنى كاللىسىنى پىكىر قىلىشقا چېنىقتۇرمىغانلىقىدىن، دەپ باھا بەردى. لېۋىن ئۇنىڭ ئۇچۇق ـ يورۇقلۇقىنى تولىمۇ ياقتۇراتتى، كاتاۋاسوفمۇ لېۋىننىڭ مول پىكىرلىك ۋە ساددا ئىدىيىسىنى ياخشى كۆرەتتى، شۇڭا ئىككىسى پات ـ پات كۆرۈشۈپ مەسىلىلەر ئۈستىدە بىللە پىكىر يۈرگۈزۈشەتتى.

لېۋىن ئۆزىنىڭ ئەسىرىنىڭ بىرىنچى بابىنى ئۇنىڭغا ئوقۇپ بەرگەنىدى، كاتاۋاسوف ئۇنىڭ كىتابتا ئوتتۇرىغا قويغان قاراشلىرىنى بەكمۇ ياقتۇردى. تۈنۈگۈن كاتاۋاسوف نۇتۇق سۆزلىگىلى بارغاندا لېۋىننى ئۇچرىتىپ، ئۇنىڭغا نامى ئەلگە مەشھۇر مېتروفىنىڭ ـــ لېۋىن ئۇنىڭ يازغان ماقالىلىرىنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى ـــ ھازىر موسكۋادا ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا لېۋىننىڭ ئەسىرى توغرۇلۇق گەپ قىلىپ بەرگەنلىكىنى، ئۇنىڭ لېۋىننىڭ ئەسىرىگە تولىمۇ قىزىققانلىقىنى سۆزلەپ بەردى ۋە مېتروفىنىڭ ئەتە سائەت ئون بىردە ئۆيىگە كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا لېۋىننى تونۇشتۇرۇپ قويغۇسىنىڭ بارلىقىنى دېدى.

ـــ سەندە ئىلگىرىلەش چوڭ، دوستۇم، بۇنىڭدىن مەن تولىمۇ خۇشال بولدۇم، ـــ دېدى كاتاۋاسوف مېھمان كۈتۈش ئۆيىدە لېۋىننى كۈتۈۋېلىپ، ـــ قوڭغۇراقنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىۋىدى، ھەي ئۇ ئەمەس، ئۇ مۇنداق دەل ۋاقتىدا كەلمەيدۇ، دەپ ئويلىۋىدىم ... ھە، چېرنوگورلۇقلارنىڭ ئەھۋالى قانداق؟ ئۇلارنىڭ ھەممىسى تۇغما ھەربىي بولىدىغان.

ـــ بۇنى سوراپ نېمە قىلىسىز؟ ـــ سورىدى لېۋىن ئۇنىڭدىن.

كاتاۋاسوف ئەڭ يېڭى خەۋەرنى لېۋىنغا قىسقىچە سۆزلەپ بېرىپ، ئاندىن ئۇنى ئۆزىنىڭ كۈتۈپخانىسىغا باشلاپ كىرىپ، ئۇ

يەردە ئولتۇرغان ئىللىق چىراي، بويى پاكارراق بىر ئادەمگە تونۇشتۇردى. بۇ ئادەم دەل مېتروۋ ئىدى. ئۇلار ۋەزىيەت توغرۇلۇق، پېتېربۇرگلىقلارنىڭ ئىچىدىكى يۇقىرى قاتلام كىشىلىرىنىڭ ۋەزىيەتكە بولغان قاراشلىرى توغرۇلۇق پاراڭلاشتى. مېتروۋ شۇ ئىشلار ئۇستىدە پادىشاھ بىلەن بىر مىنىستىرنىڭ ئۆزى ئىشەنچلىك يەردىن ئاڭلىغان گەپلىرىنى سۆزلەپ بەردى. كاتاۋاسوفمۇ ئىشەنچلىك بىر يەردىن پادىشاھنىڭ يەنە شۇ ئىشلار توغرۇلۇق قىلغان سۆزىنى دەپ بەرگەنىدى، ئىككىسىنىڭ دېگەنلىرى بىر يەردىن چىقمىدى. لېۋىن بۇ ئىككى خىل گەپنىڭ قايسىسىنىڭ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي ئويلاپ ئولتۇرۇپ كەتتى، ئۇنىڭغىچە بۇ گەپلەر تۈگەپ قايتا تىلغا ئېلىنمىدى.

— قاراڭ، — دېدى كاتاۋاسوف مېتروۋقا قاراپ، — ئۇ ئەمگەكچىلەر بىلەن يەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى شەرھلەپ بىر كىتاب يېزىپتۇ. مەن بۇ كەسىپنىڭ مۇتەخەسسىسى ئەمەس، ئەمما تەبىئەتشۇناس ئالىم بولغىنىم ئۈچۈن ئۇنىڭ بۇ ئەسىرى ئۈچۈن تولىمۇ خۇشال بولدۇم. ئۇ ئەسىرىدە ئىنسانىيەتنى هايۋاناتشۇناسلىق ئىلمىنىڭ قانۇنىيەتلىرى ئۇستىگە قويۇۋالماي، ئەكسىچە مۇھىتنىڭ ئىسكەنجىسى ئىچىگە قويۇپ تۇرۇپ تەتقىق قىپتۇ ھەم شۇ خىل مۇناسىۋەت ئىچىدىن تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرى ئۇستىدە ئىزدىنىپتۇ.

— مەن يېزا ئىگىلىكى توغرىسىدا بىر كىتاب يېزىۋاتىمەن، كىتابىمدا يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىي ۋاستىسى بولغان دېھقانلارنى تەتقىق قىلدىم، — دېدى لېۋىن قىزىرىپ كېتىپ، — نەتىجىدە، كۈتۈلمىگەن يەكۈنگە ئېرىشىپ قالدىم.

لېۋىن ماڭىدىغانغا يول ئىزدەۋاتقاندەك ئېھتىيات بىلەن ئۆزىنىڭ قاراشلىرىنى بايان قىلىشقا باشلىدى. ئۇ مېتروۋنىڭ هازىر ئېقىۋاتقان سىياسىي - ئىقتىساد تەلىماتىغا قارشى ماقالە يازغانلىقىنى بىلەتتى، ئەمما شۇ تۇرقىدا ئۆزىنىڭ يېڭى كۆز

قارىشىنى قانچىلىك دەرىجىدە قوللايدىغانلىقىنى بىلمەيتتى ھەم بۇ ئالىمنىڭ سۇرلۇك چىرايىدىنمۇ بىلەلمەي تۇراتتى.

— سىز رۇسىيە ئەمگەكچىلىرىنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكلىرىنى قايسى جەھەتلەردىن كۆرۈپ يەتتىڭىز؟ — دېدى مېتروف، — ھايۋانلارنىڭ ماھىيىتىدىنمۇ ياكى ئۇلارنىڭ تۇرۇۋاتقان مۇھىتىدىنمۇ؟

لېۋىن ئۇنىڭ مەسىلىنى بۇنداق سورىشىدىن ئۆزىنىڭ قاراشلىرىغا تازا قوشۇلۇپ كەتمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى، شۇنداقتىمۇ ئۆزىنىڭ قاراشلىرىنى داۋاملىق شەرھلەپ ئۆتتى. ئۇ رۇسىيە خەلقىنىڭ يەرگە بولغان قارىشى باشقا مىللەتلەرنىڭ قاراشلىرىدىن تۈپتىن پەرق قىلىدۇ، دەپ بىلەتتى. مۇشۇ قارىشىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، رۇسلارنىڭ بۇنداق قاراشلىرى شەرقتىكى چەكسىز كەتكەن ئادەمزاتسىز يەرلەرگە كۆچۈپ بېرىشىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بۇرچى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتكەنلىكىدىن كېلىپ چىققان، دېگەن گەپنى ئالدىراپ قوشۇپ قويدى.

— خەلقنىڭ ئورتاق بۇرچى ھەققىدە بۇنداق خۇلاسە چىقىرىش ئادەمنى ئاسانلا ئەگرى يولغا باشلاپ قويىدۇ، — دېدى مېتروف لېۋىننىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — ئەمگەكچىلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئۇلارنىڭ يەر ۋە كاپىتال بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بەلگىلەيدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن مېتروف لېۋىننىڭ دېمەكچى بولغانلىرىنى ئاخىرىغا يەتكۈزۈشكە يول قويماي، ئۆز تەلىماتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى سۆزلەپ كەتتى.

ئۇنىڭ تەلىماتلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى زادى نېمە، لېۋىن بۇنى چۈشەنمىدى، چۈشىنىشكىمۇ كاللا قاتۇرمىدى. ئۇنىڭ چۈشىنىشىچە، مېتروف باشقا ئالىملارغا ئوخشاش ئۆزىنىڭ ماقالىلىرىدە ئادەتتىكى سىياسىي ـ ئىقتىساد نەزەرىيىلىرىنى رەت قىلسىمۇ، ئەمما رۇسىيە ئەمگەكچىلىرىنىڭ ئەھۋالىغا

كاپىتال، مائاش ۋە يەر ئىجارىسى نۇقتىسىدىن قارايدىكەن. گەرچە مېتروف رۇسىيىنىڭ يېرى ئەڭ كۆپ شەرق تەرىپىدە هازىرغىچە ئىجارىگە بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلمىغانلىقىنى، سەكسەن مىليون ئادەمنىڭ ئۇندىن توققۇزىنىڭ مائاشىنىڭ تۇرمۇشلىرىنى قامداشقا ئارانلا يېتىدىغانلىقىنى، كاپىتالنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي هالەتتىلا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلسىمۇ، ئەمما هەر بىر ئەمگەكچىگە پەقەت ئاشۇ قارىشى بىلەنلا قارايدىكەن. بولمىسىغۇ، ئۇ ئادەتتىكى سىياسىي ـ ئىقتىسادشۇناسلارنىڭ كۆز قاراشلىرىغا قوشۇلمايدىكەن هەم ئىش هەققىلىرى توغرىسىدا ئۆزىنىڭ يېڭى نەزەرىيىلىرى بار ئىكەن. ئۇ هازىر دەل شۇ نەزەرىيىلىرىنى لېۋىنغا سۆزلەپ بەردى.

لېۋىن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى زورغا تىڭشاپ ئولتۇردى. دەسلەپتە بەزى قاراشلىرىغا ئازراق قارشى چىقىپمۇ باقتى، ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋېتىپ ئۆزىنىڭ قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنىڭ قاراشلىرىنى داۋاملىق سۆزلەۋېرىشىنىڭ ئەهمىيىتى يوقلۇقىنى ئىسپاتلاپ بەرمەكچىمۇ بولدى. كېيىن ئىككىسىنىڭ قاراشلىرىدىكى پەرقلەرنىڭ بەكمۇ چوڭ ئىكەنلىكىنى، بۇنداق ئەهۋالدا بىر ـ بىرىنى چۈشىنىپ كېتىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئويلاپ، رەددىيە بېرىشنىڭ هاجىتى يوق ئىكەن، دەپ ئويلىدىمۇ، ئۇنىڭ قاراشلىرىغا قىلچە قىزىقمىسىمۇ، ئارتۇق گەپ قىلماي خۇشال تىڭشاپ ئولتۇردى. شۇنداق بىر ئالىم ئادەم لېۋىننى نۇرغۇن نەرسە بىلىدۇ، دەپ ئويلاپ، ئۆزىنىڭ نۇرغۇن مەسىلىلەردىكى نۇقتىئىنەزەرلىرىنى سۆزلەپ بېرىۋاتسا، بەزىدە مەسىلىنىڭ بىرەر تەرىپىدىن ئازراقلا شەپە بېرىپ، پۈتكۈل مەسىلىنى شۇ بىر هەرىكىتى بىلەن روشەن كۆرسىتىپ بېرىۋاتسا، ئۇنىڭغا قايىل بولماي مۇمكىنمۇ؟ لېۋىن ئۇنىڭ ئەستايىدىل بايانلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ماڭا بۇنداق قىلىشى مېنى ئالاهىدە بىلگەنلىكى دەپ ئويلاپ، غۇرۇرى مەمنۇنىيەت تاپقاندەك بولدى. ئەسلىدە مېتروف ئۆزىگە يېقىن كۆرگەن

ئادەملەرنىڭ ھەممىسى بىلەن ئەنە شۇنداق قايتا ـ قايتا ئەستايىدىل سۆزلىشەتتى، سۆھبەتلەردە بولاتتى. ئومۇمەن، ئۆزى قىزىققان ۋە ئۆزىگە تېخى ئېنىق بولمىغان مەسىلىلەر ئۈستىدە ھەممە كىشى بىلەن، بولۇپمۇ ناتونۇش ئادەملەر بىلەن ئەنە شۇنداق پاراڭلىشاتتى.

— كېچىكىپ قالمايلى يەنە، — دېدى مېتروۋ گېپى تۈگىشى بىلەنلا سائىتىگە قاراپ قويۇپ.

— ھەر راست، بۈگۈن ھەۋەسكارلار جەمئىيىتىنىڭ ئادەملىرى سۈنئىتچىنىڭ ئىلمىي پائالىيەتلىرىنىڭ ئەللىك يىللىقىنى خاتىرىلىمەكچى، — دەپ چۈشەندۈرۈپ قويدى كاتاۋاسوف لېۋىنغا، — مەن پيوتر ئىۋانىچ (مېتروۋ) بىلەن شۇ يەرگە بىللە بېرىشنى دېيىشىپ قويغان. مەن ئۇ يەردە سۈنئىتچىنىڭ ھايۋاناتلار ئىلمى ھەققىدىكى ئەسەرىنى تونۇشتۇرىمەن. بىللە بارمايمىزمۇ، ئۇ يەردىكى ئىشلار بەكمۇ قىزىقارلىق.

— توغرا، ۋاقتى بولۇپ قاپتۇ، — دېدى مېتروۋ، — ئەگەر قولايلىق بولسا، يۈرۈڭ، بىز بىلەن بىللە بېرىڭ. ئۇ يەردىن چىقىپ بىزنىڭكىگە بارىمىز، مېنىڭ سىزنىڭ ئەسەرىڭىز ھەققىدە كۆپرەك ئاڭلىغۇم بار.

— ياق، بولمايدۇ، مەن تېخى ئۇ ئەسەرىمنى يېزىپ بولالمىدىم. ئەمما، خاتىرىلەش يىغىنىغا جان دىلىم بىلەن بارغۇم بار.

— ئاڭلىغانمىدىڭىز، بۇرادەر؟ مەن ئۆزۈمنىڭ بۇ ھەقتىكى شەخسىي پىكرىمنى يېزىپ تاپشۇردۇم، — دېدى يەنە بىر ئۆيدە كىيىم ئالماشتۇرۇۋاتقان كاتاۋاسوف.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ مەسىلىلىرى توغرۇلۇق پاراڭلاشتى.

بۇ يىل قىشتا ئۇنىۋېرسىتېت مەسىلىسى موسكۋادا مۇھىم بىر مەسىلە بولۇپ قالغانىدى. كومىتېتتىكى ئۈچ قېرى پروفېسسور ياش پروفېسسورلارنىڭ پىكىرلىرىنى قوبۇل

قىلمىدى. ياشلار ئۆز ئالدىغا بىر تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويۇشقاندى. بۇ تەكلىپنى بىر قىسىم ئادەملەر بىمەنە تەكلىپ دەپ، بىر قىسىم ئادەملەر مۇۋاپىق تەكلىپ، دەپ قاراشقان، شۇنىڭ بىلەن پروفېسسورلار ئىككىگە بۆلۈنۈپ كېتىشكەندى.

كاتاۋاسوف تەرەپتىكىلەر قارشى تەرەپنى چېقىمچىلىق، ئالدامچىلىقتەك نومۇسسىز ھەرىكەتلەردە بولدى، دېسە، يەنە بىر تەرەپ قارشى تەرەپنى بالىلىق، نادانلىق قىلدى، نوپۇزلۇقلارنى ھۆرمەت قىلمىدى، دېيىشەتتى. لېۋىن ئۇنىۋېرسىتېتتا ئىشلىمىسىمۇ، ئەمما موسكۋاغا كەلگەندىن كېيىن شۇ مەسىلىلەرنى ئاڭلىغان ھەم ئۇ توغرۇلۇق باشقىلار بىلەن پاراڭلاشقان، ئۆزىنىڭ ئۇ ھەقتىكى قاراشلىرىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ئۇلار ئۇ قەدىمىي ئۇنىۋېرسىتېتقا بارغۇچە يول بويى بۇ ئىش توغرۇلۇق پاراڭلىشىپ ماڭدى، لېۋىنمۇ ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىغا ئارىلاشتى.

يىغىن باشلىنىپ كەتكەندى. كاتاۋاسوف بىلەن مېتروف ئولتۇرغان مۇنبەردىكى ئۈستىگە سوكنا يېپىلغان ئۈستەلدە ئالتە ئادەم ئولتۇراتتى، بىرەيلەن قولىدىكى قەغەزگە ئېڭىشىپ نېمىنىدۇر ئوقۇۋاتاتتى. لېۋىن مۇنبەرنىڭ يان تەرىپىدىكى بىر بوش ئورۇنغا بېرىپ ئولتۇرۇپ، يېنىدا ئولتۇرغان بىر ئوقۇغۇچىدىن ئۇ ئادەمنىڭ نېمە ئوقۇۋاتقانلىقىنى پىچىرلاپ سورىغانىدى، ئۇ بالا ئۇنىڭغا ياقتۇرمىغاندەك نەزەردە قاراپ قويۇپ: «تەرجىمىھال !» دەپ جاۋاب بەردى.

لېۋىن ئۇ ئادەم ئوقۇۋاتقان تەرجىمىھالغا ئانچە قىزىقىپ كەتمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئىختىيارسىز قۇلاق سېلىپ ئولتۇرۇپ، بۇ مەشھۇر ئالىمنىڭ ھاياتى توغرۇلۇق بەزى قىزىقارلىق ئىشلارنى بىلىۋالدى.

تەرجىمىھال ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن رەئىس ئۇ ئادەمگە رەھمەت ئېيتىپ، ئاندىن شائىر مېنتىنىڭ مەخسۇس مۇشۇ يىغىنغا ئەۋەتكەن شېئىرىنى ئوقۇپ بەردى ۋە ئوقۇپ بولۇپ

ئۇنىڭغا تەشەككۈر ئېيتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن كاتاۋاسوف ياخىراق ۋە ئىنچىكە ئاۋازى بىلەن ئۇ مەشھۇر ئالىمنىڭ ئەسىرى ھەققىدە يازغان ماقالىسىنى ئوقۇپ ئۆتتى.

كاتاۋاسوف ماقالىسىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن لېۋىن سائەتكە قاراپ، سائەتنىڭ بىردىن ئاشقانلىقىنى بىلدى ۋە كونسېرت باشلانغۇچە ئەسىرىنى مېتروۋفقا ئوقۇپ بېرىشكە ئۈلگۈرەلمەيدىغانلىقىنى ھەم ئۆزىنىڭ ئوقۇپ بەرگىسىنىڭمۇ يوقلۇقىنى ئويلاپ قالدى. ئۇ باشقىلارنىڭ ئوقۇۋاتقان ماقالىلىرىنى ئاڭلىغاچ، بايا قىلىشقان پاراڭلارنى بىر قۇر ئەسلەپ چىقىپ، مېتروۋفنىڭ پىكىرلىرىنىڭمۇ، ئۆزىنىڭ پىكىرلىرىنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بارلىقىنى، بۇ ئىككى خىل قاراشنىڭ تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدىغانلىقىنى، شۇندىلا ئۇ قاراشلارنىڭ تېگىگە يەتكىلى، ئۇلارغا ھۆكۈم قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى ئويلىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، بۇ خىل ئىككى قاراش ئارىلاشتۇرۇۋېتىلىدىغان بولسا، ئۇلاردىن ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولمايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مېتروۋفنىڭ تەكلىپىگە رەھمەت ئېيتىپ كېتىش قارارىغا كېلىپ، يىغىن ئاخىرلاشقان ھامان ئۇنىڭ يېنىغا باردى. مېتروف بۇ چاغدا رەئىس بىلەن بىر ئىش توغرۇلۇق پاراڭلىشىۋاتاتتى، ئۇنى كۆرۈپ، رەئىسكە تونۇشتۇرۇپ قويدى ۋە شۇ ئارىلىقتا رەئىسكە ئۆزىنىڭ لېۋىنغا دېگەن گەپلىرىنى سۆزلەپ بەردى، لېۋىنمۇ بۈگۈن ئەتىگەن كاتاۋاسوف ئىككىسىگە دېگەن قاراشلىرىنى سۆزلەپ ئۆتتى ۋە گەپلەر ئوخشاش چىقىپ قالمىسۇن، دەپ ئويلاپ، بايا ئويلىغان يېڭى پىكىرلىرىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئۇنىۋېرسىتېتتىكى ئىشلار توغرۇلۇق سۆزلەشتى. لېۋىن ئۇ ئىشلارنى ئاڭلىغان بولغاچقا، مېتروۋفقا ئۆزرە قويۇپ، بۈگۈن ئۇنىڭكىگە بارالمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى، ئاندىن ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ لۋوفنىڭ ئۆيىگە ماڭدى.

# 4

لۋوف كىتىننىڭ ھەدىسى ناتالىيەنىڭ ئېرى بولۇپ، ئۇزاقتىن بېرى چەت ئەلدە تۇرۇۋاتاتتى، كۆپ ۋاقتى ھەرقايسى دۆلەتلەردە ئۆتەتتى، ئۇ يەرلەردە ئوقۇيتتى ھەم دىپلومات ئىدى.

بۇلتۇر ئۇ دىپلوماتلىق ئەمىلىدىن ئىستېپا سوراپ، يەنە قانداقتۇر بىر كۆڭۈلسىز ئىشلار تۈپەيلى (ئۇ ھېچقانداق ئادەم بىلەن زىددىيەتلەشمىگەن) موسكۋاغا قايتىپ كېلىپ، ئوردا باشقارمىسىغا خىزمەتكە كىرگەنىدى. ئۇ بۇ يەردە ئىشلىسە ئىككى ئوغلىنى ئەڭ ياخشى تەربىيىگە ئىگە قىلالايتتى.

گەرچە لېۋىن ئىككىسىنىڭ ئادەتلىرى ۋە مەسىلىلەرگە قاراشلىرى ئوخشاشمىسىمۇ، لۋوفنىڭ يېشى ئۇنىڭدىن بىرنەچچە ياش چوڭ بولسىمۇ، ئىككىسى بۇ يىل قىشتا ناھايىتى دوستانە ۋە شۇنچىلىك ئىناق ئۆتۈشتى.

لۋوف ئۆيدە ئىكەن، لېۋىن خەۋەر بەرگۈزمەيلا كىرىپ باردى.

لۋوف ئۇستىگە ئۆيدە كىيىدىغان بەلباغلىق خالات، پۇتىغا سايما خۇرۇم كەش كىيىپ، بۇرنى ئۇستىگە كۆزەينەكنى قوندۇرۇۋېلىپ، ئۇستەل ئۇستىدىكى ئېچىقلىق تۇرغان بىر كىتابنى ئوقۇپ ئولتۇرغانىكەن. چىرايلىق قولىدا يېرىمى چېكىلىپ بولغان سىگارت، كۆلىنىڭ كىتابقا چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن كىتابتىن نېرى تۇتۇپ ئولتۇرۇپتۇ.

لېۋىننى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ياش، چىرايلىق، يالتىراپ تۇرغان بۇدۇر چاچلىرى تېخىمۇ سۆلەتلىك كۆرسىتىپ تۇرغان كېلىشكەن يۈزىدە شۇئان كۈلكە كۆرۈندى.

كەلگىنىڭىز بەك ياخشى بولدى. مەن تېخى سىزگە ئادەم ئەۋەتەي دەپ تۇراتتىم. ھە، كىتى قانداقراق؟ مەيەردە ئولتۇرۇڭ،

بۇ يەر راھەترەك ... — ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، تەۋرەنمە ئورۇندۇقنى ئۇنىڭ ئالدىغا سۈرۈپ قويدى، — «سايىنت پېتېربۇرگ ژۇرنىلى» نىڭ يېقىنقى سانىنى كۆرۈپ باقتىڭىزمۇ؟ ماڭا ئاجايىپ ياقتى، — دېدى ئۇ فرانسۇز تەلەپپۇزىنى ئارىلاشتۇرۇپراق سۆزلەپ.

لېۋىن كاتاۋاسوفتىن ئاڭلىغان پېتېربۇرگلۇقلارنىڭ قىلىشىۋاتقان گەپ - سۆزلىرىنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردى، ۋەزىيەت توغرۇلۇق بەزى گەپلەرنىمۇ، مېتروف بىلەن تونۇشۇپ قالغانلىقى ۋە تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتناشقانلىقى ھەققىدىمۇ سۆزلىدى. لۋوف ئۇنىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىرىگە ئالاھىدە قىزىقتى.

— سىزنىڭ ئاشۇ ئاجايىپ ئالىملار ئالىمىگە ئارىلىشالىغىنىڭىزغا ھەۋىسىم كېلىۋاتىدۇ، — دېدى لۋوف. ئۇ پاراڭ قىزىپ كەتكەندە، ئادىتى بويىچە ئۆزىگە سۆزلەش ئەپلىكرەك بولغان فرانسۇز تىلىدا سۆزلەپ كېتەتتى، — مېنىڭ ئۇلار بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتىدىغانغا ۋاقتىم يوق، بۇ راست. ھۆكۈمەت ئىشلىرى بىلەن بالىلىرىمنى تەربىيىلەش نۇرغۇن ۋاقتىمنى ئېلىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئاغزىمدىن چىقىرىشقا ئۇيىلىمەن، ئۇلار بىلەن سۆزلىشىشكە بىلىمىم ئازلىق قىلىدۇ.

— مەن ئۇنداق قارىمايمەن، — دېدى لېۋىن كۈلۈپ كېتىپ. ئۇ لۋوفنىڭ بۇ گەپنى ياسالمىلىق قىلىپ ياكى ئۆزىنى كەمتەر تۇتىمەن دەپ ئەمەس، بەلكى چىن دىلىدىن ھەم ھەققىي كەمتەرلىكى بىلەن ئېيتقانلىقىدىن تەسىرلىنىپ قالدى.

— راست شۇنداق، بىلىمىمنىڭ ئازلىقىنى مانا ئەمدى سېزىۋاتىمەن. بالىلارنى ياخشى تەربىيىلەش ئۈچۈن بۇرۇن ئۆگەنگەنلىرىمنى بىر قۇر تەكرارلاپ ھەم بەزى نەرسىلەرنى باشقىدىن ئۆگىنىشىم كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن ئادەم ئوقۇتقۇچىلا بولۇپ قالماي، يەنە پەيلاسوپمۇ بولۇشى كېرەك ئىكەن، خۇددى سىزنىڭ يېزا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىشىڭىزغا ئەمگەكچىلەر

بىلەن ئۇلارنى باشقۇرىدىغان نازارەتچى لازىم بولغاندەك. قاراڭ، مەن ھازىر مۇنۇ كىتابنى ئوقۇۋاتىمەن، — دېدى لۆۋف ئۈستەل ئۈستىدە تۇرغان بۇسلايېفنىڭ گراماتىكا كىتابىنى كۆرسىتىپ، — ئۇلار مىشادىن مۇشۇ كىتابنى ئوقۇشنى تەلەپ قىپتۇ. بۇ كىتابنى ئوقۇپ چۈشىنىش تولىمۇ تەس ئىكەن ... بۇ كىتابتا مۇنداق بىر گەپ تۇرىدۇ، شۇنى ماڭا چۈشەندۈرۈپ قويسىڭىز ...

لېۋىن ئۇ گەپنى چۈشەندۈرۈپ بولغىلى بولمايدىغانلىقىنى، ئۇنى پەقەت يادلىۋېلىشلا كېرەكلىكىنى دېۋىدى، لۆۋف ئۇنىڭ بۇ گېپىگە قوشۇلمىدى.

— ياق، سىز مېنى زاڭلىق قىلىۋاتىسىز، — دېدى ئۇ.

— سىزگە راستىمنى دېسەم، دەل بۇ سۆزىڭىزنىڭ ئەكسىچە، سىزنى كۆرسەملا كەلگۈسىدىكى ۋەزىپەمنى — بالىلىرىمنى قانداق تەربىيىلىشىم كېرەكلىكىنى ئويلاپ قالىمەن.

— قويۇڭ، مېنىڭدىن ئۆگەنگۇدەك ھېچ نەرسە يوق، — دېدى لۆۋف.

— كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن، سىزنىڭ بالىلىرىڭىزدەك ئوبدان تەربىيىلەنگەن بالىلار يوق، بالا بولسا سىزنىڭ بالىلىرىڭىزدەك بولسا.

لۆۋف ئۆزىنىڭ بۇ گەپكە خۇشال بولغانلىقىنى ئامال بار بىلىندۇرمەسلىككە تىرىشسىمۇ، ئەمما چىرايىدا كۈلكە ئويناپ تۇرۇۋاتاتتى.

— مەن ئۇلارنىڭ مەندىن ئېشىپ چۈشۈشىنى تىلەيمەن، مېنىڭ ئارزۇ قىلىدىغىنىممۇ شۇ. سىز بىلمەيسىز، — دېدى لۆۋف، — مېنىڭ چەت ئەلدە بەڭۋاش چوڭ بولغان ئۇ ئىككى بالامنى ئەيۋەشكە كەلتۈرمەك بەكمۇ قىيىن .

— بۇ سىز ئۇچۇن قىيىن ئەمەس، بالىلىرىڭىز ئەقىللىق بالىلار. ئەڭ مۇھىمى، ئۇلارنىڭ ئەخلاق تەربىيىسى. مەن سىزنىڭ بالىلىرىڭىزغا قاراپ شۇنداق ئويلاپ قېلىۋاتىمەن.

— سىز دەۋاتقان ئەخلاق تەربىيىسىنىڭ قانچىلىك قىيىنغا توختايدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالماسلىقىڭىز مۇمكىن. ئۇلارنىڭ بىر قىلىقىنى تۈزىتىپ تۇرسىڭىز، يەنە بىر قىلىقى چىقىپ تۇرغان، شۇنىڭ بىلەن يەنە تەربىيىنى كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدىكەن. ئەگەر دىنغا تايانمىسىڭىز بارغۇ — ئېسىڭىزدە باردۇ، بۇ مەسىلە توغرۇلۇق ئىككىمىز بۇرۇن بىر پاراڭلاشقان — دادىنىڭ كۈچى بىلەن بالىلارنى تەربىيىلەپ كېتىشكە ھېچكىم ھۆددە قىلالمايدۇ.

لېۋىن تولىمۇ قىزىققان بۇ پاراڭ بىر ياققا بېرىش ئۈچۈن ياسىنىپ چىققان گۈزەل ناتالىيەنىڭ كىرىپ كېلىشى بىلەن ئۈزۈلۈپ قالدى.

— مەن سىزنىڭ كەلگەنلىكىڭىزنى بىلمەپتىمەن، — دېدى ناتالىيە تولا ئاڭلاپ زېرىككەن، خېلىدىن بېرى ئۆزىگە مەلۇم بولۇپ كېلىۋاتقان بۇ پاراڭنى بۆلۈۋەتكىنىگە ئەپۇ سورىماقتا يوق، ئەكسىچە خۇشال بولۇپ، — كىتى قانداقراق؟ بۈگۈن چۈشلۈك تاماقتا سىلەرنىڭكىگە بارماقچىمەن. ماڭا قارا، ئارسېنىي، — دېدى ئۇ ئېرىگە، — سەن ھارۋىغا ئولتۇرۇپ بارارسەن ...

شۇنىڭ بىلەن ئەر - خوتۇن ئىككىسى بۇ بىر كۈندە قىلىدىغان ئىشلىرى توغرۇلۇق مەسلىھەتكە چۈشۈپ كەتتى. ئېرى ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن بىر ئادەمنى قوبۇل قىلماقچىكەن. خوتۇنى مۇزىكا كېچىلىكىگە بېرىپ، ئۇ يەردىن قايتىپ شەرقىي جەنۇب كومىتېتىنىڭ يىغىنىغا قاتنىشىدىكەن. لېۋىن ئۆز ئادەم بولغاچقا، ئۇلارنىڭ مەسلىھەتىگە قاتنىشىپ قالدى. ئاخىرىدا لېۋىن ناتالىيە بىلەن بىللە كونسېرت كۆرگىلى بارىدىغان، ئۇ يەردىن قايتىپ يىغىنغا قاتنىشىدىغان، ئۇ يەردىن قايتقاندا لۋوفنىڭ ئىشخانىسىغا بېرىپ ئۇنى ئېلىپ كېلىدىغان، ئاندىن لۋوف خوتۇنىنى كىتىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويىدىغان، ئەگەر لۋوفنىڭ ئىدارىدىكى ئىشى تۈگىمەي قالسا، لېۋىن پەيتۇن بىلەن ناتالىيەنى ئۆزىنىڭكىگە ئېلىپ كېتىدىغان بولۇپ كېلىشتى.

— كۆردۈڭمۇ، ئۇ تېخى مېنى ماختاپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدى لۇۋف خوتۇنىغا، — ئۇنىڭ دېيىشىچە، بىزنىڭ بالىلىرىمىز تولىمۇ ياخشى بالىلار ئىكەن. لېكىن، مەن ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن كەمچىلىكتىن باشقىسىنى كۆرمەيۋاتىمەن.

— ئارسېنىي دائىم مۇشۇنداق ھەددىدىن ئاشۇرۇپ گەپ قىلىدۇ، — دېدى خوتۇنى، — مۇكەممەللىكنىلا قوغلاشىسىز، سىزگە دەپ قوياي، ئۇنىڭغا مەڭگۈ ئېرىشەلمەيسىز. دادام توغرا دەپتىكەن، ئۇلار بىزنى چوڭ قىلغۇچە ئاشۇرۇۋەتكەنلىرى بەك جىق بولغان، بىزنى دائىم ئۆگزىدىكى ئارىلىق ئۆيگە سولاپ قويۇپ ئۆزلىرى تۆر ئۆيدە ئولتۇرۇشاتتى. ھازىر ئۇنىڭ ئەكسىچە ئۆزلىرى ئامباردا ئولتۇرۇپ، بىزنى تۆر ئۆيگە چىقىرىپ قويۇشتى، ئۆزلىرى راھەت كۆرمەي، پۈتۈن راھەتنى بالىلىرىغا بېرىۋاتىدۇ.

— ئۆزلىرى شۇنى خالاۋاتسا، بىزگە نېمە ئامال؟ — لۇۋف چىرايلىق كۆلۈپ قويۇپ خوتۇنىنىڭ قولىنى تۇتۇپ قويدى، — سېنى بىلمەيدىغان ئادەملەر سېنىڭ بالىلارغا قىلىۋاتقىنىڭنى كۆرسە، ئۆز ئاپىسى ئەمەس، ئۆگەي ئاپىسى ئوخشايدۇ، دەپ قالىدۇ.

— ياق، چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ياخشى ئەمەس، — دېدى ناتالىيە ۋەزمىن تۇرۇپ. ئۇ ئېرىنىڭ قەغەز كېسىدىغان پىچىقىنى ئۈستەل ئۈستىدىكى ئورنىغا قويۇپ قويدى.

— ھە، كېلىڭلار، كامالەتكە يەتكەن بالىلىرىم، — دېدى لۇۋف ئۆيگە كىرىپ كەلگەن چىرايلىق ئوغۇللىرىغا قاراپ. بالىلار لېۋىنغا ئەدەپ بىلەن تەزىم قىلىپ سالام بەردى، ئاندىن دادىسىدىن سورايدىغان گېپى بولسا كېرەك، ئۇنىڭ يېنىغا ماڭدى.

لېۋىننىڭ بالىلار بىلەن پاراڭلىشىپ، ئۇلارنىڭ دادىسى توغرۇلۇق نېمىلەرنى دەيدىغانلىقىنى ئاڭلاپ باققۇسى بار ئىدى، ئاڭغىچە ناتالىيە ئۇنىڭغا گەپ قىلىپ قالدى. شۇ ئارىدا يەنە

لۋوفنىڭ ساراي ئەمەلدارلىرىنىڭ كىيىمىنى كىيىپ كىرگەن خىزمەتدىشى ماخوتىن بىرەيلەننى كۇتۇۋېلىشقا لۋوف بىلەن بىللە بېرىش مەقسىتىدە ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئۇلار كۆرۈشۈپلا گېرتسېگوۋىنا، كىنەز كورزىنسكايا خانىم ۋە دوما توغرىسىدا، كەينىدىن يەنە گراف ئاپراكسىنا خانىمنىڭ تۇيۇقسىز ۋاپات بولغانلىقى ھەققىدە توختىماي سۆزلىشىپ كەتتى.

لېۋىن لۋوفدىن ئىلتىماس قىلغان ئىشنى ئۇنتۇپ قېلىپ، ئىشىكنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئېسىگە ئالدى.

— ھە راست، كىتى ماڭا سىز بىلەن ئوبلونسكىينىڭ ئىشى توغرۇلۇق سۆزلىشىپ بېقىشىمنى ئېيتقان، — دېدى لېۋىن لۋوف خوتۇنى بىلەن لېۋىن ئىككىسىنى ئۇزىتىپ پەلەمپەينىڭ ئالدىغا كەلگەندە لۋوفقا.

— توغرا، توغرا، ئاپام بىز ئىككى باجىنى ئۇنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ قويۇڭلار، دېگەن، — دېدى لۋوف قىزىرىپ كېتىپ كۈلگەن پېتى، — نېمىدەپ بۇ ئىشنى ماڭا تاپشۇرىدىغاندۇ؟

— ماڭا قويۇپ بېرىڭلار، ئۇنىڭ ئەدىپىنى ئۆزۈم بېرىمەن، — دېدى يەڭىسىز ئاپئاق يېپىنچا ئارتىۋالغان ناتالىيە ئۇلارنىڭ گېپى تۈگىگەندىن كېيىن كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئەمدى ماڭايلى.

# 5

چۈشتىن بۇرۇنقى كونسېرتتا ناھايىتى ئېسىل ئىككى نومۇر ئورۇندالدى.

بىرى «پادىشاھ لېئار چۆلدە» ناملىق فانتازىيە، يەنە بىرى باخنىڭ خاتىرىسىگە بېغىشلانغان كۋارتېت ئىدى. ھەر ئىككىسى يېڭى ئەسەرلەر بولۇپ، ئۇسلۇبى ئۆزگىچە ئىدى. لېۋىن بۇ ئىككى

ئەسەرنى ئەستايىدىل كۆرۈپ ئۆزىنىڭ باھاسىنى بېرىش مەقسىتىدە قېيناچىسىنى ئۆزىنىڭ ئورنىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، يۇمىلاق تۇۋرۇكنىڭ يېنىغا بېرىپ پۈتۈن دىققىتى بىلەن تىڭشاپ تۇردى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئاق گالستۇكلۇق دىرىژورنىڭ ئىككى قولىدىكى قوماندانلىق چوكىسىدا —— ئۇنىڭ چوكىلىرى كىشىلەرنىڭ مۇزىكىغا بولغان دىققىتىنى بۆلۈپ، ئادەمنى تولىمۇ بىزار قىلاتتى —— كونسېرتقا قۇلاقلىرىنى لىپىتا بىلەن مەھكەم باغلىۋېلىپ كېلىدىغان شىلەپىلىك خانىملاردا ۋە ھېچنېمىگە قىزىقماي ئولتۇرغان، قىزىقسىمۇ، مۇزىكىغا ئەمەس، باشقا نەرسىلەرگە قىزىقىدىغان كىشىلەردە ئىدى. شۇنداقتىمۇ، دىققىتىنى چاچماي، مۇزىكىدىن ئېلىۋاتقان ھۇزۇرىغا تەسىر يەتكۈزمەي، مۇزىكا مۇتەخەسسىسلىرى ۋە تولا گەپ قىلىدىغان ئادەملەرنىڭ مۇزىكىغا باھا بېرىپ ئۇنىلۇك قىلىشىۋاتقان گەپلىرىنى تىڭشىماي، كۆزلىرى سەھنىدە، پۈتۈن دىققىتى بىلەن تىڭشاپ، مۇزىكىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىۋاتاتتى.

لېكىن، لېۋىن «پادىشاھ لېئار چۆلدە» فانتازىيىسىنى قانچە ئاڭلىغانسېرى، بۇ مۇزىكا ئۇستىدە ئۆزىنىڭ ئېنىق بىر قارىشىنى شەكىللەندۈرەلمەيۋاتاتتى. خۇددى مۇزىكىدىكى مەلۇم ھېسسىياتلار بىر يەرگە توپلىنىشىپ قېلىپ، ئۇلارنى ئايرىم - ئايرىم ئىپادىلەشكە توغرا كېلىۋاتقاندەك، مۇزىكىنىڭ باشلىنىش قىسمى قايتا - قايتا ئورۇندىلىۋاتاتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە پارچىلىنىپ، ئۇششاق تارماقلارغا بۆلۈنۈپ كېتەتتى، بەزىدە ھەتتا كومپوزىتور ئۆزىنىڭ خاھىشى بويىچە ئىجاد قىلغاندەك، بىر - بىرىگە قىلچە مۇناسىۋەتسىز مۇرەككەپ ئاۋازلارمۇ ئاڭلىنىپ قالاتتى. بەزىدە يەككە چېلىنىدىغان شۇ مۇزىكا ئىبارىلىرىنىڭ ئوبدان بولغان پارچىلىرىمۇ قۇلاققا تازا خۇشيېقىپ كەتمەيتتى، چۈنكى بۇلار ئادەم تەييارلىقسىز تۇرغاندا تۇيۇقسىز ياڭراپ كېتەتتى. تەنتەنە بولامدۇ، قايغۇ - ھەسرەت بولامدۇ، ئۈمىدسىزلىك بولامدۇ، لىرىكا بولامدۇ، خۇشاللىق

بولامدۇ، خۇددى ساراڭدەك سەۋەبسىزلا چىلىنىپ قالاتتى، يەنە شۇنداق ساراڭدەك بۇ خىل ھېس - تۇيغۇلار بىردىنلا يوقاپ كېتەتتى.

لېۋىن بۇ مۇزىكىنى باشتىن - ئاخىر خۇددى پاك ئادەم ئۇسسۇل ئوينىغاندەك ھېسسىياتتا تۇرۇپ ئاڭلىدى. مۇزىكا ئورۇندىلىپ بولغاندا، دىققىتى بەكمۇ مەركەزلىشىپ كەتكەچكىمۇ، لېۋىن ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەي، ئۆزىنى بەكمۇ چارچاپ كەتكەندەك ھېس قىلىپ قالدى. ئەتراپتىن بىردىنلا گۇلدۇراس ئالقىش ياڭراپ كەتتى، ھەممە ئادەم ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، ئۇياق - بۇياققا مېڭىشلار، پاراڭلار باشلىنىپ كەتتى. لېۋىن باشقىلارنىڭ پىكىرلىرىدىن ئۆزىنىڭ چۈشەنمىگەنلىرىنى تولۇقلىۋېلىش مەقسىتىدە مۇزىكىنى چۈشىنىدىغان بىرەرىنى ئىزدىدى. بىر چاغدا مەشھۇر بىر كومپوزىتورنىڭ ئۆزىنىڭ تونۇشى پېستسوف بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ بۆلەكچىلا خۇشال بولۇپ كەتتى.

— ئاجايىپ ياخشى بولدى، — دېدى پېستسوف كومپوزىتورغا بوش سۆزلەپ، — ھوي، ياخشىمۇ سىز، كونستانتىن دمىترىچ. كوردېلىيەنىڭ سەھنىدە پەيدا بولۇشى، ئاشۇ ئايال، ئاشۇ مەڭگۈلۈك ئايالنىڭ ئۆزىنىڭ تەقدىرى بىلەن ئېلىشىشلىرى نېمىدېگەن جانلىق، روشەن، ئوبرازلىق تەسۋىرلەنگەن. شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— نەدە كوردېلىيە چىقتى؟ — جۈرئەتسىزلىنىپرەك سورىدى لېۋىن. ئۇ بۇ فانتازىيىدە پادشاھ لېئارنىڭ چۆلدە سەرسان بولۇپ يۈرگەنلىكى تەسۋىرلىنىدىغانلىقىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتكەنىدى.

— كوردېلىيە چىقىدۇ ... مۇنۇنى كۆرۈپ باق! — دېدى پېستسوف نومۇر ئېلانى يېزىلغان تاۋاردەك سىلىق قەغەزنى بارمىقى بىلەن چېكىپ تۇرۇپ ۋە ئۇ ئېلاننى لېۋىنغا بېرىۋېتىپ.

لېۋىن شۇندىلا بۇ فانتازىيىنىڭ ئىسمىنى يادىغا ئېلىپ، شۇئان ئېلاننىڭ كەينىدىكى شېكىسپىرنىڭ رۇسچىغا تەرجىمە قىلىنغان شېئىرىنى ئوقۇپ چىقتى.

— بۇنى ئوقۇمىساڭ ئويۇننى چۈشەنمەيسەن، — دېدى پەيلاسوپ لېۋىنغا. ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرغان كومپوزىتور كېتىپ قېلىپ، ئۇنىڭ بىردىنبىر سۆھبەتدىشى لېۋىن بولۇپ قالغانىدى.

ئارىلىقتىكى دەم ئېلىشتا، لېۋىن پەيلاسوپ بىلەن مۇزىكىدىكى ۋاگنېر[①] ئېقىمىنىڭ ئەۋزەللىكلىرى ۋە كەمچىلىكلىرى ئۈستىدە تالىشىپ قالدى. لېۋىن ۋاگنېر ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرىنىڭ خاتالىقى مۇزىكىنى باشقا بىر سەنئەت ساھەسىگە باشلاپ كىرمەكچى، بۇمۇ رەسىم ئارقىلىق سۈرەتلەشكە تېگىشلىك ئوبرازنى پوئېزىيە ئارقىلىق تەسۋىرلىمەكچى بولغاندەك ئىش، دەپ قارىدى لېۋىن ۋە بۇ قارىشىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن بىر ھەيكەلتىراشنى مىسالغا ئالدى. بۇ ھەيكەلتىراش مەرمەردىن شائىرنىڭ ھەيكىلىنى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى شېئىرىي ئوبرازلارنىڭ سايىلىرىنى تىراپتۇ. «بۇ سايىلەر شۇنچىلىك سۇسكى، ئۇلارنى پەقەت پەلەمپەينىڭ ئەتراپىدىلا پەرق قىلغىلى بولىدىكەن» دېدى لېۋىن. ئۇ بۇ سۆزنى تولىمۇ ياقتۇراتتى، ئەمما ئۇ گەپنى بۇرۇنمۇ دېگەنمۇ، يوق، ئېسىگە ئالالمىدى، بولۇپمۇ بۇ گەپنى پەيلاسوپقا دېگەن - دېمىگەنلىكىنى تېخىمۇ ئەسلىيەلمىدى ۋە بۇ گەپنى دەپ قويۇپ سەل خىجىل بولۇپمۇ قالدى.

پەيلاسوپ سەنئەتنىڭ ئۆزى بىر پۈتۈنلۈك، ھەر خىل سەنئەت بىر - بىرىگە يۇغۇرۇلۇپ كەتكەندىلا كامالەتكە يېتىدۇ، دەپ قارايتتى.

---

① ۋاگنېر (1813 — 1883) — گېرمانىيىلىك مەشھۇر كومپوزىتور، ئەدىب، «فائۇست مۇقەددىمىسى» ناملىق سىمفونىيىسى، «گوللاندىيىلىك سەرگەردان»، «تانخاۋسېر»، «لوئېنگرىن» قاتارلىق ئوپېرالىرى بار.

لېۋىننىڭ ئوينىلىۋاتقان ئىككىنچى نومۇرنى كۆرگۈسى كەلمىدى. پېستىسوف ئۇنىڭ يېنىدىن كەتمەي، ئاغزى بېسىلماي سۆزلەپ ۋە بۇ مۇزىكىنى رافېللولارنىڭ رەسساملىقتىكى ئاددىيلىقىغا تەڭلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ كىشىنىڭ ئىچىنى پۇشۇرىدىغان ھەددىدىن تاشقىرى ئاددىيلىقىنى تەنقىدلىدى. لېۋىن ئويۇندىن قايتقاندا يەنە نۇرغۇن تونۇشلىرىغا ئۇچراپ، ئۇلار بىلەن سىياسەت، مۇزىكا ۋە ئورتاق دوستلىرى ھەققىدە پاراڭلاشتى. ئۇ يەنە گراف پاۋل بىلەنمۇ ئۇچرىشىپ قالدى، ئۇنى يوقلاپ بېرىش يادىدىن چىقىپ كەتكەنىدى، بۇنى ئۇ ناتالىيەگە سۆزلەپ بەردى.

— ئۇنداق بولسا ھازىرلا بېرىپ كېلىڭ، — دېدى ناتالىيە، — ئۇلار سىزنى قوبۇل قىلماسلىقىمۇ مۇمكىن تېخى. ئۇ يەردىن قايتىپ يىغىن مەيدانىغا بېرىڭ، مېنى شۇ يەردىن تاپالايسىز.

# 6

— ئۇياق مېنى قوبۇل قىلمايمۇ قالارمۇ؟ — دېدى لېۋىن گراف پاۋل خانىمنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكىدىن كىرىۋېتىپ دەرۋازىۋەنگە.

— ئۇ ناتايىن، مەرھەمەت، — دېدى دەرۋازىۋەن لېۋىننىڭ پەلتوسىنى قىلچە ئىككىلەنمەي يەشتۈرۈۋېتىپ.

«ئەتتەڭ، — دەپ قالدى لېۋىن قولىدىن پەلىيىنى ئېلىۋېتىپ ۋە شلەپىسىنى تۈزەپ قويۇپ، — مەن بۇ يەرگە نېمىگە كەلدىم؟ ئۇلار بىلەن نېمە توغرۇلۇقمۇ سۆزلىشەرمەن؟»

لېۋىن مېھمانخانىغا كىرىپلا ئىشىك تۈۋىدە گراف خانىم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇ قاپاقلىرى تۈرۈك، خىزمەتكار ئايالغا بىر ئىشنى بۇيرۇۋاتقانىكەن. لېۋىننى كۆرۈپلا چىرايىغا

كۆلكە يۈگۈرتۈپ، ياندىكى كىچىكرەك بىر ئۆيگە باشلىدى، ئۇ ئۆيدىن بىرلىرىنىڭ گەپلىشىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى، ئۇلار گراف پاۋل خانىمنىڭ ئىككى قىزى بىلەن لېۋىن تونۇيدىغان موسكۋالىق پولكوۋنىك ئىدى، كىرىسلودا پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشاتتى. لېۋىن ئۇلار بىلەن سالاملىشىپ بولۇپ چوڭ كىرىسلوغا بېرىپ ئولتۇردى، بېشىدىن شلەپىسىنى ئېلىپ تىزى ئۈستىگە قويۇۋالدى.

— خانىمىڭىزنىڭ سالامەتلىكى قانداق؟ ئويۇن كۆرگىلى باردىڭىزمۇ؟ ئاپام بىرىنىڭكىگە ئۆلۈم پەتىسىگە بارىدىغان بولۇپ قېلىپ بىز بارالماي قالدۇق، — دېدى قىزلاردىن بىرى.

— شۇنداق، مەنمۇ ئاڭلىدىم ... نېمىدېگەن تۇيۇقسىز كېتىپ قالغان - ھە ! — دېدى لېۋىن.

گراف خانىم كىرىپ كىرىسلوغا كېلىپ ئولتۇردى، ئۇمۇ لېۋىنىنىڭ خوتۇنىنىڭ سالامەتلىكىنى، ئويۇنىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى سورىدى.

لېۋىن بىر - بىرلەپ جاۋاب بېرىپ، ئاخىرىدا ئاپراكسىنانىڭ قانداق بولۇپ بۇنداق تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم سورىدى.

— سالامەتلىكى بۇرۇندىن ياخشى ئەمەس ئىدى.

— تۈنۈگۈن ئاخشام ئوپېرا كۆرگىلى باردىڭىزمۇ؟

— باردىم.

— لۇكا ناخشىنى نېمىدېگەن چىرايلىق ئېيتقان - ھە !

— شۇنداق، ئاجايىپ ياخشى ئېيتتى، — دېدى لېۋىن باشقىلارنىڭ نېمە دېيىشى بىلەن كارى يوق، ئۇ ناخشىچى ھەققىدە باشقىلار نۇرغۇن قېتىم ماختىغان گەپلەرنى تەكرارلاپ.

گراف پاۋل خانىم ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاۋاتقاندەك قىلىپ ئولتۇراتتى. لېۋىنىنىڭ گېپى تۈگىگەندىن كېيىن بىر ئېغىز گەپ قىلماي ئولتۇرۇۋالدى، ئارىدىكى بۇ جىمجىتلىقنى پولكوۋنىك بۇزۇپ، ئوپېرا ۋە ئوپېرا تىياتىرخانىسىنىڭ چىراغلىرى

توغرۇلۇق سۆزلەپ كەتتى. ئاخىرىدا تيۇرىنىنىڭ ئۆيىدە بولىدىغان *شادلىق بايرىمى تانسا كېچىلىكى* توغرۇلۇق گەپ قىلىپ، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. لېۋىنمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ بولۇپ، گراف خانىمنىڭ چىرايىدىن، قايتىدىغان ۋاقتىڭىز بولمىدىغۇ تېخى، دېگەندەك بىر ئىپادىنى كۆرگەندىن كېيىن، يەنە ئىككى مىنۇت ئولتۇرۇپ مېڭىش ئۈچۈن جايىدا ئولتۇردى.

لېكىن، لېۋىن باشتىن ـ ئاخىر ناھايىتى قىسىلىپ ئولتۇرغان بولغاچقا، قىلىدىغانغا گەپ تاپالماي جىمجىت ئولتۇرۇپ كەتتى.

— سىز مەجلىسكە بارماسىز؟ ئاڭلىسام، ئۇ مەجلىس تولىمۇ قىزىقارلىق ئېچىلارمىشقۇ، — دېدى گراف خانىم گەپنى باشلاپ.

— بارالمايمەن، قېيناچامنى ئالغىلى بارىمەن دەپ ۋەدە بېرىپ قويغانمەن، — دېدى لېۋىن.

ئارقىدىنلا ئارىنى يەنە جىمجىتلىق باستى. ئانا ـ بالا ئىككىسى بىر ـ بىرىگە يەنە قارىشىپ قويدى.

«ئەمدى كېتىشىم كېرەك» لېۋىن شۇ خىيال بىلەن تەڭ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، خانىملار ئۇنىڭ بىلەن بىر ـ بىرلەپ قول ئېلىشىپ خوشلاشتى ۋە خانىمغا سالاملىرىنى يەتكۈزۈپ قويۇشنى ئۆتۈنۈشتى.

ئىشىككە قارايدىغان بوۋاي ئۇنىڭ پەلتويىنى كىيىشكە ياردەملىشىۋېتىپ:

— جانابلىرىنىڭ تۇرىدىغان يېرى نەدىكىن؟ — دەپ سوراپ، ئاندىن ئۇنىڭ ئادرېسىنى نەپىس مۇقاۋىلانغان يوغان دەپتەرگە يېزىپ قويدى.

«ئەلۋەتتە، ماڭا بەرىبىر، لېكىن بەك ئوڭايسىزلىق ھەم بىمەززە ئىش بولدى ـ دە» دەپ ئويلىدى لېۋىن. لېكىن، يەنە ئارقىدىنلا، مەنلا ئەمەس، باشقىلارمۇ شۇنداق بولىدۇغۇ، دېگەن خىيال بىلەن

ئۆزىنى ئۆزى بەزلەپ قويۇپ، قىيىناچىسىنى ئەكېتىش ئۈچۈن مەجلىس بولۇۋاتقان يەرگە قاراپ ماڭدى.

كومىتېتنىڭ ئاشكارا مەجلىسگە قاتناشقانلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كەلگەنىدى. لېۋىن كىرگەندە ئومۇمىي باھالاش باشلانغانىكەن. باھالاش تۈگىگەندىن كېيىن، كىشىلەر ئۈچتىن - تۆتتىن بولۇشۇپ مۇلاھىزە قىلىشقا كىرىشىپ كەتتى. لېۋىن بۇ يەردە سۋىيەژسكىي بىلەن كۆرۈشۈپ قالدى. ئۇ ئۇنىڭغا بۈگۈن كەچتە يېزا ئىگىلىك يىغىنى ئېچىلىدىغانلىقىنى، يىغىندا ئاجايىپ مۇھىم بىر دوكلاتنىڭ بولىدىغانلىقىنى، دەپ، ئۇ يىغىنغا چوقۇم قاتنىشىشنى ئېيتتى. لېۋىن يەنە ئوبلونسكىي ۋە باشقا نۇرغۇن تونۇشلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلار بىلەن بۇ قېتىمقى يىغىن، يېڭى مۇزىكىلار، ئوچۇق سوتلار ھەققىدە پاراڭلاشتى، ھەر خىل گەپلەرنى ئاڭلىدى. بەك چارچاپ كەتكەچكىمىكىن، ئوچۇق سوت ھەققىدىكى بىر گەپنى خاتا دەپ قويۇپ، كېيىن ئۇ گېپىگە قاتتىق پۇشايمان قىلدى. ئۇلار يەنە بىر چەت ئەللىكنىڭ رۇسىيىدە سوتلانغانلىقى توغرۇلۇق سۆزلىشىپ، ئۇنى چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىش توغرا ئەمەس، دېيىشىۋىدى، لېۋىن تۈنۈگۈن بىر ئاغىنىسىدىن ئاڭلىغان بىر گەپنى ئۇلارغا سۆزلەپ بەردى.

— مېنىڭچە، ئۇنى چېگرىدىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىش بېلىقنى سۇغا تاشلاپ جازالىغانغا ئوخشاشلا بىر ئىش، — دېدى ئۇ. ئۇ بۇ گەپنى ئۆزىنىڭ گېپىدەك قىلىپ سۆزلىگىنى بىلەن، بۇنىڭ دوستىدىن ئاڭلىغان كرىلوفنىڭ مەسەللىرىنىڭ ئىچىدىكى گەپ ئىكەنلىكىنى، ئۇ دوستىنىڭ بۇ گەپنى گېزىتكە بېسىلغان فىليەتوندىن بىلىۋالغانلىقىنى كېيىنرەك ئېسىگە كەلتۈردى.

لېۋىن قىيىناچىسىنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويدى ۋە كىتىنىنىڭ سالامەت تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، كۆڭلى خۇش ھالدا كۇلۇبقا كەتتى.

# 7

لېۋىن كۆلۈبقا دەل ۋاقتىدا يېتىپ كەلدى. ئۆنىڭ بىلەن تەڭ كۆلۈب ئەزالىرى بىلەن مېھمانلارمۇ كېلىشىۋاتاتتى. لېۋىن ئۇنىۋېرسىتېتتىن ئايرىلىپ موسكۋادا تۇرۇپ قالغان ۋە يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر بىلەن ئارىلىشىشقا باشلىغاندىن كېيىن بۇ يەرگە پەقەتلا كېلىپ باقمىغانىدى. كۆلۈبنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى بىلەن ئىچىدىكى تۇرلۇك ئۇسكۇنىلىرى يادىدا بولغىنى بىلەن، ئۇنىڭ ئۆزىگە بەرگەن تەسىرى يوقاپ كەتكەنىدى، لېكىن يېرىم دۇگىلەك ھويلىغا كىرىپ پەيتۇندىن چۇشكەندە، پەلەمپەيگە قەدەم قويۇشى بىلەن تەڭ ئىككى مۇرىسىگە خىزمەتكارلار تاقايدىغان پاگون تاقىۋالغان ئىشىكباقار ئىشىكنى ئاۋايلاپ ئېچىپ ئۇنىڭغا ئېگىلىپ تەزىم قىلغاندا، ئىشىكتىن كىرىپ كارىدورغا سېلىپ قويغان نۇرغۇن كالاچلار بىلەن پەلتولارنى (كىشىلەر كالاچلارنى پەسكە سېلىپ قويۇشنى يۇقىرىغا كىيىپ چىقىپ كېتىشتىن قۇلايلىق بىلەتتى) كۆرگەندە، ئۇنىڭ كەلگەنلىكىنى ئۇستىدىكىلەرگە خەۋەر قىلىپ چىلىنغان قوڭغۇراقنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ پەلەمپەي بىلەن يۇقىرىغا چىقىپ كېتىۋاتقاندا، پەلەمپەينىڭ ئېغىزىدا تۇرغان ھەيكەللەرنى، ئۇستىدىكى ئۇچىنچى ئىشىكنىڭ ئالدىدا تۇرغان، يۇزىنىڭ تېرىسى ساڭگىلاپ قالغان ئۆزىگە تونۇش ئۇچىنچى ئىشىكباقار ئۆزىگە سەپسېلىپ قارىۋېتىپ، ئاندىن ئىشىكنى ئېچىپ بەرگەندە، ئاندىن كۆلۈبنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ئۆزىدە قالدۇرغان ئارامبەخش، راھەت، دەبدەبىلىك تەسىراتى ئۇنىڭ كاللىسىدا يېڭىۋاشتىن ئەكس ئېتىشكە باشلىدى.

— شىلەپىڭىزنى ماڭا بېرىڭ، تەقسىر، — دېدى ئىشىكباقار

كۆلۆبنىڭ شىلەپىنى دالاندا قالدۇرۇپ كىرىدىغان قائىدىسىنى ئۇنتۇپ قالغان لېۋىنغا، ــ كېلىپ باقمىغىنىڭىزغا ئۇزاق بولدى. قېرى كىنەز سىزگە تونۇگۇنلا ئورۇن ئېلىپ قويغان. كىنەز ئوبلونسكىي تېخى يېتىپ كەلمىدى.

بۇ ئادەم يالغۇز لېۋىنىنىلا ئەمەس، يەنە ئۇنىڭ ئاغىنىلىرىنىمۇ بىلىدىكەن، ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنىمۇ ئاتاپ چىقتى.

لېۋىن نۇرغۇن شىرەلار تارتىلغان بىرىنچى چوڭ زالدىن ئۆتۈپ، مېۋە - چېۋە سودىگىرى ئولتۇرغان ئوڭ تەرەپتىكى ئۆيدىن، ناھايىتى ئاستا مېڭىپ كېتىۋاتقان بىر بوۋاينىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ، ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئاۋۇن يوغان بىر تاماقخانىغا كىرىپ قالدى.

ئۇ ئادەملەر لىق ئولتۇرۇشقان بىرنەچچە ئۈستەللەرنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئادەملەرگە سەپسالدى، ھەممىلا يەردە، ھەممىلا ئۈستەلدە قېرى، ياش، تونۇش، سىرداش ئادەملەر ئولتۇرۇپ كەتكەن، تەرى تۇرۇك، خاپا چىراي بىرمۇ ئادەم يوق، خۇددى ھەممىسىلا ئۆزلىرىنىڭ غەم - قايغۇ، ئەندىشە - تەشۋىشلىرىنى شىلەپىلىرى بىلەن بىللە دالاندا قالدۇرۇپ، بۇ يەردە ئەركىن - ئازادە ئولتۇرۇپ ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرمەكچى بولۇشۇۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. سۋىيەژسكىيمۇ، شېرباتسكىيمۇ، نېۋېدوۋسكىيمۇ، قېرى كىنەزمۇ، ۋرونسكىي بىلەن كوزنىشېفمۇ شۇ يەردە ئىدى.

ــ بەللى، نېمىشقا كېچىكىپ قالدىڭ؟ ــ دېدى قېرى كىنەز كۆلۈمسىرەپ، كۈيئوغلىغا يەلكىسىدىن ئاتىلدۇرۇپ قولىنى بېرىپ، ــ كىتى قانداق؟ ــ دەپ يەنە سورىدى ئۇ جىلىتكىسىنىڭ تۈگمىسىگە ئېسىپ قويغان سالفىتكىنى تۈزەشتۇرۇپ تۇرۇپ.

ــ ياخشى، ئوبدان تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇلار ئۈچى ئۆيدە تاماق يەپ قالدى.

ــ يەنە شۇ ئەپقاچتى گەپلەرنى قىلىپ ئولتۇرۇشۇپتۇ - دە.

بىزنىڭ بۇ ئۇستەلدە ئورۇن قالمىدى، ئاۋۇ ئۇستەلگە بېرىپ چاپسانراق بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇۋال، — دېدى كىنەز، ئاندىن يوغان باش ترېسكا بېلىقىدىن قىلىنغان بىر تەخسە شورپىنى ئېلىپ ئاۋايلاپ ئالدىغا قويۇۋالدى.

— لېۋىن، بۇياققا كەل! — يىراقتىن تونۇش بىر ئاۋاز ئاڭلاندى، ئۇ تۇرۇۋىتىسىن ئىدى. ئۇ ياش بىر ھەربىي بىلەن ئولتۇرغانىكەن، يېنىدا ئىككى ئورۇندۇق بوش تۇرۇپتۇ. لېۋىن خۇشال ھالدا ئۇلارنىڭ يېنىغا باردى. ئۇ يەپ - ئىچىپ، ئوينىاپ يۈرىدىغان ئاق كۆڭۈل تۇرۇۋىتىسىننى ياخشى كۆرەتتى — ئۇنى كۆرسىلا ئۆزىنىڭ كىتىگە توي قىلىش تەلىپىنى ئېيتقان چاغلىرىنى ئەسلەپ قالاتتى — بۈگۈنكى جىددىي پاراڭلاردىن كېيىن، تۇرۇۋىتىسىننىڭ سەممىي چىرايىنى كۆرۈپ لېۋىننىڭ كۆڭلى بۆلەكچىلا ئېچىلىپ قالدى.

— بۇ ئىككى ئورۇننى سەن بىلەن ئوبلونسكىيغا ئېلىپ قويغان، ئۇمۇ ھازىرلا يېتىپ كېلىدۇ.

قەددىنى تىك تۇتۇپ ئولتۇرغان، كۆزلىرىدىن كۈلكە كەتمەيدىغان ئۇ خۇشخۇي ھەربىي يىگىت پېتېربۇرگلۇق بولۇپ، ئىسمى گاگىن ئىدى. تۇرۇۋىتىسىن ئۇ ئىككىسىنى بىر - بىرىگە تونۇشتۇرۇپ قويدى.

— ئوبلونسكىي دائىم كېچىكىپ كېلىدۇ.

— ئەنە، ئۇمۇ كەلدى.

— سەنمۇ يېڭىلا كەلگەن ئوخشىمامسەن؟ — دېدى ئۇلارنىڭ يېنىغا ئىتتىك يېتىپ كەلگەن ئوبلونسكىي لېۋىنغا، — ناھايىتى ياخشى بولدى. هاراق ئىچتىڭمۇ؟ ئىچمىگەن بولساڭ، يۈر، ئىچىپ كېلىمىز.

لېۋىن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ كەينىدىن تۈرلۈك ھاراقلار بىلەن زاكۇسكىلار قويۇلغان ئۇستەلگە قاراپ ماڭدى. ھەر كىم ئۆزىگە ياقىدىغىنىنى تاللىۋېلىشى ئۈچۈن يىگىرمە - ئوتتۇز خىلچە زاكۇسكا تىزىپ قويۇلغانىدى. ئوبلونسكىي قانداقتۇر بىر

خىل ئالاھىدە زاكۇسكا بۇيرۇدى. مەخسۇس كۇلۇب كىيىمى كىيىۋالغان شۇ يەردىكى بىر خىزمەتكار دەررۇ بېرىپ ئۇ بۇيرۇتقان زاكۇسكىنى ئېلىپ كەلدى. ئۇلار بىر رومكىدىن ۋوتكا ئىچىشىپ ئورۇنلىرىغا قايتىپ كەلدى.

ئۇلار شورپا ئىچىشىۋاتقاندا، گاگىن كۇتكۇچىگە بىر بوتۇلكا شامپان بىلەن تۆت رومكا كەلتۈرۈشنى بۇيرۇدى. لېۋىن ئۇ قۇيۇپ بەرگەن شامپاننى رەت قىلماي ئىچىۋەتتى، ئۆزىمۇ بىر بوتۇلكا كەلتۈردى. ئۇنىڭ قورسىقى ئاچ بولغاچقا، تاماقنىمۇ ياخشى يېدى، ھاراقنىمۇ ئىچتى، يەنە تېخى ئۇلارنىڭ بېزەپ چاقچاقلىرىنى خۇشال ئاڭلاپ ئولتۇردى. گاگىن پېتېربۇرگدا يېڭىدىن تارقالغان قىزىق بىر گەپنى بوش ئاۋازدا ئۇلارغا سۆزلەپ بەردى. بۇ تولىمۇ بېزەپ ھەم تېتىقسىز، ئەمما تولىمۇ كۇلكىلىك گەپ بولغاچقا، لېۋىن ئۆزىنى تۇتالماي قاقاقلاپ كۇلۇپ كەتتى. ئەتراپتا ئولتۇرغانلار ھەيران بولۇپ ئۇلارغا قارىشىپ قالدى.

— بۇ «كۆرەر كۆزۈم يوق» دېگەن يۇمۇرغا بەكمۇ ئوخشايدىكەن. سەن ئۇ يۇمۇرنى ئاڭلىغانمۇ؟ — دەپ سورىدى ئوبلونسكىي، — ئاجايىپ يۇمۇردە ئۇ. يەنە بىر بوتۇلكا كەلتۈرگىن! — دېدى ئۇ كۇتكۇچىنى بۇيرۇپ، ئاندىن ئۆزى دېگەن شۇ يۇمۇرنى ئېيتىشقا باشلىدى.

— پيوتر ئىلىيىچ ۋىنوۋسكىي ئىككىڭىزلەرگە ھاراق تۇتتى، — دېدى قېرى بىر خىزمەتكار نەپىس ئىككى رومكىدىكى بۇژۇلداپ تۇرغان شامپاننى كۆتۈرۈپ كېلىپ، ئوبلونسكىي بىلەن لېۋىنغا. بۇنىڭ بىلەن ئوبلونسكىينىڭ سۆزى بۆلۈنۈپ كەتتى. ئوبلونسكىي رومكىنى قولىغا ئېلىپ، ئۇستەلنىڭ ئۇ چېتىدە ئولتۇرغان سېرىق ساقاللىق ياغاق باش بىرىگە قاراپ كۇلۇپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— ئۇ كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى لېۋىن.

— بىر قېتىم سەن مېنىڭ ئالدىمغا كىرگەندە ئۇمۇ شۇ

يەردە ئىدى، سەن ئۇنى كۆرگەن، ئېسىڭگە كەلدىمۇ؟ ياخشى يىگىت.

لېۋىنمۇ ئوبلونسكىيغا ئوخشاش رومكىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ قويدى.

ئوبلونسكىينىڭ يۇمۇرى بەكمۇ كۈلكىلىك ئىكەن. لېۋىنمۇ قىزىق گەپلەرنى قىلغاندى، ھەممەيلەن كۈلۈشتى. ئاندىن ئۇلار ئاتلار بىلەن بۇگۈن بولغان بەيگە توغرۇلۇق، ۋرونسكىينىڭ «ئاتلاسنىي» دېگەن ئېتىنىڭ قانداق شىددەت بىلەن يۈگۈرۈپ بىرىنچىلىكنى ئالغانلىقى ۋە باشقا ئىشلار توغرۇلۇق گەپلەرنى قىلىشتى. لېۋىن بۇگۈنكى كەچلىك تاماق ۋاقتىنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى سەزمەي قالدى.

— ئەنە، ئۇلارمۇ كەلدى! — كەچلىك تاماق ئاخىرلىشىپ قالغاندا، ئوبلونسكىي ئېگىز بويلۇق گۋاردىيە پولكوۋنىكى بىلەن ئالدىغا كەلگەن ۋرونسكىيغا ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىنىڭ ئۈستىدىن قولىنى سوزدى. كۈلۈپنىڭ ئىچىدىكى ھەممە ئادەمنىڭ خۇشال كەيپىياتى ۋرونسكىينىڭ چىرايىدىمۇ ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ۋرونسكىي ئوبلونسكىينىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ تۇرۇپ، خۇشال ھالدا قۇلىقىغا بىرنېمىلەرنى دەپ پىچىرلىدى، يەنە شۇ كەيپىياتى بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ لېۋىنغا قولىنى بەردى.

— كۆرۈشكىنىمىزگە ناھايىتى خۇشالمەن، — دېدى ۋرونسكىي، — ئۆتكەندىكى سايلامدا سىزنى كۆپ ئىزدىدىم، كېيىن ئۇلار سىزنىڭ كېتىپ قالغانلىقىڭىزنى دېيىشتى.

— راست، مەن شۇ كۈنىلا كېتىپ قالغان. بىز تېخى يېڭىلا سىزنىڭ ئېتىڭىز توغرۇلۇق پاراڭلىشىۋاتاتتۇق. مۇبارەك بولسۇن، — دېدى لېۋىن، — ئېتىڭىز ناھايىتى يۈگۈرۈك ئات ئىكەن.

— سىزنىڭمۇ بەيگە ئاتلىرىڭىز بار ئىكەنغۇ؟

— مېنىڭ يوق، دادامنىڭ بەيگە ئاتلىرى بولغان، ئېسىمدە

بار، ئۇ ئاتلارنى ئازراق بىلىمەن.

— سەن تاماقنى نەدە ئولتۇرۇپ يېدىڭ؟

— ئىككىنچى ئۇستەلدە، تۇۋرۇكنىڭ كەينىدىكى.

— ھەممىمىز ئۇنى تەبرىكلىدۇق، — دېدى ئېگىز بوي پولكوۋنىك، — پادىشاھنىڭ مۇكاپاتىغا ئىككىنچى قېتىم ئېرىشتى. بۇنىڭ ئاتتىن تەلىيى بار، مەنمۇ قىماردا مۇشۇنداق تەلەيلىك بولسام قانداق ياخشى بولاتتى. بۇ يەردە ۋاقتىمنى ئىسراپ قىلىپ نېمە قىلاي، مەن «دوزاخ» قا قاراپ كەتتىم، — پولكوۋنىك شۇنداق دەپلا ئۇستەل يېنىدىن كېتىپ قالدى.

— بۇياق ياشۇن، — ۋرونسكىي تۇرۇۋېتىسىنىڭ سورىغان سوئالىغا جاۋاب بېرىۋېتىپ، ئاندىن ئۇلارنىڭ يېنىدىكى بوش ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. ئاندىن ئۆزىگە تۇتۇلغان بىر رومكا ھاراقنى ئىچىۋېتىپ، يەنە بىر بوتۇلكا كەلتۈرۈشنى بۇيرۇدى. كۆلۈبنىڭ ئومۇمىي كەيپىياتىنىڭ تەسىرىدىنمۇ ياكى بايا ئىچكەن بىرنەچچە رومكا ھاراقنىڭ كۈچىدىنمۇ، ئىشقىلىپ، لېۋىن روھى كۆتۈرەڭگۈ ھالدا ۋرونسكىي بىلەن نەسىللىك ئۇلاغلار توغرىسىدا پاراڭلىشىپ قالدى ۋە ۋرونسكىيغا ئۆتكەنكىدەك قوپال مۇئامىلە قىلمىغىنىدىن خۇشال بولدى، ھەتتا خوتۇنىنىڭ ئۆزىگە ۋرونسكىينى ئۆتكەندە ماريە پورسوۋنانىڭ ئۆيىدە كۆرگەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگەنلىكىنىمۇ دېدى.

— ھە، كىنەز ماريە پورسوۋنا خانىم ئاجايىپ ئايال، — دېدى ئوبلونسكىي. ئارقىدىن ئۇ ئايالنىڭ قىزىق بىر ئىشىنى سۆزلەپ بېرىپ ھەممەيلەننى كۈلدۈرۈۋەتتى. بولۇپمۇ ۋرونسكىي ئىچ - ئىچىدىن شۇنچىلىك كۈلۈپ كەتتىكى، شۇنىڭغا قاراپ لېۋىن ئۆزىنى ئۇنىڭ بىلەن پۈتۈنلەي ياخشىلىشىپ قالغاندەك ئويلاپ قالدى.

— خوش، ئەمدى بولدىمۇ؟ — دېدى ئوبلونسكىي ئورنىدىن تۇرۇپ كۈلگەن بويى، — يۈرۈڭلار، كەتتۇق!

# 8

لېۋىن ئورنىدىن تۇرغاندا ئۆزىنى ئاجايىپ يەڭگىل سېزىپ، ئىككى قولىنى سېلىپ روھلۇق مېڭىپ كەتتى. گاگىن ئىككىسى ئېگىز ئۆيلەرنى ئارىلاپ، ئۇدۇل بىلىيارتخانىغا قاراپ ماڭدى. زالدىن چىقىۋاتقاندا قېيناتىسى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى.

— ھە، قانداق؟ بىزنىڭ تاماشىخانىمىز ياقتىمۇ ساڭا؟ — دېدى قېرى كىنەز ئۇنى قولتۇقلىۋېلىپ، — يۈر، ئايلىنايلى.

— مېنىڭمۇ ئايلىنىپ باققۇم بار ئىدى، بۇ يەر بەكمۇ قىزىقارلىق ئىكەن.

— ساڭا شۇنداق تۇيۇلسا كېرەك، مېنىڭ قىزىقىشىم سېنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. سەن مانا مۇنۇ قېرىلارغا قاراپ باق، — دېدى قېرى كىنەز پۇتىدا يۇمشاق ئۆتۈك، ئۇلارغا قاراپ ئاستا مېڭىپ كېلىۋاتقان دۇمچەك، دورداي كالپۇك بىر قېرىنى كۆرسىتىپ، — سەن ئۇلارنى تۇغۇلۇشىدىنلا مۇشۇنداق پالاق تۇخۇمدەك تۇغۇلغان دەپ ئويلامسەن؟

— ئۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— توغرا، سەن بۇ گەپنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەيسەن. بۇ بىزنىڭ كۇلۇبنىڭ ئادەت سۆزى. تۇخۇم دومىلىتىپ ئوينايدىغان ئويۇننى بىلەمسەن؟ تۇخۇمنى دومىلىتىۋەرسەڭ پالاق بولۇپ كېتىدۇ. بىزمۇ ھەم شۇنداق. بۇ يەرگە ھەر كۈنى، ھەر ئايدا، ھەر يىلى كېلىۋەرسەڭ، ئاخىر پالاق تۇخۇمدەك بولۇپ قالىسەن. كۈلمە، بىزمۇ قاچان پالاق بولارمىزكىن، دەپ ساقلاپ تۇرۇۋاتىمىز. سەن كىنەز چېچېنسكىينى تونۇمسەن؟ — دېدى كىنەز. لېۋىن ئۇنىڭ چىرايىدىن كۈلكىلىك بىر ئىشنى سۆزلەپ بەرمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى بىلدى.

— ياق، تونۇمايمەن.
— نېمىشقا تونۇمايسەن؟ كىنەز چېچېنىسكىي ناھايىتى مەشھۇر شەخس تۇرسا. بوپتۇ، كېرەك يوق. ئەنە شۇ ئادەم پالاق بولۇشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا پالاق ئەمەس ئىدى، روھلۇق يۈرەتتى، يەنە تېخى باشقىلارنى پالاق دەپ يۈرىدىغان. يېقىندا ئۇ بىزنىڭ ئۆيگە كەپتۇ. بىزنىڭ ئىشىككە قارايدىغان ئادىمىمىز ... ۋاسىلىينى بىلىسەنغۇ؟ ھېلىقى سېمىز ئادەم. ئۇ ناھايىتى چاقچاقچى. چېچېنىسكىي ئۇنىڭدىن: «ھەي، ۋاسىلىي، كىملەر كەلدى؟ قېرى پالاقلار بارمۇ، يوق؟» دەپ سوراپتىكەن، ۋاسىلىي چاقچاق قىلىپ: «بار، ئۈچىنچىسى بولۇپ سىلى كەلدىلە» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئاڭلىدىڭمۇ، بۇرادەر، كۈلكىلىكمىكەن.

لېۋىن قېرى كىنەز بىلەن بىللە ئۇچراشقان تونۇشلار بىلەن سالاملاشقاچ ھەممە ئۆيلەرنى ئايلىنىپ چىقتى: چوڭ بىر ئۆيگە قاتار ئۇستەللەر قويۇلغان، ئۇستەللەردە ئادەملەر جۈپ ـ جۈپ ئولتۇرۇشۇپ قارتا ئوينىشىۋېتىپتۇ؛ دەم ئېلىش ئۆيىدە شاھمات ئويناۋېتىپتۇ؛ كوزنىشېف بىر بۇلۇڭدا بىرى بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ: بىلياردخانىنىڭ بىر بۇلۇڭىدىكى ساپانىڭ ئەتراپىدا بىر توپ ئادەم ئۆرە تۇرۇپ شامپان ئىچىشكەچ چاقچاق قىلىپ تۇرۇشۇپتۇ، گاگىنمۇ شۇ توپنىڭ ئىچىدە ئىكەن. ئۇلار يەنە «دوزاخ» دەپ نامى بار ئۆيگە كىرىشتى. ئۇ يەردىكى بىر ئۇستەلگە بىر توپ قىمارۋاز ئولىشىۋاپتۇ، ياشۋىنمۇ شۇلارنىڭ ئىچىدە ئىكەن. ئۇلار يەنە گۈڭگىراق تۇرغان قىرائەتخانىغا تىۋىش چىقارماي دېگۈدەك مېڭىپ كىرىشتى. ئۇ يەردە بىر يىگىت چىراغ تۈۋىدە ئاچچىقى بىلەن ژۇرناللارنى كۆرۈپ ئولتۇرۇپتۇ، كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرغان يەنە بىر ياغاق باش گېنېرالمۇ بار ئىكەن. قېرى كىنەز لېۋىننى «دانالار خانىسى» دەپ ئاتالغان بىر ئۆيگە باشلاپ كىردى، ئۇ يەردە ئۈچ ئەپەندى ۋەزىيەت توغرۇلۇق قىزغىن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ.

— كىنەز، بۇ ياققا كېلىڭ، ھەممىنى تەييار قىلىپ قويدۇق، — دېدى دائىم كىنەز بىلەن بىللە بىليارت ئوينايدىغان بىرەيلەن ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ. شۇنىڭ بىلەن قېرى كىنەز كېتىپ، لېۋىن ئۆزى يالغۇز ئۇ ئۇچەيلەننىڭ پارىكىغا قولاق سېلىپ ئولتۇردى. لېكىن، بۈگۈن ئەتىگەن بولغان گەپلەر تويۇقسىز ئېسىگە كېلىپ قېلىپ، ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىدىن كۆڭۈلسىزلىنىپ قالغاندەك، ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ ئوبلونسكىي بىلەن تۇرۇۋىتسىننى ئىزدەپ چىقىپ كەتتى. ئۇ ئۇلار بىلەن بىللە بولسا ئۆزىنى كۆڭۈللۈك سېزەتتى.

تۇرۇۋىتسىن قولىدا بىر رومكا ھاراق، بىلپارتخانىدىكى بىر ساپادا ئولتۇراتتى، ئوبلونسكىي بىلەن ۋرونسكىي يان ئىشىكنىڭ يېنىدا تۇرۇشاتتى.

— ئاننا زېرىكىپ قېلىۋاتقىنى يوق، ئەھۋالىمىزنىڭ بىتايىنلىقى مۇناسىۋىتىمىزنى سەل يامان ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇۋاتىدۇ ...

لېۋىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، شۇئان ئۆزىنى دالدىغا ئالماقچى بولۇپ تۇراتتى، ئوبلونسكىي كۆرۈپ قېلىپ چاقىرىۋالدى.

— لېۋىن ! — چاقىردى ئوبلونسكىي ئۇنى. لېۋىن ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ياش بولمىسىمۇ، نەملىشىپ تۇرغانلىقىنى بايقىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ھاراق ئىچكەندە ياكى بىر ئىشقا ھاياجانلىنىپ قالغاندا شۇنداق بولۇپ قالاتتى، — لېۋىن، چىقىپ كەتمە ! — ئۇ لېۋىننىڭ بىلىكىنى كاپپىدە تۇتۇۋېلىپ ھېچ يەرگە ماڭغۇزمىدى.

— بۇ مېنىڭ ئەڭ سادىق دوستۇم، ئەڭ يېقىن سىرداش دوستۇم دېسەممۇ بولىدۇ، — دېدى ئوبلونسكىي ۋرونسكىيغا، — ئەلۋەتتە، سەنمۇ مېنىڭ ئەڭ يېقىن، ئەڭ قىممەتلىك ئاغىنەم. مەن ئىككىڭلارنىڭمۇ ياخشى دوستلاردىن بولۇپ قېلىشىڭلارغا ئىشىنىمەن ھەم ئۇنىڭغا كۆزۈممۇ يېتىدۇ، چۈنكى ھەر ئىككىڭلار ياخشى ئادەملەر.

— بۇ گەپچە، ئىككىمىزگە قۇچاقلىشىپ سۆيۈشۈشلا قاپتۇ -
دە، — دېدى ۋرونسكىي چاقچاق قىلغاچ لېۋىنغا قولىنى بېرىپ.
لېۋىن دەررۇ ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ چىڭ سىقىپ قويدى.
— مەن ناھايىتى، ناھايىتى خۇشالمەن، — دېدى لېۋىن ۋرونسكىينىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ.
— ھەي، بىر بوتۇلكا شامپان كەلتۈرۈلسۇن! — دەپ بۇيرۇدى ئوبلونسكىي خىزمەتكارغا.
— مەنمۇ ناھايىتى خۇشالمەن، — دېدى ۋرونسكىيمۇ.
ئوبلونسكىي ئاشۇنداق ياخشى ئارزۇدا بولسىمۇ، ئۇ ئىككىسىمۇ شۇنداق بولۇشىنى قىزغىن ئۈمىد قىلىشسىمۇ، لېكىن ئىككىسىنىڭ بىر - بىرىگە قىلغۇدەك ھېچقانداق گېپى يوق ئىدى، بۇنى ئىككىلىسى سېزىپ تۇراتتى.
— سەن ئۇنىڭ ئاننانى ھازىرغىچە تونۇمايدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟ — دېدى ئوبلونسكىي ۋرونسكىيغا، — مەن ئۇنى چوقۇم ئاننانىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارىمەن. بارايلى، لېۋىن!
— راستمۇ؟ — دېدى ۋرونسكىي، — بارساڭلار ئاننا چوقۇم خۇشال بولىدۇ. مېنىڭ ھازىرلا سىلەرنى ئۆيگە باشلاپ بارغۇم كېلىۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ داۋاملىق سۆزلەپ، — لېكىن، مەن ھازىر ياشۋىندىن ئەنسىرەپ تۇرۇۋاتىمەن، ئۇ قىمارنى ئويناپ بولغاندىن كېيىن ماڭايلى.
— نېمە، ئۇ جىق ئۇتتۇرۇۋېتىۋاتامدۇ؟
— ئۇ ئۇتتۇرۇۋېلا تۇرىدۇ، مەن ئۇنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ تۇرمىسام بولمايدۇ.
— ئۈچ بۇلۇڭ ئويناپ باقمىمىزمۇ، لېۋىن؟ ئوينامسەن؟ ھىم، ناھايىتى ياخشى! — دېدى ئوبلونسكىي، — قېنى، ئۈچ بۇلۇڭ تىز! — دېدى ئۇ بىليارت باشقۇرغۇچىغا.
— تىزىپ قويغان، — دېدى شاركىلارنى ئۈچ بۇلۇڭ قىلىپ تىزىپ قويۇپ، ئەرمەك ئۈچۈن شاركىلارنى ئۇرۇپ ئويناۋاتقان باشقۇرغۇچى.

— قېنى، كېلىڭلار!

بىر مەيدان ئويناپ بولغاندىن كېيىن، ۋرونسكىي بىلەن لېۋىن گاگىنىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئوبلونسكىينىڭ تەكلىپى بىلەن لېۋىن بىر قول قارتىمۇ ئوينىدى. ۋرونسكىي دەم «دوزاخخانا»غا كىرىپ ياشۇنىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ چىقاتتى، دەم ئەتراپىغا ئولاشقان تونۇش - بىلىشلىرى بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. لېۋىن روھىي ھارغىنلىقى كۆتۈرۈلۈپ كېتىپ ئۆزىنى راھەت سېزىشكە باشلىدى. ئۇ ۋرونسكىي بىلەن بولغان دۈشمەنلىكنىڭ تۈگىگەنلىكىدىن خۇشال ئىدى، خاتىرجەم، يۈزى يورۇق ۋە مەمنۇنىيەت ئىچىدە راھەتلىنىپ ئولتۇراتتى.

قارتا ئويناپ بولغاندىن كېيىن، ئوبلونسكىي ئۇنى قولتۇقلىۋالدى.

— قانداق، ئانىنانىڭ قېشىغا بارىمىزمۇ؟ ھازىرلا بارمايمىزمۇ، ھە؟ ئۇ ھازىر ئۆيدە. مەن ئۇنىڭغا سېنى باشلاپ بارىدىغىنىمنى بۇرۇنلا دەپ قويغان. كەچتە بىر يەرگە بارماقچىمىدىڭ؟

— بارىدىغان ئالاھىدە بىر يېرىممۇ يوق. سۋىيەژسكىيگە يېزا ئىگىلىك يىغىنىغا قاتنىششقا ۋەدە قىلىپ قويغانلا ئىشىم بار. بوپتۇ، بارساق باردۇق، — دېدى لېۋىن.

— بۇ ياخشى بولدى. ئەمىسە كەتتۇق. چىقىپ قاراپ باققىنا، مېنىڭ پەيتونۇم كەلدىمىكىن، — دېدى ئوبلونسكىي خىزمەتكارنى بۇيرۇپ.

لېۋىن قارتا ئويناپ ئۇتتۇرۇۋەتكەن قىرىق روبلىنى تۆلىۋەتتى. ئاندىن ئىشىكنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ خۇددى سېھىرگەردەك ھەربىر ئادەمنىڭ كۆلۈب ئىچىدە خەجلىگەن پۇللىرىنى ئېنىقى بىلەن ھېسابلاپ ئولتۇرىدىغان قېرى خىزمەتكارنىڭ يېنىغا بېرىپ كۆلۈب چىقىمىنى بىر تەرەپ قىلىۋېتىپ، خانىلارنى ئارىلاپ مېڭىپ ئىشىك تەرەپكە يول ئالدى.

# 9

— ھەي، ئوبلونسكىي بېگىمنىڭ پەيتونى ! — دەپ بوم ئاۋازدا ئاچچىقى بىلەن ۋارقىرىدى خىزمەتكار.

پەيتون دەررۇ يېتىپ كەلدى، ئوبلونسكىي بىلەن لېۋىن پەيتونغا چىقتى. پەيتون كۇلۇب دەرۋازىسى ئالدىدىن قوزغالغاندا، لېۋىننىڭ كاللىسىدىن كۇلۇب ئىچىدە ئۆتكەن راھەت، بىر ـ بىرىگە بولغان ھۆرمەت ۋە ئىللىق كەيپىيات تېخى تارقاپ كەتمىگەنىدى، كاتاڭ يولدا پەيتوننىڭ تاراق ـ تۇرۇقلىرى، پەيتونكەشنىڭ ئاتلارغا غەزەپلىك ۋارقىراشلىرى، غۇۋا كوچا چىرىغىنىڭ يورۇقىدا كۆرۈنۈپ تۇرغان يول بويىدىكى قاۋاقخانا بىلەن كىچىك بىر دۇكاننىڭ قىزىل ۋىۋىسكىسى ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تاشلىنىپ، كۇلۇبتىن ئالغان ئۇ گۈزەل تەسىراتلىرى بارا ـ بارا يوقاپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئەمدى ئۆزىنىڭ قىلماقچى بولۇۋاتقان ئىشى ئۈستىدە ئويلىنىپ قالدى: ئانىنىڭ يېنىغا بېرىشىم مۇۋاپىق بولدىمۇ؟ كىتى بۇنىڭغا نېمە دەيدىكىن؟ لېكىن، ئوبلونسكىي ئۇنىڭ نېمە خىياللاردا بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇۋاتقاندەك، ھەر خىل گەپلەر، ھەرىكەتلەر بىلەن ئۇنىڭ پىكرىنى چېچىپ تۇرۇۋاتاتتى.

— ئانىنا بىلەن تونۇشۇپ قالىدىغىنىڭدىن تولىمۇ خۇشالمەن، — دېدى ئۇ، — ساڭا دېسەم، دوللىنىڭمۇ خېلىدىن بېرى شۇنداق خىيالى بار ئىدى، لۋوفمۇ ئۇنىڭكىگە دائىم بېرىپ تۇرىدۇ. ئۇ مېنىڭ سىڭلىم بولغىنى ئۈچۈن دەۋاتقىنىم ئەمەس، — دېدى ئوبلونسكىي داۋاملىق سۆزلەپ، — ئۇ ئاجايىپ ئېسىل ئايال، بۇنى سەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەندە بىلىپ قالىسەن. ئۇنىڭ ئەھۋالى ئىنتايىن ئېغىر، بولۇپمۇ ھازىر.

— نېمىشقا ھازىر ئېغىر بولىدۇ؟
— ھازىر بىز ئۇنىڭ ئېرى بىلەن نىكاھتىن ئاجرىشىش ئىشى توغرۇلۇق سۆزلىشىۋاتىمىز، ئېرىمۇ رازى بولدى، لېكىن ئوغلىنىڭ ئىشى چاتاقراق تۇرىدۇ، بولمىسا بۇرۇنلا بىر تەرەپ بولۇپ كېتەتتى. شۇ بىر ئىش بىلەن ئۈچ ئايغا سوزۇلۇپ كەتتى. ئۇ ئاجرىشىپ كەتسىلا ۋرونسكىي بىلەن توي قىلاتتى. قەدىمدىن كېلىۋاتقان نىكاھ ئادىتىمىز قاملاشمىغانلا ئادەت ئىكەن. ئۇنىڭغا ھېچكىم ئىشەنمىسىمۇ، لېكىن ئۇ كىشىلەرنىڭ بەختىگە توسالغۇ بولىدىكەن. ھەي، ئۇلار ئاجرىشىپ كېتەلىسىلا، تۇرمۇشى سەن بىلەن مېنىڭكىگە ئوخشاش يولغا چۈشۈپ كېتەتتى.
— بۇ ئىشتىكى توسالغۇ زادى نېمىدە؟ — دەپ سورىدى لېۋىن.
— سۆزلىسەڭ گەپ تولا، چويلىغا توختىمايدىغان ئىشلار، بىزنىڭ بۇ يەردە ئىشلار تولىمۇ چىگىش. مۇنداق گەپ، ئاننىنىڭ موسكۋادا تۇرۇپ ئاجرىشىش خېتىنى ساقلاۋاتقىنىغا ئۈچ ئاي بولدى. بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىمۇ، ئاننىنىمۇ بىلىدۇ، شۇڭا ئاننا ھېچ يەرگە بارمايدۇ، دوللىدىن باشقا ھېچقانداق ئادەم بىلەن كۆرۈشمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ باشقىلارنىڭ ئۆزىگە ئىچ ئاغرىتىشىنى خالىمايدۇ، ھېلىقى ئەخمەق كىنەز ۋارۋارا خانقىز چېغىدا ئۇنىڭكىدە تۇرسام خەق گەپ قىلىدۇ، ماڭا نومۇس، دەپ، ئۇنىڭ يېنىدىن كېتىپ قاپتۇ. توغرىسىنى ئېيتسام، ئەگەر باشقا بىر خوتۇن شۇنداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان بولسا بۇ چاغقىچە روھى چۈشۈپ بىر نېمە بولاتتى. ئۇ بولسا، بارساڭ كۆرىسەن، ئۆزىنى شۇنچىلىك تۇتۇۋالغان، ئۆزىگە ئىشەنچى تولۇق، تۇرمۇشىنىمۇ بىر ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇۋالغان ... سولغا بۇرۇل، چېركاۋنىڭ ئۇدۇلىدىكى كوچىنىڭ ئىچىدە، — دەپ ۋارقىرىدى ئوبلونسكىي پەيتونىنىڭ پەنجىرىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ پەيتونكەشكە، — ئۇھ، ئەجەبمۇ ئىسسىپ كەتتىما! — دېدى ئۇ نۆلدىن تۆۋەن يىگىرمە گرادۇسلۇق ھاۋادىمۇ پەلتوسىنىڭ ئالدىنى ئېچىۋېتىپ.

— ئۇنىڭ بىر قىزى بار دەپ ئاڭلىدىم، قىزى بىلەن بولۇپ كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئۇنتۇپمۇ تۇرار بەلكىم، — دېدى لېۋىن.

— سەن ئاياللارنىڭ ھەممىسىنى مېكىيانغا ئوخشاش باللىرى بىلەنلا ئالدىراش يۈرىدىغان خەق، دەپ ئويلايدىغان ئوخشىمامسەن، — دېدى ئوبلونسكىي، — ئۇنداق ئەمەس. ئاننا قىزىنى ناھايىتى ئەستايىدىل تەربىيىلەۋاتىدۇ، بۇنى ئۆز ئاغزى بىلەن دېمىگەن بولسىمۇ، بەزى ئالامەتلەردىن شۇنداقلىقى مەلۇم. لېكىن، يەنە ئۇ يېزىقچىلىق بىلەنمۇ ئالدىراش. شۇنداق دېسەم زاڭلىق قىلىپ كۈلۈۋاتىسەن ـ ھە ! كۈلمە. ئۇ باللار كىتابىدىن بىرنى يازدى. ئۇ كىتابى ھەققىدە ھېچكىمگە بىر دېمىدى، ئەمما ماڭا ئوقۇپ بەرگەن. مەن ئۇنىڭ قوليازمىسىنى ۋوركۇيېفقا بەردىم ... بىلەمسەن، ئۇ ئادەم نەشرىياتچى ... ھەم يازىدۇغۇ دەيمەن. ئىشقىلىپ، بۇ ساھەنى چۈشىنىدىغان ئادەم. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئاننانىڭ ئۇ كىتابى ياخشى يېزىلىپتۇمىش. شۇنىڭغا قاراپ ئۇنى يازىدىغان ئايالمىكىن دەپ قېلىۋاتامسەن؟ ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. ئالدى بىلەن ئۇ ھېسسىياتقا باي ئايال، بۇنى سەن ئۇنىڭكىگە بارغاندا بىلىسەن. ئۇ بىر ئىنگلىز قىزنى بېقىۋالدى، ھازىر ئۇ ئۇ قىزنىلا ئەمەس، ئۇنىڭ پۈتۈن ئائىلىسىنى بېقىۋاتىدۇ.

— نېمە، ئۇ ساخاۋەت ئىشلىرى بىلەنمۇ شۇغۇللىنامدۇ؟

— قارا سېنى، باشقا ئىشلارنى ئويلاپ كېتىۋاتقىنىڭنى. ئۇنداق ئەمەس، ئۇلارغا رەھمى كېلىپ شۇنداق قىلىۋاتقان گەپ. ئۇلارنىڭ، گەپنى تۇزلا دېسەم، ۋرونسكىينىڭ مەخسۇس ئات كۆندۈرىدىغان بىر ئىنگلىز ئادىمى بار، تېخنىكىسى خېلى يۇقىرى، لېكىن ھاراقنى كۆپ ئىچەتتى. كېيىن ئالكاش[1] بولۇپ قېلىپ ئائىلىسى قاراقسىز قالغان. ئاننا بۇ ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇلارغا ياردەم بەردى، كۆڭۈل بۆلدى. ھازىر ئۇنىڭ پۈتۈن ئائىلىسىنى بېقىۋاتىدۇ. ئۇلارنى بېقىش بىلەنلا قالماي، يەنە

① ھاراقنى كۆپ ئىچكەندە بولۇپ قالىدىغان بىر خىل كېسەللىك.

ئىككى ئوغلىنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇشى ئۈچۈن ئۇلارغا رۇس تىلىنى مەشىق قىلدۇردى، يەنە ئۇنىڭ كىچىك قىزىنى يېنىغا ئېلىپ كېلىۋالدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى سەن ئۇنىڭكىگە بارغاندا ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرىسەن.

پەيتۇن بىر ھويلىغا كىرىپ كەلدى، دەرۋازا ئالدىدا يەنە بىر چانىمۇ تۇراتتى. ئوبلونسكىي پەيتۇندىن چۈشۈپ قوڭغۇراقنىڭ يىپىنى كۈچەپ تارتىشقا باشلىدى.

ئۇ ئىشىكنى ئاچقان خىزمەتكاردىن ئاننانىڭ ئۆيدە بار - يوقلۇقىنى سورىمايلا ئۇدۇل ئىچكىرىگە قاراپ ماڭدى. لېۋىنمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن كىرىۋېتىپ، بارغانسېرى ئۆزىنىڭ بۇ ئىشىنىڭ توغرا - خاتالىقىنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قالدى.

دالاندىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، لېۋىن شۇ يەردىكى ئەينەكتىن ئۆزىنىڭ قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ قالدى. ھاراق ئىچمىگەنلىكى ئېنىق بولغاچقا، كۆپمۇ ئەنسىرەپ كەتمەي، ئوبلونسكىينىڭ كەينىدىن گىلەم سېلىنغان پەلەمپەي بىلەن يۇقىرىغا چىقىپ كېتىۋەردى. ئۈستىگە چىققاندا، قاياقتىندۇر يېتىپ كەلگەن بىر خىزمەتكار خۇددى بۇ ئائىلىنىڭ قەدىناس ئاغىنىسىنى كۈتۈۋالغاندەك، ئۇلارغا ئېگىلىپ تۇرۇپ سالام بەردى. ئوبلونسكىي ئۇنىڭدىن ئاننانىڭ يېنىدا قايسى مېھماننىڭ بارلىقىنى سورىۋىدى، خىزمەتكار ۋوركۇيېف ئەپەندىنىڭ بار ئىكەنلىكىنى دېدى.

— ئۇلار ھازىر قەيەردە؟

— كۇتۇپخانىدا.

ئوبلونسكىي بىلەن لېۋىن ياغاچ تاملىرى قوڭۇر رەڭلىك ئىخچامغىنا تاماقخانىدىن ئۆتۈپ، ئاستىغا يۇمشاق گىلەم سېلىنغان گۇڭگا يورۇق بىر ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئۆيدە قالپاقلىق يوغان لامپا يېنىق تۇراتتى. تامدا يېنىپ تۇرغان يەنە بىر ئەكس نۇرلۇق لامپا تامغا ئۇزۇنىغا ئېسىلغان ئايال كىشىنىڭ چوڭ بىر رەسىمىنى يورۇتۇپ تۇراتتى. بۇ ئاننانىڭ ئىتالىيىدە مىخايلوف سىزغان رەسىمى ئىدى. لېۋىن ئىختىيارسىز ئۇ

رەسىمگە قاراپ قالدى. ئوبلونسكىي شىرمىنىڭ كەينىگە ئۆتۈشى بىلەن تەڭ، گەپ قىلىۋاتقان ئەر كىشىنىڭ ئاۋازى توختاپ قالدى. شۇ ئارىلىقتا، لېۋىن چىراغنىڭ يورۇقىدا رامكىنىڭ ئىچىدىن مېڭىپ چىقىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كېتىۋاتقان ئۇ ئايالنىڭ بۇ ئاجايىپ رەسىمگە تىكىلىپلا قالغانىدى، ئۇنىڭدىن زادىلا كۆزىنى ئۈزەلمەي قېلىۋاتاتتى، ھەتتا شۇ تۇرقىدا ئۆزىنىڭ نەدە تۇرۇۋاتقانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ قالغانىدى، باشقىلارنىڭ قىلىشىۋاتقان گەپلىرىمۇ قۇلىقىغا كىرمەيتتى. بۇ قولدا سىزىلغان رەسىم ئەمەس، بەئەينى قول ۋە مۈرىلىرى يالىڭاچ، ئۇستىنى سەل ـ پەل يۇمشاق سېرىق تۇك باسقان، لەۋلىرىدە بىلىنەر ـ بىلىنمەس تەبەسسۇم ئويناپ تۇرغان، كىشىنى ئاللىقانداق خىياللارغا سالىدىغان ئاجايىپ چىرايلىق، تەكەببۇر، لېكىن يەنە ھېسسىياتقا باي كۆزلىرى قارىغان ئادەمگە تىكىلىپ تۇرغاندەك كۆرۈنىدىغان، قۇندۇزدەك قاپقارا بۇدۇر چاچلىرى تۇزۇپ تۇرىدىغان تىرىك بىر نازىنىننىڭ ئۆزى ئىدى. ئەگەر ئۇ تىرىك دېيىلمىسە، بۇ دۇنيادا تىرىك ياشاۋاتقان ئاياللارنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭدەك جازىبىدار ساھىبجامال ئايالنى تاپقىلى بولمايتتى.

— كەلگىنىڭىزگە ناھايىتى خۇشالمەن! — دېگەن يېقىملىق بىر سادا تۇيۇقسىز لېۋىننىڭ كەينىدىن ئاڭلاندى. بۇ دەل لېۋىن رەسىمدە كۆرۈپ تويمىغان ئاشۇ ئايالنىڭ ئاۋازى ئىدى. ئاننا شىرمىنىڭ ئۇ تەرىپىدىن لېۋىننىڭ ئالدىغا چىقتى، لېۋىن چىراغنىڭ غۇۋا يورۇقىدا رەسىمدىكى ئاشۇ ئايالنى كۆرۈۋاتقاندەك بولدى. ئۇ چېكىم گۈللۈك توق ھاۋا رەڭ كۆڭلەكتە ئىدى، تولۇق تۇرقى رەسىمدىكىدەك ئەمەس، چىراي ئىپادىسىمۇ ئوخشىمايتتى، لېكىن ئومۇمىي گۈزەللىكى رەسسام بۇ رەسىمدە ئىپادىلىگىنىگە ئوخشاش، گۈزەللىكىنىڭ پەللىسىدە ئىدى، رەسىمدىكىدەك چاقناپ تۇرمىسىمۇ، يۈرەكلەرنى پارە ـ پارە قىلىدىغان، رەسىمدە يوق قانداقتۇر بىر ئىچكى گۈزەللىك تېشىغا تېپىپ تۇراتتى.

# 10

ئاننا لېۋىن بىلەن كۆرۈشكىنىگە خۇشال بولغىنىنى قىلچە يوشۇرماي ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ساغلام، كۈچلۈك كىچىككىنە قولىنى لېۋىنغا سۇندى، ئاندىن ۋوركۇيېفنى تونۇشتۇردى، ئارقىدىنلا يەنە شۇ يەردە ئولتۇرۇپ كەشتە تىكمۋاتقان سېرىق چاچ چىرايلىق بىر قىزنى كۆرسىتىپ، بۇ مېنىڭ بېقىۋالغان قىزىم، دېدى. ئۇنىڭ گەپ - سۆزلىرى، ئۆزىنى تۇتۇشلىرى لېۋىنغا ئۆزىگە تونۇش ۋە ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان يۇقىرى تەبىقىدىكى ئېسىلزادە خېنىملارنىڭ لاتاپىتى ۋە نازاكىتىنى ئەسلەتتى.

— مەن راستىتىنلا بەك خۇشال بولدۇم، بەك خۇشال بولدۇم، — دېدى ئاننا قايتا - قايتا. ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققان شۇ ئاددىي سۆزلەر نېمە ئۈچۈندۇر، لېۋىنغا ئالاھىدە ئەھمىيەتلىك سۆزلەردەك تۇيۇلۇپ كەتتى، — مەن سىزنى ئۇزاقتىن بېرى بىلىمەن. ستىۋا بىلەن دوست بولغىنىڭىز ھەم رەپىقىڭىز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىم ئۈچۈنمۇ، بىلمىدىم، سىزنى ياخشى كۆرىمەن، رەپىقىڭىز بىلەن تونۇشقىنىمغا ئۇزاق بولمىغان بولسىمۇ، ئۇ ياق مەندە بەئەينى بىر گۈلدەك، ئاجايىپ گۈزەل بىر گۈلدەك تەسىر قالدۇرغان. ئاڭلىسام، يېقىندا ئانا بولغۇدەك.

ئاننا شۇنچىلىك تەمكىن، ھېچقانداق قورۇنۇش يوق، ئۆزىنى ئەركىن تۇتۇپ سۆزلەيتتى، ئاربلاپ نەزىرىنى لېۋىندىن ئاكىسىغا يۆتكەپ تۇراتتى. لېۋىن ئۆزىنىڭ ئۇنىڭدا ياخشى تەسىر قالدۇرۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇرۇۋاتاتتى، ئاننامۇ ئۇنىڭغا خۇددى كىچىكىدىن تارتىپ بىلىشىدىغاندەك، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولسا ئۆزىنى كۆڭۈللۈك، يېنىك سېزىدىغاندەك تەسىر بېرىۋاتاتتى.

— مىنىڭ ئىۋان پېتروۋىچ بىلەن ئالېكسېينىڭ كۈتۈپخانىسىغا كىرىپ ئولتۇرۇشۇمنى، — دېدى ئاننا ئوبلونسكىينىڭ بۇ ئۆيدە تاماكا چېكىشكە بولامدۇ، دېگەن سوئالىغا جاۋاب بېرىپ، — بۇ يەردە تاماكا چېكىشكە بولىدىغانلىقى ئۈچۈن ئىدى، — ئارقىدىن ئۇ سىز تاماكا چېكەمسىز، دېگەندەك، لېۋىنغا لەپپىدە بىر قاراپ قويۇپ، كارتېتانىڭ قېپىدىن ياسالغان نەپىس تاماكا قۇتىسىنى ئالدىغا تارتىپ، ئىچىدىن بىر تال تاماكا ئالدى.

— بۈگۈن سالامەتلىكىڭ ياخشىمۇ؟ — سورىدى ئاكىسى ئۇنىڭدىن.

— يامان ئەمەس، نېرۋىلىرىم يەنە شۇ بۇرۇنقىدەكلا.

— ئاجايىپ ياخشى سىزىلغان، شۇنداقمۇ؟ — دېدى ئوبلونسكىي لېۋىننىڭ ئاننانىڭ رەسىمىدىن كۆزلىرىنى ئۈزەلمەي قېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ.

— مەن بۇنداق ياخشى سىزىلغان رەسىمنى ھېچ يەردە كۆرۈپ باقمىغان.

— ئىمىدېگەن ئوخشاتقان، شۇنداقمۇ؟ — دېدى ۋوركۇيېف.

لېۋىن رەسىمدىن كۆزىنى ئېلىپ ئانناغا قارىدى. ئاننا ئۇنىڭ نەزىرىنىڭ ئەمدى ئۆزىگە يۆتكەلگەنلىكىنى سەزگەن چاغدا، چىرايى بۆلەكچىلا چاقناپ كەتتى. لېۋىن قىزىرىپ كېتىپ، خىجىللىقىنى يېپىش ئۈچۈن، دوللى بىلەن كۆرۈشمىگىنىڭىزگە خېلى بولدىمۇ، دەپ سورىماقچى بولۇۋىدى، لېكىن ئاننا چاققان كېلىپ:

— تېخى ھېلىلا ئىۋان پېتروۋىچ بىلەن ۋاشىنكوفنىڭ يېقىنقى رەسىملىرى توغرۇلۇق سۆزلىشىپ ئولتۇراتتۇق. ئۇنىڭ رەسىملىرىنى كۆرگەنمۇ سىز؟ — دەپ قالدى.

— كۆرگەن، — دەپ جاۋاب بەردى لېۋىن.

— كەچۈرۈڭ، بىرنېمە دېمەكچى بولۇپ تۇراتتىڭىز، گېپىڭىزنى بۆلۈۋەتتىم ...

لېۋىن ئۇنىڭدىن، دوللى بىلەن كۆرۈشمىگىنىڭىزگە خېلى

بولدىمۇ، دەپ سورىدى.
— ئۇ تېخى تۈنۈگۈنلا كېلىپ كەتتى. گىرىشانىڭ مەكتىپىدىن تولىمۇ خاپا. لاتىن تىلى ئوقۇتقۇچىسى ئۇنىڭغا يولسىزلىق قىلغان بولسا كېرەك.
— شۇنداق، مەن ۋاششىنكوفنىڭ رەسىملىرىنى كۆرگەن، ئەمما تازا ياقتۇرۇپ كەتمىدىم، — دېدى لېۋىن ئاننا بايا باشلىغان گەپكە قايتىپ كېلىپ.
لېۋىن بۈگۈن ئەتىگەن سۆھبەتداشلىرى بىلەن سۆزلەشكەندىكىدەك ئۇنداق ياسىما گەپلەرنى قىلمىدى. ئاننا بىلەن قىلىشقان ھەربىر ئېغىز سۆز ئۇنىڭغا شۇنچىلىك ئەھمىيەتلىك تۇيۇلۇپ كېتىۋاتاتتى، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىش قانچىلىك كۆڭۈللۈك بولسا، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاشمۇ شۇنچىلىك كۆڭۈللۈك ئىدى.
ئاننانىڭ گەپلىرىدە قىلچە ياسىمىلىق يوق ئىدى، ئەقىل بىلەن ۋە ئوچۇق - يورۇق گەپ قىلاتتى، ئۆزىنىڭ گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالمايتتى، قارشى تەرەپنىڭ سۆزلىرىگە ھۆرمەت قىلاتتى.
سەنئەتتىكى يېڭى ئېقىم ۋە بىر فرانسۇز رەسسامىنىڭ «ئىنجىل» ئۈچۈن سىزغان يېڭى رەسىملىرى توغرۇلۇق گەپ بولغاندا، ۋوركۇيېف بۇ رەسسامنى رېئالىزمنى ئادەم چىداپ بولمايدىغان دەرىجىدە چاكىنىلاشتۇرۇۋەتكەن، دەپ ئەيىبلىگەنىدى، لېۋىن ئۇنىڭغا ماسلىشىپ، فرانسۇزلار سەنئەتتە كونىلىققا ئەڭ كۆپ ئېسىلىۋالىدىغان خەق، شۇڭا رېئالىزمغا قايتىشنى ئۆزلىرىچە سەنئەتكە قوشقان ئالاھىدە تۆھپىمىز، دەپ قاراۋاتقان ئوخشايدۇ. ئۇلارچە، يالغان ئېيتماسلىقنىڭ ئۆزى پوئېزىيە، دېدى.
لېۋىن چاقچاق ئارىلاش قىلىدىغان بۇنداق گەپلىرىدىن ھېچقاچان بۈگۈنكىدەك مەمنۇن بولۇپ باقمىغانىدى. ئاننا ئۇنىڭ بۇ گېپىنىڭ مەنىسىگە يېتىپ، بىردىنلا كۈلۈپ كەتتى، چىرايىمۇ بۆلەكچىلا ئېچىلىپ كەتتى.
— ئەسلىسىگە بەك ئوخشايدىغان رەسىمنى كۆرگەندە كىشى

قانداق كۇلسە، مەنمۇ ھازىر شۇنداق كۇلۇۋاتىمەن، — دېدى ئۇ، — سىز رەسساملىق بىلەن ئەدەبىياتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان فرانسىيە سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى دەل جايىدا ئېچىپ بەردىڭىز. زولامۇ، دودېتمۇ ئوخشاشلا شۇنداق. يا بولمىسا ئۇلار ئالدى بىلەن مىڭلىغان خىيالىي ئوبرازلار ئىچىدىن ئومۇمىي چۈشەنچە ھاسىل قىلىۋېلىپ، ئاندىن ئۇنى ئومۇملاشتۇرۇشى، ئۆزلىرى ياراتقان خىيالىي ئوبرازلاردىن زېرىككەندە، تەبىئىيرەك ۋە ئەمەلىيرەك ئوبرازلارنى ئويلاپ تېپىشقا ئۇرۇنۇشلىرى مۇمكىن.

— ھىم، مانا بۇ پۈتۈنلەي توغرا گەپ، — دېدى ۋوركۇيېف.

— سەنمۇ كۇلۇپقا باردىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى ئاننا ئاكىسىدىن.

«پاھ، پاھ، پاھ! نېمىدېگەن ئېسىل ئايال بۇ!» لېۋىن ئىچىدە شۇنداق ئويلىغاچ، ئاننانىڭ ھېسسىياتقا باي گۈزەل چىرايىغا قاراپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ شۇ چىرايىدا ئازراق ئۆزگىرىش بولۇۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالدى. ئۇنىڭ ئاكىسىغا ئېڭىشىپ تۇرۇپ نېمىلەرنى دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىمىغان بولسىمۇ، ئەمما چىرايىدىكى ئۆزگىرىش لېۋىننى ھەيران قالدۇردى. تېخى بايىلا ئۆزىنىڭ ۋەزمىنلىكى بىلەن ئاجايىپ گۈزەل كۆرۈنگەن ئاننانىڭ چىرايىدا تۇيۇقسىز غەلىتىلا بىر خىل قىزىقىش، ئاچچىق ۋە تەمتىرەش ئىپادىلىرى كۆرۈنۈپ قالدى. لېكىن، بۇ خىل ھالەت پەقەت بىر دەقىقىلا ھۆكۈم سۈرۈپ، ئاندىن ناھايىتى تېزلا كۆزلىرى خۇمارلىشىپ، خۇددى قانداقتۇر بىر ئىشنى ئەسلەۋاتقاندەك ھالەتكە كۆچتى.

— بوپتۇ، بۇنىڭغا بەرىبىر باشقىلار ئانچە قىزىقىپمۇ كەتمەيدۇ، — ئاننا شۇ گەپتىن كېيىن ئىنگلىز قىزچاقىغا ئىنگلىز تىلى بىلەن، — چىقىپ *ئۇلارغا دېگىن، مېھمانخانىغا ئۈستەل راسلىسۇن*، — دېدى.

قىزچاق ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ كەتتى.

— قانداق، ئۇ ئىمتىھاندىن ئۆتەلىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى ئوبلونسكىي.

— ناھايىتى ياخشى ئۆتتى. ئاجايىپ قابىلىيەتلىك قىز، خۇلقىمۇ شۇنداق يېقىملىق.
— بىرىپ - بىرىپ ئۇنى ئۆز قىزىڭىزدەك ئۆتە ياخشى كۆرۈپ كېتىدىغان ئوخشايسەن.
— سىلەر ئەركەكلەرنىڭ چۈشەنچىسى شۇنچىلىكلا. مۇھەببەتتە ئاز - كۆپ دېگەن نەرسە بولمايدۇ. مېنىڭ قىزىمغا بولغان مۇھەببىتىم بىلەن بۇ قىزغا بولغان مۇھەببىتىم بىر - بىرىگە ئوخشاشمايدىغان مۇھەببەت.
— مەن بايا ئاننا ئاركادىيېۋناغا دېدىم، — دېدى ۋوركۇيېف، — ئەگەر ئاننا ئۇ ئىنگلىز قىزغا سەرپ قىلغان كۈچىنىڭ يۈزدىن بىرىنى رۇس باللىرىنى تەربىيىلەيدىغان ئومۇمىي ئىشىمىزغا سەرپ قىلغان بولسا، ئاجايىپ زور خىزمەت كۆرسەتكەن بولاتتى.
— نېمە دېسىڭىز دەڭ، مەن ئۇنداق قىلالمايمەن. گراف ۋرونسكىيمۇ بۇ جەھەتتە ماڭا كۆپ ئىلھام بېرىدۇ (ئۇ «گراف ۋرونسكىي» دېگەن بۇ ئىككى سۆزنى دەپ بولۇپ، لېۋىنغا بىر خىل ئۆتۈنۈش ۋە جۈرئەتسىزلىك بىلەن قاراپ قويدى، لېۋىنمۇ ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا ھۆرمەت ۋە ماقۇللاش نەزىرى بىلەن جاۋاب بەردى)، بولۇپمۇ مېنىڭ يېزىدا مەكتەپ ئېچىشىمنى بەك قوللىغان. مەن ئۇ يەرلەردىكى مەكتەپلەرگە بىرنەچچە قېتىم باردىم. باللار شۇنچىلىك ئوماق ئىكەن، لېكىن مەن بۇ خىزمەتكە ئانچە قىزىقىپ كەتمىدىم. زېھنىي كۈچكە كەلسەك، ئۇ كۈچ مۇھەببەتتىن كېلىدۇ. مۇھەببەتكە مەجبۇرلاش، بۇيرۇق كەتمەيدۇ. مەسىلەن، مەن بۇ ئىنگلىز قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم، نېمە سەۋەبتىن ياخشى كۆرۈپ قالغىنىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن.
ئاننا لېۋىنغا يەنە بىر قېتىم قاراپ قويدى. لېۋىن ئۇنىڭ چىرايىدىكى تەبەسسۇم، كۆزلىرىدىكى ئويناق ھاياجاندىن ئۇنىڭ ئۇ گەپلىرىنىڭ بىر ئۆزىگىلا قارىتىلغانلىقىنى، ئاننانىڭ ئۇنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىنى، ئىككىسىنىڭ بىر -

بىرىنىڭ ئۆيىدىكىنى ئالدىن چۈشىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى سەزگەندەك بولدى.

— بۇ پىكرىڭىزنى مەن تولۇق چۈشەندىم، — دېدى لېۋىن ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋابەن، — بىز پۈتۈن زېھنىمىزنى مەكتەپلەرگە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئورگانلارغا قارىتىپ قويماسلىقىمىز كېرەك. شۇنداق قىلغىنىمىز ئۈچۈن ساخاۋەت ئىشلىرىمىزنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈنمەيۋاتىدۇ.

ئاننا بىردەم جىمىپ كېتىپ، ئاندىن كۈلۈپ قويدى.

— راست شۇنداق، — دەپ، ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇلدى ئاننا، — بۇ ئىش مەڭگۈ مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ. *مېنىڭ كۆڭلۈم - كۆكسۈم ئۇنچىلىك كەڭ ئەمەس.* دارىلئېتامدىكى بىزارى قىزلارنىڭ ھەممىسىنى ياخشى كۆرۈپ كېتەلمەيمەن، *بۇ مەڭگۈ مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ.* نۇرغۇن ئايالالار ئاشۇ ۋاستىگە تايىنىپ تۇرۇپ *جەمئىيەتتىكى ئورنىنى* كۆتۈرۈپ كېلىۋاتىدۇ، بۇ ئەھۋال ھازىر تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتتى، — دېدى ئاننا ئىشەنچ ۋە مۇڭلۇق تەرزدە. ئۇ بۇ گەپلەرنى كۆرۈنۈشتە ئاكىسىغا دەۋاتقاندەك قىلغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە لېۋىنغا دەۋاتاتتى، — ھازىر مېنىڭ بىر ئىشلارنى شۇنچىلىك قىلغۇم كېلىدۇ، لېكىن قىلالمايمەن، — بىردىنلا ئاننانىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ قېلىپ (لېۋىن ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشلىرى ئۈستىدە سۆزلەۋاتقىنى ئۈچۈن قوشۇمىسىنىڭ تۈرۈلگەنلىكىنى شۇئان چۈشەندى)، دەررۇلا باشقا گەپكە كۆچتى، — مەن باشقىلارنىڭ سىز توغرۇلۇق قىلىشقان، ياخشى گراژدان ئەمەس، دېگەندەك گەپلىرىنى ئاڭلىدىم، — دېدى ئۇ لېۋىنغا، — ئاڭلىغان يېرىمدە سىزنى بار ئامالىم بىلەن ئاقلاپ تۇردۇم.

— مېنى قانداق ئاقلىغانسىز؟

— سىزگە قىلىنغان ھۇجۇملارغا قاراپ ئاقلىدىم. يۇرۇڭلار، بىر پىيالىدىن چاي ئىچىدىغانسىلەر؟ — ئۇ خۇرۇم مۇقاۋىلىق بىر كىتابنى قولىغا ئېلىپ ئورنىدىن تۇردى.

— بۇ كىتابنى ماڭا بېرىڭچۇ، ئاننا ئاركادىيېۋنا، — دېدى ۋوركوۋېف ئۇنىڭ قولىدىكى كىتابنى كۆرسىتىپ، — ئۇ ناھايىتى قىممىتى بار كىتاب.

— ياق، بولمايدۇ، بۇ تېخى دەسلەپكى نۇسخا.

— مەن بۇ كىتاب توغرۇلۇق ئۇنىڭغا دېگەن، — دېدى ئوبلونسكىي لېۋىننى كۆرسىتىپ سىڭلىسىغا.

— نېمىشقىمۇ دېگەنسەن. مېنىڭ يازغان بۇ نەرسەم مەن لىزا مېرتىسالوۋادىن سېتىۋالغان جىنايەتچىلەر توقۇغان ئويما گۈللۈك سېۋەتلەرگە ئوخشاپراق قالىدىغان نەرسە. لىزا ساخاۋەتخانىسىنىڭ تۈرمە بۆلۈمىدە ئىشلەيتتى، — دېدى ئۇ لېۋىنغا، — ئۇ بىچارىلەر سەۋر - تاقەتتىن ئاجايىپ مۆجىزىلەرنى ياراتقان.

لېۋىن ئۆزىگە ناھايىتى يېقىپ قالغان بۇ ئايالنىڭ ۋۇجۇدىدىن يەنە بىر پەزىلەتنى بايقىدى. ئۇ ئەقىللىق، لاتاپەتلىك ۋە گۈزەل بولغاندىن تاشقىرى، يەنە توغرا نىيەتلىك ئايال ئىدى. ئۇ بېشىغا كەلگەن مۇشكۈللۈكلەرنىڭ پۈتۈن ئېغىرلىقلىرىنى لېۋىندىن يوشۇرغۇسى كەلمەيۋاتاتتى. ئاننا شۇ گەپلەرنى قىلىپ بولۇپ چوڭقۇر بىر تىنىپ قويدى، ئۆڭى ئۆچۈپ، بىردىنلا جىددىي تۈس ئالدى، شۇنداقتىمۇ يەنە ئاجايىپ چىرايلىق ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭدىكى بۇ گۈزەللىك يېڭىچە بىر گۈزەللىك بولۇپ، رەسسام رەسىمدە ئىپادىلىگەن بەختتىن چاقناپ تۇرغان ۋە شۇ بەختتىن ھەممە ئادەمنى خۇشال قىلىدىغان گۈزەللىكنى بېسىپ چۈشەتتى. لېۋىن رەسىم بىلەن ئاننانىڭ ئۆزىگە يەنە بىر قېتىم قاراپ، ئاكىسىنى قولتۇقلاپ ئېگىز ئىشىكتىن چىقىپ كېتىۋاتقان زىلۋا قامىتىنى كۆرۈپ، ئىختىيارسىز ھالدا ئۆزىدە ئۇنىڭغا قارىتا ئۆزىمۇ ھەيران قېلىۋاتقان بىر خىل مېھرىبانلىق ۋە ئىچ ئاغرىتىش سەزدى.

ئاننا لېۋىن بىلەن ۋوركوۋېفنى مېھمانخانىغا تەكلىپ قىلىپ قويۇپ، ئۆزى ئاكىسى بىلەن نېمە توغرىدىدۇر سۆزلەشكىلى

تاشقىرىقى ئۆيدە قالدى. «ئىككىسى ئانىنىڭ نىكاھىدىن ئاجرىشىش ئىشى توغرۇلۇق سۆزلىشەمدىغاندۇ ياكى ۋرونسكىي توغرۇلۇقمىدۇ؟ يا ئاكىسىنىڭ كۇلۇبتا نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقىنى سورۇشتۇرمەكچىمىدۇ؟ يا بولمىسا مەن توغرۇلۇق پاراڭلىشامدىغاندۇ؟» دېگەنلەرنى ئويلاپ كەتتى لېۋىن. ئۇ ئانىنىڭ ئاكىسى بىلەن نېمە توغرۇلۇق پاراڭلىشىدىغانلىقىدىن زادىلا خاتىرجەم بولالماي كېتىۋاتاتتى، ھەتتا ۋوركۇيېفنىڭ ئاننا يازغان باللار ھەققىدىكى كىتابنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى ھەققىدە قىلغان گەپلىرىمۇ قۇلىقىغا كىرمەيۋاتاتتى.

چاي ئىچىشىپ ئولتۇرغاندىمۇ بايىقى مول مەزمۇنلۇق پاراڭ يەنە داۋاملاشتى. يېڭى مەزمۇندىكى گەپنى ئويلىنىۋېلىشقا بىرەر مىنۇت ۋاقىت چىقىرىش بۇياقتا تۇرسۇن، پاراڭلىشىۋاتقان مەزمۇن ئۈستىدە ئېيتماقچى بولغان گەپلەرنى ئېيتىپ ئۈلگۈرۈشمۇ مۇمكىن بولماي كېتىۋاتقاندەك بىلىنىپ كېتىۋاتاتتى. ھەر كىم باشقىلارنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىۋېلىش ئۈچۈن، ئۆزىنى تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ گەپلىرىگە قۇناق بېرىپ ئولتۇراتتى. قانداقلا پاراڭ بولسۇن، ئاننا سۆزلىگەن، ۋوركۇيېف سۆزلىگەن ياكى ئوبلونسكىي سۆزلىگەن سۆزلەر بولسىمۇ، ئۇ سۆزلەرگە ئاننا دىققەت قىلغان ۋە ئۆزىنىڭ قاراشلىرىنى ئېيتقانلا بولسا، ئۇ سۆزلەر لېۋىنغا ئالاھىدە ئەھمىيەتلىك سۆزلەردەك تۇيۇلۇپ كېتەتتى.

لېۋىن قىزىقارلىق پاراڭلارغا قۇلاق سالغاچ، ئاننىنىڭ ئۆزىگە، گۈزەللىكىگە، ئەقىللىقلىقىغا، قائىدىلىكلىكىگە، ئاددىي ۋە ساپ دىللىقلىقىغا زوقلىنىپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئۆزىمۇ پاراڭ قىلاتتى، ئاڭلايتتى، ئاڭلىغاچ تىنماي ئويلايتتى، ئويلايدىغىنى ئاننىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشى ۋە بار ئىمكانىيىتى بىلەن ئۇنىڭ ھېس - تۇيغۇلىرىنىڭ تېگىگە يېتىش بولاتتى. ئىلگىرى ئۇ ئاننانى قاتتىق ئەيىبلىگەندى، ئەمدى ھازىر غەلىتە مەنتىقىلىرى بىلەن ئاقلاۋاتاتتى، ئۇنىڭ ئۈچۈن قايغۇرۇۋاتاتتى ھەم ۋرونسكىينىڭ

ئۇنى تولۇق چۈشەنمەي قىلىشىدىن ئەنسىرەپمۇ قىلىۋاتاتتى. سائەت ئوندىن ئاشقاندا، ئوبلونسكىي قايتماقچى بولۇپ ئورنىدىن قوپتى (ۋوركۇيېف بۇرۇنلا كېتىپ قالغانىدى). لېۋىنغا بولسا كەلگىنىگە ئۇزاق بولمىغاندەك تۇيۇلۇپ كېتىۋاتاتتى. ئامال يوق، كەتكۇسى كەلمەي، ئورنىدىن ئاستا تۇردى ئۇ.

— خەير! — دېدى ئاننا لېۋىن بىلەن قول ئېلىشىپ ۋە مەپتۇن قىلارلىق كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرۇپ، — *ئوتتۇرىمىزدىكى مۇزنىڭ ئېرىپ كەتكىنىگە تولىمۇ خۇشالمەن*، — ئاخىرقى سۆزىنى فرانسۇزچە دېدى ئۇ.

ئاننا ئۇنىڭ قولىنى قويۇۋېتىپ، ئويچان كۆزلىرىنى يېرىم يۇمدى.

— رەپىقىڭىزگە ئېيتىپ قويۇڭ، مەن ئۇنى ئىلگىرىكىدەكلا ياخشى كۆرىمەن. ناۋادا ئۇ مېنىڭ هازىرقى ئەھۋالىمنى كەچۈرۈۋېتەلمەيدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ مېنى مەڭگۈ كەچۈرمەسلىكىنى ئۈمىد قىلىمەن. مېنى كەچۈرۈش ئۈچۈن، مېنىڭ بېشىمدىن ئۆتكەن ئىشلارنى ئۇمۇ بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ بېقىشى كېرەك. خۇدايىم ئۇنىڭ بېشىغا ئۇنداق كۈنلەرنى سالمىسۇن.

— بولىدۇ، ئۇنىڭغا چوقۇم يەتكۈزىمەن ... — دېدى لېۋىن بىردىنلا قىزىرىپ كېتىپ.

# 11

«قانداق ئېسىل، قانداق يېقىملىق ھەم قانداق بىچارە ئايال ـ ھە!» دەپ ئويلىدى لېۋىن ئوبلونسكىي بىلەن سوغۇق ھاۋاغا چىققاندا.

— ھە قانداق ئىكەن؟ مېنىڭ دېگەنلىرىم راستمىكەن؟ —

دېدى ئوبلونسكىي لېۋىننىڭ ئانىناغا تولۇق قايىل بولغانلىقىنى سېزىپ.

— دېگەنلىرىڭ راست ئىكەن، — دەپ جاۋاب بەردى لېۋىن يەنە شۇ خىيالى بىلەن كېتىۋېتىپ، — دۇنيادا تەڭدىشى يوق ئايال ئىكەن. ئەقىللىق بولغىنىدىن تاشقىرى، دىلكەشلىكى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئۇنىڭغا بەكمۇ رەھىمىم كەلدى.

— خۇدا خالىسا، ئىشلارنىڭ پۈتۈشىگە ئاز قالدى. ساڭا دەيدىغىنىم، ھەرقانداق ئىشقا ئالدىراپ يەكۈن چىقارما، — دېدى ئوبلونسكىي پەيتونىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋېتىپ، — خەير، يولىمىز بىر ئەمەس.

لېۋىن ئاننانى، ئۇنىڭ بىلەن قىلىشقان گەپلىرىنى توختىماي ئويلاپ، ئۇنىڭ ھەر خىل چىراي ئىپادىلىرىنى ئەسلەپ، بارغانسېرى ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىشقا، ئىچ ئاغرىتىشقا باشلىدى ۋە شۇ ئويلار بىلەن بىر چاغلاردا ئۆيىگىمۇ يېتىپ كەلدى.

ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن، كۇزما ئۇنىڭغا كىتىنىڭ سالامەت تۇرغانلىقىنى، ھەدىلىرىنىڭ تېخى يېڭىلا قايتىپ كېتىشكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى، ئاندىن لېۋىنغا كەلگەن ئىككى پارچە خەتنى تاپشۇردى. لېۋىن كېيىن ئوقۇسام دىققىتىم بۆلۈنۈپ كەتمىسۇن، دەپ ئويلاپ، خەتلەرنى دالاندا تۇرۇپلا ئوقۇپ چىقتى. خەتلەرنىڭ بىر پارچىسى سوكولوفتىن كەپتۇ. خېتىدە ئۇ بۇغداينى تېخى سېتىپ بولمىغانلىقىنى، كۇرسىنى بەش يېرىم رۇبلىدىن سوراۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭدىن باشقا پۇل كىرىدىغان يەرنىڭ يوق تۇرۇۋاتقانلىقىنى يېزىپتۇ. يەنە بىر پارچىسى ھەدىسىدىن بولۇپ، خېتىدە ئۇ مېنىڭ ئىشلىرىمنى ھازىرغىچە پۈتكۈزۈپ بەرمىدىڭ، دەپ رەنجىپتۇ.

«بوپتۇلا، ئۇنىڭدىن ئارتۇقﻘا ئالمىغان بولسا، بەش يېرىم رۇبلىدىن بولسىمۇ سېتىۋەتسۇنلا» لېۋىن بىرىنچى مەسىلە

ئۈستىدە شۇئان كەسكىن قارارغا كەلدى، بۇرۇن بولغان بولسا بۇ ئىشتا خېلىلا دېلىغۇل بولغان بولاتتى. «ھەيرانمەن، بۇ يەرگە كېلىپ نېمانچە ئالدىراش بولۇپ كېتىۋاتقاندىمەن.» ئەمدى ئۇ ئىككىنچى خەت ئۈستىدە ئويلاندى. ھەدىسى تاپشۇرغان ئىشنى ھازىرغىچە پۈتكۈزۈپ بېرەلمەي بەكمۇ سەتچىلىكتە قېلىۋاتاتتى. «بۈگۈن سوتقا يەنە بارالمىدىم، ۋاقتىممۇ ھەم چىقمىدى.» ئاخىر ئۇ سوتقا ئەتە بېرىشنى ئويلاپ، خوتۇنىنىڭ خانىسىغا قاراپ ماڭدى ۋە كېتىۋېتىپ بۇ بىر كۈن ئىچىدە قىلغان ئىشلىرىنى چاقماق تېزلىكىدە خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ چىقتى. پۈتۈن بىر كۈنى سۆھبەت بىلەن ئۆتۈپتۇ، سۆھبەتتە ئۆزىمۇ گەپ قىپتۇ، باشقىلارنىڭ گەپلىرىنىمۇ ئاڭلاپتۇ. ئەگەر يېزىدا بولغان بولسا، بۇ ئۆلار دېگەن گەپلەرنىڭ بىرىنىمۇ ئاڭلىمايتتى ھەم ئۆزىمۇ قىلمايتتى. بۇ يەردە ئاجايىپ قىزىق گەپلەر بولىدىكەن. ئۇنىڭ قىلغان گەپلىرىنىڭ بىرىدىمۇ خاتالىق يوق ئىدى، پەقەت ئىككى ئىشتىلا كۆڭلى سەل خىرە بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ بىرى، موكا بىلىق توغرىسىدا ئېيتقىنى، يەنە بىرى، ئانىنىغا مېھرى چۈشۈپ قالغىنى ئىدى.

لېۋىن خوتۇنىنىڭ خاپا چىراي ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۈچ ھەدە ـ سىڭىل تاماقتا ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇشۇپتۇ. كېيىن لېۋىننى تولا ساقلاپ، كەلمىگەندىن كېيىن زېرىكىپ، ئىككى ھەدىسى كىتىنى يالغۇز قالدۇرۇپ كېتىپ قاپتۇ.

— ھە، ئۆزۈڭ نېمە ئىشلارنى قىلدىڭ؟ — سورىدى كىتى ئېرىنىڭ شۇبھىلىك پارقىراپ تۇرغان كۆزلىرىگە تىكىلىپ. لېكىن، كىتى يەنە ئۇنىڭ ھەممە ئىشلارنى ئەينەن سۆزلەپ بېرىشىگە تەسىرى بولماسلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ گەپلىرىگە بەكمۇ دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىپ ئولتۇرغاندەك ئولتۇرماي، ئېرىنىڭ كەچتە قەيەردە بولۇپ، نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقى توغرىسىدىكى گەپلىرىنى ماقۇللىغاندەك، كۈلۈمسىرەپ تىڭشاپ ئولتۇرۇۋەردى.

— ۋرونسكىي بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ بەكمۇ خۇشال

بولدۇم، ئىككىمىز قورۇنۇش يوق، ئازادە ئولتۇرۇپ پاراڭلاشتۇق. راست گەپنى قىلسام، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى كۆرۈشمەسلىك قارارىغا كەلدىم. ناۋادا ئۇچرىشىپ قالساقمۇ، ئىلگىرىكى ئوخشايسىزلىنىشلار ئەمدى بولمايدۇ، — ئۇ «ئىككىنچى كۆرۈشمەسلىك قارارىغا كەلدىم» دەپ تۇرۇپ، يەنە شۇئانلا ئانىنىڭ يېنىغا بارغانلىقىنى ئويلاپ ئىختىيارسىز قىزىرىپ كەتتى، — بىز پۇقرالارنى هاراقنى كۆپ ئىچىدۇ دەيمىز، ئەمما بوگۇن مەن كىمنىڭ كۆپ ئىچىدىغانلىقىنى، پۇقرالارمۇ ياكى بىزنىڭ تەبىقىمۇ، بىلەلمەيلا قالدىم. پۇقرالار هېيت - بايراملاردا ئىچىدۇ، بىز بولساق ...

كىتى پۇقرالارنىڭ هاراقنى قانداق ئىچىدىغانلىقى توغرىسىدىكى بۇ مۇلاھىزىگە قىلچە قىزىقمىدى، ئېرىنىڭ بايىقى گەپنى قىلىۋېتىپ بىردىنلا قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ سەۋەبىنى بىلگۈسى كېلىۋاتاتتى.

— خوش، كېيىن نەدە بولدۇڭ؟

— كېيىن ستىۋا ئانىنا ئاركادىيېۋنانىڭ قېشىغا بېرىپ كېلەيلى، دەپ تۇرۇۋالدى.

لېۋىن بۇ گەپنى قىلىپ بولۇپ تېخىمۇ قىزىرىپ كەتتى ۋە ئانىنانىڭ يېنىغا بارغانلىقىنىڭ مۇۋاپىق بولغان - بولمىغانلىقىنى شۇندىلا چۈشىنىپ يەتتى: بارماسلىقى كېرەك ئىكەن.

ئانىنانىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپلا كىتىنىڭ كۆزلىرى بۆلەكچىلا يوغىناپ، پارقىراپ كەتتى، لېكىن ئۆزىنى زورغا بېسىپ، لېۋىنغا چاندۇرماي: «هە، شۇنداقمۇ!» دەپ قويۇپ ئولتۇرۇۋەردى.

— مېنىڭ ئۇ يەرگە بارغىنىمغا خاپا بولمىغانسەن؟ ستىۋا بېرىپ كېلەيلى، دەپ تۇرۇۋالدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە دوللىمۇ بىر بېرىپ كەلسەڭ بولاتتى، دەپ يۈرگەن، — دېدى لېۋىن گېپىنى داۋام قىلىپ.

— هە، ياق! — كىتى ئاغزىدا شۇنداق دېگەن بىلەن، كۆزلىرىدىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ ئولتۇرۇۋاتقانلىقى چىقىپ

تۇراتتى، ئۇنىڭدىكى بۇ ئەھۋال ياخشىلىقتىن دېرەك بەرمەيتتى.

— ئۇ تولىمۇ يېقىملىق، تولىمۇ بىچارە ھەم بەكمۇ ياخشى ئايال ئىكەن، — ئارقىدىن ئۇ ئاننا ھەم ئۇنىڭ ئىشلىرى توغرۇلۇق سۆزلەپلا كەتتى، گەپ ئارىلىقلىرىدا ئۇنىڭ كىتتىگە يوللىغان سالىمىنى يەتكۈزدى.

— شۇنداق، ئۇ راستىنىلا ئىنتايىن بىچارە بىر ئايال، — دېدى كىتتى لېۋىن سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، — ساڭا كىملەردىن خەت كەپتۇ.

لېۋىن خەتلەرنىڭ كىملەردىن كەلگەنلىكىنى دەپ بەردى، ئاندىن خوتۇنىنىڭ خاتىرجەم كۆرۈنۈشىگە ئىشىنىپ، كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ چىققىلى ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى.

ئۇ قايتىپ چىقىپ، كىتتىنىڭ جايىدىن قوزغالماي ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. ئالدىغا كەلگەندە، كىتتى ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ تۇرۇپ كېتىپ، بىردىنلا ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى.

— نېمە بولدى؟ نېمە بولدۇڭ؟ — دېدى لېۋىن. ئۇ ئاغزىدا شۇنداق سوراۋاتقىنى بىلەن، ئۇنىڭ نېمىگە يىغلاۋاتقانلىقىنى ئىچىدە بىلىپ بولغانىدى.

— سەن ئۇ ئىپلاس خوتۇنغا ئاشىق بولۇپ قاپسەن، ئۇ سېنى ئۆزىگە قارىتىۋاپتۇ، بۇنى مەن سېنىڭ كۆزلىرىڭدىن بىلدىم. شۇنداق، شۇنداق! بۇنىڭ ئاقىۋىتى نېمە بولىدۇ؟ كۇلۇبتا ھاراق ئىچىپسەن، ئىچكەندىمۇ ئۆلگۈدەك ئىچىپسەن، يەنە قىمارمۇ ئويناپسەن. ئۇنىڭدىن كېيىن بارغان جايىڭنى قارا ... كىمنىڭكىگە تېخى؟ ياق، كېتىمىز، مەن ئەتىلا كېتىمەن.

لېۋىن خېلىغىچە گەپ قىلىپمۇ خوتۇنىنىڭ كۆڭلىنى ئالالمىدى. ئاخىر بولماي ئانناغا بولغان ئىچ ئاغرىتىشى ھەم ھاراقنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇشى بىلەن ئاننىنىڭ ئازدۇرۇشىغا ئۇچرىغانلىقىنى بويىنىغا ئېلىپ ۋە ئۇنىڭ كۆزىگە ئىككىنچى

كۆرۈنمەسلىككە ۋەدە بېرىپ يۈرۈپ، كىتىنى ئاران تەستە پەسكويغا چۈشۈردى. ئۇنىڭغا يەنە موسكۋانىڭ ئۇزاق تۇرىدىغان جاي ئەمەسلىكىنى، ئۇزاق تۇرۇپ قالسا ئىچكۈلۈككە، ئويۇن ـ تاماشىغا بېرىلىپ كېتىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئەتىدىن ـ كەچكىچە قۇرۇق گەپتىن باشقىنى بىلمەيدىغان گاراڭ بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قېلىۋاتقانلىقىنى چىن كۆڭلىدىن چىقىرىپ سۆزلەپ بەردى. ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى يېرىم كېچە سائەت ئۇچكىچە پاراڭلىشىپ، سائەت ئۈچ بولغاندا ئەپلىشىپ، ئاندىن خاتىرجەم يېتىپ ئۇخلاشتى.

# 12

ئاننا مېھمانلارنى ئۇزىتىۋېتىپ، ئورۇندۇقتا كېلىپ ئولتۇرماي، ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ يۈردى. ئۇ پۈتۈن بىر ئاخشام لېۋىندا ئۆزىگە قارىتا مۇھەببەت ئويغىتىش ئۈچۈن ئاڭسىز يوسۇندا ھەممە چارىنى ئىشقا سالغانىدى (يېقىندىن بېرى ئۇ ياشلارغا ئاشۇنداق قىلىدىغان بولۇۋالغان). ئۇ لېۋىننىڭ توي قىلغان دۇرۇس نىيەتلىك ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، شۇنداق تۇرۇپمۇ بىر ئاخشامدىلا ئۇنى ئۆزىنىڭ ئايىغىغا باش قويۇش دەرىجىسىگە ئېلىپ باردى. ئاننامۇ ئۇنى ياخشى كۆردى (ئەركەكلىك پەرقى جەھەتتىن ۋرونسكىي لېۋىنغا تۈپتىن ئوخشىمىسىمۇ، ئەمما ئۇ ئايال كىشى بولغانلىقتىن، ئىككىسىنىڭ ئوخشاشلىق تەرىپىنى، يەنى كىتىنىڭ بىرلا ۋاقىتتا ئىككىسىنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بايقىغانىدى)، ئەمما لېۋىن ئۆيدىن ئۇزاپ چىققاندىن كېيىنلا ئۇنى ئۇنتۇدى، ئىككىنچى ئويلىمىدى.

ئۇنىڭ كاللىسىنى بىرلا خىيال، پەقەت بىرلا خىيال مەھكەم

چىرمۇۋېلىپ زادىلا ئارامىدا قويمايۋاتاتتى. «مەن باشقا ئەركەكلەرنى، ھەتتا توي قىلغان، خوتۇنىنى ياخشى كۆرىدىغان ئەركەكلەرنى ئۆزۈمگە شۇنچىلىك مەپتۇن قىلالايمەنۇ، نېمىشقا ئالېكسېينىڭ كۆڭلى ماڭا سوغۇق؟ ... ئۇنداق دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ، ئۇ مېنى ياخشى كۆرىدۇ، بۇنى بىلىمەن. لېكىن، ھازىر ئىككىمىزنى ئايرىپ تۇرۇۋاتقان يېڭى بىر نەرسە پەيدا بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. ئۇ نېمىشقا پۇتۇن بىر ئاخشام سايىسىنى كۆرسەتمەيدۇ؟ ستىۋادىن ياشۋىننى يالغۇز تاشلاپ قويغۇم يوق، دەپ گەپ ئېيتىپ بېرىپتۇ. ياشۋىن قاراپ تۇرمىسا بولمايدىغان كىچىك بالىمىدى؟ ماقۇل، ئۇنىڭ گېپىنى راستمۇ دەي — ئۇ ئەزەلدىن يالغان گەپ قىلمايتتى — ئەمما مۇشۇ راست گەپنىڭ تېگىدە گەپ بار. ئۇ پۇرسەت تاپسىلا ئۆزىنىڭ باشقا ۋەزىپىلىرىنىڭ بارلىقىنى دەپ تۇرىدۇ، بۇنى مەنمۇ چۈشىنىمەن. ئۇنىڭغا باشقا پىكرىممۇ يوق. لېكىن، ئۇ ئىشلىرىنى ماڭا سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟ ئۇ شۇ گەپلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ ماڭا بولغان مۇھەببىتىنىڭ ئەركىنلىكىگە دەخلى يەتكۈزمەسلىكنى كېرەكلىكىنى ئىسپاتلىماقچى. ماڭا ئۇنداق ئىسپاتنىڭ لازىمى يوق، ماڭا كېرىكى مۇھەببەت. ئۇ مېنىڭ موسكۋادىكى ھاياتىمنىڭ قانچىلىك ئازاب ئىچىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى چۈشىنىشى كېرەك ئىدى. مېنىڭ كۆرۈۋاتقان كۈنۈم كۈنمۇ؟ كۈن ئەمەس، ئارقىغا سۈرۈلۈپ كېتىۋاتقان ئاقىۋەتنى ساقلاش. مانا، ھازىرغىچە جاۋاب يوق، ستىۋا بولسا، مەن ئەمدى ئالېكسېي ئالېكساندروۋىچنىڭ ئالدىغا بارالمايمەن، دەيدۇ، مەنمۇ ئۇنىڭغا خەت يازالمايمەن. ئەمدى مېنىڭ ھېچنېمىگە ئامالىم يوق، ھېچنېمە قىلالمايمەن، ھېچنېمىنى ئۆزگەرتەلمەيمەن، سەۋرچانلىق بىلەن ساقلىماقتىن باشقا ئامالىم يوق. كۆڭلۈمنى ئاۋۇتۇش ئۈچۈن ئىنگلىزلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇللىرىنى دوراپ بېقىش، كىتاب يېزىش، كىتاب ئوقۇشقا ئوخشاش ئىشلارغا ئۆزۈمنى مەجبۇرلاپ كېلىۋاتىمەن. لېكىن، بۇ

نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى مورفىن، ئۆزۈمنىمۇ، باشقىلارنىمۇ ئالداشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇنىڭ ماڭا رەھمى كېلىشى كېرەك ئىدى.» دېدى ئاننا ئىچىدە ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەپ ۋە خورلانغىنىدىن كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ.

ئاننا ۋرونسكىينىڭ جىددىي قوڭغۇراق بېرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، دەررۇ كۆزلىرىدىكى ياشنى سۈرتىۋەتتى، شۇنىڭ بىلەنلا قالماي، يەنە لامپىنىڭ يېنىغا بېرىپ كىتاب ئوقۇغان بولۇپ ئولتۇرۇۋالدى. بۇنداق قىلىشتىن مەقسىتى، ۋرونسكىيغا ۋاقتىدا كەلمىگىنىگە نارازى بولغانلىقىنى، لېكىن باشقا خىياللاردا بولماي شۇ نارازىلىقى بىلەنلا چەكلەنگەنلىكىنى بىلدۈرۈش، رەنجىگەنلىكىنى، خورلانغانلىقىنى قىلچە بىلدۈرمەسلىك ئىدى. ئۇنىڭ ئۆزىگە ئۆزى ئېچىنىشى مۇمكىن ئىدى، ئەمما ۋرونسكىينىڭ ئۆزىگە ئىچ ئاغرىتىشىنى، ئۇنىڭ بىلەن جېدەل قىلىشنى خالىمايتتى. ئۇ ۋرونسكىينى ئۆزى بىلەن جېدەل قىلغىنى ئۈچۈن پات - پات جىملەپ تۇراتتى، ھازىرمۇ شۇنداق بولۇپ قالسا، دەپ ئويلاپ، جېدەلگىمۇ تەييارلىنىپ تۇردى.

— ھە، قانداق، يالغۇز قېلىپ زېرىكتىڭمۇ؟ — دېدى ۋرونسكىي ئوچۇق چىراي بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ.

— ياق، زېرىكمىدىم، يالغۇزلۇققا كۆنۈپ قالغانمەن. ستىۋا كېلىپ كەتتى، يەنە لېۋىنمۇ بار.

— بىلىمەن، ئىككىسى سېنى يوقلاپ بارماقچى بولغان. خوش، لېۋىن ساڭا ياقتىمۇ؟ — دېدى ئۇ ئاننانىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ.

— قەۋەتلا ياقتى. ئۇلار تېخى يېڭىلا قايتىپ كېتىشتى. ھە راست، ياشۋىننىڭ ئىشى قانداق بولدى؟

— باشتا ئۇتتۇۋىدى، ئون يەتتە مىڭنى ئۇتقان. شۇنىڭدىن كېيىن مەن ئۇنىڭغا كېتەيلى، دېدىم. ئۇ گېپىمگە كىرىپ ئورنىدىن تۇرۇپ مېڭىپ بولۇپ، يەنە قايتىپ كىرىپ كەتتى. ئەمدى ئۇ ئۇتتۇرۇۋېتىدۇ.

— ئۇنىڭ بىلەن قېلىشىڭنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمىدى؟ — سورىدى ئاننا تۇيۇقسىز ئۇنىڭغا چەكچىيىپ، چىرايىدىن بىر خىل سۆرۈنلۈك ۋە دۈشمەنلىك چىقىپ تۇراتتى، — سەن ستىۋادىن ياشۋىننى ئېلىپ كەتمىسەم بولمايدۇ، دەپ گەپ ئېيتىپ بېرىپتىكەنسەن، بەرىبىر ئۇنى تاشلاپ قويۇپ كەپسەنغۇ؟

ۋرونسكىينىڭ چىرايىدىمۇ جېدەلگە تەييار تۇرغان قىياپەت پەيدا بولدى.

— بىرىنچىدىن، مەن ستىۋادىن ساڭا گەپ ئېيتىپ بەرمىدىم؛ ئىككىنچىدىن، مەن ھېچقاچان يالغان سۆزلەپ باققان ئەمەس. مۇھىمى، قېلىشنى خالىدىم، قالدىم، — دېدى ئۇ تەرىنى تۈرۈپ، — ئاننا، نېمىشقا بۇنداق قىلىسەن؟ بۇنداق قىلىشنىڭ نېمىگە پايدىسى بار؟ — ئۇ بىردەم تۇرۇۋېلىپ ئانناغا ئېگىشتى ۋە ئۇ قولىنى بېرىدۇغۇ، دېگەن ئوي بىلەن ئۇنىڭغا قولىنى سوزدى.

ئاننا مۇھەببەتنىڭ بۇ خىل قىزىقتۇرۇش شەكلىدىن خۇشال بولدى، لېكىن جېدەللىشىشنىڭ شەرتلىرى ئۇنىڭ تەسلىم بولۇشىغا يول قويمايۋاتقاندەك، غەلىتە بىر خىل رەزىل كۈچ مۇھەببەتنىڭ بۇ شەكلىدىكى قىزىقتۇرۇشىغا يول قويمايۋاتاتتى.

— ئەلۋەتتە، قالغۇڭ كەلسە قېلىۋېرىسەن. ئىشقىلىپ، سەن نېمىنى خالىساڭ شۇنى قىلالايسەن. لېكىن، بۇ گەپلىرىڭنى ماڭا نېمە ئۈچۈن دەيسەن؟ زادى نېمە ئۈچۈن؟ — ئاننا بارغانسېرى ئۆرلەپ كېتىۋاتاتتى، — ھېچكىم سېنىڭ ئۇ خىل ھوقۇقۇڭنى تارتىۋالغىنى يوققۇ؟ سەن ئۆزۈڭنى ھەممىگە ھەقلىق دەپ كۆرسەتمەكچى. بوپتۇ، شۇ ھەقلىقلىقىڭ بىلەن ياشاپ يۈرۈۋەر.

ۋرونسكىي مۇشتىنى چىڭ يۇمۇپ، ئىتتىك باشقا ياققا قارىۋالدى، چىرايى بايىقىدىنمۇ بەكرەك تۈرۈلۈپ كەتكەندى.

— سەن ئۆزگەرمەس جاھىل ئادەمسەن، — دېدى ئاننا ۋرونسكىيغا خېلىغىچە قادىلىپ تۇرۇپ. شۇ ئارىلىقتىچە ئۇ ۋرونسكىينىڭ ئۆزىنىڭ غەزىپىنى قايىنىتىۋاتقان شۇ خىل

قىياپىتىنى تەسۋىرلەشكە مۇۋاپىق كېلىدىغان سۆز ئىزدىدى، — سەن ھەقىقەتەن شۇنچىلىك تەرسا. سەن شۇ تەرسالىقىڭ بىلەن مەندىن غالىب كېلىشنى ئويلايسەن، مەن بولسام ... — ئۇنىڭ يەنە كۆڭلى بۇزۇلۇپ يىغلىۋېتىشكە تاس قالدى، — سەن بۇ قىلىقلىرىڭ بىلەن ماڭا نېمە بولۇپ كۆرۈنىدىغانلىقىڭنى بىلمەيسەن. سېنىڭ ماڭا مۇشۇنداق يامان كۆزلىرىڭدە قاراشلىرىڭنىڭ ... شۇنداق، يامان كۆزلىرىڭدە قاراشلىرىڭنىڭ مەن ئۈچۈن نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنىمۇ چۈشەنمەيسەن. مۇشۇنداق چاغلاردا مېنىڭ قانچىلىك ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قالىدىغانلىقىمنى، قانچىلىك ۋەھىمىگە پاتىدىغانلىقىمنى، ئۆزۈمدىن ئۆزۈم قانچىلىك قورقۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىمنى چۈشەنسەڭ ئىدىڭ ... — ئۇ يىغىسىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن دەررۇ يۈزىنى چەتكە ئالدى.

— بىز نېمە بولۇۋاتىمىز، ئاننا؟ — ۋرونسكىي ئاننانىڭ گەپلىرىدىن ھاياتتىن بەزگەندەك ھالەتنى كۆرۈپ چۆچۈپ قالدى ۋە ئىتتىك ئۇنىڭغا ئېگىشىپ قوللىرىنى سۆيۈپ كەتتى، — نېمىشقا ئۆزۈڭنى قىينايدىغانسەن؟ مېنى سەن تالادا ئەيش - ئىشرەت قىلىپ يۈرۈۋاتىدۇ دەپ ئويلامسەن؟ باشقا خوتۇنلاردىن ئامال بار ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ يۈرۈۋاتقىنىمنى بىلمەسەنغۇ؟

— ئىلاھىم شۇنداق بولسۇن! — دېدى ئاننا.

— ئېيتقىنا، مەن سېنى قانداق قىلسام خاتىرجەم قىلالايمەن؟ سېنىڭ بەختىڭ ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشنى قىلىشقا رازىمەنغۇ، — ۋرونسكىي ئاننانىڭ ئۇ خىل روھىي ھالىتىدىن ئەنسىرەپ قالغانىدى، — سېنىڭ دەرد - ئەلەمسىز ياشىشىڭ ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشنى قىلىشقا تەييارمەنغۇ، ئاننا!

— ماڭا ھېچنېمە كېرەك ئەمەس، ھېچنېمە! — دېدى ئاننا، — يالغۇزچىلىقنىڭ تەسىرىمۇ ياكى نېرۋام ئاجىزلاپ كېتىۋاتامدۇ، ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن ... بولدىلا، بۇ گەپنى قويايلى. بۇ قېتىمقى بەيگە قانداق بولدى؟ بۇ توغرۇلۇق ماڭا ھېچنېمە دەپ

بەرمىدىڭ، ــ سورىدى ئۇ ئۆزى قازانغان غەلىبىنىڭ چىرايىدىكى تەنتەنىسىنى بار ئامالى بىلەن يوشۇرۇشقا تىرىشىپ.

ۋرونسكىي خىزمەتكارغا تاماق بۇيرۇپ قويۇپ، ئاندىن بەيگە توغرۇلۇق ئاناغا تەپسىلىي گەپ قىلىپ بەردى. ئەمما، ئاننا ئۇنىڭ تەلەپپۇزىغا، چىرايىنىڭ بارغانسېرى سوغۇقلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىغا قاراپ، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ غەلىبىسىنى كەچۈرمىگەنلىكىنى، ئۆزى ئىزچىل قارشى تۇرۇپ كېلىۋاتقان تەرسالىقىنىڭ چىرايىغا يەنە تېپىپ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك بولدى. ئۇ خۇددى ئاناغا ئىتائەت قىلغىنىغا پۇشايمان يەۋاتقاندەك، ئۇنىڭغا ئىلگىرىكىدىنمۇ سوغۇق مۇئامىلىدە بولۇۋاتاتتى. تۇيۇقسىز، ئاننانى غەلىبىگە ئېرىشتۇرگەن: «مېنىڭ قانچىلىك ئۇمىدسىزلىك ئىچىدە قالغانلىقىمنى، ئۆزۈمدىن ئۆزۈم قانچىلىك قورقۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىمنى چۈشەنسەڭ ئىدىڭ» دېگەن سۆزى ئېسىگە چۈشۈپ، بۇ قورالنىڭ خەتەرلىكلىكىنى، ئۇنى ئىككىنچى ئىشلىتىشكە بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ قالدى. ئاننا ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئىككىسىنى بىر - بىرىگە باغلاپ تۇرغان مۇھەببەتتىن باشقا، ئۆزلىرى بىلەن دۈشمەنلىشىپ تۇرۇۋاتقان بىر شەيتاننىڭ كىرىۋالغانلىقىنى، ئۇنى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن قوغلاپ چىقىرىشقا ئامالسىز قېلىۋاتقانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدىدىنمۇ قوغلاپ چىقىرالمايۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ تۇرۇۋاتاتتى.

## 13

ئادەم كۆنەلمەيدىغان، خۇسۇسەن ئەتراپىدىكى ئادەملەرنىڭ بىر ئوبدان ياشاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ كۆنەلمەيدىغان شارائىت

يوق. بۇنىڭدىن ئۈچ ئاي بۇرۇن بولغان بولسا، لېۋىن ئۆزىنىڭ بۇگۈنكىدەك مۇشۇنداق غەمسىز، بەخىرامان، مەقسەتسىز يۈرۈش، هاراقنى بولۇشىغا ئىچىش (كۈلۈپتىكى ئىشلىرىنى تەسۋىرلەشكە بۇنىڭدىن باشقا مۇۋاپىق گەپ تاپالمىدى)، يەنە تېخى خوتۇنى بۇرۇن ياخشى كۆرۈپ قالغان بىر ئەر بىلەن ئاپاق - چاپاق بولۇپ كېتىش، هەتتا ساندىن چىققان خوتۇن دېيىشتىن باشقىچە سۆز بىلەن ئاتاپ بولمايدىغان خوتۇنىنىڭ ئالدىغا بېرىش، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ خوتۇنغا كۆڭۈل قويۇش، بۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ خوتۇننى رەنجىتىشتەك قاملاشمىغان ئىشلارنى قىلىپ، ئارقىدىن يەنە هېچ ئىش قىلمىغاندەك ياستۇقنى قىرلاپ، كېچىچە ئۇخلىماي هاراق ئىچىپ چىققانلىقى ئېسىدە يوق، يېتىپ تاتلىق ئۇخلاش دېگەندەك ئىشلارنى قىلىدىغانلىقىغا هەرگىز ئىشەنمىگەن بولاتتى.

لېۋىن سەهەر سائەت بەشتە ئىشىكنىڭ غىچ قىلىپ ئېچىلىشى بىلەن تەڭ ئويغىنىپ كەتتى ۋە ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ يېنىغا قاراپ، كىتىنىڭ يوق تۇرغانلىقىنى كۆردى. ياندىكى ئۆيدە چىراغنىڭ لىپىلداپ تۇرغان يورۇقى كۆرۈندى، كىتىنىڭ ئاياغ تىۋىشىمۇ ئاڭلاندى.

— نېمە بولدى؟ ... نېمە بولدى؟ — دەپ كەتتى لېۋىن ئۇيقۇلۇقتا، — كىتى، بىر ئىش بولدىمۇ؟

— هېچ ئىش بولمىدى، — دېدى كىتى قولىدا شام، يان ئۆيدىن چىقىپ كېلىۋېتىپ، — ئازراق تاۋىم يوق، — دېدى ئۇ يەنە بۆلەكچىلا يېقىملىق ۋە مەنىلىك كۈلكىسى بىلەن.

— نېمە؟ باشلاندىمۇ؟ — دېدى لېۋىن قورققاندەك قىلىپ، — ئۇنداق بولسا ئادەم ئەۋەتىپ ... — ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئوپۇل - توپۇللا كىيىملىرىنى كىيىشكە باشلىدى.

— ياق، ياق! — دېدى كىتى كۈلۈپ تۇرۇپ ئېرىنى توسۇۋېلىپ، — ئادەتتىكى ئاغرىق ئوخشايدۇ، بىر پەسلا تۇتۇپ ئۆتۈپ كەتتى.

كىتى شۇ گەپ بىلەن تەڭ شامنى ئۆچۈرۈپ ئورنىغا چىقىپ جىمجىت ياتتى. ئۇنىڭ تىنۋىش چىقارماي جىمجىت يېتىشى، بولۇپمۇ يان ئۆيدىن چىقىۋېتىپ «ھېچ ئىش بولمىدى» دېگەن گەپنى قىلغان چاغدىكى مۇلايىم، كەيپى چاغ ھالىتى لېۋىنغا سەل غەلىتىرەك تۇيۇلغانىدى، لېكىن ئۇيقۇسى غالىب كېلىپ بىردەمدىلا يەنە ئۇخلاپ كەتتى. لېۋىن كېيىن كىتىنىڭ شۇ چاغدا يېنىدا سوزۇلۇپ جىمجىت ياتقانلىقىنى ئەسلىگەندە، ھاياتىدىكى ئەڭ چوڭ بىر ئىشنى كۈتۈپ، ئېرىنىڭ يېنىدا قىمىر قىلماي ياتقان چاغدا ئۇنىڭ ئالىيجاناب، ئەزىز كۆڭلىدە نېمە خىياللارنىڭ بولغانلىقىنى ئاندىن چۈشەندى. سائەت يەتتە بولغاندا، كىتى ئېرىنىڭ مۈرىسىنى ئاستا تۇرتتى ۋە قۇلىقىغا بوش شىۋىرلاپ ئۇنى ئويغاتتى. ئېرىنى ئويغاتقۇچە ئۇنىڭ كاللىسىدا خېلى دېلىغۇللۇقلار بولدى، بىر تۇرۇپ ئويغىتىپ ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشقۇسى كېلەتتى، بىر تۇرۇپ ئويغىتىشقا كۆزى قىيمايتتى.

— كونستانتىن، قورقما، ھېچ ئىش يوق. باشلانغاندەكمۇ قىلامدۇ ... لىزاۋېتاغا ئادەم ئەۋەتسەڭمىكىن.

شام يەنە يېقىلدى. كىتى ئورنىدىن قوپۇپ ئولتۇرۇپ، توقۇۋاتقان تورنى قولىغا ئالدى. يېقىندىن بېرى ئۇ تور توقۇشنى يەنە باشلىۋالغانىدى.

— مەن ھېچنېمە بولمىدىم، سەن ھەرگىز قورقما، مەن پەقەتلا قورقمايۋاتىمەن، — كىتى ئېرىنىڭ قورقۇپ تۇرۇۋاتقان ئەنسىز چىرايىنى كۆرۈپ، قولىنى ئېلىپ كۆكسىگە باستى، كېيىن لەۋلىرىگە ياقتى.

لېۋىن خۇددى روھى چىقىپ كېتىۋاتقان ئادەمدەك بولۇپ قېلىپ، ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئالماي تۇرۇپ پەسكە چۈشۈپ خالتىنى كىيدى، كۆزلىرى تېخىچە خوتۇنىدا ئىدى، ئىتتىك سىرتقا چىقىشى كېرەك ئىدى، لېكىن ئۇنى يالغۇز قويۇپ قويغۇسى كەلمىگەندەك، تېخىچىلا ئۇنىڭدىن كۆزلىرىنى ئۈزەلمەي

تۇرۇپ قىلىۋاتاتتى. ئۇ كىتىنىڭ چىرايىنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرسىمۇ، ئۇنىڭ چىرايى ۋە كۆزلىرى ئۆزىگە شۇنچىلىك تونۇش بولسىمۇ، ئەمما شۇ تۇرقىدىكى قىياپىتىنى پەقەتلا كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئۇ ئۇنىڭ ئاخشامقى ئازابلىق ھالىتىنى ئەسلەپ، ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ قانچىلىك يارىماس، نومۇسسىز ئادەم ئىكەنلىكىنى ئويلاپ قالدى. كىتىنىڭ قىزىرىپ تۇرغان مەڭزىلىرىدىن، بېشىدىكى پوسمىسىنىڭ چەت ـ چۆرىلىرىدىن چىقىپ تۇرغان چاچلىرىدىن خۇشاللىق ۋە قەتئىي ئىرادە چاقناپ تۇراتتى.

كىتىنىڭ مىجەز ـ خۇلقىدا ياسالمىلىق ۋە غەيرىي ـ تەبىئىي نەرسىلەر يوق دېيەرلىك بولسىمۇ، شۇ تۇرقىدا يۈرىكىدىكى بارلىق نىقابلار ئېلىپ تاشلانغاندەك بولۇپ، ئۇنىڭ پاك، ھەقىقىي قىياپىتى لېۋىننىڭ كۆز ئالدىدا ئۆز تەبىئىتى، ئۆز ماھىيىتى بىلەن كۆرۈنۈشكە باشلىدى ۋە بۇ قىياپەت ئۇنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈردى. ئۇ ياخشى كۆرگەن بۇ ئايال پاكلىقى، سەمىمىيلىكى بىلەن ئەسلىدىكى قىياپىتىدە تېخىمۇ يارقىن كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتى. كىتى ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ تۇراتتى، بىردىنلا مۈرىلىرى سىلكىنگەندەك بولۇپ، ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ئۇنىڭ يېنىغا ئىلدام بېرىپ قوللىرىنى مەھكەم تۇتتى ۋە لېۋىنغا مەھكەم يېپىشىپ، ئۆزىنىڭ ھارارىتى بىلەن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى يېقىملىق بىر ھىدقا چۆمكىدى. كىتى ئازابلىناتتى ھەم ئۆزىنىڭ ئازابلىرىنى ئېرىگە سۆزلەپ بېرىۋاتقاندەكمۇ كۆرۈنەتتى. لېۋىن دەسلەپكى شۇ بىر دەقىقە ئىچىدە ئۆزىنى ئەيىبداردەك سەزگەنىدى، كېيىن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن چاقناپ تۇرغان مېھىر ـ مۇھەببەتنى كۆردى، ئۇ كۆزلەردىن رەنجىگەنلىك ئەمەس، ئۇنى تېخىمۇ ياخشى كۆرۈۋاتقانلىق چىقىپ تۇراتتى. «مەن ئەيىبلىك بولمىسام كىم ئەيىبلىك؟» لېۋىن ئىختىيارسىز شۇنداق ئويلايتتى، بۇ ئازابلارغا سەۋەبچى بولغان ئادەمنى تېپىپ ئۇنىڭ ئەدىپىنى بەرمەكچىمۇ بولاتتى، لېكىن ئۇ ئادەمنى

تاپالمايتتى. كىتى ئازابلىناتتى، زارلىناتتى، لېكىن يەنە ئۇ ئازابلىرى ئۇچۇن ئۆزىچە مەغرۇرلىناتتى، خۇشال بولاتتى، ھەتتا قىن ـ قىنىغا پاتماي قالاتتى. لېۋىن ئۇنىڭ قەلبىدە بىر خىل ئالىيجاناب ئۆزگىرىشلەرنىڭ يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇرۇۋاتاتتى، ئەمما ئۇنىڭ قانداق ئۆزگىرىش ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى، بىلىشكىمۇ ئامالسىز ئىدى، بۇ ئۇنىڭ بىلىش دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەن ئىش ئىدى.

— مەن ئاپامغا ئادەم ئەۋەتتىم. سەن دەررۇ بېرىپ لىزاۋېتانى ئېلىپ كەلگىن ... كونستانتىن، ياق، بولدى، ئۆتۈپ كەتتى.

كىتى ئېرىنىڭ يېنىدىن كېتىپ قوڭغۇراق بەردى.

— ئەمدى سەن چىقىپ كەتكىن، ياشا كىرىدىغان بولدى. مەندە ھېچقانداق ئىش يوق.

لېۋىن كىتىنىڭ كېچىدە قولىغا ئېلىپ توقۇغان تورنى يەنە قولىغا ئالغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى.

لېۋىن بىر ئىشىكتىن چىقىپ كېتىۋېتىپ، ئىككىنچى ئىشىكتىن خىزمەتچى ئايالنىڭ كىرىپ كېتىۋاتقىنىنى ئاڭلىدى، ئىشىكنىڭ تۈۋىدە تۇرۇپ ئىچكىرىگە قۇلاق سالدى. كىتى ئۇ ئايالغا ئۆينىڭ ئىشلىرىنى تاپشۇرۇۋاتاتتى. بىر چاغدا ئىككىسىنىڭ كارىۋاتنى يۆتكىگەنلىكى ئاڭلاندى.

لېۋىن كىيىملىرىنى كىيىپ تەييار بولۇپ تۇردى، پەيتۇنكەش پەيتۇننى قېتىپ بولغۇچە — ئۇ ھازىرغىچە بىرەر چاننى ئىجارىگە ئالمىغاندى — ئۆيگە كىرىپ چىققۇسى كېلىپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئەمەس، ئۇچقاندەك كىرىپ كەتتى. ئىككى خىزمەتكار ئايال ھوجرىدىكى نەرسىلەرنى ئۇياق ـ بۇياققا يۆتكەۋاتاتتى، كىتى قولىدىكى تورنى توقۇغاچ، ئۆينىڭ ئىچىدە مېڭىپ يۈرۈپ ئۇ ئايالLارغا تاپشۇرۇقلارنى بېرىپ تۇرۇۋاتاتتى.

— مەن ھازىرلا بېرىپ دوختۇرنى چاقىرىپ كېلىمەن، لىزاۋېتاغا ئادەم ئەۋەتتىم، لېكىن ئۆزۈممۇ باراي دەۋاتىمەن. يەنە نېمە لازىم؟ توغرا، دوللىنىڭ قېشىغا بېرىپ كېلىشىم كېرەك،

شۇنداقمۇ؟

كىتى ئېرىگە قاراپ تۇرغىنىنى بىلەن، ئۇنىڭ قىلغان گەپلىرىنىڭ بىرىمۇ قۇلىقىغا كىرمەيۋاتاتتى.

— شۇنداق، شۇنداق! بارغىن، بارغىن! — دېدى كىتى چىرايىنى تۈرۈپ ئالدىراپ سۆزلەپ ۋە ئېرىگە قولىنى سىلكىپ تۇرۇپ.

لېۋىن مېھمانخانىغا چىقىپ كېتىۋاتقاندا، تۇيۇقسىز ھۇجرىدىن زارلاپ تۇۋلىغان بىر ئاۋاز ئاڭلاندى، بىردەمدىلا بۇ ئاۋاز چىپپىدە توختاپ قالدى. لېۋىن خېلىغىچە نېمە بولغانلىقىنى بىلەلمەي، تۇرغان يېرىدە تۇرۇپلا قالدى.

«ۋۇي، بۇ كىتىنىڭ ئاۋازى ئەمەسمۇ!» دېدى لېۋىن ئىچىدە ۋە بېشىنى چاڭگاللىغان پېتى پەلەمپەيدىن يۈگۈرۈپ چۈشۈپ كەتتى.

— يا رەببىم، بىز بەندىلىرىڭنى كەچۈرگەيسەن! بىزگە يار بولغايسەن! — دەپ، شۇ مىنۇتتا ئاغزىغا كەلگەن گەپلەرنى تەكرارلاپ كەتتى لېۋىن. بۇ دىنسىز ئادەم بۇ گەپلەرنى پەقەت ئېغىزىدىلا دەپ قويغان ئەمەس ئىدى. شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنىڭ خۇدانىڭ مەۋجۇتلۇقىغا شۈبھىلىنىشىلا ئەمەس، ئەقلى بىلەن ئاڭلىق ھالدا خۇداغا ئىشەنمەسلىكىمۇ خۇداغا يېلىنىشلىرىغا قىلچە توسقۇنلۇق قىلالمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ تۇراتتى. بارلىق شۈبھە، بارلىق ئىشەنمەسلىكلەر شۇ تۇرقىدا ئۇنىڭ كۆڭلىدىن بىرىمۇ قالماي يوقاپ كەتتى. ئۇ ئەمدى ئۆزىنىڭ ھاياتىنى، روھىنى ۋە مۇھەببىتىنى ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرغان خۇدادىن ياردەم، رەھىم - شەپقەت سورىماي كىمدىن سورىسۇن؟

پەيتۇن تېخى تەييار بولمىغانىدى. لېۋىن قىلىدىغان ئىشلار كۆپ بولغاچقا، شۇ ئىشلارنى ئويلاپ تېنى جۇغۇلداپ ۋە تېخىمۇ جىددىيلىشىپ، پەيتۇنغىمۇ قارىماي، كۇزماغا پەيتۇننى قېتىپ بولۇپ كەينىمدىن يېتىش، دەپ قويۇپ پىيادە مېڭىپ كەتتى.

كوچىنىڭ دوقمۇشىغا كەلگەندە، ئالدىراپ كېلىۋاتقان

كېچىلىك كىرا چانىسىغا ئۈچرىدى. چانىدا كەڭ مەخمەل پەلتو كىيگەن، بېشىغا ياغلىق ئورىۋالغان لىزاۋېتا ئولتۇراتتى. «خۇداغا شۈكۈر! خۇداغا شۈكۈر!» دەپ كەتتى لېۋىن سېرىق چاچ، ئاپئاق، ئورۇق چىرايى تولىمۇ جىددىي، تولىمۇ ئەستايىدىل كۆرۈنۈپ كېتىۋاتقان لىزاۋېتانى تونۇپ خۇشاللىقىدا. ئۇ چانىنى توختاشقا بۇيرۇماي، شۇئان كەينىگە يېنىپ چانا بىلەن تەڭ يۈگۈردى.

— ئىككى سائەت بولدى دەمسىز؟ ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتمىگەندۇ؟ — دەپ سورىدى لىزاۋېتا لېۋىندىن، — سىز بېرىپ پېتر دمىترىچنى باشلاپ كېلىڭ، لېكىن ئۇنى ئالدىراتماڭ. ئاندىن دورىخانىغا بېرىپ ئەپيۇن ئېلىپ كېلىڭ.

— تۇغۇتى ئوڭۇشلۇق بولارمۇ؟ ئاھ، شەپقەتلىك خۇدا! سىزدىن شەپقىتىڭنى ئايىماسسەن! — دېدى لېۋىن ئۆزىنىڭ پەيتۇنىنىڭ دەرۋازىدىن چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ. ئۇ شۇئان پەيتۇنغا چىقىپ، كۇزمانىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ دوختۇرنىڭ ئۆيىگە ھەيدەشنى بۇيرۇدى.

# 14

دوختۇر تېخى ئورنىدىن تۇرماپتۇ، چاكىرى: «كەچ يېتىۋېدى، مېنى ئويغاتمىغىن دېگەن. بىرئازدىن كېيىن ئۆزى تۇرۇپمۇ قالىدۇ» دېدى. ئۇ چاكار چىراغنىڭ قالپىقىنى سۈرتۈۋاتقانىكەن، ئۇنىڭ چىراغنىڭ قالپىقىنى سۈرتۈشكە شۇنچە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ، لېۋىننىڭ ئىشىغا پەرۋاسىز قارىغىنى لېۋىننى ھەيران قالدۇردى. لېكىن، يەنە ئويلاپ كۆرۈپ، ئۇ چاكارنىڭ ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكى ئىشنى بىلمەيدىغانلىقىنى، بىلسىمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن بەربىر ئىكەنلىكىنى، شۇڭا بۇ بىپەرۋالىق سېپىلىنى

بۆسۇپ ئۆتۈپ مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، تەمكىن، ئېغىر ـ بېسىق ۋە قەتئىيرەك بولمىسا بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندى. «ئالدىراپمۇ كەتمەي ھەم پۈرسەتنىمۇ قولدىن بېرىپ قويماي» دېدى ئۇ ئىچىدە ئۆزىگە ئۆزى ۋە ئۆزىدە كۆز ئالدىدىكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشتا جىسمانىي ۋە روھىي كۈچىنىڭ ئۇرغۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ تۇردى.

لېۋىن دوختۇرنىڭ تېخىچە ئۇخلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، باشقا تۈرلۈك چارىلەرنى ئويلاپ چىقىپ، ئاخىرىدا كۆزماغا ئىككىلىك خەت يېزىپ بېرىپ، باشقا بىر دوختۇرنى چاقىرىپ كېلىشكە بۇيرۇدى، ئۆزى دورىخانىغا بېرىپ ئەپيۇن سېتىۋېلىپ كەلمەكچى، ئاڭغىچە دوختۇر ئورنىدىن تۇرمىغان بولسا چاكارنىڭ قولىغا ئازراق بىرنەرسە تۇتقۇزۇپ باقماقچى، ئۇنىڭغىمۇ ئۇنىمىسا، دوختۇرنى ئويغىتىشقا مەجبۇرلىماقچى بولدى.

دورىخانىدىكى ياداڭغۇ بىر دورىپۈرۈش دورا ئالغىلى كەلگەن بىر ھارۋىكەشكە خۇددى دوختۇرنىڭ چاكىرى لامپىنىڭ قالپىقىنى ئېرىنچەكلىك بىلەن سۈرتۈۋاتقانغا ئوخشاش، ئالدىرىماي، بىپەرۋالىق بىلەن دورا ئوراپ بېرىۋاتاتتى. ئۇ لېۋىنغا ئۆزلىرىدە ئەپيۇننىڭ يوقلۇقىنى دېدى. لېۋىن ئالدىراپ كەتمەي، چىرايىنىمۇ ئۆزگەرتمەي، خاپىمۇ بولماي، دوختۇر بىلەن تۇغۇت ئانىسىنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ، ئەپيۇننى نېمىگە ئىشلىتىدىغانلىقىنى چۈشەندۇردى، ئۇنداق قىلماي ئازراق سېتىپ بېرىڭ، دەپ يالۋۇردى. دورىپۈرۈش ئاخىر بولالماي، بىرىدىن نېمىس تىلىدا: «بەرسەم بولامدۇ» دەپ سورىۋىدى، يان ئۆيدىن: بەرسەڭ بولىدۇ» دېگەن جاۋاب ئاڭلاندى. شۇندىلا ئۇ ئەپيۇن بار شىشە ۋە ۋارونكىنى ئېلىپ، چوڭ شىشىدىن كىچىك بىر شىشىگە ئالدىرىماي ئازراق قۇيدى، ئاندىن ـــ لېۋىننىڭ ئاغزىنى چاپلىمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، دېگىنىگە قارىماي ـــ كىچىك شىشىنىڭ ئاغزىنى پېچەتلەپ، ئۈستىدىن يەنە مەھكەم

ئوراشقا باشلىغۇدى، لېۋىن تاقەت قىلىپ تۇرالماي، قارشى تەرەپنىڭ قولىدىن شىشىنى تارتىۋېلىپ ئىشىككە ئۆزىنى ئاتتى. دوختۇر تېخىچە ئورنىدىن تۇرماپتۇ، چاكار يەرگە گىلەم سېلىۋاتقانىكەن، لېۋىن قانچە دېسىمۇ دوختۇرنى ئويغىتىپ چىقىشقا پەقەتلا ئۇنىمىدى. لېۋىن بەكمۇ ئالدىراپ كەتمەي، يانچۇقىدىن ئون رۇبلىلىق قەغەز پۇلدىن بىرنى ئېلىپ ئۇنىڭغا سۇندى، ئاندىن چۇشەندۇرۇپ، پېتر دمىترىچ (بۇرۇن ئۇ قىلچە كۆزگە ئىلمايدىغان بۇ پېتر دمىترىچ ئەمدى لېۋىن ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم ئادەمگە ئايلىنىپ قېلىۋاتاتتى) ھەرقانداق چاغدا كېسەل كۆرسەتكىلى كەلسىڭىز مەن تەييار، دېگەن، شۇڭا ئۇنى شۇ تۇرقىدا مېنى كەپتۇ، دەپ ئويغىتىۋەتسەڭ ھەرگىز خاپا بولمايتتى، دېدى.

خىزمەتكار ئاخىر قوشۇلۇپ ئۈستىگە چىقىپ كەتتى، چىقىپ كېتىۋېتىپ لېۋىنغا قوبۇلخانىدا ساقلاپ تۇرۇشنى دېدى.

لېۋىن دوختۇرنىڭ ھۇجرىسىدا تۇرۇپ يۆتەلگىنىنى، ماڭغىنىنى، يۇزىنى يۇيۇۋاتقىنىنى، گەپ قىلىۋاتقىنىنى ئاڭلاپ تۇردى. ئارىدىن ئۈچ مىنۇت ئۆتتى، بۇ ئۈچ مىنۇت لېۋىنغا گويا بىر سائەتتەك بىلىنىپ كېتىپ، چىداپ ئولتۇرۇۋېرىشكە تاقىتى يەتمىدى.

— پېتر دمىترىچ! پېتر دمىترىچ! — دەپ توۋلاپ كەتتى لېۋىن ئاخىر چىدىماي، ئوچۇق تۇرغان ئىشىككە قاراپ يېلىنغان ئاھاڭدا، — خۇدا ھەققىدە مېنى ئەيىبكە بۇيرۇماڭ، مېنى جايىڭىزدا تۇرۇپ قوبۇل قىلىپ، دادىمنى ئاڭلاپ بېقىڭ! سىزنى ساقلاۋاتقىنىمغا ئىككى سائەتتىن ئاشتى.

— مانا ھازىر! ھازىرلا چۇشىمەن! — دوختۇرنىڭ ھۇجرىسىدا تۇرۇپ دېگەن گېپى ئاڭلاندى. لېۋىن دوختۇرنىڭ بۇ گەپلەرنى كۇلگەندەك بىر خىل ئاھاڭدا دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز چۆچۈپ كەتتى.

— ئىككى ئېغىزلا سۆزۈم بار ...

— مانا هازىرلا چۈشىمەن.

دوختۇر ئۆتۈكنى كىيىپ بولغۇچە يەنە ئىككى مىنۇت ئۆتۈپ كەتتى. يەنە ئۇ كىيىملىرىنى كىيىشى، چاچلىرىنى تارىشى كېرەك ئىدى.

— پېتر دمىترىچ! — دېدى لېۋىن يەنە زارلانغان ئاۋازدا. دەل شۇ چاغدا دوختۇر كىيىملىرىنى كىيىپ، چاچلىرىنى تاراپ بولۇپ چىقىپ كەلدى. «بۇ ئادەملەردە رەھىم ـ شەپقەت دېگەن نەرسە يوق ئىكەن، — دەپ ئويلىدى لېۋىن ئىچىدە، — ئۇ يەردە ئادەم ئۆلۈۋاتسا، بۇ يەردە ئۇنىڭ بېشىنى تاراپ ئولتۇرغىنىنى قارىمامدىغان!»

— خەيرلىك سەھەر! — دوختۇر ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى ۋە ئۆزىنىڭ خاتىرجەملىكى بىلەن ئەتەي لېۋىننىڭ چىشىغا تېگىۋاتقاندەك قىلىپ دېدى، — بەكمۇ ھودۇقۇپ كەتمەڭ! خوش، نېمە ئىش؟

لېۋىن خوتۇنىنىڭ ئەھۋالىنى ئامال بار تەپسىلىي، ئەتراپلىق تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى، ئاخىرىدا ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن تېزرەك يولغا چىقىپ خوتۇنىنى تەكشۈرۈپ بېقىشىنى ئارقا ـ ئارقىدىن تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى.

— بۇ ئىشقا سىز بۇنچىلا ئالدىراپ كەتمەڭ، بۇ جەھەتتە سىزنىڭ تەجرىبىڭىز يوق. ئەسلىدە مېنىڭ بېرىشىمنىڭمۇ زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى، سىز دەپ تۇرۇۋالغاچقا بارسام باراي دەۋاتىمەن. ئالدىرايدىغان ھېچنېمە يوق. قېنى، ئولتۇرۇڭ، قەھۋە ئىچەمسىز؟

لېۋىن دوختۇرغا بۇ مېنى ئەخمەق قىلىۋاتامدۇ نېمە، دېگەندەك نەزەردە لەپپىدە بىر قاراپ قويدى. لېكىن، ئۇنى ئەخمەق قىلىش دوختۇرنىڭ خىيالىدىمۇ يوق ئىدى.

— بۇ ئىشنى مەن بىلىمەن، ئوبدان بىلىمەن، — دېدى دوختۇر كۈلۈپ تۇرۇپ، — مەنمۇ ئائىلىسى بار ئادەم. لېكىن، بىز ئەرلەر مۇشۇنداق چاغدا ئەڭ بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالىمىز.

مېنىڭ بىر ئايال بىمارىم بار، ئۇنىڭ ئېرى مۇشۇنداق چاغلاردا ئېغىلغا قېچىپ كىرىۋالىدىكەن.

— سىز قانداق ئويلايسىز، پېتىر دمىترىچ؟ ئوڭۇشلۇق بولارمۇ؟

— سىز ئېيتقان ھەر خىل ئالامەتلەر ئوڭۇشلۇق بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇرۇپتۇ.

— ھازىر مەن بىللە بارالارسىزمۇ؟ — دېدى لېۋىن قەھۋە كۆتۈرۈپ كىرىۋاتقان چاكارغا غەزەپ بىلەن قاراپ قويۇپ.

— بىر سائەتتىن كېيىن بارىمەن.

— ياق، دوختۇر، خۇدا ھەققىدە ئۇنداق قىلماڭ!

— ئۇنداق بولسا قەھۋەنى ئىچىۋالاي، سەۋر قىلىپ تۇرۇڭ!

دوختۇر قەھۋەنى قولىغا ئېلىپ ئىچىشكە باشلىدى. ھەر ئىككىسى زۇۋان سۈرمەي جىمجىت ئولتۇراتتى.

— شۇ كۈنلەردە بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىز تۈركلەرنى سۈر - توقاي قىلىۋاتىدۇ. تۈنۈگۈنكى خەۋەرنى ئوقۇدىڭىزمۇ؟ — دېدى دوختۇر ئاغزىدىكى بولكىنى يۇتۇۋېتىپ.

— ياق، مېنىڭ تاقىتىم تاق بولدى، ئەمدى ساقلاپ ئولتۇرالمايمەن، — دېدى لېۋىن ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ، — ئەمىسە يەنە ئون بەش مىنۇتتىن كېيىن ماڭارسىز.

— يېرىم سائەتتىن كېيىن.

— راستمۇ؟

لېۋىن ئۆيگە كىنەز خانىم بىلەن بىرلا ۋاقىتتا كىرىپ كەلدى. ئىككىسى ھۇجرا ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئۇچراشقاندا، كۆزلىرى ياشقا تولغان كىنەز خانىم تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن لېۋىننى مەھكەم قۇچاقلىۋېلىپ ئۇن سېلىپ يىغلاپ كەتتى.

— لىزاۋېتا، قىممەتلىكىم، ئۇنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟ — دەپ سورىدى كىنەز خانىم ئۆزى خۇشال، لېكىن يەنە

ئازراق تەشۋىشلىك چىرايدا چىقىپ كەلگەن لىزاۋېتانى تۇتۇۋېلىپ.

— ئەھۋالى ياخشى، — دېدى تۇغۇت ئانىسى جاۋاب بېرىپ، — ئورنىدا ياتقان بولسا ياخشى بولاتتى. سىز كىرىپ مۇشۇ گەپنى ئۇنىڭغا دەپ قويسىڭىز.

لېۋىن بوگون سەھەردە ئويغىنىپ كەتكەندىن كېيىنلا نېمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ، خوتۇنىنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلماسلىق ئۈچۈن ھەر خىل خىياللاردا، پەرەزلەردە بولماسلىق، ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇۋېلىش قارارىغا كېلىپ قويغانىدى. بۇ كۆنلەردىن ئامان - ئېسەن ئۆتۈۋېلىشى ئۈچۈن خوتۇنىغا يەنە تەسەللى بېرىشى، كۆڭلىنى ياسىشى، غەيرەت بېرىشى كېرەك ئىدى. لېۋىن يەنە بۇ ئىشنىڭ قاچانغىچە داۋاملىشىدىغانلىقىنى باشقىلاردىن سوراپ بىلىۋېلىپ، بەش سائەتكە بەرداشلىق بېرىشقا كاللىسىدا تەييارلىقمۇ قىلىپ قويغانىدى. ھازىرقى ئەھۋالدا ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالايتتى، ھەتتا نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرمەسلىككىمۇ، بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولۇپ كېتىشىنى ئويلىماسلىققىمۇ قادىر ئىدى. لېكىن، دوختۇرنىڭ يېنىدىن قايتىپ كېلىپ خوتۇنىنىڭ ئازابلىنىپ كېتىۋاتقان ھالىتىنى كۆرگەندىن كېيىن بولالمايلا قالدى، تىنماي بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۇلۇغ - كىچىك تىناتتى، ئاغزىدىن: «ئى خۇدا، بىزنى كەچۈرۈۋەتكەيسەن! بىزدىن شەپقىتىڭنى ئايىماسسەن!» دېگەن گەپ چۈشمەيتتى، قانداقتۇر بىر قورقۇنچتىن ۋۇجۇدى جۇغۇلدايتتى، ئۆزىنىڭ بەرداشلىق بېرەلمەي قېلىشىدىن، ئاخىر چىدىماي ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى. شۇنچە ئازابلانغىنىغا لايىق ھېچقانچە ۋاقىت ئۆتمىگەن، پەقەت بىر سائەتلا ئۆتكەنىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئىككى سائەت، ئۈچ سائەت، ھەتتا ئۇ چىدايمەن دەپ ئويلىغان بەش سائەتمۇ ئۆتۈپ كەتتى، ئەھۋال يەنە

شۇنداقلا ئىدى. لېۋىن تاقەت قىلىپ تۇرۇۋەردى، ئۇنىڭغا تاقەت قىلىشتىن باشقا ئامالمۇ يوق ئىدى. ھەر بىر مىنۇت ئۇنىڭغا تاقەتنىڭ ئاخىرقى چېكىدەك بىلىنەتتى، غەم ـ ئەندىشىدىن يۈرىكى يېرىلىپ كېتەي دەپ قېلىۋاتاتتى.

ۋاقىت مىنۇتسېرى، سائەتسېرى ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى، ۋاقىتقا ئەگىشىپ ئۇنىڭ ئازابى بىلەن ئەندىشىسىمۇ ئېشىپ ۋە بارغانسېرى كۈچىيىپ بېرىۋاتاتتى.

تۇرمۇشتا كەم بولمايدىغان بارلىق ئادەتلەرنىڭ بىرىمۇ ھازىر لېۋىننىڭ كاللىسىدا ئەرزىمەس ۋە مەۋجۇت ئەمەس نەرسىلەر ئىدى، ۋاقىت قارىشىمۇ يوقالغانىدى. كىتى ئۇنى يېنىغا چاقىرغان مىنۇتلار، لېۋىن خوتۇنىنىڭ بىردەم ئادەتتىن تاشقىرى كۈچ بىلەن سىقىپ، بىردەم ئۇنى ئۆزىدىن نېرى ئىتتىرگەن تەرلىگەن قولىنى تۇتۇپ تۇرغان مىنۇتلار لېۋىنغا بىر تۇرۇپ بىرنەچچە مىنۇت، بىر تۇرۇپ بىرنەچچە سائەتتەك بىلىنىپ كېتىۋاتاتتى. لىزاۋېتا ئۇنىڭغا دەرپەردىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى شامنى يېقىۋېتىشنى ئىلتىماس قىلغاندا، لېۋىن ھەيران قېلىپ، ۋاقىتنىڭ كەچ سائەت بەش بولۇپ قالغانلىقىنى شۇندىلا بىلدى. ئەگەر بىرەرى ئۇنىڭغا شۇ تۇرقىدا ئەتىگەن سائەت ئون بولدى دېگەن بولسا، ئۇ بۇنچىلىك ھەيران قالمىغان بولاتتى، ئۇ ھەتتا ھازىر ئۆزىنىڭ نەدىلىكىنى، قايسى ۋاقىت بولغانلىقىنى، نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى تازا ئېنىق بىلمەيتتى. كىتىنىڭ ئىسسىقتا ھۆپپىدە قىزىرىپ كەتكەن چىرايىغا قارىغاندا، كىتى تۇرۇپ نېمە قىلىشنى بىلمەي قېلىۋاتقاندەك، تۇرۇپ قاتتىق ئازابلىنىۋاتقاندەك، تۇرۇپ ئېرىنى خاتىرجەم قىلماقچى بولۇپ ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ قويۇۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كېتەتتى. لېۋىن كىنەز خانىمنىڭ چاچلىرىنىڭ چۇۋۇلۇپ، يۈزىنىڭ قىزىرىپ، چىرايىدىن ئەنسىزلىك چىقىپ، خۇددى ھېلىلا يىغلىۋېتىدىغاندەك ھالەتتە تۇرغانلىقىنى كۆردى، دوللىمۇ شۇنداق ھالەتتە ئىدى، دوختۇرمۇ جىددىيلىشىپ تىنماي تاماكا

چىكەتتى. ئۇ يەنە چىرايىدىن قەتئىيەتلىك چىقىپ تۇرغان، كەسكىن، قارىغان ئادەم چىرايىدىن ئۆزىگە تەسەللىي تاپالايدىغاندەك تۇرغان تۇغۇت ئانىسىغا قارىدى. زالدا ئۇياقتىن ـ بۇياققا جىددىي مېڭىپ يۈرگەن قېرى كىنەزمۇ بار ئىدى، ئۇلارنىڭ قانداق كىرىپ، قانداق چىقىپ ۋە قەيەردە يۈرۈشكەنلىكلىرىنى ئۇ مۇتلەق بىلمەيتتى. كىنەز خانىم دەم دوختۇر بىلەن بىللە ياتاق ئۆيگە كىرىپ كېتەتتى، دەم ئۇستىگە غىزالار قويۇلغان ئۇستەل پەيدا بولۇپ قالغان كۇتۇپخانىغا كىرىپ قالاتتى، دەم ئۇنىڭ ئورنىدا دوللى پەيدا بولۇپ قالاتتى. كېيىن لېۋىن بىرىنىڭ ئۆزىنى بىر ئىشقا بۇيرۇغانلىقىنى ئەسلەپ قالدى، يەنە بىر قېتىم ئۇنى ئۇستەل بىلەن ساپانى يۆتكىشىپ بېرىشكە چاقىرىشتى. لېۋىن بۇلار كىتىگە لازىم بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ جان ـ دىلى بىلەن ئورۇندىدى. ئۇلارنىڭ كىتىگە ئەمەس، ئۆزلىرىگە كېچىدە ياتىدىغانغا ئورۇن راسلىشىۋاتقانلىقىنى پەقەت كېيىنلا بىلدى. كېيىن ئۇنى كۇتۇپخانىدا ئولتۇرغان دوختۇرنىڭ ئالدىغا نېمىندۇر سورىتىپ كىرگۈزۈشتى. دوختۇر ئۇنىڭ سورىغىنىغا جاۋاب بېرىپ بولۇپ، يەنە شۇ دۇمادىكى تەرتىپسىزلىكلەر توغرۇلۇق گەپ باشلىدى. كېيىن ئۇنى يەنە قېينانىسىنىڭ ھۇجرىسىغا ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن ئىيسانىڭ ھەيكىلىنى ئاچىقىشقا بۇيرۇشتى. ئۇ يەرگە كىرىپ كىنەز خانىمنىڭ قېرى خىزمەتكارى بىلەن ئىشكاپنىڭ ئۈستىدىن ھەيكەلنى ئېلىۋېتىپ، شۇ يەردىكى مۆقەددەس چىراغنى سۇندۇرۇپ قويدى. قېرى خىزمەتكار ئۇنىڭغا رەنجىمىگەن قايغۇرماڭ، چىراغقىمۇ ئېچىنماڭ، دەپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياسىدى. ئۇ ئىيسانىڭ ھەيكىلىنى ئېلىپ كىرىپ كىتىنىڭ بېشىغا، ياستۇقىنىڭ تېگىگە قويۇپ قويدى. ئۇ بۇ ئىشلارنىڭ قاچان، قەيەردە ۋە نېمە ئۈچۈن بولۇۋاتقىنىنى بىلمەيتتى. كىنەز خانىم نېمە ئۈچۈن ئۇنى قولتۇقلاپ، كۆزلىرىگە ئېچىنغاندەك قاراپ قويۇپ، قايغۇرۇپ كەتمەسلىكىنى

دەيدۇ؟ دوللى نېمە ئۈچۈن ئۇنى ئۆيدىن سۆرەپ چىقىپ تاماق يەۋېلىشقا زورلايدۇ؟ يەنە دوختۇر نېمە ئۈچۈن ئۆزىگە جىددىي قىياپەتتە قاراپ، ئازراق دورا ئىچىۋېلىشنى ئېيتىدۇ؟ بۇلارنىمۇ چۈشەنمەيتتى.

ئۇ يۈز بېرىۋاتقان بۇ ئىشلارنىڭ بىر يىلنىڭ ئالدىدا ئاكىسى ئۆلگە مەركىزىدىكى دوختۇرخانىدا سەكراتتا ياتقان چاغدىكى ئەھۋاللارغا ئازراق ئوخشاپ قېلىۋاتقانلىقىنىلا بىلەتتى ۋە ھېس قىلاتتى. ئوخشىمايدىغىنى، ئۇ چاغدىكىسى ئۆلۈم قايغۇسى بولسا، بۇ قېتىمقىسى تۇغۇت خۇشاللىقى ئىدى. ئەمما، ئۇ قېتىمقى قايغۇلۇق ئىش بىلەن بۇ قېتىمقى خۇشاللىق ئىشنىڭ ھەر ئىككىسى ھاياتنىڭ نورمال قانۇنىيىتىدىن ھالقىپ كەتكەن ئىشلار بولۇپ، بۇ ھالقىش گويا ھاياتنىڭ بىر روجىكىگە ئوخشايتتى، ئۇ روجەكتىن قانداقتۇر بىر يۇكسەكلىكنى كۆرگىلى بولاتتى. ھازىر يۈز بېرىۋاتقان ئىشلار ئوخشاشلا ئازابلىق ئىشلار ئىدى، ئوخشاشلا ئادەمنى قىيناپتتى. ئۇ خىل يۇكسەكلىككە نەزەر سالغاندا، ئادەمنىڭ روھى ئوخشاشلا ئادەم ئويلاپ باقمىغان مىسلىسىز يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈلەتتى. ئۇ يۇكسەكلىككە ئەقىل بىلەن يەتكىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

«ئاھ خۇدا، بىزلەرنى كەچۈرگەيسەن، ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن!» لېۋىن خۇدادىن شۇنچىلىك يىراقلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، شۇ تۇرقىدا خۇددى بالا ۋاقىتلىرىدىكىدەك، ياش چاغلىرىدىكىدەك چىن ئىخلاسى بىلەن توختىماي خۇدانى تىلىغا ئېلىپ تۇرۇۋاتاتتى.

بۇ مەزگىل ئىچىدە ئۇنىڭدا ئىككى خىل روھىي ھالەت تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتاتتى: كىتىنىنىڭ يېنىدا ئەمەس، ئارقا - ئارقىدىن تاماكا چېكىپ كۈلدانىنى تاماكىنىڭ كۆتىكى بىلەن تولدۇرۇۋېتىۋاتقان دوختۇر، دوللى ۋە قېرى كىنەزلەر بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ چۈشلۈك تاماق، سىياسەت، ماريە پېترووۋنانىڭ كېسىلى توغرۇلۇق پاراڭلاشقانلىرىدا، خۇددى ھېلىلا ئۇيقۇسىدىن

ئۇيغانغان ئادەمدەك ھەممىنى ئۇنتۇپ كېتەتتى. كىتىنىڭ يېنىغا كىرىپ كارىۋىتىنىڭ بېشىغا كېلىپ تۇرغاندا، يۈرىكى ئازابتىن يېرىلىپ كەتكۇدەك بولۇپ، توختىماي خۇداغا تېۋىناتتى. ھەر قېتىم كىتىنىڭ ھۇجرىسىدىن دەھشەتلىك چىرقىراشلار ئاڭلانغاندا، ئۇنتۇلۇپ كەتكەن دۇنياسى ئىچىدىن چاچراپ چىقىپ يەنە شۇ دەسلەپكى گاراڭ ھالىتىگە قايتاتتى. كىتىنىڭ ئىڭراشلىرى قۇلىقىغا كىرگەندە، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ يېنىغا كىرىپ كېتىۋېتىپ ئۆزىنى ئۆزى ئاقلاپ كېتەتتى، لېكىن يەنە ئۆزىنىڭ گۇناھسىز، ھېچقانداق يامان ئىش قىلمىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى ئويلايتتى، كىتىگە ياردەم بېرىشنى، ئۇنى قوغداشنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلىپ كېتەتتى. ئەمما، ئۇنى كۆرگەندە ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا ياردەم بېرەلمەيدىغانلىقىنى چۈشىنىپ قورقۇنچ ئىچىدە قالاتتى، خۇداغا چوقۇنۇپ: «ئاھ، پەرۋەردىگارىم، بىزنى كەچۈرگەيسەن، بىزدىن شەپقىتىڭنى ئايىماسسەن !» دەپ يېلىناتتى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ئىككى خىل روھىي ھالەت بارغانسېرى كۈچىيىپ كېتىۋاتاتتى: كىتىنىڭ يېنىدا بولمىغان چاغلاردا ئۇنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتەتتى، كۆڭلىمۇ ئاستا ـ ئاستا تىنچىپ قالاتتى؛ ئۇنىڭ يېنىدىكى چاغدا، خوتۇنىنىڭ قىينىلىۋاتقانلىقىغا ئۆزىنىڭ مۇھەببىتىنىڭ ياردەم بېرەلمەيۋاتقانلىقىدىن يۈرەك ـ باغرى تىلىنىپ كېتەتتى، ئورنىدىن تۇرۇپ بىر يەرلەرگە قېچىپ كەتكۇسى كېلەتتى، لېكىن بارىدىغان يېرى يەنىلا خوتۇنىنىڭ ھۇجرىسى بولاتتى.

بەزى چاغلاردا كىتى ئۇنى ئارقا ـ ئارقىدىن يېنىغا چاقىرىپ قالسا، لېۋىن ئۇنىڭدىن رەنجىپ قالاتتى، ئەمما ئۇنىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان مۇلايىم چىرايىنى كۆرگەن ۋە «مەن سىزنى بەك قىينىۋەتتىم» دېگەن گەپلىرىنى ئاڭلىغان چاغلىرىدا خۇدادىن خاپا بولاتتى، لېكىن خۇدانى تىلغا ئالغان ھامان خۇدادىن يەنە رەھىم ـ شەپقەت تىلەپ كېتەتتى.

# 15

لېۋىن نە كەچ بولغىنىنى، نە ئەتىگەنلىكىنى بىلمىدى. شاملار يېقىلىپ تۈگىگەنىدى. ئۇ دوختۇرنىڭ يېنىدا ئۇ سۆزلەۋاتقان ئۇخلىتىش سېھرى توغرىسىدىكى جاھانكەزدىلەرنىڭ ئادەم ئالدايدىغان گەپلىرىنى تىڭشاپ ئولتۇراتتى، كۆزلىرى دوختۇرنىڭ تاماكىسىنىڭ ئۇچىدىكى كۇلدە ئىدى. ھازىر قىلىدىغان ئىش يوق، بىكار ئولتۇرۇۋاتقان چاغ بولغاچقا، كاللىسى چىگىچىلىشىپ، شۇ تۇرقىدا بولۇۋاتقان ئىشلارنى پۈتۈنلەي ئېسىدىن چىقىرىپ قويغانىدى. ئەمما، دوختۇرنىڭ ھېكايىسىنى ئېنىق ئاڭلاۋاتاتتى. تۇيۇقسىز، ئادەتتىكىگە ئوخشىمايدىغان بىر چىرقىرىغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ قالدى، بۇ ئاۋاز تولىمۇ قورقۇنچلۇق ئىدى، لېۋىن ئورنىدىن قوپالماي، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپ، شۈبھە بىلەن دوختۇرنىڭ كۆزلىرىگە قاراپلا قالدى. دوختۇرمۇ بېشىنى سىڭارىيان قىلىپ ئاڭلاپ ئولتۇراتتى، كۆزلىرىدە مەمنۇنلۇق كۈلكىسى ئويناپ تۇراتتى. بولۇۋاتقان بۇ ئىشلار شۇنچىلىك غەلىتە ئىدىكى، ھەتتا لېۋىننىڭ چىرايىدىمۇ ھەيرانلىق كۆرۈنمەيتتى. «بۇ شۇنداق بولىدىغان ئىش ئوخشايدۇ، — دەپ ئويلىدى ئۇ يەنىلا جايىدىن قوزغالماي، — بۇ چىرقىرىغان كىمدۇ؟» ئۇ بىردىنلا ئېسىگە كەلگەندەك بولۇپ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى ۋە پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ھۇجرىغا قاراپ ماڭدى. ھۇجرىغا كىرىپ لىزاۋېتا بىلەن كىنەز خانىمنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، كارىۋاتنىڭ باش تەرىپىدىكى ئۆزى تۇرىدىغان يەرگە باردى. چىرقىراش توختىغانىدى، لېكىن لېۋىن نېمە ئۆزگىرىش بولدى، ئۇ زادى قانداق ئۆزگىرىش، ئۇنى بىلەلمىدى، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭمۇ ئۇ

ئەھۋالنى كۆرگۈسى، بىلگۈسى يوق ئىدى، پەقەت لىزاۋېتانىڭ چىرايىنىڭ جىددىيلىشىپ، تاتىرىپ قالغانلىقىنى، ئەمما يەنىلا شۇنداق قەتئىيەت بىلەن تۇرغانلىقىنى، ئېڭىكى تىترەپ تۇرۇۋاتسىمۇ، كۆزلىرىنىڭ كىتىكە قادىلىپ تۇرغانلىقىنىلا كۆردى. كىتىنىڭ يۈزى قاتتىق ئازابلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىدىنمۇ، قىزىرىپ كېتىۋاتاتتى، پېشانىسىدىن تەپچىپ تۇرغان تەرگە چاچلىرى چاپلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ لېۋىنغا بۇرۇلۇپ ئۇنىڭ كۆزلىرىنى ئىزدىدى، تەرلەپ كەتكەن قولىنى چىقىرىپ ئۇنىڭ مۇزدەك قولىنى مەھكەم تۇتۇۋالدى ۋە مەڭزىگە ياقتى.

— يېنىمدىن كەتمە! يېنىمدىن كەتمە! مەن قورقمايمەن، قورقمايمەن! — دېدى كىتى ئىلدام ـ ئىلدام سۆزلەپ، — ئاپا، ھالقامنى ئېلىۋەتسەڭ، پېتىپ كېتىۋاتىدۇ. سەن قورقمىغانسەن؟ ئاز قالدى! ئاز قالدى! لىزاۋېتا ...

ئۇ ناھايىتى تېز سۆزلەيتتى، تېز سۆزلەيتتى، تۇرۇپلا كۈلمەكچىمۇ بولاتتى ... دەل شۇ چاغدا، بىردىنلا چىرايى ئۆزگىرىپ كېتىپ لېۋىننى ئىتتىرىۋەتتى.

— ۋايجان، قانداق قىلارمەن! ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدۇم! چىقىپ كەت! چىقىپ كەت! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى كىتى يەنە شۇ غەلىتە چىرقىراق ئاۋازى بىلەن.

لېۋىن ئىككى قولى بىلەن بېشىنى چاڭگاللىغىنىچە ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

— ھېچ ۋەقەسى يوق، ئىش ئوڭغا تارتىۋاتىدۇ، — دېدى دوللى لېۋىن چىقىپ كېتىۋاتقاندا.

لېكىن، ئۇلار ھەرنېمە دېگەن بىلەنمۇ، لېۋىن ئەمدى ئىشنىڭ يامان تەرەپكە قاراپ مېڭىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇۋاتاتتى. ئۇ يان ئۆيدە قۇلىقىنى ئىشىككە يېقىپ تىڭشاپ، ئۆزى ھېچقاچان ئاڭلاپ باقمىغان دەھشەتلىك چىرقىراش بىلەن نالە ـ پەريادنى ئاڭلىدى، بۇ ئاۋازنىڭ باشقا بىرىنىڭ ئەمەس، دەل كىتىنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى تونۇدى. ئۇ ئەمدى بالىنىمۇ خالىماي قالدى، ھەتتا

ئۇنىڭ ھاياتىنىمۇ ئانچە ئويلاپ كەتمىدى، ئۇنىڭغا كىتى ئاشۇ چىدىغۇسىز ئازابتىن قۇتۇلسىلا بولاتتى.

— دوختۇر، بۇ نېمە بولغىنى؟ بۇ زادى نېمە ئىش؟ ئاھ، خۇدا! — سورىدى ئۇ ئۆيگە كىرىپ كەلگەن دوختۇرنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ.

— تۇگەشكە ئاز قالدى، — دېدى دوختۇر. ئۇ بۇ گەپنى ئېيتقاندا چىرايى جىددىي ھالەتتە بولغاچقا، ئۇنىڭ «تۇگەشكە ئاز قالدى» دېگەن سۆزىنى لېۋىن تۇگەپ كېتىشكە ئاز قالغان ئوخشايدۇ، دەپ قالدى.

ئۇ بۇ گەپنى ئاڭلاپلا، ھېچنېمىگە قارىماي كىتىنىڭ ھۇجرىسىغا ئۆزىنى ئاتتى ۋە بىرىنچى بولۇپ كۆرگەن ئادىمى لىزاۋېتا بولدى. ئۇنىڭ قوشۇمىسى تېخىمۇ تۈرۈلۈپ كەتكەن، ئۆڭى ئۆچۈپ ئادەم چىرايى قالمىغانىدى. كىتىنىڭ يۈزى كۆرۈنمەيتتى، يۈزىنىڭ ئورنىدا ئادەمنىڭ قورققۇسى كەلگۈدەك بىر نەرسە دەھشەتلىك چىرقىراپ تۇراتتى. لېۋىن كارىۋاتنىڭ تۇسۇق ياغىچىغا ئېسىلىپلا قالدى، يۈرىكى ئېتىلىپ چىقىپ كېتەيلا دەپ قىلىۋاتاتتى. ئۇ دەھشەتلىك ئاۋاز توختىماي دېمەيتتى، بارغانسېرى كۈچىيىپ كېتىۋاتاتتى، ھەتتا چېكىگە يەتكەنىدى. ئۇ ئاۋاز يەنە بىردىنلا توختاپ قالدى. لېۋىننىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەي تۇرۇپلا قالدى، لېكىن ئىشەنمەيمۇ بولمايتتى، پەقەت بوش ئىڭراش، كىيىملەرنىڭ شىلدىرلاشلىرى ۋە جىددىي نەپەس ئاۋازىلا قالغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇنىڭ ئۈزۈپ - ئۈزۈپ ئېيتقان، ھاياتىي كۈچكە تولغان «تۇگىدى» دېگەن مۇلايىم بىرلا ئاۋازى ئاڭلاندى.

لېۋىن بېشىنى كۆتۈردى. كىتىنىڭ ماغدۇرسىز ئىككى قولى يوتقان ئۈستىگە بوشلا تاشلاندى، تۈرقى شۇنچىلىك چىرايلىق، تىنچ ئىدى، لېۋىنغا سۆزسىز قاراپ ياتاتتى، كۈلگۈسى بار، كۈلەلمەيتتى.

لېۋىن يىگىرمە تۆت سائەتنى ئۆتكۈزگەن سىرلىق،

قورقۇنچلۇق ۋە غەلىتە بىر دۇنيادىن بىردىنلا ئىنسانلار دۇنياسىغا قايتىپ كەلگەندەك بولۇپ قالدى. بۇ دۇنيا ئۇنىڭغا تونۇشلۇق ئىدى، ئادەم كۆنەلمىگۈدەك دەرىجىدىكى يىگىچە بىر خىل بەخت نۇرى چاقناپ تۇراتتى. ئۇنىڭ شۇنچە ئۇزاق چىڭ تارتىلىپ تۇرغان يۈرەك تارىلىرى بوشاپ، كۈتۈلمىگەن خۇشاللىقتىن كۆزلىرى ياشقا تولۇپ، ۋۇجۇدى تىترەكتىن توختىماي، خىلى بىر چاغقىچە گەپ قىلالماي قالدى.

ئۇ كارىۋاتنىڭ بېشىغا كېلىپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ كىتىنىڭ قوللىرىنى لەۋلىرىگە چىڭ باستى. كىتىنىڭ بوش تەۋرىنىپ تۇرۇۋاتقان بارماقلىرى ئۇنىڭ سۆيۈشلىرىگە جاۋاب قايتۇرۇپ تۇراتتى. دەل شۇ چاغدا، كارىۋاتنىڭ ئاياغ تەرىپىدە تۇرغان لىزاۋېتانىڭ ئەپچىل قوللىرىدا خۇددى چىراغنىڭ لىپىلداپ تۇرغان نۇرىدەك بىر جانلىق نەرسە پىلتىڭلاپ تۇراتتى. ئۇ ئىلگىرى مەۋجۇت بولمىغان، ئەمما بۇنىڭدىن كېيىن بۇ دۇنيادا ياشاش هوقۇقى بار هەمدە ئۆزىنىڭ قىممىتىنى چۈشەنمىدىغان، ئۆزىنىڭ ئەۋلادلىرىنى دۇنياغا ئاپىرىدە قىلىپ تۇرىدىغان بىر جان ئىگىسى ئىدى.

— تىرىك ! تىرىك ! يەنە كېلىپ ئوغۇل ! ئەمدى خاتىرجەم بولۇڭلار ! — دېگەن ۋە لىزاۋېتا بوۋاقنىڭ دۇمبىسىگە شاپىلاقلاۋاتقان ئاۋازنى ئاڭلىدى لېۋىن.

— ئاپا، راستمۇ؟ — سورىدى كىتى.

كىنەز خانىم كىتىنىڭ سوئالىغا يىغلاپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى.

دەل شۇ چاغدا، خۇددى ئانىغا بېرىۋاتقان جاۋابتەك، ئۆينىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ، هۇجرىدا بوش سۆزلىشىۋاتقانلارنىڭ هېچقايسىسىنىڭ ئاۋازىغا ئوخشىمايدىغان بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. بۇ نەدىن چۈشكەنلىكى نامەلۇم يېڭى بىر ئىنساننىڭ دادىل، شىددەتلىك ۋە كۆكەرمىلىك بىلەن چىرقىرىشى ئىدى.

ئەگەر بۇنىڭدىن ئىلگىرىرەك بىرەرى لېۋىنغا كىتى ئۆلدى، ئەمدى سەنمۇ ئۆلۈشۈڭ كېرەك، ئىككىڭلارنىڭ بالىسى

پەرىشتىگە ئايلىنىپ كەتتى. ھازىر ئالدىغلاردا خودا تۇرۇپتۇ، دېگەن بولسا، ئۇ بۇ گەپكە ھەيران قالمىغان بولاتتى. ئەمدى ئۇ ھازىر رېئال دۇنياغا قايتىپ كېلىپ، كىتىنىڭ ئامان ـ ئېسەن ئىكەنلىكىنى، ئۆيىنى بېشىغا كىيىپ يىغلاۋاتقان كىچىككىنە جانلىقنىڭ ئۆزىنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى ناھايىتى تەستە چۈشەندى. كىتىنىڭ ھايات ئىكەنلىكى، پۈتۈن ئازابلاردىن قۇتۇلغانلىقى لېۋىننى ئالەمچە بەختكە چۆمۈلدۈردى، بۇنى ئۇ چۈشىنىپ تۇراتتى ھەم ئۇنىڭدىن شۇنچىلىك خۇشال ئىدى. لېكىن، ئۇ بالىچۇ؟ ئۇ نەدىن كېلىپ قالدى؟ كېلىپ نېمە ئىش قىلىدۇ؟ ئۇ كىم؟ ... بۇنى ئۇ زادىلا چۈشەنمەي قېلىۋاتاتتى ھەم بۇ ئىش ئۇنىڭغا غەلىتە تۇيۇلۇپ كېتىۋاتاتتى، قانداقتۇر ئارتۇقچە بىر نەرسىدەك تۇيۇلۇپمۇ تۇراتتى. شۇنداق خىياللار بىلەن ئۇ خېلى ۋاقىتقىچە ئۇنىڭغا ئۆگىنەلمىدى.

# 16

ئەتىگەن سائەت توققۇزدىن ئۆتكەندە، قېرى كىنەز، كوزنىشېف، ئوبلونسكىيلار لېۋىننىڭ كۇتۇپخانىسىدا تۇغۇت ھەم باشقا ئىشلار توغرۇلۇق پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشاتتى. لېۋىن ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ، ئۆتكەن ئىشلارنى — بۈگۈن ئەتىگەنگىچە بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى، تۈنۈگۈن مۇشۇ چاغدا ئۆزىنىڭ قانداق ئەھۋالدا ئىكەنلىكىنى ئەسلەپ، خۇددى ئۇ ئىشلارغا يۈز يىل بولغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدى. ئۆزىنى قانداقتۇر چىققىلى بولمايدىغاندەك بىر چوققىغا چىقىۋالغاندەك ئويلاپ، پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان بۇ كىشىلەرنى رەنجىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۇ چوققىدىن ئاستا چۈشۈشكە باشلىدى. لېۋىننىڭ قولىقى پاراڭدا، خىيالى خوتۇنى بىلەن بالىسىدا

ئىدى، خوتۇنى بىلەن بالىسىنى قانداق تۇرۇۋاتقاندۇ، دەپ ئويلايتتى ھەم ئۆزىنى ئوغلىنىڭ بار بولغانلىقىغا كۆندۈرۈشكە تىرىشاتتى. توي قىلغاندىن كېيىن ئايالى دۇنياسىغا بولغان چۈشەنچىسىگە يېڭى بىر مەزمۇن قېتىلغان بولسا، خوتۇنىنىڭ تۇغۇتىدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئورنى ئۇنىڭ ئېڭىدا مۆلچەرلىگۈسىز يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى. ئۇ ئۈچەيلەن ئەمدى تۈنۈگۈن كۇلۇبتا بولغان زىياپەت ئۈستىدە پاراڭلىشىۋاتاتتى، ئەمما ئۇ پاراڭلار ئۇنىڭ كاللىسىغا كىرمەيتتى: «كىتتىنىڭ ئەھۋالى قانداقكىن؟ ئۇخلاپ قالغانمىدۇ؟ ياخشى تۇرۇۋاتامدىغاندۇ؟ نېمىلەرنى ئويلاپ ياتىدىغاندۇ؟ ئوغلۇم دىمىترىي يىغلاۋاتامدىكىن؟» دېگەندەك خىياللار بىلەن بەند ئىدى. تېخى گەپنىڭ يېرىمى تۈگىمىگەنىدى، ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

— ئۇنىڭ يېنىغا كىرىشكە بولامدۇ، يوق، ماڭا خەۋەر قىلىشۋەتكىن، — دېدى قېرى كىنەز ئۇنىڭغا.

— بولىدۇ، مەن ھازىرلا قايتىپ چىقىمەن! — دېدى لېۋىن كىتتىنىڭ ھۇجرىسىغا قاراپ كېتىۋاتقان قەدىمىنى تېخىمۇ تېزلىتىپ.

كىتتى ئۇخلىمىغانىدى، بالىنى چوقۇندۇرۇشنىڭ ئىشلىرىنى ئاپىسى بىلەن بوش ئاۋازدا مەسلىھەتلىشىۋاتاتتى.

كىتتى ئوڭدىسىغا يېتىپتۇ، ناھايىتى چىرايلىق، رەتلىك تارانغان، بېشىغا چۆرىسىگە كۆك رەختتىن جىيەك تۇتۇلغان چىرايلىق پوسما كىيىۋاپتۇ، ئىككى قولى يوتقاننىڭ تېشىدا. ئېرىنى كۆزلىرى بىلەن قارشى ئېلىپ، ئۇنى ئۆزىگە تارتىپ كېلىشكە باشلىدى. ئەسلىدىلا نۇرلۇق كۆزلىرى لېۋىننىڭ يېقىنلىشىپ كېلىشى بىلەن تېخىمۇ نۇرلىنىپ كەتتى. چىرايىدا ئۆلۈمگە قاراپ كېتىۋاتقان ئادەمنىڭ باقىي ئالەم جەننىتىگە كىرىپ كېتىۋاتقان چاغدا چېھرىدە پاللىدە چاقناپ قالىدىغان نۇردەك بىر خىل سۈزۈكلۈك پەيدا بولدى. ئەلۋەتتە ئۇ ۋىدا

نۇرى، بۇ ۋىسال سۈزۈكلۈكى ئىدى. لېۋىننىڭ ۋۇجۇدىنى بوۋاق تۇغۇلۇۋاتقان شۇ بىر دەقىقە ئىچىدىكىدەك بىر خىل هاياجان يەنە چۇلغىۋالدى. كىتى ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، ئاخشام ئۇخلىغان ـ ئۇخلىمىغانلىقىنى سورىدى، لېۋىن كۆڭلىنىڭ بەكمۇ يۇمشاق ئىكەنلىكىنى، شۇڭا ئۆزىنىڭ بۇ سوئالغا جاۋاب بېرەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ، ئىتتىك باشقا ياققا قارىۋالدى.

— مەن بىهوش ئادەمدەك بولۇپ قالغانىدىم، كونستانتىن، — دېدى كىتى ئۇنىڭغا، — هازىر بىرئاز ياخشىمەن.

ئۇ ئېرىگە قاراپ تورۇۋېتىپ، بىردىنلا چىرايى ئۆزگىرىپ كەتتى.

— بالىنى ماڭا بېرىڭچۇ، — دېدى كىتى بالىنىڭ چىرقىراپ كېتىۋاتقىنىنى ئاڭلاپ، — ماڭا بېرىڭ، لىزاۋېتا، ئوغلىنى ئۇمۇ كۆرۈپ باقسۇن.

— ياخشى گەپ، دادىسىمۇ كۆرۈپ باقسۇن ـ دە، — دېدى لىزاۋېتا مىدىرلاپ تۇرغان قىپقىزىل غەلىتىلا بىر نېمىنى كۆتۈرۈپ لېۋىننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىۋېتىپ، — توختاڭ! ئاۋۋال ئۆزىمىزنى ئازراق تۈزەشتۈرۈۋالايلى، — لىزاۋېتا مىدىرلاپ تۇرغان ئۇ قىپقىزىل نەرسىنى كارىۋاتنىڭ ئۈستىگە قويۇپ يۆگەكلىرىنى ئاچتى، ئاندىن دۈم ياتقۇزۇپ دۈمبىسىنى ئۇپىلاپ بولۇپ قايتىدىن زاكىلاشقا باشلىدى.

لېۋىن بۇ بىچارە كىچىككىنە جان ئىگىسىگە قاراپ تۇرۇپ، يۈرىكىدىن ئۇنىڭغا بولغان ئاتىلىق مېهرىنى ئىزدەشكە باشلىغان، لېكىن تاپالمىغانىدى، پەقەت ئۇنىڭدىن يىرگىنىشلا بار ئىدى. ئەمدى هازىر لىزاۋېتا ئۇنىڭ يۆگىكىنى ئېچىۋىدى، بالىنىڭ زەپەرگە ئوخشاش كىچىككىنە قىزغۇچ بىلەكلىرى بىلەن پۇتلىرىنى، قوللىرى بىلەن پۇتلىرىدىكى ئۇششاق بارماقلىرىنى، باشمالتىقىنىڭ باشقا بارماقلىرىدىن روشەن پەرقلىق ئىكەنلىكىنى كۆردى ۋە تۇغۇت ئانىسىنىڭ ئۇنى قايتا زاكىلاۋاتقاندا كىچىككىنە يۇمران قوللىرىنى خۇددى پۇرژىنىغا

ئوخشاش ئىككى يېرىمغا تارتىپ مەھكەم يۆگەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا شۇنچىلىك ئىچى ئاغرىپ كەتتىكى، ئۇنىڭ بىر يەرلىرىنى سۇندۇرۇپ قويمىسا بولاتتى، دېگەن ئەندىشە بىلەن ئىختىيارسىز لىزاۋېتانىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى.

لىزاۋېتا ئۇنىڭ بۇ قىلىقىغا كۈلۈپ كەتتى.

— قورقماڭ، ھېچنېمە بولمايدۇ.

بوۋاق زاكىلىنىپ بولغاندىن كېيىن ناھايىتى چىڭ بىر قونچاققا ئوخشاپ قالدى. لىزاۋېتا خۇددى ئۆزىنىڭ ھۈنىرىنى كۆرسىتىۋاتقاندەك بالىنى قاتتىقراق بىر مىدىرلىتىپ قويۇپ، ئاندىن لېۋىننى ئوغلىنىڭ چىرايىنى تولۇق كۆرۈۋالسۇن، دېگەندەك قىلىپ ئۆزىنى چەتكە ئالدى.

كىتىمۇ بوۋاقتىن كۆزىنى ئالماي ئۇنىڭغا قىيا قاراپ ياتاتتى.

— ماڭا بېرىڭ! ماڭا بېرىڭ! — دېدى ئۇ، ھەتتا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتمەكچىمۇ بولدى.

— ۋۇي، كاتېرىنا ئالېكساندروۋنا، ئورنىڭىزدىن تۇرسىڭىز بولمايدۇ، بالىنى سىزگە مەن ئېلىپ بېرىمەن. بىزنىڭ بۇ ئەزىمەتنىڭ قانداق بىر يىگىت ئىكەنلىكىنى ئاۋۋال دادىسى كۆرۈپ باقسۇن.

لىزاۋېتا بالىنىڭ يۆگەكتىن ئازراقلا چىقىپ تۇرغان، مىدىرلاپ توختىمايۋاتقان بېشىنى تېگىدىن بىر قولىدا، ئاياغ تەرىپىدىن يەنە بىر قولىدا كۆتۈرۈپ لېۋىننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. بۇ قىپقىزىل نەرسىنىڭمۇ بۇرنى، ئادەمگە قىيا قارايدىغان كۆزلىرى، نەملىشىپ تۇرغان لەۋلىرى بار ئىكەنغۇ!

— قونچاقتەك قانداق چىرايلىق بالا بۇ! — دېدى لىزاۋېتا.

لېۋىن خۇددى كۆڭلى بىر نېمىدىن يېرىم بولۇۋاتقاندەك ئېغىر خورسىنىپ قويدى. چىرايلىق دېيىلىۋاتقان بۇ بالا ئۇنىڭ يۈرىكىدە يىرگىنىش ۋە ئېچىنىشلا قوزغاۋاتاتتى، ئۇنىڭ

كۆتكىنى پۈتۈنلەي بۆنداق تۇيغۇ ئەمەس ئىدى.

لىزاۋېتا بالىنىڭ ئاغزىنى ئۇ تېخى كۆنۈكمىگەن ئەمچەككە توغرىلىغاندا، لېۋىن ئارقىسىغا قارىۋالدى.

لېۋىن بىردىن كۆتۈرۈلگەن كۈلكىدىن بېشىنى كۆتۈرۈشكە مەجبۇر بولدى، كۈلگىنى كىتى ئىدى، بالا ئۇنى ئېمىشكە باشلىغانىدى.

— بولدى، بولدى، شۇمۇ يېتىدۇ، — دېدى لىزاۋېتا. لېكىن، كىتىنىڭ بالىنى بەرگۈسى يوق ئىدى. بالا ئۇنىڭ قۇچىقىدا ئۇخلاپ قالدى.

— مانا ئەمدى كۆرگىن، — دېدى كىتى بالىنىڭ يۈزىنى ئۇ تولۇق كۆرەلەيدىغان تەرەپكە توغرىلاپ. بالىنىڭ يۈزىنىڭ تېرىسى خۇددى قېرى ئادەمنىڭ يۈزىدەك قورۇق ئىدى، بالا چۈشكۈرۈۋەتتى.

لېۋىن كۈلۈمسىرەپ، كۆزلىرىگە لىق تولغان ھاياجان يېشىنى زورغا تۇتۇپ تۇرۇپ، خوتۇنىنى بىرنى سۆيۈپ قويدى ـ دە، گۈڭگا يورۇپ تۇرغان ئۆيدىن ئاستا مېڭىپ چىقىپ كەتتى.

ئۇ بۇ كىچىككىنە جان ئىگىسىگە بۇنداق تۇيغۇدا بولىمەن، دەپ ھەرگىز ئويلىمىغانىدى. بۇ تۇيغۇدا ھېچقانداق خۇشاللىق يوق، ئەكسىچە چىداپ بولمايدىغان بىرخىل ۋەھىمە مەۋجۇت ئىدى، بۇ ئارقىلىق ئۇ ئۆزىدە يەنە بىر جەھەتتىمۇ ئاجىزلىقنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بىلگەندەك بولدى. بۇ خىل تۇيغۇ دەسلەپتە ئۇنىڭدا ئىنتايىن كۈچلۈك بولدى، ئاشۇ كىچىككىنە ئاجىز تەننىڭمۇ بىر كۈنلەردە ئۆزىگە ئوخشاش جاپاكەش بولۇپ قېلىشى مۇمكىنلىكىنى ئويلاپ، ئۇ چۈشكۈرگەندە ئۆزىدە بىلىپ بولماس بىر خىل تەسەللى ۋە پەخىرلىنىش پەيدا بولۇۋاتقانلىقىنى سەزگەندەك بولدى، ئەمما بۇ سەزگۈمۇ ئۇنىڭ بايىقى ئېغىر خىياللىرىنى يەڭگىللىتەلمىدى.

# 17

ئوبلونسكىينىڭ ئىشى چاتاق ئىدى.

ئورماننى ساتقان پۇلنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى خەجلىنىپ بولدى، قالغان بىر قىسمىنىمۇ ئون پىرسەنت تۆۋەنلىتىپ بېرىش شەرتى بىلەن سودىگەر ئۇنىڭغا ئالدىن بېرىپ بولدى، ئەمدى سودىگەر ئۇنىڭغا بىر تىيىن بەرمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، دوللى، مېنىڭ ئۆز مۈلكۈمگە ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان ھوقۇقۇم بار، دەپ ئاشكارا باياناتا ئېلان قىلىپ، ئۈچتىن بىر قىسىم ئورماننىڭ سېتىلىپ پۇلنى ئېلىپ بولغان ھۆججىتىگە قول قويۇشنى رەت قىلدى. ئوبلونسكىينىڭ مائاشى تولۇقى بىلەن ئۆينىڭ خىراجىتىگە كېتىپ، كەينىگە سۈرۈۋېرىشكە بولمايدىغان پارچە ـ پۇرات قەرزلىرىنى تۆلەپ تۈگىتىشكە چارىسىز قېلىۋاتاتتى، يانچۇقى قۇرۇق يۈرۈۋاتاتتى.

بۇ بىر كۆڭۈلسىز ھەم سەت ئىش ئىدى، ئوبلونسكىينىڭ بۇ ئەھۋالغا چىداپ يۈرۈشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ چۈشىنىشىچە، بۇنىڭ سەۋەبى مائاشىنىڭ تۆۋەنلىكى ئىدى. خىزمەت ئورنى بەش يىلنىڭ ئالدىدا يامان ئەمەس ئىدى، ئەمدى ھازىر تىلغا ئالغۇچىلىكى يوقلا بولۇپ قېلىۋاتاتتى. پېتروف بانكىغا دىرېكتور بولۇپ، يىللىق مائاشى ئون ئىككى مىڭ، شۋېنتىتسكىن بىر شىركەتنىڭ لىدىرى بولۇپ، يىللىق مائاشى ئون يەتتە مىڭ ئىدى، مىتىن بانكا قۇرۇپ ئەللىك مىڭ رۇبلى ئېلىۋاتاتتى. «مەن ئۇخلاپ ياتقان ئوخشايمەن، ئۇ خەقمۇ ھەم مېنى ئۇنتۇپ قالدى» دەپ ئويلىدى ئوبلونسكىي ئۆزىدىنمۇ، باشقىلاردىنمۇ رەنجىپ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۇياق ـ بۇياققا قۇلاق سېلىپ، سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ، ئاخىر قىشنىڭ ئاخىرىدا

ناھايىتى ياخشى بىر ئورۇننىڭ بارلىقىنى بايقاپ قېلىپ، ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرى ئارقىلىق ئالدى بىلەن موسكۋادا ئىش باشلىدى، ئەتىيازغا بارغاندا شارائىت پىشىپ يېتىلىپ، ئۆزى يالغۇز پېتېربۇرگقا كەتتى. تاپقان ئورنى يىللىق مائاشى مىڭدىن ئەللىك مىڭغىچە بولغان راھەت ھەم ھەر تەرەپتىن دارامەت كېلىپ تۇرىدىغان ناھايىتى ياخشى ئورۇن بولۇپ، يېقىنقى يىللاردىن بېرى بۇنداق ئورۇنلار خېلىلا كۆپىيىپ قالغانىدى. ئۇ «جەنۇب تۆمۈريول بانكىسى كرېدىت بىرلەشمە شىركىتى» نىڭ دائىمىي ھەيئەتلىك ئورنى ئىدى. ئۇ ئورۇنمۇ شۇنىڭغا ئوخشىغان باشقا ئورۇنلاردەك، ئەتراپلىق بىلىمگە ئىگە، ئىنتايىن پائالىيەتچان ئادەملەرگە موھتاج ئىدى، ئەمما ھەر ئىككى تەرەپتىن ئۇنداق يېتىشكەن ئادەملەرنى تاپماق ناھايىتى تەس ئىدى. ئۇنداق ئادەمنى تاپالمىغان ھالەتتىمۇ، ئۇ ئورۇنغا يامان نىيەتلىك ئادەملەرنىڭ قويۇلۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، شەرتى توشمىسىمۇ دۇرۇس نىيەتلىك ئادەملەرنى تېپىپ قويسىمۇ بولاتتى، ئۇ ئادەم چوقۇم ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق ھالال ئىش قىلىدىغان ئادەم بولۇشى شەرت ئىدى. ئوبلونسكىي بەكمۇ بولمىسىمۇ، ھەرھالدا شۇ قاتاردا سانىلىدىغان، ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق دۇرۇس ئادەملەردىن ئىدى. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان «دۇرۇس» سۆزى شۇ چاغلاردا موسكۋادىكى يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر ئىچىدە دائىم دېيىلىپ تۇرىدىغان: دۇرۇس كارخانىچى، دۇرۇس يازغۇچى، دۇرۇس ژۇرنال، دۇرۇس ئورگان، دۇرۇس ئېقىم دېگەن گەپلەر بىلەن بىر مەنىدىكى گەپ ئىدى. بۇ گەپ يەنە دۇرۇس دەپ ئاتالغان بۇ ئادەم، بۇ ئورگانلار گېزى كەلگەندە ھۆكۈمەت بىلەن قارشىلىششقا جۈرئەت قىلالايدۇ، دېگەن مەنىدىمۇ چۈشىنىلەتتى. ئوبلونسكىي شۇنداق گەپلەرنى كۆپ قىلىدىغان يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر ئىچىدە ياشايتتى ھەم شۇلارنىڭ ئىچىدە دۇرۇس ئادەم سانىلاتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ بۇ ئورۇننى ئىگىلىشىدە ئۈمىد چوڭراق ئىدى.

بۇ خىزمەتنىڭ يىللىق مائاشى يەتتە مىڭدىن ئون مىڭغىچە ئىدى، يەنە تېخى ئەسلىدىكى خىزمىتىدىن قالماي، بۇ خىزمەتنى قوشۇمچە ئۆتەيتتى. ئۇنىڭ بۇ ئورۇنغا ئېرىشىش - ئېرىشەلمەسلىكى ئىككى مىنىستىر بىلەن بىر ئېسىلزادە خانىم ۋە ئىككى يەھۇدىيغا باغلىق ئىدى. ئۇ بۇلارنىمۇ توغرىلاپ بولغانىدى، شۇنداقتىمۇ پېتېربۇرگقا بىر بېرىپ كەلمىسە بولمايتتى. بۇنىڭدىن تاشقىرى، ئۇ سىڭلىسى ئانناغا كارېنىندىن نىكاھدىن ئاجرىشىش توغرۇلۇق ئېنىق جاۋاب ئېلىپ كېلىشكە ۋەدە قىلغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دوللىدىن ئەللىك رۇبلى ئېلىپ پېتېربۇرگقا قاراپ يولغا چىقىپ كەتتى.

ئوبلونسكىي كارېنىننىڭ كۇتۇپخانىسىدا ئۇنىڭ «رۇسىيە مالىيىسىنىڭ ناچارلاپ كېتىشىنىڭ سەۋەبلىرى» ئۈستىدە تىنماي سۆزلەپ كېتىۋاتقان دوكلاتىنى ئاڭلاپ ئولتۇراتتى، چاپسانراق سۆزىنى تۈگەتسە، ئۆزىمۇ ئۆزىنىڭ ھەم ئاننانىڭ ئىشلىرىنى سۆزلىشىۋالسام، دەپ تىت - تىت بولاتتى.

— توغرا، بۇ گەپلەرنىڭ ھەممىسى راست، — دېدى كارېنىن كىتاب كۆرگەن چاغلاردا تاقىۋالىدىغان كۆزەينىكىنى كۆزىدىن ئېلىپ، ئىلگىرىكى قېيناكىسىغا سوئال نەزىرى بىلەن قارىغان ئارىلىقتا ئوبلونسكىي، — ناھايىتى تەپسىلىي، توغرا يېزىلىپتۇ، ئەمما ھازىر ئەڭ كېرىكى ئەركىنلىك ئىدى.

— توغرا دەيسەن، بۇنىڭدا ئەركىنلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يەنە بىر مۇھىم مەزمۇنمۇ بار، — دېدى كارېنىن «ئۆز ئىچىگە ئالغان» دېگەن بۇ ئۈچ سۆزنى ئالاھىدە ئۇرغۇ بىلەن دەپ. ئۇ دوكلات ئىچىدىكى ئوبلونسكىي دېگەن گەپكە مۇناسىۋەتلىك ئابزاسنى ئوقۇپ بېرىش ئۈچۈن كۆزەينىكىنى يەنە تاقىدى.

كارېنىن خەتلىرى تولىمۇ ئېنىق، ئىككى تەرىپى خېلىلا بوش قالغان قوليازمىسىنى ۋاراقلاپ، ئۆزى قايىل قىلىش كۈچى كۈچلۈك دەپ قارىغان ئاشۇ بىر ئابزاسنى يەنە ئوقۇشقا باشلىدى.

— مەن شەخسلەرنىڭ پايدىسىنى كۆزلەپ ئەمەس، بەلكى ئومۇمنىڭ پاراۋانلىقى — تۆۋەن تەبىقىدىكىلەر بىلەن يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرگە بىردەك مۇئامىلە قىلىش كېرەكلىكىنى ئويلاپ، تاموژنا بېجىنى قوغداش سىياسىتىنى قوللىماي كېلىۋاتىمەن، — ئۇ شۇ گەپنى دەپ بولۇپ، كۆزىنىڭ ئۈستىدىن ئوبلونسكىيغا قاراپ قويدى، — لېكىن، ئۇلار بۇنى چۈشەنمەيۋاتىدۇ، ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتىنىلا ئويلاۋاتىدۇ، قۇرۇق گەپ سېتىشىۋاتىدۇ.

ئوبلونسكىي كارېنىن سۆزلەپ ئۇلارنىڭ — ئۆزى ئوتتۇرىغا قويغان پىلانلارغا قوشۇلماي، رۇسىيىدىكى بارلىق ئاپەتلەرنى پەيدا قىلىپ تۇرۇۋاتقان ئاشۇ يامان ئادەملەرنىڭ ئىدىيە ۋە ھەرىكەتلىرىگە كەلگەندە، ئۇنىڭ سۆزىنىڭ تۈگەشكە ئاز قالغانلىقىنى مۆلچەرلىدى - دە، ئۆزىنىڭ ئەركىنلىك توغرىسىدىكى سۆزىنىڭ مۇھىملىقىدىن ۋاز كېچىپ، ئۇنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسىگە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. كارېنىن ئۇقۇشتىن توختاپ، بىر ئىش ئۈستىدە ئويلاۋاتقاندەك ئولتۇرۇپ، قولىيازمىنى ۋاراقلىغىلى تۇردى.

— مۇشۇ پۇرسەتتە دەۋالاي، — دېدى ئوبلونسكىي، — ناۋادا پومورسكىي بىلەن ئۇچرىشىپ قالساڭ، مېنىڭ «جەنۇب تۆمۈريول بانكىسى كرېدىت بىرلەشمە شىركىتى» نىڭ دائىمىي ھەيئەتلىك ئورنىدا ئىشلىگۈمنىڭ بارلىقىنى دەپ قويساڭ.

ئوبلونسكىي خېلىدىن بېرى تەمە قىلىپ كېلىۋاتقان بۇ خىزمەت توغرۇلۇق تولا سۆزلەپ كەتكەچكە، گەپنى ناھايىتى ئېنچام، خاتاسىز دېدى.

كارېنىن ئۇنىڭدىن يېڭىدىن تەسىس قىلىنغان بۇ ئورۇننىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي سوراپ، ئاندىن چوڭقۇر خىيالغا كەتتى. ئۇ بۇ ئورۇننىڭ ئىشلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ پىلانىغا قارشى كېلىدىغان يەرلىرى بارمۇ، يوق، شۇنى ئويلاۋاتاتتى. لېكىن، ئۇ يېڭى ئورگاننىڭ ئىشلىرى بەكمۇ مۇرەككەپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنىڭ

پىلانىنىڭ چېتىلىدىغان دائىرىسى بەكمۇ كەڭ بولغاچقا، دەررۇ ھۆكۈم چىقىرىشقا ئامالسىز قېلىپ، كۆزىدىن كۆزەينىكىنى ئېلىپ، ئوبلونسكىيدىن سورىدى:

— مەن ئۇنىڭغا بۇ ئىلتىماسىڭنى دېسەم بولىدۇ، لېكىن نېمە ئۈچۈن بۇ ئورۇنغا قىزىقىپ قالدىڭ؟

— يىللىق مائاشى ياخشى، توققۇز مىڭ رۇبلىغا بارىدىكەن. مېنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىم ...

— توققۇزمىڭ رۇبلى، — كارېنىن قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ ئۇنىڭ سۆزىنى تەكرارلىدى. ئوبلونسكىي تەلەپ قىلىۋاتقان بۇنداق كۆپ مائاشلىق ئورۇن ئۇ ئۆزىنىڭ پىلانىدا تەكىتلىگەن ئىقتىسادچانلىق پرىنسىپىنىڭ ئاساسىي ماھىيىتىگە زىت ئىدى.

— مەن ھازىرقى يۇقىرى مائاش تۈزۈمىنىڭ ھۆكۈمىتىمىزنىڭ خاتا ئىقتىسادىي سىياسىتىنىڭ ئىپادىسى ئىكەنلىكى توغرۇلۇق بىر پارچە ماقالە يازغانمەن.

— ئۇنداق بولسا، سېنىڭچە قانداق قىلىش كېرەك ئىدى؟ — دېدى ئوبلونسكىي، — مەسىلەن، بىر بانكا باشلىقىنىڭ مائاشى ئون مىڭ رۇبلى بولغان بولسا، بۇ ئۇنىڭ قىلغان خىزمىتىگە ئەرزىيدىغان ھەق. يەنە مەسىلەن، بىر ئىنژېنېرنىڭ يىللىق مائاشى يىگىرمە مىڭ رۇبلى بولسا، بۇ ئۇنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىنىڭ ئىستىقباللىق مۇھىم خىزمەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

— مېنىڭچە، مائاشمۇ تاۋار ئۈچۈن تۆلىنىدىغان ھەق، شۇڭا بۇ ھەق تەلەپ قانۇنى تەرىپىدىن بەلگىلىنىشى كېرەك. ئەگەر مائاش بەلگىلىگەندە بۇ قانۇنغا سەل قارالسا، مەسىلەن، بىر ئىنستىتۇتنى بىللە پۈتكۈزگەن، بىلىم ۋە قابىلىيەتتە كۆپ پەرقلەنمەيدىغان ئىككى ئىنژېنېرنىڭ بىرى يىلىغا قىرىق مىڭ رۇبلى ئالسا، يەنە بىرى ئىككى مىڭ رۇبلى ئېلىپ شۇ مائاشقا قانائەتلەنسە، يەنە مەسىلەن، ھېچقانداق ئالاھىدىلىكى يوق بىر

ئادۋوكات بىلەن ئادەتتىكى بىر ئائىلىق ئەسكەر يوقىرى مائاش بىلەن بىر بانكىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەنسە، كىيىپ ئېيتالايمەنكى، بۇ خىل مائاش تەلەپ قانۇنى بويىچە ئەمەس، بەلكى ئوچۇقتىن - ئوچۇق شەخسىي مەنپەئەت يولى بىلەن بەلگىلەنگەن بولىدۇ. بۇ ئىنتايىن قەبىھ سۇيىئىستېماللىق قىلمىش، ھۆكۈمەت خىزمەتلىرىگە بەكمۇ زىيانلىق. مېنىڭ قارىشىمچە ...

ئوبلونسكىي دەررۇ كۈيئوغلىنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى:

— ئۇغۇ شۇنداق، ئەمما ھازىر ھۆكۈمەت دۆلەتكە پايدىلىق يېڭى ئورگانلارنى قۇرۇۋاتىدۇ. نېمىلا دەيلى، بۇنىڭ ھەممىسى ئىستىقبالى پارلاق ئىشلار. ھازىر ئەڭ مۇھىم بولۇۋاتقان ئىش چوقۇم ھالال ئىشلەش، — ئوبلونسكىي «ھالال ئىشلەش» دېگەن سۆزنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئېيتتى.

كارېنىن «ھالال ئىشلەش» دېگەن بۇ سۆزنىڭ موسكۋادا تارقىلىپ يۈرگەن مەنىسىنى ھازىرغىچە بىلمەيتتى.

— ھالال ئىشلەش دېگەن پاسسىپلىقنىڭ بىر خىل ئاملى، — دېدى ئۇ.

— بۇ گەپلەرنى قويۇپ، پۇرسەت چىقىپ قالسا پومورسكىيغا دەپ ماڭا بىر ياردەم قىلغىنا ...

— بۇ ئىش كۆپرەك بولگارىنوفقا باغلىقتۇ دەيمەن، — دېدى كارېنىن.

— بولگارىنوف تەرەپتىكىلەر تولۇق قوشۇلغان، — دېدى ئوبلونسكىي قىزىرىپ كېتىپ.

بولگارىنوفنىڭ گېپى چىققاندا ئوبلونسكىينىڭ قىزىرىپ كەتكىنى، بۈگۈن ئەتىگەندە ئۇ ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ يامان تەسىرات بىلەن قايتىپ كەلگەنىدى. ئوبلونسكىي ئۆزى تەلەپ قىلىۋاتقان خىزمەتنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى بار راۋۇرۇس خىزمەت ئىكەنلىكىگە چوڭقۇر ئىشەنگەن بولغاچقىلا، ئۇ يەھۇدىينىڭ ئۆيىگە بارغانىدى. لېكىن، ئۇ ئادەم ئۆزىگە ئوخشاش ئۇنىڭ قوبۇل قىلىشىنى ساقلاپ تۇرغان ئادەملەرنى قوبۇل

قىلماي، قوبۇلخانىسىدا ئىككى سائەت ساقلىتىپ قويغانىدى. شۇڭا، ئۇ ئىشنى ئويلىسىلا ئوبلونسكىينىڭ بەدىنى تىكەنلىشىپ كېتەتتى.

پادىشاھ رىيۇرىك ئەۋلادلىرىدىن بولغان ئوبلونسكىي ئۇ يەھۇدىينىڭ قوبۇلخانىسىدا ئىككى سائەت ساقلاپ ئولتۇرۇپ قالغىنى ئۇچۇنمۇ ياكى ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ يولىدىن چىقىپ، ھۆكۈمەتكە سادىق بولماي، ئۆز ئالدىغا يول ئىزدەپ ماڭغانلىقى ئۇچۇنمۇ، ئىشقىلىپ، ئۆزىنى تولىمۇ بىئارام سېزەتتى. ئوبلونسكىي بولگارىنوفنىڭ قوبۇلخانىسىدا كۈتۈپ ئولتۇرغان شۇ ئىككى سائەت ئىچىدە روھىنى چۈشۈرمەي، قوبۇلخانا ئىچىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ يۈرگەن، پات ـ پات بۇرۇتىنى تولغاپ، باشقا ئەرزچىلەر بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرغان، يەنە ئۆزىنى مەسخىرە قىلغاندەك قىلىپ: «يەھۇدىيغا مىنىڭ بىر ھاجىتىم چۈشتى، ئەپسۇس، كۆپ ساقلىتىپ ئىچىم پۇشتى» دەپ قوشاق قوشۇپ، شۇ ئارقىلىق بۇ يەردە ئولتۇرغانلارغا ھەم ئۆزىگە بۇ يەردە ئۇزاق ئولتۇرۇپ كېتىشنىڭ ئازابىنى سەزدۈرمەسلىكنى ئويلىغانىدى.

ئۇ شۇ ئىككى سائەت ئىچىدە بىئارام ھەم تىت ـ تىت بولۇپ ئولتۇردى. ئاخىر بولگارىنوف ئۇنى قوبۇل قىلغانمۇ بولدى. لېكىن، نېمە سەۋەبتىن ئىكەنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ، يا «يەھۇدىيغا مىنىڭ بىر ھاجىتىم چۈشتى، ئەپسۇس، كۆپ ساقلىتىپ ئىچىم پۇشتى» دېگەن چاقچاق گېپىنىڭ سەۋەبىدىنمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ، بولگارىنوف ئۇنىڭغا غەلىتىلا بىر سىپايىلىك بىلەن مۇئامىلە قىلدى، بۇ مۇئامىلىسىدىن ئوبلونسكىينى كەمسىتكەنلىكىدىن كۆرەڭلىگەندەك بىر خىل ھالەت كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئاخىرىدا ئۇ ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى. ئوبلونسكىي بۇ ئىشلارنى ئۇنتۇپ كېتىشنى ئويلاپ يۈرگەندە، كارېنىن ئۇنىڭ ئىسمىنى چىقىرىپ قالغانىدى، ئۇنىڭ قىزىرىپ كەتكىنى شۇنىڭدىن ئىدى.

# 18

— سەن بىلەن مەسلىھەتلىشىدىغان يەنە بىر ئىش بار ئىدى، ئاننانىڭ ئىشى، — دېدى ئوبلونسكىي ئاشۇ كۆڭۈلسىز ئىشنى كاللىسىدىن چىقىرىۋېتىشكە تىرىشىۋاتقاندەك ئېغىر تەلەپپۇزدا بېشىنى سەل سىڭارىيان قىلىپ.

ئوبلونسكىي ئاننانىڭ ئىسمىنى ئاغزىدىن چىقىرىشى بىلەن تەڭ، كارېنىنىنىڭ چىرايى ئۆزگەردى، بايىقى خۇشال كەيپىياتىدىن ھېچنېمە قالمىدى، ئۇنىڭ ئورنىنى ھارغىنلىق ۋە مۇردا رەڭگى ئىگىلىدى.

— سەن زادى مېنى نېمە قىل دەيسەن؟ — دېدى ئۇ ساپادا ئولتۇرغان قىياپىتىنى بىردىنلا ئۆزگەرتىپ ۋە قولىدا تۇتۇپ تۇرغان كۆزەينەكنى قوپاللىق بىلەن قاتلاپ.

— بىر قارارغا كەل، دېمەكچىمەن، قانداق قارار بولسا مەيلى، ئالېكسېي ئالېكساندروۋىچ. مەن (ئۇ ئۇنىڭغا «سېنى ھاقارەتلەنگەن ئەر دەپ ئەمەس» دېمەكچى بولۇۋىدى، لېكىن ئىشنى بۇزۇپ قويماي دەپ قورقۇپ، دەررۇ ئۇ گەپنى ئۆزگەرتىۋالدى)، سېنى دۆلەت ئەربابى دەپ ئەمەس (بۇ دېگىنىمۇ مۇۋاپىق ئەمەس ئىدى). بىر ئىنسان، ئاق كۆڭۈل بىر ئىنسان، خرىستىئان دەپ ئويلاپ، ساڭا مۇراجىئەت قىلىۋاتىمەن. ئۇنىڭغا ئىچىڭ ئاغرىسۇن.

— سەن زادى نېمە دېمەكچى؟ — پەس ئاۋازدا سورىدى كارېنىن.

— ئۇنىڭغا رەھىم - شەپقەت قىل، دېمەكچىمەن. سەنمۇ ماڭا ئوخشاش ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرگەن بولساڭ — ئۇ بىر قىش مەن بىلەن بىللە بولغان — شۇ چاغدا ئۇنىڭغا رەھىم قىلغان بولاتتىڭ. ئۇنىڭ ئەھۋالى ھەممە

تەرەپتىن ئېغىر، ئىنتايىن ئېغىر.

— مەن، — دېدى كارېنىن چىرقىراق ئاۋازى بىلەن جاۋاب بېرىپ، — ئاننا ئاركادىيېۋنانى ئارزۇسىغا يەتتى، دەپ ئويلايمەن.

— ياق، ئالېكسېي ئالېكساندروۋىچ، خۇدا ھەقىقەتەن بىر - بىرىڭلارغا ئۇنداق ئاداۋەت ساقلاپ يۈرمەڭلار. ئۆتكەن ئىش ئۆتتى، ئۇنىڭ ئۈمىد قىلىدىغىنىنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىش ئىكەنلىكىنى سەنمۇ بىلىسەن.

— لېكىن، مەن ئۇنىڭغا ئوغلۇمنى مېنىڭ ئىلكىمدە قالدۇرۇشنى شەرت قىلىپ قويسام، ئۇ ئاجرىشىشتىن ۋاز كېچىدۇ، دەپ ئويلىغان ۋە شۇ ئويۇم بويىچە ئۇنىڭغا جاۋابمۇ بەرگەن ھەم بۇ ئىشنى شۇنىڭ بىلەن پۈتتى، دەپ ئويلاپ يۈرەتتىم، ھازىرمۇ بۇ ئىشنى تۈگىگەن ئىش دەپ بىلىمەن، — دېدى كارېنىن يەنە شۇ چىرقىراق ئاۋازى بىلەن.

— خۇدا ھەققى، خاپا بولما، — دېدى ئوبلونسكىي كۆيئوغلىنىڭ تىزىغا بوش ئۇرۇپ قويۇپ، — ئىش تېخى تۈگىگىنى يوق، بۇ ئىشنىڭ جەريانىنى ساڭا ئەسلىتىپ قويۇشۇمغا ئىجازەت بەرگىن، ئىككىڭلار ئايرىلىپ كەتكەندە سەن ئۇنىڭغا دۇنيادا يوق كەڭ قورساقلىقنى قىلدىڭ، ئۇنىڭ ئەركىن يۈرۈش، ھەتتا نىكاھتىن ئاجرىشىش دېگەندەك تەلەپلىرىنىڭ ھەممىسىگە ماقۇل دېدىڭ، ئۇ سېنىڭ بۇ كەڭ قورساقلىقىڭدىن قاتتىق تەسىرلەندى. ياق، توختاپ تۇر، گېپىمگە قۇلاق سال. ئۇ ھەقىقەتەن سەندىن تەسىرلەندى، ئەڭ دەسلەپتە ئالدىڭدا ئۆزىنى ئەيىبدارمۇ سەزدى، ئەمما چوڭقۇر ئويلاپ كېتەلمىدى. ئۇ چاغدا ئويلاپ كېتىشمۇ تەس ئىدى، شۇڭا ھەممىدىن ۋاز كەچتى. لېكىن، رېئال تۇرمۇش بىلەن ۋاقىت ئۇنىڭ ئەھۋالىنىڭ ئىنتايىن ئازابلىق ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭغا بەرداشلىق بېرىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاپ قويدى ...

— مەن ئاننا ئاركادىيېۋنانىڭ تۇرمۇشىغا قىلچە قىزىقمايمەن، — دېدى كارېنىن قاشلىرىنى ئۈچۈرۈپ تۇرۇپ

ئۆنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ.

— مېنى كەچۈر، بۇ گېپىڭنىڭ راستلىقىغا مەن ئىشەنمەيمەن، — دېدى ئوبلونسكىي ئۇنىڭ بۇ سۆزىگە سىلىقلىق بىلەن ئېتىراز بىلدۈرۈپ، — ئۇ ئۆزىنىڭ ئەھۋالىدىن ئۆزىلا ئازابلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئازاب تارتىشىنىڭ باشقىلارغا قىلچە پايدىسىمۇ يوق. سەن ئۇنى قىلغانلىرى ئۆزىگە يېنىۋاتىدۇ، دەپ ئويلايدىغانسەن، بۇنى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ چۈشىنىدۇ ھەم سېنىڭدىن باشقا نەرسىمۇ تەلەپ قىلمايدۇ، تەلەپ قويۇشقا يۈزىمۇ چىدىمايدۇ. لېكىن، مەن، مېنىڭ ئائىلەمدىكىلەر ھەم ئۇنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەملەر سەندىن ئۆتۈنۈپ - ئۆتۈنۈپ سورايمىز: ئۇنىڭغا يول قوي. ئۇ نېمە ئۈچۈن بۇنداق ئازابنى تارتىشى كېرەك؟ ئۇنىڭ ئۇنداق ئازاب تارتىشىنىڭ كىمگە پايدىسى بار؟

— كەچۈرۈڭ، سىز مېنى ئەيىبدارنىڭ ئورنىغا قويۇپ تۇرۇپ گەپ قىلىۋاتقاندەك تۇرىسىز، — دېدى كارېنىن ئاستا سۆزلەپ.

— ياق، ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، مېنىڭ گېپىمنى چۈشەنگىن، — دېدى ئوبلونسكىي ئۇنىڭ قولىغا قولىنى تەگكۈزۈپ، خۇددى قولىنى تەگكۈزسە ئۇ يۇمشاپ قالىدىغاندەك، — مەن پەقەت ئۇنىڭ ئەھۋالى ئىنتايىن ئېغىر، ئۇنىڭ ئازابىنى پەقەت سەنلا يەڭگىللىتەلەيسەن، بۇنىڭدىن ساڭا زىيانمۇ كەلمەيدۇ، دېمەكچى. قالغان ئىشلارنى مەن ئۆزۈم ئورۇنلاشتۇرىمەن، ساڭا قىلچە ئېغىرچىلىق چۈشۈرمەيمەن، ئۆزۈڭمۇ بۇ توغرىدا ۋەدە بەرگەن.

— ئىلگىرى راست ۋەدە بەرگەنمەن. ئۇ چاغدا مەن ئوغلۇمنىڭ مەسىلىسى بىلەن ئىشلىرىمىز ھەل بولۇپ كېتىدۇ، دەپ ئويلاپتىكەنمەن. ئۇنىڭدىن باشقا، ئاننا ئاركادىيېۋنانى بۇ ئىشتا مەردلىك قىلىدۇ، دەپمۇ ئويلىغان ... — كارېنىننىڭ كالپۇكلىرى تىترەپ، چىرايى ئاقىرىپ، ئۇ گەپلەرنى ئارانلا دېيەلىدى.

— ھېلىمۇ ئۇ ئىشلار سېنىڭ كۆڭلۈڭنى كەڭ تۇتۇشۇڭغا قاراشلىق. ئۇ سەندىن پەقەت بىر نەرسىنى، يەنى بېشىغا كەلگەن مۇشۇ سەتچىلىكتىن ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇشىڭنىلا سورايدۇ. ئوغلىنى ئېلىشنى ئەمدى ئويلىمايدىغان بولدى. ئالېكسېي ئالېكساندروۋىچ، سەن ناھايىتى ئاق كۆڭۈل ئادەم. سەن ئۆزۈڭنى ئۇنىڭ ئورنىغا قويۇپ تۇرۇپ ئويلاپ باق، ئۇنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدا نىكاھتىن ئاجرىشىش ھايات ـ مامات مەسىلىسى بولۇپ قالدى. ئەگەر سەن باشتا ۋەدە قىلمىغان بولساڭ، ئۇ يېزىدا خاتىرجەم تۇرىۋەرگەن بولاتتى، سەن ۋەدە بەرگەن ھەم ئۇ ساڭا بۇ ھەقتە خەت يازغان بولغاچقا، ھازىر موسكۋاغا كۆچۈپ كەلدى. ئەمدى ھازىر موسكۋادا كىم بىلەن ئۇچراشسا يۈرىكىگە پىچاق سانجىلىۋاتقاندەك بولىدىكەن. ئۇنىڭ موسكۋاغا كەلگىنىگە ئالتە ئاي بولدى، ئالتە ئايدىن بېرى ھەر كۈنى سېنىڭ قارارىڭنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. بۇمۇ ئۆلۈمگە بۇيرۇلغان ئادەمنى بوينىغا سىرتماق سېلىپ بىر ئايغىچە دارنىڭ ئاستىدا تۇرغۇزۇپ قويغاندەك ئىش. ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ ئۆلۈشىنى ياكى كەچۈرۈمگە ئېرىششىنى بىلمىسە قانچىلىك ئازابلىنىدىغىنى ھەممىگە مەلۇم ئىشقۇ؟ ئۇنىڭغا رەھىم قىلغىن، قالغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزۈم ئورۇنلاشتۇرىمەن ... سېنىڭ ناھايىتى ئەستايىدىل ئادەم ئىكەنلىكىڭ ماڭا مەلۇم ...

— مەن بۇ توغرىدا، بۇ توغرىدا گەپ قىلىۋاتقىنىم يوق ... — كارېنىن ئۇنىڭ سۆزىنى نەپرەت بىلەن بۆلۈۋەتتى، — بەلكىم مەن ۋەدە قىلىشقا تېگىشلىك بولمىغان ئىشلارغا ۋەدە قىلغاندىمەن.

— ئۇنداق بولسا سەن بەرگەن ۋەدەڭگە پۇشايمان قىلىۋاتامسەن؟

— قولۇمدىن كېلىدىغان ئىشلارنىڭ ھېچقاندىقىنى رەت قىلمايمەن، لېكىن بېرىلگەن ۋەدىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئورۇندىلىدىغانلىقىنى ئويلاپ بېقىشىمغا ۋاقىت كېرەك.

— ئۇنداق دېمە، ئالېكسېي ئالېكساندروۋىچ! — دېدى ئوبلونسكىي ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ، — مەن بۇ گېپىڭنى ئاڭلاشنى خالىمايمەن. ئاياللارنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭدەك بەختسىز ئايال بولمىسا كېرەك، مۇشۇنداق بىر ئايال كىشىگە بەرگەن ۋەدەڭدىن يېنىۋالماسلىقىڭ ...

— مەن ۋەدە قىلغان ئىشىمنى ئورۇنديالىسام بولىدۇ. سەن ئەركىن پىكىرلىك ئادەملىكىڭ بىلەن نام چىقارغان ئادەم. ئەمما، مەن دىندار ئادەم بولغانلىقىم ئۈچۈن، بۇنداق مۇھىم ئىشتا خرىستىئان قانۇنىغا قارشى ئىش قىلالمايمەن.

— لېكىن، مېنىڭ بىلىشىمچە، بىزنىڭ خرىستىئان دىنىمىز نىكاھتىن ئاجرىشىشقا رۇخسەت قىلىدىكەن، — دېدى ئوبلونسكىي، — بىزنىڭ چېركاۋمۇ ئاجرىشىشقا يول قويىدۇ، بىزمۇ ...

— يول قويۇشى يول قويىدۇ، ئەمما سەن دېگەندەك ئەمەس.

— ئالېكسېي ئالېكساندروۋىچ، شۇ تۇرقىدا مەن سېنى تونۇماي قېلىۋاتىمەن جۇمۇ، — دېدى ئوبلونسكىي بىردەم جىمىپ كەتكەندىن كېيىن، — سەن خرىستىئان دىنىنىڭ روھى بويىچە ھەممە ئىشنى كەچۈرەتتىڭ ھەم قۇربان بېرىشتىنمۇ يانمايتتىڭغۇ؟ بىز ھەممىمىز سېنىڭ بۇ خىل روھىڭغا ئاپىرىن ئوقۇغان ئەمەسمىدۇق؟ سەن يەنە ئۆز ئاغزىڭ بىلەن، بىرەرى چاپىنىڭنى يەشتۇرۇۋالسا، ئۇنىڭغا كۆڭلىكىڭنىمۇ سېلىپ بەر، دېمىگەنمىدىڭ؟ ئەمدى ھازىر ...

— ئۆتۈنۈپ قالاي، — دېدى چىرايى تاتىرىپ، ئېڭەكلىرى تىترەپ كېتىۋاتقان كارېنىن بىردىن ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كېتىپ، يېقىمسىز چىرقىراق ئاۋازدا، — سەندىن ئۆتۈنۈپ قالاي ... بۇ گەپنى دېمىسەڭ.

— ياق، توختا! ئەگەر مۇشۇ گېپىم بىلەن دىلىڭنى رەنجىتكەن بولسام، مېنى ... مېنى كەچۈر، — دېدى ئوبلونسكىي سەل ئوڭايسىزلانغاندەك كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا قولىنى

سۇنۇپ، — ئەمما، مەن ئەلچى ئورنىدا ماڭا دېيىش تاپشۇرۇلغان گەپنى ساڭا دەپ قويدۇم.

كارېنىن ئۇنىڭغا قولىنى بېرىپ، سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— مەن ئۆزۈممۇ ئويلىنىپ، باشقىلاردىنمۇ سوراپ بېقىپ، ئۆگۈنلۈككە ساڭا ئاخىرقى جاۋابىمنى بېرەي، — دېدى.

# 19

ئوبلونسكىي ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا، كورنېي كىرىپ:

— سېرگېي ئالېكسېيىچ كەلدى ! — دېدى.

ئوبلونسكىي ئۇنىڭدىن: «سېرگېي ئالېكسېيىچ دېگەن كىم ئۇ؟» دەپ سوراي دەۋېتىپ، بىردىنلا ئۇنىڭ كىملىكىنى ئەسلەپ قالدى.

— ھە سېريوژامۇ ! — دېدى ئۇ، — مەن تېخى سېرگېي ئالېكسېيىچ دېسەڭ، ئۇنى بىر مىنىستىرمىكىن دەپ قاپتىمەن، — بىردىنلا ئۇ ئانىنىڭ ئۇنى كۆرۈپ كەلسەڭ، دېگىنىنى ئېسىگە ئالدى، — ئانىنا تېخى ئۇنى كۆرگەچ كەلگىن، دېۋىدى.

ئوبلونسكىي خوشلىشىدىغان چاغدا ئانىنانىڭ ئادەمنىڭ ئىچى ئاغرىغۇدەك بىچارە ھالەتتە سەل ئىزا تارتىپراق: «سەن ئۇنى كۆرمەي قالمايسەن، كۆرۈپ قالساڭ ئۇنىڭ نەدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى، كىم قاراۋاتقانلىقىنى تەپسىلىي بىلىپ كەلسەڭ. ئۇنىڭدىن باشقا، ستىۋا ... ئەگەر مۇمكىن بولسا ! سېنىڭچە، مۇمكىنغۇ ـ ھە؟» دېگەنلىكىنىمۇ ئەسلىدى. ئوبلونسكىي شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ «ئەگەر مۇمكىن بولسا» دېگەن گېپىنىڭ نېمىگە قارىتىلغانلىقىنى بىلگەنىدى. ئۇ ئاجرىشىش رەسمىيىتىنىمۇ ئۆتىگىلى بولسا ھەم ئوغلۇمنىمۇ ماڭا بۇيرۇپ

بەرسە، دېمەكچىدى ... ئوبلونسكىي بايا كارېنىن بىلەن سۆزلەشكەندىن كېيىن بۇ ئىشنى ئويلاشقىمۇ بولمايدىغانلىقىنى، جىيەن ئوغلىنى كۆرەلىگىنىگە خۇش بولسا بولىدىغانلىقىنى بىلىپ يەتكەنىدى.

كارېنىن ئوغلىغا ھازىرغىچە ئاپىسىنىڭ گېپىنى قىلىپ باقمىغانلىقىنى ئەسلىتىپ، ئوبلونسكىيدىن ئۇنىڭغا ئاپىسى توغرۇلۇق بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماسلىقنى سورىدى.

— ئۇ ئۆتكەن قېتىم ئاپىسى بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن قاتتىق ئاغرىپ كەتتى، بىز ئۇنداق بولار دەپ پەقەتلا ئويلىماپتىكەنمىز، — دېدى كارېنىن، — ھەتتا بىز ئۇنى ئۆلۈپ قالارمىكىن، دەپمۇ ئويلىغان. ھېلىمۇ ياخشى مۇۋاپىق داۋالاش ھەم يازدا دېڭىزدا سۇغا چۈمۈلدۈرۈش دېگەندەك ئۇسۇللار بىلەن سالامەتلىكى ئەسلىگە كېلىپ كەتتى. ھازىر مەن ئۇنى دوختۇرنىڭ مەسلىھەتى بىلەن مەكتەپكە ئاپىرىپ بەردىم. دوختۇر دېگەندەك، ساۋاقداشلىرى ئۇنىڭدا ناھايىتى ياخشى تەسىر قالدۇرغاچقىمىكىن، ھازىر سالامەتلىكى ئىنتايىن ياخشى، ئوقۇشىمۇ ئوبدان.

— پاھ، پاھ، ئاجايىپ كېلىشكەن يىگىت بوپتۇغۇ بۇ! ئەمدى ئۇنى سېرىيوژا ئەمەس، سېرگېي ئالېكساندروۋىچ دېسەك بولغۇدەك، — دېدى ئوبلونسكىي چىرايىدا خۇشال كۈلكە، ئۇستىگە كۆك كالتە چاپان، ئۇزۇن ئىشتان كىيىۋالغان، گەۋدىلىك، قاملاشقان بىر ئوغۇل بالىنىڭ مەزمۇت دەسسەپ كىرىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ. بالا ناھايىتى ساغلام، خۇشال كۆرۈنەتتى. ئۇ تاغىسىغا يوچۇن ئادەمگە سالام بەرگەندەك ئېگىلىپ سالام بېرىپ بولۇپ، بىردىنلا تاغىسىنى تونۇپ قالدى ـ دە، قىزىرىپ كەتتى ۋە بىر نېمىدىن رەنجىپ خاپا بولۇپ قالغاندەك، بۇرۇلۇپلا دادىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۆزىنىڭ ئىمتىھان قەغەزلىرىنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى.

— ھۇي، نەتىجىلىرىڭ ياخشىغۇ، — دېدى دادىسى، —

بوپتۇ، ئەمدى چىقىپ كەتسەڭ بولىدۇ.
— ئازراق جۇدەپتۇ، ئەمما بويى ئۆسۈپ چوڭلا بالا بولۇپ قاپتۇ، كۆرۈپ خۇشال بولدۇم، — دېدى ئوبلونسكىي، — مېنى تونۇدۇڭمۇ؟
بالا ئىتتىك دادىسىغا قارىدى.
— تونۇدۇم، تاغام، — دېدى ئۇ تاغىسىغا قاراپ قويۇپ. ئارقىدىن يەنە ئىتتىكلا يەرگە قارىۋالدى.
تاغىسى ئۇنى ئالدىغا چاقىرىۋېلىپ قولىنى تۇتتى.
— ھە، قانداقراق تۇرۇۋاتىسەن؟ — دېدى ئوبلونسكىي ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشقۇسى كېلىپ، لېكىن نېمە دېيىشنى بىلمىدى.
بالا قىزىرىپ، جاۋاب بەرمەي، قولىنى تاغىسىنىڭ قولىدىن ئاستا تارتتى، ئوبلونسكىي قويۇپ بەرگەندىن كېيىن دادىسىغا لەپپىدە بىر قاراپ قويۇپ، خۇددى قەپەستىن قۇتۇلغان قۇشتەك، ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.
سېرىيوژانىڭ ئاپىسىنى ئاخىرقى قېتىم كۆرگىنىگە بىر يىل بولۇپ قالغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئاپىسى توغرۇلۇق ھېچقانداق خەۋەر ئاڭلىمىدى. شۇ يىلىلا ئۇنى مەكتەپكە بېرىۋېتىشتى، مەكتەپتە نۇرغۇن ساۋاقداشلار بىلەن تونۇشتى ۋە ئۇلارنى ياخشى كۆردى. ئاپىسى بىلەن ئۇچراشقىنىدىن كېيىن ئاپىسىنى تولا ئويلاپ ئاغرىپ قالغان، شۇنىڭدىن كېيىن ئاپىسى توغرىسىدىكى ئۇ ئوي ـ خىياللارنى كاللىسىدىن چىقىرىۋەتكەن، ئۇ خىياللار كاللىسىغا كېلەر ـ كەلمەيلا، خىيالىدىن نېرى قىلىشقا تىرىشىپ، ئۇنداق ئويلارغا بېرىلىش نومۇس ئىش، قىز بالىنىڭ ئىشى، ئوغۇل بالىغا، ئوغۇل ساۋاقداشلارغا لايىق ئەمەس، دەپ ئويلايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ دادىسى بىلەن ئاپىسىنىڭ ئۇرۇشۇپ قېلىپ ئايرىلىپ كەتكەنلىكىنى، ئەمدى ئۆزىنىڭ دادىسىنىڭ يېنىدا تۇرۇشى كېرەكلىكىنى بىلگەنىدى، شۇڭا ئۆزىنى بۇ ئەھۋالغا كۆندۈرۈشكە تىرىشاتتى.

چىرايى ئاپىسىغا ئوخشايدىغان تاغىسىنى كۆرگىنى ئۇنىڭ كۆڭلىنى خىرە قىلىپ قويدى، چۈنكى بۇ ئۇچرىشىش ئۇ ئۇيات ئىش دەپ ھېسابلىغان خاتىرىلەرنى يادىغا سالغانىدى. بولۇپمۇ بايا ئۇ دادىسىنىڭ كۇتۇپخانىسىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە ئاڭلىغان بەزى گەپلەردىن، خۇسۇسەن دادىسى بىلەن تاغىسىنىڭ چىرايلىرىدىن ئۇ ئىككىسىنىڭ ئاپىسى توغرۇلۇق گەپ قىلىشىۋاتقانلىقىنى بىلگەن ۋە بۇ ئىش ئۇنىڭ كۆڭلىنى تېخىمۇ خاپا قىلغانىدى. سېرىيوژا دادىسىنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋاتقىنىنى، بۇنىڭدىن كېيىن تامامەن دادىسىغا تايىنىپ ياشايدىغانلىقىنى ئويلاپ، بولۇپمۇ ئۆزى ئۈچۈن ئۇيات ھېسابلىغان ئاشۇ ئوي - خىياللارنىڭ ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ قالماسلىق ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ كۆڭۈل خاتىرجەملىكىنى بۇزغىلى كەلگەن بۇ تاغىسىغا ئامال بار قارىماسلىققا ۋە ئۇنىڭ كېلىشى بىلەن ئەسكە سېلىنغان خاتىرىلەرنى خىيالىدىن قوغلاشقا تىرىشتى.

لېكىن، ئۇنىڭ كەينىدىنلا ئۇزاپ چىققان تاغىسى ئۇنى پەلەمپەيدە كۆرۈپ چاقىرىۋېلىپ، ئۇنىڭ دەرستىن سىرت ۋاقىتلىرىنى قانداق ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى سورىغاندا، دادىسى يېنىدا بولمىغاندىكىن، سېرىيوژا تاغىسى بىلەن پاراڭلاشتى.

— بىزنىڭ ھازىر ھەممىمىز ئوينايدىغان تۆمۈريول ئويۇنىمىز بار، — دېدى ئۇ تاغىسىغا جاۋاب بېرىپ، — قانداق ئوينايدىغىنىمىزنى بىلەمسەن؟ ئىككى بالا ئۇزۇن ئورۇندۇقتا ئولتۇرىدۇ، ئۇلار يولۇچىلار، يەنە بىر بالا ئورۇندۇقتا ئۆرە تۇرىدۇ، قالغانلىرىمىز پويىزنى سۆرەيدىغانلار. قولىمىز بىلەنمۇ، بەلباغلىرىمىز بىلەنمۇ سۆرەيمىز، ھەممە زاللاردىن غىرسىلدىتىپ سۆرەپ ئۆتىمىز، ئىشىكلەر ئالدىن ئېچىپ قويۇلغان بولىدۇ. بىزنىڭ بۇ ئويۇنىمىزدا پويىز خىزمەتچىسى بولماق ھەممىدىن تەس.

— ئورۇندۇقتا تىك تۇرىدىغىنى شۇمۇ؟ — سورىدى

ئوبلونسكىي كۆلۈپ كېتىپ.

— ھەئە. ئۇ باتۇر ھەم چەبدەس بولۇشى كېرەك، بولۇپمۇ جىددىي تورمۇز قىلغان، بىرەر ئادەم يىقىلىپ چۈشكەن چاغلاردا.

— راست، بۇ ئوينىشىدىغان ئىش ئەمەس، — دېدى ئوبلونسكىي ئۇنىڭ ئاپسىنىڭكىگە قويۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان، ئەمما بالىلارچە ساددىلىقى يوقالغان نۇرلۇق كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ. ئۇ كارېنىنغا ئانا توغرۇلۇق بالىغا ھېچنېمە دېمەسلىككە ۋەدە بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن چىداپ تۇرالمىدى.

— ئاپاڭ يادىڭدا بارمۇ؟ — سورىدى ئۇ تۇيۇقسىزلا.

— ياق، يادىمدا يوق، — دەپ تېزلا جاۋاب بەردى سېريوژا قىزىرىپ كېتىپ، ئاندىن ئىتتىك يەرگە قارىۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن تاغىسى ئۇنىڭ ئاغزىدىن بىر ئېغىزمۇ گەپ ئالالمىدى.

يېرىم سائەتتىن كېيىن ئۇنىڭ سلاۋيان ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى ئۆزىنىڭ ئوقۇغۇچىسىنى پەلەمپەيدە كۆرۈپ، ئۇنىڭ يا تېرىكىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى، يا يىغلاۋاتقانلىقىنى بىلەلمىدى.

— ھۇي، نېمە بولدۇڭ؟ قاتتىق يىقىلغان ئوخشايسەن - ھە، شۇنداقمۇ؟ — سورىدى مۇئەللىمى، — مەن ساڭا بۇ ئويۇننىڭ خەتەرلىكلىكىنى نەچچە قېتىم دېگەن. ئەمدى بېرىپ مۇدىرغا دېمىسەم بولمىدى.

— قاتتىق يىقىلغان بولسام ھېچكىمگە سەزدۈرمىگەن بولاتتىم، بۇ تۇرغان گەپ.

— ئەمىسە ساڭا نېمە بولدى؟

— سورىمايلا قويى! يادىمدا بارمۇ، يوقمۇ ... ئۇنىڭ نېمە ئىشى؟ مەن نېمىدەپ ئۇنى يادىمدا تۇتقۇدەكمەن، — ئەمدى ئۇ ئائىلە ئوقۇتقۇچىسىغا ئەمەس، پۈتۈن دۇنياغا قاراپ سۆزلەۋاتاتتى.

# 20

ئوبلونسكىي ھەرقاچانقىدەك پېتېربۇرگدىكى ۋاقتىنى بىكار ئۆتكۈزمىدى. پېتېربۇرگقا كەلگەندىن كېيىن سىڭلىسىنىڭ نىكاھتىن ئاجرىشىش رەسمىيىتى بىلەن ئۆزىنىڭ خىزمەت ئىشىغا مېڭىشتىن تاشقىرى — ئۆزىنىڭ گېپى بويىچە — ھاۋا يەڭگۈشلەپ، موسكۋانىڭ بۇرۇقتۇرما تۇرمۇشىنى ئازراق بولسىمۇ ئۇنتۇش، ئازراق روھلىنىۋېلىش كېرەك ئىدى.

گەرچە موسكۋادىمۇ *رېستورانلار، قەھۋەخانىلار،* ئاممىۋى قاتناش پەيتۇنلىرى بار بولسىمۇ، ئوبلونسكىينىڭ ھېس قىلىشىچە، يەنىلا زېرىكىشلىك، مەززىسى يوق ئىدى. ئۇ موسكۋادا، بولۇپمۇ ئۆز ئائىلىسىدە تۇرىۋەرسە روھسىزلىنىپ، خاپىغان بولۇپ قالاتتى. موسكۋادا ئۇزاققىچە ھېچ ياققا چىقماي ياشاپ كېلىۋاتقاچقا، خوتۇنىنىڭ تۇڭلۇقلىرى، كوتۇلداشلىرى، بالىلارنىڭ سالامەتلىكى، ئوقۇشى، خىزمەتتە ئۇچرايدىغان خىلمۇ خىل ئىشلار، قەرز سۈيلەپ كېلىشلەر جېنىغا تەگكەنىدى. لېكىن، پېتېربۇرگقا كېلىپ، ئۆزى ياخشى ئارىلىشىدىغان، موسكۋادىكىلەرگە ئوخشاش ھەۋەسسىز ياشىماي، ھاياتنى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتقان يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر ئارىسىدا ياشاشقا باشلىشى بىلەنلا، ھەممە غەملىرى، ئىچ پۇشۇقلىرى بىراقلا كۆتۈرۈلۈپ كېتەتتى.

خوتۇنچۇ؟ ... بۈگۈن ئۇ كىنەز چېچېنسكىي بىلەن مۇشۇ ئىش توغرۇلۇق پاراڭلىشىپ قالدى. كىنەز چېچېنسكىينىڭ ئائىلىسى بار ئىكەن، ئوغلى چوڭ بولۇپ پاژ ھەربىي مەكتىپىگە ئوقۇشقا كىرىپتۇ. لېكىن، ئۇنىڭ قانۇنسىز يەنە بىر ئائىلىسىمۇ بار بولۇپ، ئۇ ئايالدىنمۇ بالىسى بار ئىكەن. بىرىنچى

ئائىلىسىدىن ئۇ ھەرھالدا رازى ئىكەن، ئەمما ئىككىنچى ئائىلىسىدىن كۆڭلى سۇ ئىچمىدىكەن. ئۇ چوڭ ئوغلىنى ئۇ ئائىلىسىگە باشلاپمۇ بېرىپتۇ. ئۇنىڭ ئوبلونسكىيغا دېيىشىچە، بۇنداق قىلىش ئوغلى ئۈچۈن پايدىلىق ئىكەن، تۇرمۇش تەجرىبىسى ئاشىدىكەن. ئەگەر موسكۋادا مۇشۇنداق ئىشنى قىلىدىغان بولسا خەقلەر نېمىلەرنى دېمەيدۇ؟

بالىلارچۇ؟ پېتېربۇرگدا بالىلار دادىلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا كاشىلا بولمايدۇ، مەخسۇس مەكتەپلەردە ئوقۇيدۇ، موسكۋادىكىدەك — لۋوفلارنىڭ ئائىلىسىدىكىدەك — تۇرمۇشنىڭ ھەممە ھۇزۇر ـ ھالاۋىتىنى بالىلار كۆرۈشى كېرەك، ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرى ئۈچۈن يىللاپ جاپا چەكسە، غەم ـ قايغۇلارغا چۆكسە ھېچ گەپ يوق، دەيدىغان سەپسەتە بۇ يەردە يوق، ھەممە ئادەم، بولۇپمۇ تەربىيە كۆرگەن مەدەنىيەتلىك ئادەملەر ئادەم ئۆزى ئۈچۈن ياشىشى كېرەك، دەپ بىلىدۇ.

خىزمەتچۇ؟ بۇ يەردە خىزمەتتىمۇ موسكۋادىكىدەك ئۇنداق مۇشەققەت ۋە تىنىمسىزلىق يوق. ئادەم ھەر خىل ھوقۇق تۇتقان ئادەملەر بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرالايدۇ، پۇرسەت كەلسە ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ قويسا، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان گەپلەرنى قىلسا، ھەر خىل ئادەملەرگە ئۆزىگە يارىشا مۇئامىلە قىلىشنى بىلسە، ئۇنداق ئادەملەرنىڭ خىزمىتى ناھايىتى تېز ئۆسۈپ، ئوبلونسكىي تونۇغۇن كۆرۈشكەن برانتسېفقا ئوخشاش خېلى چوڭ مەنسەپلەرگىمۇ ئولتۇرالايدۇ.

پېتېربۇرگلۇقلارنىڭ پۇلغا بولغان قارىشى ئوبلونسكىيغا بەكمۇ ياقاتتى. بارتنەنسكىي — ئۇ ئۆزىنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى بويىچە يىلىغا ئەللىك مىڭ رۇبلى خىراجەت قىلاتتى، — ئۇنىڭغا ناھايىتى ياخشى گەپلەرنى قىلدى.

چۈشلۈك تاماقنىڭ ئالدىدا سۆزلىشىپ ئولتۇرۇپ، ئوبلونسكىي بارتنەنسكىيغا شۇنداق دېدى:

— سەن موردۋىنسكىي بىلەن يېقىنغۇ دەيمەن؟ ماڭا ياردەم

قىلىپ، ئاشۇنىڭغا مەن توغرۇلۇق ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ قويساڭ. بىر ئورۇن بار ئىدى، شۇ ئورۇننى ئالسام دېۋىدىم، جەنۇب تۆمۈريول ...

— بولدى، ئۇ يەرنىڭ ئىسمىنى دېمەيلا قوي، بەربىر ئېسىمدە تۇرمايدۇ ... تۆمۈريول شىركىتىدىكى شۇ ئىشنى دەپ نېمىشقا ئۇ يەھۇدىينىڭ ئالدىغا باردىڭ؟ ... نېمە دېسەڭ دېگىن، ئۇ بىر ئىپلاس جاي.

ئوبلونسكىي ئۇ جايدىكى ئىشلارنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى توغرۇلۇق ئۇنىڭغا ئارتۇق گەپ قىلمىدى، چۈنكى بارتنەنسكىي بەربىر چۈشەنمەيتتى.

— ماڭا پۇل لازىم بولۇپ قالدى، پۇل بولمىسا جان باققىلى بولمايدىكەن.

— مانا، بىر ئوبدان ياشاۋېتىپسەنغۇ؟

— ياشاۋاتقىنىم بىلەن قەرزگە بوغۇلۇپ كەتتىم.

— راستمۇ؟ قانچىلىك قەرزىڭ بار؟

— ئىنتايىن كۆپ، يىگىرمە مىڭچە كېلەر.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ بارتنەنسكىي كۈلۈپ كەتتى.

— هە ! ئۇنداق بولسا سەن بەختلىك ئادەم ئىكەنسەن، — دېدى ئۇ، — مېنىڭ بىر يېرىم مىليون قەرزىم بار، قولۇمدا بىر تىيىنمۇ پۇلۇم يوق، ئەمما كۆرۈپ تۇرۇپسەن، يەنە شۇنداق ياخشى ياشاپ يۈرۈپتىمەن.

ئوبلونسكىي ئۇنىڭ ئەھۋالىنى باشقىلاردىنلا ئاڭلاپ قالماي، ئۆز كۆزى بىلەنمۇ كۆرگەن بولغاچقا، بۇ گېپىنىڭ راستلىقىغا ئىشەندى. ژىۋاخوف ئۈچ يۈز مىڭ قەرزدار ئىكەن، قايتۇرۇشقا بىر تىيىنى بولمىسىمۇ ياشاپ يۈرۈپتۇ، ياشىغاندىمۇ شۇنداق ئوبدان يەنە. خەقلەرنىڭ گراف كرىۋتسوفنى گاڭسا ـ جىسا بولۇپ كەتتى، دېگىنىگىمۇ ئۇزاق بولغان، ئۇ ئەنە ئىككى ئاشنىسىنى بېقىپ يۈرۈۋېتىپتۇ. پېترووۋسكىي بەش مىليوننى بۇزۇپ ـ چېچىپ تۈگىتىۋەتكەنىدى، يەنە شۇنداق ھەشەمەت ئىچىدە ياشاۋاتامدۇ؟ يەنە تېخى مالىيە مىنىستىرلىقىنىڭ خىزمىتىگە

مەسئۇل، يىلىغا يىگىرمە مىڭ رۇبلى مائاش ئالىدىكەن. بۇنىڭدىن تاشقىرى، پېتېربۇرگنىڭ ھاۋاسى ئوبلونسكىيغا ياقاتتى. ئۇزاقراق تۇرۇپ قالسا ياشىرىپمۇ قالاتتى تېخى. موسكۋادىكى چېغىدا ئۇ چېكە چاچلىرىغا ئاق چۈشۈپ قالغانلىقىنى بايقىغان، چۈشتە ئۇخلاپ قوپقاندا ماغدۇرى يوق، پەلەمپەيدىن ئاران چىقىپ چۈشەتتى، ياش چوكانلارغا ئانچە قىزىقمايدىغان، تانسىنىمۇ ئۇنچىلىك ئويناپ كەتمەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. پېتېربۇرگقا كېلىپلا ئۆزىنى ئون ياش ياشىرىپ قالغاندەك ھېس قىلىپ قالدى.

ئۇنىڭ پېتېربۇرگدىن ئالغان تەسىراتى يېقىندىلا چەت ئەلدىن قايتىپ كەلگەن ئاتمىش ياشلىق گراف پيوتر ئوبلونسكىينىڭ تۇنۇگۈن ئۇنىڭغا دېگىنىدەك ئىدى.

— بىز بۇ يەردە ياشاشنى بىلمەيدىكەنمىز، — دېگەنىدى پيوتر ئوبلونسكىي، — سەندىن يوشۇرمايمەن، يازدا بادېندا بولۇپ، ئۆزۈمنى ياش يىگىتلەردەك سېزىدىغان بولدۇم. كېلىشكەن ياش جۇۋانلارنى كۆرۈپ قالسام، ئاللىقانداق خىياللارغا كېتىمەن ... تاماق يەپ بولۇپ ئازراق ئىچىۋالىدىغان بولسامغۇ، بولدى، روھىم ئۇرغۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم كۈچكە تولۇپ كېتىۋاتقاندەك بولۇپ قالىمەن. رۇسىيىگە قايتىپ كېلىپ خوتۇنۇم بىلەن بىللە يۈرۈپ، يەنە يېزىمىزغا كېتىپ، دېسەم ئىشەنمەسسەن، ئىككى ھەپتە ئۆتەر - ئۆتمەيلا كىيىملىرىمنى كىيىشكىمۇ ھورۇنلۇق قىلىدىغان، بەزىدە كېچىلىك كىيىملىرىم بىلەنلا تاماققا چىقىدىغان بولۇپ قالدىم. ياش جۇۋانلارغا قاراش دېگەنغۇ قالدى! سېپى ئۆزىدىن بوۋايغا ئايلىنىپ قالدىم، ئاغزىمدىن خۇدا چۈشمەيدۇ. كېيىن پارىژغا بېرىۋىدىم، يەنە باشقىدىنلا جانلىنىپ، ئۆزۈمنى ياشىرىپ قېلىۋاتقاندەك سەزدىم.

ئوبلونسكىينىڭ بۇ جەھەتتىكى تەسىراتى پيوترنىڭكى بىلەن ئوخشاش ئىدى. ئۇمۇ موسكۋادىكى چېغىدا ئاشۇنداق بوشىشىپ كەتكەنىدى، ئەگەر ئۇ يەردە يەنىمۇ ئۇزاقراق تۇرۇپ قالغان بولسا، راستىنلا خۇدا دەپ ئولتۇرىدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ

قالغانمۇ بولاتتى. پېتېربۇرگقا كېلىپلا ئۆزىنى يەنە ياش ۋاقتىغا قايتىپ قالغاندەك ھېس قىلىشقا باشلىدى.

كىنەز بېتسى خانىم بىلەن ئوبلونسكىينىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇزاقتىن بېرى تولىمۇ غەلىتە بىر خىل مۇناسىۋەت داۋاملىشىپ كېلىۋاتاتتى. ئوبلونسكىي بېتسىغا ھەر خىل چاقچاقلارنى قىلاتتى، بەزى ئەدەپسىز گەپلەرنىمۇ قىلىپ قوياتتى، بېتسىمۇ ئۇنىڭ شۇنداق گەپلىرىنى، چاقچاقلىرىنى ياقتۇراتتى، بۇنى ئوبلونسكىي بىلەتتى. ئۇ كارېنىن بىلەن كۆرۈشكەن كۈنىنىڭ ئەتىسى بېتسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۆزىنى باشقىدىن ياشىرىپ قالغاندەك ھېس قىلدى، قىلىقسىزلىقلىرى، يالغان ئېيتىشلىرى ھەددىدىن شۇنچىلىك ئېشىپ كەتتى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ بېتسىنى ئۇنچىلىك ياخشى كۆرۈپ كەتمەيتتى، ھەتتا بەزىدە ئۇنىڭدىن بىزارمۇ بولاتتى. ئۇلار شۇنداق گەپلەردىن باشقىغا تىلى كەلمەيدىغاندەك سۆزلىشەتتى، چۈنكى بېتسى ئۇنىڭ ئۆزىگە ھەم ئاشۇنداق گەپلىرىگە ئامراق ئىدى. شۇ ئارىدا كىنەز مياگكايا خانىم كېلىپ قېلىپ ئىككىسىنىڭ پارىڭى ئۈزۈلۈپ قالدى، ئوبلونسكىي ئۇنىڭ كەلگىنىدىن خۇشال بولدى.

— ھە، سىزمۇ بۇ يەردە ئىكەنسىز - دە، — دېدى كىنەز مياگكايا خانىم ئوبلونسكىينى كۆرۈپ، — ھە راست، سىزنىڭ ھېلىقى بىچارە سىڭلىڭىزنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟ سىز ماڭا بۇنداق قارىماڭچۇ! — گەپ ئارىلىقىدا شۇ گەپنى قوشۇپ قويدى ئۇ، — بارلىق ئادەملەر، ئۇنىڭدىن مىڭ ھەسسە ئەسكى ئادەملەر ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىشقا باشلىغان چاغدىن باشلاپلا، مەن ئۇنى ئاجايىپ چىرايلىق ئىش قىلدى، دەپ ئويلىغان. مەن ۋرونسكىينى ھەرگىز كەچۈرمەيمەن، چۈنكى ئۆتكەندە ئانىنا پېتېربۇرگقا كەلگەندە ئۇ ماڭا ئۇنىڭ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلىپ قويماپتۇ. خەۋەر تاپقان بولسام، ئۇنى ئېلىپ ھەممە يەرگە بېرىپ كەلگەن بولاتتىم. ئۇنىڭغا سالىمىمنى چوقۇم يەتكۈزۈپ قويۇڭ. ئەمدى سىز ماڭا ئۇنىڭ ئەھۋالى توغرۇلۇق سۆزلەپ

بىرىڭچۇ.

— راست، ئۇنىڭ ئەھۋالى بەك ئېغىر. ئۇ ... — ئوبلونسكىي تولىمۇ ساددا بولغاچقا، مىياگكايا «سىڭلىڭىزنىڭ ئەھۋالى توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرىڭ» دېسىلا، ئۇنىڭ گېپىنى راست ئوخشايدۇ دەپ ئىشىنىپ قېلىپ، ئانىنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەشكە باشلىۋىدى، مىياگكايا كىنەز خانىم شۇئان ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، ئۆزىلا سۆزلەپ كەتتى.

— ئۇنىڭ قىلغىنى باشقىلارنىڭ — مەن ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەمەس — قىلغانلىرى بىلەن ئوخشاشلا ئىش، ئەمما ئۇلار ئوغرىلىقچە قىلغان، ئۇ بولسا باشقىلارنى ئالداشنى خالىماي ئاشكارا قىلغان. ئۇ شۇنداق قىلىپ ياخشى قىلدى. ئۇنىڭ سىزنىڭ ئاۋۇ كۇيئوغلىڭىزنى تاشلىۋەتكىنى زەپ ئوبدان بولدى ـ دە. مېنى ئەيىبكە بۇيرۇماڭ، ئۇنى باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئەقىللىق دېيىشىپ كېتەتتى، بىر مەنلا دۆت دەيتتىم. ئەمدى ھازىر ئۇ لىدىيە بىلەن ئاپاق ـ چاپاق بولۇپ كەتكەندىن كېيىن ئۇلارمۇ ئۇنى دۆت، ئەخمەق دېيىشىدىغان بولدى.

— بىر ئىشنى ماڭا چۈشەندۈرۈپ قويسىڭىز، — دېدى ئوبلونسكىي، — مەن تۈنۈگۈن سىڭلىمنىڭ ئىشى بىلەن ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ ئېنىق بىر جاۋاب بېرىۋېتىشنى سورىدىم، ئۇ ماڭا دەررۇ جاۋاب بەرمەي، ئويلىشىپ باقاي، دېدى. بۈگۈن ئەتىگەنگىچە ساقلىسام ئۇنىڭدىن ھېچقانداق جاۋاب كەلمەي، مېنى گراف لىدىيە خانىمنىڭكىگە چاقىرغان بىر باغنقى كېلىپ قالدى، بۇ نېمە ئىشتۇ؟

— بەللى، بەللى، مانا دېمىدىممۇ! — دەپ، خۇشال سۆزلەپ كەتتى كىنەز مىياگكايا خانىم، — ئۇلار چوقۇم لاندونىڭ قېشىغا بېرىپ پال ئاچقۇزغان گەپ.

— لاندو دەمسىز؟ ئۇنىڭغا پال ئاچقۇزدى دېگەن قانداق گەپ؟ لاندو دېگەن كىم؟

— نېمە؟ سىز *ژيول لاندونى، ئەل ئىچىدە نامى بار ژيول لاندونى،*

*ئاشۇ ئەۋلىيا ژيول لاندونى* بىلمەمسىز؟ ئۇمۇ ئەخمەق بىر نېمە، ئەمما سىزنىڭ سىڭلىڭىزنىڭ تەقدىرى ئاشۇنىڭ قولىدا. كۆردىڭىزمۇ، چەتتە ياشىغاننىڭ كاساپىتىنى، ھېچنېمىدىن خەۋىرىڭىز يوق ئىكەن. سىزگە دەپ بەرسەم، لاندو ئەسلىدە پارىژدىكى بىر ماگىزىندا مال ساتقۇچى بولۇپ ئىشلەپتىكەن. بىر كۈنى ئۆزىنى كۆرسەتكىلى دوختۇرخانىغا بېرىپ كارىدوردا ئۇخلاپ قاپتۇ. بىر چاغدا، ئۇخلاۋېتىپ ئۆزىچىلا دوختۇرنىڭ چاقىرىشىنى ساقلاپ ئولتۇرغان ئادەملەرنىڭ كېسەللىرىنى قانداق داۋالاش توغرۇلۇق مەسلىھەتلەرنى بېرىپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ داۋالاش ئۇسۇللىرى غەلىتىلا ئىكەن. كېيىن مېلىبدىنىسكىي — سىز ئۇنى تونۇمسىز — خانىم بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئۇنى ئېرىنى داۋالاپ قويۇشقا تەكلىپ قىپتۇ. مېنىڭچە، ئۇنىڭ داۋالىشىنىڭ ھېچقانداق ئۈنۈمى بولمىدى، ئۇ ئادەم ھازىرغىچە ئوخشاشلا تۇرمامدۇ. لېكىن، ئۇلار ئۇنىڭغا ئىشىنىپ يېنىدىن ئايرىماي يۈرۈشتى. كېيىن ئۇنى روسىيىگە يەنە تەكلىپ قىلىشتى. ئىككىنچى قېتىم كەلگەندە، بۇ يەردىكىلەر ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇلارنىڭ كېسىلىنى داۋالاشقا باشلىدى. ئۇ گراف بېززوبوۋا خانىمنى داۋالاپ ساقايتىپ قويۇۋىدى، نەتىجىدە گراف خانىم ئۇنى بەكلا ياخشى كۆرۈپ كېتىپ، ئۆزىگە ئاسراندى ئوغۇل قىلىۋالدى.

— ئۇنى ئۆزىگە ئوغۇل قىلىۋالغىنى قانداق گەپ؟

— شۇ، ئوغۇل قىلىۋالدى. ھازىر ئۇنىڭ ئىسمى لاندو ئەمەس. گراف بېززوبوف. لېكىن، گەپ ئۇنىڭدا ئەمەس. لىدىيە — مەن بۇ ئايالنى ناھايىتى ياخشى كۆرىمەن، ئەمما ئۇنىڭ كاللىسىدا چاتاق بار — ھازىر لاندوغا چاپلىشىۋالدى. ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالسا لىدىيەمۇ، ئالېكسېي ئالېكساندىروۋىچمۇ ھېچنېمە قىلالمايدىغان ئەھۋالغا كېلىپ قالدى. شۇڭا، سىزنىڭ سىڭلىڭىزنىڭ تەقدىرى ئەنە شۇ لاندونىڭ، يەنە بىر مەنىدىن ئېيتقاندا، بېززوبوفنىڭ قولىدا.

# 21

ئوبلونسكىي بارتنەنسكىينىڭ ئۆيىدە تاماق بىلەن هاراققا تويۇپ، ئاندىن گراف لىدىيە خانىمنىڭ ئۆيىگە دېگەن چاغدىن ئازراق كېچىكىپ باردى.

— گراف خانىمنىڭ ئۆيىدە يەنە كىملەر بار؟ هېلىقى فرانسۇزمۇ بارمۇ؟ — دېدى ئوبلونسكىي دالان ئۆيدە كارېنىننىڭ ئۆزىگە تونۇش پەلتوسى بىلەن يەنە بىر ئاددىي ۋە غەلىتە تىكىلگەن پەلتونى كۆرۈپ، ئىشىكباقاردىن.

— ئالېكسېي ئالېكساندروۋىچ كارېنىن بىلەن گراف بېززوبوف بار.

«كىنەز مياگكايا خانىمنىڭ ئېيتقانلىرى راست ئوخشىمامدۇ، — دەپ ئويلىدى ئوبلونسكىي پەلەمپەي بىلەن يۇقىرىغا چىقىپ كېتىۋېتىپ، — غەلىتىلا ئىش - هە! لېكىن گراف لىدىيە خانىمغا يېقىنلىشىشنىڭ پايدىسى بار، ئۇنىڭ تەسىرى ئىنتايىن كۈچلۈك. ئەگەر ئۇ پومورسكىيغا بىر ئېغىزلا گەپ قىلىپ قويىدىغان بولسا، ئىشلىرىمنىڭ هەل بولۇشىدا گەپ يوق ئىدى.»

گراف خانىم بىلەن كارېنىن ئىككىسى يوغان قالپاقلىق چىراغ قويۇپ قويغان دۈگىلەك ئۈستەلدە بوش ئاۋازدا پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. ساغرىسى خوتۇن كىشىنىڭكىگە ئوخشاش يوغان، ئىچ مايماق، ئۇزۇن چاچلىرى چاپىنىنىڭ ياقىسىغا تېگىپ تۇرغان، ئوتتۇرا بوي، چىرايى سېرىق، چىرايلىق كۆزلىرى چاقناپ تۇرىدىغان، قاملاشقان ئورۇق بىر ئەر كىشى ئۆينىڭ ئۇ تەرىپىدە تۇرۇپ تامدىكى رەسىملەرنى كۆرۈۋاتاتتى. ئوبلونسكىي ئۆي ئىگىسى ۋە كارېنىن بىلەن

سالاملىشىپ بولغاندىن كېيىن، ئىختىيارسىز ئۇ ناتونۇش ئادەمگە يەنە بىر قېتىم قاراپ قويدى.

— *لاندو ئەپەندى* ! — دەپ مۇراجىئەت قىلدى گراف خانىم ئۇ ئادەمگە. ئۇنىڭ شۇنچىلىك ئېھتىرام، شۇنچىلىك ئېھتىيات بىلەن ئۇنىڭغا گەپ قىلغىنى ئوبلونسكىينى ھەيران قالدۇردى. لىدىيە خانىم ئۇ ئىككىسىنى بىر - بىرىگە تونۇشتۇرۇپ قويدى.

لاندو ئىتتىك قايرىلىپ ئوبلونسكىينىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە تەرلەپ كەتكەن تارىشىدەك قاتتىق قولىنى ئۇنىڭ ئۆزىگە سوزۇلغان قولى ئۈستىگە قويۇپ، ئىتتىكلا يەنە جايىغا كېتىپ رەسىم كۆرۈش بىلەن بولۇپ كەتتى. گراف خانىم بىلەن كارېنىن بىر - بىرىگە مەنىلىك قاراپ قويۇشتى.

— سىز بىلەن بولۇپمۇ بۈگۈن كۆرۈشكىنىمگە تولىمۇ خۇشالمەن، — دېدى گراف خانىم ئوبلونسكىيغا كارېنىنىڭ يېنىدىن ئورۇن كۆرسىتىپ، — مەن سىزگە تونۇشتۇرغان لاندو ئەپەندى، — دېدى ئۇ ئۇ فرانسۇزغا، ئاندىن كارېنىنغا قاراپ قويۇپ، — ئەمەلىيەتتە گراف بېززوبوف بولىدۇ، ئۇنداق ئاتىلىشنى ياخشى كۆرمىگەچكە، سىزگە ئىسمىنىلا دېدىم.

— مەن ئۇياقنى ئاڭلىغان، — دېدى ئوبلونسكىي جاۋابەن، — ئاڭلىسام، ئۇ كىشى گراف بېززوبوف گراف خانىمنىڭ كېسىلىنى پۈتۈنلەي ساقايتىۋېتىپتۇدەكقۇ؟

— ئۇ بۈگۈن مېنىڭ قېشىمغا كەلگەن، ئۇنىڭغا ئادەمنىڭ ئىچى ئاغرىيدۇ، — دېدى گراف خانىم كارېنىنغا قاراپ قويۇپ، — بۇ قېتىمقى ئايرىلىش ئۇنىڭغا بەك ئېغىر كەلدى، قاتتىق زەربە بولدى دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

— ئۇنىڭ كېتىشى جەزمەنمىكەن؟ — سورىدى كارېنىن.

— جەزمەن، پارىژغا قايتماقچى. تۈنۈگۈن ئۇنىڭغا بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ، — دېدى گراف لىدىيە خانىم ئوبلونسكىيغا قاراپ.

— ھە، ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ ! — ئوبلونسكىي لىدىيەنىڭ سۆزىنى ھەيران قالغاندەك قىلىپ تەكرارلاپ قويدى. ئۇ بۇ

ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا ئۆزى تېگىگە يېتەلمەيدىغان غەلىتە بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى ياكى پات ئارىدا يۈز بېرىدىغانلىقىنى، شۇڭا ناھايىتى سەگەك ئولتۇرمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ قېلىۋاتاتتى.

بىردەملىك جىمجىتلىقتىن كېيىن، گراف لىدىيە خانىم ئاساسىي گەپنى باشلىغاندەك قىلىپ، ئوبلونسكىيغا قاراپ چىرايلىققىنا بىر كۈلۈپ قويۇپ شۇنداق دېدى:

— مەن سىزنى خېلىدىن بېرى بىلەتتىم. بۈگۈن سىز بىلەن يۈز كۆرۈشۈش شەرىپىگە ئېرىشكىنىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى تولىمۇ بەختلىك ھېس قىلدىم. كونىلاردا: «دوستۇڭنىڭ دوستى سېنىڭمۇ دوستۇڭ» دېگەن بىر گەپ بار. ئەمما، دوست بولۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن قارشى تەرەپنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىش كېرەك، لېكىن سىز ئالېكسېي ئالېكساندروۋىچقا قارىتا ئۇنداق قىلالمىدىڭىز. مېنىڭ نېمە توغرۇلۇق گەپ قىلىۋاتقىنىمنى سىز چوقۇم چۈشەندىڭىز دەپ ئويلايمەن، — دېدى ئۇ ئويچان چىرايلىق كۆزلىرىنى يۇقىرىغا كۆتۈرۈپ.

— ئاز - تولا چۈشەندىم، گراف خانىم، ئالېكسېي ئالېكساندروۋىچنىڭ ئەھۋالى ماڭا مەلۇملۇق، — دېدى ئوبلونسكىي لىدىيە خانىمنىڭ زادى نېمە دېمەكچى بولىدىغانلىقىنى تازا چۈشىنىپ كېتەلمەي مۈجمەللا جاۋاب بېرىپ.

— گەپ ئەھۋالنىڭ سىرتقى ئۆزگىرىشىدە ئەمەس، — دېدى گراف لىدىيە خانىم ئورنىدىن تۇرۇپ لاندونىڭ قېشىغا ماڭغان كارېنىنغا قاراپ تۇرۇپ جىددىي تەرزدە، — ئۇنىڭ يۈرىكى ئۆزگەردى، يېڭى يۈرەككە ئىگە بولدى. سىزنىڭ ئۇنىڭ يۈرىكىدە بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەرنى چۈشىنىپ كېتەلىشىڭىز ناتايىن.

— ياق، ئۇنىڭدىكى ئۇ خىل ئۆزگىرىشنى مەن ئاسان تەسەۋۋۇر قىلالايمەن. بىز بۇرۇندىن ياخشى ئۆتۈپ كېلىۋاتىمىز، ھازىر يەنە ... — ئوبلونسكىي جاۋاب بېرىۋېتىپ، ئۇ ئىككى

مىنىستىرنىڭ قايسىسى بىلەن ئەڭ يېقىندۇ؟ قايسىسىغا يېقىن بولسا شۇنىڭغا مەن ئۇچۇن گەپ قىلىپ قويۇشنى دېسەم، دېگەن ئوي بىلەن گراف لىدىيە خانىمغا قاراپ يېقىملىققىنا كۈلۈپ قويدى.

— ئۇنىڭ يۇرىكىدە بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەر كىشىلەرگە بولغان مېھىر - مۇھەببىتىنى كۆچەيتسە كۆچەيتىدۇكى، سۇسلاشتۇرمايدۇ. مېنىڭ دېگەن گەپلىرىمنى تازا چۈشىنىپ كېتەلمەيۋاتىسىزغۇ دەيمەن. چاي ئىچەمسىز؟ — دېدى ئۇ پەتنۇستا چاي كۆتۈرۈپ كىرگەن خىزمەتكارنى كۆزى بىلەن ئىما قىلىپ كۆرسىتىپ.

— تولۇق چۈشەندىم، دەپ ئېيتالمايمەن، گراف خانىم. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ بەختسىزلىكى ...

— شۇنداق، ئۇنىڭ يۇرىكىدە ئۆزگىرىش باشلانغان ھامان بەختسىزلىكى ئاجايىپ زور بەختكە قاراپ ئۆزگىرىشكە باشلىدى، — دېدى گراف خانىم ئوبلونسكىيغا غەلىتە بىر ھېسسىيات بىلەن قاراپ قويۇپ.

«قارىغاندا، ئۇنى ئۇ ئىككى ئادەمنىڭ ھەر ئىككىسىگە گەپ قىلدۇرسام بولغۇدەك» دەپ ئويلىدى ئوبلونسكىي ئىچىدە.

— ھە، ئەلۋەتتە، گراف خانىم، — دېدى ئۇ، — مېنىڭ ئويۇمچە، ئۇنىڭدىكى بۇ ئۆزگىرىش شۇنچىلىك سىرلىق ئۆزگىرىشكى، بۇ توغرۇلۇق گەپ قىلىشقا ھەتتا ئەڭ يېقىن كىشىلىرىنىڭمۇ تىلى بارماس دەيمەن.

— ياق، ئۇنىڭ دەل ئەكسىچە، قىلچە قورۇنماي گەپ قىلىشىمىز، شۇ يول بىلەن بىر - بىرىمىزگە ياردەم بېرىشىمىز كېرەك.

— شۇنداق، بۇنىڭدا گەپ يوق، ئەمما كىشىلەرنىڭ ئېتىقادىدىكى پەرقلەر ئىنتايىن چوڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ... — دېدى ئوبلونسكىي مۇلايىم كۈلۈمسىرەپ قويۇپ.

— مۇقەددەس ھەقىقەتتە پەرقلەرنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

— ھە، شۇنداق، ئەلۋەتتە شۇنداق. لېكىن ... — ئوبلونسكىي سەل ئوڭايسىزلىنىپ قىلىپ گېپىنى توختىتىۋالدى، ئۇ ئۇلارنىڭ دىنىي مەسىلىلەرگە كۆچۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى چۈشەنگەنىدى.

— ئۇ شۇ تۇرقىدا ئۇخلاپ قالىدىغاندەك قىلىدۇ، — دېدى كارېنىن گراف خانىمنىڭ يېنىغا كېلىپ، مەنىلىك ھالدا بوش شىۋىرلاپ.

ئوبلونسكىي ئەتىتىك لاندوغا قاراپ، ئۇنىڭ ساپانىڭ قول قويىدىغان يېرىگە قوللىرىنى، يۆلەنچۈكىگە ئۆزىنى تاشلاپ دېرىزىنىڭ تۈۋىدە بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ ئۇلارنىڭ ئۆزىگە قاراۋاتقانلىقىنى سېزىپ بېشىنى كۆتۈردى ۋە بالىلارچە ساددا كۈلكىسى بىلەن كۈلۈپ قويدى.

— ئۇنىڭغا قارىمايلى ! — دېدى گراف خانىم ۋە چاقىقانلىق بىلەن كارېنىنغا ئورۇندۇق قويۇپ بەردى، — بايقىشىمچە ... — دەل شۇ چاغدا بىر خىزمەتكار بىر پارچە خەتنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. لىدىيە خەتنى ئەتىتىك كۆرۈپ چىقىپ، ئۇ ئىككىسىدىن كەچۈرۈم سورىدى ـ دە، ناھايىتى تېزلىكتە ئورنىدىن تۇردى ۋە ئۈستەلگە بېرىپ خەتكە جاۋاب يازدى، ئاندىن خەتنى خىزمەتكارغا تۇتقۇزۇپ، ئۇلارنىڭ يېنىغا يېنىپ كەلدى، — بايقىشىمچە، — داۋام قىلدى ئۇ بايا باشلىغان سۆزىنى، — موسكۋادا دىنغا تولىمۇ بىپەرۋا قارايدىكەن، بولۇپمۇ ئەرلەر.

— ھە، ياقەي، گراف خانىم، موسكۋالىقلارنىڭ «قەتئىي قارارلىق» دەپ نامى بار، — دېدى ئوبلونسكىي ئۇنىڭ گېپىگە جاۋابەن.

— ئۇ شۇنداق، ئەمما مېنىڭ بىلىشىمچە، سىز دىنغا بىپەرۋا قارايدىغان ئادەملەر جۈملىسىدىن، — دېدى كارېنىن ئۇنىڭغا قاراپ ئېرىنچەكلىك بىلەن كۈلۈپ قويۇپ.

— بۇياق قانداقلارچە بىپەرۋا قارىسۇن ! — دېدى لىدىيە.

— مەن بۇ جەھەتتە بىپەرۋا ئەمەس، پۇرسەت كۈتۈپ

تۇرۇۋاتىمەن، — دېدى ئوبلونسكىي ئادەمنىڭ ئامراقلىقى كەلگۈدەك چىرايلىق كۈلكىسى بىلەن، — ھېس قىلىشىمچە، ماڭا بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئويلىنىدىغان پۇرسەت تېخى يېتىپ كەلمىدى.

كارېنىن بىلەن لىدىيە بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قويىدى.

— بىز ئۆزىمىزگە كېلىدىغان پۇرسەتنىڭ قاچان يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى مەڭگۈ بىلمەيمىز، — دېدى كارېنىن جىددىي تۇرۇپ، — بىز ئۇ پۇرسەتنىڭ كەلگەن ـ كەلمىگەنلىكى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرماسلىقىمىز كېرەك، چۈنكى خۇدانىڭ شەپقىتى بەندىنىڭ ئىلكىدە بولمايدۇ، بەزىدە ئۇ كېچە ـ كۈندۈز خىيال قىلىپ يۈرگەن ئادەمنىڭ بېشىغا قونماي، ساۋۇلغا ئوخشاش خىيالىدا يوق يۈرگەن ئادەملەرنىڭ بېشىغا قونۇپ قالىدۇ.

— ياق، تېخى ۋاقتى كەلمىگەندەك قىلىدۇ، — دېدى ئۇ فرانسۇزنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىگە دىققەت قىلىپ ئولتۇرغان گراف خانىم.

لاندو ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدى.

— گېپىڭلارنى مەنمۇ ئاڭلاپ ئولتۇرسام بولامدۇ؟ — سورىدى ئۇ.

— ئەلۋەتتە، بولىدۇ، مەن سىزنى ئاۋارە قىلماي دەپ گەپ قىلمىغۇدىم، — دېدى گراف خانىم ئۇنىڭغا مۇلايىم قاراپ قويۇپ، — مەرھەمەت، ئولتۇرۇڭ.

— كۆزىمىزنى يۇمۇۋېلىپ، خۇدا ئاتا قىلغان ھىدايەتتىن ئۆزىمىزنى قاچۇرمىساقلا بولىدى، — دېدى كارېنىن سۆزىنى داۋام قىلىپ.

— بىز سىزنىڭ بىزگە ئوخشاش بەختكە سازاۋەر بولۇپ، خۇدانىڭ دىلىمىزدا ئىكەنلىكىنى مەڭگۈ ھېس قىلىپ ئۆتۈشىڭىزنى تىلەيمىز، — دېدى گراف لىدىيە خانىم ئۆزىگە ئىشەنگەن بىر خىل كۆرەڭلىك بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ.

— لېكىن، ئادەم بەزىدە ئۆزىنى ئۇ يۈكسەكلىككە يېتەلمەيمەن، دەپ ئويلىشى مۇمكىن، — ئوبلونسكىي ئاغزىدا

شۇنداق دېگىنى بىلەن، دىلىدا دىنىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ۋىجدانى بىلەن ئېتىراپ قىلىشقانلىقىنى ھېس قىلىپ تۇرۇۋاتاتتى. چۈنكى، ئۇ پومورسكىيغا بىر ئېغىز گەپ قىلىپ، ئۆزىنى كېچە - كۈندۈز خىيالىدىن كەتمەيۋاتقان ئاشۇ ئورۇنغا ئېرىشتۈرۈپ قويۇشىنى ئىلتىماس قىلماقچى بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئۇ ئايالنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئەركىن پىكىرلىك ئىدىيىسىنى ئاشكارىلاشقا پېتىنالمايتتى.

— دېمەك، سىز گۇناھ ئادەمنىڭ شۇ يۈكسەكلىككە يېتىشىگە توسالغۇ بولىدۇ، دېمەكچىمۇ؟ — دېدى لىدىيە، — بۇ بىر ساختا پىكىر. خۇداغا ئېتىقاد قىلىدىغانلارنىڭ گۇناھى بولمايدۇ، ئۇلار گۇناھتىن ساقىت ئادەملەر. كەچۈرۈڭ، — دېدى ئۇ خىزمەتكارنىڭ يەنە بىر پارچە خەتنى كۆتۈرۈپ كىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ. خەتنى كۆرۈپ بولۇپ شۇئان جاۋابىنى بېرىۋەتتى، — ئۇنىڭغا ئېيتىپ قوي، ئەتە مەن مەلىكىنىڭ يېنىدا بولىمەن ... خۇداغا سىغىنغانلارنىڭ گۇناھى يوق، — دەپ يەنە بىر تەكرارلىدى ئۇ بايىقى گېپىنى.

— شۇنداق، ئەمەلىي ھەرىكەتتىن ئايرىلغان ئېتىقاد ئۆلۈك ئېتىقادتۇر، — دېدى ئوبلونسكىي دىنىي ئەقىدىلەر ھەققىدىكى سوئال - جاۋابلاردا دېيىلگەن مۇشۇ گەپ ئېسىگە كېلىپ، كۈلۈپ تۇرۇپ. بۇ گەپلەر ئارقىلىق ئۇ ئۆزىنىڭ قاراشلىرىدا چىڭ تۇرماقچى بولاتتى.

— بۇ «ياكوب مەكتۇپلىرى» دىكى سۆز، — دېدى كارېنىن لىدىيەنى ئەيىبلىگەندەك بىر خىل تەلەپپۇزدا. ئۇلار بۇ مەسىلە ئۈستىدە كۆپ قېتىم پاراڭلاشقاندەك قىلاتتى، — بۇ سۆزنى خاتا چۈشىنىۋېلىشنىڭ زىيىنى ئىنتايىن چوڭ. ئادەمنىڭ دىنغا بولغان ئىشەنچىنى يوقىتىشتا مۇشۇ خىلدىكى خاتا چۈشىنىشلەردىن ئارتۇق زىيانلىق نەرسە بولماس. «مېنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتىم يوق، شۇڭا دىنغا ئىشەنمەيمەن» دېگەن بۇ گەپ ھېچقانداق يەردە بولۇنغان ئەمەس، پۈتۈنلەي

ئەكسچە دېيىلگەن.
— خۇدا يولىدا مېھنەت قىلىپ، پەرھىز تۇتۇپ گۇناھلىرىمىزنى يۇيۇشىمىز كېرەك، دېگەن بۇ بولمىغۇر گەپلەرنى بىزنىڭ موناخلىرىمىز ئويلاپ تاپقان، — دېدى گراف لىدىيە خانىم يىرگەنگەندەك قىلىپ ... — ھېچقانداق يەردە بۇنداق گەپلەر دېيىلگەن ئەمەس. ئۇلار دېگەندەك قىلىدىغان بولساق، بۇنىڭدىن ئاسان ئىش بولمايتتى، — دېدى ئۇ ئوبلونسكىيغا قاراپ، ئوردىدىكى قورۇنۇپ، ئويلىپ يۈرىدىغان ياش قىزلارنى جۆرئەتلەندۈرىدىغان كۈلۈمسىرىشى بىلەن كۈلۈپ قويۇپ.
— بىزلەرنى بىز ئۈچۈن ئازاب چەككەن خرىستوس قۇتۇلدۇرغان، بىزنىڭ ئېتىقادىمىزنى ساقلاپ قالغان، — دېدى كارېنىن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى قۇۋۋەتلەپ. كۆزلىرىدىن ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.
— *سىز ئىنگلىزچە بىلەمسىز؟* — سورىدى لىدىيە ئوبلونسكىيدىن. ھەئە، دېگەن جاۋابنى ئالغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ كىتاب تەكچىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ بىر كىتابنى ئىزدەشكە باشلىدى، — مەن سىزگە *«ئامانلىق ۋە بەخت»* *ياكى «پاناھ»* تىن بىر ئابزاس ئوقۇپ بېرەي، بولامدۇ؟ — دېدى ئۇ كارېنىنغا سوئال نەزىرى بىلەن قاراپ قويۇپ. كىتابنى تاپقاندىن كېيىن ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ كىتابنى ئاچتى، — بۇ ئابزاس ناھايىتى قىسقا، بۇنىڭدا ئېتىقادنىڭ خاسىيىتى، ئۇنىڭغا يېتىشنىڭ يوللىرى، ئۇنىڭغا يەتكەن ئادەمگە باقىي ئالەمدە يەتكىلى بولمايدىغان بەخت - ئامەت يار بولىدىغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. خۇداغا ئېتىقاد قىلغان ئادەم بەختسىز بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ يالغۇز ئەمەس. مانا بۇ ئابزاسنى ئوقۇپ بەرسەم تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىسىلەر، — ئۇ ئەمدىلا ئوقۇي دەپ تۇراتتى، خىزمەتكار يەنە كىردى، — بوروزدىنامۇ؟ چىقىپ ئۇنىڭغا ئېيت، ئەتە سائەت ئىككىدە كەلسۇن ... — ئۇ كىتابنىڭ

ئارىسىغا بارمىقىنى قىستۇرۇپ، ئۇلۇغ - كىچىك تىنىغان ھالدا خىيالغا چۆمگەن چىرايلىق كۆزلىرىنى ئالدىغا تىكىپ ئولتۇرۇپ كەتتى، — ھەقىقىي ئېتىقادنىڭ رولى ئەنە شۇنداق بولىدۇ، سىز سانىنانى تونۇمسىز؟ ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن بەختسىزلىكتىن خەۋىرىڭىز بارمۇ؟ ئۇ يالغۇز ئوغلىدىن ئايرىلىپ قېلىپ ساراڭدەك بولۇپ قالغانىدى. ئاخىر قانداق بولدى، بىلەمسىز؟ ئۇنىڭغا خۇدا بۇ ئادەمنى يولۇقتۇرغانىدى، ھازىر ئۇ بالىسىنىڭ ۋاپات بولغىنىغا خۇداغا رەھمەت ئوقۇپ يۈرۈپتۇ. كۆردىڭىزمۇ، مانا بۇ ئېتىقاد ئۇنىڭغا ئېلىپ كەلگەن بەخت.

— ھە، بۇ ھەقىقەتەن ... — دېدى ئوبلونسكىي ئۇ كىتاب ئوقۇغان چاغدا ئۆزىنى ئازراق ئوڭلىۋالىدىغانلىقىغا خۇشال بولۇپ. «ياق، بۈگۈن گەپ قىلمىغىنىم ياخشىدەك تۇرىدۇ، — ئويلىدى ئوبلونسكىي ئىچىدە، — بۇ يەردىن ئىشنى بۇزۇپ قويماي چىقىپ كەتسەملا بولاتتى.»

«سىز ئىنگلىزچىنى ئۇقمىغاچقا زېرىكىپ قالارسىزمۇ؟ — دېدى گراف لىدىيە خانىم لاندوغا، — بۇ ئابزاس بەكمۇ قىسقا، ھازىرلا تۈگەيدۇ.

— ھە، ئىنگلىزچىنى چۈشىنىمەن، — دېدى لاندو بايىقىدەك كۈلۈپ تۇرۇپ، ئاندىن كۆزلىرىنى يۇمدى.

كارېنىن بىلەن لىدىيە بىر - بىرىگە مەنىلىك قارىشىپ قويدى. لىدىيە ئوقۇشقا باشلىدى.

# 22

ئوبلونسكىي پەقەتلا ئاڭلاپ باقمىغان بۇ غەلىتە گەپلەرنى ئاڭلاپ گاڭگىراپلا قالدى. ھەشەمەتلىك پېتېربۇرگ ھاياتى ئۇنى موسكۋادىكى بىر خىل قېلىپتىكى ھايات ئىچىدىن يۇلۇپ چىقىپ

بۆلەكچىلا سۆيۈندۈرۈۋەتكەنىدى. لېكىن، بۇ خىل ھەشەمەتلىك ھايات قايىنىمىدىن ئۇ پەقەت تونۇش ـ بىلىشلىرى ۋە دوست ـ بۇرادەرلىرى ئىچىدىلا بەھرىمەن بولالايتتى ھەم ئۇنى شۇلارنىڭ ئارىسىدىلا ھېس قىلالايتتى. ئەمما، بۈگۈن ئۇ ئۆزىگە يات بۇ مۇھىت ئىچىدە ئولتۇرۇپ گاڭگىراپ، ھەيران قېلىپ ۋە ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەيلا قالدى. ئۇ گراف لىدىيە خانىمنىڭ ئوقۇپ بېرىۋاتقانلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ، لاندونىڭ ساددىلىقىنى ياكى ھېلىگەرلىكىنى بىلىپ بولالمايدىغان كۆزلىرىنىڭ ئۆزىگە قادىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، نېمىشقىدۇر بېشى ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقاندەك بولۇپ قالدى.

خىلمۇخىل خىياللار ئۇنىڭ مېڭىسىنى چىرمىۋالغانىدى: «سانىنا بالىسى ئۆلۈپ كەتسە قايغۇرماقتا يوق، ئەكسىچە خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ ... بىر تال تاماكا چېكىۋالغان بولسام قانداق ياخشى بولاتتى ... روھىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن خۇداغا ئېتىقاد قىلىشنىڭ كېرەك ئىكەن ... موناخلار بىلمىگەن ئىشلارنى گراف لىدىيە خانىم بىلەرمىش ... بېشىم نېمانچە ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقاندۇ؟ كونياكنى جىقراق ئىچىۋالغىنىم ئۈچۈنمىدۇ؟ ياكى بۇ يەردىكى ئىشلارنىڭ زىيادە غەلىتىلىكىدىنمىدۇ؟ ھازىرغىچە مەن ئۆزۈمنى تاپتىن چىقىدىغان ھېچقانداق ئىش قىلمىدىم، دەپ ئويلايمەن. ھازىر گراف لىدىيە خانىمدىن ئۇ ئىشنى ئىلتىماس قىلىشنىڭ ۋاقتى ئەمەسمىكىن. ئۇلارنى كىشىلەرنى زورلاپ ئىبادەت قىلدۇرىدۇ، دەپ ئاڭلىۋىدىم، ئىلاھىم، مېنى ئۇنداق قىلىشقا مەجبۇرلىمىسىكەن، شۇنداق قىلىپ قالسا بولمىغانلا بىر ئىش بولىدۇ ـ دە. ئۇنىڭ ئوقۇۋاتقىنى قانداق بىر نېمىدۇر؟ ئەمما، ئاۋازى چىرايلىق ئىكەن. لاندونى بېززوبوف دېيىشىۋاتىدۇ، ئۇ قانداق بولۇپ بېززوبوف بولۇپ قالدى؟»

ئوبلونسكىينىڭ بىردىنلا ئەسنىگۈسى كېلىپ قالدى، ئۆزىنىڭ ئەسنىگىنىنى ئۇلارغا بىلدۈرمەسلىك ئۈچۈن سەل مىدىرلاپ

قويۇپ ئېڭىكىنى قولى بىلەن تىرەپ تۇرۇۋالدى، يەنە بىر قولى بىلەن چېكە ساقىلىنى تاراپ قويدى. شۇنداقتىمۇ، ئاستا ـ ئاستا كۆزلىرى يۇمۇلۇپ، خورىكى باشلىنىپ قالدى. گراف لىدىيە خانىمنىڭ «ئۇ ئۇخلاپ قېلىۋاتىدۇ» دېگەن ئاۋازى قۇلىقىغا كىرىپ چۆچۈپ ئويغاندى.

ئوبلونسكىي ئۇخلاپ قالغىنىدىن خۇددى خاتا ئىش قىلىپ، بىرى ئاشكارىلاپ قويغاندەك خىجىل بولۇپ كەتتى. لېكىن، لىدىيەنىڭ «ئۇخلاپ قېلىۋاتىدۇ» دېگەن گېپىنىڭ ئۆزىگە ئەمەس، لاندوغا قارىتىپ ئېيتىلغانلىقىنى تېزلا بىلگەندىن كېيىن، ئاندىن خاتىرجەم بولدى. ئۇ فرانسۇزمۇ ئوبلونسكىيغا ئوخشاش ئۇخلاپ قالغانىدى. ئۇ ئۇنىڭ ئۇخلاپ قالغانلىقى چوقۇم ئۇلارنى خاپا قىلىپ قويىدۇ (بۇ يەردىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىلا ئۇنىڭغا غەلىتە كۆرۈنۈپ كېتىۋاتقاچقا، ئۇ بۇنى ئۇنچىلىك ئەستايىدىل ئويلاپمۇ كەتمىگەنىدى)، دەپ ئويلىغانىدى، ئەكسىچە ئۇنىڭ ئۇخلاپ قالغىنىدىن ئۇ ئىككىسى، بولۇپمۇ گراف لىدىيە گراف خانىم بۆلەكچىلا خۇشال بولۇپ كەتتى.

— *دوستۇم*، — دېدى گراف لىدىيە خانىم ئاۋاز چىقارماسلىق ئۈچۈن، يىپەك كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىنى ئېھتىيات بىلەن يىغىۋېلىپ. ئۇ خۇشاللىقىدا خۇدىنى يوقىتىپ، كارېنىننى «ئالېكسېي ئالېكساندروۋىچ» دېمەي، «دوستۇم» دەپ ئاتاۋاتاتتى، — *ئۇنىڭغا قولىڭىزنى بېرىڭ، كۆرۈۋاتامسىز؟ ...* تىش! — ئۇ يەنە كىرىپ كەلگەن خىزمەتكارغا كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى لەۋلىرىگە قويۇپ ئىما قىلدى، — مەن ھازىر ھېچكىمنى قوبۇل قىلمايمەن!

ئۇ فرانسۇز بېشىنى ساپانىڭ يۆلەنچۈكىگە قويۇپ ئۇخلاپ قالغانىدى، بەلكىم يالغان ئۇخلاۋاتىدىغاندۇ، بىلىپ بولمايتتى. ئۇنىڭ تىزلىرى ئۈستىگە قويۇۋالغان نەمخۇش قوللىرى خۇددى بىرنېمىنى تۇتۇشقا تەمشىلىۋاتقاندەك بوش قىمىرلاپ تۇراتتى. كارېنىن ئورنىدىن تۇرۇپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ

(شۈنداقتىمۇ ئۇ ئۈستەلگە ئۆزىنى ئۇرۇۋالدى) مېڭىپ فرانسۇزنىڭ ئالدىغا كېلىپ، قولىنى ئۇنىڭ قولى ئۈستىگە قويدى. ئوبلونسكىيمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇيقۇسىنى قاچۇرۇش ئۈچۈن كۆزلىرىنى تەستە يوغان ئېچىپ، بىردە ئۇنىڭغا، بىردە بۇنىڭغا قاراپ قويدى. كۆرۈۋاتقىنىنىڭ ھەممىسى چۈشىدىكى ئەمەس، ئوڭىدىكى ئىشلار ئىدى، بېشى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتاتتى.

— *ئاخىرىدا كەلگەن، بىر ئىشقا ئىلتىماسى بار ئادەم چىقىپ كەتسۇن! ھازىرلا چىقىپ كەتسۇن* ! — ئۇ فرانسۇز كۆزلىرىنى ئاچماي تۇرۇپ فرانسۇزچە شۇ گەپلەرنى قىلدى.

— *كەچۈرۈڭ، ئۆزىڭىزمۇ كۆرۈپ تۇرۇپسىز ھەم ئاڭلىدىڭىز … سائەت ئوندا كېلىسىڭىز، ئەتە كېلىسىڭىز تېخىمۇ* ياخشى.

— *ئۇنى بۇ يەردىن ھەيدەپ چىقىرىڭلار* ! — دەپ تاقەتسىزلىك بىلەن يەنە دېدى ئۇ فرانسۇز.

— *ئۇ مېنى دەۋاتامدۇ؟*

ئوبلونسكىي نەق جاۋابنى ئالغاندىن كېيىن، گراف لىدىيە خانىمغا ئىلتىماس قىلماقچى بولغان ئىشنىمۇ، سىڭلىسىنىڭ ئىشىنىمۇ ئۇنتۇپ، بۇ يەردىن چاپسانراق چىقىپ كەتسەملا بولدى، دېگەن ئوي بىلەن پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ مېڭىپ، ئۆيدىن خۇددى ۋابادىن قاچقاندەك قېچىپ كوچىغا چىقىۋالدى ۋە ئىلدامراق ئۆزىگە كېلىۋېلىش ئۈچۈن پەيتونكەش بىلەن خېلىغىچە چاقچاقلىشىپ، پاراڭلىشىپ ماڭدى.

ئوبلونسكىي فرانسۇز تىياتىرخانىسىنىڭ ئاخىرقى مەيدان ئويۇنىغا ئۈلگۈرۈپ بېرىپ، ئويۇننى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن تاتارلارنىڭ رېستورانىغا بېرىپ ئازراق ھاراق ئىچتى. بۇ تونۇش مۇھىت ۋە كەيپىياتلار ئىچىدە ئۇ خېلىلا ئېسىنى يىغىۋالدى، شۇنداقتىمۇ پۈتۈن بىر ئاخشام غەلىتىلا بىر سىزىم ئىچىدە يۈردى.

ئوبلونسكىي پېتېربۇرگقا كېلىپ چۈشكەن پيوتر ئوبلونسكىينىڭ ئۆيىگە كېلىپ بېتسىدىن كەلگەن خەتنى كۆردى. بېتسى خېتىدە تونۇگۈن قىلىشقان گەپنىڭ ئاخىرىنى چىقىرىۋېتىشنى دەپ، ئەتە ئۆزىنىڭكىگە بېرىشنى ئېيتىپتۇ. ئۇنىڭ خەتنى ئوقۇپ بولۇپلا قاپاقلىرى تۈرۈلدى. قانداق قىلىشى كېرەكلىكىنى ئويلاپ تۇراتتى، تۇيۇقسىز، پەستىن خۇددى بىرى ئېغىر بىر نەرسىنى كۆتۈرۈپ چىقىۋاتقاندەك، ناھايىتى سالماق بىلەن بېسىلىۋاتقان قەدەم ئاۋازى ئاڭلاندى.

ئوبلونسكىي ھۇجرىسىدىن چىقىپ قاراپ بېقىپ، ئۇ ئادەمنىڭ خېلىلا ياشىرىپ قالغاندەك كۆرۈنگەن پيوتر ئوبلونسكىي ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۇ شۇنچىلىك مەست ئىدىكى، پەلەمپەيدىن ئۆزى مېڭىپ چىقالمايۋاتاتتى. ستېپان ئوبلونسكىينى كۆرۈپ، خىزمەتكارىغا ئۆزىنى پەلەمپەيدىن يۆلەپ چىقىرىپ قويۇشقا بۇيرۇدى، ئۇستىگە چىقىۋالغاندىن كېيىن ئوبلونسكىينى مەھكەم قۇچاقلىۋېلىپ ھۇجرىسىغا كىردى ۋە ئۆزىنىڭ بۈگۈن كېچىنى قانداق ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بېرىۋېتىپلا ئۇخلاپ قالدى.

ئوبلونسكىينىڭ روھى چۈشۈپ ئۇزاققىچە ئۇخلىيالماي كەتتى، بۇنداق ھالەت ئۇنىڭدا ناھايىتى كەم ئۇچرايتتى. ئېسىگە ئالغانلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدا نەپرەت قوزغايتتى، بولۇپمۇ گراف لىدىيە خانىمنىڭ ئۆيىدە ئۆتكەن ئاشۇ مىنۇتلار ئەڭ نەپرەتلىك، ئەڭ نومۇسلۇق مىنۇتلار ئىدى.

ئەتىسى ئۇ كارېنىننىڭ ئانناغا ئاجرىشىش خېتى بېرىشنى قەتئىي رەت قىلغان جاۋابىنى تاپشۇرۇۋالدى ۋە ئۇنىڭ بۇ قارارىنىڭ ئاخشامقى فرانسۇزنىڭ يالغاندىن ئۇخلىغان بولۇۋېلىپ جۆيلۈگەن گەپلىرى بىلەن چىقىرىلغان قارار ئىكەنلىكىنى تولۇق چۈشەندى.

# 23

ئائىلىدە بىرەر ئىشنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، يا ئەر - خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بۇزۇلۇشى، يا ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىناقلىق، مېھىر - مۇھەببەت كۈچىيىشى كېرەك. ئەگەر ئىككىلا ئەھۋال بولماي، ئەر - خوتۇن يا ياخشى ئەمەس، يا يامان ئەمەس ئۆتۈپ كېتىۋەرسە، ئۇ ئائىلىدە ھېچنېمە قىلىپ بولمايدۇ.

نۇرغۇن ئائىلىلەردە يىللاپ ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمايدۇ، بىر - بىرىدىن كۆڭلى سوۋۇيدىغان، يا بولمىسا ئىناق ئۆتەلمەيدىغان ئەھۋاللار يوق. ئۇنداق ئائىلىلەردە ئەر - خوتۇن بۇ خىل تۇرمۇشتىن زېرىكىدۇ.

ئىللىق باھار پەسلى ئۆتۈپ ياز كىرگەندە ھاۋا قاتتىق ئىسسىشقا باشلىدى، يول بويلىرىدىكى دەرەخلەر تولۇق يوپۇرماق چىقىرىپ بولغان، ھەتتا يوپۇرماقلارنىڭ ئۈستىگە بىر ئىلىك چاڭمۇ قونۇپ بولغانىدى. ۋرونسكىي بىلەن ئاننا ئىككىسىلا موسكۋانىڭ توپا - چاڭ قاينايدىغان بۇنداق ئىسسىق كۈنلىرىگە چىدىماي قېلىشتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇلار بۇرۇن دېيىشىپ قويغىنى بويىچە ۋوزدۋىژېنسكە كەتمەي، يېقىندىن بېرى تازا ئىناق ئۆتۈپ كېتەلمەيۋاتقاچقىمۇ، ئىككىلىسىنىڭ جېنىغا تەگكەن موسكۋادا داۋاملىق تۇرىۋەردى.

ئۇلارنىڭ بىر - بىرىدىن رەنجىپ يۈرۈشلىرى ھېچقانداق بىر تاشقى سەۋەبتىن ئەمەس ئىدى، ئارىنى ئېچىۋېتىش ئۈچۈن قىلىنغان بارلىق ئۇرۇنۇشلار بۇ خىل كەيپىياتنى تۈگەتمەكتە يوق، ئەكسىچە تېخىمۇ كۈچەيتىۋېتىۋاتاتتى. بۇ رەنجىشلەر ھەر ئىككىسىنىڭ كۆڭۈللىرىدە ھۆكۈم سۈرەتتى، سىرتىدا ناھايىتى

ئاز ئىپادىلىنەتتى. ئاننا ئۇنى ماڭا بولغان مۇھەببىتى ئىلگىرىكىدىن سۇسلىشىپ قالدى، دەپ ئويلىسا، ۋرونسكىي ئۆزىنى ئاننانىڭ سەۋەبىدىن مۇشۇ ئازابلىق كۈنلەرگە قالدىم، يا ئۇ مېنىڭ بۇ ئازابلىرىمنى يەڭگىللىتىشىمگە ياردەم بەرمەيدۇ، ئەكسىچە ئوتىنىڭ ئۈستىگە ياغ چاچقاندەك قىلىقلارنى قىلىپ مېنى تېخىمۇ بىئارام قىلىدۇ، دەپ ئويلايتتى. ھەر ئىككىسى خاپىلىقلىرىنىڭ سەۋەبىنى بىر - بىرىگە دېمەيتتى، قارشى تەرەپنىلا خاتا قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلايتتى، مۆرىتى كەلگەندە بىر - بىرىنى ئەيىبلەيمۇ كېتىشەتتى.

ئاننا خىيالىدا ۋرونسكىينىڭ يۈرۈش - تۇرۇشلىرى، ئادەتلىرى، ئوي - پىكىرلىرى، تىلەك - ئىستەكلىرى ھەم پۈتۈن روھىي ۋە جىسمانىي ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىرلا نەرسىگە، يەنى ئاياللارنى ياخشى كۆرىدۇ، دېگەن نەرسىگە باغلىنىۋالغانىدى ھەم ئۇنىڭ شۇ ياخشى كۆرۈشلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىشىنى ئويلايتتى. لېكىن، بۇ خىل ياخشى كۆرۈش ھازىر كۈندىن - كۈنگە سۇسلىشىپ كېتىۋاتاتتى، شۇنىڭغا قاراپ ئۇ ۋرونسكىي بىر قىسىم مۇھەببىتىنى مەندىن باشقا ئاياللارغا ياكى مەلۇم بىر ئايالغا يۆتكەپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلاپ، كۈنلەشكە ئۆتكەنىدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئۇنىڭ مەلۇم بىر ئايالدىن كۈنلەۋاتقىنى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ مۇھەببىتىنىڭ بارغانسېرى سۇسلىشىپ كېتىۋاتقىنىغا ئاچچىقى كېلىۋاتقىنى ئىدى. ئۇنىڭ كۈنلەيدىغان ئوبيېكتى ھازىرچە يوق ئىدى، ئۇنى ئىزدەۋاتاتتى، ئەرزىمەس بىر ئىشلار بىلەن كۈنلەشنى بىر ئايالدىن يەنە بىر ئايالغا، ئۇنىڭدىن يەنە بىرىگە توختىماي يۆتكەپ تۇراتتى. بەزىدە ۋرونسكىي بويتاق ۋاقتىدا تونۇشۇپ قالغان رەزىل ئاياللارنىڭ ئىچىدىكى بىرەرى بىلەن قايتا تېپىشىۋالغانمىدۇ، ئۇنداقلار بىلەن قايتا تېپىشىۋالماق بەك ئاسان، دەپ ئويلاپ قالاتتى؛ بەزىدە يۇقىرى تەبىقىدىكى ئاياللارنىڭ ئىچىدىن تونۇشۇپ قېلىشى

مۇمكىن دېگەنلىرىنى خىيالىدا ئىزدەپ كېتەتتى؛ بەزىدە ئۆزىچىلا ئويلاپ تاپقان قىزلارنى خىيال قىلىپ، ئۇ مېنى تاشلاپ ئۇنى ئېلىشى مۇمكىن، دەپ ئويلايتتى. ئاخىرقى بۇ ئويى ئۇنى بەكرەك قىينايتتى، بولۇپمۇ ۋرونسكىينىڭ ھېچنېمىنى ئويلىمايلا، ئاپام مېنى تېخىچە چۈشەنمەيدىغان ئوخشايدۇ، كىنەز قىزى سوروكىنىنا بىلەن توي قىلغىن دەۋاتىدۇ، دېگەن بىر ئېغىز گېپى ئۇنى ئالەمچە ئازابقا پاتۇردى.

ئاننا ھەر خىل گۇمانلارنى قىلىپ ۋرونسكىينىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرەتتى، خىلمۇخىل باھانىلەر بىلەن ئۇنىڭدىن دەردىنى ئېلىشقا تىرىشاتتى، ئۆزىنىڭ بېشىغا كەلگەن ھەممە ئازاب ۋە دەرد ـ ئەلەملەرنى شۇنىڭدىن كۆرەتتى، موسكۋادا ئۆزىنى قويىدىغان جاي تاپالماي، ئاخىرى يوق كۈتۈشلەر ئىچىدە شۇ ئازابلارغا چىداپ يۈرۈۋاتاتتى. كارېنىننىڭ مەسىلىنى ھەل قىلىشتا بىر قارارغا كېلەلمەيۋاتقانلىقىنىمۇ، ئۆزىنىڭ يالغۇز ياشاۋاتقانلىقىنىمۇ ــ ھەممىنى، ھەممىنى ۋرونسكىيغا ئارتاتتى. ئەگەر ئۇ مېنى ياخشى كۆرگەن بولسا، مۇشۇنداق ئەھۋالدا تارتىۋاتقان ئازابىمنى چۈشەنگەن بولسا، مېنى بۇ ئېغىر ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرغان بولاتتى، دەپ ئويلايتتى. ئۆزىنىڭ يېزىغا كەتمەي موسكۋادا تۇرۇپ قالغىنىنىمۇ ۋرونسكىيدىن كۆرەتتى. ۋرونسكىي بولسا ئۇ ئارزۇ قىلغاندەك، يېزىدا ياشاشنى خالىمايتتى، ئۇنىڭغا ئارىلىشىپ ئۆتىدىغان ئۇلپەتلەر كېرەك ئىدى، نەتىجىدە ئۇ ئۇنى مانا مۇشۇنداق قورقۇنچلۇق ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى. شۇنداق تۇرۇپ ئۇ يەنە ئاننانىڭ مۇشۇ ئىشلار تۈپەيلى تارتىۋاتقان دەرد ـ ئەلەملىرىنى چۈشىنىشنى خالىمايتتى. ئاننانىڭ ئويىچە، ئۆزىنىڭ ئوغلىدىن مەڭگۈگە ئايرىلىپ كەتكەنلىكىگىمۇ ۋرونسكىي ئەيىبلىك ئىدى.

ئۇلار ئوتتۇرىسىدا كەمدىن ـ كەم بولىدىغان مېھرىبانلىقمۇ ئاننانىڭ كۆڭلىنى تىنچىتالمايتتى، ئەكسىچە ئۇنىڭ ئۆزىگە كۆرسىتىۋاتقان مېھرىبانلىقى ئىچىدىن ئۆزى بۇرۇن پەقەتلا

كۆرۈپ باقمىغان بىر خىل خاتىرجەملىكنى كۆرۈپ تېخىمۇ غەزىپى كېلەتتى.

قاراڭغۇ چۈشتى، ئاننا تېخىچە ئەرلەر بىلەن بولىدىغان بىر زىياپەتكە كەتكەن ۋرونسكىينى ساقلاۋاتاتتى. ئۇ ئۇنىڭ كۇتۇپخانىسىدا ئىدى، كۇتۇپخانىنىڭ ئىچىدە (ئۇ يەردە سىرتتىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭلار ناھايىتى ئاز ئاڭلىناتتى) تۇنۇگۇن جاڭجاللىشىپ قالغاندا دېيىلگەن گەپلەرنى ئەسلىگەچ تىنماي مېڭىپ يۈرەتتى. ئادەمنى ئوسال قىلىپ قويىدىغان بەزى گەپلەرنى قايتا - قايتا ئەسلەپ، جېدەلنىڭ نېمىدىن چىققانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇنغان پاراڭنىڭ قانداق باشلانغانلىقىنى ئاندىن تاپتى. ئاننا ئۇ جېدەلنىڭ ھېچكىمنىڭ زىتىغا تەگمەيدىغان ئەرزىمەسلا بىر ئىشتىن باشلانغىنىغا ھەرقانداق قىلىپمۇ ئۆزىنى ئىشەندۇرەلمىدى. ئەمما، جېدەل راستتىنلا شۇنىڭدىن باشلانغانىدى. ئىككىسى پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندا، ۋرونسكىي قىزلار ئوتتۇرا مەكتەپلىرىنى مەسخىرە قىلىپ، ئۇنداق مەكتەپلەرنى قۇرۇشنىڭ پەقەتلا ھاجىتى يوق، دېدى، ئاننا ئۇ مەكتەپلەرنى ئاقلاپ چىقتى. ۋرونسكىي يەنە ئاننا بېقىۋالغان ئىنگلىز قىز گاننانىڭ فىزىكا ئۆگىنىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، دېگەن گەپنى قىلدى.

بۇ گەپكە ئاننانىڭ ئاچچىقى كېلىپ قالدى. ئۇ بۇ گەپنىڭ تېگىدە مېنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىمنى ياراتماي قىلىۋاتقان تەنە بار، دەپ چۈشەنگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتقىنى ئۈچۈن ۋرونسكىيغا قارشى ئاتلاندى.

— مېنى ۋە مېنىڭ ھېسسىياتىمنى مېھرىبان ئادىمىڭىز سۆيگەندە قەدىرلىمىسىڭىزمۇ، ئەمما گەپ - سۆزدە دىققەت قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلاتتىم، — دېدى ئۇ.

ۋرونسكىي بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئاچچىقىدا قىزىرىپ كېتىپ، دېمەيدىغان بەزى سەت گەپلەرنى دەپ سالدى. ئاننا ئۆزىنىڭ

ئۇنىڭ ئۇ گەپلىرىگە نېمە دەپ جاۋاب بەرگەنلىكىنى ئېسىگە ئالالمىدى، ئەمما ئۇنىڭ ئۆزىگە سانجىپ ئېيتقان: «بۇ قىزنى بۇنچىلىك ئەتىۋارلاپ كېتىۋاتقىنىڭغا مەن قىلچە قىزىقمايمەن، چۈنكى بۇ ئەتىۋارلاشلىرىڭ ماڭا غەيرىي تەبىئىي كۆرۈنىدۇ» دېگىنى ئېسىدە ئىدى.

ئاننا ئۆزىنىڭ ئېغىر كۆنلىرىنى بىلىندۇرمەي ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن شۇنچە مۇشەققەتلەر بىلەن قۇرۇپ چىققان كىچىككىنە زېمىنىنى ۋرونسكىي دەسسەپ ـ چەيلەۋاتاتتى. ئۇ يەنە تېخى تېخىمۇ يولسىزلىق قىلىپ ئۇنى ياسىما، خەققە كۆرسىتىش ئۈچۈن شۇنداق قىلىۋاتىسەن، دەپ ئەيىبلەپمۇ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ بۇنچىلىك باغرى تاشلىقى، ئادالەتسىزلىكى ئاننانىڭ غەزەپ قاچىسىنى يېرىۋەتتى.

— مەن سىزدىن تولىمۇ ئەپسۇسلىنىۋاتىمەن، سىزگە پەقەت قوپال ماددىي نەرسىلەرلا ياقىدۇ، شۇلارنىلا تەبىئىي نەرسىلەر دەپ قارايسىز، — ئاننا گېپىنى قىلىپ بولۇپلا ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

تۈنۈگۈن ئاخشام ئۇ ئاننانىڭ ھۇجرىسىغا كىرگەندە، ئىككىلىسى ئۇ جېدەل توغرۇلۇق پەقەتلا گەپ ئاچمىدى. شۇنىڭ بىلەن كەيپىيات سەل يۇمشىغاندەك بولدى، ئەمما مەسىلە ھەل بولمىدى.

بۈگۈن ئۇ كەچكىچە ئۆيدە بولماي ئاننا تولىمۇ غېرىبسىنىپ قالدى. ئۇنىڭ بىلەن بولغان جېدەلنى ئويلىسىلا كۆڭلى يېرىم بولاتتى، ھەممىنى ئۇنتۇپ كېتىشكە تىرىشاتتى، ئۇنى كەچۈرۈپ ياخشىلىشىپ قېلىشنى ئويلايتتى، ئەيىبنى ئۆزىگە قويۇپ ئۇنى ئاقلىغۇسى كېلەتتى.

«ھەممە ئەيىب مەندە، ئاسانلا تېرىكىپ قالىمەن، سەۋەبسىز كۆنلەيمەن. ئۇنىڭ بىلەن ئەپلىشىپ يېزىغا قايتىپ كېتەيلىچۇ. ئۇ يەردە خاتىرجەم يۈرەلەيدىكەنمەن» دەيتتى ئۇ ئۆزىگە ئۆزى.

تۈيۇقسىز، ئۇنىڭ دىلىنى ئەڭ رەنجىتكەن «غەيرىي تەبىئىي»

دېگەن گەپ ئاننانىڭ ئېسىگە كېلىپ قالدى. ئۇنى رەنجىتكىنى بۇ گەپ ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ بۇ گەپنى ئۇنى ئۇياتقا قالدۇرۇش ئۈچۈن ئەتەي دېگەنلىكى ئىدى.

«مەن ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولىدىغانلىقىنى بىلىمەن. ئۇ ئۆزۈڭنىڭ قىزىنى ياخشى كۆرمەي، يات ئادەمنىڭ بالىسىنى ياخشى كۆرۈش غەيرىي تەبىئىي ئەھۋال بولماي نېمە، دېمەكچى. مېنىڭ بالىلارغا بولغان مۇھەببىتىمنى، ئۇنى دەپ سېرىيوژاغا بولغان مۇھەببىتىمنى قۇربان قىلغانلىقىمنى ئۇ قانداقمۇ چۈشەنسۇن؟ شۇنداق تۇرۇپ، ئۇ يەنە مېنىڭ دىلىمنى رەنجىتىۋاتىدۇ ! ياق، ئۇ چوقۇم باشقا بىر ئايالنى ياخشى كۆرۈپ قالدى، چوقۇم !»

ئاننا ئۆزىگە هاي بېرىش ئۈچۈن قانچە قېتىملاپ ئايلىنىپ چىققان خىيال چەمبىرىكىنى يەنە بىر قېتىم ئايلىنىپ چىقىپ، ئاخىرىغا كەلگەندە يەنە شۇ غەزەپ قاينىمىغا چۈشۈپ قېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى ـ دە، ئىختىيارسىز ئۆزىدىن ئەنسىرەپ قالدى. «ئەجەبا، مېنىڭ ئۆزۈمنى تۇتۇۋالغۇچىلىكىم يوقمۇ؟ شۇنىڭغا ئىرادەم يەتمەسمۇ؟ — ئاننا ئىچىدە ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەپ، يەنە باشتىكى خىيالىغا قايتىپ كەلدى، — ئالېكسېي سەممىي، راستچىل، مېنى ياخشى كۆرىدۇ، مەنمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىمەن. بىرنەچچە كۈنگە قالماي ئاجرىشىش رەسمىيىتىم كېلىدۇ. ماڭا يەنە نېمە كېرەك؟ خاتىرجەملىك، ئىشەنچ كېرەك، ئەمدى ئۆزۈمنىڭ مەسئۇلىيىتىمنى تاپىسام بولمايدۇ. بولدى، ئۇ قايتىپ كەلگەندە، گەرچە خاتالىق مەندە بولمىسىمۇ، خاتالىق مەندىن ئۆتتى دەيمەن، شۇنىڭدىن كېيىن ئىككىمىز يېزىغا قايتىپ كېتىمىز.»

شۇنىڭدىن كېيىن ئاننا قالايمىقان خىياللارنى قىلماي، خاپىمۇ بولماي، خىزمەتكارغا چامادانلارنى ئاچقۇزۇپ، يېزىغا ئېلىپ ماڭىدىغان نەرسىلەرنىڭ تەييارلىقىغا چۈشۈپ كەتتى.

ۋرونسكىي سائەت ئوندىن ئاشقاندا قايتىپ كەلدى.

# 24

— قانداق، كۆڭۈللۈك ئولتۇردۇڭلارمۇ؟ — دەپ سورىدى ئاننا ۋرونسكىيدىن گۇناھىنى بويىنىغا ئېلىۋاتقان ياۋاش قىياپەتتە ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ.

— يەنە شۇ بۇرۇنقىدەك، — دەپ جاۋاب بەردى ۋرونسكىي ئاننانىڭ كۆزلىرىدىن كەيپىياتىنىڭ ناھايىتى ياخشى ئىكەنلىكىنى بايقاپ. ئۇ ئاننانىڭ تۇراقسىز مىجەزىگە كۆنۈك ئىدى، ئەمما بۇگۈنكى كەيپىياتىغا ئالاھىدە خۇشال بولدى، ئۆزىنىڭ كەيپىياتىمۇ بۇگۈن ناھايىتى ياخشى ئىدى.

— بەللى، تەييارلىق قىلىپ قويۇپسەن ـ دە ! بەك ئوبدان بوپتۇ ! — دېدى ئۇ دالاندىكى چامادانلارنى كۆرسىتىپ.

— يېزىمىزغا كېتەيلىلا. بايا پەيتۇنغا ئولتۇرۇپ كوچىلارنى بىر ئايلىنىپ كەلدىم، ھاۋا شۇنداق ياخشى ئىكەن. مېنىڭ يېزىغا قايتىپ كەتكۈم كېلىپ قالدى. سېنىڭ بۇ يەردە قايتىمىساڭ بولمايدىغان ئىشىڭ يوقتۇ؟

— مەنمۇ شۇنداق ئويلاپ تۇراتتىم. كىيىملىرىمنى ئالماشتۇرۇپ چىقاي، ھازىرلا چىقىمەن، ئاندىن ئىككىمىز پاراڭلىشايلى. ئۇلارغا دەپ قوي، چاي تەييارلىسۇن.

ئۇ گېپىنى دەپ بولۇپلا كۇتۇپخانىسىغا كىرىپ كەتتى.

ۋرونسكىينىڭ خۇددى چوڭ ئادەم كىچىك بالىنىڭ كەيپسىزلىك قىلمىغانلىقىنى ماختاۋاتقاندەك تەلەپپۇزدا «بەك ئوبدان بوپتۇ» دېيىشى ئانناغا ياقمىدى، بولۇپمۇ ئاننانىڭ كەچۈرۈم سورىغاندەك قىلغان گېپى بىلەن ۋرونسكىينىڭ تەكەببۇرانە تەلەپپۇزى بەكمۇ ئېنىق سېلىشتۇرما بولۇپ قالغانىدى. شۇلارنى ئويلاپ، ئاننانىڭ غۇززىدە ئاچچىقى كەلدى،

لېكىن يەنە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ چىققان ۋرونسكىينىڭ ئالدىغا خۇشال باردى.

ۋرونسكىي كىرگەندە، ئاننا بۈگۈن كۈننىڭ قانداق ئۆتكەنلىكىنى، يېزىغا قايتىپ كېتىش پىلانلىرىنى سۆزلەپلا كەتتى، بۇ گەپلىرىنىڭ كۆپىنى ئالدىن تەييارلىۋالغانىدى.

— بىلەمسەن، بۈگۈن مەن قاتتىق ھاياجان ئىچىدە يۈردۈم، — دېدى ئۇ، — بىز بۇ يەردە نېمىدەپ ئاجرىشىش رەسمىيىتىنى ساقلاپ ئولتۇرىمىز؟ يېزىغا كەتسەكمۇ ئوخشاش ئەمەسمۇ؟ مېنىڭ موسكۋادا زادىلا تۇرغۇچىلىكىم قالمىدى. ئاجرىشىش رەسمىيىتىنى ساقلىغۇم يوق، باشقىلارنىڭ بۇ ھەقتە گەپ قىلىشلىرىنىمۇ خالىمايمەن. مەن ئاجرىشىش رەسمىيىتىنى دەپ تۇرمۇشۇمغا تەسىر يەتكۈزمەسلىك قارارىغا كەلدىم. سەن قوشۇلامسەن؟

— ھىم! — دەپ قويدى ۋرونسكىي ئاننانىڭ ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتقان چىرايىغا ئەنسىزلىك بىلەن قاراپ قويۇپ.

— ئۇ يەردە نېمە ئىشلارنى قىلدىڭ؟ كىملەر بېرىپتۇ؟ — ئاننا بىردەم جىمىپ كەتكەندىن كېيىن ۋرونسكىيدىن سورىدى.

ۋرونسكىي ئۇنىڭغا مېھمانلارنىڭ ئىسىملىرىنى دەپ بەردى.

— تاماقلىرى ناھايىتى ئېسىل ئىكەن. يەنە قولۋاق مۇسابىقىسىمۇ بولدى، شۇنداق كۆڭۈللۈك ئولتۇردۇق. لېكىن، موسكۋالىقلار بەزى بىمەنە ئىشلارنىمۇ قىلىپ قويىدىكەن. بىر ئايال بېرىپتۇ، شۋېتسىيە مەلىكىسىنىڭ سۇ ئۈزۈشنى ئۆگەتكىدىغان ئۇستازى ئىكەن، بىزگە سۇ ئۈزۈش ماھارەتلىرىنى كۆرسىتىپ بەردى.

— نېمە؟ ئۇ سۇغا چۈشۈپ ئۈزدىمۇ؟ — سورىدى ئاننا بىردىنلا قاپاقلىرىنى تۈرۈپ.

— قىزىل رەڭلىك سۇ ئۈزۈش كىيىمى كىيىۋاپتۇ، ئۆزى سەت ھەم قېرى خوتۇن ئىكەن. خوش، قاچان يولغا چىقىدىغان بولدۇق؟

— نېمىدېگەن بىمەنىلىك بۇ! ئۇنىڭ سۇدا چۆمۈلۈشلىرى

ئالاھىدىمۇ؟ — ئاننا ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمەي، ئۆزىنىڭ خىيالىغا كىرىۋالغان سوئالنى سورىدى.

— ھېچقانداق ئالاھىدىلىكى يوق، دىدىمغۇ، شۇنچىلىك بىمەنە. خوش، سەن قاچان ماڭايلى دەيسەن؟

ئاننا خۇددى خاپىلىق كەلتۈرىدىغان بىر خىيالنى كاللىسىدىن نېرى قىلماقچى بولغاندەك، بېشىنى بىر سىلكىۋەتتى.

— قاچان ماڭايلى دەمسەن؟ قانچە بالدۇر بولسا شۇنچە ياخشى. ئەتىگە ئۈلگۈرەلمەيمىز، ئۆگۈنلۈككە بولسۇن.

— خوپ ... ياق، توختا، ئۆگۈنلۈككە يەكشەنبە، ئاپامنىڭ ئالدىغا بېرىپ كېلىشىم كېرەك، — ۋرونسكىي بۇ گەپنى قىلىۋېتىپ سەل ئوڭايسىزلىنىپ قالدى، چۈنكى ئاپىسىنى تىلغا ئېلىشىغا، ئاننانىڭ ئۆزىگە شۇبھە بىلەن تىكىلىپ قالغانلىقىغا كۆزى چۈشۈپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئوڭايسىزلىنىپ قېلىشى ئاننانىڭ گۇمانىنى ئىسپاتلاپ قويغاندەك، ئاننا بىردىن قىزىرىپ كېتىپ، ئامال بار ئۇنىڭغا قارىماسلىققا تىرىشتى. ئەمدى ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىۋالغىنى شۋېتسىيە مەلىكىسىنىڭ سۇ ئۈزۈشنى ئۆگىتىدىغان مۇئەللىمى ئەمەس، بەلكى شۇ كۈنلەردە ۋرونسكىينىڭ ئاپىسى بىلەن موسكۋانىڭ سىرتىدا بىللە تۇرۇۋاتقان كىنەز قىزى سوروكىننا بولدى.

— ئەتە ماڭالامسەن؟ — سورىدى ئاننا.

— ياق، بولمايدۇ. مەن بېجىرىۋاتقان ھېلىقى ئىشنىڭ ۋاكالەتنامىسى بىلەن پۇلنىڭ ئىشى ئەتىمۇ پۈتمەسلىكى مۇمكىن، — دىدى ۋرونسكىي جاۋاب بېرىپ.

— ئەمىسە بىز يېزىغا كېتەلمەيدىكەنمىز - دە.

— نېمىشقا ئۇنداق دەيسەن؟

— ئۇنىڭدىن كېيىنگە قالساق مەن كەتمەيمەن. ماڭساق دۈشەنبە كۈنى ماڭىمىز، بولمىسا مەن ماڭمايمەن.

— بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟ — دىدى ۋرونسكىي ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىنىڭ تېگىگە يېتەلمەي، — نېمىدېگەن يولسىزلىق بۇ!

— ئەلۋەتتە، مېنىڭ گېپىم ساڭا يولسىزلىق بولۇپ تۇيۇلىدۇ، چۈنكى سەن مېنى نەزىرىڭگە ئالمايدىغان بولۇپ قالدىڭ ـ دە. يا مەندىن قانداق كېتىۋاتىسەن، دەپ سوراپ قويمايسەن. بۇ يەردە ماڭا بىردىنبىر ئەمەك بولۇپ تۇرۇۋاتقىنى گاننا ئىدى، ئۇنىڭغا قىلىۋاتقان غەمخورلۇقلىرىمنى ياسىمىلىق، دېدىڭ. تۇنۇگۈن يەنە قىزىمنى ياخشى كۆرمەيسەن، ئۇ ئىنگلىز قىزنى ياخشى كۆرۈشۈڭمۇ كۆرۈنۇشتىكى ياخشى كۆرۈش، غەيرىي تەبىئىي، دېدىڭ. سەندىن سوراپ باقاي، مەن بۇ يەردە قانداق ياشىسام تەبىئىي ياشىغان بولىمەن؟

ئاننا بىردىنلا ئۆزىگە كېلىپ، ئۆزىنىڭ تېخى بايىلا قىلغان ۋەدىسىنى بۇزغانلىقىغا قاتتىق ھەيران قالدى. بۇنداق قىلىشىنىڭ ئۆزىنى خاراب قىلىشقا ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۆزىنى تۇتالمىدى، ۋرونسكىينىڭ ناھەق ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى دەۋالمىغۇچە بولدى قىلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

— مەن ھېچقاچان ئۇنداق دېگىنىم يوق، خەقنىڭ بالىسىغا تۇيۇقسىز ئامراق بولۇپ كېتىۋاتقىنىڭنى ياقتۇرمىدىم شۇ.

— ئۆزۈڭنى كۆڭلۈم تۈز ئادەممەن، دەپ ماختاشنى بىلىسەنغۇ، نېمىشقا راست گېپىڭنى ئېيتمايسەن؟

— مەن ئەزەلدىن ئۆزۈمنى ماختاپ باقمىغان، يالغان سۆزلەپمۇ كۆرمىگەن، — ۋرونسكىي ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆرتەپ تۇرغان غەزىپىنى زورغا بېسىۋېلىپ، بوش ئاۋازدا گەپ قىلاتتى، — ئەپسۇس، سەن ھۆرمەت ...

— ھۆرمەت دېگەن بۇ سۆز پەقەت مۇھەببەت يوقالغان يەرەكنى نىقابلاش ئۈچۈنلا ئېيتىلىدۇ. ئەگەر مەندىن كۆڭلۈڭ سوۋۇپ قالغان بولسا، راست گېپىڭنى قىل.

— مېنىڭ چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى ! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى ۋرونسكىي ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ. ئاندىن ئاننانىڭ ئالدىغا كېلىپ ئالدىرىماي گەپ قىلدى، — سەن نېمىشقا مېنىڭ سەۋر ـ تاقىتىمگە ئوت ياقىسەن؟ — ئۇ بۇ گەپنى خۇددى يەنە

نۇرغۇن گەپلەرنى دېمەكچى بولۇۋاتقان قىياپەتتە ئۆزىنى بېسىپ تۇرۇپ دېدى، — ھەرقانداق ئىشنىڭ چېكى بولىدۇغۇ.

— بۇ گېپىڭىز بىلەن نېمە دېمەكچىسىز؟ — دەپ ۋارقىراپ كەتتى ئاننا ۋرونسكىينىڭ چىرايىغا، بولۇپمۇ شەپقەتسىز كۆزلىرىدە چاقناپ تۇرغان نەپرەت ئوتىغا چۆچۈگەندەك قاراپ تۇرۇپ.

— مەن شۇنداق دېمەكچىمەنكى ... — ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى قىلماي توختاپ قالدى، — سىز زادى مېنى نېمە قىل دەيسىز؟

— مەن سىزدىن نېمىنى تەلەپ قىلالايتتىم؟ مەن پەقەت سىزدىن بىرلا نېمىنى، مېنى ئۆزىڭىز ھازىر ئويلاۋاتقاندەك تاشلاپ كەتمەسلىكىڭىزنىلا تەلەپ قىلىمەن، — دېدى ۋرونسكىينىڭ دېمەي ئىچىگە يۇتۇۋەتكەن گېپىنىڭ نېمە گەپ ئىكەنلىكىنى بىلگەن ئاننا، — لېكىن، بۇ مۇھىم ئەمەس، مۇھىمى مۇھەببەت، ماڭا لازىمى شۇ. ئەمما، ئۇ ھازىر يوقاپ كېتىۋاتىدۇ، ئۇ يوقالسا ئىشنىڭ تۈگىگىنى شۇ.

ئاننا ئىشىككە قاراپ ماڭدى.

— توختا ! توخ ... تا ! — ۋرونسكىي قاپىقىنى ئاچماي، ئاننانى بىلىكىدىن تۇتۇۋالدى، — بۇ زادى نېمە گەپ؟ مەن ساڭا ئۈچ كۈندىن كېيىن ماڭايلى، دېسەم، سەن مېنى يالغان ئېيتىۋاتىسەن، سەممىيەتسىز ئادەمسەن، دەۋاتىسەنغۇ !

— شۇنداق دېگىنىم راست، يەنە بىر قېتىم دەپ قوياي: سەن سېنىڭ ئۈچۈن ھەممە نېمەدىن كېچىشكە تەييارمەن، دېگەن تۇرۇقلۇق، يەنە مېنى ئەيىبلەۋاتىسەن، — ئاننا يېقىندىلا بولغان جېدەلدە دېگەن گېپىنى يادىغا ئېلىپ، ھازىرمۇ شۇ گەپنى قىلدى، — سەن سەممىيەتسىز ئادەمدىنمۇ ئۆتە يامان ئادەمسەن، ساڭا ئوخشاش ئادەملەردە ۋىجدان دېگەن نەرسە بولمايدۇ.

— ياق ! سەۋر - تاقەتنىڭمۇ چېكى بار ! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى ۋرونسكىي ئۇنىڭ قولىنى قويۇۋېتىپ.

«ئۇ ماڭا ئۆچ بولۇپ كېتىپتۇ، گەپلىرىدىن چىقىپ تۇرىدۇ.»

ئاننا شۇ خىيال بىلەن بېشىنى كۆتۈرمەي مېڭىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

«ئۇ باشقا بىر خوتۇننى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ، شۇنداقلىقى بارغانسېرى روشەنلىشىۋاتىدۇ، — دېدى ئاننا ھۇجرىسىغا كىرگەندىن كېيىن ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەپ، — مەن مۇھەببەتكە موھتاج ئىدىم، لېكىن ئۇنىڭغا ئېرىشەلمەي كېلىۋاتىمەن، شۇنىڭدىن قارىغاندا، ھەممە ئىش تۈگەپتۇ، تۈگەيدىغان يېرىگىمۇ بېرىپ قالغان.»

«ئەمدى مەن قانداق قىلىشىم كېرەك؟» ئاننا ئەينەكنىڭ ئالدىدىكى ساپادا ئولتۇرۇۋېتىپ ئۆزىدىن شۇنداق سوراپ قويدى.

ئەمدى ئۇ نەگە بېرىشى كېرەك: كىچىككىدىن بېقىپ چوڭ قىلغان ھاممىسىنىڭ يېنىغا بارسۇنمۇ ياكى دوللىنىڭ قېشىغىمۇ؟ ۋە ياكى چەت ئەلگە چىقىپ كەتسۇنمۇ؟ ھازىر ئۇ كۇتۇپخانىسىدا ئۆزى يالغۇز نېمە قىلىپ ئولتۇرىدىغاندۇ؟ بۈگۈنكى بۇ جېدەل ئادا ـ جۇدا بولۇپ كېتىدىغان جېدەل بولۇپ قالارمۇ ياكى يەنە يارىشىپ قالارمىزمۇ؟ ئادا ـ جۇدا بولۇپ كەتسەك، پېتېربۇرگدىكى تونۇش ـ بىلىشلىرىم مېنى نېمە دەر؟ كارېنىن قانداق ئويلاپ قالار؟ شۇنداق بولۇپ قالسا، شۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىشىم كېرەك؟ ئۇنىڭ كاللىسىدا خىلمۇخىل خىياللار كېزەتتى، لېكىن ئۇ خىياللارنىڭ بىرىگىمۇ تولۇقى بىلەن جاۋاب بېرەلمەيۋاتاتتى. ئۇنىڭ كاللىسىدا ئۇنى قىزىقتۇرۇۋاتقان قانداقتۇر غۇۋا بىر خىيالمۇ بار ئىدى، ئەمما ئۇ قانداق خىيال، بۇنى ئېنىق ھېس قىلالمايتتى. ئۇنىڭ خىيالى يەنە كارېنىنغا، تۇغۇتتىن كېيىن قاتتىق ئاغرىپ يېتىپ كەتكەن چاغلاردىكى ئىشلارغا ۋە شۇ كۈنلەردە كاللىسىنى چىرمىۋالغان بەزى ئويلىرىغا كەتتى. «مەن نېمىشقا ئۆلۈپ كەتمىدىم!» ئۇشتۇمتۇت، ئۇنىڭ ئېسىگە شۇ چاغدا قىلغان شۇ گېپى بىلەن شۇ چاغدىكى روھىي ھالىتى كېلىپ قېلىپ، بىردىنلا ئۆزىنىڭ قانداق قىلىشى كېرەكلىكىنى بىلگەندەك بولدى ۋە ئۇ ئويىنى

يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىگە سىلىپ قويدى. توغرا، ھەممە باش ئاغرىقلىرىدىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر يولى شۇ. «شۈنداق، ئۆلۈش كېرەك ! ...»

«ئالېكسېي ئالېكساندروۋىچ، سېرىيوژا ھەم مەن ئۇچرىغان ھاقارەتلەرنىڭ ھەممىسى پەقەت مېنىڭ ئۆلۈمۈم بىلەنلا يۇيۇلۇپ كېتىدۇ، ئىشلارمۇ شۇ چاغدا ئىزىغا چۈشىدۇ. مەن ئۆلۈپ كەتسەم ئۇنىڭ پۇشايمان قىلىدىغىنى ئېنىق، شۇ چاغدىلا مېنى ياخشى كۆرىدىغان بولىدۇ ھەم مەن ئۈچۈن تۈگىمەس ئازابلارنى تارتىدۇ.» ئۇنىڭ جاۋغىيىدا ئۆزىگە ئۆزى ئېچىنىۋاتقاندەك بىر خىل كۈلكە پەيدا بولۇپ ناھايىتى تېزلا ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ ساپادا ئولتۇرۇپ، بارماقلىرىدىن ئۈزۈكلەرنى ئالاتتى، يەنە سالاتتى ۋە ئۆزى ئۆلگەندىن كېيىن ۋرونسكىينىڭ نېمە بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى ھەر تەرەپتىن ئويلاپ كېتەتتى.

بارغانسېرى يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان ئاياغ تىۋىشى ئاننانىڭ خىياللىرىنى چېچىۋەتتى. ئاننا ئۈزۈكلىرىنى رەتلەۋاتقاندەك بولۇۋېلىپ، قايرىلىپ ئۇنىڭغا قارىمىدى.

ۋرونسكىي ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭ قولىنى قولى ئۈستىگە ئالدى ـ دە، پەس ئاۋازدا.

— ئاننا، ئەگەر خالىساڭ، ئۆگۈنلۈككە ماڭايلى، سەن نېمە دېسەڭ شۇ، — دېدى.

ئاننا ئۈنچىقمىدى.

— سېنىڭ پىكرىڭچۇ؟ — سورىدى ئۇ ئاننادىن.

— ئۆزۈڭ بىلىسەنغۇ ... — ئاننا باشقا گەپ قىلالماي ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتى.

— مېنى تاشلىۋەت ! تاشلىۋەت ! — بۇ گەپلەرنى يىغلاپ تۇرۇپ دېدى، — مەن ئەتە كېتىمەن ... مېنىڭ يەنە قىلىدىغان ئىشلىرىم بار. مەن كىم ئىدىم؟ مەن بىر بۇزۇق خوتۇن، ساڭا ئارتىلىۋالغان ئېغىر يۈك. مەن سېنى قىيناشنى خالىمايمەن ! ئەمدى ھەرگىز قىينىمايمەن ! سېنى ئەركىنلىككە چىقىرىپ

قويمەن. سەن مېنى ياخشى كۆرمەيسەن، باشقا بىرىنى ياخشى كۆرسەن !

ۋرونسكىي يېلىنىپ - يالۋۇرۇپ ئانىنادىن ئۆزىنى بىسۋېلىشنى سورايتتى، مەندە سەن كۆڭلىڭگۇدەك ھېچنېمە يوق، ساڭا بولغان مۇھەببىتىم ئازراقمۇ سۇسلاشمىدى، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ مەڭگۈ سۇسلاشمايدۇ، سېنى ئىلگىرىكىدىنمۇ بەكرەك ياخشى كۆرىمەن، دەپ ئۇنىڭغا ۋەدىلەرنى بېرەتتى.

— ئاننا، نېمىشقا ئۆزۈڭنىمۇ، مېنىمۇ قىينايدىغانسەن؟ — دېدى ۋرونسكىي ئۇنىڭ قولىغا سۆيۈپ تۇرۇپ. ۋرونسكىينىڭ چىرايىدا مېھرىبانلىق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئاننا ئۇنىڭ ئاۋازىدىن يىغا ئارىلاش بىرنەرسە ئاڭلىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدى، قولىغىمۇ بىرنەچچە تامچە ياش تامچىلىغاندەك بولدى. ئەمدى ئۇنىڭ ئوتتەك رەشكى تەلۋىلەرچە يالقۇنلۇق مۇھەببەتكە ئايلىنىپ ئۇنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى، قوللىرىغا، بېشىغا، بوينىغا توختىماي سۆيۈپ، لەۋلىرىدە ساناقسىز ئىزلارنى قالدۇردى.

## 25

ئەتىسى ئەتىگەندە، ۋرونسكىي بىلەن پۈتۈنلەي ئەپلىشىپ قالدۇق، دەپ ئويلىغان ئاننا يېزىغا كېتىشنىڭ تەييارلىقىغا چۈشۈپ كەتتى. تۈنۈگۈن ئىككىسى بىر - بىرىگە يول قويۇشۇپ، ھەپتىنىڭ بىرى ماڭامدۇ ياكى ئىككىسى ماڭامدۇ، تېخى بېكىتىشمىگەنىدى، شۇنداقتىمۇ ئاننا جىددىي تەييارلىق قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر كۈن بۇرۇن، بىر كۈن كېيىن بولسىمۇ بەرىبىر ئىدى. ۋرونسكىي كىيىملىرىنى كىيىپ بولۇپ، ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا كۈندىكىدىن بالدۇر كىرىپ كەلگەندە،

ئۇ ئاغزى ئوچۇق بىر چامادانىنىڭ يېنىدا ئۆرە تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ كىيىملىرى بىلەن نەرسە ـ كېرەكلىرىنى رەتلەۋاتاتتى.

— مەن ھازىر ئاپامنىڭ يېنىغا بېرىپ كېلەي، پۇلنى يېگوروف ئارقىلىق ئەۋەتىپ بېرىشنى دەپ قويمىسام بولمايدۇ، ئاندىن ئەتە يولغا چىقىمىز، — دېدى ۋرونسكىي.

ئانىنىڭ كەيپىياتى ناھايىتى ياخشى بولسىمۇ، لېكىن ۋرونسكىي داچىغا ئاپىسىنىڭ ئالدىغا بارىدىغانلىقىنى دېگەندە، يۈرىكىگە يىڭنە سانجىلغاندەك بولۇپ كەتتى.

— بۈگۈن ماڭىدىغانغا بەرىبىر مەنمۇ ئۈلگۈرەلمەيتتىم، — ئۇ ئاغزىدا شۇنداق دېگىنى بىلەن، كۆڭلىدە: «بۇ گەپچە، ئۇ مېنىڭ دېگىنىمدەك قىلىدىغان ئوخشىمامدۇ» دەپ ئويلىدى. ئاندىن باشتىكى گېپىگە ئۇلاپ دېدى، — بوپتۇ، ئىختىيارىڭ. تاماقخانىغا كىرىپ تۇرغىن، مەنمۇ ھازىر كىرىمەن، بۇ نەرسىلىرىمنى ئايرىۋالاي، — ئۇ شۇ گەپلەر بىلەن تەڭ ئاننۇشكانىڭ بىلىكىگە قولىغا ئالغان كىيىملەرنى ئارتىپ قويدى، ئۇنىڭسىزمۇ ئاننۇشكانىڭ قولىدا نۇرغۇن كىيىملىرى بار ئىدى.

ئانىنا تاماقخانىغا كىرگەندە، ۋرونسكىي پىشۇرۇلغان كالا گۆشى يەۋاتاتتى.

— دېسەم ئىشەنمەسلىكىڭ مۇمكىن، بۇ ئۆيلەردىن مەن شۇنچىلىك زېرىكتىم، — دېدى ئۇ ۋرونسكىينىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرۇپ قەھۋە ئىچكەچ، — ئادەمنى بۇ ئۆيلەردەك بىزار قىلىدىغان ئۆيلەر ھېچ يەردە تېپىلماس دەيمەن. شۇنداق سۆرۈن، شۇنداق سوغۇق، مۇنۇ تام سائىتى، مۇنۇ پەردىلەر، بولۇپمۇ تامغا چاپلانغان مۇنۇ گۈللۈك قەغەزلەرنىڭ سەتلىكىچۇ، ئادەمنىڭ چۈشىگە كىرىپ قالسا قارا بېسىپ قالغۇدەك. مەن ۋوزدۋىژېنسكنى خۇددى جەننەتنى سېغىنغاندەك سېغىندىم. ئاتلارنى قايتۇرۇۋەتمىگەن بولغىيدىڭ؟

— ياق تېخى، بىز ماڭغاندا قايتۇرۇۋېتىمەن، بىر يەرگە

بارماقچىمىدىڭ؟

— ۋىلسوننىڭ قېشىغا بېرىپ كېلەيمىكىن دېۋىدىم. ئۇنىڭغا كۆڭلەكلىرىمنى ئاپىرىپ بېرىشىم كېرەك. ئەتە يولغا چىقىشىمىز ئېنىقمۇ؟ — سوراپ قويدى ئۇ تولىمۇ خۇشخۇيلۇق بىلەن، لېكىن يەنە بىردەمدىلا چىرايى ئۆزگىرىپ كەتتى.

شۇ ئارىلىقتا، ۋرونسكىينىڭ خىزمەتكارى كىرىپ ئۇنىڭدىن پېتېربۇرگدىن كەلگەن تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋالغانلىقىغا قول قويغان قەغەزنى سورىدى. ۋرونسكىي ئانچە مۇھىم ئەمەس بىر پارچە تېلېگرامما تاپشۇرۇۋالغانىدى، لېكىن هازىر ئۇ خۇددى تېلېگراممىدىكى مۇھىم بىر ئىشنى يوشۇرۇۋاتقاندەك، كۇتۇپخانامدا، ئۆزۈڭ كىرىپ ئېلىۋال، دەپ قويۇپ، ئارقىدىن بىر نەرسىدىن هودۇقۇپ تۇرۇۋاتقاندەك، ئاننىغا:

— ئەتىگىچە ئىشلىرىمنى چوقۇم پۈتكۈزۈپ بولىمەن، — دەپ قويدى.

— كىمدىن كەلگەن تېلېگرامما ئۇ؟ — سورىدى ئاننا ئۇنىڭ ئۇ گېپىگە ئېرەن قىلماي.

— ستىۋادىن، — بۇ جاۋابنى ناهايىتى تەستە بەردى ۋرونسكىي.

— ئۇنىڭ بولسا نېمىشقا ماڭا كۆرسەتمەيسەن؟ ئەجەبا، ستىۋانىڭ مەندىن يوشۇرىدىغان بىرەر ئىشى بارمىدى؟

ۋرونسكىي خىزمەتكارنى توختىتىۋېلىپ، تېلېگراممىنى ئاچىقىپ بېرىشكە بۇيرۇدى.

— راستىمنى دېسەم، ساڭا كۆرسەتكۈم كەلمىدى، چۈنكى ستىۋا تېلېگراممىغا ئامراق، ئادەتتىكى ئىشلارغىمۇ تېلېگرامما ئەۋەتىپ تۇرىدۇ. بۇنداق باش - ئۇچى يوق ئىشقا تېلېگرامما ئەۋەتىپ نېمە قىلىدۇ؟

— كارېنىن بىلەن ئاجرىشىش توغرىسىدىمىكەن؟

— هەئە، ئىشلاردا ئىلگىرىلەش يوق، بىر - ئىككى كۈنگىچە جاۋابنى بېرىدىغان بولدى، دەپتۇ. مانا، ئۆزۈڭ كۆرۈپ باق.

ئاننا تېلېگراممىنى تىترەپ تۇرغان قوللىرىغا ئېلىپ،

ۋرونسكىي دېگەن مەزمۇننى كۆرۈپ چىقتى. تېلېگراممىنىڭ ئاخىرىدا: «ئۈمىد ئازراق، شۇنداقتىمۇ تىرىشىپ كۆرىمەن» دېگەن گەپلەر بار ئىدى.

— تۈنۈگۈن مەن ساڭا قاچان ئاجرىشىمەن، ئاجرىشالامدىمەن، يوق، مەن ئۈچۈن بەرىبىر دېگەنغۇ، — دېدى ئاننا قىزىرىپ كېتىپ، — شۇڭا، مەندىن يوشۇرۇشنىڭ هاجىتى يوق ئىدى، — ئارقىدىنلا ئۇ ئىچىدە ئويلاپ قالدى، «قارىغاندا، ئۇ باشقا ئاياللار بىلەن خەت يېزىشىپ تۇرغان بولسا، ئۇنىمۇ مەندىن يوشۇرىدىكەن - دە.»

— ياشۋىن بۈگۈن ئەتىگەندە ۋويتوف بىلەن بىللە كەلمەكچىدى، — دېدى ۋرونسكىي، — ئاڭلىسام، ئۇ پېستىسوفنىڭ ئاتمىش مىڭ رۇبلى پۇلىنى ئۇتۇۋېلىپ ئۇنى ۋەيران قىلىۋېتىپتۇ، ئۇ ئەمدى ئۆزىنى ئوڭلىيالمايدۇ.

— ياق ! — دېدى ئاننا غەزەپ بىلەن. ۋرونسكىي ئۇنىڭ ئاچچىقى كېلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، گەپنى باشقا مەزمۇنغا يۆتكىۋەتكەندى، — بۇ سىزنىڭ مېنى بۇ خەۋەرگە قىزىقىدۇ، دەپ ئويلاپ مەندىن يوشۇرغىنىڭمىدى؟ مەن ساڭا بۇ ئىشنى ئويلاپمۇ قويمايدىغانلىقىمنى دېگەن ھەم سېنىڭدىنمۇ ماڭا ئوخشاش پوزىتسىيىدە بولۇشنى تەلەپ قىلغانمەن.

— مەن بۇ ئىشنىڭ ئېنىق بولۇپ كېتىشىنى ئويلاپ كۆڭۈل بۆلۈۋاتىمەن.

— ئېنىقلىق شەكىلدە ئەمەس، مۇھەببەتتە بولۇش كېرەك، — دېدى ئاننا ۋرونسكىينىڭ سۆزلىرىگە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ سوغۇق قانلىق بىلەن قىلىۋاتقان گەپلىرىنىڭ ئۇرانىغا قاراپ بارغانسېرى ئاچچىقى كېلىپ، — ساڭا ئۇنىڭ نېمىگە كېرىكى بار؟

«ۋاي خۇدايىم، يەنە مۇھەببەت توغرىسىدا گەپ باشلاندى» دەپ ئويلىدى ۋرونسكىي ئىچىدە.

— نېمىگە كېرىكى بارلىقىنى ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن، سەن

ئۇچۇن، كەلگۈسىدىكى باللىرىمىز ئۇچۇن كېرىكى بار.
— ئەمدى بالا بولمايدۇ.
— بۇ گېپىڭدىن بەكمۇ ئەپسۇسلىنىۋاتىمەن، — دېدى ۋرونسكىي.
— سەن باللىرىڭنىلا ئويلاپ، مېنى ئازراقمۇ ئېسىڭگە ئېلىپ قويمايدىكەنسەن - دە؟ — دېدى ئاننا، ۋرونسكىينىڭ «سەن ئۇچۇن، كەلگۈسىدىكى باللىرىمىز ئۇچۇن» دېگەن گېپىنى ئۇنتۇپ قالغان ياكى ئاڭلىمىغاندەك، ئۇنى سوراقفا تارتىپ.
بالا كۆرۈش - كۆرمەسلىك ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇندىن بېرى دەتالاشتا تۇرۇۋاتقان ھەم ئاننانىڭ ئەڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرىدىغان مەسىلە ئىدى. ئاننا ۋرونسكىينىڭ يەنە بالا كۆرۈش ئارزۇسىنى مېنىڭ ھازىرقى چىرايىمنى ساقلاپ قېلىشىمنى خالىمايدۇ، دەپ چۈشىنەتتى.
— ۋاي - ۋۇي، مەن بىرىنچى بولۇپ، سەن ئۇچۇن، دەپ ئېنىق ئېيتتىمغۇ. مۇھىمى سەن ئۇچۇن - دە، — دېدى ۋرونسكىي گويا بىر يېرى قاتتىق ئاغرىۋاتقاندەك قوشۇمىسىنى تۈرۈپ تۇرۇپ، — سېنىڭ مۇشۇنداق تېرىككەكلىكىڭ ئورنۇڭنىڭ تايىنسىزلىقىدىن بولۇۋاتىدۇ.
«ئۇ گەپ ياسىماي ئۇدۇللا گەپ قىلىشقا باشلىدى - دە. دېمەك، ئۇ ئەمدى ماڭا رەھىمسىزلىك بىلەن ئۆچمەنلىك قىلىشقا باشلاپتۇ» دەپ ئويلىدى ئاننا ۋرونسكىينىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي ئىچىدە. لېكىن، كۆزلىرى ئۇنىڭ ئۆزىگە قاراپ تۇرغان سوتچىنىڭ كۆزلىرىدەك رەھىمسىز كۆزلىرى بىلەن ئۇچراشقاندا ئىختىيارسىز شۈركۈنۈپ كەتتى.
— سەۋەب ئۇنىڭدا ئەمەس، — دېدى ئاننا، — مەن بىر نەرسىگە ھەيران، ھازىر مەن پۈتۈنلەي سېنىڭ ئىختىيارىڭدا تۇرسام، مېنىڭ تېرىككەكلىكىمگە ئۇ ئىش قانداق سەۋەب بولالايدۇ؟ ئورنۇڭنىڭ تايىنسىزلىقى دېگەن قانداق گەپ؟ تامامەن ئۇنىڭ ئەكسىچۇ؟

— سىنىڭ مېنىڭ مەقستىمنى چۈشەنمىگىنىڭدىن بەكمۇ ئەپسۇسلىنىۋاتىمەن، ئانا، — ۋرونسكىي ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى دەۋىلىش ئۈچۈن جاھىللىق بىلەن ئاننانىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى، — سەن مېنى كۆڭلى پۈتۈنلەي بۆلۈنۈپ كەتتى، دەپ ئويلاپ يۈرگىنىڭ ئۈچۈن، سىنى تايىنسىزلار قاتارىغا چىقىرىۋەتكەنمەن.

— بۇنىڭدىن سەن خاتىرجەم بولساڭ بولىدۇ، — ئاننا شۇ گەپنى دەپلا قەھۋە ئىچىش ئۈچۈن كەينىگە ئۆرۈلدى.

ئاننا چىمەلتىكىنى چەتنىتىپ تۇرۇپ قەھۋە ئىستاكاننى ئاغزىغا ئېلىپ باردى. بىرنەچچە يۇتۇم ئىچكەندىن كېيىن ۋرونسكىيغا لەپپىدە بىر قاراپ، ئۇنىڭ چىرايىدىن ئۆزىنىڭ قولى، تۇرقى ۋە ئاۋازىدىن بىزار بولۇۋاتقاندەك بىر ئالامەتنى سېزىپ قالدى.

— ئاپاڭنىڭ نېمە ئويلاۋاتقىنى، ساڭا كىمنى ئېلىپ بەرمەكچى بولۇۋاتقىنى بىلەن مېنىڭ كارىم يوق، — دېدى ئاننا تىترىگەن قولى بىلەن ئىستاكاننى ئۈستەلگە قويۇپ.

— بىز ھازىر بۇ توغرۇلۇق گەپ قىلىشمىدۇققۇ.

— ياق، مۇشۇ توغرۇلۇق پاراڭلىشىمىز. ساڭا راست گەپنى قىلسام، مەيلى قېرى ياكى ياش، مەيلى سېنىڭ ئاپاڭ ياكى باشقا ئايال بولسۇن، ئىنساپىي يوق ئاياللارلا بولسا، ئۇنداق ئاياللار مېنىڭ كۆڭلۈمگە يات، شۇڭا مەن ئۇنىڭ ئىشلىرى توغرۇلۇق قىلىنغان گەپلەرنى ئاڭلاشنى خالىمايمەن.

— ئاننا، مېنىڭ ئاپام توغرىسىدا بۇنداق ھۆرمەتسىزلىك بىلەن گەپ قىلماسلىقىڭنى سورايمەن.

— ئوغلىنىڭ بەختى بىلەن شان ـ شەرىپىنىڭ نەدىلىكىنى بىلمىگەن ئايالدا ئىنساپمۇ بولمايدۇ.

— ساڭا يەنە بىر قېتىم دەپ قوياي، مەن ھۆرمىتىنى قىلىدىغان ئاپام توغرىسىدا ھۆرمەتسىزلىك بىلەن ئۇنداق گەپلەرنى قىلمىغىن، — دەپ ۋارقىرىدى ۋرونسكىي ئانناغا

ئاچچىقى بىلەن جىددىي قاراپ.

ئاننا ئۇنچىقمىدى، ۋرونكسىيغا، ئۇنىڭ چىرايىغا، قوللىرىغا تىكىلىپ تۇرۇپ، تۈنۈگۈن ياخشىلىشىپ قالغاندىن كېيىنكى ئىشلارنى، ئۇنىڭ يالقۇنلۇق شېرىن مۇئامىلىلىرىنى بىر - بىرلەپ ئەسلەپ چىقتى. «ئۇ باشقا خوتۇنلارغىمۇ ئاشۇنداق شېرىن مۇئامىلە قىلىشى مۇمكىن. قىلىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ قىلىدۇ» دەپ ئويلىدى ئىچىدە.

— سېنىڭ ئاپاڭغا مېھرىڭ يوق، مېھرىڭ پەقەت تىلىڭنىڭ ئۇچىدىلا، — دېدى ئۇ ۋرونسكىيغا نەپرەت نەزىرى بىلەن تىكىلىپ تۇرۇپ.

— سېنىڭ دەيدىغىنىڭ شۇلا بولىدىغان بولسا، ئەمىسە ...

— شۇنداق قىل، هازىرلا بىر تەرەپ قىلىۋەت، مەن ئاللىبۇرۇن بىر قارارغا كېلىپ بولغان! — ئاننا شۇ گەپنى قىلىپلا ئۆيدىن چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ تۇراتتى، شۇ ئارىدا ياشۋىن كىرىپ كەلدى. ئاننا ئۇنىڭ بىلەن سالاملىشىپ توختاپ قالدى.

ئاننا ئاچچىقى ئۆرلەپ پەلەككە يەتكەندە، ئەمدى قورقۇنچلۇق بىر ئىش چىقىشى مۇمكىن، دەپ تۇرغان هايات - ماماتلىق پەيتىدە، بۇ ئىشلانى بەربىر ئاڭلىشى مۇمكىن بولغان ياشۋىننىڭ ئالدىدا ئۆزىنى قانداق قىلىپ هېچ ئىش بولمىغانغا سالالىدى؟ بۇنىڭ سەۋەبىنى ئاننانىڭ ئۆزىمۇ دەپ بېرەلمەيتتى. ئۇ شۇئان ئىچكى هاياجىنىنى بېسىپ ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى - دە، مېهمان بىلەن پاراڭلىشىپ كەتتى.

— خوش، ئىشلىرىڭىز قانداقراق كېتىۋاتىدۇ؟ قەرز هۆججەتلىرىڭىزنى يىغىۋالالىدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ ياشۋىندىن.

— قەدىر ئەھۋال. هەممىسىنى يىغىۋالالمايدىغان ئوخشايمەن. چارشەنبە ماڭماقچى بولۇۋاتىمەن. سىلەرچۇ؟ — سورىدى ياشۋىن ۋرونسكىيغا كۆزىنى قىسىپ قاراپ قويۇپ. ئۇ بۇلارنىڭ تېخى

يېڭىلا جېدەللىشىپ قالغانلىقىنى سەزگەندى.

— ئۆگۈنلۈككە ماڭارمىزمىكىن، — دېدى ۋرونسكىي.

— يېزىغا كېتىمىز دەپ يۈرگىنىڭلارغىمۇ خېلى بولغانغۇ دەيمەن؟

— ئەمدى بىر قارارغا كەلدۇق، — دېدى ئاننا ۋرونسكىيغا يەنە يارىشىپ قالارمىكىن، دەپ ئويلىماي، دەۋاتقاندەك قاراپ قويۇپ.

— ئاشۇ بىچارە پېستسوفقا ئىچىڭىز ئاغرىمامدۇ سىزنىڭ؟ — دېدى ئاننا ياشۋىن بىلەن داۋاملىق پاراڭلىشىپ.

— مەن ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىش - ئاغرىتماسلىقنى ھازىرغىچە ئويلاپ باققىنىم يوق، ئاننا ئاركادىيېۋنا. كۆردىڭىزمۇ، مېنىڭ پۈتۈن بايلىقىم مانا مۇشۇنىڭ ئىچىدە، — دېدى ئۇ يانچۇقىنى كۆرسىتىپ، — شۇ تاپتا مەن باي ئادەممەن، ئەمما ھازىر كۇلۇبقا كىرسەم ئۇ يەردىن گاداي بولۇپ يېنىپ چىقارمەن. كىملا بولسۇن، مەن بىلەن قىمار ئوينىغان ئادەم ھەممە پۇلىنى ئۇتۇۋېلىپ ھېچنېمىسىنى قويمىسام، دەپ ئويلايدۇ، مەنمۇ ھەم شۇنداق ئويلايمەن. بىز ئەنە شۇنداق قىمار دېسە جېنىمىزنى بېرىدىغان ئادەملەر. بىز ئۆزىمىزگە شۇنىڭدىن خۇشاللىق تاپىمىز.

— ئەگەر سىز ئۆيلەنگەن بولسىڭىز، — دېدى ئاننا، — خوتۇنىڭىز قانداق قىلاتتىكىن؟

ياشۋىن كۈلۈپ كەتتى.

— مەن شۇ سەۋەبتىن ئۆيلەنمىگەن بولسام كېرەك ھەم مەڭگۈ ئۆيلەنمەي مۇشۇنداق ئۆتۈپ كېتىشىممۇ مۇمكىن.

— ئەمىسە گېلسىنگفورسنى قانداق قىلىسەن؟ — دېدى ۋرونسكىي گەپكە ئارىلىشىپ ۋە كۈلۈپ ئانناغا قاراپ قويدى.

كۆزلىرى ئۇچرىشىپ قالغاندا، ئاننا خۇددى: «قىلغانلىرىڭنى ئۇنتۇپ قالغىنىم يوق، ئەمدى ھەرگىز ئېرىمايمەن» دېگەندەك قىلىپ، دەررۇ ئۆزگىرىپ قاپاقلىرىنى تۈرۈۋالدى.

— سىز راستىنلا بىرەر قىز بىلەن مۇھەببەتلىشىپ باقمىغانمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ ياشۋىندىن.

— ھە ياق، نۇرغۇن قىزلار بىلەن مۇھەببەتلەشكەن. بىراق، شۇ ... بىلەمسىز، قارتا ئويناشقا ئولتۇرۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئۇ قىز بىلەن كۆرۈشۈشكە ۋەدىلىشىپ قويغان ۋاقتىڭىز توشۇپ قالغان بولسا، ئورنىڭىزدىن تۇرۇپلا يۈگۈرمىسىڭىز بولمايدۇ. مەن قىزلار بىلەن مۇھەببەتلىشىشكە يارايمەن، ئەمما كەچتە قارتا ئويناشقا بارمىسام بولمايدۇ. مېنىڭ تۇرمۇشۇم مانا مۇشۇنداق تۇرمۇش.

— مەن سىزدىن بۇنى ئەمەس، بىرەر قىز بىلەن ھەقىقىي مۇھەببەتلىشىپ باققانمىدىڭىز، دەپ سوراۋاتىمەن، — ئاننا ئەسلىدە گېلسىنگفورس توغرۇلۇق سورىماقچى ئىدى، ئۇ گەپنى ۋرونسكىي دېگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى تىلغا ئالغۇسى كەلمىدى.

ۋرونسكىيدىن ئات سېتىۋالغان ۋويتوف كېلىپ قېلىپ، ئاننا ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ كەتتى.

ۋرونسكىي ئۆيدىن چىقىپ كېتىشنىڭ ئالدىدا ئاننانىڭ ھۇجرىسىغا كىرگەنىدى، ئاننا ئۆزىنى ئۇستەل ئۈستىدىن بىر نەرسە ئىزدەۋاتقانغا سېلىۋالدى، لېكىن يەنە بۇنداق يالغانچىلىقنىڭ نومۇس ئىش ئىكەنلىكىنى ئويلاپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ چىرايىغا سوغۇق نەزەردە تىكىلىپ تۇردى.

— *سىزگە نېمە كېرەك؟* — دەپ سورىدى ئاننا فرانسۇزچە.

— گامبېتتىنىڭ گۇۋاھنامىسى كېرەك ئىدى، مەن ئۇنى سېتىۋەتكەن، — ۋرونسكىي بۇ سۆزنى شۇنداق تەلەپپۇزدا ئېيتتىكى، ئۇ تەلەپپۇزدىن: «سىزگە چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرىدىغانغا ۋاقتىم يوق، سىزگە ئۇنى چۈشەندۈرۈشۈمۈ ھاجەتسىز» دېگەن مەنە ئېنىق بىلىنىپ تۇراتتى.

«مەن ئۇنىڭ ئالدىدا ئەيىبلىك ئەمەس، — دەپ ئويلايتتى ۋرونسكىي، — ئەگەر ئۇ ئۆزىگە ئىش تاپماقچى بولسا، ئاخىر ئۆزىگە قىلىدۇ شۇ.» لېكىن، ئۇ ئۆيدىن چىقىپ كېتىۋاتقاندا،

قولىقىغا خۇددى ئاننا ئۆزىگە بىر گەپ قىلغاندەك ئاڭلىنىپ كېتىپ، بىردىنلا ئاناناغا رەھىمى كېلىپ، يۈرىكى قاتتىق تارتىشىپ كەتتى.
— ئاننا، نېمە دېدىڭ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.
— ھېچنېمە دېمىدىم، — دېدى جاۋابەن ئاننا يەنە شۇ سوغۇق، خاتىرجەم تۇرقى بىلەن.
«ھېچنېمە دېمىگەن بولساڭ، ئەمىسە ئۆزۈڭنىڭ قۇيرۇقىنى ئۆزۈڭ تالاپ ئولتۇر !» دېدى يۈرىكىنى يەنە مۇز قاپلاپ كەتكەن ۋرونسكىي چىقىپ كېتىۋېتىپ ئىچىدە ئۆزىگە.
ئۇ ئىشىكتىن چىقىۋاتقاندا كۆزى ئەينەكتىكى ئاناننىڭ شولىسىغا چۈشۈپ قالدى: ئاننانىڭ چىرايى سارغىيىپ كەتكەن، لەۋلىرى تىترەپ كېتىۋاتاتتى. بۇنى كۆرۈپ ۋرونسكىي توختاپ ئۇنىڭغا ئىككى ئېغىز تەسەللى ئېيتىپ قويۇشنى ئويلىدى، ئەمما بىر قارارغا كېلىپ بولغۇچە ئۆيدىن چىقىپ بولغانىدى. ئۇ كۈنى ئۇ كەچكىچە قايتىپ كەلمەي، قاراڭغۇ چۈشكەندە قايتىپ كەلدى. ئۆيگە كىرگەندە، خىزمەتچى قىز ئۇنىڭغا، ئاننا ئاركادىيېۋنانىڭ بېشى ئاغرىپ يېتىپ قالدى، ئۇنىڭ يېنىغا كىرمىسىڭىز، دېدى.

# 26

شۇ كۈنگىچە ئىككىسىنىڭ بىر ـ بىرىگە ئاچچىقلىنىشلىرى بىر قېتىممۇ كۈن بويى داۋام قىلىپ باقمىغانىدى، بۈگۈن بىرىنچى قېتىم شۇنداق بولدى. بۇ ئاچچىقلىنىشمۇ ئەمەس، ئارىغا پەقەت قورساقتىكى گەپنى ئېلىپ قالماي دەۋەتكەنلىكتىن چۈشكەن ئازراق سوغۇقچىلىق ئىدى. ئۇ ئاتنىڭ گۇۋاھنامىسىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۆيگە كىرگەندە، تەرىنى مۇزدەك قىلىپ ئاناغا

لەپپىدە بىر قاراپ قويغانىدى. ئۇ ئۇنىڭغا نېمە ئۈچۈن ئاشۇنداق نەزەر بىلەن قارايدۇ؟ بوپتۇ، قاراپتۇ، قارىغاندىكىن، ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ پارە ـ پارە بولۇپ، ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئۆلتۈرغانلىقىنى كۆرمەمدۇ؟ كۆرۈپ تۇرۇپ نېمىشقا يەنە ھېچ ئىش يوقتەك بەخۇدۇك مېڭىپ چىقىپ كېتىدۇ؟ ئۇ ئۇنىڭغا سوغۇق مۇئامىلە قىلىپلا قالماي، يەنە تېخى ئۆچ بولۇپ كەتكەندەكمۇ قىلىدۇ. ئۇ چوقۇم تالادا بىر خوتۇننى ياخشى كۆرۈپ قالغان گەپ، شۇنداقلىقى ئېنىق تۇرمامدۇ؟

ئاننا بىر ياقتىن ئۇنىڭ شەپقەتسىزلىك بىلەن ئېيتقان ھەممە سۆزلىرىنى ئەسلەپ، يەنە بىر ياقتىن ئېيتمىشنى ئويلاپ ئېيتالمىغان سۆزلىرى دەپ بىرمۇنچە گەپلەرنى ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇرى بىلەن توقۇپ چىقىپ، شۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ بوغۇلۇپ قالدى.

«مەن سىزنى تۇتۇپ قالالمايمەن، — ۋرونسكىي شۇنداقمۇ دېيىشى مۇمكىن، — قاياققا كەتسىڭىز كېتىڭ. سىز بەلكىم ئېرىڭىزنىڭ ئىلكىگە يەنە قايتىپ بارىمەن، دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭدىن ئاجرىشىش خېتىنى ئالمىغان بولغىيدىڭىز؟ بوپتۇ، قايتىپ كېتىڭ. پۇل لازىم بولسا مەن بېرىمەن. سىزگە قانچە رۇبلى كېرەك؟»

ئاننا قوپال ئادەملەرنىڭ ئاغزىدىن چىقىشى مۇمكىن بولغان ھەر خىل ئەڭ قەبىھ سۆزلەرنى ئۆز خىيالىدا ۋرونسكىي ئېيتقاندەك ئويلاپ، ئۇنى زادىلا كەچۈرگۈسى كەلمىدى.

«بۇ سەمىمىي، ئاق كۆڭۈل ئادەم تېخى تۈنۈگۈنلا قەسەم بېرىپ مېنى چىن يۈرىكىدىن ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدىغۇ؟ — ئارقىدىنلا ئۇ ئۆزىگە ئۆزى يەنە شۇنداق دېدى، — مەنمۇ بۇرۇن كۆپ قېتىم ئۇنىڭدىن يامانلاپ ئۆزۈمنى قىيناپ يۈردۈم، بۇمۇ زۆرۈرىيىتى يوقلا ئىشلار ئىدىغۇ؟»

ئاننا ۋىلسوننىڭ يېنىغا بېرىپ كېلىشكە كەتكەن ئىككى سائەتتىن باشقا ۋاقىتنىڭ ھەممىسىنى خىيال ۋە ئاشۇنداق

پەرەزلەر بىلەن ئۆتكۈزدى. ھەممە ئىش بەربات بولدىمۇ ياكى ياخشىلىنىشىپ قېلىشتىن ئۈمىد بارمۇ؟ بۇ ئۆيدىن ھازىرلا كېتىشى كېرەكمۇ ياكى ئۇنىڭ بىلەن ئاخىرقى قېتىم بىر كۆرۈشۈۋالغاندىن كېيىنمۇ؟ ئاننا ئۇنى بىر كۈن، بىر ئاخشام ساقلىدى، ئاخىرىدا خىزمەتكارىغا ئۇنىڭغا بېشى ئاغرىپ كېتىپ يېتىپ قالدى، دەپ ئېيت، دەپ قويۇپ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. ئەمما، كۆڭلىدە: «ئەگەر خىزمەتكارنىڭ شۇ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىنمۇ يېنىمغا كىرسە، دېمەك، ئۇ مېنى يەنىلا ياخشى كۆرىدۇ، دېگەن گەپ، ناۋادا كىرمىسە، ئىشنىڭ تۈگەشكىنى شۇ. ئۇ چاغدا مەن نېمە قىلىشىمنى ئۆزۈم بىلىمەن ...» دەپ ئويلاپ ماڭدى.

كىچىدە ئۇ ئاتنىڭ توختىغان ئاۋازىنى، ئۇ بەرگەن قوڭغۇراقنى، ئاياغ تىۋىشلىرىنى، خىزمەتكار قىز بىلەن قىلىشقان گەپلىرىنى ئاڭلاپ ياتتى. ئۇ خىزمەتكار قىزنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، راست ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدىمۇ، باشقا ھېچقانداق گەپ سورىماي ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. قارىغاندا، ئەمدى ئىش تۈگىشىپتۇ.

ئاننانىڭ كۆزىگە ئۆلۈم بىردىنلا شۇنداق روشەن، شۇنداق ئېنىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ۋرونسكىينىڭ يۈرىكىدە ئۆزىگە بولغان ئىلگىرىكى مۇھەببەتنى ئويغىتىشنىڭ، ۋرونسكىينى جازالاشنىڭ، ئۆزىنىڭ يۈرىكىگە كىرىۋالغان ئىبلىسنىڭ ۋرونسكىي بىلەن بولغان ئېلىشىشتا غەلىبە قىلىشىنىڭ بىردىنبىر چارىسى ئۆلۈم ئىدى.

ۋوزدۋىژېنسكقا بېرىش ـ بارماسلىق، ئېرىدىن ئاجرىشىش خېتىنى ئېلىش ـ ئالماسلىق ئاننا ئۈچۈن ئەمدى كىچىك ئىش بولۇپ قالغانىدى، ئەھمىيىتى يوق ئىدى. پەقەت بىرلا ئىشنى قىلىش كېرەك، ئۇ بولسىمۇ ۋرونسكىينى جازالاش.

ئاننا ھازىر ئىچىش ئۈچۈن شىشىدىن ئەپيۇن دورىسىنى ئادەتتىكىچىلىك ئېلىۋېتىپ، بىردىنلا، مۇشۇ شىشىدىكىسىنىڭ

ھەممىسىنى ئىچىۋەتسەم ئۆلمەنغۇ، نېمىدېگەن ئاسان ئۆلۈم بۇ، دەپ ئويلاپ قالدى. ئارقىدىنلا ۋرونسكىينىڭ قانچىلىك ئازابلىنىدىغانلىقىنى، پۇشايمان قىلىدىغانلىقىنى، ئۆزىگە بولغان مۇھەببىتىنى ئەسلەيدىغانلىقىنى، ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشقا ئۇلگۈرەلمىگەن كۆرۈنۈشلەرنى ئويلاپ، تاتلىق تەسەۋۋۇرلار ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئاننا كارىۋاتتا كۆزى ئوچۇق ياتاتتى. يېنىپ تۈگەۋاتقان بىر تال شامنىڭ ئاجىز يورۇقىدا نەقىشلىك تورۇسقا، تورۇسنىڭ بىر چېتىگە چۈشۈپ تۇرغان چىمىلدىقنىڭ كۆلەڭگىسىگە قاراپ يېتىپ، ئۆزى ئۆلۈپ ۋرونسكىي ئۈچۈن پەقەت خاتىرىگىلا ئايلىنىپ قالغاندىن كېيىن، ۋرونسكىينىڭ قانداق روھىي ھالەتكە چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى تىنىماي كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى، «مەن نېمىشقا ئۇنىڭغا شۇنچىلا رەھىمسىز گەپلەرنى قىلغاندىمەن؟ نېمىشقا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي ئۆيدىن چىقىپ كەتتىم؟ ئەمدى ئۇ يوق، بىزدىن مەڭگۈگە ئايرىلدى. ئەمدى ئۇ نەدە ...» دەپ، ئۆزىنىڭ گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولىدۇ، دېگەنلەرنى ئويلايتتى. چىمىلدىقنىڭ كۆلەڭگىسى بىردىنلا تەۋرىنىپ، پۈتۈن تورۇسنى، تاملارنى قاپلىۋالدى، بىرلا ۋاقىتتا يەنە باشقا ياقتىن كېلىۋاتقان كۆلەڭگىلەر ئانناغا قاراپ يوپۇرۇلۇپ كەلدى. شۇ بىر دەقىقە ئىچىدە ئۇ كۆلەڭگىلەر يوقىلىپ، ئارقىدىنلا يەنە تۆت تەرەپتىن كېلىشكە باشلاپ، تەۋرىنىپ، يەنە بىرلىشىپ، ئارقىدىنلا ئۆي ئىچىنى قاراڭغۇلۇق باستى. ئاننانىڭ خىيالىغا بىردىنلا «ئۆلۈم» كېلىپ، ئۆلۈم ۋەھىمىسى ئۇنى شۇنچىلىك قورقۇتتىكى، شۇ بىر ۋاقىتنىڭ ئىچىدە ئۇ ئۆزىنىڭ نەدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي قالدى. ئۆچۈپ قالغان شامنىڭ ئورنىغا شامدىن يەنە بىرنى ياندۇرماقچى بولدى، لېكىن قوللىرى تىترەپ، سەرەڭگىنى زادىلا تاپالمىدى. «ياق، نېمە بولسا بولسۇن، مەن ياشىشىم كېرەك ! مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن ! ئۇمۇ مېنى ياخشى كۆرىدۇ! بۇنداق ئىشلار بۇرۇنمۇ بولغان، ھەممىسى ئۆتۈپ كەتكەن، بۇمۇ

ئۆتۈپ كېتىدۇ» دەيتتى ئاننا ھاياتقا قايتىش خۇشاللىقىدىن مەڭزىنى بويلاپ ئېقىۋاتقان ياشتىن كۆزلىرى تورلىشىپ. ئۇ ئۆلۈم ۋەھىمىسىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئالدىراشلىق بىلەن ئۇنىڭ كۇتۇپخانىسىغا كىردى.

ۋرونسكىي كۇتۇپخانىسىدا قاتتىق ئۇخلاۋاتقانىكەن. ئاننا ئۇنىڭ يېنىغا باردى ۋە شامنى ئېگىزرەك كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ يۈزىنى يورۇتۇپ، چىرايىغا بىر ھازاغىچە قاراپ تۇردى، ئۇ ھېچنېمىنى تۇيماي ئۇخلاۋاتاتتى. ئاننا ئۇنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى، ياخشى كۆرگىنىدىن ئۇنىڭغا قاراپ تۇرغان شۇ ئارىلىقتا كۆزلىرىدىن مېھىر - مۇھەببەت ياشلىرى تاراملاپ تۆكۈلۈشكە باشلىدى. شۇ تۇرقىدا ئويغىنىپ قالىدىغان بولسا، ئۇنىڭ ئۆزىگە يەنە شۇنداق سوغۇق نەزەردە قارايدىغانلىقىنى ئاننا بىلەتتى، شۇڭا ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ مۇھەببىتى توغرۇلۇق گەپ قىلىشتىن ئاۋۋال، بۈگۈنكى ئىشتا ئۇنىڭ ئەيىبلىك ئىكەنلىكىنى ئۆزىگە ئىسپاتلاپ بېرىشى كېرەك ئىدى. ئاننا ئۇنى ئويغاتماي، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ھۇجرىسىغا قايتىپ چىقتى، ئەپيۇن دورىسىدىن ئازراق يەپ، تاڭ يورۇشقا ئاز قالغاندا ئۇخلاپ قالدى. لېكىن، تىنماي قارا بېسىپ پات - پات ئويغىنىپ كېتەتتى، يەنە ئۇخلاپ قالاتتى. ئۇخلاشقا ياتقاندىن كېيىن ئويغانماي تولۇق ئۇخلاپ باقمىدى.

سەھەردە، ئاننا ۋرونسكىي بىلەن تېخى تېپىشمىغان چاغلىرىدا كۆپ قېتىم كۆرگەن قورقۇنچلۇق چۈشىنى يەنە كۆرۈپ، بىردىنلا ئويغىنىپ كەتتى. چۈشىدە ساقىلى پاخپىيىپ تۇرغان بىر بوۋاي مەنىسى يوق فرانسۇزچە بىر گەپلەرنى قىلىپ، ئېڭىشىپ بىر پارچە تۆمۈر بىلەن ھەپىلىشىۋاتقۇدەك. بۇ چۈشنى قاچانلا كۆرسە، ئاشۇ بوۋاي ئۇنىڭ بىلەن كارى يوق، قولىدىكى تۆمۈرنى ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىگە تىقىۋاتقانلىقىنى ۋەھىمە ئىچىدە ھېس قىلاتتى. مۇزدەك تەرگە پاتقان ئاننا چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى.

ئاننا ئورنىدىن تۇرغاندا، تۈنۈگۈنكى بىر كۈن ئۇنىڭغا خۇددى



تۇماندەك بىلىندى.

«ئىككىمىز پەقەت تەرگىشىپلا قالدۇق، باشقا چوڭ ئىش يوق. بۇنداق ئىشلار كۆپ قېتىم بولغانغۇ. مەن بېشىم ئاغرىۋاتىدۇ دېدىم، ئۇ كىرمىدى، شۇلا ئىشقۇ. ئەتە ماڭمىز، شۇڭا ئۇنىڭ قېشىغا كىرىپ چىقىپ، ئاندىن تەييارلىق قىلاي» دېدى ئاننا ئىچىدە ئۆزىگە ئۆزى. ئاندىن ئۇنىڭ كۇتۇپخانىسىدا ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئاستا شۇ تەرەپكە قاراپ ماڭدى. مېھمانخانىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، دېرىزىدىن بىر پەيتۇننىڭ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ توختىغانلىقىنى ئاڭلىدى. دېرىزىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، بىنەپشە رەڭ شىلەپە كىيگەن ياش بىر قىزنىڭ پەيتۇننىڭ پەنجىرىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ، قوڭغۇراق بېرىۋاتقان خىزمەتكارغا بىرنېمە دەۋاتقانلىقىنى كۆردى. كىمدۇر بىرى دالاندا بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلغاندەك بولۇپ، ئاندىن پەلەمپەي بىلەن يۇقىرىغا چىقىپ كەتتى. ئارقىدىنلا مېھمانخانىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ۋرونسكىينىڭ ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىنىپ، پەلەمپەيدىن تاقىلداپ چۈشۈپ كەتتى. ئاننا دېرىزىنىڭ ئالدىغا يەنە بېرىپ، ۋرونسكىينىڭ شەپكىسىنى كىيمەيلا چىققانلىقىنى كۆردى. ئۇ ئىتتىك مېڭىپ پەيتۇننىڭ يېنىغا باردى. بىنەپشە رەڭ شىلەپە كىيگەن قىز ئۇنىڭغا بىر بولاق نەرسىنى بەردى. ۋرونسكىي قىزغا كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ نېمىنىدۇر دېدى. پەيتۇن قوزغالغاندىن كېيىن ۋرونسكىي ئۆيگە كىرىپ، ئالدىراپ پەلەمپەي بىلەن يۇقىرىغا چىقىپ كەتتى.

ئاننانىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى قاپلاپ تۇرۇۋاتقان بايىقى تۇمان بىردىنلا تارقاپ كېتىپ، تۈنۈگۈنكى تۈرلۈك ئوي ـ خىياللار جاراھەتلەنگەن يۈرىكىگە خەنجەردەك يەنە سانجىلىشقا باشلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇ ھاقارەتلەرگە چىداپ ئۇنىڭ ئۆيىدە بىر كۈن كەچكىچە تۇرغانلىقىنى ھەرقانداق قىلىپمۇ ئۆزىگە چۈشەندۈرۈپ كېتەلمىدى. ئاخىر ئۇ ئۆزىنىڭ ئاخىرقى قارارىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ كۇتۇپخانىسىغا كىردى.

— سوروكىننا ئانا ـ بالا ئىككىسى بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئاپام ماڭا ئەۋەتكەن پۇل بىلەن گۇۋاھنامىلەرنى بېرىپ قويۇپ كەتتى، ئۇ نەرسىلەرنى تونۇگۇن ئالالمىغانىدىم. بېشىڭنىڭ ئاغرىقى قانداقراق؟ ياخشى بولۇپ قالدىمۇ؟ — دېدى ۋرونسكىي ھېچقانداق ئىش بولمىغاندەك ئۆزىنى ئەركىن تۇتۇپ ۋە ئاننانىڭ رەڭگى ئۆچكەن چىرايىدىكى تەنتەننىنى كۆرۈشنىمۇ ۋە ئۇنىڭ تېگىگە يېتىشنىمۇ ئويلىماي.

ئاننا ھۇجرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ، ئۇنىڭغا جىمجىت تىكىلىپ تۇراتتى. ۋرونسكىي ئۇنىڭغا ئىتتىككىلا بىر قاراپ قويۇپ، قوشۇمىسى تۇرۇلگەن ھالدا قولىدىكى خەتنى ئوقۇپ ئولتۇرۇۋەردى. ئاننا كەينىگە بۇرۇلۇپ، ئۆيدىن ئاستا مېڭىپ چىقىپ كەتتى. ۋرونسكىي ئۇنى شۇ چاغدا چاقىرىپ توختىتىۋېلىشقا ئۈلگۈرەتتى، لېكىن ئاننا ئىشىكنىڭ ئالدىغا بارغۇچە گەپ ـ سۆز قىلماي ئولتۇرۇۋەردى، پەقەت قولىدىكى خەتنىڭ ۋارىقىنى يۆتكىگەندە چىققان ئاۋازلا بار، باشقا ھېچقانداق ئاۋاز يوق ئىدى.

— ھەي، ماڭا قارا، — ئاننا ئىشىكتىن چىقىدىغان چاغدىلا ئۇنىڭ زۇۋانى ئېچىلدى، — بىز ئەتە چوقۇم ماڭمىساق بولمايدۇ، شۇنداقمۇ؟

— سىز مېڭىڭ، مەن بارمايمەن، — دېدى ئاننا كەينىگە بۇرۇلۇپ.

— ئاننا، مۇشۇمۇ تۇرمۇشمۇ، ئادەم بۇنداق تۇرمۇشتا قانداق ياشاش مۇمكىن ...

— سىز مېڭىڭ، مەن بارمايمەن ! — ئاننا بايىقى گېپىنى تەكرارلىدى.

— چىداشقا تاقىتىم قالمىدى، مېنىڭ !

— سىز ... سىز ئاخىر پۇشايماندا قالىسىز ! — ئاننا شۇ گەپنى قىلىپلا ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

ۋرونسكىي ئۇنىڭ بۇ گەپنى قىلغان چاغدىكى ئۈمىدسىز تەلەپپۇزىدىن قورقۇپ جىنى چىقتى ـ دە، ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنى تۇتۇۋالماقچى بولدى. لېكىن، يەنە نېمىشقىدۇر ئۆزىنى بېسىۋېلىپ جايىدا ئولتۇرۇپ قالدى، چىشلىرى كىرىشىپ، قوشۇمىسى چىڭ تۈرۈلدى. ئۇنىڭ بۇ خىل ئەدەپسىزلىك بىلەن سېلىۋاتقان تەھدىتى ۋرونسكىينىڭ قاتتىق ئاچچىقىنى كەلتۈرگەنىدى. «ھەممە چارىنى قىلىپ كۆردۇم، — ئويلىدى ئۇ، — پەقەت بىرلا چارە قالدى، ئۇ بولسىمۇ ئۇنىڭغا پىسەنت قىلماسلىق.» شۇ خىيالى بىلەن ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاۋۋال شەھەرگە كىرىپ، ئاندىن ۋاكالەتنامىلەرگە قول قويدۇرۇش ئۈچۈن ئاپىسىنىڭ يېنىغا بېرىشنى ئويلاپ تەييارلىق قىلىشقا باشلىدى.

ئاننا ئۇنىڭ كۇتۇپخانىسى بىلەن تاماقخانىدا مېڭىپ يۈرگەن ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلىدى. بىر چاغدا ئۇ مېھمانخانىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ توختىدى، لېكىن ئاننانىڭ ھۇجرىسى تەرەپكە بۇرۇلماي، خىزمەتكارغا ۋويتوف كېلىپ قالسا ئاتنى بېرىشنى تاپىلاپ قويۇپلا ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئارقىدىن پەيتۇنىنىڭ دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ توختىغان ئاۋازى، ئۇنىڭغا دەرۋازىنى ئېچىپ بېرىۋاتقان ئاۋاز ئاڭلاندى. كەينىدىنلا بىرىنىڭ پەلەمپەيدىن يۇقىرىغا تېز يۈگۈرۈپ چىقىپ كېتىۋاتقىنى ئاڭلاندى. ئەسلىدە ۋرونسكىي پەلىيىنى ئۇنتۇپ قالغانىكەن. ئاننا دېرىزىنىڭ يېنىغا كېلىپ پەسكە قاراپ تۇردى. ۋرونسكىي ئاڭغىچە پەيتۇنغا چىقىپ بولغانىدى، پەلىيىنى ئالغاندىن كېيىن پەيتۇنكەشنىڭ دولىسىغا بوش ئۇرۇپ ئۇنىڭغا بىرنېمىلەرنى دېدى، ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ دېرىزىگە قاراپمۇ قويماي، ئادەتتىكى سۆلەتلىك ئولتۇرۇشى بىلەن پۇتىنى ئالماپ، پەلىيىنى كىيىپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇزاق ئۆتمەي كوچىنىڭ دوقمۇشىدىن ئەگىلىپ كۆزدىن غايىب بولدى.

# 27

«ئۇ كەتتى ! ھەممە ئىش تۈگىدى !» دېدى ئاننا دېرىزە تۈۋىدە تۇرۇپ ئۆزىگە ئۆزى. ئۇنىڭ گېپىگە جاۋاب بەرگەندەك، شام ئۆچۈپ قالغاندىن كېيىنكى قاراڭغۇلۇق بىلەن چۈشىدىكى دەھشەتلىك كۆرۈنۈشلەر بىر - بىرىگە ئۇلىشىپ، ۋۇجۇدىنى بىر مۇدھىش قورقۇنچ چۇلغىۋالدى.

«ياق، ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس !» دەپ ۋارقىراپ كەتتى ئۇ ۋە ھۇجرىدىلا تۇرۇپ كۈچەپ قوڭغۇراق چالدى. ئەمدى يالغۇز قېلىش ئۇنىڭغا شۇنچىلىك قورقۇنچلۇق تۇيۇلدىكى، خىزمەتكارنىڭ كىرىشىنى كۈتۈپ تۇرالماي، ئۆزى ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى.

— گراف نەگە كەتتى، سورۇشتۇرۇپ بېقىڭلار ! — دېدى ئۇ.

خىزمەتكار، گراف ئاتخانىغا كەتتى، دەپ جاۋاب بەردى.

— گراف جانابلىرى ئەگەر سىلىنى بىر ياققا چىقماقچى بولسا، ئېيتىپ قويۇڭلار، پەيتون ھازىرلا قايتىپ كېلىدۇ، دېگەن.

— ھە، بوپتۇ. توختا، مەن ھازىرلا ئۇنىڭغا خەت يېزىپ بېرىمەن، مىخايلوغا ئېيت، خەتنى ھازىرلا ئاتخانىغا ئاپىرىپ بەرسۇن. تېز بولۇڭلار !

ئاننا ئولتۇرۇپ خەت يازدى:

*مەن خاتا قىپتىمەن، دەررۇ قايتىپ كەلگىن، ساڭا دەيدىغان گېپىم بار. خۇدا ھەققىدە تېزرەك قايتىپ كەلگىن، مەن بەك قورقۇپ كېتىۋاتىمەن.*

ئۇ خەتنى خىزمەتكارغا بەردى.

ئاننا يالغۇز قېلىشتىن قورقۇپ، خىزمەتكارنىڭ كەينىدىن چىقىپ بالىلارنىڭ ئۆيىگە كىردى.

«هۆي، بۇ قانداق گەپ! بۇ ئۇ ئەمەسقۇ! ئۇنىڭ كۆك كۆزلىرى، تارتىنچاقلىق بىلەن ئوماق كۈلۈمسىرەشلىرى قېنى؟» ئۇ نىېرۋىسى چېچىلىپ، بالىلار ئۆيىگە سېرىيوژانى كۆرىمەن، دەپ كىرسە، ئىككى مەڭزى قىپقىزىل، چاچلىرى قوڭدۇزدەك قاپقارا بۇدرۇقىنا بىر قىزچاق ئولتۇرغان، شۇنىڭ بىلەنلا نېرۋىسى تېخىمۇ ئادىشىپ سۆزلەپلا كەتتى. قىزى قولىدىكى پۇرۇپكىنى ئويىناپ ئولتۇرۇپ، مۆلدۈرلەپ تۇرغان قاپقارا كۆزلىرىنى ئاپىسىدىن ئالماي، سوئال نەزىرى بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. ئاننا ئىنگلىز تەربىيىچىنىڭ سورىغان گەپلىرىگە، سالامەتلىكىم ناھايىتى ياخشى، ئەتە يېزىغا قايتىپ كەتمەكچىمىز، دەپ جاۋاب بەرگەچ قىزىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە پۇرۇپكىنى قولىغا ئېلىپ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پىرقىرىتىشقا باشلىدى. قىزىنىڭ كۈلۈشلىرى بىلەن قېشىنى ئېتىپ تۇرۇپ گەپ قىلىشلىرى دادىسىغا شۇنچىلىك ئوخشايتتىكى، ئۇنى كۆرۈپ ئاننا يىغلىۋېتىشتىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇۋېلىپ، ئىتتىك ئورنىدىن تۇردى ــ دە، ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. «ئەجەبا، مۇشۇنىڭ بىلەن راستىنىلا ھەممە ئىش تۈگىگەن بولىدىمۇ؟ ياق! بۇ مۇمكىن ئەمەس، ــ ئويلىدى ئاننا، ــ ئۇ قايتىپ كېلىدۇ. لېكىن، سوروكىننا بىلەن سۆزلەشكەن چاغدا كۈلۈپ، ئېچىلىپ كەتكەنلىرىنى ماڭا نېمە دەپ چۈشەندۈرەر؟ ياق، چۈشەندۈرمىسىمۇ مەن ئۇنىڭغا ئىشىنىمەن، ئەگەر ئىشەنمىسەم، ماڭا پەقەت بىرلا يول قالغان بولىدۇ... لېكىن، ئۇ يولدا مېڭىشنى خالىمايمەن.»

ئاننا سائەتكە قارىدى، ئەمدىلا ئون ئىككى مىنۇت ئۆتۈپتۇ. «بۇ چاغقىچە ئۇ خەتنى ئالدى، ھازىر قايتىپ كېلىۋاتىدۇ، ئاز قالدى، يەنە ئون مىنۇتتىن كېيىن ... ناۋادا ئۇ قايتىپ كەلمىسىچۇ؟ ياق، ئۇنداق بولمايدۇ. ئۇنىڭغا يىغلىغانلىقىمنى

بىلىندۇرمەسلىكىم كېرەك. چىقىپ يۈزۈمنى يۇيۇۋالاي، ھە راست، چېچىمنى تارىدىممۇ، يوق؟ تارىماپتىمەنمۇ نېمە؟ — ئۆزىدىن ئۆزى سوراپ قويدى ئۇ چېچىنى تارىغان - تارىمىغانلىقى ئېسىدە يوق. بېشىنى سىلاپ باقتى، — ھۇي، توغرا، تاراپتىكەنمەن. قاچان تارىغاندىمەن، ئازراقمۇ ئېسىمدە يوقۇقۇ، — ئاخىر ئۇ قولىغىمۇ ئىشەنمەي، زادى تارىدىممۇ، تارىمىدىمۇ، كۆرۈپ بىلىش ئۈچۈن ئەينەكنىڭ ئالدىغا بېرىپ قاراپ باقتى. ھە، تاراپتىكەن، ئەمما قاچان تارىغانلىقى ئېسىدە يوق ئىدى، — بۇ كىم - ھە؟ — دېدى ئەينەكتىكى قىزىپ كېتىۋاتقاندەك قىزىرىپ كەتكەن، غەلىتىلا پارقىراپ تۇرغان كۆزلىرى ئۆزىگە تىكىلىپ قالغان بىر ئايالنى كۆرۈپ، — توغرا، بۇ مەن، — ئاننا ھەيران بولۇپ تۇرۇپلا قالدى، بېشىدىن تارتىپ ئايىغىغىچە قاراپ كېتىپ، تۇيۇقسىز، خۇددى ۋرونسكىي ئۆزىنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى سۆيۈپ چىقىۋاتقاندەك بولۇپ بىردىنلا شۈركۈنۈپ كەتتى، مۈرىلىرىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ، ئاندىن قولىنى ئاغزىغا ئاپىرىپ سۆيۈشكە باشلىدى.

«مەن نېمە بولدۇم؟ ساراڭ بولدۇممۇ نېمە !» ئۇ ھۇجرىسىغا كىردى، ئاننۇشكا ئۆي يىغىشتۇرۇۋاتقانىكەن.

— ئاننۇشكا ! — دېدى ئۇ خىزمەتكار قىزنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپ، كۆزلىرى ئۇنىڭغا چەكچىيىپ قاراپ قالغان، نېمە دېيىشىنى بىلمەيتتى.

— سىز داريە ئالېكساندروۋنانىڭ يېنىغا بارماقچى ئەمەسمىدىڭىز، — دېدى ئاننۇشكا ئۇنىڭ ئېسىگە سېلىپ.

— مەن داريە ئالېكساندروۋنا بىلەن كۆرۈشكىلى بارماقچىمىدىم؟ توغرا، توغرا، شۇ يەرگە بارماقچىدىم.

«ئون بەش مىنۇتتا بارىمەن، ئون بەش مىنۇتتا قايتىپ كېلىمەن. ئۇ ئاللىبۇرۇن يولغا چىقىپ بولدى، ھازىرلا يېتىپ كېلىدۇ، — ئاننا سائىتىنى ئېلىپ قاراپ باقتى، — ئۇنىڭ مېنى مۇشۇ ئەھۋالدا تاشلاپ قويۇپ كېتىشكە كۆڭلى قانداق

چىدىغاندۇ؟ ئۇ مېنىڭ بىلەن ياخشىلىشىپ قالماي تۇرۇپ ئۇ يەرلەردە قانداق يۈرۈۋاتقاندۇ؟» ئۇ دېرىزىنىڭ ئالدىغا بېرىپ چوڭ يولغا قارىدى، كەتكەن ۋاقتىنى ھېسابلاپ بېقىپ، قايتىپ كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ بولدى، دەپ ئويلىدى. لېكىن، خاتا ھېسابلاپ قويماي يەنە، دەپ، ئۇنىڭ ماڭغان ۋاقتىنى باشقىدىن ئەسلەپ، ۋاقىتنى باشقىدىن بىر مىنۇت، بىر مىنۇتتىن ھېسابلاشقا باشلىدى.

ئۇ سائەتنى توغرىلاش ئۈچۈن تام سائىتىنىڭ يېنىغا ئەمدىلا بېرىپ تۇرۇشىغا، بىرىنىڭ پەيتۇن بىلەن كەلگەنلىكىنى ئاڭلىدى. يۈگۈرۈپ دېرىزىگە بېرىپ قارىدى، ئۇنىڭ پەيتۇنى ئىكەن، لېكىن پەلەمپەيدىن چىقىۋاتقان ئاياغ تىۋىشى يوق، پەستە بىرلىرىنىڭ پاراڭلىشىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتاتتى. ئەسلىدە ئۇ ئەۋەتكەن خىزمەتكار پەيتۇن بىلەن قايتىپ كەلگەنىكەن ـ دە. ئاننا ئۇنىڭ ئالدىغا پەسكە چۈشتى.

— گرافنى تاپالمىدىم، نىژىگورود ئىستانسىسىغا كېتىپ قاپتىكەن.

— نېمە دەۋاتىسەن؟ نېمە؟ ... — سورىدى ئۇ خېتىنى ئۆزىگە قايتۇرۇپ بېرىۋاتقان، مەڭزىلىرى قىپقىزىل، دائىم خۇشال يۈرىدىغان مىخايلودىن.

«ھە، ئۇ مېنىڭ خېتىمنى تاپشۇرۇۋالماپتىكەن ـ دە» ئاننا ھەيران قېلىپ تۇرۇپلا قالدى.

— سەن يەنە بۇ خەتنى ئېلىپ گراف ۋرونسكىي خانىم تۇرۇۋاتقان يەرگە ئاپىرىپ بەرگىن. ئۇ يەرنى بىلەمسەن؟ ئاندىن ئۇنىڭدىن جاۋاب ئېلىپ دەررۇ قايت، — دېدى ئۇ مىخايلوغا يەنە.

«ئۇنىڭدىن جاۋاب كەلگۈچە... مەن ئۆزۈم نېمە قىلىپ تۇرۇشۇم كېرەك؟ — ئويلىدى ئۇ، — توغرا، بېرىپ دوللىنى كۆرۈپ كېلەي، بولمىسا مەن ساراڭ بولۇپ قالىمەن. ھە راست، تېلېگراممۇ بەرسەممۇ بولىدۇ.» ئۇ قولىغا قەلەم ئېلىپ تېلېگرامما يازدى:

ئاننا تېلېگراممىنى سىلىقلاپ تۇرۇپ كېيىن كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ چىققىلى كىرىپ كەتتى. كىيىملىرىنى، شىلەپىسىنى كىيىپ، سەل سەمرىپ قالغان، مۇلايىم چىراي ئاننۇشكاغا قاراپ تۇرۇپ كەتتى. ئاننۇشكانىڭ ئاق كۆڭۈل كىچىك كۆك كۆزلىرىدىن ئانناغا بولغان ھەمدەردلىكى چىقىپ تۇراتتى.

— ئاننۇشكا، ئەزىزىم، مەن قانداق قىلسام بولىدۇ! — ئاننا ئۆزىنى باسالماي ئۆپكىدەپ يىغلاپ، يېنىدىكى ساپاغا ئولتۇرۇپ قالدى.

— كۆڭلىڭىزنى بۇنچىلىك يېرىم قىلماڭ، ئاننا ئاركادىيېۋنا! بۇنداق ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ. سىرتقا چىقىپ بىر ئايلىنىپ كەلسىڭىز كۆڭلىڭىز ئېچىلىپ قالىدۇ، — دېدى ئاننۇشكا.

— راست دەيسەن، ئۆزۈممۇ شۇنداق قىلاي دەپ تۇراتتىم، — ئاننا ئۆزىگە غەيرەت بېرىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — مەن ئۆيدە يوق چاغدا تېلېگرامما كېلىپ قالسا، دارىيە ئالېكساندىروۋنانىڭكىگە ئەۋەتىپ بېرىڭلار ... ياق، ئاخىرچە ئۆزۈممۇ قايتىپ كېلىمەن.

«بۇ گەپمۇ توغرا، خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇۋەرمەي بىرنېمە بىلەن مەشغۇل بولۇش، مۇھىمى، بۇ ئۆيدىن چىقىپ كېتىش كېرەك» دېدى ئاننا ئۆزىگە، يۈرىكىنىڭ قورقۇنچلۇق دۈپۈلدەپ سېلىپ كېتىۋاتقىنىغا ئەنسىزلىك بىلەن قۇلاق سالغاچ. ئۇ ئۆيدىن ناھايىتى تېز چىقىپ پەيتونغا ئولتۇردى.

— قاياققا بۇيرۇيسىز، خانىم؟ — دەپ سورىدى تېخى ئورنىغا چىقىپ ئولتۇرمىغان پيوتر ئۈنىگىدىن.

— زنامېنكا كوچىسىغا، ئوبلونسكىيلارنىڭكىگە!

# 28

ھاۋا ئوچۇق ئىدى. ئەتىگەندىن بېرى ياغقان سىم - سىم يامغۇر يېڭىلا توختاپ ھاۋا ئېچىلىپ كەتكەنىدى. قاڭالتىر ئۆگزىلەر، پىيادىلەر يولىغا ياتقۇزۇلغان تاختا تاشلار، چوڭ يولغا ياتقۇزۇلغان شېغىللار پەيتۇننىڭ چاقلىرى، ئاتلارنىڭ خۇرۇم جابدۇقلىرى، جابدۇقلاردىكى مىس نەقىشلەر، قەلەيلەر — ھەممىلا نەرسە ماي ئېيىنىڭ قۇياش نۇرىدا يالتىراپ تۇراتتى. چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچ مەزگىلى كوچىلاردا راسا ئادەم قاينايدىغان چاغ ئىدى.

ئاننا بىر جۈپ بوز ئات تارتىپ كېتىۋاتقان، يۇمشاق رېسسورلىرى لىڭشىپ، بىلىنەر - بىلىنمەس چايقىلىپ مېڭىۋاتقان پەيتۇننىڭ بىر بۇلۇڭىدا تىنىمسىز تاراقلاپ كېتىۋاتقان چاقلارنىڭ ئاۋازىنى تىڭشىغاچ، سىرتتىكى خىلمۇ خىل مەنزىرىلەرگە قارىغىنىچە، نەچچە كۈندىن بېرى يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئەسلەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا بولغان قارىشى ئۆيدە ئويلىغاندىكىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايتتى، ئۆلۈم توغرىسىدىكى خىياللىرىمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنچىلىك قورقۇنچلۇقمۇ ھەم جەزمەنمۇ ئەمەس ئىدى، مۇقەررەرلىكىدىن قالغاندەكمۇ قىلاتتى. ئۇ ئۆزىنى شۇ دەرىجىدە يەرگە ئۇرغانلىقى ئۈچۈن ئەمدى ئۆزىنى جىملەيتتى ... «مەن ئۇنىڭغا يېلىنىپ، ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سوراپ يۈرۈپتىمەن، ئۇنىڭغا باش ئېگىپتىمەن، ئۆزۈمنى ئەيىبلىك دەپتىمەن. شۇنداق قىلىشلارنىڭ ھاجىتى بارمىدى؟ ئەجەبا، مەن ئۇنىڭسىز كۈن كۆرەلمەيمەنمۇ؟» ئۇ بۇ سوئالغا جاۋاب بەرمەيلا، كوچىلاردىكى ماگىزىنلارنىڭ ۋىۋىسكىلىرىغا قاراشقا باشلىدى. «شىركەت ۋە

ئامبار ... چىش دوختۇرى ... شۇنداق، بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى دوللىغا دەپ بېرىمەن. ئۇ ۋرونسكىينى ياخشى كۆرمەيدۇ. ئۇيات بولسىمۇ، ئازابلانسامۇ مەيلى، ھەممىنى سۆزلەپ بېرىمەن. دوللى مېنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇنىڭ مەسلىھەتىنى ئاڭلايمەن. ئەمدى مەن ۋرونسكىيغا يول قويمايمەن، ئەيىبلەشلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇۋەرمەيمەن ... فىلىپپوف، ئاق بولكا. ئاڭلىغان گەپلەردىن قارىغاندا، ئۇلار بولكىنىڭ خېمىرىنى يۇغۇرۇپ تەييار قىلىپ پېتېربۇرگقا ئېلىپ بارارمىش. موسكۋانىڭ سۈيى ئاجايىپ تاتلىق ـ ھە ! مىتىشىنىڭ مىنېرال سۈيى بىلەن قۇيماقلىرىچۇ تېخى.» ئاننا ئۇزاق يىللار ئىلگىرى، ئون يەتتە ياشقا كىرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھاممىسى بىلەن بىللە ترويىتسا موناستىرىغا تاۋاپ قىلىپ بارغانلىقىنى ئەسلىدى. «شۇ چاغدا بىز ئۇ يەرگە پەيتۇن بىلەن بېرىۋىدۇق. قوللىرى سوغۇقتا قىزىرىپ كەتكەن ئاشۇ قىز مەنمىدىم ـ ھە؟ شۇ چاغلاردا ماڭا ئاجايىپ گۈزەل، ئاجايىپ ئالىيجاناب بولۇپ كۆرۈنگەن نەرسىلەرنىڭ كۆپى ئەمدى ئەرزىمەس نەرسىلەرگە ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ، شۇ چاغلاردىكى كۈنلىرىم ئەمدى مەڭگۈ قايتىپ كەلمەيدۇ. شۇ چاغدا مەن ئۆزۈمنى بۈگۈنكىدەك مۇشۇنداق خورلۇققا قالىمەن دەپ ئويلىغانمۇ؟ ئۇ چوقۇم مېنىڭ ئەۋەتكەن خېتىمنى تاپشۇرۇۋېلىپ كۆرەڭلەپ كەتتى. خەپ، ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى بىر كۆرسىتىپ قويمايدىغان بولسام ... بۇ سىرنىڭ پۇرىقى ئەجەبمۇ يامانكىنە ! بۇ ئادەملەر نېمىشقا داۋاملىق قورۇلۇش، سىر دېگەندەك نەرسىلەر بىلەن ھەپىلىشىدىغاندۇ؟ ... مودا كىيىملەر، ئايالچە شىلەپىلەر ماگىزىنى» ئۇ يەنە ۋىۋىسكىلارنى ئوقۇشقا باشلىدى. بىر ئەر كىشى ئۇنىڭغا ئېگىلىپ سالام بەردى. ئۇ ئاننۇشكانىڭ ئېرى ئىدى. «ئۇ بىزنىڭ پېشانىمىزگە پۈتۈلگەن بىر پارازىت، — ئاننا ۋرونسكىي دېگەن بۇ گەپنى ئەسلەپ قالدى، — بىزنىڭ؟ نېمىشقا

بىزنىڭ بولىدۇ؟ ئەڭ قورقۇنچلۇقى، بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى كاللىدىن يىلتىزى بىلەن ئېلىپ تاشلىغۇەتكىلى بولمايدىكەن، ئەمما ئۇنتۇپ كېتىشكە بولىدىكەن، شۇڭا ئۇ ئىشلارنى ئۇنتۇپ كېتىشىم كېرەك.» ئاننا كارېنىن بىلەن بىللە ئۆتكەن كۈنلىرىنى ئەسلەپ، ئۇ ئىشلارنى قانداق قىلىپ خاتىرىسىدىن چىقىرىۋېتىشنى ئويلاپ كەتتى. «دوللى مېنى ئىككىنچى ئېرىنىمۇ تاشلىماقچى بولۇۋېتىپتۇ، دەپ ئويلاپ قېلىشى مۇمكىن. شۇنداقلا ئويلايدىغان بولسا، ئەلۋەتتە، چاتاق مەندە دېگەن گەپ. مەن نېمىشقا ئۇلارنىڭ شۇنداق دېيىشلىرىگە يول قويىمەن! ياق، يول قويماسلىقىم ئامالىم يوق، — ئۇ ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەپ ئولتۇرۇپ، بىردىنلا كۆڭلى يېرىم بولۇپ يىغلاپ كەتتى. لېكىن، شۇئانلا ئاۋۇ ئىككى قىز نېمىگە شۇنچە كۈلۈشۈپ كېتىدىغاندۇ، دەپ ئويلاشقا باشلىدى، — ئېھتىمال، مۇھەببەت توغرۇلۇق پاراڭلىشىۋاتقاندۇ؟ مۇھەببەتنىڭ قانچىلىك ئازابلىق، قانچىلىك نومۇسسىز ئىش ئىكەنلىكىنى ئۇلار تېخى بىلمەيدۇ ... ئەنە، دەرەخلىك كوچا، باللار، ئۈچ ئوغۇل ئات ئويۇنى ئويناپ يۈگۈرۈشۈپ يۈرۈپتۇ. ئاھ، مېنىڭ سېرىيوژام! مەن ھەممە نېمەمدىن تەڭلا ئايرىلىپ قالىدىغان ئوخشايمەن، ئۇنى ئەمدى قايتۇرۇپ كەلگىلى بولمايدۇ. ئەگەر ئۇ قايتىپ كەلمەيدىغانلا بولسا، ھەممە نېمەمدىن ئايرىلدىم دېسەم بولىدۇ. بەلكىم ئۇ پويىزغا ئۈلگۈرەلمىگەندۇ ياكى قايتىپ كېلىپ ئۆيدە ئولتۇرىدىغاندۇ. مەن يەنە ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزۈمنى خارلىماقچىمۇ، — ئۇ ئۆزىنى ئەيىبلەپ كەتتى، — ياق، مەن دوللىنىڭ يېنىغا بارىمەن، ئۇنىڭغا، مەن بەختسىزمەن، ئۆزۈمگە ئۆزۈم قىلدىم. ھەممە ئەيىب مەندە، شۇنداقتىمۇ مەن بەختسىز، ماڭا ياردەم قىل، دەيمەن ... بۇ ئىككى ئات، بۇ پەيتۇن — بۇنىڭدا ئولتۇرۇش ماڭا قانداق ئېغىر - ھە — ئۇنىڭكى، ئۇلارنى ئەمدى ئىككىنچى كۆرەلمەيمەن.»

ئاننا ھەممە گېپىمنى دوللىغا سۆزلەپ بېرىمەن، دېگەن خىيال بىلەن، يۈرىكىنىڭ قانچىلىك ئازابقا پاتىدىغانلىقى بىلەن كارى يوق، دوللىنىڭ ئۆيىگە يېتىپ باردى.

— ئۆيدە مېھمان بارمۇ؟ — سورىدى ئۇ دالان ئۆيگە كىرىپ بولۇپ.

— كاتېرىنا ئالېكساندروۋنا لېۋىن كەلگەن، — دېدى خىزمەتكار جاۋاب بېرىپ.

«كىتى! ۋرونسكىينى ياخشى كۆرۈپ قالغان ھېلىقى كىتى ئىكەن ـ دە، — ئويلىدى ئاننا، — ۋرونسكىي ھازىرغىچە ئۇنى ئۇنتۇپ كېتەلمىدى، ئۇنىڭغا ئۆيلەنمىگىنىگە پۇشايمىنى بار. مېنى ئويلىسا كۆرەرگە كۆزى يوق، مەن بىلەن بىللە بولۇپ قالغىنىغا پۇشايمان قىلىدۇ.»

ئاننا كەلگەندە، ھەدە ـ سىڭىل ئىككىسى بالىنى قانداق ئېمىتىش توغرىسىدا پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. دوللى ئىككىسىنىڭ پارىڭىنى بۇزغان مېھماننىڭ ئالدىغا ئۆزى يالغۇز چىقتى.

— ھۇي، تېخى ماڭمىدىڭمۇ؟ مەن تېخى سېنىڭ يېنىڭغا بېرىپ كەلمەكچى بولۇپ تۇراتتىم، — دېدى دوللى، — بۈگۈن ستىۋادىن خەت ئالدىم.

— بىزمۇ ئۇ ئەۋەتكەن تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋالدۇق، — ئاننا گەپ قىلغاچ، كىتىنى ئىزدەپ ئۆپچۆرىسىگە قاراپ قويۇۋاتاتتى.

— ئۇ خېتىدە، ئالېكسېي ئالېكساندروۋىچنىڭ نېمە خىيالى بارلىقىنى بىلەلمىدىم، ئۇنىڭدىن ئېنىق جاۋاب ئالمىغۇچە قايتمايمەن، دەپتۇ.

— مەن يېنىڭدا مېھمان بارمىكىن، دەپ ئويلىۋىدىم، ئۇنىڭ خېتىنى ئوقۇپ باقسام بولامدۇ؟

— ھەئە، كىتى بار، — دېدى دوللى سەل ئوڭايسىزلىنىپ، — ئۇ بالىلارنىڭ ئۆيىدە قالدى، ئۆتكەندە خېلى ئوبدانلا ئاغرىۋالدى.

— ئاڭلىغانمەن. خەتنى كۆرسىتىشكە بولامدۇ؟

— بولىدۇ، ھازىرلا ئاچىقىپ بېرەي. ئالېكسېي ئالېكساندروۋىچقۇ رەت قىلماپتۇ، شۇنداقتىمۇ ستىۋا نەق جاۋابىنى ئۆزۈم ئېلىپ كېتەي، دەپ تۇرۇۋاتقان ئوخشايدۇ، — دېدى دوللى ئىشىكتە توختاپ.

— مەن ئۇنىڭدىن ئۇنى ئۈمىدمۇ قىلمايمەن ھەم ئۇنىڭغا ئۇنداق تەلىپىممۇ يوق، — دېدى ئاننا.

«ھۇي، كىتى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشسەم شەنىمگە داغ تېگىدۇ، دەپ ئويلامدىغاندۇ؟ — دەپ ئويلاپ قالدى ئاننا ئۆزى يالغۇز قالغاندا، — ئېھتىمال، ئۇنىڭ ئويلىغىنىمۇ ھەقتۇر. شۇنداقتىمۇ، ئۇ ... ۋرونسكىي بىلەن ياخشى ئۆتكەن ئادەم ماڭا بۇنداق مۇئامىلىدە بولماسلىقى كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقى پاكىتقۇ. بىلىمەن، مېنى مۇشۇ ئەھۋالىمدا ئۆزلىرىنى پاك ساناپ يۈرگەن ئاياللار قوبۇل قىلالمايدۇ. مەن ۋرونسكىي ئۈچۈن ھەممە نېمەمنى قۇربان قىلىشنى ئويلىغان ئەڭ دەسلەپكى ئاشۇ دەقىقىدىن باشلاپ ئىشنىڭ بۇزۇلغانلىقى ماڭا مەلۇم، ھازىر بولۇۋاتقان ئىشلار شۇنىڭ ئاقىۋىتى. ئۇھ، ئۇنىڭغا شۇنچىلىك ئۆچ بولدۇمكى ! مەن بۇ يەرگە نېمىگە كەلدىم؟ تېخىمۇ ئازابلانغىلى، تېخىمۇ بىئارام بولغىلى كەلدىممۇ؟ — ئاننا يان ئۆيدە ھەدە - سىڭىل ئىككىسىنىڭ بىر ئىشنى مەسلىھەتلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى، — بۇنداق ئەھۋالدا دوللىغا نېمە دېيىشىم مۇمكىن؟ بەختسىزمەن، قانات ئاستىڭغا ئال مېنى، دەپ كىتىنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلايمۇ؟ ئۇنىڭغا خوپ بوپتۇ دېگۈزەيمۇ؟ ياق، مېنىڭ كۆڭلۈمنى دوللىمۇ چۈشەنمەيدۇ، ئۇنىڭغا دېگىنىمنىڭمۇ پايدىسى يوق. لېكىن، كىتىنى كۆرسەم، ئۇنىڭغا نەزىرىمدە ھېچقانداق ئادەمنىڭ يوقلۇقىنى، ھەرقانداق ئىشقا پىسەنت قىلمايدىغانلىقىمنى، مەن ئۈچۈن ھەرقانداق ئىش بەرىبىر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ قويسام بولاتتى.»

دوللى خەتنى ئېلىپ كىردى. ئاننا ئوقۇپ چىقىپ، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي قايتۇرۇپ بەردى.

— مەن خەتتە دېيىلگەنلەرنى تولۇق بىلەتتىم، — دېدى ئاننا، — ئۇ گەپلەرگە قىلچە قىزىقىشىم يوق.

— نېمە ئۈچۈن؟ ئەكسىچە مېنىڭ ئۈمىدىم چوڭ ئىدى، — دېدى دوللى ئانناغا ھەيران قېلىپ. ئۇ ئاننانى پەقەتلا بۇنداق بىتاقەت ھالەتتە كۆرۈپ باقمىغانىدى، — قاچان ماڭماقچى بولدۇڭ؟ — دەپ سورىدى ئۇ يەنە.

ئاننا جاۋاب بەرمەي، كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ ئالدى تەرەپكە قاراپ ئولتۇرۇۋەردى.

— كىتى نېمىشقا مەندىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ؟ — دېدى قىزىرىپ كەتكەن ئاننا ئىشىككە كۆز تاشلاپ.

— ۋىيەي، ئۇنداق ئەمەسلا ! بالىسىنى ئېمىتىۋاتقان. ھېچ قولىشالماي ئۇنىڭغا ئۆگىتىپ قويۇۋاتاتتىم ... ئۇ سېنىڭ كەلگىنىڭنى ئاڭلاپ خۇش بولدى تېخى. بالىسىنى ئېمىتىپ بولۇپلا كىرىدۇ، — دوللى يالغان گەپ قىلىشنى بىلمىگەچكە، ئۇ گەپلەرنى دەپ بولغۇچە كۆپ ئوڭايسىزلىنىپ كەتتى، — قارا، ئۇمۇ كىردى.

ئاننانىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان كىتى ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىشنى خالىمىغانىدى، دوللى گەپ قىلىپ يۈرۈپ قايىل قىلغاچقا، غەيرىتىگە كېلىپ كىرىپ كەلگەنىدى. ئۇ قىزىرىپ كېتىپ، ئاننانىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭغا قولىنى بەردى.

— سىز بىلەن كۆرۈشكىنىمگە خۇشالمەن، — دېدى تىترىگەن ئاۋازدا ئۇ.

تاپتىن چىققان بۇ خوتۇنغا قارىتا كىتىنىڭ كۆڭلىدە دۈشمەنلىك قايناپتتى، لېكىن يەنە ئۇنىڭغا ئىچىمۇ ئاغرىيتتى. بۇ زىددىيەتلىك ئەھۋال ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئارامىدا قويماي، قانداق قىلىشنى بىلمەي تۇراتتى. ئەمما، ئۇنىڭ گۈزەل ۋە يېقىملىق

چىرايىنى كۆرۈپ، كۆڭلىدىكى دۈشمەنلىك بىردىنلا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.

— ئەگەر مېنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى خالىمىسىڭىز، بۇ قىلىقىڭىزغا ھەرگىز ھەيران قالمايتتىم. مەن ھەممە نەرسىگە ئۆگىنىپ قالدىم. ئاغرىپ قېلىشىدىڭىزمۇ؟ شۇنداقتەكمۇ تۇرىدۇ، چىرايىڭىز سەل ئۆزگىرىپ قاپتۇ، — دېدى ئاننا.

كىتى ئۇنىڭ ئۆزىگە قاراپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ئازراق دۈشمەنلىك چىقىپ تۇرغاندەك سەزدى ۋە بۇنى ياخشى تەرەپكە تارتىپ، ئاننا ئىلگىرى مېنى قانات ئاستىغا ئالغان، ئەمدى بۈگۈن بۇ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغىنىمدىن مېنىڭ ئالدىمدا خىجالەت بولۇپ شۇنداق قاراۋاتسا كېرەك، دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ قالدى.

ئۇلار كىتىنىڭ ئاغرىغىنى، بوۋاق ۋە ستىۋا توغرۇلۇق پاراڭلاشتى، ئەمما ئاننا ئۇ پاراڭلارنىڭ ھېچقايسىسىغا قىزىقمايتتى.

— مەن سىزنىڭ بىلەن خوشلاشقىلى كەلگەن، — دېدى ئاننا ئورنىدىن تۇرۇپ.

— قاچان يولغا چىقىسەن؟

ئاننا ئۇنىڭ گېپىگە يەنە جاۋاب بەرمەي، كىتىگە قاراپ گەپ قىلدى.

— سىز بىلەن كۆرۈشكىنىمگە خۇشالمەن، — دېدى ئاننا كۈلۈمسىرەپ، — مەن نۇرغۇن كىشىلەردىن، ھەتتا ئېرىڭىزدىنمۇ سىزنىڭ توغرىڭىزدا ئاڭلاپ تۇردۇم. ئۇياق بىز تەرەپكە بېرىپتىكەن، ماڭا ناھايىتى ياقتى، — ئاننانىڭ بۇ گېپى ياخشى نىيەتتە دېيىلگەنلىكى روشەن ئىدى، — ئۇياق ھازىر نەدە؟

— يېزىمىزغا قايتىپ كەتتى، — دەپ جاۋاب بەردى كىتى قىزىرىپ كېتىپ.

— مېنىڭدىن ئېرىڭىزگە سالام ئېيتىپ قويۇڭ، ئۇنتۇپ قالماڭ.

— ئۇنتۇپ قالمايمەن، — دېدى كىتتى ئۇنىڭ گېپىگە بالىلارچە ساددىلىقى بىلەن جاۋاب بېرىپ ۋە ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ھېسداشلىق بىلەن قاراپ قويىدى.
— خەير، دوللى ! — ئاننا دوللىنى سۆيۈپ، كىتتىنىڭ قولىنى سىقىپ ئالدىراش چىقىپ كەتتى.
— يەنە شۇنداق يېقىملىق، يەنە شۇنداق چىرايلىق تۇرۇپتۇ، — دېدى ھەدە - سىڭىل يالغۇز قالغاندا كىتتى، — لېكىن، نېمىشقىدۇر بىر خىل بىچارە چىرايىغۇ ! ھەي بىچارە !
— شۇ ئەمەسمۇ، بۈگۈن سەل باشقىچىرەك تۇرىدۇ، — دېدى دوللى، — دالانغا ئۇزىتىپ چىققىنىمدا كۆزۈمگە يىغلىۋېتىدىغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

# 29

ئاننا ئۆزىنىڭ ئۆيىدىن چىققان چاغدىكىدىنمۇ يامان كەيپىياتتا پەيتۇنغا چىقىپ ئولتۇردى. ئىلگىرىكى دەرد - ئەلەملىرىگە ئەمدى كىتتى بىلەن كۆرۈشكەن چاغدا ئېنىق ھېس قىلغان ھاقارەت ۋە خورلىنىش تۇيغۇسى قوشۇلۇپ كەتكەنىدى.
— قاياققا بۇيرۇيدىلا، خانىم؟ ئۆيگە قايتىمىزمۇ؟ — سورىدى پيوتر.
— ھەئە، ئۆيگە قايتىمىز، — دېدى ئاننا ئۆزىنىڭ نەگە بارىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ قويماي.
«ئۇ ئىككىسى ماڭا خۇددى غەلىتە ھەم سىرلىق بىر مەخلۇققا قارىغاندەك قاراۋاتىدۇ. ئۇلار نېمە توغرىسىدا ئاشۇنداق قىزغىن پاراڭلىشىپ كېتىۋاتقاندۇ؟ — ئويلىدى ئاننا پىيادە كېتىۋاتقان ئىككى ئادەمگە قاراپ، — ئادەم ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكى گەپنى باشقا بىرىگە سۆزلەپ بەرسە بولارمۇ؟ مەن كۆڭلۈمدىكىنى سۆزلەپ

بەرمەكچىدىم، ھېلىمۇ ياخشى سۆزلىمەيتىمەن. ئۇ مېنىڭ بەختسىزلىكلىرىمنى ئاڭلىسا خۇشال بولار ئىدى، ئەمما كۆرۈنۈشتە چاندۇرمايتتى. مەن تۇرمۇشنىڭ لەززىتىنى كۆرۈپ يۈرگەن چاغلىرىمدا ماڭا ھەۋەس قىلىۋىدى، ئەمدى شۇ لەززەتلەر ئۈچۈن جازالانغانلىقىمنى كۆرگەندە خۇشال بولماي قالسۇنمۇ! كىتى تېخىمۇ خۇشال بولىدۇ، مەن بۇنى بىلىپ بولدۇم. مېنىڭ ئېرىنىڭ كۆڭلىدىكى پەۋقۇلئاددە جەلپكارلىقىمنى ئۇ بىلىدۇ، شۇڭا ماڭا رەشك قىلىدۇ، ئۆچمەنلىك قىلىدۇ، كۆزىگە ئىلمايدۇ. ئۇنىڭ نەزىرىدە مەن ئەخلاقى بۇزۇلغان بىر ئايال. ئەگەر مەن ئۇ ئويلىغاندەك ئاشۇنداق ئەخلاقى بۇزۇق ئايال بولغان بولسام، ئۆزۈم خالىغان چاغدا ئۇنىڭ ئېرىنى ئۆزۈمگە قارىتىۋالالامتىم ... مەندە شۇنداق خىيالمۇ بولغان ... ماۋۇ ئاداشنىڭ نوچىلىقىنى كۆرۈڭ، — شۇ چاغدا ئۇدۇلدىن كېلىۋاتقان مەڭزىلىرى قىپقىزىل سېمىز بىر ئادەم خۇددى ئاننانى تونۇيدىغاندەك، ئايپاڭ بېشىدىن پارقىراپ تۇرغان يوغان شلەپىسىنى ئېلىپ ئېگىلىپ قويغان، ئارقىدىنلا ئۆزىنىڭ ئۇنى تونۇپ قالغانلىقىنى بىلگەنىدى. ئاننا شۇنى كۆرۈپ ئويلاپ قالدى، — ئۇ ئادەم مېنى تونۇيمەن، دەپ ئويلىسا كېرەك. ئەمەلىيەتتە، ئۇ مېنى تونۇمايدۇ، دۇنيادا مېنى تونۇيدىغان بىرمۇ ئادەم يوق، ھەتتا ئۆزۈمنى ئۆزۈممۇ تونۇمايمەن. فرانسۇزلار دېگەندەك، مەن پەقەت ئۆزۈمنىڭ نەپسىمنىلا بىلىمەن. قارا، ئۇلارنىڭ پاسكىنا ماروژنىنى يەپ كېتىۋاتقىنىنى، ئۇلار پەقەت يېيىشنىلا بىلىدۇ، — ئىككى بالا ماروژنى ساتىدىغان ئادەمنىڭ ئالدىنى توسۇۋالغانىدى، ماروژنىچى بېشىغا ئېلىۋالغان ياغاچ ساندۇقچىنى پەسكە ئېلىپ، لۆڭگىسى بىلەن يۈزىدىكى تەرنى سۈرتۈۋاتاتتى. ئاننا شۇلارغا قاراپ ئويلاپ كەتتى، — بىز ھەممىمىز تاتلىق يېمەكلىكلەرگە ئامراق، كەمپۈت بولمىسا ئاشۇنداق مەينەت ماروژنىنى يېگۈمىز كېلىدۇ. كىتىمۇ شۇنداق، ۋرونسكىيغا ئېرىشەلمەي لېۋىنغا تەگدى. كىتى ھازىرغىچە ماڭا

رەشـك قىلـىدۇ، مەندىن نـەپرەتلـىـنىدۇ، ھەر ئـىككـىمىز بىـر ـ بىرىمىزگە ئۆچ. مېنىڭ ئۇنـىڭغا ئۆچلۈكۈم كـېلىدۇ، ئـۇنىڭمـۇ ھـەم شـۇنـداق، بـۇ پـاكـىـت ... *ساتىراش تـېئۇتكـىن. مەن دائـىـم ئۇنىڭغا* چېچىمنى *تاراتقۇزىمەن* ... ئۇ كەلـگەندىن كـېيىن ئـۇنىڭغا دەيمەن، — ئۇ شۇ خىياللارنى قىلىپ بوش كۆلۈمسىرەپ قويدى، لېكىن بىردىنلا مۇشۇ كـۆنلەردە ئۆزى بىلەن قىـزىق پاراڭلارنـى قـىـلىشـىـدىغان ئـادەمـىـنىـڭ يـوقـلۇقـىـنـى ئويلاپ قـالـدى، — ئەمەلىيەتتىغۇ كۆلگۈدەك ئىشمۇ يوق، ھەممىسىلا ئادەمنى بىـزار قىلىدىغان ئىشلار. كەچلىك ئىبادەتكە قوڭغۇراق چېلىنىۋاتـىدۇ. ئاۋۇ سودىگەر نېمانچىلا ئەستايىدىل چوقـۇنۇپ كېتـىدىغانـدۇ، خۇددى ھازىرلا بـىر نېمـىسىدىـن ئايرىلـىپ قالـىدىغانـدەك. بـۇ چېركاۋلار، بۇ قوڭغۇراقلار، شۇ كۆز بويامچىلىقلارنىڭ نـېمىگـە كېرىكى بار؟ مانا مۇشۇ پەيتۇنكەشلەرنىڭ بىر ـ بىرىنى ئاغزىغا كەلگىنىچە تىللاشقىنىغا ئوخشاش، بىر ـ بىرىمىزگە بولغان ئۆچمەنلىكلىرىمىزنى يوشۇرۇش ئۈچۈنلا كېرىكى بار. ياشۋىننىڭ: «ئۇ مېنى بىر تىيىننى قويماي ئۇتۇۋالسام دەيدۇ، مەنمۇ ھەم ئـۇنى شـۇنداق ئـويلايمەن» دېگەن گېپى توپتوغرا گەپ ـ دە.»

ئاننا ئەنە شۇنداق خىلمۇ خىل خىياللار بىلەن ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۇنتۇپ كېتىپ، ئۆيىگە قانداق يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلمەيلا قالدى. ئالدىغا چىققان دەرۋازىۋەننى كۆرگەندىلا، ۋرونسكىيغا ئەۋەتكەن خەت بىلەن تېلېگراممىسى ئېسىگە كەلدى.

— جاۋاب كەلدىمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— مەن قاراپ باقاي، — دەرۋازىۋەن كەينىگە قايرىلىپ، ئۇستەل ئۈستىدە تۇرغان نېپىز بىر تېلېگرامما قەغىزىنى ئېلىپ ئاناغا بەردى. «سائەت ئوندىن ئىلگىرى قايتىپ بارالمايمەن. ۋرونسكىي» دېگەن گەپلەرنى ئوقۇدى ئاننا.

— خەت ئېلىپ كەتكەن كىشى قايتىپ كەلمىدىمۇ؟

— تېخى قايتىپ كەلمىدى، خانىم، — جاۋاب بەردى دەرۋازىۋەن.

«ئۇنداق بولسا، ئەمدى مەن ئۆزۈم بىلگەننى قىلسام بولغۇدەك، — بىردىنلا ئۇنىڭ يۈرىكىگە تايىنىسىز بىر غەزەپ ۋە ئىنتىقام ئوتى تۇتىشىپ، يوگورگەن پېتى ئۇستۇنكى قەۋەتكە — ئۆزىنىڭ هۇجرىسىغا چىقىپ كەتتى، — ئۇنى ئۆزۈم ئىزدەپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىشتىن ئىلگىرى ئىچىمدىكى گەپلىرىمنىڭ هەممىسىنى ئۇنىڭغا ئېيتىۋالىمەن. مەن هازىرغىچە هېچقانداق ئادەمگە ئۇنىڭغا نەپرەتلەنگەندەك نەپرەتلەنگەن ئەمەسمەن» دەپ ئويلايتتى ئۇ ئىچىدە. ۋرونسكىينىڭ قوزۇقتا ئېسىقلىق تۇرغان شەپكىسىنى كۆرۈپ قېلىپ، بىردىنلا ئۇنىڭ ۋۇجۇدى نەپرەتتىن جۇغۇلداپ كەتتى. ئۇ تېلېگراممىنىڭ ئۆزى ئەۋەتكەن تېلېگراممىغا جاۋاب تېلېگراما ئىكەنلىكىنى، ئۇ چاغدا ئۇ ئەۋەتكەن خەتنى ئۇنىڭ تاپشۇرۇۋالمىغانلىقىنى ئاننا خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. ئۇنى شۇ تۇرقىدا ئاپىسى هەم سوروكىننا بىلەن خاتىرجەم پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرغان، ئاننانىڭ دەرد ـ ئەلەم تارتىۋاتقىنىغا خۇشال بولۇشۇۋاتقان قىياپەتتە كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى. «توغرا، چاپسان مېڭىش كېرەك !» دەيتتى ئۇ ئۆزىگە ئۆزى، لېكىن ئۇنى نەگە بېرىپ ئىزدىشىنى بىلمەيتتى. بۇ قورقۇنچلۇق ئۆيلەردە هېس قىلىپ تۇرۇۋاتقان تۇيغۇلاردىن چاپسانراق قۇتۇلغۇسىلا كېلەتتى، خىزمەتكارلارمۇ، ئۆيلەرنىڭ تاملىرىمۇ، ئۆيدىكى نەرسىلەرمۇ بىرنەچچە تاغ ئۇستىدىن بېسىپ تۇرۇۋاتقاندەك ئۇنى سەسكەندۈرەتتى، غەزەپلەندۈرەتتى.

«توغرا، ئاۋۋال پويىز ئىستانسىسىغا باراي، ئەگەر ئۇنى ئۇ يەردىن تاپالمىسام، ئاندىن ئۇنىڭ كەتكەن يېرىگە بېرىپ رەسۋاسىنى چىقىراي، — ئاننا گېزىتتىكى پويىزنىڭ ۋاقىت جەدۋىلىنى ئوقۇدى، كەچ سائەت سەككىزدىن يىگىرمە مىنۇت ئۆتكەندە بىر پويىز بار ئىكەن، — توغرا، شۇ پويىزغا

ئۇلگۇرىدىكەنمەن.» ئاننا خىزمەتكارغا ئاتلارنى پەيتۇنغا ئالماشتۇرۇپ قوشۇشنى بۇيرۇپ قويۇپ، ئۆزى بىرنەچچە كۈنگە يېتەرلىك نەرسىلەرنى تەييارلاپ سەپەر خالتىسىغا قاچىلاشقا باشلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەمدى بۇ يەرگە قايتىپ كەلمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى، شۇڭا كاللىسىدىن توختىماي ئۆتۈپ تۇرۇۋاتقان خىلمۇ خىل پىلانلارنىڭ ئىچىدىن، ۋوگزالدا ياكى گراف خانىمنىڭ قورۇقىدا ئۇلار بىلەن جېدەللىشىپ بولغاندىن كېيىن توغرا كەلگەن پويىزغا ئولتۇرۇپ، پويىز توختىغان بىرىنچى شەھەردە چۈشۈپ قېلىپ شۇ يەردە تۇرۇش پىلانىنى ئۆزى بىلىپ - بىلمەي تاللىۋالغانىدى.

كەچلىك تاماق تەييار بولۇپ قالغانىدى. ئاننا ئۇستەل يېنىغا كېلىپ بولكا بىلەن ئىرىمچىكنى پۇراپ باقتى. ئۇلاردىن باشقىمۇ يېمەكلىكلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشتۇرغاندەك بولۇپ، ئاخىر ئۇلاردىن بىر چىمدىممۇ يېمەي، پەيتۇننى قوشۇشنى بۇيرۇپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئۆينىڭ كۆلەڭگىسى كوچىنى بىر ئالغان، ھاۋا ئوچۇق، كۈن ئولتۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، يەنىلا ئىسسىق ئىدى. نەرسە - كېرەكلىرىنى كۆتۈرۈپ ئاچقىششۋاتقان ئاننۇشكا بولامدۇ، نەرسىلەرنى پەيتۇنغا سېلىۋاتقان پيوتر بولامدۇ ياكى خاپا چىراي پەيتۇنكەش بولامدۇ، ھەممىسىلا ئۇنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنەتتى، ئۇلارنىڭ گەپ - سۆزلىرى، يۈرۈش - تۇرۇشلىرى ئۇنى تېرىكتۈرەتتى.

— پيوتر، ماڭا سېنىڭ كېرىكىڭ يوق.

— پويىز بېلىتىنى قانداق قىلىسىز؟

— قانداق قىلساڭ شۇنداق قىل، ماڭا بەرىبىر. پەيتۇنكەشكە ئېيت، پويىز ۋوگزالىغا ھەيدىسۇن!

پيوتر پەيتۇننىڭ ئالدىغا سەكرەپ چىقىپ پەيتۇنكەشنىڭ يېنىدا بېلىتنى تۇتۇپ ئولتۇردى، ئاندىن ئۇنىڭغا ۋوگزالغا قاراپ مېڭىشنى بۇيرۇدى.

# 30

«ئۇھ، يەنە شۇ بايىقى قىزغۇ! نېمانداق ھەممىنى ئېنىق كۆرۈپ تۇرىدىغاندىمەن!» پەيتۇن قوزغالغاندا ئاننا يەنە ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەپ قويدى. پەيتۇن شېغىل تاش ياتقۇزۇلغان يولدا بىر خىلدا چايقىلىپ، چاقلىرىنى تاراقلىتىپ كېتىۋاتاتتى. شۇ چايقىلىشلار، تاراقلاشلار ئىچىدە يېڭىدىن يېڭى خىياللار ئۇزۇلمەي ئاننانىڭ خىيالىغا كېلىشكە باشلىدى.

«ھە راست، بايا مەن قىزىقلا بىر ئىشنى ئويلىۋىدىمغۇ؟ — ئۇ ئۇ ئىشنى يادىغا كەلتۇرۇشكە تىرىشتى، — *ساتىراش* تېئۇتكىنىنىڭ ئىشىمۇ؟ ياق، ياق، ئۇ ئەمەس. ھە، تاپتىم، ياشۋىنىنىڭ: ‹كىشىلەرنى بىر - بىرىگە باغلاپ تۇرىدىغان نەرسە ياشاش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ۋە بىر - بىرىگە ئۆچمەنلىك قىلىش› دېگەن گېپىنى ئويلاپ كېتىۋاتاتتىم. ھىم، سىلەرنىڭ سىرتلارغا سەيلىگە چىققىنىڭلار بىكار، — دېدى ئۇ ئىچىدە ھارۋىلارغا ئولتۇرۇپ شەھەر سىرتىغا سەيلە قىلغىلى كېتىۋاتقان كىشىلەرگە قاراپ، — ئىتلارنى ئېلىۋالغىنىڭلارنىڭمۇ پايدىسى يوق، بەربىر ۋىجدانىڭلارنىڭ ئەيىبلەشلىرىدىن قۇتۇلالمايسىلەر، — ئۇ پيوتر قاراۋاتقان تەرەپكە قاراپ، بىر ساقچىنىڭ بېشى ساڭگىلاپ تۇرالماي قېلىۋاتقان غەرق مەست بىر ئىشچىنى ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى، — مانا بۇ بولىدىغان چارە ئىكەن، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — گراف ۋرونسكىي ئىككىمىز كۆڭۈللۈك ئۆتۈشنىڭ ئاشۇ ساقچى تاپقانچىلىك بىر چارىسىنى تاپالمىدۇق - ھە، بولمىسا ئىككىمىز تۇرمۇشتىن كۆپ نەرسە كۈتۈۋىدۇق، — ئىلگىرى ئاننانىڭ ۋرونسكىي بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلىرىنى ئويلىغۇسى كەلمەيتتى، ھازىر

بۇلسا شۇ مۇناسىۋەتلەرنى بىرىنچى قېتىم روشەن چۈشىنىپ تۇرۇۋاتاتتى، — ئۇ نېمە مەقسەتنى كۆزلەپ مېنى قوغلاشتى؟ مۇھەببەت ئۈچۈن ئەمەس، ماختىنىش ئۈچۈن، — ئاننا ئىككىسى تېپىشقان دەسلەپكى چاغلاردىكى ۋرونسكىينىڭ قىلغان گەپلىرىنى ۋە ئۆگىتىلگەن ئوۋ ئىتىغا ئوخشايدىغان تۇرقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ھازىر ھەممە ئىش ئۇنىڭ ئويلىغانلىرىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى، — شۇنداق، ئۇ ماختانچاقلىقىنى قاندۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ ئالدىدا غەلىبىسىگە تەنتەنە قىلىشنىلا ئويلىدى. راست، مۇھەببىتىمۇ بولغان، ئەمما كۆپرەك مەقسىتى غەلىبىسىدىن ماختىنىش ئىدى. ئۇ مېنى ئۆزىگە قارىتىۋالغىنىدىن كۆرەڭلىگەن، ئەمدى ئۇ كۈنلەر ئۆتۈپ كېتىپ، كۆرەڭلەيدىغانغا ھېچنېمە قالمىغاندا مېنى تاشلىماقچى، چۈنكى مېنىڭدىن ئېلىش مۇمكىن بولغان نەرسىنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ بولدى - دە. كۆرەڭلەيدىغانغا ھېچنېمە يوق، پەقەت نومۇسلا قالدى، مېنىڭ كېرىكىم قالمىدى. ئەمدى مەن ئۇنىڭغا يۈك بولۇپ قالدىم، لېكىن ھازىرچە ياخشىلىقتا يامانلىق قىلىپ قويغان بولۇپ قالماي، دەپ يالغاندىن بولسىمۇ ماڭا ياخشى مۇئامىلە قىلغاندەك بولۇۋاتىدۇ. تۈنۈگۈن ئۇ ئاۋۋال ئاجراش، ئاندىن توي قىلىمىز، دەپ ئۆزىنىڭ ئىچىدىكىسىنى ئاشكارىلاپ قويدى، بۇ، ھەممە ئىش تۈگەشتى، دېگەنلىك، ئەلۋەتتە. ئۇ مېنى ياخشى كۆرىدۇ، لېكىن ياخشى كۆرۈشى قانچىلىك دەرىجىدە، بىلىپ بولمايدۇ. ياق، *مۇھەببەت* يالقۇنى ئۆچۈپ بولدى ... ئۇ ئادەم ئۆزىنى كۆرسەتمەكچى، قاراڭ، ئۇنىڭ كۆرەڭلەپ كېتىۋاتقىنىنى، — دەپ ئويلىدى ئاننا ئۆگىتىلگەن بەيگە ئېتىغا مىنىۋالغان ئىككى مەڭزى قىپقىزىل مال ساتقۇچىغا قاراپ قويۇپ، — ئۇنىڭ ئالدىدا مېنىڭ جەلپكارلىقىم ئەمدى تۈگىدى، ئەگەر مەن ئۇنىڭ يېنىدىن كېتىپ قالسام، ئۇ ئىچىدە خۇشال بولىدۇ.»

ئۇنىڭ بۇ ئوي - پىكىرلىرى تەخمىن ئەمەس ئىدى، بۇنى ئۇ

هاياتنىڭ ئەھمىيىتى بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەردىن روشەن كۆرۈپ تۇرۇۋاتاتتى.

«مېنىڭ مۇھەببىتىم بارغانسېرى يالقۇنجاپ يۈرىكىمنى كۆيدۈرۈپ كېتىۋاتسا، ئۇنىڭ مۇھەببىتى بارغانسېرى ئۆچۈپ كۈلگە ئايلىنىپ كېتىۋاتىدۇ، ئىككىمىزنىڭ ئايرىلىپ كەتمەكچى بولۇۋاتقىنىمىزنىڭ ئاساسلىق سەۋەبمۇ مۇشۇ، — ئۇ داۋاملىق ئويلاشقا باشلىدى، — مېنىڭ ئەمدى ئامالىم قالمىدى. مەن پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى ئۇنىڭغا تاپشۇرغان، ئۇنىڭمۇ مەن ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەردىن ۋاز كېچىشىنى تەلەپ قىلغانمەن. ئەمما، ئۇ ئۇنداق قىلمىدى، مەندىن بارغانسېرى يىراقلاشتى. ئىككىمىز يېڭى تېپىشقان چاغلىرىمىزدا بىر - بىرىمىزگە شۇنداق ئامراق ئىدۇق، بىر - بىرىمىزدىن ئايرىلالمايتتۇق، بىر ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن كۆڭۈللىرىمىز بۆلۈنۈپ، ئۆزىمىز بىلگەن يولدا ماڭدۇق، بۇ خىل ئەھۋالنى ئۆزگەرتىشكە چامىمىز يەتمىدى. ئۇ مېنى سەۋەبسىزلا كۈنلەيسەن دەيدۇ، مەنمۇ ئۆزۈمنى شۇنداق دەپ ئويلايمەن، لېكىن بۇ يالغان. مەن كۈنلىمەيمەن، پەقەت رازى بولمىغانلا يېرىم بار شۇ، لېكىن... — ئانىنا بىردىنلا كاللىسىغا كەلگەن بىر خىيالدىن ھاياجانلىنىپ ئاغزىنى ئېچىپلا قالدى، ھەتتا ئولتۇرغان ئورنىدىن يۆتكىلىپمۇ قويدى، — مەن پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن ئۇنىڭ ئوينىشى بولماسلىقىم كېرەك ئىدى، لېكىن ئۇنداق قىلالمىدىم، ئۆزۈمنى تۇتالمىدىم، مېنىڭ مۇشۇ ئىشىم ئاخىرىغا كېلىپ ئۇنى زېرىكتۈردى. مەن ئۇنىڭ بۇ ئىشىدىن خاپا بولدۇم، لېكىن قىلچە ئامال قىلالمىدىم. ئەجەبا، مەن ئۇنىڭ مېنى ئالدىمايدىغانلىقىنى، سوروكىنناغا كۆڭلىنىڭ يوقلۇقىنى، كىتىنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى، ماڭا ۋاپاسىزلىق قىلمايدىغانلىقىنى بىلمەيمەنمۇ؟ بىلىمەن، ھەممىنى بىلىمەن، لېكىن بۇ بىلگىنىمدىن ئەھۋالىم يېنىكلەپ قالمايدۇ. ئەگەر ئۇ مېنى ياخشى كۆرمەي، پەقەت مەسئۇلىيەت زۆرۈرىيىتى بىلەنلا ماڭا

يېقىنچىلىق قىلىپ قويغان، مەن خالىغان، ئارزۇ قىلغان مۇھەببەتنى ماڭا بەرمىگەن بولسا، بۇ مەن ئۈچۈن دوزاخ ئازابىدىن بەتتەر ئازاب بولىمامدۇ! ھازىر ئەھۋال دەل شۇنداق بولۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ مېنىڭدىن كۆڭلى سوۋۇغىنىغا خېلى بولدى. مۇھەببەت تۈگىگەن جايدا نەپرەت باشلىنىدۇ. مەن مۇنۇ كوچىلارنى پەقەتلا كۆرۈپ باقمايتتىكەنمەنا. بىرمۇنچە دۆڭلەر تۇرىدۇ، ۋاي ـ ۋوي، نېمانچە كۆپ ئۆيلەر بۇ ... ئاشۇ ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىدە ئادەم بار، ساناقسىز ئادەملەر، ھەممىسى بىر ـ بىرىگە دۈشمەن ... ئەمدى مەن ياخشىراق ئويلاپ باقاي، قانداق قىلسام بەختلىك بولىمەنكىن. ھە، ئۇنى تاپقاندەكمۇ قىلىمەن: نىكاھتىن ئاجراشسام، كارېنىن سېريوژانى ماڭا بېرىۋەتسە، ئاندىن ۋرونسكىي بىلەن توي قىلسام ... — كارېنىننى خىيالىغا كەلتۈرگەن ھامان ئۇنىڭ پۈتۈن تۇرقى — ھاياتىي كۈچ يوق ئىتائەتمەن نۇرسىز كۆزلىرى، تومۇرلىرى كۆپچۈپ تۇرغان ئاپئاق قوللىرى، تەلەپپۇزى، بارماقلىرىنى قارسىلدىتىشلىرى شۇئان كۆز ئالدىغا كەلدى. ئۇنىڭ بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدا بولغان ۋە ئۇمۇ مۇھەببەت دەپ ئاتىلىدىغان تۇيغۇنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ، يىرگەنگىنىدىن ئىختىيارسىز سەسكىنىپ كەتتى، — خوش، مەن ئاجرىشىش خېتىنىمۇ ئالاي، ۋرونسكىينىڭ خوتۇنىمۇ بولاي، شۇ چاغدا كىتى ماڭا بۈگۈنكىدەك نەزەردە قارىماسمۇ؟ ياق! سېريوژا مېنىڭدىن نېمىشقا ئىككى ئەرلىك بولۇپ قالغىنىمنى سورىماسمۇ ياكى ئويلىماسمۇ؟ ئۇ چاغدا ۋرونسكىي ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا قانداق ھېس ـ تۇيغۇلار پەيدا بولار؟ ماڭا بەختنىڭ كېرىكى يوق، پەقەت ھازىر تارتىۋاتقان ئازابلىرىمدىن قۇتۇلسامىلا بولاتتى. ھېچبولمىغاندا شۇنىڭ مۇمكىنچىلىكى بولارمۇ؟ ياق! ياق! — ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ سوئالىغا قىلچە ئىككىلەنمەي جاۋاب بەردى، — مۇتلەق مۇمكىن ئەمەس. بىزنى ھايات ئايرىۋېتىۋاتىدۇ، نەتىجىدە مەن ئۇنى بەختسىز

قىلدىم، ئۇ مېنى بەختسىز قىلدى. ئۇ مېنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ، مەنمۇ ئۇنى ئۆزگەرتەلمەيمەن. ھەممە چارىلەرنى قىلىپ كۆردۈم، ۋېنتا پۇچۇلۇپ كەتسە چىگىنتقىللى بولمايدىكەن ... بالا كۆتۈرۈۋالغان ئاۋۇ دىۋانە ئايال مۇشۇنداق ئولتۇرسام خەقنىڭ ماڭا ئىچى ئاغرىيدۇ، دەپ ئويلىسا كېرەك. بىزنىڭ بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە بولۇشىمىز بىر ـ بىرىمىزگە ئۆچمەنلىك قىلىش، ئۆزىمىزنى قىيناش ئۈچۈنمۇ؟ ئاۋۇ بىرنەچچە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى كۈلۈشۈپ كېتىۋاتىدۇ. سېرىيوژاچۇ؟ — ئۇ بىردىنلا سېرىيوژانى ئەسلەپ قالدى، — مەنمۇ ئۆزۈمنى ئۇنى ياخشى كۆرىمەن، دەپ ئويلايتتىم، ياخشى كۆرگىنىمدىن ھاياجانلىنىپمۇ كېتەتتىم. لېكىن، مەن ئۇنىڭسىزمۇ ئوخشاشلا ياشاۋاتمايمەنمۇ، مەن ئۇنى باشقا بىرىنىڭ مۇھەببىتىگە تېگىشىۋەتتىم، مۇھەببەتكە قانغىنىمدىن كېيىنمۇ ئۇنى ئۇنىڭغا تېگىشىۋەتكىنىمگە پۇشايمان قىلمىدىم، — ئاننا ئۇ مۇھەببەتنى يىرگىنىش بىلەن ئەسكە ئالدى. ئۇ ئەمدى ئۆزىنىڭ ھاياتى بىلەن باشقىلارنىڭ ھاياتىنى ناھايىتى ئوچۇق كۆرۈپ تۇرۇۋاتقىنى ئۈچۈن تولىمۇ خۇشال ئىدى، — مەيلى مەن بولاي، مەيلى پيوتر، پەيتۇنكەش فيودور، ئاۋۇ سودىگەر ياكى ئېلانلارنىڭ قىزىقتۇرۇشى بىلەن كېلىپ ۋولگا دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا ساياھەت قىلىپ يۈرگەن ئاشۇ ئادەملەر بولسۇن، ھەممىمىز ئوخشاش، مەڭگۇ مۇشۇنداق ئۆتۈپ كېتىمىز.» ئۇ ئولتۇرغان پەيتۇن نىژېگورود ۋوگزالىنىڭ پاكار بىناسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىغاندا، بىرمۇنچە ھامماڭ ئۇلارنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈشۈپ كەلدى.

— بىلەتنى ئوبىرالوۋكىغا ئالىمەنمۇ؟ — دەپ سورىدى پيوتر.

نەگە ۋە نېمىشقا كېتىۋاتقىنىنى پۈتۈنلەي ئېسىدىن چىقارغان ئاننا ئۇنىڭ نېمە سوراۋاتقانلىقىنى ئارانلا چۈشەندى.

— شۇنداق، — دېدى ئۇ پۇل قاپچۇقىنى ئۇنىڭغا بېرىۋېتىپ،

ئاندىن قولىدا كىچىك بىر قىزىل سومكا، پەيتوندىن سەكرەپ چۈشتى.

ئانا توپ - توپ كىشىلەر ئارىسىدىن ئۆتۈپ بىرىنچى دەرىجىلىك ۋاگون يولۇچىلىرى پويىز ساقلايدىغان كۈتۈشخانىغا كېتىۋېتىپ، ئۆز ئەھۋالىنىڭ تەپسىلاتى بىلەن ئىككىلىنىپ تۇرۇۋاتقان پىلانلىرىنى ئاستا - ئاستا ئېسىگە ئېلىشقا باشلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۈمىد بىلەن ئۈمىدسىزلىك بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ، ئازابتىن يەتكۈچە قىيىنىلىپ ئارانلا قالغان يۈرىكىگە نەشتەردەك سانجىلىشقا باشلىدى. ئۇ يۇلتۇز شەكىللىك ساپادا ئولتۇرۇپ پويىزنى ساقلىغاچ، كىرىپ - چىقىپ تۇرۇۋاتقان ئادەملەرگە نەپرەت بىلەن قاراپ قويياتتى (ئۇنىڭ خىيالىچە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىزارى ئادەملەر ئىدى)، تۇرۇپلا ئۇ يەرنىڭ ۋوگزالىغا بېرىپلا ۋرونسكىيغا خەت يېزىپ، خەتتە نېمە - نېمىلەرنى دېيىشنى ئويلاپ كېتەتتى. يەنە تۇرۇپلا ۋرونسكىينى ئۆزىنىڭ تارتىۋاتقان ئازابلىرىنى چۈشەنمەي، ئاپىسىغا ئۆزىنىڭ دەردىنى تۆكۈپ بېرىۋاتقاندەك ھالەتتە كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى ۋە ئۆزىنىڭ دەل شۇ گەپنىڭ ئۈستىگە كىرىپ قېلىپ ئۇنىڭغا نېمىلەرنى دەيدىغانلىقىنى خىيالىدىن ئۆتكۈزەتتى. تۇرۇپلا يەنە تۇرمۇشىنىڭ يەنىلا بەختلىك ئۆتىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئۇنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ھەم قانچىلىك يامان كۆرىدىغانلىقىنى ئويلاپ كېتەتتى. يەنە ... ئۇنىڭ يۈرىكى قاتتىق سېلىپ كەتتى.

## 31

قوڭغۇراق چېلىندى. بىرنەچچە يىگىت ئالدىراش ئۆتۈپ كەتتى، ھەممىسىلا كۆرۈمسىز، قوپال بىرنېمىلەر ئىدى،

ئۆزلىرىنىڭ شۇ قوپاللىقلىرىدىن مەمنۇندەكمۇ قىلىشاتتى. ئۇستىگە خىزمەت چاپىنى، پۇتىغا كالتە قونچلۇق ئۆتۈك كىيگەن، دۆت چىرايى ھايۋاننىڭ چىرايىغا ئوخشاپ قالىدىغان پيوترمۇ زالنىڭ ئوتتۇرىسىدىن مېڭىپ، ئاننانى ۋاگونغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى. ئاننا ۋوگزال سۈپىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، شۇ يەردە ئۇنلۇك گەپ قىلىشىپ تۇرغان بىرنەچچە ئەر بىردىنلا جىمىپ كەتتى، ئىچىدىن بىرى ئاننا توغرىسىدا شىۋىرلاپ سەت گەپتىن بىرنى قىلدى. ئاننا ۋاگوننىڭ ئېگىز پەلەمپىيىگە دەسسەپ ۋاگونغا چىقتى، ئاندىن ۋاگوننىڭ ئايرىم خانىسىغا كىرىپ، ياپقۇچلىرى كىرلىشىپ كەتكەن يۇمشاق ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. ئورۇندۇق ئۇستىگە تاشلانغان سومكىسى بىردەم سىلكىنىپ توختاپ قالدى. پيوتر دېرىزە ئالدىغا كېلىپ گول ئادەملەرگە خاس كۈلكىسى بىلەن بېشىدىن ئۇقىلىق شلەپىسىنى ئېلىپ ئاننا بىلەن خوشلاشتى. قاپىقى يامان پويىز خىزمەتچىسى ئىشىكنى يېپىپ تاقاقنى سالاي دەپ تۇراتتى، شۇ ئارىدا، ئارقىسى كۆپتۈرۈپ قويۇلغان ئۇزۇن كۆڭلەك كىيگەن، بەدىنى مايماق سەت بىر ئايال (ئاننا ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ كىيىمسىز ھالىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ئىختىيارسىز شۈركۈنۈپ كەتتى) بىلەن يالغان ھىجىيىپ تۇرغان بىر قىز ئىتتىك يېتىپ كېلىپ ۋاگوندىن چۈشۈۋالدى.

— كاتېرىنا ئاندرېيېۋنانىڭ ھەممە نېمىسى تولۇق، نېمە دېسە شۇ نەرسىسى بار، ھاما! — دەپ ۋاگونغا قاراپ توۋلىدى ئۇ قىز.

«مۇشۇ قىزلار چېغىدا ياسالمىلىق قىلىشىدۇ - ھە! قىلىقلىرى زادىلا تەبىئىي ئەمەس!» دەپ ئويلىدى ئاننا. ئۇ ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ، ھېچكىمنى كۆزۈم كۆرمىسۇن، دېگەن نىيەت بىلەن ئۇدۇلىدىكى ئادەم يوق ئورۇننىڭ دېرىزىسى تۈۋىگە بېرىپ ئولتۇرۇۋالدى. شەپكىسىنىڭ تېگىدىن چۈۋۈلۈپ كەتكەن چاچلىرى داردىيىپ چىقىپ تۇرغان مەينەت، كۆرۈمسىز بىر

دېھقان دىرىزىنىڭ يېنىدىن پويىز چاقلىرىنى تەكشۈرگەچ ئۆتۈپ قالدى. «بۇ كۆرۈمسىز دېھقاننى بىر يەردە كۆرگەندەك قىلىمەنغۇ» دەپ ئويلىدى ئاننا. تۇيۇقسىز، بىر چاغدا كۆرگەن يامان چۈشى يادىغا كېلىپ، ئىختىيارسىز قورقۇپ تىترەپ كەتتى ۋە شۇئان ئىشىككە قاراپ ماڭدى. شۇ ئارىلىقتا پويىز خىزمەتچىسى ئىشىكنى ئېچىپ ئەر - خوتۇن ئىككى يولۇچىنى كىرگۈزۈۋەتتى.

— سىرتقا چىقماقچىمىدىڭىز، خانىم؟

ئاننا جاۋاب بەرمىدى. پويىز خىزمەتچىسى بىلەن ئۇ ئەر - خوتۇن ئاننانىڭ يۈزىگە تارتىۋالغان تورىنىڭ تېگىدىكى چىرايىنىڭ ئالاقزادە ھالىتىنى سەزمىدى. ئاننا كەينىگە يېنىپ ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرۇۋالدى. قارشىسىدا ئولتۇرغان ئۇ ئەر - خوتۇنلار ئۇنىڭ كىيىملىرىگە يەرنىڭ تېگىدىن دىققەت بىلەن قارىشىپ قويۇۋاتاتتى. ئاننا ئۇ ئىككىلىسىدىن بىزار بولۇپ ئۇلارغا قارىماي ئولتۇراتتى. بىر چاغدا، ئەر ئاننادىن تاماكا چەكسەم بولامدۇ، دەپ سورىدى، ئۇنىڭ مەقسىتى تاماكا چېكىشكە بولۇش - بولماسلىقىنى سوراش ئەمەس، بەلكى پۇرسەت تېپىپ ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىش ئىدى. ئۇ ئادەم ئاننادىن ئىجازەت ئالغاندىن كېيىن خوتۇنى بىلەن فرانسۇزچە سۆزلىشىپ كەتتى، قىلىشقان پاراڭلىرى تاماكا چېكىشكە ئىجازەت سورىغان گېپىدىنمۇ لاۋزا گەپلەر ئىدى. ئۇلار ئۇنى ئاڭلىسۇن، دېگەندەك قىلىپ، يوقىلاڭ گەپلەرنى قىلىشاتتى، ئاننا بۇنى بىلىپ تۇرۇۋاتاتتى ھەم ئىككىسىنىڭ بىر - بىرىگە ئۆچ ئىكەنلىكىنى ھەم بىر - بىرىنى يامان كۆرىدىغانلىقىنىمۇ سېزىپ ئولتۇراتتى. بۇنداق رەزىل، تېتىقسىز ئادەملەر ئادەمنىڭ قەۋەتلا ئۆچلۈكىنى كەلتۈرەتتى.

قوڭغۇراق ئىككىنچى قېتىم چېلىندى، ئارقىدىنلا يۈكلەرنى يۆتكەۋاتقان، ۋارقىرىشىۋاتقان، كۈلۈشۈۋاتقان ئاۋازلار ئاڭلاندى. ئاننا بۇ يەردە خۇشال بولغۇدەك ھېچقانداق ئىشنىڭ يوقلۇقىنى

كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاچقا، ئۇ كۆلكىلەردىن بىزار بولۇپ قۇلاقلىرىنى ئېتىۋالغۇسى كېلىپ كەتتى. ئاخىرىدا، قوڭغۇراق ئۈچىنچى قېتىم چېلىنىپ، ئارقىدىنلا پاراۋوزنىڭ گۈدۈك ئاۋازى، پارنى قويۇۋەتكەن چىرقىراق ئاۋاز ئاڭلاندى، ئۇنىڭغا ئۇلىنىپلا ۋاگونلارنىڭ چاتمىلىرىنىڭ قاراس - قۇرۇسلىرى ئاڭلىنىپ پويىز ئورنىدىن قوزغالدى. ئۇ ئەر ئىتتىك چوقۇنۇۋالدى. «ئۇ ئادەمدىن نېمىشقا چوقۇنغانلىقىنى سوراپ باقسام جاۋاب بېرەلەرمۇ؟» دەپ ئويلىدى ئاننا ئۇنىڭغا قەھرى بىلەن قاراپ قويۇپ. ئاننا تۇغقانلىرىنى ئۇزاتقىلى كەلگەن كىشىلەرنىڭ پويىز قوزغىلىشى بىلەن تەڭ كەينىگە سىلجىپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنۈۋاتقان كۆرۈنۈشكە قاراپ قالدى. ئاننا ئولتۇرغان ۋاگون رېلىسلارنىڭ چېتىلغان يەرلىرىنى بېسىپ ئۆتكەندە رىتىملىق تىترەپ تۇراتتى. پويىز ۋوگزال سۇپىسى، بەلگە مۇنارى، تاش تام ۋە باشقا ۋاگونلارنىڭ يېنىدىن تاراقلاپ ئۆتۈپ كەتتى. رېلىسلارنىڭ ئۈستىدە كېتىۋاتقان چاقلارنىڭ جاراڭلىق ئاۋازلىرى پەسىيىپ، پويىز ئەمدى بەكمۇ چايقاپ كەتمەي بىر خىلدا مېڭىشقا باشلىدى. پېتىپ كېتىۋاتقان قۇياشنىڭ ئاداققى نۇرى پويىز دېرىزىسىگە چۈشۈپ، شامال دېرىزىدىكى پەردىنى شوخ ئوينىتىپ تۇراتتى. ئاننا ئۇدۇلدا ئولتۇرغان ئادەملەرنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ، يەڭگىل تەۋرىتىپ كېتىۋاتقان پويىزنىڭ بېرىۋاتقان ھوزۇرىدىن راھەتلىنىپ، ساپ ھاۋادىن نەپەسلەنگەچ يەنە ئۆز خىياللىرىغا بېرىلىپ كەتكەنىدى.

«بايا مەن ئويلاپ نەگە كېلىۋېدىمكىن؟ ھە، توغرا، ھاياتتا ئادەم ئازاب تارتمايدىغان ئىشنىڭ قانداق ئىشلار ئىكەنلىكىنى ئويلاپ تاپالمىغانىدىم. ھەممىلا ئادەم بۇ دۇنيادىكى ئازاب، غەم - قايغۇنىڭ ئۈستىگە تۇغۇلىدىكەن. بۇ ھەممە ئادەمگە مەلۇم، شۇنداقتىمۇ ئادەم ھەر خىل چارىلەر بىلەن ئۆزىنى ئۆزى ئالداپلا ئۆتىدىكەن. لېكىن، ئۇلار ھاياتنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى بىلىپ يەتكەندە قانداق قىلىشلىرى كېرەك؟»

— ئادەم بېشىغا كەلگەن تەشۋىشلەردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، خۇدا بەرگەن ئەقىل - پاراسىتىنى ئىشلىتىشى كېرەك، — دېدى ئۇ ئايال ئۆزىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن بولسا كېرەك، فرانسۇزچە سۆزلەپ. ئۇنىڭ بۇ گېپىدىن كۆرەڭلەپ كېتىۋاتقىنى چىرايىدىن مەلۇم ئىدى.

بۇ گەپ خۇددى ئانىنىڭ كۆڭلىدىكى ئىشلارغا بېرىلگەن جاۋابتەك بولدى.

«ئادەم بېشىغا كەلگەن تەشۋىشلەردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن» ئانا ئۇ ئايالنىڭ گېپىنى ئىچىدە تەكرارلىدى ۋە ئىتتىك ئىككى مەڭزى قىپقىزىل ئۇ ئەر بىلەن ئۇ ياداڭغۇ ئايالغا قاراپ قويۇپ، بۇ ئاغرىقچان ئايالنىڭ ئېرى مېنىڭ قەدرىمگە يەتمەيدۇ، دەپ ئويلايدىغانلىقىنى، ئېرىنىڭ ساداقەتسىزلىكىدىن شۇنداق ئويغا كېلىپ قالغانلىقىنى شۇ ھامان چۈشەندى ھەم ئۇلارنىڭ مۇناسىۋەتلىرى ۋە ھەممە سىرلىرىنى بىلىپ بولغاندەك بولدى. لېكىن، يەنە ئۇلارنىڭ ئۇ مەنىسىز ئىشلىرىدىن رايى قايتىپ، ئۆزىنىڭ خىيالىنى داۋام قىلدى.

«راست، تەشۋىش مېنى قاتتىق ئازابلاۋاتىدۇ، ئادەمگە ئەقىل - پاراسەت شۇ تەشۋىشلەردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بېرىلگەنىكەن، ئەلۋەتتە، ئۇنى ئىشقا سېلىپ ئۇ تەشۋىشلەردىن نېرى بولۇش كېرەك. شامنىڭ يورۇقىدا كۆرىدىغان نەرسىلەر قالمىغان، ھەممە نەرسە ئادەمنى بىزار قىلىدىغان بولغاندىكىن، نېمىشقا شامنى ئۆچۈرۈۋەتمەيدۇ؟ لېكىن ئۇنى كىم ئۆچۈرىدۇ؟ قانداق ئۆچۈرىدۇ؟ پويىز خادىملىرى نېمىشقا ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ يۈرۈشىدىغاندۇ؟ ئارقا ۋاگوندىكى ياشلار نېمىگە شۇنچە چۇقان كۆتۈرۈشىدىغاندۇ؟ ئۇلار نېمىشقا گەپ قىلىدۇ، نېمىگە كۈلۈشىدۇ؟ ھەممىسى يالغان، ھەممىسى كۆز بويامچىلىق، ھەممىسى ئالدامچىلىق، ھەممىسى رەزىللىك!»

پويىز ۋوگزالغا كىرىپ كەلدى. ئانا بىر توپ يولۇچىلارغا قوشۇلۇپ ۋاگوندىن پەسكە چۈشۈپ بولۇپ، خۇددى ماخاۋ كېسىلى



بارلاردىن قاچقاندەك، ئۇلاردىن ئۆزىنى چەتكە ئالدى ۋە ۋوگزال سۇپىسىنىڭ بىر يېرىدە توختاپ، ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى، بۇ يەرگە كېلىپ نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىنى بار ئاماللار بىلەن ئېسىگە ئېلىشقا تىرىشتى. بۇرۇن ئاسان دەپ ئويلىغان ئىشلىرى ئەمدى تەسكە چۈشۈۋاتاتتى، بولۇپمۇ گاژىلداپ تۇرغان بۇ ئادەملەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى ئىچىدە تۇرۇپ، قىلماقچى بولغان ئىشىنى ئېسىگە ئېلىش تېخىمۇ تەس ئىدى. دەم هامماللار كېلىپ، كۆتۈرىدىغان يۈك بارمۇ، دەپ ئەتراپىغا ئولىشىۋالاتتى، دەم ۋوگزال سۇپىسىنىڭ تاختايلىرىنى ئۆتۈكلىرىنىڭ ئۆكچىلىرى بىلەن توكۇلدىتىپ مېڭىپ يۈرگەن يىگىتلەر ئۇنىڭغا كۆز تاشلىشاتتى، دەم ۋارقىراپ سۆزلىشىپ قولاق - مېڭىنى يەپ كېتەتتى، دەم ئۇ باشقىلارغا يول بېرىمەن دەپ ئادەملەر بىلەن ئۇسۇشۇپ كېتەتتى. ئاننا ئەگەر بۇ يەردىمۇ ۋرونسكىينىڭ ئۈچۈرىنى ئالالمىسا يولىنى داۋاملاشتۇرىدىغان بولغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئۇدۇل كەلگەن بىر هاممالنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭدىن گراف ۋرونسكىيدىن خەت ئېلىپ كەلگەن بىر ئادەمنى ئۇچراتقان - ئۇچراتمىغانلىقىنى سورىدى.

— گراف ۋرونسكىيدىنمۇ؟ تېخى يېڭىلا شۇنىڭ يېنىدىن بىر ئادەم كەلگەن، مەشەدە يۈرەتتى. كىنەز سوروكىننا خانىم بىلەن ئۇنىڭ قىزىنىڭ ئالدىغا كەپتىكەن. ئۇ ئادەمنىڭ تۇرقى قانداق؟

ئاننا هاممال بىلەن سۆزلىشىپ تۇرغاندا، بېلى پۈرمە خۇشپىچىم كەمزۇل كىيىۋالغان، كەمزۇلنىڭ مەيدە يانچۇقىدىن سائەتنىڭ زەنجىرى چىقىپ تۇرغان، ئىككى مەڭزى قىپقىزىل، تۇرقىدىن بېرىلگەن بۇيرۇقنى ياخشى ئورۇندىغىنى ئۈچۈن كۆرەڭلەۋاتقانلىقى چىقىپ تۇرغان پەيتۇنكەش مىخايلو كېلىپ ئانناغا بىر پارچە خەت بەردى. ئاننا خەتنى ئېچىپ، تېخى ئوقۇماي تۇرۇپلا يۈرىكى جىغ قىلىپ قالدى.

«مىڭ ئەپسۇس، ئەۋەتكەن ئۇ خېتىڭنى تاپشۇرۇۋالمىدىم. سائەت ئوندا يېتىپ بارىمەن.» بۇ ۋرونسكىينىڭ ئالدىراپلا يېزىپ

ئەۋەتكەن خېتى ئىدى.

«ھىم ! ئويلىغىنىمدەك بوپتۇ !» دېدى ئاننا ئىچىدە زەھەرلىك كۇلۇپ قويۇپ.

— بوپتۇ، سەن ئۆيگە ئۆزۈڭ قايتىپ كېتىۋەر، — دېدى ئۇ مىخايلوغا تولىمۇ پەس ئاۋازدا. خەتنى كۆرۈپ يۈركى قاتتىق سېلىپ كەتكەچكە، گەپ قىلىشقا نەپسى يەتمەي قېلىۋاتاتتى. «ياق، سېنىڭ مېنى قىيناۋېرىشىڭگە ئەمدى يول قويالمايمەن» دېدى ئاننا ئىچىدە ئۆزىگە. ئۇ بۇ سۆزى بىلەن ئۇنىڭغىمۇ، ئۆزىگىمۇ ئەمەس، پەقەت ئۆزىنى مۇشۇ ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرگە گىرىپتار بولۇشقا مەجبۇر قىلغان ئادەمگىلا تەھدىت سېلىۋاتاتتى. ئاندىن ئۇ سۇپىنى بويلاپ نېرىغا قاراپ ماڭدى.

سۇپىدا مېڭىپ يۈرگەن ئىككى خىزمەتچى قىز قايرىلىپ ئۇنىڭ كىيىملىرىگە قاراپ: «كىيىملىرى ئېسىل ئىكەن» دېيىشىپ كەتتى. ئۇلارغا بەكرەك يارىغىنى ئۇنىڭ كىيىملىرىگە تۇتۇلغان زىغزىقلار ئىدى. بىرنەچچە يىگىت ئۇنىڭغا تولا قاراپ زادىلا ئارام بەرمىدى: دەم ئالدىغا ئۆتۈپ چىرايىغا يەۋەتكۈدەك تىكىلىپ قارىشاتتى، دەم غەلىتە ئاۋازلاردا كۇلۇشەتتى، دەم بىرنېمىلەرنى دەپ توۋلىشىپ كېتەتتى، دەم يېنىدىن سۈركىلىپ ئۆتۈپ كېتىشەتتى. ۋوگزال باشلىقى ئاننانىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭدىن پويىزغا چىقىش ـ چىقماسلىقىنى سورىدى. كۇۋاس ساتىدىغان بىر بالا ئانناغا كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ قالدى. «يارەببىم، مەن نەگە كېتىۋاتىمەن؟» ئۇ ئىچىدە شۇنداق ئويلايتتى، ئەمما مېڭىشنى توختاتماي، ۋوگزال سۇپىسىنى بويلاپ بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىۋاتاتتى. سۇپىنىڭ ئۇ چېتىگە بارغاندا توختىدى. ئۇ يەردە كۆزەينەك تاقىۋالغان بىر جانابنىڭ ئالدىغا چىققان بىرنەچچە ئايال بىلەن باللار ئۈنلۈك سۆزلىشىپ، قاقاقلاپ كۇلۇشۇپ تۇراتتى. ئاننا ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە، ئۇلار جىم بولۇشۇپ ئۇنىڭغا قاراپ قېلىشتى، ئاننا قەدىمىنى تېزلىتىپ ئۇلارنىڭ يېنىدىن نېرى كېتىپ، سۇپىنىڭ

گىرۋەككە كېلىپ توختىدى. شۇ ئارىدا بىر يۈك پويىزى ۋوگزال سۈپىسىغا يېقىنلىشىپ، پۈتۈن ۋوگزالنى تىترىتىۋەتتى، ئاننىڭغا خۇددى ئۆزى يەنە پويىزدا كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى.

تۇيۇقسىز، ۋرونسكىي بىلەن تۇنجى كۆرۈشكەن كۈنى بىر ئادەمنىڭ پويىز چاقىنىڭ ئاستىدا قېلىپ ئۆلۈپ كەتكەنلىكى ئاننىڭ ئېسىگە كېلىپ قالدى ۋە شۇندىلا ئۆزىنىڭ نېمە قىلىشى كېرەكلىكىنى بىلگەندەك بولۇپ، چەبدەسلىك بىلەن سۇ مۇنارىسىنىڭ يېنىدىكى پەلەمپەي بىلەن پەسكە چۈشۈپ، ئالدىدىن سۈركىشىپ دېگۈدەك ئۆتۈپ كەتكەن پويىزنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى. ئۇ يەردە ئۇ ۋاگونلارنىڭ تېگىلىرىگە، پىرقىراپ توختىمايدىغان چاقپەلەكلەرگە، زەنجىرلەرگە، بىرىنچى ۋاگوننىڭ ئاستا ئايلىنىپ كېتىۋاتقان غايەت چوڭ پولات چاقلىرىغا قاراپ كەتتى ۋە ئالدى چاقلار بىلەن ئارقا چاقلارنىڭ ئارىلىقىنى ۋە ئۇ ئارىلىقنىڭ قانداق ۋاقىتتا ئۆزىگە توغرا كېلىدىغانلىقىنى كۆزلىرى بىلەن ئۆلچەپ پەملىۋالدى.

«ئەنە شۇ يەرگە! — دېدى ئۇ ئىچىدە ۋاگوننىڭ كۆلەڭگىسىگە، ئۈستىنى قۇم ۋە قورۇم باسقان شىپاللارغا قاراپ تۇرۇپ، — شۇ يەرگە، دەل ئوتتۇرىسىغا تاشلانسام ھەممىدىن قۇتۇلىمەن، ئۆزۈمدىنمۇ قۇتۇلىمەن ھەم ئۇنى جازالايمەن.»

ئۇ كېلىۋاتقان بىرىنچى ۋاگوننىڭ ئۆزىگە ئۇدۇل كەلگەن ئارىلىقىغا ئۆزىنى تاشلىماقچى بولىۋىدى، لېكىن قىزىل سومكىسىنى بىلىكىدىن ئېلىۋەتكەننىڭ ئارىلىقىدا ۋاگون ئۆتۈپ كېتىپ ئۈلگۈرەلمەي قالدى. ۋاگوننىڭ ئوتتۇرىسى ئۆتۈپ كەتتى، ئەمدى نۆۋەتتىكى ۋاگوننى كۈتۈش كېرەك ئىدى. چۆمۈلگىلى سۇغا چۈشۈشنىڭ ئالدىدا بولىدىغان بىر خىل تۇيغۇ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى چۇلغىۋېلىپ، دەررۇ مەيدىسىگە كرېست سىزىپ چوقۇنۇۋالدى. بۇ خىل چوقۇنۇش ئادىتى ئۇنىڭ بالىلىق ۋە ياشلىق چاغلىرىدىكى نۇرغۇن خاتىرىلەرنى ئېسىگە سېلىپ، ئەتراپىنى چۇلغاپ تۇرغان قاراڭغۇلۇق بىردىنلا كۆتۈرۈلۈپ

كەتكەندەك بولۇپ، ھاياتىنىڭ ئۆتۈپ كەتكەن خىلمۇخىل خۇشاللىقلىرى بىر پەسكە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن يالت قىلىپ ئۆتۈپ قالدى. لېكىن، ئۇ كۆزلىرىنى نۆۋەتتىكى ۋاگوننىڭ گۇلدۇرلەپ كېلىۋاتقان چاقلىرىدىن ئالمايتتى. ئىككى چاقنىڭ ئوتتۇرىسى ئۆزىگە ئۇدۇل كەلگەن شۇ بىر دەقىقە ئىچىدە، ئۇ قىزىل سومكىسىنى چۆرۈپ تاشلاپ، بېشىنى ئىچىگە تىقىپلا ئۆزىنى ۋاگوننىڭ ئاستىغا ئاتتى ۋە شۇ دەقىقە ئىچىدە يەنە ئورنىدىن تۇرماقچى بولۇۋاتقاندەك مىدىرلاپ قولىغا تايىنىپ تىزلاندى ۋە ئۆزىنىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن ھەيران قېلىپ: «مەن قەيەردە؟ نېمە قىلىۋاتىمەن؟ نېمىشقا بۇنداق قىلدىم؟» دەپ ئويلاپ، ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆزىنى چەتكە ئالماقچى بولدى، لېكىن ئۇلگۇرەلمىدى، قانداقتۇر رەھىمسىز غايەت زور بىرنەرسە بېشىغا بىرنى ئۇرۇپ بېلىدىن يانجىپ ئۆتۈپ كەتتى. «ئاھ خۇدا، بارلىق گۇناھلىرىمدىن كەچكەيسەن!» دېدى ئاننا بۇ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلگەندىن كېيىن. پاكار بىر دېھقان بىرنېمىلەرنى دەپ غودۇڭشىغاچ رېلىس ئۈستىدە بىر ئىش قىلىۋاتاتتى. ئاننا تەشۋىش، ئالدامچىلىق، غەم ـ قايغۇ ۋە رەزىللىك تەسۋىرلىرى بىلەن تولغان كىتابنى ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا يېنىپ تۇرىدىغان شام ئۆزىنىڭ نۇرىنى ھەرقاچانقىدىنمۇ يارقىن چېچىپ، ئىلگىرى قاراڭغۇلۇق زۇلمىتىدە ياتقان بارلىق نەرسىلەرنى ئۇنىڭغا روشەن بىر كۆرسىتىۋەتتى ـ دە، ئاندىن چىرسىلداشقا باشلاپ ئاستا ـ ئاستا ئاجىزلاشقا باشلىدى، ئاخىرىدا ئەبەدىي ئۆچتى.

*Anna Karenina*

# سەككىزىنچى قىسىم

# 1

ئارىدىن ئىككى ئايچە ۋاقىت ئۆتتى. تومۇز ۋاقتى ئىدى، كوزنىشېف موسكۋادىن يېزىغا كېتىشكە ئەمدى تەييارلىق قىلىشقا باشلىدى.

شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ ھاياتىدا بەزى چوڭ ۋەقەلەر بولۇپ ئۆتتى. ئالتە يىللىق ئەمگىكىنىڭ سەمەرىسى بولغان «ياۋروپا ۋە رۇسىيىنىڭ دۆلەت ئاساسلىرى ۋە شەكىللىرى ھەققىدە قاراشلىرىم» ناملىق كىتابىنىڭ يېزىلىپ بولغىنىغا بىر يىلچە بولغانىدى. كىتابىنىڭ ئايرىم بابلىرى بىلەن كىرىش سۆزى بەزى ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان، باشقا بابلىرىنى كوزنىشېف دوستلىرىغا ئوقۇپ بەرگەن، شۇڭا كىتابتا بايان قىلىنغان پىكىرلەر جامائەتچىلىك ئۈچۈن يېڭىلىقمۇ ئەمەس ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، كوزنىشېف كىتابىم نەشردىن چىقىشى بىلەنلا جەمئىيەتتە چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلىدۇ، پەندە ئۆزگىرىش ياسىمىغان ھالەتتىمۇ، پەن ساھەسىدە كۈچلۈك غۇلغۇلا قوزغايدۇ، دەپ ئويلىغانىدى.

كىتاب ئەستايىدىل كۆرۈلۈپ ۋە تۈزىتىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆتكەن يىلى ئاخىر نەشردىن چىقىپ كىتاب سودىگەرلىرىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلدى.

كوزنىشېف كىتاب توغرۇلۇق ھېچكىمدىن گەپ سورىمىدى، دوستلىرى سوراپ قالسىمۇ ئادەتتىكىدەكلا جاۋاب بېرىپ يۈرىۋەردى، ھەتتا كىتاب سودىگەرلىرىدىنمۇ كىتابىنىڭ سېتىلىش ئەھۋالىنى سوراپ قويمىدى. ئەمەلىيەتتە بولسا، ئۇنىڭ كىتابىنىڭ جەمئىيەتكە، پەن ساھەسىدىكىلەرگە بەرگەن ئەڭ

دەسلەپكى تەسىرىنىڭ قانداق بولۇۋاتقانلىقىنى بەكمۇ بىلگۈسى كېلەتتى.

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتتى، ئىككى ھەپتە ئۆتتى، ئۈچ ھەپتىمۇ ئۆتۈپ كەتتى، لېكىن جەمئىيەتتە كىتاب توغرۇلۇق ھېچقانداق ئىنكاس يوق ئىدى. دوستلىرى، مۇتەخەسسىسلەر، ئالىملار بەزىدە ھۆرمەت يۈزىدىنلا كىتاب توغرۇلۇق ئانچە ـ مۇنچە گەپ قىلىپ قوياتتى. ئىلمىي ئەسەرلەرگە قىزىقمايدىغان تونۇش ـ بىلىشلىرى كىتاب توغرۇلۇق بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلىپ باقمايتتى. ھازىر جەمئىيەت باشقا ئىشلارغا كۆپرەك كۆڭۈل بۆلىدىغان بولغاچقىمۇ، بۇنداق ئەسەرلەرگە ناھايىتى سۇس قارايتتى، ھەتتا ئىلمىي ژۇرناللارمۇ بۇ كىتاب ھەققىدە بىر ئايغىچە ھېچنېمە دېمىدى.

كوزنىشېۋ كىتابقا باھا يېزىشقا قانچىلىك ۋاقىت كېتىدىغانلىقىنى ناھايىتى ئىنچىكە ھېسابلاپمۇ چىقتى، لېكىن بىر ئاي ئۆتتى، ئىككى ئاي ئۆتتى، كىتاب ھەققىدە ھېچقانداق ئىنكاس بولمىدى.

پەقەت «شىمال قوڭغۇزى» ناملىق بىر ژۇرنالغا بېسىلغان ئاۋازى پۈتۈپ قالغان درابانتى دېگەن ناخشىچى توغرىسىدىكى كۈلكىلىك بىر فېلىيەتوندىلا كوزنىشېفنىڭ ئۇ كىتابىنى تەنقىد قىلىپ بىرنەچچە ئېغىز گەپ دېيىلگەنىدى. شۇ گەپلەردىنلا ئۇ كىتابنىڭ خېلىدىن بېرى كۆپچىلىك تەرىپىدىن قارىلىنىپ، مەسخىرە قىلىنىپ كەلگەنلىكى ئېنىق ئىدى.

ئۈچىنچى ئېيىغا كەلگەندە، ئاخىر مۆھىم بىر ژۇرنالغا ئۇ كىتابنى تەنقىدلىگەن بىر پارچە ماقالە بېسىلدى. كوزنىشېۋ ئۇ ماقالىنىڭ ئاپتورىنى تونۇيتتى، ئۇنى بىر قېتىم گولۇبتسوفنىڭ ئۆيىدە كۆرگەنىدى.

ماقالىنىڭ ئاپتورى سەل ئاغرىقچانراق، تىلى ئۆتكۈر، ئەمما تەربىيە كۆرمىگەن، شەخسىي مۇناسىۋەتلەردە يۈرەكسىزرەك بىر ياش فېلىيەتونچى ئىدى.

كوزنىشېف ئۇنى پەقەتلا كۆزگە ئىلمايدىغان بولسىمۇ، ئەمما ماقالىسىنى ناھايىتى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقتى، ماقالە بەكمۇ ئۆتكۈر يېزىلغانىدى.

ماقالىدىن ئاپتورنىڭ كىتابتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەرنى تولۇق چۈشەنمىگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. ئەمما، ئۇ كىتابتىن مىساللارنى شۇنچىلىك ئۇستىلىق بىلەن كۆچۈرۈۋالغانكى، كىتابنى ئوقۇپ باقمىغان (ئەمەلىيەتتىمۇ ھېچكىم دېگۈدەك ئوقۇمىغانىدى) ئادەملەر شۇنىڭغا قاراپلا، بۇ كىتاب پۈتۈن دەبدەبىلىك گەپلەرنىڭ يىغىندىسى ئىكەن، سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىلىشىمۇ مۇۋاپىق ئەمەس (بۇنى ماڭدامىدا ئۇچراپ تۇرىدىغان سوئال بەلگىلىرى كۆرسىتىپ تۇراتتى)، ئاپتورى ھېچ نەرسە ئۆگەنمەيدىغان بىلىمسىز ئادەم ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قېلىشلىرى تۇرغان گەپ ئىدى. تەنقىد شۇنچىلىك ئەپچىللىك بىلەن بېرىلگەن بولۇپ، كوزنىشېف ئۇنىڭدا دېيىلگەنلەرنى ئىنكار قىلىشقا پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئامالسىز قالدى، ماقالىنىڭ ئەڭ يامان يېرىمۇ مەشەدە ئىدى.

كوزنىشېف ئوبزورچىنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان مۇلاھىزىلىرىنىڭ توغرا ـ خاتالىقىغا ناھايىتى سەممىيلىك بىلەن مۇئامىلە قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ماقالىدە ئەيىبلەنگەن كەمچىلىك، خاتالىقلىرى ئۇستىدە زادىلا ئەستايىدىل ئويلىنىپ باقمىدى، ئەكسىچە ئۇنىڭ ئوتتۇرىغا قويغانلىرىنى تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرگەنلىك، دەپ قارىدى. لېكىن، ئۇ بىردىنلا ماقالىنىڭ ئاپتورى بىلەن ئۇچراشقان ۋە ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشقان چاغدىكى ئەھۋاللارنى ئىختىيارسىز بىر ـ بىرلەپ ئەسلەشكە باشلىدى.

«مەن ئۇنى بىرەر گەپ بىلەن رەنجىتىپ قويغاندىمەنمۇ؟» دەپ سورىدى ئۇ ئۆزىدىن ئۆزى.

كوزنىشېف ئۆتكەندە ئۇ ياش بىلەن ئۇچراشقاندا، ئۇنىڭ تىلىدىكى قوپاللىقنى، ئەدەپسىزلىكنى تۈزىتىپ قويغانىدى. شۇ

نەرسە ئېسىگە چۈشكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بۇ ماقالىنى نېمە سەۋەبتىن يازغانلىقىنى چۈشەنگەن بولدى.

بۇ ماقالە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن مەتبۇئاتتىمۇ، ئېغىزدىمۇ ھېچقانداق ئىنكاس بولمىدى. شۇنىڭغا قاراپ، كوزنىشېف ئالتە يىللىق ئەمگىكىنىڭ بىكارغا كەتكەنلىكىنى بىلدى.

ئۇنىڭغا ھەممىدىن بەك ئەلەم قىلغىنى، كىتابنى يېزىپ تاماملىغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ كۆپ ۋاقتىنى ئالىدىغان كىتاب يېزىش ئىشىنىڭ قايتا بولمىغانلىقى بولدى.

كوزنىشېف ئەقىللىق، تەربىيە كۆرگەن، ساغلام، زېھنى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ئادەم ئىدى، ئەمدى ھازىر شۇ زېھنىنى نەگە ئىشلىتىشنى بىلەلمەي قېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ بىر قىسىم ۋاقتى ئالاقە سورۇنلىرىدا، ھەر خىل يىغىنلاردا سۆز سۆزلەشلەرگە كېتەتتى. تەجرىبىسىز ئىنىسى موسكۋاغا كەلگەنلىرىدە پۈتۈن ۋاقتىنى سۆھبەت سورۇنلىرىدا ئۆتكۈزسە، ئۇزاقتىن بېرى مۇشۇ شەھەرلىك بولۇپ كېلىۋاتقان كوزنىشېف ئۇنداق قىلمايتتى، شۇڭا دەم ئېلىش ۋە ئەقلىي ئەمگەكلىرى ئۈچۈن نۇرغۇن ۋاقتى قالاتتى.

يازغان كىتابى مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئۇچراپ تازا ئازابلىنىپ يۈرگەن شۇ كۈنلەردە، ئىلگىرى كىشىلەر ئانچە ئېتىبارغا ئېلىپ كەتمىگەن سلاۋيانلار مەسىلىسى كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ، *جەدىتلەرنىڭ* ئىشلىرى، ئامېرىكىلىق دوستلارنى قارشى ئېلىش، سامارادىكى ئاچارچىلىق، كۆرگەزمە، ئەرۋاھلار بىلەن سۆزلىشىش دېگەندەك ئىشلار ۋە ئۇلارنى تەتقىق قىلىشلارنىڭ ئورنىغا دەسسىدى. كوزنىشېف ئىلگىرى سلاۋيانلار مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويغۇچىلارنىڭ بىرى بولغاچقا، بۇ ئىشقا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ كەتتى.

كوزنىشېفنىڭ دائىرىسىدىكى ئادەملەر سلاۋيانلار بىلەن سېربىيە ئۇرۇشىدىن باشقا مەسىلىلەر توغرۇلۇق

پاراڭلاشمايتتى، ماقالىمۇ يازمايتتى. قىلىدىغان ئىشلىرى يوق بۇ بىكارچى ئادەملەر ھازىرمۇ پۈتۈن ئوقتىنى سلاۋيانلارغا خىزمەت قىلىشقا قارىتىپ، تانسىخانىلاردا، مۇزىكا كېچىلىكلىرىدە، زىياپەتلەردە، تەبرىك نۇتۇقلىرىدا، ئاياللارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى ئۈستىدىكى سۆھبەتلەردە، پىۋىخانىلاردا، كىچىك رېستورانلاردا، ئىشقىلىپ، ھەممىلا يەردە سلاۋيانلارغا خەيرخاھلىق بىلدۈرۈشەتتى.

كوزنىشېف مۇشۇ مەسىلە توغرىسىدا سۆزلەنگەن ۋە يېزىلغان نەرسىلەرنىڭ كۆپلىرىگە قوشۇلۇپ كەتمەيتتى. ئۇ سلاۋيانلار مەسىلىسىنىڭ ھازىر جەمئىيەتتە قىزىق نۇقتا بولۇپ قالغانلىقىنى، ئۇ ھەقتىكى گەپ ـ سۆزلەرنىڭ توختاۋسىز يېڭىلىنىپ تۇرىۋاتقانلىقىنى، نۇرغۇن ئادەمنىڭ بۇ ئىش بىلەن پەقەت شۆھرەت ۋە شەخسىي مەنپەئەت ئۈچۈنلا شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بىلىپ تۇرىۋاتاتتى. گېزىت ـ ژۇرناللارنىڭ باشقىلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزلىرىگە تارتىش، پىكىرلىرىنى بېسىش مەقسىتىدىلا شۇ ھەقتىكى كۆپتۈرۈلگەن ماقالىلەرنى بېسىۋاتقانلىقىنىمۇ چۈشىنىپ تۇراتتى. ئۇ يەنە قاينام ـ تاشقىنلىق جەمئىيەت دولقۇنلىرى ئىچىدە ئەڭ ئالدىدا ئۈزۈپ كېتىۋاتقان، ئەڭ ياڭراق ئاۋازدا ۋارقىرىشىۋاتقان ئادەملەرنىڭ قوشۇنى يوق قوماندانلار، مىنىستىرلىقى يوق مىنىستىرلار، گېزىت ـ ژۇرناللىرى يوق مۇخبىرلار ۋە ئەزاسى يوق پارتىيە باشلىقلىرى ئىكەنلىكىنىمۇ كۆرۈپ تۇرىۋاتاتتى. ئۇ يەنە بۇ مەسىلىدىكى نۇرغۇن يەڭگىلتەكلىكلەرنىمۇ، كۈلكىلىك ئىشلارنىمۇ كۆرۈپ تۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا جەمئىيەتتىكى بارلىق سىنىپلارنى بىرلەشتۈرۈۋاتقان ۋە بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان قىزغىنلىقلارنىمۇ كۆرۈپ تۇراتتى ۋە ئۇنى ئېتىراپ قىلاتتى. دىنداش ۋە قېرىنداش سلاۋيانلارنىڭ قىرغىنچىلىقتا ئۇچراۋاتقانلىقى كۆپچىلىكنىڭ ئازابقا ئۇچرىغۇچىلارغا بولغان خەيرخاھلىقلىرىنى، ئۇلارنى

ئازابلىغۇچىلارغا بولغان نەپرەتلىرىنى قوزغاپ تۇرۇۋاتاتتى. بۈيۈك ئىشلار ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان سىرىبلار بىلەن چېرنوگورلۇقلارنىڭ قەھرىمانلىقلىرى پۈتۈن خەلق ئارىسىدا ئۆز قېرىنداشلىرىغا ئېغىزدىلا ئەمەس، ئەمەلىيەتتىمۇ ياردەم بېرىش ئارزۇلىرىنى ئويغىتىۋاتاتتى.

كوزنىشېفنى خۇشال قىلغان يەنە بىر ئىش، جامائەت پىكرىنىڭ قوزغىلىۋاتقانلىقى ئىدى. جەمئىيەت ئۆزىنىڭ خاھىشىنى ناھايىتى ئېنىق بىلدۈرۈۋاتاتتى، دەل كوزنىشېف دېگەندەك، «مىللەتنىڭ روھى ئۇرغۇشقا باشلىغان» ئىدى. ئۇ بۇ مەسىلىنى تەتقىق قىلغانسېرى، بۇ مەسىلىنىڭ دەۋر بۆلگۈچ ئاجايىپ زور بىر مەسىلە ئىكەنلىكىنى شۇنچە ئېنىق كۆرۈپ يېتىۋاتاتتى.

ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بۇ ئۇلۇغ ھەرىكەتكە بېرىلىپ كەتكەچكىمۇ، كىتابىنىڭ ئىشلىرىنى ئۇنتۇپ كەتتى.

شۇ كۈنلەردە ئۇ بۆلەكچىلا ئالدىراش ئىدى، ھەتتا كېلىۋاتقان خەتلەرگە، تەلەپلەرگە جاۋاب ياندۇرۇشقىمۇ ۋاقتى يەتمەيتتى.

ئۇ پۈتۈن باھارنى ۋە يازنىڭ بىر قىسمىنى ئالدىراشچىلىق ئىچىدە ئۆتكۈزۈپ، يەتتىنچى ئاي كەلگەندە ئاندىن يېزىدىكى ئىنىسىنىڭ يېنىغا بارماقچى بولدى.

ئۇ يېزىغا بېرىپ ئىككى ھەپتە دەم ئېلىپ كەلمەكچى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە پۈتۈن مىللەتنىڭ ئەڭ مۇقەددەس جايلىرى بولغان چەت - ياقا يېزىلاردا خەلق روھىنىڭ يۈكسىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، شۇ روھ بىلەن ۋۇجۇدىنى سۇغىرىپ كەلمەكچى ئىدى. بۇ خىل روھنىڭ يۈكسىلىۋاتقانلىقىغا ئۇمۇ پايتەختتىكى بارلىق ئاھالىگە ئوخشاش چوڭقۇر ئىشىنەتتى. ئۇزاقتىن بۇيان لېۋىنىنىڭ ئۆيىگە زىيارەت قىلىپ كېلىشكە بەرگەن ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالماي كېلىۋاتقان كاتاۋاسوفمۇ كوزنىشېف بىلەن بىللە ماڭدى.

# 2

كوزنشېڧ بىلەن كاتاۋاسوڧ بوگۇن ئادەم بۆلەكچىلا قايناپ كەتكەن كۇرسك ۋوگزالىغا يېتىپ كېلىپ پەيتۇندىن چۇشۇپلا كەينىگە قايرىلىپ، يۈك ـ تاقلىرىنى هارۋىدا ئېلىپ كېتىۋاتقان چاكارغا قارىدى ۋە شۇ ئارىلىقتا تۆت كىرا هارۋىسىدىن چۇشۇۋاتقان پىدائىي ئەسكەرلەرنى كۆردى. ئۇلارنى ئۇزاتقىلى كەلگەن بىر توپ ئايال، هەممىسىنىڭ قولىدا گۇل، نۇرغۇن ئادەملەر بىللە بىلەن ۋوگزالغا قىستىلىشىپ كىرىپ كېتىۋاتاتتى.

پىدائىي ئەسكەرلەرنى ئۇزاتقىلى كەلگەن بىر ئاقسۆڭەك ئايال كۇتۇش زالىدىن چىقىپ كوزنىشېڧ بىلەن ئەهۋاللاشتى.

— سىزمۇ ئۇلارنى ئۇزاتقىلى كەلگەن ئوخشىمامسىز؟ — سورىدى ئۇ كوزنىشېڧتىن فرانسۇزچە سۆزلەپ.

— ياق، كىنەز خانىم، مەن ئۇزۇم كېتىۋاتىمەن، ئىنىمنىڭ يېنىغا دەم ئېلىپ كېلىشكە ماڭدىم. سىز دائىم ۋوگزالغا ئادەم ئۇزىتىپ چىقامسىز نېمە؟ — دېدى كوزنىشېڧ مىيىقىدا كۇلۇپ قويۇپ.

— ئۇزاتماي بولامدۇ دەيسىز ! — دەپ جاۋاب بەردى كىنەز خانىم، — بىزنىڭ بۇ تەرەپتىن سەككىز يۈز ئادەمنى ئۇزاتتۇق دېيىشىدۇ، راستمۇ؟ شۇنداق دېسەم مالۋىنسكىي ئىشەنمىدى.

— سەككىز يۈزدىن ئوشۇق. موسكۋادىن باشقا جايلاردىن ماڭغانلىرىنى قوشقاندا مىڭدىن ئاشىدۇ، — دېدى كوزنىشېڧ.

— شۇ ئەمەسمۇ، مەن دېدىمغۇ ! — دېدى كىنەز خانىم خۇشال هالدا ئۇنىڭغا ماسلىشىپ، — بىر مىليوندىن ئوشۇق ئىئانە يىغىلىپتۇ دەيدۇ، راستمىدۇ؟

— ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتتى، كىنەز خانىم.
— بۈگۈن نېمە خەۋەرلەر بار؟ تۈركلەرنى تارمار قىلىۋېتىپتۇ دېيىشىۋاتىدۇغۇ؟
— شۇنداق، مەن ئۇ خەۋەرنى كۆردۈم، — دېدى كوزنىشېف جاۋاب بېرىپ، — كىشىلەر تۈركلەرنىڭ ئۇدا ئۈچ كۈن ئۆز ئىستىھكاملىرىدا بىتچىت بولۇپ قېچىشىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى ئەڭ يېڭى خەۋەرلەر ئۈستىدە پاراڭلىشىۋاتىدۇ. ئەتە ھەل قىلغۇچ جەڭ بولغۇدەك.
— ھە راست، ناھايىتى ياخشى بىر يىگىت بار ئىدى، ئارمىيىگە قاتنىشىشنى ئىلتىماس قىلسا رەت قىلىشىپتۇ. ئاۋارىچىلىك كۆرمەي شۇنىڭغا ئىككى ئىلىك خەت يېزىپ بەرگەن بولسىڭىز. مەن ئۇنى تونۇيتتىم، گراف لىدىيە خانىم ماڭا تونۇشتۇرۇپ قويغان.
كوزنىشېف ئەسكەرلىككە كىرىشنى ئىلتىماس قىلغان ئۇ يىگىتنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي سوراپ بىلدى، ئاندىن ئالىي دەرىجىلىك ۋاگونغا چىقىدىغانلار پويىز ساقلايدىغان زالغا كىرىپ خەتنى يېزىپ كىنەز خانىمغا بەردى.
— بىلەمسىز، ئەلدە نامى بار گراف ۋرونسكىيمۇ ... مۇشۇ پويىزدا، — كوزنىشېف خەتنى بېرىۋاتقاندا، كىنەز خانىم مەغرۇر ۋە مەنىلىك كۈلۈپ قويۇپ دېدى.
— مەن ئۇنى بىر ياقىقا كېتىدىكەن، دەپ ئاڭلىغان، لېكىن قاچان ماڭىدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم. مۇشۇ پويىزدا ماڭامدىكەن؟
— مەن ئۇنى كۆردۈم، مەشەدە بىر كىمنى ساقلىدى. ئاپىسى كېلىپ ئۇزىتىپ قويسا كېرەك. ئۇنىڭغا شۇنىڭدىن باشقىمۇ يول قالمىدى دېسىڭىزچۇ.
— ھە، ئەلۋەتتە شۇنداق.
ئۇلار پاراڭلىشىپ تۇرغاندا، كىشىلەر ئۇلارنىڭ يانلىرىدىن ئۆتۈپ ئاشخانا تەرەپكە قاراپ مېڭىشقا باشلىغانىدى، ئۇلارمۇ ئۇلارنىڭ كەينىدىن ماڭدى. ئۇ تەرەپتە بىر تۆرە قولىدا ھاراق

رومكىسى، پىدائىي ئەسكەرلەرگە قاراپ ئۇنلۇك سۆزلەۋاتاتتى: «دىنىمىز ئۈچۈن، ئىنسانىيەت ئۈچۈن، قېرىنداشلىرىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى، — ئۇنىڭ ئاۋازى بارغانسېرى كۈچىيىپ كېتىۋاتاتتى، — ئانا موسكۋا ئۇلۇغ ئىشلىرىمىزدا سىلەرگە مۇۋەپپەقىيەت تىلەيدۇ. ياشىسۇن !» ئۇنىڭ ئاۋازى يىغلامسىراپ چىقتى.

توپلىشىپ تۇرغان كىشىلەرمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ «ياشىسۇن !» دەپ توۋلاشتى. دەل شۇ چاغدا يەنە بىر توپ ئادەم زالغا دۈكۈرۈشۈپ كىرىپ كىنەز خانىمنى يىقىتىۋەتكىلى تاس قالدى.

— ۋاھ ! كىنەز خانىم، قانداق ئاجايىپ - ھە ! — دېدى توپنىڭ ئىچىدە ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولۇپ قالغان ئوبلونسكىي چىرايىدىن خۇشال كۈلكە چاقنىتىپ، — ئاجايىپ چىرايلىق، ئاجايىپ تەسىرلىك سۆزلىدى، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ يارايدۇ ! سېرگېي ئىۋانوۋىچمۇ بۇ يەردە ئىكەنغۇ ! سىزمۇ ئۇلارغا ئىلھام بېرىپ بىر - ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ قويامسىز ! سىز دېگەن بۇ ئىشنىڭ ئەھلى - دە، — ئۇ بۇ گەپنى ھۆرمەت ۋە ئېھتىيات بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ قوشۇپ قويدى.

— ياق، بولمايدۇ، مەن ھازىرلا ماڭىدىغان تۇرسام.

— نەگە؟

— يېزىغا، ئىنىمنىڭ يېنىغا.

— ئەمىسە ئۇ يەردە مېنىڭ خوتۇنۇم بىلەن كۆرۈشىدىكەنسىز. مەن ئۇنىڭغا خەت يېزىپ سېلىۋەتكەنىدىم، لېكىن سىز ئۇ خەتتىن بۇرۇن يېتىپ بارىسىز ھەرقاچان، شۇڭا ئۇنىڭغا مېنى كۆرگەنلىكىڭىزنى، *ھەممە ئىشلىرىمنىڭ جايىدا كېتىۋاتقىنىنى* دەپ قويىسىڭىز، قالغان گەپنى ئۇ ئۆزى چۈشىنىۋالىدۇ. ھەرھالدا سىزگە مالال كەلمىسە، مېنىڭ بىرلەشمە كومىتېتنىڭ دائىمىي ھەيئەتلىككە تەيىنلەنگىنىمنىمۇ دەپ قويىسىڭىز ... بۇ گەپنىمۇ ئۇ چۈشىنىدۇ.

سىزمۇ بىلىسىز، تۇرمۇشتا ئۇششاق - چۈششەك تەشۋىشلەر تۈگىمەيدىكەن، — ئارقىدىن ئۇ خۇددى كىنەز خانىمدىن كەچۈرۈم سوراۋاتقاندەك ئۇنىڭغا شۇنداق دېدى، — كىنەز مياگكايا خانىم، لىزا ئەمەس، بىبىش مىڭ دانە مىلتىق، ئون ئىككى نەپەر سېستىرا ئەۋەتىپتۇ. مەن سىزگە بۇ گەپنى دەپ بەردىممۇ؟

— ياق، باشقا بىرىدىن ئاڭلىدىم، — دېدى كوزنىشېۋ خۇشياقمىغاندەك جاۋاب بېرىپ.

— ئەتتەڭ، يولغا چىقىپ قاپسىز - دە، — دېدى ئوبلونسكىي، — بىز ئەتە ئۇرۇشقا كېتىۋاتقان ئىككىيلەننى زىياپەت بېرىپ ئۇزىتىپ قويماقچىدۇق. ئۇلارنىڭ بىرى پېتېربۇرگلۇق دىمېر - بارتنەنسكىي، يەنە بىرى بىزنىڭ گرىشا ۋېسلوۋسكىي. ئىككىسى ئاتلىنىش ئالدىدا. ۋېسلوۋسكىي تېخى يېقىندىلا توي قىلغان، كارامەت ئىش قىلدى - دە! شۇنداق ئەمەسمۇ، كىنەز خانىم؟ — دېدى ئۇ كىنەز خانىمغا.

كىنەز خانىم ئۇنىڭ گەپلىرىگە جاۋاب بەرمەي كوزنىشېۋقا قاراپ قويدى. كوزنىشېۋ بىلەن كىنەز خانىمنىڭ چىرايىدىن ئوبلونسكىيدىن چاپسانراق قۇتۇلۇشنى ئويلاپ تۇرۇۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇرۇۋاتسىمۇ، ئوبلونسكىي قىلچە خىجالەت بولمىدى، خۇددى بىر ئىش ئۇستىدە جىددىي ئويلىنىۋاتقاندەك، تۇرۇپ كىنەز خانىمنىڭ شىلەپىسىدىكى پەيگە، تۇرۇپ ئۆپچۆرىسىگە قاراپ قويۇپ تۇرىۋەردى. ئىئانە ساندۇقىنى كۆتۈرۈپ ئىئانە يىغىپ يۈرگەن بىر ئايالنى چاقىرىۋېلىپ، يېنىدىن بەش رۇبلى چىقىرىپ ساندۇققا تاشلىدى.

— يېنىمدا پۇللا بولسا، ئىئانە ساندۇقىنى كۆرسەم ھەرگىز جىم تۇرالمايمەن، — دېدى ئوبلونسكىي، — بۈگۈن قانداق خەۋەرلەر بار؟ چېرنوگورلۇقلار ھەقىقىي ئەزىمەتلەر - دە.

— راستمۇ؟ — دەپ توۋلاپ كەتتى ئوبلونسكىي كىنەز خانىم ئۆزىگە ۋرونسكىينىڭمۇ مۇشۇ پويىزدا ماڭىدىغانلىقىنى دەپ

بەرگەندە ھەيران قىلىپ. شۇئان ئۇنىڭ چىرايىنى مۇڭ باستى. لېكىن، بىر مىنۇتتىن كېيىن ھەر بىر قەدىمىدە پۇتلىرىنى لىكىلدىتىپ، چېكە ساقاللىرىنى سىلاپ قويۇپ ۋرونسكىي ئولتۇرغان كۇتۇش زالىغا كىرىپ كەلگەندە، سىڭلىسىنىڭ جەستى ئۇستىگە يېتىۋېلىپ زار - زار يىغلىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قېلىپ، ۋرونسكىينى پەقەت قەھرىمان ۋە كونا ئاغىنىسى ئورنىدا كۆز ئالدىغا كەلتۇردى.

— ئۇنىڭ نۇرغۇن كەمچىلىكلىرى بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭغا ئادىل باھا بەرمەي بولمايدۇ، — دېدى كىنەز خانىم ئوبلونسكىي كەتكەندىن كېيىن كوزنىشېفقا، — ئۇنىڭدا ھەقىقىي رۇس خاراكتېرى، سلاۋيان خاراكتېرى بار. مەن ۋرونسكىينىڭ ئۇنى كۆرسە كۆڭلى يېرىم بولۇپ قالارمىكىن، دەپ ئەنسىرەيمەن. قانچە دېگەن بىلەنمۇ، ئۇ ئادەمنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى ئويلىسام كۆڭلۇم بۇزۇلىدۇ. يولدا بارغۇچە ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ باقسىڭىز، — دېدى كىنەز خانىم.

— بولىدۇ، توغرا كېلىپ قالسا سۆزلىشىپ كۆرەي.

— ئۇ ئادەمنى مەن تازا ياخشى كۆرۈپ كەتمەيتتىم. ئاشۇ ئىشتىن كېيىن ھەممە ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا بولغان قاراشلىرى ئۆزگىرىپ كەتتى. ئۇ ئۇرۇشقا ئۆزىلا مېڭىپ قالماي، يەنە ئۆزى پۇل چىقىرىپ تەشكىللىگەن بىر روتا ئاتلىق ئەسكەرنىمۇ بىللە ئېلىپ ماڭماقچى.

— بۇ گەپنى مەنمۇ ئاڭلىدىم.

قوڭغۇراق چېلىنىپ، ئادەملەر ئىشىككە قاراپ مېڭىشتى.

— ئەنە ئۇ! — دېدى كىنەز خانىم ئۇستىگە ئۇزۇن ھەربىي پەلتو، بېشىغا كەڭ سايىۋەنلىك سوكنا شەپكە كىيىۋالغان، ئاپىسىنى قولتۇقىدىن يۆلەپ كېلىۋاتقان ۋرونسكىينى قولى بىلەن كۆرسىتىپ. ئوبلونسكىي ۋرونسكىينىڭ يېنىدا نېمە توغرىدىدۇر قىزغىن پاراڭ قىلىپ كېلىۋاتاتتى.

قاپاقلىرى تۇرۇك ۋرونسكىي ئوبلونسكىينىڭ گەپلىرىگە

قۇلاق سالمىغاندەك ھالەتتە، ئالدى تەرەپتىن كۆزىنى ئۈزمەي كېلەتتى.

ئېھتىمال، ئوبلونسكىي دېگەن بولسا كېرەك، ۋرونسكىي كىنەز خانىم بىلەن كوزنىشېف تۇرغان تەرەپكە قاراپ قويۇپ، ئۇنچىقماي شەپكىسىنى كۆتۈرۈپ قويدى. ئۇنىڭ كۆپ دەرد تارتقانلىقى ۋە قېرىپراق قالغانلىقى بىلىنىپ تۇرغان چىرايى ھاك تېشىدەك ئاقىرىپ كەتكەنىدى.

ۋوگزال سۇپىسىغا يېتىپ كەلگەندە، ۋرونسكىي ئاپىسىنى گەپ قىلماي ئالدىغا ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن ۋاگوننىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

ۋوگزال سۇپىسىدا «خۇدا پادىشاھىمىزنى پاناھىدا ساقلىغاي» دېگەن دۆلەت گىمى، ئاندىن «ياشىسۇن!» دەپ ۋارقىراشقان شوئارلار ياڭراپ كەتتى. پىدائىي ئەسكەرلەر ئىچىدىكى كۆكرىكى ئىچىگە كىرىپ كەتكەن، ئېگىز بوي، تولىمۇ ياش بىرى شەپكىسى بىلەن بىر دەستە گۈلنى بېشى ئۈستىدە پۇلاڭلىتىپ، بۆلەكچىلا تەزىم قىلىپ ئېگىلىپ كېتىۋاتاتتى. ئارقىدىنلا ئىككى ئوفىتسېر بىلەن بېشىغا مايلىشىپ كەتكەن شەپكە كىيىۋالغان قويۇق ساقاللىق بىر قېرى ئادەممۇ ۋاگوندىن بېشىنى چىقىرىپ ئۇلارغا سالام بەردى.

# 3

كوزنىشېف كىنەز خانىم بىلەن خوشلىشىپ، كاتاۋاسوف بىلەن بىللە قىستاڭچىلىق بولۇپ كەتكەن ۋاگونغا كىرىپ كەتتى. پويىز ئاستا قوزغالدى.

پويىز سارىتسىن ۋوگزالىغا يېتىپ كەلگەندە، بىر توپ ياش ئۇلارنى «شان ـ شەرەپلەر بولسۇن» دېگەن خور بىلەن قىزغىن

كۆتۈۋالدى. پىدائىي ئەسكەرلەر ۋاگونلارنىڭ دېرىزىلىرىدىن باشلىرىنى چىقىرىپ ئۇلارغا ھەرخىل ئۇسسۇللار بىلەن مىننەتدارلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى. كوزنىشېف پىدائىي ئەسكەرلەر بىلەن كۆپ ئارىلاشقان بولغاچقا، ئۇلارنى ناھايىتى ياخشى چۈشىنەتتى ھەم ئۇلارغا بەكمۇ قىزىقىپ كەتمەيتتى. كاتاۋاسوف دائىم ئىلمىي خىزمەتلەر بىلەن ئالدىراش يۈرگەچكە، ئۇلارنى چۈشىنىش پۇرسەتلىرى ئۇنىڭغا يوق ئىدى، شۇڭا ئۇلارغا ناھايىتى قىزىقاتتى ھەم كوزنىشېفتىن ئۇلارنىڭ ئىشلىرى توغرۇلۇق توختىماي سوراپ تۇرۇۋاتاتتى.

كوزنىشېف ئۇنىڭغا ئىككىنچى دەرىجىلىك ۋاگونغا بېرىپ ئۇلار بىلەن بىۋاسىتە سۆزلىشىپ كۆرۈشنى ئېيتتى. پويىز يەنە بىر ۋوگزالدا توختىغاندا، كاتاۋاسوف ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە ئۇلارنىڭ يېنىغا قاراپ ماڭدى.

پويىز توختىشى بىلەن ئۇ ئىككىنچى دەرىجىلىك ۋاگونغا كىرىپ پىدائىي ئەسكەرلەر بىلەن پاراڭلاشتى. ئۇلار خۇددى ۋاگوندىكى ئادەملەر بىلەن كاتاۋاسوفنىڭ ئۆزلىرىگە دىققەت قىلىۋاتقانلىقىنى بىلگەندەك، بىر بۇلۇڭدا گەپنىڭ يوغىنىنى قىلىپ ئۈنلۈك سۆزلىشىپ ئولتۇراتتى. كۆكرىكى ئىچىگە كىرىپ كەتكەن ئېگىز بويلۇق يىگىتنىڭ ئاۋازى ھەممىسىنىڭكىدىن يۇقىرى ئىدى. ئۇ مەست بولۇپ قالغان بولسا كېرەك، ئۇلارغا مەكتەپتە يۈز بەرگەن بىر ئىشنى سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا ئاۋستىرىيىنىڭ گۋاردىيە فورمىسىنى كىيىۋالغان قېرى بىر ئوفىتسېر ئولتۇراتتى. ئۇ ئۇنىڭ گەپلىرىگە كۈلۈپ تۇرۇپ قۇلاق سالاتتى، ئارىلاپ گېپىنى بۆلۈۋېتەتتى. توپچى ئەسكەرلەر فورمىسىدىكى يەنە بىر پىدائىي ئەسكەر ئۇلارنىڭ يېنىدىكى چامادانىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇراتتى، يەنە بىرى ئۇخلاپ قالغانىدى.

كاتاۋاسوف ئۇ ياش يىگىت بىلەن سۆزلىشىپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ يىگىرمە ئىككى يېشىدا نۇرغۇن پۇل - ماللىرىنى

سورۈۋەتكەن موسكۋالىق باي ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۇنىڭ تولىمۇ نازۇكلۇقى، تېنىنىڭ ئاجىزلىقى، ۋۇجۇدىدا ئەركەكلىكنىڭ قىلچە ئىزناسى يوقلۇقى كاتاۋاسوفقا ياقمىدى. لېكىن، ئۇ ئۆزىنى قەھرىماندەك تۇتاتتى، تولا ماختىنىپ ئادەمنى شۇنچىلىك بىزار قىلاتتى، هاراقنى كۆپ ئىچىۋالغان بولسا كېرەك، بارغانسېرى ھەددىدىن ئېشىپ كېتىۋاتاتتى.

يەنە بىر پىدائىي ئەسكەر ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن ئوفىتسېر بولۇپ، ئۇمۇ كاتاۋاسوفقا ياخشى تەسىر بەرمىدى. ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ دېيىشىچە، بېشىدىن ئۆتكەنلىرى ناھايىتى كۆپ ئىكەن. تۆمۈريولدا ئىشلەپتۇ، دىرېكتورمۇ بوپتۇ، زاۋۇتمۇ قۇرۇپتۇ. لېكىن، ھازىر سۆزلەۋاتقانلىرىنىڭ ھەممىسى مەنىسىز ئىشلار ئىدى، كەسپىي سۆزلەرنى خاتا ئىشلىتەتتى.

ئۈچىنچىسى، توپچى قىسىمدا تۇرغانىكەن، ئۇ ئىككىسىگە ئوخشىمايتتى، كاتاۋاسوف ئۇنى ياقتۇرۇپ قالدى. ئۇ كىچىك پېئىل، ياۋاش ئادەم ئىدى، ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن ئۇ ئوفىتسېرنىڭ بىلىمدانلىقى بىلەن ئاۋۇ باي سودىگەرنىڭ مەردلىكىگە ئالاھىدە قايىل بولۇپ قېلىۋاتقاندەك قىلاتتى، ئەمما ئۆزى توغرۇلۇق پەقەتلا گەپ قىلمايتتى. كاتاۋاسوف ئۇنىڭدىن سېربىيىگە بېرىشىغا نېمە سەۋەب بولغانلىقىنى سورىغانىدى، ئۇ كەمتەرلىك بىلەن:

— قارىسام، ھەممىسى كېتىۋاتىدۇ، مەنمۇ باراي دېدىم شۇ. سېربلار ياردەمگە موھتاج، ئۇلارغا ئادەمنىڭ ئىچى ئاغرىيدۇ، — دېدى.

— توغرا، ئۇلار سىزدەك توپچى ئەسكەرلەرگە بەكمۇ موھتاج.

— مەن توپچى قىسىمدا ئۇزاق تۇرغان ئەمەس، شۇڭا مېنى پىيادە ياكى ئاتلىق ئەسكەرلەر قىسىملىرىغا تەقسىم قىلىشلىرى مۇمكىن.

— ھازىر ھەممىدىن ئېھتىياجلىقى توپچى قىسىم تۇرسا، سىزنى نېمىدەپ پىيادە ئەسكەرلەر قىسىمغا تەقسىم قىلىدۇ؟ —

كاتاۋاسوف بۇ توپچى ئەسكەرنىڭ يېشىنى مۆلچەرلەپ، ئۇنىڭ ھەربىي ئۇنۋانى چوقۇم يۇقىرى، دەپ ئويلىدى.

— مەن توپچى قىسىمدا ئۇزاق تۇرمىغان، شۇڭا پەقەت يۇنكېرلىق ئۇنۋان بىلەنلا ھەربىي سەپتىن چېكىنىدىم، — دېدى ئۇ نېمە ئۈچۈن ئوفىتسېرلىق ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمىگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ.

بۇ يەردە كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرى كاتاۋاسوفتا ياخشى تەسىرات قالدۇرمىدى. پىدائىي ئەسكەرلەر ھاراق ئىچىپ چىققىلى پەسكە چۈشۈپ كەتكەندە، كاتاۋاسوف ئۆزىدە قالغان شۇ يامان تەسىرنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن بىرەرى بىلەن پاراڭلىشىپ باقماقچى بولدى. ھەربىي پەلتو كىيىۋالغان بىر يولۇچى بوۋاي كاتاۋاسوفنىڭ پىدائىيلار بىلەن قىلىشقان پاراڭلىرىنى بېشىدىن ئاخىرىغىچە ئاڭلاپ ئولتۇرغانىدى. شۇ ئادەم بىلەن يالغۇز قالغاندا كاتاۋاسوف ئۇنىڭغا گەپ قىلدى.

— ئۇياقتا كېتىۋاتقان ئادەملەرنىڭ ئەھۋالى ھەقىقەتەن بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىكەن، — دېدى كاتاۋاسوف ئۇ ئادەمنى گەپكە سېلىش مەقسىتىدە ئىختىيارىي گەپ قىلىپ.

ئۇ بوۋاي ئىككى ئۇرۇشقا قاتناشقان ھەربىي ئادەم ئىكەن، شۇڭا ھەقىقىي ھەربىي ئادەمنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ناھايىتى ياخشى بىلىدىكەن. بوۋاي ئۇلارنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشلىرى، گەپ - سۆزلىرى ۋە يولدا كەلگۈچە قولىدىن بوتۇلكا چۈشمەي تىنماي ئىچىشلىرىگە قاراپ، ئۇلارغا ھەربىينىڭ ئىچىدىن چىققان پەسەندىلەر، دەپ باھا بېرىپ بولغانىدى. بوۋاي ئۇنىڭغا ئۆزى تۇرۇۋاتقان شەھەردە ھەربىيدىن چېكىنگەن بىرەيلەننىڭ ھاراقكەش، ئوغرى ئادەم ئىكەنلىكىنى، ھېچكىم ئىشقا ئالماي، ئاخىر ئەسكەر بولۇپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەرمەكچىدى، لېكىن جەمئىيەتنىڭ كەيپىياتى ھازىرقىدەك بولۇۋاتقان چاغدا ھەممىنىڭ پىكرىگە قارشى بىرنېمە دېيىشنىڭ، بولۇپمۇ ئۇ پىدائىيلارنى يامانلاشنىڭ خەۋپلىك ئىكەنلىكىنى

ئۆزىنىڭ تەجرىبىسىدىن بىلگەچكە، گەپ قىلماي، كاتاۋاسوفنىڭ چىرايىغا قاراپ ئولتۇرۇۋەردى.

— شۇنداق، ئۇ تەرەپكە ئادەم كېرەك ـ دە، — دېدى بوۋاي بىر چاغدا كۆزلىرىدە كۈلۈپ تۇرۇپ. شۇنىڭدىن كېيىن ئىككىسى ئەڭ يېڭى ئۇرۇش خەۋەرلىرى ئۈستىدە پاراڭلاشتى. لېكىن، ھەر ئىككىسى بۈگۈن تۈركلەر ھەممە ئىستىھكاملىرىدا تارمار قىلىنغان بولسا، ئەتە كىملەر بىلەن جەڭ قىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى تەئەججۈپ ۋە گۇمانلىرىنى بىر ـ بىرىدىن يوشۇرۇپ، كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى تاكى خوشلاشقۇچە دېيىشمىدى.

كاتاۋاسوف ئۆزىنىڭ ۋاگونىغا قايتىپ كەلگەندە، پىدائىيلاردىن ئالغان تەسىراتى توغرىسىدا كوزنىشېفقا ئىختىيارىدىن سىرت ھالدا يالغان سۆزلەپ، پىدائىيلار ئالامەت ياخشى جەڭچىلەر ئىكەن، دەپ ماختاپ بەردى.

يەنە بىر چوڭ شەھەرنىڭ ۋوگزالىغا كەلگەندە، ئۇ يەردىمۇ ئۇ پىدائىيلارنى ناخشا ـ ئۇسسۇل ۋە تەنتەنە سادالىرى بىلەن قارشى ئالدى. ئىئانە يىغىۋاتقان ئەر ـ ئاياللار، مۇشۇ شەھەرلىك خېنىملار ئۇلارغا دەستە ـ دەستە گۈللەرنى تۇتۇشتى، كېيىن ئۇلارنى تاماقخانىغا ئېلىپ مېڭىشتى. لېكىن، بۇ يەردىكى تەنتەنە موسكۋادىكىگە قارىغاندا خېلىلا سۇس ئىدى.

## 4

پويىز ئۆلكە مەركىزىنىڭ ۋوگزالىدا توختىغاندا، كوزنىشېف تاماقخانىغا كىرمەي، ۋوگزال سۇپىسىدا مېڭىپ يۈردى.

ئۇ ۋرونسكىي ياتقان پويىز ياتقىنىڭ دېرىزىسىنىڭ ئالدىدىن بىرىنچى قېتىم ئۆتكەندە دېرىزە ئېتىك ئىدى، ئىككىنچى قېتىم

ئۆتكەندە قېرى گراف خانىمنىڭ ئىچمۇېتىلگەن دېرىزىنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. گراف خانىم ئۇنى كۆرۈپ يېنىغا چاقىردى.

— مەن ئوغلۇمنى كۆرسىكىيىغىچە ئۆزىتىپ كېتىۋاتىمەن، — دېدى گراف خانىم كوزنىشېفقا.

— ھە، مەن ئاڭلىغان، — دېدى كوزنىشېف ۋاگون دېرىزىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ دېرىزىدىن ئىچىگە قارىغاچ، — ئۇ ئاجايىپ ياخشى ئىش قىپتۇ، — ئۇ ۋرونسكىينىڭ يوقلۇقىنى كۆرگەندىن كېيىن بۇ گەپنى قوشۇپ قويدى.

— ئاشۇ نەس باسقان ئىشتىن كېيىن ئۇنى يەنە نېمە قىلالايدۇ دەيسىز؟

— ئۇ ھەقىقەتەن قورقۇنچلۇق ئىش بولدى، — دېدى كوزنىشېف.

— ھەي، مەن نېمە گۇناھ قىلغان بولغىيدىمكىنتاڭ! ياتاققا كىرسىڭىزچۇ ... مەن نېمە گۇناھ قىلغان بولغىيدىمكىنتاڭ!

— كوزنىشېف ۋاگونغا كىرىپ ئۇنىڭ يېنىدىكى يۇمشاق ئورۇندۇقتا ئولتۇرغاندا بايىقى گېپىنى يەنە تەكرارلىدى گراف خانىم، — بۇ ئىشلارغا ئەقلىمنى يەتكۈزەلمەيلا كەتتىمغۇ مەن! ئۇ ئالتە ھەپتىگىچە ھېچقانداق ئادەمگە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى، ئەگەر مەن يېلىنىپ تۇرۇۋالمىغان بولسام تاماقمۇ يېمەيتتى. شۇ كۈنلەردە ئۇنى بىر مىنۇتمۇ يالغۇز قالدۇرمىدۇق. ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا مۇمكىن بولىدىغان ھەممە نەرسىلەرنى يېنىدىن ئېلىۋالدۇق. بىز بىرىنچى قەۋەتتە تۇرىمىز، ھېچقايسىمىز بىر ئىش چىقمايدۇ، دەپ ھۆددە قىلالمايتتۇق. سىزمۇ بىلىسىز كېرەك، ئۇ ئاشۇ خوتۇننى دەپ بىر قېتىم ئۆزىنى ئېتىۋالدى، — شۇ ۋەقە ئېسىگە چۈشكەندە، مومىنىڭ قورۇلۇپ كەتكەن پېشانىسىنىڭ تېرىلىرى تېخىمۇ تۈرۈلۈپ كەتتى، — ئۇ خوتۇننىڭ ئۆلۈمى ئاشۇنىڭغا ئوخشاش خوتۇنلارنىڭ ئاقىۋىتى. ھەتتا ئۇنىڭ ئۆلۈمىنىڭمۇ ئەڭ قەبىھ، ئەڭ يامىنىنى

تاپقىنىنى كۆرمەمدىغان.

— ئۇنىڭ ئۇستىدىن بىر نېمە دەپ ھۆكۈم چىقىرىش بىزنىڭ ئىشىمىز ئەمەس، گراف خانىم، — دېدى كوزنىشېۋ چوڭقۇر تىنىپ قويۇپ، — ئەمما، بۇ ئىشنىڭ سىزگە ناھايىتى ئېغىر كەلگەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپتىمەن.

— ئۇ گەپنى دېمەيلا قويۇڭ! شۇ كۈنى مەن ئۆزىمىزنىڭ قورۇقىدا ئىدىم، ۋرونسكىيمۇ يېنىمدا ئىدى، بىرى بىر پارچە خەتنى كۆتۈرۈپ كىردى، ئوغلۇم ئۇنىڭغا جاۋاب يېزىپ يەنە شۇ ئادەمدىن ماڭدۇرۇۋەتتى. بىز ئۇنىڭ ۋوگزالدا ئىكەنلىكىنى پەقەتلا بىلمەپتۇق. كەچتە ياتاي دەپ تۇراتتىم، خىزمەتچى قىزىم مېرى كىرىپ، بىر ئايال ۋوگزالدا ئۆزىنى پويىزنىڭ ئاستىغا تاشلىۋاپتۇ، دېمەمدۇ، بۇنى ئاڭلاپ يۈرىكىم جىغلا قىلىپ قالدى. ئۇ ئايالنىڭ شۇ ئىكەنلىكىنى كۆڭلۈم تۇيغانىدى. مېنىڭ ھە دېگەندە دېگىنىم، بۇ گەپنى ئالېكسېيغا دېمەڭلار، دېگەن سۆز بولدى. لېكىن، ئۇلار ئۇنىڭغا دەپ بولۇشقانىكەن. شۇ چاغدا ئۇنىڭ پەيتۇننى ھەيدەيدىغان ئادەم شۇ يەردە ئىكەن، ھەممىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپتۇ. مەن دەررۇ ئوغلۇمنىڭ يېنىغا كىردىم، قارىسام، خۇدىنى بىلمەي يېتىپتۇ، ھالىتى شۇنچىلىك قورقۇنچلۇق. بىر چاغدا ئورنىدىن تۇرۇپ، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي ئېتىغا مىندى ـ دە، ئۇچقاندەك چېپىپ چىقىپ كەتتى. ۋوگزالدا نېمە ئىشلارنىڭ بولغانلىقىنى بىلمەيمەن، لېكىن ئالېكسېينى ئېلىپ كەلگەندە، ھېچقانداق سېزىم دېگەن نەرسە يوق، ئۆلۈكتەك ياتاتتى، ئۇنى تونۇيالمايلا قالدىم. دوختۇر ئۇنى «تولۇق روھىي چۈشكۈنلۈك» كە ئۇچراپتۇ، دېدى. كېيىن ئۇ ساراڭدەكلا بولۇپ قالدى.

— ئۇھ! بولدىلا، ئۇنىڭ گېپىنى قىلىشمايلى، — دېدى گراف خانىم قولىنى سىلكىپ، — ئۇ كۈنلەر شۇنچىلىك قورقۇنچلۇق كۈنلەر بولدىكى، نېمىسىنى دەي! نېمىلا دەڭ، ئۇ زادى يامان خوتۇن ئىدى. مۇھەببەتنى دەپ جېنىنى سېلىپ

بىرىپ نېمە كەپتۇ! شۇنىڭدىنلا ئۇنىڭ نورمال خوتۇن ئەمەسلىكى چىقىپ تۇرمامدۇ. ئاخىرىغا كېلىپ ئۆزىنىڭ بېشىغا چىقىپ، ئىككى ياخشى ئادەمنى — ئېرى بىلەن مېنىڭ ئوغلۇمنى ۋەيران قىلدى.

— ئۇنىڭ ئېرىگە نېمە بوپتۇ؟ — سورىدى كوزنىشېف.

— ئۇ خوتۇننىڭ قىزىنى ئېلىپ كەتتى. ئالېكسېي دەسلەپتە ھەممىلا نېمىگە ھە دەپ تۇردى. ھازىر قىزىنى بېرىۋەتكىنىگە پۇشايمان قىلىپ يۇرۇۋاتىدۇ. ئەمدى لەۋزىدىن قايتالمايدۇ - دە. كارېنىن ئۇنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا قاتناشتى. بىز بىر ئاماللارنى قىلىپ ئۇنىڭ ئالېكسېي بىلەن ئۇچرىشىپ قالماسلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ تۇردۇق. بۇنداق قىلىشنىڭ ئالېكسېي بىلەن ئۇ ئەرگە ئازراق بولسىمۇ پايدىسى بار - دە. خوتۇنى كارېنىننى ئەركىنلىككە چىقىرىپ قويدى، لېكىن مېنىڭ بالام ئۆزىنى تۇگەشتۇرۇۋېتىۋاتىدۇ. ئۇ ھازىر ھەممىدىن، ئۆزىنىڭ ئىستىقبالىدىن ھەم مېنىڭدىن ۋاز كەچتى. لېكىن، ئۇ خوتۇن يەنە ئۇنى قويۇپ بەرمەي ئۇزۇل - كېسىل ۋەيران قىلىۋەتمەكچى. ھەي، نېمىلا دېيلى، ئۇنىڭ ئاشۇنداق ئۆلۈۋېلىشى چۇشكۇنلەشكەن، دىنسىز بىر خوتۇنغا لايىق ئۆلۈم بولدى. خۇدا، مېنى كەچۇرەرسەن! ئوغلۇمنىڭ خاراب بولۇپ كېتىۋاتقىنىنى ئويلىساملا ئۇ خوتۇنغا نەپرەتلەنمەي تۇرالمايمەن.

— ھازىر ئوغلىڭىز قانداقراق؟

— خۇدا بىزنىڭ دەرد - ئەلەملىرىمىزنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك، سېربىيە ئۇرۇشىنىڭ بولغىنىنى كۆرمەمسىز. مەن قېرىپ قالدىم، بۇ ئىشلارنىڭ تېگىگە يېتەلمەيمەن، ئەمما خۇدا ئۇنى يۆلىدى. ئەلۋەتتە، ئانا بولغاندىكىن ئەنسىرەيدىغان گەپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇنىڭ بۇ قارارىنى پېتېربۇرگدىكىلەر ماقۇل كۆرمىگەن، دېگەنمۇ گەپ بار. شۇنداقتىمۇ، ئۇنىڭغا ئىلاج قانچە، ئۇنى بىردىنبىر روھلاندۇرالايدىغان ئىش مۇشۇ تۇرسا. ئۇنىڭ دوستى ياشۋىن پۇتۇن نېمىسىنى ئۇتتۇرۇۋېتىپتىكەن، ئۇمۇ

سېربىيىگە بارىدىغان بوپتۇدەك. ياشۋىن كېلىپ ئۇنى بۇ ئىشقا سۆرىدى. ئەمدى هازىر ئۇنى بۇنىڭدىن ياندۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ قويۇڭ، مەن ئۇنىڭ كۆڭلى ئېچىلىپ قالسا دەپلا ئويلايمەن، كۆڭلى شۇنچىلىك يېرىم، ئۇنى ئاز دەپ، چىشىنىڭ ئاغرىپ كېتىۋاتقىنىچۇ تېخى. ئۇ سىزنى كۆرسە چوقۇم خۇشال بولىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ قويۇڭ، ئۇ ئەنە ئاۋۇ ياقتا مېڭىپ يۈرىدۇ.

## 5

ئۇستىگە ئۇزۇن پەلتو، بېشىغا باستۇرۇپ شەپكە كىيىۋالغان ۋرونسكىي ۋوگزال سۇپىسىغا ئېگىز دۆۋىلەپ قويۇلغان قاپلارنىڭ كەچكى قۇياشنىڭ قىيپاش چۈشۈپ تۇرغان نۇرىدىن پەيدا بولغان سايىسىدا ئىككى قولىنى پەلتوسىنىڭ يانچۇقىغا سېلىۋېلىپ، خۇددى قەپەستىكى يىرتقۇچ هايۋاندەك سالماق قەدەم بىلەن تىنماي مېڭىپ تۇراتتى، يىگىرمە قەدەمچە مېڭىپ، يەنە شارتتىدە كەينىگە بۇرۇلاتتى. كوزنىشېف كېتىۋېتىپ، ۋرونسكىينىڭ ئۆزىنى كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسكە سالغانلىقىنى بىلدى، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماي، ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بەزى ئىشلارنى ئويلاپمۇ قويماي، ئۇنىڭغا قاراپ كېتىۋەردى.

شۇ تۇرقىدا ۋرونسكىي كوزنىشېفنىڭ كۆزىگە كاتتا ئىشلارنى قىلىۋاتقان ئۇلۇغ ئەربابتەك كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، ئۇنىڭ روهىنى كۆتۈرۈپ قويۇشنى ئۆزىنىڭ بۇرچى دەپ بىلىپ ئالدىغا باردى.

ۋرونسكىي ئورنىدا توختاپ، كەلگەن ئادەمگە سەپسېلىپ قاردى ۋە ئۇنىڭ كوزنىشېف ئىكەنلىكىنى تونۇپ ئالدىغا بىرنەچچە قەدەم مېڭىپ كېلىپ ئۇنىڭغا قولىنى ئۇزاتتى.

— ئېھتىمال، مېنىڭ بىلەن ئۇچراشقۇڭىز يوق بولغىيدى، — دېدى كوزنىشېۋ، — شۇنداقتىمۇ سىزگە ياردىمىم تېگىپ قالارمىكىن، دېگەن ئۇمىد بىلەن ئالدىڭىزغا كەلدىم.

— سىز بىلەن كۆرۈشكىنىم باشقىلار بىلەن كۆرۈشكىنىمگە قارىغاندا ماڭا ئازراق ئازاب ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن، — دېدى ۋرونسكىي، — مېنى ئەيىبكە بۇيرۇماڭ، ھاياتنىڭ ماڭا ھېچقانداق ئەھمىيىتى قالمىدى.

— مەن بۇنى چۈشىنىمەن ھەم سىزنىڭ خىزمىتىڭىزدە بولۇشقا تەييارمەن، — دېدى كوزنىشېۋ ۋرونسكىينىڭ قاتتىق ئازاب ئىچىدە تۇرۇۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇرغان چىرايىغا قاراپ قويۇپ، — رىستىچقا① ياكى مىلانغا② سىز توغرۇلۇق ئىككى ئىلىك خەت يېزىپ بېرىشىم ھاجەتمىكىن؟

— ھە ياق، ھاجەت ئەمەس، — دېدى ۋرونسكىي ئۇنىڭ گېپىنى تەستە چۈشىنىپ، — ئەگەر قارشى بولمىسىڭىز، ئىككىمىز بىردەم بىللە ماڭساق، ۋاگوننىڭ ئىچى ئىسسىپ كەتتى. خەت يېزىپ بېرەي دېدىڭىزمۇ؟ ياق، ھاجىتى يوق، رەھمەت. ئۆلۈمگە كېتىۋاتقان ئادەمگە تەۋسىيە خېتىنىڭ لازىمى يوققۇ، تۈركلەرگىلا يېزىپ بەرمىسىڭىز بولغىنى ... — شۇ چاقچاق گەپ بىلەن تەڭ ئۇنىڭ چاۋغىسىدا ئازراق كۈلكە پەيدا بولدى، كۆزلىرىدىن يەنىلا غەزەپ ۋە ئاچچىق ھەسرەت ئۇچقۇنداپ تۇراتتى.

— ئۇغۇ شۇنداق. شۇنداقتىمۇ ئورنى بار ئادەملەر بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ قويسىڭىز زىيىنى بولماس دەيمەن، شۇنىڭدا ئىشلارغا قۇلايلىق بولاتتى ـ دە. مەيلى، ئىختىيارىڭىز. مېنىڭ

---

① شۇ مەزگىلدىكى سېربىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى.

② سېربىيىنىڭ شۇ چاغدىكى شاھزادىسى، كېيىن سېربىيىنىڭ پادىشاھى بولغان.

سىزنىڭ قارارىڭىزنى بەكمۇ بىلگۈم بار. ھازىر پىدائىيلارنى ئەيىبلەش بەك كۆپىيىپ كېتىۋاتىدۇ، مۇشۇنداق چاغدا سىزنىڭ بارغىنىڭىزنىڭ جامائەت پىكىرلىرىنى ئۆزگەرتىشكە چوقۇم پايدىسى تېگىدۇ.

— مېنىڭ ياخشى تەرىپىم، — دېدى ۋرونسكىي، — ئۆلۈمگە قىلچە پىسەنت قىلماسلىقتا. ھۆججۇمغا ئۆتەي، يەكمۇيەك ئېلىشاي ياكى دۈشمەن بىلەن ئېلىشىپ يىقىلاي، ھەممىگە بەرداشلىق بەرگۈدەك جىسمانىي قۇۋۋەتكە ئىگىمەن، بۇ ئەھۋالىم ماڭا بەش قولدەك ئېنىق. مەن ھاياتىمنى قۇربان بېرىشكە پۇرسەت چىققانلىقىدىن خۇشالمەن. بەلكىم ھاياتىمنىڭ باشقىلارغا لازىمى باردۇ، ئەمما ماڭا لازىمى يوق، ھەتتا ئۇنىڭدىن يىرگىنىمەن، — ئۇنىڭ چىشى قاتتىق ئاغرىپ كېتىۋاتقاچقا، ئېڭىكى تىترەپ توختىمايۋاتاتتى، ئاغرىق دەستىدىن گەپلىرىدە ئىپادىلىمەكچى بولۇۋاتقان ھېسسىياتىنىمۇ تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلمەيۋاتاتتى.

— ھۆددە قىلالايمەنكى، سىز باشقىدىن كۆتۈرەڭگۈ روھقا ئىگە بولالايسىز، — دېدى كوزنىشېۋ قاتتىق ھاجانلىنىپ تۇرۇپ، — قېرىنداشلىرىمىزنى زۇلۇمدىن ئازاد قىلىش جاننى تىكىپ تۇرۇپ كۈرەش قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئىش. خۇدا سىزگە كۈرەشتە غەلىبە، روھىيەتتە خاتىرجەملىك بەرگەي، — ئۇ ئاخىرىدىكى گەپنى قوشۇپ قويۇپ ئۇنىڭغا قولىنى سۇندى.

ۋرونسكىي كوزنىشېۋنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ قويدى.

— مەن قورال ئورنىدا بىر نېمىگە ياراپ قالارمەن، لېكىن ئادەملىكىم بىلەن يارىماس بىر نەرسىمەن، — دېدى ۋرونسكىي گەپنى دانە - دانە قىلىپ.

چىشىنىڭ قاتتىق ئاغرىقىدىن ئاغزىغا سۇ يىغىلىپ كېتىۋاتقاچقا، ئۇنىڭ گەپ قىلىشى تەس بولۇۋاتاتتى، شۇڭا ئۇ رېلىستا ئاستا ۋە بىر خىلدا ئايلىنىپ كېلىۋاتقان كۆمۈر بىلەن سۇ ۋاگونىنىڭ چاقلىرىغا ئۈنچىقماي قاراپ تۇرۇپ كەتتى.

تۇيۇقسىز، ئاغرىق ئازابى ئەمەس، بەلكى ئىچكى دەرد ئۇنىڭ



يۈرىكىنى مۇجۇشقا باشلاپ، شۇ بىر دەقىقە ئىچىدە چىشىنىڭ ئاغرىقىنى ئۇنتۇپ قالدى. شۇ تۇرقىدا ئۇ كۆمۈر، سۇ ۋاگونى ۋە پاراۋوز كېلىۋاتقان رىلىسقا كۆزى چۈشۈپ ۋە شۇ ۋەقەدىن كېيىن كۆرۈشۈپ باقمىغان دوستى بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرۇپ، بىردىنلا ئانىنى ئويلاپ قالدى ۋە شۇ كۈنى ۋوگزالغا ساراڭ بولۇپ قالغان ئادەمدەك ئوقتەك ئېتىلىپ كىرگەن چاغدا كۆرگەن ئانىنىڭ بەدىنىنىڭ قالدۇقلىرى كۆز ئالدىغا كەلدى: ئۈستەل ئۈستىدە تېخى يېقىندىلا ھاياتى جۇش ئۇرۇپ تۇرغان، ئەمدى بولسا يات كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا نومۇس قىلىشنى بىلمەي سۇنايلىنىپ ياتقان ئانىنىڭ قانغا مىلەنگەن جەسىتى تۇراتتى. بېشىنىڭ ئۈستىگە تۇرمەكلىۋالغان قاپقارا چاچلىرى، ئىككى چېكىسىگە چۈشۈپ تۇرغان بۇدۇر سېكىلەكلىرى ئوڭدىسىغا ياتقان بېجىرىم بېشى ئۈستىدە بوش *يەلپۈنۈپ* تۇراتتى. شۇنچە گۈزەل چىرايىدا، يېرىم ئېچىلىپ تۇرغان قىزغۇچ لەۋلىرىدە ئەكس ئېتىپ تۇرغان غەلىتە بىر خىل ئېچىنىشلىق ھالەت، قېتىپ قالغان ئوچۇق كۆزلىرىدىن چىقىپ تۇرغان، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالىدىغان ئىچكى سادا خۇددى ئۇلار ئۇرۇشۇپ قالغان چاغلاردا ئۇنىڭغا دەيدىغان: «سىز تېخى پۇشايمان قىلىسىز!» دېگەن قورقۇنچلۇق ئاشۇ گەپنى يەنە دەۋاتقاندەك بىر خىل ھالەتنى شەكىللەندۈرگەنىدى.

ۋرونسكىي ئۆزىنىڭ خاتىرىسىدە قالغان ئاخىرقى مىنۇتلاردىكى تاش يۈرەك، ئىنتىقامچى ئانىنى ئەمەس، بەلكى بىرىنچى قېتىم ۋوگزالدا ئۇچراتقان سىرلىق، گۈزەل، ئۆزىگە بەخت ئىزدەپ، باشقىلارنىمۇ بەختلىك قىلىشقا تىرىشىپ يۈرگەن ئانىنى، ئانا بىلەن بىللە ئۆتكەن ئەڭ بەختلىك كۈنلىرىنى ئېسىگە ئېلىشقا تىرىشتى، ئەمما ئۇ كۈنلەر مەڭگۈگە بىتچىت قىلىنىپ كەتكەنىدى. ئانىنىڭ ھېچكىمگە پايدىسى يوق، پەقەت ئىزى كۆڭۈلدىن مەڭگۈ ئۆچمەيدىغان، مەڭگۈ پۇشايماندا قالىسەن ... دېگەن پوپوزىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ غەلىبە

قىلغانلىقىلا ۋرونسكىينىڭ خاتىرىسىدە مەھكەم ساقلىنىپ قالغاندى. ئۇ ئەمدى چىش ئاغرىقىنىڭ ئازابىنى سەزمەيتتى، ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ، چىرايى پۈرلىشىپ كېتىۋاتاتتى.

ئۇ قاپلارنىڭ يېنىدىن ئىككى قېتىم ئۇياق - بۇياققا جىمجىت ئۆتۈپ، ئۆزىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن ئاندىن بېسىق ئاھاڭدا كوزنىشېفقا گەپ قىلدى:

— بۈگۈن يېڭى خەۋەرلەر يوقمۇ؟ ئۇلار ئۈچىنچى قېتىم تارمار قىلىنىپتۇ. قارىغاندا، ئەتە ھەل قىلغۇچ جەڭ بولىدىغاندەك.

ئۇلار پادىشاھ مىلاننىڭ باياناتى ۋە ئۇ باياناتنىڭ غايەت زور تەسىر پەيدا قىلىدىغانلىقى توغرۇلۇق پاراڭلىشىپ تۇرۇپ، ئىككىنچى قوڭغۇراق چېلىنغاندىن كېيىن ئۆز ۋاگونلىرىغا كىرىپ كېتىشتى.

## 6

كوزنىشېف موسكۋادىن قاچان يولغا چىقىدىغانلىقى ئېنىق بولمىغاچقا، ئىنىسىغا ئالدىغا چىقىش توغرۇلۇق تېلېگرامما بېرىۋەتمىگەنىدى. كاتاۋاسوف ئىككىسى تۆت ئاتلىق بىر پەيتۇننى كىرا قىلىپ، خۇددى ئەرەبلەرگە ئوخشاش توپا - چاڭغا مىلىنىپ، دەل چۈشتە پوكروۋسكىدىكى ئۆينىڭ ئالدىغا يېتىپ كېلىپ توختىدى. لېۋىن ئۆيدە يوق ئىدى، كىتى بالكوندا دادىسى ۋە ھەدىسى بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى، قېيىناكىسىنى كۆرۈپ، يۈگۈرۈپ ئالدىغا چىقتى.

— ۋىيەي، خەۋەر بېرىپ قويماي كەلگىنىڭىز نېمىسى؟ — ئۇ شۇ گەپلەرنى قىلغاچ كوزنىشېفقا قولىنى سۇندى، ماڭلىيىنى تۇتۇپ بەردى.

— سىلەرنى پاراكەندە قىلمايلى دېدۇق، شۇنىڭغا يارىشا سالامەت يېتىپمۇ كەلدۇق، — دېدى كوزنىشېۋ ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ، — ئۇستۇېشىم توپا - چاڭ، سىزگە يېقىن كېلىشتىنمۇ قورقۇۋاتىمەن، يېقىندىن بېرى ئالدىراش بولۇپ كېتىپ، قاچان يولغا چىقىدىغىنىمنى بىلەلمىدىم. سىلەر يەنە شۇنداق ئوبدان تۇرۇپسىلەر، — دېدى ئۇ كۈلۈپ كېتىپ، — شۇنداق خىلۋەت، تىنچ ماكاندا جاھاننىڭ غوۋغالىرىدىن نېرى ئاجايىپ تىنچ، بەختلىك ياشاۋېتىپسىلەر، قاراڭ، دوستىمىز كاتاۋاسوفنى ئاخىر ئۆزۈم بىلەن بىللە ئېلىپ كەلدىم.

— ھەر ھالدا مەن نېگىر ئەمەسمەن، يۇيۇنۇۋالسام ئادەم سىياقىغا كېلىمەن، — دېدى كاتاۋاسوف چاقچاق بىلەن گەپ قىلىدىغان ئادىتى بويىچە گەپ قىلىپ. ئاندىن كۈلۈپ تۇرۇپ كىتىگە قولىنى بەردى. يۈز - كۆزى توپا - چاڭدا قارىداپ كەتكەچكىمۇ، ئۇنىڭ چىشلىرى بۆلەكچىلا ئاپئاق پارقىراپ تۇراتتى.

— كونستانتىن كەلگىنىڭلارنى ئاڭلىسا چوقۇم خۇشال بولىدۇ. ئۇ ئېتىزلىقتا كەتكەن، كېلىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى.

— ئۇ ھازىرغىچە دېھقانچىلىقتىن بېشىنى كۆتۈرمەي يۈرۈۋېتىپتۇ - دە، — دېدى كاتاۋاسوف، — سەھرا تۇرمۇشى قانداق ھۇزۇر، قانداق راھەت! بىز شەھەرلىكلەر ھازىر سېربىيە ئۇرۇشىدىن باشقا ھېچنېمىنى بىلمەي يۈرۈپتىمىز. خوش، بىزنىڭ ئۇ ئاغىنىمىزنىڭ ھازىرقى ۋەزىيەتكە قارىتا قانداق قاراشلىرى بار؟ ئۇنىڭ قاراشلىرى باشقىلىرىمىزنىڭكىگە چوقۇم ئوخشىمايدۇ، شۇنداقمۇ؟

— ھە، ئۇنىڭمۇ؟ ھەرقايسىڭىزلەرنىڭكى بىلەن ئوخشاشلا، باشقىچە قاراشلىرى يوق، — كىتى سەل قورۇنۇپ قىلىپ، كوزنىشېفقا لەپپىدە قاراپ قويدى، — مەن ئۇنى چاقىرىپ كېلىشكە ھازىرلا ئادەم ئەۋەتەي. دادام ھازىر بىزنىڭكىدە

تۇرۇۋاتىدۇ، يېڭىلا چەت ئەلدىن قايتىپ كەلگەن.

كىتى لېۋىننى چاقىرىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى، يەنە خىزمەتكارنى چاقىرىپ، ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرىنى ئىبرىنىڭ كۇتۇپخانىسىغا، يەنە بىرىنى دوللى ياتقان چوڭ ئۆيگە يۈز ـ كۆزىنى يۇيۇۋېلىشقا ئورۇنلاشتۇرغۇزدى، مېھمانلارغا تاماقمۇ بۇيرۇۋەتتى. ئاندىن ناھايىتى چەبدەسلىك بىلەن ــــ ئېغىر ئاياغ ۋاقتىدا مۇنداق ئىتتىك ھەرىكەت قىلسا بولمايتتى ــــ بالكونغا قاراپ ئىتتىك ماڭدى.

ــــ كەلگەنلەر سېرگېي ئىۋانوۋىچ بىلەن پروفېسسور كاتاۋاسوف ئىكەن، ــــ دېدى ئۇ دادىسىغا.

ــــ مۇشۇنداق ئىسسىقتا قانداق كەلگەندۇ ! تازا جاپا تارتقاندۇ ھەرقاچان ! ــــ دېدى قېرى كىنەز.

ــــ ياق، دادا، بەكمۇ جاپا تارتىپ كەتكەندەكمۇ قىلمايدۇ. سېرگېي ئىۋانوۋىچ ناھايىتى يېقىشلىق ئادەم، كونستانتىن ئۇنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدۇ، ــــ دېدى كىتى دادىسىنىڭ چىرايىدىكى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك ئىپادىنى كۆرۈپ، خۇددى دادىسىغا يېلىنىۋاتقاندەك بىر خىل كۈلكىسى بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ.

ــــ مەن ھېچنېمە دېمىدىمغۇ.

ــــ جېنىم ھەدە، سەن كىرىپ ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ تۇرساڭ، ــــ دېدى كىتى ھەدىسىگە، ــــ ئۇلار ۋوگزالدا ستىۋانى كۆرۈپتۇ، سالامەت ئىكەن. مەن مىتەنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ كىرىپ چىقاي. ئۇنى ناشتىدىن بېرى بىر قېتىممۇ ئېمىتمىگەنىدىم، ھازىر ئويغىنىپ تازا يىغلاۋاتقاندۇ، ــــ كىتى كۆكسى چىڭقىلىۋاتقاندەك بولۇپ، ئىلدام مېڭىپ بالىسىنىڭ يېنىغا كىرىپ كەتتى.

كىتى كۆكسىنىڭ چىڭقىلىپ كېتىۋاتقىنىغا قاراپ (ئانا ـ بالا ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى فىزىئولوگىيىلىك مۇناسىۋەت بەكمۇ كۈچلۈك ئىدى) بالىسىنىڭ قورسىقى ئېچىپ كەتكەنلىكىنى بىلگەنىدى.

كىتى بالىنىڭ يېنىغا كىرمەي تۇرۇپلا ئۇنىڭ قىرقىراپ يىغلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، قەدىمىنى تېخىمۇ ئىتتىكلەتتى. قەدىمىنىڭ ئىتتىكلىشىگە ئەگىشىپ، بالىسىنىڭ يىغىسىمۇ كۈچىيىپ كېتىۋاتاتتى. بالىنىڭ يىغىسى شۇنچىلىك قاتتىق ھەم ساغلام ئىدى، شۇنىڭغا قاراپمۇ ئۇنىڭ قورسىقىنىڭ ئېچىپ تاقەت قىلالماي قېلىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى.

— يىغلىغىنىغا ئۇزاق بولدىمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئولتۇرۇپ بالىنى ئېمىتىشكە تەييارلىق قىلغاچ بالا باققۇچىدىن ئەنسىزلىك بىلەن، — چاپسان بول، بالىنى ماڭا ئېلىپ بەر. ھۇي، نېمانداق ئېزىلەڭگۈلۈك قىلىسەن؟ پوسمىسىنىڭ بوغقۇچىنى كېيىن چىگسەڭمۇ بولىدۇ.

بالا يىغلاپ تېلىقىپ قېلىۋاتاتتى.

— بالىنى سىزگە تۈزەشتۈرۈپ بېرەيلى، خانىم، — دېدى بالىنىڭ يېنىدىن بىردەممۇ نېرى بولمىغان ئاگافىيە، — ھەممە ئىشتا سەرەمجان بولغىنىمىز ياخشىدۇ. ئو، ئو، ئو! — ئاپىسى بىلەن كارى يوق، بالىنى بەزلەپ كېتىۋاتاتتى موماي.

بالىغا قارايدىغان ئايال بالىنى ئاپىسىغا بەردى، ئاگافىيە ئۇنىڭ كەينىدىن كىتىنىڭ يېنىغا كەلدى، مېھرىبان كۈلكىسى بىلەن چىرايى ئاپتاپتەك ئېچىلىپ كەتكەنىدى.

— ئۇ تونۇدى، تونۇدى. ئايلىنىپ كېتەي، كاتېرىنا ئالېكساندروۋنا خانىم، ئۇ مېنى تونۇدى! — دەيتتى ئاگافىيە بالىدىنمۇ بەكرەك ۋارقىراپ.

لېكىن، كىتى ئۇنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سالماي، بالىسى بىلەن تەڭ تاقەتسىزلىنىپ كېتىۋاتاتتى.

جىددىيلىشىپ كېتىۋاتقىنى ئۈچۈنمۇ، خېلىغىچە بالىسىنىڭ ئاغزىغا ئەمچىكىنى سالالمىدى. بالا قورسىقىغا بىرنېمە كىرمىگىنى ئۈچۈن تېخىمۇ بەك خاپا بولۇپ كېتىۋاتاتتى.

بىر پەسلىك قاتتىق يىغا ۋە ئېسەدەشلەردىن كېيىن ئاخىر ئىشلار ئوڭلىنىپ، ئانا ـ بالا ئىككىسى تىنچلاندى، بايىقى

ئەنسىزچىلىكلەر پەسەيدى.

— ۋاي خۇدايىم! بىچارە بالام تەرگە پىشىپ كېتىپتۇ، — دېدى كىتى بالىسىنىڭ تەرلەپ كەتكەن بەدىنىنى سىلاپ تۇرۇپ پەس ئاۋازدا، — ئۇنىڭ ئادەم تونۇيدىغان بولغىنىنى نەدىن بىلدىڭ؟ — دەپ قوشۇپ قويدى كىتى ماڭلىيىغا چۇشۇپ قالغان يوسمىسىنىڭ تېگىدىن ھەييارلىق بىلەن قاراپ تۇرغاندەك كۆرۈنۈپ كېتىۋاتقان ئوغلىنىڭ كۆزلىرىگە، توختىماي لىپىلداپ تۇرغان قوۋۇزلىرىغا ۋە ھاۋادا توختىماي پۇلاڭلىتىپ تۇرۇۋاتقان قىپقىزىل كىچىككىنە قوللىرىغا قىيا قاراپ تۇرۇپ.

— مۇمكىن ئەمەس! ئەگەر ئادەم تونۇسا ئالدى بىلەن مېنى تونۇغان بولاتتى، — دېدى كىتى ئاگافيەنىڭ دېگىنىگە كۈلۈپ تۇرۇپ جاۋاب بېرىپ.

كىتى بالىنى ھازىر ئادەم تونۇمايدۇ، دېگەن بىلەن، ئۇنىڭ ئاگافيەنىلا تونۇپ قالماي، بەلكى باشقا ئىشلارنىمۇ بىلىپ قالغانلىقىنى، ھېچكىم بىلمەيدىغان كۆپ ئىشلارنى چۈشىنىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ نۇرغۇن نەرسىلەرنى بالىسى ئارقىلىق بىلىدىغانلىقىنى كۆڭلىدە بىلىپ تۇرۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن كۈلگەنىدى. ئاگافيە، بالا باققۇچى، بوۋىسى ۋە دادىسى ئۈچۈن مىتە پەقەت ماددىي نەرسىلەر بىلەن كۈتۈنۈشكە موھتاج بولۇپ تۇرۇۋاتقان بىر جانلىق بولسا، ئانىسى ئۈچۈن ئاللىقاچان روھىي ھايات ئىچىدە ياشاشقا باشلىغان، ئۆزى بىلەن بىر قاتار روھىي مۇناسىۋەتلەرنى ئورنىتىپ بولغان چوڭ بىر ئادەم ئىدى.

— خۇدا خالىسا، ئويغانغاندا كۆرۈپ قالىسىز، يېنىغا كېلىدىغانلا بولسام، ئۇ چوقۇم مېنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدا ۋىلىقلاپ كۈلۈپ كېتىدۇ. بۇ قوزامنىڭ ئاپتاپتەك ئېچىلىپ كېتىدىغانلىقىنى شۇ چاغدا كۆرىسىز.

— ماقۇل، ماقۇل، ئۇ ئويغانغاندا كۆرەيلى، — دېدى كىتى بوش گەپ قىلىپ، — ئەمدى چىقىپ كەتكىن، ئۇ ئۇخلاپ قالدى.

# 7

ئاگافيه پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ چىقىپ كەتتى. بالا باققۇچى ئايال دېرىزىنىڭ پەردىسىنى چۈشۈرۈۋېتىپ، كىچىك كارىۋاتتىكى پاشىلىقنىڭ ئىچىگە كىرىۋالغان چىۋىنلار بىلەن دېرىزىگە ئۆزىنى قالايمىقان ئۇرۇپ ئۇچۇپ يۈرگەن قاپاق ھەرىنى قوغلاپ چىقىرىپ، ئاندىن سۇپۇرگىدەك باغلىۋالغان بىر توپ قېيىن شېخى بىلەن ئانا ـ بالا ئىككىسىنى يەلپۈپ ئولتۇردى.

— ئۇھ، ئىسسىپ ئۆلەيلا دېدىغۇ ئادەم. خۇدا بىرنەچچە قېتىم بولسىمۇ يامغۇر ياغدۇرۇۋەتسە بولمامدىغاندۇ، — دەپ قويدى ئۇ ئايال.

— شۇ ئەمەسمۇ، تىش ... تىش ... — دېدى كىتى ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ. ئۇ مىتەنىڭ بېغىشى خۇددى يىپ بىلەن باغلاپ قويۇلغاندەك تۇرغان بۇدرۇق قولىنى مېھرى بىلەن بوش سىقىپ قويۇپ، بىلىنەر ـ بىلىنمەس تەۋرىنىپ ئولتۇراتتى. مىتە كۆزىنى دەم ئېچىپ، دەم يۇمۇپ، كىچىككىنە قولىنى بوش چايقاپ ياتاتتى. ئوغلىنىڭ شۇ ئوماق قوللىرىغا كىتىنىڭ ئامراقلىقى كېلىپ، ئۇنى سۆيۈپ قويغۇسى كېلەتتى، لېكىن ئويغىنىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ ئۆزىنى تۇتۇۋالاتتى. ئۇ قوللار ئاخىر چايقىلىشتىن توختاپ جىمىپ قالدى، كۆزلىرىمۇ يۇمۇلدى. بوۋاق ئاغزى ئەمچەكتە، ئارىلاپ ئۇزۇن كىرپىكلىرىنى لەپپىدە كۆتۈرۈپ، غۇۋا يورۇقتا قاپقارا ۋە تىنىق كۆزلىرىنى ئاپىسىغا تىكەتتى. بۇ چاغدا بالا باققۇچى ئايال مۈگدەپ قېلىپ يەلپۈشى توختاپ قالدى. ئۈستى تەرەپتىن قېرى كىنەزنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن كاتاۋاسوفنىڭ قاقاقلاپ كۈلۈۋاتقىنى ئاڭلاندى.

«مەن يوق، ئۇلار تازا قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كېتىشىپتۇ ـ

دە، — دەپ ئويلىدى كىتى، — كونستانتىننىڭ يوقلۇقىنى قارىمامدىغان. ئۇ چوقۇم يەنە شۇ ھەسەل ھەرىلىرىنىڭ قېشىغا كەتتى. ئۇ پات ـ پاتلا شۇ يەرگە كېتىدۇ. ئۇ يەرگە كەتكىنىگە خاپا بولمايمەن. باھاردىكىگە قارىغاندا ھازىر كەيپى ياخشى ھەم روھلۇق يۈرۈۋاتىدۇ. ئۇ غەمگە پېتىپ، تىتىلداپ يۈرسە مەن ئەنسىرەپ قالىدىكەنمەن. قىزىقلا ئادەم ـ دە، ئۇ !» دېدى ئۇ كۈلۈپ قويۇپ ئۆزىگە ئۆزى.

ئېرىنىڭ نېمىگە شۇنداق غەمكىن يۈرىدىغانلىقىنى كىتى بىلەتتى. ئېرى دىنسىز ئادەم ئىدى. ئەگەر بىرى كىتىدىن، ناۋادا ئېرىڭىز دىنغا ئىشەنمىسە، ئاخىرەتتە ئۇنىڭ دوزاخقا چۈشۈشىگە كۆزىڭىز يېتەمدۇ، دەپ سوراپ قالسا، كىتى، ھەئە، كۆزۈم يېتىدۇ، دەپ جاۋاب بەرگەن بولاتتى. شۇنداق بولسىمۇ، كىتى ئېرىنىڭ دىنسىزلىقىدىن ئۆزىنى بەختسىز ھېس قىلمايتتى. ئۇ دىنغا ئىشەنمەيدىغان ئادەملەرنىڭ روھىنى قۇتۇلدۇرۇشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئېتىراپ قىلاتتىيۇ، يەنە ئۇنىڭ دۇنيادا ئەڭ ياخشى كۆرىدىغىنى ئېرىنىڭ روھى ئىدى. ئېرىنىڭ دىنسىزلىقى ئېسىگە كېلىپ قالغانلىرىدا ئۆزىچە كۈلۈپ كېتەتتى، ئىچىدە، ئۇ قانداق كۈلكىلىك ئادەم ـ ھە، دەپ ئويلاپ قوياتتى.

«ئۇ يىل بويى پەلسەپە كىتابلىرىنى ئوقۇپ نېمە قىلىدىغاندۇ؟ — دەپ ئويلايتتى كىتى، — ئەگەر مۇشۇ گەپلەرنىڭ ھەممىسى شۇ كىتابلارغا يېزىلغان بولسىغۇ، ئۇ ئىشنىڭ يولىنى بىلىپ قالاتتى. ئۇنداق بولماي يالغان گەپلەر يېزىلغان بولسا، ئۇنى ئوقۇپ نېمە قىلىدۇ؟ ئۆزىمۇ دىنغا ئېتىقاد قىلغۇم بار، دەيدۇ، يەنە نېمىشقا ئېتىقاد قىلمايدۇ؟ بۇ ئۇنىڭ بىر ئىشلارنى كۆپ ئويلاپ كېتىدىغانلىقىدىنمۇيا؟ كۆپ ئويلايدىغىنىنىڭ سەۋەبى يالغۇزچىلىقتىن بولسا كېرەك. دېمىسىمۇ، ئۇ قاچانلا قارىسا يالغۇزلا يۈرىدۇ، يا بىز بىلەن گېپى بىر يەردىن چىقمايدۇ. بۇ كەلگەن مېھمانلار، بولۇپمۇ كاتاۋاسوف ئۇنىڭ كۆڭلىگە يېقىشى مۇمكىن، شۇ ئادەم بىلەن پاراڭلىشىشنى

ياخشى كۆرەتتى.» كىتى شۇ خىياللاردىن كېيىن يەنە كاتاۋاسوف نەدە ياتسا بولار، ئۇنىڭ يالغۇز ياتقىنى ياخشىمۇ ياكى سېرگېي ئىۋانوۋىچ بىلەن بىللە ياتقىنى ياخشىمۇ، دەپ ئويلاپ ئولتۇرۇپ، بىردىنلا بىر ئىش يادىغا كېلىپ، خۇددى ھەرە چېقىۋالغاندەك ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ھەرىكىتىدىن مىتە ئويغىنىپ كېتىپ، كۆزلىرىنى پاللىدە ئېچىپ، خاپا بولغاندەك ئاپىسىغا قاراپ قويدى. «كىرچى خوتۇن يۇغىلى ئەكەتكەن چايشاپلار بىلەن ياستۇق قاپلىرىنى تېخى ئەكېلىپ بەرمىگەن، ئۆيدە مېھمانلارغا سېلىپ بەرگۈدەك بىرمۇ پاكىز چايشاپ يوق. بۇ ئىشقا ئۆزۈم مېڭىشىم كېرەك بولدى. ئاگافيەگە قويۇپ بەرسەم، ئىشلەتكەن چايشاپلارنى سېلىپ بېرىدۇ.» شۇ خىيال بىلەن تەڭ، ئۇنىڭ تومۇرلىرىدىكى قانلىرى يۈزىگە تېپىشكە باشلىدى.

«توغرا، بۇ ئىشقا ئۆزۈم مېڭىشىم كېرەك! — ئۇ قەتئىي قارارغا كېلىپ بولۇپ، مۇھىم بىر ئىشنى ياخشى ئويلانمىغانلىقى ئېسىگە كېلىپ، شۇ ئىشنى يەنە باشقىدىن ئويلاشقا باشلىدى، — راست، كونستانتىن دىنسىز ئادەم.» شۇنى ئويلاپ ئۇنىڭ چىرايىدا يەنە كۈلكە پەيدا بولدى.

«ئۇ دىنسىز، ئەمما شتال خېنىمدەك دىندار بولغاندىن ياكى مەن چەت ئەلدىكى ۋاقتىمدا ئۆگەنمەكچى بولغان ئادەمدەك ئادەم بولغاندىن، مەڭگۈ مۇشۇنداق ئۆتۈپ كەتكىنى ياخشىراق، ئۇ ھېچبولمىغاندا ياسالما ئەمەس.»

يېقىندا ئۇنىڭ شۇنچىلىك ئاق كۆڭۈل ئادەم ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان بىر ئىشى كىتىنىڭ كۆز ئالدىغا يەنە كېلىۋالدى: ئىككى ھەپتىنىڭ ئالدىدا، ئوبلونسكىي دوللىغا گۇناھىغا تووۋا قىلىپ بىر پارچە خەت يازغان بولۇپ، خېتىدە قەرزلىرىنى ئۈزۈش ئۈچۈن دوللىدىن ئۆزىگە قاراشلىق يەرلىرىنى سېتىشنى، شۇ يول بىلەن ئۆزىنىڭ ئابرۇيىنى ساقلاپ قېلىشنى يېلىنىپ سورىغانىدى. دوللى خەتنى كۆرۈپ قاتتىق ئازابلانغان، ئېرىگە

لەنەت ئوقۇغان، ئۇنىڭ بىلەن ئاجراشماقچى، ئۇنىڭ ئۇ تەلپىنى قەتئىي رەت قىلماقچىمۇ بولغان، ئاخىر يەنە ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ، ئۆزىگە قاراشلىق يەرلىرىدىن ئازراقىنى سېتىشقا رازىلىق بەرگەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن كىتى ئېرىنىڭ شۇ چاغدا كۆڭلىگە پۈككەن ھەل قىلىش چارىسىنى قانداق قىلىپ ئورۇنداشنى بىلمەي خىجالەت بولۇپ يۈرگىنىنى، ئاخىر دوللىنىڭ كۆڭلىگە كەلمەيدىغان قىلىپ ئۇنىڭغا ياردەم كۆرسىتىشنىڭ بىردىنبىر يولىنى تېپىپ، كىتىگە ئۆزىگە تېگىشلىك زېمىنىنىڭ بىر قىسمىنى دوللىغا بېرىۋېتىشنى ئېيتقانلىقىنى كۈلۈپ تۇرۇپ بىر قۇر ئەسلەپ چىقتى.

«تۇغۇلۇشىدىن رەھىمدىل، باشقىلارنىڭ تارتىۋاتقان ئازابلىرىغا چىدىمايدىغان، ھەتتا كىچىك بالىلارنىمۇ رەنجىتىشنى خالىمايدىغان، ئۆزۈمگە بولمىسا مەيلى، باشقىلارغا بولسۇن، دەيدىغان ئادەم تۇرسا، ئۇنى قانداقمۇ دىنسىز ئادەم دېگىلى بولسۇن؟ سېرگېي ئىۋانوۋىچمۇ ئۇنى مېنىڭ يەر ـ سۇلىرىمنى باشقۇرۇپلا ئۆتۈپ كەتسۇن، دەيدۇ، ھەدىسىمۇ شۇنداق ئويلايدۇ. مانا ھازىر ئۇ دوللى بىلەن ئۇنىڭ بالىلىرىنى بېقىۋاتىدۇ. دېھقانلارمۇ خۇددى ئۇ ئۇلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا مەجبۇردەك، ھەر كۈنى ئۇنى ئىزدەپ كېلىشىدۇ.

ئوغلۇم، سەنمۇ داداڭنى دورىغايسەن ! داداڭدەك ئادەم بولغايسەن !» كىتى مىتەنىڭ مەڭزىگە بىرنى سۆيۈپ قويۇپ، بالا باققۇچىنىڭ قولىغا بەردى.

## 8

لېۋىن سۆيۈملۈك ئاكىسىنى ئۆلۈم ئالدىدا كۆرگەن شۇ بىر دەقىقىدە بىرىنچى قېتىم ھايات ۋە ئۆلۈمگە ئۆزى يېڭى ئىدىيە

دەپ ئاتىۋالغان قارىشى بويىچە قارىغانىدى. بۇ خىل قاراشنى ئۇ يىگىرمە ياش بىلەن ئوتتۇز ياش ئارىلىقىدا بالىلىق ۋە ياشلىق دەۋرىدىكى ئېتىقادىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىۋېلىپ، ئۆلۈم بىلەن ھاياتقا شۇ قارىشى بىلەن قاراپ كېلىۋاتاتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنىڭ چۈچۈيدىغىنى ئۆلۈم ئەمەس، بەلكى ھايات بولدى. ئۇ ھاياتنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى، نېمە مەقسەتتە كەلگەنلىكىنى، ئۇنىڭ زادى قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى، جانلىقلار ۋە ئۇلارنىڭ ھالاكىتى، ماددىنىڭ يوقالماسلىقى، كۈچنىڭ ساقلىنىپ قېلىشى، تەدرىجىي تەرەققىي قىلىش قانۇنى دېگەن ئاشۇ سۆزلەر ئۇنىڭ ئىلگىرىكى ئېتىقادىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەنىدى. بۇ سۆزلەر ۋە ئۇلار بىلەن باغلىنىشلىق بار چۈشەنچىلەرنىڭ پەندىكى رولى چوڭ، ئەمما ھايات ئۈچۈن ھېچقانداق رولى يوق ئىدى. لېۋىن بىردىنلا ئۆزىنى قېلىن جۇۋىسىنى سېلىۋېتىپ، غىلدىرلاپ تۇرغان نېپىز كىيىملەر بىلەن قاتتىق سوغۇقتا قالغاندەك ئويلاپ قېلىپ، شۇنداق كېتىۋەرسە ئۆزىنىڭ قىينىلىپ ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىغا نەزەرىيە ئارقىلىق ئەمەس، ئاشۇ بىر ئەمەلىيەت ئارقىلىق كۆزى يەتكەن ئادەمنىڭ ئەھۋالىغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بۇ مەسىلە ئۈستىدە كۆپ ئويلانمىغان، ئىلگىرىكىدەك ياشاپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ نادانلىقى ۋە بىلىمسىزلىكىدىن قاتتىق قورقىدىغان بولۇپ قالدى.

ئۇ يەنە ئاتالمىش ئېتىقادىنىڭ نادانلىقلا بولۇپ قالماي، يەنە تېخى بىلىم ئاساسى يوق قالايمىقان خىياللاردىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنىمۇ غۇۋا ھېس قىلاتتى.

يېڭى توي قىلغان چاغلىرىدا، ئىلگىرى كۆرۈپ باقمىغان خۇشاللىقلار ۋە زىممىسىگە چۈشكەن يېڭى مەسئۇلىيەتلەر ئۇنىڭ ئۇ ئىدىيىسىنى چەتكە قېقىپ تۇرغانىدى. خوتۇنى يەڭگىگەندىن كېيىن موسكۋادا قىلىدىغان ئىشى يوق بىكار يۈرۈپ كەتكەن

چاغلىرىدا، مۇنداق بىر مەسىلىنى ھەل قىلىش دائىم ھەم جاھىللىق بىلەن بارغانسېرى ئۇنىڭ پىكرىنى بەند قىلىشقا باشلىدى. ئۇ ئەگەر مەن خرىستىئان دىنىنىڭ ھاياتقا بولغان تەبىرلىرىنى قوبۇل قىلمىسام، ئۇ چاغدا قانداق تەبىرلەرنى قوبۇل قىلىشىم كېرەك؟» دېگەن مەسىلە ئىدى. لېۋىن ئۇ سوئالغا پۈتكۈل ئېتىقادى ئىچىدىن ھېچقانداق جاۋاب تاپالمايلا قالماي، شۇنىڭغا يېقىن كېلىدىغان گەپمۇ تاپالمىدى.

ئۇ خۇددى ئويۇنچۇق ساتىدىغان ياكى قورال - ياراغ ساتىدىغان دۇكاندىن يەيدىغان نەرسە ئىزدەۋاتقاندەك بولۇپ قالغانىدى.

ھازىر لېۋىن ئىختىيارىدىن سىرت ھالدا ھەربىر كىتابتىن، ھەربىر سۆھبەتتىن، ھەربىر ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدىن شۇ مەسىلىلەرگە بولغان قاراشلارنى، جاۋابلارنى تىنماي ئىزدەپ تۇرۇۋاتاتتى.

ئۇنى ھەممىدىن بەك تەئەججۈپكە ھەم ئويغا سالىدىغىنى، ئورنى ۋە يېشى ئۆزى بىلەن ئوخشاش، كونا ئېتىقادلىرىنى يېڭى ئېتىقادلارغا ئالماشتۇرۇپ تۇرىدىغان ئادەملەرنىڭ تۇرمۇشلىرىدا ھېچقانداق ئېگىز - پەسلىكلەر يوق، خاتىرجەم ھەم رازىمەنلىك بىلەن ياشاۋاتقانلىقلىرى ئىدى. شۇڭلاشقا، ئاساسلىق مەسىلىلەردىن باشقىمۇ بەزى مەسىلىلەر لېۋىننى بەكمۇ بىئارام قىلاتتى: ئۇلار شۇنداق ياۋاش خەقمۇ؟ ئۇلارنىڭ ساختىپەزلىكلىرى يوقمۇ؟ ياكى بولمىسا ئۇ ئادەملەر ئۇ كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەرگە ئىلمىي ھالدا تېخىمۇ ئېنىق جاۋاب بېرىشلەرنى بىلەمدۇ؟ شۇ سەۋەبتىن ئۇ ئۇ ئادەملەرنىڭ پىكىرلىرى ۋە بۇ مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرەلەيدىغان كىتابلار ئۈستىدە بار ئىمكانىيىتى بىلەن ئىزدىنەتتى.

مۇشۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە ئويلىنىشقا باشلىغاندىن بېرى، ئۇ بالىلىق ۋە ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىكى، دىنىنىڭ ۋاقتى ئۆتتى، دېگەن قاراشلىرىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى بايقاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ بىلەن يېقىن ئۆتىدىغان دوستلىرىنىڭ كىشىلەرنىڭ

ھەممىسىلا دىنغا ئىشىنەتتى. قېرى كىنەز بولامدۇ، ئۇنىڭغا يېقىپ قالغان لۇۋوف بولامدۇ، كوزنىشېف بولامدۇ، ئاياللار بولامدۇ، ھەممىسىلا دىنغا ئېتىقاد قىلاتتى، خوتۇنىمۇ ئۆزىنىڭ بالىلىق ۋاقتىغا ئوخشاش تەقۋادار خرىستىئان ئىدى. توقسان توققۇز پىرسەنت رۇس خەلقى ۋە ئۆزى ئىنتايىن ھۆرمىتىنى قىلىدىغان ئادەملەر ئىچىدە دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، لېۋىننىڭ نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇپ چىقىپ بىلىۋالغان نەرسىسى شۇ بولدىكى، ئۆزى بىلەن بىر خىل قاراشتىكى كىشىلەرنىڭ باشقىچە قاراشلىرى يوق ئىكەن، ئارتۇقچە چۈشەندۈرۈشلەرنىمۇ قىلمايدىكەن، ئۇ بىر تەرەپ قىلمىسام ياشىيالمايمەن، دەپ قارايدىغان مەسىلىلەر بىلەن كارى يوق، ئەكسىچە ئۇ قىلچە قىزىقمايدىغان مەسىلىلەرنى، مەسىلەن، جانلىقلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتى ۋە روھ دېگەنلەرنى مېخانىك يوسۇندا چۈشەندۈرۈش بىلەنلا ئۆتىدىكەن.

بۇنىڭدىن تاشقىرى، خوتۇنى تۇغۇتتا ياتقان چاغدا، ئۇنىڭ ئۈچۈن غەيرىي سانىلىدىغان غەلىتە بىر ئىش يۈز بېرىپ، دىنغا ئىشەنمەيدىغان ئادەم بىردىنلا ئىبادەت قىلىشقا باشلىغان، ئىبادەت قىلىۋېتىپ دىندار ئادەمگە ئايلىنىپ قالغانىدى. ئۇ ئىش ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭدا ئۇنداق خىياللار ئىككىنچى پەيدا بولۇپ باقمىدى.

ئۇ شۇ چاغدا ھەقىقەتنى كۆرۈپ يەتكەنىدىم، ھازىر خاتالىشىپ قېلىۋاتىمەن، دەپ ئېيتالمايتتى، چۈنكى ئۆزىنى توختىتىۋېلىپ تۇرۇپ ئويلاشقا باشلىسىلا ئوي - پىكىرلىرى چېچىلىپ كېتەتتى. ئۇ يەنە مەن شۇ چاغدا خاتالىشىپتىمەن، دەپمۇ ئېيتالمايتتى، چۈنكى ئۇ شۇ چاغدىكى ھېس - تۇيغۇلىرىنى تولىمۇ قەدىرلەيتتى. ئەگەر ئۇ ئىرادەمنىڭ ئاجىزلىقىدىن شۇنداق قىپتىمەن، دەيدىغان بولسا، ئۇ چاغدا شۇ چاغدىكى ئاجايىپ يېقىملىق ھېسسىياتلىرىغا داغ تەگكۈزۈپ قويغان

بولاتتى. ئۇ ئەنە شۇنداق بىر ـ بىرىگە زىت ئىشلارنىڭ ئازابى ئىچىدە ياشاۋاتاتتى، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ چىقىش ئۈچۈن بارلىق كۈچى بىلەن تىرىشاتتى.

# 9

ئۇنى شۇ خىياللار قىينايتتى، بەزىدە كۈچلۈك، بەزىدە كۈچسىز ئازابلايتتى، ئەمما كاللىسىدىن زادىلا نېرى كەتمەيتتى. كىتاب ئوقۇيتتى، ئويلايتتى، قانچە كۆپ ئوقۇغان ۋە ئويلىغانسېرى، كۆزلىگەن نىشانىدىن شۇنچىلىك يىراقلىشىپ كېتىۋاتقاندەك بولۇپ قالاتتى.

لېۋىن ماتېرىيالىستلاردىن بۇ مەسىلىلەرگە جاۋاب تاپالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن، ئەپلاتوننىڭ، سپىنوزانىڭ، كانتنىڭ، شېللىنگ، گېگېل ۋە شوپېنخائۇئېرنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ چىقتى. بۇ پەيلاسوپلارنىڭ ھەممىسى ھاياتنى ماتېرىيالىزم ئاساسىدا چۈشەندۈرمەيتتى.

لېۋىن باشقىلارنىڭ تەلىماتلىرىنىمۇ ئوقۇپ چىقتى، بولۇپمۇ ماتېرىيالىزم نەزەرىيىلىرىنى ئوقۇپ، شۇنىڭدىن يوقىرىقىلارغا رەددىيە بەرگۈدەك بىرنەرسە تاپارمەن دەپ ئويلىغانىدى، لېكىن ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن ئۆزى ئويلاپ كېلىۋاتقان مەسىلىلەرگە جاۋاب ئىزدىگەندە، ئۇيان ئويلاپ ـ بۇيان ئويلاپ، شۇنىڭغا لايىق تۈزۈكرەك بىر نەرسە تاپالمىدى. ئۇ روھ، ئىرادە، ئەركىنلىك، ماھىيەت دېگەندەك چۈشىنىكسىز سۆزلەر ئۈستىدە چۆرگىلەپ يۈرۈپ، بىلىپ ـ بىلمەي يەنە ئاشۇ پەيلاسوپلارنىڭ ياكى ئۆزى ئاللىبۇرۇن قۇرۇپ قويغان سۆز تۇزاقلىرىغا چۈشۈپ قالغاندا، ئاندىن ئازراق ھوشىغا كەلگەندەك بولاتتى. لېكىن، ئەتەي پەيدا قىلىنغان پىكىرلەرنى چۆرۈپ تاشلاپ، رېئال تۇرمۇشنى چىقىش

نۇقتىسى قىلغاندا، ئۆزىنىڭ ئادەتلەنگەن پىكىر يوللىرىغا قايتىپ كەلگەندە، مۇئەللەقتىكى راۋاق خۇددى قەغەزدىن ياسالغاندەك گۇمۇرۇلۇپ چۈشەتتى. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، مۇئەللەقتىكى ئۇ راۋاق ھاياتتىكى ئەقىل ـ ئىدراكتىنمۇ مۇھىمراق نەرسىلەرگە پىسەنت قىلماي، ئورۇنلىرىلا يۆتكەپ قويۇلىدىغان ئاشۇ خىل ئاتالغۇ ۋە سۆزلەردىنلا قۇرۇلغانىدى.

بىر چاغلاردا ئۇ شوپېنخائۇئېرنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ، «ئىرادە» دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا «مۇھەببەت» دېگەن سۆزنى ئالماشتۇرۇپ قويغان، بۇ يېڭى پەلسەپە ئۇنىڭدىن ۋاز كەچكۈچە بولغان ئىككى كۈن ئىچىدە لېۋىننىڭ كۆڭلىنى تىنچىتىپ قويغانىدى، لېكىن ئەمەلىي تۇرمۇش بويىچە كۆزەتكەندە، ئۇ قاراشلىرىمۇ گۇمران بولۇپ، سوغۇققا دالدا بولالمايدىغان نېپىز كىيىمگە ئايلىنىپ قالدى.

ئاكىسى كوزنىشېۋ ئۇنىڭغا خومىياكوفنىڭ دىنىي ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ چىقىشنى ئېيتقاندا، لېۋىن ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئىككىنچى تومىنى ئوقۇپ باقتى. دەسلەپتە ئۇ كىتابتىكى دەبدەبىلىك گەپلەر، چىرايلىق تەسۋىرلەر، ئەقىل ۋە ئىدراك كۆپتۈرۈپ يېزىلغان يېزىش ئۇسلۇبى لېۋىننى زېرىكتۈرۈپ قويغانىدى، كېيىنكى چېركاۋ توغرىسىدىكى بايانلىرىغا كەلگەندە ئۇنى خېلىلا ھاياجانغا سالدى. ئۇنى ھەدېگەندىلا تەسىرلەندۈرگىنى، ئىنسان خۇدا توغرىسىدىكى ھەقىقەتنى بىلىشكە ھەقلىق ئەمەس، پەقەت مۇھەببەت بىلەن بىرلەشكەن جامائە، يەنى چېركاۋلا ھەقلىق، دېگەن سۆز بولدى؛ خۇشال قىلغىنى، بارلىق ئادەملەرنىڭ ئېتىقادلىرىدىن تەشكىللەنگەن، خۇدانى ئۆزىگە باش قىلغانلىقى بىلەن مۇقەددەس ئاتالغان چېركاۋ دەخلىسىزدۇر. خۇداغا سىغىنىشنى، گۇناھلىرىغا توۋا قىلىشنى چېركاۋنىڭ ئىچىدە قوبۇل قىلىش تولىمۇ ئوڭايدۇر، دېگەن پىكىرلەر بولدى. لېكىن، كېيىن كاتولىك يازغۇچىسى بىلەن پراۋوسلاۋىيە يازغۇچىسى يازغان

چېركاۋلار تارىخى توغرىسىدىكى كىتابلارنى ئوقۇپ كۆرۈپ، بۇ كىتابلاردا ماھىيەتتىن پۈتۈنلەي توغرا ئىككى چېركاۋنىڭ بىر ـ بىرىنى چەتكە قاقىقان قىلىپ تەسۋىرلەنگەنلىكىنى بىلدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ خومياكوفنىڭ چېركاۋ توغرىسىدىكى تەلىماتىدىن ئىخلاسى قايىتتى. شۇنداق قىلىپ، بۇ ئىمارەتمۇ پەلسەپە ئىمارىتىگە ئوخشاش غۇلاپ چۈشتى.

لېۋىن پۈتۈن بىر ئەتىياز خىرامان يۈردى، روھىي جەھەتتە قاتتىق ئازابلاندى.

«مەن ئۆزۈمنىڭ نېمە نەرسە ئىكەنلىكىمنى، ياشاپ نېمە قىلىدىغانلىقىمنى بىلمەي يۈرىۋەرسەم داۋاملىق ياشىشىم مۇمكىن ئەمەس، لېكىن مەن بۇنى بىلەلمەيمەن، شۇڭا داۋاملىق ياشاپ يۈرۈشۈم مۇمكىن ئەمەس» دېدى لېۋىن ئىچىدە ئۆزىگە ئۆزى.

«چەكسىز دەقىقىلەر، چەكسىز ماددىلار، چەكسىز بوشلۇقلار ئىچىدە بىر ئورگانىك كۆپۈكچە ــــ سۇ كۆپۈكچىسى پۈلتىيىپ تۇرۇپتۇ، ئۇ شۇ بىر دەقىقە ئىچىدە يېرىلىپ كەتتى. مەن ئەنە شۇنداق بىر كۆپۈكچە.»

بۇ كىشىنى ئازابقا سالىدىغان غەيرىي خىيال ئىدى، ئەمما ئۇ يەنە ئىنسانلارنىڭ ئەسىرلەر داۋامىدىكى خىلمۇخىل ئوي ـ خىياللىرىنىڭ بىردىنبىر مەھسۇلى ئىدى.

بۇ ئەڭ يېڭى بىر خىل ئېتىقاد بولۇپ، ئىنسانىيەت تەپەككۇرىنىڭ ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئىزدىنىشلىرى ئاساسەن شۇنى ئۆزىگە ئاساس قىلىپ كېتىۋاتاتتى. بۇ نۆۋەتتىكى باشلامچى ئورۇندا تۇرۇپ كېلىۋاتقان ئېتىقاد ئىدى، لېۋىن باشقا ھەر خىل چۈشەندۈرۈشلەر ئىچىدىن، قاچان ۋە قانداق باشلانغانلىقى نامەلۇم، باشقىلىرىدىن خېلىلا روشەن دەپ ئويلاپ ئىختىيارسىز شۇ ئېتىقادنى تاللىۋالغانىدى.

لېكىن، بۇ خاتا پىكىر بولغاندىن تاشقىرى، قانداقتۇر بىر مۇدھىش كۈچ ــــ ئىنسانلار تىز پۈكسە بولمايدىغان نەپرەتلىك،

رەزىل كۈچىنىڭ شەپقەتسىز مەسخىرىسى ئىدى.

بۇ كۈچتىن چوقۇم قۇتۇلۇپ كېتىش كېرەك ئىدى، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىلىرى ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ قولىدا بولۇپ، قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر يولى ئۆلۈم ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن تېنى ساغلام، ئائىلە تۇرمۇشى كۆڭۈللۈك كېتىۋاتقان لېۋىن بىرنەچچە قېتىم ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا تاس قالغان، ئېسىلىپ ئۆلۈۋالماي دەپ ئارغامچىلارنى، ئۆزۈمنى ئېتىۋالماي دەپ تاپانچىنى تىقىپ قويۇپ يۈرگەنىدى.

لېكىن، لېۋىن ئۆزىنى ئېتىۋالمىدى، ئېسىلىپمۇ ئۆلۈۋالمىدى، بىر ئوبدان ياشاپ يۈرىۋەردى.

## 10

لېۋىن ئۆزىنىڭ نېمە ئادەم ئىكەنلىكىنى، بۇ ئالەمدە نېمىگە ياشايدىغانلىقىنى ئويلاپ، يا ئۇنىڭغا جاۋاب تاپالماي ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ياشاپ كېتىۋاتاتتى. بۇ سوئالنى ئۆزىدىن سورىمىغان چاغلاردا، ئۆزىنىڭ نېمە ئادەم ئىكەنلىكىنى، نېمە ئۈچۈن ياشايدىغانلىقىنى بىلىپ قالغاندەك، تولۇق ئىشەنچ بىلەن ھايات كەچۈرەتتى، ئىشلىرىنى قىلاتتى. يېقىندىن بېرى ھاياتقا بولغان ئىشەنچى تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىۋاتاتتى.

ئۇ ئالتىنچى ئاينىڭ بېشىدا يېزىسىغا قايتىپ كېلىپ، كۈندىلىك ئىشلىرىنى يەنە باشلاپ كەتتى. دېھقانچىلىق، دېھقانلار ۋە قوشنىلىرى بىلەن ئارىلىشىپ يۈرۈش، ئۆي ئىشلىرى، ھەدىسى بىلەن ئاكىسىنىڭ ئۆزىنىڭ باشقۇرۇشىدا تۇرۇۋاتقان ئىگىلىكلىرى، خوتۇنى ۋە تۇغقانلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەر، بوۋىقىنى چوڭ قىلىش، بۇ يىل ئەتىيازدىن بېرى باشلىۋالغان ھەسەل ھەرىسى بېقىش ئىشى — مۇشۇلارنىڭ

ھەممىسى ئۇنىڭ پۈتۈن ۋاقتىنى ئالغانىدى.

ئۇ بۇ ئىشلىرىنى ھەممە ئادەم ئادەتلىنىپ كەتكەن قائىدە بويىچە ئىلگىرىكىدەك، شۇنداق قىلمىسام بولمايدۇ، دەپ ئەمەس، باشقىچە يوللار بىلەن قىلىپ كېلىۋاتاتتى. ھازىر ئۇ بىرىنچىدىن، ئىلگىرى ئۆمۈمنىڭ پايدىسىنى كۆزلەپ قىلغان ئىشلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتسىز چىققىنىدىن ئىخلاسى قايتقان بولسا، ئىككىنچىدىن، ھەممە تەرەپتىن تەڭ بېسىپ كېلىۋاتقان ئىشلار ئۈستىدە ئويلاش ۋە ئۇلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا كۈچى يەتمەي، ئۆمۈمنىڭ ئىشلىرىنى ئويلىمايدىغانلا بولغانىدى. ئەمدى قىلىدىغان ئىشلىرى چوقۇم قىلىشى كېرەك بولغان، قىلمىسا بولمايدىغان ئىشلار ئىدى.

ئىلگىرى ئۇ (بالىلىق چاغلىرىدىن تارتىپ تاكى بالاغەتكە يەتكۈچە) بارلىق كىشىلەرگە، ئىنسانىيەتكە، رۇسىيەگە، پۈتۈن يېزىغا پايدا بېرىدىغان بىرەر ئىشنى قىلىشقا ھەرىكەت قىلسا ئاجايىپ خۇشال بولۇپ كېتەتتى، ئەمما ئۇ ئىشنى قىلغاندا ئادەم رازى بولغۇدەك قىلالمايتتى، شۇ ئىشنىڭ زۆرۈرلۈكىگە بولغان ئىشەنچى كەمچىل بولۇپ قالاتتى، دەسلەپتە ناھايىتى ئەھمىيەتلىكتەك كۆرۈنگەن بولسا، بىرىپ - بىرىپ ئەرزىمەيدىغانلا بىر ئىشقا ئايلىنىپ قېلىپ، ئاخىرىدا باشتىكى ئەھمىيىتىنى پۈتۈنلەي يوقىتاتتى. ئۆيلەنگەندىن كېيىن ئۇ پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئۆزىنىڭلا تۇرمۇشىنى ئويلايدىغان بولۇپ قالدى، گەرچە قىلىۋاتقان ئىشلىرىدىن ئىلگىرىكىدەك كۆڭلى خۇش بولمىسىمۇ، ئەمما ئۆز ئىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىگە قەتئىي ئىشىنەتتى، ئىشلىرىنىڭ بۇرۇنقىدىن گۈللىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، كۆلىمىنىڭمۇ بارغانسېرى كېڭىيىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، كۆرۈپ تۇراتتى.

ھازىر ئۇ خۇددى يەر ھەيدەۋاتقان ساپاندەك، يەرگە بارغانسېرى چوڭقۇر پېتىپ كېتىۋاتاتتى، ئەمدى يەرنى ئاغدۇرۇپ بولمىغۇچە ساپاننى يەردىن كۆتۈرۈش تەس ئىدى.

ئاتا ـ بوۋىلار ياشاپ كەلگەندەك ياشاش، يەنى مەدەنىيەت ئۆگىنىشتە ئاشۇلارنىڭ سەۋىيىسىگە يېتىش، بالىلارنىمۇ ئاشۇلار قانداق تەربىيىلىگەن بولسا شۇنداق تەربىيىلەش لازىم بولۇپ، بۇ ئۆزگەرمەس تەرتىپ ئىدى. خۇددى قورساق ئاچسا تاماق يېيىش، تاماق يېيىش ئۇچۇن تاماق ئېتىش زۆرۈر بولغاندەك، پوكرووۋسكىنىڭ ئىگىلىك ئىشلىرىنى ياخشى باشقۇرۇشمۇ شۇنداق زۆرۈر ئىدى. قەرز بولسا قايتۇرۇش قانداق شۇبھىسىز نەرسە بولسا، ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن قالغان يەر ـ زېمىنلارنى ياخشى ساقلاش ۋە ئۇنى گۈللەندۈرۈشمۇ شۇنداق شۇبھىسىز نەرسە ئىدى. ئاتا ـ بوۋىلىرى بۇ يەر ـ زېمىننى لېۋىنغا قالدۇرۇپ كەتكەندە، لېۋىن ئۇلارغا قانداق رەھمەت ئېيتقان بولسا، ئوغلىمۇ بۇ يەر ـ زېمىنغا ۋارىسلىق قىلغاندا لېۋىنغا شۇنداق رەھمەت ئېيتالايدىغان بولۇشى كېرەك ئىدى.

ئادەم قولىدا تۇتۇپ تۇرغان بوۋاقنى تاشلىۋېتەلمەيدىغاندەك، لېۋىن يەنە ئاكىسىنىڭ، ھەدىسىنىڭ ھەم ئۆزىدىن ياردەم سوراپ ئۆگىنىپ قالغان دېھقانلارنىڭ ئىشلىرىنى تاشلاپ قويالمايتتى. مېھمان بولۇپ كەلگەن قېيناچىسى ۋە ئۇنىڭ بالىلىرى، ئۆزىنىڭ خوتۇنى ھەم ئۆزىنىڭ ئوغلىنىڭ راھەت ياشاشلىرى ئۈچۈن كۆڭۈل بۆلمەيمۇ، مەلۇم ۋاقىت چىقىرىپ ئۇلار بىلەن بىللە بولمايمۇ بولمايتتى.

مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى، ئۇلارغا قوشۇلۇپ ئوۋ ئوۋلاش، ھەسەل ھەرىسى بېقىشلار لېۋىننى شۇنچىلىك ئالدىراش قىلىۋېتەتتىكى، بەزىدە ئويلاپ قېلىپ، بۇنداق تۇرمۇشنىڭ ھېچقانداق مەنىسى يوقتەكمۇ ھېس قىلىپ قالاتتى.

لېۋىن ئۆزىنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلىشى كېرەكلىكىنى بىلىپلا قالماي، يەنە ئۇ ئىشلارنى قانداق قىلىش، مۇھىم، مۇھىم ئەمەسلىرىنى، جىددىي، جىددىي ئەمەسلىرىنى قانداق ئايرىش كېرەكلىكىنىمۇ بىلەتتى.

ئۇ مەدىكارلارنى قانچە ئەرزان ياللىۋالسا شۇنچە ياخشى دەپ

قارايتتى. لېكىن، ھەققىنى ئالدىن بېرىۋېتىش ھېسابىغا ئىش ھەققىنى تۆۋەنلىتىپ بېرىپ، ئۇلارنى قۇلنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىشنى، گەرچە بۇنىڭ پايدىسى كۆپ بولسىمۇ، ئۆزىگە خوپ كۆرمەيتتى. ئۇزۇكچىلىك چاغلاردا لېۋىن دېھقانلارغا ئىچ ئاغرىتسىمۇ، ئەمما ئوت ـ چۆپنى بىكارغا بەرمەيتتى، پۇلغا سېتىپ بېرەتتى. كېچىلىك دۇكانلارنى، قاۋاقخانىلارنى، گەرچە ئۇلاردىن كىرىم كىرىپ تۇرسىمۇ، تاقىۋېتىش تەرەپدارى ئىدى، قالايمىقان دەرەخ كەسكەنلەرگە جەرىمانە قوياتتى، لېكىن دېھقانلارنىڭ ماللىرى ئۆزىنىڭ ئېتىزلىقلىرىغا كىرىپ قالسا ئۇلاردىن جەرىمانە ئالمايتتى، ئادەملىرىنىڭ ئاچچىقى كەلسىمۇ، دېھقانلارنى يامان ئۆگىتىپ قويىمىز، دېسىمۇ، ئۇلارنىڭ ماللىرىنى سولىۋالمايتتى.

ئالغان قەرزى ئۈچۈن جازانىخورغا ئايدا ئون پىرسەنت ئۆسۈم تۆلەۋاتقان پيوترنىڭ قەرزىنى بىر ئامال قىلىپ تۆلىشىپ بېرىپ، ئۇنى جازانىخوردىن قۇتۇلدۇرۇپ قويىمىسام بولمايدۇ، دەپ ئويلاپ يۈرەتتى، لېكىن يەرنىڭ ئىجارىسىنى تۆلىمىگەن دېھقانلارنىڭ ئىجارە ھەققىنى ھەرگىز كەچۈرۈۋەتمەيتتى ياكى تۆلەش مۇددىتىنى ئۇزارتىپ بەرمەيتتى. چۆپنى ۋاقتىدا چاپماي بىكارغا بېزەپ قىلىۋەتكىنى ئۈچۈن غوجىدارنى جازالىماي قويمايتتى، ئەمما كۆچەت تىككەن سەكسەن مو يەرنىڭ چۆپىنى ھەرگىز چاپقۇزمايتتى. ئۆلۈپ قالغان دادىسىنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرى ئۈچۈن ئىشنىڭ ئالدىراش ۋاقتىدا كېتىپ قالغان چاكارنى، ئىچ ئاغرىتسىمۇ، ئەمما كەچۈرمەيتتى، مۇشۇنداق چاغدا ئىشنى تاشلاپ كەتكىنى ئۈچۈن ئىش ھەققىدىن تۇتۇپ قالاتتى. ئەمگەك ئىقتىداردىن قالغان قېرىلارغا ھەر ئايدا يەيدىغانغا ئاشلىق بېرىپ تۇراتتى.

لېۋىن ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە، ئالدى بىلەن تاۋى يوق ياتقان خوتۇنىنىڭ ئالدىغا كىرىشى كېرەكلىكىنى، ئۆزىنى ئۈچ سائەت ساقلىغان دېھقانلارنىڭ يەنە ساقلىسا بولىۋېرىدىغانلىقىنى

بىلەتتى. ئۇ يەنە ھەسەل ھەرىلىرىنى يىغىش شۇنچىلىك كۆڭۈللۈك ئىش بولسىمۇ، شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە بىرەر دېھقان ئۆزى بىلەن سۆزلىشىشكە ھەسەل ھەرىلىرى بار يەرگە كەلگەن بولسا، ئۇ كۆڭۈللۈك ئىشنى ھەرىلەرگە قارايدىغان بوۋايغا تاپشۇرۇپ قويۇپ، ئۇ دېھقان بىلەن پاراڭلىشىش كېرەكلىكىنىمۇ بىلەتتى.

ئۇ ئۆزىنىڭ قىلغانلىرىنىڭ توغرا ياكى ئەمەسلىكىنى تازا بىلىپ كەتمەيتتى ھەم پەرەز قىلىپمۇ ئولتۇرمايتتى، ئۇنداق ئىشلارغا كاللا قاتۇرۇش ھەم شۇ توغرۇلۇق مۇلاھىزە قىلىشتىن ئۆزىنى قاچۇراتتى.

قايتا ـ قايتا ئويلاش ئەكسىچە ئۇنى گۇمانغا سېلىپ قويۇپ، قانداق ئىشنى قىلىش، قانداق ئىشنى قىلماسلىقنى بىلەلمەي قالاتتى. ھېچقانداق خىياللارنى قىلماي خاراموش ئۆتكەن چاغلىرىدا، خۇددى كۆڭلىدە دانا بىر سودىيە تۇرۇۋاتقاندەك بولۇپ، نېمىنىڭ ھەق، نېمىنىڭ ناھەق ئىكەنلىكى، ياخشى بىلەن يامان ناھايىتى ئېنىق ئايرىلىپ تۇراتتى، سەللا كەتكۈزۈپ قويسا ئۇنى شۇئان سېزىۋالاتتى.

لېۋىن ئۆزىنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى، بۇ دۇنيادا نېمە ئۈچۈن ياشايدىغانلىقىنى بىلمەي، بەزىدە ئۆزىنىڭ نادان ھەم بىلىمسىزلىكى ئۈچۈن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالماقچىمۇ بولۇپ، لېكىن يەنە ئۆزى تاللىۋالغان ھايات يولىدا تەۋرەنمەي مېڭىپ ياشاپ كېتىۋەردى.

# 11

كوزنىشېف پوكروۋسكقا كەلگەن كۈنى لېۋىننىڭ كۆڭلى ئارامىدا ئەمەس ئىدى.

بۇ بىر يىل ئىچىدىكى دېھقانچىلىقنىڭ ئەڭ ئالدىراش مەزگىلى ئىدى، ھەممىلا ئادەم ئۆزلىرىنى ئۇنتۇغان ھالدا

ئېتىزلىقلاردا ئالدىراش ئىشلەۋاتاتتى، بۇنداق ھالەتنى باشقا جايلاردا كۆرگىلى بولمايتتى. ئەگەر مۇشۇ پىداكارلىقلارنى كۆرسىتىۋاتقان ئادەملەر ئۆز ئەمگەكلىرىنىڭ قەدرىنى يۇكسەك ئورۇنغا قويمىسا ياكى بۇ خىل ئەھۋال ھەر يىلى تەكرارلىنىپ تۇرمىسا، ئۇلارنىڭ ئۇ ئەمگەكلىرىنىڭ مېۋىلىرى ئۇنچىلىك چوڭ بولمىغان، ئۇلارنىڭ ئۇ خىل روھى ئۇنچىلىك ياخشى باھالارغا ئېرىشمىگەن بولاتتى.

قارا بۇغداي بىلەن ئارپىنى ئورۇپ خامانغا توشۇش، چۆپ چېپىش، خامان تېپىش، ئاختارما يەرلەرنى ئاغدۇرۇش، كۈزلۈك بۇغداي تېرىش دېگەندەك ئىشلار كۆرۈنۈشتە ئادەتتىكى ئىشلاردەك قىلغىنى بىلەن، ناھايىتى تېز تۈتۈش قىلمىسا بولمايدىغان جىددىي ئىشلار ئىدى، بۇ ئىشلارنى پۈتۈن كەنتتىكى ئەر - ئايال، ئۇششاق - چوڭ ھەممە ئادەم ئۈچ - تۆت ھەپتە، قورسىقىغا ئازراقتىن كۈۋاس ئىچىپ، غولپىياز بىلەن بولكا يەپ، كېچىدە ئۈچ - تۆت سائەتلا ئۇخلاپ، ئادەتتىكى كۈنلەردىكىدىن ئۈچ ھەسسە كۆپ ئىشلەپ تۈرۈپ تۈگەتمىسە تۈگەتكىلى بولمايتتى. پۈتۈن رۇسىيىدە ھەر يىلى مۇشۇنداق بولاتتى.

ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى يېزىدا، پۇقرالار بىلەن بىقىن ئالاقىدا بولۇپ ئۆتكۈزگەن لېۋىن ئەمگەك ۋاقتىدا دېھقانلارنىڭ ئاشۇ يۇكسەك ئەمگەك قىزغىنلىقىنىڭ تەسىرىگە تىنماي ئۇچراپ تۇراتتى.

ئۇ ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ ئاتلىق قارا بۇغدايلىققا، ئاندىن يەنە بېغى توشۇلۇۋاتقان ئارپىلىققا بېرىپ ئايلىنىپ كۆرۈپ، خوتۇنى بىلەن قېيىناچىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرغاندا ئاندىن قايتىپ كېلەتتى. ئۇلار بىللە ئولتۇرۇپ ناشتا قىلىۋالغاندىن كېيىن يەنە خامانغا كېتەتتى، ئۇ يەردە يېڭىدىن قۇراشتۇرۇلغان دان ئايرىش ماشىنىسى ئىشقا سېلىنىش ئالدىدا تۇراتتى.

شۇ كۈنى ئۇ غوجىدار بىلەن بىللە دېھقانلارنىڭ قېشىغا بېرىپ پاراڭلىشىپ كەلدى. ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن خوتۇنى، قېيناچىسى ۋە ئۇنىڭ بالىلىرى، قېيناتىسى بىلەن بىللە پاراڭلىشىپ ئولتۇردى. ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغىنى بىلەن، كۆڭلىدە يەنە دېھقانچىلىقنىڭ ئىشلىرىدىن باشقا، يېقىندىن بېرى كاللىسىدىن زادىلا نېرى كەتمەيۋاتقان «مەن نېمە ئادەم؟ قەيەردە تۇرۇۋاتىمەن؟ نېمىشقا بۇ يەردە تۇرىمەن؟» دېگەن خىياللارمۇ بار ئىدى.

تورۇسىدا قوۋزاقلىرى سويۇۋېلىنغان هۆل ئېرەن چەنزىلىرى ئۈستىدىكى تال شاخلىرىنىڭ تېخى قۇرۇپ غازاڭ بولۇپ كەتمىگەن كۆك يوپۇرماقلىرى گۆپۆلدەپ پۇراپ تۇرغان، ئۈستى پاخال بىلەن يېپىلغان، بوغداي، ئارپا ئۈنچىلىرىنى قۇرۇتۇش ئۈچۈن سېلىنغان لەمپىنىڭ سايىسىدا ئولتۇرغان لىۋېن دەم ئوچۇق دەرۋازىدىن تېپىلىۋاتقان بوغداينىڭ قۇرغاق، ئاچچىق چاڭلىرى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان خامانغا، خامانىنىڭ چۆرىسىدىكى كۈننىڭ ئىسسىقىدا يالتىراپ تۇرغان كوكاتلارغا ۋە ئەمدىلا لاپاستىن ئاچىقىپ قويۇلغان قۇرۇق ئوت ـ چۆپلەرگە، دەم ۋىچىرلىشىپ تورۇسقا ئۇچۇپ چىقىۋاتقان ياكى قاناتلىرىنى قېقىپ، دەرۋاز ئۈستىدە پەرۋاز قىلىشىۋاتقان ئاق قورساق، ئالاباش قارلىغاچلارغا، دەم چاڭ كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان قاراڭغۇ لەمپىنىڭ ئىچىدە ئالدىرىشىپ يۈرگەن ئادەملەرگە قاراپ ئولتۇراتتى، خىيالىدا خىلمۇخىل ئىشلار كېزەتتى.

«بۇ ئىشلار نېمە ئۈچۈن قىلىنىۋاتىدۇ، ــ دەپ ئويلايتتى ئۇ، ــ مەن نېمىشقا بۇ يەردە تۇرۇۋېلىپ ئۇلارنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سالىمەن؟ ئۇلار نېمە ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ كۈچەپ ئىشلەۋاتقانلىقىنى ماڭا كۆرسەتمەكچى بولۇۋاتقاندەك بۇنچىلا ئالدىراش ئىشلەپ كېتىدۇ؟ مەن تونۇيدىغان ئاۋۇ ماتريونا موماي نېمە ئۈچۈن شۇنچە كۈچىنىپ ئىشلەيدۇ (ئۆتكەندە ئۆيگە ئوت كېتىپ لىم ياغاچ بېسىۋالغاندا مەن ئۇنى داۋالاپ قويغان)؟ ــ ئۇ

تېگى قاتتىق ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل خامانىنى ئاپتاپتا قارىداپ كەتكەن پۇتلىرى بىلەن چىڭ ـ چىڭ دەسسەپ تارماق بىلەن دانلارنى جىددىي ئارىلاشتۇرۇپ تۇرۇۋاتقان ئۇ ئورۇق مومايغا قاراپ قويىدى، — شۇ چاغدا ئۇنىڭ يارىسى ساقىيىپ كەتكەن. لېكىن، بۈگۈن بولمىسا ئەته ياكى ئون يىلدىن كېيىن كىشىلەر ئۇنى كۆمۈپ قويىدۇ، تېنىدىن ھېچنېمە قالمايدۇ. چاققان ھەرىكەتلىرى بىلەن باشاق سوقۇۋاتقان قىزىل كۆڭلەكلىك ئاۋۇ چىرايلىق قىزدىنمۇ ھېچقانداق ئىز قالمايدۇ، كىشىلەر ئۇنىمۇ بىر كۈنلەردە گۆرگە كۆمۈۋېتىدۇ. مانا مۇنۇ چىپار ئاتنىڭمۇ كۈنى ئاز قاپتۇ، — دەپ ئويلىدى لېۋىن ئىككى بىقىنى لوپۇلداپ، بۇرنىنىڭ تۆشۈكلىرى كېرىلىپ، تۇلۇقنى ئارانلا سۆرەپ كېتىۋاتقان قېرى ئاتقا قاراپ، — ئۇنىمۇ كۆمۈۋېتىشىدۇ. ماشىنىغا باغ تاشلاپ بېرىۋاتقان، بۇدۇر ساقىلىغا سامان چاپلىشىپ كەتكەن، مۇرىسى يىرتىق كۆڭلەكتىن ئاپئاق يەلكىسى كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاۋۇ فيودورنىمۇ كۆمۈۋېتىشىدۇ. شۇنىڭغا قارىماي، ئۇ باغ تاشلاپ، ھەممىگە يول كۆرسىتىپ، ۋارقىراپ، ماشىنا تاسمىسىنى ئەپچىللىك بىلەن تۈزەشتۈرۈپ تۇرۇپتۇ. يالغۇز ئۇلارلا ئەمەس، مەنمۇ بىر كۈنلەردە يەرنىڭ تېگىگە كىرىپ كېتىمەن، مېنىڭدىنمۇ ھېچنېمە قالمايدۇ. بۇ زادى نېمە ئۈچۈن؟»

ئۇ شۇنداق ئويلىغاچ، دان ئايرىش ماشىنىسىنىڭ بىر سائەتتە قانچىلىك دان ئايرىيالايدىغانلىقىنى بىلمەكچى بولۇپ سائىتىگە قاراپ قويىدى. ئۇ بىر كۈندە ئۇلارغا قانچىلىك ئىش نورمىسى بېكىتىپ بەرسە بولىدىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن سائىتىگە قارىغانىدى.

«بىر سائەت بولاي دېدى، ئەمدى ئۈچىنچى دۆۋىگە كەپتۇمۇ نېمە، — لېۋىن شۇ خىيال بىلەن باغ تاشلاۋاتقان ئادەمنىڭ يېنىغا كېلىپ، ماشىنىنىڭ ئاۋازىنى بېسىپ چۈشكۈدەك ئاۋازدا ۋارقىراپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئاز ـ ئازدىن تاشلاشنى دېدى.

— ئاز ـ ئازدىن تاشلا، فيودور! قارىمامسەن، تىقىلىپ

قىلىۋاتىدۇ، شۇڭا تېز ئايلىنالمايۋاتىدۇ، تەكشى سال.

تەر ئېقىپ تۇرغان يۈزىگە چاڭ - توزان قونۇپ قارىداپ كەتكەن فيودور ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ نېمىنىدۇر دېدى، لېكىن قىلىۋاتقىنى لېۋىن دېگەن تەلەپكە يەتمەيۋاتاتتى.

ئاخىر بولماي، لېۋىن ماشىنىنىڭ بارابانىنىڭ يېنىغا كەلدى - دە، فيودورنى ئىتتىرىۋېتىپ، بۇغداينى ماشىنىغا ئۆزى سېلىشقا باشلىدى.

لېۋىن دېھقانلار چۈشلۈك تاماق يەيدىغان چاغقىچە ئىشلەپ، ئاندىن فيودور بىلەن بىللە ماشىنىنىڭ يېنىدىن كەتتى ۋە ئۇرۇقلۇققا قويۇپ قويغان قارا بۇغداينىڭ يېنىدا توختاپ، فيودور بىلەن پاراڭلىشىپ قالدى.

فيودور يىراق بىر كەنتتىن، لېۋىن شۇ يەردىكى يېرىنى يەرلىك دېھقانلارنىڭ ھەمكارلىشىپ تېرىشى ئۈچۈن ئىجارىگە بەرگەن يەردىن كېلەتتى. ئۇ يەرنى ھازىر بۇرۇن قورۇسىدا ئىشلىگەن بىر دېھقانغا ئىجارىگە بېرىۋەتكەنىدى.

لېۋىن فيودور بىلەن شۇ يەر توغرۇلۇق پاراڭلىشىپ، ئۇنىڭدىن شۇ كەنتتىكى ئاق كۆڭۈل باي دېھقان پلاتوننىڭ ئاشۇ يەرنى كېلەر يىلى يەنە ئىجارىگە ئېلىش - ئالماسلىقىنى سورىدى.

— يەرنىڭ ئىجارىسى بەك قىممەت، پلاتون ئىجارىگە ئالالمىسىكىن، كونستانتىن دمىترىچ، — دەپ جاۋاب بەردى فيودور تەرلەپ كەتكەن قوينىدىن باشاقلارنى ئېلىۋېتىپ.

— كىرىلوف پۇلىغا چىداپ ئىجارىگە ئالغانغۇ؟

— كونستانتىن دمىترىچ، مىتيۇخا (ئۇ لېۋىننىڭ قورۇسىغا قارىغان ئۇ دېھقاننى كەمسىتىپ شۇنداق ئاتاۋاتاتتى) دېگەن ئۇ بىرنېمە ئەلۋەتتە ئالالايدۇ - دە، چۈنكى ئۇ خەقلەرنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىپ ئوتتۇرىدىن پايدا ئېلىپ ئۆگەنگەن. ئۆزىنىڭ دىنداش قېرىندىشىغىمۇ ئىچى ئاغرىمايدۇ ئۇنىڭ. پلاتون تاغام ئۇنداق ئەمەس، باشقىلار ئۇنىڭغا قەرزدار بولۇپ قېلىپ قەرزنى قايتۇرالماي قالسا قەرزنى كەچۈرۈۋېتىپ، ئاخىرىغا

كـەلگەندە ئـۆزى قىيـنـىلـىپ قـالـدى. ھەرقـانداق ئىشـتا ئادەمگـە قاراش كېـرەك ــ دە.

ـــ نېمىشقا قەرزلەرنى كەچۈرۈۋېتىدۇ؟

ـــ دۇنيـادا ھەر خىـل ئـادەملەر بـولـىدۇ، بەزىـلـەر ئۆزىـنـىـڭ نەپسـىـنى قاندۇرۇشـنىلا ئويـلايدۇ، مەسىـلەن، مىتـيۇخا شۇنـداق ئادەم، يـانچۇقـۇمـنى تولـدۇرسـاملا دەيدۇ. پـلاتـون تاغام ئـۇنـداق ئەمـەس، ھالال ئىش قـىلىدىـغان ئادەم، ئۆزىـنـىڭ ئۇ دۇنـيالىقـى ئۈچۈن ياشايدۇ، خۇدانى ئۇنتۇمايدۇ.

ـــ خۇدانى ئـۇنتۇمـىغىنى نـېمىسـى؟ ئۇ دۇنيالـىقى ئـۈچـۈن ياشـىغىنـى قـانداق گەپ؟ ـــ دېـدى لېۋىـن بـۇ گـەپنى ئـاڭـلاپ ۋارقىـرىۋېتىشكە تاس قېلىپ.

ـــ قـانداق گەپ بولاتـتى، ھەق يـاشـايدۇ، خۇدانـىـڭ يولـىـنـى تۇتـىدۇ، دېگەن گەپ شـۇ. ئادەملەر ھـەر خـىل بـولـىدۇغۇ. مـانـا، سىزنى ئالساقمۇ، سىز بىراۋنى بوزەك قىلمايسىزغۇ ...

ـــ ھىم، ماقۇل، ماقۇل، خوش ! ـــ دېدى لېۋىن ھـاياجاندىـن نەپسى قىسىلىپ. ئاندىن كەينىگە بۇرۇلۇپ ھاسىسىنى ئالـدى ــ دە، ئۆيىگە قاراپ ئىلدام مېڭىپ كەتتى. لېۋىن فيودورنىڭ پلاتون توغـرىسىدىـكى، ئۇ دۇنيـالىقى ئـۈچۈن ياشـايدۇ، ھەق ياشـايـدۇ، خۇدانىڭ يولىنى تۇتىدۇ، دېگەن سۆزىنى ئاڭلىغاندا، غۇۋا، لېكىن ئەھمىيتى زور پىكىرلەر يۈرىكىگە خۇددى كەلكۈندەك ئېتىلىپ كىرىپ، بىر نىشانغا قاراپ شىددەت بىلەن ئېقىشقا باشلىدى، بېشى قېيىپ، كۆزلىرىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى.

## 12

لـېۋىن ئۆز پـىكىرلـىرىدىن كـۆرە (ئۇ تېخـى پىكىـرلىرىنـى ئويلاپ بىر باشقا ئېلىپ چىـقمىغـانىدى)، ئىـلگىرى ھـېچقاچـان ھېس قىلىپ باقمىغان تۇيغۇلىرىغا بەكرەك كۆڭۈل بۆلۈپ، چوڭ

يولدا چوڭ ـ چوڭ چامداپ كېتىۋاتاتتى.

فيودورنىڭ ئېيتقان گەپلىرى ئۇنىڭ كۆڭلىدە بىردىنلا چاقنىغان ئېلېكتىر ئۇچقۇنىدەك بىر تەسىرات قالدۇرۇپ، مېڭىسىنى بەند قىلىپ تۇرغان نۇرغۇنلىغان مۇجمەل پىكىرلىرىنى بىر يەرگە يىغىپ قويدى. ئۇ پىكىرلەر بايا يەرلەرنى ئىجارىگە بېرىش توغرۇلۇق فيودور بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرغان چاغدىمۇ ئىختىيارىدىن سىرت هالدا ئۇنىڭ كاللىسىدا ئايلىنىپ يۈرۈۋاتاتتى.

ئۇ كۆڭلىدە قانداقتۇر بىر يېڭى نەرسىنىڭ پەيدا بولۇۋاتقىنىنى سېزىپ، ئۇنىڭ نېمە نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلمىسىمۇ، ئەمما كۆڭلى خۇش هالدا هېس قىلىپ تۇرۇۋاتاتتى.

«ئادەم دۇنيادا ئۆزىنىڭ ئېهتىياجىنى دەپ ئەمەس، خۇدانى دەپ ياشىشى كېرەك. قانداق خۇدانى دەپ ياشاش كېرەك؟ دۇنيادا بۇ گەپتىنمۇ ئۆتە بىمەنە گەپ بارمىدۇ؟ ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ ئېهتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ياشىماسلىقى كېرەك، دەۋاتىدۇ. ئۇنىڭچە، بىز ئۆزىمىز بىلگەن، ئۆزىمىز خالىغان، ياخشى كۆرگەن نەرسىلەر ئۈچۈن ياشىماي، قانداقتۇر چۈشىنىپ بولمايدىغان، هېچكىم بىلمەيدىغان هەم تەرىپلەپ بېرەلمەيدىغان خۇدا ئۈچۈن ياشىساق بولىدىكەن ـ دە. بۇ قانداق گەپ ئۆزى؟ مەن فيودورنىڭ بۇ بىمەنە گەپلىرىنى چۈشەنمىدىممۇ ياكى چۈشەنسەممۇ، بۇ گەپنىڭ هەقلىقلىقىدىن شۈبهىلەندىممۇ؟ ياكى ئەخمەق، نادان، چۈشىنىكسىز گەپلەر دەپ ئويلىدىممۇ؟

ياق، مەن ئۇنىڭ ئۇ گەپلىرىنى خۇددى ئۆزىگە ئوخشاش تولۇقى بىلەن چۈشەندىم، ئۆمرۈمدە هېچقانداق نەرسىنى بۇنچىلىك تولۇق چۈشىنىپ باقمىغانمەن. مەن هاياتىمدا هېچقانداق نەرسىدىن شۈبهىلەنمىگەن، شۇڭا ئۇنىڭ گېپىگە گۇمان بىلەن قارىشىم مۇمكىن ئەمەس. يالغۇز مەنلا ئەمەس، دۇنيادىكى هەممە ئادەم ئۇنىڭ ئۇ گېپىنى چۈشىنىدۇ، ئۇنىڭغا قوشۇلىدۇ.

فيودور قورۇغا قارايدىغان كىرىلوفنىي ئۆزىنىڭ قورسىقى ئۇچۇنلا ياشايدۇ، دەيدۇ. بۇ توغرا گەپقۇ؟ بىز ئىدراكلىق جانىۋارلار، ياشاش ئۇچۇن قورسىقىمىزنى تويغۇزۇپ تۇرۇشىمىز كېرەك. لېكىن، فيودور قورساق ئۇچۇن ياشاش توغرا ئەمەس، ھەقىقەت يولىدا، خۇدا يولىدا ياشاش كېرەك، دەۋاتىدۇ. مەن ئۇنىڭ بۇ گېپىدىن بىردىنلا ئېسىمنى يىغىپ ئويلاندىم. مەن ۋە بۇنىڭدىن بۇرۇن ياشىغان، ھازىر ياشاۋاتقان مىڭلىغان ئادەملەرمۇ، روھى كەمبەغەل دېھقانلارمۇ، پىكىرگە باي، كىتاب يازغان دانىشمەنلەرمۇ بۇ مەسىلىنى مۇجمەل سۆزلەپ، چۈشىنىپ كەلگەن. ئەمما، شۇ نەرسىگە كەلگەندە، يەنى نېمىنى دەپ ياشاش كېرەك، نېمە ياخشى، نېمە يامان، دېگەن مەسىلىدە ھەممىمىز بىر پىكىردىمىز، بۇ بىزنىڭ تەۋرەنمەس ئېتىقادىمىز. بۇ ئېتىقادنى ئەقىل بىلەن چۈشەندۈرۈپ بولمايدۇ، ئۇ ئەقىل ـ ئىدراكتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ھېچقانداق سەۋەبلىرىمۇ، ھېچقانداق ئاقىۋەتلىرىمۇ يوق.

ئەگەر خەيرلىك ئىش مەقسەت ـ سەۋەب بىلەن قىلىنسا، ئۇ خەيرلىك ئىش بولمايدۇ، ئەگەر ئۇ خەيرلىك ئىشقا ئىنئام ـ مۇكاپات بىلەن جاۋاب قايتۇرۇلسا، ئۇنىڭدىمۇ ئۇ خەيرلىك ئىش سانالمايدۇ. دېمەك، خەيرلىك ئىش مەقسەت ـ سەۋەب ۋە ئاقىۋەت دائىرىسىدىن تاشقىرىدىكى نەرسە.

بۇ قائىدىنى مەن بىلىمەن، باشقىلارمۇ بىلىدۇ.

مەن مېنى قايىل قىلىدىغان مۆجىزىنى تاپالمىدىم، دەپ ئەپسۇس چېكىپ، مۆجىزە ئىزدەپ يۈرۈپتىمەن. ئەسلىدە دائىم مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بىردىنبىر مۆجىزە ئەتراپىمدا، كۆز ئالدىمدا ئىكەن، ئۇنى كۆرمەپتىمەن.

دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ چوڭ يەنە قانداق مۆجىزە بولسۇن؟

ئەجەبا، مەن ھەممە جاۋابنى تاپقاندىمەنمۇ؟ ھەممە ئازابلىرىم شۇنىڭ بىلەن تۈگەپ كەتكەندىمۇ؟» لېۋىن توپا ئۆرلەپ تۇرغان يولدا ئىسسىقىنىمۇ، چارچاشنىمۇ ئۇنتۇپ خىيال بىلەن بىر

خىلدا كېتىۋاتاتتى، ئۆزىنى خۇددى ئۇزاقتىن تارتىپ كېلىۋاتقان ئازابلىرى ئىچىدىن قۇتۇلۇپ چىققاندەك ھېس قىلاتتى ھەم بۇ تۇيغۇسى ئۇچۇن شۇنچىلىك خۇشال بولاتتى ۋە ئۇنىڭ راستلىقىغا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. ھاياجاندىن نەپسى قىسىلىپ ماڭالماي قېلىپ، يولنىڭ چېتىگە چىقىپ، يوغان بىر تۈپ دەرەخنىڭ سايىسىدىكى ئورۇلمىغان چۆپنىڭ ئۈستىگە بېرىپ ئولتۇردى. تەرلەپ كەتكەن بېشىدىن شلەپىسىنى ئېلىۋېتىپ، كۆپكۆك ئوتلار ئۈستىدە يانپاشلاپ ياتتى.

«ئەمدى ئەقىل ـ ھوشۇمنى يىغىۋېلىپ ئوبدان ئويلىنىشىم كېرەك، — ئۇ ئالدىدىكى دەسسەلمىگەن ئوتلارغا، بىر تال شاخنى بويلاپ كېتىۋېتىپ، ئالدىغا ئۇچرىغان يوپۇرماقتىن ئۆتەلمەيۋاتقان خانقىزغا قاراپ يېتىپ شۇ خىيالنى قىلاتتى، — ھەممىنى يېڭىۋاشتىن باشلاش كېرەك، — دېدى ئۇ ئۆزىگە ئۆزى. ئاندىن خانقىزنىڭ يولىنى راۋانلاشتۇرۇپ بېرىش ئۇچۇن ئوتلارنى قايرىپ قويدى، بىر تال يوپۇرماقنى ئېگىپ خانقىزنىڭ ئالدىغا تۇتۇپ بېرىپ ئۇنى ئۆتكۈزۈپ قويدى، — مەن نېمىگە خۇشال بولۇپ كېتىۋاتىمەن؟ مەن نېمىنى بايقىدىم؟

ئىلگىرى مەن دائىم مېنىڭ تېنىمدە، مۇشۇ كوكاتلارنىڭ، مۇشۇ ھاشاراتنىڭ تېنىدە (قاراڭ، ئۇ خانقىز بۇ كوكاتلارنى ياخشى كۆرمىسە كېرەك، قاناتلىرىنى كېرىپ ئۇچۇپ كەتتى) فىزىكا، خىمىيە ۋە فىزىئولوگىيە قانۇنىيەتلىرى بويىچە ماددىي ئالمىشىشلار بولۇپ تۇرىدۇ، دەيتتىم، بىز ۋە مۇشۇ تېرەكلەر، بۇلۇتلار، يولتۇزلار تەدرىجىي تەرەققىيات ئىچىدە تۇرىمىز، دەپ ئويلايتتىم. تەدرىجىي تەرەققىيات نېمىدىن باشلىنىدۇ؟ تەرەققىي قىلىپ نەگە بارىدۇ؟ بۇ تەرەققىيات بىلەن كۈرەش مەڭگۈ ئاياغلاشمامدۇ؟ ... بۇ چەكسىزلىكنىڭ نىشانى ۋە كۈرەش مەقسىتى نېمە؟ مېنىڭ ھەيران بولىدىغىنىم، مەن بۇ يولنى بويلاپ شۇنچە كۆپ خىياللارنى قىلىپ ماڭسامۇ، كىشىلىك ھاياتنىڭ ئەھمىيىتىنى بىلەلمەي، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىم ۋە

ھاياجانلىنىشلىرىمنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەنمەي كېتىۋاتىمەن. بىراق، مېنىڭ نېمىگە ھاياجانلىنىدىغىنىمنى ناھايىتى ئېنىق، مەن داۋاملىق ئۇنىڭ ئىسكەنجىسىدە تۇرىمەن. شۇڭا، فيودور ماڭا: ‹خۇدا ئۈچۈن، ئۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن› دېگەن گەپنى قىلغاندا ھەيران قالدىم ھەم خۇشال بولدۇم.

مەن ھېچ نەرسىنى بايقىمىدىم، پەقەت بىلگەن ئىشلىرىنىملا روشەنلەشتۈرۈۋالدىم، ئۆتمۈشتىلا ئەمەس، ھازىرمۇ ماڭا ھايات بېغىشلاۋاتقان كۈچنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىۋالدىم، ئالدامچىلىقلاردىن قۇتۇلۇپ، ئىگەمنىڭ كىملىكىنى بىلىۋالدىم.

شۇنداق، بۇ مەغرۇرلۇق» ئۇ ئۆزىگە ئۆزى شۇنداق دەپ قويۇپ، ئۆرۈلۈپ دۈم ياتتى ۋە بىر تال ئوتنىڭ غولىنى يۇلۇۋېلىپ ئۇنى چىگىشكە باشلىدى، چىگىش جەريانىدا ئۈزۈلۈپ كەتمىسۇن دەپ بەكمۇ ئاۋايلىدى.

«بۇ يالغۇز ئەقىلنىڭ مەغرۇرلۇقىلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئەقىلنىڭ ئەخمەقلىقى، ئاساسلىقى، ئالدامچىلىقى، ھەقىقەتەن ئەقىلنىڭ ئالدامچىلىقى» دېدى ئۇ بۇ گەپلەرنى تەكرارلاپ.

ئۇ كېيىنكى ئىككى يىل ئىچىدە پەيدا بولغان ئوي ـ پىكىرلىرىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى قىسقىلا ئەسلەپ چىقتى. ئۆلۈم توغرىسىدىكى خىياللىرى سۆيۈملۈك ئاكىسىنى ئۆلۈم ئالدىدا كۆرگەن چاغدا پەيدا بولغانىدى.

لېۋىن يەنە ھەممە ئادەمنىڭ ئالدىدا، ئۆزىنىڭ ئالدىدا ئازاب، ئۆلۈم ۋە مەڭگۈلۈك ئۇنتۇلۇپ كېتىشتىن باشقا ھېچقانداق نەرسىنىڭ يوقلۇقىنى شۇ چاغدا تۇنجى قېتىم ئېنىق چۈشەنگەن. شۇڭا، بۇنداق ياشاپ يۈرۈۋەرمەي، شەيتاننىڭ مەسخىرىسىگە قالماسلىق ئۈچۈن، يا ھاياتنى ئېنىق چۈشەندۈرۈش، يا بولمىسا ئۆزىنى ئېتىۋېلىش قارارىغا كېلىپ قويغانىدى.

لېكىن، ئۇ ئۇنداقمۇ قىلماي، بۇنداقمۇ قىلماي بۇرۇنقىدەك ياشاپ، بۇرۇنقىدەك ئويلاپ، بۇرۇنقىدەك ھېس ـ تۇيغۇلاردا بولۇپ

يۈرىۋەردى، يەنە تېخى بۇ جەرياندا تويمۇ قىلىۋالدى، نۇرغۇن خۇشاللىقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزدى، ھاياتنىڭ ئەھمىيىتى ئۈستىدە خىيال قىلمىغان چاغلىرىدىمۇ ئۆزىنى بەختلىك سېزىدىغان بولدى.

خوش، بۇ نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ بۇ ئۇنىڭ ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى، ئەمما كاللىسىنىڭ قۇرۇق قېلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇ ئانىسىنىڭ سۈتى بىلەن تەڭ تېنىگە سىڭىپ ماڭغان روھىي ھەقىقەتنى كۆڭلىدە تۇتۇپ تۇرۇپ (بۇنى ئۇ ئۆزى سەزمەيتتى) ياشاپ كېلىۋاتاتتى. ئەمما ئىدىيىسىدە ئۇنى ئېتىراپ قىلمايتتى، ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرەتتى.

ئۇ ئەمدى چۈشەندىكى، كىچىكىدىن تارتىپ ئۆزىگە بېرىلگەن تەربىيىدىن سىڭىپ ماڭغان ئېتىقاد بىلەن ياشىشى كېرەك ئىكەن.

«ئەگەر شۇ ئېتىقادىم بولمىسا، خۇدا يولىدا ياشاشنى بىلمەي، ئۆز ئېھتىياجىم بويىچە ياشىغان بولسام، ئۇ چاغدا مەن قانداق ئادەمگە ئايلىنىپ قالاتتىم؟ ھاياتىمنى قانداق ئۆتكۈزگەن بولاتتىم؟ ئوغرى، قاراقچى، يالغانچى، قاتىل بولۇپ چىقاتتىم شۇ، ھاياتىمدىكى ئەڭ خۇشاللىنارلىق ئىشلارمۇ بولمايتتى.»

ئەگەر ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادا نېمە ئۈچۈن ياشايدىغانلىقىنى بىلمىگەن بولسا، ھەرقانچە ئۇيلىسىمۇ ئۆزىنىڭ ئاخىر بېرىپ ھايۋانىي خۇسۇسىيەتلىرىنى يۇقتۇرۇۋالغان بىرنەرسە بولۇپ چىقىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمىغان بولاتتى.

«مەن بۇ مەسىلىلەرگە جاۋاب تېپىش ئۈچۈن كۆپ ئىزدەندىم. لېكىن، مېنىڭ ئېڭىم ماڭا ئۇ جاۋابلارنى تېپىپ بېرەلمىدى، چۈنكى ئۇ ئۇ جاۋابلارنى تاپالايدىغان سەۋىيىگە تېخى يەتمىگەنىكەن. مەن نېمىنىڭ ياخشىلىق، نېمىنىڭ رەزىللىك ئىكەنلىكىنى بىلگىنىمدىن كېيىن ئۇ جاۋابلارنى ماڭا ھاياتنىڭ ئۆزى بەردى. مەن بۇنى بىلىۋېلىش ئۈچۈن بىرەر چارە ئىشلەتكىنىم يوق، بۇنى بىلىش ماڭا تۇغما ئىكەن، خۇددى

ئادەملەرنىڭ ھەممىسى تۇغما ئادەملەر بولغىنىدەك، مەن ئۇنى شۇ تۇغمىلىقىمدىن باشقا ھېچقانداق يول بىلەن تاپالمايدىكەنمەن.

مەن ئۇنىڭغا قانداق ئېرىشتىم؟ ئۆزۈمنىڭ ئەقىل ـ ئىدراكىم بىلەن باشقىلارنى ياخشى كۆرۈش، ئۇلارغا زىيان سالماسلىقنى بىلەلەيمەنمۇ؟ كىچىك ۋاقتىمدىن تارتىپ كىشىلەر ماڭا ئاشۇنداق دېسە، مەن ئۇلارنىڭ گەپلىرىگە خۇشاللىق بىلەن ئىشىنەتتىم، چۈنكى ئۇلار دېگەن گەپلەر مېنىڭ يۈرىكىمدىمۇ ئەسلىدىن باردە. ئۇنى كىم بايقىغان؟ ئەقىل ئەمەس. ئەقىل ياشاش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش كېرەكلىكىنى، مېنىڭ خاھىشىمنى قاندۇرۇشقا توسقۇنلۇق قىلغانلارنىڭ ھەممىسىنى يوقىتىشقا كېرەكلىك قانۇننى بايقىدى. بۇ ئەقىلنىڭ چىقارغان خۇلاسىسى، لېكىن باشقىلارغا مېھرىبان بولۇشنى ئەقىلنىڭ بايقىشى يوق گەپ، چۈنكى ئۇ ئەقىلگە مۇۋاپىق ئەمەس.»

# 13

لېۋىن يېقىندا يۈز بەرگەن دوللى بىلەن ئۇنىڭ بالىلىرىغا مۇناسىۋەتلىك بىر ئىشنى يادىغا ئېلىپ قالدى. بالىلار قارايدىغان ئادەم يوق ئۆيدە يالغۇز قالغاندا، بۆلجۈرگەننى شامنىڭ ئوتىدا قورۇپ، سۈتنى شىپىرس بىلەن ئاغزىلىرىغا قۇيۇپ ئوينىشاتتى. بىر كۈنى دوللى ئۇلارنىڭ بۇ ئىشىنى كۆرۈپ قېلىپ، لېۋىننىڭ ئالدىدىلا ئۇلارنى ئەيىبلەپ: «چوڭلار شۇنچە ئەمگەك بىلەن تاپقان نەرسىلەرنى سىلەرنىڭ بېزەپ قىلىۋەتكىنىڭلار قانداق گەپ! ئۇلارنىڭ شۇنچە كۈچەپ ئىشلەۋاتقىنى سىلەر ئۈچۈن ئىدىغۇ! چىنىلەرنى چېقىۋەتسەڭلار نىمىدە چاي ئىچىسىلەر! سۈتنى مۇنداق تۆكۈپ ئىسراپ قىلساڭلار قورسىقىڭلارنى نېمە بىلەن تويغۇزىسىلەر، ئاچ قالامسىلەر» دەپ كەتتى.

باللار خۇددى ئاپسىنىڭ بۇ گەپلىرىگە ئىشەنمىگەندەك، خاتىرجەم، غەمكىن قۇلاق سېلىپ تۇرۇشقانىدى، لېۋىن ئۇلارنىڭ بۇ ھالىتىگە ھەيران قالدى. ئۇلار قىزىقىپ ئوينىۋاتقان ئويۇنلىرىنىڭ توختىتىپ قويۇلغىنىغا خاپا ئىدى، ئاپىسىنىڭ گەپلىرىنىڭ بىرىگىمۇ ئىشەنمەيتتى، ئۇلارنى ئىشەندۈرۈپمۇ بولمايتتى، چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرى ئويناۋاتقان ئويۇننىڭ ئۈنچىلىك ئېغىر ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى، يەنە كېلىپ ئۆزلىرى بىزەپ قىلىۋېتىۋاتقان نەرسىلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى قەتئىي خىيالىغا كەلتۈرەلمەيتتى.

«بۇ تەبىئىي ئەھۋال، — دەپ ئويلىدى لېۋىن، — ئۈنچىلا دەپ كەتكۈدەكمۇ ئىش ئەمەس، چۈنكى بۇ دائىم بولۇپ تۇرۇۋاتقان، كەلگۈسىدىمۇ بولىدىغان ئىشلار. بۇنداق ئىشلار ئادەتكە ئايلىنىپ قالدى، مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدۇ، شۇڭا بۇنىڭغا باش قاتۇرۇشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇنىڭ ئورنىغا ئەڭ ياخشى چارىدىن بىرنى ئويلاپ چىقايلى. مەسىلەن، باللارنىڭ ئۇ ئويۇنلىرىنى قىلىپقا سېلىپ، بۆلجۈرگەننى ئىستاكانغا سېلىپ شامىنىڭ ئوتىدا پىشۇرۇپ بېرەيلى، سۈتنى باللارغا شپىرىس بىلەن ئاغزىلىرىغا قۇيۇپ قويايلى، بۇمۇ بىر قىزىقارلىق يېڭى ئىش، باللارنىڭ ئىستاكان بىلەن سۈت ئىچكىنىدىن پەرقى ئانچە چوڭمۇ ئەمەس.

مەنمۇ تەبىئەت كۈچلىرىنىڭ رولى بىلەن ئىنسان ھاياتىنىڭ ئەھمىيىتى ئۈستىدە ئەقلىم بىلەن ئىزدەنگەن چاغلىرىمدىمۇ ئاشۇنداق قىلمىغانمىدىم؟ دېدى لېۋىن خىيالىنى داۋام قىلدۇرۇپ.

«بارلىق پەلسەپىلىك مۇلاھىزىلەر ئىنسانلارنىڭ ئادەتلەنمىگەن غەلىتە تەپەككۇرلىرى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان، ئىنسانلار شۇ ئارقىلىق ياشاش يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئۇنى بىلگەنلىرىدىمۇ ئاشۇنداق قىلىشمىغانمىدى؟ ھەر بىر پەيلاسوپ ھاياتنىڭ ئاساسىي ئەھمىيىتىنى دېھقان فيودورغا ئوخشاش

ئالدىن بىلىپ تۇرالايدۇ ـــ ئۇنىڭدەك ئېنىق بىلىپ كېتەلىشى ناتايىن ـــ ئەمما ئۇلار ئۆز نەزەرىيىلىرىنى كۆككە كۆتۈرۈش ئۈچۈن، ئۇنى يەنە ئىشەنچسىز ئەقلىي پەرەزلەر بىلەن ھەممە بىلىدىغان قائىدىلەر ئۈستىگە ياندۇرۇپ كېلىشىدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ نەزەرىيىلىرىنىڭ راۋاجىدا ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرمامدۇ؟

ئەگەر بىز بالىلىرىمىز بىلەن كارىمىز بولماي، ئۇلارنى قاچىلارنى ئۆزلىرى ياساشقا، كالا سېغىشقا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىشقا قويۇپ بەرسەك، ئۇلار يەنە كەپسىزلىك قىلىشارمۇ؟ ياق، ئۇنداق قىلمايدۇ، ئەكسىچە ئاچتىن ئۆلىدۇ. بىزمۇ ئۆزىمىزنى خۇدا ۋە ياراتقان ئىگەم توغرىسىدىكى چۈشەنچىلەرگە ئىگە قىلمايلا، ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرىمىزنى، پىكىر ـ خىياللىرىمىزنى مەيلىگە قويۇۋېتىپ باقايلىچۇ، قانداق بولىدىكىن ! ياكى نېمىنىڭ ياخشىلىق ئىكەنلىكىنى بىلمەي، ئەخلاقىي جەھەتتىكى رەزىللىكنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەي يۈرۈپ بېقىڭچۇ، ئۇ چاغدا نېمە ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدىكىن !

قېنى، ئاشۇ چۈشەنچىلەرنى بىلمەي تۇرۇپ بىرەر ئىش قىلىپ بېقىڭچۇ !

بىز روھىي جەھەتتىن توقمىز، شۇڭا قولىمىزغا چۈشكەن نەرسىنى بۇزۇپ تۇرىمىز، خۇددى كىچىك بالىلارغا ئوخشاش !

كۆڭلۈمگە خاتىرجەملىك بەرگەن، ئۇ قېرى دېھقان بىلەن بىردەك بولغان، ئادەمنى خۇشاللىققا چۆمۈلدۈرىدىغان ئۇ بىلىملەر نەدىن كەلدى؟ ئۇنى مەن نەدىن ئالدىم؟

مەن كىچىكىمدىن خۇداغا ئىمان كەلتۈرۈش روھىدا تەربىيىلەنگەن خىرىستىئان ئادەم، خىرىستىئان دىنى ماڭا بەرگەن روھىي بايلىقلار مېنىڭ پۈتۈن ھاياتىمنى تولدۇرۇپ تۇرۇپتۇ، مەن شۇ روھىي بايلىق ئىچىدە بەختلىك ياشاپ يۈرۈپتىمەن. لېكىن، مەن يەنىلا كىچىك بالىلارغا ئوخشاش نادانلىق قىلىپ، ئۇنى قەدىرلىمەي بۇزماقتىمەن، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ھاياتىمدا پايدىلىنىۋاتقان نەرسىلەرنى بىتچىت قىلىۋاتىمەن. بالىلارنىڭ



قورسىقى ئاچقان. سوغۇقتا قالغان چاغلىرىدىكىدەك، جىددىي ئەھۋاللارغا دۇچ كەلگەن چاغلىرىدىمدىلا خۇدادىن ياردەم سورايمەن، بەزىدە تېخى باللارغىمۇ يەتمەيمەن، ئۇلارنى بەڭۋاشلىق قىلغىنى ئۈچۈن ئاپىلىرى جىملەپ قويىدۇ، ئەمما مېنى جىملەيدىغان ئادەم يوق، يەنە تېخى شۇ نادانلارچە قۇتراشلىرىمنى ھېچقانداق زىيىنى يوق، دەپ يۈرۈۋېرىمەن.

شۇنداق، مەن بىلگەنلىرىمنى ئەقلىم بىلەن بىلگىنىم يوق، تۇغما قابىلىيىتىم بىلەن بىلگەن. مەن يۈرىكىم ئارقىلىق، چېركاۋ تەرغىب قىلغان ئاساسلىق نەرسىلەر ئارقىلىق قانداق قىلىشلىرىمنى بىلگەنمەن.

چېركاۋ؟ شۇنداق، چېركاۋ !» دېدى لېۋىن ئۆزىگە ئۆزى. ئاندىن ئۆرۈلۈپ يەنە بىر جەينىكىگە تايىنىپ يېتىپ، دەريا بويىغا قاراپ كېتىۋاتقان يىراقتىكى پادىغا قارىدى.

«لېكىن، چېركاۋ تەرغىب قىلغان ھەممە نەرسىگە ئىشىنىشىم كېرەكمۇ؟ — دەپ ئويلىدى ئۇ ئۆزىنىڭ ھازىرقى خاتىرجەملىكىنى بۇزۇۋېتىشى مۇمكىن بولغان ھەر خىل ئىشلارنى ئويلاش ئارقىلىق ئۆزىنى سىناپ باقماقچى بولۇپ. ئۇ يەنە چېركاۋنىڭ ئۆزى چۈشەنمەي كېلىۋاتقان تەلىماتلىرىنى ئەتەي ئېسىگە كەلتۈرۈۋاتاتتى، — بۇ دۇنياغا ئاپىرىدە بولۇش توغرىسىدىكى تەلىماتلار قانداق؟ مەن بۇ دۇنيادا ياشاشنى قانداق چۈشەندۈردۈم؟ ياشاش ئارقىلىقمۇ؟ تۇتقۇدەك بىر نەرسە بولمىسا چۈشەندۈرۈپ بولامدۇ؟ ياكى شەيتان، ياكى گۇناھ ئارقىلىق چۈشەندۈرۈش كېرەكمۇ؟ ئۇنداقتا گۇناھنى نېمە بىلەن چۈشەندۈرسەم بولىدۇ؟ ... ھەممىگە قادىر خۇدانىچۇ؟ ...

مەن ھەممە بىلىدىغان قائىدىلەردىن باشقا ھېچنېمە بىلمەيدىكەنمەن، ھېچنېمە بىلمەيدىكەنمەن، بىلىشكىمۇ قادىر ئەمەس ئىكەنمەن.»

ئەمدى لېۋىنغا چېركاۋنىڭ ھېچقانداق بىر تەلىماتى ئەڭ مۇھىم نەرسىگە، يەنى ئىنسانلار ئۈچۈن بىردىنبىر پەرز بولغان

خۇداغا ۋە خەير ـ ساخاۋەتكە ئېتىقاد قىلىشقا خىلاپ ئەمەستەك بىلىنىشكە باشلىدى.

ھەر بىر چېركاۋ تەلىماتىنى شەخسىنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن سۆزلىنىدۇ، دېگەندىن كۆرە، ھەقىقەتنى كۆككە كۆتۈرىدۇ، دېگەن تۈزۈك. ھەر بىر تەلىمات مۇشۇ ئاساسىي ئېتىقادقا خىلاپ بولمايلا قالماي، يەنە دۇنيادىكى خىلمۇخىل مۆجىزىلەرنىڭ دۇنياغا كېلىشىدە كەم بولسا بولمايدىغان تەلىماتلاردۇر. بۇ مۆجىزىلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى ھەر بىر ئىنسانغا، مىليونلىغان خىلمۇخىل ئىنسانلارغا، دانىشمەنلەرگە، گالۋاڭ ئادەملەرگە، باللارغا، قېرىلارغا، دېھقانلارغا، لۆوفقا، كىتىگە، تىلەمچىلەرگە، پادىشاھلارغا بىرلا نەرسىنى چۈشىنىۋېلىش ۋە ئۆزىمىز بىردىنبىر نەرسە دەپ بىلىپ جىددىي قارايدىغان روھىي ھاياتنى بەرپا قىلىش ئىمكانىيىتىنى بېرىدۇ.

لېۋىن ئەمدى ئوڭدىسىغا ئۆرۈلۈپ بۇلۇتسىز ئېگىز ئاسمانغا قاراپ ياتتى. «مەن بۇ ئاسماننىڭ قۇببىگە ئوخشاش ئەمەس، بەلكى پايانسىز بوشلۇق ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەنمۇ؟ كۆزلىرىمنى قانچە قىسىپ، قانچە دىققەت بىلەن قارىساممۇ، ئۇنىڭ دۈگىلەك ۋە چەكسىزلىكىدىن باشقا ھېچ نەرسە كۆرمەيمەن. كائىناتنىڭ چەكسىز ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىپ تۇرساممۇ، لېكىن قاتتىق جىسىمغا ئوخشاش ھاۋا رەڭ ئاسماننى كۆرگىنىمدە، ئۆزۈمنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى شۈبھىسىز چۈشىنىمەن. ئاسماننىڭ نېرىسىدا نېمە بار، دەپ كۆزلىرىمنى تالدۇرۇپ قارىغاندىنمۇ بەكرەك چۈشىنىمەن.»

لېۋىن ئەمدى خىياللارغا بېرىلمىدى، قانداقتۇر بىر ئىشلار ئۈستىدە پاراڭلىشىۋاتقاندەك سىرلىق بىر ئاۋازلارنى ئاڭلىغاندەك بولدى.

«بۇ راستىنلا ئېتىقادمىدۇ؟ ــ دەپ ئويلىدى لېۋىن ئۆزىنىڭ بەختىگە ئىشىنەلمەيۋاتقاندەك قىلىپ، ــ يارەببىم، رەھمەت ساڭا!» دېدى ئۇ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ كېلىۋاتقان يىغىسىنى

ئىچىگە يۇتۇپ ۋە كۆزلىرىگە لىق تولغان يېشىنى ئىككى قولى بىلەن سۈرتۇپ تۇرۇپ.

# 14

لېۋىن ئۇدۇل ئالدىغا قاراپ ياتاتتى، ئاۋۋال ماللارغا، كېيىن قارىغىنىدا قوشۇلغان ئۆزىنىڭ ھارۋىسىغا ھەم ھارۋىدا ماللارنىڭ يېنىغا كېلىپ پادىچىغا نېمىنىدۇر دەۋاتقان ھارۋىكەشكە كۆزى چۈشتى. كېيىن ئۆزىنىڭ يېنىغا كېلىپ قالغان ھارۋىنىڭ ئاۋازى بىلەن سېمىز ئاتنىڭ پۇشقىرىشىنى ئاڭلىدى. لېكىن، خىيالغا شۇنچىلىك غەرق بولۇپ كەتكەچكە، ھارۋىكەشنىڭ ئۆزىنىڭ ئالدىغا نېمىگە كېلىۋاتقىنىنى ئويلاپمۇ قويمىدى.

ھارۋىكەش يېقىن كېلىپ ئۆزىنى قىچقارغان چاغدىلا، ئۇنىڭ كەلگەنلىكىنى سەزدى.

— خانىم مېنى سىزنى ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. ئاكىڭىز بىر مېھماننى ئەكەپتۇدەك.

لېۋىن شۇئان ئورنىدىن تۇرۇپ ھارۋىغا چىقىپ ئولتۇردى ــ دە، بوجىنى قولىغا ئالدى.

ئۇ خۇددى ئۇيقۇدىن يېڭى ئويغانغان ئادەمدەك خېلى بىر ۋاقىتقىچە تولۇق ئۆزىگە كېلەلمىدى. ئۇ ھارۋىنى سۆرەپ كېتىۋاتقان سېمىز ئاتنىڭ تەرلەپ كەتكەن ئىككى بىقىنىغا ۋە ئارقان يالاپ تېرىسىنى ئېچىۋەتكەن بوينىغا، ئارقىدىن ھارۋىكەش ئىۋانغا قاراپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ ھازىرغىچە ئاكىسىنىڭ يولىغا قاراپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئۇزاققىچە قايتىپ بارمىغىنىدىن خوتۇنىنىڭ چوقۇم ئەنسىرىگىنىنى ئويلىدى ۋە ئاكىسى باشلاپ كەلگەن ئادەمنىڭ كىم بولۇشى مۇمكىنلىكىنى پەرەز قىلىشقا

باشلىدى. ئاكىسى، خوتۇنى ۋە يوچۇن مېھمانىمۇ لىيۇننىڭ كۆزىگە ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايدىغانلا ھالەتتە كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭغا ئەمدى بارلىق ئادەملەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى ئۆزگىرىپ كېتىۋاتقاندەك سېزىلەتتى.

«بۇنىڭدىن كېيىن ئاكام بىلەن بۇرۇنقىدەك ئۇنداق يىراقلىشىپ كەتمەيمەن ھەم گەپ تەرگىشىپمۇ يۈرمەيمەن، كىتى بىلەنمۇ جېدەللەشمەيمەن. كەلگەن مېھمان كىملا بولسۇن، ئۇنىڭغا مۇلايىم، ئوچۇق چىراي مۇئامىلە قىلىمەن. چاكارلارغىمۇ، ئىۋانغىمۇ مۇئامىلەم پۈتۈنلەي باشقىچە بولىدۇ.»

لىيۇن ئىتتىك مېڭىشقا ئالدىراپ، پۈرقۈپ كېتىۋاتقان ئاتىنىڭ قوپال بوجىسىنى مەھكەم تۇتۇپ كېتىۋاتاتتى ۋە يېنىدا ئولتۇرغان، بوش قالغان قوللىرىنى نەگە قويۇشىنى بىلمەي كۆڭلىكىنى تىنماي مىجىقلاپ كېتىۋاتقان ئىۋانغا قاراپ ـ قاراپ قوياتتى، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىش ئۈچۈن باھانە ئىزدەيتتى. ئۇنىڭغا، ئاتىنىڭ بەلۋېغىنى بەك چىڭ تارتىۋېتىپسەن، دېمەكچى ئىدى، لېكىن بۇ گەپ ھارۋىكەشنى ئەيىبلىگەندەك ئاڭلىنىپ قالىدىكەن، دەپ ئويلاپ قالدى، ئۇنىڭغا ناھايىتى سىلىق گەپ قىلماقچىدى. لېكىن، باشقا گەپ كاللىسىغا كەلمەيۋاتاتتى.

ــ ئاتنى ئوڭغا تارتىپ ماڭسىڭىز، ئالدى تەرەپتە يوغان بىر كۆتەك بار ئىدى، ــ دېدى ھارۋىكەش لىيۇننىڭ قولىدىكى بوجىنى ئوڭغا تارتىپ قويۇپ.

ــ قولۇمغا تەگمە! ماڭا ئۆگەتمەن دېمە! ــ دېدى لىيۇن ھارۋىكەشنىڭ ئاربىلاشقىنىغا ئاچچىقى كېلىپ. ئۇنىڭ باشقىلار ئىشىغا ئارىلاشسا ئاچچىقى كېلىدىغان ئادىتى بار ئىدى، بۇ قېتىممۇ شۇنداق بولدى. لېكىن، يەنە دەررۇلا ئەمەلىي ئىشقا كەلگەندە بىر ئوبدان كېلىۋاتقان ياخشى كەيپىياتىنى ساقلاپ قالالمايدىغانلىقىنى ئويلاپ ئۆزىگە كايىپ كەتتى.

ئۆيىگە چارەك چاقىرىم قالغاندا، لىيۇن ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىشىۋاتقان گىرىشا بىلەن تانەنى كۆردى.

— كونستانتىن تاغا، ئاپامـمۇ، بوۋامـمۇ، سىرگېي تاغامـمۇ كەلدى، يەنە بىر كىشىمۇ بار، — دېيىشتى ئۇلار ھارۋىغا چىقىۋېتىپ.

— كىم ئۇ؟

— چىرايى قورقۇنچلۇق بىر ئادەم! قاراڭ، ئىككى قولى مۇنداق تۇردۇ، — تانە ئورنىدىن تۇرۇپ كاتاۋاسوفنىڭ تۇرقىنى دوراپ بەردى.

— قېرىمۇ، ياشمۇ؟ — سورىدى لېۋىن كۈلۈپ كېتىپ. تانەنىڭ دورىشى كىمنىدۇر لېۋىننىڭ ئېسىگە سالدى.

«ئىشقىلىپ، كۆڭۈلگە ياقمايدىغان ئادەم بولمىسىلا بولاتتىغۇ» دەپ ئويلىدى لېۋىن.

دوقمۇشتىن قايرىلغاندا، لېۋىن بىر توپ ئادەمنىڭ ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى ۋە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كاتاۋاسوفنى تونۇدى. ئۇ خۇددى تانە دورىغاندەك، يول ماڭغاندا ئىككى قولىنى پۇلاڭلىتىپ ماڭاتتى.

كاتاۋاسوف پەلسەپە توغرىسىدا سۆزلەشنى ياخشى كۆرەتتى، پەلسەپە توغرىسىدىكى گەپلەرنى پەلسەپىدىن ھېچنېمە بىلمەيدىغان تەبىئەتشۇناسلاردىن ئۆگىنىۋالغانىدى. لېۋىن يېقىندا موسكۋاغا بارغاندا ئۇنىڭ بىلەن كۆپ قېتىم مۇنازىرىلىشىپ قالغانىدى.

لېۋىن ئۇنى كۆرۈپلا ئۇنىڭ بىلەن قىلىشقان بىر مۇنازىرىنى ئېسىگە ئالدى. ئۇ مۇنازىرىدە كاتاۋاسوف ئۆزىنى مەن ئۇتتۇم، دەپ ئويلىغانىدى.

«ياق، مەن ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلەشمەيمەن، پىكىرلىرىمنى قالايمىقان دەۋەرمەيمەن» دەپ ئويلىدى لېۋىن.

لېۋىن ھارۋىدىن چۈشۈپ ئاكىسى ۋە كاتاۋاسوف بىلەن كۆرۈشتى، ئاندىن خوتۇنىنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى.

— ئۇ مىتەنى كۆتۈرۈپ كولوكقا كەتتى (ئۇلارنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدىكى ئورمان كولوك دەپ ئاتىلاتتى). ئۆينىڭ ئىچى

ئىسسىپ كېتىپ، بالىنى سالقىنلىتىپ كېلەي، دەپ كەتكەن، — دېدى دوللى.

لېۋىن خوتۇنىغا بالىنى ئورمانغا ئاپارما، ئۇ يەر خەتەرلىك، دەپ جېكىلەپ كېلىۋاتاتتى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ خاپا بولۇپ قالدى.

— ئۇ بالىسىنى ھەممىلا يەرگە ئېلىپ بارىدىكەن، — دېدى قېرى كىنەز كۈلۈپ كېتىپ، — مەن ئۇنىڭغا بالاڭنى ئامبارغا ئەكىرىپ باققىن، شۇ يەر سالقىن، دەپ مەسلىھەت بەردىم.

— ئۇ سېنى ھەسەل ھەرىسى باقىدىغان يەردە دەپ ئويلاپ قالغان بولسا كېرەك. بىزمۇ شۇ ياققا كېتىۋاتاتتۇق، — دېدى دوللى.

— خوش، ئۆزۈڭ نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتىسەن؟ — دەپ سورىدى توپىنىڭ ئارقىسىدا قالغان كوزنىشېق ئىنىسى بىلەن يانمۇيان كېتىۋېتىپ.

— باشقا ئىش قىلمىدىم، دېھقانچىلىق بىلەن ئالدىراش يۈرۈۋاتىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى لېۋىن، — ئۆزۈڭ قانداقراق، خېلى تۇرامسەن؟ كۆپتىن بېرى يولۇڭغا قاراپ تۇرغانمەن.

— ئىككى ھەپتىچە تۇرارمەن. موسكۋادا قىلىدىغان ئىشلىرىم كۆپ.

شۇ گەپ بىلەن تەڭلا ئاكا - ئىنى ئىككىسى بىر - بىرىگە قارىشىپ قويدى. لېۋىن ئاكىسىنىڭ ئالدىدا سەل قورۇنۇپ قېلىۋاتاتتى. لېۋىن دائىم، بولۇپمۇ ھازىر ئاكىسى بىلەن دوستانە ئۆتۈشنى، كۆڭلىدە نېمە بولسا شۇنى دېيىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى. ئەمدى ھازىر نېمە دېيىشنى بىلمەي يەرگە قاراپ قالدى.

كوزنىشېق موسكۋادىكى ئىشلىرىنى تىلغا ئېلىپ، سېربىيە ئۇرۇشى، سلاۋيان مەسىلىسى توغرىسىدا گەپ باشلاي دەپ

تۇراتتى. لېۋىن ئۇنىڭ دىققىتىنى شۇ گەپتىن باشقىغا بۇرىۋېتىدىغان ۋە ئۇنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان بىرەر گەپ ئىزدەپ، ئۇنىڭ كىتابى توغرىسىدا سۆز باشلىدى.

— كىتابىڭغا قانداق ئىنكاسلار بار؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

كوزنىشېۋ ئۇنىڭ بۇ گەپنى سوراشتىكى مەقسىتىنى چۈشىنىپ، بىلىنەر ـ بىلىنمەس كۈلۈپ قويدى.

— كىتابقا ئىنكاس قايتۇرۇشقا قىزىقىدىغان ئادەملەر بولمىسا كېرەك، ئۆزۈمدىمۇ قىزىقىش يوق، — دېدى ئۇ، — داريە ئالېكساندروۋنا، قاراڭ، يامغۇر ياغىدىغاندەك قىلامدۇ نېمە، — دېدى ئۇ قولىدىكى كۈنلۈكى بىلەن تېرەكلەرنىڭ ئۇستىدىكى ئاسماندا پەيدا بولغا سۇر بۇلۇتلارنى كۆرسىتىپ.

بۇنداق گەپلەر ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا دۈشمەنلىك بولمىسىمۇ، سوغۇق مۇناسىۋەتنىڭ ئەسلىگە كېلىپ قېلىشىغا يېتەرلىك سەۋەب بولالايتتى، شۇڭا لېۋىن بۇنداق گەپلەردىن ئامال بار ئۆزىنى قاچۇرۇپ تۇراتتى.

لېۋىن كاتاۋاسوفنىڭ يېنىغا كەلدى.

— كەلگىنىڭىزدىن تولىمۇ خۇشال بولدۇم، — دېدى لېۋىن ئۇنىڭغا.

— بىرىپ كەلسەم دەپ ئويلاپ يۈرگىنىمگە ئۇزاق بولغان، بۈگۈن نېسىپ بوپتۇ، ئەمدى ئىككىمىز قاراشلىرىمىزنى دېيىشىپ ئوبدان بىر پاراڭلىشايلى. سىز سپېنسېرنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ باققانمۇ؟

— ياق، ئوقۇپ باقمىغان، — دېدى لېۋىن جاۋابەن، — راستىنى دېسەم، ھازىر ماڭا ئۇنىڭ كېرىكىمۇ يوق.

— كېرىكى يوق دېگەن قانداق گەپ؟ قىزىق گەپقۇ بۇ ! نېمىشقا كېرىكى يوق؟

— چۈنكى، مەن كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەرگە ئۇ خىل ئادەملەرنىڭ كىتابلىرىدىن جاۋاب تاپالمايدىغىنىمغا تولۇق

كۆزۈم يەتتى. ھازىر ...

كاتاۋاسوفنىڭ چىرايىدىكى خاتىرجەم، خۇشال ھالەتكە لېۋىن ھەيران قالدى. بۇ سۆھبەت ئۇنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرۇپ ئەپسۇسلاندۇرۇپ قويغانىدى. لېكىن، لېۋىن كۆڭلىگە پۈككەن ئويلىرىنى ئەسلەپ، گېپىنى توختىتىۋالدى.

— بولىدۇ، بىز كېيىن يەنە پاراڭلىشارمىز، — دېدى لېۋىن، — ئەگەر ھەرىلەر بار يەرگە بارماقچى بولساڭلار بۇياققا مېڭىڭلار، مانا مۇنۇ يالغۇز ئاياغ يول بىلەن بارىمىز، — دېدى ئۇ ئارقىدىن كۆپچىلىككە.

ئۇلار لېۋىن كۆرسەتكەن تار يول بىلەن مېڭىپ، چۆپى تېخى ئورۇۋېلىنمىغان، بىر چېتىدە كۆك چېچەكلەر بىلەن ئېگىز تىكەنلەر قويۇق ئۆسكەن دەرەخلىك بىر يەرگە بارغاندا، لېۋىن ھەرىخانىغا كەلگەن ۋە ھەرىدىن قورقىدىغان كىشىلەر ئۇچۇن ياش تېرەكلەرنىڭ سالقىن سايىسىغا قويۇپ قويغان ئورۇندۇق ۋە دەرەخ كۆتەكلىرىگە مېھمانلارنى ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئۆزى بالىلارغا ھەم چوڭلارغا بولكا، تەرخەمەك ۋە يېڭى ھەسەل كەلتۈرۈش ئۇچۇن نېرىدىكى كىچىك ئۆيگە قاراپ كەتتى.

ئۇ مۇمكىنقەدەر ئىتتىك ھەرىكەت قىلماسلىققا تىرىشىپ، يېنىدىن بارغانسېرى قويۇقلىشىپ ئۇچۇپ ئۆتۈۋاتقان ھەرىلەرنىڭ گاژىلداشلىرىغا قۇلاق سالغاچ يالغۇز ئاياغ يول بىلەن ئۇ ئۆيگە يېتىپ باردى. ئۆيگە ئەمدىلا كىرىپ تۇرۇشىغا بىر ھەرە ساقىلىغا چىرمىشىپ قېلىپ گۇڭۇلداپ كەتكەنىدى، لېۋىن ئاۋايلاپ ھەرىكەت قىلىپ ئۇنى ساقىلىدىن ئۇچۇرۇۋەتتى، ئاندىن سالقىن دالانغا كىرىپ قوزۇققا ئېسىقلىق تۇرغان سېتكىنى ئېلىپ بېشىغا كىيىپ، قوللىرىنى يانچۇقىغا سېلىپ، ئۆپچۆرىسى چىتەن بىلەن ئورالغان ھەرىخانىغا چىقتى. ھەرىخانىدىكى چۆپى ئورۇۋېلىنغان جايدا قوزۇقلارغا باغلاپ قويۇلغان ھەسەل ھەرىلىرىنىڭ ساندۇقلىرى قاتار تۇراتتى. لېۋىن

ھەر بىر ساندۇقنى تونۇيتتى، ئۇلارنىڭ تارىخلىرىنىمۇ بىلەتتى. بۇ يىل جايلاشتۇرۇلغان يېڭى ھەسەل ھەرىلىرىنىڭ ساندۇقلىرى چىتەننى بويلىتىپ قاتار تىزىپ قويۇلغانىدى. ساندۇقلارنىڭ كىرىش ئېغىزىدا توپلىشىۋاتقان ئىشچى ھەرىلەر بىلەن ئەركەك ھەرىلەر كۆزلەرنى ئىمىر - چىمىر قىلىپ ۋاژىلدىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئىشچى ھەرىلەر بىرلا يولدا، يەنى لىپا ئورمىنىدىكى ھەر خىل گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن گۈللۈك بىلەن ھەسەل ھەرە ساندۇقلىرى ئارىلىقىدا تىنىماي ئۇچۇپ تۇرۇشاتتى، ئۇلارنىڭ خىزمىتى ھەسەل ۋە گۈل چاڭلىرىنى يىغىش ئىدى.

لېۋىنىڭ قۇلاق تۇۋىدە دەم تىنىماي ئۇچۇپ يۈرگەن ئىشچى ھەرىلەرنىڭ، دەم بىكارچىلىقتا ئۇچۇپ يۈرگەن ئەركەك ھەرىلەرنىڭ، دەم ئۆزلىرىنى دۈشمەنىنىڭ تاجاۋۇزىدىن ساقلاپ ھەر ۋاقىت ئۇلارنى چېقىۋېلىشقا تەييار تۇرغان ساقچى ھەرىلەرنىڭ ۋىڭىلداشلىرى توختىماي ئاڭلىنىپ تۇرۇۋاتاتتى. چىتەننىڭ ئۇ تەرىپىدە بىر بوۋاي ياغاچ تۇڭنىڭ چەمبىرىكىنى ياساۋاتاتتى. ئۇ لېۋىننى كۆرمىدى، لېۋىنمۇ ئۆزىنىڭ ئىشى بىلەن بولۇپ ئۇنى چاقىرمىدى.

شۇ تۇرقىدا لېۋىن ئۆزىنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرغان رېئال ھاياتتىن قۇتۇلۇپ، بۇ يەردە يالغۇز تۇرغىنىدىن بەكمۇ خۇشال ئىدى.

ئۇ ئىۋانغا خاپا بولغانلىقىنى، ئاكىسىغا سوغۇق مۇئامىلە تۇتقانلىقىنى، كاتاۋاسوفنىڭ سۆزلىرىگە ئېرەن قىلمىغانلىقىنى ئەسلەپ قالدى.

«ئەجەبا، مېنىڭ ئاشۇ روھىي ھالەتلىرىم ئۇن - تىنسىز غايىب بولۇپ كېتىدىغان بىردەملىكلا ئىشمىدۇ؟» دەپ ئويلىدى ئۇ.

ئۇ ئۆزىنىڭ كەيپىياتىنى تەكشۈرماقچى بولۇپ تۇرغان شۇ

بىر دەقىقىدە، ئۆزىدە پەيدا بولۇۋاتقان زور بىر ئۆزگىرىشنى خۇشاللىق بىلەن ھېس قىلىپ قالدى. بايىقى رېئاللىق ئۇنىڭ تىنچ كۆڭلىنى بىردەملىككە بۇزغانىكەن، ئۇنىڭدىن بۇرۇن كۆڭلى شۇنچىلىك تىنچ ھەم خاتىرجەم ئىكەن ئەمەسمۇ.

خۇددى ھازىر ئەتراپىدا گاژىلدىشىپ ئۇچۇپ يۈرگەن ھەسەل ھەرىلىرى دىققىتىنى ئۆزلىرىگە قارىتىۋالغانلىقىغا، خاتىرجەملىكىنى بۇزۇپ، ئۆزىنى چېكىنىشكە، ئۆزلىرىدىن نېرى تۇرۇشقا مەجبۇرلاۋاتقىنىغا ئوخشاش، تىرىكچىلىك غەملىرىمۇ ئۇ ھارۋىغا چىقىپ ئولتۇرۇشى بىلەن تەڭ ئۇنى ئورىۋېلىپ روھىي ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىپ قويغانىدى. ئەمما، بۇ خىل ئەھۋال پەقەت ئۇ ئاشۇنداق غەم ـ قايغۇغا چۆككەن چاغلىرىدىلا پەيدا بولاتتى. ئۇنىڭ جىسمانىيىتى ھەسەل ھەرىلىرىنىڭ چېقىۋېلىشلىرىغا ئۇچرىماي بىجىرىم تۇرغاندەك، يېقىندىن بېرى ئۆزىدە ھېس قىلىپ كېلىۋاتقان روھىي كۈچىمۇ ھېچقانداق زەخمىگە ئۇچرىماي بىجىرىم تۇرۇۋاتاتتى.

## *15*

— ھەي كونستانتىن، سېرگېي ئىۋانوۋىچنىڭ پويىزدا كىم بىلەن بىللە كەلگەنلىكىنى بىلەمسەن؟ — سورىدى دوللى باللىرىغا تەرخەمەك بىلەن ھەسەلدىن بۆلۈپ بېرىۋېتىپ، — ۋرونسكىي بىلەن بىللە كەپتۇ. ئۇ سېربىيىگە بارغۇدەك.

— ئۇ ئۆزى يالغۇز ئەمەس، ئۆز ھېسابىغا ئۆزى بىلەن بىر روتا ئاتلىق ئەسكەرنىمۇ بىللە ئېلىپ مېڭىپتۇ، — دېدى كاتاۋاسوف.

— ئۇ ئۆزىنىڭ نامىغا لايىق ئىش قىپتۇ، — دەپ قويدى

لېۋىن، — پىدائىي ئەسكەرلەر هازىرغىچە كېتىۋاتامدۇ؟ — ئۇ كوزنىشېفقا قاراپ قويۇپ بۇ گەپنى قوشۇپ قويدى.

كوزنىشېف جاۋاب بەرمەي، قولىدىكى پىچاق بىلەن ھەسەلنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ قالغان بىر تال ھەرە كۆنىكى بىلەن تېخى تىرىك بىر ھەرىنى ئېلىۋەتتى.

— شۇنداق، كېتىشىۋاتىدۇ. سىز ۋوگىزالدىكى تۇنۇگۈنكى كۆرۈنۈشنى كۆرمىدىڭىز - دە، — دېدى كاتاۋاسوف تەرخەمەكنى كارسىلدىتىپ يەپ تۇرۇپ.

— بۇ قانداق گەپ ئۆزى؟ خۇدا ھەققى، سىرگېي ئىۋانوۋىچ، ماڭا سۆزلەپ بېرىڭچۇ. ئۇ پىدائىيلار نەگە كېتىۋاتىدۇ؟ كىم بىلەن ئۇرۇشماقچى؟ — دەپ سورىدى قېرى كىنەز. ئۇنىڭ گېپىدىن بايا لېۋىن يوق چاغدا قىلىشقان گەپنى داۋاملاشتۇرغۇسى بارلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— تۈركلەر بىلەن، — كوزنىشېف ھەسەلگە مىلىنىپ قارىداپ كەتكەن، تېپىرلاپ توختىمايۋاتقان ئۇ ھەرىنى پىچاقتىن قېلىن تېرەك يوپۇرمىقىغا چۈشۈرۈۋەتتى، ئاندىن خاتىرجەم بولغاندەك كۈلۈپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى.

— ئۇنداق بولسا، بۇ تۈركلەرگە كىم ئۇرۇش ئېلان قىلدى؟ ئىۋان ئىۋانوۋىچ راگوزوف بىلەن گراف لىدىيە خانىممۇ ياكى شتال خانىممۇ؟

— ھېچكىم ئۇرۇش ئېلان قىلغىنى يوق. كىشىلەر قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ كۈلپەت ئىچىدە قالغانلىقىغا ئىچى ئاغرىپ ئۇلارغا ياردەم بەرمەكچى، — دېدى كوزنىشېف ئۇنىڭغا جاۋابەن.

— كىنەز ياردەم توغرىسىدا گەپ قىلىۋاتقىنى يوق، — دېدى لېۋىن قېيناتىسىنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ، — ئۇرۇش توغرىسىدا گەپ قىلىۋاتىدۇ. يىغىپ كەلگەندە، شەخسلەر ھۆكۈمەتنىڭ رۇخسىتىسىز ئۇرۇشقا قاتنىشالمايتتىغۇ، دېمەكچى.

— كونستانتىن، دىققەت قىل، يەنە بىر ھەرە ئۇچۇپ يۈرىدۇ!

راست دەۋاتمەن، ئۇ بىزنى چېقىۋالمىسۇن يەنە، — دېدى دوللى ئۇچۇپ يۈرگەن بىر ياۋا ھەرىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ.

— ئۇ ھەسەل ھەرىسى ئەمەس، ياۋا ھەرە، — دېدى لېۋىن.

— قېنى، قېنى، بۇ ئىشقا قارىتا سىزنىڭ مۇلاھىزىڭىز قانداقكىن، ئاڭلاپ باقسىلى؟ — دېدى كاتاۋاسوف كۈلۈپ تۇرۇپ لېۋىنغا. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ مۇنازىرە قوزغىماقچى بولۇۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى، — كىشىلەر نېمە ئۈچۈن ھۆكۈمەتنىڭ رۇخسىتىسىز ئۇرۇشقا قاتناشسا بولمايدۇ؟

— مېنىڭچە، بىرىنچى، ئۇرۇش ئىنسانلارنىڭ ئۇرۇقىنى قۇرۇتىدىغان رەھىمسىز ھەرىكەت، ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادەتتىكى بىر خرىستىئان ئۈستىگە ئالالمايدۇ، پەقەت ھۆكۈمەتلا ئۈستىگە ئالالايدۇ ھەم ئۇ ئۇنىڭدىن ساقلىنىمەن دەپمۇ ساقلىنالمايدۇ. ئىككىنچى، پەن جەھەتتىن ياكى ئاددىي ساۋات جەھەتتىن قارىغاندىمۇ، دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىدا، بولۇپمۇ ئۇرۇش ئىشلىرىدا شەخسلەر ئۆزىنىڭ ئىشلىرىدىن ۋاز كېچىشلىرى كېرەك.

كوزنىشېف بىلەن كاتاۋاسوف ئۆزلىرىنىڭ ئويلاپ قويغان پاكىتلىرى ئارقىلىق بىرلا ۋاقىتتا ئۇنىڭغا قارشى چىقتى.

— گەپ دەل مەشەدە، بۇرادەر! بەزىدە ھۆكۈمەت گراژدانلارنىڭ خاھىشلىرى بويىچە ئىش قىلالمىغاندا، جەمئىيەت ئۆزىنىڭ پوزىتسىيىسىنى بىلدۈرۈشى كېرەك.

كوزنىشېف ئۇنىڭ كۆرسەتكەن بۇ سەۋەبلىرىگە قوشۇلالمايتتى. شۇڭا، ئۇ كاتاۋاسوفنىڭ بۇ گېپىگە قوشۇمىسىنى تۇرۇپ، ئۇنىڭغا قوشۇلمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

— مەسىلىنى بۇنداق قويساق بولمايدۇ. بۇ يەردە ئۇرۇش ئېلان قىلىش - قىلماسلىق مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس. كىشىلەر پەقەت ئىنسانىي بۇرچلىرىنى، خرىستىئانلارغا خاس

ھېسسىياتلىرىنى بىلدۈرۈشۈۋاتىدۇ، خالاس. ئۇلار بىزنىڭ قېرىنداشلىرىمىزنى، دىنداشلىرىمىزنى قىرغىن قىلىۋاتىدۇ. قېرىنداشلىرىمىز، دىنداشلىرىمىز بولماي، باشقا تائىپىدىكى باللار، ئاياللار، قېرى - چۆرىلەر بولسىمۇ، ئۇلارنى قۇتقۇلدۇرماي بولمايدۇ. ھەممىنىڭ غەزىپى تەڭ تۇتقاندا، رۇس خەلقى ئۇ زوراۋانلىقلارنى چەكلەشكە بىردەك ئاتلىنىدۇ. مەسىلەن، سەن كوچىدا كېتىۋېتىپ، بىر مەستىنىڭ بىر ئايال كىشىنى ياكى بىر كىچىك بالىنى ئۇرۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرسەڭ، ئۇ ئادەمگە ئۇرۇش ئېلان قىلىنغانمۇ، يوق، دەپ سوراپ ئولتۇرمايلا بېرىپ كانىيىدىن ئېلىپ، بوزەك قىلىنغان ئۇ ئادەملەرنى قوغدىغان بولاتتىڭ.

— لېكىن، مەن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتمەيتتىم، — دېدى لېۋىن.

— ياق، سەن ئۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتەتتىڭ.

— ئۇنىڭغا بىرنېمە دېيەلمەيمەن. شۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كېلىپ قالسام ھېسسىياتىمغا بېرىلىپ كېتىشىممۇ مۇمكىن، ئەمما بۇنىڭغا ئالدىن بىرنېمە دېيەلمەيمەن. سلاۋيانلارنىڭ ئېزىلىشكە ئۇچراۋاتقانلىقىنى كۆرسەم، ھېسسىياتقا بېرىلىپ كەتمەسلىكىممۇ مۇمكىن.

— ئېھتىمال، سەن ئۇنداق بولماسسەن، ئەمما باشقىلار شۇنداق بولىدۇ، — دېدى كوزنىشېف ئۇنىڭ سۆزلىرىگە نارازى بولۇۋاتقاندەك قاپىقىنى تۈرۈپ، — خەلق ئارىسىدا پراۋسلاۋلارنىڭ «بىدئەت ئىسلاملار» تەرىپىدىن ئېزىلىۋاتقانلىقى توغرىسىدا تارقالغان گەپ - سۆزلەرمۇ ئاز ئەمەس. خەلق ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتتە قالغىنىنى ئاڭلىسا ئورنىدىن دەس تۇرماي قالمايدۇ.

— بەلكىم شۇنداقتۇر، — دەپ مۇجمەللا جاۋاب بەردى لېۋىن، — ئەمما مەن ئۇنداق ئىشنى كۆرۈپ باقمىدىم، مەنمۇ خەلق، لېكىن مەن ئۇنى سەزمىدىم.

— مەنمۇ خۇددى شۇنداق، — دېدى قېرى كىنەز، — مەن چەت ئەلدە تۇرغان ۋاقتىمدا گېزىتلەرنى ئوقۇپ تۇردۇم، ئەمما راستىمنى دېسەم، نېمىشقا ھەممە رۇسلارنىڭ بىردىنلا سلاۋىيان قېرىنداشلىرىمىزغا ئامراق بولۇپ قالغىنىنى، ئۆزۈمدە بولسا ئۇلارغا قارىتا ھېچقانداق مۇھەببەتنىڭ يوقلۇقىنى بۇلغارىيە پاجىئەسىدىن بۇرۇن زادىلا چۈشەنمەي يۈرەتتىم. شۇ چاغلاردا كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ، مەن باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان غەلىتە بىر مەخلۇقمۇ ياكى كارلىسبادنىڭ مىنېرال سۈيى مېنى مۇشۇنداق قىلىپ قويدىمۇ، دەپ ئويلاپ كەتتىم. كېيىن رۇسىيىگە قايتىپ كېلىپ كۆڭلۈم تىنچىپ قالدى، قارىسام، سلاۋىيان قېرىنداشلارنىڭ غېمىنى يېمەي، رۇسلارنىڭلا غېمىنى يەۋاتقان كىشىلەر مەنلا ئەمەس ئىكەنمەن، مانا، كونستانتىنمۇ شۇ.

— بۇ مەسىلىدە شەخسىي پىكىرنىڭ سالمىقى يوق، — دېدى كوزنىشېف، — پۈتۈن رۇسىيە ئۆزىنىڭ خاھىشىنى بىلدۈرۈپ تۇرغاندا، شەخسنىڭ پىكرى ئۇنىڭ ئالدىدا نېمىدى.

— كەچۈرۈڭ، مەن ئۇنى ھازىرغىچە كۆرۈپ باقمىدىم. خەلق بۇنداق ئىشنىڭ بارلىقىنى زىنھار بىلمەيدۇ، — دېدى قېرى كىنەز.

— ياق، دادا ... نېمىشقا بىلمەيدۇ؟ يەكشەنبە كۈنى چېركاۋدا شۇ توغرۇلۇق گەپ بولغاننى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ — دېدى ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان دوللى گەپ قىستۇرۇپ، — ماڭا بىر قولياغلىق بېرىڭلارچۇ، — دېدى ئۇ يەنە كەينىگە قاراپ بالىلىرىغا، ئاندىن دادىسىغا يەنە گەپ قىلدى، — ھەممە ئادەمنىڭ تەڭ بىلىپ كېتىشىمۇ ...

— يەكشەنبە كۈنى چېركاۋدا نېمە ئىش بولدى؟ پوپقا بىر نېمىنى ئوقۇپ بېرىسەن، دەپ بۇيرۇق چۈشۈرۈپتىكەن، ئوقۇپ بەردى شۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ نېمە ئوقۇغىنىنىمۇ بىلمەيدۇ، ئادەتتە

ۋەز ئېيتقاندەك ئوقۇدى، كەينىدىن چوڭقۇر بىر تىنىپ قويدى، — دېدى قېرى كىنەز يەنە، — كېيىن ئۇلار ساۋابلىق ئىشلارغا پۇل ئىئانە قىلىڭلار، دېدى. ھەممىمىز بىر كوپپېكتىن تاشلىدۇق، نېمىگە تاشلىغىنىمىزنى ھېچقايسىمىز بىلمەيمىز.

— خەلقنىڭ بىلمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس، خەلق ئۆزىنىڭ تەقدىرىگە دائىم كۆڭۈل بۆلۈپ تۇرىدۇ، مانا، ھازىرقىدەك كۈنلەردە شۇنداقلىقى ئېپادىلىنىپ تۇرۇپتۇ، — دەپ ئىشەنچلىك ئېيتتى كوزنىشېۋ ھەسەل ھەرىچى بوۋايغا قاراپ تۇرۇپ.

قاش - كۆزلىرى جايىدا، ئېگىز بوي، چاچلىرى ئاپئاق ئاقارغان، ساقىلىغا ئاق ئارىلىغان ئۇ بوۋاي قولىدا بىر ئىستاكان ھەسەل، مىدىر قىلماي، ئولتۇرغان جانابلارغا مېھرىبانلىق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىنى جىمجىت تىكىپ تۇراتتى، تۇرقىدىن ھېچنېمىنى چۈشەنمىگەنلىكى، چۈشىنىشنىمۇ خالىمايدىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— ھەقىقەتەن شۇنداق، — دېدى ئۇ كوزنىشېفنىڭ سۆزىگە جاۋابەن بېشىنى مەنىلىك چايقاپ قويۇپ.

— سىز ئۇنىڭ ئۆزىدىن سوراپ بېقىڭ، ئۇ ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ، بىلىشنىمۇ ئويلىمايدۇ، — دېدى لېۋىن، — مىخايلىچ، ئۇرۇش بولۇۋاتقىنىنى ئاڭلىدىڭمۇ؟ — سورىدى لېۋىن بوۋايدىن، — دەپ باقە، چېركاۋدا سىلەرگە نېمە ئوقۇپ بەردى؟ سەن قانداق ئويلىدىڭ؟ بىز خرىستوس ئۇچۇن ئۇرۇشساق بولامدۇ؟

— بىز نېمىنى ئويلايتتۇق؟ ئىمپېراتورىمىز ئالېكسېي نىكولايېۋىچ بىز ئۇچۇن ئويلايدۇ، ئۇنىڭ بىز ئۇچۇن ئويلىمايدىغان ئىشى يوق، بىزگە قارىغاندا ئۇ ھەممىنى ئېنىق كۆرۈپ تۇرىدۇ. بولكىدىن يەنە ئېلىپ كېلەيمۇ؟ بۇ بالىغا ئازراق ئەكېلىپ بېرەيچۇ؟ — سورىدى ئۇ قولىدىكى بولكىنى يەپ بولغان

گىرشانى كۆرسىتىپ تۇرۇپ دولىلىدىن.

— سورىشىمىنىڭ ھاجىتى يوق، — دېدى كوزنىشېف، — بىز ھەققانىي ئىشلار ئۈچۈن بارلىق نەرسىلىرىنى تاشلاپ، رۇسىيىنىڭ ھەممە بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدىن كېلىۋاتقان مىليونلىغان كىشىلەرنى كۆرۈۋاتىمىز. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئوي - ئىستەكلىرىنى ئېنىق ئېيتىپ كېلىشىۋاتىدۇ، پۇل ئىئانە ئىشلىرىنىڭ، شەخسەن ئۆزلىرى ئاتلىنىشلىرىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلدۈرۈشۈۋاتىدۇ. خوش، بۇ زادى نېمىنى ئىپادىلەيدۇ؟

— بۇنىڭ ئىپادىلەيدىغىنى، مېنىڭچە، — دېدى لېۋىن ئازراق ھاياجانلىنىپ تۇرۇپ، — سەكسەن مىليون ئادەمنىڭ ئىچىدىن جەمئىيەتتە ئورنى يوق، پۇگاچېفنىڭ توپىغا قوشۇلۇشقىمۇ، خىۋاغا، سېربىيىگە ... بېرىشقىمۇ تەييار تۇرغان تەۋەككۇلچىلەر ھەر ۋاقىت يۈزلەپ ئەمەس، ئون مىڭلاپمۇ تېپىلىدۇ ...

— مەن ساڭا مىڭلىغان تەۋەككۇلچىلەر دېگىنىم يوق، ئۇلارنىڭ ھەممىسى خەلقنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىللىرى، — كوزنىشېف خۇددى ئاخىرقى بايلىقىنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشىۋاتقان ئادەمدەك كىرىشىپ سۆزلەپ كېتىۋاتاتتى، — يەنە تېخى پۇل، ماللىرىنى ئىئانە قىلىۋاتقانلارچۇ؟ مانا بۇلار پۈتۈن خەلقنىڭ ئىرادىسىنى ئىپادىلەپ تۇرۇپتۇ.

— «خەلق» دېگەن بۇ سۆزنىڭ ئىچىگە ئالىدىغانلىرى بەكمۇ كۆپ، — دېدى لېۋىن، — يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ كاتىپلىرى، مەكتەپلەرنىڭ مۇئەللىملىرى ۋە مىڭ دېھقاننىڭ بىرىلا ھازىر نېمە بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشىنىشى مۇمكىن. قالغان سەكسەن مىليون ئادەم بىزنىڭ مىخايلىچقا ئوخشاش ئۆزلىرىنىڭ ئىرادىلىرىنى بىلدۈرۈش بۇياقتا تۇرسۇن، نېمىگە ئىرادە بىلدۈرۈش كېرەكلىكىنىمۇ بىلمەيدۇ. ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، خەلقنىڭ ئىرادىسىدىن سۆز ئېچىشقا قانداق ھەققىمىز بار؟

# 16

مۇنازىرىگە ئۇستا كوزنىشىپ ئۇنىڭ سۆزلىرىگە دەررۇ رەددىيە بەرمەي، گەپنى باشقا ياققا بۇرىۋەتتى.

— ئەلۋەتتە، سەن خەلقنىڭ روھىنى ماتېماتىكىلىق ھېسابلاش يولى بىلەن بىلمەكچى بولساڭ، تۇرغان گەپ، بۇنى بىلىش ئىنتايىن قىيىن. بىزدە ئاۋازغا قويۇش چارىسى يولغا قويۇلغىنى يوق، يولغا قويۇلۇشىمۇ ھەم مۇمكىن ئەمەس، ئۇ بەرىبىر خەلقنىڭ خاھىشىنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ. ئەمما، ئۇنى بىلىشنىڭ باشقا يوللىرى بار، خەلقنىڭ كەيپىياتىدىن، كۆڭۈللىرىدىن بىلەلەيمىز. توختام ھالەتتىكى خەلق دېڭىزىنىڭ ئاستىدىكى شىددەتلىك ئېقىنلار توغرىسىدا دېمەيلا قويايلى، چۈنكى بۇنى نىيىتى دۇرۇس ئادەملەر ھېس قىلالايدۇ. سەن ھازىرقى جەمئىيەتكە نەزەر سېلىپ باق، دۇنيادىكى خىلمۇخىل گۇرۇھلارغا مەنسۇپ زىيالىيلار ئىلگىرى بىر ـ بىرىگە دۈشمەندەك ئۆتەتتى، ھازىر ئىتتىپاقلىشىپ بىر گەۋدىگە ئايلاندى، بارلىق ئىختىلاپلار تۈگىدى، ھەممە جامائەت ئورگانلىرى بىرلا نەرسە توغرىسىدا گەپ قىلىدىغان، ئىستىخىيىلىك بىر كۈچنىڭ ئۆزلىرىنى مەھكەم تۇتۇپ بىر يۆنىلىشكە باشلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدىغان بولدى.

— توغرا، ھازىر ھەممە گېزىتلەر بىر مۇقامغا تۇۋلايدىغان بولدى، — دېدى قېرى كىنەز، — بۇ پاكىت. ئەمما، ھەممە نەرسە بىردەك بولۇپ كەتسە، خۇددى گۈلدۈرمامىدىن ئىلگىرى ھەممە پاقا ئوخشاش ئاھاڭدا كوركىرىغاندەك بولۇپ قېلىپ، ئۇنىڭ نېمە دەپ كوركىراۋاتقانلىقىنى بىلىپ بولمايدىكەن.

— مەن گېزىت چىقارمىغاچقا، ئۇ گېزىتلەر پاقىغا ئوخشاپ قېلىۋاتامدۇ، يوق، بۇنى بىلمەيمەن ھەم ئۇ گېزىتلەر ئۇچۇنمۇ ياقا يىرتقۇم يوق. مەن پەقەت بارلىق زىيالىيلارنىڭ ھازىرقى بىر دىللىقى توغرۇلۇقلا گەپ قىلدىم.

لېۋىن ئۇنىڭ بۇ گېپىگە جاۋاب بېرەي دەپ تۇرغاندا، گەپنى قېرى كىنەز تارتىۋالدى.

— بىر دىللىق توغرىسىدىكى گەپكە قارىتا مېنىڭ ئازراق گەپ قىلغۇم كېلىۋاتىدۇ، — دېدى قېرى كىنەز، — مېنىڭ بىر كۈيئوغلۇم بار، ئىسمى ستېپان ئاركادىيېچ. ئاڭلىسام، ئۇ بىرنېمە دېگەن كومىتېتنىڭ ئەزالىق ئىشىنى تېپىپتۇدەك، ئۇ ئورۇننى نېمە دەيدىكىن، ئېسىمدە قالماپتۇ. ئۇنىڭ يېڭى تاپقان يېرىدە قىلغۇدەك ئىشمۇ يوقمىش — ھىم، دوللى، بۇ بىر مەخپىي ئىشمۇ ئەمەس جۇمۇ — يىللىق مائاشى سەككىز مىڭ رۇبلى ئىكەن. ئۇنىڭدىن ئۇ خىزمىتىنىڭ پايدىلىق خىزمەتمۇ، دەپ سوراپ بېقىڭلارچۇ، قانداق جاۋاب بېرىدىكىن. چوقۇم پايدىلىق خىزمەت، مۇھىم خىزمەت، دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئۇ ئۆزى دۇرۇس ئادەم، لېكىن بىز ئۇنىڭ شۇ ئىشنى قىلىشىدا ئاشۇ سەككىز مىڭ رۇبلىنىڭ رولى يوق دەپ ئېيتالمايمىز.

— ھە راست، ئۇ ماڭا دارىيە ئالېكساندروۋناغا شۇنداق بىر خىزمەتنى تاپقانلىقىنى ئېيتىپ قويۇشۇمنى تاپىلىغانىدى، — دېدى كوزنىشېۋ قېرى كىنەزنىڭ تۇتامى يوق گەپلىرىنى قىلغانلىقىدىن نارازى بولغاندەك قىلىپ.

— گېزىت - ژۇرناللاردا دېيىلىۋاتقان گەپلەرنىڭ بىر خىلدا ئىكەنلىكىمۇ راست. ئۇلارنىڭ دەپ بېرىشىچە، ئۇرۇش بولسا ئۇلارنىڭ دارامىتى بىر ھەسسە ئاشىدىكەن. شۇنداق ئىكەن، ئۇلارنىڭ خەلقنىڭ تەقدىرى بىلەن سلاۋيانلارنىڭ تەقدىرىگە ... باشقا ھەممە ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلمەسلىكلىرى مۇمكىنمۇ؟

— مەن نۇرغۇن گېزىتلەرنى ياخشى كۆرمەيمەن، لېكىن ئۇلار

توغرۇلۇق مۇنداق دېيىش ئادالەتسىزلىك، — دېدى كوزنىشېڧ.
— مەن پەقەت بىرلا شەرتنى قويىمەن، — دېدى قېرى كىنەز سۆزىنى داۋام قىلىپ، — ئالفونس كارنىڭ پروسسىيىگە قارشى ئۇرۇش قوزغاشنىڭ ئالدىدا قىلغان بىرنەچچە ئېغىز گېپى بەك قىزىق. ئۇ: «سىلەر ئۇرۇشتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ، دەپ ئويلامسىلەر؟ ناھايىتى ياخشى! ئۇرۇشنى كىم تەرغىب قىلغان بولسا، ئالاھىدە ئاۋانگارت ئەترەتكە شۇ قاتنىشىپ، ھەممىنىڭ ئالدىدا ھۇجۇمغا ئۆتسۇن!» دېگەنىكەن.
— ئۇنداق ئەترەتكە بىزنىڭ مۇھەررىرلىرىمىز قاتناشسا بولغۇدەك، — دەپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى كاتاۋاسوف ئۆزى بىلىدىغان مۇھەررىرلەرنىڭ ئاۋانگارت قوشۇندا كېتىۋاتقان ھالەتلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ.
— ئۇلار ئالدىنقى سەپكە بارار - بارمايلا قېچىپ كېتىشەر، — دېدى دوللى، — ئۇلار ئىشنى بۇزىدۇ شۇ.
— ئەگەر قېچىپ كېتىشسە، كەينىدىن ئاتىدۇ ياكى كازاكلارنى قامچا بىلەن كەينىدىن قويۇپ بېرىدۇ، — دېدى كىنەز.
— بۇ بىر چاقچاق گەپ، كىنەز، كەچۈرۈڭ، قوپال بولسىمۇ دەي، يارىماس چاقچاق، — دېدى كوزنىشېڧ.
— بۇ گەپتىن مەن ھېچقانداق چاقچاق سەزمىدىم. بۇ ... — لېۋىن ئەمدىلا گەپ قىلىپ تۇراتتى، كوزنىشېڧ ئۇنىڭ گېپىنىڭ بىلىگە تەپتى.
— جەمئىيەتنىڭ ھەر بىر ئەزاسىنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيەتلىرى بولىدۇ، — دېدى كوزنىشېڧ، — ئەقلىي ئەمگەك قىلغۇچىلارنىڭ مەجبۇرىيىتى جامائەت پىكرىنى ئىنكاس قىلىش، گېزىت - ژۇرناللارنىڭ مەجبۇرىيىتى بولسا جامائەت پىكرىنىڭ بىردەكلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە ئۇنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرىش. بۇ ئەلۋەتتە خۇشاللىنارلىق ئەھۋال. يىگىرمە

يىلنىڭ ئالدىدا بولغان بولسا بىز سۈكۈت قىلىپ تۇرغان بولاتتۇق، ھازىر بولسا زۇلۇم ئاستىدا قالغان قېرىنداشلىرىنى دەپ ئۆزلىرىنى قۇربان قىلىش ئۈچۈن بىر نىيەتتە ئورۇنلىرىدىن دەس تۇرۇشقا تەييار تۇرغان رۇس خەلقىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ تۇرۇپتىمىز. بۇ ئاجايىپ زور بىر قەدەم، زور بىر قۇدرەت.

— بۇ يالغۇز قۇربان بېرىشلا مەسىلىسى ئەمەس، يەنە تۈركلەرنىمۇ قىرىش كېرەك، — دېدى لېۋىن سەل جۈرئەتسىزلىنىپ، — خەلقنىڭ قۇربان بېرىشلىرى ياكى قۇربان بېرىشكە تەييار تۇرۇشلىرى ئۆزلىرىنىڭ روھىي ئەركىنلىكى ئۈچۈن، ئادەم ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئەمەس، — دەپ قوشۇپ قويدى ئۇ سۆھبەتنى بىلىپ - بىلمەي ئۆزىنى قاتتىق بەند قىلىپ تۇرۇۋاتقان ئوي - پىكىرلىرىگە باغلاپ.

— روھىي ئەركىنلىك ئۈچۈن دېگەن قانداق گەپ؟ تەبىئەتشۇناسلار بۇنداق گەپلەرنى ناھايىتى تەستە چۈشىنىدۇ. روھ دېگەن نېمە ئۆزى؟ — دېدى كاتاۋاسوف ھىجىيىپ قويۇپ.

— ئۇنىڭ نېمىلىكىنى سىز بىلىسىز.

— ھا - ھا - ھا، مەن راستىنلا ئازراقمۇ بىلمەيمەن، — دېدى كاتاۋاسوف قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ.

— خىرىستوس: «مەن تىنچلىق ئۈچۈن ئەمەس، يەر يۈزىدىكىلەرنىڭ قىلىچ ئوينىتىشلىرى ئۈچۈن كەلدىم»① دېگەنىكەن، — دېدى كوزنىشېفمۇ ئۇنىڭغا خۇددى «ئىنجىل» دىن مۇنداقلا مىسال ئالغاندەك قىلىپ. ئۇنىڭ ئۇ مىسالى لېۋىننى ئوڭايسىزلاندۇرۇپ قويدى.

— بۇ گەپ ھەق، — دېدى ئۇلارنىڭ يېنىدا ئۆرە تۇرغان قېرى كىنەز ئۆزىگە تاشلانغان كۆزلەرگە جاۋاب بېرىۋاتقاندەك قىلىپ.

— بولدى، بۇرادەر، يېڭىلدىڭىز، يېڭىلدىڭىز، ئۇزۇل -

① «ئىنجىل. مەتتەي ئىنجىل» 10 - سۇرە، 34 - ئايەت.

كېسەل يېڭىلدىڭىز ! — كاتاۋاسوف مەغرۇر توۋلاپ كەتتى.

لېۋىن يېڭىلگەنگە ئەمەس، بەلكى ئۆزىنى تۇتالماي ئۇلار بىلەن تالىشىپ قالغىنىغا شاپىدە قىزىرىپ كەتتى.

«ياق، مەن مۇنازىرىلىشىپ ئۇلارغا تەڭ كېلەلمىگۈدەكمەن، — ئويلىدى ئۇ، — ئۇلار ئوق ئۆتمەس پولات ساۋۇتقا ئورىلىۋالغان، مەن بولسام يالىڭاچمەن.»

لېۋىننىڭ ئاكىسى بىلەن كاتاۋاسوفنى قايىل قىلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى. ئۆزىنىڭ ئۇلارنىڭ قاراشلىرىغا قوشۇلۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ تەرغىب قىلىۋاتقىنى ئۇنى ھالاك قىلىشقا ئاز قالغان ئەقىل مەغرۇرلۇقى ئىدى. ئۇ پايتەختكە كەلگەن بىرنەچچە يۈز مەمەدان پىدائىيلارنىڭ يوغان گەپلىرىگە ۋە ئاكىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىرقانچە ئون ئادەمنىڭ ئۆزلىرىنى ۋە گېزىت - ژۇرناللارنى خەلقنىڭ ئىرادىسى ۋە پىكرى - خىياللىرىنى، يەنى قىساس ئېلىش ۋە ئادەم ئۆلتۈرۈش خىياللىرىنى ئىپادىلەپ بېرىشكە ھەقلىقمىز، دېگەنلىرىگە قوشۇلمايتتى. ئۇ يەنە داۋاملىق خەلق بىلەن بىللە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۇنداق ئىدىيىلەردە بولۇۋاتقانلىقلىرىنى سەزمىگەن بولغاچقا، ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدىدىنمۇ ئۇنداق ئىدىيىنى تاپالمايتتى (ئۇ ئۆزىنى رۇس خەلقىنى تەشكىل قىلغۇچى كىشىلەرنىڭ بىرى دەپ ھېسابلىماي تۇرالمايتتى). لېكىن، ئەڭ مۇھىم نەرسە، ئۇ ھەم خەلق ئومۇمىي پاراۋانلىقىنىڭ نېمە نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى ۋە ئۇنى بىلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى، بىلىدىغىنى پەقەت كىشىلەرنىڭ ئالدىدا تۇرغان خەير - ساخاۋەت پرىنسىپلىرىغا قەتئىي ئەمەل قىلغاندىلا پاراۋانلىققا ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقى ئىدى. شۇ سەۋەبلىك ئۇ ئۇرۇشنى خالىمايتتى، ئۇرۇشنى كۆككە كۆتۈرمەيتتى. ئۇ ۋە مىخايلىچ رىۋايەتتىكى شىمالىي ياۋروپادىكى كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ قەبىلە باشلىقىنى رۇسىيىگە كېلىپ ئۆزلىرىگە ھۆكۈمرانلىق

قىلىشقا تەكلىپ قىلغان سلاۋيانلارغا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇلار شۇنداق دېگەن: «كېلىپ بىزگە كىنەز بولۇپ ھۆكۈمرانلىق قىلىسىڭىز، سىزگە تولۇق ئىتائەت قىلاتتۇق. ھەرقانداق ئېغىر ئەمگەك، ھەرقانداق خورلۇق ۋە ھەرقانداق قۇربان بېرىشلەرگە چىدايمىز. ھېچقانداق ئىشقا ھۆكۈم چىقارمايمىز، قارار قىلمايمىز.» ئەمدى خەلق كوزنىشېف ئېيتقاندەك، شۇنچىلىك قىممەتكە توختىغان ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىشلىرى كېرەك ئىدى.

لېۋىن يەنە: «ئەگەر جامائەت پىكرى ئەڭ ئادىل سودىيە بولىدىغان بولسا، نېمىشقا ئىنقىلاب بىلەن كوممۇنا سلاۋيانلارنى قوللىغان ھەرىكەتلەرگە ئوخشاش قانۇنلۇق ھېسابلانمايدۇ» دېگەن گەپنى قىلماقچىدى، لېكىن بۇنداق پىكىرلەرنىڭ ھېچنېمىنى ھەل قىلالمايدىغان پىكىرلەر ئىكەنلىكىنى ئويلاپ بولدى قىلدى. ئەمدى ھازىر بىرنەرسە ئېنىق بولۇپ قالدى. كوزنىشېف بۇ مۇنازىرىدە تېرىكىپ قېلىۋاتاتتى. شۇڭا، مۇنازىرىنى داۋاملاشتۇرۇۋەرسە ياخشى بولمايتتى، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ لېۋىن جىم بولۇپ، مېھمانلارغا قارا بۇلۇت كېلىۋاتىدۇ، يامغۇر چۈشمەستە ئۆيگە بېرىۋالايلى، دېدى.

## 17

قېرى كىنەز بىلەن كوزنىشېف ھارۋىغا ئولتۇرۇپ، قالغانلار پىيادە، ئۆيگە قاراپ ئىلدام يول ئالدى.

بىردەم ئاق، بىردەم قارا بولۇپ تۇرغان بۇلۇتلار ئاسماننى شۇنچىلىك ئىتتىك قاپساپ كېلىۋاتاتتىكى، يامغۇر چۈشكۈچە ئۆيگە بېرىۋېلىش ئۈچۈن تېخىمۇ ئىلدامراق مېڭىشقا توغرا

كەلدى. ئالدى تەرەپتىن پەس بېسىپ كېلىۋاتقان قاپقارا ئىسقا ئوخشاش بۇلۇتلار ناھايىتى تېز كېلىۋاتاتتى. ئۆيگە ئىككى يۈز قەدەمچە قالغاندا شامال كۆتۈرۈلۈپ، يامغۇرنىڭ قۇيۇۋېتىشى ئېنىق بولۇپ قالدى.

باللار خۇشال چىرقىرىشىپ ھەممىنىڭ ئالدىدا چېپىپ كېتىشىۋاتاتتى. كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكى پۇتلىرىغا يۆگىشىپ ئارانلا كېتىۋاتقان دوللى باللىرىدىن كۆزىنى ئۈزمەي يۈگۈرۈپ دېگۈدەك مېڭىۋاتاتتى. ئەرلەر بىر قولىدا شلەپىلىرىنىڭ گىرۋىكىنى تۇتۇشۇۋېلىپ چوڭ ـ چوڭ قەدەم تاشلاپ مېڭىشاتتى. يوغان بىر تامچە يامغۇر قاڭالتىر نورغا «تاق» قىلىپ چۈشۈپ چاچراپ كەتكەن چاغدا، ئۇلار ھەممىسى پەلەمپەينىڭ ئالدىغا كېلىپ بولۇشقانىدى. باللارمۇ، چوڭلارمۇ خۇشال كۈلۈشۈپ ئۆگزىنىڭ لەمپىسى ئاستىغا كىرىۋېلىشتى.

— كاتېرىنا ئالېكساندروۋنا قېنى؟ — دەپ سورىدى لېۋىن ئۇلارنى دالاندا كۈتۈۋالغان ئاگافيەدىن. ئۇنىڭ قولىدا ياغلىق، روماللار تۇراتتى.

— بىز تېخى ئۇنى سىلەر بىلەن بىللە دەپ ئويلاپتۇق.

— مىتەچۇ؟

— ئۇلار چوقۇم كولوكتا، بالا باققۇچىمۇ ئۇلار بىلەن بىللە.

لېۋىن رومالLARنى ئاگافيەنىڭ قولىدىن يۇلۇۋېلىپ، كولوكقا قاراپ ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كەتتى.

قارا بۇلۇتلار بىر پەستىلا قۇياشنى توسۇپ، زېمىن خۇددى كۈن تۇتۇلغاندەك قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالدى. بوران شىددەت بىلەن چىقىۋاتاتتى، لېۋىن تۇرۇپ ـ تۇرۇپ بوراندا سەنتۈرۈلۈپ كېتەتتى. بوران تېرەكلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىنى، گۈللەرنىڭ بەرگلىرىنى يۇلۇۋېلىپ ئاسمانغا ئاچىقىپ كېتىۋاتاتتى. قېيىن دەرەخلىرىنىڭ شاخلىرىنى ھەريان ئېگىپ غەلىتىلا قىلىپ قويۇۋاتاتتى، ئاكاتسىيە، قېرىقىز ۋە باشقا كوكاتلارنى،

دەرەخلەرنىڭ ئۇچىلىرىنى بىر يانغا ياتقۇزۇۋېتىۋاتاتتى. باغدا ئىشلەۋاتقان قىزلار چىرقىرىشىپ ئۆگزىنىڭ لەمپىسى ئاستىغا كىرىۋېلىشتى. يامغۇرنىڭ ئاق پەردىسى ئۇزاقتىكى ئورماننى تولۇقى بىلەن، يېقىن ئەتراپتىكى دالانىڭ يېرىمىنى قاپلاپ، ئەمدى كولوك تەرەپكە قاراپ ناھايىتى تېز سىلجىپ كېتىۋاتاتتى. بايىقى يوغان ـ يوغان تامچىلار ئەمدى ئۇششاق تامچىلارغا ئايلىنىپ ئاسماننى بىر ئالغانىدى.

لېۋىن ئالدىغا ئېڭىشىپ، قولىدىكى روماللارنى يۇلۇۋالۋالماقچى بولۇۋاتقان بورانغا بوي بەرمەي يۈگۈرۈپ بىردەمدىلا كولوكقا يېتىپ باردى. دەل شۇ چاغدا، ئۇ بىر تۈپ دوپ دەرىخىنىڭ كەينىدىن ئاپئاق بىرنەرسىنىڭ يالت قىلىپ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى كۆردى، كەينىدىنلا بېشى ئۈستىدىكى ئاسمان يېرىلىپ كېتىۋاتقاندەك دەھشەتلىك بىر گۈلدۈرلەش ئاڭلىنىپ، شۇئان زېمىننى ئوت قاپلاپ كەتكەندەك بولدى. لېۋىن چاقماق چاققاندا يۇمۇلۇپ كەتكەن كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، ئۆزى تۇرغان جاي بىلەن كولوكنىڭ ئارىلىقىغا يېتىپ كەلگەن قېلىن يامغۇر پەردىسىدىن ئالدى بىلەن ئورماننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزىگە تونۇشلۇق دوپنىڭ يېشىل ئۇچىنىڭ غەلىتىلا ئېگىلىپ قالغانلىقىنى قورقۇنچ ئىچىدە كۆردى. «چاقماق چۈشۈپ ئۇنى سۇندۇرۇۋەتكەنمىدۇ؟» دېگەن ئوي لېۋىننىڭ كاللىسىغا كېلەر ـ كەلمەيلا، دوپنىڭ ئۇچى بارغانسېرى تېز ئېگىلىپ، بىردەمدىلا باشقا دەرەخلەرنىڭ ئىچىدە كۆزدىن يوقالدى، ئارقىدىنلا بۇ زور دەرەخنىڭ باشقا دەرەخلەرنىڭ ئۈستىگە قارسىلداپ يىقىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

چاقماق، گۈلدۈرماما ۋە بەدىنىدىكى بىر خىل تىترەك بىرلىشىپ، لېۋىننىڭ ۋۇجۇدىنى دەھشەتلىك بىر قورقۇنچ چىرمىۋالدى.

«ئاھ خۇدا ! ئاھ خۇدا ! ئۇ دەرەخ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە



چۈشمىگەن بولسىلا بولاتتىغۇ!» دېدى لېۋىن بوش پىچىرلاپ.

ئۇلارنىڭ غۇلاپ چۈشكەن ئۇ دوپىنىڭ تېگىدە قالماسلىقىنى خۇدادىن تىلەشنىڭ قانچىلىك كۈلكىلىك ئىش ئىكەنلىكىنى لېۋىن دەررۇ ھېس قىلغان بولسىمۇ، لېكىن شۇ بىمەنە دۇئادىن باشقا ئۇنىڭ ھېچقانداق ئىلاجى يوق ئىدى.

لېۋىن ئۇلار دائىم بارىدىغان يەرگە يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇلارنى ئۇ يەردىن تاپالمىدى.

ئۇلار ئورماننىڭ نېرىقى چېتىدە، بىر تۈپ قېرى لىپا دەرىخىنىڭ ئاستىدا ئىدى، ھەدەپ لېۋىننى چاقىرىشىۋاتاتتى. قارامتۇل كۆڭلەكتىكى (ئۇلار ئۆيدىن چىققانلىرىدا ئۈستىدە ئاقۇچراق كۆڭلەك بار ئىدى) ئىككى ئادەم بىر نېمىنىڭ ئۈستىدە ئېڭىشىپ تۇراتتى. ئۇلار كىتى بىلەن بالا باققۇچى ئىدى. لېۋىن ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلگەندە يامغۇر توختاپ، ھاۋا سۈزۈلۈپ قالغانىدى. بالا باققۇچىنىڭ ئېتەكلىرى قۇرۇق ئىدى، لېكىن كىتىنىڭ كىيىملىرى چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ، بەدىنىگە چاپلىشىپ كېتىپتۇ. يامغۇر توختىغان بولسىمۇ، ئىككىسى چاقماق چاققان چاغدا قانداق ھالەتتە تۇرغان بولسا، ھازىرمۇ شۇ ھالەتتە، ھەر ئىككىسى يېشىل كۈنلۈكى بار بالىلار ھارۋىسى ئۈستىدە ئېڭىشىپ تۇراتتى.

— ساقمۇ سىلەر؟ ھېچنېمە بولمىدىڭلارمۇ؟ خۇداغا شۈكۈر! — دېدى لېۋىن ئىچىگە سۇ توشۇپ كەتكەن ئۆتۈكى بىلەن سۇنى شالاپلىتىپ كېچىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىۋېتىپ.

چىرايى قىزىرىپ ۋە يامغۇردا ھۆل بولۇپ كەتكەن كىتى بېشى ئۈستىدىكى قىڭغىيىپ قالغان شىلەپىسىنىڭ تېگىدىن ئېرىگە ئۆيالغاندەك كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇراتتى.

— شۇمۇ ئىشمۇ! شۇنچىلىك بىخەستەلىك قىلغىنىڭغا ھەيرانمەن، — لېۋىن ئاچچىقى بىلەن خوتۇنىنى ئەيىبلەپ كەتتى.

— راست گەپنى قىلسام، بۇ ئىشتا مېنى ئەيىبلىسەڭ بولمايدۇ. بىز قايتايلى دەپ تۇراتتۇق، شۇ ئارىدا بالا يىغلاپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز بالىنىڭ زاكىسىنى يەڭگۈشلىدۇق، زاكىنى يەڭگۈشلەپ بولۇپ ئەمدىلا ماڭاي دەپ تۇراتتۇق ... — كىتى ئۆزىنى ئاقلاشقا باشلىدى.

— مىتە ساق ـ سالامەت، ھۆل بولۇپمۇ كەتمىدى، ھازىرغىچە ئويغانماي ئۇخلاۋاتىدۇ.

— خۇداغا شۈكۈر ! شۇ تۇرقىدا ئۆزۈمنىڭ نېمە دەۋاتقىنىمنىمۇ بىلمەيمەن.

ئۇلار ھۆل زاكىلارنى يىغىشتۇرۇپ بىر نېمىگە سالدى، بالا باققۇچى بالىنى كۆتۈرۈپ ماڭدى. لېۋىن خوتۇنىغا خاپا بولغىنىغا پۇشايمان قىلىپ، بالا باققۇچىغا سەزدۈرمەي، كىتىنىڭ يېنىدا كېتىۋېتىپ قولىنى سىقىپ قويدى.

# 18

لېۋىن شۇ كۈنى كەچكىچە ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىغا خۇشياقمىغاندەك ئارىلىشىپ ئولتۇردى. ئۇ ئۆزىنىڭ كۆڭلىدە يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەردىن ھەم ئۈمىدسىزلەنگەندەك، ھەم خۇشال بولغاندەك بىر خىل ھالەتتە ئولتۇراتتى.

يامغۇردىن كېيىن يەرلەر پاتقاق بولۇپ كېتىپ، تالاغا سەيلە قىلىپ چىقىشقا بولمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈپۈق تەرەپتە چاقماق توختىماي چېقىلىپ، قارا بۇلۇتلار ئايلىنىپ يۈرۈۋاتاتتى، شۇڭا ھېچكىم تالاغا چىقماي، بىر كۈننىڭ قالغان ۋاقتىنى ئۆينىڭ ئىچىدە ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولدى.

بايىقى تالاش ـ تارتىشلار ئەمدى بولمىدى، تاماقتىن كېيىن

ھەمميلەننىڭ كەيپىياتى ناھايىتى ياخشى ئىدى.

كاتاۋاسوف باشتا ھېچكىمنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان قىزىق گەپلىرى بىلەن ئاياللارنى كولدۇرۇپ ئولتۇرغانىدى، كېيىن كوزنىشېفنىڭ گېپى بىلەن ئەركەك چىۋىن بىلەن چىشى چىۋىننىڭ مىجەزلىرى ۋە سىرتقى كۆرۈنۈشلىرىنىڭ ئوخشاشمايدىغانلىقى ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرى ئۈستىدىكى قىزىقارلىق بايقاشلىرىنى سۆزلەپ بەردى. كوزنىشېفنىڭمۇ كەيپى چاغ ئىدى، ھەمميلەن چاي ئىچىپ ئولتۇرغاندا، ئىنىسىنىڭ تەلىپى بىلەن شەرقنىڭ ئىستىقبالى توغرىسىدا ئۆزىنىڭ قاراشلىرىنى سۆزلىدى. ئۇ شۇنچىلىك ئاددىي ھەم چۈشىنىشلىك سۆزلىگەچكە، ھەمميلەن ئۇنىڭ گەپلىرىنى قىزىقىپ ئاڭلىدى.

پەقەت كىتىلا ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاخىرىغىچە ئاڭلىيالمىدى، ئۇنى مىتەنى يۇيۇندۇرۇشقا چاقىرىپ ئاچىقىپ كېتىشكەنىدى.

كىتى چىقىپ كېتىپ بىرنەچچە مىنۇت ئۆتەر - ئۆتمەيلا، لېۋىننىمۇ بالىنىڭ ئۆيىگە چاقىرىشتى.

لېۋىن قولىدىكى ئىستاكاننى قويۇپ، قىزىق گەپلەرنى ئاڭلىيالماي قالغانلىقىدىن ئەپسۇسلىنىپ ھەم بىر ئىش بولمىغاندۇ، دېگەن ئەنسىزلىك بىلەن ـــ بىرەر ئىش بولمىسا ئۇنى چاقىرمايتتى ـــ بالىسىنىڭ ئۆيىگە چىقىپ كەتتى.

ئۇ ئاكىسىنىڭ قىرىق مىليون سلاۋىيانىنىڭ رۇسلار بىلەن بىللە تارىختا يېڭى بىر دەۋر ئېچىشلىرى توغرىسىدا سۆزلەۋاتقان يېڭى نەزەرىيىسىگە شۇنچىلىك قىزىقسىمۇ، لېكىن خوتۇنىنىڭ چاقىرتىشى بىلەن تەڭ پەيدا بولغان ئەنسىزلىك ئۇنى سۆرەپ ئاچىقىپ كەتتى. مېھمانخانىدىن چىقىپ ئۆزى يالغۇز قالغاندا، ئەتىگەن ئويلىغان ئويلىرى دەررۇ ئېسىگە كەلدى. سلاۋىيانلارنىڭ تارىختا ئوينىغان رولىنى ئۆزىنىڭ كاللىسىغا كەلگەن پىكىرلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇلار ئەرزىمەسلا بىرنېمە بولۇپ چىقىپ، نەتىجىدە ئۇلار توغرىسىدىكى ئويلىرىنى شۇئان ئۇنتۇپ، بۈگۈن

ئەتىگەندىكى كەيپىياتىغا ياندى.

ئۇ بۇرۇنقىدەك ھەممە ئوي - پىكىرلىرىنى باشتىن - ئاخىر ئەسلەپ ئولتۇرمىدى (ئۇنداق قىلىش ھاجەتسىز ئىدى)، پەقەت ئۆزىنى باغلاپ تۇرغان ئاشۇ پىكىرلەرگە باغلىق بولغان ھېسسىياتىغىلا بېرىلدى — ئۇ ھېسسىياتىنىڭ ئىلگىرىكىدىن تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى — ھازىر ئۇنىڭغا شۇ خىل ھېسسىياتقا ئېرىشىش ئۈچۈن بۇرۇنقىدەك ئۆزىگە تەسەللى بېرىش ۋە ئوي - پىكىرلىرىنىڭ پۈتۈن جەريانىنى ئەسلەپ چىقىش ھاجەتسىز ئىدى. ئەكسىچە ھازىر ئۇنىڭدىكى خۇشاللىق ۋە خاتىرجەملىك ئىلگىرىكىدىنمۇ كۈچلۈك بولۇپ، پىكىرلىرى ئەمدى ئۇنىڭ ھېس - تۇيغۇلىرىغا يېتىشىپ بولالمايۋاتاتتى.

ئۇ پېشايۋاندىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، قاراڭغۇلۇق بېسىۋاتقان ئاسمان بوشلۇقىدا پىلدىرلاپ تۇرغان ئىككى يۇلتۇزغا كۆزى چۈشكەندە، بۇگۈن ئەتىگەندىكى خىيالى بىردىنلا يادىغا كېلىپ ئويلىنىپ قالدى: «شۇنداق، مەن بۈگۈن ئاسمانغا قاراپ ئولتۇرۇپ، كۆزۈم كۆرۈپ تۇرغان كائىناتنىڭ خىيالىي نەرسە ئەمەسلىكىنى، بەزى نەرسىلەرنىڭ تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى، بەزى ئىشلارغا يۈزلىنىشكىمۇ ئادەمنىڭ جۈرئىتى يەتمەيدىغانلىقىنى، ئەمما ئۇلارغا قارشى تۇرۇپ بولمايدىغانلىقىنى، كۆپ ئويلانغاندا ھەممە ئىشلارنىڭ ئېنىق بولىدىغانلىقىنى ئويلىغانىدىم.»

ئۇ بالىسىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ بولۇپ، تۇيۇقسىز، ئۆزى يۈزلىنەلمەيدىغان ئىشنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى بىلگەندەك بولدى. ئۇ ئەگەر خۇدانىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ پاكىتى ئۇ بېشارەت بەرگەن ساخاۋەت بولىدىغان بولسا، نېمىشقا ئۇ بۇ بېشارەتنى پەقەت بىر خىرىستىئان دىنىغىلا بېرىدۇ؟ بۇددا دىنى بىلەن ئىسلام دىنىمۇ كىشىلەرنى ساخاۋەت يولىغا باشلايدىغان تۇرسا،

بۇ بېشارەتنىڭ ئۇلار بىلەن مۇناسىۋىتى يوقمۇ، دېگەن مەسىلە ئىدى.

ئۇ بۇ مەسىلىگە جاۋاب تاپقاندەك بولدى، لېكىن بالىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ بولغان بولغاچقا، ھازىر ئۇنى ئۆزىگە ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بولالمايتتى.

يېڭىنى جەينىكىگىچە تۈرۈۋالغان كىتى بالىسى سۇنى شالاپلىتىپ ئويناۋاتقان ۋاننىنىڭ يېنىدا ئۆرە تۇراتتى، ئېرىنىڭ قەددىم تىنۈشىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا يۈزلەندى ۋە كۈلۈمسىرىشى بىلەن ئۇنى بالىنىڭ قېشىغا كېلىشكە ئىما قىلدى. ئاندىن ئېڭىشىپ، بىر قولىدا سۇنىڭ ئىچىدە پۈت ـ قوللىرىنى جىم تۇتماي تېپىچەكلەپ ئويناۋاتقان بالىنىڭ بېشىنى ئاستىدىن كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، يەنە بىر قولىدىكى بۇلۇت بىلەن بەدىنىنى يۇيۇشقا باشلىدى، ھەربىر ھەرىكىتىدە بىلىكىنىڭ مۇسكۇللىرى رىتىملىق ھەرىكەتلىنىپ تۇراتتى.

ـــ ھەي، قاراڭ، قاراڭ، ـــ دېدى كىتى ئېرى يېنىغا كەلگەندە، ـــ ئاگافيەنىڭ دېگىنى توغرا چىقىپ قالدى، ئۇ بىزنى تونۇيدىغان بوپتۇ.

مىتە بۈگۈندىن باشلاپ ھەممە تۇغقانلىرىنى راستتىنلا تونۇشقا باشلاۋاتاتتى.

لېۋىن ۋاننىنىڭ يېنىغا كەلگەندە، كىتى بالىغا دادىسىنى كۆرسەتكەنىدى، راست دېگەندەك، ئۇ دادىسىنى تونۇدى، ئاندىن ئۇلار ئاشپەز ئايالنى چاقىرىپ كىرىپ بالىغا يېقىن ئېڭىشتۈرگەنىدى، بالا خاپا بولۇپ قالغاندەك قاپاقلىرىنى تۈرۈپ بېشىنى چايقىدى، كىتى ئېڭىشىۋىدى، ۋىلىقلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە كىتىنىڭ قولىدىكى بۇلۇتنى تۇتۇۋالدى، لەۋلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ، ئاغزىدىن غەلىتە بىر ئاۋاز چىقاردى. ئۇنىڭ بۇ قىلىقلىرىنى كۆرۈپ، كىتى، بالا باققۇچى، ھەتتا لېۋىنمۇ قىن ـ قىنىغا پاتماي قىلىشتى.

بالا باققۇچى بوۋاقنى بىر قولى بىلەن تۇتۇپ ۋاننىدىن چىقىرىۋېلىپ، پاكىز سۇ بىلەن بىر چايقىۋەتتى ــ دە، ئاندىن چوڭ بىر لۆڭگىگە ئوراپ بەدىنىنى سۈرتتى. بۇ جەريانلاردا ئۇ چىرقىراپ خېلىلا قاتتىق يىغلاپ باقتى، لېكىن بالا باققۇچى يىغلىغىنىغا قارىماي ئىشىنى قىلىۋېرىپ، ئاخىرىدا ئۇنى ئاپىسىنىڭ قولىغا بەردى.

— ۋاھ، بالىمىزغا مېھرىڭ چۈشۈشكە باشلىغىنىغا تولىمۇ خۇشالمەن، — دېدى كىتى ئادەتتە ئولتۇرىدىغان يېرىگە كېلىپ ئولتۇرۇپ بالىنى ئېمىتكەچ ئېرىگە، — راست، ناھايىتى خۇشالمەن. ئۆتكەن كۈنى بالىغا ھېچ مېھرىم چۈشمەيۋاتىدۇ، دېگەن گېپىڭنى ئاڭلاپ بەكمۇ قورققانىدىم.

— ياقەي، مېھرىم چۈشمەيۋاتىدۇ، دېگەن گەپنى قىلمىغانىدىمەن؟ كۆڭلۈمدە بىر خىل خىرەلىك بار، دېدىم.

— نېمە، بالىدىن كۆڭلۈڭ خىرە بولغانمۇ؟

— ياق، بالىدىن ئەمەس، ئۆزۈمنىڭ تۇيغۇمدىن. مېنىڭ ئۈمىدىم چوڭ ئىدى، كۆڭلۈمدە كۈتۈلمىگەن بىر خۇشال تۇيغۇ پەيدا بولىدۇ، دەپ ئۈمىد قىلاتتىم، ئەكسىچە يىرگىنىش، ئېچىنىش ھېس قىلىپ قالدىم ...

كىتى ئېرىنىڭ گەپلىرىگە دىققەت بىلەن قۇلاق سالغاچ، بايا ئوغلىنى يۇيۇندۇرغاندا ئېلىۋەتكەن ئۈزۈكلىرىنى تاقىۋالدى.

— ئەڭ مۇھىمى، بالىغا ئېچىنىش، ئۇنىڭ ھاياتى توغرىسىدا ئەنسىرەش كۆپرەك بولدى. بۈگۈنكى قاتتىق يامغۇردىن كېيىن مەن ئۇنى ياخشى كۆرىدىغىنىمنى تېخىمۇ ئېنىق بىلدىم.

كىتىنىڭ چىرايىدا خۇشال كۈلكە پارلاپ كەتتى.

— شۇ چاغدا سىز قورقتىڭىزمۇ؟ — دېدى كىتى، — مەن شۇنچىلىك قورقتۇم، ھازىر ئويلىسام شۇ چاغدىكىدىنمۇ بەكرەك قورقۇپ كېتىمەن. بېرىپ ئاشۇ دوپنى كۆرۈپ كېلەيمىكىن دەيمەن. كاتاۋاسوف بەك قىزىق ئادەم ئىكەن ــ ھە ! ئومۇمەن،

بۈگۈن بىر كۈنىمىز ئاجايىپ مەنىلىك ئۆتتى. سەن خۇشال چاغلىرىڭدا ئاكاڭ سىرگېي ئىۋانوۋىچقا بەك ياخشى مۇئامىلە قىلىدىكەنسەن ... ئەمدى ئۇلارنىڭ قېشىغا كىرگىن، بۇ يەر بالىنى يۆيۈندۈرغۇچە ئىسسىپ كەتتى ...

## 19

لېۋىن بالىنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ ئۆزى يالغۇز قالغاندا، تېخىچە كاللىسىدا ئېنىق ئايدىڭلىشىپ كەتمىگەن ئاشۇ خىياللىرىغا يەنە تېزلا بېرىلىپ كەتتى.

ئۇ مېھمانلارنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرۇۋاتقان مېھمانخانىغا كىرمەي، پېشايۋاندا ۋادەككە يۆلىنىپ ئاسمانغا قاراپ تۇرۇپ قالدى.

ئاسماننى قاراڭغۇلۇق باسقان، ئۇ قاراپ تۇرغان جەنۇب تەرەپتە بىر پارچىمۇ بۇلۇت يوق. يىراقتىن گۈلدۈرمامىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ، ئاندا ـ ساندا چېقىلغان چاقماقنىڭ يورۇقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. لېۋىن باغدىكى لىپا دەرەخلىرىدىن بىر خىلدا چىپىلداپ چۈشۈپ تۇرغان يامغۇر تامچىلىرىنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سالغاچ، ئۈچ بۇلۇڭ ھاسىل قىلىپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا، تارماقلىرى مۆرەككەپ سامانيولىغا قاراپ تۇراتتى. ھەر قېتىم چاقماق چاققاندا يالغۇز سامانيولىلا ئەمەس، چاقناپ تۇرغان باشقا يۇلتۇزلارمۇ بىردىنلا يوقاپ كېتىپ، چاقماق ئۆچۈشى بىلەن تەڭ، خۇددى سېھىرگەر ئالىقىنىغا ئېلىپ تۇرغان يۇلتۇزلارنى ئاسمانغا قارىتىپ چېچىۋەتكەندەك، يەنە بىردىنلا ئۆز ئورۇنلىرىدا پەيدا بولۇپ قالاتتى.

«مېنىڭ كۆڭلۈمنى پاراكەندە قىلىپ تۇرۇۋاتقان نەرسە زادى

نېمىدۇ؟» دەپ ئۆزىدىن ئۆزى سوراپ قويدى لېۋىن. گەرچە ئېنىق بولمىسىمۇ، كۆڭلىدە ئۇ سوئالىغا جاۋاب تاپقاندەكمۇ قىلاتتى.

«شۇنداق، تەڭرىمنىڭ شۈبھىسىزلىكىنىڭ ئىپادىسى بېشارەت ئارقىلىق ئىنسانلارغا خەير - ساخاۋەت يوللىرىنى بىلدۈرگەنلىكىدە. ئۇنىڭ يوللىرىنى مەنمۇ كۆڭلۈمدە سېزىپ تۇرۇپتىمەن ھەم ئۇنى ئېتىراپمۇ قىلىمەن — مەيلى خالاي - خالىماي — مەن چېركاۋ دەپ ئاتىلىدىغان ئاشۇ دىندارلار جەمئىيىتىگە ئۇيۇشقان ئادەملەرنىڭ بىرىمەن. يەھۇدىيلار، مۇسۇلمانلار، كۇڭزىچىلار، بۇتپەرەسلەرچۇ؟ ئۇلار زادى قانداق ئادەملەر؟ — دېدى لېۋىن ئۆزىگە خەتەرلىك بولۇپ كۆرۈنىدىغان بۇ سوئالنى بېرىپ، — يۈز مىليونلىغان بۇ كىشىلەر تۇرمۇشتا بولمىسا بولمايدىغان ئۇ بەخت - سائادەتتىن نېمىشقا مەھرۇم بولۇشلىرى كېرەك؟ — ئۇ بىردەم جىمىپ كېتىپ، يەنە دەررۇلا ئۆزىنى ئوڭلىۋالدى، — لېكىن، مەن نېمە ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتىمەن؟ — دېدى ئۇ يەنە ئۆزىگە ئۆزى، — مەن ئىنسانلارنىڭ ھەر خىل ئېتىقادلىرى بىلەن تەڭرىنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە، تەڭرىنىڭ چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلار بىلەن تولغان كائىناتقا بەرگەن بېشارەتلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتىمەن. مەن زادى نېمە قىلىۋاتىمەن؟ ماڭا، مېنىڭ كۆڭلۈمگە ئەقىل بىلەن يېتىش مۇمكىن بولمايدىغان بىر ھەقىقەت ئايان بولدى، لېكىن مەن جاھىللىق بىلەن بۇ ھەقىقەتنى ئەقلىم بىلەن، تىلىم بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلمەيمەن، دەپ چىڭ تۇرۇۋېلىۋاتىمەن.

ئەجەبا، مەن يۇلتۇزلارنىڭ ماڭمايدىغانلىقىنى بىلمەيمەنمۇ؟ — دېدى ئۇ ئىچىدە ئاق قېيىننىڭ ئۇچىغا توغرىلىنىپ تۇرغان ناھايىتى روشەن بىر يۇلتۇزغا قاراپ تۇرۇپ، — لېكىن، مەن يۇلتۇزلارنىڭ ھەرىكىتىگە قاراپ يەرنىڭ ئايلىنىشىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن، يۇلتۇزلارنى ماڭىدۇ، دېگىنىم شۇنىڭدىن بولسا كېرەك.

ئەگەر ئاسترونوملار يەرنىڭ بارلىق مۇرەككەپ ھەرىكەتلىرىنى پەرەز قىلىپ چىقمىغان بولسا، ئۇلارنىڭ بىرەر نېمىنى چۈشىنىشلىرى ياكى ھېسابلاپ چىقىشلىرى مۇمكىنمىدى؟ ئۇلارنىڭ ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ئارىلىقلىرى، ئېغىرلىقلىرى، ھەرىكەتلىرى، بىر ـ بىرىگە سوقۇلۇشلىرى توغرىسىدا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئاجايىپ خۇلاسىلىرى ھەرىكەتسىز يەر ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرگەن يۇلتۇزلارنىڭ ھەرىكەتلىرىگە، شۇ تۇرقىدا مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ تۇرغان، بۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ يۈز مىليونلىغان ئادەملەر كۆرگەن ھەرىكەتلىرىگە ئاساسەن چىقىرىلغان. ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرى ئۆتمۈشتىمۇ بۈگۈنكىدەك ئىدى، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ يەنە شۇنداق داۋاملىشىپ بارىدۇ، مەڭگۇ ئۆزگەرمەيدۇ. خۇددى ئاسترونوملار كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاسماننى مېرىدىئانغا ۋە ئۇپۇق سىزىقىغا كەلتۈرۈپ تۇرۇپ تەكشۈرمىگەن بولسا، چىقارغان خۇلاسىسى قۇرۇق، ئىشەنچسىز بولۇپ قالغاندەك، ھەممە ئىنسان ئۈچۈن ئوخشاشلا مەڭگۇ ئۆزگەرمەيدىغان ۋە خرىستىئان دىنى كۆڭلۈمگە سالغان، كۆڭلۈمدە ئىسپاتلاپ تۇرۇش مەڭگۇ مۇمكىن بولغان ياخشىلىق بىلەن رەزىللىكنى كۆزۈمگە ئەينەك قىلمىغان بولسام، مېنىڭ خۇلاسەممۇ ئوخشاشلا تۇتامسىز ۋە ئىشەنچسىز خۇلاسە بولغان بولاتتى. باشقا دىنلار ۋە ئۇلارنىڭ تەڭرى بىلەن مۇناسىۋەتلىرىنى ھەل قىلىشقا مېنىڭ ھەققىم يوق ھەم ئۇنى ھەل قىلىشمۇ مۇمكىن ئەمەس.»

— ھۇي، تېخىچە كىرمىدىڭمۇ؟ — دېدى مېھمانخانىغا ماڭغان كىتى لېۋىننى بۇ يەردە كۆرۈپ قېلىپ، — نېمە بولدۇڭ؟ بىرەر كۆڭۈلسىزلىك بولمىغاندۇ؟ — كىتى يۇلتۇزلارنىڭ يورۇقىدا ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ قويدى.

ئەگەر يۇلتۇزلارنىڭ يۈزىنى يەنە بىر قېتىم خىرە قىلىپ چاقماق چاقمىغان بولسا، كىتى ئۇنىڭ چىرايىنى ئېنىق

كۆرەلمىگەن بولاتتى. چاقماقنىڭ ئۆتكۈر يورۇقىدىلا ئۇنىڭ چىرايىنى، ئۆزگە قاراپ خۇشال كۈلگەنلىكىنى ئېنىق كۆردى.

«ئۇ مېنىڭ نېمە توغرۇلۇق ئويلاۋاتقىنىمنى چوقۇم بىلدى ھەم چۈشەندى، — دەپ ئويلىدى لېۋىن، — شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭغا ئېيتىپ بېرەيمۇ قانداق؟ ئېيتىپ بېرەي جۇمۇ.» ئۇ ئەمدىلا ئۇنىڭغا سۆزلەپ بېرەي دەپ تۇراتتى، ئاڭغىچە ئۇ گەپكە ئېغىز ئېچىپ قالدى.

— ماڭا قارا، كونستانتىن، — دېدى كىتى، — مېنىڭ ئورنۇمدا بۆلۈڭدىكى ھۇجرىغا بېرىپ، سېرگېي ئىۋانوۋىچنىڭ ئورنىنى قانداق قىلىشقانلىقىنى بىر كۆرۈپ كەلسەڭ. ئۆزۈم باراي دېسەم ئىزا تارتىمەن. ئۇلار يېڭى ئۈمۋالنىكنى ئورۇنلاشتۇرۇشتىمىكىن.

— بولىدۇ، ھازىرلا بېرىپ كۆرۈپ كېلەي، — دېدى لېۋىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنى سۆيۈپ قويۇپ. «ياق، ئېيتمايمەن، — دەپ ئويلىدى ئۇ كىتى ئالدىغا چۈشۈپ ماڭغاندا، — بۇ پەقەت مەن ئۈچۈنلا ئەھمىيىتى بار، سۆز بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدىغان مۇھىم سىر.

مەندىكى بۇ يېڭى تۇيغۇ مېنى ئۆزگەرتىۋەتكىنى يوق، بەختلىك قىلغىنىمۇ، مەن ئويلىغاندەك كۆڭلۈمنى پاللىدە يورۇتۇۋەتكىنىمۇ ھەم يوق، پەقەت ئوغلۇمغا بولغان تۇيغۇغا ئوخشاشلا بىر تۇيغۇ شۇ. ئۇ ماڭا ھېچقانداق كۈتۈلمىگەن خۇشاللىقمۇ ئېلىپ كەلمىدى. ئۇنىڭ ئېتىقاد ياكى ئەمەسلىكىنىمۇ بىلمەيمەن. قانداق نەرسە ئىكەنلىكى ھازىرغىچە ماڭا قاراڭغۇ. بۇ خىل تۇيغۇ مېنى ئازابقا سېلىپ، بىلىپ ـ بىلمەي ۋۇجۇدۇمغا كىرىپ كەلدى ۋە يۈرىكىمگە مەھكەم ئورناپ كەتتى.

مەن شۇنىڭدىن كېيىنمۇ ھارۋىكەش ئىۋانغا ئوخشاشلا خاپا بولۇپ تۇرۇۋاتىمەن، كىشىلەر بىلەن ئۇرۇشۇپمۇ قىلىۋاتىمەن،

خىيالىمغا كەلگەن گەپلەرنى ئېلىپ قالماي سۆزلەۋاتىمەن. يۈرىكىمنىڭ ئەڭ سىرلىق جايلىرىدا باشقىلار بىلەن، ھەتتا خوتۇنۇم بىلەنمۇ بىر توسۇق پەيدا بولۇپ قالدى، ئىچىمگە قورقونچ چۈشۈپ، شۇ سەۋەبتىن ئۇنى ئەيىبلەپ، ئەيىبلىگىنىم ئۈچۈن پۇشايمان قىلىپ تۇرۇۋاتىمەن. نېمە ئۈچۈن ئىبادەت قىلغىنىمنى ئەقلىم بىلەن چۈشەنمەي، ئىلگىرىكىدەكلا ئىبادەت قىلىپ يۈرۈۋاتىمەن. بىراق، مېنىڭ ھاياتىم، مېنىڭ پۈتكۈل ھاياتىم، ئۇنىڭ ھەر بىر مىنۇتى، قانداق ئەھۋالغا قېلىشىمدىن قەتئىينەزەر، ئىلگىرىكىدەك ئۇنداق بىمەنە ھايات بولمايدۇ. پۈتكۈل ھاياتىمغا كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىشنى سىڭدۈرۈپ مېڭىشقا ھەقلىقمەن !»

1873 ــــ 1877 - يىللار

بۇ كىتاب شاڭخەي ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتىنىڭ 2008 ـ يىلى 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2008 ـ يىلى 5 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据上海文艺出版社2008年5月第1版，2008年5月第1次印刷本翻译出版。

# ئاننا كارېنىنا (2)

ئاپتورى: لېۋ تولستوي (رۇسىيە)
تەرجىمە قىلغۇچى: راخمان مامۇت
مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇنارجان توختاخۇن
مەسئۇل كوررېكتورى: گۈلشەھەر نىغمەت
تەكلىپلىك كوررېكتورى: ۋەلى زەيدۇن
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
تېلېفون: 0991-2827472
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830001
باسقۇچى: بېيجىڭ شۈنچېڭ رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 23.625
نەشرى: 2014 ـ يىلى 9 ـ ئاي 2 ـ نەشرى
باسمىسى: 2014 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 228 - 13372 - 7
باھاسى: 65.00 يۈەن